# شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى

3

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



# شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى

## ئۈچىنچى كىتاب

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيە
سىنىڭ تارىخ تەتقىقات ئورنى
تەرىپىدىن تۈزۈلدى

تەيىرەتجان
ئوسمان

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1987 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1988 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据新疆人民出版社1987年12月第1版1988年12月第1次印刷本翻译出版。

# شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى ( 3 )

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزدى
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 26.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2000 ـ يىل 11 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1,401 — 4,400
ISBN7—228—01224—0/K · 106
باھاسى: 34.00 يۈەن

# تۈزگۈچىدىن

بۇ كىتابنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (3 ـ قىسىم) نى يېزىش گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ يېزىپ چىقتى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ مەسئۇلى چېن خۇيشېڭ. چېن خۇيشېڭ بىرىنچى بابتىن تۆتىنچى بابقىچە، سەي جىنسۇڭ بەشىنچى بابتىن ئون ئىككىنچى بابقىچە بولغان قىسمىنى ۋە چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسىنى يازدى. سەي يىن، لياڭ كېمىڭ، خالىدە، گۇلىن، خۇجېنجۇ قاتارلىق يولداشلار ماتېرىيال توپلاشقا قاتناشتى. پۈتۈن كىتابنى يولداش چېن خۇا ئاخىرقى قېتىم بېكىتىپ چىقتى.

بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى تارىخچىلار ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ناھايىتى كۆپ ياردەم قىلدى ھەمدە قىستۇرما رەسىملەرنى بەردى، شۇڭا ئۇلارغا تەشەككۈر ئېيتىمىز. سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن كىتابتا خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن. قايتا نەشردە تۈزىتىۋېلىش ئۈچۈن، كىتابخانلارنىڭ تەنقىد ـ تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمىز.

1986 ـ يىل 1 ـ ئاي

# مۇندەرىجە


**بىرىنچى باب 4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ياڭ زېڭشىننىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرى ........ 1**

1 - بۆلۈم 4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ........ 1

2 - بۆلۈم ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ شىنجاڭغا سوقۇنۇپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشى ۋە ياڭ زېڭشىننىڭ قوللانغان تەدبىرلىرى ........ 8

3 - بۆلۈم ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە دىنىي سىياسىتى ........ 24

4 - بۆلۈم ئىجتىمائىي ئىگىلىك، مالىيە، پۇل - مۇئامىلىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى ........ 41

5 - بۆلۈم خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتى ئاستىدىكى مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى ...... 83

**ئىككىنچى باب ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشى ۋە «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» ........ 92**

1 - بۆلۈم خەۋپ ئىچىدىكى مىلىتارىستلىق ھۆكۈمرانلىق ........ 92

2 - بۆلۈم مافۇشىڭنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى ۋە ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتى ........ 110

3 ـ بۆلۈم «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» ۋە جىن شۇرېننىڭ تەختتىن چىقىپ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشى ............................ 116

## ئۈچىنچى باب جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى ............................................. 143

1 ـ بۆلۈم جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ۋەزىيەت ۋە ئۇنىڭ سىياسىي تەدبىرلىرى ............................ 143
2 ـ بۆلۈم ئىجتىمائىي ئىگىلىك، مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى ............................................. 156
3 ـ بۆلۈم جۇڭگو ـ چەت ئەل تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ............................ 172
4 ـ بۆلۈم جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ...................... 184
5 ـ بۆلۈم گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى ۋە گومىنداڭ ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ............................................. 193

## تۆتىنچى باب ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، جىن شۇرېننىڭ يېتىم ھالەتتە قېلىپ تەختتىن چۈشۈشى ............................................. 205

1 ـ بۆلۈم ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشى، قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى كۆرىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ ئايىنىپ كېتىشى ............................................. 205
2 ـ بۆلۈم جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى سەپنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، ماجۇڭيىڭنىڭ بىرىنچى قېتىم

شىنجاڭغا كىرىشى، جاڭ پېيۈەننىڭ قومۇلنى
مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشى .................. 222
3 - بۆلۈم ماشىمىڭنىڭ بۇيرۇق بويىچە شىنجاڭغا كىرىشى،
ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ شەرقىي شىنجاڭدىن
جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭىيىشى .................. 238
4 - بۆلۈم ماچۇەنلۇ قىسمىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى ئەتراپى
ىغا قىستاپ كېلىشى، ماجۇڭيىڭنىڭ ئىككىنچى
قېتىم شىنجاڭغا كىرىشى، جىن شۇرېن ھاكىمى
يىتىنىڭ «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگى
رىش» دە ئاغدۇرۇلۇشى ...................... 248
بەشىنچى باب شېڭ شىسەينىڭ مىلىتارىستلىق ھۆكۈمرانلى
قىنىڭ تىكلىنىشى ................................ 259
1 - بۆلۈم «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن
كېيىن يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىل قىلىنىشى،
شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭنىڭ ۋاقىتلىق چېگرا
مۇداپىئە دۇبەنلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈ
زۈۋېلىشى ........................................ 259
2 - بۆلۈم خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ھوقۇق
تارتىشىلىشقا ئۇرۇنۇشى ۋە ئاتالمىش «توپىلاڭ
كۆتۈرۈشكە دەۋەت قىلىش خېتى» .................. 271
3 - بۆلۈم لوۋېنگەننىڭ شىنجاڭغا كېلىشى، تەڭپۇڭ
لۇق - ئىسكەنجە سىياسىتىنىڭ بەربات بولۇشى،
جاڭ پېيۈەن بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ بىرلىشىپ شېڭ
شىسەيگە قارشى تۇرۇشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى
291 ........................................................
4 - بۆلۈم جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت
«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ

قەپەستىن چىقىشى ۋە يوقىلىشى، شىنجاڭدا ۋاقتىنچە تىنچلىق ۋەزىيىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ........................................ 309
ئالتىنچى باب شېڭ شىسەيىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر بولۇۋېلىشى، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ تۈزۈلۈشى، مىللەتارىستلىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ...... 324
1 - بۆلۈم ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ........................................ 324
2 - بۆلۈم شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە ئېلىپ بېرىلغان تۈرلۈك قۇرۇلۇشلار ........................................ 339
3 - بۆلۈم قوشۇنلارنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىشى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئاخبارات ئورگىنىنىڭ قۇرۇلۇشى ........................................ 359
4 - بۆلۈم جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مامۇت، ماخۇسەن كۈچلىرىنىڭ يوقىتىلىشى ........................... 378
يەتتىنچى باب شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپىنىڭ شەكىللىنىشى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ........................................ 397
1 - بۆلۈم شىنجاڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە تۇتقان ئورنى ........................ 397
2 - بۆلۈم شىنجاڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپىنىڭ شەكىللىنىشى ................ 406
3 - بۆلۈم جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى

ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي
ئىگىلىك مەدەنىيەت تەرەققىياتى .................. 413
سەككىزىنچى باب شىڭ شىسەينىڭ «سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ
ئەنزىلىرى» نى ئويدۇرۇپ چىقىشى، ياپون باس
قۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپىنىڭ
بۇزۇلۇشى، شىڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئېتىشى ........... 452
1 ـ بۆلۈم شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ بويىچە 1 ـ قېتىم
تازىلاش ئېلىپ بېرىشى ـ 1937 ـ يىلىدىكى
ئاتالمىش «سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى»
452 .............................................
2 ـ بۆلۈم شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ بويىچە 2 ـ قېتىم
چوڭ تازىلاش ئېلىپ بېرىشى ـ 1940 ـ 1941 ـ
يىللاردىكى ئاتالمىش «سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ
ئەنزىسى» ............................................ 465
3 ـ بۆلۈم 1942 ـ يىلىدىكى ئويدۇرۇپ چىقىلغان
«سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» ، جۇڭگو كوممۇ
نىستلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قولغا ئېلىنىشى
477 ..................................................
4 ـ بۆلۈم گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ قايتا
قۇرۇلۇشى ۋە گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ شىنجاڭغا
كىرىپ ئورۇنلىشىشى ........................... 495
5 ـ بۆلۈم شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىن كېتىشكە مەجبۇر
بولۇشى............................................ 517
توققۇزىنچى باب گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى
ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى .................. 527

1 - بۆلۈم جۇڭشاۋلىياڭ شىنجاڭغا كېلىشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتى ........................ 527
2 - بۆلۈم ئىلىدىكى قوزغىلاڭ ۋە ئىلى قوزغىلىڭى ........................................................ 555
3 - بۆلۈم ۋۇجۇڭشىنىڭ شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى باستۇرۇش مەقسىتىدە قوللانغان تەدبىرلىرى .................................... 581
4 - بۆلۈم ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ شىمالىي سەپ ئوتتۇرا سەپ ۋە جەنۇبىي سەپلەردىكى ھۇجۇمى .................................... 613
5 - بۆلۈم گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا مالىيە كرىزىسىنىڭ ئېغىرلىشىشى، جەمئىيەتنىڭ كۈنسېرى چىرىكلىشىشى ........................ 638

**ئونىنچى باب شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى** ........................ 662

1 - بۆلۈم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشى، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى ........................................................ 662
2 - بۆلۈم ۋۇجۇڭشىنىڭ شىنجاڭدىن كېتىشى، جاڭ جىجۇڭنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشى ............ 679
3 - بۆلۈم ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي پروگراممىلىرى ............ 696

**ئون بىرىنچى باب بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى كۆرەش ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ يىمىرىلىشى** ........................................................ 709

1 - بۆلۈم بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى

كۆرەش .................................... 709

2 ـ بۆلۈم «25 ـ فېۋرال» قانلىق ۋەقەسى ۋە جالىڭ
جىجۇڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈ
رۈشى .................................... 730

3 ـ بۆلۈم گومىنداڭنىڭ ئوسماننى قوللاپ ئۈچ ۋىلايەت
كە قارشى تۇرۇشى، مەسئۇتنى يۆلەپ تەختكە
چىقىرىشى .................................... 750

4 ـ بۆلۈم بەيتىك ۋەقەسى ۋە پىچان، توقسۇنلاردىكى
قوراللىق قوزغىلاڭ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمە
تىنىڭ ئەلتۇتۇكۇس يىمىرىلىشى .................... 766

## ئون ئىككىنچى باب شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلى
## نىشى .................................... 777

1 ـ بۆلۈم شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى مەسئۇتنىڭ ئور
نىغا بۇرھان شەھىدىنىڭ رەئىس بولۇشى ...... 777

2 ـ بۆلۈم شىنجاڭنى تىنچ ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى
غۇلغۇلا .................................... 783

3 ـ بۆلۈم دىڭ لىچۈننىڭ شىنجاڭغا كېلىپ تىنچلىق
بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا تۈرتكە بولۇشى ...... 805

## چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى .................................... 829

# بىرىنچى باب

# 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ياڭ زېڭشىنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرى

## 1 ـ بۆلۈم 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە قوزغالغان «4 ـ ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى مەملىكىتىمىز كونا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. بۇ چاغدا، جۇڭگو پرولېتارىياتى ئويغانغان، مۇستەقىل، سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە سىياسىي سەھنىگە چىققان ھەمدە جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى بولۇپ قالغانىدى. يولداش ماۋزېدۇڭ «4 ـ ماي ھەرىكىتى» دېگەن ئەسىرىدە: «4 ـ ماي ھەرىكىتى جۇڭگونىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى بۇرژۇئا ـ دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىي قىلىپ يېڭى بىر باسقۇچقا يەتكەنلىكىنى كۆرسەتتى» دېگەنـ

دى. («ماۋزېدوڭ تاللانما ئەسەرلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1965 - يىل نەشرى، 4 توم، 415 - بەت)

«4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئ. .يىۋى جەھەتتىن ۋە كادىرلار جەھەتتىن شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەردى. ماركسىزم - لېنىنىزم بىلەن جۇڭگو ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ بىرلىشىشى نەتىجىسىدە 1921 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جۇڭگو ئىنقىلابى يېپيېڭى بىر قىياپەتكە كىردى.

«4 - ماي ھەرىكىتى» شىنجاڭغىچە كېڭەيمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شىنجاڭغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى، «4 - ماي ھەرىكىتى» دىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.

بىرىنچى، ئېلىمىز شىنجاڭ رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىپ كېلىۋاتقان جاھانگىرلىك سېپى زور دەرىجىدە ئاجىزلىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا بىۋاسىتە تەھدىت سېلىپ كېلىۋاتقان روسىيە جاھانگىرلىكىنى ئەلتۆكۈس گۇمران قىلدى. كېيىن روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي رايونلىرىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغان بولسىمۇ، ئاخىر سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەربىي ۋە خەلقلەرنىڭ ئورتاق زەربىسىدە يوقىتىلدى، جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىدا تىنچ، مۇقىم ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. چارروسىيە گۇمران بولغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىقىنى يەنىمۇ جىددىيلەشتۈردى، ئالايلۇق، توپىلاڭلارنى پىلانلىغان، قولچوماقلىرىنى يېتىشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشى تۇرۇشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سۇيىقەستى بىر - بىرلەپ بەربات بولدى.

ئامېرىكا، فرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق جاھانگىر تاجاۋۇزچى كۈچلەرگە كەلسەك، گەرچە ئۇلارنىڭ ئىبلىس قولى شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ساھالىرىگە سوزۇلغان بولسىمۇ، تۈرلۈك ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلار ۋاقتىنچە قورالLىق تاجاۋۇز قىلىش تەھدىتىنى شەكىللەندۈرگەندى. جاھانگىرلىك سېپىنىڭ ئاجىزلىشىشى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتتى.

ئىككىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭنىڭ سودا مۇناسىۋىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇقىملىقى ئۈچۈن ئوبيېكتىپ شارائىت ھازىرلاپ بەردى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سىياسىي، سودا مۇناسىۋىتى جەھەتتە باراۋەر بولۇش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى لېنىننىڭ رەھبەرلىكىدە، ماركسىزملىق ئىنتېرناتسىئونالىزم پرىنسىپىغا ئاساسەن، 1919 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن باشلاپ ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم جۇڭگوغا قارىتىلغان خىتابنامە ئېلان قىلىپ①، چاررۇسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان بارلىق تەڭسىز شەرتنامىلەرنى بىكار قىلغانلىقىنى، چاررۇسىيە تاجاۋۇز قىلىپ تارتىۋالغان بارلىق زېمىنلىرىدىن ۋە جۇڭگو دائىرىسىدىكى كونسېسسىيىلىرىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى، چاررۇسىيىنىڭ جۇڭگودىكى بارلىق ئىمتىيازلىرىنى بىكار قىلغانلىقىنى ئېنىق جاكارلىدى ھەمدە جۇڭگو بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ «جۇڭگو - سوۋېت ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدا دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىش»، «دائىملىق سودا مۇناسىۋىتى ۋە ئىقتىسادىي ئالاقە ئورنىتىش» نى تەشەببۇس قىلدى. بولۇپمۇ 2 - قېتىملىق خىتابنامىدە، سوۋېت ھۆكۈمىتى چاررۇسىيە «جۇڭگودىن تارتىۋالغانلىكى بارلىق ئىمتىيازلار ھەقسىز، مەڭگۈ جۇڭگوغا قايتۇرۇپ

① سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ قېتىملىق جۇڭگوغا قارىتىلغان خىتابنامىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1919 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، 1920 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ۋە 1923 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئېلان قىلىنغان. تەپسىلىي مەزمۇنىنى «جۇڭگو - رۇسىيە شەرتنامىلىرى توپلىمى» نىڭ 133 - 139 - بەتلىرىدىن كۆرۈڭ.

بېرىلىدۇ» دەپ ئېنىق جاكارلىدى. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى «جۇڭگو - روسىيە ئوتتۇرىسىدا ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش پروگراممىسى»① دا ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ماۋزېدۇڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «ھېچبىر دۆلەت جۇڭگودىكى ئىمتىيازلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغىنى يوق، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىلا ئەمەلدىن قالدۇردى» سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ دوستانە ھەرىكىتى مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى چېگرىداش، چېگرىنىڭ ئىككى چېتىدىكى خەلقلەر ئۆز ئارا سودا ئالاقىسى قىلىش دوستلۇق ئەنئەنىسىگە ئىگە. 1 - قېتىملىق جۇڭگوغا قاراتقان خىتابنامە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنلا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى خىتابنامىدىكى پرىنسىپلارنى ئاساس قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋەكىل ئەۋەتتى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىلى يەرلىك ھاكىمىيىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى شۇنداقلا 1920 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، «غۇلجا ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» نى رەسمىي ئىمزالاپ، چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭدا باج تاپشۇرماسلىق ئىمتىيازىنى بىكار قىلدى. بۇ كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشى شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى جانلاندۇردى، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا سېتىش يولى ئېچىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەت بۇيۇم-

---

① «جۇڭگو - روسىيە ئوتتۇرىسىدا ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش پروگراممىسى» 1924 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئىمزالانغان. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: جۇڭگو بىلەن چاررۇسىيە ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان ئەھدىنامە، شەرتنامە، كېلىشىم قاتارلىقلارنى بىكار قىلىش ھەمدە باراۋەرلىك پرىنسىپى ئاساسىدا قايتىدىن يېڭى شەرتنامە ياكى كېلىشىملەرنى تۈزۈش؛ چاررۇسىيە 3 - تەرەپ بىلەن ئىمزالىغان شەرتنامە ۋە كېلىشىم، ئەگەر جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋە مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزسە، ئۇلارنى ئىناۋەتسىز قىلىش؛ سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگودىكى كونسېسسىيەلەردىن ۋاز كېچىش، جۇڭگودىكى دىپلوماتىيە قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ۋە كونسۇللارنىڭ ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىش، كېڭزى ئورۇش چىقىمىنى تۆلىتىشتىن ۋاز كېچىش؛ ئوتتۇرا شەرق تۆمۈر يولىنى نوقۇل سودا ئىشلىرىغا ئىشلىتىش، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا چېتىلىدىغان ئەدلىيە ئىشلىرى، خەلق ئىشلىرى، ھەربىي ئىشلار، ساقچى ئىشلىرى، باج، يەر (تۆمۈر يول ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يەر بۇنىڭ سىرتىدا) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بېجىرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. كېلىشىمنىڭ تولۇق تېكىستى «جۇڭگو - سوۋېت چېگرا شەرتنامىلىرى توپلىمى» نىڭ 140 - 143 - بەتلىرىدە خاتىرىلەنگەن. مىللەتلەر نەشرىياتى 1965 - يىل نەشرى I توم، 600.

لىرىمۇ شىنجاڭدا بازار تاپتى. باراۋەرلىك، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش
ئاساسىدىكى بۇنداق يېڭىچە سودا مۇناسىۋىتى شىنجاڭدا بازارلارنىڭ ئاۋاتلى-
شىشىغا ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا پايدىلىق بولدى.
ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بۇ پايدىلىق ۋەزىيەت ئوبيېكتىپ جەھەتتە شۈبھى-
سىزكى، ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىدا مۇئەييەن رول
ئوينىدى.

ئۈچىنچى، ياڭ زېڭشىن ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەرگە قارشى تۇرۇش-
تىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ماركسىزم - لېنىنىزمغا قارشى تۇرۇشقا ئۆتتى.
بۇ شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى زور ئۆزگىرىش
ئىدى. ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە ئىنقىلابىي پارتى-
يىدىكىلەرنى كۆزگە قادالغان مىخ دەپ قاراپ تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەر
ئارقىلىق ئۇلارنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغانىدى. ئۇ تۈرلۈك سۇيىقەستلىك ۋاستى-
لەرنى قوللىنىپ، ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەرنى باستۇرغاندىن كېيىن،
ئۇزۇن ئۆتمەي روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازاندى. ئۆكتەبىر
ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپلا قالماي،
جۇڭگو خەلقىنىمۇ ئويغاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى-
دىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ تەسىرىدە ئارقا -
ئارقىدىن ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشتى. ئۇلار گېزىت - ژۇرنال
چىقىرىپ ماركسىزم - لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلدى. بۇنداق يېڭى ۋەزىيەت
ياڭ زېڭشىننى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇ ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ تارقىلى-
شى ئۆزىنىڭ فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمدىكى مىلىتارىستلىق ھۆكۈمرانى-
لىقىنى تەۋرىتىۋېتىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل
سىنىپىي ماھىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئاشكارا ھالدا بيۇروكراتلار، پو-
مېشچىكلار سىنىپىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىگە
ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا، ماركسىزم - لېنىنىزمغا
قارشى تۇردى. ياڭ زېڭشىن «ئومۇمىي ۋەزىيەتنى، چېگرا رايون ۋەزىيىتى-
نى قوغداش» ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاتالمىش «غەربتىكى غەم - ئەندى-
شىسى»نى تۈگىتىش ۋەزىپىسى ئاستىدا تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى

قولىنىپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىنى توستى. ئۇ شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىسىغا قوشۇن ئورۇنلاشتۇرۇشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، چېگرىدىكى قاراۋۇلخانىلارنى چىڭ ساقلاش، پوچتا يوللانمىلىرىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىش، «يېڭى پارتىيىنىڭ زەھەرلىرىنىڭ تارقىلىشى، ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكى تۈزۈمى» دىن ھەزەر ئەيلەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى①. ياڭ زېڭشىن ئۆزىگە ناھايىتى تەمەننا قويغان ھالدا بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە: «پېقىر ياڭ زېڭشىن روسىيىدىكى تولىمۇ رادىكال پارتىيىنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلماسلىقىغا كېپىللىك قىلالمەسامۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى بارلىق مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇر قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنى دېمەكچى) نىڭ قۇتراتقۇلۇقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقىغا كېپىللىك قىلالايمەن» دەپ كاپالەت بەردى. شۇڭا، ئۇ «زېمىن دائىرىمىزنى قوغداپ، ھۆكۈمەتنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى تۈگىتىش②.» ئۈچۈن، شىنجاڭدا مەدەنىيەت جەھەتتە، ھەربىي جەھەتتە ھەقىقىي تورىدە مۇداپىئە كۆرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

«4 - ماي ھەرىكىتى» نىڭ ئالدى - كەينىدە، ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى نىسپىي ھالدا مۇقىم ھالەتتە ئىدى. ئۇ «توتوق» (ئۆلكىنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي - مەمۇرىي سەردارى) لىق تەختىگە ئەمدىلا چىققان چاغدا خەۋپلىك ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەنىدى. شەرقتە - قۇمۇل بىلەن تۇرپاندا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن، غەربتە ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەر رەھبەرلىكىدىكى ئىلى ھاكىمىيىتى قارشىلىشىۋاتقان، جەنۇبتا گېلاۋخۇيچىلار ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن پەيدا قىلىۋاتقان، شىمالدا چارروسىيە پىلانلىغان قوبدۇ ۋەقەسى يۈز بەرگەنىدى، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە «تەمىنات ئۆكسۈپ قېلىش»، «ئامبارلار قۇرۇقدىلىپ قېلىش» تەك ئېغىر مالىيە قىيىنچىلىقىمۇ بار ئىدى. بۇ خىل

---

① «سىۋۇەنلىكلەردىن ساۋاقلار» (1) 2 - جىلد، 11 - بەت.
② «سىۋۇەنلىكلەردىن ساۋاقلار» (1) 2 - جىلد، 10 - بەت.

خەۋپلىك ۋەزىيەت ياڭ زېڭشىننىڭ مىلىتارىست ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇقىملىقىغا بىۋاستە تەھدىت سېلىۋاتاتتى. بۇ خىل ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن بىر تەرەپتىن ھۆكۈمرانلىق قىلىش تاكتىكىسىنى، سۇيىقەست ئىشلىتىش ھۈنىرىنى ئىشقا سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن قوراللىق باستۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى، شۇنىڭ بىلەن بىر مەھەل مۇقىم ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. روسىيە ئاق گۋاردىيە قوشۇنىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى 1920 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي رايونلىرىدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ مەزگىلدە شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە زور ۋەقە يۈز بەرمىدى. لېكىن، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، شىنجاڭدا سىنىپىي مۇناسىۋەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى، ئۇ دەۋردىكى ئاساسىي زىددىيەت يەنىلا دېھقانلار بىلەن پومېشچىكلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ياڭ زېڭشىن باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت ئىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى يەنىلا ئېغىر زۇلۇمغا ۋە ئېكىسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرايتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇل پاخاللاشقان، مال باھاسى ئۆسۈپ كەتكەن، پۈتۈن شىنجاڭ ئېغىر ئىجتىمائىي كرىزىسكە دۇچ كەلگەنىدى. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى مۇقىم ۋەزىيەت ئىنتايىن زەئىپ ھالەتتىكى مۇقىملىق ئىدى.

يۇقىرىقىلار «4 - ماي ھەرىكىتى» نىڭ ئالدى - كەينىدىكى ۋەزىيەتتىكى ئاساسلىق ئەھۋاللاردۇر.

# 2 ـ بۆلۈم ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ شىنجاڭغا سوقۇنۇپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشى ۋە ياڭ زېڭشىننىڭ قوللانغان تەدبىرلىرى

روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سوۋېت ھاكىمىيىتى چەت ئەللەرنىڭ قوراللىق مۇداخىلىسى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىچكى ئۇرۇشقا دۇچ كەلدى. روسىيە كومپارتىيىسى ئىچىدىكى لېنىن باشچىلىق قىلغان بولشېۋىكلار چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قوراللىق مۇداخىلىسى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئاق گۋاردىيىچىلەر قاتارلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ياش سوۋېت ھاكىمىيىتىنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇردى. لېكىن، كۈچلۈك جاھانگىرلار، چارروسىيە ھۆكۈمىتى ۋە ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە زادىلا تەن بەرمەي، سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن داۋاملىق دۈشمەنلەشتى. ئۇلار شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ياڭ زېڭشىننى ئۆزلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى لاگېرىغا سۆرەپ كىرىپ، شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى بازىغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئۇلار بۇ سۇيىقەستلىك پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياڭ زېڭشىنغا قارىتا ئۈزلۈكسىز تۈردە سىياسىي ھۇجۇمنى قانات يايدۇردى، بولۇپمۇ بۇ جەھەتتە ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيە جاھانگىرلىكى ھەممىدىن بەك ئەزۋەيلەپ كەتتى.

دېمەك، ئەنگلىيە، ياپونىيە قاتارلىق جاھانگىرلار ۋە روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى كېلىشىم تۈزگۈچى دۆلەت نامى بىلەن ياڭ زېڭشىندىن چەت ئەللەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيىتىنى قوراللىق مۇداخىلىگە قاتنىشىشنى، روسىيىگە قوشۇن كىرگۈزۈپ، روسىيىدىكى ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشىغا ماسلىشىشنى ئارقا ـ ئارقىدىن تەلەپ قىلدى. بۇ تەكلىپلەر ياڭ زېڭشىننىڭ «سىلىق گەپ بىلەن رەت قىلىشى» غا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ياپونىيە ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا پەرۋا قىلماي، شىنجاڭغا ئەۋەتكەن

تارىتا ئاكىرا قاتارلىق توققۇز تەكشۈرگۈچى خادىمى ئارقىلىق، ياڭ زېڭشىندىن ياپونىيىنىڭ بىر پولك ئەسكەر ئەۋەتىپ ئىلى ۋە تارباغاتايدا تۇرغۇزۇشقا رۇخسەت قىلىشنى يولسىزلارچە تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپمۇ ئوخشاشلا ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن رەت قىلىندى. ياڭ زېڭشىن بىرى، بىتەرەپ تۇرۇش دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرغانلىقى؛ يەنە بىرى، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتقانلىقى ئۈچۈن، روسىيىگە قوشۇن كىرگۈزۈشنى رەت قىلغانىدى. بىرىنچى، ئەينى چاغدا شىنجاڭنىڭ ئاق گۋاردىيىچىلەرگە قوشۇن چىقىرىپ بەرگۈدەك مادارى يوق ئىدى. ئەينى چاغدا پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئەسكەرلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 10 نەچچە مىڭدىن ئاشمايتتى، بۇنچىلىك زەئىپ ئەسكىرىي كۈچ بىلەن قۇدرەتلىك سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە قارشى تۇرۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا مەغلۇپ بولغان ئاق گۋاردىيىچى باندىتلارغا تاقابىل تۇرۇشمۇ تەس ئىدى. ئىككىنچى، ياڭ زېڭشىن ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، روسىيە جاھانگىرلىكى چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ، ئاق گۋاردىيىچىلەرگە ياردەم بېرىلسە، ئۇ «ئاكىسىغا ياردەم



1 - رەسىم ياڭ زېڭشىن

قىلىپ ئۆكسىنى رەنجىتكەنلىك بولىدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. ئۈچىنچى، ياڭ زېڭشىن روسىيە جاھانگىرلىكىگە ياردەم قىلسا ئۇرۇش ئوتى شىنجاڭغا يامراپ كېتىپ ۋەزىيەتنى يىغىشتۇرالماي قېلىشىدىن قورقتى ۋە «ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ كۈچى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشقا يەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇشقا قۇربى يېتىدۇ» دەپ قارىدى. شۇڭا، روسىيە جاھانگىرلىكى ئارقا - ئارقىدىن ۋەكىل ئەۋەتىپ ياڭ زېڭشىنغا ۋەز ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ «مەسلەكلەرگە ئارىلاشماسلىق» ۋە «بىتەرەپلىكتە چىڭ تۇرۇش» سىياسىتىنى، تىنچلىق دىپلوماتىيىسىنى شىنجاڭنى قوغداشتىكى ئاساسىي ۋاستە قىلىشتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇردى.

روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كونسۇلى «قوشۇن چىقىرىپ ياردەم بېرىش» سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، يەنە «يول بېرىش» تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلغىنى «ئىلى، تارباغاتايغا بارىدىغان يول» بولماستىن، بەلكى ئىلىدىن قەشقەرگە بېرىشقا يول قويۇشنى تەلەپ قىلىش، بۇنىڭدىن مەقسەت، شىنجاڭ دائىرىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بازا قۇرۇشقا ئۇرۇنۇش ئىدى. بۇ پىلانلار بىر - بىرلەپ بەربات بولغاندىن كېيىن، ئىلى - تارباغاتايدا تۇرۇشلۇق كونسۇل يەنە 1919 - يىل 5 - ئايدا، شىنجاڭ دائىرىلىرىگە ئىلىغا قوشۇن ئەۋەتىپ روسىيە كونسۇلى ۋە روسىيە سودىگەرلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىلى - تارباغاتايغا قوشۇن ئەۋەتىشكە يول بېرىش تەكلىپىنىڭ باشقىچە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىن ئىبارەت ئىدى، خالاس. ياڭ زېڭشىن روسىيە جاھانگىرلىكىنى «ئەزەلدىن مەككار»، ئۇلارنىڭ «ئىلىغا ئەسكەر كىرگۈزۈشتىكى نىيىتىنى مۆلچەرلەش تەس»① ، دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلدى. روسىيە جاھانگىرلىكى ياڭ زېڭشىننىڭ ئەمەلىي كۈچىنى بىلمىگەچكە، قارامىلىق قىلىشقا پېتىنالمىدى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قاتتىق زەربىسىدە، روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئاق گۋاردىيە قوشۇنى يەر بىلەن يەكسان بولدى. روسىيە جاھانگىرلىكى ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىپ، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىلى - تارباغاتاي رايونلىرىدا «قوشۇن توپلاش، تەمىنات توپلاش، قورال - ياراغ توپلاش» قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى پائال تۈردە ئېلىپ باردى. ياڭ زېڭشىنمۇ بۇنىڭغا قارىتا كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ بۇ پىلانىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرغۇزمىدى.

---

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» K توپلام N، 31 - بەت.

روسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ چېگرى-
سىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزدى. ئاق گۋاردىيىچى باندىت-
لار روسىيە بىلەن ئېلىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئە لىنىيىسى نەچچە مىڭ
چاقىرىم كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت نۇلايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، دا-
ئىم «ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىپ، چېگرا رايونىمىزغا
ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى①، چېگرىدىن دائىم «جىددىي مەلۇمات كېلىپ تۇر-
دى. جەنۇبتا قەشقەرگىچە، شىمالدا ئالتايغىچە، غەربتە ئىلى ۋە چۆچەككى-
چە «ۋەزىيىتى جىددىيلەشمىگەن بىرەر جاي»، «مۇداپىئە قىلىنمىغان
بىرەر جاي» قالمىدى②. بولۇپمۇ ئىلى - تارباغاتاي رايونىدا، روسىيە جا-
ھانگىرلىكىنىڭ ئاق گۋاردىيە قوشۇنى ئاز بىر قىسمى باندىتلاردىن پايدىلى-
نىپ چېگرا رايونىمىزغا پاراكەندىچىلىك سالدى، «ئەسكەر كىرگۈزۈپ
قورال - ياراغ توشۇدى»، «چېگرىغا بېسىپ كىردى»، ھەتتا چېگرىدىن
ئۆتۈپ بۇلاڭچىلىق قىلدى، سودىگەرلەرگە زىيانكەشلىك قىلدى، خەلقنى
قىردى، شۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ بىخەتەرلىكى بىۋاسىتە خەۋپكە ئۇچرىدى. ياڭ زېڭشىن: «شىن-
جاڭ چېگرا رايون، ئۆلكىنىڭ مۇداپىئەسى دۆلەتنىڭ مۇداپىئەسىدۇر» دەپ
ھېسابلايتتى③. شۇڭا، ئۇ چېگرا رايوننىڭ ۋەزىيىتىنى قوغداش، «ھۆكۈ-
مەتنىڭ غەربتىكى غەم - ئەندىشىسىنى تۈگىتىش» ئۈچۈن، بېيجىڭ ھۆكۈ-
مىتىدىن تېز قورال، ئوق - دورا بېرىشنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلدى④.
لېكىن، بۇ تەلەپلەرگە بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىدى.
مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، ياڭ زېڭشىنغا چېگرىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ
قوغداشقا توغرا كەلدى. ئۇ ئىلى، چۆچەك قاتارلىق جايلارغا قوشۇن
يۆتكەپ، چېگرىنى «قاراۋۇلخانىلار ئارقىلىق مۇداپىئە قىلىغان» دىن باشقا،
يەنە موڭغۇللاردىن، قازاقلاردىن ۋاقىتلىق ئەسكەر ئېلىپ، «چېگرىنى

---

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» K توپلام V، 8 - بەت.
② «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» K توپلام ■، 31 - بەت.
③ «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» K توپلام I، 29 - بەت.
④ «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» K توپلام I، 29 - بەت.

قوغداش» ، «خەلقنى قوغداش» ، «سودىنى قوغداش» مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى.

روسسىيىدىكى ئاق گۋاردىيىچىلەر قوشۇنى سىمپالاتىسكى ھەربىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن زور دەرىجىدە زەئىپلىشىپ كەتتى. 1920 ـ يىل 1 ـ ئايدا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، دەسلەپتە دۇتوۋنى مەغلۇپ قىلىپ، ئاياگۇز ئەتراپىدىكى مۇھىم جايلارنى، ئارقىدىن ئاليانكوۋنى مەغلۇپ قىلىپ كوپپارنىڭ شەرقىدىكى بازارلارنى ئىشغال قىلدى. روسسىيىدىكى ئاق گۋاردىيىچىلەر بىر ـ بىرلەپ تىرپىرەن قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن شىنجاڭغا قېچىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ سېمىرنوۋ باشچىلىقىدىكى بىر قىسمى تاشقى موڭغۇلىيىدىكى كۇلۇن قاتارلىق جايلارغا؛ ئاليانكوۋ باشچىلىقىدىكى بىر قىسمى ئىلىغا؛ باچىچ باشچىلىقىدىكى بىر قىسمى چۆچەككە سۇقۇنۇپ كىردى. باچىچنىڭ ئەسكىرى ئاليانكوۋنىڭكىدىن كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ «زىيىنى ناھايىتى ئېغىر بولدى» . 1920 ـ يىل 3 ـ ئايدا، باچىچ 1200 ئوفىتسېر ۋە 7000 نەچچە يۈز ئەسكەرنى باشلاپ چۆچەككە قېچىپ كەلدى. سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىدىن 11 مىڭدىن ئارتۇق كىشى 9000 دىن كۆپرەك جەڭ ئېتى، نەچچە مىڭ تال قورال ـ ياراغ بىلەن چۆچەككە قېچىپ كەلگەن، چۆچەككە كەلگەن مۇساپىرلار 5000 دىن ئېشىپ كەتكەن. ئىلىغا قېچىپ كىرگەن ئاليانكوۋنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى تەخمىنەن 4000 دىن ئارتۇق بولۇپ، مۇساپىرلارنى قوشقاندا 10 مىڭدىن ئاشىدۇ. بۇ قالدۇق ئەسكەرلەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئەرك، دۇتوۋ، سەيدەرووۋ، شېرباكلارنىڭ باشچىلىقىدا چىندالان قاراۋۇلخانىسى، خۇچېكيالڭ جىلغىسى، ساركان داۋىنى، قارا سالىق قاتارلىق جايلاردىن ئىلىغا سۇقۇنۇپ كىردى. ئاليانكوۋ ئۆزى بولسا 1920 ـ يىل 5 ـ ئايدا، 1400 نەچچە قالدۇق ئەسكىرىنى باشلاپ، 700 نەچچە ئات، 140 نەچچە كالا، 210 نەچچە ھارۋا بىلەن بورتالادىن ئىلىغا سۇقۇنۇپ كىردى. شۇنداق قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ چېگرىسى خەۋپكە دۇچ كەلدى، ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىيلەشتى.

تىرىپىرەن بولۇپ شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ قالدۇقلىرىغا قارىتا يالاڭ زېڭشىن «چېگرىدىن كىرىشنى قەتئىي توسۇش»، «ناۋادا ئۆتۈپ كېتىپ قالسا، قانۇن بويىچە قورال - ياراغلىرىنى يىغىۋېلىش» فاڭجېننى قوللاندى ھەمدە قورالىنى تاپشۇرغان ئەسكەرلەرنى «مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ»، ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى.

1920 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چۆچەك دائىرىلىرىنىڭ «ئارىغا كىرىشى» بىلەن قالدۇق ئەسكەرلەردىن جەمئىي 4529 كىشى (ئۇلارنىڭ ئىچىدە 150 ئوفىتسېر بار) روسىيىگە قايتتى، ئۇلاردىن يەنە 5716 كىشى قېپقالدى. مۇساپىرلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن مەملىكىتىگە قايتتى.

ئىلى ۋە چۆچەككە قېچىپ كەلگەن ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ قالدۇقلىرى دائىم پۇرسەت تاپسىلا ۋەقە تۇغدۇرۇپ، قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىشقا، روسىيىگە قايتىپ يەنە ئۇرۇش باشلاشقا ھازىرلىق قىلدى.

1920 - يىلى 5 - ئايدا، ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى ئارىسىدا ياپونىيىنىڭ روسىيە جاھانگىرلىكىگە ياردەم بەرگەنلىك خەۋىرى تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن دۆربىلجىندا تۇرۇپ قالغان قالدۇق ئەسكەرلەر يوشۇرۇپ قويغان قوراللىرىنى ئېلىپ، ئانتونوۋ قاتارلىق توققۇز ئوفىتسېرنىڭ پىلانلىشى بىلەن توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولدى. ئۇلار باچچىنى ئۆلتۈرمەكچى ۋە گېنېرال مايور رۇرېيىپنى باش قوماندان قىلىپ سايلىماقچى بولدى. بۇ سۇيىقەستنى ۋالىي جاڭ جيەن سېزىۋالدى ھەمدە رازيېۋ، بىنايېۋ، پېرووۋلارنىڭ بەرگەن مەخپىي مەلۇماتىغا ئاساسەن ئەنخۇ كۆلى بويىدىن قالدۇق ئەسكەرلەر كۆمۈپ قويغان تۆت پىلىموت، تۆت ساندۇق پىلىموت ئوقى، 39 تال مىلتىق، 15 قىلىچ، 1000 پاي ئوق، 50 گراناتنى تېپىۋېلىپ، ئىسيان كۆتۈرۈش پىلانىنى بەربات قىلدى. 9 - ئايدا، روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئالتايدىكى كونسۇلى ئالتايدىكى ئوفىتسېرلارنى يىغىپ «روسىيىگە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرماقچى» بولدى.

باچىچىنىڭ قوشۇنىمۇ «ئالاقە باغلاپ پۇرسەت كۈتتى[1]. 1921 - يىل يېڭى يىل كۈنى، ئۇلار ئالىيانكوۋ چۆچەككە ئەۋەتكەن باندىتلار بىلەن بىرلىشىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈپ چۆچەكنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇندى. بۇ سۇيىقەستىمۇ جاڭ جىيەن تەرىپىدىن پاش قىلىندى. 7 - كۈنى، چېگرا مۇداپىئە ئەترىتىدىكىلەر يېغىۋالغان قارغا قارىماي تاغقا چىقىپ، شىنىسكى يوشۇرۇپ قويغان 201 دانە مىلتىق، تۆت دانە پىلىموت، 5000 تال ئوق، توققۇز دانە قىلىچ ۋە باشقا قوراللارنى ئېلىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى بەربات بولدى. 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا، شىنىسكى يەنە مەخپىي تۈردە ئەسكەر توپلاپ، يوشۇرۇن گازارمىسى (دۆربىلجىننىڭ جەنۇبىدىكى تاغ) غا ۋە چەت ئەللەرنىڭ قورال - ياراغلىرىغا تايىنىپ، بەش يولغا بۆلۈنۈپ، لاۋفېڭكو (دۆربىلجىننىڭ شىمالىدا) نىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن يولغا چىقىپ ماناستى ئىگىلەپ ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلىشقا ئۇرۇندى. ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى ئىشقا ئاشمايلا ئاشكارلىنىپ قالغاچقا، جاڭ جىيەن بۇ قېتىممۇ قورال - ياراغلارنى ئاختۇرۇپ تېپىۋالدى ۋە 126 نەپەر باندىتنى قولغا ئالدى، بۇنىڭدىن ۋاقىپلانغان شىنىسكى بەدەر تىكىۋەتتى.

چۆچەككە قېچىپ كەلگەن روسىيىلىك ئاق گۋاردىيچىلەرنىڭ قالدۇقلىرى بىر قىسىم قورال - ياراغلىرىنى تاپشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پەيلىدىن يانماي زايسانغا قايتىپ قىزىل ئارمىيە بىلەن داۋاملىق ئېلىشىش خام خىيالىدا بولدى. ئۇلار «مەخپىي كېڭەش» تىن كېيىن، روسىيىنىڭ كونسۇلى دوبرودىيېپنى ۋالىي مەھكىمىسىگە ئىككى قېتىم ئەۋەتىپ تاپشۇرۇپ بەرگەن قورال - ياراغلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە: «جۇڭگو تەرەپ تەلەپىمىزگە قوشۇلمىسا قورال كۈچى بىلەن تاقابىل تۇرىمىز» دەپ پوپوزا قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپى ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن رەت قىلىندى. ياڭ زېڭشىن چۆچەكنىڭ ۋالىيسىغا تېلېگرامما يوللاپ ئۇرۇشقا جىددىي تەييارلىق قىلىش يۈزىسىدىن تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى: 1. چۆچەكتە تۇرۇشلۇق ھەرقايسى

---

① «سىۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» I، 5 - جىلد، 12 - بەت.

مىڭ، لىيەنلەردىكى ئەسكەرلەر سانىنى تولۇقلاش، ئۇلارغا «ھەركۈنى مەشىق قىلىش، كۆتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش» توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈش؛ 2. ھەربىي مەشىقنى كۈچەيتىش، موڭغۇللاردىن ئىككى مىڭ ئاتلىق ئەسكەر ئېلىپ، ئۇلارنى قۇدرەتلىك قوشۇنغا ئايلاندۇرۇش؛ 3. چۆچەككە ئەۋەتىلگەن قورۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ بىر يىڭى ۋە ۋالى نەيرۇينىڭ پىيادە ئەسكەرلەر قىسمىنىڭ بىر يىڭى ھەربىي مەشىقنى كۈچەيتكەندىن باشقا، ئۇلارغا يەنە «كۆتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن» پىلىموت بېرىش؛ 4. شىخودىن چۆچەككىچە، بورتالادىن چۆچەككىچە بولغان ئارىلىقتىكى مۇھىم ئۆتكەللەردە قاراۋۇلخانا قۇرۇپ، قاتتىق تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئىلى، چۆچەكتىكى قالدۇق ئەسكەرلەرنىڭ «بىرلىشىپ ۋەقە تۇغدۇرۇشى»نىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ 5. «موڭغۇللار بىلەن قازاقلارنىڭ قورامىغا يەتكەن»لىرىنى تېز ئارىدا ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلارنى «ئالدى بىلەن رويخەتكە تىزىملاش، جىددىي ئەھۋال كۆرۈلسە، ئۇلارنى شۇ زامان سەپەرۋەر قىلىش» ؛ 6. چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش، «روسىيە چېگرىسى تىنچلانمىغىچە، مەملىكىتىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى بىر كۈنمۇ بوشاشتۇرۇشقا بولمايدۇ» ، چۆچەككە قېچىپ كەلگەن قاچاق ئەسكەرلەرگە قارىتا «بىر تەرەپتىن ياخشى مۇئامىلە قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلاردىن ھېزى بولۇش كېرەك[①] . » دەپ كۆرسىتىلدى.

ئىلىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئالىيانكوۋنىڭ قوشۇنىمۇ بىر نەچچە قېتىم مالىمانچىلىق پەيدا قىلىپ، ئىلى رايونىنىڭ تىنچلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىل بولۇپ قالدى. 1920 - يىل 6 - ئاينىڭ بېشىدا، ئالىيانكوۋ قول ئاستىدىكى 1170 نەچچە كىشىنى ئۇرۇمچى ئارقىلىق قەشقەرگە، ئاندىن ئەنگلىيىگە تەۋە ھىندىستانغا ئۆتكۈزۈشكە يول قويۇشنى يولسىزلارچە تەلەپ قىلدى. ئۇ «مەلۇم دۆلەت روسىيىدىكى كونا پارتىيىگە ياردەم بەرمەكچى بولغانلىقىدىن ۋاقىپلىنىپ» ، بۇنى «پۇرسەت كەپتۇ دەپ ھېساب-

① «سىۋىلىكلەردىن ساۋاقلار» K توپلام Ⅱ، 25 ـ، 26 ـ بەتلەر.

لاپ» ، «20 نەچچە ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرنى روسىيە چېگرىسىغا يوشۇرۇنچە
كىرىپ يوشۇرۇپ قويغان قورال - ياراغلارنى ئەكېلىشكە مەخپىي ئەۋەت-
تى»[1] . ئىلىدىكى چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرى ئۇلارنىڭ كولاپ ئەكەلگەن
قورال - ياراغلىرىنى تەكشۈرۈپ تېپىۋالغاندا، ئۇلار ئوق چىقىرىپ قارشى-
لىق كۆرسەتتى.

ئالىيانكوۋ بورتالادا قوشۇننى مەشىق قىلدۇرۇپ روسىيىگە قايتىپ يەنە
ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا ھازىرلانغاندىن باشقا، دۇتوۋ قورغاستا ئوفىتسېر ئەۋە-
تىپ قالدۇق ئەسكەرلەرنى دۆلىتىگە قايتماسلىققا قۇتراتتى. دۇتوۋ «قور-
غاستا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ» ، قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىنى داۋام-
لىق يۈرگۈزۈشكە ئۇرۇندى. شۇ چاغدا، ئالىيانكوۋ ۋە بىر قىسىم قالدۇق
ئەسكەرلەر «ئاشلىقىمىزنى بۇلاپلا قالماي» ، يەنە تېكەس قاتارلىق جايلارغا
بېرىپ مال - مۈلۈكلەرنى بۇلاپ - تالىدى، مال - مۈلۈكلەرنىڭ ئىگىلىرى-
نى ئۆلتۈردى. بۇ قانۇنسىز قىلمىشلار چېگرىدىكى ھەربىيلەر ۋە خەلقلەر-
نىڭ قاتتىق غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىدى. ياڭ زېڭشىن «قازاننىڭ قايند-
ىشىنى توختىتىش ئۈچۈن، ئوچاقنىڭ ئوتىنى تارتىش ئۇسۇلى» نى قوللى-
نىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئالىيانكوۋنىڭ قوشۇنىدىكى ئوفىتسېرلارنى
قومۇلغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئوفىتسېرلار بىلەن ئەسكەرلەرنى
بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتمەكچى بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىر نەچچە قېتىم ۋەكىل ئەۋەتىپ
شىنجاڭ دائىرىلىرى بىلەن ئىلىغا قېچىپ كەلگەن قالدۇق ئاق گۋاردىيە
ئەسكەرلىرىنى دۆلىتىگە قايتۇرۇش مەسىلىسىنى مەسلىھەتلەشتى، ياڭ
زېڭشىن، ئۇلارنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنسىلا دەرھال ئۇلارنى دۆلىتىگە
قايتىشقا سەپەرۋەر قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. 1920 - يىلى 5 - ئايدا،
تاشكەنت سوۋېت ھۆكۈمىتى ئاق گۋاردىيە ئەسكەرلىرىنى كەچۈرۈم قىلغان-
لىقىنى جاكارلىدى، بىر قاتار دىپلوماتىك ئۇچرىشىشلاردىن كېيىن، ئىلىغا
قېچىپ كەلگەن 3000 دىن كۆپرەك قالدۇق ئەسكەر ئارقا - ئارقىدىن

[1] «سىۋەتلىكلەردىن ساۋاقلار» K توپلام VI ، 37 ـ، 39 - بەتلەر.

روسىيىگە قايتتى. لېكىن، ئالىيانكوۋ، دۇتوۋ قاتارلىق ئوفىتسېرلار ۋە بىر قىسىم كازاكلار قايتىشقا ئۇنىمىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ياڭ زېڭشىن ئۇلارنى نازارەت قىلىشقا قولايلىق بولسۇن دەپ، جاڭ شاۋبو، لى جوڭلىن، لى چاڭلارنى ئالىيانكوۋ قىسمىنى ئۆلكە مەركىزىگە كېلىپ ئورۇنلىشىشقا دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتتى. 9 - ئايدا، دۇتوۋ قاتارلىق ئاز ساندىكى قالدۇق ئەسكەرلەر داۋاملىق ئىلىدا قالغاندىن باشقا، ئالىيانكوۋ قاتارلىقلار 700 ئادەم، 800 ئات بىلەن ئۈرۈمچىدىكى جەنۇبىي قوۋۇق (نەنگۇەن) مويكا تەۋەسىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى.

ئالىيانكوۋ ئۆلكە مەركىزىدە تۇرغان مەزگىلدە، داۋاملىق يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، يولسىزلىق قىلىپ مۇتتەھەملىك بىلەن ئۆلكىدىن دائىم ئاشلىق، پۇل تەلەپ قىلدى ھەمدە روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ نەق پۇل ۋە نەرسە - كېرەكلىرىنى قاقتى - سوقتى قىلدى. 10 - ئايدا، ئالىيانكوۋ ئۆلكە مەسئۇلىدىن چۆچەكتىكى باچىچقا نۇرغۇن يەر بېرىشنى تەلەپ قىلدى ۋە پۇل بەرمىسە «مويكىنى بۇلاپ - تالاپ» ئۆلكە مەركىزىنى ئىشغال قىلىمىز دەپ جار سالدى. شۇڭا، ئۆلكە مەركىزىدىكى سودىگەرلەر «ساراسىمىگە چۈشۈپ، كېچىسى ئۇخلىيالمايدىغان، كېلىدىن غىزا ئۆتمەيدىغان»① ھالەت-كە چۈشۈپ قالدى. ياڭ زېڭشىن ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنى كۈچەيتكەنلىك-تىن، ئالىيانكوۋ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستى-دا، ياڭ زېڭشىن ئالىيانكوۋنى قومۇلغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەسلىي پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆلكە مەركىزىدە ئاشلىق قىس دېگەننى باھانە قىلىپ، ئالىيان-كوۋ قىسمىنى گۇچۇڭغا يۆتكىۋەتمەكچى، ئاندىن شەرققە - ئىچكى رايونلار-غا يۆتكىلىشكە يول بېرىپ، ئىچكى ئۆلكىلەر ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتۇر-ماقچى بولدى. ئالىيانكوۋ بىرىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى بىل-مىگەنلىكى، ئىككىنچىدىن، كۆلۈندىكى سېمېنوۋنىڭ قالدۇق قوشۇنى ياپونىيىنىڭ ياردىمىدە سىبىرىيىگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانلىقى ئۈ-چۈن، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوبدۇ ئارقىلىق تاشقى موڭغۇلىيىگە بېرىپ

① «سىۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» K توپلام Ⅶ، 37 -، 39 - بەتلەر.

سېمىرنوۋنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلۇش غەرىزىدە، گۇچۇڭغا يۆتكىلىشكە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، ياڭ زېڭشىن 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ماجىڭخى، ماجىڭشى، خەن چاڭبىن، ۋۇكۇي، جاڭ رۇڭلارنى 200 نەچچە ئەسكەر بىلەن ئالىيانكوۋ قاتارلىقلارنى بەش تۇركۇمگە بۆلۈپ گۇچۇڭغا ئاپىرىپ قويۇشقا ئەۋەتتى.

ئالىيانكوۋ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر قىسىم ئوفىتسېرلار روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ جاھىللىرى ئىدى، ئۇلار قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇراتتى. شۇڭا، ئۇلار 11 - ئايدا گۇچۇڭغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، داۋاملىق تۇردە ئۇرۇشقا جىددىي ھازىرلىق كۆردى ھەمدە بىر قىسىم قالدۇق ئەسكەرلەرنى تاغ ئارىسىدىكى چىغىر يوللار ئارقىلىق كېچىسى يول يۈرۈپ ئىلگىرى روسىيە چېگرىسىغا يوشۇرۇپ قويغان 25 پىلىموت، بىر تاغ زەمبىرىكى، 300 نەچچە تال مىلتىق، مىڭ نەچچە تال گىرانات، 300 نەچچە نەيزە ۋە باشقا تۈرلۈك ئوق قاتارلىقلارنى گۇچۇڭغا ئەكېلىشكە ئەۋەتىپ، ئالدى بىلەن گۇچۇڭنى ئىشغال قىلىپ، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ قورال - ياراغلىرىنى ئولجا ئېلىشقا، ئارقىدىن ئۇلۇنگۇر دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئالتايدىكى چېڭخۇا ئىبادەتخانىسىنى، جىمنەينى ۋە قوبدۇ قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، چۆچەك ۋە كۆلۈنغا قېچىپ كەلگەن ئاق گۋاردىيىچى باندىتلارغا ھەمتەپەس بولماقچى بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالىيانكوۋ يەنە بوشمىنوۋنى چۆچەككە بېرىپ باندىتلار گۇرۇھى ئۇيۇشتۇرۇپ، باچىچىنىڭ قوشۇنى بىلەن ئالاقە باغلاپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئەۋەتتى ( بوشمىنوۋ كېيىن چۆچەك دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى) ھەمدە ئىلىدا قېپقالغان دۇتوۋغا مەخپىي خەت يېزىپ، ئۇنى شىنجاڭدا يىغىۋېلىنغان ئالىيانكوۋنىڭ ئەسلىدىكى قوشۇنىدىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىر قالدۇق ئەسكەرلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشكە ئۈندەپ، روژدېستۋو بايرىمىدا توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولدى.

بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالىيانكوۋ قول ئاستىدىكى چى خېيشەن (جۇڭگولۇق مۇھاجىر) نى گۇچۇڭنىڭ شەھەر ئىچىنى رازۋېدكا قىلىشقا ئەۋەتكەندە، چى خېيشەن قولغا چۈشۈپ قېلىپ، ئالىيانكوۋنىڭ

ھەرىكەت پىلانى ۋە قورال - ياراغلارنىڭ مەنبەسىنى ئېقرار قىلىپ قويدى. 1921 - يىلى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئالىيانكوۋ چى خېيشەننى قايتۇرۇپ بېرىشنى باھانە قىلىپ، پىلىموتتىن ئوق ئېتىپ گۇچۇڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا ھۇجۇم قىلدى. مۇھاپىزەتچى قىسىملارنىڭ ئالدىن تەييارلىقى بولغاچقا، ئۇنىڭ غەرىزى ئىشقا ئاشمىدى. ياڭ زېڭشىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئالىيانكوۋغا قول ئاستىدىكىلەرنى «توختامنامىنى قاتتىق ئىجرا قىلدۇرۇش» توغرىسىدا تېلېگرامما يوللىدى، يەنە بىر تەرەپتىن شەھەرنى قوغداش قوماندانى جاڭ مىڭيۇڭگە ئاق گۋاردىيىچى باندىتلارغا زەربە بېرىشكە ھازىرلىنىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى ھەمدە قۇمۇل، باركۆل ۋە ئۈرۈمچىدىن قوشۇن توپلاپ، لۇيجاڭ جاڭ سۇڭلىننى گۇچۇڭغا بېرىپ ئومۇمىيۈزلۈك قوماندانلىق قىلىشقا، ئالىيانكوۋنى تۇتۇپ تورۇش ئۈچۈن، يەنە دىپلوماتىيە ئالاھىدە خادىمى جاڭ شاۋبو، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇۋېنلۇڭلارنى سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتتى. ئادىمى كۆپ قوشۇننىڭ بېسىمى، ليۇۋېنلۇڭ، جاڭ شاۋبولارنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن، ئالىيانكوۋ 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر قىسىم قوراللىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوبدۇنى ئىشغال قىلىپ سىبىرىنوۋقا ھەمنەپەس بولۇش قەستىدە، قوبدۇ ئارقىلىق مەملىكەتتەگە قايتىشقا ئىجازەت بېرىلىشنى تەلەپ قىلدى. ياڭ زېڭشىن ئالىيانكوۋنىڭ بۇ پىلانىنى بىلىۋېلىپ، ئۇنى شەرقىي يول بىلەن مەملىكىتىگە قايتىشقا بۇيرۇدى. ئالىيانكوۋ قورال - ياراغلىرىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن شىتابىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئې يىڭغا ئالىيانكوۋنىڭ قوشۇنىدىكى 20 - 30 كىشىنى بىر ئەترەت قىلىپ تۆت تۈركۈمگە ئايرىپ 20 - 30 كىشىنىڭ مۇھاپىزىتىدە شىنجاڭ چېگرىسىدىن چىقىرىۋېتىشنى بۇيرۇق قىلدى①. 2 - تۈركۈمدىكىلەر يولغا چىققاندا، ئالىيانكوۋ مەخپىي قولغا ئېلىندى. 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىپ نەزەربەنت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭغا خەۋپ يەتكۈزگەن ئالىيانكوۋنىڭ پارا-

---

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» (I) 4 - جىلد، 34 - بەت.

كەندىلىكىگە خاتىمە بېرىلدى.

«گۇاڭ لۇنىڭ ئەسلىمىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ياڭ زېڭشىن ئاليانكوۋنى نەزەربەنت قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ئەپيۇن چەككۈزۈپ، «قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىشنى ئويلىغۇدەك مادار قالدۇرمىغان.» تەخمىنەن ئىككى يىلدىن كېيىن شىنجاڭ چېگرىسىدىن چىقىرىۋېتىلگەن، ئۇ گەنسۇدا «شۇ چاغدىكى غەربىي شىمالدىكى مەلۇم بىر ئىدارە تەرىپىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، ئۇ دەسلەپتە موسكۋاغا، ئاندىن سىمپالاتىنسكقا ئاپىرىلىپ، ئوچۇق سوت قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.»

ئاليانكوۋ توپىلىڭىنىڭ 3 - كۈنى، يەنى 1921 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئىلىدا قېپقالغان دۇتوۋ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى جۇڭگولۇق ئەسكەرلەرمۇ كۈرەدە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەمنەپەس بولدى. ئۇلار خەلقلەرنىڭ ئۆي - ۋاقلىرىنى كۆيدۈرۈپ، مال - مۈلكىنى بۇلىدى. ھەربىي ئەسلىھە ئىدارىسىنى ئىگىلىۋالدى، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇن تەرىپىدىن باستۇرۇلدى، دۇتوۋ، جاڭ جۇنچېن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، كېيىن ليۇلىيەنكېمۇ ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرىدى.

ياڭ زېڭشىن ئاليانكوۋ بىلەن دۇتوۋنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، يەنە چۆچەكتىكى باچىچ قاتارلىق ئاق گۋاردىيىچى باندىتلارنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىشقا كىرىشتى.

باچىچ قاتارلىق باندىتلار قوبدۇ، كۇلۇندىكى ئاق گۋاردىيىچىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، يېڭىدىن ھۆكۈمەت تەشكىللەپ، سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن قارشىلىشىشقا ئۇرۇندى. ئۇلار چۆچەكتە دائىم دېگۈدەك پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى، قالدۇق قوشۇنىنىڭ «كىيىم - كېچەكى يوق» دېگەننى باھانە قىلىپ، چۆچەكنىڭ ئامبىلىدىن 40 مىليون سەر تەڭگە قۇتقۇزۇش بېرىشنى يولسىزلارچە تەلەپ قىلدى. مالىيە، ئىقتىساد ئەھۋالى ئىنتايىن ناچارلاشقان شىنجاڭ دەرۋەقە، بۇنچىلىك ياردەمنى بېرەلمەيتتى، شۇنىڭدىن كېيىن، باچىچنىڭ خورىكى بارغانسېرى ئۆستى، ئۇ شىنجاڭ تەمىنلىگەن ئاشلىققا ھۆججەت بەرمەيلا قالماستىن، يەنە شىنىسكى قوشۇندىكىلەرنىڭ

روسىيە سودا چەمبىرىكى ئىچىدە روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ كېتىشىگە سۈكۈت قىلدى ھەمدە ۋالىي جاڭ جيەنگە بىر مۇنچە يولسىز تەلەپلەرنى قويدى. مەسىلەن، 1. چۆچەكتىكى كونسۇلخانىدا قوشۇن تۇرغۇزۇپ، «چۆچەكتە ئەسكەر يۆتكەش» ۋە «زاپاس ئاشلىق ساقلاش①» قا قولايلىق شارائىت يارىتىش؛ 2. روسىيە پۇقرالىرىنى دۆربىلجىندىكى گازارما (جەنۇبىي تاغ) قا كۆچۈرۈش، شىنجاڭ دائىرىلىرى ماي، تۇز، گۆش كۆكتات بىلەن تەمىنلەش ياكى باشقا جاينى تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇش؛ 3. 10 مىڭدىن كۆپرەك قالدۇق ئەسكەر، مۇساپىرنى چۆچەكتىن يىراق شەرققە ئاپىرىپ قويۇش، ۋەھاكازالار. ياڭ زېڭشىن بۇ تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلدى. كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ يەنە ۋالى جاڭ جيەنگە قوشۇنلارنى يۆتكەپ، ھەر قايسى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ھېزى بولۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 1921 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، نوۋىكوۋ باشچىلىقىدىكى ئاق گۋاردىيىچىلەر قوشۇنىنىڭ قالدۇقلىرىدىن 2 مىڭدىن كۆپرەك كىشى 1900 تال مىلتىق، ئالتە دانە پىلىموت، 300 نەچچە ھارۋا بىلەن شىمالىي تاغ ئېغىزى ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتۈشكە ئۇرۇندى. شىنجاڭ دائىرىلىرى دەرھال ئۈچ يىلڭ ئەسكەر ۋە بىر قىسىم موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى شىمالىي تاغ ئېغىزىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۇ باندىتلارنىڭ چېگرىدىن كىرىشىگە يول قويمىدى. لېكىن، باچىچ شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ نوۋىكوۋ قوشۇنىغا يول باشلىغۇچى ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يوشۇرۇنچە ئايلىنىپ يۈرۈپ جەنۇب تەرەپتىن چېگرىدىن ئۆتتى. شىنجاڭنىڭ چېگرا قاراۋۇلخانىسىدا نەچچە ئونلا ئادەم بولغاچقا، ئۇلارنى توسۇپ قالالمىدى. نەتىجىدە نوۋىكوۋنىڭ قالدۇق قىسمى دۆربىلجىنغا كىرىپ باچىچنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شىنجاڭدىكى چوڭ بالايىئاپەتكە ئايلاندى.

نوۋىكوۋنىڭ قوشۇنى باچىچنىڭ قالدۇق قوشۇنى بىلەن قوشۇلغاندىن

---

① — «سىمۇەنلىكلەردىن ساۋاقلار» (I) 5 - جىلد، 30 - بەت.

كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەسكىرى 1000 ئېشىپ چۆچەكنىڭ ۋەزىيىتىدە بىر مەھەل زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. بۇ بىر تۈركۈم ئاق گۋاردىيىچى باندىتلارنىڭ سانى چۆچەكتە تۇرۇشلۇق قوشۇن (3000 نەچچە يۈز كىشى) دىن كۆپ ئارتۇق بولۇپلا قالماي، جەڭگىۋارلىق كۈچىمۇ ئۇلاردىن ئۈستۈن ئىدى. بۇ ئىككى تۈركۈم باندىتلار قوشۇلۇش بىلەنلا، ھەربىي تەۋەككۇلچىلىكنى پىلانلاپ، «چۆچەكتە قوراللىق توقۇنۇش پارتلايدىغاندەك جىددىي ۋەزىيەت»نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تۇيۇقسىز ئۆزگەرگەن بۇنداق ۋەزىيەتتە، ياڭ زېڭشىن يېڭىدىن نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئورۇنلاشتۇرغاندىن باشقا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ روسىيىلىك ئاق گۋاردىيىچى باندىتلارنى يوقىتىش قارارىغا كەلدى ۋە دەرھال ۋەكىل ئەۋەتىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

كېلىشىمگە ئاساسەن، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ چېگرىدىن ئۆتۈپ ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ئىككى تەرەپنىڭ بىرلەشمە ھەرىكىتى نەتىجىسىدە، مەغلۇپ بولغان باچىچ باندىتلىرىنىڭ تەخمىنەن 10 مىڭ ئادىمى دۆربىلجىن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن ساڭفاڭزىغا، ئاندىن قوبۇقسار ئارقىلىق ئالتايغا قېچىپ كەتتى ۋە ئۇ يەرنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، تاشقى موڭغۇلىيىگە قېچىپ كەتكەن ئاق گۋاردىيىچى قوشۇنىغا يىراقتىن ماسلىشىپ، ئېپى كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقى ھاكىمىيىتىگە زەربە بەرمەكچى بولدى. ئالتاينىڭ ۋالىيسى جۇ ۋۇشۇ مۇداپىئە ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. بۇرچىننىڭ ئامبىلى لۇ شياۋزۇ مۇۋەققەت ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئارمىيە ۋە خەلقنى باچىچ باشچىلىقىدىكى باندىتلارغا داۋاملىق قارشى تۇرۇشقا تەشكىللىدى. لۇ شياۋزۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىۋېلىپلا ياڭ زېڭشىننىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنمىدى، يا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلاشمىدى، شۇڭا ياڭ زېڭشىن ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىپ، ئورنىغا جاڭ مىڭيۈەننى ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.

بۇ چاغدا، ياڭ زېڭشىن بىر تەرەپتىن، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ ئاق گۋاردىيە باندىتلىرىنى بىرلىكتە يوقىتىش فاڭجېننى قول-

لىنىپ، ليۇ شىزىڭ قاتارلىقلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن
بىرلەشمە ھەرىكەت توغرىسىدا داۋاملىق سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتتى؛ يەنە بىر
تەرەپتىن، يېڭى ئەسكىرىي كۈچ ئورۇنلاشتۇرۇپ باچىنىڭ ئىچكى جايلار-
غا سوقۇنۇپ كىرىشىنى توستى ۋە يەنە ئالتاينى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ كونكرېت
چارىسىنى بېكىتتى. ئۇ جاڭ مىڭيۈەننى ئالتاينىڭ ئالدىنقى سەپ باش
قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى ئۈرۈم دەرياسى بويىغا ئورۇن-
لاشتۇرۇدى. جاڭ مىڭيۈەنگە ئارقا سەپتىن ياردەم بېرىش، ماناسقا سوقۇ-
نۇپ كىرگەن دۈشمەننى توسۇش ئۈچۈن، لۈيجاڭ جاڭ سۈگىلىننى جىمسار-
غا، قوماندان دۇ فارۇڭنى شياۋگۇيىگە ئورۇنلاشتۇردى؛ كۆكتوقاينى قاي-
تۇرۇۋېلىش، ئۈرۈمچىگە سوقۇنۇپ كىرگەن دۈشمەننى توسۇش ئۈچ-
ۈن 1 - يول تارماق ئەترەت باشلىقى ئې يىڭنى چىڭگىل دەرياسى بويىغا
ئورۇنلاشتۇردى؛ بۇرچىننى قايتۇرۇۋېلىش، چۆچەككە سوقۇنۇپ كىرگەن
دۈشمەننى توسۇش ئۈچۈن، 2 - يول تارماق ئەترەت باشلىقى ۋېي جېنگونى
قوشتولغايغا ئورۇنلاشتۇردى؛ گۇچۇڭ، باركۆلگە سوقۇنۇپ كىرگەن دۈش-
مەننى توسۇش ئۈچۈن، قوماندان ۋاڭ داتۇڭنىڭ قوشۇنىنى بۇلغۇنغول
دەرياسى بويىغا ۋە ئۇلۇغبۇلاققا ئورۇنلاشتۇردى؛ تارماق ئەترەت باشلىقى
ياڭ شىجۇڭغا ياردەملىشىش، ۋاڭ داتۇڭ، ئې يىڭلارنىڭ قوشۇنىغا ئارقا
سەپتىن ياردەم بېرىش ئۈچۈن، قوماندان جاڭ خۇڭچيۇ بىلەن ياڭ يىڭكۈيە-
نى ئايرىم - ئايرىم باركۆل بىلەن گۇچۇڭغا ئورۇنلاشتۇردى. غەربىي يول
قوشۇنىنىڭ ئاتلىق مەھكىمىسىنى ماناس بىلەن ئۈرۈم دەرياسى بويىدا،
شەرقىي يول قوشۇنىنىڭ ئاتلىق مەھكىمىسىنى گۇچۇڭدا تەسىس قىلدى،
ئۈرۈمچىدىكى باش ئاتلىق جۇغلاش مەھكىمىسى شەرقىي يول قوشۇنى ۋە
غەربىي يول قوشۇنىنىڭ ئاتلىق مەھكىمىلىرىگە ئاتلىق يۆتكەپ بېرىش
ئىشلىرىغا قوماندانلىق قىلدى. يۇقىرىقىلار روشەنكى مۇداپىئە خاراكتېر-
لىك ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇپ، بۇنىڭدىن مەقسەت، ئاساسلىقى باچىنىڭ باشچى-
لىقىدىكى قالدۇق باندىتلارنىڭ ئىچكى جايلارغا سوقۇنۇپ كىرىشىنى تو-
سۇش، ئۈرۈمچىنى قوغداش ئۈچۈن ئىدى.

شىنجاڭ دائىرىلىرى بىلەن سوۋېت ھاكىمىيىتى سوۋېت قىزىل ئار-

مېيىسى زايساندىن زەربە بېرىش، شىنجاڭنىڭ قوشۇنى ئۈرۈم دەرياسى، قوشتولغاي، ئۇلۇغبۇلاق ئەتراپىدا توسۇپ زەربە بېرىش، ئاندىن ئاق گۋاردىيىچى باندىتلارنى قورشاپ تەلتۆكۈس يوقىتىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىنغانىدى. 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ئالتايغا يەنە بىر قېتىم كىردى. ئىككى تەرەپنىڭ قوش زەربىسىدە، باچىچ قوشۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بۇرچىن، سارسۇمبە (ئالتاي) گە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. 9 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئۇلار چىڭگىل دەرياسى ۋە بولغۇنغول دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بىر قىسمى قوبدۇغا قاچتى، يەنە بىر قىسمى ئالتاي تاغلىرىغا يوشۇرۇنۇپ داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى. ياڭ زېڭشىن باچىچ قوشۇنىنىڭ يەنە باش كۆتۈرۈپ چىقىشىدىن ئەنسىرەپ، جاڭ مىڭيۈەنگە قىزىل ئارمىيىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىگە ياراقتىن ياردەم بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. شۇ يىلى 10 ـ ئايغا كەلگەندە، باچىچنىڭ قوشۇنى ئۈزۈل ـ كېسىل مەغلۇپ بولۇپ، ئاز ساندىكىلىرى قوبدۇغا قېچىپ كەتتى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى زايسانغا پۈتۈنلەي قايتىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭ دائىرىسىدىكى روسىيىلىك ئاق گۋاردىيىچى باندىتلارنىڭ ھەممىسى تولۇق تازىلاندى.

روسىيىدە ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن ئاق گۋاردىيە ئەسكەرلىرى، مۇساپىرلارنىڭ سانى 30 ـ 40 مىڭغا يەتتى، ئۇلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى 2 ـ 3 يىلغا سوزۇلۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى زور زىيانغا ئۇچراتتى. ئاخىر، ياڭ زېڭشىن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ بۇ باندىتلارنى قورشاپ يوقىتىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىنى قوغداپ، شىنجاڭنى بالايىئاپەتتىن ساقلاپ قالدى.

## 3 ـ بۆلۈم ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە دىنىي سىياسىتى

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشقا چولىسى تەگمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا مۇستەبىت مىلىتارىست ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتتى. 4 - ماي ھەرىكىتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ قوللانغان سىياسىي تەدبىرلىرى، ئۇ يېڭىلا تەختكە چىققان چاغدا يۈرگۈزگەن تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ داۋامى ئىدى، خالاس. ئۇنىڭ يۈرگۈزگەن مەمۇرىي تۈزۈمىدە، نام جەھەتتە ۋە شەكىل جەھەتتە ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي تۈزۈلمىدە ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۆلكىلىك ھاكىمىيەت ئورگىنىدىكى سىياسىي، ھەربىي، مالىيە، دىپلوماتىيە، ئەدلىيە، كەسپىي، ساقچى قاتارلىق ئورگانلاردىن تەركىب تاپتى. ئۆلكىنىڭ قارمىقىدا ئاۋۋالقىدەك ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى، شىنجاڭدا ئاران ئۈرۈمچى ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت بار ئىدى؛ ئىلى، چۆچەك ۋە ئالتاينى شىنجاڭ بىۋاستە ئىدارە قىلغاندىن كېيىن، يەنە ئىلى ۋىلايىتى، چۆچەك ۋىلايىتى ۋە ئالتاي[1] ۋىلايىتىدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت تەسىس قىلىندى؛ 1920 - يىلى يەنە قارا شەھەر ۋىلايىتى بىلەن خوتەن ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭ بويىچە ۋىلايەت سەككىزگە، ناھىيە 59 غا يەتتى. ياڭ زېڭشىننىڭ مەنسىپى دۇدۇ (يەنى ئۆلكىنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي - مەمۇرىي باشلىقى) قوشۇمچە خەلق ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى جاڭجۈن قوشۇمچە ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆزگەرتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ئۆلكە باشلىقى قوشۇمچە دۇجۈن (ھەربىي تۇتۇق) بولدى. 1928 - يىلى (مىنگونىڭ 17 - يىلى)، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا، ياڭ زېڭشىن ئۆلكە رەئىسلىكى قوشۇمچە باش قوماندانلىققا تەيىنلەندى.

① 1919 - يىلى (مىنگونىڭ 8 - يىلى)، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى مەركەزگە بىۋاستە قارايدىغان ئالتاي ئايىملىقى دېگەن ئەمەلنى بىكار قىلىشنى، ئالتاينى ۋىلايەت قىلىپ، ئۇنى شىنجاڭ باشقۇرۇشنى قارار قىلدى.

ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خادىملار ئىچىدە دەسلەپتە خۇنەنلىكلەر، خۇبېيلىقلار كۆپ ئىدى. ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققاندىن كېيىن، يېقىنلىرىنى ئىشقا قويۇپ، ياتلارنى چەتكە قاققاچقا، ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ تەركىبىدە ئۆزگىرىش بولدى، ياڭ زېڭشىننىڭ يۇننەنلىك نۇرغۇن يۇرتداشلىرى ئارقا - ئارقىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا كېلىپ، ياڭ زېڭشىننىڭ كەتمىنىنى چاپتى. ياڭ زېڭشىن بۇ يۇرتداشلىرىنى «مۇھىم ۋەزىپىلەرگە» قويۇپ، ئۇلارنى «يېقىن ئادەملىرىم» دەپ قارىغان.①، ياڭ زېڭشىن گەنسۇدا ئەمەل تۇتقاندا قول ئاستىدا ئىشلىگەنلەر ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئۇنىڭغا تايىنىپ ئەمىلىنى ئۆستۈرۈش، باي بولۇش تەمەسىدە ئارقا - ئارقىدىن جىيايۈگۈەندىن ئۆتۈپ شىنجاڭغا كەلدى. شۇڭا، يۇننەنلىك ۋە شەنشى، گەنسۇلۇق ئەمەلدارلار كۆپەيدى. شىيادىڭ، لى يەن ۋەقەسىدىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن «بۇنىڭدىن كېيىن يۇننەنلىكلەرنى ئىشلەتمەيمەن» دەپ قەسەم ئىچتى، شەنشىلىكلەر بىلەن گەنسۇلۇقلار بولسا تېخىمۇ ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلدى. ياڭ زېڭشىن ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، تۇرغاۋۇت، خوشۇت، ئۇيغۇر، قازاقلارنىڭ بۇرۇنقى ۋاڭ گۈڭلىرىغا قارىتا يەنىلا باقىۋەندىلىك تۈزۈمىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى مىراس قالدۇرۇشقا ئىجازەت بەردى. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 17 يىلدا، جاساق تۈزۈمى ئۆزگەرتىلمەي ئىزچىل داۋاملاشتى.

ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا «دېموكراتىك سىياسىي» دېگەندىن سۆز ئاچقىلى زادىلا بولمايتتى. يەنى يا دېموكراتىك سايلام تۈزۈمى، يا يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، نەشرىيات ئەركىنلىكى يوق ئىدى، يەنىلا فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈم يۈرگۈزۈلدى. بېيجىڭ مىلىتارىست ھۆكۈمىتىدە كىم كابىنېت تەشكىللىشىدىن قەتئىينەزەر، ياڭ زېڭشىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېتىراپ قىلىش، ھىمايە قىلىش پوزىتسىيەسىنى قوللانغان بولسىمۇ، شىنجاڭدا ئۆز ئالدىغا سىياسەت يۈرگۈزدى.

---

① جىن شۇرېن: «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى، مېڭزىلىق ياڭ بېگىمنىڭ پائالىيەتلىرى»

ئاتالمىش «جىيايۇيگۇەننىڭ سىرتىدا مېنىڭ دېگىنىم ھېساب» دېگەن قاراش ئۇنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويغان ئىزچىل ئەقىدىسى ئىدى. 1927 - يىلدىن 1928 - يىلغىچە شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان سۋېن ھېدىن ياڭ زېڭشىننى «شىنجاڭدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق، ئەڭ ھوقۇقلۇق كىشى» دەپ تەرىپلىگەنىدى[1].

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدىكى مۇستەبىت مىلىتارىست ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويدى، يەنە بىر تەرەپتىن باشقىلارنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشتىن پەخەس بولدى. ئەينى چاغدا، ياڭ زېڭشىن يۈزسىزلىكتە داڭق چىقارغانىدى. ئۇ زىياپەت ئۈستىدە قەدەھ كۆتۈرۈپمۇ تۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرەتتى، كىشىلەر بىلەن مۇڭدىشىپ كېتىۋېتىپمۇ كاللىسىنى ئالاتتى. ھەتتا چەت ئەللىكلەرنىڭ ئالدىدىمۇ «گۇناھكار» لارنى ئېتىپ تاشلايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن «زالىم، مەككار، قارا نىيەت، ئىچى زەھەر، خەلقنى ئەخمەق قىلىدىغان ئالدامچى، ئۇنىڭ ئالدىدا كىشىلەرنىڭ جېنى چىۋىنگە تەڭ» دېگەن باھانىڭ ئاساسى يوق ئەمەس ئىدى. ئۇ «قاتتىق قول ھۆكۈمرانلىق» نى يولغا قويغان بولۇپ، كىمكى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا سادىق بولمىسا، ئۇ بىر ئاماللار بىلەن ئۇنى جايلىۋېتەتتى. «كىشىلەردىن بەك ئېھتىيات قىلىش» ياڭ زېڭشىننىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئۇ ھەربىيلەرنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەپيۈن چېكىدىغان ھەربىيلەرنى كوماندىر قىلدى، بۇنىڭدىن مەقسەت، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇپ، ئۇلارنى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان لايغەزەل قىلىۋېتىش ئىدى. ئۇ ئادەم ئىشلىتىشتە كىشىلەرنى ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى، شۇڭا مۆلكىي ئەمەلدارلار ھەربىيلەرگە باشلىق بولىدىغان، ھەربىيلەر مۆلكىي ئەمەلدار بولىدىغان غەلىتە ئەھۋال ئوتتۇرىغا چىقتى. بولۇپمۇ زىياپەتتە شىيادىڭ، لى يەن قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن كىشىلەردىن «تېخىمۇ بەك گۇمانلىنىدىغان» بولۇپ

[1] سۋېن ھېدىننىڭ ئەسىرى، لى شۆلى تەرجىمىسى: «ئۇزۇن سەپەر خاتىرىسى»، 277 - 279 - بەتلەر. 295 - بەت.

كەتتى، مەھكىمىنىڭ تېلېگراممىلارنى تەرجىمە قىلىش باشقارمىسىغا ئۆزىلا كىرەتتى، بارلىق مەخپىي خەۋەرلەرنى ئۆزىلا بىلەتتى، باشقا ئەمەلدارلار ئاڭلىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا «لاۋزى جۇاڭزىلارنىڭ تەلىماتى» غا ئىخلاس قىلىپ «ئاقىللارغا يول بەرمىگەن» لىكى، لاۋزىنىڭ «پۇقرالار نادان بولسا، چاتاق چىقارمايدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. ئۇ شىنجاڭدىكى «ھوقۇق - مەنپەئەتنى ئۇزاقىچە ساقلاپ قېلىش» ئۈچۈن «ئىتلىرىنىڭ ھاۋشىشى، توخۇلىرىنىڭ قىچقىرىشى ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، شۇ جايدىكىلەرنى ئۆزئارا زادىلا باردى - كەلدى قىلدۇرماسلىق» نى ئۆزىنىڭ ئەڭگۈشتىرى قىلدى، ئاخباراتى، خەت - چەكلەرنى قاتتىق تەكشۈردى، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ بېكىنىۋېلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ «خەتەرلىك ئۇنسۇرلارنىڭ سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى».

ئادەملەرنى ئىشلىتىشتە، ياڭ زېڭشىن ئۆزىگە ئىتائەت قىلىدىغانلارنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلگەن بۇنداق «چاكىنا ئادەم» لەرنىڭ كۆپىنچىسى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلار ئىدى. لى رۇڭ، ليۇۋېنلۇڭ، يەن يۈيشەنلەرنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، مائارىپ نازىرى ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە دېگۈدەك تەمرات نازىرى بولالىشىمۇ ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئىدى. لى جۇڭلىن دەل ياڭ زېڭشىننىڭ ئاشۇ ئالاھىدىلىكىنى بىلىۋالغاچقا، چۆچەكنىڭ ۋالىيسى بولۇۋالغانىدى. ياڭ زېڭشىننىڭ مىلىتارىست ھاكىمىيىتىگە سادىق بولۇش - بولماسلىق ياڭ زېڭشىننىڭ ئادەم ئىشلىتىشتىكى ئۆلچىمى ئىدى. ئىتائەتچان كىشىلەرنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، ئۇلار ياڭ زېڭشىننىڭ مىلىتارىست ھۆكۈمىتىدىن يۈز ئۆرۈمەيدىغانلار ئىدى.

ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئەمەلدارلار تۈزۈمىنى تەرتىپكە سېلىش، سىياسەتتىكى نۇقسانلارنى ئىسلاھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ تەشەببۇس ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئاشمىدى. دەسلەپتە ياڭ زېڭشىن ئاممىسىنىڭ غەزىپىنى بېسىش، ئۇلارنى ئۆزىگە رام قىلىش، ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن،

دەرۋەقە بەزى پارىخور، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى جازالىدى. ئورۇمچى
ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شىيې ۋېيشىڭ، غۇلجىنىڭ ھاكىمى لياۋيەن قاتارلىق-
لار ئەمەلدارلار تۈزۈمىنى تەرتىپكە سېلىش، سىياسەتتىكى نۇقسانلارنى
ئىسلاھ قىلىش شامىلىدا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغانىدى. شۇڭا، ياڭ زېڭ-
شىن بەزى ئەدىبلەرنىڭ ماختىشى، مەدھىيىلىشىگە ئېرىشتى، شۇڭا ھەقىد-
قىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئاممىا ياڭ زېڭشىننى «پاك ئەمەلدار» دەپ
قارىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، پارىخور، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى پەيدا قىلى-
دىغان تۈپ يىلتىز فېئودال مۇستەبىتلىك سىياسىي تۈزۈم، ئۇنىڭ ئارقا
تىرىكى ياڭ زېڭشىن ئىدى. شۇ چاغدا، شىنجاڭدا: «سىبىرلىكتە رەئىس
نازىرغا، نازىر مەھكىمە باشلىقىغا، مەھكىمە باشلىقى ھاكىمغا يەتمەيدۇ»
دېگەن گەپ تارالغانىدى. بۇ ئەمەلدارلارنىڭ ئەمىلى قانچىكى كىچىك بول-
سا، ئۇنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىش پۇرسىتى شۇنچە كۆپ ئىكەنلىكىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاتالمىش «ئامباللارنى ئۈچ يىل تەكشۈرۈپ، 100
مىڭ سەر كۈمۈش تاپتۇق» دېگەن سۆز مۇشۇ ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرۈپ
بېرىدۇ. بىرمۇنچە كىشىلەر ھاكىم بولۇشنى ئەلا كۆرگەچكە، «ۋالىي،
نازىرلىقتىن ۋاز كېچىشكە رازى بولغانكى، ئەمما ھاكىملىقتىن ئۈمىدىنى
ئۈزەلمىگەن». بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن، كۇچا، ۋېنسۇ قاتارلىق ناھىيە-
لەرنىڭ ئامباللىرى ھەممىدىن كۆپ نەپ ئالغان، ئۇ جايلارنىڭ ئەمەلدارلى-
رى «يىلىغا نەچچە 100 مىڭ سەر كۈمۈش ئالغان». قەشقەر كونىشەھەر،
يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ئامباللىرى تېخىمۇ كۆپ نەپ
ئالغان. ياڭ زېڭشىنمۇ بۇ ھەقتە: «ھازىر شىنجاڭدىكى ئامباللارنىڭ تولى-
سى پۇقرانىڭ مال - مۈلكىنى قاقتى - سوقتى قىلىدۇ، سۈكۈت قىلىند-
ۋەرسە، ھۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن پۇلىغا زىيان بولىدۇ» دېگەن①. بۇنىڭدىن
شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىكىنى ياڭ زېڭشىن تەرتىپكە سېلىش
ئۆگشىيالمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت باشقۇرغان مەزگىلدە، ئۇ كۆرۈنۈشتە پارا

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» A توپلام، 1 - قىسىم، 26 - بەت.

ئالمىغاندەك، ئىقتىسادچان، ئاددىي - ساددا بولغاندەك، ھەشەمەتكە بېرىلمىگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كەمكۆتىسىز قورچاق پادىشاھ ئىدى، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا باي بولۇش يولى بار ئىدى. بۇرھان شەھىدىنىڭ ئەسلەشىچە، ياڭ زېڭشىن بىرسى، ئۆلكە پۇلى بىلەن قەشقەر پۇلى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىن پايدىلىنىپ زور پايدا ئالغان؛ يەنە بىرسى، تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقىدىن پايدىلىنىپ چۆنتىكىنى تولدۇرغان. دالىيەن ۋە تيەنجىندە ئۇنىڭ چەت ئەلچە ئىمارەتلىرى، ئۆي - جايلىرى بار ئىدى. ئۇ قاقتى - سوقتى قىلىپ تاپقان پۇللىرىنى سودىگەرلەرگە بېرىپ تۇرغان ۋە يىغىپ ئائىلىسىگە يوللىغاندىن باشقا، يەنە مائارىپ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭ ئارقىلىق تيەنجىن، دالىيەنلەرگە يۆتكىۋېتەتتى. چۈنكى، ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ «سودىگەر نازىر» دېگەن نامى چىققان بولۇپ، ئۇ باشقۇرغان يىڭفىڭيۈي سودا سارىيىنىڭ بېيجىڭ، تيەنجىنلەردىمۇ شۆبىسى بار ئىدى، ئۇ يولغا قويغان تىجارەتنىڭ بىرى پېرېۋوت كەسپى ئىدى. بۇرھان شەھىدىنىڭ ئەسلىشىچە، ئۇ ياڭ زېڭشىنغا ۋاكالىتەن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بىر نەچچە قېتىم پۇل پېرېۋوت قىلىپ بەرگەن، ھەر بىر قېتىمدا پېرېۋوت قىلىنغان پۇل 10 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن.① شۇڭا، ياڭ زېڭشىنمۇ ئاچ كۆز خىيانەتچى ئەمەلدار دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە قوللانغان ئۇسۇلى ئاقىلانىراق ئىدى، خالاس.

ياڭ زېڭشىننىڭ شائىيولۇق ئەمىلىنى سېتىشنى قاتتىق چەكلەش، جىسالارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، گورۇھ بولۇۋېلىشنى، ئەمەلدارلارنىڭ جازانىخورلۇق، ساختىپەزلىك قىلىشىنى چەكلەش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقىغا كەلسەك، ئۇنىڭمۇ كۆپىنچىسى ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقاتى ئىدى، خالاس. لوپ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى جاڭ چېڭلىيەن كۆرۈنۈشتە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى قاتتىق چەكلىگەندەك قىلسىمۇ، خۇپىيانە ھالدا ھۆكۈمەتنىڭ 8 مىڭ سەر پۇلىنى 8% ئۆسۈم بىلەن نامراتلارغا قەرز بېرىپ جازانىخورلۇق قىلغان. «قوينىڭ كاللىسىنى ئېسىپ قويۇپ ئىت گۆشىنى

① بۇرھان «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» ئۇيغۇرچە 228 - بەت.

سىتىش» شۇ چاغدىكى بيۇروكرات ئورگانلارنىڭ گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى.

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، سىياسىي جەھەتتىلا چىرىكلىشىپ قالماي، ھەربىي قوشۇنمۇ بەك چىرىكلىشىپ كەتكەنىدى. شىنجاڭشىي لىن «دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە دىپلوماتىيە» ناملىق كىتابىدا: شىنجاڭنىڭ «قوشۇنى چىرىكلىكتە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ» دەپ ئوچۇق ئېيتقانىدى. شۇ چاغدا، ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدايدىغان تۈۋرۈك: شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى، يېڭى ئارمىيە («خۇيزۇ قوشۇنى»)، چارلاش يىڭى (باتاليونى) قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقى شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ۋە ياڭ زېڭشىننىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا ھەمدەم بولغان يېڭى ئارمىيە ئىدى. ئالدىنقىسى چېگرىنى قوغدايدىغان مۇنتىزىم قوشۇن، كېيىنكىسى يەرلىكنىڭ جامائەت تەرتىپىنى قوغدايدىغان ئامانلىق ساقلاش قوشۇنى ئىدى.

ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئىلىدىكى ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ قارشىلىقى، قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گېلاۋخۇيچىلارنىڭ قارشىلىقى ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى قۇبدۇ ۋەقەسى قاتارلىقلارغا دۇچ كەلگەچكە، ئىنتايىن خەۋپلىك ئەھۋالدا قالغانىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ ئەسكەر ئېلىپ، ئات سېتىۋېلىپ قوشۇننى تولۇقلاپ، ئىلىدىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ قوزغىلىڭى، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گېلاۋخۇيىنى بىر - بىرلەپ يوقاتقاندىن كېيىن، «ئاجىز قوشۇن بىلەن ئىدارە قىلىش سىياسىتى» نى يۈرگۈزدى.

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئۇ قوشۇنلارنى تەرتىپكە سېلىش، قوراللاندۇرۇش پىلانى ئۈستىدە باش قاتۇرماي، پۈتكۈل زېھنىنى قوشۇننىڭ توپلاڭ كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مەركەزلەشتۈردى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە قوللانغان فاڭجېنى ۋە تەدبىرى مۇنداق: بىرىنچى، «قوشۇننى بۆلۈپ باشقۇرۇش» ئارقىلىق قوشۇننى ئاسانلىقچە بىر يەرگە توپلىشىپ ئىسيان كۆتۈرەلمەيدىغان قىلىۋېتىش؛ ئىككىنچى، يېڭى قوشۇن («خۇيزۇ قوشۇنى») نى تايانچ قىلىش، ھەممە مىللەتنى تەڭ ئىشقا

سىلىش ئارقىلىق بىر - بىرىنى ئىسكەنجىگە ئالىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش؛ ئۈچىنچى، «شىنجاڭدىكى يەرلىك كىشىلەردىن ئەسكەر ئېلىش»، «مېھمان ئەسكەر» لەرنى ئىشلەتمەسلىك؛ ياڭ زېڭشىن ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن «سەرگەردان» لاردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى يېقىن يولاتمىدى. ياڭ زېڭشىن ئۇلارنى مۇقىمسىزلىق ئامىلى، باشقۇرۇش تەس، ئاسانلا چاتاق چىقىرىدۇ، دەپ قارىدى. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ قوشۇنىدا بىرلىككە كەلگەن سىستېما، بىرلىككە كەلگەن شتات يوق ئىدى، ئارمىيە ھوقۇقى پۈتۈنلەي ياڭ زېڭشىننىڭ قولىغا مەركەزلەشكەنىدى، ئۇ «ئۆلكە مەركىزى - ئۈرۈمچىدىكى يامۇلنىڭ سەنتاڭ ھۇجرىسىدا تۇرۇپ قوشۇنغا بۇيرۇق چۈشۈرەتتى»، «بىر پارچە يارلىق بىلەن نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇننى تارقىتىۋېتەلەيتتى[1].» بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ھوقۇقى قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

1928 - يىل 7 - ئايدا، شىنجاڭنىڭ 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى، تەخمىنەن 140 نەچچە ياڭ (باتالىيون) بار دېيىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەسكەرلەرنىڭ سانى 10 مىڭدىن كۆپرەكلا ئىدى، ھەربىي خىراجەت بولسا 3 مىليون سەر كۈمۈش ئۆپچۆرىسىگە يېتەتتى. ئەينى چاغدا، ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى يالغان مەلۇم قىلىپ «كەم شتات تەمىناتىنى يېيىش» ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ قالغانىدى. شىنجاڭنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە قىسىملىرى نامدا ئۈچ شى (دىۋىزىيە) دېيىلىسىمۇ، جاڭ سۇڭلىننىڭ بىر شىسى (شىنىڭ شتابى ئۈرۈمچىدىكى نەنلياڭدا ئىدى) نى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان ئىككى شى نامدا بار، جىسمى يوق ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئۆزىنى شىنجاڭ (دىۋىزىيە كوماندىرى) دەپ ئاتىۋالغان بولسىمۇ، شىنىڭ شتابى نەدىلىكىنى بىلمەيتتى. جاڭ سۇڭلىننىڭ شىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ ياڭ، لييەن (روتا) لىرىدىكى ئەسكەرلەرنىڭمۇ سانى تولۇق ئەمەس ئىدى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ سانى ئاران 300 كىشى ئىكەن. قەشقەرنىڭ باشبۇغى (تىدۇسى) مافۇشىڭنىڭ

① لى كې: «ياڭ زېڭشىن توغرىسىدا»، «ئىدىيىۋى ئېقىم ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ I توم، 7 - سانىغا بېسىلغان.

كەم شىتاتى ئەسكەرلىرىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلىگەن، ئۇنىڭ ئەسكىرى نامدا 1300 نەچچە كىشى دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 300 نەچچىلا ئەسكىرى بار ئىدى. 1927 - يىلى، قۇمۇلدىكى يولۋاسنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر يىغىندىمۇ ئىككى ليەن ئەسكەر بار ئىدى. بۇنداق «نامى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق» قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىدىن گەپ ئېچىش زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ياڭ زېڭشىن باشقىلارغا ئاشكارا تۈردە مەن «شىنجاڭدا 17 يىل شەھەرنى بوش قالدۇرۇش ھىيلىسى بىلەن شۇغۇللاندىم①.» دېگەن. كوماندىرلارنىڭ كەم شىتات تەمىناتىنى يېيىشىگە ياڭ زېڭشىن ئۇلاردا باشقىچە غەرەز بولمىسىلا سۈكۈت قىلاتتى. ئەڭ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ھەرقايسى يىڭ، ليەنلەردىكى ئەسكەرلەر ئەتىياز، ياز پەسلى كىرىش بىلەنلا ئۇنلاپ، يەتتە - سەككىزلەپ سىرتقا ئوقەت قىلىشقا چىقىپ كېتىپ، مەدىكارلىق قىلىش، ئەپيۈن تېرىش، ئوت ئورۇش، ئوتۇن كەسلەش، سېۋەت - زەمبىل توقۇش ئارقىلىق پۇل تاپاتتى. كۈز، قىش كىرگەندە قوشۇنغا قايتىپ كېلەتتى ياكى قايتىمدىن ئەسكەر بولاتتى. كوماندىرلار كەم شىتات تەمىناتىنى يېيىش ئۈچۈن ئەسكەرلەرنىڭ ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە ئۆز ئالدىغا ئوقەتچىلىك قىلىشىغا يول قوياتتى، بۇنداق قىلىش كوماندىرلارغىمۇ، ئەسكەرلەرگىمۇ پايدىلىق ئىدى.

شىنجاڭ قوشۇنىنىڭ «ھەربىي ئىنتىزامى بوش، يامان ئىللەتلىرى ئەۋج ئالغان، ئەسكەرلىرىنىڭ ياش پەرقى چوڭ، كىيىم - كېچىكى جۇل - جۇل بولغاچقا، شىنجاڭ خەلقى ئۇلارنى قەلەندەر قوشۇن دەپ ئاتىغان②.» جەمئىيەتتە ياڭ زېڭشىن قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ بىرسى مىلتىق، يەنە بىرى ئەپيۈن غاڭزىسىدىن ئىبارەت ئىككى قورالى بار دېگەن گەپ تارقالغانىدى. ئەپيۈن چەككەن كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى لايغەزەل بولۇپ كېتەتتى. بۇنداق قوشۇننىڭ قىلچە جەڭگىۋارلىقى يوق ئىكەنلىكى توغرىسىدا گەپ ئېچىش ھاجەتسىز. ياڭ زېڭشىننىڭ مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلارنىڭمۇ يۈزلىرى داسماق،

① جېن دىڭجى: «ئىس - تۈتەك قاپلىغان ئىلى توغرىسىدا»، 28 - بەت.
② زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش تارىخى»، 617 - بەت.

كىيىم - كېچىكى، مېڭىش - تۇرۇشى رەتسىز ئىدى. شەھەر دەرۋازىسىنى ساقلايدىغان ئەسكەرلەرمۇ بوشاڭ، چېچىلاڭغۇ ئىدى. يېڭىنىڭ گازارمىلىرىدا قالغان ئەسكەرلەر يېڭجاڭنىڭ خوتۇنىنىڭ بالا باققۇچىلىرىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، تەرەت قاچىلىرىنى تۆكۈش، كەچكىچە بەگزادە، خانزادىلەرنى كۆتۈرۈپ ئوينىتىش بىلەن بەند بولاتتى. يېڭجاڭ سىرتقا چىققاندا، مىلتىقلىرىنى ئېسىپ، ئېتىنى يېتىلەپ، ئۇنىڭغا يول بىكارلاپ بېرەتتى. قوشۇننىڭ قورال - ياراغ ناھايىتى ناچار بولۇپ، زەمبىرەك بەك ئاز ئىدى، «ئۇنىڭ ئۈستىگە قوراللارنىڭ ھەممىسى كونىراپ كەتكەن بولۇپ، بەزىلىرى كارغا كەلمەيتتى» ؛ بەش - ئالتە مىڭ ياخشىراق مىلتىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا «قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى كارغا كەلمەيدىغان ئەبجەق قوراللار ئىدى» .

ياڭ زېڭشىن «ھەربىيلەرنىڭ سىياسىغا ئارىلىشىشىنى چەكلەش» بىلەن ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، «قوشۇننى بۆلۈپ ئىدارە قىلىش» ، «ئاجىز قوشۇن بىلەن ئىدارە قىلىش سىياسىتى» نى قوللاندى. ئۇ تەيىنلەنگەن كوماندىرلار يا سېپى ئۆزىدىن مۇلكىي ئەمەلدار، يا راھىب ۋە ئاخۇنلار ئىدى، ھەقىقىي تۈردە ھەربىيلەردىن چىققان كوماندىرلار يوق دېيەرلىك ئىدى. قوشۇن ئىچىدە نوپۇزى بار جاڭ سۇڭلىن قېرىپ قالغان، قوشۇننى باشقۇرۇشتا بىر ئاز ئىقتىدارى بار ياڭ فېيشىيا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ھەربىيلىكنى تاشلاپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ھەتتا ياڭ زېڭشىنغا سادىق بولۇشقا قەسەم ئىچكەن، ھەربىي ئىشلاردا ئىقتىدارلىق جاڭ جيەنمۇ چۆچەكتىكى ئاق گۋاردىيىچىلەر تامامەن بىر تەرەپ قىلىنىپ ۋەزىيەت تىنچىغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنىپ مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇلمىدى.

قىسقىسى، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، شىنجاڭ قوشۇنى بەك چىرىكلىشىپ كەتكەنىدى. ياڭ زېڭشىن ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا قوشۇننىڭ زادىلا كېرىكى يوق، مېنىڭ «كاللام ۋە قەلىمىم بولسىلا كۇپايە» دېگەنىدى. شۇڭا، «كونا تۈزۈلمە مۇناسىۋىتى

توپەيلىدىنلا قوشۇننى ساقلاپ قالغانىدى[①]» . بۇ سەپسەتە ھەقىقەتەن ياڭ زېڭشىننىڭ «ئىجادىيىتى» ئىدى. دەل شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ھەربىيلەرنى باشقۇرۇش ئىشىغا زادىلا كۆڭۈل بۆلمىدى.

مۇستەبىت مىلىتارىست ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن سىياسىي، ھەربىي جەھەتتە نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن باشقا يەنە دىنىي مەسىلىدىمۇ بىر يۈرۈش پايدىلىنىش ۋە چەكلەش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر پۈتۈن ئۆلكىدىكى نوپۇسنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا، شىنجاڭدا مىللەت ۋە دىننى ئېنىق پەرقلەندۈرۈش تەس. ئىسلام دىنى بۇ مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ دىنىي پەرزلىرى ۋە تەلىماتى ئۇ مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، سودا، قەرز، دەۋا ـ دەستۇر، ئائىلە، نىكاھ، ئۆلۈم ـ يېتىم، يېمەك ـ ئىچمەك، ماكانلىشىش، ئەدەب ـ قائىدە قاتارلىق تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگىمۇ چوڭقۇر سىڭگەن؛ ئىسلام دىنىدىكىلەر خىيالىدىن تا ھەرىكىتىگىچە «قۇرئان» بىلەن «ھەدىس» نى مىزان قىلىدۇ، تۈرلۈك دىنىي پەرزلەرنى ئادا قىلىدۇ. شۇڭا، مىللەتلەرگە ۋە دىنىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا دۇچ كەلگەن مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

ياڭ زېڭشىننىڭ ئىسلام دىنىغا قارىتا پايدىلىنىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتىن مەقسىتى، ئىسلام دىنىدىكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قاتلامدا ھوقۇق ئىگىلىشىگە يول قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى مۇسۇلمانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى قولچومىقىغا ئايلاندۇرۇش ئىدى. ئىسلام دىنىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە ئاخۇنلار يۇقىرى نوپۇزغا ۋە نۇرغۇن ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى، بەزى چىگىش ئەنزىلەر ئاخۇن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىككى تەرەپنى «قەسەم ئىچ-

① گۇاڭ لۇ: «مەن باشتىن كەچۈرگەن شىنجاڭدىكى 30 يىللىق سالىمانچىلىق توفرىسىدا» ، «ھەپتىلىك ئوبزور» نىڭ 10 ـ سانىغا بېسىلغان.

كۆزگەندىن كېيىن ئاندىن ھەل بولاتتى[①]» . ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان قانۇنلارنىڭ ئىسلام دىنىدىكى مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ھېچقانچە رولى يوق ئىدى. خەلق ئاخۇنلارنى «ئەمەلداردىنمۇ بەكرەك» ھۆرمەتلەيتتى. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىر تەرەپ قىلالمىغان ئەنزىلەرنى ئاخۇنلارنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇراتتى، شۇڭا ئاخۇنلار ئەمەلىيەتتە «سوتچى» بولۇپ قالغانىدى.

ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، يالڭ زېڭشىن خۇددى مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلغىنىغا ئوخشاش ئۇنىڭغىمۇ دائىم «ئىسكەنجىگە ئېلىش» سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. يەنى بۇ بىر دىنىي مەزھەپ ئارقىلىق يەنە بىر دىنىي مەزھەپنى ئىسكەنجىگە ئالدى. مەزھەپلەرنىڭ بىر - بىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىشى ھەر قايسى مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئاشكارا قارشىلىشىشقىچە بېرىپ يەتتى.

ئىسلام دىنىغا قارىتا، يالڭ زېڭشىن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندىن باشقا، يەنە ئۆزىنىڭ مىلتارىست ھۆكۈمرانلىقىغا پايدىسىز ھەرىكەتلەرنى چەكلەش تەدبىرىنى قوللاندى، بۇنىڭدىن مەقسەت، ئامىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى. بۇ چەكلەش تەدبىرى بەش تۈرلۈك:

بىرىنچى، مۇسۇلمانلار پەقەت جامائەت مەسچىتلىرىدە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش، خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ ئېچىشقا، ئائىلىسىگە مۇرىتلەرنى توپلاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشىغا يول قويماسلىق. يالڭ زېڭشىن «ئاخۇنلار خۇسۇسىي مەكتەپ ئېچىش، كىتاب تەپسىر قىلىش نامى بىلەن پۇقرالارنى قۇتراتسا» ، «باندىتلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىپ، ئۇلارنى يولدىن ئازدۇرۇشىدىن ساقلىنىش تەس[②] . » دېگەننى قايتا - قايتا تەكىتلىدى. شۇڭا، ھەرقايسى جايلاردىكى ئەمەلدارلارغا «خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ ئاچقانلار» نى قاتتىق تەكشۈرۈپ مەنئى قىلىش، ئۇلارغا «مەكتەپ-

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» ، A توپلام 2 - قىسىم، 16 - بەت.
② «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» ، H توپلام، 3 - قىسىم 17 - بەت.

لىرىنى ئۆزلىرى ئاقىۋېتىش» نى بۇيرۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. ئۇ ئاشكارا تۈردە: «ئاخۇن، ئىمام ۋە باشقا دىنىي زاتلار مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇش، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇقەددەس كىتابىنىلا ئوقۇش، خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ ئاچماسلىق، كېچىسى مەخپىي ھەرىكەتلەنمەسلىك ۋە دىنىي مەكتەپ ياكى ئائىلىسىدە مۇرىت توپلاپ ناماز ئوقۇماسلىق، ئۆز ئائىلىسىدە ناماز ئوقۇش توغرا كەلسە، بىر ئۆيدىكىلەر يىغىلىپ ئوقۇش، باشقىلارنى قوشماسلىق كېرەك» دەپ جاكارلىدى①.

ئىككىنچى، مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان»، «ھەدىس» تىن باشقا «دىنىي كىتاب» لارنى ئوقۇشقا رۇخسەت قىلماسلىق. ياڭ زېڭشىن نۇرغۇن يارلىقلىرىدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىجاد قىلغان «دىنىي كىتاب» لا «مۇقەددەس»، «ھەقىقىي دىنىي كىتاب»، باشقىلىرىنى تەكشۈرۈپ مەنئى قىلىش كېرەك دەپ قايتا - قايتا تەكىتلىگەن.

ئۈچىنچى، دىن تارقىتىش نامى بىلەن «يېڭى دىننى مەخپىي تارقىتىش»، «مەزھەپ كۈرىشى قوزغاش»، يەرلىكتە «تىنچلىقنى بۇزۇش»، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىشىپ ئىسيان كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاخۇن، موللىلارنىڭ رايون ئاتلاپ دىن تارقىتىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئاخۇنلارنىڭمۇ شىنجاڭغا كېلىپ دىن تارقىتىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق. بۇنىڭ ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن ئۈچ تۈرلۈك مەنئى قىلىش بۇيرۇقىنى جاكارلىدى:

1. باشقا جايغا ئەۋەتىلگەن ئاخۇنلارنىڭ «مەسچىتلەرگە قاتراپ دىنىي تەرغىبات قىلىشى» غا رۇخسەت قىلماسلىق، ئەۋەتىلگەن ئاخۇنلارنىڭ «ھەممە مەسچىتلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋېلىشى» غا تېخىمۇ يول قويماسلىق.

2. ھەرقايسى جايلاردىكى مەسچىتلەردە دىنىي تەرغىبات قىلىدىغان ئاخۇنلارنىڭ ھۆكۈمەت نامىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارغا «يارلىق» چۈشۈرۈپ

---

① يۇقىرىقى كىتاب بىلەن ئوخشاش.

بەرمەسلىك. ياڭ زېڭشىن مۇنداق دېگەنىدى: «ھۆكۈمەتتىن خەت - چەك ئېلىپ باشقا جايلارغا تەرغىباتقا بېرىشنى تەلەپ قىلغانلارنىڭ ھۆكۈمەت نامىدىن پايدىلىنىپ دىنىي تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتمەكچى ئىكەنلىكى روشەن. ناۋادا نائەھلى ئاخۇنلار ھۆكۈمەتنىڭ يارلىقىنى ئېلىۋالسا، ئۇلار يۇرتنى قالايمىقان قىلىپ مۇسۇلمانلارنى ئېزىقتۇرىدۇ. مەسىلەن، بۇرۇن گەنسۇدىكى خۇيزۇلارنىڭ كاتتىباشلىرى مەخپىي تۈردە ھەرقايسى جايلارغا ئاخۇن ئەۋەتىپ، كىشىلەرنى دىنغا كىرگۈزۈپ، مەزھەپ تەشكىللىدى، بۇنىڭ يوشۇرۇن ئاپىتى ھەقىقەتەن مۆلچەرلىگۈسىز.» شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ۋالىيلارغا «باشقا جايلارغا بېرىپ دىن تارقىتىش ياكى دىنىي تەرغىبات قىلىش توغرىسىدا ھۆكۈمەتتىن يارلىق چۈشۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئاخۇنلارغا قاتتىق چەكلىمە قويۇش كېرەك①» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

3. «ئۆز ئالدىغا مۇرىت توپلاش، يېڭى دىننى مەخپىي تارقىتىش»، «مەزھەپ كۈرىشى قوزغاش②»تىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئاخۇن تەيىنلىمەسلىك، ياڭ زېڭشىن ئاخۇنلارنى مۇسۇلمانلار «ئۆزلىرى تاللاش» نى تەشەببۇس قىلىپ: «يەرلىك ئەمەلدارنىڭ ئاخۇنلارنى تەيىنلىگەنلىك قىلمىشى سېزىلىپ قالسا، تېگىشلىك جازا بېرىلىدۇ③» دېگەن.

تۆتىنچى، مەككىگە ھەجگە بارىدىغانلارغا قويۇلغان چەكلىمىنى كۈچەيتكەن، بولۇپمۇ 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بۇ ئىشقا تېخىمۇ قاتتىق چەكلىمە قويۇلغان. چۈنكى، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج قىلىش داۋامىدا باشقا ئەللەردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشى، شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنى ئازدۇرۇپ «شىنجاڭنى خەۋپلىك جايغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشى④» دىن قورقاتتى، بولۇپمۇ ئۇ ھەج قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمانلار ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئىدىيە، يېڭى بىلىم

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، H توپلام، 3 - قىسىم، 20 -، 21 - بەتلەر.
② يۇقىرىقى كىتاب، 21 - بەت.
③ يۇقىرىقى كىتاب، H توپلام 2 - قىسىم، 43 - بەت.
④ يۇقىرىقى كىتاب، K توپلام 8 - قىسىم، 14 - بەت.

توغرىسىدىكى كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا خەۋپ يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەيتتى.

بەشىنچى، «مەزھەب كۈرىشى» نىڭ سىياسىي كۈرەشكە ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، «مەزھەب بولۇۋېلىش» ، «ئۆز ئالدىغا مۇرىت توپلاش» قا يول قويماسلىق. يالڭ زېڭشىن: «يەرلىكنىڭ تەرتىپىنى، دىنىي تەرتىپنى قوغداش ئۈچۈن» ھەرقايسى جايلار «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىخلاس قىلىش كېرەك، مەزھەپ باشلىقلىرىنىڭ گېپىي بىلەن قايمۇقۇپ جېدەل ـ ماجىرا تۇغدۇرماسلىق كېرەك، مانا بۇ ئۇزۇن مۇددەت ئەمىنلىكنى ساقلاشنىڭ تەدبىرى» دەپ قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەنىدى[1]. ئۇ چاغدا، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى مەزھەپ كۈرىشى ئانچە ئېتىق بولمىسىمۇ، ئەمما خۇيزۇلار ئىچىدىكى مەزھەپ كۈرىشى خېلى كەسكىن ئىدى. بۇ مەزھەپلەردە «يېڭى سۇلۇك، كونا سۇلۇك دېگەن پەرق» ، بەزىدە «چوڭ سۇلۇك، كىچىك سۇلۇك دېگەن پەرق» بار ئىدى. «ھەرقايسىسى مەزھەپ ئۆز ئالدىغا تۇغ تىكلەپ، بىر ـ بىرىنى كەمسىتەتتى» . «ئادەتتىكى چاغلاردا ھەرقايسى غۇم ساقلىماي ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ئىش قىلاتتى» ، ئەمما مەزھەپ كۈرىشى يۈز بەرسە «كىچىككىرەكلىرى تەرتىپنى بۇزاتتى، چوڭراقى ئامانلىققا تەسىر يەتكۈزەتتى[2]» . 1920 ـ يىل 4 ـ ئايدا، جىمسارلىق خۇيزۇ يالڭ فىڭچۈن قاتارلىق 20 نەچچە كىشى «شاگو سۇلۇكى» دەپ ئاتىلىدىغان مەزھەپ قۇرۇش، مايۈەنجالڭ «مەخسۇس دىن تارقىتىش[3]» قا رۇخسەت قىلىش توغرىسىدا تەلەپنامە سۇنغان. بۇ تەكلىپنى يالڭ زېڭشىن قاتتىق سۆكتى ۋە: «يېڭى مەزھەپ تىكلەش ئاقىلانىلىق ئەمەس، شۇڭا شاگو سۇلۇكىنى تىكلەش ھەققىدىكى تەلەپنى ئويلىنىپ كۆرۈشنىڭ

---

[1] «سەۋەنلىكتىن ساۋاقلار I » 13 جىلد، 14 ـ بەت.

[2] «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار I » 1 ـ جىلد، 35 ـ بەت.

[3] مايۈەنجاڭنىڭ «شاگو سۇلۇكى» گەنسۇدىكى تۆت چوڭ مەزھەپنىڭ بىرى. يالڭ زېڭشىن يازغان «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» نىڭ 13 ـ جىلدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، گەنسۇدىكى تۆت چوڭ سۇلۇك مۇنۇلار ئىكەن: (1) خۇاشى سۇلۇكى، ئاقساقىلى خېجۇلۇق باڭالڭ مارۇيياۋ؛ (2) قۇتى سۇلۇكى، ئاقساقىلى دىداۋ ماۋىيخەن؛ (3) خۇمىن سۇلۇكى، ئاقساقىلى تەيزى مەسچىتىدىكى مافۇشۇ؛ (4) شاگو سۇلۇكى، ئاقساقىلى جالڭ جىياچۈەن بىلەن مايۈەنجالڭ.

ھاجىتى يوق» دەپ قارىدى①.

يۇقىرىقى چەكلەش تەدبىرلىرىنىڭ تولۇق چىقىش نۇقتىسى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئىدى. ياڭ زېڭشىن شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلاردىن ئېھتىيات قىلغانكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى گېلاۋخۇيىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تورۇشى، ماناستا مايۇيجاڭ قاتارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كۆتۈرگەن غوۋغاسى ۋە ئىشانلارنىڭ كوچادا كۆتۈرگەن ئىسيانى قاتارلىقلار ئۇنىڭ كاللىسىنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويغانىدى. بولۇپمۇ گەنسۇدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەزھەپ كۈرىشىمۇ ئۇنىڭدا مۇسۇلمانلارغا قارىتا بىر ئاز گۇمان پەيدا قىلغانىدى. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 17 يىلدا، مۇسۇلمانلار شىنجاڭدا ئۇنىڭ مىلىتارىست ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت سالالىغۇدەك دەرىجىدە زور ۋەقە پەيدا قىلالمىغانلىقىنى ئۇنىڭ دىنغا نىسبەتەن قوللانغان پايدىلىنىش ۋە چەكلەش تەدبىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

---

① «سەۋەبلىكلەردىن ساۋاقلار» 13 - جىلد، 32 - بەت.

# 4 - بۆلۈم ئىجتىمائىي ئىگىلىك، مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى

## 1. ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق خەلق ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بېلىقچىلىق، ئورمانچىلىق، كانچىلىق، سودا، قاتناش - ترانسپورت قاتارلىقلار بار. قۇمۇل قاتارلىق جايلارنىڭ قوغۇنى، كورلا نەشپۈتى، قاغىلىق ئانارى، تۇرپان ئۈزۈمى داڭلىق بولغاچقا، شىنجاڭ «مېۋە - چېۋە ماكانى» دەپ ئاتالغان. لېكىن، تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمرانلار شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمىگەچكە، «يېرى مۇنبەت، خەلقى گاداي» دېيىلىپ كېلىنگەنىدى. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئىجتىمائىي ئىگىلىك تېگىشلىك دەرىجىدە راۋاجلىنالمىدى. خەلق يەنىلا ئاچ - يالىڭاچلىقتا تۇرمۇش كەچۈردى. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، نىسپىي مۇقىم سىياسىي ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن سۇ ئىنشائاتى، توقۇمىچىلىق جەھەتتە ئاز - تولا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ساھەلەر يەنىلا بۇرۇنقىدىن ئۆزگەرمىدى.

1) دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق.

شىنجاڭنىڭ يەر كۆلىمى 1 مىليون 641 مىڭ 500 نەچچە كۋادرات كىلومېتىر بولسىمۇ، لېكىن تېرىلغۇ يەر كۆپ ئەمەس، ئەمگەك كۈچى يېتىشمەيتتى، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز بولغاچقا، دېھقانچىلىقنىڭ تەرەق-

قىياتىنى ناھايىتى زور چەكلىمىگە ئۇچرىتاتتى، ئەسلىدە، ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى باشقا ئۆلكىلەردىن ئاھالە كۆچۈرۈش ئارقىلىق ھەل قىلىپ كەتكىلى بولاتتى، لېكىن ياڭ زېڭشىن ئىشىكنى تاقىۋېلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى، ئۇ كۆچمەنلەرنى مالىمانچىلىقنىڭ يىلتىزى دەپ قاراپ، ئۇلارنى چەتكە قاقتى. ئۇ بار ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ «ئۆستەڭ چېپىپ، بوز ئېچىپ»، دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرماقچى بولدى.

گۋاڭشۈينىڭ ئاخىرقى يىللىرى، شىنجاڭدا ئېچىلغان بوز يەر 13 مىليون مودىن كۆپرەككە يەتكەنىدى. جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن «ئۆستەڭ چېپىش، بوز ئېچىش» نى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە 1 مىليون مو ئۆپچۆرىسىدە بوز يەر ئېچىلدى. بۇنى شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا خېلى چوڭ نەتىجە ھېسابلاشقا بولىدۇ. ياڭ زېڭشىن كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە باج - سېلىقنى كۆپەيتىش ئارقىلىق مالىيە قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇش، جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش مەقسىتىدە «ئۆستەڭ چېپىش، بوز ئېچىش» نى تەشەببۇس قىلغانىدى. بۇ ئوبيېكتىپ جەھەتتە دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا، خەلق تۇرمۇشىغا پايدىلىق بولدى. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنى باشقۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە، سىياسىي، ھەربىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىكى مەسىلىلەردىن باشقا، يەنە ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى مەسىلىگە دۇچ كەلدى: بىرى، بايلىقلارنى ئېچىش، چىقىمنى تېجەش ئارقىلىق مالىيىدىكى قىيىن ۋەزىيەتنى ئوڭشاش. جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا يەر ئىجارىسى يەنىلا مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتىشتىكى ئاساسىي مەنبە بولدى. ۋەھالەنكى، ئۆستەڭ چېپىش، بوز ئېچىش يەر ئىجارىسى كىرىمىنى كۆپەيتىشنىڭ ئاساسلىق يولى ئىدى. ياڭ زېڭشىن: «شىنجاڭنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتا، ئەمەلىي ئىشلارغا قول سالماقتىن باشقا ئامال يوق» دەپ ئېتىراپ قىلغانىدى①. ئۆستەڭ چېپىش، بوز ئېچىش نەتىجىسىدە، يەر

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» J توپلام 1 - قىسىم، 11 - بەت.

ئىجارىسى ئۈچۈن بېغىشلىغان ئاشلىق يىلىغا تەخمىنەن 100 نەچچە مىڭ دادەن
ئاشتى. يەنە بىرى، ئىشسىز كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش. نۇرغۇن
كۆچمەنلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق مۇقىم-
سىزلىق ئامىللىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەگەر بۇ مەسىلە مۇۋاپىق ھەل قىلىن-
مىسا، ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بىۋاستە خەۋپ يەتكۈزەتتى. ياڭ
زېڭشىن كۆچمەنلەردىن پايدىلىنىپ بوز ئېچىش ئارقىلىق ھەم كۆچمەنلەر-
نىڭ تىرىكچىلىك يولىنى ھەل قىلدى، ھەم جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملا-
شتۇردى، شۇنداقلا بۇ ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەم-
لەشكە پايدىلىق بولدى. شۇڭا، ئۇ سانجى ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى جاڭ
چىنغا بەرگەن بۇيرۇقىدا: «پېقىر جياڭجۇننىڭ پۇل يىغىپ ئۈستەڭ چاپتۇ-
رۇشتىن مەقسىتىم ـ ئىشسىز كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش» دەپ ئېنىق
كۆرسەتكەنىدى①. ئۇ مۇنداق دەپ قارىدى: «يەرلىكتە بىر كۆچمەن كۆپەي-
سە، غەلىيانچىدىن بىرسى كۆپەيگەن بولىدۇ»، «ئۇلار مالىمانچىلىق چى-
قارسا جىمىقتۇرماق تەس، شۇڭا قوشۇمچە ياردەم بېرىپ، ھەرقايسى ناھى-
يىلەردىكى كۆچمەنلەرنى بوز ئاچقۇزۇش كېرەك». بۇنداق قىلغاندا، «تۇ-
راقسىز كۆچمەنلەرنى دىيانەتلىك قىلغىلى»، «يەرلىكنىڭ تەرتىپىنى قوغ-
دىغىلى بولىدۇ»، «ئۇزۇن مۇددەت تىنچ ۋەزىيەتنى ساقلاش» ئۈچۈن
«شۇنداق قىلماي بولمايدۇ»②. ئۇ «پىچان ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى جاڭ
شيەنياۋنىڭ سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى دوكلاتىغا سالغان
تەستىقى» دە: «سۇ ئىنشائاتى يېزا سىياسىتىنىڭ ئاساسى، چېگرا رايوندا
سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش، كۆچ-
مەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاقىلانە تەدبىرى③» دېگەنىدى. ياڭ
زېڭشىن «ھەرقايسى ناھىيىلەردە ئۈستەڭ چېپىش، بوز ئېچىش، كۆچمەن-
لەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا چىقارغان يولىيورۇق» تا: «ھازىر شىن-
جاڭدا مالىيە قىيىنچىلىقى ئېغىر، شىنجاڭنى ئامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» I توپلام 2 - قىسىم، 8 - بەت.
② «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» I توپلام 2 - قىسىم، 17 ـ، 27 - بەتلەر.
③ «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» I توپلام 1 - قىسىم، 27 - بەت.

ئۈچۈن، ئىشنى دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتىن؛ شىنجاڭدا بوز ئېچىش ئۈچۈن، ئىشنى كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن باشلاش كېرەك» دېگەن. بۇنىڭدىن ياڭ زېڭشىن «مالىيە قىيىنچىلىقىنى يېڭىش» نى «كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش» بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بىرلىكتە ھەل قىلغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

ياڭ زېڭشىن ئۆستەڭ چېپىپ بوز ئېچىشتا، ھۆكۈمەت يېرىنى ئاساس قىلغان، ئەينى چاغدا بوز ئېچىش ياكى بىنام ئېچىش بولسۇن، ياڭ زېڭشىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى «ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز يېرى» دەپ قارىغان، ئۇ يەرلەر ھۆكۈمەتكە تەۋە بولغان. شۇڭا، ھۆكۈمەت يېرىدە ئۆستەڭ چېپىپ بوز ئاچسا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يەر پۇلى، ئاشلىق ۋە يەر ئىجارىسى تاپشۇرۇش كېرەك ئىدى. ئەگەر پۇقرا ھۆكۈمەتنىڭ يېرىدە بوز ئاچسا، يەر پۇلى تاپشۇرغاندىن باشقا، يەنە بەلگىلىمە بويىچە يەر ئىجارىسى تاپشۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتى نۇرغۇن پۇل كىرىم قىلىۋالىدۇ.

«ئۆستەڭ چېپىپ بوز ئېچىش» فاڭجېنىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن 1915 - يىلى شىنجاڭ سۇ ئىنشائاتى ھەيئىتىنى قۇردى، ئۇنىڭغا ليۇ ۋېنلۇڭ مۇدىر، لياۋ جېنفۇڭ، دەي بۇچى، فىڭ زېتيەن قاتارلىقلار ھەيئەت بولدى، بۇ كومىتېت سۇ ئىنشائاتى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سۇ ئىنشائاتى ئىشلىرىنى بىر تۇتاش پىلانلىدى. ئۇنىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى «ئىشنى ئالدى بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەردىن باشلاش» ، كېيىن «جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭەيتىش①» ئىدى. ياڭ زېڭشىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن، 1921 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى، سانجى، قۇتۇبى، ماناس، ساۋەن، شىخۇ، فۇكاڭ، جىمسار، بارىكۆل، چۆچەك، يەتتىقۇدۇق، پىچان، تۇرپان، قاراشەھەر، كورلا، چاقىلىق، چەرچەن، بۈگۈر، كۇچا، شايار، ئاقسۇ، يېڭىئاۋات، مارالبېشى، يەكەن، لوپ قاتارلىق جايلاردا ئېرىق - ئۆستەڭ

---

① «سىۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» J توپلام 1 - قىسىم، 15 - بەت.

چىپىلغان، سوغۇرۇلىدىغان ئىتىز كۆلىمى 1 مىلىيون مو ئۆپچۆرىسىگە يەتتى. سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىدا ھۆكۈمەت باشقۇرۇش، خەلق باشقۇرۇش، ھۆكۈمەت بىلەن خەلق بىرلىكتە باشقۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلغان. «ھۆكۈمەت باشقۇرغان سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى ئىچىدە يەنە ئەترەتلەر قوشۇمچە باشقۇرغان قۇرۇلۇش، ھەيئەتلەر مەخسۇس باشقۇرغان قۇرۇلۇشلار بار ئىدى؛ خەلق باشقۇرغان قۇرۇلۇشلار ئىچىدە ئۆز ئالدىغا ھۆددە ئېلىپ باشقۇرغان قۇرۇلۇش، ھەمكارلىشىپ باشقۇرغان قۇرۇلۇشلار بار ئىدى①». سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئىچىدە يېڭىدىن چېپىلغان ئېرىق - ئۆستەڭلەرمۇ، كونىلىرىنى قايتىدىن چاپقانلىرىمۇ بار ئىدى. شۇ چاغدا، ئۆستەڭ چېپىپ بوز ئېچىشتا يەكەننىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا «پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئۈلگىسى» دەپ ئاتالغانىدى②.

1916 - يىلدىن باشلاپ، يەكەننىڭ ئامبىلى ليۇرېنتەن ئامىمنى «ئۆستەڭ چېپىپ بوز ئېچىش» قا سەپەرۋەر قىلدى. بىر يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق 1917 - يىل 7 - ئايغا كەلگەندە «ئۇزۇنلۇقى 260 چاقىرىم كېلىدىغان ليۇدارىن (ليۇ غوجام) غول ئۆستىڭى ۋە 19 تارماق ئۆستەڭ، 2 كەلكۈن چىقىرىش ئۆستىڭى، 4 زەيلەك چېپىلدى، ئۇلارنىڭ ئۇزۇنى 70 چاقىرىم، قىسقىسى 15 چاقىرىم كېلىدۇ». بۇ غول ئۆستەڭ ۋە تارماق ئۆستەڭلەر ئارقىلىق «106 مىڭ يۈز نەچچە مو بوز يەر سۇغىرىلغان، 4220 نەچچە تۈتۈن ئاھالە ئورۇنلاشتۇرۇلغان» ھەمدە «ئۆستەڭ ياقىلىرىغا 50 مىڭ تۈپتىن كۆپرەك تېرەك كۆچىتى قويۇلغان③». ليۇرېنتەن «شىنجاڭنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى تارىخىدا سۆڭ جۇن، لىن زېيشۈيلەرگە ئوخشاش نەتىجە ياراتقان» ئىدى④. شۇڭا، ياڭ زېڭشىن ئۇنى ئۈچ قېتىم چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئالغان ھەمدە بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ

---

① يۇقىرىقى كىتاب 1 - بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، I توملام، 2 - قىسىم، 38 - بەت.
③ «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» I توملام 2 - قىسىم، 63 - بەت.
④ ژاڭ ۋېنۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتىنى باشقۇرۇش تارىخى» 652 - بەت.

گوۋۇيۈەنگە ئۇنىڭ «كۆرسەتكەن خىزمىتىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تۆھپە مېدالى بېرىش» نى ئىلتىماس قىلغان.

يەكەندىن باشقا يەنە سۈيدۈڭ، گۇچۇڭ، ئاقسۇ، لوپ، پىچان، مارالبېشى، شايار، قارا ئۈسۈن (شىخو، بۇگۇر، چەرچەن قاتارلىق ئون ناھىيىمۇ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان، بۇ ناھىيىلەرنىڭ ئامباللىرىنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن ئۇلارغىمۇ تەقدىرنامە، مېدال بەرگەندى.

بوز يەر ئېچىشتا، بىرى، «ئەسكەرلەرنى ئاجرىتىپ بوز ئاچقۇزۇش»، يەنە بىرى، «ئاھالىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ بوز ئاچقۇزۇش» ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەتنى ۋاقتىنچە ھۆكۈمەت چىقىم قىلغان، ئۆستەڭ، كارىز پۈتكەندىن كېيىن «يەر پۇلى بېكىتىلىپ، چىقىم ئاھالىلەرگە چېچىلغان»، قەرەلى بويىچە «غەللە - پاراق ئېلىنغان» ياكى «ھۆكۈمەت كارىز لىرىغا كەتكەن چىقىم» دېھقانلاردىن ئىشلەتكەن سۇ مىقدارىغا قاراپ سۇ ئىجارىسى ئېلىش، يىغىلغان پۇللارنى «مۇددەت بويىچە ھۆكۈمەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇش ئارقىلىق تۆلىتىۋېلىنغان». ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، «ئۆستەڭ چېپىش خىراجىتىنى ئائىلىلەرگە چېچىش، يېتىشمىگەن قىسمىنى ھۆكۈمەت تولۇقلاپ بېرىش»، كېيىن يۇقىرىلاردىن غەللە- پاراق ۋە يەر ئىجارىسى ئېلىش ئارقىلىق چىقىمنى تۆلىتىۋېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. ياڭ زېڭشىن يۇقىرىقى بىرنەچچە تۈرلۈك ئۇسۇللار ئىچىدىكى سۇ ئىجارىسىنى يىغىپ تاپشۇرۇش ئۇسۇلىغا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن، پىچاندىكى لەمجىن كارىزى پۈتكەندىن كېيىن، يەرلىك ئاھالىلەر ئىككى يېرىم ئاي ئىچىدە «2000 سەر پۇل چىقىرىپ، بۇ كارىزنى ئىجارىگە ئېلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن» دە ياڭ زېڭشىن ئامبال جاڭ شيەنياۋغا «شۇنداق قىلىش كېرەك» دەپ يوليورۇق بەرگەن. ئۇ مۇنداق بىر ھېسابنى قىلىپ كۆرگەن: لەمجىندىكى ئىككى كارىز پۈتكەندىن كېيىن «6000 مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ». ئوتتۇرىچە ھېسابلىغاندا «بىر مو يەرنى 30 سەر ئالتۇنغا ساتقىلى، بۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 180 مىڭ سەر بولىدۇ. بىر مو يەردىن تۆت

سەر ئالتۇن ئىجارە ئېلىنىدى دەپ ھېسابلىنىغاندىمۇ، يىلىغا 24 مىڭ سەر ئىجارە يىغىۋېلىشقا بولىدۇ، يەر ئىجارىسىنىڭ پۇلى يەر ساتقان پۇلدەك كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر يىلى يىغىلىپ تۇرىدۇ، يىراقنى كۆزلىگەندە، يەرنى سېتىش يەرنى ئىجارە بەرگەنگە يەتمەيدۇ». شۇڭا، ئۇ «يەرنى ساتماي ئىجارىگە بېرىشنى قارار قىلغان[①]». يالڭ زېڭشىن ھۆكۈمەتنىڭ بوز يەرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىجارىگە بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، سېتىۋېتىشكە قارشى تۇرغان ھەمدە سانجىنىڭ ئامبىلى جاڭ چىنغا بەرگەن كۆرسەتمىسىدە: «پېقىر جاڭجۈن، چارلاۋچى باش ئەلچى ھۆكۈمەت يەرلىرىنى ئىجارىگە بېرىش كېرەك، دېگەن قاراشنى قۇۋۋەتلەيمەن[②]» دەپ ئېنىق ئېيتقان، ئۇ سانجى ناھىيىسىنىڭ شاشەنزى دېگەن يېرىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ بوز يېرىنى تېرىغان 30 ئۆيلۈك ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى مىسالغا ئېلىپ، «ئادەم تەشكىللەپ بوز ئېچىش كېرەك، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېچىلغان بوز يەرلەرنى بىر يىلدىن كېيىن دەرھال ئومۇمىيۈزلۈك ئىجارىگە بېرىش لازىم، ھۆكۈمەتلا ئىجارە ئېلىش، ئارتۇقچە ئاشلىق يىغماسلىق» نى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ مۇنداق دەپ قارىغان: «يەرلەرنى دېھقانلارنىڭ تېرىشىغا بېرىپ، 30 ئۆيلۈكنى ئۈچ ئۆم ( 科 ) قىلىش كېرەك، شۇنداقتىمۇ ئۇلاردىن 110 نەچچە كۇرە ئاشلىق يىغىش كېرەك، ھۆكۈمەت يېرىنى ئىجارىگە ئالغان ھەربىر ئائىلىدىن يىلىغا بەش دادەن بۇغداي يىغىلسا، 30 ئائىلىدىن يىلىغا تەخمىنەن 150 دادەن بۇغداي، ئەمەلىيەتتە جەمئىي 450 دادەن ئاشلىق يىغىلىدۇ، ئاشلىقتىن نىسبەت بويىچە غەللە - پاراق ئېلىش كېرەك[③]». ئۇ مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، «ھۆكۈمەت يېرىدىن ئىجارە ئېلىش» ۋە ئاشلىقتىن «غەللە - پاراق يىغىش» قاتارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۇسۇللىرى ئۈستىدىمۇ باش قاتۇرغان.

مالىيە قىيىنچىلىقى بولغاچقا، يالڭ زېڭشىن ئاممىنى ياكى دېھقانلارنى ئۆزلىرى مەبلەغ چىقىرىپ ئۆستەڭ چېپىپ بوز ئېچىشقا ئىلھاملاندۇرۇشقا

---

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» [توپلام 2 - قىسىم، 4 - بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 10 - بەت.
③ يۇقىرىقى كىتاب، 8 -، 9 - بەتلەر.

مەجبۇر بولغان. مەسىلەن، ئۇچتۇرپانلىق ھوشۇر «ئۆزى خىراجەت تۆلەپ، يېڭىئاۋاتتا بوز يەر ئېچىش» نى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە، ياڭ زېڭشىن ئامبال فىلىڭ ۋېنبىڭغا «بۇ ئىشتا يول قويۇش كېرەك» دەپ يوليورۇق بەرگەن. بوز يەرلەردىن «باجنى ئېچىلغان ۋاقتىغا قاراپ پەرق-لىق ئېلىش»، «دەسلەپكى ئۈچ يىلدا باجنى يېرىم ئېلىش، 4 - يىلىدىن باشلاپ تولۇق ئېلىش①» دەپ بەلگىلىگەن. ياڭ زېڭشىننىڭ ئىلھاملاندۇرۇ-شى بىلەن، ھوشۇر 9000 نەچچە يۈز سەر كۈمۈش مەبلەغ چىقىرىپ، بىر ئۈستەڭ چېپىپ 14 مىڭ مو يەرنى سۇغارغان، ئۇ 2000 مودىن كۆپرەك يەرنى ئۆزى تېرىغاندىن باشقا، قالغان يەرنى باشقىلارغا بوز ئاچقۇزغان. ئۇ بوز ئاچقۇزۇشتا: بىرى، يىلمۇ يىل يەر پۇلىنى يىغىش؛ يەنە بىرى، ئەمەلىي ئاچقان بوز يەرنىڭ مو سانىغا قاراپ پۇل ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. كۇچا ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى توقسۇ يېزىسىدىكى دېھقانلارمۇ ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاپ ئۈستەڭ چاپقان. ئۇلار ئۆگەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئۈستەڭ چېپىپ توقسۇغا باشلاپ كەلگەن ۋە ئۇنى يېڭىئاۋات يېزىسىغىچە ئاپارغان، بۇ ئۈستەڭ ئارقىلىق سۇغىرىلىدىغان يەرنىڭ كۆلىمى 20 مىڭ مودىن كۆپرەككە يەتكەن. شايار ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى يانتاقلىقئېرىق، دولقۇن قاتارلىق كەنتلەردە بىر كونا ئۈستەڭ بار ئىدى، ئامبال لى رۇڭ «ئاممىنى قوزغاپ ئۈستەڭنى چېپىپ بوز ئېچىش، ئېچىلغان بوز يەردىن بىر يىل ئىجارە ئالماسلىق» نى ئوتتۇرىغا قويغان. لى رۇڭنىڭ ئورنىغا ئامبال بولغان لۇشياۋزۇ «كونا ئۈستەڭنى قايتا چېپىش» ئىشىنى تاماملاپ، 50 مىڭ مودىن كۆپرەك بوز يەر ئاچقۇزغان، سۈيدۈڭ ناھىيە-سىنىڭ بېيچۈيخۇ دېگەن يېرىدىكى دېھقانلار «ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاپ، كونا ئۈستەڭلەرنى قايتا چېپىش» قا كىرىشكەندە، ئامبال لى چى «يىلمۇ يىل كۆپەيتىلىدىغان باجنى كېمەيتىش» ئارقىلىق ئۇلارغا ئىلھام بەرگەچكە، ئىش بارغانسېرى ئۇنۇملۇك بولغان.

ياڭ زېڭشىننىڭ ئۈستەڭ چېپىپ بوز ئېچىشنى تەشەببۇس قىلىشى

---

① يۇقىرىقى كىتاب، 1 - توپلام 1 - قىسىم، 56 -، 57 - بەتلەر.

ئوبيېكتىپ جەھەتتە دېھقانچىلىقنى خېلى راۋاجلاندۇردى، ئاشلىق مەھسۇلاتىمۇ خېلى كۆپەيدى. «جۇڭگو يىلنامىسى» دىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1915 - يىلى، شال تېرىلغۇ كۆلىمى 498 مىڭ 644 مو، مەھسۇلاتى 110 مىڭ 798 دادەن بولسا، 1918 - يىلىغا كىرگەندە، تېرىلغۇ كۆلىمى 547 مىڭ 904 موغا، مەھسۇلاتى 554 مىڭ 297 دادەنگە يەتكەن؛ 1915 - يىلى بۇغداي، ئارپا تېرىلغۇ كۆلىمى 6 مىليون 96 مىڭ 186 مو، مەھسۇلاتى 6 مىليون 97 مىڭ 688 دادەن بولۇپ، 1918 - يىلىغا كەلگەندە، تېرىلغۇ كۆلىمى (بۇغداي تىپىدىكى باشقا زىرائەتلەرنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 5 مىليون 290 مىڭ 649 موغا، مەھسۇلاتى 7 مىليون 456 مىڭ 877 دادەنگە يەتكەن.

دېھقانچىلىقتىن باشقا، چارۋىچىلىقمۇ شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي ئىگىلىكتە مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. چارۋىچىلار پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تيانشاننىڭ شىمالىدا ماكانلاشقانىدى. ئەينى چاغدا، چۆچەك، ئالتاي، ئىلى، شىخو، بارىكۆل، گۇچۇڭ، ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇچتۇرپان، قاراشەھەر قاتارلىق جايلار خېلى چوڭ چارۋىچىلىق رايونلىرى ئىدى. چارۋىچىلىقتا قوي، كالا ۋە ئات بېقىش ئاساس قىلىناتتى. سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، شىنجاڭ بويىچە قوي 13 مىليون تۇياقتا، ئۆچكە 2 مىليون 200 مىڭ تۇياقتا، كالا تەخمىنەن 1 مىليون 400 مىڭ تۇياقتا، ئات تەخمىنەن 2 مىليون 100 مىڭ تۇياقتا، تۆگە 54 مىڭ تۇياقتا، قوي يۇڭى 120 مىڭ دەنگە، تۆگە يۇڭى 20 مىڭ دەنگە؛ ئات يايلىسى 70 مىڭ دەنگە، ئات تېرىسى 36 مىڭ پارچىگە، كالا تېرىسى 62 مىڭ پارچىگە، ئەلتېرە 580 مىڭ پارچىگە، ئۆچكە، قوي تېرىسى 650 مىڭ پارچىگە، ساغلىق قوي تېرىسى 300 مىڭ پارچىگە يەتكەن①.

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىيا-

① ياڭ زېڭشىن: «شىنجاڭدا سودا - سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى قاراشلىرىم» «غەربىي شىمالنى كېزىش» 1 - توم، 1 - سانىغا بېسىلغان، 31 - بەت.

تىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان مۇنداق مەسىلىلەر مەۋجۇت ئىدى: بىرىنچى،
چارۋىچىلار ھۆكۈمەتنىڭ قاتمۇ قات، ئېغىر باج - سېلىقى، قاقتى - سوقتى
قىلىش دەستىدىن قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى؛ ئىككىنچى، نامرات چارۋى-
چىلار چارۋىدارلارنىڭ قاتتىق زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرايتتى،
ئۇلار چارۋىلارنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن دائىم دېگۈدەك قەرز ئېلىشقا مەجبۇر
بولاتتى، كېلەر يىلى چارۋىنىڭ بازاردىكى باھاسى بويىچە ئۆسۈم تاپشۇرات-
تى؛ ئۈچىنچى، چوڭ بېلىق كىچىك بېلىقنى يەپ كېتەتتى، يايلاق تالى-
شىش كۈرىشىدە كۈچلۈكلىرى دائىم مۇنبەت يايلاقلارنى ئىگىلىۋالاتتى،
نامرات چارۋىچىلار ۋە ئاجىزلار كۆچۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى؛ تۆتىن-
چى، بىر يۈرۈش ئىلمىي باشقۇرۇش ئۇسۇلى بولمىغاچقا، ئەلا سورتلۇق
چارۋىلارنى يېتىشتۈرۈشكە، ئۈنۈملۈك تۈردە چارۋا كېسەللىكلىرىنىڭ ئال-
دىنى ئېلىشقا مۇمكىنچىلىك يوق ئىدى، شۇڭا چارۋىلار دائىم كۆپلەپ
ئۆلۈپ كېتەتتى؛ بەشىنچى، مەھسۇلات بىلەن سېتىشنى بىر - بىرىدىن
ئاجرىتىۋەتتى، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئەتراپىدا تېرە زاۋۇتلىرى بولمى-
غاچقا، چارۋىچىلار ئارىلىقتىكى ھايانكەشلەرنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە
ئۇچرايتتى، بۇ شىنجاڭدا چارۋىچىلىقنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىغا
بىۋاستە تەسىر يەتكۈزدى. بۇ ئەھۋالنى ياڭ زەڭشىن «شىنجاڭدا سودا -
سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى قاراشلىرىم» دېگەن ماقالىسىدە
خېلى تەپسىلىي بايان قىلغانىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «شىنجاڭنىڭ چارۋى-
چىلىقتا نامى بولسىمۇ، لېكىن كونا ئۇسۇل بويىچە باشقۇرۇلغاچقا، چارۋى-
لارنىڭ سورتى كۈندىن - كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، ھەر قېتىم
چارۋىلاردا كېسەل تارقالغاندا، چارۋىلار مىڭلاپ، تۈمەنلەپ ئۆلۈپ كېتىۋا-
تىدۇ، يەنە كېلىپ كەڭ كۆلەملىك چارۋىچىلىق تەشكىلاتى يوق دېيەرلىك،
سۈت مەھسۇلاتلىرىغا كەلسەك، سارماي، قۇرۇت قاتارلىقلار ئىشلەپ چىقى-
رىلسىمۇ، ئەمما ياسىلىش ئۇسۇلى قالاق بولغاچقا، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ
ئىستېمال قىلىشىغىلا بولىدۇ، ئۆلكىمىزنىڭ سىرتىدىكى بازارلارغا سې-
لىشقا شەرتى توشمايدۇ، كۆن - خۇرۇمغا كەلسەك، كۆن - خۇرۇم ياساش
تېخنىكىمىز تۆۋەن، مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ سۈپىتى تۆۋەن بولغاچقا، ئۇلار-

نىڭ باھاسى بەك تۆۋەن، بىر قەدەر ئىلغار تېخنىكا كىرگۈزسەك، ئۇلارنىڭ باھاسىنى 3 ـ 5 ھەسسە ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ. ئەمدى يۇڭغا كەلسەك، ساقلاش ئۇسۇلى قالاق، سۈپىتى ناچار بولغاچقا، خەلقئارا بازارلاردا باھاسى بەك تۆۋەن بولۇۋاتىدۇ ياكى باشقىلار قارىمۇ قويمايۋاتىدۇ، شۇڭا چارۋىچىلىقتا نەسلىنى ياخشىلاش ۋە ئاۋۇتۇش ئىشىنى ھازىرقى مۇھىم ئىش قاتارىدا چىڭ تۇتماي بولمايدۇ[1]».

2) سانائەت، كانچىلىق ۋە توقۇمىچىلىق

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، شىنجاڭدا سانائەت دېگۈدەك سانائەتمۇ يوق ئىدى، بار دېگەندىمۇ ئۇ بەزىدە ئىشقا كىرىشىپ بەزىدە توختاپ قالاتتى. مەشغۇلات ئۇسۇلى بەك قالاق بولۇپ، ئاساسەن قول سانائەت شەكلىدە ئىدى. شۇڭا، سانائەت بۇيۇملىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەردىن ۋە ئەنگلىيە، روسسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئەكىلىشكە توغرا كېلەتتى. شۇ چاغدا قۇرۇلغان پولات تاۋلاش زاۋۇتى، نېفىت شىركىتى، كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە ئالتاي قاتارلىق جايلاردىكى ئالتۇن چايقاش ئورنى مەبلەغ، سېتىش يولى، مەھسۇلات مىقدارى، قاتناش، تېخنىكا، ئىختىساسلىق خادىم ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ماھىر بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن ھېچقانچە روناق تاپالمىدى، بەزىلىرى يېرىم يولدا ئىشتىن توختاشقا مەجبۇر بولدى.

شىنجاڭنىڭ كان بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن، نېفىت قاتارلىقلار بار. ياڭ زېڭشىن مالىيىدىكى قىيىن ئەھۋالنى ئوڭشاش ئۈچۈن، «سودا ـ سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش» نى تەشەببۇس قىلغانىدى. ئۇ: «ھازىر خەلقنىڭ تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈۋاتىدۇ، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتتى، شۇڭا سودا ـ سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشتىن باشقا ئاقىلانە چارە يوق[2]» دېگەنىدى. 1919 ـ يىلى يازدا، تەمرات نازىرى يەن يۈيشەن ياڭ زېڭشىن فۇيۈەن شۈيشىگۇ تۆمۈر كېنىنى ئېچىش، «خەلق رۇدا يىغىش، ھۆكۈمەت يىغىۋېلىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىش توغرىسىدا

---

① «غەربىي شىمالنى ئېچىش» 1 ـ توم، 1 ـ سان، 31 ـ، 32 ـ بەتلەر.
② «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، A تۈپلام 2 ـ قىسىم، 15 ـ بەت.

تەكلىپ سۇنغاندا «سىناق تەرتىقىسىدە ئىچىشقا رۇخسەت قىلىنىدى».
بۇ كان 1920 - يىلى پاي توپلاپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 200 نەپەر كىشىنى كانچىلىققا ئالدى، روسىيىلىك ۋاسىلىيېۋ ئىنژېنېر بولدى، چىنە توپىسىدا قويۇلغان خىش ئوتقا چىدامىلىق خىش ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىكتىن، پېچ يېرىلىپ كەتكەچكە، ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ يىلى كۈزنىڭ ئاخىرى، قىشنىڭ باشلىرىدا، فەن زۇخۇەن ۋاڭ شاۋشەننى جىڭىلىلىقا، ۋاسىلىيېۋنى ئىنژېنېرلىققا تەكلىپ قىلىپ (مائاشى ئۆلكە پۇلى ھېسابىدا 200 سەر ئىدى) ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يۇچۇەنزى، ۋاڭجياگۇلاردا نېفىت تەكشۈردى ھەمدە ئۆلكە پۇلى ھېسابىدا 38 مىڭ سەر مەبلەغ توپلاپ، كىچىك تىپتىكى بىر نېفىت شىركىتى قۇردى. بۇ شىركەت ئون نەچچە ئىشچىنى ياللاپ ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى ئۆلكە پۇلى ھېسابىدا 15 سەردىن 20 سەرگىچە ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەم جۇڭگو گراژدانى، ھەم روسىيە گراژدانى بولغان بىر تېخنىك ئىشچى بولۇپ، ئايلىق ئىش ھەققى ئۈچۈن 100 سەر ئۆلكە پۇلى ئالاتتى، يەرلىك ئۇسۇلدا ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، كۈنلۈك نېفىت مەھسۇلاتى ئاران 100 جىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە كىرسىن 50 جىڭ بولۇپ، قالغانلىرى ئاپتول، قاراماي، ئاياغ مېيى قاتارلىقلار ئىدى. نەتىجىدە پايدا كۆرۈلمىگەچكە، 1923 - يىلى ئىشتىن توختاشقا مەجبۇر بولدى.

شىنجاڭدا ئالتۇن كانلىرى ناھايىتى كەڭ تارالغان بولۇپ، ئالتاي تېغىدىكى ئالتۇن كېنىنىڭ ئالتۇن زاپىسى ئەڭ كۆپ بولغاچقا، «ئالتۇنتاغ» دەپ ئاتالغانىدى، بەزىلەرنىڭ مۆلچەرىچە، ئالتاي تېغىدىكى ساپ ئالتۇننىڭ زاپىسى تەخمىنەن 30 مىڭ سەردىن كۆپرەككە يېتىدىكەن. قۇمۇلدىكى شىيۇڭگو، دۇڭگو، چيەنگو، خۇگو، بەنياڭگو، جۇڭگو، شىگو قاتارلىق يەتتە ئورۇندىمۇ ئالتۇن كانى بار بولۇپ، خاشيۇڭگو، خۇگودىن ئالتۇن ئەڭ كۆپ چىقاتتى. بىر قېتىم، ئالتۇن قازغۇچىلار بىرى 29 سەر نەچچە مىسقال، يەنە بىرى ئالتە سەر نەچچە مىسقال، ئۈچىنچىسى تۆت سەر نەچچە مىسقال كېلىدىغان ئۈچ يوغان ئالتۇننى تېپىۋالغان. بۇنىڭدىن

ئالتۇن زاپىسىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئالتۇن قازغۇچىلار بەزىدە نەچچە مىڭغا، كۆپ بولغاندا 10 مىڭدىن كۆپرەككە يېتەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىر ئالتۇن قازغۇچى يىلىغا 20 سەردىن كۆپرەك ئالتۇن يىغاتتى. لېكىن، مەھسۇلات مىقدارى مۇقىم ئەمەس ئىدى، بەزىدە كۆپ، بەزىدە ئاز بولاتتى، 1916 - يىلى 60 ـ 70 مىڭ سەر ئالتۇن قېزىلغان بولسا، 1920 -، 1921 - يىللىرى 30 مىڭ سەر ئۆپچۆرىسىگە چۈشۈپ قالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تۆۋەنلەپ 1932 - يىلىغا كەلگەندە ئاران 7 ـ 8 مىڭ سەر ئالتۇن قېزىلغان. شىنجاڭ تەمرات نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، ئالتۇن ئەڭ كۆپ قېزىلغان 1924 - يىلى مەھسۇلات مىقدارى 30 مىڭ سەردىن كۆپرەككە يەتكەن. ئالتايدىن باشقا يەنە چۆچەك، ئۈرۈمچى، ماناس، گۇچۇڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن، چەرچەن قاتارلىق جايلاردىمۇ ئالتۇن كېنى بار ئىدى. 1915 - يىلدىن باشلاپ، خوتەندە 2 مىڭ 530 سەر ئالتۇن قېزىش، ھەر يىلى مەھسۇلاتنى 125 سەر كۆپەيتىش، چەرچەندە 930 سەر ئالتۇن قېزىش، تەننەرخىدىن باشقا يەنە بىر ئاز پايدا ئېلىش بەلگىلەندى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى ئالتۇن كانلىرىدا خەلق كولاش، ھۆكۈمەت يىغىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. لېكىن، نۇقسان بەك كۆپ بولغاچقا، ياڭ زېڭشىن 1926 - يىلى (مىنگونىڭ 15 - يىلى) «مەھسۇلاتى كۈنسېرى ئازىيىپ كەتتى»، «قەرز بېرىپ ئالتۇن كولىتىشنى توختىتىش» دېگەننى باھانە قىلىپ، خەلقلەر ئۆزى كولاپ تاپقان ئالتۇندىن ئالىدىغان «باج» نى بىكار قىلىشنى بۇيرۇدى. شۇ چاغدا، بىر سەر ئالتۇننىڭ نەرخى ھۆكۈمەت باھاسىدا 25 سەر كۈمۈشكە تەڭ ئىدى. 1913 - يىلى ئالتۇننىڭ نەرخى ئۆرلەپ كەتكەچكە، بىر سەر ئالتۇننى ھۆكۈمەت باھاسىدا 30 سەر كۈمۈشكە تېگىشىدىغان بولدى؛ 1917 - يىلدىن باشلاپ، ئالتۇننىڭ نەرخى چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، بىر سەر ئالتۇن ھۆكۈمەت باھاسىدا يەنە 25 سەر كۈمۈشكە، ئۆلكە پۇلى ھېسابىدا 50 سەر تىزىغا تەڭ بولۇپ قالدى. ئەينى چاغدا، ئالتۇن قازغۇچىلار ئىنتايىن قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىغا تەسىر يەتكەن-

دى. ھەر بىر ئالتۇن قازغۇچى بىر ئايدا قازغان ئالتۇننىڭ ئۇچتىن بىر ياكى تۆتتىن بىر قىسمىنى باجغا تاپشۇراتتى، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەنلە-كى، قەرزنىڭ ئۆسۈمى بەك يۇقىرى بولغانلىقى، قاتنۇ قات ئېغىر ئېكسپې-لاتاتسىيىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھېچقانداق پايدىغا ئېرىشەلمەيتتى. ئالتۇن قېزىشقا كېتىدىغان چىقىم بەك كۆپ بولغاچقا «كاننى بىر گەز كولاش ئۈچۈن 100 سەر كۈمۈش خەجلەشكە توغرا كېلىدۇ» دېگەن گەپ تارقالغانىدى، مانا بۇلار ئالتۇن مەھسۇلاتىنىڭ مۇقىم بولماسلىقىنى كەلتۈ-رۈپ چىقارغان سەۋەبلەردۇر.

شىنجاڭدىن يۇڭ - تېرە كۆپ چىقىدۇ، ئەمما يۇڭ - تېرىنى پىششىق-لاپ ئىشلەيدىغان سانائەت ئورۇنلىرى بەك ئاز ئىدى. شۇڭا، يۇڭ - تېرىنى چەت ئەل سودىگەرلىرى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ ئەكېتىپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ، مەھسۇلاتنى يەنە جۇڭگوغا ئەكېلىپ قىممەت باھادا ساتىدىغان» يەنى «پايدا مەنپەئەتى چەت ئەللىككە قالىدىغان» ۋەزىيەت كېلىپ چىققانى-دى. يالڭ زېڭشىننىڭ «پايدا - مەنپەئەتنى قايتۇرۇۋېلىش، سودىنى تەشەب-بۇس قىلىش» دېگەن كۆرسەتمىسى بىلەن شايار، بارىكۆل، گۇچۇڭ، چۆچەك قاتارلىق ناھىيىلەردە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يۇڭ - تېرە شىركەتلىرى قۇرۇلدى. شايار يىشىن يۇڭ - تېرە شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ماتېرىيال ئۆكسۈپ قالغاچقا ئىشتىن توختاپ قالدى، شۇڭا بۇ ھەقتە توختالمايمىز. 1915 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 -كۈنى، قۇرۇلغان بارىكۆل يۇڭ - تېرە شىركىتىگە جەمئىي 210 كىشى پاي قوشقان بولۇپ (ھەر بىر كىشى 100 سەردىن پاي قوشقان) . جەمئىي 20 مىڭ سەر پاي مەبلىغى يىغىلغان، ئۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەتنىڭ سالغان پاي پۇلى 9000 سەر بولۇپ (ھۆكۈمەتنىڭ پۇل ئىدارىسى 4000 سەر بەرگەن، ئۆگىنىش خىراجىتى ئۈچۈن 5000 سەر بېرىلگەن) ، قالغان 11 مىڭ سەر پۇلنى سودىگەرلەر پاي قوشقانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، گۇچۇڭ يۇڭ - تېرە شىركە-تىمۇ قۇرۇلدى، بۇ شىركەت شايار، بارىكۆلدىكى شىركەتلەرنىڭ بەلگىلە-مىلىرىنى ئۆرنەك قىلدى. چۆچەك يۇڭ - تېرە شىركىتى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ماھىر بولمىغانلىقى، ئۇنۇمى چىقمىغانلىقى

ئۈچۈن، بۇ شىركەتنى سودىگەرلەر باشقۇرىدىغان، ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى ھەربىيلەرلا ئىشلىتىدىغان بولدى. ئۇ چاغدا، كۆن - خۇرۇم ئىشلەش سانائىتىدىن خېلى كۆپ پايدا ئېلىنىشقا بولاتتى. شۇەنتۇڭ يىللىرى ئىلىدا قۇرۇلغان ئىلى كۆن - خۇرۇم شىركىتى (ئورنى كورەدىن يەتتە چاقىرىم يىراقلىقتىكى گاۋ چياۋزىدا) نىڭ يىللىق تىجارەت كىرىمى، شۇ چاغدا 700 - 800 مىڭ سەرگە يەتكەنىدى، ئۆلكىلىك تەمرات نازارىتى بۇ ئىشنىڭ پايدىسى كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، 1922 - يىلىدىن 1923 - يىلغىچە ئۈرۈمچىدىكى نەنمېن (جەنۇبىي قوۋۇق) نىڭ سىرتىدا بىر كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنى قۇرۇپ، رۇسلارنى تېخنىكىلىققا تەكلىپ قىلدى، لېكىن ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر كەم، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ماھىر بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مەھسۇلاتى زادىلا ئاشمىدى، شۇڭا ئاخىر زىيان تارتىپ ئىشتىن توختىدى.

بۇ چاغدا، كىچىك تىپتىكى سانائەت ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش سانائەتلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. فەن زۇخۇەن بىلەن دۇبونوۋسكىي ئىسىملىك بىر رۇس شېرىكلىشىپ ئۈرۈمچىدە سىبىرىقماي زاۋۇتىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇرغان بولسىمۇ، مەھسۇلاتىنى سېتىش يولى راۋان بولمىغاچقا ئىشتىن توختىدى. ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى ئۈرۈمچىدىكى غەربىي چوڭ كۆۋرۈك (شىداچياۋ) تە چار روسىيە ۋاقتىدىكى كونا بىر سۇ تۈگمىنىنى قۇرۇپ ئۇن تارتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ تۈگمەن «ئەجنەبىي تۈگمەن» دەپ ئاتالغانىدى. ماجېڭيۈەن بۇ ئىشتىن پايدا چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇمۇ غەربىي چوڭ كۆۋرۈكتىكى لۇڭۋاڭمياۋ ئىبادەتخانىسىنىڭ يېنىغا كۆلىمى خېلى چوڭ 1 سۇ تۈگمىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئۆيۋاق سالدى ۋە 10 مىڭ سەر پۇل خەجلەپ، ئىلىدىن روسىيەدە ئىشلەنگەن، كۈنىگە 5000 جىڭ ئۇن تارتالايدىغان 1 ئۇن تارتىش ماشىنىسىنى ئەكەلدى؛ كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 10 مىڭ سەر پۇل ئاجرىتىپ، ئۇنى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈۋالدى، بۇنىڭدىن ئالغان پايدىنى مائارىپ خىراجىتىگە ئىشلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بەزى سودىگەرلەر غەربىي كۆۋرۈك ۋە شىمەنگولاردا بىر مۇنچە سۇ تۈگمەنلىرىنى قۇرۇپ ئۇن ۋە ياغ تارتىپ، ئۈرۈمچە-

دىكى پۈتكۈل خەلقنى تەمىنلىدى. ئۈرۈمچىدىن باشقا جايلاردىمۇ، خەلق باشقۇرغان بەزى كىچىك زاۋۇتلار قۇرۇلدى. مەسىلەن، پەيزىۋاتلىق ئۇيغۇر سودىگەرلەر يەكەن شەھىرى (خەنچېڭ) نىڭ غەربىي شىمالىدا سەرەڭگە شىركىتىنى قۇردى، بۇ شىركەتنىڭ ئومۇمىي سەرمايىسى 50 مىڭ سەر بولۇپ، تېخنىكى گېرمانىيىلىك ئىدى، بۇ شىركەتنىڭ ئاران ئىككى كىچىك ماشىنىسى بولۇپ، ئۇنىمۇ ئادەم ۋە ئۇلاغ كۈچى بىلەن ئايلاندۇراتتى، بۇ شىركەت كۈنىگە 10 ساندۇق سەرەڭگە ئىشلەپ چىقارغان بولۇپ، نۇرغۇن پايدا ئالغانىدى. بۇ شىركەت تىجارىتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، گېرمانىيىدىن ماشىنا سېتىۋېلىپ، ئۇنى سۇ كۈچى بىلەن ئايلاندۇرۇشقا تەييارلانغان بولسىمۇ، لېكىن 1 - دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتكەچكە، ماشىنىنى ئەكەلدۈرەلمىدى. كېيىن تېخنىك «ھەممە ھوقۇقنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانلىقى»، «شىركەتنىڭ مال - مۈلكىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇپراپ - داتلىشىپ كەتكەنلىكى①» ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتتى.

1920 - يىلى ئۈرۈمچىدە بىر ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىز بولغاچقا، پەقەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئورگانلارنىلا توك بىلەن تەمىنلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، گېنېراتوردىن چاتاق چىققاچقا، ئىشتىن توختىدى.

بۇ مەزگىلدە، يىپەكچىلىك، گىلەمچىلىك، توقۇمىچىلىق قول سانائىتىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى كىچىك، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى چەكلىك ئىدى. يەكەنلىك سودىگەر مەخسۇت شايى توقۇش «شىركىتى» قۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ «يەتتە كونا ماشىنىسى» بار ئىدى. توقۇلغان شايىلارنىڭ كەڭلىكى ئاران بىر گەز بولۇپ، چاپان تىكىشكىلا يارايتتى. بۇ «شىركەت جېجياڭنىڭ يەرلىك ئۇسۇلدا پىلە غوزىسىنى قاينىتىپ تالا ئايرىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەھسۇلاتى «جەنۇبىي شىنجاڭدا، ھەتتا روسىيىدە سېتىلىدىغان بولدى.» لوپ ناھىيىسىدە گاۋ جىيۇن بىر قول سانائەت كارخانىسىنى قۇرۇپ، «گىلەم، تاۋار - دۇردۇن توقۇپ نۇرغۇن

① شېڭ لىن: «شىنجاڭدىكى ساياھەتتىن خاتىرە» 227 - بەت.

پايدا ئالدى. » 1917 ـ يىلى كۈزدە، ئۇ كارخانا ئامبال ماشاۋۇغا توقۇغان
بىر يىپەك گىلەمنىڭ باھاسى 900 نەچچە سەر كۈمۈشكە چىقتى.

توقۇمىچىلىقتا، ياڭ زىڭشىن قۇرغان فۇمىن توقۇمىچىلىق شىركىتى-
نىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈلكە پۇلى ھېسابىدا 1 مىليون
سەر (جەت ئەل پۇلىغا سۇندۇرغاندا 400 مىڭ يۈەن) مەبلىغى بار ئىدى.
بۇ شىركەتنى ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر بىرلىكتە باشقۇرغان بولۇپ،
سەرمايە توپلاپ تىجارەتنى باشلىغان (سەرمايىنىڭ يېرىمىنى ھۆكۈمەت،
يېرىمىنى خەلق چىقارغان) . بۇ شىركەت ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى شاڭخەيدە-
كى خەيجاڭ جەت ئەل بانكىسى ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ ۋېردون زاۋۇتىغا
زاكاز قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 2000 ئورچۇقلۇق بەش دانە يىپ
ئېگىرىش ماشىنىسى، 30 دانە رەخت توقۇش ماشىنىسى، 5 دانە يىپ
يۇيۇش ماشىنىسى، 1 دانە پاختا ئايرىش ماشىنىسى، 1 دانە گۈل بېسىش
ماشىنىسى، 1 دانە پاختا ئېتىش ماشىنىسى، 1 دانە 2 ـ، 3 ـ قېتىم
ئېگىرىش ماشىنىسى، 1 دانە ئىخچاملاش ماشىنىسى، 1 دانە يىپ پاتلاش
ماشىنىسى، 1 دانە يىپ چىڭىتىش ماشىنىسى، 1 دانە 50 ئات كۈچىگە
ئىگە ياتقۇزۇلما شەكىللىك پېچ ۋە 1 دانە 25 ئات كۈچىگە ئىگە ئۆرە
شەكىللىك پېچ بار ئىدى. پۈتكۈل ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر ئۈچۈن 250 مىڭ
يۈەن جەت ئەل پۇلى خەجلەنگەن بولۇپ، توشۇش خىراجىتىگە تەخمىنەن
120 مىڭ يۈەن جەت ئەل پۇلى كەتكەن، تيەنجىندىكى خەيجاڭ جەت ئەل
بانكىسى توختامغا، شاڭخەيدىكى باش بانكىنىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن
مالنى ئۆز ۋاقتىدا ماڭدۇرۇپ بەرگەن. ئۇلارنى ليۇ شياۋلى، جاڭ رۈي
ۋە ئىنژېنېر ياڭ چۈەنجىڭلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1925 ـ يىلى كۈزدىن
1926 ـ يىلى ئەتىيازغىچە ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ ئۈرۈمچىدىكى جيەنفۇ كۆلى
ئەتراپىدىكى زاۋۇت ئورنىغا يۆتكەپ كەلگەن. بۇ زاۋۇت 1926 ـ يىلى
قۇرۇلۇشقا باشلاپ، 1928 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن.

شۇ چاغدا، شىنجاڭ دائىرىلىرى فۇمىن توقۇمىچىلىق زاۋۇتىغا ناھايە-
تى ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ شىركەتكە تەمرات نازىرى يەن يۈيشەن بىۋاستە
رەھبەرلىك قىلىشنى، تۆۋەندە چېن جىشەن، لى رۇڭ، مافۇچى قاتارلىق-

لاردىن تەركىب تاپقان مۇدىرىيەت تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. مۇدىرى-يەتنىڭ قارمىقىدا باش جىڭلى، مۇئاۋىن باش جىڭلىلار تەيىنلىنىپ، زاۋۇتنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل قىلىندى. دەسلەپتە جى فۇرېن جىڭلى بولدى، كېيىن چېن جىشەن جىڭلىلىقنى قوشۇمچە ئۆتىدى، زاۋۇتنىڭ كونكرېت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مۇئاۋىن جىڭلى جۇمۇ (قۇمۇلدىكى تيەنىيفۇ سارىيىنىڭ خوجايىنى) مەسئۇل بولدى. زاۋۇت بويىچە بىر كەسپىي باشقارما تەسىس قىلىنىپ، كەسىپ، بوغالتىر-لىق، تىجارەت قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، رېمونت بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، زاۋۇت بويىچە ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈ-رۈش، رېمونت قىلىش ئىشىنى باشقۇردى. تەخمىنەن 200 نەپچە ئىشچى بار بۇ زاۋۇت ئېيىغا 1000 توپ رەخت، 6 ـ 7 جىڭ يىپ ئىشلەپ چىقىراتتى. بۇ زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشى ئادەتتىكىچە بولۇپ، خام ئەشيا، ئەمگەك كۈچى قاتارلىقلارغا كېتىدىغان چىقىمنى چىقىرىۋەتكەن-دە، قالىدىغان پايدىسى تايىنلىق ئىدى. 1933 - يىلى (مىنگونىڭ 22 - يىلى)، ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ماچۈەنلۇ ئۇرۇمچىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، فۇمىن توقۇمىچىلىق شىركىتىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، بىر قىسىم ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى چۇۋۇپ ئەكەتتى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇ زاۋۇتنىڭ قېپقالغان بىر قىسىم ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنى شىمىگوغا يۆتكەپ ئاپىرىپ ھەربىي قورال - ياراغ زاۋۇتىغا ئىشلەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ياڭ زېڭشىن تەسىس قىلغان فۇمىن توقۇمىچىلىق شىركىتىمۇ ئاخىر ئىشتىن توختىدى.

### 3) قاتناش، پوچتا - تېلېگراف ۋە شەھەر سىياسىتى

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان پۇتكۇل دەۋردە، بېكىنمۇۋېلىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاچقا، شىنجاڭنىڭ قاتناش ئىشلىرى ئانچە تەرەققىي تاپمىدى. 1917 - يىلى 5 - ئايلاردا، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئىلىنىڭ مۇھاپى-زەت ئامبىلىنىڭ مەسلىھەتچىسى ۋاڭ مىڭيۈينىڭ «ماناس بىلەن گۇچۇڭ ئارىلىقىدا ئاپتوموبىل قاتنىشىنى يولغا قويۇش» توغرىسىدىكى تەكلىپىنى تەستىقلىدى ھەمدە بۇ ئىشنى قاتناش مىنىستىرلىقىغا تەكشۈرۈپ ھەل

قىلىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدى. ياڭ زېڭشىن بۇ ئىشنى «چېگرا مۇداپىئەسى ئۈچۈن مۇھىم»، «دۆلەت مۇداپىئەسى، سىياسىي، ئىقتىساد، سودا جەھەتتىكى ئىشلار بىلەن زىچ ئالاقىدار»، «ئارقىغا سۆرەشكە بولمايدۇ» دەپ ھېسابلىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا «ئۆلكە مالىيىسىدىكى قىيىنچىلىق» نى باھانە قىلىپ، ئۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. 1920 - يىلغا كەلگەندە، ئۈرۈمچىدە ئاندىن تاشيول ئىدارىسى قۇرۇلدى ۋە 170 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ ئۈرۈمچى - گۇچۇڭ تاشيولى ياسالدى. 1926 - يىل 5 - ئايدا، ياڭ زېڭشىن تيەنجىندىن يولۇچىلار ئاپتوموبىلى ۋە يۈك ئاپتوموبىلىدىن 30 نى سېتىۋالدى ۋە ئۈرۈمچىدىن چۆچەككىچە، چۆچەكتىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سىمىپالاتىنسكىغا بارىدىغان تاشيول ياسالدى، بۇ يولدا 1928 - يىلى قاتناش باشلاندى. 1927 - يىل 8 - ئايدا، ئۈرۈمچىدە ئاپتوموبىل باش ئىدارىسى، 10 - ئايدا يەنە بىر ئاددىي ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى قۇرۇلدى، شۇ يىلى قىشتا تيەنجىندىن 15 ئاپتوموبىل ئۈرۈمچى بىلەن گۇچۇڭ ئارىلىقىدا يولۇچىلارنى ۋە يۈكلەرنى توشۇشقا ئىشلىتىلدى. ئۇ چاغدا شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ قاتناش - ترانسپورتى ئاساسلىقى، قارا ماشىنا بىلەن تۆگىگە تايىناتتى. بۇ قاتناش لىنىيىسىدە 1920 - يىلى ئۈچ يول بار ئىدى: بىرى، شەنشى، گەنسۇغا بارىدىغان يول، بۇ يولدا كۆپىنچە ئات، كالا، قېچىر قاتنايتتى، بۇ يولغا كەم دېگەندە ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت كېتەتتى؛ يەنە بىرى، جىگسۇيگە بارىدىغان يول، بۇ يولدا ئاساسلىقى تۆگە قاتنايتتى، بۇ يولغا 70 -80 كۈن ۋاقىت كېتەتتى؛ ئۈچىنچى، سىبىرىيە ئارقىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە بارىدىغان يول، بۇ يولنىڭ ئارىلىقى يىراق بولسىمۇ، ئەمما پويىز قاتنىغانلىقتىن ۋاقىت ئاز كېتەتتى.

بۇ ئۈچ قاتناش لىنىيىسىدە، سودىگەرلەر ماللىرىنى كۆپىنچە تاشقى موڭغۇلىيە ئارقىلىق سۈيۈەن ياكى باۋتۇغا ئاپىرىپ ئاندىن جىگسۇي (بېيجىڭ - سۈيۈەن) تۆمۈر يولى بىلەن تيەنجىنگە ئاپىراتتى. 1921 - يىلى تاشقى موڭغۇلىيىدە ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن بۇ يول ئۈزۈلۈپ قالدى. سۈيۈەن بىلەن شىنجاڭ ئارىلىقىدا قاتنايدىغان سودىگەرلەر كارۋان تەشكىل-

لىپ قۇمۇلدىن ئىچكى موڭغۇلغا، ئاندىن سۈييۈەنگە بارىدىغان بولدى. بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 4000 چاقىرىم كېلەتتى، پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن يىلدا ئىككى قېتىملا قاتناشقا بولاتتى، تۆگە بىلەن قاتناش ئۈچۈن نەچچە ئاي ۋاقىت كېتەتتى. سۈييۈەندىن شىنجاڭدىكى گۇچۇڭغا يىلدا ئىككى قېتىم بېرىپ - كەلگىلى بولاتتى، بۇ يولغىمۇ ئۈچ ئاي ۋاقىت كېتەتتى. سودىگەرلەر بۇ يولنى قورقۇنچلۇق يول دەپ ئاتايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، شىنجاڭ بىلەن سۈييۈەن ئارىلىقىدىكى سودا ئالاقىسى يەنىلا ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. ھەتتا 1925 - يىلدىن كېيىن، كارۋان سودىسىدا بىر مەھەل گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەنىدى، مال توشۇيدىغان تۆگىلەرنىڭ سانى 18 مىڭغا يەتكەنىدى. سۈييۈەندىن شىنجاڭغا توشۇلىدىغان مال يىلىغا تەخمىنەن 15 مىڭ دەنگە، شىنجاڭدىن سۈييۈەنگە توشۇلىدىغان يۇڭ - تېرە، قويىنىڭ ئۈچەيى، قاق، پاختا، قاشتېشى قاتارلىق ماللار 30 مىڭ دەندىن كۆپرەككە يەتكەنىدى. سودىگەرلەرنىڭ بۇ يولنى سودا يولى قىلىپ تاللىشىغا، شەنشى - گەنسۇ قاتناش لىنىيىسىدە «يول ئەگرى - توقاي، يول بويى قاتمۇقات باج ئېلىنىدىغانلىقى» ، يەنە كېلىپ «قاراقچىلار ئەدەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن» بۇ يولدا سەپەر قىلىش خەتەرلىك ئىكەنلىكى سەۋەب بولغان.

شىنجاڭ دائىرىسىدە ئاپتوموبىل قاتنىيالايدىغان تاشيولدىن بەش غول لىنىيە بولۇپ، ئۇلار ئۈرۈمچى - ئىلى تاشيولى، ئىلى - چۆچەك تاشيولى، ئۈرۈمچى - گۇچۇڭ تاشيولى، ئۈرۈمچى - قەشقەر تاشيولى ۋە ئۈرۈمچى- قۇمۇل تاشيولى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما، بۇ يوللاردا ئاپتوموبىللارنىڭ قاتناش قېتىم سانى ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتنىشى قەرەلسىز بولغاچقا، قاتناش ئىشلىرى بەكمۇ قولايسىز ئىدى. ئاپتوموبىل قاتنىمايدىغان جايلاردا قارا ماشىنا بىلەن تۆگىگە تايىنىشقا توغرا كېلەتتى، بۇنداقتا ناھايىتى كۆپ ۋاقىت كېتەتتى. ئۈرۈمچىدىن خوتەنگە بارىدىغان يولنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ يولدا بىر ئاي چامىسىدا يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. قاتناش - ترانسپورتنىڭ مۇشۇنداقلىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا ئىنتايىن بىئەپ ئىدى.

جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى. شىنجاڭ بويىچە بىر 1 - دەرىجىلىك ئىدارە، يىگىرمە 2 - دەرىجىلىك ئىدارە، 43 ۋاكالەتخانا تەسىس قىلىندى①. تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ئىشلىرىغا كەلسەك، 1913 - يىلى گۇچۇڭدىن يۈەنخۇغا بىر سىم يولى كۆپەيتىلگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەۋرىدە تارتىلغان سىم يوللىرى ئىدى. 1918 - يىلى، ياڭ زېڭشىن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى پايلاپ تۇرۇش، «جاسۇس» لارنىڭ ۋە «ئالاھىدە خادىملار» نىڭ شىنجاڭغا كىرىشىدىن ھېزى بولۇش ئۈچۈن، شىڭشىڭشىيادا بىر تېلېگرافخانا قۇردى.

1920 - يىلى، ئۆلكە بويىچە تېلېگراف لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 مىڭ 814 چاقىرىمغا يەتتى. 1923 - يىلى ئۆلكە بويىچە بېجىرىلگەن تېلېگراف ئالاقىسى 27 مىڭ 123 پارچىگە، خەت سانى 1 مىليون 150 مىڭ 260 قا يەتتى②.

1927 - يىلى، ئۈرۈمچىدە تېلېگراف ئىشلىرىنى باشقۇرۇش باش ئىدارىسى، ھەرقايسى جايلاردا سەككىز 1 - دەرىجىلىك ئىدارە، سەككىز 2 - دەرىجىلىك ئىدارە، ئون بىر 3 - دەرىجىلىك ئىدارە، سەككىز

---

① چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ خاننىڭ ئۈچىنچى يىلى، شىنجاڭدا پوچتا بېكەت تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلدى. 2 - يىلى، تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا 2 - دەرىجىلىك پوچتا ئىدارىلىرى قۇرۇلدى، پوچتا سىملىرى بۇرۇنقى پوچتا بېكەتلىرىنى ئاساس قىلىپ تارتىلدى. بۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەتنى يەرلىك گۇزى ھەل قىلدى. شىنجاڭدا پوچتا ئىدارىلىرى بېيجىڭ پوچتا باش ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا ئەمەس ئىدى. چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ خاننىڭ 3 - يىلى، شىنجاڭدا پوچتا ئىشلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتتى، پوچتا ئىشلىرىغا ئۆلكە خەزىنىسىدىن يىلىغا 63 مىڭ سەر قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدىغان بولدى.

② شىنجاڭدا تېلېگراف كەسىپى پوچتا كەسپىدىن ئىلگىرى يولغا قويۇلغان. 1893 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي خاننىڭ 19 - يىلى). چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 240 مىڭ سەر پۇل ئاجرىتىپ، شىنجاڭدا تېلېگراف ئىدارىسى قۇرغانىدى. 1896 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي خاننىڭ 22 - يىلى) ئىمتىيازدا، «جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدا تېلېگراف لىنىيىسى قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك پۈتكەن»، ئىلى، چۆچەك، ۋە قەشقەردە روسىيە بىلەن تېلېگراف ئالاقىسى ئورنىتىلغان. 1903 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي خاننىڭ 29 - يىلى) ئۈرۈمچى بىلەن گۇچۇڭ ئارىلىقىدا؛ 1910 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ خاننىڭ 2 - يىلى)، يەنە ماناس بىلەن ئالتاي ئارىلىقىدا؛ 1913 - يىلى (مىنگونىڭ 2 - يىلى) گۇچۇڭ بىلەن يۈەنخۇ ئارىلىقىدا تېلېگراف ئالاقىسى يولغا قويۇلغان. 1917 - يىلدىن كېيىن، شىنجاڭ بويىچە ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، يۈەنخۇ، قۇمۇل، تۇرپان، ماناس، ئالتاي، شىخو، چۆچەك، ئىلى، قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، مارالبېشى، قەشقەر كونىشەھەر قاتارلىق جايلاردا جەمئىي 15 تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلغان؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قەشقەر كونىشەھەر، غۇلجا، چىڭ، قوشتۇلغاي، ئىر-كەشتام قاتارلىق بەش جايدا تېلېگرافخانا قۇرۇلغان.

تېلېگرافخانا قۇرۇلدى. تېلېگراف ئىدارىلىرىنىڭ نۇقسانلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى: بىرىنچى، تېلېگراف ھەققى ئوخشىمايتتى. «بەزى ئورۇنلار بىر سەرنى بىر يۈەن پۇلغا ھېسابلىسا، بەزىلىرى 1.50 يۈەنگە ھېسابلايتتى. تېلېگراممىا ھۆججەتنىڭ كۆپىنچىسىگە ماركا چاپلانمايتتى، ماركىسى بولمىسىمۇ تېلېگراممىا خادىمى ئىناۋەتلىك دەپ ھېسابلىنىشى كېرەك ئىدى». ئىككىنچى، زىيان تارتىش. ئۈرۈمچى، تۇرپان گۇچۇڭدىكى ئۈچ ئىدارىدىن باشقىسىنىڭ كىرىمى چىقىمىنى قاپلىيالمايتتى[①]؛ ئۈچىنچى، پوچتا ئىشلىرىدىكى چىرىكلىك، تېلېگراممىا خادىملىرىنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋارايى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، سىم يوللىرى دائىم چاتاق چىقىپ تۇرغاچقا، ئۈرۈمچىدە بېيجىڭ، تيەنجىنلەرگە بەرگەن تېلېگراممىا بەزىدە 20 ـ 30 كۈندە تېگىدىغان، تېلېگراممىنىڭ تېزلىكى پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ تېزلىكىگە يەتمەيدىغان غەلىتە ئەھۋال دائىم چېلىقىپ تۇراتتى؛ تۆتىنچى، تېلېگراممىا نومۇرلىرى خاتا ئۇرۇلۇپ قالغانلىقى، چۈشۈپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن تېلېگراممىا ۋاقتىدا تەگمەيدىغان ئەھۋال دائىم كۆرۈلەتتى.

1919 ـ يىلى، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىدىكى شۈي شۇجېڭ غەربىي شىمالدىكى ئەھۋالدىن خەۋەرسىز قالغانلىقىنى، يېڭىدىن سىم يولى تارتسا چىقىم كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسان زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن دائىم چوڭ ئىشلارغا دەخلى يېتىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ بېيجىڭ بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى تېلېگراف ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتى ئورنىتىشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قاتناش مىنىستىرلىقى ئەنگلىيىنىڭ ماخنىي شىركىتى بىلەن يىللىق ئۆسۈمى سەككىز لى، تۆت تۈركۈمگە بۆلۈپ قايتۇرۇلىدىغان 200 مىڭ فوند سىتېرلىڭلىق پۇلنى ئۆتنە ئېلىش توغرىسىدا توختام تۈزۈپ، بۇ پۇلنى لەنجۇ، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرگە بىردىن 25 ۋاتلىق، يايىسىمان نۇرلۇق سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتى ئورنىتىش (كېيىن لەنجۇدىكى ئاپپا-

① شېي لىن: «شىنجاڭدىكى ساياھەتتىن خاتىرە»، 127 ـ بەت.

رات كۆلۆنغا يۆتكەپ كېتىلدى) قا ئىشلەتتى. بۇ ئاپپاراتلار 1920 - يىل 11 - ئايدىن 1923 - يىل 5 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئورنىتىلدى. 1924 - يىلى، يەنە بېيجىڭ، خەنكو، شاڭخەي قاتارلىق جايلارغىمۇ تېلېگراف ئاپپاراتى ئورنىتىلىپ، كېيىنكى يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. سىناق نەتىجىسىدە، شىنجاڭ بىلەن بېيجىڭ ئوتتۇرىسىدا تەسلىكتە ئالاقە قىلغىلى بولسىمۇ، لېكىن ئۈنۈمى ياخشى بولمايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى، 1925 - يىلى قىشتا، تېلېگراف ئالاقىلىرى لياۋنىڭ ئىستانسىسى ئارقىلىق بېيجىڭغا ئۇلاپ بېرىلىدىغان بولدى، ئىلى، چۆچەك، قاراشەھەر، گۇچۇڭلاردا شىمالىي لىنىيە ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە تېلېگرامما بېرىش كەسپى يولغا قويۇلدى، سىگناللار ناھايىتى ئوچۇق چىقتى. قەشقەردىن ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى پىشاۋۇرغا تېلېگرامما بەرگەندە سىگنال ئوچۇق چىققان بولسىمۇ، ئۈرۈمچىگە بەرگەن تېلېگراممىنىڭ سىگنالى ئوچۇق چىقمىدى، كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى.

1926 - يىلى يازدا، ئۈرۈمچى بىلەن شەندۇڭدىكى جىنەن ئوتتۇرىسىدىمۇ تېلېگراف ئالاقىسى يولغا قويۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيەلەرنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، سىبىرىيە ۋە يېڭى دېھلى بىلەن تېلېگرامما ئالاقىسى يولغا قويۇلۇپ، ئۈنۈمى ياخشى بولدى. 1927 - يىلى، ئۈرۈمچىدىكى تېلېگراف باش ئىدارىسىدە 500 ۋاتلىق يۇقىرى دولقۇنلۇق بىر تېلېگراف ئاپپاراتى ئورنىتىلدى.

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن بەزى ناھىيىلەردە قەلئە - سېپىللار سېلىنغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شىنجاڭ بويىچە چوڭراق ئىمارەت سېلىنمىدى. 1916 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، ياڭ زېڭشىن دۇبەن مەھكىمىسىدىكى شەرقىي باغچىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى دىگيۇەن راۋىقىنىڭ خارابىسى ئورنىغا جىڭبيەن بىناسى دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچ قەۋەتلىك بىر بىنا سالدۇردى، بۇ بىنا 1916 - يىل 6 - ئايدا پۈتتى. ئۇ ئەينى چاغدا خېلى قالتىس بىنا دەپ ھېسابلىناتتى. ياڭ زېڭشىن بۇ بىناغا: «ئۆتمۈشتىكى خەۋپ - خەتەر-

لەر ئىسمىدە بولغاچقا، مەڭگۈلۈك ئەمىنلىك ئۈچۈن باش قاتۇرىمەن[1]» دەپ ئىمىشلىما يېزىپ بەرگەنىدى. ياڭ شاۋجۇ، مياۋفېيۇەن ياساتقان باغچىنى ياڭ زېڭشىن 1918 - يىلى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ئۇنىڭغا جيەنخۇ باغچىسى دەپ نام بەردى، 1923 - يىلى باغچا تولۇق ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «تۇڭلى باغچىسى» دەپ نام بېرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى خۇشامەتچىلەر ياڭ زېڭشىنغا خاتىرە مۇنار ئورنىتىش ئۈچۈن جيەنخۇ بويىغا يەنە «ھەزرەت ياڭ زېڭشىننىڭ قەبرىستانلىقى» نى سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ مىس ھەيكىلىنى ئورناتتى[2]. خەلققە بەخت - سائادەت كەلتۈرىدىغان قۇرۇلۇش ئاساسەن ئېلىپ بېرىلمىدى، خالاس.

ئەينى چاغدا، ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر مەنزىرىسى تولىمۇ كۆرۈمسىز ئىدى. ئاتالمىش «نىلوفەر گۈلى كۆلى» (ئورنى ھازىرقى خەلق مەيدانىدا) سېسىق سۇ كۆلچىكى ئىدى. جەنۇبىي قوۋۇق (نەنمېن) تىكى خالتا كوچىلاردا پاتقاق ئادەمنىڭ تىزىدىن ئاشاتتى. سۈين ھىدىين ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىنى «تۈۋى يوق پاتقاقلىق»، «شىنجاڭدىكى ساياھەتتىن خاتىرە» نىڭ ئاپتورىمۇ جەنۇبىي قوۋۇقتىكى كونا ئوقۇ - ئوقۇتۇش مەھكىمىسىنىڭ ئەتراپىدىكى كوچىلارنى «پاتقاق خادىكنىڭ شوتىسىغا، ئاتنىڭ قورسىقىغا چىقىدۇ» دەپ تەرىپلىگەنىدى. شىمالىي قوۋۇق (بېيمېن) قاتارلىق جايلار-دىكى كوچىلار لاي - پاتقاق بولغاچقا، ئۇلار ئاپتاپتا قۇرۇغاندا سېسىقچىلىق-تىن «ئادەم بۇرنىنى ئېتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى». شۇ چاغدا، بىرەي-لەن «بامبۇك شىبىغا مەدھىيە» ناملىق شېئىرىدا ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ: «2 - ئايدا جىمىسارنى قار - مۇز قاپلىسا، ۋەھالەنكى ئۈرۈمچىنى لاي - سۇ قاپلايدۇ. ئاپتاپ چىققان كۈندىمۇ يوللار قۇرۇمىغاچ كوچىلاردا يول يۈرۈش تەسكە توختايدۇ[3]» دەپ يازغانىدى. بۇ

---

① ۋاڭ زىدۇن: «ياڭ زېڭشىنغا دائىر ئىشلار»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 3 - قىسمىغا بېسىلغان، 79 - بەت.

② «ھەزرەت ياڭ زېڭشىننىڭ قەبرىستانلىقى» نىڭ ئورنى ئۈرۈمچىدىكى ھازىرقى غەربىي باغچا (شىگۇڭيۈەن) نىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە، ياڭ زېڭشىننىڭ مىس ھەيكىلىنى شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا چىقىۋەتكەن.

③ ۋاڭ زىدۇن: «ياڭ زېڭشىنغا دائىر ئىشلار»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 3 - قىسمىغا بېسىلغان، 86 - بەت.

تەسۋىر ئۈرۈمچىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى ھەقىقىي تۈردە سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

4) سودا ئىشلىرى:

شىنجاڭنىڭ سانائەتتە قالاق بولغاچقا، سانائەت ماللىرى بىرى، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن؛ يەنە بىرى، ئەنگلىيە، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كىرگۈزۈلەتتى. شۇ چاغدا، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سودىگەرلەرنىڭ نەزىرىدە شىنجاڭ «بېيىش ماكانى» ئىدى. ئۇلار قۇرغان تىجارەت ئورۇنلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى جايلارغا تارقالغان بولۇپ، ئۈرۈمچى ئۆلكە بويىچە سودا مەركىزى ئىدى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ ماللىرى ئۆكسۈپ قېلىپ سودىدا كاساتچىلىق كېلىپ چىققاچقا، نۇرغۇن سودا - تىجارەت ئورۇنلىرى تاقىلىپ قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، شىنجاڭنىڭ مىللىي سودا ئىشلىرىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بۇ شىنجاڭنىڭ سودا تارىخىدىكى زور بىر ئۆزگىرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ ئۆز - ئارا رىقابەتلىشىش ئۈچۈن گۇرۇھ بولۇۋېلىش ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا، ئۈرۈمچىدە رايونلار بويىچە بۆلۈنگەن «سەككىز چوڭ گۇرۇھ» يەنى بېيجىڭ - تيەنجىن گۇرۇھى، سەنشى گۇرۇھى، شەنشى گۇرۇھى، گەنسۇ گۇرۇھى، سىچۈەن گۇرۇھى، خۇنەن گۇرۇھى، خۇبېي گۇرۇھى، خېنەن گۇرۇھى قاتارلىقلار بار ئىدى. «بېيجىڭ - تيەنجىن گۇرۇھى » يەنە «بېيجىڭ گۇرۇھى» ۋە «تيەنجىن گۇرۇھى» دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. «ئۇلار ئىچىدە بېيجىڭ - تيەنجىن گۇرۇھىنىڭ سودا - تىجارىتى ئەڭ روناق تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالسا، سەنشى گۇرۇھى، شەنشى - گەنسۇ گۇرۇھى، خېنەن - سىچۈەن گۇرۇھى كۈچلۈك ئىدى. خۇبېي گۇرۇھى ئاجىزراق ئىدى①» . جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سەرمايە ئۆكسۈپ قالغاچقا، سەنشىلىك سودىگەرلەرمۇ باشقۇرغان

① ياڭ زەڭشۈي: «شىنجاڭدا سودا - سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى قاراشلىرىم» «غەربىي شىمالنى ئېچىش» I تومىغا بېسىلغان، 1 - سان، 26 - بەت.

بىرژوت چېكىنى ئالماشتۇرىدىغان ئورۇنلار ئارقا - ئارقىدىن تاقىلىپ قالدى. شۇڭا، ئۇلار تۇرلۇك چەرچىن ماللار سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولدى، ئەمما ئۇلارنىڭ تىجارەت شەكلى بىيجىڭ - تيەنجىنلىك سودىگەرلەرنىڭكىگە زادىلا يەتمەيتتى. شۇڭا، بىيجىڭ - تيەنجىنلىك سودىگەرلەر بارغانسېرى روناق تاپتى. ئۈرۈمچىدىكى 240 نەچچە سودا ئورنىنىڭ 10 دىن 6 پىرسەنتى بىيجىڭ - تيەنجىنلىك سودىگەرلەرنىڭ ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئىلىدا، ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر باشقۇرغان سودا ئورۇنلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ سەرمايىسى سەنشىلىك سودىگەرلەر بىلەن بىيجىڭ - تيەنجىنلىك سودىگەرلەرنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ غۇلجىدا ئاچقان يۈيسەن سودا سارىيىنى ئالساق، ئۇنىڭ سەرمايىسى 2 مىليون سەردىن كۆپرەككە، ياقۇپ سودا سارىيىنىڭمۇ 600 - 700 مىڭ سەرگە يەتكەنىدى. بۇ سودا سارايلىرى تيەنجىن، سىچۈەن قاتارلىق جايلاردىن باشقا، يەنە ھىندىستان، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، روسىيە بىلەنمۇ سودا ئالاقىسى قىلاتتى.

1 - دۇنيا ئۇرۇشى ۋە روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ سودا ئىشلىرىدا خېلى روشەن ئۆزگىرىش بولدى. يەنى شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئىزچىل تۇردە ئالدى بىلەن روسىيىدە سېتىلىدىغان، ئاندىن روسىيىدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلۇپ سېتىلىدىغان، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ سانائەت بۇيۇملىرى ۋە ماللىرى شىنجاڭ بازارلىرىدا زور مىقداردا سېتىلىپلا قالماي، سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ توشۇلىدىغان بولدى. 1924 - يىلى، ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئۈرۈمچىگە توشۇپ كېلىنگەن ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 4 مىليون 300 مىڭ سەردىن كۆپرەككە؛ شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلغان مالنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 400 مىڭ سەردىن كۆپرەككە يەتكەن①. ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 1927 - يىلدىن 1928 - يىلغىچە شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلغان يەرلىك مەھسۇ-

① فىن زۇخۇەن: «شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى سودا ئەھۋالى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 - قىسىم، 159 - بەت.

لاتلار ئىچىدە، هايۋانلارنىڭ تېرىسى (تۈلكە تېرىسى، توشقان تېرىسى، ئېيىق تېرىسى، سۇلۇسۇن تېرىسى، تىيىن تېرىسى، ئۆچكە تېرىسى، قوي تېرىسى، بۆرە تېرىسى، ئىت تېرىسى، كالا تېرىسى قاتارلىقلار)، ئات قويرۇقى، بۆكەن مۈڭگۈزى، بۇغا مۈڭگۈزى، ئىگىر، چىلگە تورۇش، سوغىگۈل، كىشمىش، ئۆرۈك قېقى، قوغۇن قېقى، كېپەك ئالتۇن، تۆگە تىۋىتى، تۆگە يۇڭى، قوي يۇڭى قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىممىتى 730 مىڭ رۇبلىغا؛ ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كەلتۈرۈلگەن سانائەت بۇيۇملىرى ۋە ماللار - چاي، تاماكا، تاۋار - دۇردۇن، كاتەكچە رەخت، خەسە، سەرگەز، قەغەز، سەرەڭگە، شېكەر، ماگنىت ئەسۋاب، مىس ۋە تۆمۈردىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار ۋە تۈرلۈك ماللار - نىڭ قىممىتى 1 مىليون 900 مىڭ رۇبلىغا يەتكەن①.

شىنجاڭدا ماللارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى ئادەتتە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى. بەزى ماللارنىڭ باھاسى بىر ھەسسە ھەتتا نەچچە ھەسسە يۇقىرى ئىدى. شىنجاڭدا بېسىمدارلىق قىلىش ئەھۋالى ئېغىر ئىدى، ئەمەلدارلارنىڭ ھايانكەشلىك قىلىش ئەھۋالىمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى. چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سودىسىدا كۆپىنچە مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش ئاساس قىلىناتتى. سودىگەرلەر دائىم چاي، ئۇن، رەخت، چەرچىن مال، قاچا - قۇچىلارنى چارۋىچىلارنىڭ مال - چارۋىلىرىغا، يۇڭ - تېرىلىرىگە تېگىشەتتى. بىر مۇنچە سودىگەرلەر چارۋىچىلىق رايونلىرىدا جازانىخورلۇق قىلاتتى، ئۇلار تارقاتقان قەرز پۇلنىڭ يىللىق ئۆسۈمى 36 پىرسەنتتىنكىچە ئىدى، چارۋىچىلار دائىم مال - چارۋىلىرى، يۇڭ - تېرىلىرى بىلەن قەرز ۋە ئۆسۈمنى قايتۇراتتى. ئۇلار تاپشۇرغان نەرسىلەرنىڭ باھاسى بازار باھاسىدىن % 30 ئەرزان ھېسابلىناتتى.

ئەينى چاغدا، شىنجاڭدا سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تولىمۇ تەكشىسىز، ماللارنىڭ تۈرلىرىمۇ تولۇق ئەمەس ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيىلەرنىڭ ئامباللىرى جاڭيۇنى باشقا جايلاردىن ئالدۇراتتى. ئۈرۈمچىـ

① زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگو نىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش تارىخى»، 686 ـ، 678 ـ بەتلەر.

نى ئالساق، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ ناھايىتى قىس ئىدى، يالڭ زېڭشىن ئۆزى ياقتۇرۇپ يەيدىغان خۇنەن دۇفۇسىدىن ئازراق جۈندىۋالسا ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلايتتى.

شىنجاڭدا سودا تەشكىلاتى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە قۇرۇلغانىدى، مەسىلەن، شىنجاڭ سودىگەرلەر باش ئۇيۇشمىسى شۈەنتۇڭ خاننىڭ 3 - يىلى 4 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇيۇشمىنىڭ ئورنى ئۈرۈمچىدە ئىدى. ئۇيۇشمىغا دەسلەپتە يالڭ شاۋجۇ (يەنە بىر ئىسمى يالڭ ۋېيشىن)، جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يى بىڭيۈەن، لىيۇيۈنچىڭ، مياۋفېيرەن قاتارلىقلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇيۇشما باشلىقى بولدى. باش ئۇيۇشما قارمىقىدا شۆبە ئۇيۇشمىلار قۇرۇلدى. سودىگەرلەر باش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندا، 97 سودا سارىيى ئەزا بولغان بولۇپ، كېيىن ئەزالارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ 2 مىڭ 334 كە يەتتى. ئىلى، بۇگۇر قاتارلىق جايلاردىمۇ سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. ئۇيۇشمىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن باشقارما تەسىس قىلىندى.

## مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، شىنجاڭ مالىيە جەھەتتە ئاساسەن باشقا ئۆلكىلەردىن بېرىلگەن خىراجەتكە تايىناتتى. 1885 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي خاننىڭ 11 - يىلى). شىنجاڭ، ئىلى ۋە چۆچەككە بېرىلگەن خىراجەت جەمئىي 3 مىليون 360 مىڭ سەرگە يەتكەنىدى، 1904 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 30 - يىلى) بېرىلگەن خىراجەت سوممىسى بىر ئاز ئازايغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا 2 مىليون 980 مىڭ سەردىن كۆپرەك ياردەم قىلىنغانىدى①. كېيىن شىنجاڭغا گېڭزى (1901 - يىلى)

① بۇ سانلىق مەلۇمات زېڭ ۋېنئۇنىڭ «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش تارىخى» دېگەن كىتابىنىڭ 623 - بېتىدىن نەقىل ئېلىندى. لېكىن، بۇ مەلۇمات بىلەن شېي لىن يازغان «شىنجاڭدىكى ساياھەتتىن خاتىرە» دېگەن كىتابتىكى مەلۇمات ئوتتۇرىسىدا پەرق بار، «شىنجاڭدىكى ساياھەتتىن خاتىرە» دە: «شىنجاڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ھەر قايسى ئۆلكىلەردىن 2 مىليون 920 مىڭ سەر خىراجەت ئالاتتى (ئىلىغا بېرىلگەن 340 مىڭ سەر، چۆچەككە بېرىلگەن 160 مىڭ سەر ياردەمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). كېيىن يېڭىدىن تەيىنلەنگەن شۈنفۇ (سېيار، مۇپەتتىش) فېن شياۋسۇنىڭ تەكلىپى بويىچە بېرىلىدىغان خىراجەت بىر ئاز ئازايتىلدى، شۇنداقتىمۇ 2 مىليون 600 مىڭ سەر خىراجەت بېرىلىپ تۇردى» دېيىلگەن. (127 - بەت) كىتابىمىزدا ھازىرچە زېڭ ۋېنئۇنىڭ كىتابىدىكى سانلىق مەلۇماتنى ئاساس قىلدۇق.

ئۆرۈش چىقىمى ئۈچۈن 400 مىڭ سەر تۆلەش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەچكە[1]، شۇەنتۇڭ يىللىرىغا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا بەرگەن خىراجىتى 2 مىليون 400 مىڭ سەردىن كۆپرەككە چۈشۈپ قالدى. جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بېرىدىغان خىراجەت توختىدى، ياردەمگە تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان شىنجاڭ مالىيىسى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق زەربە بولدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي خىراجىتى ئازىيىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ كۆپەيدى. بولۇپمۇ ھەربىي خىراجەت ھەممىدىن بەك ئېشىپ كەتتى. مىنگونىڭ تۇنجى يىلى قۇرۇلغان ئارمىيىسىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن خام چوتتا 1 مىليون 598 مىڭ 682 يۈەن ئاجرىتىلغانىدى. 2 ـ يىلى، قۇبدۇ ۋەقەسى ۋە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش سەۋەبىدىن، ھەربىي خىراجەت ئۈچۈن خام چوتتا 5 مىليون 579 مىڭ 534 يۈەن ئاجرىتىپ بېرىشكە توغرا كەلدى. مىنگونىڭ 3 ـ يىلى ھەربىي خىراجەت بىر ئاز ئازايغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا 3 مىليون 398 مىڭ 586 يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئاجرىتىلدى. ئەينى چاغدا شىنجاڭدا «دۆلەتنىڭ باج كىرىمى يىلىغا 800 مىڭ سەردىن ئاشمىغان، ئۆلكە بويىچە ھەربىي، مەمۇرىي، ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ خىراجىتىدە كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىش يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، چىقىم يەنىلا 5 مىليون 460 مىڭ سەرگە يەتكەنىدى[2]». «كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىنىسىمۇ چىقىم زور ھەجىمدە ئېشىپ كېتىدىغان» بۇنداق ئەھۋال شىنجاڭدا «مالىيە قىيىنچىلىقىنى ئىنتايىن ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى[3]». بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى «ئۆز جايىدىن مەبلەغ جۇغلاش»، «قىيىن ۋەزىيەتكە بەرداشلىق بېرىش[4]

① شىنجاڭغا يۈكلەنگەن 400 مىڭ سەر گېڭزى يىلى ئۆرۈش چىقىمى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا بېرىدىغان خىراجىتىدىن ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 33 مىڭ 333 سەر ئۈچ مىسقال ئۈچ پۇڭ ئۈچ لى تۇتۇپ قالدى. شىنجاڭ بۇ ئۆرۈش چىقىمىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىرى، ھەر يىلى ھەربىي خىراجىتىدىن 220 مىڭ سەر تېجەپ قېلىش؛ يەنە بىرى، 180 مىڭ سەر پۇلنى كۆپ تارقىتىش ئۇسۇلىنى قوللاندى.

② بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مىنگونىڭ 2 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈندىكى 590 ـ نومۇرلۇق ئاخباراتىغا قاراڭ.

③ «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» A توپلام 2 ـ قىسىم، 29 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى كىتاب، L توپلام 1 ـ قىسىم 3 ـ بەت.

«سىياسىتىنى بەلگىلىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن باج - سېلىقنى تەرتىپكە سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن قەغەز پۇل تارقاتتى، بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق قىيىن ئۆتكەلدىن ۋاقىتىنچە ئۆتۈۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن يامان بولدى.

باج - سېلىقنى تەرتىپكە سېلىش جەھەتتە، ياڭ زېڭشىن ۋاقىتلىق ئورگان - مالىيەنى ئىنقىلاش ئورنى قۇردى، ئاشلىق ۋە ئوت - چۆپتىن غەللە ئېلىش توغرىسىدا 14 تۈرلۈك بەلگىلىمە ئېلان قىلدى، شۇ ئارقىلىق مالىيە كىرىمى بىر ئاز كۆپەيدى ھەمدە بەزى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەت ھېسابىغا سەمرىشى بىر ئاز چەكلەندى. 1916 - يىلغا كەلگەندە، يىللىق كىرىم 3 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ياڭ زېڭشىن مالىيەنى ئىنقىلاشتا بەزى كونا تۈزۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسىمۇ، تۈرلۈك باج - سېلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرمىدى، پەقەت ناھىيىلەرنىڭ خەزىنىسىدىكى پۇللارنى ئۆلكىنىڭ خەزىنىسىگە يۆتكەپ، ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ چۆنتىكىگە كىرىدىغان پۇللارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى بيۇروكرات ئاپپاراتلارغا يۆتكەپ كەلدى، خالاس. ياڭ زېڭشىن قىلچە يۇشۇرماستىن «كونا تۈزۈم بويىچە ئېلىنغان غەللە - پاراقنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ بولىدۇ» دەپ جاكارلىدى. شۇڭا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى «كونا تۈزۈملەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان» بولسىمۇ ھېچقانداق نەپ ئالالمىدى.

ياڭ زېڭشىن ئاشلىق ۋە ئوت - چۆپتىن غەللە ئېلىش توغرىسىدىكى 14 تۈرلۈك بەلگىلىمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، يەر بېجى بىر ئاز كۆپەيدى. 1914 - يىلى يەر بېجى كىرىمى ئاران 980 مىڭ سەر بولغان بولسا، 1916 - يىلغا كەلگەندە، 1 مىليون 800 مىڭ سەرگە يېتىپ، ئىلگىرىكىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى؛ 1927 - يىلى يەر بېجى كىرىمى 1 مىليون 360 مىڭ 175 سەر بولۇپ، 1916 - يىلدىكىدىن ئازىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ ئەنتۇڭنىڭ 3 - يىلىدىكى ئومۇمىي كىرىمدىن يەنىلا كۆپ بولدى.

ھۆكۈمەت يەر بېجى يىغىشقا كۆپىنچە «بايلار، ئەمەلدارلارغا ھۆددىگە

بېرىش» ئۇسۇلىنى قوللانغانچقا، ساختىپەزلىك قىلمىشلىرى كەينى - كەينىدىن كۆرۈلۈپ تۇردى. ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ ئەمەلدارلىرى شاڭيۇلار باج يىغىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالىسىلا، ئۇلارنىڭ خالىغانچە باج يىغىشقا سوكۇت قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتاتتى. ناھىيىلەرنىڭ ئامباللىرىمۇ باج يىغىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، باج نورمىسىنى خالىغانچە بەلگىلەيتتى، قائىدە - تۈزۈم بولمىغاچقا، يىغىلغان پۇللارنىڭ ھەممىسى شەخسنىڭ چۆنتىكىگە كىرەتتى. غەللە - پاراق، باج يىغىشتىكى خالىغانچە قەغەز پۇل خىراجىتى ئېلىش ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەت قىلىپ بېيىشىغا قۇلايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. كېيىن ياڭ زېڭشىن «بىر سەر قەغەز پۇل ئۈچۈن شاڭپىڭ تەڭگىسى ھېسابىدا ئىككى پۇڭ بىر لى يىغىپ، يىغىلغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇش كېرەك، سانىنى تولۇق مەلۇم قىلىش لازىم①» دېگەن بەلگىلىمىنى چىقاردى. لېكىن ناھىيىلەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، يەنە چىقىم ھۆججىتى تەننەرخىدىن سەككىز سەر ئاجرىتىپ، ئۇنى ناھىيىلەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ كىرىمى قىلىشقا رۇخسەت قىلدى، ئەمەلىيەتتە خىيانەت قىلىپ بېيىشنى قانۇنلاشتۇردى. يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى ليۇمۇ پەقەت يەر بېجىنى كۆپەيتىپ ئېلىش ۋە كونا تۈزۈم بويىچە باج ئېلىش ئارقىلىق، بىر يىل ئىچىدىلا 10 مىڭ دادەن ئاشلىق يىغىۋالدى، بۇ پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر بېجى غەللە - پاراق كىرىمىنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەڭ ئېغىرى شۇكى، زومىگەرلەر، ئەمەلدارلار بىرلىشىپ ئەسكىلىك قىلىپ، تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، «پۇقرالارنى قاقتى - سوقتى قىلىپ كەيىپ - ساپا سۈرگەنلىكى» ئۈچۈن «نامراتلار تېخىمۇ نامراتلىشىپ كەتكەن، زومىگەرلەر ئەمەلدارلار تېخىمۇ بېيىپ كەتكەن②» . ئالايلۇق، دېھقانلار ئوت - چۆپ تاپشۇرغاندا، ئىش بېجىرىدىغانلار زومىگەرلەر، ئەمەلدارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، بىر ھارۋا ئوتنى 100 جىڭغا ياكى بىر ئۇلاغ ئوتنى ئاران ئون نەچچە جىڭغا باھالايت-

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» L توپلام 2 - قىسىم، 17 - بەت.

② «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» L توپلام 1 - قىسىم، 27 - بەت.

تى. بۇنداق ساختىپەزلىك ئالدىدا، يالڭ زېڭشىنمۇ «پۇقرالارنىڭ زېيىنى بەك ئېغىر بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئېتىراپ قىلغان ۋە ئوت يىغقۇچى ئەمەلدارلارغا «ساختىپەزلىك قىلمىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوتنى چوقۇم جىڭلاش كېرەك» دەپ كۆرسەتمە بېرىشكە مەجبۇر بولغانىدى.

مالىيىنى ئېنىقلاش ۋە باج سېلىقىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ مالىيە كىرىمى بىر ئاز كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن «كىرىم چىقىمنى قاپلىيالماسلىق» ئەھۋالى يەنىلا ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈچ يىلدا، مالىيىدىكى قىزىل رەقەم 10 مىليون يۈەن ئۆپچۆرىسىگە يەتكەنىدى. 1927 - يىلنى مىسالغا ئالساق، كىرىم 4 مىليون 745 مىڭ 800 يۈەن بولغان بولسا، چىقىم 8 مىليون 130 مىڭ 847 يۈەنگە يېتىپ، چىقىم كىرىمدىن بىر ھەسسىگە يېقىن ئېشىپ كەتكەنىدى. 1928 - يىلغا كەلگەندە، چىقىم كىرىمنىڭ بەش ھەسسىگە يەتتى. كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭلاشماسلىق ئەھۋالىغا، ئاساسلىقى ھەربىي خىراجەتنىڭ چەكلىمىسىز تۈردە ئېشىپ بارغانلىقى سەۋەب بولدى. مەسىلەن، 1927 - يىلدىكى ھەربىي خىراجەت يىللىق كىرىمنىڭ ئىككى ھەسسىگە توغرا كەلگەن بولسا، 1928 - يىلغا كەلگەندە، تۆت ھەسسىگە توغرا كەلگەن. يالڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 17 يىلدا، 1916 - يىلنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەر يىلى دېگۈدەك زىيان كۆرۈلگەن. 1927 - يىلغا كەلگەندە، يىغىلىپ قالغان قەرز 49 مىليون 639 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە، ئۇنىڭغا مىنگونىڭ ئالدىدىكى قەرزلەرنى قوشقاندا جەمئىي 60 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەنى 40 مىليون سەردىن كۆپرەككە يەتكەن.

يالڭ زېڭشىن باج - سېلىقنى تەرتىپكە سېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە زور مىقداردا قەغەز پۇل بېسىپ تارقىتىش، «كىرىم چىقىمنى قامدىيالماسلىق» ۋەزىيىتىدىن قۇتۇلماقچى بولدى. لېكىن، «ئېھتىياجلىق پۇل كۆپ بولغاچقا»، «بىر كۈندە بېسىلغان پۇل يەنىلا شۇ كۈنلۈك خىراجەتكە يېتىشمىدى①». 1915 - يىلى بېسىلغان قەغەز پۇل 9 مىليون سەردىن كۆپرەككە يەتتى، شىنجاڭ «قەغەز پۇلغا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى②». شۇڭا، كىشىلەر يالڭ زېڭشىننىڭ قەغەز پۇل بېسىپ

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلا» L توپلام 1 - قىسىم، 24 - بەت.
② «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» L توپلام 2 - قىسىم، 23 - بەت.

تارقىتىش تەدبىرىنى «قەغەز پۇل مالىيە سىياسىتى» دەپ ئاتىدى.

مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قەغەز پۇلنى كۆپ بېسىش شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى.

بىرىنچى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ياڭ زېڭشىننىڭ باج - سېلىقنى تەرتىپكە سېلىشتىن مەقسىتى كىرىمنى كۆپەيتىپ مالىيەدىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش بولغاچقا، كونا باج ئازىيىش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى يېڭى باج تېخىمۇ كۆپەيدى. ماركا بېجى ئۈچۈن يىغىلغان 80 مىڭ يۈەن، ھاراق - تاماكا بېجى ئۈچۈن يىغىلغان 10 مىڭ يۈەن يېڭىدىن قوشۇلغان باج كىرىملىرى ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ خانىنىڭ ئاخىرقى يىلى، شىنجاڭ بويىچە مالىيە كىرىمى 1 مىليون 160 مىڭ سەر ئىدى. مىنگونىڭ 5 - يىلىغا كەلگەندە، 3 مىليون 370 مىڭ يۈەن (كۈمۈش ھېسابىدا 2 مىليون 340 مىڭ سەر) گە كۆپەيدى. بەش يىل ئىچىدە باج كىرىمى بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. يەر بېجى جەھەتتە، 1913 - يىلى ئاران 550 مىڭ سەر بولغان بولسا، 1916 - يىلغا كەلگەندە 1 مىليون 800 مىڭ سەرگە يېتىپ، شۈەنتۇڭ 3 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسە كۆپەيدى. تۇرلۇك باج - سېلىقلار 1913 - يىلى 360 مىڭ سەر بولغان بولسا، 1916 - يىلى 750 مىڭ سەرگە؛ تۇرلۇك ئىئانە، ئۆشرە - زاكات 1913 - يىلى 185 مىڭ سەر بولغان بولسا، 1916 - يىلى 270 مىڭ سەرگە يەتكەن. شيې لىن «شىنجاڭدىكى ساياھەتتىن خاتىرە» دە مۇنداق دەيدۇ: «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باج - سېلىق چىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن بەش ھەسسە كۆپىيىپ كەتتى، بۇرۇن 550 مىڭ سەردىن كۆپرەك باج - سېلىق يىغىلغان بولسا، ھازىر 2 مىليون 500 - 600 مىڭ سەر يىغىلىدىغان بولدى». ئۇنىڭدىن كېيىن باج - سېلىق كىرىمى داۋاملىق كۆپەيدى. 1927 - يىلغا كەلگەندە، يەرلىك باج كىرىملا 3 مىليون 78 مىڭ 493 يۈەنگە يەتتى، ئۇنىڭغا دۆلەتنىڭ بېجى ئۈچۈن يىغىلغان 1 مىليون 667 مىڭ 307 يۈەننى قوشقاندا، جەمئىي باج كىرىمى 4 مىليون 745 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. دېمەك، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان

دەۋردىكى باج - سېلىق چېلىك سوْلالىسى دەۋرىدىكىدىنمۇ ئېغىر بولغان.
«شىنجاڭدا باج - سېلىق ئېغىر» ئىكەنلىكى ھەققىدە يالڭ زېڭشىن يوللىغان «شىنجاڭدا باج - سېلىقنى ئازايتىش توغرىسىدىكى تېلېگرامما» سىدا مۇنداق دەيدۇ: «مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پېقىر يالڭ زېڭشىن ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، چەتتىن ياردەم ئېلىشنىڭ تەسلىكىنى ئوبدان بىلىپ، ئۆلكىمىزنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ پىلانلاشقا مەجبۇر بولدۇم. باجنى كۆپرەك ئالغىلى بولسىلا، كۆپ ئالدۇق، يەنە ئوتتۇرىدىن نەپ ئېلىش تۈگىتىلىپ، نەپ ئازراق بولسىمۇ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى كىرىم يىلمۇ يىل ئېشىپ باردى. ئاشلىققا سوْندۇرۇپ ئېلىنىدىغان سوْندۇرۇلما باجنى ئالساق، چېلىك سوْلالىسى ۋاقتىدا بىر دىن بۇغداي بىر سەر پۇل، بىر دەن قوناق ئالتە مىسقال بولغان بولسا، ھازىر بازاردىكى سوْندۇرۇلما باھا بويىچە بولۇۋاتىدۇ يەنى بىر دەن بۇغداينىڭ باھاسىغا ئۈچ - تۆت سەر پۇل، بىر دەن قوناقنىڭ باھاسىغا ئۈچ - تۆت سەر ياكى ئىككى سەردىن كۆپرەك پۇل قوشۇلدى. يەم - خەشەكنى ئالساق، چېلىك سوْلالىسى ۋاقتىدىكى باھا بويىچە، ھەر 100 جىڭ ئوت بەش پۇڭ كۈمۈشكە سوْندۇرۇلاتتى، ھازىر بولسا 100 جىڭ ئوت بەش مىسقال كۈمۈشكە سوْندۇرۇلىدۇ. بۇنىڭغا ئوت بېجى بولغان بەش مىسقالنى قوشساق، 100 جىڭى بىر سەر كۈمۈش بولىدۇ، بۇ چېلىك سوْلالىسى ۋاقتىدىكى باھادىن ئون نەچچە ھەسسە كۆپ بولىدۇ. يەنە مەسىلەن، بىر دىن ئاشلىققا ئومۇم ئۈچۈن بىر مىسقال بەش پۇڭ، خۇسۇسىلار ئۈچۈن ئىككى كۇرە بەش شىڭ تۆلىنىدۇ، بۇنىڭغا تۆت مىسقال تۇز بېجى قوشۇمچە قىلىنىدۇ، ئەسلى باجمۇ ئېغىر، سوْندۇرۇلما باجمۇ ئېغىر. بۇنىڭدىن باشقا، تۇرلۇك باجلار، مەسىلەن، چارۋا بېجى ئۈچۈن ئەزەلدىن سېرىگە ئۈچ پۇڭ كۈمۈش ئېلىناتتى. ھازىر تۆت پۇڭ ئېلىنىدىغان بولدى؛ يەر بېجىغا بىر سەر ئۈچۈن ئۈچ پۇڭ كۈمۈش ئېلىناتتى، ھازىر توققۇز پۇڭغا چىقتى؛ گۆرە بېجى ئۈچۈنمۇ ئالتە پۇڭ ئېلىنىدىغان بولدى. چارۋا سودىسىدىن باشقا، ئوتلاق بېجىمۇ بار؛ يەر بېجىدىن باشقا، قەغەز بېجى بار؛ يۆتكىلىش بېجىدىن باشقا، سودا بېجىمۇ بار، ھاراق - تاماكا بېجىدىن

باشقا، ماركا بېجىمۇ بار؛ ئومۇمىي ئاقىدىغان باجدىن باشقا، 25% سودا بېجىمۇ بار؛ ئىسپات بېجى، ماركا بېجى داۋاملىق ئېلىنىۋاتىدۇ. ئۈچ يىللىق خام چوت بويىچە بولغاندا، ئالدىنقى يىل 2 يېرىم مىليون سەردىن كۆپرەك بولسا، ھازىر 2 مىليون 200 مىڭ سەردىن ئاشتى، ئۆلكە قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردىكىدىن كىرىم تۆت ھەسسە ئاشتى، شۆەنتۇڭ-نىڭ 3 - يىلىدىكى كىرىمدىن بىر ھەسسە ئاشتى. نامدا باج - سېلىق كۆپەيتىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاستىرتىن كۆپەيتىلدى. شىنجاڭ-نىڭ يېرى كەڭ، ئادىمى شالاڭ، شۆەنتۇڭنىڭ 3 - يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، ئۆلكە بويىچە 2 مىليون 162 مىڭ 300 ئەر - ئايال بار، ھازىر ھەربىر كىشىنىڭ ئۈستىدىكى باج بىر سەردىن ئېشىپ كەتتى[1]» .

ئىككىنچى، قەغەز پۇل كۆپ تارقىتىلغاچقا، پۇل پاخاللىقى ئېغىرلاشتى. شىنجاڭدىكى تۈرلۈك پۇللار ئىچىدە ئۆلكىنىڭ قەغەز پۇلى ھەممىدىن بەك پاخاللىشىپ كەتتى. 1918 - يىلدىن 1927 - يىلغىچە، 300 سەر ئۆلكە پۇلىغا ئاران 100 سەر تەڭگە، 260 سەر ئۆلكە پۇلىغا 100 يۈەن دۆلەت پۇلى تېگىشكىلى بولاتتى، دېمەك، بىر سەر ئۆلكە پۇلى تەڭگىنىڭ 30% قىممىتىگە توغرا كېلەتتى. شۇڭا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى قەغەز پۇلنى «تۈتۈرۈق قەغەز» دەپ ھېسابلاشتى. يالڭ زېڭشىن قەغەز پۇلنىڭ كۇرسىنى ئۈستۈرۈشكە كۈچەپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، قەغەز پۇلنىڭ كۆپ مىقداردا بېسىلىشى ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئالتۇن - كۈمۈش كرىزىسىنى پەيدا قىلدى. سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1912 - يىلدىن 1915 - يىلغىچە، 4 مىليون سەر ئالتۇن - كۈمۈش سىرتقا ئېقىپ كەتكەچكە «بازارلارنىڭ پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرىدا قىسچىلىق كۆرۈلگەن، بازارلاردا ئالتۇن - كۈمۈشلا ئەمەس، ھەتتا مىس يارماقنىمۇ ئاسانلىقچە چېلىقتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالغان[2]» .

---

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» ، L توپلام 2 - قىسىم، 10 -، 11 - بەتلەر.
② «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» L توپلام 27 - قىسىم، 23 - بەتلەر.

ئۈچىنچى، قەغەز پۇل كۆپ تارقىتىلغانلىقتىن مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىلا، يالڭ زېڭشىن: «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئېلىپ ئېيتساق، تەڭگە ئۆكسۈپ قالغىلى ئۇزۇن بولدى، قەغەز پۇلغا تايىنىپلا جان بېقىۋاتىمىز، يەنە كېلىپ پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتتى، پۇل پېرېۋوت قىلىش ئىشى ئاسان ئەمەس، سودىگەرلەر بىسىمدارلىق قىلىۋاتىدۇ، مال باھاسى ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى①» دېيىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئەينى چاغدا، ئاشلىقنىڭ باھاسى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئۆرلەپ كەتكەنىدى. 1913 - يىلى بىردەن بۇغداي بەش - ئالتە سەر كۈمۈش بولغان بولسا، 1915 - يىلغا كەلگەندە 20 نەچچە سەرگە چىققانىدى. ئىككى يىل ئىچىدە بۇرۇنقىدىن تۆت - بەش ھەسسە ئۆرلەپ كەتكەن. دېمەك، ئۆلكە پۇلى «نامدا بىر سەر دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يېمەكلىكلەرنى سېتىۋالغاندا نەچچە مىسقال كۈمۈشچىلىكلا قىممىتى بار ئىدى②».

پۇلنىڭ پاخاللىشىشى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى پۇقرالارغا زىيان يەتكۈزۈپلا قالماي، ھۆكۈمەتنىڭ ئىش ھەققى ۋە مەمۇرىي خىراجىتىگە ھەتتا ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىغىمۇ تەسىر يەتكۈزدى. ئەينى چاغدا، قەغەز پۇلنىڭ بازاردىكى قىممىتى ئۆز قىممىتىنىڭ ئاران ئۈچتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلەتتى. ئەمما، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى، مەمۇرىي خىراجەت ۋە ئەسكەرلەرگە بېرىلگەن پۇللارنىڭ بىر سەرى يەنىلا ئەمەلىيەتتە بىر سەر كۈمۈش تەڭگىگە تەڭ دەپ ھېسابلىنىپ، «بىر پۇڭ، بىر لىمۇ قوشۇپ بېرىلمەيتتى③». دېمەك، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىش ھەققى بىلەن بالا - چاقىلىرىنى بېقىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قامدىشىمۇ تەس ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بىر

---

① يۇقىرىقى كىتاب، A توپلام 1 - قىسىم، 7 -، 8 - بەتلەر.
② يۇقىرىقى كىتاب، L توپلام 2 - قىسىم 29 - بەت.
③ «سىۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، I. توپلام 1 - قىسىم، 51 - بەت.

قىسىم خىزمەتچىلەر ئۆز خىزمىتىنى تاشلاپ باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولاتتى. «قەلەندەر سوۋېت» ئەسكەرلەر تۈركۈملەپ قېچىپ كېتەتتى. ھايانكەش سودىگەرلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىمدارلىق قىلاتتى. قانۇنغا ئىتائەت قىلمايدىغان ئەمەلدارلار خىلمۇ خىل ۋاستىلەر بىلەن خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، چوڭتىشكىنى تولدۇراتتى. بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا، ياڭ زېڭشىننىڭ سۈكۈت قىلىپ تۇرماقتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى.

3. شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى.

1920 - يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى چەت ئەللەرنىڭ قوراللىق مۇداخىلىسىگە قايتۇرما زەربە بەردى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە ئۇلۇغ داھىي لېنىننىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇ چاغدا، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى ئەسلىگە كەلدى. شۇ يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلى ۋە قەشقەردىكى قاراۋۇلخانىلارغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، شىنجاڭ دائىرىلىرى بىلەن سودا ئالاقىسى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى. ئەينى چاغدا، ياڭ زېڭشىن ئالاقىلىشىشنىڭ تۆت تۈرلۈك پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1. بېيجىڭ ھۆكۈمىتى تېخى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، پەقەت ۋاقىتلىق، قىسمەن سودا شەرتنامىلىرىنى ئىمزالاش؛ 2. «ئىلىدىلا سودا ۋاكالەتخانىسى قۇرۇش، قەشقەردە قۇرماسلىق»[1]؛ قەشقەر بىلەن تاشكەنتتە ئۆز ئارا «ۋاقىتلىق سودا خادىمى ۋە ئالاقىچى تۇرغۇزۇش» مەسىلىسىنى «كېچىكتۈرۈپ ھەل قىلىش»[2]؛ 3. «ئىككى تەرەپنىڭ سودا كېلىشىمىدە ھەر ئىككى تەرەپ باراۋەر ئورۇندا تۇرۇش»[3]، جوڭگو بىلەن چاررۇسىيە ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان كونا شەرتنامىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ 4. «رۇسىيە سودىگەرلىرى باج تاپشۇرماسلىق كېلىشىمىنى بىكار قىلىش»[4]، «سودا بېجى ئېلىشتا شىنجاڭنىڭ باج نىزامنامىسىنى ئاساس قىلىش»، رۇسىيە سودىگەرلىرىگە، جوڭگولۇق سودىگەرلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» (I) 11 - جىلد، 10 - بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 14 - بەت.
③ «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار I »، 11 - جىلد، 11 - بەت.
④ يۇقىرىقى كىتاب، 12 - بەت.

قىلىش» ، «ئۇلارمۇ ئوخشاش باج تاپشۇرۇش»[1]. ئىلىنىڭ ۋالىيسى شۈي گوجېن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لىۋېتاس، لىمالوۋ قاتارلىق سەككىز ۋەكىلى بىلەن بىر نەچچە قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، 1920 - يىلى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، جەمئىي 10 ماددىلىق ۋاقىتلىق، قىسمەن، سودا كېلىشىمى ئىمزالاندى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە: 1. ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا سودا ۋاكالەتخانىسى تەسىس قىلىش، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەتتىسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋېرنى (ئالمۇتا) شەھىرىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلىنىڭ غۇلجا شەھىرىدە سودا ۋاكالەتخانىسى قۇرۇپ، ھەرقايسى ئۆز ھۆكۈمەتلىرىگە ۋاكالىتەن سودا ئىشلىرىنى بېجىرىش؛ 2. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلىغا مال كىرگۈزسە ياكى ئىلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا مال يۆتكىسە شىنجاڭنىڭ باج نىزامنامىسى بويىچە جۇڭگو تاموژنىسىغا باج تاپشۇرۇش؛ 3. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا سودا ئىشلىرى جەھەتتە تالاش-تارتىش تۇغۇلۇپ قالسا ياكى جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دەۋاسى كېلىپ چىقسا، دۆلەت قانۇنى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىش؛ 4. ئىكانكانى ئىككى دۆلەتنىڭ سودا ئالاقىسىدە جەزمەن ئۆتىدىغان يول قىلىش، بۇ يولدىن ئايلىنىپ كىرگەن ياكى چىققانلار كۆرۈلسە، باج ئوغرىلاپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىش؛ ئىككى مەملىكەت خەلقلىرى چېگرىدىن ئۆتۈپ باردى - كەلدى قىلىشتا، چوقۇم ئۆز دۆلىتىنىڭ پاسپورتىنى ئېلىپ چېگرىدىن كىرىش[2]. بۇ ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمىدە، چاررۇسىيە دەۋرىدىكى باج تۆلىمەسلىك ئىمتىيازى ۋە كونسۇللارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى بىكار قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئاساسەن باراۋەرلىك ئاساسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم دېيىشكە بولىدۇ.

ئىلى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، مۇناسىپ تەشكىلىي ئورگانلار قۇرۇلدى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئىلى

① يۇقىرىقى كىتاب، 11 -، 12 - بەتلەر.
② ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمىنىڭ تولۇق تېكستىنى ياڭ زېڭشىن 1920 - يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە يوللىغان «رۇسىيىدىكى يېڭى پارتىيە بىلەن ئىلى ئىمزالىغان، سودا كېلىشىمى توغرىسىدىكى تېلېگرامما» غا قارالسۇن. «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» I نىڭ 11 - جىلدىغا كىرگۈزۈلگەن، 20 -، 21 - بەتلەر.

تاموژنىسى قۇرۇلدى ھەمدە 1920 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، مالىيە نازارىتى سوۋېت ئىتتىپاقى سودىگەرلىرىدىن باج ئالدى. ئۇرۇمچىدە مۇھاجىر بولۇپ ئولتۇراقلاشقان روسىيىلىك سودىگەرلەرمۇ «جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە باج تاپشۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى①» بىلدۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سودا ۋاكالەت خادىملىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا يەتتىسۇ ئۆلكىسى بىلەن ئىلىغا بېرىپ، خىزمەتكە كىرىشكەن. ئەينى چاغدا، ياڭ زېڭشىن غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى جاۋگودۇڭ (رۇسچە كۆرسىنى تۈگەتكەن) نى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق سودا ۋاكالەت خادىمى قىلىپ ئەۋەتكەن ھەمدە ئۇ 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، يەتتىسۇ ئۆلكىسىدىكى ۋېرنى شەھىرىگە بېرىپ خىزمەتكە چۈشكەن. كېيىنكى يىلى 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن قەشقەرنىڭ ۋالىيسى جۇ رۇيچىغا 1921 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى بارلىق ئەنگلىيىلىك سودىگەرلەردىنمۇ «روسىيە سودىگەرلىرىگە ئوخشاش چېگرىدىن كىرىش، چېگرىدىن چىقىش بېجى ئېلىش كېرەك، ئادىل ئىكەنلىكىمىزنى نامايان قىلىش ئارقىلىق، ھوقۇق - مەنپەئەتىمىزنى قايتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم②» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. يىغىلغان چېگرا بېجىنى جاڭجياكونىڭ روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ماللىرىدىن ئالغان باجنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى بويىچە «ئۆلكىنىڭ چېگرا مۇداپىئە خىراجىتىگە ئىشلەتكەن» ۋە ئاشقان قىسمىنى «ئۆلكە يىغىۋېلىپ تارقاتقان قەغەز پۇلنىڭ ئورنىغا ئىشلەتكەن③».

1921 - يىلى 5 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا يەنە ۋەكىل ئەۋەتىپ، سودا قىلىش ئورۇنلىرىنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى. 2 - يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، سوۋېت تەرەپنىڭ ۋەكىلى خازانىسكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭ ئۆز ئارا سودىنى كېڭەيتىپ، ئىچمۇۋېتىش سىياسىتىنى قوللىنىشنى تەكلىپ قىلدى. شىنجاڭ دائىرىلىرى يىغىندا تۆت

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار I» ، 11 - جىلد، 2 - بەت.
② «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار I» ، 11 - جىلد، 29 - بەت.
③ يۇقىرىقى كىتاب، 26 - بەت.

مادىلىق پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىككى تەرەپ يېرىم يىل سۆھبەتلەشكەن بولسىمۇ، كېلىشىم ھاسىل قىلالمىدى. 1923 - يىل 9 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈرۈمچىگە يەنە ۋەكىل ئەۋەتىپ داۋاملىق سۆھبەتلەشتى. ئىككى تەرەپ ھەككىز ئاي سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق 1924 - يىلى 4 - ئايغا كەلگەندە، ئاندىن 14 ماددا ئاساسىدا قىسمەن كېلىشىم ئىمزالىدى. جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بىر نەچچە قېتىم سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈرۈمچىدە باش كونسۇلخانا قۇرغاندىن باشقا، يەنە ئىلى، قەشقەر، چۆچەك، سارسۈمبە (ئالتاي) قاتارلىق شەھەرلەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلىش، بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەمەي شەھىرى (كېيىن تاشكەنتكە ئۆزگەرتىلگەن) دە باش كونسۇلخانا قۇرغاندىن باشقا، ئالمۇتا، تاشكەنت، ئەنجان، زايسان قاتارلىق شەھەرلەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلىش توغرىسىدا كېلىشتى. كونسۇلخانا تەسىس قىلىنغانلىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى ئېچىۋېتىلدى. بۇ قېتىمقى كېلىشىم جۇڭگو - سوۋېت سودىسىنىڭ تەرەققىياتىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

شۇ چاغدا، شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاساسلىقى، پاختا، ئاشلىق، چارۋا، يۇڭ - تېرە قاتارلىقلار چىقىرىلاتتى؛ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا ئاساسلىقى پاختا رەخت، شېكەر، قاچا - قۇچىلار، مېتال بۇيۇملار، نېفىت، سىرەڭگە، تېرىدىن ئىشلەنگەن بۇيۇم قاتارلىقلار كىرگۈزۈلەتتى. ئەينى چاغدا، شىنجاڭنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ بىر قىسمى ئۆزىدە ئىستېمال قىلىنغاندىن باشقا ، تەخمىنەن 80 پىرسەنتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىلاتتى، قالغان قىسمى بولسا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ۋە ئافغانىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە توشۇلاتتى. پەقەت قوي يۇڭىنىلا مىسالغا ئالساق، 1923 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەخمىنەن 4800 توننا توشۇلغان بولسا، 1930 - يىلغا كەلگەندە 6500 توننىغا يېتىپ، ئافغانىستان قاتازلىق شەرق ئەللىرىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىلغان جەمئىي قوي يۇڭى مىقدارىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان. سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1923 - يىلدىن 1924-

يىلغىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىلغان قوي يۇڭىنىڭ قىممىتى 1 مىل-يون 139 مىڭ رۇبلى؛ پاختىنىڭ قىممىتى 33 مىڭ رۇبلى؛ ئۆي هايۋان-لىرىنىڭ قىممىتى 1 مىليون 41 مىڭ رۇبلى؛ تېرە - خۇرۇمنىڭ قىممىتى 33 مىڭ رۇبلى؛ مېتىس قوي تېرىسىنىڭ قىممىتى 749 مىڭ رۇبلى ئىدى. لېكىن، 1927 - يىلدىن 1928 - يىلغىچە، چىقىرىلغان مالنىڭ قىممىتى ناھايىتى تېز ئېشىپ، قوي يۇڭىنىڭ قىممىتى 6 مىليون 504 مىڭ رۇبلىغا؛ پاختىنىڭ قىممىتى 2 مىليون 724 مىڭ رۇبلىغا؛ ئۆي هايۋانلىرىنىڭ قىممىتى 2 مىليون 132 مىڭ رۇبلىغا؛ تېرە - خۇرۇمنىڭ قىممىتى 187 مىڭ رۇبلىغا؛ مېتىس قوي تېرىسىنىڭ قىممىتى 809 مىڭ رۇبلىغا يەتكەن. بۇرۇن پىلە ئېكسپورت قىلىنمايتتى. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە پىلە ئېكسپورت كىرىمى بىراقلا 99 مىڭ رۇبلىغا يەتتى. ئۆي هايۋانلىرى تېرە - خۇرۇم، مېتىس قوي تېرىسى ئېكسپورت قىممىتى جەھەتتىن ئالغاندا، 1925 - يىلدىن 1926 - يىلغىچە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن يەنى ئۆي هايۋانلىرىنىڭ قىممىتى 3 مىليون 77 مىڭ رۇبلىغا؛ تېرە - خۇرۇمنىڭ قىممىتى 504 مىڭ رۇبلىغا؛ مېتىس قوي تېرىسىنىڭ قىممى-تى 1 مىليون 319 مىڭ رۇبلىغا يەتكەن.

بۇ چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن تاۋارلارنىڭ تۈرلىرىدە ئانچە زور ئۆزگىرىش بولمىغان، يەنىلا پاختا رەخت، شېكەر، بۇغداي، ھەر خىل ئاشلىق، مېتال بۇيۇم، قاچا - قۇچا، ياغاچ، چاي، نېفىت، خىمىيىلىك بۇيۇم، سەرەڭگە قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەنىدى. 1924 - يىلدىن 1925 - يىلغىچە كىرگۈزۈلگەن پاختا رەختنىڭ قىممىتى 1 مىليون 536 مىڭ رۇبلى؛ شېكەرنىڭ قىممىتى 283 مىڭ رۇبلى، مېتال ۋە مېتال بۇيۇملارنىڭ قىممىتى 45 مىڭ رۇبلى؛ فارفور ۋە ئەينەك بۇيۇملارنىڭ قىممىتى 42 مىڭ رۇبلى؛ نېفىتنىڭ قىممىتى 34 مىڭ رۇبلى؛ سەرەڭگىنىڭ قىممىتى ئۈچ مىڭ رۇبلى، چاينىڭ قىممىتى 173 مىڭ رۇبلى ئىدى. لېكىن، 1927 - يىلدىن 1928 - يىلغىچە، چاينى ھېسابقا ئالمىغاندا، كىرگۈزۈلگەن باشقا تاۋارلارنىڭ قىممىتى خېلى زور دەرىجىدە ئاشتى. ئالايلۇق، پاختا رەختنىڭ قىممىتى 7 مىليون 41 مىڭ

رۇبلىغا؛ شېكەرنىڭ قىممىتى 602 مىڭ رۇبلىغا؛ مېتال بۇيۇملارنىڭ قىممىتى 1 مىليون 65 مىڭ رۇبلىغا؛ فارفور قاچىلار ۋە ئەينەك بۇيۇملارنىڭ قىممىتى 290 مىڭ رۇبلىغا؛ نېفىتنىڭ قىممىتى 199 مىڭ رۇبلىغا؛ سەرەڭگىنىڭ قىممىتى 193 مىڭ رۇبلىغا يەتتى. يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن، كىرگۈزۈلگەن تاۋارلار ئىچىدە پاختا رەخت ئەڭ ئاساسلىق تاۋار ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قىممىتى 1923 - يىلى 1 مىليون 560 رۇبلى بولغان بولسا، 1927 - يىلغا كەلگەندە 7 مىليون 41 مىڭ رۇبلىغا، 1929 - يىلغا كەلگەندە تېخىمۇ ئېشىپ 10 مىليون رۇبلىدىن كۆپرەككە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنى ھەقىقەتەن زور يۈكسىلىش دېيىشكە بولىدۇ. كىرگۈزۈلگەن شېكەرنى ئېلىپ ئېيتساق، 1923 - يىلى ئۇنىڭ مىقدارى 750 توننا ئىدى، يالڭ زېڭشىن ئۆلگەندىن كېيىنكى بىر-ئىككى يىل ئىچىدە 2900 توننىغا كۆپەيدى. كىرگۈزۈلگەن مېتال بۇيۇملارنىڭ مىقدارىمۇ خېلى كۆپەيدى، 1914 - يىلى ئۇلارنىڭ مىقدارى 1600 توننا بولغان بولسا، 1928 - يىلغا كەلگەندە بىراقلا 3600 نەچچە توننىغا كۆپەيدى.

ئەينى چاغدا پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتكەچكە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭنىڭ سودىسىدا كۆپىنچە مالغا مال تېگىشىش شەكلى قوللىنىلدى.

قىسقىسى، بۇ مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىسىدا يېڭى تەرەققىيات بولدى. تۇنجى كېلىشىم ئىمزالانغان 1920 - يىلى ئىككى تەرەپ سودىسىنىڭ سوممىسى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئىككى تەرەپ سۆھبەتلىشىپ كېلىشىم تۈزگەن 1923 - يىلى، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سودىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 18 مىليون 273 مىڭ رۇبلىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 8 مىليون 427 مىڭ رۇبلى، شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىلغان ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 9 مىليون 846 مىڭ رۇبلى، ئىككىسىنى سېلىشتۇرغاندا، شىنجاڭنىڭ سودا ئېشىنچىسى 1 مىليون 419 مىڭ رۇبلى

بولۇپ، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ 1913 - يىلدىكى سودا ئومۇمىي سوممىسىغا باراۋەر. 1927 - يىلدىن 1928 - يىلغىچە، 1924 - يىلى 2 - كېلىشىم ئىمزالانغانلىقتىن، ئىككى تەرەپنىڭ سودا سوممىسى تېخىمۇ كۆپىيىپ، ئومۇمىي سوممىسى 24 مىليون 175 مىڭ رۇبلىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن ماللارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 10 مىليون 647 مىڭ رۇبلى، شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىلغان ماللارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 13 مىليون 508 مىڭ رۇبلى بولدى، ئىككىسىنى سېلىشتۇرغاندا، شىنجاڭنىڭ سودا ئېشىنچىسى 2 مىليون 888 مىڭ رۇبلىغا يەتتى. شۇڭا، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇچقاندەك يۈكسىلىش دەۋرىگە قەدەم قويدى.

## 5 - بۆلۈم خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتى ئاستىدىكى مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئۇ خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنى داۋاملىق يۈرگۈزدى، شۇڭا «مائارىپنى جانلاندۇرۇپ كىشىلەرگە بىلىم ئۆگىتىش» كە زادىلا كۆڭۈل بۆلمىدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر خەۋپ كەلتۈردى. ئۇ چاغدا، ئۈرۈمچىدە باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشقا پەقەت بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، بىر دارىلمۇئەللىمىن؛ ھەر قايسى ناھىيىلەردە بىر - ئىككى ھەم كىچىك، ھەم ئىپتىدائىي باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىدى. بۇنىڭدىن مەقسەت، كۆز بويامچىلىق قىلىپ ئۆزىنى پەردازلاش ئۈچۈن ئىدى. جايلاردا، خۇسۇسىي مەكتەپلەر داۋاملىق ساقلىنىپ تۇردى. ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتۈلىدىغان دەرسلىكلەر يەنىلا «ئۈچ خەتلىك دەستۇر»، «نەسەبنامە» ۋە تۆت كىتاب، بەش دەستۇر قاتارلىق كىتابلار بولۇپ، ئۇلارغا فېئوداللىق

ئەدەب - ئەخلاق سىڭدۈرۈلەتتى. بۇرژۇئا دېموكراتىيىسى ۋە پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئائىت دەرسلىكلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا، «ئوقۇغۇچىلار كۆپلەپ قېچىپ كەتكەچكە، دەرسخانىلار چۆلدەرەپ قالاتتى[①]، ئوقۇغانلار ئازغا كەلمەيتتى[②]. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرى مەكتەپكە كىرىشتىن قورقاتتى، شۇڭا «ئۆزىنىڭ ئورنىغا باشقا يۇرتلۇقنى ئوقۇتىدىغان»، ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئادەم ياللاپ ئوقۇتىدىغان، ۋەزىپە ئۈچۈن ئوقۇيدىغان غەلىتە ئەھۋال ئوتتۇرىغا چىققانىدى. دېمەك، شىنجاڭنىڭ مائارىپى باشتىن - ئاخىر تېگىشلىك دەرىجىدە راۋاجلىنالمىغاچقا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، مىنگونىڭ تۇنجى يىلى، ئۆلكە بويىچە 60 مەكتەپ، 1802 ئوقۇغۇچى، 107 ئوقۇتقۇچى بولۇپ، مائارىپ خىراجىتى ئاران 51 مىڭ 811 يۈەن ئىدى. 1919 - يىلغا كەلگەندە، مەكتەپلەرنىڭ سانى بىر ئاز كۆپىيىپ، ھۆكۈمەت باشقۇرغان يۇقىرى دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ، خەلق مەكتىپى ۋە يېرىم كۈن ئوقۇيدىغان مەكتەپلەر 130 غا (بىر قىزلار مەكتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، خۇسۇسىلار باشقۇرغان مەكتەپ 11 غا، جەمئىي 141 گە؛ ئوقۇغۇچى 4 مىڭ 247 نەپەرگە (84 نەپەر قىز ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ ئوقۇتقۇچى 202 نەپەر (ئۈچ ئايال ئوقۇتقۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ مائارىپ خىراجىتى 92 مىڭ 51 يۈەن (شەخسلەر ئىئانە قىلغان 5 مىڭ 570 يۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) گە يەتتى. 1923 - يىلى، مەكتەپلەرنىڭ سانى يەنە بىر ئاز ئازىيىپ، خەلق مەكتىپى، يۇقىرى دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە باشقا مەكتەپلەر 113 كە چۈشۈپ قالدى، شۇ يىلى بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا، بىر دارىلمۇئەللىمىن، 3955 ئوقۇغۇچى، دارىلمۇئەللىمىندە 49 كىشى، 144 ئوقۇتقۇچى بولۇپ، مائارىپ خىراجىتى 94 مىڭ 627 يۈەن ئىدى. ئاھالىسى خېلى كۆپ تۇرپاندا ئاران خەنزۇچە دەرس ئۆتۈلىدىغان ئۈچ خەلق مەكتەپ-

---

① ياڭ زېڭشىن: «سىۋۇەنلىكلەردىن ساۋاقلار» A توپلام 2 - قىسىم 53 - بەت.
② ۋۇ ئەيچېن: «شىنجاڭنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر (شىنجاڭغا قىلىنغان سەپەردىن خاتىرە)» 3 - قېتىم كۆپەيتىپ بېسىلغان نۇسخا»

سى، 170 ـ 180 چە ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، بۇمۇ «چېن ئامبالنىڭ تەشەببۇسىنىڭ مەھسۇلى[1]» ئىدى. پىچان ناھىيىسىدىمۇ ئاران ئىككى خەلق مەكتىپى، بىر خەنزۇ مەكتىپى، 100 نەچچە ئوقۇتقۇچى بار ئىدى.

خەنزۇ مەكتىپىدىن باشقا، يەنە ئىسلام دىنىدىن ساۋاق بېرىدىغان دىنىي مەكتەپلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئاخۇنلار ئاچقان بولۇپ، بۇ مەكتەپلەردە ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرى ئوقۇيتتى. دىنىي مەكتەپلەردە ئىپتىدائىي دەرىجىلىك مەكتەپ، يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپ دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنەتتى، ئوقۇغۇچىلارغا «قۇرئان»، دىنىي قائىدە، دىنىي ئەقىدىدىن ساۋاق بېرىلەتتى. نامازنىڭ ئايەتلىرى ئۆگىتىلەتتى، پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرى ئۆگىتىلمەيتتى، ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئۆلۈك ھالدا يادلاش بولۇپ، مەنىسىنى بىلىشى تەلەپ قىلىنمايتتى. ياڭ زېڭشىن بۇنداق مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىنى رىغبەتلەندۈرگەنىدى.

1924 ـ يىلى كۈزدە، ئۆلكىلىك رۇسچە سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپى ئېچىلدى. ئۇنى ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ بويىچە «ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى» دەپ ھېسابلاشقا بولاتتى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان جاڭ چېننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «بۇ مەكتەپ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەلدارلىق ئىمتىھانى تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېڭىچە مەكتەپ ئېچىلغان نەچچە ئون يىل مابەينىدە شىنجاڭ بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئېچىلغان بىر دىنىي كەسپىي مەكتەپتۇر[2]». ياڭ زېڭشىن رۇسچە سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپىدىنىڭ «ساۋاقداشلار خاتىرىسى» نىڭ مۇندەرىجىسىدە بۇ مەكتەپنى ئېچىشنىڭ مەقسىتىنى ئېنىق چۈشەندۈرگەنىدى: «شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سىياسىي ـ قانۇن كۇرسى ئېچىلغان بولسىمۇ، مىنگو دەۋرىگە كەلگەندە، مالىيە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن خىراجەت ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، ئوقۇشنى توختىتىشقا توغرا كەلدى. ئۆلكىمىز شىنجاڭ روسىيە بىلەن چېگرىداش، ئىككى تەرەپنىڭ دىپلوماتىك ئالاقىلىرى كۆپ، قانۇن، سىيا-

① شېي لىن «شىنجاڭدىكى ساياھەتتىن خاتىرە» 95 ـ بەت.
② «شىنجاڭ ئۆلكىلىك رۇسچە سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپىنىڭ 1 ـ قارار ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساۋاقداشلار خاتىرىسى». كىرىش سۆز VI، (جاڭ چېن)

سىي بىلىملەردىن خەۋەرسىز بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، نۇرغۇن ئىشلاردىن
چاتاق چىقىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ تىل - يېزىقىنى بىلمەي تۇرۇپ سۆھبەتنى
ياخشى ئېلىپ بېرىش، ياخشى ئالاقە قىلىش تەس. تەلىيىمىزگە، مىنگو-
نىڭ 13 - يىلى كۈزدە، مائارىپ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە
34 نەپەر (44 نەپەر ئەمەس) ئەقىللىق ئوقۇغۇچى تاللىنىپ، رۇسچە
سىياسىي - قانۇن كەسپىي مەكتىپى ئېچىلدى»①. بۇنىڭدىن يالڭ زېڭشىن-
نىڭ بۇ مەكتەپنى ئېچىشتا تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك مەقسەتنى كۆزدە
تۇتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: بىرىنچى، دىپلوماتىك ئالاقىنىڭ ئېھتى-
ياجى، چۈنكى «شىنجاڭ روسىيىگە قوشنا، رۇسچە تىل - يېزىق ناھايىتى
مۇھىم بولغانلىقى②». بۇ مەكتەپنىڭ نامىدا «رۇسچە» دېگەن سۆزنىڭ
ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشىمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى. فەن ياۋنەن مۇنداق
دېگەنىدى: «جۇڭگو بىلەن روسىيە چېگرىداش، ئىككى دۆلەتنىڭ تىل -
يېزىقى ئوخشىمايدۇ، بىزدە باشقىچە نىيەت يوق، ئەمما باشقىلارنىڭ غەرە-
زىنى بىلىش تەس، شۇڭا ئۆگەنمىسەك جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ ۋەزىيىتىنى
ئېنىق بىلەلمەيمىز»③. ئىككىنچى، «شىنجاڭلىق ئىختىساسلىق خادىملار
شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى»، «باشقا يەرلىكلەرنى ئىشلەتمەسلىك
كېرەك»④. ئۇ چاغدا، شىنجاڭدا دىپلوماتىيە خادىملىرى ئىنتايىن ئاز
بولغاچقا «باشقا يەرلىكلەرنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەنلىكى، ھەقىقەتەن
«ئاۋارىچىلىك كەلتۈرىدىغان⑤» بىر مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. «رۇسچە
سىياسىي - قانۇن كەسپىي مەكتىپى ئېچىلغاندىن كېيىن ئىختىساسلىق
خادىملار ئارقا - ئارقىدىن تەربىيىلىنىپ چىقىدۇ، بۇنىڭ سىياسىي جەھەتكە
زور ياردىمى تېگىدۇ، باشقا يەرلىكلەرنى ئىشلىتىش ھالىتىگە خاتىمە بەر-

① «شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي - قانۇن مەكتىپىنىڭ تۈنجى قارار ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساۋاقداشلار خاتىرىسى»، كىرىش سۆز I (يالڭ زېڭشىن)
② يۇقىرىقىغا ئوخشاش، كىرىش سۆز I (ليۇ ۋېنلۇڭ)
③ «شىنجاڭ ئۆلكىلىك رۇسچە سىياسىي - قانۇن مەكتەپنىڭ تۈنجى قارار ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساۋاقداشلار خاتىرىسى»، كىرىش سۆز II (فەن ياۋنەن)
④ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش، كىرىش سۆز I .
⑤ «شىنجاڭ ئۆلكىلىك رۇسچە - سىياسىي - قانۇن مەكتەپنىڭ تۈنجى قارار ئوقۇغۇچىلار-نىڭ ساۋاقداشلار خاتىرىسى»، كىرىش سۆز VII (چېن يۈمىنىڭ)

گىلى بولدۇ»[1]. ئۈچىنچى، ئىچكى سىياسەت ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا پايدىلىق، ياڭ زېڭشىن بۇ مەكتەپنى ئېچىش «دىپلوماتىيە ۋە ئىچكى سىياسەتكە پايدىلىق[2]» دەپ ھېسابلىدى. پەن ياۋنەنمۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ئىچكى ئىشلارنى باشقۇرۇش ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا سىياسىي - قانۇن ئاساس، قاتناش ئىشلىرىدىمۇ سىياسىي - قانۇندىن خەۋەردار خادىملارنى ئىشقا قويۇش كېرەك، بۇنداقلار قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى[3]». شۇڭا، ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنى قايرىپ قويۇپ، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ مەكتەپنى ئېچىش خىزمىتىگە مائارىپ نازارىتى مەسئۇل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ليۇۋېنلۇڭ ئۆزىنىڭ سودا - سېتىقى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، كونكرېت ئىشلارنى بېجىرىشكە نازارەتتىكى بىر بۆلۈمنىڭ باشلىقى جاڭ جېنيۇڭنى مەسئۇل قىلدى. ئىش پۈتكەندىن كېيىن ياڭ زېڭشىن بۇ ئىشنى مائارىپ مىنىستىرلىكىغا ئەنگە ئالدۇرۇش ئۈچۈن يوللىغان بولسىمۇ، لېكىن مائارىپ مىنىستىرلىكى «شىنجاڭدا ئوقۇتقۇچى كەمچىل، ئۇسكۇنىلەر يېتىشمەيدۇ» دەپ تەستىقلىمىدى. ياڭ زېڭشىن: «سەن تەستىقلىمىساڭ مەيلى، مەن ئۆزۈم دېگەننى قىلىۋېرىمەن» دەپ، مەكتەپ نامىغا «شىنجاڭ ئۆلكىلىك» دېگەن ئاتاقنى كىيدۈرۈپلا مەكتەپ ئېچىۋەردى. بۇ مەكتەپنىڭ تۇنجى قارار 31 نەپەر ئوقۇغۇچىسىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 - سىنىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن تاللانغانىدى، ئۇلارغا 1926 - يىلى قوبۇل قىلىنغان 13 نەپەر ئوقۇغۇچىنى قوشقاندا، جەمئىي 44 نەپەر ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇ بولۇپ، يەنە ئاز ساندا خۇيزۇ، ئۇيغۇر، مانجۇ ۋە شىبە ئوقۇغۇچىلار بار ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش، ئومۇمىي ئىشلار ۋە خوجىلىق ئىشلىرىغا ئايرىم - ئايرىم جاڭ چۈنشى، چېن يۈەنيىڭ (ئەسلىدە ۋاڭ رۇجى، لى زېيىنلەر مەسئۇل ئىدى)، لى بىڭگېنلەر مەسئۇل بولۇپ،

---

① ئالدىنقى ئىزاھ بىلەن ئوخشاش، كىرىش سۆز I.
② يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش، كىرىش سۆز I.
③ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش، كىرىش سۆز II.

ئۇلار ئوقۇتۇشقا نازارەت قىلىش، مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ۋە بوغالتىرلىق - كاسسىرلىق، خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى بىجىرەتتى. مەكتەپنىڭ كونكرېت ئىشلىرىنى ئىلمىي مۇدىر جاڭ جۈنشى باشقۇراتتى، ليۇ ۋېنلۇڭ بولسا، ئاتاقتىلا مەكتەپ باشلىقى ئىدى، خالاس. بۇ مەكتەپتە مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلاردىن باشقا يەنە جاڭ چېن، بى رىچيەن، جاۋ گوبىڭ، چۈي خەنشياڭ، چيەن رۇگۇڭ، مىجىت (روسىيەلىك)، نىكىسەي (روسىيىلىك) قاتارلىق قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلارمۇ بار ئىدى. ئۆتۈلىدىغان دەرسلىكلەردىن رۇسچە دەرسلىك، جىنايى ئىشلار قانۇنى، ئاساسىي قانۇن، خەلقئارا قانۇن، دۇنيا تىلى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ئىچىدە رۇسچە دەرسلىك بىلەن قانۇن دەرسى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن زۆرۈر دەرسلىك ھېسابلىناتتى، رۇسچە دەرسلىكلەر روسىيە جۇغراپىيەسى، تارىخ، كىلاسسىك ئەدەبىيات، جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ قوشۇن كۆمۈر كېنى توغرىسىدىكى دىپلوماتىيە سۆھبەت خاتىرىسى (رۇسچە)، رۇسچە گېزىتلەردىن تاللانمىلار قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى؛ قانۇن دەرسى جەھەتتە، بېيجىڭ چاۋ ياڭ داشۆسىنىڭ كونسپېكلىرى، پسىخولوگىيە، ئېتىكا، قانۇن ئىلمىي ئومۇمىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي قانۇن، ھەق تەلەپ قانۇنى، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، خەلقئارا قانۇن ۋە دۇنيا تىلى قاتارلىقلار ئۆتۈلەتتى. دۆلەت تىلى دەرسلىكىدە تۆت كىتاب، بەش دەستۇر قاتارلىقلاردىكى مەزمۇنلار ئاساس قىلىناتتى. ياڭ زېڭشىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ئارىلاپ تەكشۈرگەندە، دائىم دېگۈدەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۆلەت تىلى ئىمتىھان قەغىزىنى كۆرۈپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسىنى كۆزىتىپ تۇراتتى.

ياڭ زېڭشىن بۇ مەكتەپكە ئىنتايىن ئېتىبار بەردى، مەكتەپ راسخوتىغا سەنداۋبادىكى خانلىق يەرلەرنىڭ ئىجارىسىنى بەرگەندىن باشقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش، ياتاق راسخوتىنى ھەقسىز قىلىشنى تەستىقلىدى ھەمدە بىر ئوقۇغۇچىغا ھەر ئايدا 12 سەر ياردەم پۇلى بېرىپ تۇردى. شۇ چاغدىكى بازار باھاسى بويىچە 12 سەر پۇلغا 200 جىڭ ئاق ئۇن سېتىۋېلىشقا

بولاتتى. ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا ماتارىپ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭ ياڭ زېڭشىننىڭ مۇددىئاسى بويىچە، سىلەر ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن «ئامباللىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولىسىلەر①». دەپ جاكارلىدى. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنى «ئەمەلدار» دەپ چاغلاپ، ئۆزىنى ياساپ ۋە ھەق تەلەپ قىلىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ياخشى ئوقۇمىدى. مەكتەپنىڭ ئىسلىھەلىرى ئاددىي، كىتاب - ماتېرىياللىرى يوق دېيەرلىك ئىدى.

رۇسچە سىياسىي - قانۇن مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچ يېرىم يىلدىن كۆپرەك ئوقۇپ، 1928 - يىل 7 - ئايدا ئوقۇش پۈتتۈردى. ياڭ زېڭشىن نەتىجىسى ئالدىنقى قاتاردىكى ئون نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەر بىرىگە «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» نى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى رىغبەتلەندۈردى ھەمدە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ 2 - ئىشخانىسىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا جەدۋەلدىكى ئىسمى، يېشى، يۇرتى دېگەن كاتەكچىلەرنى تولدۇرغۇزدى ۋە ئۇلاردىن بىر - بىرلەپ سوئال سورىدى، پۈختا «سىنچى»لىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، زېرەك، دۆت، دانىشمەن، بوزۇقلارنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، مىلىتارىست ھاكىمىيىتىگە سادىق خادىملارنى تاللىدى.

ماتارىپتىن باشقا، ياڭ زېڭشىن خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، يەنە «تەڭرىگە تاۋاپ قىلىپ كۇڭزىغا چوقۇنۇش» ۋە «داڭلىق ئەمەلدار - دانىشمەنلەرگە چوقۇنۇش②»، قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ھەدەپ يولغا قويدى. 1919 - يىلى، ئۇ «تەڭرىگە تاۋاپ قىلىش بىلەن كۇڭزىغا چوقۇنۇشنىڭ يولى بىر③». دېگەن ئىدىيىنى چىقىش قىلىپ، تەڭرى ئىبادەتخانىسىنى سالدۇردى. تەڭرى ئىبادەتخانىسى بىلەن ۋېنمياۋ ئىبادەتخانىسىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، يەنە كۇڭزى-

---

① ليۇ دېڭبىن «شىنجاڭ ئۆلكىلىك رۇسچە سىياسىي - قانۇن مەكتىپىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 3 - قىسمىغا بېسىلغان، 71 - بەت. ليۇ دېڭبىن كىچىكلۈك، رۇسچە سىياسىي - قانۇن مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارار سىنىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى.

② «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، A توپلام 2 - قىسىم 39 - بەت.

③ «تۇۋۋا - ئىستىغپار خاتىرىلىرى» 7 - جىلد.

نىڭ تەزيىە خېتىنى ۋېنمياۋ ئىبادەتخانىسىدىن تەڭرى ئىبادەتخانىسىنىڭ سەجدە قىلىش ئورنىغا يۆتكەپ كەلدى ھەمدە تەڭرى ئىبادەتخانىسىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېنىغا «داڭلىق ئەمەلدار - دانىشمەنلەرگە تاۋاپ قىلىش ھۇجرىسى» سالدۇردى، شەرق تەرەپتىكىسى «داڭلىق ئەمەلدارلارغا تاۋاپ قىلىش ھۇجرىسى»، غەرب تەرەپتىكىسى «دانىشمەنلەرگە تاۋاپ قىلىش ھۇجرىسى» ئىدى. ياڭ زېڭشىن مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن «داڭلىق ئەمەلدار - دانىشمەنلەر»، ئىككى خەن دەۋرىدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە بولغان ئارىلىقتا ياشىغانلار» بولۇپ، كۆڭۈزىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىغاندا، «ئۇلارغىمۇ نەزىر - چىراغ قىلىش كېرەك ئىدى[1]».

ياڭ زېڭشىن: «قوياش بولىدىكەن، كۆڭۈزىمۇ بولىدۇ، كۆڭۈزىنىڭ تەلىماتى قوياشتەك مەڭگۇ ياشايدۇ[2]» دەپ قارايتتى. ئۇ ھەر يىلى 2 - ۋە 8 - ئايلاردىكى ئايەم كۈنلىرىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ئايەم كۈنلىرىدە ئەمەلدارلار گۇەنمياۋ ئىبادەتخانىسىدا، قەلەمدارلار كۆڭۈزى ئىبادەتخانىسىدا ئىبادەت قىلىشقا ماڭغاندا، ئوقۇغۇچىلارمۇ سەپكە تىزىلىپ كۆڭۈزى ئىبادەتخانىسىغا ئىبادەتكە باراتتى. ئۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق مۇنداق دېگەنىدى: «جۇڭگودىكى مالىمانچىلىق، كۆڭۈزى - مىڭزى تەلىماتىنى تەشەببۇس قىلىش يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان[3]»، «ھەممەيلەننى كۆڭۈزى تەلىماتىغا ئەمەل قىلدۇرۇش كىشىلەرنى ئەدەپ - ئەخلاقلىق قىلىشتىكى مۇھىم مەسىلە[4]».

ياڭ زېڭشىننىڭ خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، 1919 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاران بىرلا كۇتۇپخانا بار ئىدى، ئۇنىڭدا 1 مىڭ 200 پارچىلا كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭ بىر يىللىق راسخوتى 800 يۈەندىن ئاشمايتتى. داۋالاش، سەھىيە ئىشلىرى تېخىمۇ ناچار ئىدى. 1917 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن، كېرىيە، لوپ ناھىيىلىرىدە

[1] «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» A توپلام 2 - قىسىم، 39 - بەت.
[2] «تۇۋە - ئىستىغبار خاتىرىلىرى» 7 - جىلد.
[3] «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار. لاۋزى خاتىرىلىرى» 3 - جىلد.
[4] «تۇۋە - ئىستىغبار خاتىرىلىرى» 7 جىلد.

ئۆتكۈر تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغاندا «ئۇ ناھىيىلەرنىڭ بەزىلىرىدە نەچچە 10 مىڭدىن، بەزىلىرىدە 10 نەچچە مىڭدىن ئادەم ئۆلگەن، ھەتتا بەزى ئۆيلەردە ھەممىسى كېسەل يۇقۇپ ئۆلۈپ كەتكەن①». «شىنجاڭدىكى ساياھەتتىن خاتىرە» دىمۇ ئاشۇ قېتىمقى يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ تارقىلىشى ئەھۋالى توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «خوتەن، كېرىيە، لوپ ئۈچ ناھىيىدە مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئۆتكۈر تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەل تارقالدى. ھازىرغىچە (1917 - يىل 7 - ئاينى كۆرسىتىدۇ) بېسىقمىدى، كېسەل تېگىپ ئۆلگەنلەر 100 نەچچە مىڭغا يەتتى (لوپ ناھىيىسىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، مىنگونىڭ 2 - يىلى كۈزدىن ھازىرغىچە كېسەل تېگىپ ئۆلگەنلەر 30 مىڭ 200 نەچچىگە يەتكەن). ئېتىزلار قاقجىراپ كەتكەن، ئون ئۆي بولسا توققۇزى بوش قالغان، يەرنىڭ باھاسى يېرىم تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، ئالىدىغان ئادەمنى تېپىش تەس بولۇپ قالغان». «بۇ كېسەل كەلتۈرگەن بالايىئاپەتنىڭ زىيىنى ئىلگىرى يۈننەن، گۇيجۇ ئۆلكىلىرىدە تارقالغان چاقا كېسىلىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن». يالڭ زېڭشىن مۇشۇنداق ئېغىر كېسەلنى داۋالاشقا ئاران بىرلا ھۆكۈمەت دوختۇرىنى ئەۋەتكەنىدى، 1918 - يىل 12 - ئايغا كەلگەندە، ئاندىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىدىن شىنجاڭدا تېبابەت كۇرس ئېچىشقا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە بۇ كۇرسقا 17 مىڭ 893 يۈەن 63 پۇڭنى خىراجەت قىلىشقا ئاجرىتىپ بېرىپ، تېبابەت خادىملارنى يېتىشتۈردى. بۇ كۇرسقا ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەندە ئوقۇغانلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ 40 نەپەر ئوقۇغۇچى تاللاندى، ئۇلارغا تېبابەت ئىلمىنى پىششىق بىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتتى، كۇرسنىڭ ۋاقتى ئۈچ يىل ئىدى. يۇقىرىقىلاردىن، يالڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە سەھىيە ئىشلىرىنىڭ نەقەدەر ئارقىدا قالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

① «سىۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» A توپلام 2 - قىسىم، 22 - بەت.

# ئىككىنچى باب

## ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشى ۋە «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى»

### 1 ـ بۆلۈم خەۋپ ئىچىدىكى مىلىتارىستلىق ھۆكۈمرانلىق

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ۋەزىيەت كۆرۈنۈشتە خېلى مۇقىمدەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يوشۇرۇن ئىجتىمائىي خەۋپ كۈنسايىن ئېغىرلاشتى.

جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۆلەت تۈزۈلمىسى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يەنىلا چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىغا بەرگەن ۋاڭ ـ گۇڭ ئاقسۆڭەكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇنۋان ـ مەرتىۋىسى بۇرۇنقىدەكلا ساقلىنىپ كېلىۋاتاتتى. ياڭ زېڭشىن قوزغىلىڭنى باستۇرغاندىن كېيىن قۇمۇل ۋاڭى دېھقانلاردىن تەتۈر ھېساب ئېلىپ، ئەسلىدىكى يەتتە كۈن ھاشارغا ئىشلەش ئالۋىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، دېھقانلارنى

ئاۋۋالقىدەكلا ھايۋاندىن بەتتەر تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. خوتەننىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش بېگىنىڭ ئۆزىنىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنى بولمىسىمۇ، لېكىن يەنىلا «50 ئۆيلۈك مەدىكار» بار ئىدى. بۇ «مەدىكارلار» بىر تەرەپتىن ۋاڭ - گۇڭلارنىڭ «يىلدا پايتەختكە بېرىشقا كېتىدىغان خىراجىتى» نى تەييارلاش مەجبۇرىيىتىنى داۋاملىق ئۆتىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارغا مەدىكارلىق قىلاتتى. ئەلنى ئىدارە قىلىش بېگى مەھكىمىسىدىكى بەزى بەگلەر فېئوداللىق ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ، «دائىم قاقتى - سوقتى قىلىش، ئالۋان - سېلىقنى كۆپەيتىش» ئارقىلىق دېھقانلارنى قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. زۇلۇمغا چىدىمىغان ئۇيغۇر دېھقانلار توختى قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىپ «سېلىق چېچىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش» ، «پۇقرالارنى قاقتى - سوقتى قىلىشنى توختىتىش» نى تەلەپ قىلغاچقا، ياڭ زېڭشىن 1920 - يىلى 7 - ئايدا، «خوتەننىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش بېگىنىڭ مەدىكارلىرىنى ئازايتىش» ، «ئۇنىڭغا ھۆكۈمەت ھېسابىدىن 200 سەر قوشۇمچە ياردەم بېرىش» ، «ئۇنىڭ ئۆزى مەدىكار ياللىشى[1]»غا يول قويۇش توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىشكە مەجبۇر بولدى.
ئالتاي رايونىدا، قازاق ۋە موڭغۇل چارۋىچىلار ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك باج - سېلىقلىرىنى ئادا قىلغاندىن باشقا، يەنە پالتا چىڭۋاڭ ۋە مىڭبېشى، يۈز بېشىلارغا ئېغىر ئالۋان - ياساق تاپشۇراتتى. تولۇقسىز مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، يالغۇز پالتا چىڭۋاڭ قازاقلارغا سېلىق چېچىپ يىغقان تۆگە 3000 تۇياققا، ئات 3000 تۇياققا، كالا 1500 تۇياق (ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆي 500 تۇياق، ئىنەك 1000 تۇياق) قا، قوي 10 مىڭ تۇياققا، «ئۇلارنىڭ قىممىتى جەمئىي 355 مىڭ سەرگە يەتكەن[2]» . پالتا چىڭۋاڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەر دائىم «موڭغۇل - قازاقلارنى قورقىتىپ، ئۇلارنى قاقتى - سوقتى قىلاتتى» . ئۇلار چارۋىچىلىق رايونىغا بېرىش بىلەنلا «تۆگىلەرنى يىغىپ ھەربىي ئاشلىق توشۇتاتتى» ھەمدە «پۇل، چاي، رەخت قاتارلىقلارنى يىغاتتى» . قازاقلارنىڭ بەزى بەگلىرى «قوۋمىنى موڭغۇللارنىڭ مال

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار 1» 2 - جىلد، 5 -، 7 - بەتلەر.
② «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» A توپلام 1 - قىسىم 1 - بەت.

چارۋىلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدۇرۇپ①، مىللىي ماجىرا پەيدا قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، موڭغۇل چارۋىچىلىرى ھەر يىلى يەنە تۇرغۇت قەبىلىسىنىڭ مۇئاۋىن ئايماق باشلىقىغا 1200 سەر پۇل، 3600 جىڭ ئۇن، ئۈچ دادەن ئالتە كۇرە گۈرۈچ، ئۈچ دادەن ئالتە كۇرە سېرىق گۈرۈچ، 48 تاختا چاي، 60 تۇياق قوي، 30 دادەن پۇرچاق، 6000 باغلام ئوت، 150 ھارۋا ئوتۇن تاپشۇرۇشى، ئىككى نەپەر كىش (مالاي) ئەۋەتىشى، نەزىر - چىراغ ئۈچۈن ئۈچ كالا بېرىشى؛ ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يۈز سەر پۇل بېرىش، بىر ئاشپەز، بىر مالاي ئەۋەتىشى، ئوغلىنى ئۆيلىگەندە ياكى قىزىنى ياتلىق قىلغاندا 1000 سەر پۇل بېرىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، موڭغۇل چارۋىچىلىرى «ئېغىر ئالۋان - ياساق دەستىدىن تىرىكچىلىك قىلىشقا ئامالسىز قالغاچقا»، بۇ ئىشقا تولىمۇ نارازى ئىدى. بۇ زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن ئۆزى ئارىغا چۈشۈپ «بۇرۇنقى ئالۋان-ياساقنىڭ يېرىمىنى ئازايتىش»، لېكىن نەزىر - چىراغ ئۈچۈن بېرىدىغان ئۈچ كالا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بېرىدىغان يۈز سەر پۇل، بىر ئاشپەز، بىر مالاي، ئەۋەتىش، ئوغلىنى ئۆيلىگەندە ياكى قىزىنى ياتلىق قىلغاندا بېرىدىغان 1000 سەر پۇل قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى «بۇرۇنقىدەك ئادا قىلىش②». توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

چۆچەك، دۆربىلجىن قاتارلىق جايلاردىكى قازاق چارۋىچىلار مال - چارۋىلىرى ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە باج تاپشۇرغاندىن سىرت، يەنە يىللىق ئىجارە تۆلەيتتى، يەنى بىر تۆگە ئۈچۈن ئىككى سەر باج، بىر مىسقال ئىككى پۇڭ يىللىق ئىجارە؛ بىر كالا ئۈچۈن بىر مىسقال بەش پۇڭ باج، ئالتە پۇڭ يىللىق ئىجارە؛ بىر ئات ئۈچۈن ئىككى سەر باج، سەككىز پۇڭ يىللىق ئىجارە، بىر قوي ئۈچۈن ئىككى پۇڭ باج، بىر پۇڭ يىللىق ئىجارە تاپشۇراتتى. يەرلىك بەگلەرمۇ ھۆكۈمەتنىڭ نامىنى سېتىپ ئۆزىنىڭ چۆنتىكىنى تولدۇرۇپ، پۇقرالارنى خالىغانچە قاقتى - سوقتى قىلاتتى، باج - سېلىق يىغقاندا، «يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان باج نىسبىتى يۈزدە

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» A توپلام 1 - قىسىم 40 - بەت.
② «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» H توپلام I ، 32 - بەت.

ئىككى- ئۈچ پىرسەنت بولسا، تۆۋەنگە سەككىز - توققۇز پىرسەنت سېلىق چاپاتتى». ئۇلار مال - چارۋا ۋە ئوتلاقلاردىن باج - سېلىق ئالغاندىن باشقا، يەنە «ئوتۇن سېلىقى» چاپاتتى؛ «شەھەرگە گومىنىڭ ئىشى ئۈچۈن كىرسە پاكى يايلاقلاردا ئىش بېجىرسە»، «چارۋىچىلارنىڭ مال - چارۋىلىرىدىن كۆپەيتىپ باج - سېلىق ئالاتتى». قانۇننى كۆزگە ئىلمايدىغان بەزى ئاچ كۆز ئەمەلدارلار بەگلەرنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ پارا ئېلىش ئۈچۈن قەستەن «ئۇلاردىن قوسۇر ئىزدەپ، پىتنە - پاسات تارقىتاتتى»؛ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان بەگلەر ۋەزىپىسىنى قايتا قولغا ئېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن پارا بېرەتتى، «بۇنىڭغا كەتكەن چىقىمنى پۇقرالارغا سېلىق چېچىپ ئۇندۇرۇۋالاتتى[1]». شۇڭا، يەنىلا قازاق چارۋىچىلار زىيان تارتاتتى. ئۇلار ئېكسپىلاتاتسىيىگە چىدىماي تۈركۈم - تۈركۈملەپ قېچىپ كېتەتتى. ياقا يۇرتتا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلسە، بەگلەر «كونا باج قەرزىنى تۆلىمىگەندىن باشقا»، يەنە «قېچىپ كەتكەنلىك گۇناھى ئۈچۈن جازا تەرىقىسىدە سېلىقنى ئېغىرلىتىپ ئالاتتى[2]». شۇڭا، چارۋىچىلار ھايات كەچۈرەلمەيدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالغانىدى.

ئىلى رايونىدىكى قازاقلارنىڭ ھال - كۈنى ئەسلىدە يامان ئەمەس ئىدى، لېكىن 1922 - يىلىدىن كېيىن، «يۇڭ - تېرە سېتىلماي، باھاسى چۈشۈپ كەتكەنلىكى»، چارۋىچىلار «سودىگەرلەرگە قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلىقى»، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت ۋە بەگلەر «باج - سېلىقنى ئۈزلۈكسىز ئېغىرلاشتۇرغانلىقى» ئۈچۈن، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدى. بەگلەرنىڭ باجگىرلىرى باج - سېلىقنىڭ يېرىمىنى يۇقىرىغا تاپشۇرسا، يېرىمىنى چۆنتىكىگە سالاتتى. چارۋىچىلىق رايونىغا باج ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە بارغان ھەيئەتلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پۇقرالارنى تېخىمۇ بەك قاقتى - سوقتى قىلاتتى. «مال - چارۋا ئوت - چۆپلەردىن باج ئېلىش نىزامى» دا «ھەر 100 قويدىن ئۈچ قوي باج

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار I» 14 - جىلد، 24 -، 25 - بەتلەر.
② «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار I» 14 - جىلد، 24 - بەت.

چارۋىلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدۇرۇپ① ، مىللىي ماجىرا پەيدا قىلاتتى.
ئۇنىڭدىن باشقا، موڭغۇل چارۋىچىلىرى ھەر يىلى يەنە تۇرغۇت قەبىلىسى-
نىڭ مۇئاۋىن ئايماق باشلىقىغا 1200 سەر پۇل، 3600 جىڭ ئۇن، ئۈچ
دادەن ئالتە كۆرە گۈرۈچ، ئۈچ دادەن ئالتە كۆرە سېرىق گۈرۈچ، 48
تاختا چاي، 60 تۇياق قوي، 30 دادەن يۇرچاق، 6000 باغلام ئوت، 150
ھارۋا ئوتۇن تاپشۇرۇشى، ئىككى نەپەر گىش (مالاي) ئەۋەتىشى، نەزىر-
چىراغ ئۈچۈن ئۈچ كالا بېرىشى؛ ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يۈز سەر
پۇل بېرىش، بىر ئاشپەز، بىر مالاي ئەۋەتىشى، ئوغلىنى ئۆيلىنگەندە ياكى
قىزىنى ياتلىق قىلغاندا 1000 سەر پۇل بېرىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا،
موڭغۇل چارۋىچىلىرى «ئېغىر ئالۋان - ياساق دەستىدىن تىرىكچىلىك
قىلىشقا ئامالسىز قالغاچقا» ، بۇ ئىشقا تولىمۇ نارازى ئىدى. بۇ زىددىيەتنى
پەسەيتىش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن ئۆزى ئارىغا چۈشۈپ «بۇرۇنقى ئالۋان-
ياساقنىڭ بېرىمىنى ئازايتىش» ، لېكىن نەزىر - چىراغ ئۈچۈن بېرىدىغان
ئۈچ كالا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بېرىدىغان يۈز سەر پۇل، بىر ئاشپەز،
بىر مالاي، ئەۋەتىش، ئوغلىنى ئۆيلىنگەندە ياكى قىزىنى ياتلىق قىلغاندا
بېرىدىغان 1000 سەر پۇل قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى «بۇرۇنقىدەك ئادا
قىلىش②» . توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

چۆچەك، دۆربىلجىن قاتارلىق جايلاردىكى قازاق چارۋىچىلار مال -
چارۋىلىرى ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە باج تاپشۇرغاندىن سىرت، يەنە يىللىق ئىجارە
تۆلەيتتى، يەنى بىر تۆگە ئۈچۈن ئىككى سەر باج، بىر مىسقال ئىككى
پۇڭ يىللىق ئىجارە؛ بىر كالا ئۈچۈن بىر مىسقال بەش پۇڭ باج، ئالتە
پۇڭ يىللىق ئىجارە؛ بىر ئات ئۈچۈن ئىككى سەر باج، سەككىز پۇڭ
يىللىق ئىجارە، بىر قوي ئۈچۈن ئىككى پۇڭ باج، بىر پۇڭ يىللىق ئىجارە
تاپشۇراتتى. يەرلىك بەگلەرمۇ ھۆكۈمەتنىڭ نامىنى سېتىپ ئۆزىنىڭ چۆن-
تىكىنى تولدۇرۇپ، پۇقرالارنى خالىغانچە قاقتى - سوقتى قىلاتتى،
باج - سېلىق يىغقاندا، «يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان باج نىسبىتى يۈزدە

---

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» A توپلام 1 - قىسىم 40 - بەت.
② «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» H توپلام I ، 32 - بەت.

ئىككى- ئۈچ پىرسەنت بولسا، تۆۋەنگە سەككىز - توققۇز پىرسەنت سېپىلىق چاچاتتى». ئۇلار مال - چارۋا ۋە ئوتلاقلاردىن باج - سېلىق ئالغاندىن باشقا، يەنە «ئوتۇن سېلىقى» چاچاتتى: «شەھەرگە ئومۇمنىڭ ئىشى ئۈچۈن كىرسە ياكى يايلاقلاردا ئىش بىجىرسە»، «چارۋىچىلارنىڭ مال - چارۋىلىرىدىن كۆپەيتىپ باج - سېلىق ئالاتتى». قانۇننى كۆزگە ئىلمايدىغان بەزى ئاچ كۆز ئەمەلدارلار بەگلەرنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ پارا ئېلىش ئۈچۈن قەستەن «ئۇلاردىن قوسۇر ئىزدەپ، پىتنە - پاسات تارقىتاتتى»؛ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان بەگلەر ۋەزىپىسىنى قايتا قولغا ئېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن پارا بېرەتتى، «بۇنىڭغا كەتكەن چىقىمنى پۇقرالارغا سېلىق چېچىپ ئۇندۇرۇۋالاتتى[①]». شۇڭا، يەنىلا قازاق چارۋىچىلار زىيان تارتاتتى. ئۇلار ئېكسپىلاتاتسىيىگە چىدىماي تۈركۈم - تۈركۈملەپ قېچىپ كېتەتتى. ياقا يۇرتتا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلسە، بەگلەر «كونا باج قەرزىنى تۆلىتىۋالغاندىن باشقا»، يەنە «قېچىپ كەتكەنلىك گۇناھى ئۈچۈن جازا تەرىقىسىدە سېلىقنى ئېغىرلىتىپ ئالاتتى[②]». شۇڭا، چارۋىچىلار ھايات كەچۈرەلمەيدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالغانىدى.

ئىلى رايونىدىكى قازاقلارنىڭ ھال - كۈنى ئىسلىدە يامان ئەمەس ئىدى، لېكىن 1922 - يىلىدىن كېيىن، «يۇڭ - تېرە سېتىلماي، باھاسى چۈشۈپ كەتكەنلىكى»، چارۋىچىلار «سودىگەرلەرگە قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلىقى»، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت ۋە بەگلەر «باج - سېلىقنى ئۆزلۈكسىز ئېغىرلاشتۇرغانلىقى» ئۈچۈن، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدى. بەگلەرنىڭ باجگىرلىرى باج - سېلىقنىڭ يېرىمىنى پۇقرىغا تاپشۇرسا، يېرىمىنى چۆنتىكىگە سالاتتى. چارۋىچىلىق رايونىغا باج ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە بارغان ھەيئەتلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پۇقرالارنى تېخىمۇ بەك قاقتى - سوقتى قىلاتتى. «مال - چارۋا ئوت - چۆپلەردىن باج ئېلىش نىزامى» دا «ھەر 100 قويدىن ئۈچ قوي باج

---

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» I، 14 - جىلد، 24 -، 25 - بەتلەر.
② «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» I، 14 - جىلد، 24 - بەت.

ئېلىش» دېمەك بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئۇلار تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن چارۋى-
چىلارنى قاقتى - سوقتى قىلغاچقا، چارۋىچىلار «ئۇلارغا بىر نەچچە قوينى
بىر قويغا ھېسابلاپ بېرىپ ياكى نۇرغۇن پۇل بېرىپ ئۇلاردىن قۇتۇلۇشقا»
مەجبۇر بولاتتى. باج تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بېرى-
شىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چارۋىچىلار ئۇنىڭغا «بىر ئېسىل ئات ھەدىيە
قىلغان» دىن باشقا، يەنە «مەھكىمىدىكى يېقىنلىرىغىمۇ بىردىن ئات يول-
لۇق تۇتاتتى» ، «بېدىلىك» لەرمۇ ئارىلىقتىن نۇرغۇن نەپ ئالاتتى. ھەيئەت
بارغانلا جايدا، چارۋىچىلار تەرىپىدىن قوي گۆشى ۋە سۈتلۈك چايدا كۈتۈ-
لەتتى، «بۇنىڭغا كەتكەن چىقىم بەزىدە باج - سېلىقتىنمۇ ئېشىپ كېتە-
ـەتتـى» ؛ ئۇ ھەتتا «چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيىدىكى كۆزنەك چىرايلىق
كۆرۈنگەن نەرسىلەرنى خالىغانچە ئېلىپ كېتەتتى، ئۆي ئىگىسى بۇنىڭغا
لام - مىم دېيەلمەيتتى»① . «خەلقنى بوزەك قىلىپ، دۆلەتكە ھاقارەت
كەلتۈرىدىغان» بۇنداق قىلمىشلار قازاق چارۋىچىلىرىغا ئېغىر بالايىئاپەت
كەلتۈردى، ياڭ زېڭشىن چارۋىچىلار بىلەن بەگلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددى-
يەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، شەھەرگە ئومۇمنىڭ ئىشى ئۈچۈن كىرگەن
بەگلەرگە قوي بېرىشنى بەلگىلىگەندىن باشقا، يەنە ئۇلارنىڭ «يول خىراجە-
تى» ئۈچۈن مىڭبېشىغا 20 قوي، مۇئاۋىن مىڭبېشىغا 15 قوي، يۈز
بېشىغا ئون قوي بەردى. بۇ خىل ئۇسۇل، كۆرۈنۈشتە «قازاقلارنىڭ
قىيىنچىلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن» قىلىنغاندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە
بولسا ئۇلارنىڭ باج - سېلىق ئېلىشىنى قانۇنىيلاشتۇرغانلىق ئىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا، «شائىيولارنىڭ پۇقرالارنى بوزەك قىلىشى» مۇ
ناھايىتى ئېغىر ئىدى. بەگلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن، شائى-
يولار ئۇلارنىڭ ئىزىنى باستى② . ئادەتتە بىر كەنتتە ياكى بىر قانچە كەنتتە

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» 14 جىلد، 21 - بەت.

② بەگلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا 1887 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي خانىنىڭ 13 - يىلى) ئېنىق بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسى يەنە بەگلەرنىڭ ئىسلىدىكى جەرگە پەرقىغە ئاساسەن، ئۇلارنى مۆلكىي ئەمەلدار، شائىيو، جىسا قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە قويدى. بەگلىك تۈزۈمى خېلى ئۇزاق داۋام قىلغاچقا، بۇ تۈزۈم «ئەمەلدىن قالغان» دىن كېيىنمۇ، يەرلىك ئاھالىلەر شائىيولارنى يەنىلا بۇرۇنقى ئادەت بويىچە بەگ دەپ ئاتىدى.

بىر شائخيو بولاتتى، ناھىيىلەرگە باش شائخيو قويۇلمايتتى. شۇڭا، «نام بېكىتىلانغان بىلەن ئەمەلىي ھوقۇق يەنىلا ئاشۇلاردا ئىدى[1]». بۇ شائخيولار خۇددى «ئاشلىقتا چۇشكەن مىتە» دەك يۇقىرىلارغا زىيانكەشلىك قىلدى. ئۇلار «ھۆكۈمەتكە تايىنىپ يۇقىرانى ئاتنى تېپىپ، خەلقنى قاتتىق قاقشاتتى[2]». شائخيولارنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ «زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان» لىقىدىكى سەۋەب، جايلاردىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ قولچومىقى قىلغانلىقىدا ئىدى. ئۇلار ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، بىر - بىرىدىن پايدىلىناتتى. «يەرلىك ئەمەلدارلار شائخيولارنى قولچوماق قىلسا، شائخيولار يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۆزىگە ھەماتچى قىلدى[3]». شائخيولار «يۇقىرىلارنى قاتتىق قاقشىتىپ ئەمەلدارلارنىڭ كەيپى - ساپا سۈرۈشىنى تەمىن ئەتسە[4]»، ئەمەلدارلار «شائخيولارنى ئاۋام خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالغان[5]». شائخيولار پۇرسەتلا تاپسا خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى قاقتى - سوقتى قىلاتتى، مەكتەپ ئېچىش، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش، كان ئېچىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلار ئۈچۈن قاقتى - سوقتى قىلىدىغان ياخشى پۇرسەت ئىدى. سىبلىق چاچقاندا «نەپ ئالسا قانائەتلىنەتتى، نەپ چىقمىسا يەنە سىبلىق چاچاتتى[6]». بەگلەر ئۆي - ۋاق سالسا، «مەدىكار سىبلىقى چاچاتتى»، قوشۇن مەلۇم بىر جايدىن ئۆتكەندە كېرەكلىك ھەربىي ئاتنى «بازار باھاسى بويىچە ياللاپ ئىشلىتىش» دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن شائخيولار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىبلىق چاچاتتى - دە، ھۆكۈمەت باھاسى بىلەن بولغان ئارىلىقتىكى پەرقتىن نەپ ئېلىپ چۆنتىكىنى تولدۇراتتى. يەرلىك ئەمەلدار بىر دادەن ئاشلىق ئالماقچى بولسا، شائخيو دەرھال يۇقىرىغا ئىككى دادەن سىبلىق چاچاتتى، يەرلىك ئەمەلدار ئاشلىق ئۈچۈن بىر سەر پۇل

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» H تومى I، 39 - بەت.
② «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار I» 14 - جىلد، 35 -، 39 -، 40 - بەتلەر.
③ يۇقىرىقى كىتاب، 14 - جىلد، 40 - بەت.
④ «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» H تومى I، 24 - بەت.
⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 39 - بەت.
⑥ يۇقىرىقى كىتاب، A تومى 1 - قىسىم، 28 - بەت.

بەرسە، شائىيو پۇقرالارغا بىر مىسقال پۇل بېرەتتى. ياڭ زېڭشىن «خەلققە ئېغىر زىيان سالىدىغان» بۇ شائىيولارنى كۆرۈنۈشتە بىر نەچچە ئېغىز تىللاپ قويغان، ھەتتا «شائىيولارنى ئازايتىدىغانلىقى» نى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن «ھە - ھۇ دېيىشىپ بېرىدىغانلار» بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يەنىلا ئاشۇلارنى ئىشلەتتى. شۇڭا، ئۇ پەقەت «باش شائىيولۇق ئەمىلىنى بىكار قىلغان» ۋە «مۇئاۋىن شائىيولۇق ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلىغان» بولسىمۇ، لېكىن شائىيولۇق تۈزۈمىنىڭ ئاساسىغا تېگەلمىدى.

شۇ چاغدا يەرلىك ئەمەلدارلار شائىيونى كۆپەيتىش ۋە ئۇلارنى ئالماشتۇرۇشنى بېيىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى قىلىۋالدى. ياڭ زېڭشىن «لوپ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى ۋېن زاۋنىڭ شائىيولارنى ئازايتىش توغرىسىدىكى تەكلىپىگە سالغان تەستىقى» دا مۇنداق دېگەنىدى: «تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭدا يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ شائىيولارنى كۆپەيتىش، شائىيولارنى ئالماشتۇرۇشتا قىلغان ساختىپەزلىكى ناھايىتى ئېغىر ئىكەن، يەرلىكتە بىر شائىيو كۆپەيتىلسىمۇ، بىر شائىيو ئالماشتۇرۇلسىمۇ، يەرلىك ئەمەلدار پارا ئالىدىكەن، ئەمەلدارلارنىڭ شائىيولۇق ئەمىلىنى سېتىش ئەھۋالىمۇ بار ئىكەن. ئەمما، ئۇلار پۇقرالارنىڭ ئۆلۈش - تىرىلىشى بىلەن كارى يوق ئىكەن، شۇڭا شائىيولارنى كۆپەيتكەنسېرى پۇقرالارنىڭ سېلىقى شۇنچە كۆپىيىدۇ①». ئۇ «شائىيولۇق ئەمىلىنى سېتىش» نىڭ ئېغىر بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنى بىلمىگەن بولۇۋالدى، ئەمەلىيەتتە سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى.

جىسالارمۇ شائىيولارغا ئوخشاشلا خەلققە زىيان سالاتتى. ياڭ زېڭشىننىڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىدىكى بۇ قولچوماقلار ھەممە يەردە قاتراپ يۈرۈپ «پۇقرالارغا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، ئۇلارنى قاقشىتىپ②»، «2 - ئامبال» بولۇۋالغان بولۇپ، ئۇلار يەرلىكتە چوڭ بىر ئاپەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇلار «ھەق تەلەپ، دەۋا ئىشلىرىغا ئارىلىشىش يۈرۈستىدىن پايدىلىنىپ، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلاتتى، ئۇلاردا

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار I» 14 - جىلد، 39 -، 40 - بەتلەر.
② «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار I» H توپلام 11، 21 - بەت.

كىشەن، جازا قوراللىرى، تۈرمە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەل ئىدى».
ئۇلار ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئوغرى - قاراقچىلار بىلەن زاڭ ماللارنى بۆلۈشۇۋالاتتى، شائىيولار بىلەن بىرلىشىپ ئەسكىلىك قىلاتتى ھەمدە گۇناھسىز خەلقنى خالىغانچە سولاپ، رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىك قىلاتتى، بۇ جىنسارلارغا خەلق ئىچى - ئىچىدىن غەزەپلەنسىمۇ، لېكىن ئامباللار «تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارغا چاپان ياپقاچقا»، «خەلق ناھەقچىلىق بولسىمۇ غەمنى ئىچىدە ساقلاشقا مەجبۇر بولاتتى①». ياڭ زېڭشىن زىددىيەتنى پەسەيتىپ، خەلقنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن، جىسالىق ئەمەلىنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى فېئودال ۋاڭ، گۇڭ ئاقسۆڭەكلەر، شائىيولار، بەگلەر ۋە جىسالارنىڭ زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغاندىن باشقا يەنە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ تۈرلۈك يوللار بىلەن قاقتى - سوقتى قىلىشىغا ئۇچرايتتى. مىنگونىڭ تۇنجى يىلى، ياڭ زېڭشىن «ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلغان» دىن كېيىن، بىر قىسىم خىيانەتچى ئەمەلدارلار نەپسىنى بىر ئاز يىغىشقا مەجبۇر بولغاچقا، دەرۋەقە بىر قىسىم ئامما بۇنىڭلىق بىلەن قايمۇقۇپ قالغانىدى. لېكىن، ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنىڭ سىنىپىي تەبىئىتى «ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشى» نىڭ ئۇزۇل - كېسىل بولماسلىقىنى بەلگىلىگەنىدى. بولۇپمۇ 500 يۈەن پارا ئالغان ئەمەلدار ئېتىپ تاشلىنىدۇ دېگەن قانۇن ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن، يەرلىك ئەمەلدارمۇ قىلچە تەپ تارتمايدىغان بولۇپ كەتتى، ئۇلارنىڭ «قاقتى - سوقتى قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر دائىم تارقىلىپ تۇردى② .» «خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ پۇقرالارنى بوزەك قىلىش» ئەھۋالىمۇ دائىم يۈز بېرىپ تۇردى. جەنۇبىي شىنجاڭدا، ئەمەلدارلارنىڭ جازانىخورلۇق قىلىشى ئومۇمىي ئەھۋال ئىدى. ئۇلار «دائىم ھۆكۈمەتنىڭ نامىنى سېتىپ شەخسىي قەرز تارقىتاتتى»، ھۆكۈمەت 10 مىڭ سەر قەرز تارقاتسا، خۇسۇسىيلار تارقاتقان قەرز 20 مىڭ سەردىن ئاشاتتى. ئۇلار

① يۇقىرىقى كىتاب، 19 - بەت.
② «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار I»، 2 - جىلد، 36 - بەت.

«قول - ئىلكىدە بار ئائىلىلەر» گە زورمۇ زور قەرز تارقاتقاندىن باشقا، يەنە سېلىق چېچىش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى، شۇڭا «ئەمەلدار شاڭيوغا، شاڭيو پۇقرالارغا سېلىق چاپىدىغان» غەلىتە ئەھۋال ئوتتۇرىغا چىققانىدى. «ھۆكۈمەت پۇلىنىڭ ئۆسۈمى» ئەسلىدە ئېيىغا بىر پۇڭ دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىككى پۇڭ ھېسابىدا ئۆسۈم ئېلىپ يىغىۋالاتتى، ھۆددە ئېلىۋالغۇچىلار بولسا بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ تېخىمۇ كۆپ ئۆسۈم ئىككى پۇڭدىنمۇ كۆپ يىغاتتى، شۇڭا خەلق «قاتمۇ قات ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرايتتى[①]» . ئۇنىڭدىن باشقا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى ئەمەلدارلار يەنە ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىنلىرىنىڭ «ئۆز ئالدىغا قەرز تارقىتىپ، پۇقرالارنى قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا» يول قوياتتى، قەرزگە بوغۇلغانلار خوتۇنى ۋە بالىلىرىنى سېتىۋېتىدىغان ئەھۋال دائىم چېلىقىپ تۇراتتى[②].

باج - سېلىقنى ئېغىرلىتىش - ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنىڭ خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىشتىكى ۋاستىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ ئۆزى ھۆكۈمەرانلىق قىلغان مەزگىلدە، شىنجاڭدا ھاراق - تاماكا پەيجۇ بېجى ئۇچۇن 10 مىڭ يۈەن، ماركا بېجى ئۇچۇن 80 مىڭ يۈەن يېڭىدىن باج ئالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باج سوممىسى كۆپەيتىلمەي، بۇرۇنقى بويىچە ئېلىنىدى دەپ جار سالغانىدى، ئەمەلىيەتتە، جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، باج - سېلىق ھەسسىلەپ كۆپەيدى. 1912 - يىلى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يىللىق كىرىمى ئاران 1 مىليون 583 مىڭ 67 يۈەن ئىدى، 1927 - يىلغا كەلگەندە 4 مىليون 745 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، بۇرۇنقىدىن 3 مىليون 162 مىڭ 733 يۈەن كۆپەيدى. ماركا بېجىنى ئېلىپ ئېيتساق، كىرىمى خېلى كۆپ بولغان 1917 - يىلى 20 _ 30 مىڭ يۈەن بولغان بولسا، 1918 - ۋە 1919 - ئىككى يىلدا كۆپىيىپ «40 _ 50 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتكەن» . ياڭ زېڭشىن تېخى بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، ئۇنى

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار I» 14 - جىلد، 34 _، 35 - بەتلەر.
② يۇقىرىقى كىتاب، 13 - بەت.

يەنە 80 مىڭ يۈەنگە كۆپەيتمەكچى بولغان[1]. باجنىڭ كۆپەيتىلىشى يەنىلا يالڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالمىغاچقا، «پۇل بېسىش مالىيىسى»، «قەغەز پۇلغا تايىنىپ چىقىم قىلىش[2]»نى يولغا قويۇشقا توغرا كەلگەن، نەتىجىدە پۇل پاخاللىشىپ، «مال باھاسى قىممەت»، «ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كەتكەن» ۋەزىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. خىيانەتچى، ئاچكۆز ئەمەلدارمۇ پۇرسەتپەرەسلىك قىلدى، ئالايلۇق، ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى يۈيمۇ «قىممىتى تۆۋەن ھۆكۈمەت پۇلىنى قىممىتى يۇقىرى يارماققا تېگىشىش ئارقىلىق ئوتتۇرىدىن نەپ ئالدى». بۇنداق «ئۆرۈپ - چۆرۈپ، قاقتى - سوقتى قىلىش» ئۇسۇلى ئارقىلىق بىر دەمدىلا ھەسسىلەپ پايدا ئۇندۇرۇۋالغىلى بولاتتى[3]. مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئالدىدا يالڭ زېڭشىنمۇ: «يېقىندىن بۇيان نەق پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ، پۇل پاخاللىشىپ كەتتى، بىر جىڭ ئۇننىڭ باھاسى بىر مىسقال نەچچە پۇڭغا چىقتى، باشقا ماللارمۇ قىممەتلەپ كەتتى.[4]» دەپ ئاھ ئۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلققە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى.

ئەمەلدارلارنىڭ ساختىپەزلىك، خىيانەت قىلىپ چۆنتەكنى توشقۇزۇشى خەلققە تېخىمۇ ئېغىر زىيان سالدى. غەللە - پاراق يىغقاندا، غەللە - پاراق يىغىدىغان ئەمەلدار بىلەن نازارەتچى دائىم «بىرلىشىۋېلىپ ئارتۇق ئاشلىقنى بۆلۈشۈۋېلىش»، «ئاشلىقنى چوقچايتىپ كۇرىلەپ ئېلىش، كۇرە تېپىش»، ئاشلىقنى «كىرگۈزۈشتە ئېغىر جىڭلاپ، چىقىرىشتا تۈز جىڭلاپ بېرىش[5]» قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىناتتى. ھەربىي ئاشلىق سېتىۋېلىشنى ئالساق، «جايلاردىكى ئەمەلدار ھەربىي ئاشلىق سېتىۋېلىشنى باھانە قىلىپ، دائىم شەخسلەرگە سېلىق چاپاتتى.» «ئەمەلدار بۇ ئىشتىن زور نەپ ئالسا، پۇقرالار زىيان تارتاتتى»، ئەمەلدارلار دائىم «ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، قىممەت ساتاتتى ياكى ئاشلىقنى چوقچايتىپ

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار I» 2 - جىلد، 22 - بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 31 - بەت.
③ يۇقىرىقى كىتاب، 13 - جىلد، 35 - بەت.
④ «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» A توپلام 1 - قىسىم، 48 - بەت.
⑤ «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار I» 13 - جىلد، 6- بەت

كۆرلەپ ئېلىپ، بېرىشتە ئاز كەملەپ بېرەتتى». غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى ئاشلىق سېتىۋېلىشتا «ئېغىر جىڭلاپ ئېلىپ باشقىلارغا يېنىك جىڭلاپ بېرىش، ئەرزان ئېلىپ قىممەت سېتىش[①]» ئارقىلىق نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكەن. «خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىپ سىياسەتنى ئاياغ - ئاستى قىلمىدىغان» ئەھۋالمۇ ناھايىتى ئېغىر ئىدى. مەسىلەن، «شەخسىي ئوتۇن، ئوت - چۆپ يىغقاندا، كۆمۈر سېلىقى چاپقاندا» ئۇلارغا تۆلەنگەن پۇل بازاردىكى باھانىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا يەتمەيتتى، كۆپ بىرىلگەندىمۇ ئاران «يېرىمى»غا يېتەتتى، خالاس. شۇڭا، نامدا پۇل بېرىلدى دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سېلىق چېچىش ئىدى[②]. بەزى مۇلكىي ئەمەلدارلار «كۆۋرۈك سېلىش، يول ياساشنى باھانە قىلىپ، ئىشلەمچى ۋە ماتېرىيال سېلىقى چاچاتتى»، ئىش بېجىرگۈچىلەر «مۇشۇ ئارىلىقتا تۇتۇپ قېلىپ»، «ئىشلەمچى ۋە ماتېرىيالنى پۇلغا سۇندۇرۇپ، بۇ پۇلنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالاتتى[③]». مال - چارۋىدىن باج يىغقاندا، رەسمىي باجدىن باشقا، يەنە «يولدىن ئۆتۈش بېجى» دېگەندەك باجلارنىمۇ ئالاتتى[④]». ئاقسۇدا يايلاقتىكى قويلاردىن باج ئېلىنغان بولۇپ، بىر قوي ئۈچۈن 16 يارماق باج يىغقان، «يۆتكەپ باققان قويلاردىن بىر ھەسسە ئارتۇق باج ئالغان[⑤]». بەزى ئەمەلدارلار بىسىمدار سودىگەرلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بىرلىكتە ساختىپەزلىك قىلاتتى. بىسىمدار سودىگەر ناچار مالنى ياخشى مال قاتارىدا ساتاتتى، باجنى ئاز تاپشۇراتتى؛ ئەمەلدار بولسا پارا ئېلىش بەدىلىگە باجنى ئاز ئالاتتى. 1923-يىل 1-ئايدا، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى سۇن چۇەنيەن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىنكى بىر نەچچە ئايدا «خەلقنىڭ ھال - ئەھۋالى بىلەن كارى بولماي»، «پۇل - پىچەكنى قاقتى - سوقتى قىلىش» بىلەنلا شوغۇللانغاچقا، «خەلق كۈن كەچۈرەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان». قىرغىزلار ئامبالنىڭ زۇلمى-

① يۇقىرىقى كىتاب، 13 - جىلد، 10 - بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 11 - بەت.
③ «سەۋەنلىكەردىن ساۋاقلار I » 2 -جىلد، 37 -، 38 - بەتلەر.
④ يۇقىرىقى كىتاب، 2 - جىلد، 35 - بەت.
⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 2 - جىلد، 35-بەت.

ىدىن قېچىپ ئارقا - ئارقىدىن روسىيىگە، تاجىكلار قەشقەرگە قېچىپ
كېتىشكە مەجبۇر بولغان ۋە بۇ ئامىال ئۇستىدە يوقىرىغا ئەرز سۇنۇلغان.
بۇنداق ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. ياڭ زېڭشىن «جەنۇبىي شىنجاڭ-
ىدىكى ئاشلىق، يەم - خەشەك ئىسكىلاتلىرىدىكى خادىملارنىڭ ئىسىم -
فامىلىسى، يۇرتىنى ئېنىقلاش توغرىسىدىكى ھۆججەتكە سالغان تەستىقى»
دا: جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلار مۆمىن پۇقرالارغا زورلۇق - زومبۇ-
لۇق قىلىۋاتىدۇ، ئاشلىق ۋە يەم خەشەكلەرنى ئارتۇق ئېلىۋېلىش ئەنزىلىرى
ئارقا - ئارقىدىن ئۇتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ، دەپ ئېتىراپ قىلغانىدى[1].
ئەمەلىيەتتە، ئەينى چاغدىكى سىنىپىي زىددىيەتنى ئەمەلدارلارنىڭ «زور-
لۇق - زومبۇلۇق قىلغانلىقى» كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

شۇ چاغدا «مال - چارۋىغا سېلىق چېچىش» چوڭ بىر ئاپەتكە ئايلىنىپ
قالغان بولۇپ، «چارۋىسى بارلىكى ئائىلە» نىڭ ھەممىسى «باج ئۆچۈن
پۇل تاپشۇرۇشى» كېرەك ئىدى. ئىلى رايونىدا، ھەربىر يۈز بېشى 50
سەر سېلىق چاچاتتى، مۇشۇ بويىچە بولغاندا، قازاقلارغىلا چېچىلغان سې-
لىق «10 مىڭ سەردىن كەم ئەمەس ئىدى». قازاق چارۋىچىلىرى قاتتىق
قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، ياڭ زېڭشىن ئاخىر ئىلى باج ئىدارىسىدىكى
ياقۇپنىڭ ۋەزىپىسىگە جاۋگولياڭنى قويۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇيرۇقتا
«قازاقلار بازاردا يوڭ - تېرە ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللانسا، بەلگىلىمە
بويىچە باج ئېلىش كېرەك، لېكىن بۇرۇنقىدەك سېلىق چېچىشقا، قا-
ئىدە - تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىپ، پۇقرالارغا زۇلۇم سېلىشقا بولمايدۇ[2]»
دەپ ئېنىق بەلگىلەندى.

تەبىئىي ئاپەت ۋە ئادەم ئاپىتىمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە
ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈردى. 1920 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئاق
گۋاردىيىچىلەرنىڭ شىنجاڭغا سوقۇنۇپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇش
ۋەقەسىدىن ئىبارەت ئېغىر «ئادەم» ئاپىتىمۇ، شۇ چاغدىكى، ئىلى، چۆ-
چەك، ئالتاي، قەشقەر رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئېغىر بالايىئاپەت

---

[1] يۇقىرىقى كىتاب، 14 - جىلد، 11 - بەت.
[2] يۇقىرىقى كىتاب، 10 - ، 11 - بەتلەر.

كەلتۈرگەندى. بۇ جاھانگىر ئۇنسۇرلار مۇتەھەملىك قىلىپ، قانۇننى كۆزگە ئىلماي، خەلقئارا قانۇنلارنى دەپسەندە قىلىپ چېگرىدىن ئۆتۈپ ئادەم تۇتۇپلا قالماي، يەنە ئىلى، چۆچەكلەردە ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويۇپ، سودىگەرلەرنى بۇلاپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە ئېغىر زىيان سالدى. روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ چۆچەكتىكى كونسۇلخانىسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ خەلقنىڭ مۈلكىنى بۇلىغانلىقى ۋە ئاق گۋاردىيىچى ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ئىلىغا تەۋە رايوندا نەچچە ئون يۇقرانى قىرغىن قىلغانلىقى ئېغىر ۋەقەسى كىشىنى قاتتىق غەزەپلەندۈرمەي قالمايدۇ. 1919 - يىل 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، قەشقەرلىك ئۇيغۇر سودىگەرلەردىن مۇقەسسەر قاتارلىق 11 كىشى 11 ئاتقا مىنىپ، سەككىز تېگىق مالنى ئېلىپ تېكەس ۋادىسىغا سودا قىلىشقا ئاتلىنىدۇ. ئۇلار ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى قونۇقاي دېگەن جايغا كەلگەندە، پاۋلوۋسكى باشچىلىقىدىكى ئاق گۋاردىيىچى باندىتلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە ئالتۇن - كۈمۈش، مال ۋە ئاتلىرىنىڭ ھەممىسى بۇلاپ كېتىلىدۇ. شۇ يىلى 2 - ئايدا، تەخمىنەن 400 _ 500 چە ئاق گۋاردىيە باندىتلىرى كوماندىرى سەيدەرۇۋنىڭ باشچىلىقىدا قانۇنسىز ھالدا چېگرىدىن ئۆتۈپ سەنداۋ قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئەتراپىغا بېرىپ، ئېلىمىزنىڭ چارۋىچىسى سۇن ۋۇيىنىنىڭ 289 ئېتىنى، 232 قويىنى، 13 كالىسىنى بۇلاپ كېتىدۇ. چۆچەكتىكى موڭغۇل ۋە قازاق چارۋىچىلىرى دائىم ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ بۇلاڭ - تالىڭىغا ئۇچراپ تۇرغاچقا، ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا يالڭ زېڭشىن ئۇلارغا ماددىي ياردەم بېرىش ئۈچۈن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىدىن 10 مىڭ يۈەن پۇل بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بولۇپمۇ باچىچ ئاق گۋاردىيە قوشۇنىنىڭ قالدۇقلىرى 1921 - يىلى قوزغىغان توپىلاڭنىڭ چۆچەك ۋە ئالتايدىكى خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپىتىنىڭ زىيىنىنى ھېسابلاپ چىقىش ناھايىتى تەس. ئاق گۋاردىيىچى قالدۇق ئەسكەرلەر ۋە مۇساپىرلار ئىلى، چۆچەك رايونىغا قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، «ئاشلىق يېتىشمەيدىغان»، «ئاشلىقتىن غەم قىلمىدىغان» شىنجاڭغا ناھايىتى زور بېسىم پەيدا قىلدى. يالغۇز چۆچەكنى ئەمىنلەش ئۈچۈن كەتكەن ئاشلىق نەچچە مىڭ دادەندىن

ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭغا سەرپ قىلىنغان خىراجەت، شىنجاڭنىڭ «ھەر يىللىق خام چوتىدا بىر مىليون نەچچە مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتىسى[1]» . پەقەت 1920 - يىلدىن 1921 - يىلغىچە بۇ جەھەتكە سەرپ قىلىنغان ھەربىي خىراجەت ئۈچۈن، تەڭگە پۇللاردىن باشقا، قەغەز پۇللارنىمۇ ئىشلىتىپ بولدى[2]» .

1919 - يىل 6 - ئايدىن 1923 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، شىنجاڭدا ئارقا - ئارقىدىن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە سۇ ئاپىتى، مولدۇر ئاپىتى، كەلكۈن ئاپىتى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى، چاشقان ئاپىتى ۋە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى، ئاپەتنىڭ دائىرىسى ئۈرۈمچى، غۇلجا، ماناس، سانجى، فۇكاڭ، قۇتۇبى، قۇمۇل، چىيەندى (بۈگۈنكى مىچۈەن) ، ساۋەن، سۈيدۇڭ، بورچىن، شىخو، تورپان، پىچان، چەرچەن، چاقىلىق، ئاقسۇ كونىشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، يېڭىسار، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن قاتارلىق 23 ناھىيىگە كېڭەيدى. تولۇقسىز مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئاپەتكە ئۇچرىغان يەرنىڭ كۆلىمى 217 مىڭ 774 مۇ بەش لىڭغا يەتكەن. 1916 - يىلى 6 - ئايدا، ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ بىر قېتىملىق كەلكۈنىدىلا ئۇلامبايدىكى 120 مو ئېتىزنى سۇ بېسىپ كەتكەن. شۇ چاغدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خەلقنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن، ئاپەت ئېغىر بولغان رايوندىن بىر قېتىملىق باجنى كەچۈرۈم قىلدى، ئازراق قۇتقۇزۇش ئاشلىقى بەردى، خالاس.

تەبىئىي، سۇنئىي ئاپەت ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە، زۇلۇم ئېغىرلاشقانلىقتىن، خەلقنىڭ نارازىلىقى كۈنسېرى كۈچىيىپ، سىنىپىي زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. 1919 - يىلدىن كېيىن، ھەر قايسى جايلاردا خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. بىر مۇنچە كىشىلەر ياشاش ئۈچۈن، ھەتتا جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ خەۋپكە تەۋەككۇل قىلدى. كورلا، قوشتولغاي، يەتتىقۇدۇق، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا «ئوت قويۇپ سودىگەرلەرنى بۇلاش» ، «جاندىن تويغان قاراقچىلار پەيدا

---

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» 11 - جىلد، 26 - بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 2 - جىلد، 31 - بەت.

قىلغان ئىبغىر ۋەقە»، «بولاڭچىلىق ۋەقەسى» قاتارلىقلارمۇ دائىم يۈز بېرىپ تۇردى. ئالتايدا سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مىللەتلەر ئارىسىدىكى جەڭگى - جېدەل كۈنسايىن كەسكىنلەشتى، «بولاڭچىلىق ۋەقەلىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇردى». بۇ ۋەقەلەرنى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ باشچىلىرى جانداربەك باشچىلىقىدىكى نەچچە ئون قازاق ئىدى. ئۇلار قوراللىنىپ يەرلىك ھاكىمىيەت بىلەن قارشىلاشتى. ياڭ زېڭشىن موڭغۇللاردىن بىر يىلقى ئاتلىق ئەسكەر ئېلىپ، بۇنىڭغا ئالتايدىكى موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش بېگى نامجا ۋاڭدىنى يېڭجاڭ قىلدى ۋە ئۇلارنى بۇرچىن دەرياسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن قوراللىق كۈچ بىلەن باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى، يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆلكە، ۋىلايەتلەردە - ئايرىم - ئايرىم ھالدا موڭغۇل - قازاق بۆلۈمى ياكى قازاق - موڭغۇل بۆلۈمى تەسىس قىلىپ، موڭغۇل، قازاقلارغا دائىر مۇھىم ئىشلارنى بېجىردى ھەمدە چۆچەكنىڭ ۋالىيسىغا موڭغۇل، قازاقلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر ۋالىي قويۇش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى. چىڭگىل، قاراشەھەر، شىخۇ قاتارلىق ناھىيىلەردە موڭغۇللار بىلەن باشقا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ماجىرالارنى «شۇ ناھىيىلەردىكى ئامباللارنىڭ تېز ئارىدا بىر تەرەپ قىلىشى»غا تاپشۇردى[1].

1919 - يىل 4 - ئايدا، خوتەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىش ۋەقەسى يۈز بەردى. 17 - كۈنى ئاخشىمى، راخمان ۋە مەخمۇش باشچىلىقىدىكى 100 نەچچە ئۇيغۇر گۇربا كەنتىدىن ئاتلىنىپ، سەيمىڭۋا بازىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ناھىيىنىڭ ئامبىلى چېن جىشيەن ۋە مەسلىھەتچى سەردار ماجېڭلۇيلەر ئاخۇن، شاڭيولار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقمايدىغان ھاشارچىلارنى قۇترىتىپ بۇ قېتىمقى قارشىلىق كۆرسىتىش ۋەقەسىنى شەپقەتسىزلەرچە باستۇردى. قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بىلەن باتۇرلارچە ئېلى-

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» 13 - جىلد، 16 -، 20 - بەتلەر.

شىپ، ئاخۇن، يۈز بېشى ۋە چۇسەيىن جىسا قاتارلىقلارنى زەخىملەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەنگە تەلەي كىبلەلمەي يېڭىلىپ قالدى، مەخسۇس قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى، راخمان ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى، نۇرغۇن ئامما قىرغىن قىلىندى.

1920 - يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇن پىيادە ئەسكەرلەر يىڭنىڭ كوماندىرى سۇڭ جىنشەن، ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭنىڭ كوماندىرى گاۋشىخاۋ قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ، تارماق ئەترەت باشلىقى ياڭ شىجۇڭنى ئېتىپ ئۆلتۈردى ۋە قوماندانلىق شتابىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ياڭ زېڭشىن بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشنى باستۇرۇپ، گاۋشىخاۋنى ئۆلتۈردى، سۇڭ جىنشەن ئەسىر ئېلىنغاندىن كېيىن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى، سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغان قوشۇن قورالسىزلاندۇرۇلۇپ، تۇركۇمگە بۆلۈپ ئۆلتۈرۈلۈپ ئۇلىغا ئەۋەتىلدى. بۇ سىياسىي ئۆزگىرىش ياڭ زېڭشىن قوشۇنىنىڭ ئىچكى قىسمىمۇ تىنچ ئەمەسلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

1925 - يىل 9 - ئايدا، چۆچەك قاراۋۇلخانىسىدىكى ئەسكەرلەر سەردارى ماۋەنلۇ، جىسا مارۇلىنلارنىڭ باشچىلىقىدا 9 - كۈنى كەچقۇرۇن «غەلىيان» كۆتۈرۈپ، قاراۋۇلخانىنىڭ باشلىقى ماجەنبياۋنى ئۆلتۈردى ۋە مائېرگو جىلغىسىدىن چۆچەككىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىستولبىلارنى ئۆرۈۋەتتى، ئۇلار شۇ كۈنى كېچىسى دۆربىلجىنغا بېرىپ مۇئاۋىن سەردارنى ۋە ئامبالنى ئۆلتۈرمەكچى، ئاندىن چۆچەككە كىرىپ «ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈپ، قوراللارنى بۇلاپ، ئالتوپىلاڭ كۆتۈرمەكچى①» بولدى. ياڭ زېڭشىن بۇ ئەھۋالدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن، دەرھال روسىيىنىڭ سىم يولى ئارقىلىق چۆچەكتىكى قوشۇنلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ غەلىيانچىلارنى قورشاش، ئۇلارنى چۆچەك، ئالتاي چېگرىسىدا يوقىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ما رۇلىننىڭ قېچىپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، غەلىيانچىلارنىڭ بەزىلىرى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بەزىلىرى ئەسىرگە چۈش-

---

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 1 - جىلد، 25 -، 26 - بەتلەر.

تى. ياڭ زېڭشىن ماۋەنلۇنى ئېتىپ تاشلاش، «غەلىيانغا قاتناشقان ئەسكەرلەرگە 12 يىللىق قاماق جازاسى بېرىش» كە بۇيرۇق قىلدى[①]، غەلىيان شۇنىڭ بىلەن بېسىقتى.

ئېغىر باج - سېلىق ۋە ئالۋان - ياساق ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتى بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كۈنسايىن كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. 1920 - يىل 4 - ئايدا، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كەلپىن ناھىيىسىدە ئەمەلدار بولسىزلارچە زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن «ئاممىنىڭ جىسىتانى ئۇرۇش» ۋەقەسى يۈز بەردى. كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى (شيەنزۇ) قوشۇن ئەۋەتىپ باستۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ياڭ زېڭشىن نىياز جىسانىڭ تاياق يېيىشى ئۇنىڭ «يۇقىرىلارغا زۇلۇم سالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بولمىسا ئۇلار جىسانى ئۇرۇشقا پېتىنالمايتتى» دەپ قارىدى، ئۇ ۋەقەنىڭ ئۇلغىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئاقسۇنىڭ ۋالىيسىغا «يۇقىرىلارغا باشچى بولغانلارنى قاتتىق جازالاش»، «ئۇ يەرگە ئەسكەر - ساقچى ئەۋەتىش، بۇرۇنقى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشنى كېچىكتۈرۈپ، يېڭى قوشۇن ئەۋەتىلگەنچە ئۇچتۇرپاندىكى ئاتلىق ئەترەتنى ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇش[②]» توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئېغىر ئالۋان - ياساق «ئوت ئۈستىگە ياغ چاچىدىغان ئاپەت» مەنبەسى بولۇپ قالدى. 1922 - يىلى يازدا، بۈرچىن ناھىيىسىدە «ئالۋان - ياساققا قارشى چىقىش» ۋەقەسى يۈز بەردى. ئەينى چاغدا، ياڭ زېڭشىننىڭ يەرلىك قوشۇنىنىڭ ئاق گۋاردىيىچىلەرنى يالاپ ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن بەيتىكقا بېرىپ، موڭغۇل، قازاق چارۋىچىلىرىغا زورلۇق بىلەن تۆگە سېلىقى چۈشۈرگەنلىكى چارۋىچىلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى. قازاقلارنىڭ تەيجىسى جاقالىر قاتارلىقلار ھەربىيلەرنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىش قىلمىشىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، «ئاممىنى توپلاپ جىسا - دورغىلارنى قوغلاپ چىقاردى». ياڭ زېڭشىن ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئالتاينىڭ ۋالىيسىغا «ۋەقەنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش» توغرىسىدا

① يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.
② «سىمۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» I، 13 - جىلد، 32 -، 33 - بەتلەر.

بۇيرۇق بەردى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ ئالۋان - سېلىقى كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ، دەپ ئوچۇقتىن - ئوچۇق جاكارلاندى. لېكىن ھەربىيلەرنىڭ تۆگە سېلىقى چاچقانلىقى يولسىز بولغانلىقتىن، ياڭ زېڭشىن زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن تۆگە، كالا، ئات ياللاپ ئىشلەتسە تۈزۈم بويىچە ھەق بېرىشنى؛ ئالۋان تۆگىگەندە «ئات - ئۇلاغلارنى يەنە ئالۋانغا تۇتۇۋالماي، ئىگىسىگە دەرھال قايتۇرۇپ بېرىش» نى؛ ئات - ئۇلاغلارنىڭ «ئېگەر - جابدۇق، چۇلۋۇرلىرىنى يىتتۈرۈپ قويماسلىق» نى، «ئالۋانغا ئىشلەۋاتقان موڭغۇل - قازاقلارنى خارلىماي، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش» نى بەلگىلىدى①.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ زۇلمىغا تاقەت قىلالمىغاندا، «يۇقىرىغا ئەرز سۇنۇش» ئەھۋالىمۇ دائىم يۈز بېرىپ تۇردى. ئەمەلدارلار بولسا، يۇقىرىنى ئالداپ جىنايىتىنى يېپىش ئۈچۈن، «پوچتا ئىدارىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئەرزلەرنى يۇقىرىغا يوللاتمىدى». ناۋادا «يۇقىرىغا ئەرز سۇنىدىغانلار» ئۆلكە مەركىزىگە ئۆزى بارماقچى بولسا، «قوشنا ناھىيىلەرگە خەۋەر قىلىپ ئۇلارنى تۇتقۇزۇپ»، يۇقىرىغا ئەرز قىلغۇزمىدى ياكى «ئۆلكە مەركىزىگە ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى»، ئۇلار تۇتۇلۇپ قالسا، دەرھال يالاپ ئەكەلدى ۋە باشقىلارغا ئىبرەت قىلىپ «يۇقىرىغا ئەرز سۇنىدىغانلار» نى توسۇش ئۈچۈن «ئۇلارنى ئەدەبلەپ ئۆلەر ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى». يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ «يۇقىرىغا ئەرز سۇنغۇچىلار» غا تۇتقان بۇنداق ئۆچ ئېلىش پوزىتسىيىسى «چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىتلىك مەزگىلىدىكى زومبۇلۇقتىنمۇ ئېشىپ كەتتى②». ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنىڭ ئىناۋىتىگە سەتچىلىك بولىدىغان بۇ ئىشلار ئۇنى بۇ ئىشلارنى چەكلەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى.

1922 - يىل 10 - ئايدا، شەرقىي شىمال، سەندۇڭ، خېبېيدىن روسىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن مۇساپىرلار تۇرمۇش قىيىنچە-

---

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» I، 14 - جىلد، 9 -، 10 - بەتلەر.
② «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» I، 15 -، 16 - بەتلەر.

لىقى تۇپەيلىدىن ئىلى، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا ئىسيان كۆتۈردى. يالغ
زېمىن گېلاۋخوي ئەزالىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈر-
گەنلىك ساۋىقىنى ئېسىدە تۇتۇپ، ئۇلاردىن قاتتىق پەخەس بولۇش چارىسىد-
نى قوللاندى، يەنى يا ئۇلارنى يەرلىك ھۆكۈمەت مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ،
ئورۇنلاشتۇرۇشقا بويسۇنمىغانلارنى قاتتىق جازالىشىغا ئىجازەت بېرىلمە-
دى، يا ئۇلارنىڭ بوز ئېچىپ ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلىشىغا يول
قويمىدى. بۇ خاتا سىياسەت زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۇرۇپ ئېغىر ئاقىۋەتنى
كەلتۈرۈپ چىقاردى.

يۇقىرىقى پاكىتلار، شىنجاڭ ئېينى چاغدا خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىنى،
سىنىپىي زىددىيەت كۆنسايىن كەسكىنلىشىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرى-
دۇ. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سىنىپىي زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشى
مۇقەررەر ھالدا ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈشنى
تېزلىتىدۇ. ماركس ۋە ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» دا كۆرسى-
تىپ ئۆتكەندەك: «سىنىپىي كۈرەش ھەل قىلغۇچ دەۋرگە يېقىنلاش-
قاندا، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى، پۈتكۈل كونا جەمئى-
يەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈش جەريانى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئىنتايىن
كەسكىن باسقۇچقا يېتىدۇ». «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 1 ـ توم،
261 ـ بەت. شۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭدا ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى
قىسمىدىكى بۆلۈنۈش، زىددىيەت ۋە كۈرەش ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىپ
تۇردى.

## 2 ـ بۆلۈم مافۇشىڭنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى ۋە ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتى

مافۇشىڭ، يەنە بىر ئىسمى شىنجى، خوييزۇ، يۇننەننىڭ مېڭزى
ناھىيىسىدىن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا جېجياڭدا ئەمەل

تۇتۇپ، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكتىن شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنىپ مىچۈەن ناھىيىسى سەنداۋبادا يەر تېرىغان. شىنخەي ئىنقىلابىدا ياڭ زېڭشىن بىلەن تونۇشقان. ياڭ زېڭشىن ئۇنى يۈننەنلىك يۇرتدىشىم دەپ قاراپ، خۇيزۇ قوشۇنىغا باشلىق (تۇڭلىڭ) قىلىپ ئۆستۈرۈپ، يېقىن ئادىمى قاتارىدا كۆرگەن. مىلىتارىست ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشتە، ما فۇشىڭ ياڭ زېڭشىننىڭ كەتمىنىنى راسا چاپقان. 1914 - يىلى، ياڭ زېڭشىن قەشقەرنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ما فۇشىڭ باشچىلىقىدىكى 20 نەچچە يىڭ (باتالىيون) نى قەشقەرگە ئەۋەتتى. ياڭ زەنشۈي يوشۇرۇن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، سالامەتلىكى ياخشى ئەمەسلىكىنى باھانە قىلىپ شىنجاڭدىن كېتىشنى تەلەپ قىلدى. ما فۇشىڭ ياڭ زېڭشىن ئۈچۈن كەتمەن چاپقانلىقى ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنى قەشقەرنىڭ تىتەيلىكىگە، ئوغلى ما جىۋۇنى ياردەمچى شىتەيلىككە تەيىنلەپ ئەمەل بەردى. لېكىن، ياڭ زېڭشىن ما فۇشىڭ ئاتا - بالا ئىككىسىدىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ ما فۇشىڭنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ، مەسچىتتە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىشكە بۇيرۇق قىلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ «ھەيۋىسى» نى پەش قىلىپ ما فۇشىڭنى ئۆزىنىڭ مىلىتارىستلىق ھاكىمىيىتىگە سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياڭ زېڭشىن يەنە مافۇشىڭ ئاتا - بالا ئىككىسىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇش ۋە نۇقتىلاش ئۈچۈن، ئىنىسى ياڭ زېڭبىڭنى قەشقەرگە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتتى. ۋەھالەنكى، ياڭ زېڭبىڭ ئاكىسىغا ئوخشاش ھۆكۈمرانلىق قىلىش سەنئىتىگە ماھىر ئەمەس، ئىقتىدارسىز ئادەم ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئىلكىدە ئون نەچچە باتالىيون بولسىمۇ، ئاخىر ما فۇشىڭ تەرىپىدىن قەشقەردىن سىقىپ چىقىرىلدى. شۇنداق قىلىپ، قەشقەر ما فۇشىڭ ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ «مۇستەقىل پادىشاھلىقى» بولۇپ قالدى.

ما فۇشىڭ قەشقەردە باشباشتاق بولۇۋالغاندىن كېيىن، خالىغىنىنى قىلىپ قوشۇننى 30 يىڭغا يەتكۈزدى، ياڭ زېڭشىن قوشۇننى ئازايتىش توغرىسىدا ئارقا - ئارقىدىن بۇيرۇق قىلغان بولسىمۇ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغىلى ئۇنىمىدى، ئۇ ئۆزىچە تۆھپەم بار دەپ ھاكاۋۇرلىشىپ زورل-

ـۇق - زومبۇلۇق قىلدى. ئۇ خەلققە ئىنتايىن شەپقەتسىزلىك قىلىپ، كىشىلەرنىڭ قولىنى كەسكەن، پىيىنى قىرقىغان، زەھەرلىك ۋاسىتىلەر بىلەن قىيىنىغان بولغاچقا، خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان غەزىپى بەك كۈچلۈك ئىدى. ما فۇشىڭ تۇرمۇشتا كەيپ - ساپا، شەھۋەتپەرەس بولۇپ، ئۇنىڭ 17 دىن كۆپرەك خوتۇنى بار ئىدى، ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئىپپەت - نومۇسىغا تەگكەن خوتۇن - قىزلارنىڭ ھېسابى يوق ئىدى. ما فۇشىڭ ئەسەبىيلىشىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئۆزىنىڭ قىزىنى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ يىڭ-جاڭلىقىغا، پېشىغا تۇشمىغان ئوغلىنى كۆمۈر ئىدارىسىنىڭ خۇيبەن(会办)لىكىگە تەيىنلىدى. قەشقەر پۇقرالىرىغا ئالۋان سېلىپ، قەشقەر پېڭشەھەردىكى ساۋخۇغا ئالاھىدە خان ئوردىسىغا ئوخشاش ھەشەمەتلىك داچا سالدۇردى. ئۇ قەشقەر كونىشەھەر، قەشقەر پېڭشەھەردىكى ھۆكۈمەت-نىڭ 114 مىڭ 15 مو يايلىقىنى ئەرزان باھادا ئېلىۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 مىڭ مودىن كۆپرەك تېرىلغۇ يەر بولۇپ، شۇ چاغدىكى باھا بويىچە چەت ئەل پۇلىغا سۇندۇرغاندا 135 مىڭ 527 يۈەنگە يارايتتى. بۇ يەر ئىچىدىكى پارچە - پۇرات بېدىلىك، كۆكتاتلىق ۋە دائىرىسى كىچىك ئوتلاقلارنىڭ كىرىمى ھەر قايسى يىللارنىڭ خىراجىتىگە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كەڭ ئوتلاقلارنىڭ كىرىمى ئۆزىنىڭ چۆنتىكىگە كىرەتتى. ھەربىيلەر ئاچقان بوز يەرلەرنى 7500 سەر ئۆلكە پۇلى (چەت ئەل پۇلى ھېسابىدا تەخمىنەن 5 مىڭ يۈەن) غا سېتىۋالدى. ما فۇشىڭنىڭ قىلمىش-لىرى خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن قىلىنغان ئەرزلەر ياڭ زېڭشىنغا ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ تۇردى. ما فۇشىڭنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ھەرىكىتى ئاشكارىلىنىپ قېلىشتىن ئىلگى-رى، ياڭ زېڭشىن خەلقنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى ئاڭلىمىسمۇ ئاڭلىماسلىققا سېلىپ، كارى بولماسلىق يولىنى تۇتتى. چۈنكى، ياڭ زېڭشىننىڭ نەزى-رىدە، سەن ئۇنىڭ مىلىتارىست ھاكىمىيىتىگە سادىق بولساڭلار، ئۇ سېنىڭ قانداق ئىسكىلىكلەرنى قىلىشىڭدىن قەتئىينەزەر سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتاتتى. ھەتتا يېقىن كىشىلىرىنىڭ «كەم شتات تەمىناتى-نى يېيىشى»، ئۇلارنى «چەت جايلارغا ۋەزىپىگە تەيىنلەش» نىمۇ «تۆھپە-

سى بارلارغا ئىلتىپات قىلىش» نىڭ بىر خىل ۋاستىسى دەپ قارايتتى.
ھوقۇق تەمەسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ما فۇشىڭمۇ خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىشقا باشلىدى، ئۇ ئۆزىنى «پاشا» دەپ ئاتاپ، يوشۇرۇن تۈردە ياڭ زېڭشىننى ئاغدۇرۇش سۇيىقەستلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ چېگرا ۋەزىيىتى جىددىي دېگەننى باھانە قىلىپ، قەشقەر كونىشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىدىن 3 مىڭ ئەسكەر ئېلىپ قوشۇننى تولۇقلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن فىڭ يۈيشياڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، فىڭ يۈيشياڭ شىنجاڭغا كەلگەندە ياڭ زېڭشىننى ئاغدۇرۇۋېتىپ ئورنىغا دەسسىمەكچى بولدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن جېنجياڭلىق ئايالى شىمالىي مىلىتارىست ساۋكۈندىن «ھەيۋەتلىك جياڭجۈن» دېگەن ئۇنۋاننى سېتىۋېلىپ، بۇنى ئىسيان كۆتۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى قىلماقچى بولدى. لېكىن، مەخپىيەتلىك چىڭ ساقلانمىغاچقا، ما فۇشىڭنىڭ ياڭ زېڭشىننى ئاغدۇرماقچى بولغانلىقى ئاشكارىلىنىپ قالدى①، شۇنىڭ بىلەن ياڭ زېڭشىنمۇ ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش قارارىغا كەلدى.

ياڭ زېڭشىن مافۇشىڭدا بىر قىسىم ھەربىي كۈچ بارلىقىنى، يەنە كېلىپ يىراق جاي - قەشقەردە ئىكەنلىكىنى، شۇڭا سالماقلىق بىلەن ئىش قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى، بىر ئاز بىپەرۋالىق قىلسا ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنەتتى. ھۆكۈمرانلىق تەجرىبىسىگە باي ياڭ زېڭشىن بۇ ئىشقا كۆپ باش قاتۇرۇپ، قايتا - قايتا پىلان تۈزۈپ، ئاخىر ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ مافۇشىڭنى ئۇجۇقتۇرۇش قارارىغا كەلدى.

شۇ چاغدا، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ مەزھەپلىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى، خۇيزۇلار ئىچىدە كونا مەزھەپ، يېڭى مەزھەپ قاتارلىق

① ما فۇشىڭ جېنجياڭلىق ئايالى ئارقىلىق بېيجىڭدا ياڭ زېڭشىننى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا، بىرسى، شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدىكى كېڭەش ئەزاسى بۇ ئىشنى ياڭ زېڭشىنغا مەخپىي مەلۇم قىلىپ قويىدۇ؛ يەنە بىرسى، پوچتىخانىدا خەت - چەكلەرنى تەكشۈرگەندە «جېنجياڭلىق ئايال» نىڭ مۇشۇ توغرىدا ما فۇشىڭغا يازغان خېتى تېپىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياڭ زېڭشىن ما فۇشىڭنى دەرھال قورال كۈچى بىلەن يوقىتىش قارارىغا كېلىدۇ.

مەزھەپلەر بار ئىدى. بۇ مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىنتايىن كەسكىن بولغاچقا، ئۇلار ئارىسىدا قوراللىق توقۇنۇشۇپ قان تۆكۈلۈش ۋەقەلىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. ياڭ زېڭشىن خۇيزۇلار ئىچىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ مەزھەپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق كۈرەشنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. مافۇشىڭنى ئۆجۈقتۇرۇش مەسىلىسىدە، ئۇ خۇددى مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلغاندەك، بىر مەزھەپتىن پايدىلىنىپ يەنە بىر مەزھەپنى ئۆقتىلاش ئۇسۇلىنى قوللاندى. شۇ چاغدا، مافۇشىڭ خۇيزۇلار ئىچىدىكى كونا مەزھەپنىڭ خەلىپىسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ياڭ زېڭشىن مافۇشىڭنى ئۆجۈقتۇرۇش ۋەزىپىسىنى يېڭى مەزھەپنىڭ خەلىپىسى ماشاۋۋۇغا تاپشۇردى. بۇ ھەقىقەتەن ئەلڭ قەبىھ چارە ئىدى.

مافۇشىڭ 1924 - يىلى ئۆجۈقتۇرۇلدى. دەسلەپتە، ياڭ زېڭشىن ئۈچتۇرپان ئامبىلى ما شاۋۋۇنى تېلېگراممىا بېرىپ ئۈرۈمچىگە چاقىردى، ئۆلكە مەھكىمىسىنىڭ 3 - ئىشخانىسىدا مەخپىي پىلان تۈزۈپ، سۇيدۇڭ، تۇرپان، پىچان، قاراشەھەر، كورلا، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن بىر قىسىم قوشۇن ئاجرىتىپ، ئۇلارغا ماشاۋۋۇ بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشنى قارار قىلدى ۋە قوماندان ئې يىلى، شتاب باشلىقى جاڭ زىچىڭلارغا ماشاۋۋۇغا ماسلىشىپ 12 يىلڭ ئەسكەرنى باشلاپ قەشقەرگە تېز ئاتلىنىشقا بۇيرۇق بەردى. خەۋەر تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قوشۇن ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن ئىككى يولغا بۆلۈندى: ئې يىلڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇن چوڭ يول بىلەن؛ ماشاۋۋۇ، جاڭ زىچىڭ باشچىلىقىدىكى يېنىك قوراللانغان ئاتلىق قوشۇن چىغىر يول بىلەن كېچە - كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، ئون نەچچە كۈنلۈك يولنى يەتتە كۈندە بېسىپ ئاتۇشقا كەلدى. خەۋەرنى كونترول قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە بارىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇۋېلىپ بىرمۇ ئادەمنى ئۆتكۈزمىدى. ئۇلار مافۇشىڭ تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەسكەرلىرىنى تۆت كۈنلۈك دەم ئېلىشقا قويۇۋەتكەن، ھەربىي جەھەتتە تەييارلىقسىز تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تاڭ سەھەردە قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ، چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەت قىلىپ قەشقەرنى يېڭىشەھەردە مافۇشىڭنى ئەسىرگە ئالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر كونا

شەھەردە ئۇنىڭ ئوغلى ماجىۋۇنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، بۇ جەرياندا ھېچقانچە جەڭ بولمىدى.

مافۇشاڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سىياسىي ساھەدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تامغا - مۆھۈرلىرىنى تاپشۇردى ۋە ياۋاش پۇقرا بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، كونا - يېڭى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئەينى چاغدا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولۇپ، ماشاۋۇ مافۇشىڭنى ئاسانلىقچە كەچۈرمەيتتى. ماشاۋۇ ياڭ زېڭشىنغا مافۇشاڭ قارشىلىق كۆرسەتتى، ئاخىر ياردار بولۇپ ئەسىرگە چۈشتى دەپ يالغان تېلېگرامما يوللىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ياڭ زېڭشىننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شۇئان ئۆلۈم جازاسى بەردى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئۈچ كۈن سازايى قىلدى.

مافۇشىڭنىڭ قەشقەردىكى قىلمىشى ھەقىقەتەن قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى، لېكىن ياڭ زېڭشىن مافۇشىڭنى خەلق ئۈچۈن زىياندىش ئاپەتنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت بەك كەسكىنلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن جازالىغانىدى. ماشاۋۇ مافۇشىڭنى ئۇجۇقتۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، بۇ ئىشتىن كېيىن ياڭ زېڭشىن ماشاۋۇنى ئۆستۈرۈپ خوتەن ۋالىيسى، قەشقەر ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىدى. ماشاۋۇنىڭ ئۇ جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىگە سالغان زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسى مافۇشىڭدىن قېلىشمىدى. بولۇپمۇ ئۇ يېڭى مەزھەپنىڭ خەلىپىسى سالاھىيىتى بىلەن تاۋاپ قىلىشقا كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلىپ، كىشى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئۇلارنى قاقتى - سوقتى قىلدى.

مافۇشىڭنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۇجۇقتۇرۇلۇشى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمى چاك - چېكىدىن دەز كەتكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ بەردى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، قەشقەردىكى قوشۇن 10 يىڭغا ئازايتىلدى، تىتەيلىك ۋەزىپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ۋالىي مەھكىمە ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقنى بىرلىكتە باشقۇرىدىغان، قەشقەرنىڭ ۋالىيسى قوشۇمچە مۇداپىئە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى. ياڭ زېڭشىننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى ۋاقتىنچە خېلى كۈچەيدى.

# 3 ـ بۆلۈم «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» ۋە جىن شۇرېننىڭ تەختكە چىقىپ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشى

XX ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا، ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت كەسكىنلىشىشىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. 1928 ـ يىلغا كەلگەندە، بۇ خىل زىددىيەت ئاشكارىلاندى ۋە فەن ياۋنەننىڭ ياڭ زېڭشىننى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نى پەيدا قىلدى.

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى گۇرۇھ تەدرىجىي شەكىللەندى: ئۇنىڭ بىرسى، ياڭ زېڭشىن باشچىلىقىدىكى شەنشى-گەنسۇ گۇرۇھى بولۇپ، بۇ گۇرۇھتا جىن شۇرېن، يەن يۈشيەن، دۇفا-رۇڭ، جاڭ پېييۈەن قاتارلىقلار؛ يەنە بىرسى، فەن ياۋنەن باشچىلىقىدىكى خۇنەن ـ خۇبېي گۇرۇھى بولۇپ، بۇ گۇرۇھتا جاڭ چۈنشى، جاڭ چىن، لۈي باۋرۇ قاتارلىقلار بار ئىدى[1]. بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ كۈرىشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، ئاساسلىقى ھاكىمىيەتنى تالىشىش ئىدى.

ئەينى چاغدا، ئىككى گۇرۇھ كۈچ جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن ناھايىتى پەرقلىنەتتى. ياڭ زېڭشىن «شەنشى ـ گەنسۇلۇقلار ئارقىلىق خۇنەن ـ خۇبېيلىقلارغا قارشى تۇرۇپ[2]»، شەنشى ـ گەنسۇلۇقلارغا ھەربىي ـ مەمۇرىي جەھەتتىكى چوڭ ھوقۇقنى تۇتقۇزۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنى مەھكەم تىزگىنلىگەنىدى. فەن ياۋنەننىڭ باشقۇرۇشىدىكى

---

① جاڭ چۈنشى، خۇبېي خۇاڭئەنلىك. شىنجاڭ ئۆلكىلىك رۇسچە سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولغان؛ جاڭ چىن (يەنە بىر ئىسمى جاڭ يىن)، خۇبېي خۇاڭئەنلىك. شىنجاڭ ئۆلكىلىك رۇسچە سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان؛ لۈي باۋرۇ، جياڭسۇ جاڭجۇلۇق، ئۈرۈمچى تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

② دىڭ شياڭخەي: «شىنجاڭ توغرىسىدىكى پارچىلار»، «دېموكراتىيە ئەنزارى» نىڭ 6 ـ جىلد، 23 ـ سانىغا بېسىلغان.

ھەربىي ئىشلار نازارىتى بىلەن خارجى ئىشلار مەھكىمىسى بولسا ئىسمى بار جىسمى يوق ئاپپارات بولۇپ، ھەقىقىي ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى يەنىلا ياڭ زېڭشىن ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا ئەمەلىي كۈچىمۇ يوق ۋە ئۇنى قوللايدىغان خەلق ئاممىسىمۇ يوق ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ، ياڭ زېڭشىننى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىدە يوشۇرۇن شەكىل قوللىنىشقا مەجبۇر بولۇپ، يېڭىش - يېڭىلىشنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ پەيتتە، تېررورلۇق ۋاسىتىسىنى قوللىنىشتىن باشقا، تېخىمۇ ئەپچىلرەك چارە تاپالمىغانىدى.

فەن ياۋنەن ـ تەخەللۇسى زاۋشياڭ، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ گۇڭئەن ناھىيىسىدىن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ناھىيىنىڭ تەمىناتى بىلەن ئوقۇغان، ياش ۋاقتىدا ياپونىيىنىڭ ۋاسېدا داشۆسىدە قانۇن ئىلمىنى ئوقۇغان ۋە قانۇن ئىلمىدا باكلاۋېرلىق ئۇنۋانىنى ئالغان. مەملىكەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ سىياسىي - قانۇن لېكتورلار ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، سىياسىي - قانۇن مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، يەرلىك سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى، خۇبېي دۇدۇ مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، بېيجىڭ زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىسى، ئاساسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ لايىھە تۈزۈش ھەيئىتى، شىنجاڭ سىياسىي - قانۇن تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىيسى، ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، قوشۇمچە پۇل، باج ئىشلىرى نازارەتچىسى، خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. بۇ ئادەم خېلى تالانتلىق بولۇپ، لى يۈەنخۇڭنىڭ نەزىرى چۈشكەن. ئۇ شىنجاڭغا ئىككى قېتىم كېلىپ خىزمەت ئۆتىگەن: بىرىنچى قېتىمى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ يىللىرى بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ سىياسىي - قانۇن مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى ۋە يەرلىك سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن؛ يەنە بىر قېتىمى، 1917 - يىلى لى يۈەنخۇڭ زۇڭتۇڭ بولغاندا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى جاڭ گوشىننىڭ كۆرسىتىشى ۋە باش مىنىستىر دۈەن چىرۇينىڭ تەستىقلىشى بىلەن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى شىنجاڭغا يۆتكەپ، ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن. بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇددىئاسى - كەلگۈسىدە ياڭ

زېڭشىننىڭ ئورنىغا ئۇنى ئۆلكە رەئىسى قىلىش ئىدى، شۇڭا فەن ياۋنەنمۇ ھەمىشە كىشىلەرگە ئۆزىنى كەلگۈسى ئۆلكە رەئىسى سالاپىتىدە كۆرسىتەتتى. يالڭ زېڭشىن شىنجاڭدىكى «ھوقۇق - مەنپەئەتنى ئۆزاقىنچە ساقلاپ قېلىش» ئۈچۈن فەن ياۋنەندىن ناھايىتى پەخەس بولدى. يالڭ زېڭشىن كۆرۈنۈشتە فەن ياۋنەننى ناھايىتى ئەتىۋارلىغاندەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاقسۇغا بېرىپ ئۆز خىزمىتىنى ئۆتىشىنى ھەدەپ كېچىكتۈرۈپ، ئۇنى ھەر كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە بېرىپ قانۇن دەرسى ئۆتۈشكە بۇيرۇۋەردى، بۇ ئەھۋالدا فەن ياۋنەن يا ماڭالمايدىغان، يا تۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

فەن ياۋنەن 2 - قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندە، يالڭ زېڭشىننىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى ۋە ھەسەت قىلىشىغا ئۇچرىغاچقا، كۆڭلى دەككە - دۈككىدە بولۇپ، ھەر بىر ھەرىكىتىدە قاتتىق ئېھتىيات قىلدى، ھەر قېتىم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە كىرىپ يالڭ زېڭشىن بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭغا ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرۈپ، ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. بۇنىڭغا قارىتا، تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى يەن يۈيشەن غەزەللىك ھالدا ھەجۋى شېئىر يېزىپ، فەن ياۋنەننى مۇنداق دەپ مەسخىرە قىلغان: «ئۆزى شۇنچە ئېھتىياتچان، يوقتۇر كۆزىدە ھېچ نۇرى؛ قىلۇر تەزىم ئەسكىرىگە، ئوخشايدۇ ۋالڭ ماڭغا①». يالڭ زېڭشىن فەن ياۋنەننى بىر نەچچە ئاي كۆزەتكەندىن كېيىن، ئاندىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما يوللاپ، ئۇنىڭ ئىلگىرى تەيىنلەنگەن خىزمىتىنى ئۆزگەرتىپ ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەيدۇ، ئۇنى يەنە ئۆزگەرتىپ ھەربىي ئىشلار نازىرى، خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەيدۇ، ئەمما ئەمەلىي ھوقۇق بەرمەيدۇ. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت - فەن ياۋنەننى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى يېنىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئىدى.

يالڭ زېڭشىن كۆرۈنۈشتە فەن ياۋنەننى بىر قانچە مۇھىم ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، يۇقىرى مەنسەپ، ئۈستۈن مائاش بېرىپ، باشقا نازىر - ۋالىي-

① «شۇي شيۇشېڭنىڭ غەربكە قىلغان ساياھىتىدىن خاتىرە»، 3 - قىسىم، قوشۇمچە 1.

لاردىن «ئەۋزەل» كۆرگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى كۈن بويى
ئۇياق - بۇياققا قاترىتىپ، چارچىتىپ ھالىدىن كەتكۈزۈپ، غەيرىي ھەرى-
كەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا چولىسى ۋە مادارى يەتمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ
قويماقچىدى. لېكىن، ئىش ياڭ زېڭشىننىڭ مۇددىئاسىدەك بولماي قالدى،
فەن ياۋنەننىڭ بىر بېشىغا بىر قانچە مۇھىم ۋەزىپە ئارتىلغان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇ ھەربىي ئىشلار، مەمۇرىي ئىشلار، خارجى ئىشلارنىڭ ھەممىسى-
نى ئۆز رېتى بويىچە ئىشلىدى. ئۇ ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان-
لىقىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ كىچىك قىزىنىلا ئۆز يېنىدا
تۇرغۇزۇپ، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى شىنجاڭغا كۆچۈرۈپ كەلمىدى. ياڭ
زېڭشىننىڭ پۈتلاپ سېلىشىدىن ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇردى. بۇنىڭدىن
كۆرىمىزكى، ياڭ زېڭشىن بىلەن فەن ياۋنەن كۆرۈنۈشتە بىردەك بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى بۆلەك، ھەرقايسىسىنىڭ غەرىزى باشقا ئىدى،
لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تەرەققىي قىلىپ ئوچۇق -
ئاشكارا قارشىلىشىش دەرىجىسىگە تېخى يەتمىگەنىدى.

فەن ياۋنەن ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزىگە مۇنداق ئىشەنمەسلىكىگە داۋاملىق
چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ بىرىنچىدىن، ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاس-
تىدا تۇرۇپ ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشى ناھايىتى قىيىن
بولىدىغانلىقىنى؛ ئىككىنچىدىن، ياڭ زېڭشىن ئىنتايىن خەتەرلىك سۇيى-
قەستچى بولغاچقا، قاچان بولمىسۇن ئۇنىڭ زەھەرلىك قول سېلىش ئېھتى-
مالى بارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شەرققە (ئىچكىرىگە - ت) قايتىش توغرۇ-
لۇق بىر نەچچە قېتىم ئىلتىجا قىلدى. لېكىن، ياڭ زېڭشىن ھامان
«قىممەتلىك ياردىمىڭىزگە موھتاجمەن» دېگەن باھانە بىلەن ئۇنىڭ ئىچكى-
رىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. ياڭ زېڭشىن فەن ياۋنەنگە ھەمىشە:
بىز بۇ چۆل - جەزىرىنىڭ «ئەرۋاھلىرى»، قايتساق «بىرگە قايتىمىز[①]
» دەپ يۈردى. جىن شۇرېن «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى مېڭزى-
لىق ياڭ بېگىمنىڭ پائالىيەتلىرى» دە يازغىنىدەك: «بېگىم (ياڭ زېڭشىن-

---

① «شۇي شيۇشىڭنىڭ غەربكە قىلغان ساياھىتىدىن خاتىرە»، 3 - قىسىم، قوشۇمچە-
سى I.

نى دېمەكچى) ناھايىتى ھوشيار تۇرغانلىقتىن، ئۇ (فەن ياۋنەننى دېمەكچى) ئۆز پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي، خىزمىتىدىن قايتا - قايتا ئىستىپا سورىغاندا، بېگىم يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇنى ئۆز خىزمىتىگە بارغۇزغان».

شۇ چاغلاردا، ياڭ زېڭشىندا ئۆز - ئۆزىگە زىت مۇنداق بىر خىل روھىي ھالەت بولغان: ئۇ بىر تەرەپتىن فەن ياۋنەنگە گۇمان بىلەن قاراپ ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن ۋە بەلكى ئايرىم سورۇنلاردا باشقىلار بىلەن قىلغان سۆھبەتلىرىدە «مەن بىر يولۋاس (فەن ياۋنەننى دېمەكچى) بېقىۋاتىمەن①» دېگەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، فەن ياۋنەنگە يۇقىرى مەنسەپ، ئۈستۈن مائاش بېرىپ، چوڭ شەپقەت، قورۇق ھۆرمەت قىلىشقا رازى بولغانكى، ئۇنىڭ شىنجاڭدىن كېتىشىگە رۇخسەت قىلمىغان. ياڭ زېڭشىننىڭ بۇنداق غەلىتە روھىي ھالىتىنىڭ مۇنداق تۆت تۈرلۈك سەۋەبى بار: بىرىنچىدىن، ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ساختىپەزلىك ھۈنىرى، ھىيلە - مىكىر سەنئىتى ۋە ھۆكۈمرانلىق تەجرىبىسىگە ئىشىنەتتى، ئۇنىڭ ئۆزىنى كارامەت چاغلاپ، ئۆزىگە ھەمىشە «سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى ھەر قانداق بوران - چاپقۇنغا تاقابىل تۇرالايمەن» دەپ تەمەننا قوياتتى. شۇڭا ئۇ، فەن ياۋنەننى «ئۇ بولسا بىر تالىپ»، مېنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىمگە ئانچە چوڭ خەۋپ يەتكۈزەلمەيدۇ، دەپ قارايتتى. تەمىرات نازىرى يەن يۈيشەن ياڭ زېڭشىنغا كۆتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، فەن ياۋنەننىڭ ئىچكىرىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەندە، ياڭ زېڭشىن: «سۈن ۋۇكۇڭ ھەرقانچە ئۇستا ھەييار» بولسىمۇ، مېنىڭ «ئالىقىنىمدىن» قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ②، دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىككىنچىدىن، فەن ياۋنەننىڭ تالانتىمۇ ياڭ زېڭشىننى مەلۇم دەرىجىدە مەھلىيا قىلغان، ئۇ، فەن ياۋنەننىڭ بولۇشى مېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىمغا خېلى پايدىلىق دەپ قارىغان. ئۈچىنچىدىن، ياڭ زېڭشىن ئۆز ۋاقتىدا ياڭ

---

① ۋۇ ئەيچېن: «شىنجاڭغا قىلىنغان سەپەردىن خاتىرە» 16 - بەت.
② «شۇي شيۇشېڭنىڭ غەربكە قىلغان ساياھىتىدىن خاتىرە»، 3 - قىسىم، قوشۇمچە 1.

زېنشۈيىنى كەتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىنكى تەجرىبە - ساۋاقنى قوبۇل قىلغان. ئۇ فەن ياۋنەننىڭ بېيجىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئىچىدە سىياسىي مۇناسىۋەت دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى، فەن ياۋنەن ئىچكىرىگە كېتىپ قالسا، ياڭ زېنشۈيگە ئوخشاش، ئىچكىرىدە ئۇنىڭغا چاتاق سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز - شىكايەت قىلدۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىچكىرىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلىش «يولۋاسنى تاغقا قويۇۋېتىش» كە باراۋەر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. تۆتىنچىدىن، ياڭ زېڭشىن فەن ياۋنەننىڭ كېتىشى ياكى قېلىشى سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ بېيجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. ئۇ شۇنى چوڭقۇر بىلەتتىكى، فەن ياۋنەن لى يۈەنخۇڭنىڭ نەزەر - ئېتىبارىغا ئىگە ۋە شۇ سەۋەبتىن لى يۈەنخۇڭ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنىدى، ھەتتا لى يۈەنخۇڭنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. شۇڭا ياڭ زېڭشىن فەن ياۋنەننى سەۋەبسىزلا شىنجاڭدىن كېتىشكە رۇخسەت قىلىپ قويسا، بېيجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىدىن قورقاتتى.

ياڭ زېڭشىن فەن ياۋنەننىڭ ئىچكىرىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلمىغاندىن كېيىن، نۇرغۇن پۇل بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى①. فەن ياۋنەن پاك ئەمەلدار بولغاچقا، پۇل - بىساتى يوق دېيەرلىك بولۇپ، «30 مىڭ يۈەنگە قەرزدار بولۇپ قالغاندا، ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭ قەرزىنى تۆلىۋېلىشى ئۈچۈن دەرھال 20 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەرگەن②. ياڭ زېڭشىن فەن ياۋنەننى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن، ھەمىشە ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىپ تۇرغان، بىر قېتىم بۇرھان شەھىدى ئارقىلىق 10 مىڭ سەر ئۆلكە پۇلى ئەۋەتىپ بەرگەن، ھەتتا ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوغلىغىمۇ «ئوقۇش راسخوتى ياردەم پۇلى»

① جىن شۇرېن: «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى مېڭزىلىق ياڭ ئېكىسېلېنسىيانىڭ پاكالىيەتلىرى».

② جىن شۇرېن: «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى مېڭزىلىق ياڭ ئېكىسېلېنسىيانىڭ پاكالىيەتلىرى».

بەرگەن[1]. فەن ياۋنەننىڭ بىيجىڭدا ئوقۇۋاتقان ئىككى ئوغلىغا «ھەر يىلى ئوقۇش راسخوتى ئۈچۈن ئۈچ مىڭ نەچچە يۈز يۈەن»[2] كېتىدىكەن. يالڭ زېڭشىن فەن ياۋنەننىڭ مائاشىنىڭ سىرتىدا ياردەم بەرگەن. 1924 ـ يىلى، فەن ياۋنەن ئانىسىنىڭ ئاغرىپ ۋاپات بولغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ ئۆلۈم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشى لازىملىقىنى ئېيتىپ يەنە بىر قېتىم رۇخسەت سورىغاندا يالڭ زېڭشىن ھۆكۈمەت ئىشىنىڭ ئالدىراشلىقىنى باھانە قىلىپ يەنىلا رۇخسەت بەرمىگەن، لېكىن بىر تەرەپتىن بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرغۇچى خادىمغا تېلېگرامما بېرىپ، ئۇنى فەن ياۋنەننىڭ يۇرتىغا بېرىپ ئائىلىسىدىن ھال سوراشقا بۇيرۇغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن مالىيە نازارىتىگە فەن ياۋنەننىڭ مائاشىنىڭ سىرتىدا 4 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، فەن ياۋنەننىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۆلۈم ئۆزىتىش راسخوتى ئۈچۈن ئەۋەتىپ بېرىشنى بۇيرۇغان.

لېكىن، يالڭ زېڭشىننىڭ تۈرلۈك كاتتا ئىلتىپاتلىرى فەن ياۋنەننىڭ يالڭ زېڭشىننى ئاغدۇرۇش مەۋقەسىنى قىلچە تەۋرىتەلمىدى.

كونا ئەمەلدارلار ئىچىدە فەن ياۋنەن «زېرەك ۋە قابىلىيەتلىك» كىشى ھېسابلىناتتى، شۇڭا «قەلەمدە فەن ياۋنەن، ئەلەمدە يالڭ فېيشيا» دېگەن سۆز بار ئىدى. شۇ چاغلاردا، ئۇ ھەمىشە ئۆزىنى «دېموكراتىيىچى»، «ئىسلاھاتچى» قىلىپ كۆرسىتىپ، دائىم دېگۈدەك سىياسىي، ھەربىي، سودا ساھەسىدىكىلەر، ياش ئوقۇغۇچىلار، مىللىي يۇقىرى تەبىقە كىشىلەرى ۋە دىنىي كاتتىباشلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەچكە، سىياسىي جەھەتتە بۇرۇقتۇم بولۇپ يۈرگەن بىر قىسىم زىيالىيلار ۋە رايى قايتقان بىر قىسىم ئەمەلدارلارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئۇلار «پۈتۈن نىيىتى بىلەن يالڭ جياڭجۈننى ئاغدۇرۇپ، فەن نازىرنى يۆلەش»[3]، كويىدا

[1] سەددىچىن سىرتىدىكى ئادەم: «فەن ياۋنەن ھەققىدە»، «جەزىرىدىكى دولقۇن» غا بېسىلغان، 1 ـ جىلد، 8 ـ سان.
[2] جىن شۇرېن: «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى مېڭزىلىق يالڭ بېگىمنىڭ پائالىيەتلىرى».
[3] «شۇي شيۇشېڭنىڭ غەربكە قىلغان ساياھىتىدىن خاتىرە» 3 ـ قىسىم، قوشۇمچە I.

بولغان، شۇنىڭدەك جاھاننىڭ رەپتارىغا قاراپ ئىش تۇتىدىغانلارمۇ ئاتالمىش «مەركەز» دىن ئەۋەتىلگەن بۇ ئەرباپقا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا خۇشامەتچىلىك ماھارەتلىرى ۋە ماختاش ئىقتىدارلىرىنى نامايان قىلىشقان. فەن ياۋەن ئەنە شۇنداق يۇقىرى - تۆۋەنلەردە ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق، جاڭ چۈنشى، جاڭ چېن، لۈي باۋرۇ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ، مۇستەبىت مىلىتارىست ھاكىمىيەت ئىچىدە فەن ياۋەن باشچىلىقىدىكى ئۆكتىچىلەر گورۇھىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى. بۇ كىشىلەر دائىم دېگۇدەك خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ ئارقا - بېغىغا يىغىلىپ، ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مەخپىي پىلان تۈزۈشكەن.

«ياڭ زېڭشىننى ئاغدۇرۇش» فاڭجېنى بېكىتىلگەندىن كېيىن، فەن ياۋەن گورۇھى «مۇھاپىزەتچى ئەسكەر ئېلىپ، مۇرت يېتىشتۈرۈپ، مەھكىمە سېلىپ، مەخپىي ئىشخانىلارنى سېلىپ شايكا توپلاپ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش»① ئارقىلىق «ياڭ زېڭشىننى ئاغدۇرۇش» ھەرىكىتىنى ھەدەپ ئېلىپ باردى.

1928 - يىلى، شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلدى. شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى جياڭ جيېشى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە مەركەز سىياسىي يىغىنىنىڭ رەئىسلىك تەختىگە چىقىپ، نەنجىڭنى پايتەخت قىلىپ، چوڭ پومېشچىك ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويدى. ياڭ زېڭشىن بۇرۇنقىدەكلا «مازېرىنى تونۇپ، شەيخنى تونۇماسلىق» چارىسىنى قوللىنىپ، شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جياڭ جيېشىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تېلېگىراممىا يوللاپ، شىنجاڭ «گومىنجېڭفۇ (مىللىي ھۆكۈمەت) غا بويسۇنۇپ، سەنمىنجۇيى (ئۈچ مەسلەك) غا ئەمەل قىلىدۇ ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىدۇ، كۆك ئاسمان، ئاق قۇياش

① جىن شۇرېننىڭ 1928 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى نەنجىڭ گومىنجېڭفۇ ھۆكۈمىتىدىكى جياڭ جيېشى قاتارلىقلارغا يازغان خېتى.

بەلگىلىك بايراقنى ئاسىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ بارلىق ئىشلىرى گومىنجۇڭفۇنىڭ يولىيورۇقى بويىچە بىجىرىلىپ، دۆلەت بىرلىكى ساقلىنىدۇ» دەپ جاكارلايدۇ. 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ياڭ زىڭشىن يەنە ماتارىپ نازىرى لىيۇ ۋېنلۇڭنى بارلىق ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن بېيجىڭغا ئالاھىدە ئەۋەتىپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى ساداقەتلىك بىلەن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ياڭ زىڭشىن شۇ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى رەسمىي ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرىدۇ. ھەمدە شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى، قوشۇمچە باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن ھۆكۈمەت ھەيئەت تۈزۈمى ئورنىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قۇرۇق نامدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئەمەلىيەتتە «بۇرۇنقىدەكلا ئىستىبدات ھاكىمىيەت ئىدى①».

دەل شۇ چاغدا، فەن ياۋنەن ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى ئېھتىياتچانلىق مىجەزىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ، تەۋەككۈلچىلىك ۋە ئالدىن قول سېلىش چارىسىنى قوللىنىپ، ياڭ زىڭشىننىڭ ئىستىبدات مىلىتارىستلىق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشنى قارار قىلىدۇ.

ياڭ زىڭشىننى ئېتىپ تاشلاشتىن ئىبارەت بۇ سىياسىي ئۆزگىرىش 1928 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ تارىختا «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كۈن دەل شىنجاڭ ئۆلكىلىك رۇسچە سىياسىي - قانۇن مەكتىپىنىڭ بىرىنچى قارار ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن كۈن ئىدى. بۇ مۇراسىمغا ياڭ زىڭشىندىن باشقا، يەنە ھەر قايسى نازارەت، ۋىلايەت ۋە ھەربىي - مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ مۇھىم ئەمەلدارلىرى قاتناشقان ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ۋە ئۇنىڭ خادىمىمۇ تەكلىپ بىلەن قاتناشقانىدى. جىن شۇرېن: «دەرھال بىجىرىشكە تېگىشلىك ئىشلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى» دېگەننى باھانە قىلىپ، باش كاتىپ

① ۋۇ ئەيچېن: «شىنجاڭغا قىلىنغان سەپەرنىڭ خاتىرە» 16 - بەت.

تۇۋەنچىبېي ۋە بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ جىنزۇ قاتارلىقلار بىلەن بىللە، مۇراسىمدىن بالدۇرلا قايتىپ چىقىپ كېتىدۇ[1]. فەن ياۋنەن مەكتەپنىڭ نازارەتچىسى سۇيېتى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى باشقۇرىدۇ. ئۇلار ئەسلى پىلاندا، كۆپچىلىك بىللە رەسىمگە چۈشۈش ۋاقتىدا ياڭ زېڭشىننى ئاتماقچى ئىدى، لېكىن لۇيجاڭ دۇفارۇڭ ئەتراپتا ھەر ياڭزا ئادەملەرنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ، جاڭ چۇنشىدىن سۈرۈشتە قىلىدۇ.

جاڭ چۇنشى ئۇنىڭغا قويرۇق تۇتقۇزماستىن جاۋاب بېرىپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسىمۇ، بىرەر ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، پىلاننى ئۆزگەرتىپ زىياپەت ئۈستىدە قول سېلىش قارارىغا كېلىدۇ.

مۇراسىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن، فەن ياۋنەن، جاڭ چۇنشىلەر دەرسخانىدا زىياپەت تەييارلاپ، ياڭ زېڭشىن قاتارلىقلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. قول سېلىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، فەن ياۋنەن، جاڭ چۇنشىلەر ياڭ زېڭشىننىڭ ئادىيۇتانت (فۇگۇەن) لىرىنى شەرق تەرەپتىكى يان ئۆيگە، مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنى بولسا سىرتقى ھويلىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ھاراق - شاراب، پولۇ - كاۋاپ بىلەن مېھمان قىلىدۇ ھەمدە ئادىيۇتانت ۋە مۇھاپىزەتچىلەرگە ھاۋا بەك ئىسسىق، زىياپەتتە بەھۇزۇر تاماقلىنىش ئۈچۈن، قورال - ياراغلىرىنى يېشىۋېتىپ ئولتۇرۇشنى قەتئىي تەكلىپ قىلىدۇ. ئوقۇغۇچى قىياپىتىدە ياسىنىۋالغان مەرگەنلەر مېھمانلارنى چەبدەسلىك بىلەن كۈتىدۇ. ھاراق بىر نەچچە قەدەھ ئايلانغاندىن كېيىن، فەن ياۋنەن سوۋېت كونسۇلىغا قاراپ رومكىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى ھاراققا تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق شېرىكلىرىگە مەخپىي ئىشارەت بېرىدۇ. شۇ چاغدا سەي ئېلىپ كىرگۈچى قىياپەتتە ياسانغان ليۇ جىنچىن[2] بىرىنچى بولۇپ ياڭ زېڭشىنغا ئوق چىقىرىدۇ. نەتىجىدە ياڭ زېڭشىنغا يەتتە پاي ئوق تېگىپ،

① ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جىن شۇرېننىڭ زىيابېت ئارىلىقىدا چىقىپ كېتىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئۇنىڭ ئەپيۇن خۇمارى تۇتۇپ، روھى تۈۋەنلەپ، مىجەزى بوشاپ كەتكەنلىكتىن، داۋاملىق ئولتۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەي قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان، دېگەن گەپلەرمۇ بار.

② ليۇجىنچىن ـ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كەلگەن مۇھاجىر تۇەنجاڭ ليۇ ليەنكېنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ، ليۇ ليەنكېنى ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكتىن، ليۇ جىنچىن ئۆزىنىڭ باشلىقى ئۈچۈن قىساس ئېلىش نىيىتى بىلەن ياڭ زېڭشىننى ئېتىشقا مەرگەن بولۇشقا رازى بولغان.

شۇئان جان بېرىدۇ؛ شۇ سورۇندا يەنە لۇيجاڭ دۇفارۇڭ، مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ تۇەنجاڭى گاۋلىيەندۇ، ئاديۇتانت جاڭ زىۇبىن، ۋاڭ جى، ماۋۋېشىنلارمۇ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ①؛ تەمىرات نازىرى يەن يۈيشەن ئېغىر يارىدار بولغاندىن كېيىن ئۇقۇغۇچىلار ياتىقىغا ئېچىپ بېرىپ مۆكۈۋالغاچقا، جېنى ئامان قالىدۇ②. پوچتا ئىشلىرى نازارەتچىسى چېن رۇبىڭمۇ يارىدارلىنىپ قېچىپ كېتىدۇ؛ قالغانلارمۇ جېنىنى ئەپقېچىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ، بىر مەھەل ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ.

فەن ياۋنەننىڭ ياڭ زېڭشىننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشىدىكى تۈپ مەقسىتى - ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش، لېكىن كونكرېت ئېيتقاندا، بۇنىڭدا يەنە بىر مۇنچە ئامىللارمۇ بار. بىرىنچى ئامىل، ياڭ زېڭشىن فەن ياۋنەنگە ھېچقانداق يول بەرمىگەن. فەن ياۋنەن شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كېلىشتە، لى يۈەنخۇڭ شىنجاڭدا ئارمىيە بىلەن خەلقنى ئايرىپ باشقۇرۇش دېگەن پىكىردە بولۇپ، ياڭ زېڭشىننىڭ ئورنىغا فەن ياۋنەننى ئۆلكە رەئىسى قىلىپ تەيىنلىمەكچى ئىدى. لېكىن، فەن ياۋنەن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆلكە رەئىسى بولالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ياڭ زېڭشىننىڭ نازارەت قىلىشى ۋە ئىشەنمەسلىكىگە ئۇچرىدى. بۇ ھال فەن ياۋنەننى ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ھېچقانداق غايەمنى ئىشقا ئاشۇرالمىغۇدەكمەن، دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈردى. شىنجاڭدىن كېتەي دېسە، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىدى، تۇراي دېسە، بۇ ئۇنىڭغا خەۋپلىك ئىدى، دېمەك، ياڭ زېڭشىن ئۇنى يا كېتەلمەس، يا تۇرالماس قىلىپ قويدى، شۇڭا ئۇنىڭ

① گاۋلىيەندۇ - ياڭ زېڭشىننىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى، جاڭ زىۇبىن، ۋاڭ جى، ماۋۋېشىن قاتارلىقلار ياڭ زېڭشىننىڭ ئاديۇتانتلىرى بولۇپ، زىياپەت ۋاقتىدا بۇلارنى شەرق تەرەپتىكى يان ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان، ئوق ئاۋازى ئاڭلانغاندا، ئۇلار بۇنى ئوقۇغۇچىلار پوجاڭزا ئېتىپ ياخشى مۇراسىمنى تەبرىكلەۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان، كېيىن بۇ ۋەقەنى بىلىپ، گاۋلىيەندۇ ۋە باشقا مۇھاپىزەتچىلەر دەرھال زىياپەت ئۆتكۈزۈلگەن دەرسخانىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئۆلۈك ياتقان ياڭ زېڭشىننى كۆرۈپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ ماڭماقچى بولغاندا بۇلارمۇ ئوق يەپ شۇ يەردىلا جان بەرگەن.

② يەن يۈيشەن، يەنە بىر ئىسمى چىڭ جېي، گەنسۇلۇق، ياڭ زېڭشىنغا ئوق تېگىپ ئۆلگەندە، ئۇنىڭمۇ پۇتى ۋە قولىغا ئوت پاي ئوق تەگكەن، شۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ داۋالاش تېخنىكىسى قالاق بولغاچقا، ئوق ئېلىۋېتىلمىگەن. 1931 - يىلى (مىنگونىڭ 20 - يىلى) جۇڭگو - فرانسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭغا كەلگەندە، چې فامىللىك دوختۇر چۇمىنيىننىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن يەن يۈيشەننى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئوقنى ئېلىۋەتكەن.

ياڭ زېڭشىنغا بولغان ئۆچمەنلىكى كۈچىيىپ، ئۇ، ئاخىر ياڭ زېڭشىننى يوقاتمىغۇچە بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتكىلى بولمىغۇدەك، دېگەن نىيەتكە كەلدى. ئىككىنچى ئامىل، سىياسىي كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىدى. شۇ چاغدا، فەن ياۋنەن «يېڭىلىق تەرەپدارى» دەپ ئاتالدى، ياڭ زېڭشىن بولسا «كونىلىق تەرەپدارى» دەپ ئاتالدى. فەن ياۋنەن شىنجاڭدا سىياسىي ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، «شىنجاڭنى قۇتقۇزۇش» نىڭ چارىسى سۈپىتىدە «مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش، خىيانەتچىلىكنى يوقىتىش، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، ھەربىي قىسمنى رەتكە سېلىش» دېگەن بەش ماددىلىق چارىنى[①] ئوتتۇرىغا قويغانىدى، ياڭ زېڭشىن بولسا مەۋجۇت ھالەتنى ساقلاپ قېلىشنىلا ئويلايتتى. بۇنداق پىكىر ئىختىلاپى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئارازلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارماي قويمايتتى، شۇ سەۋەبتىن، فەن ياۋنەن تۆۋەندىكىلەر ئارىسىدا دائىم ئۆزىنىڭ ياڭ زېڭشىنغا بولغان نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ شىكايەت قىلاتتى، ئۇنىڭ سىياسىتىنى «جاھالەتلىك سىياسەت» دەپ سۆكەتتى. ئۇ: «شىنجاڭدا مەدەنىيەت - مائارىپنىڭ راۋاجلانماسلىقى ياڭ زېڭشىننىڭ «خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ كاساپىتى» دېگەن، ياڭ زېڭشىننى مىللەتلەر ئارا ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شەخسىي ئورنىنى مۇستەھكەملىمەكچى، دەپ ئەيىبلىگەن. مەيلى بۇرھاننىڭ ئالدىدا بولسۇن، مەيلى شۇي شيۇشىڭنىڭ ئالدىدا بولسۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ ياڭ زېڭشىنغا بولغان نارازىلىقىنى ئاشكارىلايتتى. ئۈچىنچى ئامىل، فەن ياۋنەن «ئۆزىدىن ھەر مىنۇت ئەنسىرەيتتى» ، «قانخورلۇقتا ئۆچىغا چىققان» ياڭ زېڭشىن «يۈزسىزلىكتە داڭق چىقارغان» بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمىسا بولمايتتى، سەللا بىخەستىلىك قىلسا «قۇربان بولۇش[②]» ئېھتىمالىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. شۇڭا، فەن ياۋنەن ئالدىن قول سېلىش ۋاستىسى ئارقىلىق خەۋپلىك ئەھۋالدىن قۇتۇلماقچى بولغانىدى؛ تۆتىنچى، ئامىل، ئۆزگەرتىش تەشكىللەنگەندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈ-

---

① بۇرھان: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» 123 - بەت.
② بۇرھان: «شىنجاڭنىڭ 50 - يىلى» 113 - بەت.

مەت ھەيئەت ئەزالىرى ئىسمىلىكىگە فەن ياۋنەن كىرگۈزۈلمىگەن. ياڭ زېڭشىن جياڭ جيېشىنى ھىمايە قىلىش يۈزىسىدىن تېلېگرامما يوللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرى ئىسمىلىكىنى تەستىقلىتىشقا نەنجىڭغا يوللىغان. بىراق، فەن ياۋنەن ھەيئەتلەرنىڭ ئىسمىلىكىدە ئۆزىنىڭ ئىسمى يوقلۇقىنى ئاڭلاپ①، قاتتىق قورسىقى كۆپكەن ۋە ياڭ زېڭشىننىڭ زەھەرلىك قول سېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ، ياڭ زېڭشىننى ئۆجۇقتۇرۇۋېتىش نىيىتىگە كەلگەن. شۈي شيۇشىڭ ئۆزىنىڭ «خاتىرە» سىدە مۇنداق دەپ يازغان: «فەن ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ بىر ئىسمىلىكىنى تۈزۈپ چىققانىكەن، ئۇنىڭدا ھەممە نازارەت، ۋىلايەتلەرنىڭ نازىرى، ۋالىيلىرىنىڭ ئىسمى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، پەقەت فەن ئەپەندىنىڭلا ئىسمى يوق ئىكەن. فەن ئەپەندىنىڭ ئۆزىدىن ئېھتىيات قىلغان يېرى-دەل مۇشۇ، ياڭ جياڭجۇننى ئاغدۇرۇشنى خالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى فەن ئەپەندىنىڭ دوستلىرى، ھالبۇكى، فەن ئەپەندىنىڭ ئۆزىنى بۇ ئىشنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇشقا ئەمەلىي ئەھۋالمۇ يول قويمىغان②».

مانا بۇلار فەن ياۋنەننىڭ «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى»نى قوزغىشىدىكى تۈرلۈك ئامىللاردۇر.

فەن ياۋنەن رۇسچە سىياسىي - قانۇن مەكتىپىدە ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، دەرھال ئۆزىنىڭ شېرىكلىرىدىن 20 نەچچە كىشە-

---

① بۇ مەسىلىدە ئىككى خىل قاراش بار، بىر خىل قاراشتىكىلەر: ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرى ئىسمىلىكىدە فەن ياۋنەن يوق، دەيدۇ. بۇنداق دېگۈچىلەر شۈي شيۇشىڭ، ۋۇئەيچىن، بۇرھان قاتارلىقلار؛ يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر: فەن ياۋنەن توققۇز نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنىڭ بىرى، دەيدۇ. جاڭ داجۈن «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇنلۇق 70 - يىل» دېگەن كىتابىدا: «ياڭ زېڭشىن رەئىس بولغاندىن باشقا، جىن شۇرېن خەلق ئىشلىرى نازىرى، شۈي جىيەن مالىيە نازىرى، لىيۇ ۋېنلوڭ مائارىپ نازىرى، يەن يۈيشەن تەمىرات نازىرى، جاڭ جيەڭدى ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، فەن ياۋنەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە خادىمى قىلىپ كۆرسىتىلگەن. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ توققۇز نەپەر ھەيئەت ئەزاسى: ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، فەن ياۋنەن، شۈي جىيەن، لىيۇ ۋېنلوڭ، يەن يۈيشەن، جاڭ جيەڭدى، تۇۋېنىي، لى رۇڭلار ئىدى» دەپ يازغان (شۇ كىتابنىڭ 5 - قىسىم 2615 - بېتى). ماقالىمىزدە بىرىنچى خىل قاراشقا قوشۇلىمىز، چۈنكى ياڭ زېڭشىن تۈزۈپ چىققان ھەيئەتلەر ئىسمىلىكى مەخپىي بولۇپ، ئۇنى فەن ياۋنەننىڭ بىلمەسلىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى مۇمكىن.

② «شۈي شيۇشىڭنىڭ غەربكە قىلغان ساياھىتىدىن خاتىرە» 3 - قىسىم، قوشۇمچە I.

لى باشلاپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە بېرىپ، چوڭ دەرۋازىدىكى
قاراۋۇلنى ئېتىپ تاشلاپ، ئۇدۇل ئۈچىنچى ھويلىغا باستۇرۇپ كىرىدۇ،
ئۇ يەردە يەنە ئادۇتانت ماۋيىچېننى ئۆلتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن شەرقتىكى
يان ئۆيلەرگە كىرىپ تامغا ۋە قورال - ياراغلارنى ئاختۇرىدۇ؛ يەنە بىر
تەرەپتىن ھەر قايسى نازىر - ۋالىيلارنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە
مەجلىسكە چاقىرىدۇ. ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۆ-
رەش ھەل قىلغۇچ جەڭ پەيتىگە كەلگەندە، ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلار
گۇرۇھى كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى - جىن شۇرېن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ.
تامغىچى ياڭ چىگىنىن①تامغىنى فەن ياۋنەنگە تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ،
لېكىن فەن ياۋنەن ئۇنى ئىشلىتىپ ھۆكۈم سۈرۈپ بولغۇچە، ياڭ زېڭشىن-
نىڭ سادىق مۈرتى جىن شۇرېن قوماندانلىقىدىكى ھەربىي قوشۇن تەرىپى-
دىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىدە قورشىۋېلىنىدۇ.

جىن شۇرېن سىياسىي - قانۇن مەكتىپىدىكى زىياپەتتىن ئۆزرە ئېيت-
تىپ قايتىپ چىققاندىن كېيىن، خەلق ئىشلار نازارىتىگە كېلىپ، بېسى-
لىپ قالغان خەت - چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت مىلتىق
ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ، لېكىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئۇزۇن ئۆت-
مەي ئىسكەرلەر ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كېلىشكەندىن كېيىن، ئاندىن
«سىياسىي - قانۇن مەكتىپىدە سىياسىي ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى
بىلىپ②» ، دەرھال ھەربىي ئىشلار بۆلۈم باشلىقى جاڭ پېييۇەن، ھەربىي
مەكتەپ مۇئەللىمى فېڭ لياڭ ۋە لۇيجاڭ دۇفارۇڭنىڭ ئوغلى دۇگوجى
قاتارلىقلارنى يىغىپ، سىياسىي ئۆزگىرىشكە قارشى قانداق تەدبىر قوللى-
نىش توغرىسىدا مەخپىي مەسلىھەت قىلىشىدۇ ۋە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. جىن
شۇرېن: «ياڭ جياڭجۇن ئۈچۈن قىساس ئېلىش» دېگەن بايراق ئاستىدا،
جاڭ پېييۇەن، لى خەيرۇ، فېڭ لياڭ قاتارلىق كىشىلەرگە قوماندانلىق

---

① ياڭ چىگىنىن - خۇنەن ئۆلكىسى شياڭيىن ناھىيىسىدىن، ئۇ تۇز باشقۇرغۇچى ھەيئەت ۋە بۈگۈر، شايار ناھىيىلىرىدە ئامبال بولغان. ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئاۋۋال ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنىڭ تامغىسىنى باشقۇرغان.

② جىن شۇرېن: «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى مېڭزىلىق ياڭ بېگىمنىڭ پائالىيەتلىرى».

قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۈچىنچى ھويلىغا بېسىپ كىرىدۇ؛ دۈگۈجى بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى باشلاپ پۈتكۈل ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنى قورشىۋالىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن يېڭجاڭ ۋاڭ داچېڭ، جاڭ يۈيشيۇلارمۇ ئۆز قىسىملىرىنى باشلاپ مەھكىمىگە يېتىپ كېلىپ بۇيرۇق كۈتىدۇ. دەسلەپتە، بىر قىسىم ئەسكەر «ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاڭقىرالماي»، «جانپىدالىق قىلىشقا ئۇنىماي» ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، جىن شۇرېن «نۇرغۇن ئىنئام بېرىش» ئارقىلىق جەڭگە ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق ۋە نازارەت قىلىدۇ. فەن ياۋنەن قاتارلىقلار دەسلەپتە ئېتىشىپ باققان بولسىمۇ، كېيىن رەقىبلىرىگە تەڭ كېلەلمەي قالىدۇ، چۈشتىن كېيىن سائەت 7 دە، جىن شۇرېن باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەر ئۆلكىلىك مەھكىمىنىڭ ئۈچىنچى ھويلىسىغا بېسىپ كىرىپ فەن ياۋنەنلەرنى قولغا ئالىدۇ (شۇ مەيداندا 21 كىشى قولغا ئېلىنىدۇ). جىن شۇرېن دەرھال پەۋقۇلئاددە سوت تەشكىللەپ ئۇلارنى سوراق قىلىدۇ ھەمدە ھەربىي قانۇن يىغىنىنىڭ قارارىدىن ئۆتكۈزۈپ، فەن ياۋنەن، خې گۇاڭشىڭ قاتارلىق 20 نەچچە كىشىگە جەسىتىنى پارچىلاپ تاشلاش جازاسى ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىمۇ دەشۋارچىلىقتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەتىسى سەھەردە، فېن ياۋنەننىڭ شېرىكلىرى جاڭ چۈنشى، لۈي باۋرۇلارمۇ قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ياڭ چىڭنەن فەن ياۋنەننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە جىن شۇرېننى سۆھبەتلىشىشكە تەكلىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن گۇمانلىق بولۇپ ئۆلتۈرۈلۈپ، جەسىتى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنىڭ شەرقىي بېغىنىڭ سىرتىغا تاشلىۋېتىلىدۇ. ياڭ زېڭشىنغا تۇنجى ئوق چىقارغان ليۇ جىنچېننىمۇ دۇمبىسىگە شىياڭ كۆيدۈرۈپ يېقىپ، راسا قىينىغاندىن كېيىن، ئاندىن كاللىسىنى ئېلىپ تاشلايدۇ، جاڭ چىن قاماقتا ئېلىنىپ ھۆكۈم كۈتۈپ ياتىدۇ. سىياسىي ئۆزگىرىشكە قاتناشقان مۇۋېيتۇڭنىڭ جىن شۇرېن بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن بولغانلىقتىن قوغداپ قېلىنىپ ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. سىياسىي - قانۇن مەكتىپىنىڭ سابىق مۇئەللىمى جاڭ شيەنجى فەن ياۋنەننىڭ گۇرۇھىدىكى ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ ۋەقە

يۈز بەرگەندە جىمۇنەي ناھىيىسىدە ئامبال بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقتىن، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ①.

شۇنداق قىلىپ، فەن ياۋنەننىڭ قوزغىغان بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ مەغلۇپ بولۇش سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، فەن ياۋنەندە ھەربىي ھوقۇق يوق ئىدى، ئەمەلىي كۈچىمۇ يوق ئىدى. فەن ياۋنەندە 30 ـ 40 نەپەر مۇھاپىزەتچىدىن باشقا، يەرلىك ئورۇنلاردا ئۇنى قوللايدىغان ئەمەلىي كۈچى بار، قولىدا ھەربىي ھوقۇق بار كىشىلەر يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسىي كۈچى ـ بەزى زىيالىيلار ۋە نەزەر ـ ئېتىبارغا مۇيەسسەر بولالماي رايى قايتقان ئەمەلدارلار ئىدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە كۆپ پۇل بېرىپ ۋاقىتلىق ياللىۋالغان بەزى جاھانكەشتىلەرمۇ بار ئىدى. شۇڭا، جىن شۇرېن سەل ـ پەل قايتۇرما زەربە بېرىپ قويۇش بىلەنلا، ئۇلار يىمىرىلىپ مەغلۇپ بولۇپ، ئاخىر كاللىسىدىن ئايرىلدى.

ئىككىنچى، فەن ياۋنەن قوزغىغان «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى بولۇپ، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا فەن ياۋنەن يەككە ـ يېگانە تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ، تىررورلۇق ۋاستىسى ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان، شۇڭا بۇ سىياسىي ئۆزگىرىش ئۆمرى

① جاڭ پېيەنجى ـ جياڭسۇ ئۆلكىسى ۋۇشيەن ناھىيىسىدىن، شۇ يىلى 27 ياش، 1924 ـ يىلى (مىنگونىڭ 13 ـ يىلى) بېيجىڭ رۇسچە سىياسىي ـ قانۇن تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن. شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن خارجى ئىشلار مەھكىمىسىدە بۆلۈم خادىمى، بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ھەمدە «سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپى» دە بىر مەزگىل دەرس بەرگەن. كېيىن جىمۇنەي ناھىيىسىدە خارجى ئىشلارغا دائىر ۋەقەلەر دائىم يۈز بەرگەچكە، ياڭ زېڭشىن رۇسچىنى راۋان بىلىدىغان جاڭ پېيەنجىنى جىمۇنەيگە ئامبال قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇ فەن ياۋنەننىڭ «ياڭ زېڭشىننى ئاغدۇرۇش» گورۇھىدىكى مۇھىم ئەزالارنىڭ بىرسى. ئۇ «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى خىزمىتىنى تاشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق تيەنجىنگە قېچىپ كېتىدۇ. جىن شۇرېن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئۇنى «قاتتىق تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىش، قولغا چۈشكەندىن كېيىن جىنايىتىنى سورۇشتۇرۇپ قاتتىق جازالاش» توغرىسىدا تېلېگرامما بېرىدۇ.

قىسقا بىر قىتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىشتۇر.

ئۈچىنچى، فەن ياۋنەن ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاساسىنى تولىمۇ ئۆلچەرلىيەلمىگەن. ئۇ ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرسىلا، ياڭ زېڭشىننى ھىمايە قىلىدىغانلار ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ، ئۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئىگىلەپ، تامغىنى قولغا چۈشۈرسىلا، ھۆكۈم سۈرۈپ ھەممىگە قوماندانلىق قىلالايمەن، شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقى ئاسانلا قولۇمغا كېلىدۇ، دەپ قارىغان. چۈنكى، ئۇ گەنسۇلۇقلار گورۇھىنىڭ مىلىتارىست ھاكىمىيەت ئىچىدىكى كۈچىنى سەل چاغلىغان. ياڭ زېڭشىن خېجۇ ئوبلاستىدا كۆپ يىل ئوبلاست باشلىقى بولۇپ تۇرغان، شىنجاڭدىكى مۇھىم ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭمۇ كۆپچىلىكى خېجۇدىن كەلگەن، ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىلىرى ياڭ زېڭشىننىڭ شاگىرتلىرى بولۇپ، ئۇ ئۆز قولى بىلەن يېتىشتۈرگەن ئادەملەر ئىدى. شۇڭا، ياڭ زېڭشىن ئۆلۈش بىلەنلا، جىن شۇرېن دەرھال بىر تۈركۈم ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشنى شۇنچە تېز بېسىقتۇرالىدى.

تۆتىنچى، فەن ياۋنەن سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاشتا يەڭگىللىك قىلىپ قاراملىق ۋە ئالدىراقسانلىق بىلەن ئىش كۆرگەن؛ سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوزغاپ قويۇپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالغان، ئۇنىڭدا يىراقنى نەزەردە تۇتقان ئەتراپلىق پىلان بولمىغان. شياۋشۇ «مىنگونىڭ تۇنجى يىلىدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىسلاھات ۋە سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە قىسقىچە بايان» دېگەن ماقالىسىدە: فەن ياۋنەن «ياڭ زېڭشىننى يوقاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالغان، ھېچقانداق چارە تاپالماي غەلىبىنى مەغلۇبىيەتكە ئايلاندۇرۇپ قويغان، بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق[①]» دەپ يازغان.

سىياسىي ئۆزگىرىش جىمىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلار سىننىــ

---

① «جەزىرىدىكى دولقۇن» 1 - جىلد، 8 - سان.

پىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر مەيدان كەسكىن يوشۇرۇن - ئاشكارا كۈرەش ئەۋج ئالىدۇ. ئۈرۈمچى ۋالىيسى لى رۇڭ ۋەكىللىكىدىكى كىشىلەر سابىق ئىلى مۇداپىئە ئامبىلى ياڭ فېيشيانىڭ تەختكە چىقىپ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنى ياكى جىن شۇرېن ئۆلكە رەئىسلىكىنى ئۆتەپ، ياڭ فېيشيا پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ جاڭ پېييۈەن ۋەكىللىكىدىكى كىشىلەر بولسا، ياڭ فېيشيانىڭ تەختكە چىقىشىغا ئاشكارا قارشى چىقىپ، جىن شۇرېننىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىنى، قوشۇمچە ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شىنجاڭدا ھاكىمىيەتنى كىم باشقۇرىدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە جىن شۇرېننىڭ باشقىلارغا يول بەرمەيدىغانلىقى تەبىئىي، ئەلۋەتتە. چۈنكى، ئۇ «توپىلاڭنى جىمىقتۇرۇش» قا قاتناشقانلىقى، «كونا باشلىق ئۈچۈن قىساس ئېلىپ چوڭ ھوقۇقنى قايتۇرۇۋالغانلىقى» ئۈچۈن، جاڭ پېييۈەن قاتارلىقلار ھەر تەرەپكە قاتراپ، مەخپىي ئالاقە باغلاپ، توپىلاڭنى تىنچىتىشتا جىن شۇرېننىڭ تۆھپىسى بار، ئۇنى ياڭ زېڭشىننىڭ ئورنىغا رەئىس قىلىش كېرەك، دەپ داۋراڭ سالىدۇ. جاڭ پېييۈەن قاتارلىقلار مەخپىي ئالاقە باغلاش ئىشلىرىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، جىن شۇرېن ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ خەلقنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدە بىرلىكتە مەسلىھەتلىشەيلى، دېگەن نام بىلەن ھەر قايسى نازىر، ۋالىيلارنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە مەجلىسكە چاقىرىدۇ. جىن شۇرېن ئىلگىرىلا ھەربىي ساھەدىكىلەرنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان بولغاچقا (ئەينى چاغدا ھەربىي ساھەدىكىلەر ئىچىدە گەنسۇلۇقلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى)، مەجلىسكە كەلگەن نازىر، ۋالىيلار جىن شۇرېننى ياڭ زېڭشىننىڭ ئورنىغا رەئىس قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ قوشۇلۇپ سايلىشى بىلەن، جىن شۇرېن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرىدۇ ھەمدە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىش ئۈچۈن تېلېگرامما يوللايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرىمىزكى، «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نەتىجىسىدە ياڭ بىلەن فەن تەڭلا ھالاك بولۇپ، جىن شۇرېن «پايدا ئالىدۇ»، ئۇ ھاكىمىيەتنى ئوڭايلا چاڭگىلىغا

كىرگۈزۈۋالىدۇ.
لېكىن، جىن شۇرېننىڭ ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىد-
دىكى ئىناۋىتى يۇقىرى ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ «7 - ئىيۇل سىياسىي
ئۆزگىرىشى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، شۇي چيەن، جاڭ جىڭئىدى، لى
رۇڭ، تۇ ۋېنپېي، ۋاڭ زىزو، جاڭ دېشەن قاتارلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن-
كى مۇھىم كىشىلەر بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ نەنجىڭدىكى ليۇ ۋېنلۇڭغا
يوللىغان مەخسۇس تېلېگراممىسىدا، «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى»
نىڭ جەريانىنى ۋە جىن شۇرېننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى، قوشۇمچە
باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە سايلىغانلىقىنى دوكلات قىلغاندىن باشقا يەنە
«ھازىر ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇ-
رۇپ سىياسەتلەرنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن، كەمىنىلىرىنىڭ شىنجاڭغا
تېز قايتىپ كېلىپ شىنجاڭنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشى-
نى سورايمىز» دېگەن. ئىجتىمائىي تەجرىبىسى مول ليۇ ۋېنلۇڭ ئا-
شۇنداق كەسكىن، مۇرەككەپ زىددىيەت ئىچىدە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ
رەئىسى بولۇشنى خالىمايتتى، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئۇ شۇي چيەن قاتارلىقلار-
غا يوللىغان جاۋاب تېلېگراممىسىدا «ياشىنىپ قالغانلىقىنى»، شىنجاڭغا
قايتىپ «ياڭ بېگىمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى» نى بېجىرىپ بولغاندىن
كېيىن، «خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ ئاخىرقى ئۆمرىنى ياخشى ئۆتكۈ-
زۈش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى» قايتا - قايتا بىلدۈرىدۇ ھەمدە «ئۆلكىدىكى
ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ھەمكارلىشىپ،
رەئىس جىن شۇرېننىڭ ھازىرقى ھالەتنى ساقلىشىغا ھەمدەم بولۇش» نى
جېكىلەيدۇ. بۇ گەرچە كىچىككىنە بىر قىستۇرما بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا
چوڭقۇر مەنە بار ئىدى. ئۇزاق قالماي، «گومىنجېڭفۇ ھۆكۈمىتىنىڭ
غەربىي دىيارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى» نىڭ بىر خىل ئىپادىسى سۈپىتىدە
ليۇ ۋېنلۇڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھال سورىغۇچىسى سالاھىيىتى بىلەن
شىنجاڭغا قايتىپ كېلىدۇ.

جىن شۇرېننىڭ تەخەللۇسى دىيەن بولۇپ، گەنسۇنىڭ داۋخې (خېجۇ،
كېيىن لىنشيا ناھىيىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) دېگەن يېرىدىن ئىدى. ئۇ

ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ تەشرىپدارلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، ئۇ-
نىڭ «خەت - چەكلەرنى يېزىشتا ئارتۇقچىلىقى» بولغاچقا، ياڭ زېڭشىننىڭ
قەدىرلىشىگە ئېرىشكەن. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت باشقۇرغاندا،
ئۇمۇ شىنجاڭغا كېلىپ ناھىيىنىڭ ئامبىلى بولغان. ياڭ زېڭشىن ئۇنى
«ئەتىۋارلاپ» ئامباللىقتىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ
نازىرى قىلىپ ئۆستۈرگەن. شۇ چاغدىكى نازىر، ۋالىيلار ئىچىدە، جىن
شۇرېننىڭ ستاژى ئەڭ قىسقا بولۇپ، قابىلىيىتى «ياڭ زېڭشىنغا قارىغاندا
كۆپ تۆۋەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پەن ياۋنەنگىمۇ يەتمەيتتى[①]».
ئۇنىڭ ئۆلكە رەئىسلىك ئالىي ئورۇنغا چىقالىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ
بىر تەرەپتىن پەن ياۋنەننى «جىمىقتۇرۇش» ۋاقتىدا ھەربىي قوشۇننى
قولغا كىرگۈزۈۋالدى، يەنە بىر تەرەپتىن گەنسۇلۇق يۇرتداشلىرىنىڭ قول-
لىشىغا ئېرىشتى. ئۇنداق بولمىغاندا، شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقا-
لىشى ناھايىتى تەس ئىدى. گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ليۇيۈيفىن نەنجىڭ
ھۆكۈمىتىگە يوللىغان تېلېگراممىسىدا: «جىن شۇرېن قابىلىيەت جەھەتتە
ياڭ زېڭشىنغا زادىلا يەتمەيدۇ، جىن شۇرېن تەختكە چىقسا شىنجاڭدا چاتاق
كۆپ چىقىشىدىن ئەنسىرەيمىز، كەلگۈسىدە دۆلەت مۇداپىئەسىمۇ كىشىنى
ۋەھىمىگە سالىدىغاندەك قىلىدۇ» دەپ ئېنىق ئېيتقانىدى. تارىخنىڭ تەرەق-
قىيات جەريانى ليۇ يۈيفىننىڭ ئالدىنئالا ئېيتقان سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى
ئىسپاتلىدى. جىن شۇرېن تەختكە چىقىپ بەش يىل ئۆتمەيلا، جىن شۇرېن-
نى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىدە غۇلاپ چۈشتى.

جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، بەش تۈرلۈك ئىشنى قىلدى:
بىرىنچىسى، ئۆلكە رەئىسى قوشۇمچە خەلق ئىشلىرى نازىرى نامىدىن ئەلنى
تىنچلاندۇرۇش ئېلانى چىقىرىپ شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى تىن-
دۇرۇپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى؛ ئىككىنچى-
سى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما يوللاپ، «7 - ئىيۇل سىياسىي
ئۆزگىرىشى» نىڭ جەريانىنى مەلۇم قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە تېلېگرامما

① «شۆي شيۈشېڭنىڭ غەربكە قىلغان ساياھىتىدىن خاتىرە» 3 - قىسىم، قوشۇمچە
I.

ئارقىلىق پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى نازىر، ۋالىيلارغا ۋە ئىلى ھەربىي مۇداپىئە ئامبىلى ھەمدە موڭغۇل، قازاق، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاڭ - گۇڭ بەگلىرىگە ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىنى ئىزھار قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ پوزىتسىيە بىلدۈرۈشىنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئۇلارغا ئۆز جايلىرىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشنى بۇيرۇدى؛ ئۈچىنچىسى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا بىنائەن، 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ياڭ زېڭشىنىڭ تەزىيە يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. ئەمەلىيەتتە تەزىيە يىغىنى 40 كۈن ئۆتكۈزۈلدى. 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ياڭ زېڭشىننىڭ جەسىتىنى سىياسىي - قانۇن مەكتىپىدە كېپەنلەپ ساندۇققا سالغاندىن كېيىن، تەڭرى ئىبادەتخانىسىغا يۆتكەپ ئاپىرىپ راھىب - لامالارغا تالاۋەت قىلدۇردى، مۇراسىم ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلدى، كۈتۈش ئىشلىرىدىمۇ ھەددىدىن زىيادە ئىسراپچىلىق بولدى. ئۈرۈمچىدىكى سەنبىڭ ئاشخانىسى، خۇيشىڭ ئاشخانىسى قاتارلىق داڭلىق ئاشخانىلارنىڭ ھەممىسىگە زىياپەت جوزىسى تەييارلاش كۆتۈرە قىلىنىپ، كاتتا مېھمانلار، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار كۈتۈۋېلىندى؛ تۆتىنچىسى، تۆھپىسىگە قاراپ ئىنئام بەردى، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنىڭ ئەمىلىنى ئۆستۈردى. جاڭ پېييۈەن، لى خەيرۇ، فېڭ لياڭلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ھەربىي شتابىنىڭ باشقارما باشلىقى، ھەربىي سوت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ ئۆستۈردى؛ دۇجىگونى پىيادە ئەسكەرلەر تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭلىقىغا، ۋاڭ داچېڭ، جاڭ يۈيشيۈلارنى قورۇقلۇق ئارمىيىنىڭ لۈيجاڭلىقىغا، جىن شۇرېننىڭ تۆتىنچى ئىنىسى جىن شۇجىنى پىلىموت دادۈيىنىڭ دۈيجاڭلىقىغا، سۈي جاۋجىنى باش قوماندانلىق شتابى مۇھاپىزەت لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭلىقىغا تەيىنلىدى؛ لىيەندىن تۆۋەن ئوفىتسېرلاردىن خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆستۈردى، بەزىلىرىگە بىر ئايلىق مائاش قوشۇپ بەردى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، چېن جىشەننى خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، لىيۇ شاۋلىنى مۇۋەققەت مائارىپ نازىرلىقىغا تەيىنلىدى؛ ئۆلكىدە ئەمەلدار بولۇشنى خالىماي، ۋىلايەت - ناھىيىلەردە ئەمەل تۇتۇشنى تەلەپ قىلغان لى خەيرۇ، فېڭ لياڭ، لىيۇ دېنشەنلەرنىمۇ

رازى قىلىپ، ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تارباغاتاي ۋالىيسى، كېرىيە ھاكىمى، مارالبېشى ھاكىمى قاتارلىق خىزمەتلەرگە تەيىنلىدى؛ بەشىنچىسى، جىن شۇرېن گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پارتىيە (داڭبۇ) دائىمىي ھەيئىتى دېگەن سالاھىيەت بىلەن ئۆلكىلىك پارتىيىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. 1928 - يىل 9 - ئايدىن باشلاپ، ئەنجاڭ ھۆكۈمىتىگە ئارقا - ئارقىدىن خەت يېزىپ، جامائەت پىكرى توپلاپ، ئوچۇق - ئاشكارا تۈردە ئۆزىگە پەرداز بېرىپ تەختكە چىقىش ئۈچۈن يول ھازىرلىدى. 9 - ئايدا يەنە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ نامىدا بىر تەشۋىقات تىزىسى① تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى كەڭ كۆلەمدە تارقاتتى. بۇ تەشۋىقات تىزىسىدا، ياڭ زېڭشىنىڭ «ئۆلتۈرۈلگەنلىك ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي سىرى» نى پاش قىلىش نامى ئاستىدا، فەن ياۋنەننى «قارا نىيەتچى» دەپ راسا تىللىغان؛ بىر تەرەپتىن، «ياڭ زېڭشىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى سىياسىي تۆھپىسى» نى ماختىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، جىن شۇرېن ئۈچۈن ھەدەپ مەدھىيە ئوقۇپ، ئۇنى «ئىچكى توپىلاڭنى تىنچىتقۇچى» دەپ ماختاپ، «ئىنقىلابنىڭ تۆھپىكارى» قىلىپ بېزەپ كۆرسەتتى.

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ ئەنجاڭ ھۆكۈمىتىدىن جىن شۇرېننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى، قوشۇمچە باش قوماندانلىققا رەسمىي تەيىنلەشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ 8 - ئاينىڭ 26 - كۈندىكى بۇيرۇقىدا، جىن شۇرېنغا پەقەت ۋەقەدىن كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش، «ۋاقىتلىنچە مۇۋەققەت رەئىسلىك خىزمىتىنى ئۆتەپ تۇرۇش»، يەرلىكنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش توغرىلىقلا كۆرسەتمە بېرىلگەنىدى. ئەنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جىن شۇرېننى خىزمەتكە تەيىنلەش بۇيرۇقىنى خېلى ۋاقىتقىچە كېچىكتۈرۈپ ئەۋەتمەسلىكىدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، جىن شۇرېننىڭ قابىلىيىتى ياڭ زېڭشىندىن تۆۋەن، شىنجاڭنىڭ

① بۇ تەشۋىقات تىزىسىنىڭ تولۇق نامى «جۇڭگو گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پارتىيە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ياڭ جۇشىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي سىرى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتى».

ئىشلىرىنى «باشقۇرۇپ كېتەلمەيدۇ» دەپ قارىغان؛ ئىككىنچىدىن، ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرۈش ئەنزىسىگە جىن شۇرېننىڭ قاتناشقانمۇ، يوق دەپ گۇمانلانغان، جىن شۇرېننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەش كېرەكمۇ ، يوق دېگەن مەسىلىدە، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ليۇ يۈيفېننىڭ تەكلىپى خېلى رول ئوينىغان. ليۇ يۈيفېن جىن شۇرېننىڭ قابىلىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى «باشقۇرۇپ كېتەلمەيدۇ» دەپ قارىغاچقا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە جىن شۇرېننى ئۆتكۈنچى شەخس قىلىپ، ۋاقىتىنچە جىن شۇرېن ئارقىلىق «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش» توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن ھەمدە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە يوللىغان تېلېگراممىسىدا: «بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، مەركىز شىنجاڭغا بىلىملىك، ئىقتىدارلىق، ئابرويلۇق ئەمەلدار ئەۋەتىشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ، ھازىرچە كۆڭۈلدىكىدەك ئادەمنى تاللاش قىيىن، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، شىنجاڭغا پېشقەدەم، تەجرىبىلىك، مەسئۇلىيەتچان، ئابرويلۇق ئەرباب ئەۋەتىلمىسە، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش خېلى تەس بولىدىغاندەك قىلىدۇ» دەپ تەكرار - تەكرار ئېيتقان. ليۇ يۈيفېننىڭ پىكرى نەنجىڭدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورۇنلىرىدىكى بىر قىسىم مۇھىم ئەمەلدارلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەچكە، جىن شۇرېننى خىزمەتكە تەيىنلەش بۇيرۇقى بىر نەچچە ئايغىچە كېچىكتۈرۈپ ئەۋەتىلمىگەن. جىن شۇرېن «تەكرار تېلېگراممىا ۋە مەكتۇپ يوللاپ» سۈيلىسىمۇ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «جاۋاب قايتۇرمىغان». جىن شۇرېن باشقا ھېچقانداق ئامال تاپالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىدىن ئىبارەت بۇ كوزىرنى ئىشقا سېلىپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلەتتى.

شۇ چاغلاردا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى جىن شۇرېننىڭ ياللانما قورالىغا ئايلىنىپ قالغان ھەمدە بۇ بىر پىرقە گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشمىگەنىدى، ئۇنى پەقەت جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق قو-

راشتۇرۇپ چىققانىدى. جىن شۇرېن قانۇنىي گورنىنى قولغا كىرگۈزۈۋې-
لىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك پىرقىنى سەھنىنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ قويۇپ،
ئۆزىنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىغا داقا - دۇمباق چالغۇزۇپ يول ئاچقۇزدى.
1928 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋە 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شىنجاڭ
ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ نامىدا نەنجىڭ گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىغا يول-
لىغان تېلېگراممىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ بىر
قىسمىدۇر.

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى
يوللىغان تېلېگراممىسىدا، جىن شۇرېننى: «جاسارەتلىك، بىلىملىك،
باتۇر، ھەممە جەھەتلەردىن كامالەتكە يەتكەن، چېگرا رايونىنىڭ مۇقىملى-
قىنى ساقلاپ، باندىتلارنى يوقىتىشتا شانلىق تۆھپە ياراتتى» دەپ كۆككە
كۆتۈردى ھەمدە جىن شۇرېن «ئەخلاقلىق، ئابرۇيلۇق، ھەممە جەھەتتىن
كامالەتكە يەتكەن، تۇپىلاڭنى جىمىقتۇرۇشتا ئۇلۇغ تۆھپە ياراتتى»، شۇڭا
بىز ئۇنى ئۆلكە رەئىسى، قوشۇمچە باش قوماندانلىققا بېرىدەك كۆرسىتى-
مىز، دېيىلگەن شۇنداقلا 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك
پىرقىسىنىڭ ئومۇمىي ھەيئەتلەر پەۋقۇلئاددە جىددىي يىغىنى جىن شۇرېن-
نىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ۋەزىپىلىرىنى بېرىدەك ئېتىراپ قىلغان. ئۆلكى-
لىك پىرقە يەنە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىن «ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، چېگرا
رايونىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، جىن شۇرېننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە، قوشۇمچە باش قوماندانلىققا تەيىنلەش بۇيرۇ-
قىنى تېز چۈشۈرۈش» نى تاقەتسىزلىك بىلەن تەلەپ قىلغان. «جۇڭگو
گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ياڭ جۇشىنىڭ
ئۆلتۈرۈلگەنلىك ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي سىرى توغرىسىدىكى تەشۋىقات» تې-
زىسىدا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «تېزدىن ئېنىق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، جىن
شۇرېننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە، قوشۇمچە باش قو-
ماندانلىققا تەيىنلەپ، دۆلەتنىڭ غەربىي زېمىنىنى غەمدىن خالاس قىلىش
لازىملىقى» قايتا - قايتا تەكىتلەنگەن ھەتتا «خەلقنىڭ پىكرى» دېگەن نام
بىلەن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى قىيىن ئەھۋالغا سېلىپ، ئەگەر جىن شۇرېن-

نى خىزمەتكە تەيىنلەش بۇيرۇقىنى يەنە كېچىكتۈرۈپ ئەۋەتمەيدىغان بولسا، «خەلقنىڭ غەزىپى قوزغىلىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن نارازى بولىدۇ» دەپ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلەتكەن.

بۇ چارىلەر كارغا كەلمىگەندە، جىن شۇرېن ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەر تەرەپكە مۇراجىئەت قىلدى. ئۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە، گومىنداڭنىڭ مەركىزىي كومىتېتىغا، ھەر قايسى مىنىستىرلىك ۋە پالاتالارغا «ئېنىق يوليورۇق بېرىلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتىدىغانلىقى» توغرىسىدا تېلېگ-رامما بېرىپلا قالماي، يەنە جياڭ جيېشى، يەن شىسەن، لى ليېدىياۋ، يۈي يورېنلارغا «سەۋەنلىكلىرىگە توۋا قىلىپ، ئىلتىپاتقا قوللۇق بەجا كەلتۈرىدىغانلىقى» ھەققىدە تېلېگرامما يوللىدى. ھەتتا جياڭسۇ ئۆلكىسى-نىڭ رەئىسى نيۇ يۇڭجيەننىمۇ ئۆز نىيىتىدىن ۋاقىپلاندۇردى. ئۇ 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە يوللىغان خېتىدە ئاگاھلاندۇرۇش تەلەپپۇزى بىلەن مۇنداق دەپ يازدى: «شىنجاڭ كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن چېگرىداش، ئۇنىڭ ئىچكى ئەھۋالى مۇرەككەپ، ئىچكى ئىشلار، خارجى ئىشلار، ئۆچۈر بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يېقىنقى يىللاردىن بېرى كوممۇنىزم شاملى مەخپىي تارقالدى، تەدبىر قوللىنىپ ئۇنىڭ ئالدى-نى ئالمىساق، ئۇ ھامان پاراكەندىچىلىك سالىدۇ ياكى ئۇ ئاسىيلارنى قۇترىتىپ، پۇرسەت كەلگەندە يەرلىكنىڭ ئامانلىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ»، «ئىش كېيىنگە سۈرۈلۈپ كەتسە، يېڭى ۋەقە يۈز بېرىشى مۇمكىن». جىن شۇرېننىڭ ۋەھىمىلىك سۆزلەر بىلەن باشقىلارنى چۆچۈتۈشتىكى ھەقىقىي مەقسىتى - نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى ئۆزىنى بالدۇرراق ئۆلكە رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈشكە مەجبۇرلاش ئىدى.

جىن شۇرېن يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ ھەرىكەتلەنگەنلىكتىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئورۇنلىرىدىكى بىر قىسىم مۇھىم كى-شىلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ جىن شۇرېن ئۈچۈن گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. نيۇ يۇڭجيەن، جياڭ جيېشى قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نەنجىڭ گومىنجۈڭفۇ ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما بەرگەندىن باشقا، يەنە جىن شۇرېننىڭ تېلېگراممىسىنى يوللاپ بەردى. بۇنىڭدىن باشقا، جىن شۇرېن

يەنە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى بالدۇرراق ۋەزىپىگە تەيىنلەش بۇيرۇقىنى چۈشۈ-
رۈشكە ئۈندەش ئۈچۈن يۇرتدىشى لۇ شياۋزۇنى «چارە - تەدبىر ئۆگىنىش»
نامىدا نەنجىڭغا ئەۋەتتى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى خېلى ۋاقىتقىچە مۇۋاپىق
نامزات تاپالمىغاچقا، ئاخىر شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جىن شۇرېننى
ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەش توغرىسىدا رەسمىي بۇيرۇق چۈشۈردى. ۋاڭ
جىزو، شۈي چيەن، ليۇ ۋېنلۇڭ، يەن يۈيشەن، لى رۇڭلار ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى بولدى؛ 19 - كۈنى يەنە 85 - نومۇرلۇق بۇيرۇق
چۈشۈرۈلۈپ، «چېن جىشەن، تۇ ۋېنپېيلەر ھەيئەتلىككە تەيىنلەندى».
1929 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، لۇشياۋزۇمۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
ھەيئىتى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ
تۇ ۋېنپېي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا، ۋاڭ جىزو، شۈي
چيەن، ليۇۋېنلۇڭلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا قوشۇمچە سىياسىي ئىشلار
نازىرى، مالىيە نازىرى، مائارىپ نازىرى، تەمىرات نازىرلىقىغا؛ چېن
جىشەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئۈرۈمچىگە ئالاھىدە ئەۋەتكەن مەدەنى-
يەت ئالاقىچىسىلىكىگە تەيىنلەندى. ئەمما نەنجىڭ ھۆكۈمىتى جىن شۇرېن-
نىڭ قوشۇمچە باش قوماندانلىق بولۇشىغا قوشۇلمىدى. جىن شۇرېننىڭ
تەكرار - تېلېگرامما يوللاپ ئىلتىجا قىلىشى بىلەن 1931 - يىلى
6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگە كەلگەندە جىن شۇرېن ئۆلكە رەئىسى، قوشۇمچە
چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى قىلىپ تەيىنلىنىپ، ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرىد-
ىغان بولدى. گۇاڭ لۇ ئىسىملىك بىر ئەمەلدار چېگرا مۇداپىئە دۇبەنىگە
بېرىلىدىغان تامغىنى نەنجىڭدىن شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىۋاتقاندا، جىن شۇ-
رېن چۆچەككە مەخسۇس ماشىنا ئەۋەتىپ ئۇنى قارشى ئالدى؛ گۇاڭ لۇ
12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر سىرتىغا يېتىپ كەلگەندە،
ئۇنىڭ ئالدىغا بېزەلگەن ماشىنا، ھەربىي ئوركېستىر ۋە ھۆرمەت قاراۋۇلى
ئەۋەتىپ شەھەرگە ئېلىپ كىرگەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە
يېتىپ كەلگەندە، داغدۇغا قىلىش ئۈچۈن ئۈچ پاي ھۆرمەت توپى ئاتقۇز-
غان. بۇ پاكىت جىن شۇرېننىڭ ھەربىي ۋەزىپىسىگە ئىگە بولغانلىقىنى
ئۆزى ئۈچۈن زور غەلىبە دەپ قارىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

1928 - يىلى يۈز بەرگەن «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» - شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بىر قېتىملىق زور ۋەقە. شۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق، ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭدىكى 17 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى. لېكىن، ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا جىن شۇرېن ئۆتتى، بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن ھېچقانداق ياخشىلىق كۆرمىدى.

# ئۈچىنچى باب

## جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭدىكى هۆكۈمرانلىقى

### 1 - بۆلۈم جىن شۇرېن هاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ۋەزىيەت ۋە ئۇنىڭ سىياسىي تەدبىرلىرى

جىن شۇرېن هاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىننىڭ بىر يۈرۈش سىياسىتى ۋە تۈزۈمىگە ئاساسىي جەھەتتىن ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق: «ئۆلكىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ياڭ زېڭشىننىڭ چارە - تەدبىرلىرىگە ئەمەل قىلىش كېرەك[1]» دېدى. دېمەك، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، جىن شۇرېننىڭ هۆكۈمرانلىقىنى ياڭ زېڭشىن هۆكۈم-

① چېن دېڭجى: «ئىس - تۈتەك قاپلىغان ئىلى توغرىسىدا»، 28 - بەت.

رانلىقىنىڭ داۋامى دېيىشكە بولىدۇ. جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىدىمۇ ھېچقانچە ئۆزگىرىش بولمىدى، خارجى ئىشلار ئاپپاراتىنىڭ نامى بىر ئاز ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى يەنىلا ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى بۇرۇنقى ئورگانلار ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، خارجى ئىشلار مىنىستىرلىقى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ئالاھىدە خادىم تۇرۇشلۇق مەھكىمە خارجى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1929 - يىلى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى چېن جىشەننى بۇ باشقارمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. خەلق ئىشلىرى نازىرلىقىنى دەسلەپتە ۋاڭ جىزو ئۈستىگە ئالدى، ئۇ خىزمەتتىن ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۇرۇمچىنىڭ ھاكىمى لى چى ئۆتىدى. ئالىي سوتنىڭ باشلىقى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى تۇ ۋېنپېي، باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى لۇ شياۋزۇ ئۈستىگە ئالدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ھەيئەتلەر تۈزۈمى داۋاملىق يۈرگۈزۈلدى، ئايرىم ھەيئەتلەر ئالماشقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ قىسمى بۇرۇنقى ھەيئەتلەر ئىدى. ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە، شىنجاڭ نەنجىڭدە بىر ئىش باشقۇرۇش ئورنى قۇرغان بولۇپ، بۇ ئورۇننىڭ ۋەكىللىرى چيەن تۇڭ بىلەن جاڭ فېڭجۇ ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئۆلگەندىن كېيىن، چيەن تۇڭ خىزمەتتىن ئىستېپا بەرگەچكە، شىنجاڭنىڭ نەنجىڭدىكى ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ خىزمەتلىرىنى باشقۇرۇشقا يالغۇز جاڭ فېڭجۇلا قالدى. دېمەك، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىرى ئاساسەن ياڭ زېڭشىننىڭ ئادەملىرى ئىدى. جىن شۇرېن سىياسىي جەھەتتە «ياڭ زېڭشىننىڭ چارە - تەدبىرلىرىگە ئەمەل قىلىپ» لا قالماي، ئىستىل جەھەتتىمۇ ياڭ زېڭشىننى دورىماقچى بولدى، جىن شۇرېن ئۆزىنى گەپتان كۆرسىتەتتى، يەنە كېلىپ ياڭ زېڭشىننىڭ چىقىشقاقلىق ئىستىلىنى دورايتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ «ئىچى تار، كالتەپەم » ئادەم ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ ئاخىرقى مەزگىلگە كەلگەندە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەچكە، شىنجاڭنى ئۇزۇن مۇددەت مالى-



2 - رەسىم جىن شۇرېن

مانچىلىقتا چۈشۈرۈپ قويدى.

دەرۋەقە، جىن شۇرېن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت باشقۇرغان مەزگىلدە، ياڭ زېڭشىننىڭ بىر يۈرۈش سىياسىي تەدبىرلىرىدە ئازراقمۇ ئۆزگىرىش بولمىدى، دېيىشكە بولمايدۇ. ئالايلۇق، ياڭ زېڭشىن خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن بولسا، جىن شۇرېن «مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، خەلقنىڭ زېھنىنى ئېچىش» نى تەشەببۇس قىلدى. جىن شۇرېننىڭ بۇ تەشەببۇسى خىراجەت، ئوقۇتقۇچى، ئەسلىھە قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئانچە ئىشقا ئاشمىدى. ئادەم ئىشلىتىشتە ئۆز يېقىنلىرىنىلا ئىشقا قويۇش - بۇ ياڭ زېڭشىن بىلەن جىن شۇرېن ئىككىسىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇسۇلىدا ئاز - تولا ئوخشاشماسلىق بار ئىدى. جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپلا ياڭ زېڭشىننىڭ يۇرتداشلىرىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمەسلىك سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭىدىن مەنسەپكە تەيىنلەنگەنلەر تەگرى ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ قەسەم بېرىش

ئەنئەنىسىنى بىكار قىلدى. جىن شۇرېن ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك ساۋىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، ئۈچىنچى ھويلىدىكى مۇھاپىزەتچىلەرنى ئەسلىدىكى بەش، ئالتە كىشىدىن ئون نەچچە كىشىگە كۆپەيتتى، جىن شۇرېننىڭ ئىشخانىسىدا دائىم ئىككى مۇھاپىزەتچى تۇرىدىغان، ئىشخانىنىڭ سىرتىنىمۇ مۇھاپىزەتچىلەر چارلاپ تۇرىدىغان بولدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ دەرۋازىسى يېنىدا ۋە ئىككىنچى ھويلىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا خەۋەرلىشىش ئىشخانىسى ۋە ئاديۇتانتلار باشقارمىسى قۇرۇلدى، جىن شۇرېن بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلگەنلەر ئالدى بىلەن خەۋەرلىشىش ئىشخانىسى ئارقىلىق ئاديۇتانتلار باشقارمىسىغا مەلۇم قىلىدىغان، ئاندىن ئاديۇتانتلار باشلىقىنىڭ خېتىنى ئېلىپ ئۈچىنچى ھويلىغا بېرىپ جىن شۇرېندىن يوليورۇق ئالىدىغان بولدى، شۇڭا جىن شۇرېن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت ساقلاشقا توغرا كېلەتتى. بۇنداق قاتتىق مۇھاپىزەت تۈزۈمى، خەۋەر يەتكۈزۈش ۋە كۆرۈشۈش جەھەتتىكى قامال قىلىش سىياسىتى جىن شۇرېننى سىرتتىكى ئەھۋالدىن خەۋەرسىز قالىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدى.

جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر دۆۋىلىنىپ كېتىپ، ۋەزىيەت تېخىمۇ يامانلاشتى. مالىيىنى ئالساق، جىن شۇرېن مالىيە قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇنىڭ دەۋرىدە مالىيە قىيىنچىلىقى ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكىدىنمۇ بەك ئېغىرلىشىپ كەتتى. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان 1927 - يىلى، يىللىق چىقىم 12 مىليون 876 مىڭ 647 يۈەن بولغان بولسا، جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان تۇنجى يىلى (يەنى 1929 - يىلى) 29 مىليون 797 مىڭ 882 يۈەنگە يېتىپ، بىر يىل ئىچىدىلا 16 مىليون 921 مىڭ 235 يۈەن كۆپەيدى. 1931 - يىلغا كەلگەندە يىللىق چىقىم 48 مىليون537 مىڭ 12 يۈەنگە يېتىپ، 1927- يىلدىكىدىن 25 مىليون 660 مىڭ 365 يۈەن كۆپەيدى. يىللىق چىقىمنىڭ تېز كۆپىيىشىگە ھەربىي خىراجەتنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىشى سە-

ۋەپ بولدى. 1929 - يىلى ھەربىي خىراجەت چىقىمى 21 مىليون 964 مىڭ 584 يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىلقى چىقىمنىڭ 72.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1931 - يىلى بولسا 38 مىليون 180 مىڭ 372 يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىلقى چىقىمنىڭ 78.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ھەربىي خىراجەتنىڭ تېز كۆپىيىشى مالىيە قىيىنچىلىقىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. مالىيەدىكى بۇنداق قىيىنچىلىق سىنىپىي زىددىيەتنى يەنىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىشى، سىنىپىي زىددىيەتنىڭ يەنىمۇ كەسكىنلىشىشى ئىجتىمائىي كرىزىسنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇقەررەر ئىدى. جىن شۇرېندا شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى ئوڭشىيالىغۇدەك قابىلىيەت يوق ئىدى. مانا بۇ جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقى مۇقەررەر ھالدا قىسقا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

جىن شۇرېن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بەش يىل (1928 - يىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 1933 - يىل 4- ئاينىڭ 12- كۈنىگىچە)، دەل كونا مىلىتارىستلارنىڭ ئورنىنى يېڭى مىلىتارىستلار ئىگىلىگەن، مەملىكەت بويىچە ۋاقىتلىق مۇقىملىق خاھىشى كۆرۈلگەن مەزگىل ئىدى. جىن شۇرېن ھاكىمىيەت باشقۇرغان دەسلەپكى ئىككى يىلدا، «شىنجاڭدا خەۋپ - خەتەرنى، ئامان - ئېسەنلىككە ئايلاندۇرۇپ»، ياڭ زېڭشىندىن قېپقالغان ئەبجەق تەنزىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇقىملىق ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدا سىياسىي، ھەربىي، سودا - سانائەت ئىشلىرىنى ۋە مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالدى. ئەمما، جىن شۇرېن ئېلىپ بارغان تەرتىپكە سېلىشنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. بۇنى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ سىنىپىي خاراكتېرى بەلگىلىگەنىدى.

جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى يۈرگۈزگەن تەرتىپكە سېلىش تەدبىرلىرى ئىچىدە، ئەڭ ئاساسلىقى، ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىن ئىبارەت.

1. ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى تەرتىپكە سېلىش.

شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلمىسىدە ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمى ئاساسەن

ساقلاپ قېلىندى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۆلكە، ناھىيىدىن ئىبارەت ئىككى
دەرىجىلىك تۈزۈمنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ چېگرا رايونلۇقىد-
ىنى، زېمىنى كەڭ ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، شىنجاڭدىكى سەككىز
ۋىلايەتنى سەككىز مەمۇرىي رايونغا ئۆزگەرتىشكە رۇخسەت قىلدى. شۇنداق
قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قارمىقىدا مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىند-
ىغاندىن باشقا، يەنە ناھىيە، رايون، كەنت قاتارلىق ئاساسىي قاتلام ھاكىمى-
يەتلىرى قۇرۇلدى. شۇ چاغدا پۈتۈن شىنجاڭ سەككىز مەمۇرىي رايونغا
بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تۆتى جەنۇبىي شىنجاڭدا، تۆتى شىمالىي شىنجاڭدا
ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكىسى ئاقسۇ، قارا شەھەر، قەشقەر، خوتەن؛
شىمالىي شىنجاڭدىكىسى ئۈرۈمچى، چۆچەك، ئالتاي، ئىلىدىن ئىبارەت
ئىدى. مەمۇرىي رايوننىڭ باشلىقى شۇ رايوندىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنى
باشقۇراتتى، يەرلىك مالىيىنى نازارەت قىلاتتى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە
ۋاكالىتەن شۇ رايوننىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى، قوشۇمچە ھەربىي ئىشلىرىنى
باشقۇراتتى، قەشقەر، ئىلى، چۆچەك، ئالتايلارنىڭ مەمۇرىي رايون باشلىق-
لىرى يەنە خارجى ئىشلارنىمۇ قوشۇمچە بېجىرەتتى.

شۇ چاغدا، شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلار ئىچىدە مەزھەپ كۈرىشى ئىنتا-
يىن ئېغىر ئىدى. گەنسۇ گۇرۇھى، خۇنەن - خۇبېي گۇرۇھىدىن باشقا
يەنە تيەنجىن گۇرۇھى، سەنشى گۇرۇھى ۋە يەرلىكلەر گۇرۇھى قاتارلىقلار
بار ئىدى. جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن،
ئەل - ئاغىنىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئارقىلىق قول ئاستىدىكىلەرنى
كونترول قىلدى. شۇڭا، ئۇ يۈرگۈزگەن ئەمەلدارلىق تۈزۈمنى تەرتىپكە
سېلىش، ماھىيەتتە ئۆز يېقىنلىرىنى يۆلەش، شايكا توپلاش ئىدى. ئۇ
گەنسۇ گۇرۇھىدىكىلەرگە تايىنىپ خۇنەن - خۇبېي گۇرۇھىدىكىلەر ۋە باشقا
گۇرۇھتىكىلەرنى سىقىپ چىقىرىش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش ئارقىلىق
ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۈچەيتتى ۋە يېتىشتۈردى. ئەينى چاغدا خەلق ئىچىدە
مۇنداق گەپ تارالغانىدى: «ئەتىگىنى ئۆگەنسە خېجۇچە سۆزنى، ئاخشاملى-
قى ئاسىدۇ يانغا قىلىچىنى». بۇ سۆز كىمكى جىن شۇرېن بىلەن يۇرتداش
بولسا، شۇ كىشى ئەمەلدار بولۇپ بېيىيدۇ، ئەتىۋارلىنىدۇ دېگەن مەنىدە

ئىدى. «ئۇرۇق - جەمەتلىرىنى، يۇرتداشلىرىنى، ئەل - ئاغىنىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، باشقا يۇرتلۇقلاردىن ئېھتىيات قىلىش» - جىن شۇرېننىڭ ئادەم ئىشلىتىش پرىنسىپى ئىدى. مۇشۇ پرىنسىپقا ئاساسەن جىن شۇرېننىڭ يۇرتدىشى لۇشياۋزۇ، چېن جىشەن، دۇگوجىلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى، خارجى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، لۈيجاڭ بولغاندىن باشقا، جىن شۇرېننىڭ 5 - ئىنىسى جىن شۇشىن ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ ھەربىي چوڭ ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزىۋالدى. ئۇ «سۇيەقەستچى، چېلبۆرە تەبىئەتلىك» ، بايلىق خۇمار، ھوقۇقپەرەس، قىزىل كۆز كىشى بولغاچقا، كىشىلەر تەرىپىدىن «2 - دۇبەن» دەپ ئاتالدى. كىشىلەر شاۋ سۇي دەپ ئاتايدىغان مۇھاپىزەتچى سۇي جاۋجى (خېجۇلۇق) مۇھاپىزەتچىلەر لىيەنجاڭلىقىغا، تۈەنجاڭلىققا تەيىنلەندى، كېيىن دەرىجە ئاتلىتىپ لۈيجاڭلىققا ئۆستۈردى. «شاۋ سۇي» بىلەن «جىن شۇرېننىڭ 5 - ئىنىسى» نىڭ ئەسكىلىكلىرى «جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ جىمى ئىپلاسلىقلىرىنىڭ يىغىندىسى ئىدى[1]» . «بارلىق مەمۇرىي ئىشلاردا جىن شۇشىن بىلەن سۇي جاۋجىنىڭ دېگىنى ھېساب ئىدى، ھالبۇكى ئۇلار ئاچ كۆز، زوراۋان كىشىلەر بولۇپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغاندى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن تۈرلۈك پەسكەشلىكلەر كۆرۈلۈپ تۇراتتى[2]» . ئۈرۈمچىنىڭ سىرتىدىكى مۇھىم ھەربىي ئورۇنلارغىمۇ جىن شۇرېن يۇرتداشلىرى ۋە يېقىنلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەرگە 4 - ئىنىسى جىن شۇجىنى شىجاڭلىققا تەيىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەپيۇنكەش، لەقۋا جىن شۇجى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خانى بولۇپ قالدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى مۇھىم جاي - ئىلىغا يۇرتدىشى جاڭ پېييۈەننى بوز يەر بېگى قىلدى. قۇمۇل ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىشتىكى مۇھىم ئۆتكەل بولغاچقا، يۇرتدىشى ليۇ شېزېڭنى قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇنغا شىجاڭ قىلدى. ئالتاي بىلەن چۆچەك سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن

---

① بۇرھان: «شىنجاڭنىڭ 50 - يىلى» 120 - بەت.
② زېڭ ۋېنۇۋ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش تارىخى» 540 - بەت.

چېگرىداش بولغاچقا، جىن شۇرېن يۇرتدىشى ۋۇپېي جېنگونى ئالتايدا تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ شىجاڭى، لى خېيرۇنى ياڭ زېڭشىنىڭ يېقىنى لى جۇڭلىنىڭ ئورنىغا ۋالىي قىلدى. لى خېيرۇ (گۇاڭدۇڭلۇق) گەرچە جىن شۇرېننىڭ يۇرتدىشى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ جىن شۇرېننى ھىمايە قىلىپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى. قىسىملاردىكى چوڭ - كىچىك ئوفىتسېرلار، يەرلىكتىكى ھاكىملارنىڭ ھەممىسى بارا - بارا جىن شۇرېننىڭ يۇرتداشلىرى ۋە يېقىنلىرىدىن بولدى. بۇ ھەقتە «بىراۋ يول تاپسا، ئۇنىڭ ئىت، توخۇلىرىمۇ ئەرشكە چىقىپتۇ» دېگەندەك ئىش بولدى.

جىن شۇرېن ئەسلىدە يۇرتداشلىرى ۋە يېقىنلىرى ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى كونترول قىلىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولغانىدى. لېكىن، ئىش ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولمىدى، ئۇ يا يۇرتداشلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىيالمىدى، يا يېقىنلىرىنى باشقۇرالمىدى، گەنسۇ گورۇھىدىكىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ زىددىيەت قاتمۇقات بولغاچقا، ئۇلار بىر - بىرىگە ئورا كولىدى، بىر - بىرى بىلەن پۇت تېپىشتى، ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، بىر - بىرىنى يەكلىدى. كېيىنكى چاغلاردا، جىن شۇرېن يەككە - يېگانە، ھېلىم دېۋانە بولۇپ قالدى، ھەتتا يۇرتدىشى يەن يۇيشەنمۇ دائىم جىن شۇرېننى ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەرنى ئەيىبلەيدىغان، بولۇپمۇ جىن شۇرېننىڭ 5 - ئىنىسى جىن شۇشىننى قاتتىق ئەيىبلەيدىغان بولۇپ قالدى. لۇ شياۋزۇ بىلەن جىن شۇرېننىڭ 5 - ئىنىسىنىڭ زىددىيىتىمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ، زادىلا كېلىشەلمەيدىغان دەرىجىگە يەتتى. مۇشۇ زىددىيەت تۈپەيلىدىن، كېيىن لۇ شياۋزۇ قوشۇن باشلاپ قۇمۇلغا ماجۇڭيىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلانغاندا، جىن شۇشىن ئوق - دورا، ئاشلىق بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھەربىي يۈرۈشكە تەسىر يېتىپ جەڭدە مەغلۇپ بولغان، شۇڭا جىن شۇشىننىڭ كۆيئوغلى جۇ رۇيشىمۇ مۇشۇ ئىشتىن ئاغرىنىپ ئۇنى ئارقىسىدىن تىللىغان.

1928 - يىلى 9 - ئايلاردا، جىن شۇرېن ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ھاكىملار، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش نىزامىنى

ئېلان قىلدى ۋە ئەنجاڭ ھۆكۈمىتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بۇيرۇقىنى باھانە قىلىپ، ھاكىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى قۇردى. ئۇ بۇنى ئۆز يېقىنلىرىنى يېتىشتۈرۈش، قولچوماقلىرىنى كۆپەيتىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى قىلىشقا ئۇرۇندى. كېيىن خىراجەت يېتىشمىگەنلىكى ۋە مالىمانچىلىق يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ كۇرسنى ئىشتىن توختىتىدى.

شۇ چاغلاردا، ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەتچىلىكى، پارىخورلۇقى، پۇقرالارنى قاقتى - سوقتى قىلىشى ئەدەپ كەتتى، «پاك، ئادىل بولۇش» توغرىسىدا داۋراڭ سېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قۇرۇق گەپ ئىدى. ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە بەزىلەر ئامباللارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىشقا پېتىنالىغانىدى. جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، خەلق ئامباللار ئۈستىدىن ئاساسەن ئەرز - شىكايەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى، بۇنىڭغا جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ چىرىكلىشىپ قىلىنغان شىكايەتلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقى ياكى زادىلا بىر تەرەپ قىلمىغانلىقى سەۋەب بولدى. شۇڭا، كىشىلەر جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە بولغان ئىشەنچىسىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. شۇڭا، «جىن شۇرېن ھاكىمىيەت باشقۇرغان دەۋردە ئەمەلدارلار چىرىكلىشىپ، خەلق گادايلىشىپ كەتتى، زورلۇق - زومبۇلۇق يەنە ئەۋج ئالدى![1]» ئەمەلىيەتتە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت بۇ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى زادىلا ئىسلاھ قىلالمايتتى.

2. قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش.

جىن شۇرېننىڭ قوشۇننى تەرتىپكە سېلىشتىن مەقسىتى شىنجاڭدا شاھەنشاھ بولۇۋېلىپ، فېئودال باشباشتاقلىقىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، «مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ شتاتى بويىچە قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش» ۋە «دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش» نى باھانە قىلىپ ھەربىي قوشۇننى كۆپەيتىش، يېڭى قوراللارنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتىش ئىدى. جىن شۇرېن دەسلەپتە ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى ئۈچ

---

① ياڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش تارىخى» 540 - بەت.

شىنى ئالتە شىغا كۆپەيتىپ، ئۇلارنى ئۈرۈمچى، چۆچەك، ئىلى، ئالتاي، ئاقسۇ ۋە قەشقەرگە ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە قارا شەھەردە تۇرۇشلۇق موڭ-غۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى بىر لوي قىلىپ تەشكىللىدى. جاڭ پېيۈەن «شىنجاڭدا تىنچلىقنى ساقلاشنىڭ پىلان پروگراممىسى» دا، شىنجاڭدا ئالتە شى قوشۇن بار دېيىلسىمۇ، «ئەمەلىيەتتە ئەسكەرلەرنىڭ سانى 40 مىڭدىن كۆپ» دەپ مۆلچەرلەنگەن. كېيىن جىن شۇرېن يۇقىرىقى ئالتە شى ئاساسىدا يەنە ئىككى شى ئەسكەر كۆپەيتتى. بۇلاردىن باشقا، يەنە تەرتىپكە سېلىنمىغان قوشۇنلاردىن ئالتاي گازارمىسى ۋە قەشقەردە خۇيزۇ قوشۇنى، شىخو، چىڭگىل، قوشتولغاي، بەيتىك، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا موڭغۇل، قازاق ئاتلىق ئەسكەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن 19 يىڭ ئەسكەر؛ چۆچەك، چىڭگىل، شىخو، ماناس، قۇتۇبى، سانجى، داۋانچىڭ، تۇرپان، قۇمۇل، لۇكچۈن، قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، مارالبېشى، پەيزىۋات، يېڭىسار، يەكەن، گۇما، تاشقورغان، خوتەن، كېرىيە قاتارلىق جايلاردا 23 مۇداپىئە يىڭى بار ئىدى. قوشۇندىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانى ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكىدىن كۆپىيىپلا قالماي، قوراللىنىشىمۇ بۇرۇنقىدىن خې-لى ياخشىلاندى.

جىن شۇرېنمۇ ياڭ زېڭشىنغا ئوخشاش، شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ مۇستە-قىل پادىشاھلىقى دەپ ھېسابلىدى. «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى لىيۇيۇيفېننى ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇدى، جىن شۇرېن بۇ ئىشتىن ناھايىتى ئېھتى-يات قىلىپ شەرقىي شىنجاڭنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، فېڭ يۇشياڭ قوشۇنىنىڭ شەرقتىن شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش نامى بىلەن 2000 كىشىلىك قوشۇننى شىڭشىڭشياغا ئەۋەتتى.

ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە ئەسكەرلەرنىڭ تەركىبى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، قورۇقلۇق ئارمىيىسىدە ئاساسلىقى باشقا ئۆلكىلەردىن كەلگەن ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر بار ئىدى، ياڭ زېڭشىن ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەپ، خۇيزۇلار ۋە شىنجاڭلىقلاردىن ئەسكەر ئېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن-دى. جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، باشقا ئۆلكىلىك ئوفىت-

سىر ـ ئەسكەرلەرنى شاللاپ چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، ئارمىيە ئىچىدە گەنسۇلۇقلار بىلەن شىنجاڭلىقلارنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى. ياڭ زېڭشىن ئەتىۋارلىغان «خۇيزۇ قوشۇنى» نى جىن شۇرېن باشقۇرۇش تەس دەپ قارىغاچ، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىشتا بىر قىسىم «خۇيزۇ قوشۇنى» ئۆزگەرتىلدى. بۇ خىل چارىمۇ «خۇيزۇ قوشۇنى» بىلەن جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ زىددىيىتىنى كۈچەيتىۋەتتى، بۇ كېيىنكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا بىر مۇنچە «خۇيزۇ قوشۇنى» نىڭ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىدىن يۈز ئۆرۈشىگە سەۋەب بولدى.

جىن شۇرېن ئارمىيىنى كېڭەيتىشتە، ئەسكەر مەنبەسىدىن ئىبارەت باش ئاغرىتىدىغان مەسىلىگە دۇچ كەلدى. ئۇ ئەسكەر ئېلىشتا شىنجاڭلىقلارنىڭ ۋە شەنشى ـ گەنسۇلۇقلارنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەسكەر بولۇشنى خالىمىدى، چۈنكى شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، ئادىمى شالاڭ بولغاچقا، مەيلى دېھقان ياكى ئىشچى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئەسكەرنىڭ كىرىمى تۆۋەن دەپ قارايتتى، بىر قىسىم بىكار تەلەتلەردىن باشقىلار ئەسكەر بولۇشنى تۇيۇق يول دەپ ھېسابلايتتى. جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئانچە كۆپ ئەسكەر ئالالمىغاچقا، بۇ خىزمەتنى ئىشلىگۈچىلەر ئەسكەر سانىنى توشقۇزۇش ئۈچۈن، شەھەر ـ يېزىلاردا شەنشى، گەنسۇلۇقلاردىن ۋە شىنجاڭلىقلاردىن ئەسكەر تۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە بۇمۇ شەنشى ـ گەنسۇلۇقلار بىلەن جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى چوڭقۇرلاشتۇردى، ئەسكەرلىكتىن قېچىش ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئوقەت قىلىشقا قېچىپ كېتىش ئەھۋاللىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇردى. بۇ زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، جىن شۇرېن ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى كۆپەيتىش چارىسىنى، يەنى ئەسكەرلەرنىڭ ئايلىق مائاشىنى ئالتە، يەتتە سەردىن سەككىز، توققۇز سەرگە ھەتتا ئون سەرگە كۆپەيتىش چارىسىنى قوللاندى. بۇنداق قىلىش، مۇقەررەر ھالدا خەلقنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي زىددىيەت يەنىمۇ كەسكىنلەشتى.

ئارمىيىنى كېڭەيتىشكە ئەگىشىپ، قورال ـ ياراغ سېتىۋېلىپ يېڭىچە

قوراللارنى كۆپەيتتى. 1929 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى فەن زوخۇەن ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىلەن ئالاقىلىشىپ، جىن شۇرېن ھىندىستاندىن 1 تال ئوق يەيدىغان يېڭىچە مىلتىقتىن 3000 تال، 2 مىليون تال ئوق سېتىۋالدى، بۇنىڭغا 900 مىڭ يۈەن پۇل كەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا، جىن شۇرېن بورھاننى گېرمانىيىگە يول چىڭداش ماشىنىسى سېتىۋېلىشقا ئەۋەتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا يەنە ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنى قورال-لاندۇرۇش ئۈچۈن، گېرمانىيىدىن 200 ماۋزىر سېتىۋېلىشقا بۇيرۇق بەر-دى. 1932 - يىلى، جىن شۇرېن شىنجاڭدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان مالىمانچىلىققا تاقابىل تۇرۇش يۈزىسىدىن ئوغلى جىن زودىڭ ئارقىلىق گېرمانىيىدىن پىيادە ئەسكەر مىلتىقى، ئاتلىق ئەسكەر مىلتىقى، يېنىك پىلىموت ۋە ئېغىر پىلىموتلارنى سېتىۋالدى.

ئارمىيىنىڭ كېڭەيتىلىشى ۋە قورال - ياراغلارنىڭ سېتىۋېلىنىشى مۇقەررەر ھالدا ھەربىي خىراجەتنى كۆپەيتىۋەتتى. جىن شۇرېن ھۆكۈمران-لىق قىلغان دەۋردە، ھەربىي خىراجەت ھەر يىلى دېگۈدەك ئېشىپ باردى، 1932 - يىلى ھەربىي خىراجەت 39 مىليون 744 مىڭ 493 يۈەنگە يېتىپ، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان 1927 - يىلدىكى-دىن 30 مىليون 429 مىڭ 259 يۈەن ئېشىپ كەتتى.

ھەربىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، جىن شۇرېن 1928 - يىلى قىشتا ئەسلىدىكى ھەربىي مەشىق زالىنىڭ ئورنىدا بىر ھەربىي مەكتەپ ئاچتى. بۇ مەكتەپتە 70 چە ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تاماق، ياتاق، كىيىم - كېچىكنى مەكتەپ بىر تۇتاش ھەل قىلىپ بەرگەندىن باشقا، ئۇلارغا يەنە قوشۇمچە ياردەم پۇل بېرىلدى. بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى جىن شۇرېن قوشۇمچە ئۆتىدى، جېن پىنشيۇ ئىلمىي مۇدىر، خې جىرۇڭ باش ئەترەت باشلىقى بولدى. باش ئەترەت قارمىقىدىكى تۆت ئەترەتكە ئايرىم - ئايرىم ھالدا شۈي باۋلىن، تاۋزىرۇڭ، مازىشيەن، ليۇ شيەنجاڭلار ئەترەت باشلىقى بولدى. ئوقۇغۇچىلارغا تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكىدىن باشقا، يەنە ھەربىي دەرس ئۆتۈلەتتى. مەكتەپنىڭ ئىنتىزامى

ھېلى چىلىك بولۇپ، ئادەتتە مەكتەپتىن كېتىشكە بولمايتتى. كېيىن قومۇلدا ئۇرۇش پارتلىغانلىقتىن، 2 - قارارلىق ئوقۇشنى باشلاشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى، لىۋ شيەنجاڭنىڭ 4 - ئەترىتى ئۈرۈمچىدە قالغاندىن باشقا، شۈي باۋلىن، تاۋ زىرۇڭ، ما زىشيەنلەرنىڭ 1 -، 2 -، 3 - ئەترەتلىرى قومۇلدىكى ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى.

جىن شۇرېننىڭ قوشۇننى تەرتىپكە سېلىشى كۆرۈنۈشتە «ئىسلاھ قىلىش» تەك تۈسنى بەرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھېچقانچە ئۈنۈمى بولمىدى. ياڭ زېڭشىننىڭ «ئاجىز ئەسكەر بىلەن باشقۇرۇش سىياسىتى» پەيدا قىلغان يامان ئاقىۋەت نەتىجىسىدە، ئەسكەرلەردىكى «يامان ئىللەتلەر» چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەچكە، ئۇلارنى ئۆزگەرتىش تەس ئىدى. جىن شۇرېن مىلتىق، زەمبىرەك، ئايروپىلان سېتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا كارغا يارىمايتتى. بولۇپمۇ «ئىختىساسلىق خادىملار كەمچىل، ئەسكەرلەرنىڭ سۈپىتى تۆۋەن، يېڭىچە قوراللار كۆپ بولغىنى بىلەن كارغا كەلمەيتتى، شۇڭا قوشۇننىڭ ئەمەلىي كۈچى بۇرۇنقىدەكلا زەئىپ ئىدى[①]». قومۇل ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇرۇش ئوتى پۈتۈن شىنجاڭغا يامرىدى، قوشۇندىكى ئەسكەرلەر ئېغىر زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغاچقا، ئەسكەرلەرنىڭ سانى بەك ئازىيىپ كېتىپ، قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى ناھايىتى ئاجىزلاپ كەتتى.

جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقى تەۋرىنىپ قالغان چاغدا، شەرقىي شىمال ۋەتەن قوغداش ئارمىيىسى (خەلق شەرقىي شىمال ئارمىيىسى دەپ ئاتايتتى) نىڭ پىيادە ئەسكەرلەر 2 - لۇيىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، شەرقىي شىمالدىن چېكىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا كېلىپ ئۈرۈمچى، ئىلى، چۆچەك قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتى، ئۈرۈمچىگە ئورۇنلاشقان تەخمىنەن 4000 — 5000 كىشىلىك قوشۇن شىڭگو، گومۇدى، سەندابا قاتارلىق جايلارغا؛ ئىلىغا ئورۇنلاشقان تەخمىنەن 3000 كىشىدىن كۆپرەك قوشۇن بىر نەچچە ناھىيىگە

① زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش تارىخى» 618 - بەت.

جايلاشتى. بۇ قوشۇنغا جىلىڭ رۇنچىڭ (پىيادە ئەسكەرلەر 2 ـ لۇيىنىڭ مۇۋەققەت كوماندىرى، 9 ـ تۇەننىڭ تۇەنجاڭى) ، ئەن يۇنتۇ (ئوفىتسېرلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى) ، نيۇيۇيتىڭ (مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى) قاتارلىقلار قوماندانلىق قىلاتتى. بۇ قوشۇن «شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى» ھەمدە «ۋاقتىنچە چېگرا مۇداپىئە قوشۇنىغا ئۆزگەرتىلىپ، باندىتلارنى يوقىتىشقا ھەمكارلاشتۇرۇلدى» . شەرقىي شىمال قوشۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشى جىن شۇرېننىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ھۆكۈمرانلىقىغا بىر ئاز جان كىرگۈزدى. شۇڭا، جىن شۇرېن دەرھال لۇشياۋزۇ، گۇاڭلۇڭلارنى چۆچەككە ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار چۆچەكتە «شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇننى كۈتۈۋېلىش باشقارمىسى» نى قۇرۇپ، كۈتۈۋېلىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. جىن شۇرېن ئەسلىدە مۇشۇ قوشۇندىن پايدىلىنىپ ھالاكەتلىك تەقدىرىدىن قۇتۇلماقچى بولغانىدى، لېكىن ئۇشۇنى ئويلىمىغانىكى، بۇ قوشۇنمۇ كېيىن جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتناشتى.

# 2 ـ بۆلۈم ئىجتىمائىي ئىگىلىك، مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى

جىن شۇرېن ھاكىمىيەت باشقۇرغان دەۋردە، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك، مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى راۋاجلانمىدى. بولۇپمۇ قومۇل ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇرۇش ئوتى پۈتۈن شىنجاڭغا يېيىلدى، مالىيە، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ

ئىشلىرى ناھايىتى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئېغىر پالايمەتپەتنى باشتىن كەچۈردى.

مۆلچەرلىنىشىچە، شۇ چاغلاردا شىنجاڭ بويىچە 11 مىليون 430 مىڭ مودىن كۆپرەك تېرىلغۇ يەر بار ئىدى، 1931 - يىلى (مىنگونىڭ 20 - يىلى) دىن كېيىن، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا يەرلەر تاشلىنىپ قالغانلىقى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى ئۈچۈن، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېز تۆۋەنلەپ كەتتى، تاشلىنىپ قالغان تېرىلغۇ يەر 680 مىڭ موغا يەتتى، ئاشلىق مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتتى، يېزىلاردا قەھەتچىلىك يۈز بەردى.

جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە چارۋىچىلىق بىر ئاز راۋاجلاندى. 1928 - يىلى، كالا، قوي، ئات، ئېشەك، تۆگە، چوشقا قاتارلىق تۈرلۈك چارۋىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 5 مىليون 428 مىڭ 125 تۇياققا يەتكەنىدى. 1931 - يىلدىن كېيىن، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن 1400 تۇياق چارۋا زىيانغا ئۇچرىدى، قالغان 4 مىليون چارۋىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى كېسەل تېگىپ ئۆلۈپ كەتتى. تۆگىنى مىسالغا ئالساق، 1930 - يىلدىن بۇرۇن 18 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق تۆگە بار ئىدى، لېكىن 1934 - يىلغا كەلگەندە ئاران 1400 تۇياق تۆگە قالدى، بەش يىل ئىچىدە 11 مىڭ 200 نەچچە تۇياق تۆگە زىيانغا ئۇچرىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە كېسەل تېگىپ ئۆلگەن تۆگە 1400 تۇياققا يەتتى. زىيان ئەڭ ئېغىر بولغان 1932 - يىلى 5300 تۇياق تۆگە ئۆلۈپ كەتتى. چارۋىلارنىڭ ئازىيىپ كېتىشىگە، ئاساسلىقى ئۇرۇش سەۋەب بولدى. نۇرغۇن ئېشەك، ئات، تۆگىلەر ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىلدى، بولۇپمۇ ئاشلىق كېمىيىپ كەتكەندىن كېيىن، ھەربىي ۋە خەلق چارۋىلارنى ئۆلتۈرۈپ ئوزۇقلاندى، ھە يىلى ئۇرۇش بولۇپ تۇرغانلىقى، چارۋىلار ياخشىراق بېقىلمىغانلىقى، چارۋا كېسىلى تارقالغانلىقى ئۈچۈن، چارۋىلار قىرىلىپ كەتتى.

شۇ چاغلاردا، ئورمانلارمۇ زور زىيانغا ئۇچرىدى. قەشقەر، ئالتاي، ئىلى، ئۈرۈمچى، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا تاغ ئورمانلىرى قالايمىقان كېسىلىپ بېزەپ قىلىنغاچقا، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزغۇنچىلىققا

ئۇچرىدى، ھۆل - يېغىن نورمالسىز بولغاچقا، قۇرغاقچىلىق يۈز بەردى، تاغدىن كەلكۈن كېلىپ، مۇنبەت ئېتىزلارنى ئېقىتىپ كېتىپلا قالماي، تاغ ئورمانلىرىنىمۇ زىيانغا ئۇچراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئورمانچىلىق ئىشلىرى ناھايىتى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. بۇنىڭدىن باشقا، دەل - دەرەخلەرنى ئوغرىلاش ئەنزىسى دائىم يۈز بېرىپ تۇردى. پەقەت 1928 - يىل 5 - ئايدىن 10 - ئايغىچە، ئۈرۈمچى، نەنسەن، فۇكاڭ، جىمسار، ئىلى، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا يۈز بەرگەن دەل - دەرەخلەرنى ئوغرىلاش ئەنزىسى 141 قېتىمغا؛ 1929 - يىلى، قەشقەر، ئاقسۇ، چۆچەك، ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا يەتتە ئاي ئىچىدە يۈز بەرگەن دەل - دەرەخلەرنى ئوغرىلاش ئەنزىسى 301 قېتىمغا، 1930 - يىلى يۈز بەرگەن دەل - دەرەخلەرنى ئوغرىلاش ئەنزىسى 61 قېتىمغا يەتكەن. قۇمۇل ۋەقەسىدىن كېيىن ئورمانلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى زىيانغا ئۇچرىدى.

كانچىلىق جەھەتتە، جىن شۇرېن ئەسلىدىكى بەزى كانلارنى تەرتىپكە سالغان، كېيىنكىدىن باشقا، يېڭىدىن كان ئاچمىدى. ئۇ «مالىيىدە ئۆكسۈپ قېلىش» تەك قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، «ئىشنى كان ئېچىشتىن باشلاش» غەرىزىدە ئۈمىدىنى ئالتاي ئالتۇن كېنىنى تەرتىپكە سېلىشقا باغلىدى. چۈنكى، «ئالتاي تېغىدا 72 غار، ھەممە غاردا ئالتۇن بار» دېگەن خەلق تەمسىلى جىن شۇرېننى ناھايىتى قىزىقتۇرغانىدى. ئۇ 1930 - يىلى قىشتا، «ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئالتاي (سارسۈمبە) ناھىيىسىدە ئالتۇن بېجى، كان ئىدارىسى قۇرۇپ، ۋالىي ۋېي جىنگونى بۇ ئىدارىنىڭ نازارەتچىلىكىگە بەلگىلىدى، تۆت نەپەر باج يىغىش ھەيئىتى، بىر نەچچە جىسا قويدى، ئالتۇن قازغۇچىلارنى رىغبەتلەندۈرۈش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى[1]». جىن شۇرېن بىر تەرەپتىن، گەنسۇدىن قېچىپ چىققان نەچچە ئون مىڭ مۇساپىرنىڭ بىر قىسمىنى بوز يەر ئېچىشقا ئورۇنلاشتۇرغاندىن باشقا، قالغانلىرىنى ئالتۇن كولاشقا ئالتايغا ئەۋەتتى[2]؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەم ئەۋەتىپ گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھىرىدىكى شىرمېز زاۋۇتىدىن ئون دانە ئالتۇن چايقاش ماشىنىسىنى سېتىۋېلىپ كېلەر يىلى ئەتىيازدا ئىشلەتمەكچى بولدى. مۆلچەرلىنىشىچە، بىر دانە ئالتۇن چايقاش

---

① جىن شۇرېننىڭ ئالتاي ئالتۇن كېنىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي بالاتىسىغا يوللىغان دوكلاتى ژۇ شاۋلىننىڭ «شىنجاڭغا تومۇمىي نەزەر» دېگەن كىتابىنىڭ 331 - بېتىگە بېسىلغان.

② ژۇ شاۋلىن: «شىنجاڭغا تومۇمىي نەزەر» 231 - بەت.

ماشىنىسى 12 سائەتتە 6 توننا قۇم شېغىلىنى چايقاپ بولىدىكەن. ئالتاي كېنىنى دەسلەپتە ھۆكۈمەت باشقۇرغانىدى، كېيىن ئۈنۈمى بولمىغاچقا خەلق باشقۇرىدىغان بولدى. 1931 - يىلى، پەقەت ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىي جىلغىسى ۋە غەربىي جىلغىسىدا ئالتۇن كولىغۇچىلار 3000 دىن كۆپرەككە يەتتى، بىر ئادەم بىر ئايدا تۆت فۇڭ ئالتۇن بېجى تاپشۇردى، دەپ ھېسابلىغاندا، يېرىم يىلدا 600 سەردىن كۆپرەك كېپەك ئالتۇن يىغىۋالغىلى بولىدۇ، بىر ئالتۇن كولىغۇچىمۇ بىر ئايدا ئىككى مىسقال ئەتراپىدا ئالتۇنغا ئېرىشەلەيدۇ. 1932 - يىلى ئالتۇن بېجى ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان كېپەك ئالتۇن 600 سەرگە يەتتى.

1930 - يىلى قىشتا، جىن شۇرېن يەنە خوتەن ئالتۇن كېنىنى تەرتىپكە سېلىش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى. 1931 - يىلى 3 - ئايدا، جىن شۇرېن ھۆكۈمەت نازارەت قىلىش، خەلق باشقۇرۇش چارىسىنى قوللىنىپ «خوتەن، چەرچەن ئىككى ناھىيىدىكى چوڭ - كىچىك ئالتۇن كانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قايتىدىن ئىشقا كىرىشتۈردى». سوۋاق، ئاقتا ئىككى جايدىنلا «ھەر يىلى 1000 نەچچە يۈز سەر ئالتۇن يىغىۋېلىندى». شۇنداقلا «ماشىنا - ئۈسكۈنە سېتىۋېلىپ، تېخنىك قىلىپ، ئالتۇن كېنى ئېچىشقا پائال تەييارلاندى[1]».

نېفىتلىكنى ئېچىش جەھەتتە، 1931 - يىلى ئەنگلىيە بىلەن توختامنامە ئىمزالىنىپ، شىنجاڭ بەزى پايدىلىق شارائىتقا ئېرىشتى؛ ياپونىيىنىڭ نېفىت شىركىتىمۇ نېفىت تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتتى، لېكىن قاتناش قولايسىز، توشۇش تەس بولغاچقا، ئۈنۈمى بولمىدى.

جىن شۇرېن ھاكىمىيەت باشقۇرغان دەۋردە، 17 يىل تەممىنات نازىرى بولغان يەن يۈيشەن شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى، بۇ پىلاندا، تاشيول ياساش، كەسپىي مەكتەپلەرنى ئېچىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، 600 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىش، ئۈزۈم-

① جىن شۇرېننىڭ خوتەن ئالتۇن كېنىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي پالاتاسىغا يوللىغان دوكلاتى ۋۇشاۋلىننىڭ «شىنجاڭغا ئومۇمىي نەزەر» دېگەن كىتابىنىڭ 254 - بېتىگە بېسىلغان.

چىلىك، پاختا، يۇڭ، تېرىچىلىك شىركەتلىرىنى قۇرۇش، كان - كارخانىلارنى قۇرۇش ۋە نېفىتلىك ئېچىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا سەككىز ماددىلىق تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەلگە ئاشمىدى.

2) قاتناش - ترانسپورت

جىن شۇرېن ھاكىمىيەت باشقۇرغان دەۋردە، قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرى بۇرۇنقىدەكلا قالاق بولۇپ، يۈكسىلىش بولمىدى. 1928 - يىلدىن كېيىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قاتناش مىنىستىرلىقى تۆمۈر يولنى شىنجاڭغا تۇتاشتۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ پىلان ئىشقا ئاشماي قەغەز يۈزىدىلا قالدى. 1930 - يىلى، جىن شۇرېن شىنجاڭ دائىرىسىدە تاشيول ياساش توغرىسىدا دەبدەبىلىك پىلان تۈزۈپ چىقتى، 1931 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، گومىنجېڭفۇ ھۆكۈمىتىنىڭ نەنجىڭدا ئېچىلغان 8 - نۆۋەتلىك يىغىنى ئاشۇ پىلانىنى «مۇكاپاتلاش» توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى «كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش»نى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدا ئۈرۈمچى - چۆچەك تاشيولى، ئۈرۈمچى - گۇچۇڭ تاشيولىدىن باشقا تاشيول ياسالمىدى. شىنجاڭ - سۈييۈەن تاشيولىنى ياساش ئۈچۈن، جىن شۇرېن گۇاڭ لۇ، سۇدېباڭ، ئىۋانوۋلارنى تيەنجىنگە ئەۋەتىپ، گوڭماۋ بانكىسى ئارقىلىق 3 توننىلىق 30 دانە داۋچى ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلى ۋە 50 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئاپتوموبىل زاپچاسلىرىنى سېتىۋالدى، ئۇلار ئاپتوموبىللارغا سەككىز دانە قىسقا دولقۇنلۇق تېلېگراف ئاپپاراتى، 60 دانە سىملىق تېلېگراف ئاپپاراتى ۋە باشقا قۇرۇلۇش ئۈسكۈنىلىرىنى بېسىپ، جاڭجياكو ئارقىلىق شىنجاڭغا ئەكەلدى①.

شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرىمۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 1930 - يىل 2 - ئايدىلا، ياۋرو - ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قۇرۇلغان بولۇپ بۇ شىركەتنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قاتناش مىنىستىر-

① «گۇاڭ لۇنىڭ ئەسلىمىسى» 139 - 141 - بەتلەر.

لىقى بىلەن گېرمانىيىنىڭ خەنشا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بىرلىكتە باشقۇردى، بۇ شىركەتنىڭ پاي ھوقۇقىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى جۇڭگو تەرەپنىڭ، ئۈچتىن بىر قىسمى گېرمانىيە تەرەپنىڭ ئىدى، بۇ شىركەتنىڭ ئايروپىلانلىرى گېرمانىيىدە ياسالغانىدى، بولۇپمۇ شاڭخەي - خەنشا ھاۋا يولى ئېچىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولغاچقا، «مەملىكەت ئىچىدىكىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى»، نەنجىڭ - شىنجاڭ ھاۋا يولى ئېچىشنى تەلەپ قىلىش ساداسى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. 1931 - يىلى يازدا، ئاۋىئاتسىيە مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياۋشىجۇ شىنجاڭغا كەلگەندە، نەنجىڭ ھەربىي ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن نەنجىڭ - شىنجاڭ ھاۋا يولىنى ئېچىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى تەكشۈردى ۋە بۇ ھاۋا يولىنى ئېچىش ئۈچۈن 800 مىڭ يۈەن بەرمەكچى بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، شەرقىي شىمالدا «18 - سېنتەبىر ۋەقەسى» يۈز بەردى. شۇ يىلى قىشتا ھاۋا يولى مانجۇرىيىدىن ئۆتىدىغان ياۋرو - ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىمۇ ھاۋا يولىنى شىنجاڭدىن ئۆتىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىشنى تەكلىپ قىلدى. 1932 - يىل 12 - ئايدا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قاتناش مىنىستىرلىكى ياۋرو - ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بىلەن مەملىكەت ئىچىدىكى ھاۋا قاتنىشى، پوچتا ئالاقىسى توغرىسىدا توختام تۈزۈپ، بېيجىڭ، شاڭخەيدىن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان ھاۋا يولىدا سىناق تەرىقىسىدە ئۇچۇشنى بەلگىلىدى. بۇ چاغدا، لى جىڭسۇڭ 1 - نومۇرلۇق ئايروپىلاننى ھەيدەپ شاڭخەيدىن نەنجىڭ، جىنەن ئارقىلىق بېيجىڭغا باردى، ئۇندىن كېيىن كۆكخوت، رۇشۇي دەرياسى، قۇمۇل، ئۈرۈمچى ئارقىلىق چۆچەككە باردى. 2 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئايروپىلاننى ھەيدەپ شاڭخەيگە قايتتى. بۇ قېتىمقى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناق تەرىقىسىدە ئۇچۇشقا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت كەتتى. بۇ قېتىمقى سىناق تەرىقىسىدە ئۇچۇش غەربىي شىمالنىڭ ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرىدىكى مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.

1933 - يىلى، جۇڭگو بىلەن گېرمانىيە بىرلىكتە باشقۇرغان ياۋرو - ئاسىيا شىركىتى شاڭخەي - شىنجاڭ ھاۋا يولىدا قاتناش باشلىدى

ھەمدە ئۈرۈمچىدە بۇ شىركەتنىڭ شۆبىسى تەسىس قىلىندى. شاڭخەي ـ شىنجاڭ ھاۋا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 مىڭ 506 ئىنگلىز لىسى بولۇپ، تەخمىنەن 12 مىڭ چاقىرىم كېلەتتى. دەسلەپتە، ئايروپىلان گېرمانىيىنىڭ مۇدىرى شى مىيدې، تېخنىك لۇزىلار بىيىپىنگدىن 5 ـ نومۇرلۇق ئايروپىلاننى ھەيدەپ، مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ياۋرو ـ ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى، يولۇچىلارنى، ماللارنى ۋە پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇش كەسپىنى يولغا قويدى، ئايروپىلانلار ھەپتىدە بىر قېتىم قاتنايتتى، ئۇلار لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگە، ئۈرۈمچىدىن چۆچەككە، چۆچەكتىن بېرلىنغا ئۇچاتتى. شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ شىركەت تىجارىتىنى توختاتتى.

جىن شۇرېن دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ پوچتا ـ تېلېگراف ئىشلىرىدا ھېچقانچە ئۆزگىرىش بولمىدى. 1932 ـ يىلغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە پوچتا ئىدارىسى 75 گە، پوچتىخانىلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 503 كە، پوچتا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 مىڭ 809 كىلومېتىرغا، مەملىكەت ئىچىدىكى پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ سانى 845 مىڭ 300 گە، پوسۇلكا 6500 گە، تىجارەت كىرىمى 116 مىڭ 675 يۈەن 19 پۇڭغا، چىقىم 264 مىڭ 871 يۈەن 6 پۇڭغا، زىيان ـ قەرز 148 مىڭ 195 يۈەن 87 پۇڭغا، مۇلۇك خىراجىتى 34 يۈەن 42 پۇڭغا يەتتى. شۇ چاغدىكى پوچتىخانىنىڭ باشلىقى دانىيىلىك كىرچىبگ دېگەن كىشى ئىدى. شۇ چاغدا پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ يەتكۈزۈلۈشى بەك ئاستا بولۇپ، شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىلگەن پوسۇلكا ۋە خەت ـ چەكلەر تەخمىنەن 50 كۈندە تېگەتتى.

شىنجاڭدا 1930 ـ يىل 4 ـ ئايدىن باشلاپ تېلېفون ئورنىتىلدى. ئۈرۈمچىدىكى تېلېفون ئىدارىسىنىڭ ئورنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنىڭ ئىچىدىكى ئاخبارات ئۆيىدە بولۇپ، 12 تېلېفون بار ئىدى، بۇ ئۈرۈمچى خەلقىنىڭ تۇنجى قېتىم تېلېفوندا سۆزلىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1933 ـ يىلى، ئۈرۈمچىدە 250 ۋاتلىق، قىسقا دولقۇنلۇق تېلېفون ئاپپاراتى ئورنىتىلىپ، تەييۈەن بىلەن سۆزلىشىش كەسپى يولغا قويۇلدى.

تېلېگراف خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدە سىمسىز تېلېگراف مەكتىپى ئېچىلدى؛ يەنە گۇچۇڭ، قۇمۇل، چۆچەك، ئىلى، ئالتاي، كۇچا، خوتەن قاتارلىق جايلارغا ئورنىتىشقا 12 تېلېگراف ئاپپاراتى سېتىۋېلىش ئىشىنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن قاتناش مىنىستىرلىقىغا ۋەكىل ئەۋەتتى. 1931 - يىلى يازدا بۇ پوچتا ئەسلىھەلىرى ئۈرۈمچىگە توشۇپ كېلىندى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا كېتىدىغان ئومۇمىي خىراجەت 180 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇلنى مالىيە نازارىتىنىڭ قاتناش مىنىستىرلىقىغا تۆلۈۋېتىشى توغرىسىدا تەستىق چۈشۈردى. 1932 - يىلى يازدا، گۇچۇڭ، قۇمۇل بارىكۆل، قارا شەھەرگە تېلېگراف ئاپپاراتى ئورنىتىلىپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئۇچۇر ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلاشتى.

### 3. مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى

يالڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە شىنجاڭنىڭ مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى ئىشلىرى كرىزىسقا دۇچ كەلگەن بولسا، جىن شۇرېن ھاكىمىيەت باشقۇرغا دەۋرگە كەلگەندە ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. 1927 - يىلى، مالىيىدىكى قىزىل رەقەم 8 مىليون 130 مىڭ 837 يۈەن بولغان بولسا، جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان 1928 - يىلى 23 مىليون 424 مىڭ 775 يۈەنگە؛ 1929 - يىلى 24 مىليون 939 مىڭ 251 يۈەنگە؛ 1930 - يىلى 26 مىليون 31 مىڭ 176 يۈەنگە؛ 1931 - يىلى 42 مىليون 988 مىڭ 470 يۈەنگە؛ 1932 - يىلى 44 مىليون 894 مىڭ 522 يۈەنگە يەتتى. 5 يىل ئىچىدە مالىيە قىزىل رەقىمى جەمئىي 162 مىليون 278 مىڭ 194 يۈەنگە يەتتى. 1933 - يىل 1 - ئايدىن 11 - ئايغىچە، «مالىيە نازارىتى بىر پۇڭمۇ كىرىم بولمىغاچقا»، ناھايىتى كۆپ چىقىمنى ئۆلكە قەغەز پۇلنى بېسىش ئارقىلىق تولدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، ھەتتا بېسىلغان پۇل بەك كۆپ بولغاچقا، خىراجەت يەتكۈزەلمەي پۇل بېسىش توختاپ

---

① لى تيەنجى: «شىنجاڭغا قىلىنغان ساياھەتتىن خاتىرە»، تيەنجىندە چىقىدىغان «دا گۇڭباۋ گېزىتى» نىڭ 1934 - يىل (مىنگونىڭ 23 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان.

قالدى①».

يوقىرىقى پاكىتلار، جىن شۇرېن ھاكىمىيەت باشقۇرغان دەۋردە، مالىيەدە قىزىل رەقەم كۆرۈلۈش ئەھۋالى خېلى ئېغىر دەرىجىگە يېتىپ، «شىنجاڭنىڭ يىللىق مالىيە كىرىم - چىقىمى ناھايىتى زور پەرقلىنىدىغان» ۋەزىيەت شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئالايلۇق، «مىنگونىڭ 17 - يىلى چىقىم كىرىمنىڭ بەش ھەسسىسىگە، 18 - يىلى بەش ھەسسىدىن كۆپرەككە، 19 - يىلى تۆت ھەسسىدىن كۆپرەككە، 20 - يىلى سەككىز ھەسسىگە، 21 - يىلى ئالتە ھەسسىدىن كۆپرەككە يەتكەن①».
شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جۇڭ ۋېيشىڭنىڭ دوكلاتىدا، 1932 - يىلى ئۆلكە بويىچە بىر يىلدا ئۆلكە پۇلى ھېسابىدا ئاران 12 مىليون سەردىن كۆپرەك، تەڭگە ھېسابىدا 1 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلىنغانلىقى، «يىللىق كىرىم ھەرقايسى ئۆلكىلەر بويىچە ئەڭ ئاز ئىكەنلىكى②» ئېيتىلغان.

جىن شۇرېن ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن كارى بولماي، پۇلنىڭ ھەممىسىنى ھەربىي خىراجەتكە ئىشلەتتى، ئىچكى ئىشلار، مالىيە، قاتناش، مائارىپ، ئەدلىيە، خارجى ئىشلار، تەمىرات ئىشلىرى، پارتىيە ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن خىراجەت مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ ئاران 26 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ خىراجىتى 12 پىرسەنتىنى، قاتناش خىراجىتى 4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، خېلى كۆپ خىراجەت قىلىنىدى دېيىلگەن ئىچكى ئىشلار خىراجىتىمۇ 12 پىرسەنتتىن ئاشمىدى. ئومۇمىي چىقىمنىڭ قالغان قىسمى، يەنى 74 پىرسەنتى ھەربىي خىراجەتكە ئىشلىتىلىپ، ھەربىي خىراجەت تۈرلۈك خىراجەتلەر ئىچىدە 1 - ئورۇننى ئىگىلىدى. مىنگونىڭ 17 - يىلىدىن 19 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ھەربىي خىراجەت يىللىق ئومۇمىي كىرىمنىڭ تۆت ھەسسىسىگە، «20 - يىلى يەتتە ھەسسىسىگە، 21 - يىلى بەش ھەسسىسىگە يەتتى③».

بۇنىڭدىن، جىن شۇرېن ھاكىمىيەت باشقۇرغان دەۋردە خەلققە پايدىلىق ئىشلار ئاساسەن قىلىنمىغانلىقى، پۇلنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھەربىي خىراجەتكە سەرپ قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

---

① زېڭ ۋېنۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش تارىخى»، 630 -، 631 - بەتلەر.
② ۋۇ ئەيچىن: «شىنجاڭغا قىلىنغان سەپەردىن خاتىرە» 19 - بەت.
③ زېڭ ۋېنۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش تارىخى»، 631 -، 632 - بەتلەر.

ھەربىي خىراجەت جىن شۆرىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى. مەسىلەن، 1928 - يىلى، ھەربىي خىراجەت 21 مىليون 807 مىڭ 988 يۈەن، 1930 - يىلى 22 مىليون 610 مىڭ 22 يۈەن بولغان بولسا، 1932 - يىلغا كەلگەندە 39 مىليون 744 مىڭ 493 يۈەنگە يەتكەن.


مالىيىدىكى قىزىل رەقەمنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، جىن شۆرىن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك چارىنى قوللاندى: بىرى، باج كىرىمىنى تەرتىپكە سالدى. 1927 - يىلى دۆلەتنىڭ يەرلىك باج كىرىمى 4 مىليون 745 مىڭ 800 يۈەن بولغان بولسا، 1928 - يىلغا كەلگەندە 4 مىليون 858 مىڭ 621 يۈەنگە يەتتى. بۇ ئىككى يىلدا باج كىرىمى ئاران 112 مىڭ 820 يۈەن كۆپەيدى، كۆپەيگەن بۇنچىلىك پۇل بىلەن مالىيىدىكى ناھايىتى كۆپ قىزىل رەقەمنى زادىلا تولدۇرغىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە. يەنە بىرى، نۇرغۇن قەغەز پۇل باستى. قۇمۇل ۋەقەسىدىن كېيىن، «كىچە - كۈندۈز قەغەز پۇل باسقان بولسىمۇ»، «ئېھتىياجنى قاندۇرالمىدى[1]». شۇڭا، ئۈچ، بەش سەرلىك «ئۆلكە پۇلى» ۋە ئۈچ، بەش سەرلىك «شىنجاڭ قەشقەر پۇلى» نى كۆپەيتىپ بېسىشقا توغرا كەلدى. قەغەز پۇلنىڭ كۆرسى چۈشۈپ كەتكەچكە، ئۆلكىنىڭ قەغەز پۇلى ۋە تەڭگىنىڭ دۆلەت پۇلىغا سۇندۇرۇلۇش قىممىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. «7 - ئېيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نىڭ ھارپىسىدىن جىن شۆرىن تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىللەرگىچە، 300 نەچچە سەر ئۆلكە پۇلىغا 100 سەر كۈمۈش تەڭگە تېگىشكىلى (كېيىن بىر مەزگىل 370 ـ 400 سەر ئۆلكە پۇلىغا 100 سەر كۈمۈش تەڭگە تېگىشىلدى) ؛ 260 نەچچە سەر ئۆلكە پۇلىغا 100 يۈەن دۆلەت پۇلى تېگىشكىلى، 200 سەر ئۆلكە پۇلىغا 100 سەر قەشقەر پۇلى تېگىشكىلى (كېيىن بىر مەزگىل 170 سەر، 260 سەر ئۆلكە پۇلىغا 100 سەر قەشقەر پۇلى تېگىشىلدى) بولاتتى. 1932 - يىلى، ئۆلكە

① يۇقىرىقى كىتاب، 636 - بەت.

پۇلنىڭ تەڭگە پۇلغا ئالماشتۇرۇلۇش نىسبىتى توغرىسىدا ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىيال يوقلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 400 سەر ئۆلكە پۇلىغا 100 سەر قەشقەر پۇلى، 700 ـ 1200 سەر ئۆلكە پۇلىغا 100 يۈەن دۆلەت پۇلى تېگىشكىلى بولىدىغان بولۇپ قالدى؛ ئۇزۇن ئۆتمەي، 1350 سەر ئۆلكە پۇلىنى 100 سەر دۆلەت پۇلىغا تېگىشىدىغان بولدى. 1933 ـ يىلى، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ئۆلكە پۇلنىڭ كۇرسى تېخىمۇ چۈشۈپ 3 مىڭ سەر ئۆلكە پۇلىغا 100 يۈەن دۆلەت پۇلى تېگىشكىلى بولىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆلكە پۇلىنىڭ ئالتۇن بىلەن بولغان سېلىشتۇرما باھاسى جەھەتتە 4 مىڭ سەردىن كۆپرەك ئۆلكە پۇلىغا بىر سەر ئالتۇن تېگىشكىلى بولاتتى، 1932 ـ يىلى بەش سەرلىك قەشقەر پۇلى بېسىلغاندىن كېيىن، قىممىتى خېلى يۇقىرى بولغان قەشقەر پۇلنىڭمۇ كۇرسى زور دەرىجىدە چۈشۈپ كەتتى. بۇرۇن 100 سەر قەشقەر پۇلىغا 100 يۈەن دۆلەت پۇلى تېگىشكىلى بولسا، ئەمدىلىكتە 200 سەرگە تېگىشكىلى بولىدىغان؛ دەسلەپتە 55 سەر قەشقەر پۇلىغا بىر يامبۇ تېگىشكىلى بولسا، جىن شۇرېن تەختتىن چۈشۈش ھارپىسىدا 110 سەر قەشقەر پۇلىغا بىر يامبۇتېگىشكىلى بولىدىغان بولۇپ قالدى. قەغەز پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، كېيىن ھەتتا پۇلنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ تەننەرخىگە چىقىشمايدىغان بولۇپ قالدى.

بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، جىن شۇرېن تەخمىنەن 150 مىليون سەر پۇل بېسىپ تارقاتقان. ئۈزلۈكسىز بېسىلغان قەشقەر پۇلى بىلەن ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت باشقۇرغان دەۋردە بېسىلغان قەغەز پۇلنىڭ سوممىسى تەخمىنەن 200 مىليون سەردىن ئېشىپ كەتكەن (ئۆلكە پۇلى بويىچە ھېسابلاندى①)، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى ئىشلىرى «قورقۇنچلۇق» ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. شۇ چاغ


① «شاڭخەيدە چىقىدىغان «ئېقىم مۇسۇلمانلىرى گېزىتى» نىڭ 1933 ـ يىلى (مىنگونىڭ 22 ـ يىلى) 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى سانىغا ۋە زېڭ ۋېنۇۋنىڭ «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرغان تارىخى» دېگەن كىتابىنىڭ 636 ـ بېتىگە قاراڭ.



3 - رەسىم شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ خەزىنىسىدىكى
قەشقەر پۇلى (ئارقا يۈزى)

لاردا يالغۇز جىن شۇرېن كەلسە - كەلمەس قەغەز پۇل بېسىپلا قالماي، ماجۇڭيىڭ قىسمى تۇرپاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭمۇ بەش سەرلىك قەغىزى ناچار پۇل بېسىپ چىقاردى، بۇ پۇلغا كىچىك چاسا تامغا بېسىلسىلا بازاردا خەجلىگىلى بولاتتى. جىن شۇرېن كەلسە - كەلمەس پۇل بېسىپ تارقاتقانلىقتىن، قەغەزنىڭ باھاسى بەك ئۆسۈپ كەتتى، ئاخىر ھەتتا چۈنلىيەن قىزىل قەغىزىمۇ قەغەز پۇل باسىدىغان ئەتىۋارلىق قەغەز بولۇپ قالدى.

قەغەز پۇلنىڭ كۆرسى چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن مال باھاسى ناھايىتى ئۆسۈپ كەتتى. جىن شۇرېن ھاكىمىيەت باشقۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە بىر دادەن (400 جىڭ) بۇغداينىڭ باھاسى ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن 40 سەر، يەنى ئۆلكە پۇلى ھېسابىدا 28 سەر، 30 سەردىن ئۆسۈپ 55 سەرگە؛ بىر كۆرە (40 جىڭ) گۈرۈچنىڭ باھاسى تۆت سەر بەش مىسقالدىن يەتتەسەر بەش مىسقال - سەككىز سەرگە؛ 100 جىڭ ئاق ئۇننىڭ باھاسى توققۇز سەردىن 12 سەرگە (توك توگمىنىنىڭ ئۇننى كۆرسىتىدۇ، 100



4 ـ رەسىم، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ خەزىنىسىدىكى
ھۆكۈمەت پۇللىرى

جىڭ سۇ تۇگىمىنىنىڭ ئۇنى يەتتەسەردىن 17 سەرگە چىقتى) ؛ 100 جىڭ گادازا كۆمۈرنىڭ باھاسى بىرسەر ئىككى مىسقالدىن ئىككى سەر تۆت مىسقالغا؛ 100 جىڭ ئۇۋاق كۆمۈرنىڭ باھاسى بىرسەردىن بىرسەر سەككىز مىسقالغا چىقتى. جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى گۇمران بولۇش ھارپىسىغا كەلگەندە، مال باھاسى يۈگەنسىز ياۋايى ئاتتەك ئۆرلەپ، «1000 سەر پۇلغا بىر كۈرە ئاشلىق ئالغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى[1]» . ھەتتا بۇرۇنقى بەش مىسقاللىق پوچتا ماركىسىمۇ ئۆلكە پۇلى ھېسابىدا بىر سەر بەش مىسقالدىن ئون سەرگە چىقتى. «مال باھاسى كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈپ كەتكەچكە» ، «شىنجاڭنىڭ مالىيىسى باربات بولۇشقا يۈزلەندى[2]» .

4 . مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرى

جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەسلەپكى چاغلاردا، «مائارىپنى يولغا قويۇپ، خەلقنى بىلىملىك قىلىش» شوئارىنى تەرغىب قىلغان.

① ۋاڭ زېڭشەن «شىنجاڭدىكى خەۋپ ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى». شاڭخەيدە چىقىدىغان «ئىقتىسادىي مەسىلىلەر گېزىتى» نىڭ 1933 ـ يىلى (مىنگونىڭ 22 ـ يىلى) 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان.
② 1933 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى خۇاڭ مۇسۇڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە يوللىغان دوكلات.

لىقتىن، مائارىپ ئىشلىرى ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكىدىن بىر ئاز يۈكسەلدى. سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1929 - يىلى، شىنجاڭ بويىچە ئىپتىدائىي باشلانغۇچ مەكتەپ 122 گە، ئوقۇغۇچى 5 مىڭ 477 گە؛ 1930 - يىلى، باشلانغۇچ مەكتەپ 148 گە، ئوقۇتقۇچى 251 گە، ئوقۇغۇچى 6 مىڭ 855 كە؛ 1931 - يىلى، مەكتەپ 153 كە، ئوقۇتقۇچى 279 غا، ئوقۇغۇچى 7 مىڭ 160 قا يەتكەن. مۇشۇ سانلىق مەلۇمات بويىچە ھېسابلىغاندا، شۇ چاغدا ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ئاران 3% ئۆپچۆرىسىگە يەتكەن. بۇنىڭدىن شۇ چاغدا مائارىپ ئىشلىرى ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكىدىن بىر ئاز يۈكسەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا قالاق ھالەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. جياڭجۇنجاڭنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، ئاشۇ چاغدا پۈتۈن ئۆلكىدىكى 59 ناھىيىنىڭ ھەربىرىدە بىر ياكى ئىككىدىن باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىكەن، ئۆلكە بويىچە 7380 ئوقۇغۇچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 7162 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ئاران 200 نەچچە نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بار ئىكەن①. ئەينى چاغدا، شىنجاڭ رۇسچە سىياسىي - قانۇن مەكتىپى (1930 - يىلى شىنجاڭ رۇسچە سىياسىي - قانۇن شۆبىسىگە ئۆزگەرتىلگەن) دىن ئىبارەت بىرلا ئالىي مەكتەپ بولۇپ، بۇ مەكتەپنىڭ 19 ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىسى، 81 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى؛ ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئىبارەت بىرلا ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى 22 دىن 30 غا كۆپەيدى؛ بۇ مەكتەپتە 1930 - يىلى 150 نەپەر، 1931 - يىلى 154 نەپەر، 1932 - يىلى 139 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇدى؛ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ ھەرقايسى يىللاردىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ سانى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 18 كىشى، 24 كىشى، 23 كىشى بولۇپ، بۇ مەكتەپتە 1930 - يىلى 81 نەپەر، 1931 - يىلى 162 نەپەر، 1932 - يىلى 79 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇدى.

جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ھەر يىلى ئو-

① جياڭ جۇنجاڭ: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش ھەققىدە» 139 - بەت.

رۇش بولۇپ تۇرغاچقا، مائارىپ ئىشلىرى نابۇت قىلىندى، ئوقۇغۇچىلار-نىڭ سانى ئازىيىپ كەتتى. 1932 - يىلى، شىنجاڭ بويىچە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپتىن 68 ى، 2 مىڭ 274 ئوقۇغۇچى قېلىپ، بۇرۇنقىدىن تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسمى كېمىيىپ كەتتى①.

ئەينى چاغلاردا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دىنىي مەك-تەپلەر ئېچىلغان بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپىنچە مەدرىسىنى ئۆگە-نىش سورۇنى قىلاتتى، مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دە-نىي مەكتەپلەردە ئەرەبچىدىن ۋە «قۇرئان» دىن ساۋاق ئالاتتى. ئاخۇنۇم ۋە ئىماملار ئۇلارغا ساۋاق بەرگەندىن باشقا، ئاز ساندىكى دىنىي مەكتەپلەر تۈركىيىدىنمۇ ئادەم تەكلىپ قىلىنغانىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوقۇغۇچىلارغا پانتۈركىزمنى ۋە پانئىسلامىزمنى تەشۋىق قىلىپ، ياش ئۆسمۈرلەرنى زە-ھەرلەپ، يامان تەسىر پەيدا قىلاتتى.

1931 - يىلدىن باشلاپ، جىن شۇرېن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 24 كىشىنى گېرمانىيە ۋە ياپونىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. جىن شۇرېن ھەربىي ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىپ، ھەربىيلەرنى باشقۇرۇشتىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، گېرمانىيىگە ئاساسلىقى ھەربىي ئىشلارنى ئۆگىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئەۋەتتى، ئۇلار ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ ئەۋە-تىلدى: 1 - تۈركۈمدىكىلەر ئىچىدە جىن زودىڭ (جىن شۇرېننىڭ ئوغلى)، جۇيۈيىنىڭ (جۇرۇيشىننىڭ ئوغلى) قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار «بەش بەگزادە» دەپ ئاتالدى، ئۇلارغا شياۋۋېيلىق، جۇڭۋېيلىق ئۇنۋانى بېرىلدى. 1931 - يىلى ئەتىيازدا ئۇلار ئۈرۈمچىدىن يولغا چىققاندا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە ئىككى مۇھاپىزەتچى ئۇلارنى گېرمانىيىدىكى بېرلىن قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆسىگە ئاپىرىپ قويدى. ۋۇ ئېنجى ئۇلارنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولدى. گېرمانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆسىگە قوبۇل قىلىنىدىغانلار سانىغا چەك قويۇلغاچقا، ئۇلاردىن جىن زودىڭلا مەكتەپكە كىرەلىدى، قالغان تۆتى شۆھتسارىيىگە بېرىپ بورنى

① لىباۋلياۋ «شىنجاڭدىن قايتىپ كېلىشىم»، «گېزىت سەھىپىلىرىدىن تەرجىمىلەر ھەپتىلىكى ژۇرنىلى» نىڭ 1 - توم، 10 - سان، 257 - بېتىگە بېسىلغان.

قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە قوبۇل قىلىندى. 2 . تۈركۈم-دىكىلەر ئۆلكىلىك رۇسچە سىياسىي - قانۇن مەكتىپىدىن تاللانغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە گۇيۇئەنلۇڭ، جياڭ فېڭجىيې، سۇن گوجېڭ، سەي خۇەنسېن قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار 1932 - يىل 7 - ئايدا ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتى، ئۇلار گېرمانىيىگە بارغاندىن كېيىن، گېرمانىيىدە تۇرۇۋاتقان سودا - سانائەتنى تەكشۈرگۈچى ھەيئەت بۇرھان ئۇلارنىڭ كەسپىنى ئۆزگەرتىپ ئۇلارغا سانائەت ئۆگىنىش توغرىسىدا جىن شۇرېنغا تەكلىپ سۇندى. گېرمانىيىگە ئوقۇشقا بارغان 1 - تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەربىرىگە ئېيىغا 400 مارك (بىرمارك شۇ چاغنىڭ پۇلى ھېسابىدا بىر يۈەن بىر موغا توغرا كېلەتتى) ئوقۇش راسخوتى، 50 مارك قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى؛ 2 - تۈركۈمدىكىلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئېيىغا 360 مارك ئوقۇش راسخوتى بېرىلدى. گېرمانىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئاشۇ ئىككى تۈركۈمدىكىلەردىن جىن زودىڭنىڭ ئۈچ يېرىم يىل ئوقۇغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۈچ، تۆت ئايلا ئوقۇدى، بەزىلىرى يېرىم يىل ئوقۇپلا بېرلىنغا قايتىپ ساقچى مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى، يەنە بەزىلىرى بېرلىن داشۆسىنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىدا سىرتتىن دەرس ئاڭلىدى. جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى غۇلىغاندىن كېيىن، ئوقۇش راسخوتى ئەمەلىيلەشمىگەنلىكتىن، ئۇلار 1933 - يىل 6 - ئايدا، 1935 - يىلدا، 1936 - يىلدا ئارقا - ئارقىدىن مەملىكىتىمىزگە قايتىپ كەلدى.

ئۇلاردىن باشقا جىن شۇرېن يەنە تۆت ئوقۇغۇچىنى ياپونىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى.

1930 - يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ مەركىزىي داشۆگە، خاربىن سانائەت مەكتىپىگە 40 چە ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى.

شۇ چاغلاردا، شىنجاڭدا ئىجتىمائىي تەربىيە ناھايىتى ئاجىز ئىدى، ئاتالمىش ئاممىۋى مائارىپ 1931 - يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئاشۇ بىر يىلدا بۇ ئىشقا ئاران 1250 يۈەن سەرپ قىلىنغانىدى. ئۆلكىلىك كۇتۇپخانىنىڭ قۇرۇلغىنىغا خېلى كۆپ يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا 5000 پارچىلا كىتاب بار ئىدى؛ شىنجاڭ ئۆلكىلىك رۇسچە سىياسىي -

قانۇن مەكتىپى، ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۆلكىلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ بىردىن كۇتۇپخانىسى بار ئىدى، ئۆلكىلىك رۇسچە سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا 1143 پارچە كىتاب بار ئىدى، باشقا مەكتەپلەرنىڭكىدە تېخىمۇ ئاز ئىدى.

شىنجاڭنىڭ سەھىيە ئىشلىرىمۇ ئىنتايىن ئارقىدا قالغانىدى. 14 ناھىيىنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا قارىغاندا، بۇ 14 ناھىيىدە 1929 ـ يىلى ئاران ئىككى دوختۇرخانا، تۆت كېسەل كارىۋىتى، تۆت غەربچە دورىخانا، 22 تىبابەتخانا، يەتتە دوختۇر، 22 تېۋىپ، بىر تۇغۇت دوختۇرى، 12 تۇغۇت ئانىسى بولغان.

# 3 ـ بۆلۈم جۇڭگو ـ چەت ئەل تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى

جىن شۇرېن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، چەت ئەللىكلەر شىنجاڭغا كېلىپ بەش قېتىمدىن كۆپرەك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ئۇنىڭ ئىككى قېتىملىقىنى چەت ئەللىكلەر ئۆز ئالدىغا، بەزىلىرىنى جۇڭگو چەت ئەللەر بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بارغان.

1. غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدا

1927 ـ يىلى كۈزدە، سۋېن ھېدىن جۇڭگو ئىلمىي تەشكىلاتلار جەمئىيىتى بىلەن ئون نەچچە قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ 19 ماددىلىق توختامنامە ئىمزالىدى، توختامنامىدە «غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى» تەشكىللەپ، ئىككى يىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش بەلگىلەندى. بۇ ئۆمەكتە جەمئىي 27 كىشى بولۇپ، ئۇلاردىن ئونى جۇڭگولۇق ئىدى، شۈي بىڭشيۇ (شۈي شيۇشېڭ) ئۆمەك باشلىقى بولدى، ئۆمەك ئەزالىرى ئىچىدە يۈەن فۇلى، خۇاڭ ۋېنبىي، دىڭ داۋخېڭ قاتارلىقلار بار ئىدى؛ ياۋروپالىقلار 17 كىشى بولۇپ،

سۋېن ھېدىن ئۆمەك باشلىقى بولدى. ئۆمەك ئەزالىرى ئىچىدە لەن لىشۈن (يەنە بىر ئىسمى لارسون) قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار شۋېتسىيىلىكلەر، دانىيىلىكلەر، گېرمانىيىلىكلەر ئىدى. ئۆمەكنىڭ ۋەزىپىسى گېئولوگىيە، يەر ماگنىتى، ھاۋارايى، ئاسترونومىيە، ئانتىروپولوگىيە، ئارخېئولوگىيە، ئېتنوگرافىيە جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈش ئىدى. ئۆمەكنىڭ خىراجىتىنى سۋېن ھېدىن «چىقاردى». غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىدە رەسمىي ئەزالاردىن باشقا، يەنە خىزمەتچى خادىملار، ماشىنا قاتارلىقلار بار ئىدى، ئىچكى موڭغۇلدىنلا 300 تۆگە سېتىۋالغانىدى.

غەربىي شىمال تەكشۈرۈش ئۆمىكى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆمەك ئەزالىرى شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، بېيپىڭدىن يولغا چىقتى. ئۇلار ئىچكى موڭغۇلدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ غەربكە ئاتلاندى، ئۇلار سەپەر داۋامىدا يوللارنى خەرىتىگە ئالدى، ھاۋا رايىنى كۆزەتتى، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە ئەۋرىشكىلەرنى يىغدى. 1928 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قۇمۇلغا، 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۈرۈمچى، چاقىلىق، كۇچالاردا كۆزىتىش ئورنى قۇردى؛ شۇ يىلى قىشتا تۇرپاندا ھاۋا رايىنى بىر نەچچە ئاي كۆزەتتى. نالىن لوپنۇرغا بېرىپ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى؛ بېرگمان، خاشىرون ئۇ يەردە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، خۇاڭ ۋېنبىي، دىڭ داۋخېڭلار ئايرىم - ئايرىم تۇرپاندىن تىيانشاننىڭ غەربىي قىسمىغا بېرىپ ئارخېئولوگىيە، گېئولوگىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، يۈەن فۇلى فۇكاڭ ناھىيىسىدىكى سەنتەي ئەتراپىدىن تىمساھنىڭ تاش قاتمىسىنى تاپتى. 1929 - يىل 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، شۇي بىڭشيۇ بىلەن سۋېن ھېدىن ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ، چۆچەك ئارقىلىق سوۋېت چېگرىسىغا كىرىپ سىمپالاتىسكقا باردى، ئاندىن سىبىرىيىدىن ئۆتۈپ 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بېيپىڭغا قايتىپ كەلدى①.

غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدىن 80 نەچچە

① «شۇي شيۇشېڭنىڭ غەربكە قىلغان ساياھىتىدىن خاتىرە» 1 -، 2 -، 3 - قىسىم.

ساندۇق تۈرلۈك ماتېرىياللارنى، جۈملىدىن 42 ساندۇق ئارخېئولوگىيە-
لىك ماتېرىياللارنى يىغدى. ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى شىنجاڭدا قېپقې-
لىپ داۋاملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ئۇ ئىل-
گىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ يىل ئالتە ئاي تۇرۇپ، 1930 - يىل كۈزدە
بېيپىڭغا قايتىپ باردى. شۇڭا، ئۇنىڭ شىنجاڭدا تاپقان ئارخېئولوگىيىلىك
ماتېرىياللىرى ھەممىدىن كۆپ بولدى. خۇاڭ ۋېنبى يازغان «قوچونى
قىدىرىپ تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئۇ
بىر نەچچە يىل داۋامىدا يىغىۋالغان ۋە قېزىۋالغان 85 ساندۇق ئارخېئولو-
گىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ تۈرى 14 خىلغا يېتىدىكەن. ھەر بىر ساندۇقنىڭ
ئېغىرلىقىنى «120 جىڭ دەپ ھېسابلىغاندا، ئومۇمىي ئېغىرلىقى تەخمى-
نەن 10 مىڭ جىڭدىن ئارتۇقراق ئىكەن①» . ئۇنىڭدىن باشقا، يۈەن فۇلى،
نالىن قاتارلىقلارمۇ گېئولوگىيە، ھاۋا رايى ۋە دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئۆزگى-
رىش ئەھۋالى قاتارلىق جەھەتلەردە خېلى كۆپ ماتېرىياللارغا ئېرىشتى.
بۇ ماتېرىياللار بېيپىڭ قىزلار پېداگوگىكا شۆيۈەنىنىڭ تەتقىقات يۇرتىدا
كۆرگەزمىگە قويۇلۇپ، 1931 - يىلى ئەتىيازدا كۆرگەزمە قىلىندى.

سۋېن ھېدىن «ئۇزۇن سەپەر خاتىرىسى» ناملىق كىتابىدا شۇ قېتىم-
قى تەكشۈرۈشنىڭ ئەھۋالىنى خاتىرىلىگەن ھەمدە شۋېتسىيىنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدا نۇتۇق سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ئېرىشكەن
نەتىجىلىرىنى كۆز - كۆز قىلغان. 1930 - يىلى، ئۇ جۇڭگو - شۋېتسىيە
ھەمكارلىشىپ خەنزۇچە تارشا پۈتۈكلەرنى ليۇفۇ (جۇڭگو تەرەپتىن) بىلەن
خارگىلىن (شۋېتسىيە تەرەپتىن) غا تەرجىمە قىلدۇرۇشنى، ئەسلى پۈتۈك-
چىلەرنى بېيپىڭدا ساقلاشنى، خېتى ئېنىق پۈتۈكلەرنى رەسىمگە تارتىپ،
تەتقىقات ماتېرىيالى قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە بېرىشنى تەكلىپ قىلدى.

غەربىي شىمالدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق سۋېن ھېدىن
قاتارلىقلار ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا دائىر ئاسار ئەتىقىلەرنى، گېئو-
لوگىيە، ھاۋا رايىغا ۋە باشقا ساھەلىرىگە دائىر نۇرغۇن ماتېرىياللارنى

① «ۋۇ شاۋلىن: «شىنجاڭغا ئومۇمىي نەزەر» 319 - بەت.

ياۋروپاغا كەتكەنتى.

## 2. ستەيىننىڭ 4 - قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى

1930 - يىلى، ستەيىن ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تەشكىللەشكە كىرىشىپ، 4 - قېتىم شىنجاڭغا كېلىشكە ھازىرلاندى. ئۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى يەنچىڭ (بېيپىڭ) تەتقىقات يۇرتى بىلەن، ئەنگلىيە پادىشاھلىق مۇزېيى بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈچ يىللىق توختامنامە تۈزۈپ، بۇ ئىككى ئورۇننىڭ 22 مىڭ فوند ستېرلىڭ ياردىمىگە ئىگە بولدى①. ستەيىن بۇنىڭ بەدىلىگە شىنجاڭدا تاپقان بارلىق ئاسارئەتىقىلەرنى خارۋارد داشۆسىنىڭ تەتقىقات يۇرتىغا، كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەنگلىيە پادىشاھلىق مۇزېيىغا بەرمەكچى بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ستەيىن يەنە ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قورۇقلۇق ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى ھەمدە ھىندىستاندىنمۇ ياردەم ئالدى. تەييارلىق داۋامىدا، جاھانگىرلىكنىڭ مەدەنىيەت جاسۇسى ستەيىن خالىغانچە بىلجىرلاپ، تەكشۈرۈشكە بېرىشقا جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق؛ «جۇڭگولۇق ئالىملار بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ»، «زۆرۈرىيىتى يوق»، بۇنداق قىلىش «ئەخمىقانىلىق»، ناۋادا شىنجاڭنىڭ يەرلىك دائىرىلىرى ئارىلاشسا، «ئازراق نەپ بېرىپ قويۇپ، خالىغىنىمىزنى قىلساق بولىدۇ» دەپ ۋالاقلىدى. ئۇ ھەتتا: «شىنجاڭ ئېچىلمىغان زېمىن، ئۇنىڭ جۇڭگوغا تەۋە - تەۋە ئەمەسلىكىدىمۇ تېخى گۇمان بار» دەپ ئوچۇقتىن - ئوچۇق جار سالدى②. ستەيىننىڭ بۇنداق «گۇمانلىنىش نەزەرىيىسى» نى ئاپئاشكارا بازارغا سېلىشى ئۇنىڭ تەكشۈرۈشىنىڭ مەقسىتى شىنجاڭنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىدىن قوسۇر تېپىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئاتالمىش «ئارخېئولو-

① ۋۇ شاۋلىن «شىنجاڭغا ئومۇمىي نەزەر» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئامېرىكا خارۋارد داشۆسىنىڭ تەتقىقات يۇرتى ھەر يىلى 20 مىڭ فوند ستېرلىڭ، ئەنگلىيە پادىشاھلىق مۇزېيى يىلىغا 2 مىڭ ئەنگلىيە فوند ستېرلىڭى بەرمەكچى بولغان. شۇ كىتابنىڭ 314 - بېتىگە قاراڭ.

② يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش، 314 - بەت.

گېمىلىك تەكشۈرۈش» نىڭ قويۇق سىياسىي تۈس ئېلىشىنى بەلگىلىگەن.

سىتەيىننىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1931 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ھىندىستاننىڭ سىملا دېگەن يېرىدىن ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ يولغا چىقتى. بىرىنچى گۇرۇپپىنى سىتەيىن ئۆزى باشلاپ ھىندىستاندىكى سىكوھىستان ئارقىلىق، ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر سىخوارد كوھىستان ئارقىلىق ماڭدى. بۇ ئىككى گۇرۇپپىدىكىلەر ماستۇجتا ئۇچرىشىپ، شىنجاڭنىڭ پامىر رايونى ئارقىلىق قەشقەرگە بارماقچى، ئۇنىڭدىن كېيىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ لوپنۇرغا بېرىپ، ئۇ يەردە مىلادىدىن بۇرۇنقى ئېلىمىزنىڭ رىمغا بارىدىغان قەدىمكى يىپەك يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرمەكچى بولدى. سىتەيىن ئۆزىنىڭ بۇ تەكشۈرۈش پىلانىنىڭ ئالىملىرىمىزنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئالىملىرىمىز سىتەيىننىڭ گۇاڭشۈي دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ بۇددا نومى، تارىشا پۈتۈكى، بۇددا ھەيكىلى قاتارلىق ئاسارئەتىقىلىرىنى ئوغرىلاپ كەتكەن جىنايەتلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىن پايدا - زىياننى تولۇق ھېسابقا ئېلىشنى ئۆتۈندى ھەمدە «ئۇنى چېگرىدىن كىرگۈزمەسلىك» نى قايتا - قايتا تەلەپ قىلدى. لېكىن، ئەنگلىيە «كۆپ قېتىم ئىلتىماس قىلغان» لىقى ئۈچۈن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ دائىرىلىرىگە «ئۇنىڭ چېگرىدىن كىرىشىگە يول قويۇش» توغرىسىدا تېلېگرامما يوللىدى. شۇنىڭ بىلەن سىتەيىن ئەسلىدىكى تەكشۈرۈش پىلانىغا ئاساسەن، بۇرۇن تۈزۈپ چىققان لىنىيە بويىچە شىنجاڭغا كىردى. ئالىملىرىمىز ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش كومىتېتى «شىنجاڭ دائىرىلىرىدىن پايدا - زىياننى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن سىتەيىننى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش» نى قايتا - قايتا تەلەپ قىلدى①. ئېلىمىزدىكى ئىلمىي تەشكىلاتلارنىڭ قارشىلىق ساداسى ئىچىدە، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ دائىرىلىرىگە سىتەيىننىڭ ئاتالمىش ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنى كەل-

① «ۋۇشاۋلىن: « شىنجاڭغا ئومۇمىي نەزەر» 314 _ 135 - بەتلەر.

گەن يولى بىلەن چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ستەيىننىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى خوتەن، قەشقەردە بىر نەچچە ھەپتە تۇرۇپ، 1932 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، تاشقورغا چېگرا قاراۋۇلخانىسىدىن چىقىپ كەتتى. ستەيىن خوتەندە قېزىۋالغان قەدىمكى ھىندى يېزىقىدىكى ۋە باشقا قەدىمكى يېزىقلار بار ئارشا پۈتۈكلەرنىڭ ھەممىسى مۇسادىرە قىلىندى.

ستەيىننىڭ شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش پىلانىنىڭ بەربات بولۇشى ئىلمىز خەلقىنىڭ ۋە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش يولىدا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسى ھېسابلىنىدۇ.

### 3. جۇڭگو - فرانسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ۋە بۇ جەھەتتىكى تالاش - تارتىشلار

جۇڭگو - فرانسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى 1930 - يىلى رەسمىي تەشكىللەندى. شۇ يىلى، جۇڭگو ئىلمىي تەشكىلاتلار جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىلى - چۇمىنيى ۋە لى يۈيىڭ قاتارلىق كىشىلەر فرانسىيىدىكى ئىلمىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىلى پۇئان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ نامىنى «جۇڭگو - فرانسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى» دەپ ئاتاش توغرىسىدا كېلىشتى ھەمدە ئىككى دۆلەتنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش جەھەتتىكى ھەمكارلىشىش ئۇسۇلى ۋە تەشكىللەش پرىنسىپى توغرىسىدا توختاملاشتى.

جۇڭگو - فرانسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى 40 نەچچە كىشى (شوپۇر، خىزمەتچى خادىملار بۇنىڭ سىرتىدا) دىن تەركىب تاپقان چوڭ ئۆمەك ئىدى. جۇڭگو تەرەپتىن چۇمىنيى ئۆمەك باشلىقى بولدى، ئۆمەك ئەزالىرى ئىچىدە لىيۇ شىنئې، چې جىڭشىڭ، ياڭ چۈجيەن، جۇ باۋخەن، ياۋشىجيۇ، جياۋ جىنخۇا قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى؛ فرانسىيە تەرەپتىن خادىل ئۆمەك باشلىقى؛ ئۇ دېندىبېرس مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولدى، ئۆمەك ئەزالىرى ئىچىدە پۇئان، روئان (خىدىلىنىڭ كاتىپى) قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. ئۆمەكتە ئالىملار، دوختۇرلار، ئىنژېنېرلار، مۇخ-

بىرلار، سەنئەتكارلار، رەسساملار، تېلېگراف خادىملىرى، ھاۋا رايى مۇتەخەسسىسلىرىدىن باشقا، يەنە ھەربىي سىياسىي بۆلۈمنىڭ، باش شتابنىڭ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ، دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرىمۇ بار ئىدى. پۇئان ئەسلىدە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرى بولۇپ، شۇ چاغدا فرانسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئەۋەتكەن پەۋقۇلئاددە ۋەكىل ئىدى. بېگان بولسا فرانسىيە دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىنىڭ شائىشياۋى ئىدى. دېمەك، جۇڭگو - فرانسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى ئەزالارنىڭ سالاھىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى. بۇ قېتىمقى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە فرانسىيىنىڭ گېئولوگىيە جەمئىيىتى، مۇزېي، ئانتروپولوگىيە شۆيۈەنى، چىمېي مۇزېي قاتارلىق ئىلمىي تەشكىلاتلىرى قىزغىن ياردەم بېرىپلا قالماي، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى، مائارىپ مىنىستىرلىقى، گۈزەل سەنئەت مىنىستىرلىقى، دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقى، پوچتا - تېلېگراف مىنىستىرلىقىمۇ «ياردەم قىلدى[1]»، ھەتتا ئامېرىكىنىڭ جۇغراپىيە جەمئىيىتىمۇ قىزغىن ياردەم بېرىش پوزىتسىيىسىدە بولدى. ئۇلارنىڭ پائال «ياردەم» بېرىشىدە فرانسىيىنىڭ «جاھانغا پۇر كەتكەن شۆھرىتى» دىن ئىبارەت ئامىلدىن باشقا، ئەلۋەتتە مۇھىمى ئۇلاردا كىشىلەرگە ئېيتقىلى بولمايدىغان سىياسىي ئامىلمۇ بار ئىدى. بۇنداق سىياسىي ئامىل، روشەنكى ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئاخباراتلارنى توپلايدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، بەزىلەر «فرانسىيىدە باشقىچە غەرەز بارمىكىن دەپ گۇمانلانغان[2]».

جۇڭگو - فرانسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى — جۇغراپىيە، ئارخېئولوگىيە، كارتوگرافىيە، ئانتروپولوگىيە، سىياسىي ئىقتىساد، ھاۋا رايى قاتارلىق جەھەتتىكى ئەھۋاللار، تەكشۈرۈش ۋاقتى يېرىم يىل ئەتراپىدا، تەكشۈرۈلىدىغان رايونلار ئىچىدە مەملىكەتتىمىزدىن باشقا، جەنۇبىي ئاسىيا بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيامۇ بار ئىدى. مەملىكىتىمىزدە بېيپىڭنىڭ، گەنسۇ، نىڭشيا، سۈييۈەن، چاخار، سەنشى، خې-

① ۋۇ شاۋلىن: «شىنجاڭغا ئومۇمىي نەزەر» 332 - بەت.
② ۋۇ شاۋلىن: «شىنجاڭغا ئومۇمىي نەزەر» 324 - بەت.

بېي، شەنشى، خۇبېي، خۇنەن، فۇجيەن، گۇاڭشى قاتارلىق ئېلىمىز زېمىنىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۆلكە - رايونلار تەكشۈرۈش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. تەكشۈرۈش پىلانىغا ئاساسەن، شىنجاڭ جۇملىدىن قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، ئۈرۈمچى، قۇمۇل قاتارلىق جايلار نۇقتىلىق تەكشۈرۈلمەكچى بولدى. دېمەك، تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر ئاسىيا قىتئەسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك جايلىرىدا ئاياغ ئىزلىرىنى قالدۇردى. شۇڭا، جۇڭگو - فرانسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى «يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى ئەترەت» دەپ ئاتىدى. بۇ «يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى ئەترەت» تە ئاران 10 قارا ماشىنا بار ئىدى. بىرىنچى ماشىنا يېتەكچى ماشىنا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆمەك باشلىقلىرى ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى ئولتۇردى؛ ئىككىنچى ماشىنا ئالىملار ماشىنىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالىملار ئولتۇردى؛ ئۈچىنچى، تۆتىنچى ماشىنىنى سۈرەتكە تارتقۇچىلار ۋە كىنوغا ئالغۇچىلار؛ بەشىنچى ماشىنىنى تېلېگراف خادىملىرى؛ ئالتىنچى ماشىنىنى ئاشپەزلەر؛ يەتتىنچى ماشىنىنى دوختۇرلار ئىشلەتتى. بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇش ئاشۇ ۋاقىت ئۈچۈن خېلى ئىلغار ئىدى. ئۇلار يەنە ھەربىي ئۇسكۈنە، مىلتىق، ئوق - دورا، تېلېگراف ئاپپاراتى، خەرىتە، كومپاس، خەت بېسىش ماشىنىسى، سۇ ساقلىغۇچ، كارىۋات، ئۈستەل، رەسىمگە تارتىش ئاپپاراتى، دورا ۋە تۈرلۈك ئىلمىي تەجرىبە سايمانلىرىنى ئېلىپ ماڭدى. ماشىنىدىكى يېمەكلىكلەر 15 ـ 20 كۈن يېتەتتى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئۇلار خەلقئارا مىزانىغا خىلاپلىق قىلىپ 18 تاپانچا، ئىككى يېنىك پىلىموت قاتارلىق قوراللارنى ھەمدە 11 مىڭ 60 پاي ئوقنى قانۇنسىز تۈردە بىللە ئېلىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى ئىلمىي تەكشۈرۈش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەچكە، ئۇلار گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى پىرقىسىنىمۇ تەكشۈرۈش پىلانىغا كىرگۈزدى. بۇ ئۆمەكتىكى فرانسىيىلىكلەر دائىم دېگۈدەك ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىپ ئاخبارات توپلىدى، ھايۋاناتنىڭ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى يىغدى، يول لىنىيىسىنى خالىغانچە رەسىمگە ئالدى.

جۇڭگو - فرانسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئىككى ئەترەتكە بۆلۈنۈپ

دى، بىرىنچى ئەترەتكە پۇئان مەسئۇل بولدى، ئۇلار يەتتە ماشىنا بىلەن بېيپىڭدىن يولغا چىقىپ موڭغۇلىيە، گەنسۇ ئارقىلىق شىنجاڭ ۋە پامىر ئېگىزلىكىگە باردى، ئىككىنچى ئەترەتكە خارد يېتەكچىلىك قىلدى، ئۇلار كىچىك ماشىنا بىلەن بېلۇزدىن يولغا چىقىپ، پۇئان باشچىلىقىدىكى بىرىن-چى ئەترەت بىلەن شىنجاڭنىڭ پامىر رايونىدا ئۇچراشماقچى، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىغا بارماقچى بولدى.

تەكشۈرۈش داۋامىدا، فرانسىيىلىكلەر ئېلىمىزنىڭ ئالىملىرىغا قىلچە ھۆرمەت قىلماي، ئۆزى بىلگىنىنى قىلدى. 1931 - يىلى 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۆمىنيى نەنجىڭدىن يولغا چىقىپ 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، بېيپىڭغا كېلىپ فرانسىيىلىكلەر بىلەن بىللە «غەربكە - شىنجاڭغا بارماق-چى» بولدى. ئەمما، فرانسىيىلىكلەر «تيەنجىندىن يولغا چىقىپ بېيپىڭ ئارقىلىق» جاڭجياكوغا كېلىپ، چۆمىنيىنىڭ كېلىشىنى كۈتمەيلا 17 - كۈنى جاڭجياكودىن ئايرىلدى. ئۇلار مىڭىش ئالدىدا چۆمىنيىغا باشقا ماشى-نا تېپىپ بېيلىڭ ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ ئۇچرىشىش توغرىسىدا سۆز قالدۇ-رۇپ قويدى. چۆمىنيى چاخار ئۆلكىلىك تەمىرات نازارىتىنىڭ ئىككى قارا ماشىنىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ يەنە باشقا يەتتەيلەن بىلەن بىللە 20 - كۈنى جاڭجياكودىن يولغا چىقىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ھەرىكەت ئىككى تەرەپنىڭ كېيىنكى ئىشلاردىكى ھەمكارلىقىغا سايە چۈشۈردى. كىشىنى تېخىمۇ غە-زەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى، فرانسىيىلىكلەر «يالاڭ ئاياغ ئاياللار ۋە تىلەمچى-لەرنىڭ رەسىمىنى تارتىپ، كۆرگەزمە قىلدى»، «بۇنى ئاڭلىغان جوڭگو-لۇقلار دەرغەزەپكە كەلدى»، فرانسىيىلىكلەر يەنە ئېلىمىزنىڭ ئۆمەك ئەزالىرىنى «سېرىق تەنلىك يىراققا يۈرۈش قىلغۇچىلار» دەپ ھاقارەتلى-دى①. فرانسىيە تەرەپنىڭ بۇ خىل پەسكەشلىكلىرى ئۆمەك ئەزالىرىمىز-نىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغاچقا، ئۇلار بېيلىڭ ئىبادەتخانىسىغا كەلگەندىن كېيىن فرانسىيە تەرەپكە تۆت تۈرلۈك تەلەپ يازدى؛ بىرىنچى، ماشىنا ئەترىتى ئۆمەك باشلىقىنىڭ قوماندانلىقىدا ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈ-

① ۋۇشاۋلىن: «شىنجاڭغا ئومۇمىي نەزەر» 324 - 325 - بەتلەر.

رۇش؛ ئىككىنچى، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ سۈرەتكە
ئېلىشقا بولمايدۇ، ئىلگىرى تارتىلغان سۈرەتلەرنى جۇڭگو ئىلمىي تەشكى-
لاتلار جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىگە سۇنۇش لازىم؛ ئۈچىنچى،
جۇڭگو - فرانسىيە ئىككى تەرەپنىڭ ئۆمەك ئەزالىرى ھەر كۈنى كەچتە
ئەتىكى ھەرىكەت پىلانى ۋە تەكشۈرۈش ئوبيېكتىنى مەسلىھەتلىشىش لازىم؛
تۆتىنچى، يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە جۇڭگولۇق ئۆمەك ئەزالىرى ئايرىم
چۈشلۈك تاماق تەييارلاشنىڭ ھاجىتى يوق، ماشىنىدىكى ئورۇن، يۈك -
تاق، چېدىرلارنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىش كېرەك. پۇئان بۇ تۆت تۈرلۈك
تەلەپنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە تۈر-
لۈك چارىلەر بىلەن جۇڭگولۇق ئۆمەك ئەزالىرىنى كەمسىتتى، ئۇلارغا
يېمەك - ئىچمەكنى ئاز بەردى، فرانسىيىلىك ئۆمەك ئەزالىرىغا بولسا
بولكا، كوفى ھەتتا تاماكا، ھاراقنى يوشۇرۇنچە تارقاتتى؛ خەۋەرلەرنى
مونوپول قىلىۋېلىش ئۈچۈن، جۇڭگولۇق مۇخبىرلارنى گېزىتلەردە تەكشۈ-
رۈشكە دائىر خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىشنى يولسىزلىق بىلەن چەكلىدى،
سۈرەتكە ئېلىنغان فىلىملارنى ئالدى بىلەن فرانسىيىدە، ئاندىن جۇڭگودا
قويۇشنى مۇتتەھەملىك بىلەن تەلەپ قىلدى. جۇڭگو تەرەپ بۇ يولسىز
تەلەپلەرنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار تەكشۈرۈش، سۈرەتكە ئېلىش
خىزمىتىمىزگە تېخىمۇ ئارىلاشقىلى تۇردى. 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، پۇئان
جۇڭگولۇق ئۆمەك ئەزاسى چې جىڭشېڭنى قاتتىق ھاقارەتلىدى ھەمدە «بۇ
پەقەت جۇڭگولۇقلارغا ئازراق تەنبىھ بېرىپ قويغانلىق» ، ناۋادا ئۇنى «ئېپ-
تىۋەتسىمۇ» بۇ ئىشنىڭ «كارايىتى چاغلىق» دەپ ۋالاقلىدى[1]. بۇنداق
ئەھۋالدا چې جىڭشېڭ «ئېچكىرىگە قايتتى» ، ئۇ 16 - كۈنى بېيپىڭغا
بېرىپ، پۇئاننىڭ جۇڭگولۇق ئۆمەك ئەزالىرىنى خارلىغانلىق قىلمىشىنى
ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ۋە جامائەتچىلىككە خەۋەر قىلدى. «داگۇڭباۋ» گې-
زىتىنىڭ مۇخبىرىمۇ بۇ «ئەجنەبىيلەر» نىڭ خورلۇقلىرىغا چىدىماي،
تيەنجىنگە قايتىپ كەلدى ۋە ھەرقايسى گېزىتخانىلارغا بۇ «ئەجنەبىيلەر»

① يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش، 328 - بەت.

نىڭ تۈرلۈك جىنايى شۇملۇقلىرىنى ئەيىبلەشنى مۇراجىئەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن «مەملىكەت بويىچە يۇقىرى - تۆۋەن بۇ زور ئاھانەتتىن لەرزىگە كەلدى»①، ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن نارازىلىق تېلېگراممىسى يوللاپ «توختامنامىنى بىكار قىلىش، تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى تارقىتىۋېتىش②» نى تەشەببۇس قىلدى. سۇجۇغا كەلگەندە، نارازىلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن جۇڭگولۇق ئالتە ئۆمەك ئەزاسى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىن چېكىنىپ چىقتى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئاسار ئەتىقىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش كومىتېتىنىڭ بېيپىڭ شۆبىسى 1931 - يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئوندا يىغىن ئاچتى. بۇ يىغىنغا شۈي بىڭشيۇ، ماخېڭ، ۋېڭ ۋېنخاۋ، لى چى، خۇاڭ ۋېنبى، لى زۇڭدۇڭ، ليۇ فۇ (ماخېڭ ۋاكالەتچى بولدى) قاتارلىق كىشىلەر قاتناشتى، ھەيئەت مۇدىر جاڭ جى بۇ قېتىمقى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىن مۇزاكىرە ئارقىلىق جۇڭگو - فرانسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى ھەمدە فرانسىيىنىڭ مۇتتەھەملىكىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، فرانسىيىنىڭ باش ئەلچىسىگە «ۋەقەنى پات ئارىدا تەكشۈرۈپ كۆرۈش» نى تەلەپ قىلىپ تېلېگرامما يوللىدى. يىغىندىن كېيىن، جاڭ جى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار پالاتاسىغا گەنسۇ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتلەرگە ئۆمەكنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ «تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كۈتۈش» توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ تېلېگرامما ئەۋەتتى. شۇ كۈنى، شىنجاڭنىڭ بېيپىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ ۋەكىلى جاڭ فېڭجيۇمۇ تېلېگرامما ئارقىلىق بۇ ئىشنى جىن شۇرېنغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھەرقايسى جايلارغا تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. جىن شۇرېن قومۇل، قەشقەرنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىغا جۇڭگو - فرانسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ كىرىشىنى رەت قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلدى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاسار ئەتىقىلەر-

① يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش، 325 - بەت.
② يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش، 329 - بەت.

نى مۇھاپىزەت قىلىش كومىتېتىمۇ جىن شۇرېنغا تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ماشىنا ئەترىتىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ «مەركەزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتۈش» توغرىسىدا قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ تېلېگرامما ئەۋەتتى. فرانسىيە تەرەپ پايدىسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ ئەپۇ سوراشقا، يۆگاننىڭ ئورنىغا پولۇننى مەۋەققەت ئەترەت باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە قويۇشقا مەجبۇر بولدى. 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، چۆمىنىيى فرانسىيە تەرەپنىڭ كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغان تۇرلۇك مۇتتەھەملىكلىرىنى ئەيىبلىگەن، فرانسىيە تەرەپ بىلەن ھەمكارلاشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن 20 - كۈنى تالاش - تارتىش مۇۋاپىپەقىيەتلىك ھەل بولدى دەپ جاكارلاپ، 21 - كۈنى داۋاملىق سەپەر قىلدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرى چۆمىنىينىڭ ئومۇملۇقنى كۆزلەپ مادارا قىلىشتەك پوزىتسىيىسىدىن نارازى بولغانلىقىنى ئاشكارا بىلدۈرۈپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىپ بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئارقا - ئارقىدىن تېلېگرامما ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو - فرانسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى قومۇلدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، يۆگان بىلەن ماشىنا ئەترىتى قەشقەرگە بېرىپ خادىل بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا①، قالغان ئۆمەك ئەزالىرى ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتتى. چۆمىنىيى ئۇزۇن ئۆتمەي سىبىرىيە ئارقىلىق بېيپىڭغا قايتتى، باشقا ئۆمەك ئەزالىرىمۇ 1932 - يىل 1 - ئايدا بېيپىڭغا قايتىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئۆمىكى

---

① ليۇ دېخېننىڭ ئەسلىمىسىدە، جۇڭگو - فرانسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ پائالىيىتىنى چەكلەش، ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ چېگرىدىن چىقىرىۋېتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ، يۆگاننى داجاۋچاڭ ياتاقخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا بولغان سوغۇق مۇئامىلىسىنى ئىپادىلىگەن. ئىككى ئايدىن كېيىن جىن شۇرېننىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يۆگان ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ ئارقىلىق قەشقەرگە بېرىپ خادىل بىلەن ئۇچراشقان، يولغا كېتەرلىك بېنزىننى ئۈرۈمچى لۇيخىڭچاڭ سودا سارىيى ئۆمەكتىن باھاسى بويىچە پۇل ئېلىپ بەرگەن. جىن شۇرېن خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ ئالاقە ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خوشۇكالىڭ، ئىش بېجىرگۈچىسى فەن جىلى يۆگان بىلەن ئاقسۇغا بىللە بارغان، ئۇلار خادىل قاتارلىق 20 كىشىنى قەشقەردىن ئاقسۇغا ئەكەلتۇرگەن. ئۇلار جىن شۇرېننىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن ۋە ئاز ۋاقىت دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن قومۇلدىن ئىچكىرىگە بېرىپ، ئاندىن دۆلىتىگە قايتقان. ليۇدېخې: «جۇڭگو - فرانسىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە دائىر ئەھۋاللار»، «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 - سان، 30 - ، 33 - بەتلەر.

تالاش تارتىشلار ئىچىدە تارقىلىپ كەتتى.

ئۇلاردىن باشقا، يەنە ئامبىرىكىلىق تىرمو قاتارلىق بەشەيلەن 1932 - يىلى يازدا شەخسىي سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا كەلدى. ئۇلار ئەڭ يېڭى تىپتىكى تەجرىبە ئەسۋابلىرى ۋە قىسقا دولقۇنلۇق تېلېگراف ئاپپاراتىنى ئېلىپ، يىچاڭدىن سۇجيالڭ دەرياسى ئارقىلىق جۇڭچىڭغا كەلدى، ئاندىن پىيادە مېڭىپ شىنجاڭغا باردى، ئۇلار يول بويى ھايۋاناتنىڭ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى يىغدى ھەمدە مۈشۈكئېيىقى، بۇغا، ياۋا كالا ۋە سېرىق مايمۇن قاتارلىق ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنى ئوۋلىدى. ھەرىكىتى تولىمۇ سىرلىق بولدى. 1931 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، تيەنجىندە چىقىدىغان «داگۇڭباۋ» گېزىتى ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدە چىقىدىغان «تايمس گېزىتى» نىڭ 3 - ئاينىڭ 6 - كۈندىكى سانىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسەن، ئەنگلىيىنىڭ قورۇقلۇق ئارمىيە جۇڭشياۋى سىدخواردنىڭ شىنجاڭغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچى بولغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. ئۇنىڭ پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئاشقان - ئاشمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىيال كەمچىل بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىش قارانىيىتى بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

# 4 - بۆلۈم جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

جىن شۇرېن ھاكىمىيەت باشقۇرغان دەۋردە دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا چېتىلىدىغان زور مەسىلىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: بىرىنچى، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز ئارا بەش كونسۇلخانا قۇرۇش مەسىلىسى، ئىككىنچى، جىن شۇرېننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «شىنجاڭ - سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» ئىمزالىغانلىقى؛ ئۈچىنچى، شىن-

جاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە ئافغانىستان، ھىندىستان بىلەن سودا مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشى.

1. بەش كونسۇلخانا مەسىلىسى

1928 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ياڭ زېڭشىنىڭ 1924 ـ يىل 6 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۆز ئارا بەش كونسۇلخانا قۇرغانلىق توغرىسىدا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك تەكلىپ بەردى: بىرىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا قۇرۇلغان كونسۇلخانىلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى «مەركەز» گە قايتۇرۇپ بېرىش، كونسۇلخانىلارنىڭ خىراجىتىگە «مەركەز» مەسئۇل بولۇشى لازىم؛ ئىككىنچى، ئەنجان، ئالمۇتادىكى كونسۇلخانىنى داۋاملىق ساقلاپ قالغاندىن باشقا، تاشكەنتتىكى كونسۇلخانىنى باش كونسۇلخانىغا ئۆزگەرتىش، شەمەيدىكى باش كونسۇلخانىنى كونسۇلخانا دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ، ئورنىنى سىبىرىيىگە يۆتكەش، زايسان كونسۇلخانىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى قوقەنتكە كۆچۈرۈش. 1929 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، جىن شۇرېن نەنجىڭغا تېلېگراممىا يوللاپ «شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكى» نى باھانە قىلىپ، كونسۇلخانىلارنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا قوشۇلمىدى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كونسۇلخانىلارنى «بۇرۇنقىدەكلا شىنجاڭ باشقۇرۇش» نى تەشەببۇس قىلدى. كونسۇلخانىلارنىڭ ئورنى مەسىلىسىدە، شەمەيدىكى كونسۇلخانىنى ساقلاپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا مەسىلىلەردە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. كونسۇل تەيىنلەش مەسىلىسىدە، شىنجاڭ «چېگرا رايوننىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان» دىپلوماتلارنى كۆرسىتىش، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى تەشەببۇس قىلدى.

كونسۇلخانىلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى مەسىلىسىدە، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى «تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بىۋاسىتە باشقۇرۇش»، «كونسۇللارنى بۇرۇنقىدەك شىنجاڭ كۆرسىتىش»، كونسۇلخانىلارنىڭ تەشكىلىي خىزمىتى ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بۇيرۇقىغا

ئەمەل قىلىشنى قارار قىلدى. جىن شۇرېن نائىلاج مۇ ۋېيتوڭنى لىيوچاڭبىڭنىڭ ئورنىغا شەمەيدىكى كونسۇلخانىنىڭ كونسۇللۇقىغا، ئارقىدىن يەنە يىن دېشيەننى سالا چۇنىنىڭ ئورنىغا ئالمۇتادىكى كونسۇلخانىنىڭ كونسۇللۇقىغا كۆرسەتتى.

1929 - يىلى 7 - ئايدا يۈز بەرگەن جۇڭدۇڭ تۆمۈر يولى ۋەقەسى① جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. 23 - كۈنى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى شىنجاڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كونسۇلخانىلارنىڭ كونسۇللىرىنى مەملىكەتكە قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تېلېگرامما ئەۋەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭ ئۆز ئارا قۇرغان بەش كونسۇلخانا «قىسمەنلىك مۇناسىۋەتنى ئاساسىدا كېلىشىم بويىچە قۇرۇلغان» دەپ ھېسابلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان دوستلۇقىنى قوغداش ئۈچۈن، «شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بەش كونسۇلخانىسىغا قارىتا «مۇھاپىزەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆتەشنى خالايدىغان» لىقىنى، «قىسمەن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قىلىش» نى، «ھەر ئىككى تەرەپ كونسۇللارنى قايتۇرۇپ كەتمەي، بىر - بىرىنىڭ كونسۇلخانىلىرىنى ساقلاپ قېلىش» نى چىن دىلىدىن ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جىن شۇرېن سوۋېت تەرەپنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كونسۇلخانىلارغا «بايراقنى چۈشۈرۈپ شىنجاڭغا قايتىش ئىشىنى كېچىكتۈرۈپ، مەركەزنىڭ قايتا بۇيرۇقىنى كۈتۈش» توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. بىر قاتار دېپلوماتىك ئالاقىلەردىن كېيىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى 1929 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، جىن شۇرېنغا قايتا تېلېگرامما بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى «بەش كونسۇلنى قايتۇرۇپ كەلمىسەكمۇ

① 1929 - يىلى 7 - ئايدا، جۇڭدۇڭ تۆمۈر يولىنىڭ دوبەنى لۈي رۇڭخۇەن بۇ تۆمۈر يولنى قوراللىق كۈچى بىلەن ئۆتكۈزۈۋېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىلىق ئىدارە باشلىقىنى خىزمىتىدىن بوشاتتى ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىگە قايتىشىنى بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىدا دائىم قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەردى. شۇڭا، شۇ يىلى 12 - ئايدا، جاڭ شۆلياڭ جايۇڭشىگىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەتلىشىشكە بولسىغا ئەۋەتتى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا جۇڭدۇڭ تۆمۈر يولى كېلىشىمى ئىمزالاندى.

بولىدىغانلىقىنى، ھازىرقى ھالەتنى ساقلاش لازىملىقى» نى ئوقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملىق بوھران ئاخىر بېسىقتى. ئەنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى جىن شۇرېننىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسەن، 1931 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، جياڭ جېيشىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ مۇ ۋېيتۇڭنى شەمەيدىكى كونسۇلخانىنىڭ باش كونسۇللۇقىغا؛ جاۋ گولياڭنى ئالمۇتادىكى كونسۇلخانىنىڭ كونسۇللۇقىغا؛ ئەنجاندىكى كونسۇلخانىنىڭ كونسۇلى چېن دېلىنى جاڭ شاۋفاننىڭ ئورنىغا تاشكەنتتىكى كونسۇلخانىنىڭ كونسۇللۇقىغا؛ ئالمۇتادىكى كونسۇلخانىنىڭ كونسۇلى يىن دېشيەننى ئەنجاندىكى كونسۇلخانىنىڭ كونسۇللۇقىغا رەسمىي تەيىنلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، يىن دېشيەننى يەنە تاشكەنتتىكى كونسۇلخانىنىڭ باش كونسۇللۇقىغا يۆتكىدى، شۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىسى بۇرۇنقىدەك نورماللاشتى، چېگرىمۇ بۇرۇنقىدەك تىنچلاندى.

## 2. ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمىنى ئىمزالاش مەسىلىسى

جىن شۇرېن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇردى. سودا مۇناسىۋىتىنى كېلىشىم شەكلىدە مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، جىن شۇرېن مۇۋېيتۇڭنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەخپىي سۆھبەتلىشىشكە بۇيرۇدى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن پەۋقۇلئاددە ۋەكىل چېن جىشيەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن توختام تۈزۈشكە تىرىشتى. كۆپ قېتىم ئۇچرىشىشتىن كېيىن 1931 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، «شىنجاڭ - سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» ئىمزالاندى. چېن جىشيەن بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋەكىلى سلائۇسكى كېلىشىمگە ئىمزا قويدى. يەتتە ماددىلىق بۇ كېلىشىمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: 1. شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مال ئىمپورت - ئېكسپورت ۋە خەلق بېرىش - كېلىش قىلىدىغان چېگرا زاستاپلىرى، كەلگۈسىدە ئەركەشتام (ياكى تورغات)، قورغاس، باكتۇھەم جىمنەيلەردىن ئۆتىدىغان بولىدۇ؛ 2. شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭ سودىگەرلىرى ئالاھىدە رۇخسەت قەغىزى بولمىسىمۇ، شىنجاڭدىن چىقىدىغان ئالاھىدە يەرلىك ماللارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چەكسىز ئېلىپ كىرىشكە،

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورگانلىرىغا سېتىپ بېرىشكە ماقۇللىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، بىراق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان قانۇنىدا ئىمپورت قىلىش مەنئى قىلىنىدىغان ماللار بۇنىڭغا كىرمەيدۇ؛ 3. شىنجاڭ سوۋېت سودا ئورگانلىرى ۋە گراژدانلارنىڭ قەشقەر، چۆچەك، ئالتاي، ئۈرۈمچى، رايونلىرىدا ئۆزلۈكىدىن سودا-سېتىق قىلىشىغا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ماقۇللايدۇ ھەمدە يۇقىرىدا ئاتالغان رايونلاردىكى سوۋېت تەرەپنىڭ سودا ئىشلىرى ۋەكىللىرى يەكەن، تۇرپان، قاراشەھەر، خوتەن، ئاقسۇلارغا بېرىپ، شۇ جايلاردىكى تىجارەتچىلەر ياكى دۇكاندارلار بىلەن سودا توختاملىرىنى تۈزسە بولىدۇ. سوۋېت سودىگەرلىرى شىنجاڭدا ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان قانۇنلارغا ئەمەل قىلىش شەرتى ئاستىدا ئەركىن باردى - كەلدى قىلسا بولىدۇ؛ 4. ئىككى تەرەپ توختامنامە تۈزگەندە ھەرقايسىسى ماللىرىغا ئۆزى باھا قويىدۇ، توختامنامىنى جۇڭگودا ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن تەرتىپى بويىچە ھۆكۈمەتكە تىزىمغا ئالدۇرىدۇ، لېكىن تىزىملىتىش ۋاقتى بەش كۈندىن ئۆتۈپ كەتمەسلىك كېرەك. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش كۆرۈلسە، جۇڭگودا ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن بويىچە توختامنامىنى ئىجرا قىلىش لازىم؛ 5. جۇڭگونىڭ ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن بويىچە تاموژنا بېجى ۋە باشقا باجلار ئېلىنىدۇ؛ 6. شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىدىغان تۈرلۈك ماشىنىلار بىلەن تەمىنلەشنى ئۈمىد قىلىدۇ ھەمدە ئوخشاش خاراكتېرلىك توختامنامە بويىچە شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا تېخنىكلارنى ئەۋەتىشنى ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشنى شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقىنى ياخشىلىشىغا ياردەم قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. 7. شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ماللىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنى ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرگە ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ①.

«شىنجاڭ - سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» نىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە يەنە تۆت قوشۇمچە ھۆججەت ئىمزالاندى. بۇ ھۆججەتلەردە «ئىككى تەرەپنىڭ سودا ئىشلىرىنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن» شىنجاڭنىڭ باج پرىنسىپىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش؛ ئىككى تەرەپنىڭ سودا

---

① «شىنجاڭ - سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى»، ۋۇلېيچېن: «شىنجاڭدا قىلىنغان سەپەردىن خاتىرە»، 173 - ، 174 - بەتلەر.

ئىشلىرىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئورۇمچى، قەشقەر، غۇلجا، چۆچەكلەردە مالىيە ئورۇنلىرىنى قورۇشقا رۇخسەت قىلىش① قاتارلىق مەزمۇنلار بار.

شۇ چاغدا كېلىشىم مەخپىي ئىمزالانغان، كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىنمۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىنمىغانىدى. 1932 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگە كەلگەندە جىن شۇرېن ئاندىن بۇ كېلىشىمنى ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە ھۆججەتلىرىنى كۆچۈرتۈپ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كاتىبات باشقارمىسىغا ئەنگە ئالدۇرۇشقا يوللاپ بەردى. جىن شۇرېن تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى ئاساس قىلىپ بۇ ئىشنى مەقسەتلىك تۈردە چوڭايتىۋەتتى. 1933 - يىلى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، نەنجىڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى ۋاڭ جىڭۋېينىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن جىن شۇرېننى قولغا ئېلىپ «تاشقى ئاپەت پەيدا قىلىش جىنايىتى بار» دەپ ئەيىبلەپ، جىياڭسۇ ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى. 1935 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جىن شۇرېنغا ئۈچ يىل ئالتە ئايلىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى، بەش يىل گراژدانلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلدى، جىن شۇرېن ھۆكۈمگە قايىل بولماي يۇقىرىغا ئەرز سۇنغان بولسىمۇ، 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئالىي سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭ ئەرزىنى رەت قىلدى②. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جۇي جېڭيى بىر تەرەپتىن جىن شۇرېننىڭ «جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئېنىق» ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، يەنە بىر تەرەپتىن «غەربىي شىمالدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى ئەمەلدار - خەلقلەرنىڭ جىن شۇرېننى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا بىرلىشىپ يازغان ئىلتىماسىغا ئاساسەن»، جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىس-

---

① «شىنجاڭ - سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» نىڭ 1 -، 2 -، 3 -، 4 - قوشۇمچە ھۆججىتىگە قاراڭ. ۋۇ ئەيچېن «شىنجاڭغا قىلىنغان سەپەردىن خاتىرە» 175 - بەت.

② جىن شۇرېن ئۈستىدىن «ئالىي سوت مەھكىمىسى چىقارغان جىنايى جازا ھۆكۈمنامىسى» شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ كىتاب - ماتېرىياللار بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

سى لىن سىنىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ «جىن شۇرېنغا بېرىلگەن ئەسلى جازانى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا، بېرىلگەن جازانى كەچۈرۈم قىلغانلىقى[①]» نى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېننىڭ «تاشقى ئاپەت پەيدا قىلىش جىنايىتى» توغرىسىدىكى ئەنزە مەسىلىسى ئاياغلاشتى.

### 3. شىنجاڭنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى

جىن شۇرېن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ تۆمۈر رودىسى ۋە كۆن - خۇرۇم ئېكسپورتى ئاشقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان تاۋارلارنىڭ كۆپ قىسمىدا ئىمپورت ئېشىپ كېتىش كۆرۈلدى، بولۇپمۇ ئاشلىق، توقۇمىچىلىق خام ئەشيالىرىدا بۇ ئەھۋال تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى، تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ (بىرلىكى يۈەن).

| مال تۈرى | يىللار | ئىمپورت | ئېكسپورت | ئىمپورت ئېشىپ كېتىش |
|---|---|---|---|---|
| توقۇمىچىلىق خام ئەشيالىرى | 1931، 1932 | 152,650,666 | 52,813,589 | 99,837,017 |
| | 1933 (ئالدىنقى | 103,782,771 | 35,298,799 | 68,483,972 |
| | يېرىم يىل) | 29,629,565 | 23,706,770 | 5,922,795 |
| پولات - تۆمۈر | 1931، 1932 | 55,622,567 | 320,451 | 5,532,146 |
| | 1933 (ئالدىنقى | 30,408,788 | 531,557 | 29,870,231 |
| | يېرىم يىل) | 15,860,033 | 346,528 | 15,513,505 |
| ئاشلىق | 1931، 1932 | 128,253,904 | 21,486,771 | 106,767,133 |
| | 1933 (ئالدىنقى | 145,252,714 | 17,022,745 | 128,229,969 |
| | يېرىم يىل) | 88,182,724 | 119,823 | 88,063,901 |

توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىغا كەلسەك، 1931 - يىلىمۇ ئېكسپورت ئاشقان بولسىمۇ، 1932 - يىلى ۋە 1933 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا

① نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سوت مەھكىمىسى جىن شۇرېنغا بېرىلگەن جىنايى جازانى كەچۈرۈم قىلغانلىق توغرىسىدىكى ھۆججەت شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ كىتاب - ماتېرىياللار بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.

ئىمپورت ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭدىن يېزا ئىگىلىك، توقۇمىچىلىق ۋە پولات - تۆمۈر سانائىتى شىنجاڭدىكى ئاجىز ھالقىلار ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئىمپورت ئېشىپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

شۇ چاغدا، شىنجاڭ سودا قىلىدىغان ئاساسىي دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقى ئىدى. بۇ سودا ھەر ئىككىلا تەرەپكە پايدا يەتكۈزەتتى. شىنجاڭنى ئالساق، ئۇنىڭ سانائىتى ناھايىتى ئارقىدا قالغان، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان قاتناش ئالاقىسى قولايسىز ئىدى، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىدا، خام ئەشيالارغا سانائەت بۇيۇملىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تېگىشەتتى. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىسىنىڭ مىقدارى ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان سودا مىقدارىدىن زور دەرىجىدە كۆپ ئىدى. قوي يۇڭىنى ئالساق، 1929 - يىلدىن 1930 - يىلغىچە شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقارغان قوي يۇڭىنىڭ قىممىتى 8 مىليون رۇبلىغا يەتكەن بولسا، تيەنجىنگە توشۇلغان قوي يۇڭىنىڭ قىممىتى ئاران 2 مىليون 300 مىڭ يۈەن (يۇڭ - تېرىنىڭ پۇلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) گە يەتكەن. پاختىنى ئېلىپ ئېيتساق، سوۋېت ئىتتىپاقىغا توشۇلغان پاختىنىڭ قىممىتى 1 مىليون 900 مىڭ رۇبلىدىن كۆپرەككە يەتكەن بولسا، بېيپىڭ - تيەنجىنگە توشۇلغىنىنىڭ قىممىتى ئاران 36 مىڭ يۈەن بولغان. توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى جەھەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا كىرگۈزگەن توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنىڭ قىممىتى 9 مىليون رۇبلىدىن كۆپرەككە يەتكەن بولسا، بېيپىڭ - تيەنجىندىن شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن يۇڭ توقۇلما، يىپەك توقۇلمىلارنىڭ قىممىتى ئاران 608 مىڭ يۈەن بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقى 1929 - يىلى بەش يىللىق پىلانىنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، شىنجاڭدىن سانائەت خام ئەشيالىرىنى كىرگۈزۈشكە تولىمۇ ئېھتىياجلىق بولدى.

جىن شۇرېن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بەش يىل داۋامىدا شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىسىدىكى ئېكسپورت مىقدارى ئارتۇق بولۇش ئىمپورت ئېشىپ كېتىشكە ئۆزگەردى، ئارتۇق ئىمپورت

سوممىسى دائىم دېگۈدەك 1 مىليون رۇبلىدىن 3 مىليون رۇبلىغىچە
بولدى، بەزىدە ھەتتا بۇ ساندىنمۇ ئېشىپ كەتتى. 1928 - يىلدىن
1929 - يىلغىچە شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلغان ماللارنىڭ
ئومۇمىي قىممىتى 16 مىليون 51 مىڭ رۇبلىغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا
ئېكسپورت قىلغان ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 13 مىليون 777 مىڭ
رۇبلىغا يېتىپ، ئىمپورت قىلىنغان ماللارنىڭ قىممىتى 2 مىليون 274
مىڭ رۇبلى ئېشىپ كەتتى. 1932 - يىلى، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن
ئىمپورت قىلغان ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 15 مىليون 698 مىڭ
رۇبلىغا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىنغان ماللارنىڭ ئومۇمىي قىم-
مىتى 12 مىليون 305 مىڭ رۇبلىغا يېتىپ، ئىمپورت قىلىنغان ماللار-
نىڭ قىممىتى 3 مىليون 393 مىڭ رۇبلىدىن ئېشىپ كەتتى. شىنجاڭنىڭ
سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىدىغان ماللىرى، ئاساسلىقى قوي يۇ-
ڭى، پاختا، پىلە غوزىكى، مال - چارۋا، تېرە - خۇرۇم قاتارلىقلار بولۇپ،
قوي يۇڭى ھەممىدىن كۆپ چىقىرىلاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت
قىلىنىدىغان ماللار ئاساسلىقى پاختا رەخت، شېكەر، مېتال بۇيۇم، ئې-
لېكتر ئۈسكۈنىلىرى، فارفور قاچا، ئەينەك، كىرسىن، سەرەڭگە، چاي
قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە توقۇلما بۇيۇملىرى ھەممىدىن كۆپ
ئىدى.

شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا، يەنە ئەنگلىيە، ھىندىستان
ۋە ئافغانىستان بىلەنمۇ سودا مۇناسىۋىتى بار ئىدى، لېكىن قاتناش بىئەپ
بولغاچقا، سودا مىقدارى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قىلىنغان سودىنىڭ
مىقدارىدىن ئاز ئىدى. ھىندىستاندىن پاختا، يىپەك، يۇڭ توقۇلما، دورا
ماتېرىياللىرى، ئېپار، يېقىلغۇ، چاي، يۇڭ - تېرە ئىمپورت قىلىناتتى،
شىنجاڭ ھىندىستانغا موخۇركا، پىلە غوزىكى، كىگىز، گىلەم، مال -
چارۋا ئېكسپورت قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش-
لىرى ھىندىستانغا ئېقىپ كېتىش ئەھۋالىمۇ خېلى ئېغىر بولۇپ، ئۇنىڭ
قىممىتى كۆپ چاغلاردا 300 مىڭ رۇبلىدىن كۆپرەككە يېتەتتى. شۇ
چاغدا، شىنجاڭ بىلەن ئافغانىستان ئوتتۇرىسىدا سودا كېلىشىمى بولمىغاچ-

قا، سودا ئالاقىسى ئاز ئىدى.

# 5 - بۆلۈم گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى ۋە گومىنداڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى

ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدىلا شىنجاڭدىكى ئۈرۈمچى ۋە ئىلى قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلغانىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىلىدا قۇرغان تۇڭمېڭخۇي (تولۇق ئاتىلىشى «جۇڭگو ئىنتىپاقداشلار جەمئىيىتى»، ئۆز دەۋرىدە بۇ تەشكىلاتنىڭ نامى شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلق ئارىسىدىمۇ «تۇڭمېڭخۇي» دەپ ئاتالغان - ت) تەشكىلاتى ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن جىمىقىپ كەتتى. مىنگونىڭ تۇنجى يىلى گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلغاندا، بەزى ئادەملەر قەشقەردە گومىنداڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى دىي چېڭمۇ ھەتتا پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئۇيغۇرلارنى كوللېكتىپ ھالدا گومىنداڭغا ئەزا بولۇشقا ئوچۇق - ئاشكارا چاقىرىق قىلغان، بۇ ئەھۋالنى ياڭ زېڭشىن سەزگەندىن كېيىن، قاتتىق مەنئى قىلىپ، ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بۇيرۇق بەرگەن①. ياڭ زېڭشىننىڭ قاتتىق بېسىم سىياسىتى ئاستىدا، گومىنداڭ شىنجاڭدا تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن.

گومىنداڭ مەملىكەت بويىچە قانۇنىي ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن گومىنداڭنىڭ پائالىيىتىگە يول قويمىغان. 1913 - يىلى شىنجاڭدىن سايلاپ چىقىلغان كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزالىرى

① «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» A توپلام بىرىنچى قىسىم، 38 - بەت.

ۋە ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە بىرمۇنچىسى گومىنداڭنىڭ مەخپىي ئەزالىرى ئىدى. جياڭ جۇيچىڭ، كۇڭ شيەنرۇي، سۇڭ گوجۇڭ، خې خەيتاۋ، لى شىفەن، چېن شىلۇ، جاڭ رۇي، ۋېن دۇجۇ، يۈەن ھېڭخۇاڭ قاتارلىقلار شۇ چاغدا گومىنداڭ ئەزاسى ئىدى. بىراق، ئۇ چاغدا گومىنداڭ شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ تەشكىلاتىنى قۇرالمىغانلىقتىن، گومىنداڭ ئەزالىرى شەخسىي سالاھىيىتى بىلەن مەخپىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغانىدى.

شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ئاساسى ناھايىتى ئاجىز ئىدى، ئۇ پىرقە ئىشلىرىنى 1925 - يىلدىن باشلاپ ئىشلەشكە كىرىشكەن. شۇ يىلى ئەتىيازدا، ساۋۇت ھاجى، دىڭ شىچېڭ (ئوچۇرپانلىق خۇيزۇ) قاتارلىق كىشىلەر شىنجاڭغا يوشۇرۇن قايتىپ كېلىپ، مائارىپ ئورگانلىرىنى ئۆزىنىڭ پائالىيەت مەركىزى قىلغان ھالداسەنمىنجۇيى (ئۈچ مەسلەك) نى تەشۋىق قىلغان. 1926 - يىلى 2 - ئايدا، رۇڭ ياۋ، بەي خەيفېڭ، سۇزشەنلەر گومىنداڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى سالاھىيىتى بىلەن، بۇيرۇق بويىچە شىنجاڭغا كېلىپ، ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنى قۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشكەن ھەم تەييارلىق ھەيئىتى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ قارارى بويىچە، رۇڭ ياۋ شىنجاڭغا مەخپىي كېلىپ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئاز - تولا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپلا دەرھال نەنجىڭغا قايتىپ كەتكەن، پىرقە قۇرۇشنىڭ كونكرېت خىزمەتلىرىنى ساۋۇت ھاجى يۈسۈپنىڭ مەسئۇل بولۇپ ئىشلىشىگە تاپشۇرغان، ئۇلار ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى بازا قىلىپ، ئۆلكىلىك ۋە شەھەرلىك پىرقە بۆلۈمىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسىنى مەخپىي قۇرۇپ چىققان. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، شۇچاغدا پىرقە كىنىشكىسى بار گومىنداڭ ئەزالىرى 198 نەپەر بولۇپ، ھاكىمىيەت ئۇلارنىڭ قولىدا بولمىغانلىقتىن، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكۈدەك مادارى زادىلا يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياڭ زېڭشىن ئۇلارنى «دۈشمەن پىرقە» دەپ قاراپ، ئەينى يىللاردىكى ئىنقىلابىي پارتىيە ۋە گېلاۋخۇيلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك، ئۇلار سېزىلىپ قالسىلا باستۇرغان. شۇڭا ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، گومىنداڭ يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتۈپ مەخپىي ھەرى-

كەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەزالىرى ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بەكمۇ نارازى ئىدى. 1928 - يىل 7 - ئايدىن ئىلگىرى، ئۇلار دىڭ شىچېڭنى شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەزالىرىغا ۋاكالىتەن ئىچكىرىگە بېرىپ ياڭ زېڭشىننى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا ئەۋەتتى. دىڭ شىچېڭ نەنجىڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن شىنجاڭدىكى پىرقە ئىشلىرى توغرىسىدا دوكلات بەردى، يەنە بىر تەرەپتىن فېڭ يۈشياڭنى شىنجاڭغا كېلىپ ياڭ زېڭشىننى ئاغدۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ئورگىنى فېڭ يۈشياڭنى شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا قول سالدۇرۇش ۋە شىنجاڭدا ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى تەسىس قىلىش ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىنىۋاتقاندا، شىنجاڭدا «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» يۈز بەردى. گومىنداڭنىڭ نەنجىڭدىكى مەركىزىي ئورگىنى ئۆزگەرگەن ئەھۋالغا ئاساسەن، شىنجاڭنى كونترول قىلىش لايىھىسى ئۈستىدە قايتىدىن ئويلىشىپ، ئىشنى ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنى قۇرۇشتىن باشلاپ، گومىنداڭ تەشكىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، كۈچ توپلاپ، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا سىڭىپ كىرىش، ئاخىر شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى.

1928 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ئورگىنى يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىگە يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى ھەمدە دىڭ شىچېڭنىڭ بىر ھەپتە ئىچىدە شىنجاڭغا قايتىشىنى بۇيرۇدى. گومىنداڭ مەركىزىي ئورگىنىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىگە يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىغا جىن شۇرېن قارشى پوزىتسىيە تۇتتى. ئۇ، ھەيئەت ئەزالىرى يەرلىكلەردىن بولۇش كېرەك دېگەن باھانە بىلەن، ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىشنى رەت قىلدى. شۇ يىلى 10 - ئايدا، گومىنداڭ مەركىزىي ئورگىنى شىنجاڭ پىرقە بۆلۈمىگە يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى ئۆز قەرەلىدە شىنجاڭغا بارمىدى دېگەن باھانە بىلەن، بۇ تەشكىلاتنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئەمەلىيەتتە، جىن شۇرېن ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىش بىلەنلا، ئۆز ئالدىغا بىر ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنى تەسىس قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ياللانما قورالىغا ئايلاندۇرغان ھەمدە ئۆزىنى ئۆزى ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى قىلىپ تەيىنلەپ، شۇ ئارقىلىق نەنجىڭدىكى گومىنداڭ مەركىزىي ئورگىنىنىڭ شىنجاڭدا ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى قۇرۇشقا ئادەم ئەۋەتىش توغرىسىدىكى قارارىغا قارشى تۇرغانىدى. شۇ چاغدا جىن شۇرېن ھەرقايسى نازارەت، ۋىلايەتلەردىكى بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى گومىنداڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلدى، ئۇلار ھەر ھەپتىنىڭ 1 - كۈنى، ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىگە يىغىلىپ ھەپتىلىك خاتىرە ئۆتكۈزۈپ، جىن شۇرېننىڭ يوليورۇقىنى ئاڭلىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جىن شۇرېن يەنە قۇمۇل، گۇچۇڭ، ئىلى، شىخو، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا پىرقە ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تەسىس قىلىپ، ئۇلارغا رۇسچە سىياسىي - قانۇن تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ھەيئەت ئەزاسى قىلىپ تەيىنلىگەن ھەمدە ئۇلارغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مائاش بەرگەن. بۇنداق ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىگە قارىتا، گومىنداڭ مەركىزىي ئورگىنى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ خادىملىرىنى مەركەز رەسمىي تەيىنلىمىگەن» دەپ قاراپ، ئۇنى «نەزەرگە ئالماسلىقنى قارار قىلغان①». 1929 - يىلى، گومىنداڭ مەركىزىي ئورگىنى لومېيخۇەن قاتارلىقلارنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلغاندا، جىن شۇرېن بۇ كىشىلەر شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقمايدۇ، دېگەن باھانە بىلەن، ئۇلارنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىپ، گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ئورگىنىنى بۇ تەيىنلەشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان. گومىنداڭ مەركىزىنىڭ تەشكىلات بۆلۈمىنى باشقۇرۇۋاتقان چېن گوفۇ، چېن لىفۇلار: شىنجاڭنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ فېڭجيۇ بولسا خۇخەنمىن گۇرۇھىغا مەنسۇپ ئادەم، ئۇنى شىنجاڭنىڭ پىرقە ئىشلە-

① جاڭ داجۈننىڭ «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىل» دېگەن كىتابىنىڭ 5 - قىسىم، 2718 - بېتىدىن ئېلىنغان نەقىل.

رىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتسەك، جىن شۇرېن رەت قىلماسلىقى مۇمكىن، دەپ
قارىغان. بىراق، جاڭ فېڭجيۇ قانۇن چىقىرىش پالاتاسىنىڭ ھەيئەت ئەزا-
سى ۋە باشقارما باشلىقىدىن ئىبارەت بۇ مەنسىپىدىن كېچەلمەي، ئۇ تەكلىپ-
نى تەكەللۇپ بىلەن رەت قىلغانلىقتىن، چېن گوفۇ، چېن لىفۇلارنىڭ
پىلانى بەربات بولغان. شۇ يىلى 7 - ئايدا، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ
ئەزالىرى گومىنداڭ مەركىزىي ئورگىنىنىڭ سىياسىي تەلىم - تەربى-
يە مەزگىلىدىكى پىرقە ئىشلىرىغا دائىر پىلان لايىھىسىگە بىنائەن بەزى
خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئەمما باشقا خىزمەتلەردە قىلچە ئىلگىرى-
لەش بولمىغان.

نەنجىڭدىكى گومىنداڭ مەركىزىي ئورگىنى جىن شۇرېن بىلەن تېلېگ-
رامما ئارقىلىق قىلغان ئالاقە - مەسلىھەتىدىن نەتىجە چىقمىغانلىقتىن،
شىنجاڭغا بىۋاسىتە ئادەم ئەۋەتىش قارارىغا كېلىدۇ. 1930 - يىلى،
گومىنداڭنىڭ CC چى ئۇنسۇرى («مەركىزىي كۇلۇب» دەپ ئاتالغان ئىش-
پىيونلۇق تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى - ت) ۋېي يۇڭجۇڭنى پىرقە ئىشلىرىنى
باشقۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتىدۇ. ۋېي يۇڭجۇڭ قاتارلىقلار ئۈرۈمچىگە
يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن ئۇلارغا كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ خىرى-
دارلىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، تەڭرى بۇتخانىسىدا داغدۇغىلىق كۈتۈۋې-
لىش يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ؛ ئاندىن ۋېي يۇڭجۇڭنى ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىگە
ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ ھەمدە ئۇنى نازارەت قىلىشقا سۇلۇڭ جىبىننى ئەۋە-
تىدۇ. ۋېي يۇڭجۇڭ ئۈرۈمچىدە تۇرغان مەزگىلدە، ھەربىي - مەمۇرىي
ئەمەلدارلار ئۇنىڭ بىلەن بېرىش - كېلىش قىلمايدۇ، ئۇ كۈن بويى
قىلىدىغان ئىش يوق بىكار ئولتۇرىدۇ. كېيىن جىن شۇرېن ئۇنى تۇرمۇش
ئىستىلىدا مەسىلە بار دېگەن باھانە بىلەن شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ.

شىنجاڭدا ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى تەسىس قىلىش مەسىلىسىدە، جىن
شۇرېن بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەنلى-
كىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز بەنزىسىنى تەش-
كىللەشنى كۆزلەيتتى.

1930 - يىلى 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، گومىنداڭ مەركىزىي ئورگى-

نىنىڭ 112 ـ سانلىق دائىمىي ئىشلار يىغىنى فالڭ دىتاڭنى شىنجاڭغا پەۋقۇلئاددە خادىم قىلىپ ئەۋەتىشنى قارار قىلدى، شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، 117 ـ سانلىق دائىمىي ئىشلار يىغىنى يەنە جىن شۇرېن، ۋالڭ زېڭشەنلەرنى ئۆلكىلىك پىرقە ئىشلىرى پەۋقۇلئاددە خادىمى قىلىپ تەيىنلەشنى قارار قىلدى. ئەمەلىيەتتە فالڭ دىتاڭ بىلەن ۋالڭ زېڭشەنلەر خىزمەت ئورنىغا بارمىدى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىمۇ رەسمىي قۇرۇلمىدى، جىن شۇرېن ئىلگىرىكىدەك. لا پىرقە ئىشلىرىنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئۆز چاڭگىلىدا تۇتۇۋەردى. گومىنـ. داڭنىڭ مەركىزىي ئورگىنى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، 120 ـ سانلىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا «شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى پىرقە ئىشلىرى پەۋقۇل. ئاددە خادىملىرىنىڭ خىزمەت پروگراممىسى» نى ماقۇللاپ، شىنجاڭ ئۆل. كىلىك پىرقە بۆلۈمى پەۋقۇلئاددە خادىملىرىنىڭ خىزمەت دائىرىسىنى بەلگىلىدى، مەكتەپ ئېچىش، كېزىتخانا قۇرۇش، ئاخبارات ئاگېنتلىقى تەسىس قىلىش، ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، قىرائەتخانا تە. سىس قىلىش، تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇش (سەييارە نۇتۇق سۆزلەش) ھەمدە پىرقە تەشكىلىنى قۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سۈپىتىدە كۆرسىتىپ، شۇ ئارقىلىق ياشلارنى ئۆزىگە قارىتىپ، سىياسىي تەسىرىنى كېڭەيتمەكچى بولدى.

نەنجىڭدىكى گومىنداڭ مەركىزىي ئورگىنى جىن شۇرېن بىلەن تەكرار مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، ئاخىر «ئارىلاشما تەشكىللەش» دېگەن بىر كېلىشتۈرمە لايىھەنى يەنى نەنجىڭ بىلەن شىنجاڭ ھەر قايسىسى تۆت ـ بەش كىشىنى كۆرسىتىپ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنى تەشكىل قىلىش، ئۇلارنى مەركىزىي پىرقە بۆلۈمى تەيىنلەشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1931 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ئورگىنى جىن شۇرېن، جۇرۇي. چى، لۇشياۋزۇ، گۇڭ بىچىڭ، بەي يۈيشيۈ، لى جى، ساۋچىڭيېنلەرنى پەۋقۇلئاددە خادىملىققا تەيىنلىگەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇ ئىسىملىك روشەن. كى، ئۆز ئارا سۈلھىلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇ مەسىلىدە، نەنجىڭ تەرەپ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، جىن شۇرېننىڭ

قولىدىن ھاكىمىيەتنى تەدرىجىي ھالدا بىۋاسىتە تارتىۋېلىشنى كۆزلىگەنىدى؛ جىن شۇرېن بولسا ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنى ئۆزىنىڭ ياللانما قورالىغا ئايلاندۇرۇشنى كۆزلەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، جىن شۇرېن بىر تەرەپتىن ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتىنىڭ ئورنىنى ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى قىلىپ ئۆزگەرتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭ رۇسچە سىياسىي - قانۇن تېخنىكومى، سىفەن مەكتىپى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىكى گومىنداڭ ئەزالىرىنى ھەرقايسى ناھىيىلەرگە ئەۋەتىپ، ناھىيىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا قويدى. بۇ ئادەملەرنىڭ ھەر ئايدا 90 سەر (كۈمۈش ھېسابىدىكى قەغەز پۇل - ت) مائاش ئېلىش، نەنجىڭدىن كەلگەن ھۆججەت - ئالاقىلەرنى كۆرۈش، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ بەزى ئىشلارنى بېجىرىش، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ بەزى يىغىن ۋە زىياپەتلىرىگە قاتنىشىشتىن باشقا ئىشى يوق ئىدى. شۇڭا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا قۇرۇق نامىلا بار ئىدى، خالاس.

قۇمۇل ۋەقەسى پارتلىغاندىن كېيىن، جىن شۇرېن كۈن بويى ئۇرۇش ئىشلىرى بىلەن بەنت بولۇپ، گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ ئىشلىرىغا چولىسى تەگمىدى. گومىنداڭ مەركىزىي ئورگىنى بۇ يېڭى ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، 1931 - يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، تۆتىنچى نۆۋەتلىك ئومۇمىي ۋەكىللەر يىغىنى (قۇرۇلتاي) ئۆتكۈزۈپ، خەن شاۋشۇڭ، خۇڭجاۋ، ساۋۇت ھاجى، دىڭ شىچېڭ، لى زىفېڭ قاتارلىق بەش كىشىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ تەييارلىق ھەيئىتى قىلىپ تەيىنلەشنى بەلگىلەپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچىنى ئاشۇرۇپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزمەكچى بولدى. گومىنداڭ مەركىزىي ئورگىنىنىڭ قايتا - سۈيلىشى بىلەن گۇاڭ بىچېڭ، بەي يۈيشيۇلار 1932 - يىلى قىشتا، خارجى ئىشلار خادىمى سۈپىتى بىلەن نەنجىڭدىن چىقىپ، ياپونىيىنىڭ شىنخۇ شەھىرى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ، ئاندىن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭنىڭ چۆچەك شەھىرىگە كىرىپ، 12 - ئاينىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەكلىپ

قىلىنغا ئالتاي ئالتۇن كېنىنى ئېچىش مەسلىھەتچىسى ۋۇ ئەيچېنمۇ بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى قۇرۇلغان ھېسابتا بولدى.

گۇاڭ بىچيۇڭ بىلەن بەي يۈيشيۇنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى جىن شۇرېن ئانچە ياقتۇرماي، ئۇلارغا پەرۋاسىزلىق بىلەن قارىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرى، نازىرلار، بۆلۈم باشلىقلىرى، ئامباللار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىرى قاتارلىق يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىگە بېرىپ گۇاڭ بىچيۇڭ بىلەن بەي يۈيشيۇنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇشۇپ تۇردى. بەزى ياش ئوقۇغۇچىلار شىنجاڭنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئىسلاھات ئۈمىدىنى گومىنداڭنىڭ مۇشۇ ئەربابلىرىغا باغلاپ، دائىم دېگۈدەك ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىگە بېرىپ ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلىپ تۇردى ۋە جىن شۇرېنغا بولغان نارازىلىقىنى بايان قىلىشتى، بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى قاراشلىرى ۋە تەشەببۇسلىرىنى ئېلان قىلدى. ئەمەلىيەتتە، گومىنداڭنىڭ بۇ ئەربابلىرى شىنجاڭدا بىرەر ئىشنى قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا شىنجاڭدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشقا ئۇلارنىڭ قۇربى يەتمەيتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «خەير- ساخاۋەت» ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن باشقا، قىلىدىغان ئىشىمۇ يوق ئىدى.

گۇاڭ بىچيۇڭ بىلەن بەي يۈيشيۇ شىنجاڭغا كېلىشتىن ئىلگىرى، قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆرىشى پارتلىغانىدى. شۇ چاغدا ئۇرۇش ناھايىتى تېز ئۆلغىيىپ پىچان، تۇرپان، توقسۇن، قاراشەھەر ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ فۇكاڭ، سەندوبا، سانجى، قۇتۇبى، ماناس قاتارلىق جايلىرىغىچە كېڭەيگەنىدى؛ ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ماچۇەنلۇ ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرە قىلىپ، غەربىي چوڭ كۆۋرۈك، قىزىلتاغ تۇمشۇقى، ياماللىق تېغى ئەتراپلىرىغا ھۇجۇم قىلغاچقا، ۋەزىيەت ئىنتايىن كەسكىنلەشكەنىدى. ئۇرۇش يىلمۇ يىل داۋام قىلغانلىقتىن، مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن كىشىلەر ئۆي - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ،

سەرسانلىق - سەرگەردانلىق ئىچىدە ئاچ - يالىڭاچ قېلىپ، كوچا - كويىلاردا تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. كىشىنى ئەڭ ئېچىندۇرىدىغىنى شۇ بولدىكى، جەڭدە ئۆلگەنلەرنىڭ نەچچە يۈز جەسىتى غەربىي چوڭ كۆۋرۈك ئەتراپىدا تاشلانغان بولۇپ، ئۇلارنى يىغىشتۇرىدىغان ئادەم چىقمىغانىدى. گىزاڭ بىچىباڭ، بەي يۇيشىيۇلار بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق سىياسىي تەسىرىنى كېڭەيتىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە مايىل قىلىش قارارىغا كەلدى.

شۇ چاغلاردا، ئۈرۈمچىدە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئىشلىرى زادىلا يوق ئىدى. گىزاڭ بىچىباڭ، بەي يۇيشىيۇ، ۋۇ ئەيچېنلار مەسلىھەتلىشىپ، قىزىل كرېست جەمئىيىتى ۋە خەير - ساخاۋەت ئۇيۇشمىسى تەسىس قىلىپ، «جەسەتلەرنى كۆمۈش، مۇساپىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، يارىلانغان ئەسكەرلەرنى قۇتقۇزۇش» قاتارلىق خەير- ساخاۋەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى①. ئۇلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ليۇۋېنلۇڭ، يەن يۈشەن، گۈي فېڭ قاتارلىق نازىر، ۋالىيلارغا ۋەز ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش كويىدا بولدى؛ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە كىرىپ ئىئانە توپلاش ۋە قۇتقۇزۇش ئاشلىقى ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، بۇنى خەير - ئېھسان ئۇيۇشمىسىنىڭ خىراجىتى قىلماقچى بولدى؛ لاڭ كېچىڭ (پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، خۇجېدى (ئەنگلىيىلىك مىسسىئونېر)، شىبونەي (گېرمانىيىلىك پوپ) ۋە بەزى يۇقىرى قاتلام كىشىلەرنى تەشەببۇسچى قىلىپ، خەير - ئېھسان ئۇيۇشمىسىنى تەشكىل قىلدى. بىر نەچچە كۈن قاتراپ يۈرۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ماقۇللۇقىنى ۋە ئۈرۈمچى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى، ئاخۇن، پوپ ۋە مىسسىئونېرلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 1933 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، خەير - ئېھسان ئۇيۇشمىسىنى تەسىس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دەرھال جەسەتلەرنى كۆمۈش، داشقازان ئورنىتىپ مۇساپىرلارغا تاماق بېرىش، داۋالاش پونكىتى تەسىس قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا كىرىشىپ كەتتى. 19-

---

① ۋۇ ئەيچېن: «شىنجاڭ ھەققىدە خاتىرىلەر، 36 - بەت.

كۈنى، ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىدە مەجلىس ئېچىپ، شىنجاڭ خەير -
ئېھسان جەمئىيىتىنى رەسمىي قۇرۇپ چىقتى.

ئاتالمىش «خەير - ساخاۋەت» ئىشلىرى ئارقىلىق، گومىنداڭنىڭ
ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۆزىگە مايىل قىلدى،
بەزى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، سودىگەرلەر، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر،
ئاستا - ئاستا ئۇلار بىلەن يېقىنلاشتى. شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي
كاتتىباشلىرى كۆرۈنۈشتە ئۇلارنى ماختىسىمۇ، لېكىن ئۆز كۆڭلىدە بۇ
گومىنداڭ ئەبابلىرىنىڭ خەلق رايىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىغا پايدىسىز بولۇشىدىن بەكمۇ قورقۇشاتتى.

گۇڭ بىچېڭ، بەي يۈيشيۈلار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئاساسەن،
چېن لىفۇنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە مايىل قىلىش، ياشلارنى قولغا كەلتۈ-
رۈش توغرىسىدىكى يوليورۇقى بويىچە ھەرىكەت قىلدى. ئۇلارنىڭ خىزمە-
تىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بىرىنچىدىن، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتتى-
باشلىرىدىن مياۋپېيرەن، خەن جېڭشىن، جۇخەيدۇڭ قاتارلىقلار ئارقىلىق
بېيجىڭ - تيەنجىنلىك سەككىز چوڭ سودىگەرنى ۋە سودا - سانائەتچىلەرنى
ئۆزىگە مايىل قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى ئارقىلىق
ھاكىمىيەت ساھەسىدىكى ليۇۋېنلۇڭ، تۇۋېنپېي، چېن جىشيەن، تاۋ مىڭ-
يۈ قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىش؛ ئۈچىنچىدىن، مىللىي دىنىي
يۇقىرى قاتلام كىشىلەرنى ۋە چوڭ بايلاردىن ھۇسەيىن، تۇرسۇن بابا
قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىش؛ تۆتىنچىدىن، مەكتەپلەر ئارقىلىق
ئوقۇغۇچىلار ۋە ياش زىيالىيلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى؛ بۇنىڭدىن باشقا
يەنە بەزى تەشۋىقات ئىشلىرىنىمۇ ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى
جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭدا گومىنداڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنى قۇرۇشتى-
كى مۇددىئاسىغا خىلاپ ئىدى، شۇڭا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددى-
يەت كۈنسايىن كەسكىنلەشتى.

جىن شۇرېن ھەرقايسى مەمۇرىي ۋىلايەت ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرگە
گۇڭ بىچېڭ، بەي يۈيشيۇ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى ئۈستىدىن
نازارەت قىلىپ، قاتتىق ئېھتىيات قىلىش توغرۇلۇق مەخپىي بۇيرۇق

چۈشۈردى. گۇاڭ بىچىڭ، بەي يۈيشيۈ قاتارلىقلار بىر تەرەپتىن، شىنجاڭنىڭ ئەنجىمىدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ فېڭجيۇ بىلەن مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ رۇيىنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالدى، يەنە بىر تەرەپتىن، گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ئورگىنى ئارقىلىق جىن شۇرېنغا بېسىم ئىشلىتىپ، جىن شۇرېننى شىنجاڭنىڭ ئەنجىمىدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ئارقىلىق ئەنجىڭ بىلەن نورمال ئالاقە باغلىيالمايدىغان قىلىپ قويدى. شۇڭا، جىن شۇرېن گۇاڭ بىچىڭ، بەي يۈيشيۈلارغا يول قويۇشقا ھەمدە ئۇلارنىڭ پىرقە ئىشلىرى ۋە ئاتالمىش «خەير - ساخاۋەت» ئىشلىرىنى ماختاشقا مەجبۇر بولدى، ھەتتا گۇاڭ بىچىڭغا «شىنجاڭ باندىتلارنى تازىلاش قوماندانلىق شتابى» نىڭ سىياسىي بۆلۈم مۇدىرلىقىنى بېرىپ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماقچى، يەنى: بىر تەرەپتىن، گۇاڭ بىچىڭ قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتمەكچى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، «مەركىزىي پىرقە بۆلۈمى» دېگەن بۇ ۋۇسكىغا تايىنىپ، جىن شۇرېنغا قارشى گۇرۇھنى قورقۇتماقچى بولدى. گۇاڭ بىچىڭ جىن شۇرېننىڭ بۇ غەرىزىنى بايقىۋېلىپ، ئۇنىڭ «ئىلتىپاتى» نى يۈزمۇ يۈز رەت قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ قۇدىسى جۇرۇيچىنى ئىشقا سېلىپ، گۇاڭ بىچىڭغا خىزمەت ئىشلەتكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جىن شۇرېن بىلەن ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۆرۈنۈشتە بىر ئاز پەسەيگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كۈنسايىن چوڭقۇرلاشتى.

جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ خىراجىتىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بېرەتتى. گومىنداڭ مەركىزىي ئورگىنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە بىنائەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ خىراجىتى 6000 يۈەن بولۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇنى كۈمۈش ھېسابىدىكى قەغەز پۇلغا سۇندۇرۇپ 30 مىڭ سەر پۇل بېرەتتى. 1933 - يىلى، شىنجاڭدا مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن، خىراجەت تۈمەن يۈەنگە كۆپىيىپ كەتتى، يەتمىگەن قىسمى تولۇقلاپ بېرىلدى. شۇ چاغدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەزالىرى 868 نەپەر بولۇپ، ئاساسەن

ئۈرۈمچى، چۆچەك، قۇمۇل، ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، قاراشەھەر، يەكەن، كۇچا، خوتەن، كىرىيە، چەرچەن، گۇچۇڭ، يېڭىسار قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئۇنىڭ ئىچىدە زىيالىيلار ئەڭ كۆپ بولۇپ، 299 نەپەر ئىدى؛ ئۇنىڭدىن قالسا، ھۈنەر - سانائەت ساھەسىدىكىلەر، ھەربىي ساھەسىدىكىلەر ۋە دېھقانچىلىق ساھەسىدىكىلەر بولۇپ، جەمئىي 465 نەپەر ئىدى①؛ سودا ساھەسىدىكىلەر ئازراق بولۇپ، 99 نەپەر ئىدى؛ ئاياللار ئىچىدىكى كومىنىستلار ئەزالىرى ئاران بەش نەپەر ئىدى.

---

① شۇ چاغدا، كومىنىستلارنىڭ سانائەت ساھەسىدىكى ئەزالىرى 147 نەپەر، ھەربىي ساھەدىكى ئەزالىرى 154 نەپەر، دېھقانچىلىق ساھەسىدىكى ئەزالىرى 137 نەپەر ئىدى.

# تۆتىنچى باب

# ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ چوڭقۇرلىششى، جىن شۇرېننىڭ يېتىم ھالەتتە قېلىپ تەختتىن چۈشۈشى

## 1 - بۆلۈم ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىششى، قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى كۆرىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ ئاينىپ كېتىشى

ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردىلا ئۆتكۈر ئىجتىمائىي زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى. جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، بۇ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر قىلچە ھەل بولغىنى يوق، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، سىياسىي جەھەتتىكى چىرىكلىك، ھەربىي قوشۇننىڭ كېڭەيتىلىشى، باج - سېلىقلارنىڭ كۆپىيىشى، قەغەز پۇلنىڭ كۆپلەپ تارقىتىلىشى ۋە كۆرپە تېرە سودىسىنىڭ مونوپول قىلىنىشى قاتارلىق مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن، ئەسلى كۈنسايىن ئېغىرلاشقان ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ، ئاخىر قۇمۇل ۋەقەسىنى

كەلتۈرۈپ چىقاردى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئېغىرمۇ چىرىكلەشتى. نەپسانىيەتچىلىك ئۈچۈن گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆز يېقىنلىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى، زورلۇق - زومبۇلۇق، خىيانەتچىلىك ئەۋج ئالدى. ئۇ ئۆزى خەلقنىڭ يىلىكىنى شوراپ يىغىۋالغان نەچچە مىليون يۈەن پۇلنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تيەنجىندىكى توڭشىڭخۇي، دېشىڭخې ناملىق سودا سارايلىرىغا ئامانەت قويدى ھەتتا نەچچە مىليون يۈەن كۈمۈش پۇلنى ئۇيۇل قىلىپ قويدۇرۇپ گېرمانىيىنىڭ مەركىزى بېرلىنغا ئامانەت قويدى. ئۇ ھەربىي قوشۇننى رەتكە سېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەسلىدىكى ئۈچ دىۋىزىيىلىك قوشۇننى سەككىز دىۋىزىيە قىلىپ كېڭەيتتى، ئۇ قورال كۈچى بىلەن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ، نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي كرىزىسنى ھەل قىلىش خام خىيالىدا بولدى. ھەربىي قوشۇننىڭ زور كۆلەمدە كېڭەيتىلىشى بىلەن، ھەربىي خىراجەت مۇقەررەر يوسۇندا كۆپەيدى. كۆپەيگەن ھەربىي خىراجەتنى مۇقەررەر يوسۇندا باج - سېلىقنى كۆپەيتىش ئارقىلىق قامداشقا توغرا كەلدى. نەتىجىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى سېلىق ئېغىرمۇ ئېغىرلاشتى، بۇنىڭغا قارىتا نارازىلىق ۋە قارشىلىق كەيپىياتىنىڭ كۈنسايىن ئۆرلىشى تەبىئىي ئىدى، ئەلۋەتتە. جىن شۇرېن باج - سېلىقنى ئۆزلۈكسىز ئاشۇرغان، قەغەز پۇلنى بولۇشىچە بېسىپ تارقاتقان بولسىمۇ، مالىيە جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى پەسەيتەلمىدى، ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىدىن قېپقالغان مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى ۋە پۇل پاخاللىقى توختىمايلا قالماستىن، ئەكسىچە يېڭى ئۆرلەش كېلىپ چىقتى. بەزى مەككار سوداگەرلەر ۋە خىيانەتچى ئەمەلدارلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىمدارلىق قىلىپ، مال باھاسىنى ئۆرلىتىۋەتتى، نەتىجىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى چوڭقۇر ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى. جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى بۇنىڭغا قارىتا تەدبىر قوللىنىپ مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى ۋە قەغەز پۇلنىڭ پاخاللىشىشىنى توسىمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئېغىر ئەشەددىيلىك بىلەن خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، بۇقرا،

١

سودىگەرلەرنى ئىككى سەرلىك قەغەز پۇلغا بىر سەر كۈمۈش پۇل تېگىشىپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان «پاراكەندىچىلىك ۋە زىيان ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز» ، ئەمما بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلەنسىمۇ، ئېغىزدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايتتى. ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، ھەدەپ خىيانەت بىلەن ئۆزىنى بېيىتىشقا كىرىشىپ كەتتى. دېھقانلار بوز يەر ئۆزلەشتۈرسە، بەلگىلىمە بويىچە تاپشۇرىدىغان غەللە - پاراقنىڭ ھەممىسىنى ئامباللار ئۆزى ئېلىۋالاتتى؛ بەزى ئامباللار ئۆزىنىڭ «پاك» لىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا، ئازغىنە بىر قىسمىنى يۇقىرىغا تاپشۇراتتى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن ئېلىنىدىغان چۆپ بېجىنى، ھەرقايسى ناھىيىلەر نىسبەت بويىچە ئۆلكە خەزىنىسىگە تاپشۇرغاندىن باشقا، قالغان قىسمىنىڭ ھەممىسىنى ئامباللار ئۆزى ئېلىۋالاتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدا، بازار بېجى (يايمىچىلاردىن ئېلىنىدىغان يەر بېجى) نىمۇ ئامباللار ئۆزىنىڭ تەتەي - خىنىملىرىنىڭ پەرداز خىراجىتى قىلىش ئۈچۈن ئۆزى ئېلىۋالاتتى.

جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ھەرقايسى ناھىيىلەر باج ئېلىشتا ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى يولغا قويغانىدى. مەسىلەن، ئاشلىق سودا بېجى، مال توشۇش ۋە ئىستېمال بېجى، ئۇلاغ - چارۋا ئالدى - ساتتى بېجى قاتارلىق باجلارنىڭ ھەممىسىنى باي سودىگەرلەر ھۆددىگە ئېلىپ يىغاتتى، يىغىۋالغان باج پۇلىنى ئامبال ۋە يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى پايدا تەقسىم قىلىش چارىسى بويىچە بۆلۈشۈپ خىيانەت قىلىشاتتى.

شۇ چاغدا، ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولغان يەنە بىر ئىش - جىن شۇرېننىڭ كۆرپە تېرە تىجارىتىنى مونوپول قىلىۋالغان بىر شىركەتنى قۇرغانلىقى ئىدى.

كۆرپە تېرە شۇچاغدىكى شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ، بازىرى ناھايىتى كەڭ ئىدى، تيەنجىنگە توشۇلغاندىن باشقا، يەنە خېلى زور مىقداردا ئېكسپورت قىلىناتتى. شۇڭا، بىر دانە كۆرپىنىڭ باھاسى ئىچكىرىنىڭ ئۈچ يۈەن كۈمۈش پۇلىغا توغرا كېلەتتى. جىن شۇرېن بۇنىڭدىن نەپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدا

كۆلىمى ناھايىتى زور بولغان كۆرپە تېرە شىركىتى قۇرۇپ، كۆرپە تېرە تىجارىتىنى ئۆز ئالدىغا مونوپول قىلىۋېلىپ، سودىگەرلەرنىڭ ھەققانىي سودىسىنى چەكلىدى، دانىسى ئۈچ يۈەنلىك كۆرپىنى ھۆكۈمەت باھاسى دەپ، مەجبۇرىي ھالدا ئىككى - ئۈچ يۈەندىن بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، تيەنجىنگە ماڭدۇراتتى ياكى ئېكسپورت قىلاتتى، قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈش بىلەنلا ئۇن ھەسسىدىن ئارتۇق پايدا ئۈندۈرۈۋالاتتى. تولۇقسىز ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1930 - يىلىدىن 1933 - يىلىغىچە ھەر يىلى تيەنجىنگە كۇچانىڭ قارا كۆرپىسى، گۇچۇڭنىڭ ئالا كۆرپىسى، قازاق قويىنىڭ قىزغۇچ كۆرپىسى، جۇۋا كۆرپىسى، ئاق كۆرپە قاتارلىق كۆرپىلەر بولۇپ جەمئىي 395 مىڭ دانە كۆرپە ماڭدۇرغان، باھاسى جەمئىي 1 مىليون 320 مىڭ يۈەن كۈمۈش پۇل بولغان.

جىن شۇرېن قۇرغان ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى كۆرپە تېرە شىركىتى، پۈتۈنلەي سودىگەرلەرنى قاقشىتىپ خەلققە زىيان سېلىشتىن باشقا ئىش قىلغىنى يوق. ئەينى چاغدا كۆرپە تېرە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلار ئىدى، شۇڭا كۆرپە تېرە سودىسىنىڭ مونوپول قىلىنىشى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى قاتارلىق مىللىي سودىگەرلەرنىڭ مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە دەخلى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى غايەت زور زىيانغا ئۇچراتتى. ھۆكۈمەت باھاسى ئىنتايىن تۆۋەن بولغانلىقتىن، سودىگەرلەر كۆرپىنى سېتىپ بېرىشنى رەت قىلسا، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى باھانى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈپ سېتىۋالماستىن، بەلكى سېتىۋېلىش خادىملىرىنى كۈشكۈرتۈپ زورلۇق بىلەن بۇلىۋالغان، نەتىجىدە خەلقنىڭ غەزىپى قايناپ تېشىپ، ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشكەن.

جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلمىشلىرى ئۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلەپ ئىنقىلاب بورانلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تېزلىتىشى مۇقەررەر ئىدى. قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرشى ئەنە شۇنداق كەسكىن ئىجتىمائىي

زىددىيەت ئىچىدە پارتلىغانىدى. «ئۇچقۇن ئاۋۋال قومۇلدىن كۆتۈرۈلدى، قوراللىق ئاپەت پۈتۈن شىنجاڭنى دېگۈدەك قاپلىدى». شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەمىن تاپمىدى.

قومۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى شانلىق ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ئىگە ئىدى. 1907 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 33 - يىلى) ۋە 1912 - يىلى (مىنگونىڭ تۇنجى يىلى)، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قومۇل ۋاڭىنىڭ فېئوداللىق زۇلۇمى ۋە فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى كۆرەش پارتلىدى. جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، قومۇل دېھقانلىرىنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك ئېغىرلاشتى. ئۇلار بۇ زۇلۇمنىڭ دەستىدىن ھېچ چىداپ تۇرالماي، ئاخىر 1931 - يىلى (مىنگونىڭ 20 - يىلى) جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

قومۇل ۋاڭلىقى مىراسلىق تۈزۈمدە بولۇپ، ئۇنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى پۈتۈن ناھىيىدىكى يەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلاتتى. ئالۋان - ياساقلار ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، دېھقانلار «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان①». 1930 - يىلى 3 - ئايدا، قومۇل ۋاڭى شا مەخسۇت ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى نەزەر ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلدى. «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» ساداسى قايتا كۆتۈرۈلۈپ، دېھقانلار ۋاڭلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدى. قومۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمنىڭ شىجاڭى (دىۋىزىيە كوماندىرى) لىيۇ شىزېڭ يۇقىرىغا مەكتۇپ يوللاپ، مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش، ۋاڭ - گۇڭ ئۇنۋانىنى ئېلىپ تاشلاش ھەققىدە تەكلىپ بەردى؛ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى بىلىدىغان دېڭ چېڭجاۋ (قومۇللۇق كىشى، ئۆلكىلىك خەلق ئىشلار نازارىتى ئىچكى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى) مۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يۇقىرىغا مەكتۇپ يوللاپ، «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش، سۇيۇرغاللىق يەرنى قايتۇرۇۋېلىش» ھەققىدە تەكلىپ بەردى. ئۇ مۇشۇنداق قىلىنسا «ھەم باج كىرىمىنى ئاشۇرغىلى، ھەم ئۇيغۇر ۋاڭىنىڭ كۈچىنى يوقاتقىلى

① زېڭ ۋېنۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي رايوننى باشقۇرۇش تارىخى»، 542 - بەت.

بولىدۇ[1]» دەپ قارىغان. ئەزەر ۋاڭلىق تەختىدىن ۋاز كېچىشكە تەن بەرمەي، نۇرغۇن ئالتۇن بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىدىن مەدەت تىلىگەن. جىن شۇرېن كۆرۈنۈشتە ۋاڭلىق ئۇنۋانىنى ساقلاپ قېلىشقا ماقۇل بولغاندەك قىلىسىمۇ، ئاستىرتىن ليۇ شىزېڭ، دېڭ چېڭجاۋ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان. جىن شۇرېن لۇڭ رۇيچېڭ، چېن دائەن، دېڭ چېڭجاۋ قاتارلىق كىشىلەرنى مۇشۇ ئىشنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قۇمۇلغا ئەۋەتكەندە، ليۇ شىزېڭ بەزى ئادەملەرنى ئاستىرتىن قۇتراتىپ، يۇقىرىغا داۋاملىق تەلەپنامە يوللاتقۇزغان. جىن شۇرېن ئاخىرى ۋاڭلىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويىدى ۋە قۇمۇلنى قۇمۇل، بارىكۆل (宜禾)، ئارا تۈرك ئۈچ ناھىيە قىلىپ ئايرىشنى قارار قىلدى ھەمدە ئەزەرنى ئۈرۈمچىدە قالدۇرۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ «يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى» قىلىپ تەيىنلىدى.

جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ قۇمۇلنى مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىپ، ۋاڭلىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى كۆرۈنۈشتە دېھقانلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرغاندەك، گويا يانچىلىق تۈزۈمنىڭ فېئوداللىق كىشەنىنى پاچاقلاپ تاشلىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ ئېزىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش ئورنى قىلچە ئۆزگەرگىنى يوق، ئوخشاشمايدىغىنى شۇكى، دەھشەتلىك ھاشار تۈزۈمى ئورنىغا ئېغىر باج - سېلىق تۈزۈمى دەسسىتىلدى، خالاس.

1931 - يىلى يانۋاردا، قۇمۇل، بارىكۆل (宜禾)، ئاراتۈرك ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەسىس قىلىنىدى[2]، بۇ قۇمۇلدىكى فېئودالىق ۋاڭلىق تۈزۈمنىڭ رەسمىي ئاياغلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. لېكىن، ناھىيە تۈزۈمىنىڭ ۋاڭلىق تۈزۈم ئورنىغا دەسسىتىلىشى پەقەت ھاكىمىيەت شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇ قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىغا ئوخشاشلا، ئەمگەكچى خەلقنى ئېزىدىغان ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان قورال ئىدى. جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ قۇمۇل دېھقانلىرى ئۈستىدىكى زۇلۇمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئازايدى ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۆپەيدى.

---

① لۇ شىاڭ: «قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى قوزغىلىڭى - شىنجاڭنىڭ مالىمان بولۇشىنىڭ سەۋەبكارى»، «جەزىرىدىكى دولقۇن»، 1 - توپلام، 9 - سان، 2 - بەت.

② قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورنى قۇمۇل شەھىرىدە، بارىكۆل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورنى توخۇلۇدا، ئاراتۈرك ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورنى توفۇچىدا بولدى.

مەسىلەن:

بىرىنچى، باجنى ئۆز مەيلىچە ئاشۇرۇپ، باج مەنبەسىنى خالىغانچە كېڭەيتتى. لۆك رۇبېجىنىڭ قاتارلىق ئامباللار ئامباللىققا ئولتۇرۇش بىلەنلا، ئۇلارنىڭ خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىشى قۇمۇل ۋاڭدىن ئېشىپ چۈشتى. چىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يەرلىرىنى ئۆلچەپ ئېنىقلاش ئۈچۈن يولۋاس بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرىنى قۇمۇلغا ئەۋەتتى ھەمدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە غەللە - پاراق ئېلىش چارىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ چارىدە ئەسلى ئۇيغۇر دېھقانلار تېرىپ كەلگەن يەرلەرنى ئۇلارنىڭ يەر خېتى ئېلىپ داۋاملىق تېرىشىغا رۇخسەت قىلىش، شۇ يىلقى پاراقنى تاپشۇرغاندىن سىرت، دېھقانلارنى 1930 - يىللىق پاراقنى تولۇقلاپ تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلاش؛ ئۇيغۇر دېھقانلار داۋاملىق تې-رىشنى خالىمىغان يەرلەرنى بوز يەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىپ، خەنزۇ دېھقانلارنىڭ يەر خېتى ئېلىپ ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىشىغا رۇخسەت قىلىش، پاراقنى ئىككى يىل كەچۈرۈم قىلىش بەلگىلەنگەن. بۇ يولسىز بەلگىلىمە قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. ئۇلار «مۇئا-مىلە ئادىل بولمىدى» دەپ قاراپ، چىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە بولغان ئۈمىدىنى غەزەپكە ئايلاندۇرۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئارقا - ئارقىدىن تېلېگرامما يوللاپ ۋە تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن ھەرىكەت قوللىنىپ، بۇ نائادىل مۇئامىلىگە قارشى تۇردى. دېھقانلارنىڭ پاراقنى كېچىكتۈرۈش توغرىسىدىكى تەلىپىگىمۇ چىن شۇرېن ھۆكۈمىتى قۇلاق سالمىدى، بۇ ھال ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى تېخىمۇ قوزغىدى.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر دېھقانلار تېرىپ كەلگەن ئۆلكە يەرلىرىنى بوز يەر سۈپىتىدە گەنسۇلۇق مۇساپىرلارنىڭ تېرىشىغا ئايرىپ بەردى. شۇ چاغلار-دا، گەنسۇدا ئۇدا بىرنەچچە يىل ئاچارچىلىق ۋە ئۇرۇش ئاپىتى يۈز بەرگەن-لىكتىن، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقلەر ھايات يولى ئىزدەپ، ئارقىمۇ - ئارقا شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاچارچىلىقتىن قۇمۇلغا قې-چىپ كەلگەن مۇساپىرلار 80 ـ 90 چە كىشى بولۇپ، چىن شۇرېن ئۆز

يۇرتداشلىرىغا غەمخورلۇق قىلىش ئۈچۈن، باركۆل ( 宜禾 ) ئامبىلى لۇڭ رۇيچىڭغا تاشۇۋېلىق، توخۇلۇ ئەتراپلىرىدىكى ئۆلكە يەرلەرنى ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، بوز يەر سۈپىتىدە گەنسۇلۇق مۇساپىر-لارنىڭ تېرىشىغا ئايرىپ بېرىشنى ۋە ئىككى يىلغىچە پاراق ئالماسلىقنى بۇيرۇغان؛ ئورۇق، تېرىلغۇ سايمانلىرى، قوش كالا قاتارلىقلارنىمۇ ئۇي-غۇر دېھقانلارغا مەجبۇرىي سېلىق قىلىپ چاچقان. ئۇيغۇر دېھقانلار مەجبۇ-رىيەت ئاستىدا تېرىلغۇ يەرلەرنى تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يەنە ئۇلارغا «باشقىدىن بوز يەر ئېچىپ، ئاۋۋالقىدەكلا باج - پاراق تاپشۇرۇش» نى بۇيرۇغان①. مۇشۇنداق زورلۇقلار تۈپەيلىدىن يەر-لىك ئۇيغۇر دېھقانلار يەرلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغان، خەلق قاتتىق غەزەپكە كەلگەن، ئۇلار يامۇلغا نەچچە قېتىم بېرىپ ئەرز ئېيتقاندا يەرلىك ھاكىمدا-يەت ئۇلارنى قورال كۈچى بىلەن ھەيدەپ تارقىتىۋەتكەن، ھەتتا پاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈرگەن②.

ئۈچىنچى، تۈرۈشلۇق ھەربىي قىسىم ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى خەلق-تىن زورلۇق بىلەن ئالدى. قۇمۇلدا تۈرۈشلۇق ھەربىي قىسىمنىڭ ئىنتىد-زامى ناھايىتى ناچار بولۇپ، خەلقنى بۇلاش، نەرسە - كېرەكلەرنى زورلۇق بىلەن سېتىۋېلىش ۋە ئاياللارغا چېقىلىش ئىشلىرى دائىم يۈز بېرىپ، يەرلىك خەلق ئۈچۈن چوڭ بىر بالايىئاپەت بولغانىدى. ليۇ شىزېڭنىڭ ئۆزى تېخىمۇ ياۋۇز، ئاچ كۆز ئىدى، ئۇ ھەمىشە قول ئاستىدىكىلەرنى بۇيرۇپ، ئۇيغۇر دېھقانلاردىن ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى زورلۇق بىلەن يىغ-دۇراتتى، باج - سېلىقنى ئاشۇراتتى، ھەربىي ئات ئالۋان قوياتتى، كىمكى سەللا نارازىلىق بىلدۈرسە، قامچىلايتتى ياكى ئۆلتۈرەتتى، قانۇنسىزلىق، يولسىزلىقتا چېكىدىن ئاشقانىدى. بۇنداق قانۇنسىز قىلمىشلار تۈپەيلىدىن ھەربىي قىسىم بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت چوڭقۇرلىشىپ،

① زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي رايوننى باشقۇرۇش تارىخى»، 542 -، 543 بەتلەر.

② «جۇڭخۇانىڭ رىباۋى» گېزىتىنىڭ 1933 - يىلى (مىنگونىڭ 22 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى خەۋىرى: «شىنجاڭدىكى پاراكەندىچىلىكنىڭ سەۋەبى» دىن ئېلىندى.

ھەربىيلەر بىلەن يۇقىرالارنىڭ مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىپ كەتتى، ئىلگىرى
قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ فېئوداللىق زۇلۇمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە
بولۇشىچە ئۇچرىغان ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ ئۇستىگە «يەنە بىر قەۋەت زۇلۇم
قوشۇلدى».

قۇمۇل خەلقىدە، ھاللىقراق دېھقان ئائىلىلىرى ھەر يىلى ئىككى نۆۋەت ئۇن تارتىپ كېلەر يىلنىڭ ئەتىياز پەسلىگىچە يەيدىغان ئادەت بار ئىدى. شۇ يىلى، تۆلەي بۇلاقلىق سالى دېگەن كىشى تۈگمەنگە ئادەم ئەۋەتىپ 24 دەن بۇغداينى ئۇن تارتقۇزغان، ئۇننى ئېلىپ قايتىۋاتقاندا، ليۇ شىزىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرى: سەنلەر بۇ ئۇننى خۇسۇسىي تۇشۇپ تاشقى موڭغۇلغا ئاپىرىپ ساتماقچى، دېگەن باھانە بىلەن مۇسادىرە قىلغان، ئۇن تارتىپ ماڭغان 32 دانە تۆگىنىمۇ مۇسادىرە قىلغان، يەنە 3000 سەر ئۆلكە پۇلى، 20 دەن ئاشلىق، 40 مىڭ جىڭ ئوت - چۆپ، 44 مىڭ جىڭ ئوتۇن جەرىمانە قويغان. سالى بۇ جەرىمانىنى دەرمەھەل تۆلەپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۇنى ئىككى ئاي قاماپ قويغان، ئاخىرىدا يولۋاس قاتارلىق كىشىلەرنىڭ كېپىللىكى بىلەن ئامبال سالىنى قويۇپ بەرگەن. سالى بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكتىن، يامۇلدىن چىقىش ۋاقتىدا: «شىجاڭ بىلەن ئامبالنىڭ قېنىنى ئىچمىسەم، مەن ئادەم بولماي كېتەي» دەپ قەسەم ئىچكەن. شۇڭا، قۇمۇل دېھقانلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە سالى بىرىنچى بولۇپ ئاۋاز قوشقان.

تۆتىنچى، مىللىي زۇلۇم يۈرگۈزۈپ، مىللىي زىددىيەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى. جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى مىللىي زۇلۇم يۈرگۈزگەنلىكى ۋە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمنىڭ «زورلۇق - زومبۇلۇق ۋە قانۇنسىزلىقى» تۈپەيلىدىن، قۇمۇل خەلقى بىلەن «ھۆكۈمەت مەھكىمىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ئىنتايىن چوڭقۇرلاشقان» ئىدى. ئىلگىرى قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا تۇرغان رېھىم دېگەن كىشى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكتىن، جىن شۇرېن ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمغا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. يەرلىك خەلق بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، كۆپچىلىك قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، تۇ-

رۇشلۇق ھەربىي قىسىم رەھبىرىنى ئۆلتۈرەلمەي، لۈكچۈنگە قوغلىنىۋېتىپ ئىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان. چارۋىچى نارىن دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ 40 تۇياق قويىنى بارىكۆلگە ئاپىرىپ ساتماقچى بولغاندا، يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا باج ئوغرىلىدىڭ دەپ تۆھمەت قىلىپ 500 سەر پۇل جەرىمانە قويغان. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ئاممىا غەزەپلىنىپ، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئاغدۇرمىغۇچە يولىمىزدىن قايتمايمىز! دەپ خۇدا نامىغا قەسەمياد قىلىشقان.

يۇقىرىقى پاكىتلار جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ قۇمۇلدىكى زالىم ھۆكۈمرانلىقى قۇمۇل دېھقانلىرى بىلەن جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 1931 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە ئېتىبار قىلماستىن، يۇقرانىڭ قىزىنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋالغانلىقى «شوپۇل ۋەقەسى» نىڭ كېلىپ چىقىشىغا بىۋاسىتە سەۋەب بولدى. «شوپۇل ۋەقەسى» ئاخىر بېرىپ يالقۇنغا ئايلىنىپ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

شوپۇل قۇمۇلنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تاشۋىلىق يېزىسىنىڭ بىر كىچىك مەھەللىسى ئىدى. بۇ مەھەللىدە بىرنەچچە ئۆيلۈك خەنزۇ دېھقان ۋە بىر ئۆيلۈك خەنزۇ مىلىچمالچى بولغاندىن باشقا، كۆپ ساندىكى ئاھالە ئۇيغۇر ئىدى. شوپۇلدا بىر پەي قاراۋۇلچى ئەسكەر تۇرۇشلۇق بولۇپ، پەيجاڭنىڭ ئىسمى جاڭ گوخۇ ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جىن شۇرېن بىلەن بولغان يۇرتداشلىقىغا تايىنىپ، يېزا خەلقىنى تالان - تاراج قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغانىدى. ئۇ «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئوردىنىڭ سۆيۈرغاللىق يېرىنى كىشىلەرگە خالىغانچە سۆڭلاپ بەرگەندىن سىرت، ئۆزى شوپۇلدىكى مۇنبەت يەردىن يۈز مودىن ئارتۇق يەرنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان. ئۇنىڭ بۇنداق ئۇستىلىق بىلەن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشتەك رەزىل قىلمىشلىرىدىن يەرلىك خەلق ئاللىقاچان بىزار بولغانىدى. جاڭ گوخۇ ئەسلىدىلا شەھۋەتپەرەس شاللاق بىر نېمە بولۇپ، ھەمىشە «مەشرەپ» سورۇنلىرىدىن

پايدىلىنىپ، ئاياللارغا چېقىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇق كۈچىگە تايىنىپ، مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، يەرلىك يۇقىرا ئابلىمىتنىڭ قىزىنى زورلۇق بىلەن نىكاھىغا ئالماقچى بولدۇ. ئابلىمىت ئۆز قىزىنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوشنىلىرى بىلەن مەخپىي مەسلىھەتلىشىپ، شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قوزغىلىشنى كېلىشىدۇ. جاڭ گوخۇ توي قىلىشقا ئالدىراپ، 2 - ئايدا ئادەم ئەۋەتىپ سۆيلەيدۇ. ئابلىمىت بىر تەرەپتىن يالغاندىن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، بىر تەرەپتىن قوشنىلىرى قاسىم، ناسىر، ئىمىن قاتارلىق نەچچە ئون كىشى بىلەن بىرلىشىپ، توي كۈنى قوزغىلىشقا تەييارلىق قىلىدۇ. 1931 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئابلىمىت، قاسىملار چاندۇرماستىن توي زىياپىتى تەييارلاپ مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدۇ. توي قىلىشقا كەلگەن جاڭ گوخۇنى بولۇشىچە ئىچكۈزۈپ مەست قىلىپ قويىدۇ. جاڭ گوخۇ قىز ھۇجرىسىغا كىرگەندە، ئايالچە ياسىنىۋالغان ئىمىن مۇدۇر توقماق بىلەن ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن 32 نەپەر ئەسكىرىنىمۇ يېزا خەلقى قورالسىزلاندۇرۇپ پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ. شوپۇل دېھقانلىرى چېرىكلەردىن تارتىۋالغان قورال بىلەن قوراللىنىپ، شۇ كېچىسى تاشۋىلىق بازىرىغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ، ھۇجۇم قىلىپ كېلىدىغان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە زەربە بېرىشكە تەييارلىنىدۇ.

«شوپۇل ۋەقەسى» قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىچ - ئىچىگە تولۇپ كەتكەن غەزىپى خۇددى ۋولقان تېغى پارتلىغاندەك پارتلاپ چىقتى. شوپۇل ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، «ھەرقايسى جايلار ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسمنى تەرەپ - تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلدى①»، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى قوراللاندۇردى. شۇ چاغدا، ئەڭ جانلانغان تۆت قىسىم كۈچ بار ئىدى: بىرى، سالى مەتنىياز باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن، بۇ قوشۇن ئازغۇنبۇلاق، توخۇلۇ، قارامۇخچى قاتار-

① لۇشياڭ: «قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى قوزغىلىڭى - شىنجاڭنىڭ سالسان بولۇشىنىڭ سەۋەبكارى»، «جەزىرىدىكى دولقۇن»، 1 - توپلام، 9 - سان، 2 - بەت.

لىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، شۇ جايلاردىكى تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمنى يوقاتتى، باج تەكشۈرۈش ئىدارىسىنى ئىشغال قىلدى؛ ئىككىنچىسى، ئابدۇنىياز مىراب باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن، بۇ قوشۇن ئارا-تۈرك، تۆركۆلدىكى باج تەكشۈرۈش ئىدارىلىرىنى ئىشغال قىلىپ، شۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمنى يوقاتتى؛ قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ باي دېگەن جايدا تۇرۇشلۇق 77 نەپەر ئەسكىرى ئەترەت باشلىقى ئابدۇلنىڭ باشچىلىقىدا، قوراللىرى بىلەن قوزغىلاڭچىلارغا ئەل بولدى؛ ئۈچىنچىسى، نوم ئەتراپىدىكى سالى دورغا، پازىل دورغا، سادىق قورمال، ناسىر مۆتىسىپ قاتارلىق كىشىلەر قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشۇپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننى كېڭەيتتى؛ تۆتىنچىسى، قارا چەگزى، قوراي تېغى، ساسىق (بەنفاڭگو) قاتارلىق جايلاردىكى خەلقلەر ئاۋۇت مىتىپنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭچى قوشۇنغا قاتنىشىپ، قۇمۇلنىڭ ھەرقايسى ئۆتەڭلىرى (پوچتا بېكەتلىرى) نى چۆرىدىگەن ھالدا ئون نەچچە جاينى ساقلاپ ياتقان قاراۋۇلچى قىسىملارغا زەربە بەردى. ئىنتىقام ئېلىشقا ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان سالى بۇ قوزغىلاڭغا تېخىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن ئاۋاز قوشتى، ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۆلەيبۇلاقتا دېھقانلارنى قوزغاپ ۋە تەشكىللەپ، جەرىمانە پۇلىنى سۈيلەپ كەلگەن ئۈچ نەپەر ئوفىتسىر ۋە ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، شۇ جاينى ساقلاپ ياتقان ھەربىي قىسىمنى يوقاتتى.

«شوپۇل ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئىلگىرى تۆمۈر قوزغىلىڭىغا قاتناشقان خوجانىياز[①]مۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى ۋە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرغۇچى شەرقىي تاغدىكى قوراللىق كۈچنىڭ سەردارى بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا، ئىلگىرى قۇمۇل ۋاڭ ئوردى-

① خوجانىياز قۇمۇلنىڭ تاراتتى كەنتىدىن، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىسىنىياز. خوجانىياز 1912 ـ يىلدىلا تۆمۈر رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ قۇمۇلدىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. دەسلەپتە گۇچۇڭ، مورى قاتارلىق جايلاردا يۈرۈپ، كېيىن يەنە بورتالا ئەترابلىرىدا تىجارەت (بۇغا مۈڭگۈزى ئېلىپ سېتىش)، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە ئەل ـ ئاغىنىلىرىنىڭ ئارىغا چۈشۈپ پاراشتۇرۇشى بىلەن، قۇمۇل ۋاڭى ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگەن. قۇمۇل ۋاڭى ئۇنىڭ مەرگەنلىكىگە قايىل بولغاچقا، ئۇنىڭ ئوردىنىڭ موھاپىزەت ئەترىتى (300 كىشى) گە مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ تەيىنلىگەن (ئەترەت باشلىقى نىياز ئىسىملىك كىشى ئىدى).

-سىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى دورغىلىرى (قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئاسا-سىي قاتلام ھاكىمىيەت باشلىقلىرى) مۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلاڭ قىلدى. ئۇلار ئۆز جايلىرىدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قى-سىمنىڭ قوراللىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنى ئۆزى سەردار دەپ جاكار-لاپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى بىلەن قارشىلاشتى. ئۇلار خوجانىياز رەھ-بەرلىكىدىكى قوراللىق قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ، جىن شۇرېنغا قارشى خېلى زور كۆلەملىك بىر قوراللىق كۈچ بولۇپ ئۇيۇشتى. بۇلار گەرچە قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ فېئوداللىق مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلسىمۇ، لېكىن جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇش نۇقتىسىدىن قوزغىلاڭچى دېھقانلار بىلەن بىرلەشكەنىدى.

جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ قۇمۇل رايونىدا يۈرگۈزگەن قاتتىق قوللۇق سىياسىتى قۇمۇلدىكى ھەرقايسى تەبىقىنىڭ مەنپەئىتىگە تەگكەن-لىكتىن، «شوپۇل ۋەقەسى» تۇتاشتۇرغان ئوت يالقۇنى ناھايىتى تېزلىكتە پۈتكۈل قۇمۇل رايونىغا كېڭىيىپ، ئاخىر ھەيۋەتلىك قوراللىق كۈرەشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشى بىلەن، جىن شۇرېن ھاكى-مىيىتى ئالاقزادە بولۇپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى. لېۇ شىزېڭ ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە غەزەپلىنىپ، قوراللىق ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتىپ قوزغىلاڭچىلارنى يوقاتماقچى بولغانىدى. لېۇ شى-زېڭ دەسلەپتە قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ كۈچىنى يېتەرلىك مۆلچەرلىيەلمى-گەنلىكتىن، پەقەت بىر يىڭ (باتالىيون) ئەسكەر چىقىرىپ قۇمۇلنىڭ دالاندۆڭ دېگەن يېرىدىكى تاشۋېلىق دېگەن جايغا قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ، تۆت قېتىملىق جەڭنىڭ ھەممىسىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر تۇەن (پولك) ئەسكەر چىقىرىپ تۇخۇلۇ يېزىسىغا يۈرۈش قىلىدۇ. لېكىن، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئىككى تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن، پۈتۈن قىسىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھالاك بولۇپ، ھېچقانچە تىرىك قالمايدۇ. تۇەنجاڭ جۇلىجوڭ (سابىق ئالتاي ۋالىيسى جۇ ۋۇشۈننىڭ ئوغلى) قۇمۇل شەھىرىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ، شۇنىڭ

بىلەن ئۇرۇش قۇمۇل شەھىرىگە تۇتىشىدۇ.

ليۇ شىنزىڭ قوزغىلاڭچىلار يوقىتىش ئۇچۇن قىلغان ھەر قىتىملىق جەڭدە مەغلۇپ بولغان ئەھۋالدا، جىن شۇرېن ليۇ شىنزىڭغا ھەمكارلىشىپ «ئۇيغۇرلارنى بەزلەپ، ۋەقەنى تىنچلاندۇرۇش[1]» ئۇچۇن يولۋاسنى قۇمۇل مۇھاپىزەت دوپىنىنىڭ لۇيجاڭلىقىغا تەيىنلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، يولۋاس بولسا قوزغىلاڭچى دېھقانلارغا مەخپىي يوسۇندا قورال - ياراغ، ئوق - دورا ۋە ئات تاقىسى قاتارلىق ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ ۋە قوزغىلاڭچىلار «قۇمۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ ھەمكارلىشىش[2]» قا ماقۇل بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، جىن شۇرېن يەنە قۇمۇلنىڭ ئامبىلى جۇلىپ (گەنسۇلۇق) ، چولڭ ئاخۇن سەدەدىشا، دورغا يايىلارنى «تاغ ئىچىگە كىرىپ تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش» كە ئەۋەتىدۇ ھەمدە ئۇلاردىن قوزغىلاڭچىلار «ئەگەر قورال تاپشۇرۇپ سادادقەتمەنلىك بىلدۈرسە، ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەيمىز[3]» دەپ سۆز ئېيدتىپ بېرىدۇ. قوزغىلاڭچى دېھقانلار جىن شۇرېننىڭ بۇ تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، جىن شۇرېن بىر تەرەپتىن يولۋاسنى قوزغىلاڭچىلار بىلەن داۋاملىق سۆزلىشىشكە ئەۋەتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن «ئۇيغۇرلارنى بەزلەش» فاڭجېننىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئۇ ليۇ شىنزىڭنى قۇمۇلدىن قايتۇرۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى جۇرۇيچىنى شنجاڭ قىلىپ، شيۇڭ فايۇنىڭ بىر لۇي ئەسكىرىنى قوشۇپ قۇمۇلغا ئەۋەتىدۇ. بۇلار سۆلھ قىلىمىز دېگەن ساختا نام بىلەن ھەرقايسى جايلاردىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلارنىڭ رەھبەرلىرىنى ھەربىي قىسىم تۇرۇشلۇق جايغا ئالداپ ئەكىرىپ، «توپىلاڭچىلارنىڭ سەردارى» دېگەن جىنايى نام بىلەن ئۇلارنى «قورشاپ ئۆلتۈرىدۇ» ۋە يولۋاس قاتارلىق كىشىلەرنى قاتتىق نارازەت قىلىدۇ. يولۋاس جىن شۇرېننىڭ ئۆز لەۋزىدە تۇرمىغانلىقى

① «يولۋاسنىڭ ئەسلىمىسى» 80 - بەت.
② خېۋېر تۆمۈر: «خوجانىياز ھاجى توغرىسىدا قىسقىچە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 12 - قىسىم، 5 - بەت.
③ زىڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي رايوننى باشقۇرۇش تارىخى»، 544 - بەت.

ۋە جۇرۇيچى، ليۇ شىزىڭ، شۇڭ فايۇلارنىڭ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرغانلىقىغا نارازى بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىدىن يوشۇرۇن قېچىپ، «نەنجىڭگە بېرىپ تەلەپ سۇنۇش ۋەكىلى» سۈپىتى بىلەن شەرق تەرەپكە يۈرۈپ كېتىدۇ.

جىن شۇرېننىڭ بۇ باستۇرۇش تەدبىرى قوزغىلاڭنى تىنچىتمايلا قالماستىن، ئەكسىچە تېخىمۇ نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى كۈرەش سېپىگە قوشۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ، قوزغىلاڭنىڭ تەسىرى پۈتۈن قۇمۇل دائىرىسىگە كېڭىيىدۇ. بارىكۆلدىكى ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ دېھقان - چارۋىچىلار جىن شۇرېنغا قارشى كۈرەش سېپىگە تۈشمۇ تۈشتىن كېلىپ قوشۇلىدۇ. بارىكۆلدىكى قازاقلارنىڭ ئاقساقىلى ئارىپ ئۆز ئىنىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە جىن شۇرېن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە قارشى ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، ئۇمۇ قوزغىلىپ، قوزغىلاڭچىلارغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تېز كېڭىيىپ، ھەيۋەتلىك زور قوشۇنغا ئايلىنىپ، قۇمۇلنىڭ سىرتىدىكى رايونلارغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. دېمەك، ئۇچقۇن ئۇلغىيىپ، زور يانغىنغا ئايلىنىدۇ.

مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، قوزغىلاڭغا قاتناشقان خوجانىياز جىن شۇرېنغا قارشى كۈرەشنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئالىدۇ. ئۇ ئەسلىدىلا قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىگە نارازى بولسىمۇ، لېكىن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەزى دورغىلارنىڭ تەسىرى ۋە ئىسكەنجىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، قۇمۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلىپ، «ئامباللارنى قايتۇرۇۋېلىپ، ۋاڭلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» دېگەن ئەكسىيەتچىل تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ①.

ۋاڭلىق تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، سابىق ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كاتتىۋاشلىرى فېئوداللىق ئىمتىيازلىرىدىن مەھرۇم بولدى. ئۇلار ئەمدى دېھقانلارنى

① زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي رايونىنى باشقۇرۇش تارىخى»، 544 - بەت.

خالىغانچە ھاشارغا تۇتۇپ ئىشلىتەلمەيدىغان بولۇپلا قالماي، بەلكى ناھىيە-
لىك ھۆكۈمەتكە غەللە - پاراق تۆلەيدىغان بولدى. ۋاقىتلىق تۈزۈم ئەمەلدىن
قالدۇرۇلۇشتىن ئىككى يىل بۇرۇن، قۇمۇل ۋاڭى تەيجى، دورغا قۇرمال
مىراب قاتارلىق چوڭ - كىچىك كاتتىۋاشلارنى ئۆزىگە تارتىپ ئۇلارنى
ئوردىغا سادىق قىلىش ئۈچۈن، بىر بۆلۈم بوز يەرلەرنى ئۇلارنىڭ تېرىشىغا
ئايرىپ بەرگەنىدى. مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلگەندىن
كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇ بوز يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، دېھقانلارنىڭ
ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىشىغا بەردى ۋە ئۆزلەشتۈرگۈچى دېھقانلاردىن ئىككى
يىلغىچە غەللە پاراق ئالماسلىقنى ئېنىق جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن
چوڭ - كىچىك كاتتىۋاشلارنىڭ فېئوداللىق مەنپەئەتىگە بىۋاسىتە دەخلى
يەتكەنلىكتىن، ئۇلاردا جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارىتا نارازىلىق كەيپى-
ياتى قوزغالدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن دېھقانلار ئارىسىدا ئۇتتۇيرۇقلۇق
قىلىپ: ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى تامامەن خەنزۇلارنىڭ تېرىشىغا
ئايرىپ بېرىدىكەن، ئۇيغۇر قىزلىرىنى خەنزۇلارغا بەرگۈزىدىكەن، دېگەنگە
ئوخشاش ئۆسەك سۆزلەر تارقىتىپ، مىللىي مۇناسىۋەتكە بۆلگۈنچىلىك
سالدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دېھقانلارنىڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە بولغان
نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئىش تۇغدۇرۇپ، ۋاقىتلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەھدىت سالدى. دېھقانلار
1931 - يىلى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، سابىق ۋاڭ ئوردىسىنىڭ
بەزى چوڭ - كىچىك كاتتىۋاشلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭچىلار
قوشۇنىغا قاتناشتى ۋە خوجانىيازنىڭ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن-
نىڭ تايانچلىرىدىن بولۇۋالدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ سىياسىي ئورنى ۋە ھۆكۈم-
رانلىق تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ رەھبەرلىك
ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ جىن شۇرېن ھا-
كىمىيىتىگە قارشى قوزغىلىڭىنى ئايىنىتىپ، ۋاقىتلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان توپىلاڭغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇلار گەن-
سۇدا قەھەتچىلىكتە ئۇچراپ قېچىپ چىققان مۇساپىرلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ
تاشلىغاندىن باشقا، يەنە يەرلىك خەنزۇ ئاھالىلەرنىمۇ خالىغانچە قىردى،

ھەتتا خېلى بۇرۇنلا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن قومۇلغا كېلىپ ئورۇنلە-
شىپ قالغان موڭغۇل چارۋىچىلارنىمۇ قوغلاپ ئۆلتۈردى. شۇنداق قىلىپ،
جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەققانىي كۆرەشنى مىللىي قىرغىنچە-
لىققا ئايلاندۇرۇپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

جىن شۇرېن تەرىپىدىن ئۇرۇمچىدە قالدۇرۇلۇپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت-
نىڭ «يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى» لىكىنى ئۆتەۋاتقان نەزەرمۇ
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوتراپ، يېقىندىن ماسلاشتى. قومۇل دېھقانلىرى
قوزغالغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆز ئوغلى بىشىر بىلەن كويئوغلى مەخپۇر
ھاجىنى، خوجانىيازنى ئۆزىگە تارتىپ، ۋاقىتلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈش ئىشىنى بىرلىكتە پىلانلاشقا ئەۋەتتى. ھە دېگەندىلا، بىشىر تېخى جىن
شۇرېنغا قارشى قوراللىق كۈچنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا
ئېلىۋېلىش كويىدا بولغانىدى، لېكىن نەزەر خوجانىياز بىلەن يامانلىشىپ
قېلىشنى بىئەپ كۆرۈپ، ئىككىنچى سەپكە چېكىنىپ تۇرۇشقا مەجبۇر
بولدى، ئۇ نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش چىقىرىپ، غوجانىياز قاتارلىق
كىشىلەرنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى قوراللىق كۈچلىرىگە ماددىي ئەشيا
جەھەتتىن مەدەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن، خوجانىيازمۇ «ۋاقىتلىق تۈزۈمنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش» بايرىقى ئاستىدا نەزەر بىلەن يېڭىۋاشتىن بىرلەشتى.
بۇ بىرلىشىش قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاينىپ كەتكەنلىكىنىڭ يەنە
بىر ئالامىتى ئىدى.

## 2 ـ بۆلۈم جىن شۈرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى سەپنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، ما جۇڭيىڭنىڭ بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا كىرىشى، جاڭ پېيۈەنىنىڭ قۇمۇلنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشى

جىن شۈرېن ھاكىمىيىتى خوجانىياز رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭچى كۈچلەر بىلەن بىر تەرەپتىن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، بىر تەرەپتىن جەڭ قىلغانلىقى جىن شۈرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى ئىچىدە، قۇمۇلدىكى جىن شۈرېنغا قارشى كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ تاكتىكىسى جەھەتتە روشەن ئىختىلاپنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەينى چاغدا، جىن شۈرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى ئىچىدە ئوخشاش بولمىغان مۇنداق ئىككى خىل تاكتىكا بولغان: بىرى، ليۇ ۋېنلۇڭ ۋەكىللىكىدىكى گۇرۇھنىڭ تاكتىكىسى؛ بۇ تاكتىكىدا قورال كۈچى بىلەن ئىش كۆرۈشكە قارشى تۇرۇپ، سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، بۇلار مەركەزدىن چولڭ ئەربابلارنى تاللاپ ئەۋەتىش ياكى پىرقە ئىشلىرى ئالاھىدە خادىملىرىنى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ «تەشۋىق ـ تەرغىب بىلەن ئەل قىلىش» توغرۇلۇق تەكلىپ بېرىپ، ياڭ زېڭشىننىڭ كونا ھىيلە ـ مىكرى بويىچە «ئىمكانقەدەر بەزلەش» فاڭجېنى ئارقىلىق قۇمۇلدىكى قوراللىق كۈچلەرنى قورالسىزلاندۇرماقچى بولىدۇ؛ يەنە بىرى، جىن شۈرېن ۋەكىللىكىدىكى گۇرۇھنىڭ تاكتىكىسى، جىن شۈرېن ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ «بەزلەش» سىياسىتىگە قارشى تۇرىدۇ ھەمدە لۇ شياۋزۇنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن «قورال كۈچى ئىشلىتىشنى ئاساس قىلىپ»، «يوقىتىش» فاڭجېنى ئارقىلىق قۇمۇلدىكى جىن شۈرېنغا قارشى قوراللىق كۈچلەرنى ھالاك

قىلماقچى بولىدۇ①. ھۆكۈمەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەربابلارنىڭمۇ كۆپچىلىكى قۇمۇلدىكى پاراكەندىچىلىكنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى قوۋۋەتلىگەن. ۋۇ ئەيچېن شۇ چاغدا، ئابرويلۇق ئۇيغۇر زاتلاردىن تاللاپ قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ ھال سوراپ، «كەڭچىلىك قىلىش، مەجبۇرىي ئەگەشكەنلەرنى جازالىماسلىق②»نى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغان. بىراق لىيۇ ۋېنلۇڭ، ۋۇ ئەيچېنلاردا ئەمەلىي ھوقۇق بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش تەشەببۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى قىيىن ئىدى.

جىن شۇرېن ھەربىي قوشۇنلىرىنىڭ چىرىكلىك دەرىجىسى ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكىدىن تېخىمۇ ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنىڭ بىر باتالىيونى (يىڭ) بىر روتا (ليەن) غىمۇ يەتمەيتتى، ئۇنىڭ ھەربىي قوشۇنى ئاتاقتا سەككىز دىۋىزىيە (شى) بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بار ئەسكىرى ئاران 30 ـ 40 مىڭلا ئىدى. ئۇلاردا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، قىمار ئويناش قاتارلىق ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تەل، ھەربىي ئىنتىزام ناھايىتى بوش بولۇپ، قىلچە جەڭگىۋارلىقى يوق ئىدى، شۇڭا ھامان جەڭدە مەغلۇپ بولاتتى. جۇ رۇيچى قۇمۇلغا بېرىپ شىجاڭلىقنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىنمۇ، قۇمۇلدىكى مەغلۇبىيەتلىك ۋەزىيەتنى ئوڭشىيالماي، خوجانىياز بىلەن يەنە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن ھەر ئىككى تەرەپتە سەمىمىيەت يوق ئىدى، جۇ رۇيچى سۆھبەت ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەسكىرىي كۈچىنى قايتا ئورۇنلاشتۇ-

① 1933 - يىلى (مىنگونىڭ 22 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، جۇرۇيچى، يەن يۈيشەن، لى رۇڭ، جىن جېشىن قاتارلىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە يوللىغان تېلېگراممىسىدا شۇ چاغدىكى ئەھۋال مۇنداق بايان قىلىنغان: «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قۇمۇلدىكى توپىلاڭنىڭ چىقىشىغا سىياسەتنىڭ ناچارلىقى سەۋەب بولدى، بىز ھەيئەتلەر سىياسىي ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانىدۇق، جىن ئەپەندى قورال كۈچى ئىشلىتىشنى ئاساس قىلىپ، ھەدەپ ئەسكەر ئېلىش ۋە ھەربىي قىسىملارنى يۆتكەش بىلەن بولۇۋاتىدۇ. ھەربىيلەر بىلەن پۇقرالار قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. تۇرپان - پىچانلاردىمۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى، قاراشەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردىمۇ ئەھۋال جىددىي، زېمىن پارچىلانماقتا، ئەھۋال يىغىشتۇرۇۋالغۇسىز دەرىجىدە ئېغىرلاشتى، ھەتتا ئۆلكە مەركىزىگە يېقىن جايلاردىكى ئۇيغۇر خەلقىمۇ قورال كۆتۈرۈپ چىقتى، مۇسۇلمانلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن پاجىئەلەر بۈگۈن يەنە تەكرارلانماقتا». لىيۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەرنىڭ 16 - كۈنى نەنجىڭگە يوللىغان تېلېگراممىسىدىمۇ: قۇمۇل توپىلىڭى يۈز بەرگەندىن كېيىن، لىيۇ، شېڭلار «قورال كۈچى بىلەن ئىش كۆرۈشكە بولمايدۇ» دەپ كۆپ قېتىم تەكلىپ بەرگەنىدۇق. لېكىن جىن ئەپەندى جاھىللىق بىلەن ئۆزى بىلگەنچە ئىش كۆرۈپ، ئەسكەر ئەۋەتىپ يوقاتماقچى بولدى. ۋەقە يۈز بەرگىنىگە بىر يىلدىن ئاشتى، ئىش كۈنسېرى ئۇلغىيىۋاتىدۇ» دېيىلگەن.

② «شىنجاڭ ھەققىدە خاتىرىلەر»، 21 - بەت.

روپ يەنە جەڭ قىلىش كويىدا بولدى، خوجانىيازنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ماقۇل بولۇشىنىڭ مەقسىتى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئىدى. ھەر ئىككى تەرەپتە سەمىمىيەت بولمىغاچقا، جۇ رۇيچى «ۋاقىتلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» قاتارلىق شەرتلەرگە ماقۇل بولغان بولسىمۇ، لېكىن سۆھبەتتىن نەتىجە چىقمىدى. سۆھبەت بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ قۇمۇل، تاشۋۇلۇق، باركۆل، لياۋدۇن قاتارلىق جايلاردا قالايمىقان سوقۇشۇپ كەتتى، نەتىجىدە جىن شۇرېن قوشۇنلىرى «ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي①»، قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، ئورغۇن ئادىمى ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. [ شىنجاڭ جۇ رۇيچى جىن شۇرېننىڭ يەنە قوشۇن ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ياردەم بەرگۈچى قوشۇن قۇمۇلغا يېتىپ كەلگۈچە، خوجانىياز ئاياللارنى تاغ ئېغىزلىرىنى ساقلاشقا قويۇپ، قازاقلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزى سەرخىل قوشۇننى باشلاپ، غەلىبىسىرى قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ ئەسلىدە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇمۇلنىڭ شەھەر ئىچىگە② كىرىپ ئورۇنلاشماقچىدى، لېكىن شەھەر ئىچىنى خېلى ۋاقىتقىچە ھۇجۇم قىلىپ ئالالمىغانلىقتىن، شەھەردىن ئىككى چاقىرىمچە يىراقلىقتىكى ۋاڭ قەبرىستانلىقىغا چېكىنىپ، شەھەرگە قايتا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلاشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ ئىككى تەرەپ تىركىشىش ھالىتىدە تۇرۇپ قالدى.

جۇ رۇيچى، شېڭ فايۇلارنىڭ قوشۇنى بىلەن خوجانىياز قوشۇنى ئۆزئارا تىركىشىپ تۇرۇۋاتقان پەيتتە، قۇمۇلدىن نەنجىڭغا بېرىپ تەلەپ سۇنغۇچى ۋەكىل سۈپىتىدىكى يولۋاس بىلەن سابىق قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىسى ئىسمايىل جىيۇ چۇەنگە يېتىپ بارىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا، ما جۇڭيىڭ گەنجۇدىكى يەرلىك مىلىتارىستلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، ئۇمۇ ئاتلىق 36 - شى (دىۋىزىيە) نىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ جىيۇ چۇەنگە كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى. يولۋاسنى ما جۇڭيىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق جايغا تەكلىپ قىلىپ ئاپىرىپ، ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ناھايىتى چىقىشىپ قالىدۇ، ما جۇڭيىڭ ئەسكەر باشلاپ شىنجاڭغا كىرىش قارارىغا كېلىدۇ. يولۋاسمۇ ما جۇڭيىڭنىڭ مەسلىھىتىنى قوبۇل قىلىپ، نەنجىڭغا بېرىپ تەلەپ سۇنۇش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ جىن

---

① لۇشىياڭ: «قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوزغىلىڭى - شىنجاڭنىڭ ئالىمان بولۇشىنىڭ سەۋەبكارى»، «جەمئىيەتتىكى دولقۇن»، 1 - توپلام، 9 - سان، 2 - بەت.

② شۇ چاغلاردا قۇمۇلنىڭ ئۆزىدە ئۈچ شەھەر بار ئىدى: كونا شەھەر (خەنزۇ شەھىرى)، يېڭى شەھەر (مانجۇ شەھىرى) ۋە شەھەر ئىچى (ئۇيغۇر شەھىرى).

شۇرىنى ھاكىمىيىتىنى بىرلىكتە ئاغدۇرماقچى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن يولۋاسنىڭ بىرلىشىشى ئارقىلىق، جىن شۇرىنغا قارشى سەپ رەسمىي ۋۇجۇدقا كېلىدۇ①. ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى قانداقتۇر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇنى «تەكلىپ قىلغان» لىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ جىن شۇرىنغا قارشى تۇرۇش داۋامىدا ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئۇلغايتىپ، شىنجاڭدا ئاياغ بېسىپ تۇرىدىغان بىر ئورۇننى تارتىۋېلىش ئۈچۈن كەلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، غوجانىياز بىلەن جىن شۇرىن ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ۋاقىتلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان توپىلاڭدىن ئۆزگىرىپ، چوڭ - كىچىك مىلىتارىستلار ئوتتۇرىسىدىكى قالايمىقان ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كەتتى. چوڭ - كىچىك مىلىتارىستلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قالايمىقان ئۇرۇشلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى.

ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسلى ئىسمى ما بۇيىڭ، لەقىمى «گا سىلىڭ» (بالا قوماندان)، گەنسۇ ئۆلكىسى لىنشيا (خېجۇ) ناھىيىسىنىڭ مۇنىگۇ دېگەن يېرىدىن. ئوفىتسېرلىكتىن كېلىپ چىققان، ئۇنىڭ بوۋىسى ما خەييۈەن، دادىسى ما باۋ؛ ما بۇچىڭ، ما بۇفاڭلار بىلەن بىر نەۋرە ئاكا - ئۇكا. ئۇ چىڭخەيدىكى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان مەزگىللىرىدە، كۈن بويى ئەسكەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ، چەۋەندازلىق، قارىغا ئېتىش، چامباشچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ماھارەتلىك بولۇپ يېتىلگەن. 17 ياش ۋاقتىدا ماچىنىڭ قول ئاستىدا يىڭجاڭ (باتالىيون كوماندىرى) بولغان. شىنىڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، بىر نەۋرە ئاكىسى ما بۇفاڭ بىلەن ئازارلىشىپ قېلىپ، ئىسمىنى ما جۇڭيىڭغا ئۆزگەرتكەن، ئۆز چىل ئىنىسى ما بۇجيې (كېيىن ئۆزگەرتكەن ئىسمى ما جۇڭجيې) بىلەن چىلىيەنشەن تېغىدىن ئېشىپ ئۆتۈپ، گەنجۇ بىلەن لياڭجۇدا گەنسۇ - نىڭشىيا - چىڭخەي بىرلەشمە ئارمىيىسىنى قۇرۇپ، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشىيا، سۈييۈەن ئەترابلىرىدا ھەرىكەت قىلغان. 1931 - يىلى، جياڭ جيېشى ما

① بۇرھان يازغان «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دە، «ما جۇڭيىڭنى خوجانىياز سالى دورغىنى ئەۋەتىپ شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن» دېيىلگەن. شياۋ جې «مىنگونىڭ تۈنجى يىلىدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە سىياسىي ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا قىسقىچە بايان» دېگەن ماقالىسىدىمۇ شۇنداق دېيىلگەن. بۇ كىتابتا «يولۋاسنىڭ ئەسلىمىلىرى» دىكى بايانىنى ئاساس قىلدۇق.

جۇڭيىڭنى ئاتلىق 36 ـ شىنىڭ شىجاڭلىقى (دىۋىزىيە كوماندىرلىقى) غا تەيىنلەپ، گەنسۇنىڭ جيۇچۇەن ئەتراپلىرىنى ئۇنىڭ مۇھاپىزەت رايونى قىلىپ بېكىتكەن. 5 ـ ئايدا، ما جۇڭيىڭنىڭ خېشى رايونىنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى ھەدەپ كېڭەيتىپ، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي ئۈچ ئۆلكىنىڭ كونتروللۇقىنى قوبۇل قىلمىغان، نەتىجىدە ئۈچ ئۆلكە دائىرىلىرىنىڭ بىرلىشىپ جازا يۈرۈشى قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ما جۇڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ گەنجۇدىن چىقىپ نىڭشياغا يېتىپ بارغاندا، يەنە توسۇپ زەربە بېرىشكە ئۇچراپ، يولىنى ئۆزگەرتىپ سۇجۇ (جيۇ-چۈەن) غا كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ قاياقىقا مېڭىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان ئاشۇ پەيتتە، يولۋاس بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ ـ دە، «مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمنى قۇتقۇزىمەن، دېگەن نام بىلەن[①]» پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ شىنجاڭغا كىرىۋالغان.

1931 ـ يىلى يازدا، ما جۇڭيىڭ «بۇيرۇقىقا بىنائەن جيايۇيگۈەن قوۋۇقىدىن چىقىپ[②]»، «قوشۇن باشلاپ قۇمۇلغا ياردەم بېرىمەن» دەپ يالغان ئېيتقان، ئۇ يەنە «ئۈچ ئاي ئىچىدە جىن شۇرېننىڭ غولىتىمەن[③]» دەپ داۋراڭ سالغان. 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئۇ قوشۇنىنى باشلاپ جيۇچۇەندىن يولغا چىقىدۇ، ئۈچ زۇڭدۈي دەپ ئاتالغان قوشۇنىنىڭ ھەربىر زۇڭدۈيىگە بىردىن قوماندان (سىلىڭ) قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ما جۇڭيىڭنىڭ جەڭ قىلالايدىغان ئادىمى 400 دىن ئارتۇقراقلا بولۇپ، 90 نەچچە تاللا مىلتىقى بار ئىدى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە خىزمەتكارلارنى قوشقاندىمۇ 500 دىن ئارتۇقراقلا ئادىمى بار ئىدى. ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى 15 كۈندە قۇمۇلغا يېتىپ كېلىشنى پىلانلىغان، شىڭشىڭشياغا يېقىن داشتۇغا كەلگەندە، ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئوت ـ چۆپلىرى تۈگەپ كېتىپ، كېچىدە شىڭ-

---

① «يولۋاسنىڭ ئەسلىمىلىرى» 91 ـ بەت.
② 1933 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، مالىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ۋاڭ جىڭۋېيغا ئەۋەتكەن مەكتۇبىدا ما جۇڭيىڭنىڭ «بۇيرۇقىقا بىنائەن جيايۇيگۈەن قوۋۇقىدىن چىقتىم» دېگەن يالغان گېپى ئېچىپ تاشلانغان. ئۇ مەكتۇپتا: ما جۇڭيىڭ «بۇيرۇقىقا بىنائەن چىققان ئەمەس، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قوۋۇقتىن چىقىپ، شىنجاڭدىكى توپىلاڭغا ئاۋاز قوشۇپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلغان» دېيىلگەن.
③ «يولۋاسنىڭ ئەسلىمىلىرى» 91 ـ بەت.

شىڭشىياغا ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كېلىدۇ؛ ئىش ئوڭۇشلۇق بولۇپ، بىر قىسىم ئاشلىق ۋە قورال - ياراغنى قولغا چۈشۈرۈپ، جىددىي ئېھتىياجىنى قامدايدۇ. ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنى باشلاپ كېچىدە شىڭشىڭشيادىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوشۇنى ئىككى يولغا بۆلۈنىدۇ: بىر يولدىكى قوشۇنى تاشۋېلىققا، يەنە بىر يولدىكى قوشۇنى شىڭشىڭشيانىڭ چوڭ يولى بىلەن غەربكە قاراپ يۈرۈپ، توپتوغرا قۇمۇلنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى خۇاڭلۇگاڭ كەنتىگە ھۇجۇم قىلىدۇ.

خۇاڭلۇگاڭ قۇمۇل شەھىرىنى مۇداپىئە قىلىشتىكى مۇھىم قەلئە بولۇپ، ئۇ يەردە زور تۇركۇم جىن شۇرېن قوشۇنى تۇرۇشلۇق ئىدى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئەسكەرلىرى خىل، جەڭگە ماھىر بولغاچقا، خۇاڭلۇگاڭ جېڭىدە ھە دېگەندىلا غەلىبە قىلىپ، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان جىن شۇرېن قوشۇنىنى سۈرۈپ - توقاي قىلىپ قۇمۇل شەھىرىگە قاچۇرۇۋەتتى، ما جۇڭيىڭ قوشۇنى خۇاڭلۇگاڭغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. خوجانىياز قوشۇنىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن، ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ سەنمۇجاڭ ۋۇيىڭچى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ، كېچىدە قۇمۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، شەھەرنى ساقلاپ ياتقان جىن شۇرېن قوشۇنى سېزىپ قېلىپ، ھۇجۇم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى؛ ما جۇڭيىڭ قوشۇنى ھۇجۇم نىشانىنى ئۆزگەرتىپ خۇيچېڭ (شەھەر ئىچى) گە ھۇجۇم قىلدى، ھۇجۇم نەتىجىلىك بولۇپ شەھەرنى ئالدى، بىر قىسىم قوشۇن بۇ يەردە ئارام ئېلىپ ئۆزىنى تەرتىپكە سالغاندىن باشقا، قالغان قوشۇن كونا شەھەر بىلەن يېڭى شەھەرنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندى.

شۇ چاغدا، جۇ رۇيچى بىلەن شيۇڭ فايۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا يېڭى شەھەر بىلەن كونا شەھەرنى ساقلاپ تۇرغانىدى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنى شەھەرگە ئىنتايىن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، شيۇڭ فايۇ ۋەزىيەتنىڭ يامانلىقىنى بىلىپ، تەسلىم بولماقچى بولغاندا، جۇ رۇيچى ئۇنى توسۇۋالدى. جۇ رۇيچى: ما جۇڭيىڭ قوشۇنى باتۇر بولغان بىلەن، ئېغىر تىپتىكى قورالى يوق، شەھەرنى ئېلىشى تەس، دەپ قارىغانىدى. دەرۋەقە،

جىن شۈرېن قوشۇنى قاتتىق مۇداپىئە قىلغانلىقتىن، ما جۇڭيىڭ قوشۇنى شەھەرنى ئالالمىدى. ما جۇڭيىڭ دەرھال تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، سېپىل تۈۋۈدىن لەخمە قېزىپ سېپىلنى پارتلاتتى، جىن شۈرېن قوشۇنى شەھەرنى جان تىكىپ ساقلىدى. بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ قول ئاستىدىكى ما جېڭيۇڭگە بىرىنچى زۇڭدۇيگە قوماندانلىق قىلىپ قۇمۇلنى داۋاملىق قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى، ئۆزى ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەرنى باشلاپ شەرقىي تاغنىڭ غەربىدىكى شياۋچۇەن كەنتىدىكى جىن شۈرېن قوشۇنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېلىشتى، نەتىجىدە ما جۇڭيىڭنىڭ 200 كىشىلىك قوشۇنى ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان جىن شۈرېن قوشۇنىنى يوقىتىپ، نۇرغۇن قورال - ياراغ، ئوق - دورا، ئات ۋە ئاشلىق، يەم - خەشەكلەرنى غەنىيمەت ئېلىپ، ئۆزىنىڭ قوراللىق كۈچىنى ئاشۇردى.

ما جۇڭيىڭ ياش بولسىمۇ①، لېكىن نۇرغۇن جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، جەڭ قىلىشتا مول تەجرىبە توپلىغان. ئۇ جىن شۈرېن قوشۇنلىرىنىڭ جايلىشىشى ۋە قۇمۇل شەھىرىنىڭ مۇداپىئە ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، ما جۇڭجيېنى بىر قىسىم قوشۇن بىلەن قۇمۇلنىڭ كونا - يېڭى شەھەرلىرىنى داۋاملىق قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا قالدۇرۇشنى، ئۆزى ئاساسىي كۈچنى باشلاپ يولۋاس بىلەن بىللە باركۆل تېغىدىن ئېشىپ، توپتوغرا باركۆلنى ئېلىشنى قارار قىلدى. يولغا چىقىپ كۆشۈتى تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈشتە، شۇ يەرنى ساقلاپ ياتقان بىر لىيەن ئەسكەرنى يوقىتىپ، تەسلىم بولغانلىرىنى ئۆز قوشۇنىغا قوشۇۋالدى. قوۋۇقتا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا بەدەر قاچتى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنى توپتوغرا باركۆلگە بېسىپ كىردى، باركۆلنى ساقلاپ ياتقان قوشۇننىڭ بىر تۇەنجاڭى خې جېنشېڭ بىر پاي ئوق ئاتماي، تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى؛ يەنە بىر تۇەنجاڭى جاڭ لياڭچېڭ تاماق يېمەي ئۆلۈۋالدى، ما جۇڭيىڭ قوشۇنى 300 تالدىن ئارتۇق مىلتىق ئولجا ئالدى. قۇمۇل

① «يولۋاسنىڭ تەسلىمىلىرى» دە، ئۇنى 21 ياش دېپ يازغان، «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دە 23 ياش دېپ يېزىلغان.

شەھەرنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل بولغان ما جۇڭجيې ما جۇڭيىڭنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئىچكى - تاشقى تەرەپتىن ماسلىشىپ، ئۈچىنچى كۈنى قۇمۇلنىڭ يېڭى شەھەرىنى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، قۇمۇلنىڭ كونا شەھىرىدىكى جىن شۇرېن قوشۇنى يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالدى.

ما جۇڭيىڭ قوشۇنى قۇمۇلنىڭ يېڭى شەھىرى بىلەن بارىكۆلنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن قورال - ياراغ ۋە ئوزۇق - تۈلۈككە ئىگە بولۇپ، كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى، بۇ ھال جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمەرانلىقىغا بىۋاسىتە تەھدىت بولۇپ قالدى. جىن شۇرېن قۇمۇل ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، لۇ شياۋزۇنى شەرقىي يولنىڭ باندىتلارنى يوقىتىش قوماندانى، شېڭ شىسەي (دۇبەن مەھكىمىسى شتاب باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى) نى سەنمۇجاڭ قىلىپ تەيىنلەپ، دەبدەبە بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. ھەربىي ھوقۇقنى چاڭگاللىغا ئېلىۋالغان جىن شۇشىن ئاشلىق - تەمىنات ۋە قورال - ياراغلارنى بېرىشنى ئارقىغا سۈرۈپ كېچىكتۈرۈۋەتكەنلىكتىن، لۇ شياۋزۇ ۋاقتى - قەرەلىدە يولغا چىقالماي، لۇيجاڭ دۇگوجىنى ئالدىن ماڭدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، شۇنىڭ بىلەن، ما جۇڭيىڭ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىنكى ئەڭ زور بىر قېتىملىق جەڭ - لياۋدۇڭ (لورۇڭ) جېڭى يۈز بەردى.

دۇگوجى لۇيىنىڭ ئالدىن يۈرگەن قىسمى يەتتەقۇدۇققا يېتىپ بارغاندا، ما جۇڭيىڭ قوشۇنى بىلىپ قالىدۇ. ما جۇڭيىڭ قۇمۇلغا قايتىپ كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى دەرھال ئۆزگەرتىپ، بىر تەرەپتىن ئىنىسى ما جۇڭجيېگە قۇمۇل كونا شەھەرنى داۋاملىق قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، بىر تەرەپتىن يولۋاسنى ما فۇيۈەنگە ياردەملىشىپ بارىكۆلنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى كۈچلۈك قىسىمنى باشلاپ، يەتتەقۇدۇققا كېلىپ، دۇگوجى قوشۇنىنى توسۇپ زەربە بېرىشكە ئاتلىنىدۇ. دۇگوجى لۇيى يەتتەقۇدۇققا يېتىپ كېلىپ، دەم ئالماستىن داۋاملىق شەرققە ماڭىدۇ. ما جۇڭيىڭ لياۋدۇڭغا يېتىپ كەلگۈچە (لياۋدۇڭ يەتتەقۇدۇق بىلەن قۇمۇلنىڭ ئارىلىقىدىكى جاي)، دۇگوجى لۇيى (كۈچەيتىلگەن ئون

ليەن) بۇ ستراتېگىيىلىك مۇھىم جايىنى ئالدىن ئىگىلەپ، ئۈچ قۇر ئاكوپ كولاپ پىلىموت ۋە زەمبىرەكلەرنى ئورنىتىپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا تەييارلىنىدۇ. شۇ چاغدا، ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكىرىي كۈچىدە پەرق ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ما جۇڭيىڭ قوشۇنىدا 200 دىن ئارتۇقلا ئاتلىق ئەسكەر بار ئىدى، دۇگوجى لۈيىدە بولسا 1500 چە ئەسكەر بولۇپ، ما جۇڭيىڭ قوشۇنىدىن يەتتە، سەككىز ھەسسە كۆپ ئىدى. قورال - ياراغ جەھەتتە، دۇگوجى لۈيى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، گېرمانىيىدە ياسالغان كروب ناملىق ئىككى دانە زەمبىرەكتىن باشقا، يەنە نۇرغۇن ئېغىر - يېنىك پىلىموت بار ئىدى. بولۇپمۇ ئۇلار لياۋدۇڭنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، ئادەم ئۈچۈن ئىچىدىغان سۇ، ئات - ئۇلاغ ئۈچۈن يەيدىغان ئوت - چۆپ بولغاندىن سىرت، جەڭ قىلىشقا قولايلىق ئېگىز جايغا جايلىشىۋالغانىدى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنى ئۇزۇن يول يۈرۈپ ئادەم ۋە ئاتلىرى چارچاپ كەتكەن، دالىدا بولغۇدەك جايمۇ يوق، سىرتتىن ياردەمگە كېلىدىغان كۈچمۇ يوق ئىدى، ئەمەلىيەتتە يالغۇز قوشۇن دالىغا چوقچىيىپ چىقىپ قالغان بولۇپ، ۋەزىيەت ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ پايدىسىز ئىدى.

لياۋدۇڭ جېڭى باشلىنىش بىلەنلا، ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىدا قويۇندەك ئۇچتى، 200 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلىنىپ، توپتوغرا دۇگوجى لۈيىنىڭ ئاتارونىغا بۆسۈپ كىردى، دۇگوجى لۈيى مىلتىق، پىلىموت، زەمبىرەكلەردىن تەڭلا ئوق ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇۋالالمىدى. ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقاندا ما جۇڭيىڭ ئېغىر يارىلانغان بولسىمۇ، يەنىلا قوشۇنىنى باشلاپ، ئۈچ قەۋەت مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، دۇگوجى لۈيىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. دۇگوجى لۈيىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، دۇگوجى لۈيىجاڭ بولغىنى بىلەن بۇ لۈيجاڭلىق «ئاتىدىن مىراس قالغان مەنسەپ» بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلاردىن قىلچە ساۋادى يوق ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ قوشۇنى ئادەتتىكى چاغلاردا تەربىيىلىنىشى يېتەرسىز بولۇپ، ئۇرۇش تەجرىبىسى يوق ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن، قوشۇنىنىڭ ھەربىي ئىنتىزامى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، جەڭگىۋار-

لىقى يوق ئىدى. شۇڭا، ئىككى قوشۇن روبىرو جەڭ قىلغاندا، دۇگوجىنىڭ قوماندانلىقى قاملاشماي، ئۇنىڭ قوشۇنى بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى، تۆەنجاڭ ناسىنباتۇر (موڭغۇل) بىلەن لۇيېنىڭ سەنمۇجاڭى يېيى جيەندېگە ئوق تېگىپ ئۆلدى. قالغان ئەسكەرلەر كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى، دۇگوجى ئۇلارنى توسۇۋالالماي، ئاخىر تۆەنجاڭ بيەن يۈڭجىڭنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى قوشۇننى باشلاپ يەتتەقۇدۇق تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ما جۇڭيىڭ غەلىبىسىنى قوغلاپ قىرىپ ماڭدى. دۇگوجى يەتتەقۇدۇققا يېتىپ باراي دېگەندە، مافۇيۈەن يەتتەقۇدۇققا ئەۋەتكەن ما خېيىڭ دۇگوجىنىڭ ئارقا تەرەپتىن ئۇنىڭ چېكىنىش يولىنى توسۇپ بولۇشچە قىردى. دۇگوجى: ئالدىنى ما جۇڭيىڭ توسسا، ئارقامدىن ئاتلىق ئەسكەرلەر قوغلاپ كېلىۋاتسا، ئەمدى مەن قاتمۇ قات مۇھاسىرە ئىچىگە قامىلىپ قاپتىمەن، دەپ ئويلايدۇ - دە، ئەرۋاھى ئۇچۇپ، تاپانچىسىنى سۇغۇرۇپلا، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. 1500 كىشىلىك قوشۇن مانا مۇشۇنداق بەربات بولىدۇ.

شۇ قېتىمقى جەڭدە، ما جۇڭيىڭ ئاز ئادەم بىلەن كۆپنى يېڭىپ، ناھايىتى نۇرغۇن غەنىيمەتكە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە توققۇز دانە پىلىموت، كروب ناملىق ئىككى دانە زەمبىرەكمۇ بار.

لۇ شياۋزۇ قوشۇن باشلاپ مورى بىلەن يەتتەقۇدۇق ئارىلىقىدىكى چوقپارتاس (ئاق ساي) دېگەن يەرگە كەلگەندە، دۇگوجىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشىدۇ. ھەربىي ئىشلاردىن خەۋىرى يوق بۇ تالىپ ما جۇڭيىڭنىڭ چوقپارتاسقا (چوقپارتاس بىلەن يەتتەقۇدۇقنىڭ ئارىلىقى پەقەت يېرىم كۈنلۈك يول) تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن بەكمۇ قورقۇپ، ھەربىي تەمىنات ئاشلىقىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، كېچىلەپ يول يۈرۈپ گۇچۇڭغا چېكىنىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا، ما جۇڭيىڭنىڭ بىلى ئېغىر يارىلانغانلىقتىن، يولۋاسنىڭ يۇرتى جىگدەقۇدۇققا بېرىپ داۋالىنىۋاتقانىدى، ئۇنىڭ قوشۇنى داۋاملىق ئىلگىرىلىمىدى. شۇنداق قىلىپ، قۇمۇلدىكى ئۇرۇش ۋاقتىنچە جىمىپ، جىن شۇرېن بىلەن ما جۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا سۆلھە باشلاندى.

دەل شۇ چاغدا، ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجانىياز ئوتتۇرىسىدا جەڭ غەنىيمەتلىرىنى بۆلۈشۈش مەسىلىسىدە زىددىيەت تۇغۇلدى. باركۆل، لياۋدۇڭ جەڭلىرىدە ما جۇڭيىڭ قوشۇنى نۇرغۇن قورال - ياراغ، ئوق - دورا غەنىيمەت ئالدى، خوجانىياز ئۆز كۆڭلىدە بۇ غەنىيمەتلەرنىڭ بىر قىسمىغا ئىگە بولۇپ، ئۆزىنى قوراللاندۇرۇشنى ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇزۇن يىللىق جەڭ داۋامىدا جەڭ ئارقىلىق بايلىق توپلاشقا ئادەتلەنگەن ما جۇڭيىڭ غەنىيمەت ئالغان بارلىق قوراللارنى ئەنشى قاتارلىق جايلارغا ماڭدۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى خوجانىيازنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى، گەرچە زىددىيەت ئاشكارا توقۇنۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن قورساقتىكى غۇم كۆپەيسە كۆپەيدىكى، ئازايمىدى.

جىن شۇرېن قوشۇنى لياۋدۇڭ جېڭىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن جىن شۇرېن، بىر تەرەپتىن ھەربىي قوشۇنلارنى يۆتكەپ، ما جۇڭيىڭنىڭ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىشىنى توسۇشقا تەييارلاندى، يەنە بىر تەرەپتىن، تيەن گوجېننى سۇلھ شەرتلىرى بىلەن چۇمىنىيىنىڭ ما جۇڭيىڭنى گەنسۇغا قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىپ يازغان خېتىنى ئېلىپ قۇمۇلغا بېرىپ ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. ما جۇڭيىڭ تەمسىناتچى يۇقۇنى سۆڭشۇتاڭ دېگەن يەرگە بېرىپ تيەن گوجېن بىلەن ئۇچرىشىشقا ئەۋەتتى. تيەن گوجېن ماجۇڭيىڭنى گەنسۇغا قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغاندىن باشقا، يەنە ئۇنىڭغا بىر قىسىم قورال - ياراغ، ئوق - دورا بېرىلىدىغانلىقىنى ھەمدە جىن شۇرېن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ما جۇڭيىڭغا گەنسۇدا مۇھىم ئەمەل بېرىش توغرۇلۇق ئىلتىماس يوللايدىغانلىقىنى ئېيت-تى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ ئىدى، ئاشۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، بۇلارنىڭ ما جۇڭيىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق ئەمەلىي ئەھمىيىتى يوق ئىدى. يۇقۇ ما جۇڭيىڭغا ۋاكالىتەن، گەنسۇغا قايتىشنى رەت قىلدى ھەمدە قۇ-مۇل، باركۆل، مورى، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلارنى ما جۇڭيىڭنىڭ بىۋاسى-تە ئىدارە قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بۇ يەرلەرنى ما جۇڭيىڭ قوشۇنلى-رىنىڭ مۇداپىئە رايونى قىلىشنى، بۇنىڭغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلاش-

ھاسىلقىنى تەلەپ قىلدى. بۇ شەرتلەرنى جىن شۇرېن رەت قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى تەرەپ شەرتلەر ئۈستىدە سودىلىشىپ، نەچچە قېتىم دەتالاش قىلىپ، ئاخىر كېلىشىم ھاسىل قىلدى. كېلىشىمگە ئاساسەن، قۇمۇل، بارىكۆل ئىككى جاي ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ مۇداپىئە رايونى قىلىپ ئايرىپ بېرىلدى، ئۇنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقى نام جەھەتتە يەنىلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قولىدا بولىدىغان بولدى. سۇلھ پۈتۈشۈلگەندىن كېيىن، تيەن گوجېن ئۆلكىگە قايتىپ بۇيرۇق ئەۋەتمەن دېگەن باھانە بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، جىن شۇرېندا سۇلھ قىلىش نىيىتى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆھبەت قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىشى ۋەزىيەتنى ۋاقىتىنچە پەسەيتىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش، يەنى بىر تەرەپتىن ما جۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىشىنى توسۇش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنى ئوڭشاپ قايتىدىن ھۇجۇم قىلىش ئىدى. شۇڭا، سۆھبەتنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

جىن شۇرېن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ شىجاڭى ئى يىڭغا كېچە - كۈندۈز مېڭىپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىشكە تېلېگرامما ئارقىلىق بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنى يۆتكەپ كەلدى. ئۇنى يۆتكەپ كېلىشتىكى مەقسەت - قۇمۇلغا ئەۋەتىپ ما جۇڭيىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئىدى. ئى يىڭ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، ئاشقازان ئاغرىقى قوزغىلىپ ئۆلدى. ئى يىڭ ئۆلگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن ئىلىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋالىيسى جاڭ پېيۈەننى ئۈرۈمچىگە مەخپىي يۆتكەپ كېلىپ، شەرقىي يول باندىتلارنى يوقىتىش باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ، لۇ شياۋزۇنىڭ ئورنىغا قويدى؛ شېڭ شىسەينى سەنمۇجاڭ قىلىپ، جاڭ پېيۈەنگە ياردەملىشىپ ئالدىنقى سەپتە بەڭگە قوماندانلىق قىلىشنى تاپشۇردى. باندىتلارنى يوقىتىش باش قوماندانلىق شتابىنىلا قارىمىقىدا تۆت يول قوماندانى بەلگىلەندى: 1 - يول قوماندانى ليۇ رۇڭشېڭ، 2 - يول قوماندانى جېن شىكۇي، 3 - يول قوماندانى ئاداۋدى، 4 - يول قوماندانى باپپىنگورت (ئاق ئورۇس، ئەل قىلىنغان رۇس قوشۇنىنىڭ باشلىقى)، جاڭ پېيۈەننىڭ قوماندانلىقىدا

6500 كىشىلىك قوشۇن قۇمۇلغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈزلەپ يۈرۈش قىلدى، بۇ جىن شۇرېن ئۇيۇشتۇرغان بىر قېتىملىق ئەڭ زور ھەربىي ھەرىكەت ئىدى. جاڭ پېييۈەن شىڭ شىسەينىڭ ئۇرۇش فاڭجېنى مۇنداق ئىدى: 1. قۇمۇلنى تېزلىك بىلەن مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش؛ 2. ما جۇڭيىڭنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقىتىش. شىڭ شىسەينىڭ مۆلچەرىچە، ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجانىيازنىڭ قوشۇنى تەخمىنەن 3500 كىشى (بۇ مۆلچەر ئۇشۇقراق)، ما جۇڭيىڭ «قوشۇن تارتىپ قۇمۇلغا ياردەم بېرىش» ئۈچۈن كەلگەندە، بار - يوق ئادىمىنى ئېلىپ چىققان، ئۇنىڭ كەينىدە مەدەت بېرىدىغان ما بۇفاڭ، ما خۇڭكۈي قاتارلىق مىلىتارىستلار يوق. شىڭ شىسەينىڭ بۇ ھۆكۈمى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئۇيغۇن ئىدى، لېكىن ئۇ جاڭ پېييۈەننىڭ زور قوشۇنى بېسىپ كېلىۋاتقاندا، ما جۇڭيىڭ ئۆز قوشۇنىنى تۈركۈمگە بۆلۈپ گەنسۇغا چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى مۆلچەرلىيەلمىگەن.

ما جۇڭيىڭ قۇمۇلدىن نائىلاج چېكىنگەن. چۈنكى، بىرىنچىدىن ئۇنىڭ يارىسى يامانلىشىپ كېتىش خەۋپى مەۋجۇت بولۇپ، گەنسۇغا قايتىپ بېرىپ داۋالىنىشقا توغرا كەلگەن؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ قوشۇنىدىكىلەر يۇرتىنى بەك سېغىنىپ كەتكەن؛ ئۈچىنچىدىن، زىمىستان قىش يېتىپ كەلگەن، ئۇنىڭ قوشۇنىدىكىلەرنىڭ قىشلىق كىيىمى يوق ئىدى؛ تۆتىنچىدىن، قوشۇندىكى ئەسكەرلەر ئاز بولۇپ، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ قوشۇن بىلەن جەڭ قىلىشى قىيىن ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ما جۇڭيىڭ يولۋاسنىڭ ۋاقىتىنچە گەنسۇغا قايتىپ تۇرۇڭ كېيىن يەنە بىر ئىش قىلارمىز دېگەن مەسلىھەتىنە قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، ما شىمىڭ، ما جۆنلۇلارنىڭ ئازراق قوشۇنىنى قۇمۇلنى سىمۇل سۈپىتىدە ساقلاپ تۇرۇشقا قالدۇردى، ئاندىن ما جۇڭيىڭنى ئارقا تەرەپتىن مۇھاپىزەت قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى ئاساسىي قوشۇننى باشلاپ، تۈركۈمگە بۆلۈپ قۇمۇلدىن ئاچىقىپ، ئەنشى، دۇنخۇاڭ، يۈيمېن ئەتراپلىرىغا جايلاشتۇردى. بۇ چاغدا، قۇمۇلدا قېلىپ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە داۋاملىق قارشى تۇرۇۋاتقان قوراللىق كۈچ ئاساسەن خوجانىياز بىلەن يولۋاسنىڭ

قوشۇنى ئىدى.

ما جۇڭيىڭنىڭ بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا كىرىشى مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى.

جاڭ پېييۇەن قوماندانلىقىدىكى زور قوشۇن ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، فۇكاڭ، جىمسار، گۇچۇڭ، مورى، يەتتەقۇدۇق ئارقىلىق فاماتاڭ (يەتتەقۇدۇق بىلەن لياۋدۇڭنىڭ ئارىلىقى) غا يېتىپ بارىدۇ، بۇ يەردە ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ما شىمىڭ، ما چۇەنلۇلار بىلەن بىر قېتىم جەڭ قىلىشىدۇ. ئىككى مانىڭ بۇ قېتىمقى توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى قوزغاشتىن مەقسىتى جەڭدە غەلىبە قىلىش ئەمەس، بەلكى جىن شۇرېن قوشۇنىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسۇق سېلىش ئىدى. ئۇلار قارا ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ جاڭ پېييۇەننىڭ سول قاناتتىكى قوشۇنغا ئوڭ ياندىكى تاغ ئېغىزىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ ھۇجۇم قىلغاندا، جاڭ پېييۇەن 3 - يول قىسىمغا ئىككى ماغا قارشى ئاتلىنىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ ۋە 1 -، 2 - يول قىسىمغا قوماندانلىق قىلىپ ئوڭ ۋە سول قاناتتىن قورشاپ، ئىككى مانى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئىككى مانىڭ قوشۇنى چېكىنىۋاتقاندا، باپىنگورت 1000دىن ئارتۇق ئەل قىلىنغان رۇس ئەسكىرىگە قوماندانلىق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ قىرىپ ماڭىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ جەڭ ناھايىتى تېزلا ئاخىرلىشىدۇ. بۇ جاڭ پېييۇەننىڭ قۇمۇلنى قورشاۋدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا قىلغان تۇنجى قېتىملىق جېڭى شۇنداقلا ئۇ بۇ ئېتىپ كۆرەڭلىگەن ئاتالمىش «فاماتاڭ جېڭى» ئىدى.

جاڭ پېييۇەن قوشۇنى قۇمۇل شەھىرىنىڭ يېقىن ئەتراپىغا يېتىپ بارغاندا، قۇمۇل كونا شەھىرىدە قورشىلىپ قالغان شيۇڭ فايۇنىڭ لۇيى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاللىقاچان بوش قالغان خۇيچېڭ (شەھەر ئىچى) گە كىرىپ، شەھەرنى ئىشغال قىلغان بولۇۋالىدۇ. شيۇڭ فايۇ بۇ يەردىن ئالتۇن - كۈمۈش، پۇل - بىسات تېپىش ئۈچۈن، ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنى قېزىپ ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتىدۇ، ھېچ يەردىن ھېچنېمە تاپالمىغانلىقتىن، ئەسەبىيلىك بىلەن، 400 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ ئوردىغا «ئوت قويۇپ تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ①»، ھەتتا نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە «كالام شېرىپ ئىسكىلاتى» مۇشۇ قېتىمقى ئوتتا

① «يولۋاسنىڭ ئەسلىمىلىرى» 113 - بەت.

كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ ۋەھشىيانە ھەرىكەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. ۋەھالەنكى، جاڭ پېييۇەن جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە يوللىغان مەلۇماتىدا، ۋاڭ ئوردىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىش ۋەقەسىنى ما جۇڭيىڭغا دۆڭگەپ، شيۇڭ فايۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئاقلايدۇ. شيۇڭ فايۇ قۇمۇلدا دائىم بىگۇناھ كىشىلەرنى قىرغىن قىلىپ، قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ تېخىمۇ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ.

جاڭ پېييۇەننىڭ قوشۇنى قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلىشىشتىن بۇرۇن، غوجانىياز، يولۋاسلار ئەمەلىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىپ، ئېپى كەلگەندە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، تاغ تۇراغا چېكىنگەنىدى. شۇڭا، جاڭ پېييۇەننىڭ قوشۇنى قۇمۇلغا كىرگەندىن كېيىن «فاماتاڭ جېڭى» دە ئۇلار بىلەن بىر ئاز توتۇشقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن ھېچقانچە قارشىلىققا دۇچ كەلمىگەنىدى. بۇ چاغدا، خوجانىياز بىلەن يولۋاس ئوتتۇرىسىدا رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش زىددىيىتى كۈندىن - كۈنگە چوڭقۇرلىشىۋاتاتتى. جىن شۇرېنغا قارشى كۈچلەرنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇلار تاراتىدا بىر قېتىم ھەربىي يىغىن ئاچتى. بۇ يىغىندا ئۇلار «سەممىي ئىتتىپاقلىشىش» شوئارى ئاستىدا، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى مۇستەھكەملىگەندىن باشقا، يەنە ما جۇڭيىڭ بىلەن داۋاملىق ئىتتىپاقلىشىپ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇش فاڭجېنىنى بەلگىلىدى. شۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن خوجانىياز بىلەن يولۋاسنىڭ زىددىيىتى تۈگەپ كەتمىدى، ھەر قايسىسى ھەربىي ھەرىكەتتە يەنىلا ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىپ، جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشكە بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزدى.

تاراتى ھەربىي يىغىندىن كېيىن، خوجانىياز جاڭسىن دورجى قاتارلىقلار تاشقى موڭغۇلىيىدىن ئەكەلگەن 500 قۇر ھەربىي كىيىم، 70 تال مىلتىق، 400 سەر تەڭگە ۋە نەچچە ئون ساندۇق ئوق - دورىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ؛ ئۇزۇن ئۆتمەي، تاشقى موڭغۇلىيە غوجانىيازنى قوللاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەنە مىلتىق، تاپانچا، پىلىموت ۋە ئوق - دورا ئەۋەتىدۇ.

جاڭ پېيىۋەن سىياسىي يول بىلەن «توپىلاڭنى تىنچىتىش» نى تەشەببۇس قىلغاچقا، قۇمۇلنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن دەرھال ھەربىي ھەرىكەت قوللانمايدۇ ۋە ئادەم ئەۋەتىپ يولۋاس بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ. بۇ چاغدا، جىن شۇرېن ئىنىسى جىن شۇشىنغا خەت يېزىپ، جاڭ پېيىۋەننىڭ قۇمۇلغا بېرىپ قوشۇننى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ئاتلاندۇرمىغانلىقىدىن قاتتىق گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭدا «باشقىچە يامان غەرەز بارمىكىن[①]» دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ۋە جاڭ پېيىۋەننى باندىتلارنى يوقىتىش باش قوماندانى دېگەن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ شۇنداقلا ئۇنى دەرھال ئۆلكە مەركىزىگە قايتىشقا بۇيرۇيدۇ. جاڭ پېيىۋەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋېلىپ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. ئۇ مېڭىش ئالدىدا «بۇنىڭدىن كېيىن جىن شۇرېننىڭ ئىشى بىلەن كارىم يوق[②]» دەيدۇ ۋە ئىلىغا قايتىپ كېتىدۇ. جاڭ پېيىۋەننىڭ «سىلىق - سىپايە يول بىلەن ھەل قىلىش» سىياسىتىنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشى ئەسلىدە سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش ئىمكانىيىتى بار مالىمانچىلىقنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋېتىدۇ، جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ بۆلۈنۈش پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جاڭ پېيىۋەن ئىلىدا مۇستەقىل پادىشاھ بولۇۋېلىپ، بەزى مەسىلىلەردە جىن شۇرېن بىلەن ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرۇش مەيدانىنى تۇتىدۇ.

① «يولۋاسنىڭ ئەسلىمىلىرى»، 114 - بەت.
② «يولۋاسنىڭ ئەسلىمىلىرى»، 115 - بەت.

# 3 ـ بۆلۈم ما شىمىڭنىڭ بۇيرۇق بويىچە شىنجاڭغا كىرىشى، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ شەرقىي شىنجاڭدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭىيىشى

جىن شۇرېن جاڭ پېييۈەننى شەرقىي يولنىڭ باندىتلارنى يوقىتىش باش قوماندانلىقىدىن ئېلىپ تاشلىغاندىن كېيىن، چۆچەكنىڭ مەمۇرىي باشلىقى لى خەيرۇنى قۇمۇلغا بېرىپ دىۋىزىيە باشلىقى قوشۇمچە شەرقىي يولنىڭ مۇھاپىزەت قوماندانلىقىنى ئۆتەشكە يۆتكىدى. لى خەيرۇ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ باندىتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن تاغقا كىرىشى بىلەن ئۇ-رۇش مالىمانچىلىقى قايتا قوزغالدى، لى خەيرۇ ھەربىي ئىشلاردىن خەۋىرى بولمىغاچقا، ئۇدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. خوجانىياز يەر شارائىتىنىڭ قولايلىق ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، قۇمۇل ئەتراپىدىكى بىرمۇنچە كەنت - بازارنى ئېلىش بىلەنلا قالماي، نۇرغۇن «ئوزۇق - تۈلۈك، قورال - ياراغ» غەنىيمەت ئالدى، لى خەيرۇنىڭ قورال - ياراغلىرىنى تاشلاپ قېچىپ، تازا رەسۋاسى چىقتى. لى خەيرۇ جىن شۇرېنغا جىددىي تېلېگرامما يوللاپ ياردەم تەلەپ قىلدى. جىن شۇرېن غەيرىتى بار، پەمى يوق بىرىگادا باشلىقى ليۇ جىيبەننى ئالدىنقى سەپ باش قوماندانى بولۇپ قۇمۇلغا بېرىپ ياردەم بېرىشكە بۇيرۇدى. ليۇ جىيبەن قۇمۇلغا بېرىپلا قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ تاغقا كىرىپ، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنى بىر يولىلا بېسىقتۇرۇش غەرىزىدە بولغانىدى. كۈتۈلمىگەندە بۇيرۇق بويىچە ما جۇڭيىڭ ئۈچۈن 2 ـ قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ رازۋېدكا قىلىۋاتقان ئاز ساندىكى ما خېيىڭ قىسمىغا يولۇقۇپ قالدى، ليۇ جىيبەن قىسمى «گاسىلىڭ» كەپتۇ، دەپ ئويلاپ، جەڭ باشلانغىچە توپ - زەمبىرەكلىرىنى تاشلاپ قېچىپ، ئۇرۇش-مايلا ئۆزلۈكىدىن تارمار بولدى، ليۇ جىيبەن توسۇپمۇ توختىتالماي،

ئۆزى يارىلىنىپ ئۆلىدۇ، ما خېيىلىڭ 50 تەلەك ئادەم ئازغىنە ئەسكىرىي كۈچى بىلەن جىن شۇرېن قوشۇنىنىڭ بىر بىرىگادىسىنى مەغلۇپ قىلىدۇ، بۇنىڭدىن جىن شۇرېن قوشۇنىنىڭ چىرىكلىشىپ قانداق دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

خەۋەر ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىش بىلەن، پۈتۈن شەھەرنى ھەيران قالدۇردى. قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى كۆرىشىدىن بۇيان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى نەپەر بىرىگادا باشلىقى ئۆلدى، ئىككى بىرىگادىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى تارمار قىلىندى. بۇ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئالغاندا، ئېغىر زەربە ئىدى. ئۈرۈمچى شەھىرى ئىچىدە «مىش-مىش گەپلەر كۆپىيىپ كەتتى، خەلق ئالاقزادە بولۇشتى»، «تىنچلىق ساداسى بەك ئەۋج ئېلىپ كەتتى①». بۇنداق ئەھۋالدا، جىن شۇرېن «يوقىتىشنى تەسەللى بېرىشكە ئۆزگەرتىش»كە مەجبۇر بولدى، ئۇ بىر تەرەپتىن، ئەمدىلا سېتىۋالغان ئايروپىلاننى قۇمۇلغا يۆتكەپ ئاپىرىپ، شۇنىڭ بىلەن قوشۇندىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، ئۆز ئورنىدا مەھكەم تۇرغۇزماقچى بولدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، داۋاملىق تىنچلىق سۆھبەت نەيرىڭىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئاخىرلاشقان ئۆمرىنى ئۇزارتماقچى بولدى.

جىن شۇرېن ئۈرۈمچىدە بىر تىنچلىق ۋەكىللىرى ئۆمىكى تەشكىللىدى، ئۇنىڭ ئەزالىرى مامۇت بەگ (تەرجىمان)، روزى ھاجى (سودا سارىيىنىڭ جىڭلىسى) قاتارلىقلار بولۇپ، بىرمۇ ھۆكۈمەت ئەمەلدارى يوق، بۇنداق ئۆمەكنىڭ ھەرقانداق زور مەسىلىنى ھەل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ۋەكىللەر ئۆمىكى يولغا چىقىش ئالدىدا، جىن شۇرېن ئۇلارغا ئاۋۋال يولۋاس بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى، سۆھبەت قاملاشمىغاندا، ئاندىن خوجانىياز بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىشنى تاپىلىدى. ئەينى ۋاقىتتا، يولۋاس ئەسكىرىي كۈچى جەھەتتە ئەلۋەتتە خوجانىيازغا يېتەلمىسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي ئابروي ۋە سىياسىي ئورۇن

① «يولۋاسنىڭ ئەسلىمىلىرى»، 125 - بەت.

جەمەتتە غوجانىيازدىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئىككىيلەننىڭ تىلى بىر، دىلى باشقا بولۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا غەرىزى بار ئىدى، شۇڭا ھەربىي ھەرىكەت ۋە سىياسىي فاڭجىن جەمەتلەردە دائىم ئىختىلاپ بولۇپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىق شېرىكچىلىك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلار بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايتتى، شۇنداق قىلمىغاندا، جىن شۇرېن قوشۇنى تەرىپىدىن يوقىتىلىش ئېھتىمالى بار ئىدى.

تىنچلىق ۋەكىللىرى ئۆمىكى قۇمۇلغا يېتىپ بېرىپ، ئالدى بىلەن يولۋاسنى تېپىپ سۆھبەتلەشتى. يولۋاس بىرى، جىن شۇرېننىڭ تەھدىتىنى ئېنىق بىلمىگەچكە، ئالدىنىپ قېلىشتىن قورقتى؛ يەنە بىرى سۆھبەتكە قاتناشقانلارنىڭ دەرىجىسىنى بەك تۆۋەن كۆرگەچكە، رەت قىلدى. تىنچلىق ۋەكىللىرى ئۆمىكى جىن شۇرېننىڭ يوليورۇقى بويىچە، ئۇنى تاشلاپ خوجانىياز بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى، ئىككى تەرەپ سودىلىشىپ، ئاخىر كېلىشىم ھاسىل قىلدى. جىن شۇرېن 100 دەن بۇغداي، 40 مىڭ سەر كۈمۈش بېرىپ، بەدىلىگە خوجانىياز 2000 تالدىن ئارتۇق مىلتىقنى ئالدىغان بولۇشتى. ئىككى تەرەپ كېلىشىمگە ئىمزا قويدى، لېكىن ھېچقايسىسىدا سەمىمىيەت يوق ئىدى. جىن شۇرېن ئالدى بىلەن يولۋاستىن مىلتىق تاپشۇرۇۋېلىشقا ئادەم ئەۋەتتى، يولۋاس، بىرى، خوجانىيازنىڭ ئۆز ئالدىغا جىن شۇرېن بىلەن توختام تۈزۈشكىنىگە نارازى بولدى، يەنە بىرى، جىن شۇرېن بەرگەن بۇغدايدىن ئۆزى «زەررىچە ئالالمىدى»①؛ ئۈچىنچىسى، بۇ كۆز ئالدىدىكى زىياننى تارتقۇسى كەلمىدى، شۇڭا مىلتىقنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى. خوجانىيازمۇ مىلتىق تاپشۇرۇش كېلىشىمىگە ئەمەل قىلمىدى، تىنچلىق سۆھبىتى مەغلۇپ بولغان بولدى. ئەسلىدە، خوجانىيازنىڭ سۆھبەتكە قوشۇلۇشتىكى مەقسىتى، بىرى، جىن شۇرېننى چۆچۈتۈش، يەنە بىرى، جىن شۇرېندىن ئاز - پاز پۇل ئېلىۋېلىش ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، خوجانىياز بىلەن يولۋاسنىڭ قوشۇنلىرىدىكى مىلتىقنى

① جاڭ داجۈن: «مىنگودىن بۇيانقى شىنجاڭ»، «شىنجاڭ تەتقىقاتى» 114 ـ بەت.

ئەينى ۋاقىتتا، خوجانىياز بىلەن يولۋاسنىڭ قوشۇنلىرىدىكى مىلتىقنى قوشقاندىمۇ، بىرەر 1000 تالدىن ئاشمايتتى. 2000 تال مىلتىق بار دېگەنلىرى قۇرۇق ھەيۋىدىنلا ئىبارەت ئىدى.

بۇ چاغدا جىن شۇرېن ھۆكۈمران گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يوقىتىشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەرنىڭ ساداسى بەك يۇقىرى بولۇپ، لۇ شياۋزۇ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ۋەكىل ئىدى. ئۇ قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇشنى كۈچلۈك قۇۋۋەتلەپ، «يامانغا رەھىم قىلىپ بالا تاپقاندىن كۆرە، ئۇنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىۋەتكەن تۈزۈك[1]» دەپ ھېسابلىدى. شۇنىڭ بىلەن، يوقىتىشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر يەنە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. 1932 - يىلى يازدا، جىن شۇرېن شېڭ شىسەينى «شەرقىي يولنىڭ باندىتلارنى يوقىتىش باش قوماندانى» قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنىڭ قىسمى تۆت يولغا بۆلۈندى: بىرىنچى يولنىڭ قوماندانى فۇ چۈەن، ئىككىنچى يولنىڭ قوماندانى جاڭ پېيشيۇ، ئۈچىنچى يولنىڭ قوماندانى ياڭ جىڭجۇڭ، تۆتىنچى يولنىڭ قوماندانى يەنىلا ئەل بولغان رۇس قوشۇنىدىكى پاپپىنگورت بولدى. ئۇنىڭ يول باشلىغۇچىسى مېڭ شۇيىنىڭ قىسمىدىن تەركىب تاپقان جەسۇرلار ئەترىتى بولۇپ، بۇنىڭغا بىر برونېۋىك ئاپتوموبىل بېرىلگەن. بۇ تۆت يولنىڭ قوشۇنى بىللە بىلەن، گۇچۇڭ، مورى ئارقىلىق تىيانشان تېغىدىن ئۆتۈپ، كېچە - كۈندۈز مېڭىپ، توپتوغرا قۇمۇلغا يېتىپ باردى.

شېڭ شىسەي قوشۇنى بېسىپ بارغاندا، يولۋاس ئېغىر ساراسىمىگە چۈشۈپ، شېڭ شىسەي بۇ قېتىم قۇمۇلغا قوشۇن تارتىپ كېلىشىدە، ئاساسلىق تىغ ئۇچىنى ماڭا قارىتىدۇ، دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن، يولۋاس بىر تەرەپتىن گەنسۇدىن ئەسكەر يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن ما خېيىڭنى دەرھال قايتۇرۇپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ، شېڭ شىسەيگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرماقچى بولدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خوجانىياز بىلەن يارىشىپ، «ئىچكى تالاش - تارتىشنى توختىتىپ كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ جىن شۇرېن قوشۇنىغا قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولدى[2]». ئەمەلىي كۈچ

---

① «يولۋاسنىڭ ئەسلىمىلىرى»، 131 - بەت.
② جاڭ دالجۈن: «مىڭگودىن بۇيانقى شىنجاڭ»، «شىنجاڭ تەتقىقاتى» 114 - بەت.

جەھەتتىكى پەرقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يولۋاسمۇ، خوجانىيازمۇ ئوخشاشلا ئىمكانقەدەر شېڭ شىسەي قوشۇنى بىلەن يۈزمۇ يۈز ئۇرۇش قىلماسلىق فاڭجېنىنى قوللىنىپ، كۆپ زىيان - زەخمەتكە ئۇچراشتىن ساقلانماقچى بولدى.

شېڭ شىسەي تۆت يول قوشۇننى باشلاپ، قۇمۇلغا كىرگەندىن كېيىن، ھەر تەرەپكە جازا يۈرۈشى قىلىپ، چوڭ - كىچىك 40 نەچچە قېتىم جەڭ قىلدى. يولۋاس بىلەن خوجانىيازلار دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچىدىن چەتلەپ ئۆتۈپ ئاجىز يېرىگە ھۇجۇم قىلىشتەك جەڭ ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن، تېز ئۇرۇشۇپ تېز ھەل قىلىشقا ئامالسىز قالدى، شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، قەدەمدە بىر ئىستىھكام قۇرۇپ، پۇختا ئورۇنلىشىپ، سالماقلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنىنى قوللىنىپ، قايتا - قايتا غەلىبە قازاندى. شېڭ شىسەي قوشۇنى يولۋاس ۋە خوجانىياز قىسىملىرىنى ۋۇداۋگۇ، سەكرا، قىزىلىيار، چەپەيدىن داۋاملىق قىستاپ نارىن، باغداشقىچە ئاپىرىپ قارلىق تاغقا كىرگۈزۈۋەتتى، ئاندىن كېيىن مۇھاسىرە قىلىپ، پۈتۈنلەي يوقىتىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتتى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، خوجانىياز بىلەن يولۋاس ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى پەيدا بولدى. يولۋاس قىسىملارنى پىچانغا چېكىندۈرۈپ، يەرلىك ئاممىنى قوزغاپ، ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋېلىپ، جىن شۇرېن قوشۇنى بىلەن قايتا ئۇرۇش قىلىشنى قۇۋۋەتلىدى؛ خوجانىياز بولسا، پىتياۋچۇيىنى قەتئىي ساقلاشنى قۇۋۋەتلىدى. ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە يول قويمىدى، ئاخىر ھەركىم ئۆزى خالىغان يولغا مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. شېڭ شىسەي قوشۇنى پىتياۋچۇيگە بېسىپ بارغاندا، خوجانىياز توسۇۋالالماي، تەسلىم بولغان بولۇپ 50 تال مىلتىقنى تاپشۇرۇپ، ئاخىرى كېچىدە مۇھاسىرىدىن قېچىپ چىقىپ، يولۋاسقا يېتىشىپ، بىرلىكتە پىچانغا باردى. ئۇلار يەرلىك خەلقنىڭ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، قوشۇنلىرىنى كېڭەيتىپ تولۇقلاپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى كۆپەيتىپ، تۇرپان، پىچان، توقسۇندا يەنە بىر ئۇرۇش مەيدانى ئاچتى. جىن شۇرېن خەلق قەلبىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن، شۇ

قوتقۇزۇپ، ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان ئۆيلەرنى رېمونت قىلىشىغا ياردەم بەردى.

1932 - يىلى 8 - ئايدا، ما جۇڭيىڭنىڭ ما خېيىڭنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن، بۇنى شىنجاڭغا كىرىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قاراپ، شۇئان تۇەنجاڭى ما شىمىڭنى «چىلان تورۇق ئاتلىقلار پولكى» نى باشلاپ، چىڭتۇڭشيادىن چىقىپ شىنجاڭغا بېرىپ، جىن شۇرېننىڭ ئارقا سېپىنى قالايمىقان قىلىشقا ئەۋەتتى. ما شىمىڭ پىچاندا يولۋاس، خوجانىيازلار بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ما جۇڭيىڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى يەتكۈزگەندىن تاشقىرى، يەنە بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلىش قوماندانلىق شتابى تەشكىللىدى. ما جۇڭيىڭ قوماندان، يولۋاس سىلاۋچى (شۈەنيۈسى) خوجانىياز جەنۇبىي يول باش قوماندانى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ما شىمىڭ پىچاندا يولۋاس، خوجانىيازلار بىلەن بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلىپ، يەرلىك خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ جايلارنى ئىگىلەپ، كۆپ قېتىم غەلىبە قازاندى. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئۇلار مۇھاپىزەتچى قىسىمنىڭ تەييارلىقسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، پىچان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى، مۇھاپىزەتچى قىسىمنىڭ قورال - ياراغلىرىنى غەنىيمەت ئالدى. ما جۇڭيىڭ، يولۋاس، خوجانىياز قىسىملىرى پىچاننى تايانچ بازا قىلىپ، «دىنىي شوئار بىلەن» توقسۇن، تۇرپان ئەتراپىدا دائىم پائالىيەت قىلىپ، جىن شۇرېن قوشۇنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان شەھەر - بازىلارغا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ تۇردى.

خەۋەر ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىپ، يۇقىرى - تۆۋەننى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. جىن شۇرېن يۆتكىگۈدەك ئەسكىرى بولمىغاچقا، مەغلۇپ قوماندان شيۇڭ فايۇنى يېڭىۋاشتىن ئىشقا سېلىشقا مەجبۇر بولدى. شيۇڭ فايۇ بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋېلىپ، شۇئان يەتتە قۇدۇقتىن يولغا چىقىپ، تېزلا پىچانغا يېتىپ باردى. ئۇ قۇمۇلدا مۇھاسىرە قىلىنغان ئۆچمىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن، يول بويى بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈردى. 1933 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، پىچان ناھىيە شەھىرىنى يېڭىۋاشتىن تارتىۋېلىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قەست قىلغان، دېگەن جىنايەت بىلەن ئاھالىنى ئۆلتۈردى.

يەرلىك خەلقنىڭ ھەققانىي غەزىپى تېشىپ، 10 مىڭ كىشىلىك نامايىش قوزغاپ، ئۇنىڭ ياۋۇزلۇقىغا ئېتىراز بىلدۈردى. شېڭ فايۇنىڭ ھايۋانىي-لىقى تۇتۇپ، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ شەھەرنى ئۈچ كۈن قىرغىن قىلىپ، ئۆچ ئالدى.

شېڭ فايۇنىڭ پىچاندىكى بۇ خىل ياۋۇزلۇقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەققانىي غەزىپىنى قوزغىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، تۇرپان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھەدەپ قاقتى - سوقتى قىلىپ، سەنباۋ، مۇرتۇق قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىنى 1000 دىن قوناق تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلاش بىلەن ئەسلىدە كەسكىنلىشىپ كەتكەن ئىج-تىمائىي زىددىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. يولۋاس، خوجانىياز، ما شىمىڭلارنىڭ قىسىملىرى پىچانغا كىرگەندە، مامۇت، ئابدۇللا داموللا، قۇربان سىيىت، ھەمدۇللا ئاخۇن قاتارلىقلار يەرلىك خەلقنىڭ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، مەخپىي قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ، تەشۋىق ۋەرەقىلىرى تارقىتىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈستى-دە غولغۇلا قىلىشتى. 1932 - يىلى 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ما شىمىڭ پىچاندىن لۈكچۈنگە بېرىپ، خوجانىياز سەنباۋغا يېتىپ كەلدى، دېگەن نام بىلەن، مامۇت قاتارلىقلارنى سەنباۋدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈر-دى. جىن شۇرېننىڭ ئۈچ يۈز كىشىلىك قوشۇنى ئۇلارنى «يوقىتىش» ئۈچۈن سەنباۋغا كەلدى، نەتىجىدە مەغلۇپ بولدى. ئۇنىڭ قوراللىرى مامۇت باشچىلىقىدىكى قىسىم تەرىپىدىن غەنىيمەت ئېلىندى. سەنباۋدا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنىڭ تەسىرىدە، ياڭخى، مۇرتۇق، لۈكچۈن، لەمجىن قاتارلىق جايلاردىمۇ ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. ما شىمىڭ تېزلىكتە سەنباۋغا كەلدى، بىرلىكتە پىلانلاش ئارقىلىق، مامۇت قاتارلىق-لار ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە 1000 دىن قوناق تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ جايلاردىكى ئاھالىدىن 3200 ئادەمنى قوراللاندۇ-رۇپ، تۇرپانغا يىغىلىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ما شىمىڭ بىلەن مامۇتنىڭ قىسىملىرى جىن شۇرېننىڭ گو-جۇڭ، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، جىددىي

تەييارلىق ئارقىلىق جىن شۇرېن قوشۇنىنىڭ 200 دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى، قالغانلىرى تارمار بولدى، ما شىمىڭ، مامۇت قىسىملىرىنى باشلاپ چوڭ يارغۇلغىچە قوغلاپ باردى، ئىككى تەرەپ ئىككى قېتىم جىددىي جەڭ قىلدى، جىن شۇرېن قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ داۋانچىڭغا چېكىندى. بۇ قېتىمقى جەڭدە، مامۇت، ما شىمىڭ قىسىملىرى نۇرغۇن قورال - ياراغ غەنىيمەت ئالدى، كۈچى تېخىمۇ زورايدى.

ما شىمىڭ، مامۇتلار غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، قىسىملىرىنى قايتۇ- رۇپ تۇرپان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان تۇەنجاڭ ما فۇمىڭ ياڭ زېڭشىننىڭ «خۇيزۇ ئەترىتى» دېگەن بىر قابىل ئادىمى ئىدى. چۆچەكتە بىر مەھەل مۇئاۋىن قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىدا، ئۇ ئىشەنچىگە ئېرىشەلمىگەن، شۇڭا ئۇ بەك نارازى بولۇپ، «ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزگىرىش قىلىش نىيىتىدە بولۇپ كەلگەنتى» ، لېكىن مامۇتنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا ئىشەنمىگەچكە، ئىنچىل ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەي، كۆزىتىپ بېقىش پوزىتسىيە- سىنى قوللانغانىدى. مامۇتنىڭ ۋەكىلى تۇرپاننىڭ كونا شەھىرىگە بېرىپ ئۇنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگەندە، ما فۇمىڭ دەرھال ماقۇل بولۇشقا پېتىن- نالمىدى. مامۇت ما فۇمىڭنى قورال كۈچى بىلەن تەسلىم قىلىش قارارىغا كېلىپ، قىسىملىرىنى باشلاپ كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى، ئابدۇللا ئامىننى باشلاپ شەھەر دەرۋازىسىغا ئوت قويدى. ما فۇمىڭ ئەھۋالنىڭ يامانلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ كەتمىنىنى چاپمايدىغانلىقىنى جاكارلاپ، 1933 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، مامۇت قاتارلىقلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلدى: ما فۇمىڭ تۇرپان شەھىرىنىڭ مۇداپىئە قوماندانى بولدى، ئىككى دانە زەمبىرەك، سەككىز تال ئاپتومات، 1200 تال مىلتىق ۋە نۇرغۇن ئوق - دورا تاپشۇردى، مامۇتنىڭ قىسمى تۇرپاننىڭ كونا شەھىرىگە كىرمىدى. ئاندىن كېيىن، ما فۇمىڭ ئۆزىنىڭ نامىدا شېڭ فايۇغا ياردەم سوراپ بىر پارچە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇنى تۇرپان شەھىرىگە ئاپارماقچى بولدى. شېڭ فايۇ بۇ پىلاندىن بىخەۋەر، بىر روتا ئەسكىرىنى باشلاپ پىچاندىن تۇرپانغا بارماقچى بولۇپ كېتىۋاتقان-

دا، ماﯞتىنىڭ پىستىرما قوشۇنى تەرىپىدىن تىرىك تۇتۇلۇپ، تۇرپانغا ئاپىرىپ پارە - پارە قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى، ئۆلۈكى كوچىغا تاشلاندى، «بۇنى كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن يوللار توسۇلۇپ كەتتى[1]».

جىن شۇرېن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بۇ جىددىي ۋەزىيىتىگە قاراپ، سەكراتقا چۈشۈپ، ئۆزىنى مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ 1933 - يىلى 1 - ئايدا، شىڭ شىسەيگە قوشۇن باشلاپ پىچان، تۇرپانغا بېرىپ، مالىمانچىلىقنى تىنچىتىشقا جىددىي بۇيرۇق بەردى. ئۇنىڭغا قوشۇپ جەنۇبىي شىنجاڭ باندىتلارنى يوقىتىش باش قوماندانى ھەم ئۇنىڭ مۇئاۋىنى چېن يىڭشيۇ، سىرىك (موڭغۇل ئىنالچى - جۇنۇۋاڭ) لارنى موڭغۇل ئاتلىق قىسىمنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ «باستۇرۇش-قورقىتىش» قا بەلگىلىدى. شىڭ شىسەي بۇيرۇققا بىنائەن پىتياۋچۇيدىن تۆت مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، پىچان، تۇرپانغا ئېتىلىپ باردى، ماﯞتلارنىڭ قىسمى تەڭ كېلەلمىدى، پىچان، تۇرپان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىڭ شىسەي قوشۇنى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى، ما شىمىڭ، يولۋاس، خوجانىياز، ماﯞتلارنىڭ قىسىملىرى لەمجىن، لۈكچۈن، توقسۇن ئەتراپىغا چېكىندى. شۇ يىلى 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ما شىمىڭ، مۇسۇل ھاجى، تاھىر بەگ، ئېزىز باي، يۈسۈپ، ئىمىنئاخۇن قاتارلىقلار قىسىملىرىنى باشلاپ قاراشەھەرگە چېكىنىپ باردى. بۇلار بېرىشتىن بۇرۇن، ھاپىز يەرلىك خەلقنى قوزغاپ قاراشەھەر مەمۇرىي مەھكىمىگە بۆسۈپ كىرىپ، مەمۇرىي باشلىق نيۇشىنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ئۆلتۈرگەن، لۇيجاڭ يەن شىكۈي ۋە ھاكىم ما ×× لارنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەندى. ما شىمىڭ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، «36 - شىدىكى باندىتلارنى يوقىتىش باش قوماندانلىق شتابى» نى قۇردى، ئۆزى باش قوماندان بولۇپ، جىن شۇرېنغا قارشى ئۇرۇش ئوتىنى كۈچا، بۈگۈر، باي ۋە ئاقسۇغىچە ياماشتۇردى.

ماﯞتىنىڭ بىر قىسىم قوشۇنى تۇرپان، توقسۇندا شىڭ شىسەي بىلەن

---

① ۋۇ ئەيجېن: «شىنجاڭدىكى سىياسەت خاتىرىسى»، خەنزۇچە 31 - بەت.

مامۇتنىڭ بىر قىسىم قوشۇنى تۇرپان، توقسۇندا شېڭ شىسەي بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلدى. 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن باشلاپ ئۇدا ئۈچ كۈن جەڭ قىلدى، ھەمدۇللا، مەخسۇتلار لۈكچۈندە شېڭ شىسەينىڭ ئەل بولغان رۇس قوشۇنى بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا ئۆلدى. خوجانىياز تۇيۇق ئەتراپىغا چېكىندى. 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، شېڭ شىسەي توقسۇندىن ئۈرۈمچىگە قايتتى. چۈنكى، بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭنىڭ يەنە بىر قىسمىدىكى ما چۈەنلۇ قاتارلىقلار پات - پاتلا نەنسەن ئەتراپىدا پەيدا بولۇپ پاراكەندە قىلىپ غايىب بولۇپ، ئۆلكە مەركىزىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاسىتە تەھدىت سېلىۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شېڭ شىسەي جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ ما شىمىڭنىڭ قىسمى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش پىلانىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولغانىدى. مامۇت كۈچىنى بەيياڭخۇغا توپلاپ، ئەسلىدە شېڭ شىسەي قوشۇنى بىلەن يا ئۆلۈم يا كۆرۈم جېڭى قىلماقچى ئىدى، شېڭ شىسەي بۇيرۇق بويىچە ئۈرۈمچىگە قايتقاچقا، شىمالغا يۈرۈش قىلىش قارارىغا كېلىپ، گۇچۇڭ، مورى قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلدى.

كۇچادا، تۆمۈر، كې مازا ئاكا - ئۇكا ۋە ما شىمىڭنىڭ قاراشەھەردە قالدۇرۇپ قويغان ئادىمى ما جەنساڭ قاتارلىقلار ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ، «جىن شۇرېنغا قارشى خەلق قوشۇنى» تەشكىللىدى ۋە ھەمدۇللا بەگ، ئەمەتخان قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، كۇچا شەھىرىنى ئېلىپ، شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان يىڭجاڭنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈردى، كېيىن يەنە بۈگۈر، باينى تارتىۋېلىپ، ئاقسۇغا يېتىپ باردى. ئاقسۇنىڭ مەمۇرىي باشلىقى شۈي يىشەن قەشقەردە تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ شىجاڭى جىن شۇجېنغا جىددىي مەلۇم قىلدى، جىن شۇجى تۈەنجاڭ ياڭ چېڭمىڭ، شى شىتابىنىڭ كانىۋايلار مۇئاۋىن باشلىقى لى دېڭلۇڭلارنىڭ ئۈچ يىڭ ئەسكىرىنى باشلاپ ئاقسۇغا ياردەم بېرىشكە كەلدى. جىن شۇجى «بىلىمسىز، قاراتۇرك»، «زورلۇق بىلەن ئالۋان-ياساق ئېلىپ، شەخسىي خالتىسىغا سېلىشنىلا بىلىدىغان»، قىلچە ھەربىي

ئىقتىدارى يوق بولۇپ[1]، ئاقسۇغا ياردەم بېرىشتە ئۇدا مەغلۇپ بولدى. تۆمۈر پەيزىۋاتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، جىن شۇرېنغا قارشى ئۇرۇش ئەۋج ئېلىپ قەشقەرگە يېتىپ باردى. بۇ چاغدا، قاراقاش، خوتەن، لوپ، كېرىيە، گۇما. قاغىلىق، پوسكام، يەكەن قاتارلىق ناھىيىلەردىمۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاۋاز قوشۇپ، ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈردى، جىن شۇرېنغا قارشى كۈرەش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. جىن شۇجى تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ، زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى؛ لى دېگىلۇڭ مارالبېشىنىڭ شەرقىدىكى جۇ تەي دېگەن جايدا بولغان جەڭدە ئۆلدى؛ قەشقەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقى ما شياۋۋۇ «جەنۇبىي شىنجاڭ باندىتلارنى يوقىتىش قوماندانى» بولسىمۇ، يۆتكىگۇدەك ئەسكىرى يوق «قۇرۇق ھەيكەل قوماندان» بولۇپ قالدى. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ يېڭى مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى دېگەن نامغا تايىنىپ، قىرغىزلار قىسمىنىڭ مۇھاپىزىتىدە، ئاران قەشقەر يېڭىشەھەرنى ساقلاپ قالدى.

مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، جىن شۇرېنغا قارشى كۈرەش شىنجاڭ بويىچە كۆپ قىسىم جايلارغا كېڭەيدى، جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقى جىددىي خەۋپ ئاستىدا قالدى. قۇمۇلنىڭ «بىر قېتىملىق قوزغىلىڭى» شىنجاڭ بويىچە 40 نەچچە ناھىيىگە تەسىر كۆرسەتتى. بۇنى تامامەن جىن شۇرېننىڭ زالىملىقى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## 4 - بۆلۈم ما چۇەنلۇ قىسمىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى ئەتراپىغا قىستاپ كېلىشى. ما جۇڭيىڭنىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كىرىشى. جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى»دە ئاغدۇرۇلۇشى

[1] «يولۋاس ئەسلىمىلىرى»، خەنزۇچە، 152 - بەت.

جەھەتتە ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. ماجۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇش قىلىش جەھەتتىد-
كى ئورۇنلاشتۇرۇشى: شەرقىي شىنجاڭنى بازا قىلىپ، ئۇرۇشنى سىرتقى
لىنىيىگە سۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئۈرۈمچىدە يېڭىدىن ئۇرۇش مەيدا-
نى ئېچىپ، ئۇرۇش ئوتىنى تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا تۇتاش-
تۇرۇپ، شىنجاڭ بويىچە پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىش بىلەن جىن شۇرېن-
نىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى تارقىتىپ، ئۇنى تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قالدۇ-
رۇش، ئاندىن كېيىن ئۆزى بىۋاستە ئاساسىي كۈچىنى باشلاپ شىنجاڭغا
كىرىپ بىر ھۇجۇم بىلەن ئۈرۈمچىنى ئېلىپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى
ئاغدۇرۇپ، ئۆزى «شىنجاڭنىڭ خانى» بولۇش ئىدى. ما شىمىڭ ، ما
جۇەنلۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى ئەتراپىدىكى پاراكەندى-
چىلىكلىرى ما جۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇش قىلىش جەھەتتىكى مۇشۇ ئورۇنلاشتۇ-
رۇشى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى.

1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، ما جۇەنلۇ بۇ بۇيرۇق بويىچە قىسمىنى
باشلاپ ئۈرۈمچىگە يېقىن نەنسەنگە ئىلگىرىلەپ بارغاندا، ئۆلكە مەركى-
زى ـ ئۈرۈمچى شەھىرىگە چوڭ دۈشمەن يېقىنلىپ قالغاندەك تۇيۇلدى.
بۇ چاغدا، شىڭ شىسەي، چېن پىنشيۇلار پىچان، تۇرپان ئەتراپىدا ماشى-
مىڭ، خوجانىياز، مامۇتلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۈرۈمچى
شەھىرىدە ئەسكىرىي كۈچ يوق ئىدى، سودىگەرلەر ئادەتتىن تاشقىرى
ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. جىن شۇرېن ئۈرۈمچىنىڭ بىخەتەرلىكىگە
كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، مۇھاپىزەت قوماندانلىق شىتابى
قۇرۇپ، ئۆزى قوماندان بولدى، چېن جۇڭنى مۇھاپىزەت قوماندانلىق
شىتابىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، شەھەر مۇ-
داپىئە قوماندانلىق شىتابى قۇرۇپ، بۇنىڭ قوماندان، مۇئاۋىن قوماندانلى-
قىغا بەي شۇجى (شىبە) ، سۇي چىجىلارنى تەيىنلىدى، جى فېڭلۇ، شيۇڭ
شياۋ يۈەنلەرنى شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىق شىتابىنىڭ ھەربىي تەمىنات
باشقارمىسى ۋە ئالاقە باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، مۇھاپىزەت
قوماندانلىق شىتابى ۋە شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىق شىتابلىرىنىڭ خىزمە-
تىگە ياردەملەشتۈردى. جىن شۇرېن ئۈرۈمچىنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەت-

تىكى بېسىمىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، 1932 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، تۆەنجاڭ زۇX X نى بىر نەچچە يۈز كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ جىمساۋزىغا بېرىپ ما چۈەنلۇنى توسۇشقا ئەۋەتتى. كېيىنكى يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، زۇ X X مـ چۈەنلۇ قىسمىنىڭ كېچىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئاران يۈزدىن ئارتۇق ئادىمى تىرىك قايتىپ، قالغانلىرى ئەسىرگە چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئۈرۈمچى شەھىرى ئالاقزادە بولۇپ كەتتى، 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن باشلاپ، شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنىلا كىرىش - چىقىش ئۈچۈن قالدۇرۇپ، قالغان دەرۋازىلىرىنى 46 كۈنگىچە بەزىدە يېپىپ، بەزىدە تاقاپ قويدى. سودىگەرلەر مىلتىقىنى بەتلەپ شەھەرنى مۇداپىئە قىلدى. دۇكانلار پۈتۈنلەي تارقالدى، پوچتا ئىدارىسىنىڭ كەسپىمۇ توختىدى. قورققانغا قوش كۆرۈنۈپ، ھەممىلا ئادەم چۆچۈپ دەككە - دۈككىدە قالدى.

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ما چۈەنلۇ 500 - 600 ئادىمىنى باشلاپ ئۈرۈمچى ئەتراپىغا كىردى ۋە «دىن ئۈچۈن كۆرەش قىلىش» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ياۋ مۇسەننى ئىگىلىدى. بەي شۈجى جىن شۇرېن قوشۇنىدىن 700 دەك ئادەم ۋە 300 كىشىلىك ئەل بولغان رۇس قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ ما چۈەنلۇنىڭ پاراكەندىچىلىكى ۋە ھۇجۇمىغا قارشى تۇردى؛ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىمۇ ئىشنى توختاتتى، بۆلۈم باشلىقىدىن تۆۋەن خادىملارغا بەلگە تاقاپ، قىلىچ تارقىتىپ، نۆۋەت بىلەن شەھەرنى ساقلاشقا قويدى. سودىگەرلەرمۇ خۇددى دۈشمەن كەلگەندەك، مىلتىقلىرىنى بەتلىشىپ شەھەرنى مۇداپىئە قىلدى»①. شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدا ھەربىي ۋە ساقچىلار كېچە - كۈندۈز كۆزەت قىلىشتى، كەچ بولۇش بىلەنلا كېچىدە يۈرۈش مەنئىي قىلىندى، ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى تەكشۈرۈپ تۇرۇلدى. ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ھەممىلا يەرگە «خەلقنى خاتىرجەم قىلىش ئېلانى» چاپلاپ ئاھالىنىڭ سەۋەبسىز يۆتكىلىشىگە رۇخسەت قىلمىدى، «پىتنە - ئىغۋا مەنئى قىلىنىدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۇ-

① ۋۇ ئەيجېن: «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى»، 30 - بەت.

لىدۇ» دېگەن ئېلانلار كوچا - كوچىلارغا چاپلاندى[1]. شەھەر پۈتۈنلەي ئۇرۇش ھالىتىدە بولدى.

بۇ چاغدا، جەڭ ئاساسلىقى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي دارۋازىسى سىرتىدىكى چوڭ كۆۋرۈك ۋە قىزىلتاغ ئېغىزى (خۇڭشەنزۈي) ئەتراپىدا بولدى. 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن باشلاپ، جەڭ توختىماي داۋاملىشىپ، توپ - مىلتىق ئاۋازى كۈن بويى ئۈزۈلمىدى. 12 - كۈنى شەھەردە ما چۈەنلۇ قىسمى قىزىل تاغ ئېغىزىغا كىرىپ، ئۇخلاۋاتقان 58 نەپەر ئەسكەرنى بىراقلا يوقىتىپ، قورال - ياراغلىرىنى غەنىيمەت ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر مەھەل شياۋ جياۋچاڭدىكى سىمسىز تېلېگراممىخانا، شىمالىي دەرۋازا سىرتىدىكى ئېگىزلىك - «يىپيو چىڭگۇڭ» (بىر توپ بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئېگىزلىك)، جى جۇسەن تېغى (ئۈمۈچۈك تېغى) ۋە چوڭ كۆۋرۈك قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىدى. ئۇلار پىيادىلەر مىلتىقىنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن داۋاملىق ئەسكىرىي كۈچ تەشكىللەپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، مۇھاپىزەتچى قوشۇن تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. ئىككى تەرەپ غەربىي چوڭ كۆۋرۈك ئەتراپىدا جىددىي جەڭ قىلىشتى. بەي شۈجى قىزىل تاغ ئېغىزى، شىياۋ جىياۋچاڭ قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، چوڭ كۆۋرۈك ئەتراپىدىكى ئاھالىنىڭ ئۆيلىرىنى «ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى». ئۇزۇنلۇقى بىر چاقىرىمدەك كېلىدىغان شياۋ جىياۋ كوچىسى بىردەمدىلا كۆلگە ئايلاندى، يۇ خۇاڭ بۇتخانىسىمۇ كۆيدۈرۈلدى، غەربىي خەلق باغچىسىنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي خارابىزارلىققا ئايلاندى. جەڭ تاكى 22 - چىسلا سەھەر ۋاقىتقىچە داۋاملىشىپ ئاندىن ۋاقىتلىق ئاخىرلاشتى. «قەيەرگىلا قارىسا ئۆلۈكلەر ياتقان، چىداپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس»[2]. گۇڭ بىچېڭ، ۋۇ ئەيچېن قاتارلىق كىشىلەر تەشكىللىگەن خەير - ساخاۋەت جەمئىيىتى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى بىر كۈندىلا قىزىل تاغ ئېغىزى، چوڭ كۆۋرۈك ئەتراپىدىن 1000 ئارتۇق جەسەتنى توشۇغان. بەزىلەرنىڭ مۆلچەرىچە ئۇرۇش ئوتىدا ئۆلگەنلەر 2000 - 3000

---

① ۋۇ ئەيچېن: «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى»، 30 - بەت.
② ۋۇ ئەيچېن: «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى»، 31 - بەت.

ئادەمگە يېتىدۇ.

1933 ـ يىل 2 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە، ئىككى تەرەپ ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپىدا تىركىشىش ئۇرۇشى ئېلىپ باردى، ئۇرۇش ئوتى چېيەندىي (شەندۇبا)، سانجى، فۇكاڭ، قۇتۇبى، سۇيلەي (ماناس) قاتارلىق جايلارغا كېڭەيدى. شېڭ شىسەي، چېن پېڭشىيۇلارنىڭ قىسىملىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ، ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلدۇرالمىدى. شېڭ شىسەي قىسمى ما چۈەنلۇ قىسمىنىڭ كولدۇرلىتىشى بىلەن ئىنتايىن پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، بۈگۈنى ئۈرۈمچىنى قوغداش جېڭىگە قاتناشسا، ئەتىسى يەنە فۇكاڭنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا باردى، بىر يەردىكى جەڭ ئاخىرلاشقۇچە، يەنە بىر جايدا جەڭ بولۇپ تۇرغاچقا، ئۇياق ـ بۇياققا چېپىپ يۈرۈپ ھالىدىن كەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى جېنشىسى (بارىككۆل)، قۇمۇل، تۇرپان پىچان قاتارلىق جايلاردىن كېچىپ، ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ ئۈرۈمچى شەھىرىنى ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ چاغدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاھالىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئوتۇن ـ كۆمۈرى كەمچىل بولۇپ، كۆپلىگەن ئادەملەر «خەير ـ ساخاۋەت جەمئىيىتى» ئۇماچخانىسىنىڭ ئازغىنە سەدىقىلىرىگە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزدى. بەزىلەر نائىلاج ئالتۇن ـ كۈمۈشتە ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرىغا ئاشلىق تېگىشىپ يېدى. ئىككى ـ ئۈچ مىسقال ئېغىرلىقتىكى بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈككە بەزىدە، يۈز جىڭ ئۇنمۇ تېگىشەلمىدى. ئالتۇن ـ كۈمۈش جابدۇقى يوق كەمبەغەللەر ئاچارچىلىققا چىداشقا مەجبۇر بولدى ھەتتا ئۈچ ئائىلىك كەمبەغەلنىڭ ئۆلۈك ئىتنى تالىشىپ يېيىشتەك پاجىئەلىك ئەھۋالىمۇ كۆرۈلدى. كىشىلەر يېقىلغۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، لىيۇ جىنتاڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە تاشلىۋېتىلگەن كۆمۈر توپىلىرىنى كولاپ چىقاردى، ئۆيلىرىدىكى ياغاچ سايمانلىرىنى يېقىلغۇ ماتېرىيالى قىلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ قالايدىغان ئوتۇن، كۆمۈرى يوق، «لەمپە ـ تورۇسلىرىنىڭ ياغاچلىرىنى يېرىپ ئوتۇن قىلىپ قالاپ ئىسسىنىشتى»[1]. مۇشۇنداق ئوزۇق ـ تۈلۈك ـ ئوتۇن ـ كۆمۈر تۈگىگەن پەيتتە، جىن شۇشىن ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ

① ۋۇ ئەيجېن: «شىنجاڭدىكى سىياسەت خاتىرىسى» 34 ـ بەت.

باشلىقى لى يەنمىڭغا ئوخشاش پارىخور ئەمەلدارلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يۇقىرى باھادا ئاشلىق سېتىپ، نۇرغۇن پايدا ئېلىشتى. ئەينى ۋاقىتتا، ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئولتۇرۇشلۇق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى ۋۇ ئەيچېن بۇ ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەم ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى ئۆزىنىڭ «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى» گە يازغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «شەھەر دەرۋازىسى ھەر كۈنى تاقاقلىق بولغاچقا، گۆشنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغانغا ئۇزۇن بولدى، كۆكتاتمۇ بەك كەمچىل، گۈرۈچ تۈگەپ سۇيۇق ئاش قىلىپ ئىچتۇق، دۇجۇر بىلەن تۇرۇپنى ئارىلاشتۇرۇپ يېدۇق، بۇنداق كۈلپەتنى بايان قىلسام بەك كۆپ! » ئۈرۈمچىدە « ئاشلىق، كۆمۈر، سۇمۇ يوق، ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرىدىغانغا ئازلا قالدى، ئۆيدە ناگان بار ئىدى، ئائىلە بويىچە قۇربان بولۇشقا رازى بولۇشتۇق»①. بۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىسىنىڭ ھالى مۇشۇنداق بولغان يەردە، نامرات ئاھالىنىڭ نەقەدەر ئازاپ چەككەنلىكىنى ئويلاپ بىلگىلى بولىدۇ.

ما چۈەنلۇ قىسمىنى باشلاپ ئۈرۈمچى شەھىرى ئەتراپىغا ئېتىلىپ كىرىپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە بىۋاستە تەھدىت سېلىۋاتقاندا، ما جۇڭيىڭ 1933 - يىلى 1 - ئايدا، 3000 كىشىلىك ئاساسلىق قىسمىنى باشلاپ جيۇچۈەندىن چىقىپ، ئىككىنچى چىقىشتا، ما خۇڭدانىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن②. 2 - ئاينىڭ بېشىدا، ما جۇڭيىڭ قۇمۇلنىڭ ئۈچ شەھىرىنى ئىگىلەپ بولۇپلا يەنە جىنشى (بارىكۆل) نى ئالدى ۋە قۇمۇلنى بازا قىلىپ، قوماندانلىق مەركىزى قۇردى. ماشىنىڭ، ما چۈەنلۇ قىسىملىرى جىن شۇرېننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسىمىنى ۋە ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق شىڭ

① ۋۇ ئەيچېن: «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى» 32 -، 34 - بەت.

② 1933 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، خۇاڭ مۇسۇڭ بىلەن بىللە شىنجاڭغا كىرگەن جاڭ جيەن، لەنجۇدىكى جىياڭسۇ مېھمانخانىسىدىن خۇاڭ مۇسۇڭغا بىر پارچە مەخپىي دوكلات يازغان، ئۇنىڭدا: ما جۇڭيىڭ بۇ قېتىم شىنجاڭغا كىرىشتە، ما خۇڭدانىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. ما خۇڭدا ما جۇڭيىڭنىڭ ھەربىي تەمىناتىغا ياردەم بەرگەندىن تاشقىرى، يەنە ما جۇڭيىڭغا بىر سىمسىز تېلېگراف بەرگەن. بۇ ئاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان چاغدا، ماجۇڭيىڭ بىلەن كېلىشەلمەيدىغان ما بۇفاڭ تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنغان، دېپ كۆرسىتىلگەن. خۇاڭ مۇسۇڭ جاڭ جيەننىڭ بۇ مەخپىي دوكلاتىنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى مەمۇرىي پالاتاسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جىڭۋېيغا يەتكۈزۈپ بەرگەن.

شىمەي قىسمىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۇنى شەرق تەرەپتىن خەۋەر ئېلىشقا
ئامالسىز قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن، ما جۇڭيىڭ شىڭشىڭشىيادىن قۇمۇلغا
كەلگەندىن كېيىن، يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئىشلار يىغىنى ئېچىپ،
غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. يىغىندا، ئۇلار
زوزۇڭتاڭنىڭ ھەربىي يۈرۈش قىلىش لۇشيەنى بويىچە ئەسكەرلەرنى ئىككى
يولغا بۆلۈپ، ئۈرۈمچىنى تارتىۋېلىپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇ-
رۇشنى قارار قىلدى. 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، بىر يولدىكىلەرگە يولۋاس
باشچىلىق قىلىپ، قۇمۇلدىن چىقىپ تيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ
توپتوغرا كېلىپ پىچان، تۇرپاننى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈردى؛ بىر
يولدىكىلەرگە ما جۇڭجېي باشچىلىق قىلىپ، جىنشى (باركۆل) دىن
چىقىپ، مورى، گۇچۇڭ لىنىيىسىنى بويلاپ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ،
ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ يولۋاسنىڭ قىسمى بىلەن قوشۇلدى. ما جۇڭ-
يىڭ باش قوماندان نامى بىلەن قۇمۇلدا تۇرۇپ، ئومۇمىي ئەھۋالنى ئىگى-
لىدى. ما جۇڭجېي قىسمى بارغانلىكى جايدا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ
يېڭىدىن تەشكىللەنگەن 36 - دىۋىزىيىسى نامىدا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە
ئىككى خىل يېزىقتا ئېلان چاپلاپ، 36 - دىۋىزىيە «مەركەزنىڭ بۇيرۇقى
بويىچە»، «قىسمىنى باشلاپ غەربكە كەلگەن»، «مەقسىتى جېدەل -
ماجرانى تۈگىتىپ، خەۋپ - خەتەرنى خاتىرجەملىككە ئايلاندۇرۇپ، قېرىن-
داشلارنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش» دەپ تەشۋىق قىلدى.

ئىككى يولدىكى قوشۇن غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەشتە، بىر يولدىكى
يولۋاس قىسمى چوڭ جەڭ قىلمايلا ئىلگىرى - كېيىن پىچان، تۇرپاننى
ئىشغال قىلدى. يەنە بىر يولدىكى ما جۇڭجېي قىسمى يۈرۈش قىلىش
داۋامىدا، يول بويى «جىن شۇرېنغا جازا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭ
خەلقىگە مۇراجىئەتنامە» چاپلاپ ماڭدى، ئۇنىڭدا جىن شۇرېننىڭ ئون چوڭ
جىنايىتىنى كۆرسىتىپ، يەرلىك ئاممىنى 36 - دىۋىزىيە تەرەپتە تۇرۇپ،
«جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان جىن شۇرېنغا بىرلىكتە جازا يۈرۈشى قى-
لىش» قا چاقىرغان. ما جۇڭجېي غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەشتە ھېچقانداق
كۈچ تەڭ كېلەلمىدى، بىر كۈنلا جىددىي جەڭ قىلىپ، مورىنى تارتىۋې-
لىپ، توپتوغرا گۇچۇڭغا يېتىپ باردى. گۇچۇڭنى ساقلاۋاتقان قوشۇن
بىر تەرەپتىن سېپىلگە تايىنىپ مەھكەم مۇداپىئە قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن
ئۈرۈمچىگە جىددىي تېلېگرامما يوللاپ ياردەم تەلەپ قىلدى. ما جۇڭجېي

بىر تەرەپتىن سىپېلىنگە تايىنىپ مەھكەم مۇداپىئە قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈرۈمچىگە جىددىي تېلېگرامما يوللاپ ياردەم تەلەپ قىلدى. ما جۇڭيىڭ سىپېلنىڭ مۇستەھكەملىكىگە قارىماي، مۇستەھكەم ئىستىھكاملارغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىنى قوللىنىپ، كۈچلۈك ھۇجۇم تاكتىكىسى بىلەن گۇچۇڭنى بىردىنلا ئېلىشقا ئۇرۇنغانىدى. ھۇجۇم جەريانىدا «نەچچە يىرىگە ئوق تېگىپ، جەڭ مەيدانىدا ئۆلدى»[1]. ما جۇڭيىڭ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، ئۆزى بىۋاستە قوشۇن تارتىپ گۇچۇڭغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ ئىنىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ئۈرۈمچىدە «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» بولۇپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلدى.

«12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» پۇختا پىلانلانغان بىر قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىش شۇنداقلا شۇ ۋاقىتتىكى سىياسىي ھاياتتىكى زور ئىش ئىدى. بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشنى چېن جۇڭ، لى شياۋ تيەن، تاۋمىڭيۈ، جاڭ شىن، جاۋ دېشۇ، لى فېڭشياڭ قاتارلىقلار قوزغىغان. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا، گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمىگە ئالاھىدە بەلگىلەپ ئەۋەتكەن خادىمى گۇڭ بىچېڭ، بەي يۈيشيۇ ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى ۋۇ ئەيچېنلارمۇ بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشكە قاتناشقان ۋە ئۇنى پىلانلىغان. ئۇلار جېڭ رۇڭچېڭ ۋە ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمنىڭ ماقۇللۇقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ ئاندىن قوزغىغان[2]. ئەيتى ۋاقىتتا، شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭ قىسمىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۆلانبايدىكى سۇي شىڭگودا تۇرۇۋاتاتتى. ئەل بولغان رۇس قوشۇنى بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ ئاۋانگارتى بولدى. ئۇنىڭ باشلىقى باپپىنگورت ۋە ئانتونوپلار ئىلگىرى جىن شۇرېندىن

[1] «يولۋاس ئەسلىمىلىرى»، 157 - بەت.

[2] 1933 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى يېن خۇيچىڭ چېن جۇڭ («12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىش» دىن كېيىن موسكۋاغا بارغان) نىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بەرگەن تېلېگراممىدا: «بۇ قېتىمقى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى يېڭى بىلىملىك ئەربابلار ۋە مەركەزدىكى ئالاقىدار ئەربابلار قوزغىغانىدەك قىلىدۇ» دېگەن. يەنە: «شىنجاڭدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش توغرىسىدا، ۋەكىل چېن جۇڭنىڭ يۈزتۇرانە دېگەنلىرىدىن قارىغاندا: بۇ ئىشنىڭ غۇلغۇلا قىلىنغانلىقىغا ئۇزۇن ۋاقىت بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، مەركىزىي پىرقە بۆلۈمدىن ئالاھىدە بەلگىلەپ ئەۋەتىلگەن گۇڭ بىچىڭ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىسى ۋۇ ئەيچېن، بۆلۈم باشلىقى تاۋ مىڭيۈ ۋە شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى بىر قەدەر يېڭى بىلىمگە ئىگە ئەربابلار بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى 3000 كىشىلىك قوشۇن، ئەل بولۇپ كىرگەن تەخمىنەن مىڭدىن ئارتۇق ئاق رۇس قوشۇنىنى ئىشقا سېلىپ ھەم سۇ بىڭۋېن قىسمى، چېڭ رۇڭچېڭ لۈيىدىكى تەخمىنەن 1000 ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ گەپنى پىشۇرۇپ، ئاندىن قوزغىغان» دېگەن.

ھەربىيلەرنىڭ ماشىنىسىنى تەلەپ قىلغاندا، سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپلا قالماستىن، يەنە تەنبىھكە ئۇچرىغان بولغاچقا، كۆڭلىدە ئاداۋىتى بار ئىدى. ئۇلار 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئاتلىقنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى سوراپ ئېلىشنى باھانە قىلىپ، ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە قوزغىلىپ، ئەل بولغان رۇس قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي كىيىم - كېچەك ئىدارىسىنى ئىشغال قىلىۋالدى ۋە شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئىگىلىۋالدى، بىر قىسمى جىن شۇرېننىڭ دۇبەن مەھكىمىسىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى ۋە ئايرىم - ئايرىم جىن شۇشىن، سۈي چىجى قاتارلىقلارنى تىرىك ئەسىرگە ئالدى. ئەل بولغان رۇس قوشۇنى ئىككىنچى ھويلىغا كىرگەندە، ئاندىن جىن شۇرېننىڭ مۇھاپىزەتچى ئەترىتىنىڭ قايتۇرما زەربىسىگە ئۇچرىدى. ئىككى تەرەپ ئوق چىقىرىشىپ، بىر سائەتكە يەتمەيلا رۇس قوشۇنى ئۈچىنچى ھويلىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. جىن شۇرېن ئىككى تەرەپ ئېتىشىۋاتقان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ بالا - ۋاقىلىرىنى ئېلىپ ئارقا تامدىن سەكرەپ چۈشۈپ، شەھەرنىڭ غەربىي سىرتىدىكى بىرىنچى شۆبە ساقچى ئىدارىسىگە قېچىپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن، ئەھۋالنى كۆزەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىنى توپلاپ، قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىنى مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولدى.

كەچتە، ئەل بولغان رۇس قوشۇنى قوماندانلىق شتابى جىددىي يىغىن ئېچىپ كېيىنكى ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلدى، يىغىنغا ليۇ ۋېنلۇڭ، جۇرۇيچى، لى شياۋتيەن، لى چى، تۇۋېنفېي، چېن جۇڭ، بەي شۈجى، تاۋ مىڭيۈ، گۇڭ بىڭبىڭ، بەي يۈيشيۇ، جاڭ شىن، باپپىنگورت قاتارلىق 20 نەچچە ئادەم قاتناشتى. يىغىندا بەش تۈرلۈك تەكلىپ ماقۇللاندى: 1. دۇبەنلىك تۈزۈمىنى ھەربىي ھەيئەتتى تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىپ، شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىنىڭ لۈيجاڭى جېڭ رۇڭچېڭنى ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ باشلىقلىقىغا بىردەك كۆرسىتىش؛ 2. لىي ۋېنلۇڭنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە كۆرسىتىش؛ 3. ئۆلكە بويىچە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە كېپىللىك قىلىش؛ 4. جىن شۇرېننىڭ

ئادەم ئەۋەتىپ جىن شۈرېنغا تەكلىپ، پىكىرلەرنى يۈزتۇرانە بايان قىلدى. جىن شۈرېن ئۆزىدە يەنە يالڭ جىڭجۇڭ باشچىلىقىدىكى بىر بىرىگادا ئەسكەرىي كۈچ بارلىقىغا تايىنىپ، ئىبلىپ كەلگەن تەكلىپ، پىكىر ۋە لىيۇ ۋېنلۇڭنىڭ ئۈچ خىل كېپىللىكىگە پىسەنت قىلمىدى ھەم يالڭ جىڭجۇڭنى قايتۇرما ھۇجۇم تەشكىللەشكە بۇيرۇدى.

جۈملىدىن، 13 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت ئىككى يېرىمدىن باشلاپ، ئىككى تەرەپ جىددىي جەڭ قىلىشتى. بەي شۇجى قارمىقىدىكى مىڭ كىچالىڭ تۆەنى غەربىي دەرۋازىدىكى ئەل بولغان رۇس قوشۇنىنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، يالڭ جىڭجۇڭ قىسمى شەھەر ئىچىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، رۇس قوشۇنى بىلەن كەسكىن كوچا جېڭى قىلدى. رۇس قوشۇنى بارا ـ بارا بەرداشلىق بېرەلمىدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، جېن رۇڭچېڭنىڭ شەرقىي شىمال قوشۇنى ئاۋ مىڭيۇ، گېمىركىن (ئاپتوموبىل ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) لارنىڭ تەلىپى بىلەن مىلتىق، ئوق ـ دورا ئىبلىپ، رۇس قوشۇنىغا ھەمكارلىشى جەڭگە ئاتلىنىپ، يالڭ جىڭجۇڭ قىسمىنى شەھەر سىرتىغا چېكىندۇردى. شەھەر ئىچىدە قىپقالغان ئىككى تۆەننىڭ ئەمەلدارى، ئەسكەرلىرى نائىلاج قورال ـ ياراغلىرىنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولدى. چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە، جىن شۈرېن ئەھۋالنىڭ يامانلاشقانلىقىغا قاراپ، يالڭ جىڭجۇڭنىڭ مۇھاپىزىتىدە سانجىغا چېكىندى. ئاندىن كېيىن، سۇيلەي (ماناس) ناھىيىسىدىن ئۇمۇمنىڭ پۇلىدىن زورلۇق بىلەن 70 ـ 80 مىڭ يۈەن پۇل ئىبلىپ شىخوغا چېكىنىپ باردى. جىن شۈرېن ئۈرۈمچىگە يەنە بىر قېتىم قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش غەرىزىدە، جاڭ پىييۈەنگە ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تېلېگرامما ئەۋەتتى. جاڭ پىييۈەن ئەسكەر ئەۋەتىشنى رەت قىلىپلا قالماي، ئۇنىڭ ئىلىغا بېرىپ «ئامان قالغىنىغا شۈكۈر قىلىپ يېتىشى» غىمۇ يول قويمىدى، ئۇنىڭغا 2 مىليون ئالتۇن رۇبلى ئەۋەتىپ بېرىپلا تۈگەشتى. مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، جىن شۈرېن شىخودىن ئايرىلىپ چۆچەككە لۇ شياۋزۇنى ئىزدەپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى①. لۇ شياۋزۇ جىن شۈرېنغا ئۈرۈمچىگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش خام خىيالىدىن كېچىش ھەققىدە يۇمشاق سۆزلەر بىلەن مەسلىھەت بەردى. جىن شۈرېن ئامالسىز قېلىپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە يوللىغان

① بۇ چاغدا، لۇ شياۋزۇ چۆچەكنىڭ مەمۇرىي باشلىقى ئىدى.

تېلېگراممىدا «رەئىس قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىك ۋەزىپىلەردىن قالدۇرۇپ، بۇ ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇۋېلىشقا باشقىدىن دانىشمەن تاللاپ، يەرلىك ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىش» نى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇئان يەنە بىر پارچە تېلېگرامما يوللاپ، ئىلى بوز يەر ئەلچىسى قوشۇمچە 5 - شىنىڭ شىجاڭى جاڭ پېيىۋەننى مۇۋەققەت ئۆلكە رەئىسلىكىگە كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، چۆچەك تاموژنىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاپتوموبىل ئىلى ئۈچۈن ساقلىنىۋاتقان 1 مىڭ 724 سەر ئالتۇننى ئېلىپ①، سىبىرىيە ئارقىلىق 7 - ئاينىڭ 20 كۈنى تيەنجىنگە قايتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي، قولغا ئېلىندى. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭغا بەش يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى تەختىدىن چۈشتى، شىنجاڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقى تارىخىي دەۋرىگە قەدەم قويدى.

① 1933 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، شىنجاڭ ئالىي سوت مەھكىمىسى نەنجىڭ مەمۇرىي پالاتاسى، ئەدلىيە مىنىستىرلىقى، جىياڭسۇ ئالىي سوت مەھكىمىسىگە يوللىغان «تېز تېلېگراممىسى» دا مۇنداق دېيىلگەن: جىن شۇرېن يول خىراجىتى بولمىغاچقا، ئاپتوموبىل ئېلىشقا تەييارلانغان ئالتۇننى ئېلىپ كەتتى، بۇنىڭ بەدىلىگە، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدىكى مال - مۈلكى رەنىگە تۇتۇۋېلىندۇ، ئۇنىڭ ئېلىۋالغىنى ئۇنىڭ مال - مۈلكىنىڭ قىممىتىدىن كۆپ».

# بەشىنچى باب

# شېڭ شىسەينىڭ مىلىتارىستلىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىشى

## 1 - بۆلۈم «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىل قىلىنىشى، شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭنىڭ ۋاقىتلىق چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىك ھوقۇقىنى چاڭگاللىغا كىرگۈزۈۋېلىشى

1933 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ ئوق ئاۋازلىرى ئىچىدە جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىگە خاتىمە بېرىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ 11 يىل بەش ئايغا سوزۇلغان مىلىتارىستلىق ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى.

شېڭ شىسەي - تەخەللۇسى جىن يۇڭ، 1897 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي خانىنىڭ 22 - كۈنى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى) لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ كەييۈەن ناھىيىسىدىكى شىڭجياتۇن


كەنتىدە تۇغۇلغان، خەنزۇ ئەسكەرلىرى جايلاشقان خوشۇنلۇق. 1970 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، مېڭىسىگە قان چۈشۈپ تەيۋەندە ئۆلگەن. ئاتىسى شىڭ جىنجيا دېھقانچىلىق قىلغان، خوسۇسىيلار ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇغان. كېيىن قوشنا كەنت - خۇائىجياتۇندە باشلانغۇچ مەكتەپنى باش- قۇرغان. شىڭ شىسەي چوڭ ئوغۇل بولۇپ، ئۇنىڭ ئالتە ئىنىسى - سىڭلىسى بار ئىدى①. شىڭ شىسەي كىچىكىدە شەرقىي شىمالدا خوسۇسىي- لار ئاچقان مەكتەپتە، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1917 - يىلى ياپونىيىگە بېرىپ توكيو مىجى داشۆسىدە سىياسىي ئىقتىساد ئۆگەنگەن. 1919- يىلى، جۇڭگودا پارىژ سۈلھى يىغىنىدا ئىمزا قويۇشقا قارشى تۆ- روش ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى قوزغىلىدۇ، شىڭ شىسەي ياپونىيىدىكى لياۋنىڭلىق يۇرتداشلىرى تەرىپىدىن يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىدۇ، شاڭخەيگە قايتىپ كېلىپ مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار باش ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىپ مەملىكەت زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىش پائالىيەت- لىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ چاغدا جۇڭگودىكى مىلىتارىستلار ھەربىرى بىر ياقنى ئىگىلىۋالغان، جەنۇب بىلەن شىمال قارشىلىشىۋاتقان، خېبېي گۇرۇھى بىلەن ئەنخۇي گۇرۇھى بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. چوڭ مىلىتارىست قورال كۈچى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرىمەن دىسە، كىچىك مىلىتارىست زېمىنىنى قوغداپ خەلقنى خاتىرجەم قىلىمەن دېگەن باھانە بىلەن ئىچكى ئۇرۇش قىلغاچقا، ھەر يىلى ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى. 1919 - يىل 2 - ئايدا، جەنۇب ۋە شىمال ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى شاڭخەيدە تىنچلىق يىغىنى ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن مىلىتارىستلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىتلىق مادارا تېخىمۇ زور ئۇرۇش ھازىرلاۋاتاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا

① «شىڭ جىنيۇڭ ئەپەندىنىڭ پائالىيەتلىرى»: ئەن جىجىي: «يېڭى شىنجاڭنى ئەسلەي- مەن». جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ياش ئۆسمۈرلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ ياشلار ھەرىكى- تى تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن «ياشلار ھەرىكىتى تارىخ ماتېرىياللىرى ۋە تەتقىقات» 3 - سان. ئىلاۋە: ئەن جىجىي - شىڭ شىسەينىڭ سىڭلىسى شىڭ شىتۇڭ، ئۇ 1936 - يىلى، شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان، ئەينى چاغدا شاڭخەيدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى- نى قۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشقان يۈي شيۇسۇڭ (ئۆزگەرتكەن ئىسمى ۋاڭ شۇچياڭ) بىلەن تۇرمۇش قۇرغان.

شېڭ شىسەي مەمۇرىي ئىشنى تاشلاپ ھەربىي بولىدۇ، ئۇ ئىمتىھان بېرىپ لى گېنيۈەن مۇدىرلىقىدىكى يۈننەن ھەربىي مەكتىپىنىڭ شاۋجۇ شۆبە مەكتىپىگە كىرىپ، 2 - قارارلىق پىيادە ئەسكەرلەر بۆلۈمىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولىدۇ. بۇ شېڭ شىسەينىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى قېتىملىق مۇھىم بۇرۇلۇش بولىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىنكى 25 يىل داۋامىدا ئۇ ھەربىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

شېڭ شىسەي شاۋجۇ شۆبە ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شەرقىي شىمال ئارمىيىسى 8 - لۈيىنىڭ لۈيجاڭى گوسۇڭلىڭنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىدۇ. گوسۇڭلىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق تۈەنجاڭ چيۇ زۇڭجۈننىڭ قىزى چيۇ يۈيفاڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرىدۇ. 1922 - يىلى، گوسۇڭلىڭ ئۆزىگە تەسىر كۈچ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنى بىرلىكتە ياپونىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ. شېڭ شىسەي ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆسىنىڭ جۇڭگو ئوقۇغۇچىلىرى ئەترىتىگە، چيۇ يۈيفاڭ توكيودىكى قىزلار داشۆسىنىڭ ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش كەسپىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. 1925 - يىل 11 - ئايدا، گوسۇڭلىڭ لۈەنجۇدا جاڭ زولىنغا قارشى قوزغىغان ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشتە مەغلۇپ بولۇپ جېنىدىن ئايرىلىدۇ. شېڭ شىسەيمۇ بۇنىڭغا چېتىلىپ قېلىپ ئوقۇشنى تۈگىتىشتە قىيىنچىلىق تارتىدۇ، كېيىن جياڭ جيېشى قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىدە مەكتەپنى پۈتتۈرىدۇ.

1927 - يىلى، شېڭ شىسەينىڭ ياپونىيىدىن مەملىكەتكە قايتقان ۋاقتى دەل شىمالغا يۈرۈش قىلىش مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ، ئۇ خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىق شتابىدا شاڭشياۋ دەرىجىلىك مەسلىھەتچى بولىدۇ، قوشۇمچە مەركىزىي مەكتەپنىڭ قارمىقىدا ئېچىلغان ھەربىي ئەمەلدارلار ئۆمىكىدە ياۋروپا ئۇرۇش تارىخى مۇئەللىمى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1928 - يىلى باش قوماندانلىق شتابى مەسلىھەتچىلەر 1 - باشقارمىسىنىڭ 3 - بۆلۈم باشلىقى بولىدۇ. بىراق، مەسلىھەتچىلەر شتابى نامى ئۇلۇغ سۈپرىسى قۇرۇق ئورگان بولۇپ، قىلىدىغان مۇھىم ئىشى



5 - رەسىم، شېڭ شىسەي

بولمىغاچقا، بۇ شېڭ شىسەينىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھەربىي بولۇپ ئۆرلەش نىيىتىگە ماس كەلمەي قالىدۇ، بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ بىئارامىلىقتا ئۆتىدۇ.

1929 - يىلى شېڭ شىسەيگە پۇرسەت كېلىدۇ. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى لۇ شياۋزۇغا نەنجىڭغا ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ھەربىي جەھەتتىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى تېپىپ كېلىشنى جېكىلەيدۇ. ئۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كاتىپى پېڭ شاۋشيەننىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق شېڭ شى-

ـەي بىلەن كۆرۈشۈپ، «ئەگەر ئۇ شىنجاڭغا بارسا، كەلگۈسىدە چوقۇم چوڭ ئىش تەۋرىتەلىگۈدەك» دېگەن تونۇشقا كەلگەن①. شېڭ شىسەيمۇ غەربكە بېرىپ «ئۇلۇغۋار پىلان» نى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى ئىدى. ئۇ باشقىلارغا مۇنداق دېگەن: «مەن بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە جاننى ئالقىنىمغا ئېلىپ ماڭدىم. بېرىش بار، قايتىش يوق، چېگرا رايونغا بېرىپ باشقىچە بىر ۋەزىيەت يارىتىمەن، كىم بىلىدۇ، كەلگۈسىدە شەرقىي ئاسىيا قىزىل ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ قالىمەنمۇ تېخى. بۇنداق بولمايدىكەن، قېرى مەنسەپداردىن بىرىنى تېپىپ، يالغاندىن قىزغىنلىق كۆرسىتىپ، ئۇ ئۆلگەندە ئۇنىڭ ھوقۇق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىمەن ياكى شۇ جايدىكى موڭغۇل قەبىلىسى ئىچىگە كىرىپ موڭغۇل سىياقىدا بولۇۋېلىپ، موڭغۇل ۋاڭىغا دىيانەتلىك بالا بولۇپ، موڭغۇل ۋاڭ ئۆلگەندە دىيانەتلىك پەرزەنت سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭ قوۋمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىمەن، قىلاي دېسە دۇنيادا ئىش تولا»②. «يالغاندىن قىزغىنلىق كۆرسىتىپ» دېگەن سۆز شېڭ شىسەينىڭ ساختا ـ مەككارلىق ماھىيىتىنى سۈرەتلەپ بەرگەن. شېڭ شىسەي 1930 ـ يىلى كۈزدە، خوتۇنى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ، بۇ شېڭ شىسەينىڭ ھاياتىدىكى 2 ـ قېتىملىق زور بۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ.

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، دەسلەپتە ئىشى ئوڭۇشلۇق بولمىغان. ئالدى بىلەن جىن شۇرېن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغان، چۈنكى ياڭ زېڭشىندىن جىن شۇرېنغىچە چەت ئەلدە ئوقۇغانلارغا قارىتا بىر تەرەپلىمە كۆز قاراش بولۇپ، جىن شۇرېن شېڭ شىسەينىڭ باشقىلار بىلەن خۇپىيانە تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەن. جىن شۇرېن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى شېڭ شىسەينىڭمۇ فەن ياۋنەڭگە ئوخشاش ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ ئۈرۈمچىنى قانغا بوياپ قويۇشىدىن قورققان، شۇڭا شېڭ شىسەي شىنجاڭغا كېلىپ دەسلەپتە دۇبەن مەھكىمىسىدە مەسلىھەتچى بولغان، كېيىن مەسلىھەتچىلەر مۇدىرى بولۇپ ئۆسكەن

---

① شېڭ شىسەي: «چېگرىدا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ۋاقتىمدىن ئەسلىمە».

② «شىنجاڭدىكى بالايىئاپەتلەر خاتىرىسى»، شىنجاڭ ئۈرۈمچىدە ناھەق تۈرمىگە تاشلانغانلار يازغان ماتېرىياللار توپلىمى.

بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىسمى بار جىسمى يوق مەنسەپ ئىدى، ئۇنىڭ ھەربىي دەرىجىسىمۇ يەنىلا شاۋشياۋ ئىدى. بۇ دەرۋەقە شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭغا كېلىشتىكى مۇددىئاسىغا ياقمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، شىڭ شىسەي بىرگە ئىشلەۋاتقان ئەمەلدارلارنىڭ ھەسەت قىلىشىغا ۋە يەكلىشىگە ئۇچرىغان. جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى ئەمەلدارلارنىڭ كۆپ قىسمى گەنسۇلۇقلار بولۇپ، شەرقىي شىماللىق شىڭ شىسەي ئۇلارنىڭ گۇرۇھىغا كىرەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ناتىقىپلار كۆپ بولۇپ ئۇلار شىڭ شىسەينىڭ بىلىم - قابىلىيىتىدىن ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭ جىن شۇرېننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ كېتىشىدىن بەك ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، بۇ مەزگىلدە شىڭ شىسەينىڭ كۆڭلى غەشلىكتە ئۆتكەن.

لېكىن، شىڭ شىسەي شىنجاڭغا جاننى ئالقىنىغا ئېلىپ كەلگەنكەن، ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي كېتىشكە رازى ئەمەس ئىدى. ئۇ شىنجاڭ قاپسالما، ئارقىدا قالغان جاي ئىكەنلىكىنى، جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ چىرىپ زەئىپلەشكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇزاققا داۋاملاشمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەچكە، ئۆزىگە شەرت - شارائىت ھازىرلاپ ۋە پۇرسەت تېپىپ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولىدۇ. ئۇ: «مېنىڭ ئىرادە - ئارزۇيۇم چوڭ مەنسەپدار بولۇش ئەمەس، چوڭ ئىشلارنى قىلىش»① دېگەن. شىڭ شىسەي بۇ يەردە پەقەت يېرىم ئېغىز راست گەپنى قىلغان، ئەمەلىيەتتە ئۇ چوڭ مەنسەپدار بولۇشنى خالىمايدۇ ئەمەس، بەلكى «چوڭ ئىش قىلماقچى بولغانلار چوڭ مەنسەپدار بولۇشى شەرت» دېگەن داۋلىنى تازا بىلەتتى. ئۇ كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇۋېلىپ، ناھايىتى تېزلا ئىشداشلىرىنىڭ ياخشى تەسىراتىغا ئېرىشىدۇ؛ تەشەببۇسكارلىق بىلەن شىنجاڭ ھەربىي مەكتىپىدە ئىشلەشنى تەلەپ قىلىپ، ھەربىي مەكتەپنىڭ تاكتىكا دەرسى ئۆتىدىغان باش ئوقۇتقۇچىسى بولىدۇ. شىڭ شىسەي مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ يېڭى ئوقۇتۇش مېتودى ۋە «ئىجتىمائىي پەن ئېقىم مەسىلىسى تەتقىقاتى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى سىياسىي

① ② شىڭ شىسەي: «چېگرىدا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ۋاقتىمدىن ئەسلىمە»

ئىشلارغا قىزىقتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلاردا شېڭ شىسەي ھەربىي ئالىم بولۇش بىلەنلا قالماي، ئۇ بىر سىياسەتۋاز ئىكەن، دېگەن تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ، ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا ئىلىم جەھەتتىلا ئەمەس، كەسپىي ئىشلار جەھەتتىمۇ ئۈمىد باغلايدۇ. شېڭ شىسەي بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا كەلگۈسىدە كۆپچىلىكنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر روھتا بولۇپ، بىرلىكتە يۈكسىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ» . شۇنداق قىلىپ، شېڭ شىسەي ھەربىي مەكتەپتىكى ۋاقتىدا بىر تۈركۈم ئىشەنچلىك ئادەملەرنى يېتىشتۈرىدۇ.

شېڭ شىسەي خۇپىيانە پىلان تۈزۈپ پۇرسەت كۈتتى. 1931 - يىلى قۇمۇل دېھقانلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقىدۇ، 5 - ئايدا ما جوڭيىڭ قوشۇنى شىنجاڭغا كىرىدۇ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە داۋالغۇش بولىدۇ. شېڭ شىسەي ئەمدى پۇرسەت كەلدى دەپ ھېسابلاپ، «شىنجاڭ بويىچە ھەربىي جەھەتتىكى مۇھىم ئورۇنلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنىڭ ۋە ما جوڭيىڭ قوشۇنىنىڭ جەڭ قىلىش ئۇسۇلىنى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قوشۇن باشلاپ بېرىپ ئۇلارنى يوقىتىشتا تېنەپ قالماسلىق، نەتىجە كۆرسىتەلمەي قالماسلىق تەييارلىقىنى كۆرىدۇ» شېڭ شىسەي قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ۋە ما جوڭيىڭغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا، ئۈچ يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە قەدەممۇ قەدەم ھەربىي ھوقۇق ئىگىلەپ، مەسلىھەتچى مۇدىرلىقتىن ئۆسۈپ شەرقىي يول باندىتلارنى يوقىتىش قوشۇنىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقلۇق باش قوماندانى بولىدۇ.

«12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەن كۈنى، جىن شۇرېنغا قارشى كۈچلەر شېڭ شىسەينىڭ جىن شۇرېنغا ياردەم بېرىپ قالسا سىياسىي ئۆزگىرىشكە پايدىسىز بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئاۋئاتسىيە مەكتەپىنىڭ مۇدىرى لى شياۋتيەننى ئايروپىلان بىلەن شېڭ شىسەي تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ ئۇنىڭغا سىياسىي ئۆزگىرىشكە دائىر ئەھۋاللارنى ئۇقتۇرىدۇ ھەمدە ئازراق كۈتۈپ تۇرۇشنى، شەھەرگە كىرمەي تۇرۇشنى ئېيتىدۇ؛ بۇ چاغدا، جىن شۇرېننىڭ تېز ياردەمگە كېلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىمۇ

يېتىپ كېلىدۇ. شېڭ شىسەي لى شياۋتيەنىنىڭ پىكرىگە پىسەنت قىلمايدۇ. ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن سىياسىي قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن دەرھال شەھەرگە كىرىپ، 13 - كۈنى سەھەردە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى دۆڭلۈك - يېپو چېڭگۈڭنى ئىشغال قىلىدۇ. بۇ چاغدا شەھەر ئىچىدە ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى كەسكىن ئېلىشىۋاتاتتى، جىن شۇرېنغا قارشى كۈچلەر شېڭ شىسەيدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ بەي يۈيشيۈنى ئەۋەتىدۇ، بەي يۈيشيۈ جىن شۇرېن قىسىملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئۇلار خەتنى تېپىۋالىدۇ ۋە ئۇنى شۇ جايدىلا ئېتىۋېتىدۇ. چېن جۇڭ بىلەن باپپېنگورتلار ئۆزلىرى شېڭ شىسەي تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ ئۇنىڭغا پايدا - زىياننى چۈشەندۈرۈدۇ، شېڭ شىسەي بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئالدى بىلەن باپپېنگورتنى قولغا كەلتۈرۈپ، جىن شۇرېنغا قارشى تۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ.

شېڭ شىسەينىڭ جىن شۇرېنغا قارشى چىقىشىدا ئۇنىڭدىكى سىياسىي قارا نىيەت ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ۋەزىيەتنى، ھەرقايسى سىياسىي گۇرۇھلارنىڭ كۈچىنى مۆلچەرلەپ چىقارغان يەكۈنى تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى. شۇ چاغدا جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان بولۇپ، شېڭ شىسەي جىن شۇرېنغا ياردەم بېرىپ ئۇنى بىر مەھەل غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن بىلەنمۇ، جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەتىگىنى ئاخشىمىغا كۆزى يەتمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندى، شېڭ شىسەيمۇ ئاخىرقى ھېسابتا جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قۇربانى بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى، شۇڭا شېڭ شىسەي بۇنداق بولۇشنى راۋا كۆرمەي، جىن شۇرېننىڭ ئورنىغا چىقىشنى لايىق تاپتى. بۇ شېڭ شىسەينىڭ جىن شۇرېنغا قارشى چىقىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى. ئۇ يەنە سىياسىي ئۆزگىرىش تەرەپدارلىرىنىڭ كۈچىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ كۆردى: باپپېنگورت بۇرۇن قول ئاستىدا ئىشلىگەن، بۈگۈنكى كۈندە يەنە ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرگەنىدى، شۇڭا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتىشكە بولاتتى؛ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ 25 ياشلىق مەسلىھەتچىسى چېن جۇڭنىڭ سىياسىي

تەجرىبىسى يوق، سالاھىيەت ۋە ئىناۋىتىمۇ ئۇنىڭغا يەتمەيتتى؛ تاۋمىڭيۈ، جاڭ شىنلار پەم - پاراسەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مەمۇرىي خادىملار بولۇپ، ئەمەلىي كۈچى يوق ئىدى؛ ليۇۋېنلۇڭ چاچ - ساقىلى ئاقارغان، سىياسىي جەھەتتە قارا نىيىتى يوق مەنسەپدار ۋە سودىگەر ئىدى؛ جېڭ رۇڭچېڭ گەرچە ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ سايلانغان بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي شىمال ئارمىيىسى مېھمان ئارمىيە ئىدى، جېڭ رۇڭچېڭ ئۆزىمۇ شەرققە قايتىشنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغان بولۇپ، شىنجاڭدا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇشنى خالىمايتتى؛ جاڭ پېييۈەنىنىڭ ئەمەلىي كۈچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جىن شۇرېن بىلەن زىددىيىتى بولغاچقا، ئۇنىڭ خىزمىتى يىراقتا - ئىلىدا ئىدى، شۇڭا ئۇ بىر مەھەل تەھدىت پەيدا قىلالمايتتى. شېڭ شىسەي كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىدىكى بۇ خىل پايدا - زىياننى مۆلچەرلىگەندىن كېيىن، ئاندىن زەمبىرەكنىڭ ئاغزىنى جىن شۇرېننىڭ شتابىغا قارىتىش قارارىغا كېلىدۇ.

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى يەنى شېڭ شىسەي پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ سىياسىي ئۆزگىرىشكە قاتناشقان كۈنىنىڭ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، ليۇ-ۋېنلۇڭ گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىدە ئامانلىقنى قوغداش ھەيئىتى-نىڭ يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا ئالدى بىلەن شېڭ شىسەي، يەن يۈيشيەن، جاڭ پېييۈەن قاتارلىقلار ۋە ئۇيغۇر، خۇيزۇ، موڭغۇل، قازاق، شىبە قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە كۆپەيتىپ سايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىرى 36 كىشىگە يەتتى. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جۇڭخۇا مىنگودىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تۇنجى قېتىم قاتنىشىشى ئىدى. ئارقىدىن ھەربىي رەھبەرلىك ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنى سايلاش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. باپپېنگورت، ليۇۋېنلۇڭ قاتارلىقلار شىن-جاڭنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە شۇ چاغدىكى سىياسىي ۋەزىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ھەربىي ئىشلاردا دۇبەننىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشى-نى تۈزۈك دەپ قاراپ دۇبەنلىك تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. دۇبەننىڭ نامزاتى مەسىلىسىدە باپپېنگورت پىكىر بېرىپ: «شىن-

جاڭنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىملاشمىدى، باش قوماندان شېڭ شىسەي ھەربىي
ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقىلى بىر قانچە يىل بولدى، نەتىجىمۇ
كۆرسەتتى، ۋاقىتلىق دۇبەنلىككە سايلانسا، سىياسىي ئۆزگىرىش بولغان
كېچىسى تەشكىل قىلىنغان ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار ھەيئىتى ئەمەلدىن
قالدۇرۇلسا» دەيدۇ. جېڭ رۇڭچېڭ باپپېنگورتىنىڭ بۇنداق پىكىر بەرگەن-
لىكىگە قاراپ، يەنە شېڭ شىسەينىڭ شەرقىي شىماللىق يۇرتداش ئىكەنلى-
كىنى، ئۇ دۇبەن بولسا، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا
پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ. شۇڭا ئۇمۇ باپپېنگورتىنىڭ پىكرىگە
قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چېن جۇڭ قاتارلىقلار ۋەزىيەتنىڭ تەتۈر-
سىگە بۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ دەماللىققا چارىسىز قالىدۇ -
دە، سۈكۈت قىلىپ، دۇبەنلىك تۇزۇمىگە ۋە شېڭ شىسەينىڭ دۇبەن
بولۇشىغا قارىتا ئۆز پىكرىدە قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە شېڭ
شىسەينىڭ چېن جۇڭغا بولغان دىققىتىنى قوزغايدۇ. شۇ كۈنى، شېڭ
شىسەي يىغىنغا قاتناشقان ھەممە «قول ئاستىدىكىلەرگە قورال كۆچى بىلەن
يىغىن مەيدانىنى قورشاپ، يىغىنغا قاتناشقانلارغا تەھدىت سېلىشنى بۇيرۇ-
غان» ، دۇبەنلىككە شېڭ شىسەينى سايلىمىسا بولمايدىغان ۋەزىيەت پەيدا
قىلىنغان، يىغىنغا قاتناشقان ھەيئەتلەر «ئاخىر نائىلاج شېڭ شىسەينى
دۇبەنلىككە سايلىغان. » شېڭ شىسەي مۇشۇنداق قىلىپ شىنجاڭنىڭ ھەر-
بىي چوڭ ھوقۇقىنى ئاسانلا چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان.

شېڭ شىسەي دۇبەنلىككە سايلانغاندىن كېيىن كۆپچىلىك ئالدىدا، مەن
بولسام ھەربىي، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ھەرگىز ئارىلاشمايمەن، خەلق ئىش-
لىرىنى رەئىس ليۇۋېنلۇڭ باشقۇرىدۇ، ئارمىيە بىلەن خەلقنى ئايرىم ئىدارە
قىلىش يولغا قويۇلىدۇ؛ بۇنىڭدىن كېيىن پىكىردە ئىختىلاپ كۆرۈلسە
رەئىس ليۇۋېنلۇڭنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىمەن. . . دېگەن. كېيىنكى
پاكىتلار شېڭ شىسەينىڭ بۇ سەلتەنەتلىك نۇتۇقى ئادەم ئالدايدىغان يالغ-
ان - ياۋىداق ئەپسانە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

شۇ كۈنكى يىغىندا يەنە تاۋمىڭيۈ ۋاقىتلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش
كاتىپلىقىغا سايلىنىدۇ.

يېقىن ئاخىرىدا «جىن شۈرېننىڭ تۆرلۈك زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىنى ئۆپ يىلتىزىدىن تۈگىتىش، يۇقىرىلارنىڭ دەرد - ئەلەمىنى تۈگىتىش ۋە مەرھۇم زۇڭلى بەلگىلىگەن ئۈچ مەسىلىك بويىچە دۆلەت قۇرۇش تەدبىرلىرىگە بىنائەن ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت - سائادەت يارىتىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋەكەلى گۇڭ بېچىڭ ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سابىق مەسلىھەتچىسى ۋۇ ئەيچېن قاتارلىق بەش كىشى تۈزۈپ چىققان، شۇ چاغدا خەلقنى ئالداش رولىنى ئوينايدىغان ئون ماددىلىق پروگراممىا ماقۇللاندى. پروگراممىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا، ھەر قايسى مىللەتلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي، مائارىپ جەھەتتە باب‌باراۋەر ئىكەنلىكى؛ ئىككىنچى ماددىسىدا، خەلققە يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، مەتبۇئات، سۆز قىلىش ئەركىنلىكى بېرىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ماددىلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى شىنجاڭدا قۇرۇلغان ھۆكۈمەتلەرنىڭ قانۇن - تۈزۈم تارىخىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭىلىق ئىدى. دېمەك، فېئودال تەپرىقىچىلىك ھالىتىدىكى شىنجاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ ماددىلارنى بۇرژۇئازىيىنىڭ دېموكراتىيە تۈسىگە ئىگە دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. لېكىن، ئون ماددىلىق پروگراممىنىڭ كۆپ قىسىم ماددىلىرىنى شۇ چاغدا يولغا قويغىلى بولمايتتى، بولۇپمۇ پروگراممىنىڭ سەككىزىنچى، توققۇزىنچى، ئونىنچى ماددىلىرى يەنى خارجى ئىشلار ھوقۇقى مەركەزگە تەۋە بولۇش، پارتىيە مەسلىكى تەربىيىسىنى يولغا قويۇش، مالىيىدە مەركەز بىلەن بىر تۇتاش بولۇش دېگەن ماددىلار دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. بۇ ماددىلار گومىنداڭنىڭ ۋە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىش يۈرۈستىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىدىن بۇيانقى تەپرىقىچىلىك ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، مەركەزنىڭ كۈچلىرىنى شىنجاڭغا بىۋاسىتە كىرگۈزۈپ، ئۇنى كونتروللۇقىغا ئېلىش غەرىزىدە بولۇۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. خارجى ئىشلارنى ئېلىپ ئېيتساق، ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ خارجى ئىشلىرى ئەمەلىيەتتە يېرىم مۇستەقىل ھالدا ئىدى، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت، ئەنجان، شەمەي، ئالمۇتا، زاي-

سان قاتارلىق جايلىرىدا قۇرغان بەش كونسۇلخانىنىڭ كونسۇللىرىنى شىنجاڭ ھۆكۈمىتى كۆرسىتەتتى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋەزىپىگە تەيىنلەيتتى. ۋەزىپىگە تەيىنلەش پۈتكەن ئىشنى ئېتىراپ قىلىش دېگەنلىك ئىدى، خالاس؛ بەش كونسۇلخانىنىڭ بارلىق راسخوتىغا شىنجاڭ ئۆزى مەسئۇل ئىدى، مەركەزدىن بىر تىيىنمۇ ئالمايتتى. شۇڭا، خارجى ئىشلار ھوقۇقى مەركەزگە تەۋە بولۇش نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنى كونترول قىلىشىدا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئاتالمىش پارتىيە مەسلىكى تەربىيىسىنى يولغا قويۇش - شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە فېئودال كومپرادورلارنىڭ فاشىستىك تەربىيىسىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق چېگرا رايونىدا ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش دېگەنلىك؛ ئاتالمىش مالىيە مەركەز بىلەن بىر تۇتاش بولۇش - شىنجاڭنى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي سىستېمىسىغا كىرگۈزۈش دېگەنلىك ئىدى. قىسقىسى، ئون ماددىلىق پروگراممىنىڭ ماھىيىتى - بۇرژۇئازىيىنىڭ دېموكراتىيە نىقابى ئاستىدا شىنجاڭنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى سىياسىي ئۆزگىرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ھەر تەرەپكە قاتراپ سىياسىي ئىشلارغا ھەدەپ قول تىقتى، گومىنداڭ ئەزالىرىنى قوبۇل قىلدى، پىرقىنىڭ خىزمىتىنى جانلاندۇردى، مەكتەپلەرنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىپ ياش ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە گومىنداڭ ئەزالىرىنى كۆپەيتتى، ئۇلارنى تەربىيىلەپ تايانچىلار قىلىپ يېتىشتۈرۈپ ناھىيىلەرگە ئەۋەتتى. ليۇۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي، چېن جۇڭ، تاۋ مىڭيۈ، لى شياۋتيەن قاتارلىقلارمۇ گومىنداڭنى ۋە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى ئۆزىنىڭ يۆلەنچىسى قىلىپ ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇردى. ليۇ ۋېنلۇڭ يەنە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن گۇڭ بىچېڭغا ۋاقىتلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى دېگەن ۋەزىپىنى بەردى. ئۇلار گومىنداڭنىڭ مەركىزىگە پائال يېقىنلىشىش پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلىشنى

قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى.

## 2 - بۆلۈم خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ھوقۇق تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشى ۋە ئانالمىش «توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە دەۋەت قىلىش خېتى»

1933 - يىلدىكى «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن قۇرۇلغان ھوقۇقلۇق ئورگان - قوغداش ھەيئىتى ۋاقىتلىق ئاپپارات ئىدى، ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي ۋە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ سالاھىيىتى ۋە ۋەزىپىسىمۇ ۋاقىتلىق ئىدى، ئۇلارنى مەركەز تېخى ئېتىراپ قىلمىغانىدى. ئۇلار نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نامىدا ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئورۇنلىرىنىڭ بېكىتىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بولۇپمۇ شېڭ شىسەي قورال كۈچى بىلەن چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان دۇبەنلىك ئورنىنى قانۇنىي رەسمىيەت ئارقىلىق قانۇنلاشتۇرۇشقا تېخىمۇ ئالدىرايتتى. شېڭ شىسەي بىر تەرەپتىن، ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقلىرىدە ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇن ماددىلىق پروگراممىدىن پايدىلىنىپ تىنچ، خاتىرجەم، مۇقىم ۋەزىيەت يارىتىشنى تەشۋىق قىلىش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر قايسى تەرەپلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، خەلقنىڭ رايىدىن پايدىلىنىپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ھەر قايسى ھەيئەتلەرنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ بالدۇرراق بېكىتىلىشىنى تەلەپ قىلىش فاڭجېنىنى قوللاندى. 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ليۇۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي ئىككىسى ئۆز ۋەزىپىسىگە كىرىشىش بىلەنلا گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ مەركىزىي سىياسىي ھەيئىتىگە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىگە تېلېگرامما يوللاپ: «بىز ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەر نەتىجە كۆرسەتكەندىن كېيىن، رەھبەرلىكنى قوغداپ قې-

لىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىمىزگە ئېلىشقا سايلاندۇق، بىر نىيەتتە ئىرد-
شىپ، پاكلىقنى يولغا قويۇش، پىرقە مەسلىكىگە ئىنائەت قىلىپ، دۆلەت
قانۇننى ئاساس قىلىپ، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى كۆزلەيمىز، مەر-
كەزنىڭ غەربىي دىيار ئۈستىدىكى غېمىنى يەڭگىللىتىمىز. ئىقتىدارىمىز-
نىڭ ئاجىزلىقى، ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئويلىغىنىمىزدا. . . مەركەزنىڭ
«دانىشمەنلەرنى تاللاپ ئۆستۈرۈشىنى كۈتىمىز» دەيدۇ. 2 - كۈنى ۋاقىت-
لىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىدىن جۇرۇيشى يەن يۈيشەن، لى چى،
لى رۇڭ، جېن جىشيەن قاتارلىقلارمۇ مەركەزگە تېلېگراممىا يوللاپ، ليۇ،
شېڭ ئىككىيلەن «پىرقە دۆلەتنىڭ دانىشمەنلىرى، شىنجاڭدا نەتىجە يارات-
قان، بۇ نۆۋەت ئۇلارنىڭ سايلىنىشى خەلقنىڭ ئارزۇسى بويىچە بول-
دى. . . ئۇلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىش بېجىرىشى ئۈچۈن مەركەزنىڭ رەسمىي
ۋەزىپىگە تەيىنلىشىنى سورايمىز. . . » دەيدۇ. 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى
ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەنە چېن جوڭنى نەنجىڭغا بېرىپ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە
سىياسىي ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىشلارنى
يولغا قويۇش پروگراممىسىنى مەلۇم قىلىشقا ھەمدە مەركەزنىڭ ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت رەئىسىنى، چېگرا مۇداپىئە دۇبەنىنى، ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنىڭ
ۋەزىپىلىرىنى بالدۇرراق تەستىقلىشىنى ئىلتىماس قىلىشقا ۋەكىل قىلىپ
ئەۋەتىدۇ. چېن جوڭ ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان بىلەن چۆچەككە بېرىپ،
ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىبىرىيە رايونى ئارقىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ
شەرقىي شىمال رايونى بىلەن نەنجىڭغا بارماقچى بولىدۇ. ئۇ نەنجىڭغا ليۇ
ۋېنلۇڭ ۋە شېڭ شىسەينىڭ پىرقىسىنىڭ مەركىزىي سىياسىي ھەيئىتىگە،
مەركىزىي ھەيئىتىگە، مەركىزىي ئىجرائىيە ھەيئىتىگە يوللىغان ئۈچ پارچە
دوكلاتىنى، شىنجاڭ قوغداش ھەيئىتىنىڭ 36 نەپەر ھەيئەت ئەزاسىنىڭ
بىر نۇسخا ئاتكىت جەدۋىلىنى بىرگە ئېلىپ ماڭىدۇ.

شىنجاڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بالدۇرراق ۋەزىپىگە تەيىنلىشىگە
شۇنچە تەقەززا ئىكەن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىي ئۆز-
گىرىشكە قارىتا پوزىتسىيىسى قانداق؟ سىياسىي ئۆزگىرىش خەۋىرى نەن-
جىڭغا يېتىپ بارغاندا، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق

ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ فېيجيۇ مەركەزنىڭ شىنجاڭغا تېزدىن چوڭ ئەمەلدار ئەۋەتىشىنى ھەمدە ئەسكەر ئەۋەتىپ باستۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ بەزىلەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بەزىلەر ھال سوراشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىر مەھەل بىقارارلىقتا تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەنجىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغاچقا ئەھۋال ئېنىق بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى يەنىلا كۈتۈپ تۇرۇش پوزىتسىيەسىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ۋاقىت مىنگودا 22 يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن شىمالىي مىلىتارىستلار دەۋرىدە بولسۇن، گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى تەشكىل قىلغاندا بولسۇن، شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىرى مەركەزنىڭ كۈچلىرىنى چەتكە قېقىپ، شىنشىڭشيانىڭ دەرۋازىسىنى تاقاپ «بەك قەدىمىي خەلق» قە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان يەرلىك پادىشاھ بولۇۋالغانىدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەينى چۈشەنمەيتتى، ئۇلار بىرمەزگىل كۆزىتىشكە توغرا كېلەتتى، ئېھتىمال مۇھىم سەۋەب شۇكى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى سىياسىي ئۆزگىرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈشنى ئويلايتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەتراپلىق پىلان تۈزۈپ چىقىش ۋە مۇۋاپىق نامزات تاللاشقىمۇ ۋاقىت كېتەتتى. شۇڭا، شىنجاڭ تەرەپ تەلەپ تېلېگراممىلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن بەرگەن بولسىمۇ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى كېچىكتۈرۈپ جاۋاب بەرمەيدۇ.

1933 - يىل 1 - ئايدا ماجۇڭيىڭ يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا كىرىدۇ، ئۇ خوجانىياز، يولۋاسلار بىلەن بىرلىشىپ، قۇمۇلدىن جەنۇبىي ۋە شىمالىي يولغا بۆلۈنۈپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماخېيىڭمۇ 300 دىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ئالتايغا ھۇجۇم قىلىپ، شىمالىي شىنجاڭدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرىدۇ. شېڭ شىسەي «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ھەربىي جەھەتتە كۈچلۈك تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولغاندىن باشقا، يەنە دۈشمەن قوشۇنىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى نەنسەندە ماچۈەنلۇنىڭ قوشۇنى

ئورۇنلاشقانىدى، شېڭ شىسەي ئادەم ئەۋەتىپ ماچۇەنلۇڭنىڭ ئادىمى مادېش-
ياڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرىدۇ، ئۇنى يۇقىرى مەنسەپ، مال - دۇنيا بىلەن
قىزىقتۇرۇپ، ئۇنىڭ قولى بىلەن ما چۇەنلۇنى ئۆلتۈرىدۇ، نەنسەندىكى
چوڭ شەرقىي جىلغا، كىچىك جىلغا، سايىپۇ ئەتراپىدىكى 2000 ئاتلىق
ئەسكەرنى ئۆز قوشۇنىغا قوشىدۇ، ما دېشياڭنى ۋاقىتلىق تەشكىل قىلىن-
غان 1 - دىۋىزىيىگە كوماندىر قىلىپ، ئۇلارنى يەنىلا نەنسەندە تۇرغۇزىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى زور خەۋپ تۈگىتىلىدۇ.
خوجانىياز، يولۋاس قىسىملىرىنىمۇ شېڭ شىسەي بۆلگۈنچىلىك سې-
لىش، پارچىلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. شۇ چاغدا خوجانىياز ھاجى ما
جۇڭيىڭنىڭ ئۇلجىلارنى تەنھا ئىگىلىۋالغانلىقىغا نارازى ئىدى، شېڭ شى-
سەي خوجانىياز بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلى-
نىپ، تۇرلۇك ۋاستىلەر ئارقىلىق خوجا نىياز بىلەن كېلىشىم ھاسىل
قىلىدۇ، ئۇنىڭغا جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزۇن قوماندانى دېگەن نامنى
بېرىپ، ئۇنىڭ ما جۇڭيىڭ قوشۇنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋېتى-
دۇ؛ خوجا نىيازمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەربىي
مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقىنى تەنھا ئىگىلەش، شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى جەنۇ-
بىي شىنجاڭغا كىرمەسلىك قاتارلىق شەرتلەرنى قويىدۇ، بۇ ماھىيەتتە
تىيانشاننى پاسىل قىلىپ شېڭ شىسەي بىلەن شىنجاڭنى بۆلۈپ باشقۇرۇش
دېگەنلىك ئىدى. ئەينى چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭ جىن شۇرېنغا قارشى
ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى، شېڭ شىسەي بارلىق كۈچى
بىلەن ماجۇڭيىڭ قىسمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن خوجانىيازنىڭ بارلىق
تەلەپلىرىگە دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق
قىلىپ خوجانىياز - ماجۇڭيىڭ ئىتتىپاقى يىمىرىلدى، شېڭ شىسەي جەنۇ-
بىي شىنجاڭدىن كېلىدىغان خەۋپنى تۈگەتتى؛ ماجۇڭيىڭمۇ يەرلىكتىكى بىر
قىسىم ئۇيغۇر سەردارلارنىڭ قوللىشىدىن مەھرۇم بولدى، بۇ ئۇنىڭ
ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ، شىنجاڭدا تۇرالماي چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشىگە
سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى.
شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىكى مالىمانچىلىق ئىچىدە، 4 - ئاينىڭ 24 - .

كۈنى، جىن شۇرېن چۈچەكتىن تېلېگراممىا يوللاپ، تەختتىن چۈشىدۇ،
بۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش قەدىمە-
نى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولىدۇ. جىن شۇرېن تەختتىن چۈشكەن كۈننىڭ
ئەتىسى ۋاڭ جىڭۋېي شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەت ئېلان قى-
لىپ: مەركەز ھال سوراش ۋە سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ ئۆتمۈشىنى تەكشۈ-
رۈشكە شىنجاڭغا چوڭ ئەمەلدار ئەۋەتىشنى قارار قىلدى، ئەۋەتىلىدىغان
خادىم ئۈستىدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىۋاتىدۇ، ئۇزاققا قالماي ئېلان
قىلىنىدۇ، دەيدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى،
ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن جياڭ جيېشى تېلېگراممىا ئارقىلىق مەسلىھەتلەشكەندىن
كېيىن مۇئاۋىن مەسلىھەتچىلەر باشلىقى خۇاڭ مۇسۇڭنى ھال سوراشقا
شىنجاڭغا ئەۋەتىشنى قارار قىلىدۇ. نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى لىن
سېنمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تېلېگراممىا ئەۋەتىپ: «يېقىندا
شىنجاڭدا ۋەقە يۈز بېرىپ رەئىس جىن شۇرېن خىزمىتىدىن ئىستېپا
سورىغاچقا، ئىستېپاسى تەستىقلاندى، مەركەز ھازىر ئېھتىياتچانلىق بىلەن
لاياقەتلىك مۆتىۋەر تاللاپ، بىر تەرەپ قىلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ ھەمدە مەسلى-
ھەتچىلەر شتابىنىڭ 2 ـ باشلىقى خۇاڭ مۇسۇڭنى شىنجاڭدىن ھال سوراش
ئەلچىسى قىلىپ بەلگىلىدى، شىنجاڭدىكى ھەربىيلەر، خەلقلەرنىڭ يەر-
لىكنىڭ تەرتىپىنى ساقلىشىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە
خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىش ـ ئوقىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى، مەركەزنىڭ
مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتۈپ، توپلىشىپ چاتاق چىقىرىپ پارا-
كەندىچىلىك تۇغدۇرىدىغان ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقىنى ئۈمىد قىلى-
مىز...» دېدى. بۇ تېلېگراممىدا ۋەزىيەتكە تەيىنلەش ھەققىدە زادىلا
بىر نېمە دېيىلمىگەن، شىنجاڭدىن كۆرسىتىلگەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
ئەزالىرىنىڭ، جۈملىدىن ليۇ ۋېنلۇڭ، شىڭ شىسەي قاتارلىقلارنىڭ ئى-
سىملىكىنى پۈتۈنلەي بىر تەرەپكە تاشلاپ قويۇپ، يېڭىۋاشتىن «ئېھتىيات-
چانلىق بىلەن مۆتىۋەر تاللاپ»، خۇاڭ مۇسۇڭنى شىنجاڭدىن «ھال سو-
راش» قا ئەۋەتىدۇ. بۇ ئەھۋالنى ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي قاتارلىقلار
زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. لىن سېننىڭ تېلېگراممىسى نەد-

جىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ لىيۇ ۋېنلۇڭ، شىڭ شىسەيگە بولغان ئىشەنمەسلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى، بۇ لىيۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شىڭ شىسەينىڭمۇ مەركەزگە بولغان نارازىلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، خۇاڭ مۇسۇڭ يەنە «پۈتۈن شىنجاڭدىكى بارلىق قېرى - ياش، ئاكا - ئۇكا، ئاچا-سىڭىللارغا مۇراجىئەت» ئېلان قىلىپ، شىنجاڭدىكى «خەلقنىڭ ئۆز كەسپى بىلەن بولۇشى، ھەربىي قىسىملارنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىنى مۇداپىئە قىلىشى، مەركەزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتۈشى، ئوقۇشماسلىقنىڭ قايتا يۈز بەرمەسلىكى» نى تەلەپ قىلدى. بۇ شىڭ شىسەيدىن ما جوڭيىڭنىڭ تۆت ئايدىن بۇيان قۇمۇل، مورى، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغانلىقى قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىق ھەمدە ئۇنى ئەسكەر چىقىرىپ ما جوڭيىڭغا ھۇجۇم قىلىش مەركەزنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ دەپ ئاگاھلاندۇرغانلىق ئىدى.

— شىڭ شىسەي نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «بىر تەرەپ قىلىشنى كۈتۈش» دېگەن بۇيرۇقىغا زادىلا پەرۋا قىلمايدۇ، ئۇ ماجوڭيىڭنىڭ ئىلگىرىلىشىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرمايتتى. 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، شىڭ شىسەي 4000 كىشىلىك ئۆلكە قوشۇنىنى، 1000 ئارتۇق رۇس ئەسكىرىنى باشلاپ سەنتەي (ئۆلكە مەركىزى بىلەن گۇچۇڭنىڭ ئارىلىقى) گە بېرىپ ئورۇنلىشىپ، ما جوڭيىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ھازىرلىنىدۇ. ئۆلكە مەركىزىنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىغا ۋاقىتىنچە جىڭ رۇڭچېڭ مەسئۇل بولىدۇ. لېكىن، شۇ چاغدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا شىڭ شىسەينىڭ ھەربىي يۈرۈشىگە نىسبەتەن پىكىر ئىختىلاپى تۇغۇلىدۇ. لىيۇ ۋېنلۇڭ باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ھەيئەتلەر ما جوڭيىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ سىياسىي ساھەدىكىلەر ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارمۇ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ۋۇگۇجېن، جاۋ گولياڭ، ھۇسەيىن ۋە خوجا نىيازنىڭ ئورۇمچىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى قاتارلىق ئالتە كىشىدىن تەشكىللەنگەن ۋەكىللەر ئۆمىكى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، گۇچۇڭغا بېرىپ ماجوڭيىڭنىڭ ۋەكىلى ياڭ بوچېڭ قاتارلىقلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. ئۆلكە تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ ھەممى-

سى بەزى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئۆلكە تەرەپنىڭ تىنچلىق ئارزۇسىغىلا ۋەكىللىك قىلالايتتى، شۇڭا ئۇلار ما جۇڭيىڭنىڭ ۋەكىللىرىنى ئۈرۈمچىگە بېرىپ مەسلىھەتلىشىشكە تەكلىپ قىلدى. ما جۇڭيىڭ 2 - قېتىم شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن جەڭلەردە ئۇدا غەلىبە قىلغاچقا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش سەمىمىيىتى زادىلا يوق ئىدى، ئۇ پەقەت جامائەت پىكىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا، ئۆلكە مەركىزىگە ۋەكىل ئەۋەتىشكە قوشۇلدى.

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، سۆھبەت باشلاندى. شېڭ شىسەي تەرەپ ماجۇڭيىڭنىڭ كۈچى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جىن شۇرېنغا قارشى كۈچلەرنى يوقىتىپ، كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە يول ھازىرلاش ئۈچۈن ماجۇڭيىڭنى جەنۇبىي شىنجاڭنى تىنچىتىش باش قوماندانى قىلماقچى بولىدۇ؛ يەنە ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنى رەسمىي ئۆلكە قوشۇنى قىلىپ ئۆزگەرتىش، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەيىنلەش دېگەن ئىككى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە ما جۇڭيىڭ بۇ ئىككى تەلەپكە قوشۇلسا، ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ خىراجىتىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بېرىمىز دەيدۇ. ياڭ بوچىڭ ما جۇڭيىڭغا ۋاكالىتەن ما جۇڭيىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولۇپ پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەربىي ھوقۇقىنى تۇتسۇن، شېڭ شىسەي ئۆلكە رەئىسى بولسۇن دەيدۇ. دەرۋەقە، قارا نىيىتى ئۇرغۇپ تۇرغان شېڭ شىسەي بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمايتتى. شۇنىڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى يوققا چىقىپ، ھەر ئىككى تەرەپ يېڭىۋاشتىن جەڭگە ھازىرلىنىدۇ. ماجۇڭيىڭنىڭ ئالدىنقى سەپ قوشۇنى سەنتەيگە قىستاپ كېلىدۇ، شېڭ شىسەيمۇ رۇس ئەسكەرلىرىنى، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ 6 - يول قوشۇنىنى فۇكاڭغا يۆتكەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن زىنچۈەنزى ئۇرۇشىنىڭ سەھىپىسى ئېچىلىدۇ. ياڭ بوچىڭمۇ سۆھبەتتىن ئۈمىد ئۈزۈپ 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، سەنتەيگە قايتىپ ماجۇڭيىڭنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتمەكچى بولىدۇ، شۇ كۈنى، ئۇ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغاندا، مەركەزنىڭ ھال سوراش ئەلچىسى خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈرۈمچىدە ۋاقىتىنچە تو-

روۋپ قالىدۇ. خۇاڭ مۇسۇڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى يوشۇرۇن كۈرەشتىن ئاشكارا كۈرەشكە ئايلىنىدۇ.

خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ شىنجاڭغا ھال سوراشقا كېلىشى كۆرۈنۈشتە مەركەزگە ۋاكالىتەن ئادالەتلىك ئېلان قىلىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنى ياراشتۇرۇپ، پاراكەندىچىلىكنى توختىتىش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىنى تەگشەش، مەركەزنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىدى. شۇڭا، خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ ھال سورىشى ماھىيەتتە ۋاڭ جىڭۋېي باشچىلىقىدىكى مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن شېڭ شىسەي باشچىلىقىدىكى يەرلىك كۈچنىڭ شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشىدىن ئىبارەت ئىدى. خۇاڭ مۇسۇڭ ئادىمى كۆپ ھال سوراش ئۆمىكىنى باشلاپ كەلگەن، بۇنىڭدا پارتىيە ئىشلىرى، خەلق ئىشلىرى، قورۇلۇش، ھەربىي ئىشلار، مائارىپ، دىن، قاتناش، ترانسپورت قاتارلىق ساھەلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئادەملەر بار ئىدى، خۇاڭ مۇسۇڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە تەيىنلىگەن ھامان، ئۇلارنىمۇ دەرھال كۆزلىگەن ۋەزىپىلەرگە قويماقچى ئىدى. خۇاڭ مۇسۇڭ شىنجاڭغا مېڭىشتىن بۇرۇن، ۋاڭ جىڭۋېي، ماجوڭيىڭ، جاڭ پېيىۋەنلەر خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى خۇپىيانە بىلدۈرگەن.

خۇاڭ مۇسۇڭ 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ياۋرو ـ ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىدا ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ، بۇ دەل شېڭ شىسەي بىلەن ماجوڭيىڭ جەڭ قىلماقچى بولۇۋاتقان ھارپا كۈنگە توغرا كېلىدۇ. خۇاڭ مۇسۇڭ ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا شېڭ شىسەيگە مۇنۇ ئىككى شەرتنى قويىدۇ: بىرىنچى، ماجوڭيىڭغا قارىتىلغان ھەربىي ھەرىكەتنى دەرھال توختىتىش، ئىككى تەرەپنىڭ زىددىيىتىنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش؛ ئىككىنچى، دۇبەنلىك تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ھەربىي ئىشلار ھەيئىتى تەشكىللەش، بۇنىڭغا شېڭ شىسەي باشلىق بولۇش، شېڭ شىسەي

خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ ئىككى تەلىپىگە ھەم يۇمشاق ھەم قاتتىق تەدبىرنى تەڭ قوللىنىدۇ: سەن مېنى ھەربىي ھوقۇقنى تاپشۇر دېمەكچىمۇ؟ مېنىڭ چارەم ئارقىغا سۇرۇش، «ئومۇمىي ۋەزىيەت تىنچىغاندا ئاندىن كېڭىشىپ كۆرىمەن!»؛ سەن مەسىلىنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلماقچىمۇ؟ مەن جەڭگە ئاتلىنىمەن دېگەن قارارغا كېلىدۇ. ئۇ ماجۇڭيىڭنىڭ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىشىگە ھەرگىز قاراپ تۇرمايدۇ، ماجۇڭيىڭنىڭ كۈچىنى يوقىتىپ، تەسىرىنى زورايتىپ، ئۈزلۈكسىز زورىيىۋاتقان ئەمەلىي ھەربىي كۈچكە تايىنىپ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سودىلىشىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىش نىيىتىگە كېلىدۇ.

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ماجۇڭيىڭنىڭ ۋەكىلى ياڭ بوچىڭ شېڭ شىسەي بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆلكە مەركىزىگە كېلىۋاتقاندا، شېڭ شىسەي باپپىنگورتنىڭ رۇس ئەسكەرلىرىنى يۆتكەپ فۇكاڭغا يۈرۈش قىلىدۇ، 2 - كۈنى، ما جۇڭيىڭمۇ 7000 دىن ئارتۇق ئەسكىرىنى باشلاپ جىمساردىن ئاتلىنىپ سەنتەي ئارقىلىق زىنچۇەنزىگە كېلىپ ئەسكەرلىرىنى مۇداپىئەگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، شېڭ شىسەي شۇ كۈنى ئۈرۈمچىگە كەلگەن خۇاڭ مۇسۇڭ بىلەن ئازلا ۋاقىت كۆرۈشكەندىن كېيىن، جېڭ رۇڭچېڭ قاتارلىقلار بىلەن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئۆلكە مەركىزىدىن يولغا چىقىدۇ، بىر ھەپتە بۇرۇن موسكۋادىن ئەمدىلا كەلگەن چېن جۇڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىلەر باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ شېڭ شىسەي بىلەن بىللە ماڭىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ ئالتە يول قىسمى ئاساسەن شەرقىي شىمال ئارمىيىسى، رۇس ئەسكەرلىرىدىن باشقا، يەنە برونېۋىك ئەترىتى، توشۇش ئەترىتى قاتارلىقلار بولۇپ جەمئىي 7000 غا يېقىن كىشى كېچىچە فۇكاڭغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ چاغدا، شېڭ شىسەي خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش ھەمدە شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، كەڭ تۈردە جامائەت پىكرى تەييارلاپ، ما جۇڭيىڭنى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ غالچىسى دەپ ئەيىبلەيدۇ ۋە ما جۇڭيىڭ كۈچلىرىگە زەربە بېرىش ياپون

باسقۇنچىلىرىغا زەربە بەرگەنلىك دەپ جاكارلايدۇ.
فۇكاڭ ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي شىمال دەرۋازىسى، ئۈرۈمچىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن فۇكاڭنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك ئىدى، فۇكاڭنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن ماجۇڭيىڭنى فۇكاڭغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان زىنچۈەنزىدىن قوغلاپ چىقىرىش لازىم ئىدى. 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت يېرىمدا ئىككى تەرەپ زىنچۈەنزىدە كەسكىن جەڭ قىلىدۇ. دەسلەپتە ما جۇڭيىڭ قوشۇنى خۇددى توپان سۈيىدەك شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىدۇ، ئالدىنقى سەپتە شېڭ شىسەي ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىشقا تاسلا قالىدۇ، خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىمۇ شېڭ شىسەينىڭ يۈرىكى دەككە ـ دۈككىدە بولۇپ، باشقىلارغا: بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدە ئاخىرقى قېتىم ئەڭ خەۋپلىك جەڭنى قىلىشىم دېگەن. ئۆلكە قوشۇنىدىن لىيۇ ۋەنكۈي (لەقىمى يەل تاپان لىيۇ) باشچىلىقىدىكى غەربىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ قىسمى ناھايىتى باتۇرلۇق كۆرسىتىدۇ، بۇ قىسىمدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى لىيۇۋەنكۈي باندىت ۋاقتىدا تەربىيىلەنگەن مەرگەنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتقان ئوقىنىڭ تېگىش نىسبىتى يۇقىرى بولغاچقا، ما جۇڭيىڭ قوشۇنىغا ناھايىتى زور تەھدىت سالىدۇ، شۇ كېچىسى قاتتىق يامغۇر ـ مۆلدۈر يېغىپ ھاۋا بىردىنلا سوۋۇپ تۆل گرادۇستىن تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بۇ ياز ۋاقتى بولغاچقا، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى يالاڭ كىيىم بىلەن ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ پۇت قولى توڭلاپ ئوق ئېتىشقا ئەسىر يېتىدۇ؛ ئۆلكە قوشۇنىدىكىلەر جۇۋا ئېلىۋالغان بولغاچقا، سوغۇققا بەرداشلىق بېرىدۇ. 2 ـ كۈنى، ئۆلكە قوشۇنى شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، ماجۇڭيىڭ قوشۇنى تاقابىل تۇرالمايدۇ. ماجۇڭيىڭ 3000دىن ئارتۇق ئادىمى، 3000 دىن ئارتۇق تۆگىسىنى ئېلىپ چىتەي ـ جىمسار يولى بىلەن شەرققە قاراپ قاچىدۇ. بۇ سوقۇشتا ماجۇڭيىڭنىڭ 600 نەچچە ئادىمى ئۆلىدۇ، 500 نەچچە ئادىمى ئەسىرگە چۈشىدۇ، 2000دىن كۆپرەك ئادىمى قېچىپ تاراپ كېتىدۇ. 1000 تالدىن ئارتۇق مىلتىقىنى، 4 دانە پىلىموتنى، 30 مىڭ تالدىن ئارتۇق ئوقىنى ئولجىغا بېرىدۇ.
ماجۇڭيىڭ جىمساردىن گۇچۇڭ، مورىغا چېكىنىپ بېرىپ، بۇ يەردىن

تيانشان تېغىنى ھالقىپ ئۆتۈپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، زىنچۇەنزى ئۇرۇشىدىن پايدىلىنىپ تۇرپاننى ئىشغال قىلىۋالغان خوجانىياز قوشۇنىنى قوغلاپ چىقىرىپ، تۇرپان، پىچانلارنى ئىگىلەيدۇ. ما جۇڭيىڭ قومۇلغا قايتماسلىقىدا، ئۇنىڭ بۇ باياشات جايدىن پايدىلىنىپ شېڭ شىسەي بىلەن يەنە بىر نۆۋەت ئېلىشىدىغان خىيالى بار ئىدى. ئۆلكە قوشۇنى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى گۇچۇڭغا قوغلاپ بارغاندا، شېڭ شىسەي چېن جۇڭغا باپپېنگورت قوماندانلىقىدىكى ئاتلىق قىسىمنى باشلاپ ماجۇڭيىڭغا ئارقىدىن قوغلاپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇق بېرىدۇ. چېن جۇڭ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشنى كېچىكتۈرۈپ ماڭمايدۇ، كېيىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۈرۈمچىگە قايتىدۇ، شېڭ شىسەي يەنە لى شياۋتيەنگە ئايروپىلان بىلەن بومباردىمان قىلىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ، لى شياۋتيەن باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ بارمايدۇ، باشتىن - ئاخىر ئۆلكە مەركىزىدىن بىر قەدەم ئايرىلمايدۇ. بۇ ئىككىيلەننىڭ غەيرىي قىلمىشلىرى كېيىن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرمەكچى دېگەن جىنايىتى قىلىنىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش سەۋەبلىرىدىن بىرى بولىدۇ.

زىنچۇەنزى ئۇرۇشىدىن كېيىن ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا كېتىدۇ، شېڭ شىسەينىڭ ھەيۋىسى ئاشىدۇ، ئۇ 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ما جۇڭيىڭنى «بالايىئاپەت تۇغدۇرۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەچكە، مەركەزنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ شىنجاڭدىكى توپىلاڭچىلارغا گۇپپاڭچىلىق قىلدى، باركۆل، قومۇلنى ئىگىلىۋېلىش بىلەن يەنە گۇچۇڭ، جىمسارغا ھۇجۇم قىلىپ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، بۇلاپ - تالاپ، ئېچىنىشلىق ئەھۋال پەيدا قىلدى» دەپ ئەيىبلەيدۇ ۋە «ئۇنىڭغا قارشى قوشۇن تارتىپ زەربە بېرىش بىلەن ھازىر تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى، بۇ ھەقتە يوليورۇق بېرىلىشىنى كۈتىمىز» دەيدۇ. شېڭ شىسەي ھەربىي جەھەتتىكى غەلىبىسى بەدىلىگە مەركەزنىڭ رەسمىي ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىگە ئېرىشمەن دەپ ئويلىغانىدى، ئىش كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ، جياڭ جيېشى 24 - كۈنى جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتىپ: «شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق ئىشلىرى ھال

سوراش ئەلچىسى خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ پىكرى بويىچە بولىدۇ، سۇسلۇق قى-
لىشقا، مەغرۇرلىنىشقا بولمايدۇ» دەيدۇ. دېمەك بۇ: شىڭ شىسەي، سەن
بارلىق ھەرىكىتىڭدە خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ پىكرىگە بويسۇنۇشۇڭ كېرەك،
دېگەنلىك ئىدى. شىڭ شىسەي بۇنىڭغا قوشۇلمايتتى، ئەلۋەتتە.

شىڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ زىنچۇەنزىدە ھايات - ماماتلىق جېڭىنى قىلىۋاتقاندا، خۇاڭ مۇسۇڭ ئۈرۈمچىدە ھوقۇق تارتىۋېلىش پىلانىنى ئالدىراشلىق بىلەن تۈزۈۋاتاتتى.

خۇاڭ مۇسۇڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپلا جىن شۇرېن ئولتۇرغان قورودا ھال سوراش ئەلچىلىرى شتابىنى قۇرۇپ، ئازراق دەم ئېلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ لىيۇ ۋېنلۇڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ، لىيۇ ۋېنلۇڭنىڭ «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىر شەرقىي يولدا بولۇۋاتقان ھەربىي جەھەتتىكى جىددىي ئەھۋال توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ ۋە ۋۇئەيچىن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ گۇچۇڭغا بېرىپ ماجۇڭيىڭ بىلەن تىنچلىق ھەققىدە سۆھبەتلەشكەن ئەھۋالنى، ياڭ بوچىڭ ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا كىرىش ئەھۋالىنى، جاڭ پېييۈەنىڭ ۋەكىلى ئىلىنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلىدۇ ھەمدە ھەممە جەھەتتە مەركەزنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. نەچچە ئون خەلق ۋەكىلىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تىنچلىق ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

ھال سوراش ئەلچىلىرى خىزمەتكە چۈشۈش بىلەنلا جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ بويىچە ھال سوراشقا كىرىشىدۇ، قۇمۇل ۋاڭى نەزەرنى ئەلچىلەر مەھكىمىسىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىپ تۇرپان، قۇمۇلغا بېرىپ ھال سوراشقا ئەۋەتىدۇ؛ ھۆكۈمەتنىڭ ئېلانى ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە يېزىلغان مۇراجىئەت قاتارلىق ھۆججەتلەرنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ؛ ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ياردەمچىلىرىنى تەرەپ - تەرەپكە بېرىپ ھەر قايسى ساھەدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئەۋەتىدۇ. ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەر بىر مەھەل خۇاڭ مۇسۇڭغا قالتىس ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ، خۇاڭ مۇسۇڭ مەركەزنىڭ چوڭ ئەمەلدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن تىنچلىقنى تەشەببۇس

قىلىپ ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىناۋىتى ئۆسىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنلا، خۇاڭ مۇسۇڭ شىڭ شىسەينىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنى تەشكىللەشكە كىرىشىدۇ. ئۇ جاڭ پېيىۋەن، ماجۇڭيىڭ، خوجانىيازلارنى ھەربىي ئىشلار ھەيئىتى، شىڭ شىسەينى ھەيئەت مۇدىرى قىلماقچى بولىدۇ. جاڭ پېيىۋەن ئەمەلىي كۈچلەر تەرەپدارى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان زىددىيەت بار ئىدى. جىن شۇرېن ئۈرۈمچىدىن قاچقاندىن كېيىن، جاڭ پېيىۋەننى مۇۋەققەت ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلىگەن بولغاچقا، جاڭ پېيىۋەن شىڭ شىسەينى قول ئاستىمدىكى ئادىمىم دەپ قاراپ، ئىناۋەت - سالاھىيىتى ئۆزىدىن تۆۋەن شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغانلىقىغا غومى بولغانلىقتىن، ئۇمۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ شىڭ شىسەينى يوقىتىشنى ئويلايتتى. ماجۇڭيىڭ گەنسۇدا ما بۇفاڭنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچراپ، روناق تېپىش ئىستىقبالى بولمىغاچقا، شىنجاڭنى تايانچ بازا قىلىپ غەربىي شىمالدا دەۋران سۈرۈش غەرىزىدە ئىدى. جاڭ پېيىۋەن، ماجۇڭيىڭ ئىككىسى شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە يوشۇرۇن كېلىشىپ بولغانىدى. خوجانىياز بولسا ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدىكى ئىناۋىتى يۇقىرى، ئەمەلىي كۈچى قۇدرەتلىك شەخس بولۇپ، ئۇنى ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى غەرەزمۇ شىڭ شىسەينى ئىسكەنجىگە ئېلىش ئۈچۈن ئىدى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا، خۇاڭ مۇسۇڭ ليۇۋېنلۇڭ، تاۋ مىڭيۇ، چېن جۇڭ، لى شياۋتيەن قاتارلىقلارنى ئۆزىگە تارتىپ، شىڭ شىسەيگە قارشى يادرو كۈچ ئۇيۇشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ليۇۋېنلۇڭ چاچ - ساقىلى ئاقارغان بولۇپ، ئۆلكىنىڭ رەئىسى بولسىمۇ، سىياسىي جەھەتتە يەنىمۇ ئۆرلەش نىيىتى يوق ئىدى. لېكىن، ئۇ سىياسىي جەھەتتىكى كۈچىگە تايىنىپ تيەنجىندىكى سودىگەرچىلىكىنى روناق تاپقۇزۇشنى ئويلايتتى. شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئۇزۇن يىللىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقى،

خەلقنىڭ نامراتلىشىپ كېتىشى ئۇنىڭ تىجارىتىگە تەسىر يەتكۈزگەن بول-
غاچقا، ئۇ تىنچلىقنى ئۈمىد قىلاتتى. شېڭ شىسەينىڭ ما جۇڭيىڭغا قارىتا
جازا يۈرۈش قىلغانلىقىغا نارازى ئىدى. ئېھتىمال ئاساسلىقى، شېڭ شىسەي
دۆبەن بولۇۋالغاندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ ئارمىيە ۋە خەلقنى ئايرىپ ئىدارە
قىلىشنى يولغا قويىمەن، ھەممىدە رەئىس ليۇۋېنلۇڭغا ھۆرمەت قىلىمەن
دېگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ليۇۋېنلۇڭنىڭ
نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى. تاۋمىڭيۇ «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرى-
شىدىن كېيىن ئاران ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىگە
ئېرىشىپ، ليۇۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەرنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ قالغان،
ئۇنىڭ ئۈستىگە شېڭ شىسەي ھەربىي ئىشلارنى خەلق ئىشلىرىدىن يۇقىرى
قويۇشنى يولغا قويغان بولغاچقا، ئۇنىڭ باش كاتىپلىقى قۇرۇق شەكىلگە
ئايلىنىپ قالغان، شۇڭا ئۇنىڭ نارازىلىقى ئېشىپ باشقىدىن چىقىش يولى
ئىزدەش خىيالىدا ئىدى. چېن جۇڭ موسكۋادىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن-
دە، تاۋمىڭيۇ يەنە نەنجىڭغا بېرىپ شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىشنى
تەلەپ قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسى-
ۋەت قىلىش خىيالىدا ئىدى. ليۇۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي تاۋمىڭيۇنىڭ
زىممىسىدىكى ۋەزىپە ئېغىر، ئۆلكىدىن ئايرىلسا بولمايدۇ دەپ قاراپ،
سىلىق سۆزلەر بىلەن قالدۇرۇپ قالىدۇ، لېكىن تاۋمىڭيۇ تەلىپىدە چىڭ
تۇرۇپ شەرققە قاراپ يولغا چىقىدۇ. سەپەر ئۈستىدە لەنجۇدا خۇاڭ مۇسۇڭ
بىلەن كۆرۈشۈپ، خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ مەقسىتى
قانداقتۇر «ھال سوراش» ئەمەس، ئەسلىدە شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي
ھوقۇقىنى ئىگىلەش ئىكەنلىكىنى بىلىپ دەرھال پىلانىنى ئۆزگەرتىپ،
ئۆزىنى خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ قوينىغا ئېتىش قارارىغا كېلىدۇ. شىنجاڭغا
قايتقاندىن كېيىن، ئۇ خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ شېرىكلىرى قاتارىغا قوشۇلۇپ،
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىنى گۈي فاڭنىڭ ۋاقىتلىق باشقۇرۇشىغا
تاپشۇرۇپ، ئۆزى كۈن بويى ھال سوراش ئەلچىلىرى مەھكىمىسىگە كىرىپ
چىقىش بىلەن بولىدۇ، يەنە ھەر تەرەپكە چېپىپ ئالاقە باغلاش، ئۇچرىشىش
ئىشلىرى بىلەن ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ شىنجاڭدا تۇرغىنىغا

ئۇزۇن ۋاقىت بولغاچقا ھەم شىبلى شىسەينىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى پۇختا
بىلگەچكە، خۇاڭ مۇسۇڭ ئۇنىڭغا ئىشەنچ باغلىغاچقا، «شىنجاڭ مەسىلى-
سىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇ بولمىسا بولمىغۇدەك دەيدۇ»[1]. چېن جۇڭ
گوچۇڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن، تاۋمىڭيۇ ۋە لى شياۋتيەنلەر
بىلەن مەخپىي مەسلىھەتلىشىدۇ، خۇاڭ مۇسۇڭغا شىبلى شىسەينىڭ ئەھۋالى-
نى ۋە ھەربىي ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىدۇ. چېن جۇڭ، لى شياۋتيەن
«12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ئەمەلىي ھوقۇق ئىگىلى-
مىگەن، چېن جۇڭ پەقەت دۇبەن مەھكىمىسىدە مەسلىھەتچىلەر باشلىقى
بولغان، شىبلى شىسەي ئۇنى ئۆز يېنىغا تارتىپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتكەن،
نازارەت ئاستىغا چۈشكەن، لى شياۋتيەن ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى
بولغان. بۇلارنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ھەربىي
چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلىۋالغان شىبلى شىسەيدىن نارازى بولۇشى يوللۇق
ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۈرۈمچىدە خۇاڭ مۇسۇڭ باشچىلىقىدا، «12 -
ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوزغىغانلارنى يادرو قىلىپ، شىبلى شىسەي-
نىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشنى كۆزلىگەن بىر يوشۇرۇن كۈچ شەكىللىنى-
دۇ، شىبلى شىسەي بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى، ئەلۋەتتە.

خۇاڭ مۇسۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ئۈرۈمچىدىكى بىر يۈرۈش مەخپىي پە-
لانلىرى شىبلى شىسەينى ئالدىيالمايدۇ. ئۇ گەرچە ئۆزى ئالدىنقى سەپتە
بولسىمۇ، ئۆلكە مەركىزىدىكى ئەھۋاللارنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ. خۇاڭ
مۇسۇڭنىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە دۇبەنلىك تۈزۈمىنى ھەربىي ئىشلار ھەي-
ئىتى تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش ۋە شىنجاڭنى قانداق كونترول قىلىش توغرى-
سىدا بەرگەن مەخپىي تېلېگراممىسى نومۇرىنى شىبلى شىسەي زىنچۈەنزىدىكى
ئۇرۇشتا ئەسىر ئالغان، بۇرۇن ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن
ياپونىيىلىك داشجوڭ (خەنزۇچە ئىسمى يۈي خۇاتىڭ) غا تەرجىمە قىلدۇ-
رۇپ بىلىۋالغان، ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنىمۇ شىبلى شىسەي ئۆزىنىڭ
كۆز - قۇلاقلىرى ئارقىلىق رازۋېدكا قىلىپ بىلىپ تۇرغان. شىبلى شىسەي

---

① گۇاڭ بىجىڭ: «مەن بىلىدىغان تاۋمىڭيۇ»

ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆچىنى تونۇتۇپ قويۇش قارارىغا كېلىدۇ. 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ماجۇڭيىڭنىڭ قىسمىغا قوغلاپ زەربە بېرىش پىلانىدىن بىردىنلا ۋاز كېچىپ، مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن بىللە ئۆلكە مەركىزىگە قايتىپ كېلىپ، «لى شياۋتيەن، چېن جۇڭلار مەخپىي ھەرىكەت قىلىپ لۈيۈيلىن، مادېشەنلەرنىڭ ئىككى تۈەنى بىلەن ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغان» دېگەن يالغان خەتنى ياساپ چىقىدۇ ۋە ئاتالمىش «سوۋېتقەستلىك تەشكىلاتقا قاتناشقانلار ئىسىملىكى» دېگەن بىر پارچە تىزىمنى ئويدۇرۇپ چىقىدۇ. 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ۋاقىتلىق جىددىي يىغىن ئېچىش نامى بىلەن تاۋمىڭيۈ، چېن جۇڭ، لى شياۋتيەنلەر قولغا ئېلىنىپ، سوراق قىلىنمايلا، شەرقىي باغچە (دۇڭخۇايۈەن) دە ئېتىپ تاشلىنىپ، ئۆلۈكى تامنىڭ سىرتىغا تاشلىۋېتىلىدۇ. شېڭ شىسەي يىغىن مەيدانىغا كىرىپلا، تاۋ مىڭيۈ، چېن جۇڭ، لى شياۋتيەن ئۈچەيلەن ھازىرقى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغان، ئاسىيلىق ھەرىكىتى ئېنىق، بۇلارغا قانۇن بويىچە چارە كۆرۈلدى دەيدۇ ھەمدە لۈيۈيلىن، مادېشەن ئىككى تۈەننىڭ تۈەنجاڭى ئاتالمىش توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە دەۋەت قىلغانلىق توغرىسىدىكى خەتنى كۆرسىتىدۇ، ئاتالمىش «توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە دەۋەت قىلىش خېتى ئەنزىسى» ياكى «2 - قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىش» دېگىنى شۇ ئىدى. يىغىندا، شېڭ شىسەي خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ دۇبەنلىك تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ، ھەربىي ئىشلار ھەيئىتى قىلىش دېگەن تەكلىپىگە نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، چوڭ يىغىنغا ئىستىپا سۇنۇپ، قوشۇنۇمنى باشلاپ تارباغاتايغا كېتىمەن دەپ داۋراڭ سالىدۇ. ليۇۋېنلۇڭمۇ ۋاقىتلىق رەئىسلىكتىن ئىستىپا بەرمەكچى بولىدۇ ھەمدە ھۆركىرەپ يىغلايدۇ. ھەر قايسى ھەيئەتلەر نېمە قىلىشنى بىلمەي بىر تەرەپتىن ليۇۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي ئىككىيلەننى يالۋۇرۇپ ۋەزىپىسىدە قېلىشنى ئۆتۈنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ھەممەيلەن ھال سوراش ئەلچىلىرى مەھكىمىسىگە بېرىپ چېگرا ۋەزىيىتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن دۇبەنلىك تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش ھەققىدە مەركەزگە تېلېگراممىا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

شېڭ شىسەي ئۈچ كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بەرگەندىن كېيىن، تۆرلۈك

ۋاستىلەرنى قوللىنىپ نەنجاڭ ھۆكۈمىتىنى تېز ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە قىستايدۇ. يۇقىرىقى ۋەقە يۈز بەرگەن 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئۇ نەنجاڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگراممىا يوللاپ ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىنى مەلۇم قىلىپ، ئۈچ كىشى تىل بىرىكتۈرۈپ ھازىرقى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشنى قەستلىگەن دەيدۇ ھەمدە يەنە خۇاڭ مۇسۇڭنى رەئىسلىككە كۆرسىتىدۇ، تاۋ مىڭيۈ قاتارلىقلار قولغا ئېلىنىپ ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىنغانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ شۇنداقلا مەركەزنىڭ چېگرا ۋەزىيىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان چېن لىفۇ، پېڭ شاۋشيەن، ليۇ گۇاڭ، جاڭ فېڭجيۇ قاتارلىق تۆت كىشىنى شىنجاڭغا كېلىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئارقىدىنلا، بىر تەرەپتىن ھەر مىللەت ھەر ساھەدىكىلەرگە ئەقىل كۆرسىتىپ نەنجاڭ ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىدۇ، يالغاندىن خەلقنىڭ ئارزۇسىنى باھانە قىلىپ، ليۇۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەرنى رەسمىي ۋەزىپىگە تېز تەيىنلەشنى تەلەپ قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، خۇاڭ مۇسۇڭنى تەقىب ئاستىغا ئېلىپ ئۇنى ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇيۇشمىسى مەركەزگە تېز تېلېگراممىا يوللاپ: ليۇۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي ئىككى ئەرباب ئىشقا چۈشكەندىن بۇيان، كېچە - كۈندۈز ئومۇمىيەتچىلىك بىلەن تىرىشىپ ئىشلەۋاتىدۇ، ليۇۋېنلۇڭ تىنچلىقنى بەك سۆيىدۇ، تەجرىبىسى ناھايىتى مول، شېڭ شىسەي چېگرا رايونىنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدۇ، ئارمىيىنى باشقۇرۇشتا ئارتۇقچىلىقى ئىگە، بۇلار شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرسا، ئالغا بېسىشتىن چوقۇم ئۈمىد بار، ئەمما ۋاقىتلىق ئەمەل تۇتسا مۇستەھكەم بولمايدىكەن، يەنە شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالىغا قارىتا غەم - ئەندىشە كۆپ بولىدىكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەزىپىلىرىگە مەسئۇل بولۇپ، چېگرا رايونىنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەپ، مەركەزنىڭ غەربىي دىيار توغرىسىدىكى غەم - ئەندىشىسىنى ئازايتىپ، قارا نىيەتلەرنىڭ تەمەلىرىگە يول قويماسلىق ئۈچۈن، مەركەزنىڭ ليۇۋېنلۇڭنى، رەئىسلىككە، شېڭ شىسەينى چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە رەسمىي تەيىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، دەيدۇ. 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئۆلكىلىك قوغداش ھەيئىتى ۋە ھەربى-

لەت خەلقىنىڭ بىرلەشمە ئۇيۇشمىسى ئەنجىڭغا تېلېگرامما يوللاپ، ليۇۋېن-
لۇڭ، شېڭ شىسەيلەرنىڭ تۆھپىسى ۋە ئەخلاقىي پەزىلىتىنى ماختايدۇ
ھەمدە كەلگۈسىدە شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ۋە مەركەزنىڭ غەربىي دىيار
توغرىسىدىكى غەم - ئەندىشىسىنى يەڭگىللىتىشكە ۋاقىتلىق رەئىس ليۇۋېن-
لۇڭ، ۋاقىتلىق دۇبەن شېڭ شىسەي ھەقىقەتەن ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ
دەيدۇ. شۇ كۈنى يەنە سودىگەرلەر باش ئۇيۇشمىسى، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى-
مۇ مەركەزگە تېلېگرامما يوللاپ «شىنجاڭ ئىچكىرىگە ۋە سىرتقا نىسبەتەن-
مۇ ناھايىتى مۇھىم جاي، ھەربىي - مەمۇرىي باشلىقلار بىر كۈن ئىلان
قىلىنسا، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىمۇ بىر كۈن بۇرۇن ئارام تاپىدۇ، شۇڭا
مەركەزنىڭ يەنىلا خەلقنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يەرلىك
ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، تېزدىن كۆرسەتمە بېرىشىنى سورايمىز» دەيدۇ.
يۇقىرىقى تېلېگراممىدىكى ئاساسىي مۇقام خەلقنىڭ ئارزۇسىغا مۇخالىپلىق
قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى رەسمىي ۋەزى-
پىگە تەيىنلەشكە دەۋەت قىلىش، ۋەھالەنكى بۇ ئومۇمىي خورنىڭ رېژىسسو-
رى دەل شېڭ شىسەينىڭ ئۆزى ئىدى. خۇاڭ مۇسۇڭمۇ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە
بولالمىغان ئەھۋالدا 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، مەركەزگە نائىلاج ئوچۇق
تېلېگرامما يوللاپ: «ۋاقىتلىق دۇبەن شېڭ شىسەي، ۋاقىتلىق رەئىس
ليۇۋېنلۇڭلار جاپاغا چىداپ ئامانلىقنى قوغداپ كېلىۋاتقىنىغا بىر قانچە ئاي
بولدى، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، مەركەزنىڭ ئۇلارنى ۋەزىپىگە
تەيىنلەپ، ئۇلارنىڭ نام - ئورنىنى رەسمىيلەشتۈرۈپ، خىزمىتىنى تېخىمۇ
مەسئۇللۇق بىلەن ئىشلىشىگە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشىنى ھەمدە ۋەزى-
يەتكە پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن تېزرەك ئېلان قىلىشنى سورايمەن» دەيدۇ.
شۇنداق قىلىپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھال سوراشنى باھانە قىلىپ
شىنجاڭنى كونترول قىلىش پىلانى بەربات بولىدۇ. خۇاڭ مۇسۇڭنى ئۇ-
رۇمچىدە تۇرغۇزۇشنىڭ رولى بولمايلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ھاياتىمۇ خەۋپ
ئىچىدە قالىدۇ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، خۇاڭ مۇسۇڭ-
نىڭ نەنجىڭغا قايتىپ بۇيرۇق كۈتۈش توغرىسىدا تېلېگرامما بېرىلىدۇ.
7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ۋاڭ جىڭۋېي سۇن جۇڭشەننى خاتىرىلەش

ھەپتىلىك ژۇرنىلىدا قىلىنغان مۇھىم سىياسەت ھەققىدىكى دوكلاتىدا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى پوزىتسىيىسىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھۆكۈمەت نېمە ئۈچۈن لىيۇ-ۋېنلۇڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىكىنى، شېڭ شىسەي-نىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىنى بالدۇرراق ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ خودۇكسىنىپ، باشقا ۋەقە پەيدا قىلىشىدىن ساقلانمىدى؟ ھۆكۈمەت لىيۇ-ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەرنى كېرەك ئەمەس دېمەيدۇ، كېرەكمۇ دېمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىرنەچچە ئىشنى ئىشلەشنى خالايدىغان ياكى خالىمايدىغانلىقىغا، ئىشلىيەلەيدىغان - ئىشلىيەلمەيدىغانلىقىغا قارايدۇ»، ۋاڭ جىڭۋېي لىيۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەردىن ئىشلەشنى تەلەپ قىلغان ئۈچ ئىش: بىرىن-چى، خارجى ئىشلىرى مەركەزنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىدا بولۇش؛ ئىك-كىنچى، ھەربىي ئىشلار مەركەزنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىدا بولۇش؛ ئۈچىنچى، دىنىي ئەركىنلىك، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش دېگەندىن ئىبا-رەت. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: بۇ «شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرى-دا يولغا قويۇلىدىغان ئۈچ چوڭ پرىنسىپ، كىم بۇ ئۈچ پرىنسىپقا ئەمەل قىلالىسا، مەسئۇلىيەت شۇنىڭغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئەگەر لىيۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەر ئەمەل قىلالىسا، بىز شۇلارغا تاپشۇرىمىز، بولمىسا باشقا بىرىگە تاپشۇرىمىز».

ۋاڭ جىڭۋېينىڭ بۇ سۆزلىرى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن بولغان كۈچ سىنىشىشتا ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويدى. چۈنكى، بۇ ئۈچ پرىن-سىپنى شىنجاڭ تەرەپ 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنىلا ئون ماددىلىق پروگراممىدا جاكارلىغانىدى، بۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئېنىق ئىدى. ئەگەر يۇقىرىقى ئۈچ پرىنسىپ شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىدا يولغا قويۇلىدى-غان توپ پرىنسىپلار بولسا، نېمىشقا ئۇ بالدۇرراق ئېلان قىلىنمىدى، 7 - ئايغىچە كېچىكتۈرۈپ، شېڭ شىسەي ماجۇڭيىڭنى مەغلۇپ قىلغان ۋە «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىنىڭ تۆھپىكارلىرىنى ئۆلتۈرگەن-دىن كېيىن ئېلان قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، شىن-

جاڭنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىدا يولغا قويۇلىدىغان ئاتالمىش ئۈچ پرىنسىپ ئەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىڭ شىسەي بىلەن كۈچ سىنىشىشتا يېڭىلگەندىن كېيىن يۈز - ئابرويىنى ساقلاپ قېلىش يۈزىسىدىن ئىلان قىلىنغان، خالاس.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن جياڭ جيېشى يەنە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ تەپتىش ۋالىيسى نامى بىلەن پېڭ شاۋشيەننى شىڭ شىسەينى خۇاڭ مۇسۇڭنى قويۇپ بېرىشكە دەۋەت قىلىشقا شىنجاڭغا ئەۋەتىدۇ. شىڭ شىسەي ئەنجىڭ تەرەپنىڭ بىر يۈرۈش ئۇسۇللىرىدىكى سىرنى ياخشى بىلەتتى. مەركەز ئۇنىڭ دۇبەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسىلا، ئۇ ئادەمگەرچىلىك بىلەن خۇاڭ مۇسۇڭنى ئەنجىڭگە قايتۇراتتى ھەم بىر پارچە تېلېگرامما ئىلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ قەلبىدىكىنى ئىزھار قىلاتتى. 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، شىڭ شىسەي ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن بىرلىكتە ئەنجىڭگە تېلېگرامما يوللاپ مۇنداق دەيدۇ: «غەم - قايغۇ كۆپەيگەن، باندىتلار پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقان چاغدا، مەركەزنىڭ ئىناۋىتىگە تايانماي، قانداقمۇ ئۆز ئالدىغا پۇت دەسسەپ تۇرغىلى بولسۇن. بىز چوڭ داۋلىلارنى ياخشى ئۇقمىساقمۇ، ئالا كۆڭۈل ئەمەسمىز، نىيەت - ئىقبالىمىز ھەممىگە ئايان، بارلىق تەدبىرلىرىمىزدە مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا سەمىمىي ئىتائەت قىلىمىز، خىلاپلىق قىلمايمىز، مەركەزنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمىز». بۇ ۋاڭ جىڭۋېي، جياڭ جيېشىغا ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈش خېتى يازغانغا تەڭ ئىدى. 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، خۇاڭ مۇسۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئايروپىلان بىلەن ئەنجىڭگە قايتىدۇ.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، مەمۇرىي پالاتانىڭ 118 - نۆۋەتلىك يىغىنىدا، ليۇ ۋېنلۇڭ شىنجاڭنىڭ رەئىسلىكىگە، شىڭ شىسەي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە، جاڭ پېييۈەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قوشۇمچە ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى ۋە يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان 8 - دىۋىزىيە (شى) نىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقا ھەيئەت ئەزالىرى، نازىرلىرى كېيىن كېڭىشىپ تەيىنلەشكە قالدۇرۇلىدۇ. شۇنداق

قىلىپ، «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ 1 - قېتىملىق شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى نەنجىڭ تەرەپنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياغلاشتى. شىڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي قوماندانلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەپ دۇبەن بولدى.

## 3 - بۆلۈم لو ۋېنگەننىڭ شىنجاڭغا كېلىشى، تەڭپۇڭلۇق - ئىسكەنجە سىياسىتىنىڭ بەربات بولۇشى، جاڭ پېيۇەن بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ بىرلىشىپ شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى

خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ھال سوراش ئىشىنىڭ مەغلۇبىيىتى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭنى بىۋاسىتە كونترول قىلىشنىڭ پەيتى ۋە شارائىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى، شۇڭا تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتمىسە بولمايدىغانلىقىنى تونۇتتى. شۇ چاغدا، مەملىكەت ئىچىدىكى جامائەتچىلىك شىڭ شىسەينىڭ تاۋ مىڭيۈ قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە قاتتىق ئىنكاس بىلدۈرۈپ، ئارقا - ئارقىدىن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يۇمشاق قوللۇق قىلغانلىقىنى ئەيىبلىدى ۋە شىڭ شىسەيگە قاتتىق تەدبىر قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. 1933 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، تيەنجىندە چىقىدىغان «داگۇڭباۋ» گېزىتى ماقالە ئېلان قىلىپ، شىڭ شىسەينىڭ «گۇمانىي بەتنام بىلەن دۆلەتنىڭ يارامىلىق خادىملىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى» ئەيىبلەپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە «مەملىكەت ئىچىدە قەدىمىي ياۋايى قەبىلىلەرچە ھاكىمىيەت سورايدىغانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىشىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرماسلىقنى» مۇراجىئەت قىلدى، مەملىكەت ئىچىدە شىڭ شىسەينىڭ جىنايىتىنى سۈرۈشتە قىلىش ساداسى كۆتۈ-

روۋلدى. شۇ چاغدا خۇاڭ شاۋخۇڭ قوشۇن باشلاپ شىنجاڭغا كىرمەكچى،
دېگەن سۆزلەرنىڭ كەڭ تارقىلىشى نامدا شېڭ شىسەينىڭ مالىمانچىلىقلار-
نى بېسىقتۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شېڭ شىسەينى
قورال كۈچى بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن، شۇ چاغدا
نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىشى ئاسان ئىش ئەمەس
ئىدى. 1928 - يىلى گومىنداڭ نەنجىڭدا يېڭى مىلىتارىست ھۆكۈمرانلىقى-
نى ئورناتقان بولسىمۇ، لېكىن مەملىكەت مىقياسىدا سىياسىي، ھەربىي
جەھەتتە بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانىدى، غەربىي شىمالنى ئېلىپ
ئېيتساق، ئۇنىڭ كۈچى گەنسۇنىڭ غەربىگە كىرمىگەن تۇرسا، شىنجاڭغا
ئەسكەر كىرگۈزۈشتىن ئېغىز ئېچىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ئۇ چاغدا
جياڭ جيېشى بارلىق كۈچى بىلەن «گۇڭچەنداڭنى قورشاپ يوقىتىش» قا
ھازىرلىنىۋاتاتتى. 1933 - يىلى 3 - ئايدا، جياڭ جيېشى قوزغىغان
4 - قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابىي قورشاپ يوقىتىش ئەمدىلا مەغلۇپ بولسى-
مۇ، ئۇ يەنە «سىرتقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىچكى قىسىمنى
تىنچىتىش كېرەك» دېگەن شوئار ئاستىدا، 1 مىليون كىشىلىك قوشۇننى
سەپەرۋەر قىلىپ، 200 ئايروپىلان بىلەن 5- قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابىي
قورشاپ يوقىتىشقا ھەدەپ تەييارلىق قىلىۋاتاتتى، جياڭ جيېشى لۇشەنگە
كېلىپ، ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئۇنىڭغا گېرما-
نىيە، ئامېرىكا، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ھەربىي مەسلىھەتچى ۋە
مەشقاۋۇللار (جاۋگوەنلەر) نى تەكلىپ قىلىپ ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېر-
لارنى قايتىدىن تەربىيىلىدى. جياڭ جيېشى كوممۇنىستىك پارتىيە بەرپا
قىلغان يېڭى ئىنقىلابىي تايانچ بازىلىرىنى كۆزگە قادالغان مىخ دەپ قارايت-
تى. ئۇ چاغدا شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىشنىڭ ھەم ئوبيېكتىپ شارائىتى
ھەم بۇنداق ئەمەلىي كۈچ يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، گومىنداڭ شېڭ
شىسەينىڭ كۈنسېرى قۇدرەت تېپىپ كېتىشىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايت-
تى، شۇڭا ئۇ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، شېڭ شىسەي، جاڭ پېيۈەن،
ماجۇڭيىڭدىن ئىبارەت ئۈچ گۇرۇھنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، ئۆزئارا
ئىسكەنجىگە ئېلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش قارارىغا كېلىدۇ.

شۇ چاغدا، بۇنداق تەڭپۇڭلۇقنى چىقىرىش مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى، شېڭ جاڭ، ما ئۈچىلىسى شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تارتىۋېلىشنى ئويلايتتى، بۇ ۋاقىتلىق نىسپىي تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشنىڭ، ئۆزئارا ئىسكەنجىگە ئېلىشنىڭ ئوبيېكتىپ شەرتى ئىدى. شۇ چاغدا، شىنجاڭ زوراۋانلار زومىگەرلىك تالىشىۋاتقان ھالەتتە ئىدى. ئىلىدا جاڭ پېييۈەن، بارەكۆل (جىمشى)، قۇمۇل، تۇرپان، پىچان، قاراشەھەر ئەترابلىرىدا ماجۇڭيىڭ بارلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بارىكۆلدىن ئالتايغىچە بولغان جايلار ماجۇڭيىڭنىڭ ئادىمى ماخېيىڭنىڭ تەسىر دائىرىسىدە، باشقا جايلار بولسا، ئوسمان قىسمىنىڭ، سابىت داموللىنىڭ، مۇھەممەت ئىمىن قىسمىنىڭ ۋە تۆمۈرنىڭ قالدۇق قىسمىنىڭ ئىلىكىدە ئىدى. شېڭ شىسەي ئاران ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلىپ، شەرقتە گۇچۇڭغا، غەربتە چۆچەككىچە بولغان جايلارنى كونترول قىلىپ تۇراتتى. جاڭ پېييۈەن شېڭ شىسەينىڭ دۈبەن بولۇشىغا باشتىن - ئاخىر نارازى ئىدى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى ۋەزىپىگە تەيىنلىشى ئۇنى شېڭ شىسەي بىلەن ئۆزئەڭگە سوقۇشتۇرۇشتا دەسمايىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن مەركەزگە بويسۇنۇپ ئۆلكە ئىچىدە بىرلىكنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنى يېنىغا تارتىپ ئىلىدىكى جىلىن قوغدىنىش قوشۇنى 26 - لۈيىنىڭ (بىرىگادىسىنىڭ) 67 - تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى ۋاڭ شاۋجىنى شتاب باشلىقى قىلىپ تەيىنلەيدۇ ھەمدە ئۈرۈمچىدىكى شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنى ئىلىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ يەنە ئۈرۈمچىدە ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسىنىڭ ئۆلكە مەركىزىدە ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنى قۇرىدۇ، بۇ باشقارما نامدا ئىلى بىلەن ئۆلكە مەركىزىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە جىن شۇرېن قىسمى ۋە شەرقىي شىمال ئارمىيىسى بىلەن مەخپىي ئالاقە قىلىپ، ئۇلارنى شېڭ شىسەيدىن ۋاز كېچىپ جاڭ پېييۈەننى ھىمايە قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىلىغا بېرىشىغا كېتىدىغان پارلىق خىراجەتنى بېرىدۇ، شۇنداق قىلىپ جاڭ پېييۈەن قولىنى شېڭ شىسەينىڭ ساغرىسىنى سىلاشقا ئۇزىتىدۇ.

ماجوڭيىڭ ۋاقىتىنچە تۇرپان، پىچان ئەتراپلىرىغا چېكىنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي كۈچى يەنىلا خېلى قۇدرەتلىك ئىدى ھەمدە ئۆلكە مەركىزى - ئۈرۈمچىگە ھوجۇم قىلىشنى خىيالىدىن چىقارمايتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ نەنسەندە تۇرۇۋاتقان، ئۆزىنى شىڭ شىسەينىڭ قوينىغا ئاتقان مادىشياڭنى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر تۇەنجاڭنى ئۆلتۈرۈپ نەنسەن رايونىنى قايتىدىن كونترول قىلدى ھەمدە يەنە ماشىمىڭغا 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، داۋانچىڭدىن ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېردى. شىمگو ئۇرۇشىدا ئۆلكە قوشۇنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، قوماندان ليۇۋېنكۇيغا ئوق تېگىپ ئۆلدى، ئۈرۈمچىنى بىر مەھەل ئەنسىزچىلىك قاپلايدۇ، ئاشلىق، يېقىلغۇ، تۇز ئۆكسۈپ قالىدۇ، ئەپقاچتى گەپلەر تارقىلىپ، كىشىلەر دەككە - دۈككىگە چۈشىدۇ، مال باھاسى ئۆرلەپ، مالىيىدە جىددىيلىك كۆرۈلىدۇ، جىددىي ئېھتىياجنى قامداش ئۈچۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىرى ئون سەرلىك ئۆلكە پۇلى بېسىپ تارقىتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا شىڭ شىسەي ئۇرۇشقا ھازىرلىق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ماجوڭيىڭ بىلەن يارىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ماجوڭيىڭ ئۆلكە تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان ئون ماددىلىق تىنچلىق شەرتىگە كۆنۈپ، تۇرپاندىن چېكىنىپ چىقىپ قۇمۇل، باركۆل ئەتراپلىرىغا يۆتكىلىدۇ، ماشىمىڭ قىسمىنى ماجوڭيىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشقا يۆتكەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلكە قوشۇنى ۋە خوجانىيازنىڭ قوشۇنى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشنى چەكلەيدۇ؛ داۋانچىڭنى ئۆلكە قوشۇنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ مۇداپىئە قىلىدۇ، تۇرپان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا ۋاقىتىنچە قوشۇن تۇرغۇزۇلمايدۇ؛ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى ماجوڭيىڭنى شەرقىي يول ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. يەرلىكنىڭ سىياسىي ئىشلىرىدا ئۆلكە رەئىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنىدۇ، ئۇنىڭغا ئارىلىششقا بولمايدۇ؛ ماجوڭيىڭغا بۇرۇنقىدەكلا 36 - شىنىڭ شىجاڭى سۈپىتىدە مەركەزدىن ئېيىغا 50 مىڭ يۈەن مائاش بېرىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تۇرپان بىلەن پىچانغا ئىككى ھاكىم ئەۋەتىدۇ. بۇ چاغدا، ماجوڭيىڭ تەرىپىدىن تۇرپاندىن قوغلاپ چىقىرىلغان خوجا نىياز قىسمىنى باشلاپ غەربكە قاراپ ئاتلىنىدۇ، ئۇلار توقسۇن،

قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردا ماشىمىڭ قىسمى بىلەن سوقۇش قىلىپ، ئادىمىنىڭ يېرىمىدىن ئايرىلىدۇ، قالغانلىرى كۇچاغا چېكىنىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا كۈچى بىر ئاز كۈچەيگەن ما جۇڭيىڭ ئۆلكە تەرەپ ماجۇڭيىڭنىڭ قىسمى يوقىتىش قەستىدە خوجانىيازنى ماشىمىڭغا ھۇجۇم قىلدۇردى دېگەننى باھانە قىلىپ، تۇرپاندىن قۇمۇلغا چېكىنىشكە ئۇنىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ قايتىدىن قوشۇنلىرىنى رەتكە سېلىپ، تېخىمۇ چوڭ كۆلەملىك ئېلىشىشقا تەييارلىنىدۇ.

شېڭ شىسەي زىنچۇەنزى ئۇرۇشىدا غەلىبە قازانغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەنلىكى سىياسىي جەھەتتە ئۇنى پايدىلىق ئورۇنغا ئىگە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرەلىگۈدەك دەرىجىگە يەتمىگەنىدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىل ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، شېڭ شىسەي، جاڭ پېيۈەن، ماجۇڭيىڭدىن ئىبارەت ئۈچ گورۇھ كۈچىنىڭ بىر - بىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىشىپ، بىر گورۇھ كۈچىنىڭ شىنجاڭدا تەنھا زومىگەرلىك قىلىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرمەسلىك، تەڭپۇڭلۇق ئىسكەنجە سىياسىتى ئارقىلىق شىنجاڭدا ۋاقىتلىق ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش مانا بۇ جياڭ جيېشى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان «كوممۇنىستىك پارتىيىنى قورشاپ يوقىتىش» نىڭ ئېھتىياجى ئىدى. شۇڭا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتىدىكى ئۆزگىرىش بىر تەرەپتىن خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشى مەغلۇپ بولۇشىنىڭ ساۋاقلىرى ئاساسىدا، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئاساسىدا بەلگىلەنگەن، بۇ شۇ چاغدا گومىنداڭ شىنجاڭغا قارىتا يولغا قويۇشقا بولىدىغان بىردىنبىر سىياسەت ئىدى. 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شېڭ شىسەي، جاڭ پېيۈەنلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەنلىكى ۋە ماجۇڭيىڭغا ئەسلىدىكى ئورنى - گەنسۇدىكى خېشى كارىدورىغا قايتىپ كېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرمىگەنلىكى بۇ خىل تەڭپۇڭلۇق - ئىسكەنجە سىياسىتىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

بۇ تەڭپۇڭلۇق - ئىسكەنجە سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن،

نەنجىڭ ھۆكۈمىتى 1933 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ئەدلىيە ـ مەمۇرىي ئىشلار مىنىستىرى قوشۇمچە خارجى ئىشلار مىنىستىرى لوۋېند. گەنني شىنجاڭغا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتىدۇ ھەمدە مەر. كەزگە ۋاكالىتەن ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي، جاڭ پېييۈەن، ما جۇڭيىڭ قاتارلىقلارنىڭ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىپ قەسەم بېرىش مۇراسىمىغا قاتنى. شىدۇ.

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، لوۋېنگەن ھەمراھلىرى بىلەن ياۋرو ـ ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ، ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار يىغىلىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي ئايرودرومدا لوۋېنگەننى قارشى ئالىدۇ، لوۋېنگەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن پەۋقۇلئاددە خادىمى تۇرىدىغان مەھكىمە. گە چۈشىدۇ. 4 ـ كۈنى، لوۋېنگەن ليۇۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ۋە ھەرقايسى نازارەتلەرنىڭ نازىرلىرىنىڭ نامزاتلىرىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ، 10 ـ كۈنى نەنجىڭغا تېلېگ. راما بېرىدۇ. 26 ـ كۈنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئالاھى. دە ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ليۇۋېنلۇڭ (قوشۇمچە رەئىس)، شېڭ شىسەي، جاڭ پېييۈەن، جۇرۇيشى (قوشۇمچە مالىيە نازىرى)، جاڭ شىن (قوشۇمچە مائارىپ نازىرى)، لى رۇڭ، شەرىپقان، مەنچۇكزاب، ماجۇڭ. يىڭ، گاۋشىبىڭ (قوشۇمچە تەمىرات نازىرى)، دىڭ چۇيكۇي، ھۇسە. يىن، خوجانىيازدىن ئىبارەت 13 كىشى (ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلات نىزامىدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى 9 كىشى بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن) نى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا بەلگىلەيدۇ.

7 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئوندا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن شېڭ شىسەي، ليۇۋېنلۇڭلارنىڭ قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇ. رۇۋېلىش مۇراسىمىغا لوۋېنگەن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ۋە مەمۇرىي پالاتاسى. نىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە نازارەتچىلىك قىلىدۇ ۋە مۇراسىمدا ۋەز ـ نەسىھەت سۆزلەيدۇ. شۇ كۈنى، جاڭ پېييۈەن يول ياسىلىۋاتقانلىقىنى باھانە قى. لىپ، ئىلىدا ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى ئېلان قىلغانلىقى ھەققىدە تېلېگ.

راما بېرىدۇ. بۇ شىباڭ شىسەي بىلەن قارشىلاشقانلىق ئىكەنلىكى ئېنىق بولسىمۇ، لوۋېنگەن سۆكۈت قىلىپ قوللاش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ.

9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، لوۋېنگەن قاتارلىقلار تۇرپانغا بېرىپ، ماجۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى شىباڭ شىسەي بىلەن ياراشتۇرماقچى بولىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ زىددىيىتىنى لوۋېنگەن ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە لوۋېنگەننىڭ شىنجاڭغا كېلىشتىكى مەقسىتى ـ ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش، بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ئىدى. ماجۇڭيىڭ قىسمىنىڭ تۇرپان، پىچاندا تۇرۇشىنى ھۆكۈمەت تەرەپ دۈمبىسىگە سانجىلغان خەنجەر دەپ قارىغاچقا، شىباڭ شىسەي لوۋېنگەننىڭ ماجۇڭيىڭ قىسمىنى قۇمۇلغا چېكىندۈرەلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شىباڭ شىسەي لوۋېنگەن ئارقىلىق ماجۇڭيىڭغا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئوقۇشماسلىقلارنى يۈزتۇرانە تۇرۇپ تۈگىتىشنى، سەمىمىيلىك بىلەن ھەمكارلىشىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ سەمىمىيىتىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن 4 ـ ئىنىسى شىباڭ شىچىنى لوۋېنگەن بىللە ئەۋەتىدۇ. لوۋېنگەن بىلەن يەنە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ۋەكىلى، دۇبەن مەھكىمىسى مەسلىھەتچىلىرىنىڭ باشلىقى ليۇبىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى، ئۈرۈمچى رايونىنىڭ باشلىقى لى رۇڭ، ماجۇڭيىڭنىڭ ئۆلكە مەركىزىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى جاڭ ياشياۋ قاتارلىقلار شۇ كۈنى تۇرپانغا بارىدۇ.

لوۋېنگەن ماجۇڭيىڭغا تۇرپان، پىچانلاردىكى قىسمىنى قۇمۇلغا چېكىندۈرۈپ كەتسە، شەرقىي شىنجاڭ ئامانلىقىنى ساقلاش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە ئۈرۈمچىگە بېرىپ قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ماجۇڭيىڭ مەركەز ئەۋەتكەن چوڭ مەنسەپدارغا يۈز كېلەلمەي، قوشۇنلىرىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەتسە بولىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قوشۇنلارنى يۆتكەش ـ ئورۇنلاشتۇرۇشقا خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىشىنى سورايدۇ. ماجۇڭيىڭ ھۆكۈمەت خەزىنىسىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. بۇ ئەمەلىيەتتە تۇرپان، پىچاندىن قوشۇن چېكىندۈرۈشنى رەت قىلغانلىق ئىدى؛ ئۇ ئۈرۈمچىگە بېرىپ شىباڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈشنى قەتئىي رەت

قىلىدۇ. قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىنى تۇرپاندا ئۆتكۈزسەكمۇ بولىدۇ دەيدۇ. 11 - كۈنى ماجۇڭيىڭ تۇرپاندا شەرقىي شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىقىنى قەسەم بېرىپ تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ، مۇراسىمغا ليۇبىن نازارەتچىلىك قىلىدۇ. 12 - كۈنى لوۋېنگەن قاتارلىقلار ماجۇڭيىڭنىڭ ۋەكىلى، مەسلىھەتچىسى جاڭ ياشياۋ، مۇئاۋىن ئاديۇتانتلار باشلىقى بەي زىشىڭ، كاتىبات مۇدىرى ياۋجىپىڭلار بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ؛ ماجۇڭيىڭ ئۇلارنى داۋانچىڭغىچە بېرىپ ئۇزىتىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ غەرىزىنىڭ ھېچقايسىسى ئىشقا ئاشمايدۇ. بۇ دەل لوۋېنگەننىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىدۇ.

شېڭ شىسەي ماجۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە سۆھبەتكە كەلمىگەنلىكىنى تىنچلىق سەمىمىيىتى يوقلۇقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراپ، مەسىلىنى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. 15 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەر لوۋېنگەن ۋە جاڭ ياشياۋ قاتارلىقلارنى كۈتۈۋالىدۇ، چۈشتىن كېيىن شېڭ شىسەي ھەربىي يىغىن ئاچىدۇ، يىغىندا باپيېنگورت ماجۇڭيىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، يىغىن يەنە ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدا قارار ماقۇللايدۇ، جاڭ ياشياۋ قاتارلىق ئۈچ كىشى قولغا ئېلىنىدۇ. 16 - كۈنى نەنجىڭغا، ياۋ جىپىڭ قاتارلىقلار «دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنى غەلىيان قىلىشقا كۈشكۈرتكەنلىكى ئۈچۈن تەقىپ ئاستىغا ئېلىندى» دەپ تېلېگرامما يوللايدۇ؛ 17 - كۈنى لو ۋېنگەن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا جاڭ ياشياۋ قاتارلىقلار ھەربىيلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ قىلماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ھەربىي ۋاستە قوللىنىشقا مەجبۇر بولدۇق دەيدۇ. بۇ لوۋېنگەنگە شىنجاڭدا تىنچلىق ياكى ئۇرۇش بولۇشنىڭ ئاچقۇچى مېنىڭ قولۇمدا دېگەنلىك ئىدى. لو ۋېنگەن نائىلاج 17- كۈنى ئۈرۈمچىدىن چۆچەككە كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. 21 - كۈنى شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ يەنە ئۇرۇش باشلايدۇ.

ئەسلى پىلان بويىچە 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە، لوۋېنگەن جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى يەن خۈيچىڭ

بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىبىرىيە رايونىدا، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خارجى ئىشلار پەۋقۇلئاددە خادىمىنىڭ مەھكىمىسىنى تەرتىپكە سېلىش مەسىلىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بەش كونسۇلخانىنى تەرتىپكە سېلىش مەسىلىسى، سىبىرىيىدە يېڭىدىن كونسۇلخانا قۇرۇش مەسىلىسى، جۇڭگو - سوۋېت ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى مەسىلىسى، شىنجاڭ - سوۋېت سودا كېلىشىمى (1931 - يىلى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىنى ئالمايلا ئىمزالىغان) نى بىكار قىلىپ، جۇڭگو - سوۋېت سودا كېلىشىمى ئىمزالاش مەسىلىسى، جۇڭگو - سوۋېت چېگرا مەسىلىسى، شىنجاڭلىق ئەتكەسچىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەربىي قورال ئەكىرىپ سېتىشىنى مەنئى قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. 10 - ئاينىڭ 6 -كۈنى، لۇۋېنگەن ئىلىغا قايتىپ كېلىپ، 7 - كۈنى جاڭ پېيىۋەننىڭ ئىلى بوز يەر ئەلچىسى قوشۇمچە يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان 8 - شىنىڭ شىجاڭلىق ۋەزىپىسىنى قەسەم بېرىپ تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ. ئىلىدىكى مەزگىلدە، لۇۋېنگەن جاڭ پېيىۋەننى شېڭ شىسەي بىلەن بولغان «كونا ئاداۋەتنى يادىدىن چىقىرىۋېتىش» كە دەۋەت قىلىدۇ. جاڭ پېيىۋەن كەسكىن ھالدا: «مەن شېڭ شىسەينىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولۇشىغا يول قويمايمەن، باشقا ئىشلاردا نېمە بولسا مەيلى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، لۇۋېنگەن يۈرگۈزگەن تەڭپۇڭلۇق سىياسىتى دەسلەپتە شېڭ شىسەينىڭ ئورۇش قىلىشنى قارار قىلغانلىقى بىلەن بىتچىت بولىدۇ، ئارقىدىن ئىلىدا جاڭ پېيىۋەننىڭ دەككىسىگە ئۇچرايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ سىياسەت ئەمەلىيەتتە بەربات بولىدۇ. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى 2 - قېتىملىق كۈچ سىنىشىشمۇ ئاخىر شېڭ شىسەي غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، باشلانغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنى يېڭىلىدۇ، ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى قاراشەھەر، كورلا، مورى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىدۇ. «قومۇلدىكى ئۇيغۇر ھەربىي-

خەلق شىڭ شىسەي، ليۇۋېنلۇڭلارغا قارشى چىقىدۇ، مۇڭغۇللار، قازاقلارنىڭ شىڭ شىسەي، ليۇ ۋېنلۇڭغا بولغان قارشىلىقى كۈچىيىدۇ. ئۇلار خەنزۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ»①. 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ما جۇڭيىڭ ئالدىدا تۇرۇشلۇق ما خىيىڭغا چۆچەككە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلىدۇ. چۆچەكتىكى ئاھالىلەر بۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ، يېڭىشەھەر (شىنچېڭ) گە كىرىۋالىدۇ. تارباغاتاي ۋالىيسى چېن جىشەن ئۈرۈمچىدىن ياردەم سورايدۇ. ياردەمچى قوشۇن كەلگۈچە، ماخىيىڭ قىسمى بىر پاي ئوق چىقارمايلا كونىشەھەرگە كىرىدۇ. 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ما خىيىڭنىڭ ئەسكەرلەرى يېڭىشەھەر قەلئەسىگە شوتا قويۇپ، بېشىغا كاسكا كىيىپ ھۇجۇم باشلايدۇ، بۇ چاغدا، ئۈرۈمچىدىن كوماندىرى خرووۋسكى باشچىلىقىدىكى رۇس ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلىپ، چۆچەكنى مۇھاسىرىدىن بوشىتىدۇ. خرووۋسكى كوچىلاردا تېنىتىش قىلىۋاتقاندا ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ②. ماخىيىڭ كېچىلەپ دۆربىلجىنغا قاچىدۇ. 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، شىڭ شىسەي ما جۇڭيىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىش توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ؛ شۇ كۈنى، ما جۇڭيىڭ تۇرپاندا ئەسكەرلەرنىڭ پاراتىنى ئۆتۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، شىڭ شىسەينى بىراقلا يوقىتىشقا قەسەميات قىلىدۇ. 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، شىڭ شىسەي قوشۇنىنى ئىككى يولغا بۆلۈپ ما جۇڭيىڭغا قارشى ئاتلاندۇرىدۇ، شىڭ شىسەي ئۆزى قوماندانلىق قىلغان شەرقىي شىمال ئارمىيىسى داۋانچىڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ. يەنە بىر يۆنىلىشتىكى قوشۇن ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ چېكىنىش يولىنى توسۇپ قويۇش ئۈچۈن پىچانغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۈرۈمچىدىكى ئاھالىلەر ئۇرۇش مالىمانچىلىقى يەنە قوزغالغانلىقتىن قاتتىق دەككە - دۈككىگە چۈشىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ خادىملە-

① مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جاڭ پېيۈەننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كونسۇلخانىغا بەرگەن تېلېگراممىسى.

② بۇرھان: «شىڭ شىسەي شىنجاڭدا»، «تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى»، 79 - سان، 31 - بەت.

رىمۇ شىخۇ، ئىلى ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتىشتى. ئۈرۈمچىدە مال باھاسى بەك ئۆرلەپ كەتتى، پۇل مۇئامىلىسى قالايمىقانلىشىپ، كەلسە- كەلمەس قەغەز پۇل تارقىتىشقا توغرا كەلدى. ھەتتا ئۈرۈمچىدە پۇل باسقۇدەك قەغەز يوق، ئىلىدىكى تامۇژنا خادىمى ۋە مەمۇرىي باشلىقنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قەغەز سېتىۋېلىڭلار، قانچە كۆپ بولسا شۇنچە، يېرىم ئاي ئىچىدە يەتكۈزۈپ بېرىڭلا، دەپ ھەركۈنى سۈيلىگىلى تۇردى. شۇنىڭدىن بۇرۇنراق بېسىپ تارقىتىلغان ئون سەرلىك قەغەز پۇل بىلەن بازارنىتەمىن ئېتىش قىيىن بولۇپ قالغاچقا، يەنە 50 سەرلىك قەغەز پۇل تارقىتىلىش بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سودىگەرلەر تىجارىتىنى توختاتتى، كۈنىگە دېگۈدەك بۇلاش - تالاش بولۇپ تۇردى. شېڭ شىسەي ئەسكەرلەرلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، مائاشىنى ھەسسىلەپ ئۆستۈرگەن بولسىمۇ، ئۆلكە پۇلى كېرەكسىز قەغەزدەك بولۇپ قالغاچقا، ئەسكەرلەر ئاتلىرىنى ئۆلتۈرۈپ يېيىشتى، روھى چۈشۈپ، زىددىيەت كۆپىيىپ كەتتى. «ئۈرۈمچىدە ھەربىي تەمىنات بەك كەم، بۇ قېتىم قوشۇن يولغا چىقىشتا، خەلققە ئائىلە بويلاپ سېلىق سېلىپ، ھەر ئائىلىدىن 20 جىڭدىن ئۇن ئېلىندى. خىلاپلىق قىلغانلارغا ھەربىي قانۇن بويىچە جازا بېرىلدى، جۈملىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئاز ئەمەس. ئاڭلىشىمچە ھەربىي ئۇزۇق - تۈلۈك ئاران يەنە بىر ئاي يېتەرمىش»[①] . لوۋېنگەنىڭ قارىشىچە، بۇ ئەھۋاللار شېڭ شىسەينىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغانلىقى بولۇپ، بۇ شېڭ شىسەينى ئۆرۈۋېتىشنىڭ كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان ياخشى پۇرسىتى ئىدى. 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، لوۋېنگەن شىنجاڭدىن ئايرىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، نەنجىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا بىر پارچە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەينىڭ شۇ ۋاقىتتىكى قىيىن ھالىنى دوكلات قىلىپ شېڭ شىسەينى ئۆرۈۋېتىشنى قۇۋۋەتلىگەن، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پېقىرنىڭ كۆرگەنلىرىمەدىن قارىغاندا، شېڭ شىسەي بۇرۇن ئالدامچىلىق بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنلەنىۋالغان. مەركەز سۈكۈت قىلىپ، ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش كۆرگەن،

---

① مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، جاڭ پېيبۇەنىڭ باش ئەلچى يەن خۇيچىڭگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى.

شىڭ شىسەي ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ ئەسكىلىكىنى ئۆزگەرتمىگەن، كوچىلار نارازىلىق ئاۋازى بىلەن تولغان. مەركەز بالدۇرراق قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ۋەتىنىنىڭ ۋە خەلقىنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت كەلتۈرگەن جىنايەتچىگە چارە كۆرمىسە، مەركەزنىڭ ئىناۋىتى قالمايدۇ. كېيىنكى چارىلەرنى پېقىر ئەتە يولغا چىقىپ نەنجىڭغا قايتىپ بارغاندا دوكلات قىلىمەن. مەركەزنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتا يەنە ئۇنىڭغا ئەخمەق بولۇپ، ھېچقانداق ياردەم بەرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن».

بۇ چاغدا، ۋەزىيەت شىڭ شىسەي ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىسىز بولدى. شىڭ شىسەي قوشۇنى 10 - ئايدىكى داۋانچىڭ جېڭىدە ئىنتايىن ئېغىر چىقىمدار بولدى، ماجۇڭيىڭ قىسمى ئۈرۈمچى شەھىرىنى ھەممە تەرەپتىن ئورىۋالدى. جاڭ پېييۈەنىنىڭ تەھلىلى بويىچە، «ئۆلكە قوشۇنى بۇ قېتىمقى قۇربان بېرىش بىلەن، ئەمەلىي كۈچى بەك كۆپ زىيانغا ئۇچرىغان، ئورۇش قىلغۇدەك ئىمكانىيىتى قالمىغان». شەھەر ئىچىدە بولسا ئوزۇق - تۈلۈك، ئوتۇن - كۆمۈر ئىنتايىن كەمچىل بولۇپ، ھەربىي ئىنتىزام بۇزۇلغانىدى، ھۆكۈمەت «خەلقنى ھەركۈنى ئەسكەرلەرگە ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇرلىغان ھەم ئات - ھارۋىلارنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋالغان، خەلقنىڭ ئۆيلىرىنى بۇزۇپ ئوتۇن قىلغان، خەلق ئاممىسى ئادەتتىن تاشقىرى غەزەپ - نەپرەتلەنگەن»، «ئەسكەرلەردىن قاچقانلىرى بەك كۆپ، ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك»، «ھازىر ئۆلكىنىڭ مالىيىسى ۋەيران بولغان، قالايمىقان 50 سەرلىك پۇل تارقىتىپ، خەلقنىڭ نەرسىلىرىنى سېتىۋالماقتا، ئاشلىقنىڭ باھاسى ئىلگىرىكىدىن نەچچە يۈز ھەسسە ئېشىپ كەتكەن، يۈز جىڭ ئۇننى ئۆلكە پۇلىغا بىر مىڭ بەش يۈز سەرگىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. ئەسكەرلەر ئاتلىرىنى ئۆلتۈرۈپ يەپتۇ، خەلقنىڭ يەيدىغىنى يوق، ئاچلىقتىن كوچىلاردا ئۆلۈپ ياتقان. پاجىئەلىك ئەھۋالنى ئاڭلاپمۇ تاقەت قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئاچ - يالىڭاچلىقتىن زار قاقشاپ يۈرگەنلەر ھەممىلا يەردە ئۇچرايدۇ»①. شىمالىي شىنجاڭدىكى ما خىيىڭ قىسمى دۆر-

---

① مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، جاڭ پېييۈەنىنىڭ باش ئەلچى يەن خۈيچىڭغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى.

بىلجىنىنىڭ شەرقىدىكى بەيياڭگودىن چىقىپ گۇدۇل ساۋەن، سۇيلەي (ماناس) گىچە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى ۋە گەنجىخەيىنى ئىگىلەپ، ئىلىنىڭ قاتناش يولىنى ئۈزۈۋەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، شېڭ شىسەي چېن دېلى، ياۋشيۇڭ ئىككىيلەننى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلىپ ئەكېلىشكە ئەۋەتتى.

1933 - يىل 10 - ئايدا، شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىنى جىددىي قورشىۋالغاندا، شەھەر ئىچىدە جىددىي ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، يات - غەيرىلەرنى يوقاتتى. ئالدى بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم ئۇسۇلى بىلەن شەرقىي شىمال قوشۇنلىرىنىڭ بىر تۈركۈم باشلىقلىرىنى قولغا ئالدى، شەرقىي شىمال قوشۇنىنىڭ تەركىبى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى، شېڭ شىسەي بۆلۈپ پارچىلاش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۇلار ئىچىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى ئۆزىگە تارتىپ، كېيىنكى كۈندە يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانلارنىڭ ئورنىغا قويماقچى بولدى. داۋانچىڭ جېڭىدىكى مەغلۇبىيەت شېڭ شىسەينى شەرقىي شىمال قوشۇنلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى يوقىتىش باھانىسى بىلەن تەمىن ئەتكەنىدى. ئۇ ھەربىي يىغىن ئېچىش نامىدا، شەرقىي شىمال قوشۇنلىرى بۇيرۇققا بويسۇنمىدى، قانۇنسىز ئىشلارنى قىلىشقا ئۆرۈندى، دېگەن جىنايەت بىلەن، جېڭ رۇڭچېڭنى، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارمىيىسى باش شتابىنىڭ مەسلىھەتچىلەر باشلىقى سۇگو جىلىن ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ئارمىيىسى باش شتابىنىڭ مەسلىھەتچىلەر باشلىقى ياڭ ياۋجۇن، ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ئارمىيىسىنىڭ لۈيجاڭى يىڭ جەنبىن قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىپ، شۇئان جىلىن ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ئارمىيىسىنىڭ تۇەنجاڭى جياڭ يۇفېن، خېيلۇڭجياڭ دۆلەتنى قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىنىڭ يىڭجاڭى سۇڭ چېڭلىڭ قاتارلىقلارنى ئىشقا سېلىپ، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنى كونترول قىلدى. جياڭ، سۇن قاتارلىقلار ئۈستۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن شېڭ شىسەيگە باش ئېگىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىدا بولدى. ئارقىدىنلا، شېڭ شىسەي يەنە ئەل بولۇپ كىرگەن رۇس قوشۇنىغا تىغ سالدى. ئۇنىڭ باشلىقلىرى پاپپېنگورت، ئانتونوپ، گېمبېركىنلارنى قولغا ئالدى. ئۇلارنىڭ جىنايىتى

ما جۇڭگىنىڭ بىلەن ئالاقە باغلىغان. ئەسلىدە ئەل بولغان رۇس قوشۇنىنىڭ
بۇ باشلىقلىرى «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دە نەتىجە كۆرسەتكەن
تۆھپىكارلار بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي شىمال ئارمىيىسى شىڭ شىسەينىڭ
ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئەل بولغان رۇس قوشۇنى-
نىڭ نارازىلىقى قوزغىلىپ، ما جۇڭيىڭگە يان بېسىش نىيىتىدە بولۇپ
قالغانىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا، شىڭ شىسەي ئۇلارنى دۈشمەن بىلەن ئالاقە
قىلىشقان دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي بىر -
بىرلەپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۈچىنچى قەدەمدە، شىڭ شىسەي يەنە ئۆلكە
رەئىسى ليۇ ۋېنلۇڭنى يىغىشتۇردى، ئۇنىڭغا دۇبەنگە زىيانكەشلىك قى-
لىپ، ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرماقچى بولغان، دېگەن جىنايەتنى ئارتتى، قورال
كۈچى بىلەن تەھدىت سېلىپ تۇتۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدىن سۈرۈپ
ئاچىقىپ، ليۇگۇڭگۇەن (قورۇ) گە نەزەربەند قىلىندى. 1939 - يىلدىن
باشلاپ ئۇنى ياتاقخانىدا يېتىشقا قوغلاپ چىقاردى، ئۇ 11 يىل نەزەربەند
قىلىنىپ، شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئايرىلغاندا ئاندىن ئازاد قىلىندى.
ئۆلكە رەئىسلىكىنى شىڭ شىسەينىڭ تەيىنلىشى بىلەن 71 ياشلىق مالىيە
نازىرى جۇرۇيچى ئۆتىدى.

11 - ئايدا، چېن دېلى، ياۋ شيۇڭ ئىككىيلەن موسكۋاغا باردى. بۇ
چاغدا شىڭ شىسەي ئالتاينىڭ ئالتۇنىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال - يارغ
سېتىۋالىدىكەن، دېگەن گەپلەر تارقالدى. بۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ
دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇش-
لۇق باش ئەلچىخانىسى بۇيرۇققا بىنائەن سوۋېت ئىتتىپاقى خارجى ئالاقە
خەلق كومىتېتىغا كۆپ قېتىم بايانات ئېلان قىلىپ، ئومۇمەن جۇڭگونىڭ
يەرلىك ھۆكۈمەتلىرىدىن دۆلەت مالىيىسىنى رەنىگە قويۇپ چەت ئەللەر-
دىن قورال - ياراغ سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىناۋەتسىز ئىكەنلى-
كىنى بىلدۈردى. بۇچاغدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى
پىلانلىغان ۋە يار - يۆلەك بولغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇ-
رىيىتى» دېيىلگەن قورچاق ھاكىمىيەت مەيدانغا كەلگەنىدى. نەنجىڭ ھۆ-
كۈمىتى شىنجاڭدىكى بۇ مالىمانچىلىقنى شىڭ شىسەينىڭ داۋالغۇپ، ئىنتا-

يىن خەۋپلىك ئەھۋالدا قالغانلىقىنى، جاڭ پېييۇەننىڭ يەنە نەنجىڭگە قايتا-قايتا ساداقەتلىك بىلدۈرگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، جاڭ پېييۇەننى ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش ھەققىدە مەخپىي بۇيرۇق بەردى.

11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، ماخىيىڭ قىسمى سۈيلەي (ماناس) دا ليۇبىن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، ئۇنىڭ قالدۇق قىسمى قۇتۇبىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى شىدىزى دېگەن جايغا قېچىپ بارغاندا پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. 23 - كۈنى، ماخىيىڭ يارىلىنىپ ئۆلدى. جاڭ پېييۇەن شېڭ شىسەينىڭ غەلىبىسىدىن پايدىلىنىپ شىمالغا يۈرۈش قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، ئىلىدا قېپقالغان جىلىن ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ئارمىيىسىنىڭ تۇەنجاڭى ۋاڭ شياۋجىننى ئۆزىگە تارتىپ، يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان 8 - شىنىڭ مەسلىھەتچىلەر باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى ھەم بۇ ئارقىلىق چۆچەكتىكى شەرقىي شىمال قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى ياۋ خۇاتىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ۋەدىلەشتى؛ ما جۇڭيىڭ بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشنى كۈچەيتىش، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن شىنجاڭدا ئىككى چوڭ ھەربىي رايون تەسىس قىلىپ، ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇش، جاڭ پېييۇەن شىمالىي شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇش ھەققىدە توختام قىلىشتى؛ جىڭدا تۇرۇشلۇق ياڭ جېڭجۇڭغا بىر لۈي ئاتلىق قىسىمنى باشلاپ شىخوغا كىرىپ، شېڭ شىسەي سېتىۋالغان تۇرغۇن قورال - ياراغنى تۇتۇپ قېلىش ھەم سۈيلەي (ماناس) قا يۈرۈش قىلىپ، ماجۇڭيىڭغا ماسلىشىپ ئۈرۈمچى شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. ئارقىدىنلا جاڭ پېييۇەن شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش تېلېگراممىسىنى ئېلان قىلىپ، ئۆزى ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلدى. شېڭ شىسەي ھەر تەرەپتىن مۇھاسىرە ئىچىدە قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدىكى شەھەر مۇداپىئە قوماندانى شىڭ جەنچىڭ، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ

جۇڭجياڭ دەرىجىلىك باش كاتىپى شى شىچاڭ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى قاتارلىقلارنى ئىلىغا بېرىپ جاڭ پېيىۋەن بىلەن يارىشىپ قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى، جاڭ پېيىۋەن رەت قىلغاچقا، شېڭ شىسەي ئۈچۈن مۇناسىپ ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلدى، ئۇ ئىلگىرىكى خېبېي-لۇڭجياڭ ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ليۇ بىننى ئىلى رايونىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش قوماندانى قىلىپ، تۆت تۈمەن ئاتلىق ئەسكەر (تەخمىنەن مىڭدىن ئارتۇق كىشى) نى باشلاپ، ماناستىن ياڭ جىڭجۇڭ قىسمىغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بەردى؛ ياۋ شيۇڭ، جاۋ دىشۇلارنى چۆچەككە بېرىپ، چۆچەكتىكى ئەل بولغان رۇس قوشۇنىدىن ئىۋانوپ تۈەننى قورالLاندۇرۇشقا ئەۋەتتى، ياۋ خۋاتىڭنى قولغا ئالدى، تارباغاتاي-نىڭ مەمۇرىي باشلىقى چېن جىشەننى نەزەربەند قىلىپ، تارباغاتاينى ئىلى بىلەن ھەمنەپەس بولالمايدىغان قىلدى.

شېڭ شىسەي ۋەزىيەتنىڭ خەتەرلىك بولۇپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يەنە بىر نۆۋەت ياردەم تەلەپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى 1933 - يىل 12 - ئاي ۋە 1934 - يىل 1 - ئايدا، ئايرىم - ئايرىم ھالدا قورغاستىن ئىلىغا، ۋېيتاڭزىدىن تارباغاتايغا كىردى. ئىلىغا كىرگەن قىزىل ئارمىيە ئەينى ۋاقىتتا «تارباغاتاي قوشۇنى» دەپ ئاتالدى. بۇنىڭ مەنىسى تارباغاتايدىن يىغىپ كەلگەن ئەل بولغان رۇس قوشۇنى، دېگەندىن ئىبارەت؛ چۆچەككە كىرگەن قىزىل ئارمىيە ئەينى ۋاقىتتا «ئالتاي قوشۇنى» دەپ ئاتالدى، بۇنىڭ مەنىسى ئالتايدىن يىغىپ كەلگەن ئەل بولغان رۇس قوشۇنى، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئىلىغا كىرگەن قىزىل ئارمىيە باياندا‌ي شەھىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئىككى دورىخانا ۋە شەھەر دەرۋازىسىنى پارتلىتىپ ۋەيران قىلىۋەتتى. جاڭ پېيىۋەننىڭ بارگاھىنى چۇگىۋەتتى، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى قولغا ئالدى. بۇ چاغدا، ليۇ بىنمۇ قىسمىنى باشلاپ ماناستىن چېكىنىپ، قۇتۇبىدىكى سەنداۋخېزىدا ياڭ جىڭجۇڭ قىسمىنى مەغلۇپ قىلدى. جاڭ پېيىۋەن شەرق ۋە غەرب ئىككى تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىنىۋاتقان، ئەھۋال يامانلاشقانلىقىغا قاراپ، غۇلجىدىن تيانشان

تېغىنى بېسىپ ئۆتۈپ ئاقسۇغا قېچىپ بارماقچى بولىدى. 1934 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، تيەبەنگۇغا بارغاندا، شىددەتلىك بوران - چاپقۇنغا دۇچ كېلىپ، ئاچ - يالىڭاچلىق ئازابىدىن بىللە ماڭغان ئەسكەرلەردىن كۆپلىرى قېچىپ غۇلجىغا قايتىپ كەتتى، جاڭ پېييۈەن ئۈمىدسىزلىنىپ، ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالدى. ئۆلۈش ئالدىدا يېزىپ قالدۇرغان بىر پارچە خېتىدە ھەسرەت بىلەن «بىر سەۋەنلىك لوبۇجاڭدا (لوۋېنگەندە)، يەنە بىر سەۋەنلىك ياڭ جېڭجۇڭدا» دېگەن، قانداقلا بولمىسۇن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، ھوشىغا كېلىپ لوۋېنگەن ۋە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قورالى بولغانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، پۇشايماننى ئالغۇدەك قاچا قالمىغان. شۇ كۈنى، شېڭ شىسەي نەنجىڭغا تېلېگرامما يوللاپ، جاڭ پېييۈەن «مەنپەئەتنى دەپ ئەقلىدىن ئېزىپ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا ھامان كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇپ ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلىپ، ھە دېگەندىلا قىسماققا ئېلىپ، باندىتلارنى يوقىتىش پىلانىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى. ئۆتكەن يىل 12 - ئايدا، قىسىملىرىنى كۈشكۈرتۈپ، شىخۇ، ماناسنى بېسىۋېلىپ، ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتاي ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنى سەۋەبسىز ۋەيران قىلدى ھەم باندىت ماجۇڭيىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قىسىملىرىنى بۆلۈپ ماناس، چۆچەككە ھۇجۇم قىلىپ، ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇندى»، ھەممە ئۇنىڭدىن بىزار بولغاچقا، «رەقىبلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى» دېدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى گاچا بولۇپ، ئامالسىز قالدى. ياڭ جېڭجۇڭ قىسمىنى باشلاپ تيانشان تېغىدىن ھالقىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغاندا، ئۇنىڭ قىسمى كۇچادا غەربكە قاراپ كېتىۋاتقان ماجۇڭيىڭ قىسمىغا قوشۇۋېتىلدى، ئۆزى دۇنخۇاڭغا قېچىپ كەتتى. شېڭ شىسەي ليۇ بىننى ۋاقىتلىق ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى قوشۇمچە ئىلىنىڭ مۇھاپىزەت قوماندانى بولۇشقا، گۇاڭ جېنخەننى ئىلى رايونىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى بولۇپ، ئىلىنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى بېجىرىشكە بۇيرۇق بەردى. 1934 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەتراپىدا، ئۆلكە قوشۇنى ئىلىغا كىردى، قىزىل ئارمىيە پۈتۈنلەي چېكىنىپ قايتتى. جاڭ پېييۈەن يېڭىدىن تەشكىللەنگەن 8 - شىنىڭ قالدۇق قىسمى شېڭ شىسەي

تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىپ شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ 7 - لۇيى قىلىندى.

جاڭ پېيۈەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئىلى شىبىڭ شىسەيگە تەۋە بولۇپ قالدى، ماجۇڭيىڭ بۇنىڭدىن خەۋەرسىز، ئۆلكە قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچى غەربكە جاڭ پېيۈەنگە قارشى تۇرۇشقا كەتتى، ئۈرۈمچى بوش قالدى، دەپ ئويلاپ، 1934 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، كەچتە 7000 ئەسكەر بىلەن ئۈرۈمچى ئەتراپىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. 13 - كۈنى، ئىككى تەرەپ نەنلياڭدا سوقۇشۇپ، تىركىشىپ قالدى. 16 - كۈنى كەچتە، ماجۇڭيىڭ قىسمى شەھەرنىڭ شەرقىدىكى ئايرودروم، سىمسىز رادىئو ئىستانسىنى ئىشغال قىلىپ، ئىككى دانە ئايروپىلان غەنىيمەت ئالدى، ئۈرۈمچى خەۋپ ئاستىدا قالدى. شەھەر ئىچىدە دەرھال خەلق تۈەنى، سودىگەرلەر تۈەنى دەپ 3000 ئارتۇق ئادەمنى تەشكىللەپ، نەيزە، قىلىچ، پالتىلار بىلەن سېپىلغا چىقىپ مۇداپىئەگە ياردەملەشتۈردى. 17 - كۈنى، ماجۇڭيىڭ قىسمى غەنىيمەت ئالغان ئايروپىلان بىلەن تەشۋىق ۋەرەقى تارقىتىپ، شەھەر ئىچىدىكى ھەربىي ۋە خەلقنى نەيزىنى ئارقىغا قارىتىشقا چاقىردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئەسكەرلىرىنى بۆلۈپ، جىمسارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ ئاشلىق مەنبەسىنى ئۈزۈپ بىر مەھەل خەۋپ ئاستىدا قالدۇردى. ئۈرۈمچى شەھىرى باشتىن - ئاخىر ما جۇڭيىڭ قىسمىنىڭ مۇھاسىرىسىگە ئۇچراپ، ئىككى تەرەپ ئۈزلۈكسىز تارتىشىش جېڭى قىلىشتى. 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، چۆچەكتىن جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلغان زور تۇركۇمدىكى قىزىل ئارمىيە ئۈرۈمچىدىن قىرىق چاقىرىم يىراقلىقتىكى كونا ئايرودرومغا يېتىپ كەلدى. 8 - كۈنى ئەتىگەندە، قىزىل ئارمىيە توپ - زەمبىرەكلەر بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ماجۇڭيىڭ قىسمىنى غەربىي چوڭ كۆۋرۈك، شىمكودىن چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. 10 - كۈنى ئۆلكە قوشۇنى قىزىل ئارمىيىگە ماسلىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. 11 - كۈنى، ماجۇڭيىڭ قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقانلىقىنى، قوراللىرىنىڭ خىللىقىنى كۆرۈپ، قارشى تۇرۇشقا ئامال قىلالماي چېكىنىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى مۇھاسىرىدىن

قوزغىلىپ ئاتقا قوندى. 16 - كۈنى، ماجۇڭيىڭ قىسمىنىڭ ئاساسىي كۈچى داۋانچىڭغا چېكىنىپ بېرىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىندى. مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، ما جۇڭيىڭ كۈچى شىمالىي شىنجاڭدىن تامامەن قوغلاپ چىقىرىلدى.

# 4 - بۆلۈم جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قەپەستىن چىقىشى ۋە يوقىلىشى. شىنجاڭدا ۋاقىتنچە تىنچلىق ۋەزىيىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى

شېڭ شىسەي، جاڭ پېييۈەن، ما جۇڭيىڭلار شىمالىي شىنجاڭدا ئېلىشىۋاتقاندا، 1933 - يىل 11 - ئايدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەردە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى يۆلەپ يېتىشتۈرگەن قورچاق ھاكىمىيەت - «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» مەيدانغا چىقتى.

30 - يىللارنىڭ بېشىدا، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى بۇنىڭغا ئارقا - ئارقىدىن ئاۋاز قوشتى. 1933 - يىل 1 - ئايدا، ماجۇڭيىڭ قارمىقىدىكى ماشىمىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ كۇچاغا ھۇجۇم قىلدى. كۇچادىكى ھارۋىكەشلەر شاڭيۇسى تۆمۈر بۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى. ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى شوئارى «خەنزۇلارنى يوقىتىپ، مۇسۇلمانلارنى گۈللەندۈرۈش»، «ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش[1]» ئىدى. كۇچا ئىشغال قىلىنىپ، ئارقىدىنلا يەنە ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىندى.

---

① جۇدۇڭجياۋ: «شىنجاڭدىكى ئون يىل» شاپىگراف نۇسخىسى، 25 - بەت.

9 ـ كۈنى، تۆمۈر تاغدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ماجۇڭيىڭنىڭ پىستىرما قوشۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. كونىشەھەرنى ماجەنساڭ ئىشغال قىلدى، ماشىياۋۋۇ قايتا مەمۇرىي باشلىق بولدى. سابىت داموللا ماجەنساڭ، ماشىياۋۋۇلارنىڭ ئاساسى تېخى مۇقىملاشمىغانلىقتىن پايدىلىنىپ، يەنە تۆمۈرنىڭ قالدۇق قىسمى بىلەن بىرلىشىپ، ماجەنساڭغا ھۇجۇم قىلدى. ئوسمانمۇ سابىت داموللا بىلەن بىرلىشىپ، تاغ ئارىسىدىن ئۇسۇپ چىقتى. 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، سابىت داموللىنىڭ قىسمى، ئوسماننىڭ قىسمى ۋە تۆمۈرنىڭ قالدۇق قىسمى بىرلىشىپ، ماجەنساڭ قىسمىنى مەغلۇپ قىلىپ، كونىشەھەرنى تارتىۋالدى. ماجەنساڭ يەنىلا يېڭىشەھەرگە قايتتى. ئوسمان ئۆزىنى شىنىڭ شىجاڭى قوشۇمچە قوماندان دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ كۈچى ھەممىدىن كۈچلۈك ئىدى.

ئوسمان كونىشەھەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن مال ـ مۈلۈك ۋە ئاياللارنى بۇلاشقا بېرىلىپ كەتتى، ئالغان كىچىك خوتۇنى 30 نەچچىگە يەتتى. كوچىلار نارازىلىق ئاۋازى بىلەن تولدى. خوتەن شاھى مەمتىمىن خەلقنىڭ نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، قوشۇننى باشلاپ قەشقەرگە كېلىپ، يەرلىك ئۇيغۇرلار ۋە ئەنجانلىق سىتمۇالدىجان (تۆمۈر قىسمىنىڭ تۇەننىڭ تۇەنجاڭى) بىلەن بىرلىشىپ، ئوسماننىڭ چاپارمىنى ھادىنى ئۆلتۈرۈپ، ئوسماننى قاماپ، ئۇنىڭ قىرغىز قىسمىنى قورالسىزلاندۇردى. ئوسماننىڭ كۈچىنىڭ ئورنىنى مەمتىمىننىڭ كۈچى ئالدى. مەمتىمىن سابىت داموللىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ مۇستەقىل ھۆكۈمەت تەشكىللىدى[1].

سابىت داموللا ئاقسۇغا كۆپ قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ خوجانىيازدىن مەدەت تەلەپ قىلدى. خوجا نىياز ئەسلىدە 6 ـ ئايدا ماجۇڭيىڭ قىسمى بىلەن شىڭ شىسەي قىسمى زىنچۇەنزىدە ئۇرۇشۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۇرپاننى ئىگىلىۋالغانىدى. ماجۇڭيىڭ موردىن جەنۇبقا يۈرۈش

① ئالمۇتادا تۇرۇشلۇق كونسۇل باتوچىن، شىنجاڭدا تۇرۇشقا ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن خادىم ۋۇ ئەيچېن، ئەنجاندا تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت كونسۇل ليۇ دېيىنلار قەشقەر سىياسىي ئۆزگىرىشىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا يوللىغان دوكلاتى، مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى.

قىلىپ ئۇرپاننى تارتىۋالغاندىن كېيىن، خوجانىيازغا غەربكە قاراپ كېڭ-
يىشكە توغرا كەلدى. ماجەنساڭ ئۆز قىسمىنى باشلاپ ئاقسۇدىن ئايرىلىپ
قەشقەر يېڭىشەھەرگە كىرگەندە، ئاقسۇ خوجانىيازنىڭ زېمىنى بولۇپ قال-
دى. سابىت داموللىنىڭ ياردەم تىلىگەن ساداسىغا خوجا نىياز ئانچە قىزىق-
مىدى، چۈنكى شىڭ شىسەي خوجا نىياز بىلەن ۋەدىلىشىپ، خوجانىيازنى
جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ،
ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقىنى ئۆز چاڭگىلىدا
تۇتۇشىغا يول قويماقچى بولغانىدى. مۇبادا مەمتىمىن بىلەن سابىت داموللا
جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇستەقىللىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ قالسا، ئۇنىڭ تە-
سىر - دائىرىسى قولدىن كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. لېكىن، خوجا
نىياز سابىت داموللىنىڭ تەكلىپىنىمۇ ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىشنىڭ پۇرسى-
تى، دەپ قاراپ، سابىت داموللا بىلەن مەلۇم كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن
كېيىن، مامۇتنى بىر قىسىم ئەسكەرنى باشلاپ قەشقەر كونىشەھەرگە
بېرىپ ماجەنساڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى.

مەمتىمىن بىلەن سابىت داموللا پىلانلىغان «شەرقىي تۈركىستان
ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئەنگلىيە جاھانگىر-
لىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئەنگلىيىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان ئەنئەنىۋى
سىياسىتى - جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ قانىتى ئاستىدىكى بىر ھۆكۈمەت
قۇرۇپ، ئۇنى ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسىم زېمىنىغا بېسىپ كىرىشنىڭ
مۇقەددىمىسى قىلىش ئىدى. XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى ياقۇپبەگ
ھۆكۈمىتىنى يۆلەشتىكى مەقسىتىمۇ شۇ ئىدى. XX ئەسىرنىڭ 30 -
يىللىرى پۈتۈن شىنجاڭ خاراكتېرىدىكى مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ،
ئوخشاشلا كونا نەيرەڭنى قايتا ئىشلىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ «مۇستەقىل»
لىكىنى پىلانلىدى.

ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇستەقىل بولۇشقا قۇترىتىشى ئۇ-
نىڭ ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىش ئومۇمىي ستراتېگىيىلىك پىلانىنىڭ بىر
قىسمى ئىدى. ئۆزۈندىن بۇيان، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى «بۈيۈك تىبەت
دۆلىتى» پەيدا قىلىش سۇيىقەستىدە بولۇپ كەلگەن. «بۈيۈك تىبەت دۆلە-

تى» دېگىنى تىبەتنى مەركەز قىلىپ، شىنجاڭنىڭ جەنۇب قىسمى، چىڭ-خەي، شىكاڭ (ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ غەرب قىسمى)، يۈننەننىڭ غەربىي شىمال قىسمى قاتارلىق كەڭ جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، جۇڭگو زېمىنىنىڭ غەربىي يېرىم قىسمىنى بۆلۈۋېلىش ئىدى. 30 - يىللاردىن باشلاپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز ھالدا تىبەتنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكى ئەكسىيەتچى ئادەملىرىدىن پايدىلىنىپ توپىلاڭ پەيدا قىلىپ سىچۈەن، شىكاڭ، چىڭخەيلەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىشى ئاتالمىش بۈيۈك تىبەت دۆلىتى قۇرماقچى بولۇپ باسقان چوڭ قەدىمى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشنى پىلانلىشى مۇشۇ ئومۇمىي ستراتېگىيىلىك پىلانىنىڭ بىر قىسمى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، يەنە پانئىسلام دۆلىتىنى پىلانلاش خىيالىدىمۇ بولغان، ئۇ ھىندىستان، ئافغانىستاندىكى مۇسۇلمانلارنى توپىلاڭ قىلىشقا قۇتۇرتۇپ جەنۇبىي شىنجاڭ مۇستەقىللىقىنى پىلانلاش ئۈچۈن، ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى گىلگىتتا ھەربىي ئاپپارات تەسىس قىلغان؛ ئاندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنى ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ پان (بۈيۈك) ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ، گىلگىتنى پايتەخت قىلماقچى بولغان①.

سابىت داموللا ۋە مەمتىمىن پىلانلىغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئەنگلىيىنىڭ ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىش ئومۇمىي ستراتېگىيىلىك پىلانىغا ماس كەلگەنلىكتىن، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. 8 - ئايدا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئارقىلىق قەشقەرگە جاسۇس ئەۋەتىپ، ھىندىستان سودىگەرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر ساھە خەلقى بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ئالاقە قىلىش قولايلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ئورغۇن

---

① 1933 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى «شەرق ھەققىتى گېزىتى» نىڭ 200 - سانى؛ مالىيە ئۇمەكلىرىنىڭ قانۇنى ئىگىلىرىنىڭ ئىناق ئۇتۇش جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈرۈش بۆلۈمى تۈزگەن «قىزىل ئويۇق سىزىقىدىكى موڭغۇلىيە ۋە شىنجاڭدىن جۇڭگو چېگرىسىغىچە بولغان جايلارغا دائىر مەسىلىلەر»، جاۋ خېينىڭ 15 - يىلى ياپونىيە كۆكلۈن نەشرىياتى، 247 - 250 - بەتلەر.

كىشىلەرنى جاسۇسلۇققا ۋە تەرغىباتچىلىققا سېتىۋېلىپ، «پانتۈركىزم» ۋە «پانئىسلامىزم» نى كۈچەپ كۆككە كۆتۈردى. ھەممىلا جايدا ئەكسىيەتچى فېئودال پومېشچىكلار ۋە دىنىي يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنى ئۆز يېنىغا تارتتى، ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پائالىيەت خىراجىتىگە 510 مىڭ رۇپىيە ئاجراتتى. ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلىنىڭ باش قاتۇرۇپ پىلانلىشى ۋە رېژىسسورلۇقىدا، 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، كېچىدە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قەپەستىن چىقتى، ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي پروگراممىسى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى ۋە قورچاق ئاساسىي قانۇن ماقۇللاندى. ۋىجدانىنى يوقىتىپ ئەسەبىيلىشىپ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىككە بۆلگۈنچىلىك سېلىپ مىللەتكە خائىنلىق قىلغان بۇ بىر تۈركۈم تالۋىلەر ئۆزلىرىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، شىنجاڭ تارىخىدىكى بۇ نومۇسسىز كۈننى «مىللەت كېچىسى» دەپ چالۋاقاشتى.

بۇ قورچاق جۇمھۇرىيەتنىڭ تەشكىلىي پروگراممىسى 30 ماددىدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ 2 - ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن، شەرقىي تۈركىستان مەڭگۈ دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت بولىدۇ، . . . خەلققە ياردەم بېرىپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاخىرقى مەقسىتىمىزگە يېتىشكە ۋە مۇستەقىللىقىمىزنى مەڭگۈ ساقلىشىمىزغا نەنجىڭ دائىرىلىرى ياكى خەلقئارا ئىتتىپاقىنىڭ قولايلىق يارىتىپ بېرىشىنى سورايمىز. 3 - ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن، «مەركىزىي ھۆكۈمەت» كە بىر زۇڭتۇڭ قويۇلىدۇ، زۇڭتۇڭنىڭ قول ئاستىدا گوۋۇيۈەن تەسىس قىلىنىدۇ، گوۋۇيۈەن قارمىقىدا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلار مىنىستىرلىقى، مالىيە مىنىستىرلىقى، مائارىپ مىنىستىرلىقى، دىنىي ئىشلار، ئەدلىيە مىنىستىرلىقى، ۋەخپە تەئەللۇقاتلىرىنى باشقۇرۇش مىنىستىرلىقى، دېھقانچىلىق - سودا مىنىستىرلىقى، سەھىيە مىنىستىرلىقىدىن ئىبارەت توققۇز مىنىستىرلىق تەسىس قىلىنىدۇ.

قورچاق ھۆكۈمەتتىكى ئاپپاراتلارنىڭ كاتىباشلىرى مۇنۇلار:

زوڭتولۇق: خوجانىياز. شۇ چاغدا ئۇ تېخى ئاقسۇدا ئىدى، ئۇ ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، دەسلەپتە جىن شۇرېنغا قارشى تۇرۇپ دالىغ چىقارغاچقا، كىشىلەرنى مەلۇم دەرىجىدە سەپەرۋەر قىلالايتتى؛ سابىت داموللا ھەر قايسى گۇرۇھلارنىڭ زىددىيىتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن خوجانىيازنى زوڭتۇڭلۇققا كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان چوڭقۇر زىددىيەت بار ئىدى.

دۆلەت ئىشلىرى زوڭلىسى: سابىت دامولا، ئاتۇشلۇق، ئافغانىستان، ھىندىستانلاردا ئوقۇغان، ھىندىستان، تۈركىيە، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى بىلىدۇ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى يېتىشتۈرگەن غالچا.

ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى: يۇنۇسبەگ، تۇرپانلىق، 1902 - يىلى تۇغۇلغان، ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 - قارار كۇرسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىگە كىرگەن، خەنزۇچىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ، يۇي ۋېنبىن دېگەن خەنزۇچە ئىسمى، شائېجۇ دېگەن تەخەللۇسى بار، قوشۇمچە قەشقەرگە ۋالىي بولغان. ئۇ خوجانىيازنىڭ يېقىن ئادىمى.

تاشقى ئىشلار مىنىستىرى: قاسىمجان ھاجى، خوتەنلىك، ئەنگلىيە جاسۇسى.

ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلار مىنىستىرى: ئورازبېك، قەشقەرلىك، قىرغىز. ئۇ ھەربىي - سىياسىي ئىشلار مىنىستىرى بولسىمۇ، ھەربىي جەھەتتىكى ئەمەلىي ھوقۇق سىبتىۋالدىجان بىلەن يۈسۈپجاننىڭ قولىدا ئىدى.

ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى: ئېلىئاخۇنباي مەخسۇم، قەشقەردىكى سودا ساھەسىدە تېز بېيىغان كىشى.

مائارىپ مىنىستىرى: ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، قەشقەردىكى ئاتاقلىق تەرەققىيپەرۋەر زات، سودىگەرچىلىك بىلەن نۇرغۇن مال - دۇنيا توپلىغان، 1930 - يىلى ئاقسۇدا جىن شۇرېن تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان، تۆمۈر تەرىپىدىن ئازاد قىلىنغان، ئۇ «مۇستەقىل دۆلەت» كە ياردەم

قىلغان بارلىق دۆلەتلەرگە تاينىشنى تەشەببۇس قىلاتتى.

دىنىي ئىشلار، ئەدلىيە مىنىستىرى: زارىپ خالى ھاجى، قەشقەردىكى دىنىي ئالىم، ئۆلىما.

ۋەخپەتەئەللۇقاتلىرىنى باشقۇرۇش مىنىستىرى: شەمشىدىن، قەشقەرلىك پومېشچىك، ھىندىستاندا ئوقۇغان، دىنىي ساھەدە خېلى تەسىرى بار ئىدى.

دېھقانچىلىق ـ سودا مىنىستىرى: ئۆبۇل ھۇسەن ھاجى، قەشقەردىكى چوڭ پومېشچىك ۋە سودىگەر كاپىتالىست. ھۇسەن جەمەتى ئۆز زامانىسىدا جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا داڭلىق باي ئىدى، ئۇنىڭ چەت ئەلدىكى پانتۈركىستلار بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار ئىدى.

سەھىيە مىنىستىرى: ئەبەيدۇللاخان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن.

دۆلەت ئىشلار باش كاتىپى: ھاجى ئەلەن ئاخۇن، كۆچالىق ھاجى.

1 ـ، 2 ـ زۇڭلى نامزاتى بېكىتىلمىدى.

قىسقىسى، ئەنە شۇنداق بىر تۈركۈم فېئودال پومېشچىكلار، چوڭ سودىگەرلەر، ئەكسىيەتچى دىنىي كاتتىۋاشلار، پانتۈركىستلار ۋە پانئىسلامىزمچىلار ھوقۇق تۇتقان بۇ قورچاق جۇمھۇرىيەت ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ، ۋەتەن ساتقۇچ فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ۋە دىنىي كاتتىۋاشلارنىڭلا مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. فېئوداللىق مەمۇرىي ھوقۇق بىلەن دىنىي ھوقۇق بىرلەشتۈرۈلگەن بۇ دۆلەت ھەر مىللەت خەلقىنى قۇل قىلىدىغان ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت ئىدى.

خوجا نىياز 1934 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، مامۇتنىڭ مۇھاپىزىتىدە، 3000 ـ 4000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئاقسۇدىن قەشقەر كونىشەھەرگە كەلدى، ئۇ زۇڭتۇڭلۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ دۆلەتلەرنىڭ قورچاق ھاكىمىيەتنى ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلدى ۋە

قورال ـ ياراغ جەھەتتە ياردەم سورىدى. سابىت داموللا يەنە چەت ئەللەرگە قېچىپ كەتكەن پانتۈركستلارغا تۈرلۈك يوللار بىلەن ھۆكۈمەتكە مەدەت بېرىشنى مۇراجىئەت قىلدى. سابىت داموللا تۇرسۇن، نىياز ئىككى كىشىنى ئۆزىنىڭ ئافغانىستان پادىشاھى باتۇر مۇھەممەت نادىرخانغا يازغان خېتىنى ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتتى، بۇ خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «بىز ھازىر ماتارىيقا ۋە قورال ـ ياراغقا موھتاجمىز دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىزگە مىلتىق، زەمبىرەك، ئوق ـ دورا كېرەك. . . ئىمكانىيەت يار بەرسە غالىب قوشۇنىڭىزنى ياردەمگە ئەۋەتسىڭىز. . . ئەگەر تەلىپىمىزنى راۋا كۆرمىسىڭىز بىز سىزنىڭ يېتەكچىلىكىڭىز ۋە ياردىمىڭىزدىن مەھرۇم قالىمىز ـ دە، سىزنىڭ ھىمايىڭىزدە ياشاشقا مەجبۇر بولىمىز. . .»①.

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» تاشقى جەھەتتە قورال ـ ياراغ تىلىگەن، ئىچكى جەھەتتە ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلغاندىن باشقا، يەنە تار مىللەتچىلىكنى يولغا قويدى. پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم جاھانگىرلىك ياساپ چىققان ئەكسىيەتچى نەزەرىيە بولۇپ، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى مىللەتلەرنىڭ بىر دۆلەت بولۇپ ئۇيۇشۇشىنى تەرغىب قىلىدۇ. جۇڭگو قەدىمدىن تارتىپ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمنى تەرغىب قىلىش جۇڭگونى بۆلۈپ شىنجاڭنى جاھانگىرلارنىڭ ئىلكىگە چۈشۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. تار مىللەتچىلىك ئۇيغۇرلاردىن باشقا بارلىق مىللەتلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىشنى ئۇلارنى قىرغىن قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئۇلار خەنزۇلارنىلا ئەمەس ھەتتا دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش بولغان خۇيزۇلارغىمۇ ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان، قىرغىن قىلىدىغانلار قاتارىغا كىرگۈزدى. ماجۇڭيىڭنىڭ كۈچى يېقىنلاپ كەلگەچكە، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» خۇيزۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشنى كۈچەپ تەرغىب قىلىپ: «خۇيزۇلار خەنزۇلاردىنمۇ بەتتەر گە-

---

① شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى، 1800 ـ نومۇرلۇق.

شەددىي دۈشمەن، . . . خۇيزۇلاردىن ھېزى بولۇش، ئۇلارغا يۈز قارىماي قاتتىق قول بولۇش كېرەك» دەپ داۋراڭ سالدى. ئۇلار تارىخنى ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ كەلگەنلىكىنى، 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى دوستانە ئالاقە قىلىپ كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۈزۈلمەس مۇناسىۋىتى بارلىقىنى يوققا چىقىرىپ، قانداقتۇر «سېرىق تەنلىك خەنزۇلار بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، قارا خۇيزۇلار بىلەنمۇ ئانچە مۇناسىۋىتى يوق، شەرقىي تۈركىستان يەنىلا شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانى» دەپ بىلجىرلىدى①.

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچىلەرگە جەننەت، ھەر مىللەت خەلقىگە دوزاخ ئىدى. ھۆكۈمرانلار سىنىپى خەلقنى شەپقەتسىزلەرچە ئەزدى ۋە غالجىرلارچە بۇلاپ - تالىدى. قاتمۇ قات تۈگىمەس باج - سېلىقلار خەلقنى ھالىدىن كەتكۈزدى، خەلق ئالتۇن - كۈمۈش، پۇل، ئاشلىق، ئوت - سامان بېرىشكە، ئالۋان - ھاشارغا ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىندى. ئۇلار خەلقتىن شىلىۋالغان 700 كالا - قوينى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قورال - ياراغ، ئوق - دورىلىرىغا تېگىشتى، ئەنگلىيىمۇ ئۇلارغا 10 مىڭ تال مىلتىق ۋە 200 ئەسكەر ياردەم قىلدى②.

ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قىلغانلىقى، ئەسكەر، ئات سېلىقى چېچىلغانلىقى ئۈچۈن يەرلەر تېرىلماي قاغجىراپ كەتتى، بازارلارنى كاساتچىلىق قاپلىدى، ئەمگەك كۈچى يېتىشمىدى، مالىيىدە قىيىنچىلىق كۆرۈلدى. قۇرچاق ھۆكۈمەت ھەربىي خىراجەتنى قامدىيالماي، ھەربىر ئائىلىنى ھەربىي سېلىق تۆلەشكە قىستاشقا مەجبۇر بولدى. سودىگەرلەر تىجارەت قىلىشقا ئامالسىز قالغاچقا، باشقا جايلارغا ياكى چەت ئەلگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر

---

① خۇاڭ دىجىن: «شىنجاڭنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىگە دائىر تېزىسلار»، 329 - بەت.
② جياڭ جۇنجاڭ: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا» 75 - بەت.

بولدى. «خەنزۇلار قىرغىن قىلىنىشتىن قورقۇپ، تىرىكچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا پېتىنالماي، پىنهان جايلارغا يوشۇرۇنۇپ جان ساقلىدى»①. خەلقنىڭ باج - سېلىققا قارشى ۋەقەلىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇردى. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» يەنە مەھكىمە شەرئى تەسىس قىلىپ، ئۇنى خەلققە زىيانكەشلىك قىلىدىغان، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقنى قوغدايدىغان قورالغا ئايلاندۇردى. مەھكىمە شەرئى كەلسە - كەلمەس تەن جازاسى بەردى، خەلققە تازا زۇلۇم سالدى، ھەتتا يۈزىگە رومال سالمىغان ئاياللارنى ئېتىپ تاشلىدى.

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ تەتۈرلۈكلىرى ۋە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان مەزھەپلەرنىڭ زىددىيىتى بۇ قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ ئۆمرى كۆتۈ بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. 1934 - يىل 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ماجۇڭيىڭنىڭ ماشىنىلىق قىسمى ماشياۋۋۇ، ماجەنسالىڭ قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ قەشقەر كونىشەھەرنى ئىشغال قىلدى، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» يىمىرىلدى، ئۇنىڭ رەھبەرلىرى يا قولغا ئېلىندى، يا پىتراپ كەتتى، خوجا نىياز تاغقا قېچىپ، ئاندىن يېڭىسارغا كەلدى. سابىت داموللا تاشقورغان ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىپ كەتتى. 1934 - يىل 5 - ئايدا، خوجا نىياز ئاقسۇنىڭ قاراتال دېگەن يېرىدە سابىت داموللىنى تۇتۇۋالدى، سابىت داموللا ئۆلكە قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ ئۈرۈمچىگە يالاپ ئەكېلىندى ۋە تۈرمىدە ئۆلدى. مەمتىمىن خوتەنگە قېچىپ كەتتى، 1934 - يىلى ماخۇسەن «خوتەن ئىسلام خانلىقى» نى يوقاتقاندىن كېيىن يەنە ھىندىستانغا قاچتى.

ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچىدىن داۋانچىڭغا چېكىنگەندىن كېيىن يەنە داۋاملىق قەشقەرگە قاراپ سۈرۈلدى. ئۆلكە قوشۇنى (جۇملىدىن بىرلەشمە قوشۇن) 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا ماجۇڭيىڭ قوشۇنىغا ئىككى تەرەپتىن زەربە بېرىش، يەنى بىر قىسىم قوشۇن داۋانچىڭغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، تۇرپان، پىچان،

---

① «تىيانشان» 1 - توم، 4 - سان، 2 - بەت.

توقسۇننى ئىشغال قىلىپ ئۇلارنىڭ شەرققە قېچىش يولىنى كېسىپ تاش-لاش، ئاندىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ قوغلاشنى؛ ليۇبىن قوماندانلىقىدىكى قوشۇن ئىلىدىن ئاتلىنىپ تيانشان تېغىدىن ئۆتۈپ ئاقسۇدا ماجۇڭيىڭ قىسمىنى توسۇشنى قارار قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئۆلكە قوشۇنى داۋانچىڭنى ئىشغال قىلىپ، ماجۇڭيىڭنىڭ 200 نەچچە ئادىمىنى ئەسىر ئالدى. 8 ـ كۈنى، توقسۇن، تۇرپان، پىچاق قاتارلىق جايلار ئىشغال قىلىندى. ماجۇڭيىڭنىڭ بىر قىسىم ئەسكىرى گەنسۇغا قېچىپ باردى، 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلارنى مابۇفاڭ قوشۇنى قورالسىزلاندۇرۇپ تارقىتىۋەتتى؛ ماجۇڭيىڭ كۆپ قىسىم ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قاراشەھەر، كۇچاغا چېكىندى. كۇچادا ئۇلار ياڭ جىگجۇڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، داۋاملىق غەربكە قاراپ چېكىندى. ئۆلكە قوشۇنى ئۇلارنى قوغلاپ، 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قاراشەھەرنى ئىگىلىدى. ئىلىدىن جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان ليۇبىن قوشۇنى 22 ـ كۈنى ئاقسۇنى ئىشغال قىلىپ، ماجۇڭيىڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلدى، جەڭدە ماجۇڭيىڭنىڭ پىيادە ئەس-كەرلىرى ئېغىر تالاپەت كۆردى، قېچىپ قالغان ئاتلىق ئەسكەرلىرىمۇ يول بويى ئۆلكە قوشۇنىنىڭ بومباردىمانچىلىقىدا كۆپ زىيانغا ئۇچرىدى. ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى مارالبېشىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئاز بىر قىسىم ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە چېكىندى.

4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ئۆلكە قوشۇنىنىڭ 10 مىڭدىن كۆپرەك ئادىمى ئاقسۇدىن قەشقەرگە يۈرۈش قىلىش سەپىرىدە مارالبېشىنى ئىشغال قىلدى. 11 ـ كۈنى، ئۆلكە قوشۇنى ماجۇڭيىڭنىڭ شەھەرنى ساقلاۋاتقان قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى، ماجۇڭيىڭنىڭ باش قوماندانى 2000 دىن كۆپرەك ئادە-مىنى باشلاپ تەسلىم بولدى. ماجۇڭيىڭ قەشقەردە مارالبېشىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، جەنۇبقا ـ يەكەنگە چېكىندى، ئۆلكە قوشۇنى قەش-قەرگە كىردى. بۇنىڭدىن بىر ئاز ئىلگىرى ، سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغى-زىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاتلىق تۈەنى مالانوۋنىڭ باشچىلىقىدا ئەركەشتام-دىن شىنجاڭغا كىرىپ ئۆلكە قوشۇنىغا ياردەملەشكەنىدى، ئىسھاقبەكنىڭ ئاتلىق تۈەنىمۇ ئۆلكە قوشۇنىغا ماسلاشتى، ئۇرۇشتىن كېيىن، بۇ ئىككى

ئاتلىق تۈمەن ئۆلۈغچاتقا ئورۇنلاشتى. ماجۇڭيىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىشنى كۆزلەپ، قوشۇنىنى ئۆلكە تەرەپنىڭ قوشۇۋېلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۆلكە تەرەپ بۆزە باقساڭ بېشىڭغا چىقىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرىشنى قارار قىلدى. ماجۇڭيىڭ نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى ئىچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇغقىنى بار بىرى ئۇنىڭغا ئەسكەرلەرنى قالدۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىشنى مەسلىھەت بېرىدۇ. 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ما جۇڭيىڭ نۇرغۇن ئېرىغ مال، ئالماس قاتارلىق مال - دۇنيالىرىنى ئېلىپ بىر قىسىم يېقىن ئادەملىرى بىلەن ئەركەشتام قاراۋۇلخانىسىدا قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىن ئۆتىدۇ. 36 - شىنىڭ شىجاڭى، ما جۇڭيىڭنىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى ماخۇسەن قوشۇنىنى باشلاپ خوتەنگە كىرىپ ئورۇنلىشىدۇ ۋە خوتەن، قاغىلىق، مارالبېشى، گۇما، قارىقاش، كېرىيە، چاقىلىق، چەرچەن توققۇز ناھىيىنى مۇداپىئە رايونى قىلىپ ئايرىدى. 36 - شىنىڭ خوتەنگە كىرىپ ئورۇنلىشىشى بىلەن مەنسۇر پاشا (خان) نىڭ «ئىسلام خانلىقى» يوقالدى. مەنسۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تاغىسى بولۇپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ماجۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرى تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن خانلىق تىكلىگەنىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ 36 - شىسى مەنسۇرنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن «ئىسلام خانلىقى» مۇ گۇمران بولدى①.

شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى يېڭىسارغا قېچىپ بارغان خوجانىيازنى ئۆز يېنىغا تارتىشقا تىرىشتى، بۇ ۋاقىتلىق تەدبىر ئىدى، چۈنكى شىڭ شىسەي جاڭ پېيىيۈەننى مەغلۇپ قىلغان، ماجۇڭيىڭنى سۈرۈپ توقاي قىلغاندىن كېيىن، يەرلىك مىللەتلەر ئىچىدىكى ئەمەلىي كۈچلەرنى يىغىشتۇرىدىغان كۈچى قالمىغانىدى، شۇڭا ئۇ ۋاقىتلىق ئۇلارغا سۈكۈت قىلىشقا، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىغا يۇقىرى ئەمەل بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ شۇ چاغدا ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا پايدىلىق ئىدى. ئىككى تەرەپ سودىلاش-

① ماشاۋشى: «ماجۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندىن كېيىن»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1 - سان، 51 - بەت.

قاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي غوجانىيازنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قىلىشقا ماقۇل بولدى، غوجانىياز بولسا ئۆزى ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بويسۇنىدىغانلىقى توغرىسىدا كاپالەت بەردى. خوجا نىيازنىڭ قەشقەردە قېپقالغان قوشۇنىغا مامۇت قوماندانلىق قىلدى، ئۆزى ئەمەلدار بولۇشقا بىر قىسىم يېقىنلىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. شېڭ شىسەي مامۇتنى نازارەت قىلىشقا ليۇبىننى قەشقەرنىڭ ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى.

1934 - يىل 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، شېڭ شىسەي نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە: «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مالىمانچىلىق بېسىقتى، شىنجاڭدىكى ئۇرۇش ئاياغلاشتى» دەپ تېلېگرامما بەردى. 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىپ، شىنجاڭدا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئاخىرلاشتى، تىنچلىق ئەمەلگە ئاشتى دەپ جاكارلاپ، بۇ كۈننى «شىنجاڭنىڭ تىنچ بىرلىككە كەلگەن خاتىرە كۈنى» قىلىپ بېكىتتى؛ ئۆلكە قوشۇنىنىڭ نامىنى «جاھانگىرلىككە قارشى قوشۇن» دەپ ئۆزگەرتىپ، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ بىرلىككە كەلگەن قوشۇن نومۇرىنى بىكار قىلىپ، بۇ كۈننى جاھانگىرلىككە قارشى قوشۇننىڭ قۇرۇلغان خاتىرە كۈنى دەپ بېكىتتى ۋە «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىپ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» دەپ ئاتىلىدۇ) قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا خوتەندىن باشقا جايلار شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىردى، شېڭ شىسەي مىلىتارىست ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشتى.

# ئالتىنچى باب

## شىڭ شىسەينىڭ تەرەققىيپەرۋەر بولۇۋېلىشى ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ تۈزۈلۈشى مىلىتارىست لىق ھۆكۈمرانلىقنىڭ مۇستەھكەملىنىشى

### 1 - بۆلۈم ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە جاھانگىرلىككە قارشى تۈرۈش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

شىڭ شىسەي ھەربىي جەھەتتە رەقىبلىرىنى يەڭگەن، خوتەندىن باشقا جايلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئالدىدا ۋەتۆرىكى چىقىپ كەتكەن ئەبجەق تەنزىنى ئوڭشاش ۋەزىپىسى تۇراتتى. ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىمۇ ئانچە مۇستەھكەملەنمىگەنىدى. قەيەردىن ياردەم ئېلىش كېرەك؟ گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ھەر ۋاقىت ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى خىيال قىلاتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا غەرب تەرەپتىكى قوشنىسى - سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سوراش يولىلا قالغانىدى. شىڭ شىسەي ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ دەسمايىسى قىلىشقا موھتاج ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭنىڭ 2000 كىلومېتىردىن ئارتۇقراق كېلىدىغان دۆلەت چېگرىسى بار.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىمۇ شىنجاڭدا ياشايدىغان بەزى مىللەتلەر بار، ئۇلار تىل، دىن، ئۆرپ - ئادەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇزۇندىن بۇيان زىچ ئالاقە قىلىپ كەلگەن، شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە ئىزچىل تۈردە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنىدى. 1931 - يىلىدىن باشلاپ، مالىمانچىلىق تۇغۇلۇپ، ئۇرۇش يىغىلىق بېسىقمىغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭنىڭ سودىسىغا تەسىر يەتكەن، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە ئەكس تەسىر بەرگەنىدى. خەلقئارادا، XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا گېرمانىيە، ئىتالىيىدە فاشىستلار تەختكە چىققان، يېڭى ئۇرۇش خەۋپى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيگەن؛ ياپون جاھانگىرلىكى ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال ئۈچ ئۆلكىسىنى بېسىۋالغان ۋە شىمالىي جۇڭگو، ئىچكى موڭغۇلغا قىستاپ كېلىۋاتقان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت چېگرىسىنىڭ بىخەتەرلىكى بىۋاستە تەھدىتكە ئۇچراۋاتقانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارىشىچە، ماجۇڭيىڭ ياپونىيە جاھانگىرلىكى يېتىشتۈرگەن غالچا، ماجۇڭيىڭ شىنجاڭدا ئۈستۈنلۈك قازانسا، شەرقىي شىمالدىن شىنجاڭغىچە بولغان جايلار ياپونىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ قالاتتى، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنى شەرقتە يىراق شەرقتىن غەربتە ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان جايلاردا تەھدىتكە ئۇچرىتاتتى، «يەنى كاۋكازدىكى باكۇ نېفىتلىكىمۇ بومباردىمانچىلىققا ئۇچرايتتى». جەنۇبىي شىنجاڭدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ئۆز قولى بىلەن پىلانلىغان بولۇپ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تەھدىت سالغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى گومىنداڭنىڭ ئادىمى جاڭ پېيىۋەندىنىمۇ ھەزەر قىلاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى تىنچ، مۇقىم، دوستانە قوشنىغا، شىنجاڭنىڭ ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنى بالدۇرراق ئاخىرلاشتۇرۇشقا موھتاج ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينى شىنجاڭنىڭ مالىمانچىلىقىنى يىغىشتۇرالايدىغان مۇۋاپىق كۈچ دەپ ھېسابلىدى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن قانۇنىي يەرلىك ھاكىمىيەت بولغاچقا، شېڭ شىسەينى قوللىسا،

بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىكتىن ساقلانغىلى بولاتتى؛ ئىككىنچىدىن، شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش ئىپادىسىنى بىلدۈرگەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سوراپ موسكۋاغا ئادەم ئەۋەتكەن ھەمدە ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم بەرسىلا، كېيىن شىنجاڭدا كوممۇنىزمنى يولغا قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. مۇشۇنداق پەۋقۇلئاددە ۋەزىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى باش كونسۇل زىلاتكىننىڭ ئورنىغا ئاپرېسوۋنى شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. ئاپرېسوۋ گرۇزىيىلىك، ئىلگىرى تاشكەنتتە خارجى ئىشلار مەھكىمىسى (تاشكەنتتە خارجى ئىشلار باش مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغانىدى) نىڭ باشلىقى بولغان بولۇپ، شەرقنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلەتتى. شىنجاڭنىڭ تاشكەنتتە باش كونسۇلخانا قۇرۇشىغا ئاپرېسوۋ ياخشى ھەمكارلاشقانىدى. شۇڭا، ئۇ شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشتا كۆڭۈلدىكىدەك كىشى ئىدى.

شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى جەھەتلەردىن ياردەم بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر تۈركۈم تېخنىكلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرى نۇرغۇن مۇھىم تارماقلارغا ئورۇنلىشىپ، قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەم بەردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار شىنجاڭغا كېلىپ شىڭ شىسەينىڭ قۇرۇلۇش پىلانى تۈزۈشىگە ياردەملەشتى، 1936 ـ يىلنىڭ ئاخىرى شەكىللەنگەن «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» سوۋېت كوممۇنىستلىرى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ ياردىمىدە تۈزۈلگەن.

1934 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، يەنى «12 ـ ئاپرېل» نىڭ بىر يىللىق خاتىرە كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خىتابنامە، شىڭ شىسەي پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم ئاممىۋى يىغىن چاقىردى. بۇ چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭدا ماجۇڭيىڭ‑

نىڭ كۈچلىرى بولغاچقا، بۇ يىغىنغا ئاساسەن شىمالىي شىنجاڭدىن ۋە ماجۇڭيىڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولمىغان جايلاردىن كەلگەن 200 نەچچە ئادەم قاتناشتى. شېڭ شىسەي يىغىندا قىلغان تەبرىك سۆزىدە بۇ قېتىمقى يىغىننى ئېچىشنىڭ مەقسىتى «مىللەتلەر باراۋەرلىكى سىياسىتىنى يولغا قويۇش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىغا كۆڭۈل بۆلگەن» لىكىگە «مىننەتدارلىق» بىلدۈردى. ھەر قايسى جايلارنىڭ ۋەكىللىرىمۇ يېڭى ھۆكۈمەت بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ماجۇڭيىڭ كۈچلىرىنى يوقىتىشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇڭا، ئاشۇ يىغىندىن كېيىن، شېڭ شىسەي پۈتۈن زېھنىنى ماجۇڭيىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا قاراتتى. 1934 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئېلان قىلىنغان ھاكىمىيەت باشقۇرۇش تەدبىرى يەنى سەككىز ماددىلىق خىتابنامە ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. سەككىز ماددىلىق خىتابنامە مۇنۇلاردىن ئىبارەت: 1. مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى يولغا قويۇش؛ 2. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ 3. يېزىلارغا ياردەم بېرىش؛ 4. مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش؛ 5. ئەمەلدارلارنى تەكشۈرۈش - ئېنىقلاش؛ 6. مائارىپنى كەڭ يولغا قويۇش؛ 7. ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش؛ 8. ئەدلىيە ئىشلىرىنى ياخشىلاش. سەككىز ماددىلىق خىتابنامە شۇ چاغدا ئانچە نەزەرىيىۋى تۈس ئالمىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا پەقەت سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ سەنمىنجۇيىسى نەزەرىيەۋى ئاساس قىلىنغان. بىر يىلدىن كېيىن يەنى 1935 - يىلى شېڭ شىسەي «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسىي ۋەزىپىلىرى» ناملىق كىتابىدا، سەككىز ماددىلىق خىتابنامىگە نۇرغۇن چۈشەنچىلەرنى بېرىپ، ئۇنىڭغا ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ نۇرغۇن نەزەرىيە ئاساسىنى كىرگۈزگەن، بۇنىڭدا ئاساسەن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلگەن كىشىلەر ئىچىدىكى كوممۇنىستلار ۋە بۇرۇن كومپارتىيىگە كىرىپ كېيىن پارتىيىدىن ئايرىلغان كىشىلەر مۇھىم رول ئوينىغان.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا ماقۇللانغان ئون ماددىلىق پروگراممىغا قارىغاندا، سەككىز ماددىلىق خىتابنامىدە ھېچقانچە يېڭى نەرسە يوق. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شېڭ شىسەي ئۇ خىتابنامىدە، خارجى ئىشلىرى مەركەزنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىدا بولۇش، پارتىيە مەسلىكى تەربىيىسىنى يولغا قويۇش، مالىيە مەركەز بىلەن بىردەك بولۇش دېگەن بۇ ئۈچ ماددىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇ ئۇنىڭ ساختا تەرەققىيپەرۋەرلىكى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايانغانلىقى بىلەن، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئۆلكىلىك پىرقىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى بىلەن، ياۋرو - ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانلىرىنى شىنجاڭغا كىرگۈزمەسلىك بىلەن، شىنجاڭ، سوۋېيۇن ئاپتوموبىل شىركىتى ئاپتوموبىللىرىنىڭ قۇمۇلنىڭ غەربىدىكى جايلارغا قاتنىشى مەنئىي قىلىنغانلىقى قاتارلىق تەدبىرلەر بىلەن بىردەك.

1935 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شېڭ شىسەي يەنە توققۇز تۈرلۈك يېڭى ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇلار مۇنۇلار: 1. دىيانەتلىك، پاك بولۇشنى قەتئىي يولغا قويۇش؛ 2. ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش؛ 3. ئۇرۇشتىن ساقلىنىش، تىنچلىقنى قوغداش؛ 4. ئۆلكە بويىچە ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا سەپەرۋەر قىلىش؛ 5. قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش؛ 6. شىنجاڭنى مەڭگۈ جۇڭگو زېمىنى قىلىش؛ 7. جاھانگىرلىككە، فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە جۇڭگو - سوۋېت ئىناق ئۆتۈش سىياسىتىدە مەڭگۈ چىڭ تۇرۇش؛ 8. يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش؛ 9. ھەرمىللەت ۋاڭ - گۇڭلىرىنىڭ، ئاخۇنلارنىڭ، لاما قاتارلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ھوقۇق - مەنپەئىتىگە قەتئىي كاپالەتلىك قىلىش.

سەككىز ماددىلىق خىتابنامە ۋە توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپىنىڭ مەزمۇنىدىن، ئۇلارنىڭ گومىنداڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يولغا قويغان ئەكسىيەتچى سىياسەتتىن ئىلغار ئىكەنلىكىنى، بۇ ئاساسەن كوممۇنىستلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ ياردىمىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شېڭ شىسەي «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسىي ۋەزىپىلىرى»

دېگەن كىتاب (يەنى سەككىز ماددىلىق خىتابنامە ۋە توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپە كونكرېت بايان قىلىنغان بىرۇشۇر) نى «خې يۈيجۇ، جاڭ يىڭۇ، شۈي لىيەن، لاڭ داۋخىڭ، ۋاڭ لىشياڭ، لىيۇفوۋۇ، جۇچۇنخۇيلار سېلىشتۇرۇپ چىققان» (شۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىگە قاراڭ، جاڭ يىڭۇ، ۋاڭ لىشياڭلار كوممۇنىست) لىقىنى ئېيتقانىدى. شۇ چاغدا شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئىنقىلابچى قىياپەتكە كىرىۋېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋە كوممۇنىستلارنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ياردىمىگە ئېرىشىشكە موھتاج ئىدى. ئۇنىڭ كوممۇنىستلاردىن پايدىلىنىش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياسىتىنى يولغا قويۇشى ئۇ ئېيتقاندەك ئۇنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزمغا، كوممۇنىزمغا ئېتىقاد قىلغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ مەزمۇنلارنى كوممۇنىستلارنىڭ قوبۇل قىلىدىغانلىقىدا ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزمدىن ۋاز كېچىپ، جىياڭ جيېشىنىڭ فاشىزمغا ئەگەشكەنلىكى بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى.

توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپە سەككىز ماددىلىق خىتابنامىنىڭ تولۇقلانمىسى ۋە راۋاجى، سەككىز ماددىلىق خىتابنامىدە پەقەت ئىچكى جەھەتتىكى فاڭجېن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپىدە ئاساسلىقى جاھانگىرلىككە، فاشىزمغا قارشى تۇرۇش، جۇڭگو - سوۋېت ئىناق ئۆتۈش، شىنجاڭنى مەڭگۈ جۇڭگو زېمىنى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار فاڭجېنلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان فاڭجېنلاردۇر. بۇ چاققا كەلگەندە، كوممۇنىستلارنىڭ ياردىمىدە ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پاك بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت مەزمۇنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. لېكىن، بۇ ئالتە مەزمۇن 1936 - يىلىغا كەلگەندە، ئاندىن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇكەممەل سىياسىي لۇشيەنى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئالتە بۈيۈك سىياسەت سەككىز ماددىلىق خىتابنامە، توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپىنىڭ يەنىمۇ يىغىنچاقلاشتۇرۇلۇشى ۋە مۇكەممەللىشىشى،

ئالتە بۈيۈك سىياسەتمۇ تاكامۇللىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. 1934 - يىلى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ بۈيۈك سىياسەت ئوتتۇرىغا قويۇلدى، چۈنكى شۇ يىلى ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى مەغلۇپ قىلىنغان، تىنچلىق مەزگىلىدىن قۇرۇلۇش مەزگىلىگە قەدەم قويۇلغاندى؛ 1935 - يىلىنىڭ ئالدىدىقى يېرىمىدا ئۈچ بۈيۈك سىياسەت ئاساسىدا، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، پاك بولۇش سىياسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۈچ بۈيۈك سىياسەت بەش بۈيۈك سىياسەت بولدى. شۇ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇنىڭغا «ھەر قايسى مىللەتلەر بابباراۋەر بولۇش» دېگەن بىر ماددا قوشۇلۇپ، ئالتە بۈيۈك سىياسەت دېگەن نام ئوتتۇرىغا چىقتى. 1936 - يىلى شېڭ شىسەي «ئالتە بۈيۈك سىياسەتتىن دەرسلىك» نى يازغاندا، «ھەر قايسى مىللەتلەر بابباراۋەر بولۇش» دېگەننى «مىللەتلەر باراۋەر بولۇش» دەپ ئىخچاملىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئالتە بۈيۈك سىياسەت مۇكەممەل پروگرامما ۋە لۇشيەن سۈپىتىدە رەسمىي شەكىللەندى.

ئالتە بۈيۈك سىياسەت شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە سىياسەت بولسىمۇ، ئۇ شۇ چاغدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن بولسىمۇ، لېكىن شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ سىياسىي قارا نىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇپ، ئۇنى «جاھانگىرلىكنى يوقىتىپ جۇڭگونى ئازاد قىلىش باش سىياسىي لۇشيەنىنىڭ ئەڭ ئالىي نەزەرىيىسى»، «شانلىق، توغرا ئالتە بۈيۈك سىياسەت يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشنىڭ نۇرلۇق ماياكى بولۇپلا قالماي، جۇڭگونى ئازاد قىلىشتىكى، مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئەللەردىكى ئېزىلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى نۇرلۇق ماياك . . . شۇڭا، مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئەللىرىدىكى مىللىي ئىنقىلابنىڭ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىسىنى تېز ئورۇنداش ئۈچۈن، شانلىق، توغرا ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ يېڭى تۇغىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىلا ئەمەس، دۇنيا مىقياسىدىكى ئېزىلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ دۆلەتلىرىدىمۇ لەپىلدىشىنى ئۈمىد قىلىمىز»① دېدى. شېڭ شىسەينىڭ نەزەرىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى نا ئېنىقمىش، ئالتە بۈيۈك سىياسەتلا ئېزىلىۋاتقان مىللەت-

① «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ»، 4 - توم، 6 - سان، 5 - بەت.

لەرنى قۇتقۇزىدىغان نۇرلۇق ماياك ۋە تۇغمىش، شېڭ شىسەيلا دۆلەتنى خەۋپتىن قۇتقۇزىدىغان نىجادچىمىش. مانا بۇ ئۇنىڭ تازا ئەسەبىيلىكىنى ۋە ئەخمەقلىكىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى. ئالتە بۈيۈك سىياسەتتە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پاك بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش شوئارى تومتاقلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇنداق ئىلغارلىقنىڭ ئەھمىيىتى ۋاقىتلىق، چەكلىك ئىدى، چۈنكى ئۇنى ھەقىقىي تۈردە يولغا قويۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ ئۇنى بىر - بىرلەپ ئەمەلگە ئاشۇرغان تەقدىردىمۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تولۇق ئازادلىققا چىقارغىلى بولمايتتى. ئالتە بۈيۈك سىياسەتتىكى ئەجەللىك نۇقسان — ئۇنىڭدا فېئوداлизمغا قارشى تۇرۇش تىلغا ئېلىنمىغان، فېئودال پومېشچىكلار سىنىپى جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگودا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىكى مۇھىم ئىجتىمائىي ئاساسى، فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنى ئاغدۇرمىغاندا، جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرغىلى، مىللىي ئىنقىلاب ۋە دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغىلى بولمايدۇ.

ئالتە بۈيۈك سىياسەت مەلۇم ئىلغارلىققا ئىگە بولغانلىقتىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ تۈزۈشكە ئاساس بولدى. لېكىن، شېڭ شىسەي ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداشنىڭ، سىياسىي رەقىبلىرىنى يوقىتىشنىڭ كۈچلۈك قورالى سۈپىتىدە پايدىلاندى. شېڭ شىسەي مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى تەرغىب قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى دىنىي كاتتىۋاشلارنى ۋە ئەمەلىي كۈچكە ئىگە يەرلىك كىشىلەرنى ھاكىمىيەتكە قاتناشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ شوئارلارنى دەستەك قىلىپ ئۆزىگە يات كۈچلەرگە جاھانگىرلارنىڭ غالچىسى، باندىت، خائىن دېگەن بەتناملارنى چاپلاپ ئۇلارنى كۆزدىن يوقاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان بەزى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشلار بەدىلىگە، شېڭ شىسەي شان - شۆھرەتكە ئېرىشۋالدى.

پاك بولۇشنى تەرغىب قىلىپ بەزى خىيانەتچى ئەمەلدارلار جازالانغان، ئەمەلدارلىق تۈزۈمى تەرتىپكە سېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن شېڭ شىسەيمۇ تازا بېيىۋالدى. شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ جەمەتى شىنجاڭ خەلقىدىن شىلىۋالغان مال - دۇنيا، ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ ئىلىكىنى شورايدىغان ئەڭ چوڭ پارازىتلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

شىنجاڭدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش شوئارى ئاستىدا، 1934 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئۈرۈمچىدە «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» (قىسقارتىپ «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» دەپ ئاتىلىدۇ) قۇرۇلدى. نېمە ئۈچۈن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلىدۇ؟ شېڭ شىسەينىڭ دەبدەبىلىك سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ئۇيۇشما ئاممىنى قوزغاپ، جاھانگىرلىكنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشىغا قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش مەقسىتىدە قۇرۇلغان. شۇڭا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ نىزامنامىسىدە، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى مۇنداق دەپ يېزىلدى: «پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىپ، شىنجاڭنى جوڭگونىڭ مەڭگۈلۈك زېمىنى قىلىپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى تىنچلىققا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنى مۇستەملىكە قىلىۋالماقچى بولغان جاھانگىرلارغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.» جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى: ھەر قايسى مىللەتلەر باباراۋەر بولۇشنى، ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنى، خىيانەتچى - پارىخور ئەمەلدارلار، مۇشتۇمزورلارنى يوقىتىشنى، ئەدلىيە ئىشلىرىنى ياخشىلاشنى، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى، قۇللۇق تۈزۈمىنى ۋە توقال خوتۇن ئېلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، ئادەم بېدىكلىكى، پاھىشىنى مەنئى قىلىدۇ. خەلققە سۆز قىلىش، مەتبۇئات، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق ئەركىنلىكلەرنى بېرىدۇ. بۇ چىرايلىق ئىبارىلەرنى ئىنچىكە تەھلىل قىلساق، شۇ چاغدا بىز شېڭ شىسەي بىر سىياسىي قورالغا ئېھتىياج بولغانلىقىنى ھەمدە سىياسىي كۈچلەرنى ئۇيۇش-

تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مىلىتارىست ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ نىزامنامىسىنىڭ 2 ـ ماددىسىدا: «ئۇيۇشمىمىز شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمىتىنى بارلىق كۈچى بىلەن ھىمايە قىلىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. «ھازىرقى ھۆكۈمەت» دېگەندە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى «بارلىق كۈچى بىلەن ھىمايە قىلغان» دېلا، ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ دېگەنلىكتۇر. ھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش شوئارى XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى ياپون جاھانگىرلىكى ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىنى بېسىۋالغان ۋە خۇابېيى قاتارلىق رايونلىرىمىزغا كەڭ كۆلەمدە بېسىپ كىرىۋاتقان مەزگىلدە كىشىلەرنىڭ سىياسىي قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتالايتتى. شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي تەشەببۇسى پۈتۈنلەي جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش شوئارى ئاستىدا ئورۇنلۇقنىڭ گېپى يوللۇق دېگەندەك يولغا قويۇلدى. شۇڭا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنى شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن قۇرۇلغان دېيىشكە بولىدۇ.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، شېڭ شىسەي يەنىلا كۆرۈنۈشتە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنى «خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۇيۇشقان سىياسىي تەشكىلاتى» دەپ پەردازلاشقا تىرىشتى. دەرۋەقە، بۇ ئۇيۇشما بىر خىل سىياسىي تەشكىلات بولسىمۇ، لېكىن «خەلق ئاممىسى ئۆزلۈكىدىن ئۇيۇشقان» تەشكىلات ئەمەس ئىدى. شېڭ شىسەي ئەنە شۇنداق بىكار تەشكىلاتقا موھتاج بولغانىكەن، ئۇ بۇ تەشكىلات قۇرۇلۇش بىلەنلا ئۇنى ئۆز ئىلكىدە تۇتتى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنى ئەينى چاغدا «ئون چوڭ ئەرباب» دەپ ئاتالغانلارنىڭ بىر قىسمى شېڭ شىسەينىڭ رايى بويىچە قۇرۇپ چىقتى. «ئون چوڭ ئەرباب» دەپ ئاتالغان خې يۈجۇ (خې گىڭگۇاڭ)، سۇڭ فۇياۋ (سۇڭ نيەنسى)، شۈي لىيەن (شۈي بودا)، ۋاڭ لىشى (ۋاڭ نەيجۇڭ)، چېڭ چىمىڭ (چېڭ دۇڭبەي)، كاڭ بىڭلىن (كاڭ مىڭيۈەن)، ۋاڭ يەنلىڭ، گوشيەنلياڭ، لاڭ

داۋخېلىڭ، سوۋې گوجېڭلار 1934 - يىل 6 - ئايلاردا ئىلگىرى - كېيىن
بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇلار شىڭ شىسەينىڭ ساۋاقدىشى، يۇرتدىشى،
كۆپ قىسمى ياپونىيىدە ئوقۇغانلار بولۇپ، بەزىلىرى جاھانگىرلىككە قارشى
تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرى، بەزىلىرى كوممۇنىست، بەزىلىرىنىڭ
ئىدىيىسى «سول» چىللىقتا مايىل، ماركس - لېنىنلارنىڭ بەزى كىتابلى-
رىنى ئوقۇغانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ يۇرتى شەرقىي شىمال ئۈچ ئۆلكىنى
ياپون جاھانگىرلىكى بېسىۋالغاچقا، بېيپىڭ، تيەنجىنلەردە سەرسان بول-
غان، كېيىن بېيپىڭ، تيەنجىنلەرمۇ قولدىن كېتىش ئالدىدا تۇرغانلىقى-
نى، ئازاد رايونلارغا باراي دېسە جياڭ جيېشى قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان-
لىقىنى كۆرۈپ، كەلگۈسىدىن ئۈمىدسىزلىنىش ھېسسىياتى ئىچىدە شىن-
جاڭغا بېرىش نىيىتىگە كەلگەن. ئۇلار گېزىتتىن شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت
ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولغانلىقى، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بىرلەش-
كەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئوقۇپ، شىنجاڭ ئىلغار رايون ئىكەن،
ئۇنىڭ ئۈستىگە شىڭ شىسەي بىزنىڭ ساۋاقدىشىمىز، يۇرتدىشىمىز،
«ئىنقىلابىي» ھاكىمىيەت ئاستىدا خىزمەت قىلساق، خەتەر چىقمايدۇ،
تالانتىمىزنى نامايان قىلالايمىز، ئىنقىلاب غەلىبە قازانسا، تۆھپىكار بول-
ىمىز، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرى-
داش بولغاچقا، جان ساقلايدىغان زېمىن چىقىدۇ دەپ قارىدى. شۇڭا، ئۇلار
شىنجاڭنىڭ تيەنجىندىكى ۋەكىلى جاڭ يۈەنفۇنى تېپىپ شىڭ شىسەي بىلەن
ئالاقە باغلىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سىبىرىيە ئارقىلىق، بەزىلىرى سۇي-
يۈەن، ئىچكى موڭغۇل ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلدى. شىڭ شىسەي دەسلەپتە
ئۇلارغا خېلى ئىشەنچ قىلدى، 1934 - يىل 7 - ئايدا، خې يۈيجۇنى
جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش
ھەيئىتىگە مەسئۇل قىلدى. 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىڭ شىسەي شىنجاڭ
خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغانلىقىنى
ئېلان قىلدى. دەسلەپتە، بۇ ئۇيۇشما كومىتېت باشلىقى تۈزۈمىنى يولغا
قويدى، كومىتېتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى ئاساسەن شىڭ شىسەينىڭ سا-
ۋاقداشلىرى، يۇرتداشلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. خې يۈيجۇ كومىتېت

باشلىقى، لاڭ داۋخېڭ باش كاتىپ، ۋاڭ لىشى تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى، شۈي لىيەن تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، چېڭ دۇڭبەي ياشلار بۆلۈمى باشلىقى بولدى. 1935 - يىلى بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى بىرىنچى قېتىم ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى، كوممۇنىست باشلىقى تۈزۈمى بىكار قىلىندى، شېڭ شىسەي ئۇيۇشما باشلىقى، لى رۇڭ، خوجانىياز مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقى بولدى، بىر مۇنچە كوممۇنىستلار ئۇيۇشمىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ «ئون چوڭ ئەرباب» نىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. شاڭخەيدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭ بىرى - يۈي شيۇسۇڭ (شۇ چاغدىكى ئىسمى ۋاڭ شۇچېڭ) ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپلىقىغا، سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ لىشياڭ تەشكىلات بۆلۈم باشلىقلىقىغا، ۋۇدېمىڭ (جياڭ زېمىن)، ۋەن شيەنتىڭ (جاڭ يىفەن) لەر تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، مەنسۇر مەدەنىيەت بۆلۈم باشلىقلىقىغا، جېڭ يىجۇن ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈم باشلىقلىقىغا، جاڭ يىۋۇ ياشلار بۆلۈمى باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى تېخىمۇ زورايدى، ئەزاسى 2400 كىشىگە كۆپەيدى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى، قىسىملاردىكى كوماندىرلار ئىدى. كېيىن يەنە ئىلى، ئالتاي، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا ئۇيۇشمىنىڭ 14 شۆبىسى قۇرۇلدى. 1935 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى - «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نەشر قىلىندى، ژۇرنالغا ۋاڭ شيۇچېڭ، ۋەن شيەنتىڭ (كوممۇنىست)، چيەن چىتيەن، فۇشىرو، جياڭ زوجۇ بەش كىشى مەسئۇل تەھرىر بولدى.

شېڭ شىسەي جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش قورالىغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن كوممۇنىستلار ئۇنى ئامما بىلەن ئالاقە باغلاشنىڭ يولى قىلىشقا تىرىشتى ھەمدە بۇ ئۇيۇشما كادىرلارنى تەربىيىلەش، ئاممىنى قوزغاش

جەھەتتە مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. جاھانگىرلىككە قارشى تو-
رۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان يىلى كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچە-
لىپ، كۇرسانتلارغا ئىجتىمائىي پەن ۋە يېڭى پەلسەپە (شۇ چاغدا ماركى-
سىزم - لېنىنىزمنىڭ ئاتىلىشى) دىن دەرس ئۆتۈلدى. ئۇيۇشما يەنە تور-
لۇك خاتىرە كۈنلەردە كۆرگەزمە ئېچىلىش، لوزۇنكا چاپلاش، تەشۋىق
ۋەرەقى تارقىتىش، كوچىلارغا چىقىپ نۇتۇق سۆزلەش ئارقىلىق جاھانگىر-
لىككە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئالايلۇق، 1934 - يىلى «18 -
سېنتەبىر» نى خاتىرىلەش يىغىنىدا ئۇيۇشما «خەلق ئاممىسىغا مۇراجى-
ئەت» نى ئېلان قىلىپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ شەرقىي شىمال ئۈچ
ئۆلكىمىزنى بېسىۋالغانلىقى «ئەشەددىي دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشنى ياقتۇر-
مايدىغان ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ۋەتەننى ساتقانلىقى» نىڭ نەتىجىسى دەپ كۆر-
سەتتى، خەلق ئاممىسىنى ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ ئېلىس قولىنى شىن-
جاڭغا ئۇزىتىشىدىن ھوشيار بولۇشقا، ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق پىلانىغا
«قايسى ۋاقىت، قايسى جايدا بولمىسۇن، جان - جەھلىمىز بىلەن قارشى
تۇرۇشقا ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىنى يوقىتىش»①قا چاقىردى.
جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش شوئارى ئاستىدا، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى
چەت ئەللەرنىڭ بىر قىسىم جاسۇسلۇق ئورگانلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ خادىملى-
رىنى تازىلىدى. شىنجاڭدا ئەنگلىيىنىڭمۇ، گېرمانىيىنىڭمۇ جاسۇسلۇق
ئورگىنى بار ئىدى. ئۇلاردىن تارقىتىش ۋە سودىگەرچىلىك قىلىش نامى
بىلەن ئوغرىلىقچە ئاخبارات توپلىدى، بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا ۋە سوۋېت
ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قۇتراتقۇلۇق قىلدى.
ئەنگلىيە چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي خانىنىڭ 22 - يىلى (1896 - يىلى)
لا ئۈرۈمچىدە مىسسىئونېرلار پونكىتى قۇرغانىدى. بۇ دىن تارقىتىش نامى
بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاخباراتلى-
رىنى توپلايدىغان ئىشپىيونلۇق ئورگىنى ئىدى. ئۇلار بىر ئوچۇم مىللىي
مۇناپىقلارنى جاسۇسلۇققا قوبۇل قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇستەقىل

① «تىيانشان»، 1 - توم، 6 - سان، 8 - بەت

قىلىشقا قۇتراتتى، بەزىلىرى دوختۇر دېگەن نام بىلەن ئۈرۈمچىدە جاسۇسلۇق قىلدى، ھەتتا موڭغۇللارنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىغىمۇ بېرىپ ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش لىنىيىسى ئارقىلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى شىنجاڭغا ئەكىرىپ ئەتكەسچىلىك قىلدى، خوتەندە تۇرۇشلۇق ماخۇسەن قىسمىغا قورال - ياراغ ساتتى، قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ئارقىلىق گراژدانلارنى كۆپەيتتى، قەشقەردىكى كونسۇلخانىنىڭ تېلېگراف ئاپپاراتى ۋە قەشقەر - تاشقورغان ئوتتۇرىسىدىكى ئەنگلىيە پوچتا ئالاقىسى ئارقىلىق ئاخباراتلارنى ئەۋەتتى ۋە تېلېگرامما يوللىدى. 1934 - يىلى ماجۇڭيىڭ چېگرىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەنگلىيە ماللىرىنى، ئەنگلىيىلىكلەرنى چېگرىدىن كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن تاشقورغان قاراۋۇلخانىسى ۋە لاداققا ئۆتىدىغان چېگرا قاراۋۇلخانىسىنى دەرھال قامال قىلدى. 1935 - يىل 10 - ئايدا، ئەنگلىيىنىڭ بېيپىڭدىكى ئەلچىخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى تېكمان ئۈرۈمچىگە كېلىپ شېڭ شىسەيگە ئەنگلىيىلىكلەرگە چېگرىدىن كىرىش پاسپورتى بېرىش، شىنجاڭدا ساياھەت قىلىش، تاماكا كىرگۈزۈش، ھىندىستانغا بارىدىغان يېڭى قاتناش يولىنى ئېچىش قاتارلىق مەسىلىلەردە كەڭ قوللۇق قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بۇ تەلەپلەر رەت قىلىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە ماللىرىنىڭ ۋە ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ چېگرىدىن كىرىشىنى، تاماكا ئەكىرىشىنى قاتتىق كونترول قىلدى، قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ تېلېگراف ئاپپاراتىنى چۇۋۇۋەتتى، تاشقورغان، قەشقەر ئارىلىقىدىكى پوچتا ئالاقىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېڭى پوچتا يوللانمىلىرىنى چېگرىدا ئالماشتۇرۇشنى بەلگىلىدى.

گېرمانىيىمۇ دىن تارقىتىش، سودا قىلىش باھانىسىدە شىنجاڭدا جاسۇسلۇق ئورگىنى قۇردى، ئۇ ۋە ئەنگلىيىنىڭ جاسۇسلۇق ئورگىنى تىل بىرىكتۈرۈپ ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ، ئاخبارات توپلىدى. گېرمانىيىلىكلەر ئاچقان كاتولىك دىنى چېركاۋى شىنجاڭنىڭ ھەربىي، ئىقتىساد، سىيا-

سى، خەلق ئەھۋالىغا دائىر ئاخباراتلارنى ئوغرىلايدىغان، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تەرغىبات ئېلىپ بارىدىغان، كۆپەيتىدىغان جاسۇسلۇق ئورگىنى ئىدى. گېرمانىيىلىكلەر ئاچقان شۇنىغا بانكىسى كاتولىك دىنى چېركاۋىنى پائالىيەت خىراجىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان، سودا قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ھەممە جايدا ئاخبارات توپلايدىغان ۋە ئۇلارنى مەخپىي ئورۇنلاشتۇرغان تېلېگراف ئاپپاراتى ئارقىلىق يوللاپ تۇرىدىغان ئورۇن ئىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دەلىل - ئىسپاتلارنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، بانكىنىڭ جىڭلىسى بولۇۋالغان جاسۇس شىرمېرنى قوغلاپ چىقاردى. گېرمانىيە پايتەختى بېرلىن شۇ چاغدا پانتۈركىزمنى، پانئىسلامىزمنى تەرغىب قىلىدىغان مەركەز ئىدى. ئۇ يەردە چىقىدىغان «مىللەت يولى» ۋە «يېڭى تۈرك ياشلىرى» دېگەن ژۇرناللار سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشنى، پانئىسلامىزمنى، تار مىللەتچىلىكنى كۈچەپ تەرغىب قىلدى، بۇ ژۇرناللار تۈرلۈك يوللار بىلەن شىنجاڭغا توختاۋسىز كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭدىكى پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمنىڭ قەبىھ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى مەنىۋى قورال بولۇپ قالدى.

ئەنگلىيىنىڭ جاسۇسلۇق ئورگىنى بولسۇن ياكى گېرمانىيىنىڭ جاسۇسلۇق ئورگىنى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئاخباراتلىرىنى توپلاش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قارشى جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىش، شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلىش ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا قۇترىتىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ بىرلىكىنى بۇزۇشقا، شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش بازىسىغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش شوئارى ۋە تەدبىرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش ئىپادىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق ئىدى.

## 2 - بۆلۈم شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە ئېلىپ بېرىلغان تۈرلۈك قۇرۇلۇشلار

شىنجاڭدا كۆپ يىل داۋاملاشقان ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا خەلقنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشى قىيىنلاشقان، ھەممىلا جايىنى ۋەيرانچىلىق قاپلىغان بولۇپ، كۆرمىڭ ئىشلار ھەل قىلىشنى كۈتۈپ تۇراتتى. شېڭ شىسەي ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، كېيىنكى ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇلۇش مەسىلىسى ئۈستىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا نۇرغۇن ياردەم بەردى.

1934 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزۈش ئۈچۈن، «شىنجاڭ ئۆلكىلىك لايىھىلەش، پىلان كومىتېتى» نى قۇردى. شېڭ شىسەي شى شىچاڭنى لايىھىلەش - پىلان كومىتېتىنىڭ كومىتېت باشلىقلىقىغا، سۇ شاڭدانى مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. لايىھىلەش - پىلان كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا، ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلار گۇرۇپپىسى، مالىيە گۇرۇپپىسى، مائارىپ گۇرۇپپىسى، قاتناش گۇرۇپپىسى، سودا - سانائەت گۇرۇپپىسى، ئەدلىيە گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت يەتتە گۇرۇپپا تەسىس قىلىندى. ھەر قايسى گۇرۇپپىلارنىڭ ۋەزىپىسى - ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ لايىھىلىرىگە ئاساسەن ئۆز تارمىقىنىڭ قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ياكى چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللاش ئىدى. 1935 - يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى، مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ 1 - ئۈچ يىللىق پىلانى تۈزۈلدى ۋە بۇ پىلان 1936 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىشقا باشلاندى.① ئەمدى 1933 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق، قاتناش - ترانسپورت، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا دائىر ئەھۋاللارنى قىسقىچە بايان

---

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىل) 5 - ئاينىڭ 27 - كۈندىكى سانى.

قىلىپ ئۆتىمىز.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شۇ چاغلاردا شىنجاڭنىڭ مالىيەسىدە ئېغىر قىيىنچىلىق بار ئىدى، بۇ خىل قىيىنچىلىقنى ئاساسەن ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ئۇرۇش ئېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ قاقجىراپ كېتىشىگە، ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىككە ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ مالىيە ئۆكسۈپ قىلىش، ھەربىي خىراجەت كۆپىيىپ كېتىش تۈپەيلىدىن مالىيە ئەھۋالى بۇرۇنقىدىن يامانلىشىپ كەتتى. پۇل پاخاللاشقانلىقتىن، 1935 - يىلغا كەلگەندە مال باھاسى ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ ئىلگىرىكىدىن 200 — 300 ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى.[①] ماجۇڭيىڭ ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلغاندا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىر ئون سەرلىك ئۆلكە پۇلى تارقاتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنە بىر 50 سەرلىك پۇل تارقاتتى. 1935 - يىلى يەنە 3000 سەرلىك، 4000 سەرلىك ئۆلكە پۇلى تارقاتتى[②]، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كېچە - كۈندۈزلەپ پۇل باستۇرۇپ، يامان سۈپەتلىك ئاپلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مال باھاسى تېز ئۆرلەپ كەتتى، قەغەز پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ قىممىتى ماتېرىيال پۇلىغا چىقىشمايدىغان كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالدى. پۇل باستۇرغۇچىلار پۇل بېسىش زاۋۇتىدا ساقلاپ ئولتۇرۇپ، پۇل بېسىلىپ چىققان ھامان تامغا بېسىپ، پۇل ئۈستىدىكى ماي قۇرىمايلا دەرھال تارقاتتى، 2000 سەر پۇلغا بىر كۇرە ئاشلىق كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى[③]. پۇل ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى قىممەت فۇنكسىيىلىك رولىنى، ئوبوروت قىلىش فۇنكسىيىلىك رولىنى، چىقىم قىلىش فۇنكسىيىلىك رولىنى ۋە ساقلاش فۇنكسىيىلىك رولىنى يوقاتتى. سودىدا مالنى مالغا تېگىشىش ئالماشتۇرۇش شەكلىگە ئايلاندى. سودىگەرلەر بېسىمدارلىق قىلغاچقا، خەلقنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ قىيىنلاشتى، بو-

① شىڭ شىسەي «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسىي ۋەزىپىلىرى»، 3 - بەت.
② «تىياناشان»، 1 - توم، 6 - سان، 75 - بەت.
③ «شىنجاڭدىكى كرىزىس ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ يولى». شاڭخەيدە چىقىدىغان «ئىقتىسادىي مەسىلىلەر گېزىتى» - مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىل) 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى سانى.

لۇپمۇ مائاشقا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ كۈنى
تېخىمۇ بەتتەرلەشتى. «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئايلىق
مائاشى 4800سەر، 1 ـ دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسىنىڭ 4200 سەر بولۇپ،
بۇنىڭغا ئەمەلىيەتتە ئاران 60 جىڭ ئاق ئۇن[1] سېتىۋېلىشقا بولاتتى».
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەلدارلار ئىچىدىكى چىرىكلىك چېكىگە يەتكەن بولۇپ،
چوڭ ـ كىچىك ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ پارىخورلۇقى، قانۇنغا خىلاپلىق
قىلىپ خىيانەتچىلىك قىلىشى دائىملىق ئەھۋال بولۇپ قالغانىدى. خەلق-
نىڭ كۆلپەتلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز ئىدى.

مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1933 ـ يىلى 8 ـ ئايدا،
ۋۇئەيچېن، لى رۇڭ، گۇي فىن، ھۇسەيىن قاتارلىقلار «شىنجاڭنىڭ
مالىيە پىلانىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى پىكرىمىز» دېگەن تېمىدا
بىر تەكلىپ يېزىپ، شىنجاڭنىڭ مالىيە ئەھۋالىنى ئوڭشاش ئۈچۈن،
بايلىقلارنى ئېچىش ۋە تېجەشنى چىڭ تۇتماي بولمايدۇ، دەپ ھېسابلىغان.
ئۇلار بايلىقلارنى ئېچىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئالتاي ئالتۇن كېنىنى
ئېچىپ، يىغىلغان ئالتۇننى قەغەز پۇلنىڭ ئورنىغا تىللا تارقىتىشقا ھازىر-
لاپ، كۆرسى چۈشۈپ كەتكەن ئۆلكە پۇلىنى ئارقا ـ ئارقىدىن كۆيدۈرۈۋې-
تىشنى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن باي مىس كېنىنى ئېچىپ مىس يارماق قۇيۇش-
نى، سانائەت، قاتناش، سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈش،
كۆچمەنلەرنى دېھقانچىلىق قىلىشقا بوز يەر ئېچىشقا جەلپ قىلىش ئۈچۈن
نېفىتلىك ئېچىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇلار چىقىمنى تېجەش توغرىسىدا
مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك تەكلىپ بەردى: 1. ھەربىي خىراجەتكە مەركەزنىڭ
ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىش، يەرلىك ھەربىي خىراجەتنىڭ بىر قىسمى-
نى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش؛ 2. مەمۇرىي خىراجەتنى خام چوت ئىچىگە
كىرگۈزۈپ، ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش؛ 3. كونا بەلگىلىمىلەردىكى
نۇقسانلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن تاموژنا بېجى، بارلىق باجلارنى رەتكە سې-
لىش. بۇ تەكلىپ لايىھىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇزاكىرە

① «تىيانشان» 1 ـ توم، 6 ـ سان، 75 ـ بەت.

قىلىنىپ تەستىقلانغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدا ئۇنى ئىجرا قىلىشتا خىلمۇخىل قىيىنچىلىق بار ئىدى. 1934 - يىلى كۈزدە، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ۋاقىتىنچە مۇقىملاشتى، مالىيىمۇ تەرتىپكە سالمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسى مىخايلىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىش، مالىيە كومىتېتى ۋە مالىيە تەپتىش كومىتېتى قۇرۇش قارار قىلىنىپ، خام چوت - نەق چوت تۈزۈمى ئورنىتىلدى ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، خىيانەتچىلىك ئەنزىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە جىنايى ئىشلار سوتى تەسىس قىلىندى؛ شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى ئورگانلارنىڭ خىراجىتى خام چوتقا كىرگۈزۈپ، چىقىم خىراجىتىنى مالىيە نازارىتى بېكىتىپ چىقتى، مالىيە تەپتىش كومىتېتى دائىم خادىم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ تۇردى، ھەر قايسى ئورگانلاردا ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك پۇللارنى مالىيە نازارىتىنىڭ تەستىقىنى ئالماي ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنمىدى. مالىيە ئىسلاھاتىغا مۇناسىپ ھالدا ھېسابات دەپتىرى ئىسلاھ قىلىندى. بۇرۇنقى ھېساب دەپتەرلىرى ئەستايىدىل لايىھىلەنمىگەن بولۇپ، ھېساب تۈرلەرگە بۆلۈنمىگەچكە كىرىم - چىقىم ئايرىم خاتىرىلەنمەي ھېساب تۈرلىرى ئەبجەش بولۇپ كېتەتتى، شۇڭا «يىلدا قانچىلىك چىقىم قىلىنغان بولسا، شۇ بويىچە ھېسابقا ئارتىلاتتى. كىرىم قالدۇقى قالمايتتى، ھېساب دەپتەرلىرى ئارخىپتا ساقلانسىمۇ، لېكىن ئۇنى تەكشۈرۈش بەك تەس ئىدى.» ئىسلاھات ئارقىلىق يېڭى ھېساب دەپتەرلىرى ئىشلىتىلگەچكە، كىرىم - چىقىم ھېساباتى تۈرى بويىچە ئېنىق، تەپسىلىي خاتىرىلىنىدىغان بولدى. پۈتۈن ئۆلكىنىڭ يىللىق خام چوت - نەق چوتى، پاراق - باجنى كۆپەيتىش ياكى ئازايتىش لايىھىسى بولۇپمۇ خىراجەتلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، مالىيە لايىھىسى قاتارلىق مالىيە ئىشلىرى مىخايىل ئىمزا قويغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولدى.

ھۆكۈمەت مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن باجنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى بىكار قىلدى. ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرلىرىدە تاموژنا بېجىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى باشقۇرغاندىن باشقا، قالغان باجلا-

رىنىڭ ھەممىسى ھۆددىگە بېرىلگەچكە، نۇقسان كۆپ ئىدى. بۇرۇن گۇچۇڭ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەنلەردە سەككىز چوڭ باج ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، باجنى بىر كىشىگە ھۆددىگە بېرىپ يىغاتتى، ھەرقايسى ناھىيىلەردە شۆبە باج ئىدارىلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار چوڭ باج ئىدارىلىرىگە بىۋاسىتە قارايتتى، شۆبە ئىدارە تەۋەسىدىكى باج يىغقۇچىنى چوڭ باج ئىدارىسىنىڭ يىغىدىغان بېجىنى ھۆددە قىلىۋالغان كىشى ئەۋەتەتتى. باجنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىدە بىر جاينىڭ يىللىق باج كىرىمى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باجنى ھۆددىگە ئالغۇچى ئالدىن بېكىتىلگەن باج سوممىسىنى تاپشۇرسىلا، قالغان قىسمىنىڭ ھەممىسى شەخسىنىڭ چۆنتىكىگە كىرەتتى. چوڭ - كىچىك باج ئىدارىلىرىنىڭ ھەممىسى خەنزۇلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇلار ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇتىل - يېزىقى، باج ئېلىش بەلگىلىمىلىرىنى تەپسىلىي بىلمەيدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ خەلق ئۈستىدىكى سېلىقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى، ئەمما ئۆلكە خەزىنىسىنىڭ كىرىمى كۆپەيمىدى. باجنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، يىغىلغان باج ھۆكۈمەت باج خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلدى، باج ئېلىشتا باج يىغىش بەلگىلىمىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىنىدىغان بولدى. باج يىغىش ئورگىنى جەھەتتە، سەككىز چوڭ باج ئىدارىسى ئىستىمال - باج ئىدارىسىگە، ھەر قايسى جايلاردىكى شۆبە باج ئىدارىلىرى ئىستىمال - باج شۆبە ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1934 - يىلى يەنە ئىستىمال - باج ئىدارىلىرى مالىيە ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. شىنجاڭ بويىچە ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، ماناس، چۆچەك، ئالتاي، قۇمۇل، قارا شەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، مارالبېشى، يەكەن، خوتەن، كىرىيە قاتارلىق جايلاردا 14 مالىيە ئىدارىسى، ئۇلارنىڭ قارمىقىدا شۆبە مالىيە ئىدارىلىرى تەسىس قىلىندى. مالىيە نازارىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا بولدى، ئەمەلىيەتتە مالىيە ئىدارىلىرى مالىيە نازارىتىنىڭ جايلاردىكى باج ئورگىنى ئىدى. 1935 - يىل 6 - ئايدا، يەنە ھەرقايسى شۆبە مالىيە ئىدارىلىرى ناھىيىلىك باج ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1937 - يىل

3 ـ ئايدا، ئەسلىدىكى 14 باج ئىدارىسىدىن باشقا، يەنە تاموژنا بېجى ئېلىنىدىغان رايونلاردا ياكى باشقا جايلاردا تۆت مۇستەقىل باج ئىدارىسى يەنى ئىلىدا تېكەس، توققۇز تارا مۇستەقىل باج ئىدارىسى، تارباغاتايدا قوبۇقسار مۇستەقىل باج ئىدارىسى، قارا شەھەردە چاقىلىق مۇستەقىل باج ئىدارىسى ۋە قەشقەردە مارالبېشى مۇستەقىل باج ئىدارىسى قۇرۇلدى.

هۆكۈمەت تاموژنا بېجىنىمۇ ئىسلاھ قىلدى. شىنجاڭدا بۇرۇن ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى، قەشقەر تۆت جايدا تاموژنا ئىدارىسى بولۇپ، تاموژنا بېجىغا دائىر ئىشلارنى بېجىرىشكە بىردىن مەخسۇس خادىم قويۇلغانىدى، چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلىدىغان ماللارنىڭ ھەممىسى 7.5% ئىمپورت بې- جى، چەت ئەلگە چىقىرىلىدىغان ماللاردىن 5% ئېكسپورت بېجى ئېلىناتتى. شىنجاڭنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان سودىسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن، ھىندىستان بىلەن بولغان سودا ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيتتى. ئەسلىدىكى تاموژنا بېجى ئىدارىلىرىنىڭ جايلىشىشى مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى، ئالايلۇق، ئۈرۈمچى چېگرا رايون بولمىسىمۇ تاموژنا بېجى ئىدارىسى (قو- شۇمچە چۆچەكنىڭ تاموژنا بېجىنى يىغاتتى) قۇرۇلغان، ئەمما سودا ئېغىز- لىرى ـ ئالتاي (سارسۇمبە) بىلەن ئاقسۇدىكى ئۇچتۇرپاندا تاموژنا بېجى ئىدارىسى يوق ئىدى. شىنجاڭنىڭ تاموژنا بېجى كىرىمى ئانچە كۆپ ئەمەس- لىكى مەخسۇس خادىم تۇرغۇزۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقى نەزەرگە ئېلى- نىپ، 1934 ـ يىلدىن باشلاپ ھەر قايسى جايلاردا تاموژنا بېجى خادىمى تۇرغۇزۇش تۈزۈمى بىكار قىلىندى، ئېلىشقا تېگىشلىك تاموژنا بېجىنى يەرلىك باج ئىدارىلىرى يىغىدىغان بولدى ، 1935 ـ، 1936 ـ يىللىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سودا ئىشلىرىغا قولايلىق بولۇشىنى، باجنى كۆپەيتىشنى كۆزلەپ ئالتاي ۋە ئاقسۇدا باج ئىدارىسى تاموژنا بېجى ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى.

شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ناھايىتى كۆپ چىقىمىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن خەلقتىن يىغقان تۈرلۈك باج ـ سېلىق ياك زېمىن، جىن شۇرېن دەۋرلىرىدىكىدىن كۆپەيسە كۆپەيدىكى، ئازايمىدى. 1933 ـ يىلدىن كېيىن باج ـ سېلىقنىڭ تۈرى 20 نەچچە خىلغا يەتتى، مەسىلەن، تاموژنا

بېجى، ئىستېمال بېجى ئالاھىدە باج، غەللە - پاراق، چارۋىچىلىق بېجى، ماركا بېجى، ھاراق - تاماكا بېجى، تۆگمەن بېجى، پوچتا يوللانمىلىرى بېجى، مېۋە قېقى بېجى، دەل - دەرەخ بېجى، قاساپلىق بېجى، كۆمۈر بېجى، ئۇياق بېجى، ماللارنى ئىسكىلاتتا ساقلاش رەسمىيەت پۇلى، كۇرە بېجى، ئاپتوموبىل بېجى، بېلەت بېجى، جەرىمانە، قولدىن قولغا ئېلىپ سېتىش بېجى، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ساتقان تۇزدىن ئېلىنىدىغان باج قاتارلىق باج - سېلىق ئېلىنىدى. سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1933 - يىلى ئۆلكە بويىچە 12 مىليون سەر (ئۆلكە پۇلى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) باج يىغىلغان①. 1935 - يىلى ئۆلكە بويىچە يىغىلغان ئومۇمىي باج 60 مىليارد 157 مىليون سەردىن كۆپرەككە يەتكەن. 1936 - يىلى 120 مىليارد 589 مىليون سەرگە يېتىپ② 1935 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشقان. بۇنى دەرۋەقە ھۆكۈمەتنىڭ باج - سېلىقلارنى كۆپەيتكەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ سودا - سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئەسلىگە كېلىپ ۋە راۋاجلىنىپ ئىقتىسادنىڭ تەدرىجىي ياخشىلانغانلىقى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ بارغانسېرى مۇقىملاشقانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. شۇنداقتىمۇ تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، شۇ چاغدا مالىيە ئاساسلىقى خەلقتىن باج - سېلىق ئېلىشقا تايىنىش ئەھۋالىدا تۈپ - ئۆزگىرىش بولمىدى، بولۇپمۇ كەلسە - كەلمەس قەغەز پۇل تارقىتىش ئەھۋالى يەنىلا داۋاملاشتى. ھۆكۈمەتنىڭ كىرىم - چىقىمى تەڭپۇڭلاشمىدى. مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1933 - يىلقى كىرىم 4 مىليون 361 مىڭ 400 يۈەن، چىقىم 7 مىليون 422 مىڭ 800 يۈەن، قىزىل رەقەم 3 مىليون 61 مىڭ 400 يۈەن؛ 1934 - يىلقى كىرىم 6 مىليون 722 مىڭ 800 يۈەن، چىقىم 10 مىليون 984 مىڭ يۈەن، قىزىل رەقەم 4 مىليون 261 مىڭ 200 يۈەن؛ 1935 - يىلقى كىرىم 7 مىليون 903 مىڭ 500 يۈەن، چىقىم 12 مىليون 74 مىڭ

① ۋۇ ئەيچېن: «شىنجاڭغا قىلىنغان ساياھەتتىن خاتىرە» 33 - بەت.

② «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 16 - كۈندىكى سانى.

550 يۈەن؛ قىزىل رەقەم 4 مىليون 171 مىڭ 50 يۈەن؛ 1936 - يىلقى كىرىم 10 مىليون 328 مىڭ يۈەن، چىقىم 14 مىليون 522 مىڭ يۈەن، قىزىل رەقەم 4 مىليون 194 مىڭ يۈەن؛ 1937 - يىلقى كىرىم 12 مىليون 402 مىڭ 558 يۈەن، چىقىم 17 مىليون 320 مىڭ يۈەن، قىزىل رەقەم 4 مىليون 917 مىڭ 442 يۈەن بولغان①.

پۇل - مۇئامىلىسى جەھەتتە، ئاساسلىقى بانكا تەرتىپكە سېلىندى، قۇرۇلۇشلارغا مەبلەغ ئاجرىتىلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا 1930 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا بانكىنىڭ پاي سەرمايىسى 5 مىليون سەر دەپ بېكىتىلگەنىدى، ھەربىر پاي چېكى 50 سەر بولۇپ، جەمئىي 100 مىڭ پاي چېكى تارقىتىلغان، ھۆكۈمەتنىڭ پاي سوممىسى 60 پىرسەنتى، خەلقنىڭ پاي سوممىسى 40 پىرسەنتى تەشكىل قىلغان. بۇ بانكىنىڭ دەسلەپكى باشلىقى سۈن گوخۋا، بانكىنىڭ ئورنى ئۈرۈمچىدە ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، بانكىنىڭ كەسپى ئىشى ئورۇش مالىمانچىلىقىدا توختاپ قالدى. «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن، ئۆلكىلىك بانكا ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ، چېن دېلى مۇدىر، سۇ شاڭدا، شۆي لىيەنلەر ئىلگىرى - ئاخىر بانكا باشلىقى بولدى. ئۆلكىلىك بانكا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا - سانائەتكە، قاتناش - ترانسپورتقا مەبلەغ سېلىش ۋە تۈرلۈك تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىشقا قەرز بېرىش جەھەتتە مەلۇم رول ئوينىدى.

خىيانەتچى - پارىخور ئەمەلدارلارنى جازالاش مالىيىنى رەتكە سېلىشنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى قىلىندى. 1934 - يىلى قىشتا، مەمۇرىي تەپتىش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە مەمۇرىي خادىملارنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا مەسئۇل بولدى، ھۆكۈمەت خەلق ئىشلىرى نازىرىنىڭ دائىم ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ مەمۇرىي خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرۇشى لازىملىقىنى؛ مەمۇرىي خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىشنى؛ ئەمەلدارلارنىڭ نەتىجىسىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى

① «يېڭى شىنجاڭ» 1 - توم، 1 - سان، 20 - بەت، «ئۆلكىمىزنىڭ مىنگونىڭ 20 - يىلىدىن 31 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كىرىم - چىقىم ھېساباتى».

ئورنىتىشنى؛ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ تويى - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىملاردا سوۋغا - سالام ئالماسلىقنى بەلگىلىدى. مالىيە تەپتىش كومىتېتى پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەرقايسى ئورگانلارنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىم ھېساباتىنى تەكشۈرۈشكە، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتقانلارنىڭ قىلمىشى ئېنىقلانغان ھامان ئۇلارنى «پەۋقۇلئاددە جىنايى ئىشلار سوتى» غا تاپشۇرۇپ بېرىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى. 1935 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، 12 ماددىلىق خىيانەتچى - پارىخورلارنى جازالاش بەلگىلىمىسى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن «خىيانىتى 500 يۈەندىن ئاشقانلارغا ئۆلۈم جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ»، «خىيانىتى 400 يۈەندىن ئاشقان ئەمما 500 يۈەنگە يەتمىگەنلەرگە بەش يىلدىن يۇقىرى ئون يىلدىن تۆۋەن قاماق جازاسى بېرىلىدۇ»، «خىيانىتى 100 يۈەندىن ئاشقان ئەمما 300 يۈەنگە يەتمىگەنلەرگە بىر يىلدىن يۇقىرى بەش يىلدىن تۆۋەن قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.» خىيانەتچى - پارىخور ئەمەلدارلارنى جازالاش داغدۇغىسى ئىچىدە، يوق ئادەم ھېسابىغا تەمىنات ئېلىپ يېگەن تۈەنجاڭنى، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شۈي ۋېنبىننى، جىمسار ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋۇجېنباڭنى، كۇچا ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لوشياڭنى، قاتناش - ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقى فېڭ مىڭ ۋە فۇكاڭ ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىدىكى ۋاڭ يىچاۋ، ۋاڭ جۇنشيۇ قاتارلىقلارنى ئېتىپ تاشلىدى①. قاتتىق جازالاش تەدبىرى قوللىنىلغانلىقتىن، خىيانەتچىلىك ھەقىقەتەن زور دەرىجىدە ئازايدى. يەنە ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1935 - يىلى «ھۆكۈمەت خادىملىرى كوپېراتىپى» قۇرۇلدى، بۇ ئەمەلدە يەتتە ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوشۇمچە ياردەم بېرىدىغان ئورگىنى ئىدى. ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئۈرۈمچىدىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىۋاسىتە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا گۈرۈچ، ئۇن، شېكەر ۋە سەرەڭگە، گۆش قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى

① «شىنجاڭ گېزىتى» مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىل) 5 - ئاينىڭ 5. كۈندىكى سانى.

550 يۈەن؛ قىزىل رەقەم 4 مىليون 171 مىڭ 50 يۈەن؛ 1936 - يىلقى كىرىم 10 مىليون 328 مىڭ يۈەن، چىقىم 14 مىليون 522مىڭ يۈەن، قىزىل رەقەم 4 مىليون 194 مىڭ يۈەن؛ 1937 - يىلقى كىرىم 12 مىليون 402 مىڭ 558 يۈەن، چىقىم 17 مىليون 320 مىڭ يۈەن، قىزىل رەقەم 4 مىليون 917 مىڭ 442 يۈەن بولغان[①].

پۇل - مۇئامىلىسى جەھەتتە، ئاساسلىقى بانكا تەرتىپكە سېلىندى، قۇرۇلۇشلارغا مەبلەغ ئاجرىتىلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا 1930 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا بانكىنىڭ پاي سەرمايىسى 5 مىليون سەر دەپ بېكىتىلگەنىدى، ھەربىر پاي چېكى 50 سەر بولۇپ، جەمئىي 100 مىڭ پاي چېكى تارقىتىلغان، ھۆكۈمەتنىڭ پاي سوممىسى 60 پىرسەنتى، خەلقنىڭ پاي سوممىسى 40 پىرسەنتى تەشكىل قىلغان. بۇ بانكىنىڭ دەسلەپكى باشلىقى سۈن گوخۇا، بانكىنىڭ ئورنى ئۈرۈمچىدە ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، بانكىنىڭ كەسپىي ئىشى ئۇرۇش مالى-مانچىلىقىدا توختاپ قالدى. «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن، ئۆلكىلىك بانكا ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ، چېن دېلى مۇدىر، سۇ شاڭدا، شۈي لىيەنلەر ئىلگىرى - ئاخىر بانكا باشلىقى بولدى. ئۆلكى-لىك بانكا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا - سانائەتكە، قاتناش - ترانس-پورتقا مەبلەغ سېلىش ۋە تۈرلۈك تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىشقا قەرز بېرىش جەھەتتە مەلۇم رول ئوينىدى.

خىيانەتچى - پارىخور ئەمەلدارلارنى جازالاش مالىيىنى رەتكە سېلىش-نىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى قىلىندى. 1934 - يىلى قىشتا، مەمۇرىي تەپتىش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە مەمۇرىي خادىملارنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا مەسئۇل بولدى، ھۆكۈمەت خەلق ئىشلىرى نازىرىنىڭ دائىم ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ مەمۇرىي خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرۇشى لازىملىقىنى؛ مەمۇرىي خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىشىنى؛ ئەمەلدارلارنىڭ نەتىجىسىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى

① «يېڭى شىنجاڭ» 1 - توم، 1 - سان، 20 - بەت، «ئۆلكىمىزنىڭ مىنگونىڭ 20 - يىلىدىن 31 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كىرىم - چىقىم ھېساباتى».

ئورنىتىشنى؛ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ توي - تۆكۈن، ئۆلۈم -
يېتىملاردا سوۋغا - سالام ئالماسلىقنى بەلگىلىدى. مالىيە تەپتىش كومىتې-
تى پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەرقايسى ئورگانلارنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىم
ھېساباتىنى تەكشۈرۈشكە، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتقانلارنىڭ قىلمىشى ئېنىق-
لانغان ھامان ئۇلارنى «پەۋقۇلئاددە جىنايى ئىشلار سوتى» غا تاپشۇرۇپ
بېرىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى. 1935 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، 12 ماددىلىق
خىيانەتچى - پارىخورلارنى جازالاش بەلگىلىمىسى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا
مۇنداق بەلگىلەنگەن: ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن «خىيانىتى 500 يۈەندىن
ئاشقانلارغا ئۆلۈم جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ»،
«خىيانىتى 400 يۈەندىن ئاشقان ئەمما 500 يۈەنگە يەتمىگەنلەرگە بەش
يىلدىن يۇقىرى ئون يىلدىن تۆۋەن قاماق جازاسى بېرىلىدۇ»، «خىيانىتى
100 يۈەندىن ئاشقان ئەمما 300 يۈەنگە يەتمىگەنلەرگە بىر يىلدىن يۇقىرى
بەش يىلدىن تۆۋەن قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.» خىيانەتچى - پارىخور ئەمەل-
دارلارنى جازالاش داغدۇغىسى ئىچىدە، يوق ئادەم ھېسابىغا تەمىنات ئېلىپ
يېگەن تۈەنجاڭنى، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شۇي ۋېنبىننى، جىمسار
ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋۇجېنباڭنى، كۇچا ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ
باشلىقى لوشياڭنى، قاتناش - ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بۆلۈم
باشلىقى فېڭ مىڭ ۋە فۇكاڭ ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىدىكى ۋاڭ يىچاۋ،
ۋاڭ جۇنشيۇ قاتارلىقلارنى ئېتىپ تاشلىدى[①]. قاتتىق جازالاش تەدبىرى
قوللىنىلغانلىقتىن، خىيانەتچىلىك ھەقىقەتەن زور دەرىجىدە ئازايدى. يەنە
ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن،
1935 - يىلى «ھۆكۈمەت خادىملىرى كوپېراتىپى» قۇرۇلدى، بۇ ئەمەل-
يەتتە ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوشۇمچە
ياردەم بېرىدىغان ئورگىنى ئىدى. ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئۇرۇمچىدىكى
ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىۋاستە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا گۈرۈچ،
ئۇن، شېكەر ۋە سەرەڭگە، گۆش قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى

---

① «شىنجاڭ گېزىتى» مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىل) 5 - ئاينىڭ 5. كۈندىكى سانى.

ئۇلارنىڭ ئەسلى باھاسىنىڭ 32 پىرسەنتىگە سېتىپ بېرىشىنى بەلگىلىدى. شىنجاڭ يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىمۇ ھۆكۈمەت خادىملىرىغا دائىم دېگۈدەك ئەرزان باھادا مال سېتىپ بەردى.

يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە، «يېزىلارغا ياردەم بېرىش» ۋە «ئۆلكە بويىچە ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى ياخشى ئېلىپ بېرىشقا ئاتلىنايلى» دېگەن چاقىرىق ئاستىدا، يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ سېلىش ۋە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىش جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. بوز يەر ئېچىلدى ۋە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا تاشلىنىپ قالغان ئېتىزلار ئەسلىگە كەلتۈرۈل- دى. سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن بۇرۇن شىنجاڭ بويىچە 11 مىليارد 434 مىڭ 500 مو يەر بولۇپ، 1933 - يىلغا كەلگەندە يىلمۇ يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا تەخمىنەن 6 مىليون 800 مىڭ مودىن كۆپرەك تېرىلغۇ يەر تاشلىنىپ قالغانلىقتىن ئاران 4 مىليون 634 مىڭ 500 مودىن كۆپرەك تېرىلغۇ يەر قالغان. ھۆكۈمەت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئورگان خادىملىرى، قانۇن ئۆمىكى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللەپ، ئۇلارنى دېھقانلارنى ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا سەپەرۋەر قىلىشقا يېزىلارغا ئەۋەت- تى؛ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتمۇ ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ھەيدەكچىلىك قىلىشنى، مۇساپىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلدى. ھۆ- كۈمەت يەنە پۇل، ئۇرۇق، ئۆكۈز ۋە ئات قەرز بەردى. 1934 - يىلى ھۆكۈمەت دېھقانلارغا تەخمىنەن 23 مىڭ دەن ئۇرۇق قەرز بەرگەن، 100 مىليون سەر ئۆلكە پۇلى ياردەم قىلغان، 1400 تۇياق ئۆكۈز، 2000 ئات قەرز بەرگەن. 1935 - يىلى دېھقانچىلىققا قەرز بېرىلگەن پۇل 165 مىليون سەرگە، ئۇرۇق 42 مىڭ دەنگە، ئۆكۈز 600 تۇياققا، ئات 900 تۇياققا؛ 1936 - يىلى قەرز بېرىلگەن پۇل 800 مىڭ يۈەنگە، ئۇرۇق 40 مىڭ دەنگە، ئۆكۈز 200 تۇياققا، ئات 100 تۇياققا، 1937 - يىلى قەرز بېرىلگەن پۇل 320 مىڭ يۈەنگە، ئۇرۇق 30 مىڭ دەنگە، ئۆكۈز 200 تۇياققا، ئات 100 تۇياققا يەتكەن①. يۇقىرىقى سەۋەب تۈپەيلىدىن تېرىلغۇ كۆلىمى يىلمۇ يىل كېڭەيدى، 1936 - يىلى تېرىلغۇ كۆلىمى 216

① شىڭ شىسەينىڭ «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسىي ۋەزىپىلىرى» دېگەن ماقالىسىگە؛ لى يۇلىننىڭ «شىنجاڭنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى» دېگەن ماقالىسىگە؛ چېن جىباۋنىڭ «شىنجاڭغا نەزەر»، دېگەن ماقالىسىگە ئاساسەن نەقىل كەلتۈرۈلدى.

مىڭ مو، 1937 - يىلى يەنە 421 مىڭ 600 مو كۆپىيىپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمى 5 مىليون 272 مىڭ 667 موغا يەتتى[1].

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە، شىنجاڭدا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىشلىتىلىدىغان ۋە يېقىنقى زامان تېرىقچىلىق ئۇسۇلى بويىچە دېھقانچىلىق قىلىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە دېھقانچىلىق تەجرىبە مەيدانى، كېۋەزچىلىك تەجرىبە مەيدانى، دېھقانچىلىق تەتقىقات پونكىتى، ھاۋا رايى پونكىتى، ئۈجمە كۆچىتى يېتىشتۈرۈش ئورنى، سورتلۇق پىلە غوزىكى بۆلۈمى قاتارلىقلار قۇرۇلۇپ ئىلمىي ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىنغان ئۇرۇق ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، بۇغداي ۋە كېۋەزنىڭ سورتى ياخشىلاندى. ھەر قايسى جايلاردىكى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىلىرى دېھقانچىلىق ئىشلىرى بوشىغان قىش پەسلىدە يېزا ئىگىلىك تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق خادىملىرىنى تەربىيىلىدى. 1935 - يىلى ئېچىلغان تۇنجى قارار دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بىلىملىرىدىن لېكسىيە سۆزلەش كۇرسىدا 27 كۇرسانت ئوقۇش پۈتتۈردى. 1936 - يىلى كۈزدە، شىنجاڭ بويىچە تۈرلۈك دېھقانچىلىق 2500 دىن ئاشتى، شىنجاڭدا ھۆل - يېغىن ئاز، دېھقانچىلىق پۈتۈنلەي سۇغىرىشقا تايانغانلىقتىن، ھۆكۈمەت سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىغىمۇ مەبلەغ ئاجراتتى.

چارۋىچىلىق جەھەتتە، ئۈچ يىللىق ئۇرۇش ئاپىتىدە تەخمىنەن 3 مىليون تۇياق چارۋا ئۆلۈپ، ئۆلكە بويىچە 4 مىليون تۇياقچە چارۋا قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىدە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، ئىلمىي ئۇسۇلدا يەم - خەشەك تەييارلاش، چارۋىلارنى ئاۋۇتۇش، چارۋىلاردا بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش جەھەتتە بىر مۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. «چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش» شوئارى ئاستىدا، سىرتتىن ئەلا سورتلۇق چارۋىلار كىرگۈزۈلدى شۇنداقلا سۇنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۈستىدە سىناق ئېلىپ بېرىلدى ۋە بۇ خىل ئۇسۇل كېڭەيتىلدى. 1934 - يىلدىن 1935 - يىلغىچە

① لى پۇلىن: «شىنجاڭنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى»، «شىنجاڭغا نەزەر»، 1 - توم، 1 - سان، 56 - بەت.

شىنجاڭدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى تەكشۈرۈلۈپ، بەزى بايلاق ماجىرالى-
رى ھەل قىلىندى. ئۆكۈز ۋە ساغلىقلارنى سويۇش، ساغلىقلارنى ئېكس-
پورت قىلىش مەنئىي قىلىندى. ھۆكۈمەت يەنە چارۋىلاردىكى يۇقۇملۇق
كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا ئەھمىيەت بەردى. شىنجاڭدا
تەخمىنەن ھەر ئالتە - سەككىز يىلدا بىر قېتىم چارۋىلاردا ئۆتكۈر يۇقۇم-
لۇق كېسەل تارقىلىپ، نۇرغۇن چارۋا ئۆلۈپ كېتەتتى، چارۋىلاردىكى
كېسەللىكنىڭ مىكروبلىرى دائىم دېگۈدەك ئادەملەرگىمۇ تارقاپ كىشىلەرنىڭ
جېنىغا زامىن بولاتتى. شۇڭا، 1936 - يىلدىن باشلاپ ئۈرۈمچى، چۆ-
چەك، ئالتاي، قۇمۇل، قاراشەھەر، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلاردا
ئارقا- ئارقىدىن چارۋا دوختۇرخانىسى قۇرۇلدى، سۇيدۇڭ، شىخو، ئۈچ-
تۇرپان، بۇگۇردە ۋە تارباغاتاينىڭ تاغلىق رايونلىرىدا چارۋا ماللارنى سەييا-
رە داۋالاش پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ، چارۋىلارغا يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى
ئېلىش ۋاكسىنىسىنى ئۇردى ھەمدە گۈڭگۈرت سۇيىدە يۇيۇش كۆلچەكلىرى
ياسالدى، 1936 - يىلى 23 مىڭ 700 تۇياقتىن كۆپرەك تۈرلۈك چارۋا
داۋالاپ ساقايتىلدى. 1935 - يىلى ئېچىلغان تۇنجى قارار دېھقانچىلىق -
چارۋىچىلىق بىلىملىرىدىن لېكسىيە سۆزلەش كۇرسىدا 40 نەپەر چارۋا
دوختۇرى، 20 نەپەر چارۋىچىلىق تېخنىكى ئوقۇش پۈتتۈردى. چارۋىچى-
لىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، شىنجاڭنىڭ يۇڭ - تېرە
مەھسۇلاتى ۋە چارۋىلارنىڭ تۇياق سانى خېلى كۆپىيىپ، 1936 - يىلى
چارۋىچىلىق ئاساسەن ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن ئىلگىرىكى سەۋىيىگە يەت-
تى.

قاتناش - ترانسپورت جەھەتتە، 1934 - يىلى ئۇرۇش ئاياغلىشىش
بىلەنلا تاشيول ياساشقا تۇتۇش قىلىندى. ئىلگىرى ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە،
ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا بارىدىغان ھارۋا يولى بولسىمۇ، نورمال قاتنىغىلى
بولمايتتى، ماللار ئاساسەن تۆگە ۋە ئات - كالا بىلەن توشۇلاتتى، ئىلىدىن
قۇمۇلغا بېرىپ - كېلىشكە ئۈچ ئاي ۋاقىت كېتەتتى. 1935 - يىلى
ئەتىيازدا شىنجاڭ تاشيول ئىدارىسى ئۈرۈمچى - ئىلى، ئۈرۈمچى - قۇمۇل
تاشيولىنى ياساشقا تۇتۇش قىلدى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1859 كىلومېتىر

كېلىدىغان بۇ شىمالىي شىنجاڭ غول تاشيولىدا 1937 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، رەسمىي قاتناش باشلاندى. بۇ تاشيولنى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى لايىھىلىگەن، جۇڭگو تەرەپ ياسىغان، تاشيول ياساش داۋامىدا 6 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر توپا قېزىلغان، 3 مىليوندىن كۆپرەك ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىنغان، 2400 نەچچە چوڭ - كىچىك تاشيول كۆۋرۈكى، 91 تاشيول ئۇچاستكىسى، 1650 ئېغىز ئۆي سېلىنغان. بۇ تاشيول ياسىلىپ ئالتە كۈندىن كېيىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىدى، شۇنىڭ ئۇ مۇھىم خەلقئارا قاتناش يولى بولۇپ قالدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم قىلغان ماددىي ئەشيالىرى مۇشۇ يول ئارقىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە توختاۋسىز توشۇلدى، 1935 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇنجى شوپۇرلار مەكتىپى قۇرۇلدى، بۇ مەكتەپتە 300 نەچچە شوپۇر ۋە سىلىسار (رېمونتچى) ئوقۇش پۈتتۈردى. تاشيول ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن شىنجاڭنىڭ تۆگە، كالا، ئات، قېچىر، ئېشەك ئاساس قىلىنغان قاتناش - ترانسپورت ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولدى.

شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ قاتناش ئالاقىسىنى قاتتىق كونترول قىلدى، 1933 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ياۋروپا - ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانلىرىنىڭ شىنجاڭدىن ئۆتۈشىنى رەت قىلدى، ئۈرۈمچى ئايرودرومىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى، پەقەت ئۈرۈمچى بىلەن لەنجۇ ئارىلىقىدىلا ھاۋا يولى بار ئىدى①.

خەۋەرلىشىش ئىشلىرى، «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن بۇرۇن شىنجاڭ بويىچە ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەردە ئىككى ئۇزۇن دولقۇنلۇق تېلېگراف ئىستانسىسى بار ئىدى، ئۇلار شۇي شۇجيىڭ غەربىي شىمالنى باشقۇرغان چاغدا ئورنىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن كېتىدىغان چىقىم كۆپ

① مايېيشيۇڭ: «شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى پوچتا ئىشلىرىغا نەزەر»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1 - سان.

بولغاچقا، ئىشلەتمەي تاشلىۋېتىلگەنىدى. «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن پەقەت قىسقا دولقۇنلۇق بىر تېلېگراف ئىستانسىسى قالغانىدى. شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ خەۋەر ئالاقىلىرىنى باركۆل ۋە تەيىۋەن ئىككى جايدا ئۇلاپ بېرەتتى، تېلېگراممىلار دائىم يوقاپ كېتەتتى، ئەمما ئۇنى سۈرۈشتۈرگىلى بولمايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتىنى شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ تېخنىكى تۈزەپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن تيەنجىن بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلەشكىلى بولىدىغان، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تېلېگراممىلىرى ئەتىسى تېگىدىغان بولدى. 1934 - يىلى خەۋەرلىشىش باشقارمىسى قۇرۇلدى، شىڭ شىسەي باشقۇرۇشقا قولاي بولۇشىنى كۆزلەپ بۇ باشقارمىنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئىچىگە قۇردى. 1936 - يىلى ئۈرۈمچىدە 28 ئورۇن بىلەن سۆزلەشكىلى بولىدىغان ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بار ئىدى.

مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغانلىقتىن، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى بۇ مەزگىلدە خېلى يۈكسەلدى. شىڭ شىسەي: مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش دېگەندە، مىللىي مەدەنىيەتنى شەكىل، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى مەزمۇن قىلغان مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن بۇرۇن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇيدىغان دەرسخانىلار ئىنتايىن ئاز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى، شۇڭا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇش پۇرسىتى ئاز ئىدى. ئەمما، دىنىي مەكتەپلەر كۆپ ئىدى. «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىلدى. 1935 - يىلىدىن تارتىپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل سىنىپلىرى ئېچىلدى. شۇ يىلى قىشتا يەنە ئۈرۈمچىدە تەرجىمانلار كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىدا دەرسلىك تۈزۈلدى ۋە تەرجىمە قىلىندى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل -

يېزىقىدىكى دەرسلىك، تەجرىبە ئەسۋابلىرى ئەكېلىندى. ھەربىي مەكتەپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلدى. 1936 - يىلى كۈزدە، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدە ماگارىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى، ھەر قايسى ناھىيىلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىلىپ، ھەر مىللەت پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە كىرىشكە سەپەر- ۋەر قىلدى، شۇنداقلا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، يازلىق تەتىلدە ئوقۇتقۇچىلار لىكسىيە ئاڭلاشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، جەمئىيەت تەربىيىسى جەھەتتە، ئاممىۋى كەچ كۇرسلار ئېچىلدى ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى مەكتەپ (ئۇيۇشما مەكتىپى) ئېچىشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى. 1935 - يىلى، ئۆلكىلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە كەسىپ ئۆگىنىش سىنىپى ئېچىلدى.

ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى، ياشلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، جامائەتچىلىكنى ئالداش، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، شۇ چاغدا يەنە بىر مۇنچە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنى- يەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى)، قازاق - قىرغىز مەدە- نىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسى)، موڭغۇل مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (موڭغۇل ئۇيۇشمىسى)، تاتار مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (تاتار ئۇيۇشمىسى)، خۇيزۇ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، شىبە - سولۇن مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (شىبە - سولۇن ئۇيۇشمىسى)، خەنزۇ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (خەنزۇ ئۇيۇشمىسى)، يەرلەشكەنلەر① مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، (يەرلەش- كەنلەر ئۇيۇشمىسى) قاتارلىقلار قۇرۇلدى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدە- نىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى شۇ مىللەت ئىچىدىكى بايلا- ر، دىنىي داھىيلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار ئۈستىگە ئالدى. سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1936 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى بارلىق ۋىلايەت ۋە

① شۇ چاغدا جۇڭگو گىراژدانلىقىغا ئۆتكەن ياكى گىراژدانلىققا ئۆتمىگەن رۇسلارنى ھەمدە باشقا ياۋروپالىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قارمىقىدا جەمئىي سەككىز ۋىلايەتلىك ئۇيۇشما، 41 ناھىيىلىك ئۇيۇشما، 23 يېزىلىق ياچېيكا؛ قازاق- قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ قارمىقىدا جەمئىي بەش ۋىلايەتلىك ئۇيۇشما، سەككىز ناھىيىلىك ئۇيۇشما؛ خۇيزۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ قارمىقىدا ئۈچ ۋىلايەتلىك ئۇيۇشما، 14 ناھىيىلىك ئۇيۇشما؛ موڭغۇل ئۇيۇشمىسىنىڭ قارمىقىدا ئۈچ ناھىيىلىك ئۇيۇشما تەسىس قىلىنغان[①]. 1937 - يىل 3 - ئايدا يەنە ئۈرۈمچىدە خەنزۇ مەدەنىيەت ئاقارتىش باش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

بۇ دەۋردە مەكتەپ ۋە ئوقۇغۇچىلار سانى خېلى كۆپەيدى، بۇنىڭغا بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بەرگەنلىكى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قاتارلىق مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ يىغىلغان ئۆشرە - زاكات بىلەن مەكتەپ ئاچقانلىقى سەۋەب بولدى. مەكتەپلەرنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالى، ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا: 1931 - يىلى ئۆلكە بويىچە 59 ناھىيىنىڭ يېرىمىدا مەكتەپ يوق، مەكتەپ بار ناھىيىلەردىمۇ 1 - 2 مەكتەپ بار ئىدى، مەكتەپلەردە جەمئىي 7380 نەپەر ئوقۇغۇچى (باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 7162، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئاران 200 نەچچە ئىدى) ئوقۇيتتى؛ ئۆلكە بويىچە 153 باشلانغۇچ مەكتەپ، ئاران بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، بىر دارىلمۇئەللىمىن، يەنە 81 ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىغان بىر رۇسچە سىياسىي - قانۇن مەكتىپى بار ئىدى. 1934 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە شىنجاڭدا قۇرۇلغان ھۆكۈمەت باشقۇرغان، ئۇيۇشما باشقۇرغان مەكتەپ ۋە ئوقۇغۇچىلار سانىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈڭ[②]:

| يىللار | 1934 | 1935 | 1936 | 1937 |
| --- | --- | --- | --- | --- |

① ۋاڭ شيۇجىڭ: «يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسىتى».
② جىڭ دىڭبېننىڭ «شىنجاڭنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرى» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسىگە قوشۇمچە قىلىنغان جەدۋەلدىن پايدىلىنىلدى. «يېڭى شىنجاڭ» 1 - توم، 1 - سان، 73 - بەتكە قاراڭ. سانلىق مەلۇماتتا، مۇبالىغە بار. بىر مۇنچە مەكتەپلەر نامى بار جىسمى يوق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈپىتى بەك تۆۋەن، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى، توغرا سانلىق مەلۇمات بولمىغاچقا، ئاشۇ جەدۋەلدىن پايدىلىنىشقا توغرا كەلدى.

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 215 | 155 | 135 | 124 | ھۆكۈمەت قۇرغان مەكتەپ سانى |
| 60 | 20 | 11 | | ئالدىنقى يىلدىن كۆپەيگىنى |
| 33,054 | 22,145 | 15,460 | 11,313 | ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچى سانى |
| 10,909 | 6,685 | 4,717 | | ئالدىنقى يىلدىن كۆپەيگىنى |
| 1,300 | 1,055 | 1,045 | 1,000 | ئۇيۇشما قۇرغان مەكتەپ سانى |
| 245 | 10 | 45 | | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقىنى |
| 79,932 | 59,949 | 39,960 | 19,991 | ئۇيۇشما مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچى سانى |
| 19,983 | 19,989 | 19,970 | | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقىنى |
| 1,515 | 1,210 | 1,180 | 1,124 | مەكتەپلەرنىڭ ئومۇمىي سانى |
| 305 | 30 | 56 | | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقىنى |
| 112,986 | 82,094 | 55,400 | 31,304 | ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى |
| 30,892 | 26,694 | 24,096 | | ئالدىنقى يىلدىكىدىن كۆپەيگىنى |
| 74 | 67 | 47 | 28 | بىر مەكتەپتىكى ئوتتۇرىچە ئوقۇغۇچى سانى |

1935 - يىلى، رۇسچە سىياسىي - قانۇن مەكتىپى ئاساسىدا شىنجاڭ شۆيۈەنى قۇرۇلدى، ئۇ شىنجاڭدىكى تۇنجى ئالىي بىلىم يۇرتى ئىدى. شىنجاڭ شۆيۈەنگە ۋاڭ شيۇچىڭ مۇدىر بولدى، 1934 - يىلدىن باشلاپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل ياشلىرىنى سىياسىي، ئىقتىساد، قانۇن ۋە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق، چارۋا دوختۇرلۇق، تېبابەتچىلىككە دائىر پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ كېلىشكە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا داشۆسى 1934 - يىلى سىياسىي - قانۇن فاكۇلتېتىنى قۇرۇپ، شىنجاڭدىن ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتتى. شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا 1 - تۈركۈمدە 84 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ

ئەۋەتتى. 1935 ـ يىلى يەنە ئىستىھان ئېلىپ 90 نەپەر ئوقۇغۇچىنى، جۈملىدىن 18 خەنزۇ ئوقۇغۇچىنى؛ 31 ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى، سەككىز خۇيزۇ ئوقۇغۇچىنى، بەش شىبە ئوغۇچىنى ۋە 28 قازاق، موڭغۇل مانجۇ ئوقۇغۇچىنى ئوقۇشقا ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، 1934 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلغىچە يەنە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 13 نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى چارۋىچىلىق بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە چىمكەنتكە ئەۋەتىلدى؛ 12 نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى، ئۈچ نەپەر خەنزۇ ئوقۇغۇچى سەمەرقەنت ۋە ئەنجانغا بېرىپ چارۋا دوختورلۇق، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، يىلىـ چىلىك بىلىملىرىنى ئۆگەندى؛ ئون نەپەر خەنزۇ ئوقۇغۇچى (جۈملىدىن تۆت قىز ئوقۇغۇچى)، ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى تاشكەنتكە بېرىپ تىبابەتچىلىكنى ئۆگەندى. 1936 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن 1 ـ تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى قارشى ئېلىش يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا مائارىپ نازىرى جاڭ چىن، شېڭ شىسەي، خوجا نىياز، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئاپرېسېۋ، خارجى ئىشلار باشقارمىسىدىن ۋەن شيەنتىڭ قاتارلىقـ لار ئىلگىرى ـ كېيىن سۆز قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئالتە بۈيۈك سىياسەتـ نى چۈشىنىش ۋە ئىجرا قىلىشقا، ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە رىغبەتلەندۈردى. بۇ قېتىم چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچى جەمئىي 90 نەپەر؛ 40 نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى، 24 نەپەر خەنزۇ ئوقۇغۇچى، توققۇز نەپەر خۇيزۇ ئوقۇغۇچى، ئون نەپەر قازاق ئوقۇغۇچى، بەش نەپەر موڭغۇل ئوقۇغۇچى، بىر نەپەر شىبە ئوقۇغۇچى، بىر نەپەر سولون ئوقۇغۇچى①.

1934 ـ يىلدىن 1936 ـ يىلغىچە، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا 200 ـ 300 چە ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى②. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئىجابىي رول ئوينىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىدىيە جەھەتتە ئىلغار بولغاچقا، شېڭ شىسەي ئۇلاردىن

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ سىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىل) 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈندىكى سانى.

② ھازىر بار سانلىق مەلۇماتلاردا پەرق چوڭ. مەسىلەن، ۋاڭ شىۋجېڭنىڭ «يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسىتى» ناملىق كىتابىدا، چەت ئەلدە ئوقۇغانلار 339 كىشى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 86 خەنزۇ ئوقۇغۇچى، 23 موڭغۇل ئوقۇغۇچى، باشقا مىللەتتىن جەمئىي 253 ئوقۇغۇچى بار دېيىلگەن. جودۇڭجياۋنىڭ «شىنجاڭدا ئون يىل» ناملىق كىتابىدا بولسا، بۇ مەزگىلدە چەت ئەلدە ئوقۇغانلار 257 كىشى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 74 خەنزۇ ئوقۇغۇچى، 22 موڭغۇل ئوقۇغۇچى، 140 ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى، باشقا مىللەتتىن جەمئىي 32 ئوقۇغۇچى بار دېيىلگەن.

ۋەسمە قىلدى، شۇڭا ئۆلارنىڭ بىر قىسمى زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

نەشرىيات ئىشلىرى، ھۆكۈمەتنىڭ فاشىزمنى ۋە ئالتە بۈيۈك سىيا-سەتنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، گېزىتنىڭ سانى كۆپەيتىلدى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى گېزىت قەغىزى، ماشىنا - ئۈسكۈنە بەردى، تېخنىكلارنى ئەۋەتىپ نابورچىكلارنى تەربىيىلىدى، سو-ۋېت كوممۇنىستلىرى گېزىتنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىگە قاتناشتى. 1935 - يىل 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن باشلاپ «تىيانشان گېزىتى» نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. 1936 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، «تىيانشان گېزىتى» ، «شىنجاڭ گېزىتى» دەپ ئۆزگەرتىلدى ھەمدە ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە-سى نەشردىن چىقتى. 1935 - يىلى ئەتىيازدا، ئۈرۈمچى، قەشقەردىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى ئۇيغۇرچە گېزىت چىقاردى. شۇ يىلى قىشتا ئىلى، چۆچەكتىمۇ ئۇيغۇرچە گېزىت نەشر قىلىندى، ئالتايدا قازاقچە گېزىت چىقتى.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى مالىيە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پۇل قەرز سورىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ شىنجاڭدا ۋەزىيەت-نىڭ مۇقىملىشىشىغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈ-مىتىگە مەبلەغ جەھەتتە ياردەم قىلىشقا قوشۇلدى. 1937 - يىلغىچە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىككى قېتىم قەرز ئالدى: بى-رىنچى قېتىم، 35 - يىلى 5 - ئايدا 5 مىليون ئالتۇن رۇبلى، ئىككىنچى قېتىم 1937 - يىلى 1 - ئايدا 2 مىليون 500 مىڭ ئالتۇن رۇبلى قەرز ئالدى.

بىرىنچى قېتىملىق قەرز توغرىسىدىكى سۆھبەتكە خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كەتتى، سۆھبەت 1934 - يىل 7 - ئايدا باشلىنىپ، ئۇن ئايلىق سۆھبەت-تىن كېيىن توختامنامىگە ئىمزا قويۇلدى. 1934 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، لى رۇڭ، شېڭ شىسەي نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە مۇنداق دەپ تېلېگرامما يوللىدى: «شىنجاڭ... ئۇرۇش يېغىلىقى كۆپ بولغان، يەرلىك گادايلىشىپ كەتكەن، يېزىلار خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان رايون، قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئىشىغا تېز تۇتۇش قىلمىساق، مەسىلە ھەل

قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىشى مۇمكىن، بىز ئىقتىسادىي جەھەتتىكى موھتاج تۇپەيلىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا شىركىتى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، 4000 ئالتۇن رۇبلى ئۇچۇن ئۆلكىمىزنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئاشۇ شىركەتكە سېتىپ بەرمەكچى بولدۇق، بۇ شىركەت بەش يىل ئىچىدە قەرز پۇلىنى مۇددەتكە بۆلۈپ ئالدىن بەرمەكچى، بۇنىڭ بەدىلىگە ئۆلكىمىزنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئۇزلۇكسىز تاپشۇرۇلماقچى، قەرز پۇلنىڭ ئۇسۇمى ناھايىتى تۆۋەن. بىز سوۋېت تەرەپ بىلەن تۈزگەن توختام نوقۇل سودا خاراكتېرىدە بولۇپ، ھېچقانداق سىياسىي شەرت قويۇلمىغان. . . . مەركەزنىڭ بۇ توختامنامىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ بېرىشنى ئۆتۈنىمىز.» نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنى ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش دەپ قاراپ، توختامنىڭ تولۇق تېكىستىنى كۆرمەي تۇرۇپ تەستىقلىغىلى بولمايدۇ، دەپ جاۋاب بەردى؛ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە تېلېگىراما ئەۋەتىپ، توختامنامىنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلدى ۋە جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈشتىن بۇرۇن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا شىركىتى شىنجاڭ دائىرىلىرى بىلەن توختامنامە ئىمزالىسا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە يۇقىرىقى مەيداننى يەنە بىر نەچچە قېتىم بىلدۈرگەن بولسىمۇ، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەرز بېرىش توغرىسىدىكى سۆھبىتى داۋاملىشىۋەردى. 1934 - يىلى 9 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى سودا بانكىسىنىڭ باشلىقى سۋانېز قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەرنى شىنجاڭدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتىپ، بېرىلگەن قەرزنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى قارار قىلدى. 1935 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، يۇيشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ جىڭلىسى بۇرھان شەھىدى بىلەن سۋانېز 5 مىليون ئالتۇن رۇبلى قەرز بېرىش توختامنامىسىگە ئىمزا قويدى. 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، لى رۇڭ، شېڭ شىسەيلەر نەنجىڭگە يوللىغان تېلېگىراممىسىدا، بۇ قەرز پۇلنىڭ «ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغانلىقى، باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقى

بەلگىلەندى، قەرز پۇلنىڭ يىللىق ئۆسۈمى تۆت لى، ئايلىق ئۆسۈمى ئۈچ لى ئۈچ خاۋدىن كۆپرەك بولىدۇ، توختامنىڭ مۇددىتى بەش يىل، ئۆلكىمىز قەرز پۇلنى يەرلىك مەھسۇلاتلار بىلەن قايتۇرىدۇ، ھەر قېتىم قەرز قايتۇرغاندا ئۆسۈمىنىمۇ بىللە تۆلەيدۇ. بۇ توختامنامە سودا خاراكتېرىدە بولۇپ، باشقا شەرت قويۇلمىغان. . . » دېدى. بۇرھان شەھىدىنىڭ ئەسلىشىچە، قەرز ئېلىنغان بۇ 5 مىليون رۇبلى تاشيول ياساش، ئېلېكتر ئىستانسىسى، لامپۇچكا زاۋۇتى، پاختا زاۋۇتى، ماي تارتىش زاۋۇتى قۇرۇشقا ۋە ھەربىي قورال - ياراغ، ماشىنا، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلگەن.

1937 - يىل 1 - ئاينىڭ 20- كۈنى، بۇرھان شەھىدى يەنە يۆيشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىگە ۋاكالىتەن سوۋېت ئىتتىپاقى - شىنجاڭ سودا شىركىتى بىلەن 2 مىليون 500 مىڭ ئالتۇن رۇبلى قەرز پۇل ئېلىش توختىمى ئىمزالىدى①.

## 3 - بۆلۈم قوشۇنلارنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىشى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئاخبارات ئورگىنىنىڭ قۇرۇلۇشى

شېڭ شىسەي ماجۇڭيىڭغا قاراتقان ھەربىي ھەرىكىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا، قوشۇنلارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. قوشۇنلارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشتىكى مەقسەت: بىرىنچىدىن، ئاجىزلارنى شاللىۋېتىپ، كۈچلۈكلەرنى قالدۇرۇپ، قوشۇنلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى

① بۇرھان: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 259 -، 260 - بەتلەر.

كۆتۈرۈش؛ ئىككىنچىدىن، ھەربىي ھوقۇق ئىگىلىگەن ئاز سانلىق مىللەت ئادەملىرىنى ئۆزىگە تارتىش ۋە تىزگىنلەش؛ ئۈچىنچىدىن، مەمۇرىي ۋە ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنىڭ كۈچىنى تولۇقلاپ، ھۆكۈمەت، ھەربىي بوز يەر ئېچىش جەھەتكە قارىتىلغان تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئىدى. نەتىجىدە، زور بىر تۈركۈم جۇنگۇەن ۋە ئەسكەرلەر يېڭىدىن قۇرۇلغان ھەربىي بوز يەر ئېچىش كومىتېتى تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ بەزى جۇنگۇەنلەر ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىدى. ئومۇمىي مەقسەت، ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىش، شېڭ شىسەينىڭ قوماندانلىقىغا مۇتلەق بويسۇنىدىغان بىر قوراللىق كۈچنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىدى.

قوشۇنلارنىڭ شتاتىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ قارمىقىدا، مەخسۇس «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە شتات ئېنىقلاش كومىتېتى» قۇرۇلۇپ، گۇرۇپپىلار بويىچە قوشۇنلارنىڭ ئادەم سانى، ساپاسى، قورال - ئەسلىھەلىرىنى ئېنىقلاپ چىقتى ۋە قىسقارتىلغان خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. شتات ئېنىقلاش ئارقىلىق، 1934 - يىلى قىش پەسلىدە، شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچلەرنىڭ 12 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم چامىسىدا (ئورۇش مەزگىلىدىكىدىن يېرىمى ئازايغان) ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنى، ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئۆلكە ئىچىگە قاراتقان ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاشتا ئىشلىتىلەتتى، شۇڭا ئادەم سانى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. تاللاش ئېلىپ بېرىلىپ، ئادەم سانى ئازايتىلغانلىقى، تەمىناتى ۋە قورال - ئەسلىھەلىرى كۈچەيتىلگەنلىكى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە، قوشۇنلارنىڭ ساپاسى ۋە ئەمەلىي كۈچى، ياڭ، جىن مەزگىلىدىكىدىن كۆپ ياخشىلانغانىدى. قوشۇنلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن قارىغاندا، ئاساسلىقى ئۈرۈمچى، قەشقەر ۋە ئىلىدىن ئىبارەت ئۈچ رايوندا ئىدى. ئۈرۈمچىدىكى قىسىملار شېڭ شىسەينىڭ 4 - ئىنىسى شېڭ شىچى تۈەنجاڭلىقىدىكى دۇبەن مەھكىمىسى مۇھاپىزەت تۈەنى، يۈدېشىڭ تۈەنجاڭلىقىدىكى ئۈرۈمچى شەھەر ئامانلىقى دادۇيى، خېلى قوراللانغان شەرقىي شىمال ئار-

مىيسىدىن تەشكىللەنگەن تەلىم - تەربىيە تۇەنى (تۇەن قارمىقىدا ئۈچ پىيادە قىسىم يىڭى، بىر ئاتلىق قىسىم لىيەنى، توپچى قىسىم ئەترىتى بار ئىدى، توپچى قىسىم ئەترىتى قارمىقىدا ئۈچ ئوتتۇرا ئەترەت بار بولۇپ، تاغ زەمبىرىكىدىن ئالتىسى، دالا زەمبىرىكىدىن ئۈچى بار ئىدى، يەنە برونېۋىك ئاپتوموبىل ئەترىتى، قورۇلۇش قىسىم ئەترىتى، ئالاقىلىشىش ئەترىتى قاتارلىقلار) دىن ئىبارەت بولۇپ، تەلىم - تەربىيە تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى ليۇ جىڭشىن ئىدى. بۇ ئۈچ قىسىم ئەسكىرىي كۈچى جەمئىي 3300 ئادەم چامىسىدا بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلاتتى، قوراللىرى ياخشى بولۇپ، شېڭ شىسەينىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنىڭ ئىلكىدە ئىدى. ئىلىدىكى ئەسكىرىي كۈچلەر شېڭ شىسەينىڭ قېيىناتىسى، ئىلى بوز يەر ئېچىش ئەلچىسى، قوشۇمچە ئىلى ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانى چيۇ زۇڭجۈن (ئەسلىدىكى قوماندان ليۇبىن قەشقەرنىڭ ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانى بولۇپ يۆتكەلگەن) نىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ھەممە ئەسكىرىي كۈچى 1100 دىن ئارتۇق ئادەم چامىسىدا (ئاتلىق قىسىم 7 - تۇەندىكى 600 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچلەر ئاساسلىقى مۇھىم شەھەر قەشقەرگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، قەشقەر ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانى ليۇبىننىڭ جۇڭگو - ئەسكەرلىرى بولۇپ 300 دىن ئارتۇق ئادەم، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدىن يەن چىڭبونىڭ ئاتلىق قىسىم 4 - تۇەندىكى 580 دىن ئارتۇق ئادەم، يەرلىك خەنزۇ ۋە ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن ئاتلىق قىسىم 5 - تۇەن ۋە 9 - تۇەندىكى جەمئىي 1000 دىن ئارتۇق ئادەم ھەمدە ئۇيغۇر، قىرغىزلاردىن تەشكىللەنگەن، مامۇتنىڭ شىجاڭلىقىدىكى پىيادە قىسىم 7 - شى (ئەسلىدىكى 6 - شى) دىكى 1500 دىن ئارتۇق ئادەمنى قوشقاندا، جەمئىي جۇڭگو - ئەسكەرلەرنىڭ سانى 3300 دىن كۆپرەككە يېتىپ، ئۇرۇمچىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. قەشقەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇشتىكى مەقسەت: بىرىنچىدىن، ئەنگلىيە، ھىندىستاندىن كېلىش ئېھتىمالى بولغان تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن خوتەن رايونىدا تۇرۇشلۇق ماخۇسەن قىد

سىملىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

دۈبەن مەھكىمىسىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭغا قاراتقان ھەربىي قوماندانلىقىغا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، شىڭ شىسەي پۈتۈن شىنجاڭنى 11 ھەربىي رايونغا ئايرىدى، بۇمۇ «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە يولغا قويۇلغان ئاتالمىش «ھەربىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن ئايرىپ ئىدارە قىلىش» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇرۇن ھەربىي ئىشلار بىلەن مەمۇرىي ئىشلار بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ھەر قايسى ۋالىيلار بىردەك ھەربىي ئىشلارنىمۇ قوشۇمچە باشقۇراتتى. «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن، شاڭ شىسەي ھەربىي ئىشلار بىلەن مەمۇرىي ئىشلارنى ئايرىپ ئىدارە قىلىشنى پەش قىلىپ تۇرۇپ، ھەر قايسى رايونلارنىڭ ۋالىيلىرىنىڭ ھەربىي ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈردى. تەسىس قىلىنغان 11 ھەربىي رايون تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: 1. قۇمۇل - بارىكۆل ھەربىي رايونى؛ 2. تۇرپان - پىچان - توقسۇن ھەربىي رايونى؛ 3. گۇچۇڭ - مورى - جىمسار ھەربىي رايونى؛ 4. ئىلى ھەربىي رايونى؛ 5. چۆچەك ھەربىي رايونى (1935 - يىلىنىڭ بېشىدا، چۆچەك ئامانلىق ساقلاش قوماندانى ياۋشيۇڭ ئۇرۇمچى ئاۋئاتسىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا يۆتكەلدى، چۆچەك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شىتابى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بىر يىلى ئەسكىرىي كۈچ چارىنى ساقلاشقا قويۇلدى)؛ 6. ئالتاي ھەربىي رايونى؛ 7. شىخو، ماناس، ساۋەن ھەربىي رايونى؛ 8. قاراشەھەر ھەربىي رايونى؛ 9. ئاقسۇ ھەربىي رايونى؛ 10. قەشقەر ھەربىي رايونى؛ 11. خوتەن ھەربىي رايونى. ھەربىر ھەربىي رايون قارىمىقىدا بىردىن ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شىتابى تەسىس قىلىنىپ، ھەربىي رايوندىكى قىسىملار بىر تۇتاش ھەر قايسى ھەربىي رايون ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانىنىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە توپچى قىسمىنىڭ ئۈچ يىگى، قورۇلۇش قىسىملىرىنىڭ ئىككى يىگى، برونېۋىك قىسىملىرىنىڭ بىر يىگى، ئايروپىلان ئۈچ چوڭ ئەترىتى دۈبەن مەھكىمىسىگە بىۋاستە قارايدىغان قىلىندى.

قوشۇنلارنىڭ شىتاتىنى ئېنىقلاش ئارقىلىق، شەرقىي شىمال ئارمىيەسىنىڭ ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇلدى، ئۇلار ئۈرۈمچى، ئىلى، گۇچۇڭ، فۇكاڭ، مورى، تۇرپان، پىچان، توقسۇن، چۆچەك، شىخو، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا تارقاقلاشتۇرۇلدى ھەمدە نازارەت ئاستىغا ئېلىندى. بەزى جۈنگۈەنلەر ھەربىي مەكتەپ ياكى ژاندارما مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا يۆتكەلدى، بەزى جۈنگۈەن - ئەسكەرلەر تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىغا سەپلەندى.

شېڭ شىسەي ئەمەلىي كۈچكە ئىگە ئاز سانلىق مىللەت قىسىملىرىنىڭ شىتاتىنى ئېنىقلاشنى، قومۇلدا يولۋاسنىڭ كەلتۈرگەن ئاۋارىچىلىكىدىن باشقا، ئالتاي ۋە قەشقەردە بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق ئېلىپ باردى. 1933-يىلى قىشتا، شېڭ شىسەي شەرىپقاننى ئالتاي رايونىنىڭ مەمۇرىي باشلىقلىقىغا، قوشۇمچە ئالتاي ھەربىي رايونىنىڭ ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى. 1934 - يىلى كۈزدە، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى مالىنكوۋنى ئالتايغا ئادەم باشلاپ بېرىپ شەرىپقاننىڭ موڭغۇل، قازاق قىسمىنىڭ شىتاتىنى ئېنىقلاشقا ئەۋەتىپ، ئالتاي چېگرا چازا ئەترىتى تەشكىللىدى، بۇنىڭغا يەنىلا شەرىپقان قوماندانلىق قىلدى. شەرىپقاننىڭ ئىدىيىسى ئىلغار بولغاچقا، شېڭ شىسەي ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالماي، فېئودال - كونسېرۋاتىپ كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى مەنكەيىنى ئۇنىڭغا كاتىپلىققا ئەۋەتىپ، بۇ ئارقىلىق بىر - بىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇردى. شۇڭا، ئالتاي ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شىتابى ئەمەلىيەتتە نامىلا بار بىر ئورگان ئىدى.

قەشقەردە مامۇتنىڭ قوشۇنىنىڭ شىتاتىنى ئېنىقلاش، يۈزەكى قارىغاندا ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يوشۇرۇن ئاپەت ساقلىنىپ قالغانىدى. مامۇت خوجا نىيازنىڭ يېقىنى ئىدى، ئۇنىڭ ئىدىيىسى ئەكسىيەتچىل بولۇپ، خوجا نىيازنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىشىغا يوشۇرۇن قارشى تۇراتتى. خوجا نىياز ئۆلكە مەركىزىگە كەتكەندىن كېيىن، مامۇت قەشقەردە قالىدۇ. ئەسلىدە ، شېڭ شىسەي ئۇنىڭ قەشقەر ئامانلىقىنى ساقلاش قوماندانى بولۇ-

شىغا ماقۇل بولغانىدى، ئويلىمىغان يەردىن، ئۇ پەقەتلا يېڭىدىن تەشكىل-
لەنگەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە 6 - شىسىنىڭ شىجاڭى بولدى، ئۆزگەرتىپ
تەشكىللەنگەندىن كېيىن، پىيادە قىسىم 7 - شىنىڭ شىجاڭى بولدى، يەنە
كېلىپ قەشقەر ئامانلىق ساقلاش قوماندانى ليۇبىنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچ-
رىغانلىقتىن، كۆڭلىدە ئىنتايىن نارازى ئىدى، شۇڭا ئۇ ئەمەلىي كۈچنى
تولۇقلاشنى كۈچەيتىپ، شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇشقا يوشۇرۇن ھالدا
تەييارلىق كۆردى. كېيىن ئۇ ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ شېڭ شىسەيگە
قارشى تۇرغانىدى، مەغلۇپ بولۇپ، ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى.

قوشۇنلارنىڭ شىتاتىنى ئېنىقلاش خىزمىتى قۇمۇلدا ئوڭۇشسىزلىققا
ئۇچراپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. دەسلەپتە، ئۆلكە قوشۇنى ماجۇڭيىڭ-
نىڭ قىسىملىرىغا قوغلاپ زەربە بەرگەن چاغدا، ئايروپىلان ئارقىلىق
تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىپ، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى پارچىلاپ،
ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىدىن ئالاقىسىنى ئۈزگەنلەرنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
بىر دەرىجە ئۆستۈرۈپ ئىشقا قويىدىغانلىقىنى جار سالدى. يولۋاس قاراشە-
ھەر، كۇچانىڭ غەربىدە ماجۇڭيىڭنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى ۋە خوجا نىياز-
نىڭ كۈچلىرى تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتى
يوقلۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ۋاقتىنچە شېڭ شىسەيگە يۆلىنىش، شەرققە -
قۇمۇلغا بېرىپ، كونا ئۇۋىسىنى ئىگىلەپ تۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ. شېڭ
شىسەي ھەربىي ھوقۇقىنى تاپشۇرغۇزۇش ئۈچۈن، يولۋاسنى قۇمۇل ناھىيە-
سىنىڭ ھاكىملىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەيدۇ. 1934 - يىلى 3 - ئاينىڭ
28 - كۈنى، يولۋاس ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ، ئەمما ھەربىي ھوقۇقنى
ئاززاقمۇ تاپشۇرمايدۇ. شېڭ شىسەي قوشۇنلارنىڭ شىتاتىنى ئېنىقلاش
پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەسلىدە ئۈرۈمچى رايونىغا قاراشلىق بولغان
قۇمۇل، باركۆل ئىككى ناھىيىنى ئايرىپ چىقىپ، بۇنىڭغا يېڭىدىن تە-
سىس قىلىنغان ئاراتۈرۈكنى قوشۇپ، 9 - ئايدا بىر يېڭى رايون - قۇمۇل
رايونىنى تەسىس قىلىدۇ، ليۇيىڭلىننى قۇمۇل رايونىنىڭ ۋالىيلىقىغا
ئەۋەتىدۇ، شۇي يۈشىڭ قۇمۇل ھەربىي رايونى ئامانلىق ساقلاش قوماندانى،
قوشۇمچە 1 - تۇەننىڭ تۇەنجاڭلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، يولۋاس يەنىلا

قومۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولىدۇ. لىيۇ يىڭلىن ئالدىدا مېڭىپ، قومۇلدا ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىدۇ، شۇيۇشىڭ قوشۇنىنى باشلاپ ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، شۇي يۇشىڭ قىسىملىرى دالاندۇڭ (قومۇلدىن ئۈچ بېكەت يىراقتا) گە يېتىپ كەلگەندە، يولۋاس ئەسكەر ئەۋەتىپ ۋالىي مەھكىمىسىنى ۋە لىيۇ يىڭلىننىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىپ، لىيۇ يىڭلىندىن شىڭ شىسەيگە تېلېگرامما يوللاپ، شۇي يۇشىڭ قىسىملىرىنىڭ قومۇلغا كىرىپ ئورۇنلىشىشىنى توسۇشنى ھەمدە قومۇلغا ئادەم ئەۋەتىپ چۈشەنچە بېرىپ، ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

شىڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ شياۋجياڭ دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى كودىياكىزۇك باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قومۇلغا بېرىپ يولۋاس قىسىملىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ يېڭىۋاشتىن تەشكىللەشكە تەييارلىنىشقا ئەۋەتىدۇ. يولۋاس كۆرۈنۈشتە ھەربىي ھوقۇقنى تاپشۇرۇشنى خالايدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، يوشۇرۇن ھالدا قاتتىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسىنىڭ قورالىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى نەنجىڭغا يالاپ ئېلىپ بېرىپ، شىڭ شىسەينىڭ قىزىللىشىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئەرز قىلىدىغانلىقىنى داۋراڭ قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسىنى ئۆزىنى قومۇل ئامانلىق ساقلاش قوماندانى قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. شىڭ شىسەي ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يېتىشىدىن قاتتىق قورقۇپ، يولۋاسنى قومۇل ئامانلىق ساقلاش قوماندانى قىلىپ تەيىنلەشكە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، شىڭ شىسەينىڭ يولۋاسنىڭ قوراللىق كۈچىنى بىر ياقلىق قىلىش پىلانى مەغلۇپ بولىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئېھتىياتچانلىقى كۈچىيىدۇ[1]. شىڭ شىسەي گەرچە يولۋاسنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە ۋاقىتىنچە تاقەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، ئەمما يولۋاس قىسىملىرىغا

① لىيۇ يىڭلىن: «يولۋاسنىڭ قومۇل ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشىنىڭ جەريانى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانمىلار» نىڭ 6 - جىلد، 170 - 164 - بەتلەر.

قارشىلىغان نازارەت ۋە پارچىلاشنى باشتىن - ئاخىر توختاتماي، قۇمۇل رايونىغا ئۆزىنىڭ كۈچلىرىنى كىرگۈزدى.

ئەسلىدىكى قىسىملارنىڭ شتاتىنى ئېنىقلاش بىلەن بىللە، شىڭ شىسەي يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، ھەر خىل ھەربىي كادىرلار كۇرسلىرىنى تەسىس قىلدى، ھەر خىل ھەربىي مەكتەپلەرنى ئاچتى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئوقۇتقۇچىلىرى تەربىيىلەش پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، پىيادە، ئاتلىق، توپچى قىسىم، قۇرۇلۇش قىسىملىرىنىڭ مەشىق نىزامى بىردەك سوۋېت ئارمىيىسىنىڭكىگە تەقلىد قىلىندى. 1933 - يىلى كۈزدە ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى قۇرۇلدى. 1934 - يىلى قىشتا ژاندارما مەكتىپى قۇرۇلۇپ، شىڭ شىسەي مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى، ئوقۇتقۇچىلىقنى شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدىكى ئىلگىرى شەرقىي شىمال ساقچى ئەمەلدارلىرى مەكتىپىدە تەربىيىلەنگەن خادىملار ئۈستىگە ئالدى. ئوقۇغۇچىلىرى 1936 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، پۈتۈنلەي جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىغا سەپلەندى، ژاندارما مەكتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى①. 1934 - يىلى، شىنجاڭ جۇڭگونلەر مەكتىپى ئوقۇش باشلىدى، ئوقۇغۇچىلار ھەربىي دەرسلىكلەرنى ئۆگەنگەن ۋە مەشىق قىلغاندىن باشقا، يەنە سىياسىي ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى، مىللىي مەسىلە، ئېقىم مەسىلىلىرى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگەندى. ئوقۇغۇچىلار 1936 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بەزى شەرقىي شىماللىق ۋە غەربىي شىماللىق ئوقۇغۇچىلار چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىغا بېرىپ خىزمەت قىلدى، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ھەربىي سىياسىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىغا ئەۋەتىلىپ ئوقۇغاندىن كېيىن، قىسىملارنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولدى ياكى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ھەرقايسى باشقارمىلىرىغا خىزمەتكە ئەۋەتىلدى، بىر قىسمى مەكتەپلەردە قېلىپ شۆبە ئەترەت باشلىقى قاتارلىق

① جاۋجيەنفېڭ قاتارلىقلار: «شىنجاڭ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى، راۋاجلىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى». «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانمىلار»، 7 - جىلد، 48 - بەت.

ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى، كۆپ قىسمى بىۋاسىتە ھالدا قىسىملاردا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتىلدى[1]. بۇ ئادەملەر شىڭ شىسەي قوشۇنلىرىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك جۇڭگونلەردىن بولۇپ قالدى.

قوشۇنلاردىن باشقا، شىڭ شىسەينىڭ يەنە بىر يۈرۈش ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا تەدرىجىي مۇكەممەللەشكەن جامائەت خەۋپسىزلىكى تەشكىلاتى بار بولۇپ، خەلققە قارىتا ئىشپىيونلۇق ھۆكۈمرانلىقى يۈرگۈزەتتى. ئۇنىڭ دەسلەپتە قۇرۇلغان مەخپىي ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى 1934 - يىلى 3 - ئايدا قۇرۇلغان رازۋېدكا ئەترىتىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇ يىلى 6 - ئايدا دۆبەن مەھكىمىسى تەپتىش باشقارمىسى قۇرۇلدى، 8 - ئايدا شىنجاڭ سىياسىي تەپتىش باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى، 10 - ئايدا شىنجاڭ سىياسىي تەپتىش باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭ ئامانلىقنى ساقلاش باش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1936 - يىلى 5 - ئايدا، شىنجاڭ ئامانلىقنى ساقلاش باش ئىدارىسى يەنە شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ئۇ يەتتە يىل ساقلىنىپ تۇردى، 1943 - يىلى گومىنداڭ كۈچلىرى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ساقچى ئىشلار باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

ئىشپىيونلاردىن پايدىلىنىپ تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقى يۈرگۈزۈش، شىڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، شىڭ شىسەي تېخى چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلىمىگەن چاغدا، ئىشپىيونلۇق ۋاسىتىسىنى ئىشقا سېلىپ، ھەربىي مەكتەپنىڭ ئۆزىنى قوللايدىغان بەزى ئوقۇغۇچىلىرىدىن پايدىلىنىپ، جىن شۇرېن ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ ئۆزىگە بولغان پوزىتسىيىسىنى تىڭتىڭلىغانىدى.

1934 - يىلى 3 - ئايدا، رازۋېدكا ئەترىتى قۇرۇلدى، ئەترەت باشلىقلىقىنى شىڭ شىسەي ئۆزى تاللاپ بېكىتكەن، شىنجاڭ جۇڭگونلەر

---

[1] لى گوجىڭ: «شىنجاڭ جېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى (1926 - 1943)». «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانمىلار»، 6 - جىلد، 74 - بەت.

مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارارلىق ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىسى ۋاڭ يۈيشۇ ئۈستىگە ئالىدۇ، شىڭ شىسەي بىۋاستە قوماندانلىق قىلىدۇ. ۋاڭ يۈيشۇ ھەربىي مەكتەپتىكى چېغىدا شىڭ شىسەينىڭ ئايغاقچىسى ئىدى، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئېلىغا بارغاندىن كېيىن، جاڭ پېيىۋەننىڭ قول ئاستىدا تۆۋەن دەرىجىلىك جۇڭگۈەن بولۇپ، ھەمىشە شىڭ شىسەيگە جاڭ پېيىۋەن قىسىملىرىنىڭ ئەھۋالىدىن دوكلات قىلىپ تۇرىدۇ. رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ھەر قايسى نازارەت، باشقارما، ئورگان، مەكتەپ، قوشۇن قاتارلىقلاردا ھۆكۈمەتتىن نارازى بولىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى رازۋېدكا قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. رازۋېدكا قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك جۇڭگۈەنلىرى، مەسىلەن، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگۈەنى گۇڭ جېنخەن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆز يېنىغا تارتىلىپ، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىگە دائىر ئاخباراتلارنىڭ كېلىش مەنبەلىرىدىن بىرىگە ئايلاندۇرۇلغان، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئۆزى رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ نۇقتىلىق رازۋېدكا ئوبيېكتى ئىدى؛ رازۋېدكا قىلىنىدىغان يەنە بىر مۇھىم نۇقتا سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىدىكى خادىملار ۋە كونسۇلخانا بىلەن ئالاقىسى بار خادىملاردىن ئىبارەت ئىدى. رازۋېدكا ئەترىتى قارمىقىدا بەش شۆبە ئەترەت تەسىس قىلىنغان بولۇپ، شۆبە ئەترەت ئەزالىرىنى شىڭ شىسەي شەرقىي شىماللىق ۋە يەرلىك ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆزى تاللاپ چىققانىدى. ئۇلار شىڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ، رازۋېدكا قىلىنىدىغان ئوبيېكتلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن مەخسۇس دېلو تۇرغۇزاتتى.

شۇ يىلى 6 - ئايدا، شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسى تەپتىش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، ۋاڭ يۈيشۇ، لى تىڭشۇلار باشقارما باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولىدۇ؛ ئەمما تەشكىلىي خىزمەت تەق بولمىغانلىقتىن، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىدۇ. 8 - ئايدا، شىنجاڭ سىياسىي تەپتىش باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلىدۇ. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسى فروخوتكا (خەنزۇچە ئىسمى باۋگونىڭ) ۋە بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ لىشياڭنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن قۇرۇلغان ئاشكارا جامائەت خەۋپسىزلىكى

تەشكىلاتى ئىدى. شىڭ شىسەي قوشۇمچە ئىدارە باشلىقى، جاڭ يىۋۇ مۇۋەققەت ئىدارە باشلىقى، باۋگونىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، ۋاڭ لىشياڭ كاتىبات باشلىقى بولىدۇ. مەزكۇر ئىدارە قارمىقىدا يەتتە بۆلۈم تەسىس قىلىنغان بولۇپ، كۆپىنچە بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە شىڭ شىسەينىڭ يېقىنلىرى بۆلۈم باشلىقى ياكى مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

سىياسىي تەپتىش باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خىزمىتى، ئوخشاش بولمىغان ۋەزىيەتكە ئاساسەن، ھەر قايسى ئىدارە ئورگانلارنىڭ مەخپىي خىزمەت خادىملىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئاخبارات توپلاش ۋە ئۇنى رەتلەشتىن ئىبارەت ئىدى، توپلاپ رەتلەنگەن ئاخباراتلارنىڭ بىر نۇسخىسى شىڭ شىسەيگە، بىر نۇسخىسى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرىگە يوللىناتتى. باشقارمىنىڭ راسخودى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت (ئاشكارا مەمۇرىي ئورگان بولغاچقا، مەمۇرىي خىراجەت ئالسا بولاتتى) ۋە دۇبەن مەھكىمىسىدىن بېرىلىدىغان ئالاھىدە خىراجەتتىن كېلەتتى. ھەر دەرىجىلىك خىزمەتچى خادىملار تەمىنات جەھەتتە بىردەك ھالدا ئەينى ۋاقىتتا خىزمەت ئۆتەۋاتقانلارنىڭكىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى مائاش ئالاتتى. مەسىلەن، شياۋشياۋ دەرىجىلىكلەر جۇڭشياۋ دەرىجىلىكلەرنىڭ مائاشىنى ئالاتتى.

شىڭ شىسەي ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىناتتى ھەم ئۇنىڭدىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقلىق خادىملار ئورگاندا خىزمەت قىلسا ئاسانلا سىرتتىكىلەرنىڭ خاتا چۈشەنچىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن، دېگەن باھانە بىلەن، باۋگونىڭنى كەتكۈزۈۋېتىدۇ؛ يەنە سىياسىي تەپتىش باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ نامى سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخبارات ئورگىنىنىڭ نامىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بولۇپ، ئاسانلا كىشىلەرنىڭ گۇمانى ۋە نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن دېگەن باھانە بىلەن 1934 - يىلى 10 - ئايدا سىياسىي تەپتىش باشقۇرۇش ئىدارىسىنى شىنجاڭ ئامانلىقنى ساقلاش باش ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەيدۇ، جاڭ يىۋۇ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، قوشۇمچە مۇۋەققەت ئىدارە باشلىقى بولىدۇ. ئامانلىقنى ساقلاش باش ئىدارىسىنىڭ

جىلى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، كاتىبات باشلىقى بولغاندىن باشقا، يەنە
كاتىبات ئىشخانىسى، بوغالتىر ئىشخانىسى، قوغداش گۇرۇپپىسى (دۆ-
بەن، رەئىسنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا مەسئۇل) ، ئامانلىق ساقلاش
ئەترىتى، سەككىز بۆلۈم، بىر ئالاھىدە جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى
(خىيانەت قىلىپ خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماسلىق، زەھەرلىك بۇيۇم-
لارنى توشۇپ سېتىش قاتارلىق ئەنزىلەرنى سوت قىلىشقا مەسئۇل، مەھكە-
مە باشلىقلىقىنى جالى يىۋۇ قوشۇمچە ئۈستىگە ئالىدۇ) تەسىس قىلىنىدۇ.
باش ئىدارە ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئامانلىق ساقلاش شۆبە ئىدارىلىرىنى
قۇرىدۇ. سەككىز بۆلۈمدىن بىرىنچى بۆلۈم خوجىلىق بۆلۈمى بولغاندىن
باشقا، ئىككىنچى بۆلۈمدىن سەككىزىنچى بۆلۈمگىچە ھەممىسىلا بىردەك
ئاخبارات - رازۋېدكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئىككىنچى بۆلۈم
(ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى) ھەر قايسى قىسىملار بىلەن ھەربىي ئىشلار
ئورگانلىرىغا دائىر ئاخباراتلارنى رازۋېدكا قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. ئۈ-
چىنچى بۆلۈم (سىياسىي بۆلۈم) ھەر قايسى ئىدارە - ئورگان، ئورۇنلار-
نىڭ ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ۋە قانۇنسىز
سۆز - ھەرىكەتلەرنىڭ بار - يوقلۇقىغا مەسئۇل بولىدۇ. تۆتىنچى بۆلۈم
(مىللىي بۆلۈم) ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا قانۇنسىز سۆز-
ھەرىكەتلەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى رازۋېدكا قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. بەشىن-
چى بۆلۈم (خەلقئارا بۆلۈم) چەت ئەل مۇھاجىرلىرى، كاتولىك دىنىنىڭ
چىركاۋلىرى ۋە دىنىي زاتلارنىڭ پائالىيىتىنى رازۋېدكا قىلىشقا مەسئۇل
بولىدۇ. ئالتىنچى بۆلۈم (ئىقتىساد بۆلۈمى) ھەر قايسى ئىدارە - ئورگان-
لاردا خىيانەتچىلىك قىلمىشلىرىنىڭ بار - يوقلۇقىنى، سودىگەرلەرنىڭ
ئىقتىسادنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ھايانكەشلىك قىلىش ھەرىكىتىنىڭ بار -
يوقلۇقىنى رازۋېدكا قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. يەتتىنچى بۆلۈم (تەكشۈ-
رۈش بۆلۈمى) پوچتا خەت - خالتىلىرى، تېلېگراممىلارنى مەخپىي ھالدا
تەكشۈرۈش، باشقا بۆلۈملەرگە ھەمكارلىشىپ گۇمانلىق ئۇنسۇرلارنى نازا-
رەت قىلىش، شىنجاڭ چېگرىسىدىن كىرىپ - چىققۇچىلارنى تەكشۈرۈش،
تىزىملاشقا مەسئۇل بولىدۇ. سەككىزىنچى بۆلۈم (يول بۆلۈمى) بۆلاڭچە-

لىق ئەنزىلىرى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى رازۋېدكا قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ[1]. بۇ سەككىز بۆلۈمنىڭ كەسپىدىن قارىغاندا، ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ «سەزگۈچى بۇرۇتى» جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، خەلق ئارىسىدىكى ھەر قايسى تەرەپلەرگە سوزۇلغان دېيىشكە بولىدۇ.

ئامانلىقنى ساقلاش باش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، تۇرپان، پىچان، توقسۇن، گۇچۇڭ، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ئامانلىق ساقلاش شۆبە ئىدارىلىرى قۇرۇلدى. 1935 - يىلى 1 - ئايدا، يەنە ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر، قاراشەھەر قاتارلىق ۋىلايەتلەردە ئامانلىق ساقلاش شۆبە ئىدارىلىرى قۇرۇلدى؛ 5 - ئايدا ئاقسۇ، كۇچا، مارالبېشىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئامانلىق ساقلاش شۆبە ئىدارىلىرى قۇرۇلۇپ، رازۋېتكا، ئاخبارات خىزمىتى ئىشلىگىنىدىن تېخىمۇ كېڭەيدى. ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك شۆبە ئىدارىلەر نامدا ۋالىي مەھكىمىسى ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە بولسىمۇ، ئەمما كەسپىي جەھەتتە بىۋاسىتە ھالدا باش ئىدارىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغان بولۇپ، ۋىلايەتلىك شۆبە ئىدارە بىلەن ۋالىي مەھكىمىسى، ناھىيىلىك شۆبە ئىدارە بىلەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەڭ دەرىجىلىك بولغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەندى، ھەتتا ۋالىي مەھكىمىسى ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق خىزمىتى تېخى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك شۆبە ئىدارىلەرنىڭ رازۋېدكا ۋە نازارەت قىلىشىغا ئۇچراپ تۇراتتى. 1934 - يىلى قىشتا قۇرۇلغان قۇمۇل ئامانلىق ساقلاش شۆبە ئىدارىسى شىنجاڭغا كېلىپ - كېتىۋاتقان يولۇچىلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، شىنجاڭدىن كېتىدىغانلارغا پاسپورت تارقىتىشنى چەكلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يولۇچىلارنىڭ قىسىملىرىنى قاتتىق نازارەت قىلىپ، بۇ يوشۇرۇن ئاپەتنى ئاخىرقى ھېسابتا يوقىتىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرىدۇ.

---

① جاۋجيەنفېڭ قاتارلىقلار: «شىنجاڭ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى، راۋاجلىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانمىلار»، 7 - جىلد، 31 - بەت.

ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسىدىن ئىبارەت بۇ بىر ئاشكارا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىدىن باشقا، 1935 - يىلى يازدا يەنە دۆبەن مەھكىمىسى سىياسىي تەربىيە باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، ھەر قايسى قىسىملاردىكى جۇڭگوەن - ئەسكەرلەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنى رازۋېدكا قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. ئۇ ئارمىيە ئىچىدىكى ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، شېڭ شىسەينىڭ ئۆزى يەنە ئىشپىيونلۇق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنى بىۋاستە ھالدا ئۆزىگە تارتاتتى ۋە ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەتلەرگە ئورۇنلاشتۇراتتى. ياكى ھەر دەرىجىلىك ئىدارە - ئورگانلاردىكى ئەمەلدار ۋە خىزمەتچى خادىملارنى ئۆزئارا بىر - بىرىنى نازارەت قىلىشقا، بىر - بىرىنىڭ ئەھۋالىنى مەخپىي دوكلات قىلىشقا بۇيرۇق قىلاتتى، نازارەت قىلىنغۇچىلار ۋە ئەھۋالى مەخپىي مەلۇم قىلىنغۇچىلار بولسا بۇ ئەھۋالنى قىلچىمۇ ئۇقمايتتى. مەسىلەن، شېڭ شىسەي خوجا نىيازنىڭ يېقىنى مەخسۇت، مامۇتنىڭ يېقىنى قۇربان قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ، ئۇلاردىن ھەمىشە خوجا نىياز بىلەن مامۇتنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدا دوكلات ئېلىپ تۇرغان. شېڭ شىسەي مەزگىلىدە ھۆكۈمەتكە سادىق پايلاقچىلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ، تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەر كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ، ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ ئاخبارات، ئارخىپى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ، ھەممىلا ئادەم ئۆزىدىن ئەنسىرەيدىغان، بېرىش - كېلىش قىلمايدىغان، ھۆكۈمەتكە نارازىلىق بىلدۈرىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەر ۋە يولدىن چىققان ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا تېخىمۇ پېتىنالمايدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ.

ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسى 1934 - يىلى 10 - ئايدىن 1936 - يىلى 5 - ئايغىچە، تەخمىنەن بىر يىل يەتتە ئاي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولۇپ، ھەممىلا يەردە تىمسىقلاپ يۈرگەنلىكتىن، كىشىلەرنى قورقۇنچ ۋە خاتىرجەمسىزلىككە سالغانىدى. شېڭ شىسەي خەلقنىڭ رايى ۋە مەركەزدىن ۋاڭ لىشياڭنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەققىدە نەچچە قېتىم تېلېگرامما كەلگەنلىكىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، 1935 - يىلى قىشتا ۋاڭ لىشياڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكۈزۈۋېتىدۇ. 1936 - يىلى 5 -

ئايدا، ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ئەسلىدىكى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئامانلىق ساقلاش شۆبە ئىدارىلىرىمۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىگە ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى قۇرۇلغاندىن باشقا، مۇھىم يېزا - كەنتلەر ۋە يايلاقلاردا يەنە جامائەت خەۋپسىزلىكى پەيچۇسولىرى تەسىس قىلىندى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ساقچى ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا قوشۇۋېتىلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى پۈتۈن ئۆلكىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان ئورگان بولۇپ، ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى شۇ جايدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالاھىدە ھوقۇققا ئىگە ئىدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ يىۋۇ، مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ليۇشيەنچېن ئىدى. ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمى ئەسلىدىكى ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ 2 -، 3 -، 4 -، 5 -، 6 -، 7 -، 8 - بۆلۈملىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ تەشكىللەنگەن بولۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ بەش بۆلۈمى (خوجىلىق بۆلۈمى، ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمى، مەمۇرىي بۆلۈم، ئەدلىيە بۆلۈمى، بوغالتىر بۆلۈمى) ئارىسىدا ھوقۇقى ئەڭ چوڭ، ئەڭ مۇھىم بىر تارماق ئىدى. ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمى قارمىقىدا ھەربىي ئىشلار، سىياسىي، خەلقئارا، مىللىي ئىشلار، تەكشۈرۈش، موڭغۇل - قازاق، ئىقتىساد قاتارلىق يەتتە بۆلۈمچە تەسىس قىلىنغانىدى.

جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ ئاپپاراتى خېلىلا چوڭ بولۇپ، 1935 - يىلى باشقارمىدا ئەمەلدارلاردىن 260 نەپەر، ساقچىلاردىن 292 نەپىرى بار ئىدى؛ شىنجاڭ بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىدىكى ئەمەلدارلار 992 نەپەر، ساقچىلار 2323 نەپەر ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا مالىيىدە خېلىلا قىيىنچىلىق بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، شىڭ شىسەي زور مىقداردا خىراجەت سەرپ قىلىشتىن

ئايانماي جامائەت خەۋپسىزلىكى مۇئەسسەسەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈر-گەنىدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ھەر قانداق ئادەمنى رازۋېدكا قىلىش، تەكشۈرۈش ھەتتا قولغا ئېلىشقا ھوقۇقلۇق بولۇپ، گۇمانلىق دەپ قارالغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كەينىگە مەخسۇس ئادەم سېلىپ قو-يۇپ، مەخسۇس دېلو تۇرغۇزاتتى. شېڭ شىسەي ھەر قانداق ئادەمگە ئىشەن-مەيتتى، ھەتتا سىڭلىسىنىڭ ئېرى پېڭ جىيۇەن، قېيىناتىسى چيۇزۇڭ-جۇن، باجىسى ۋاڭ خۇڭزاۋلارنىمۇ رازۋېدكا قىلىنىدىغانلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزگەنىدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ ھوقۇقى ۋە رولى مۇشۇنداق چوڭ بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ كوممۇ-نىستلارنىڭ قولىدا بولۇشى، شېڭ شىسەي ئۈچۈن ئېيتقاندا چوڭ بىر ئازاب ئىدى. ئۇ كوممۇنىستلاردىن ۋاز كەچسە كېچەتتىكى، ئەمما جامائەت خەۋپ-سىزلىكى باشقارمىسىدىن ۋاز كېچەلمەيتتى. 1937 -يىلى ئەتىيازدا، شېڭ شىسەي جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنى پۈتۈنلەي چاڭگىلىغا ئېلىش، جاڭ يۈۋ، لىيۇشيەنچېن قاتارلىق كوممۇنىستلارغا تروتسكىچى قالپىقىنى كىيگۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، دۇبەن مەھكىمە-سىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋجيەنفېڭنى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمى-سىنىڭ جۈڭجىياڭ دەرىجىلىك باشلىقى قىلىپ تەيىنلەيدۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى شېڭ شىسەينىڭ كۆڭۈلدىكى-دەك بىر قورالىغا ئايلىنىدۇ.

1936 - يىلى، شىنجاڭدا يەنە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى قۇرۇلى-دۇ. بۇ 3 - ئىنتېرناتسىئونال ئاخبارات ئىدارىسى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن بىر ھەربىي ئاخبارات ئورگىنى بولۇپ، مەخسۇسلا شىنجاڭغا قوشنا ئۆلكە، قوشنا دۆلەتلەرگە دائىر ئاخباراتلارنى توپلايتتى. بۇ ئورگاننى قۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ كۆپ يىللىق تەجرىبىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھە-تىغا بىرلەشتۈرۈپ، شېڭ شىسەيگە قاراتقان بىر ستراتېگىيىلىك تەدبىرى ئىدى. ئۇ ئۇرۇش بولۇنلىرى ھەممە ياقنى قاپلىغان، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت ئاستىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ،

شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىشى ئۈچۈنمۇ كەم بولسا بولمايتتى. شىنجاڭدا غەربىي جەنۇب تەرەپتىن ھىندىستان، ئافغانىستان ئارقىلىق ئەنگلىيىگە دائىر ئاخباراتلارنى ئىگىلىگىلى بولاتتى؛ شەرقىي شىمال تەرەپتىن گەنسۇ، سۈييۈەن ئارقىلىق ياپونىيىگە دائىر ئاخباراتلارنى ئىگىلىگىلى بولاتتى؛ شەرق تەرەپ ۋە جەنۇب تەرەپتىن گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا، شىزاڭ ئارقىلىق گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار ۋە غەربىي شىمالدىكى ما ئائىلىسى قوشۇنىغا دائىر ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، قاتناش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاخباراتلارنى ئىگىلىگىلى بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شېڭ شىسەي ھەر ئىككى تەرەپ ئورگانغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىغا شېڭ شىسەي ئۆزى قوشۇمچە باشقارما باشلىقى بولىدۇ، بۇ باشقارما دۇبەن مەھكىمىسىگە قارىمايدۇ، دۇبەن مەھكىمىسى قارمىقىدىكى باشقا باشقارمىلاردەك دۇبەن مەھكىمىسى بەنگۇڭتىڭىنىڭ رەھبەرلىكىنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا شېڭ شىسەي ئۆزى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىدۇ. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە تېلېفون ئورنىتىلىدۇ. شېڭ شىسەي چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ بىردىنبىر رەھبىرى ئەمەس، بۇ ئورگان ئاساسلىقى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى مەسلىھەتچىلەر شتابى ئەۋەتكەن يەتتە نەپەر ھەربىي ئوقۇتقۇچىدىن تەشكىللەنگەن ھەربىي ئاخبارات گۇرۇپپىسىنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى جايلاردىن كەلگەن ئاخباراتلارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۈچ نۇسخا كۆپەيتىپ يېزىپ، بىر نۇسخىسىنى شېڭ شىسەيگە، بىر نۇسخىسىنى باش ھەربىي ئوقۇتقۇچى ۋە مۇئاۋىن باشقارما باشلىقىغا، بىر نۇسخىسىنى ئالاقىدار بۆلۈمچىلەرگە يوللاپ بېرەتتى.

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ ئىككى نەپەر مۇئاۋىن باشلىقى بار ئىدى. بىرىنچى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ۋۇزوجۇن، 25 ياش، شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى ئارمىيە خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەربىي، ئوقۇغۇچى، ئەسكەرلەر پولات لىيەنىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ،

مەمۇريي ئىشلارنى ئاساسلىق باشقۇراتتى؛ ئىككىنچى مۇئاۋىن باشلىقى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى مەسلىھەتچىلەر شتابى ئەۋەتكەن بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى چېن پېيشېڭ (ھەقىقىي ئىسمى ليۇ. جىنجۇڭ) بولۇپ، ئاخبارات كەسپىنى ئاساسلىق باشقۇراتتى. شۇڭا چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە بولشېۋىك- لار پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ قولىدا ئىدى. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى قارمىقىدا تۆت بۆلۈمچە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بىرىنچى بۆلۈمچە ئاساس- لىقى ئاخبارات خادىملىرىنى تەربىيىلەش، ئەۋەتىشنى باشقۇراتتى، ئىككىن- چى بۆلۈمچە ئاخباراتنى، ئۈچىنچى بۆلۈمچە مەمۇريي ئىشلارنى، تۆتىنچى بۆلۈمچە كاتىبات، تېلېگرامما، خەت - ئالاقە ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە ئاخبارات پونكىتى (ئىش بېجىرىش ئورنى) ، ئاخبارات ئۇقتىلىرىنى تەسىس قىلغان، مەسىلەن، قۇمۇل ئىش بېجىرىش ئورنى، شىخشىشيا ئىش بېجىرىش ئورنى، پولى (ھازىرقى تاشقورغان ناھىيىسى) ئىش بېجىرىش ئورنى، چاقىلىق ئىش بېجىرىش ئورنى، قەشقەر ئىش بېجىرىش ئورنى قاتارلىقلار. ئۆلكە سىرتىدىكى ئەڭ چوڭ ئاخبارات پونكىتى لەنجۇدا بولۇپ، ئۇ يەردە ئىككى ئاخبارات ئورگىنى بار ئىدى: بىرى، ئاشكارا، قانۇنلۇق ئورگان يەنى شىنجاڭ يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى بولۇپ، ئۇ ئۇچەي تىجارىتى قىلىشنى ئۆزىگە نىقاب قىلغان، مەخپىي رادىئو ئىستانسىسى بار ئىدى؛ يەنە بىرى، «لەنجۇ گاۋچى سودا سارىيى» دېگەن بىر مەخپىي ماگىزىندىن ئىبارەت بولۇپ، خىزمىتى ناھايىتى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغانىدى. باشقا جايلار، مەسىلەن، سۇجۇ، ئەنشى قاتارلىق جايلاردىمۇ ئاخبارات نۇقتىلىرى تەسىس قىلىنغانىدى؛ ئېرلىزىخې (گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا، ھازىرقى ئېجىنا خوشۇنى) دا، شىنسۇي ئاپتوموبىل بېكىتىنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ، شىنجاڭغا كېلىپ - كەتكەن خادىملار نازارەت قىلىناتتى. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى يەنە ئاخبارات توپلاش ئۈچۈن يېڭى دېھلى، بومباي، كالكۇتتا، كەشمىر، كابۇت، كابۇل قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتكەنىدى. ئاخبارات پونكىتى ۋە ئاخبارات خادىملىرىنىڭ ئالاقىلىشىش قوراللىرى

ناھايىتى ئىلغار ئىدى.

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ئاخبارات توپلاش جەھەتتە رول ئوينىغان-
دىن باشقا، يەنە غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ سول جىدۋېيىنىڭ شىنى-
جاڭغا كىرىشىگە ياردەملىشىش، خوتەندىكى ماخۇسەن كۈچلىرىنى يوقى-
تىشقا ماسلىشىش، ئالتاي، باركۆلدىكى قازاق چارۋىچىلارنىڭ گەنسۇغا
قېچىشىنى توسۇش قاتارلىق ئىشلاردىمۇ كۈچ چىقىرىدۇ. شېڭ شىسەي
چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىن باشتىن - ئاخىرغىچە خاتىرجەم بولالماي-
دۇ، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى قۇرۇلغاندا، ئۇ جۇڭگونىلەر مەكتىپىنى
پۈتتۈرگەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىغا بېرىپ
خىزمەت قىلىشقا ئۆزى تاللايدۇ، 1941 - يىلى، شېڭ شىسەي چېن
(پېيشېڭ) - ۋۇ (زوجۇن) ئەنزىسىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، چېن پېي-
شېڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكۈزۈۋېتىدۇ، ۋۇزوجۇننى قولغا ئېلىپ
ئۆلتۈرۈۋېتىپ، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنى ئادەم ئەۋەتىپ ئۆتكۈزۈۋا-
لىدۇ. كىشىلەر شېڭ شىسەينىڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جامائەت
خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىدىن جاڭ يۇۋ، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىن
چېن پېيشېڭ قاتارلىق كوممۇنىستلارنى قوغلىۋەتكەن ھەرىكىتىدىن ئۇنىڭ
ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى، ئاتالمىش «سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلى-
شىش»، «كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش» دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ
بىر خىل ۋاقىتلىق تەدبىر ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرۈۋالايدۇ.

قىسقىسى، مالىيە، پۇل مۇئامىلە، سىياسىي، ھەربىي قاتارلىق جە-
ھەتلەردىكى تەرتىپكە سېلىش ۋە قۇرۇش ئارقىلىق، شېڭ شىسەينىڭ
ھۆكۈمرانلىقى دەسلەپكى قەدەمدە مۇستەھكەملىنىدۇ، مانا بۇ، جەنۇبىي
شىنجاڭدىكى مامۇت، ماخۇسەن، يولۋاس كۈچلىرىنى يوقىتىشنى زۆرۈر
شەرت - شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

# 4 - بۆلۈم جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مامۇت، ماخۇسەن كۈچلىرىنىڭ يوقىتىلىشى

شېڭ شىسەينىڭ قۇمۇل رايونىدا يولۋاس كۈچلىرىنىڭ، قەشقەر رايونىدا مامۇت كۈچلىرىنىڭ ۋە خوتەن رايونىدا ماخۇسەن كۈچلىرىنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشىغا ۋاقتىنچە چىداپ تۇرۇشىنىڭ تامامەن بىر خىل تاكتىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ بەلگىلىگەن فاڭجېنى ئۇلارنى يوقىتىش ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋاپىق پەيتنى تاللاش ۋە مۇئەييەن كۈچ توپلاش زۆرۈر ئىدى. 1934 - يىلى ماجۇڭيىڭ كۈچلىرىنى قوغلىۋەتكەندە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ خىل كۈچكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ پەيتى ۋە شەرت - شارائىتلىرى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنىدى. ئالدى بىلەن خەلق ئۇرۇشتىن بىزار بولغان، كىشىلەر قەلبى مۇقىملىققا ئىنتىلەتتى، ئاندىن قالسا، ھەربىي ۋە مالىيە كۈچى يېتىشمەيتتى، ئەكسىچە، يولۋاس، مامۇت، ماخۇسەنلەرنىڭ خېلىلا ئەمەلىي كۈچى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا بىر قەدەر چوڭ تەسىرى بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا مىللىي باراۋەرلىك تەكىتلىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا چېقىلغىلى بولمايلا قالماستىن، تېخى يەنە ئۇلارغا ھوقۇق بەرگەندىلا، ئاندىن بۇ بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتقىلى ۋە بىخۇدلاشتۇرغىلى ھەم خەلقنىڭ قەلبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جامائەتنى ئالداش مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى. يولۋاس، مامۇت، ماخۇسەن كۈچلىرى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلار ئۈچۈن شېڭ شىسەينىڭ بەلگىلىگەن فاڭجېنى چۈشىنىشلىك ئىدى، ئۆز كۈچلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇلار كۆرۈنۈشتە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە بويسۇناتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئەمەلىي كۈچلىرىنى تولۇقلاشنى كۈچەيتتى، ھەتتا ئىمپېرىيالىستلار ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشتىن ئايانماي، شېڭ شىسەيگە

قارشى تۇرۇش ئۈچۈن پەيت كۈتەتتى. شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن بەرلىك كۈچلەرنىڭ قارشىلىشىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. ھەر ئىككى تەرەپ كۈچ توپلاشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، پايدىلىق پۇرسەتنى تاللايتتى.

مامۇت 1934 - يىلى 8 - ئايدا، 6 - شىنىڭ شىجاڭى بولىدۇ، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى جۇڭگۇەن - ئەسكەرلەر 1500 نەپەردىن ئارتۇق، بۇلارنىڭ 80 پىرسەنتى ئۇيغۇر، قالغىنى قىرغىز بولۇپ، خوجانىياز، تۆمۈر، ئوسمانلارنىڭ قالدۇق قىسىملىرىدىن تەشكىللەنگەنىدى. مامۇت تۇرپان ئاستانىلىك چوڭ پومىشچىك بولۇپ، ئەنگلىيىگە يېقىنلىشىشنى تەشەببۇس قىلىپ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش سىياسىتىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يولغا قويىدىغىنى كوممۇنىزم، كوممۇنىزم بولسا دىنغا قارشى تۇرىدۇ دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ سىياسىي غايىسى شىنجاڭدا مۇستەقىل ئىسلام دىنىي ھۆكۈمىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى، شۇڭا ئۇ سابىت داموللا باشچىلىقىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» گە قاتنىشىدۇ. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» خام خىيالى بەربات بولغاندىن كېيىن، ئۇ قولىدىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەر رايونىنى ئۆزىنىڭ پايتەختىگە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، مەمۇرىي، ئەدلىيە، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى مامۇتنىڭ بۇيرۇقىسىز يولغا قويغىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەن. مامۇت دىنىنى قوغداش نامى بىلەن، جۇڭگودىن ئايرىلىپ، «ئىسلام ئۇيغۇر دۆلىتى» قۇرۇش توغرىسىدا داۋراڭ سالىدۇ. ئۇ شى قوماندانلىق شىتابىدا مەسچىت ياسىتىپ، ھەر قانداق ئەھۋال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممە ئادەمنىڭ بەش ۋاخ ناماز ئۆتىشىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇ «ئۆشرە»، «زاكات» دېگەن دىنىي باجنى مەجبۇرىي يىغىۋالىدۇ، بۇ باجدىن پايدىلىنىپ مەكتەپ ئېچىپ، ئۆزىنىڭ كۈچلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ؛ سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن پايدا ئالىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ، قوشۇنلار خەلق ئاممىسىدىن ئاشلىق، ئوت - سامان ۋە ھەر خىل ماددىي نەرسىلەرنى ئۆز مەيلىچە مەجبۇرىي ھالدا يىغىۋالىدۇ. پۇقرالار بۇ يىغىۋېلىنغان ئاشلىق، ئوت -

سامانىنىڭ مىقدارى توغرىسىدىكى ئىسپاتنى تەلەپ قىلسا، ئۇلار ئاشكارا
ھالدا: «بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ھۆججەت (يەنى ئىسپات) دېمەكلىمەك،
تاياق - توقماق دېمەكلىكتۇر» دېگەن. بۇنىڭ مەنىسى كىمكى ھۆججەت
تەلەپ قىلسا شۇ تاياق - توقماق يەيدۇ، دېگەنلىكتىن ئىبارەت①. ئادەتتىكى
پۇقرالارنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق بولۇپلا قالماي، دۆلەتمەن سودىگەرلەرمۇ
بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس ئىدى، سەللا بويۇن تولغىسا، ئاتارمەن - چاپارمەن-
لەرنى ئىشقا سېلىپ قەستەن چاتاق چىقىراتتى ياكى ياخشى ئادەم ئەمەس
دەپ قارىلىپ، تۇتقۇن قىلىناتتى، خالىغانچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىناتتى،
«ئۇلارنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرمىغۇچە بولدى قىلمايتتى»②. مامۇت يەنە
ئۇيغۇر يېزىقىدا «يېڭى تۇرمۇش گېزىتى» نى چىقىرىپ، بۆلگۈنچىلىكنى
تەرغىب قىلغان، قولچوماقلىرىنى ئىشقا سېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى
تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى چاپلاپ، ئارقىدىن خۇپسەنلىك بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ
ئۇنى تەكشۈرگەن. مامۇتنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى كىشىلەرنىڭ كۆڭلى-
گە ياقمايدۇ، شىڭ شىسەينىڭ نەزەرىدىنمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئەلۋەت-
تە. مامۇتنى يوقىتىشقا كۈچى يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، شىڭ شىسەي ئاساس-
لىقى پارچىلاش قاتارلىق سىياسىي تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ، قەشقەر رايو-
نىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى ۋە شىڭ شىسەينىڭ ئىشپىيون-
لىرى مامۇتنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ ۋە نازارەت قىلىپ، ھەمىشە
شىڭ شىسەيگە دوكلات قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار يەنە مامۇتنىڭ قول ئاستىدى-
كىلەرنى سېتىۋېلىپ تەكشۈرۈش نىشانىنى ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىغا قارى-
تىدۇ. مەسىلەن، مامۇتنىڭ قوشۇنىدىن كىچىك ئاخۇن، 1 - تۈەننىڭ
تۈەنجاڭى خەمىتلەر شىڭ شىسەي تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇنى
ھەمىشە ئاخبارات بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان، مامۇت بولسا بۇنى قىلچىمۇ
سەزمەستىن، يەنىلا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى دەپ بىلگەن. كېيىن
بۇ ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، مامۇت ئۇ ئىككىيلەننى توپىلاڭ ھارپى-

---

① «تىيانشان» 1 - توم، 6 - سان، 9 - بەت.
② «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىل) 5 - ئاينىڭ 11 - كۈندىكى سانى.

ـسىدا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.

شېڭ شىسەي جۇڭگوئەنلەرنى تەربىيىلەش نامى بىلەن مامۇتنىڭ قوشۇنىغا قارىتا پارچىلاش ئېلىپ بارغان. 1934 - يىلى 9 - ئايدا، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئوقۇتقۇچىلىرىنى مامۇتنىڭ قوشۇنىنى تەربىيىلەشكە ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئوقۇتقۇچىلىرى مامۇتقا ئۇيغۇر ياش جۇڭگوئەنلىرىنى تاللاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مامۇت ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن قۇربان سېيىت قاتارلىقلارنى تاشكەنتكە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. بۇ ئادەملەر 1935 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەربىيىلىنىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىدىيە جەھەتتە مامۇتقا قارشى مەيداندا تۇرۇشقا باشلايدۇ. شېڭ شىسەي مامۇتنىڭ كۈچىنى يەنىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن، دائىم مامۇتقا قىسمىدىكى لۈي، تۈمەن، يىڭ ھەتتا لىيەن دەرىجىلىك كادىرلارنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ تەربىيىلەشكە قاتناشتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ كۈچلىرىنى مامۇتنىڭ قىسىملىرىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شېڭ شىسەي مامۇتقا ھېسداشلىق قىلغان ۋە ئۇنى قوللىغانلارنىمۇ بوش قويۇۋەتمەيدۇ، ئۇلارغا جاھانگىرلارنىڭ گۇماشتىسى دېگەن جىنايى نامنى ئارتىپ، بىر - بىرلەپ قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، شېڭ شىسەي 1935 - يىلى يەنە ئادەم ئەۋەتىپ «يېڭى تۇرمۇش گېزىتى» نى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، مامۇتنىڭ بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلىدىغان تىلىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ.

شېڭ شىسەينىڭ قەدەممۇ قەدەم قىستىشى مامۇتنى خاتىرجەمسىزلىككە سېلىپ قويىدۇ، ئۇ كۆرۈنۈشتە شېڭ شىسەيگە ئاشكارا ھالدا قارشى تۇرۇشقا پېتىنالمىغاندەك قىلغان بىلەن، ئەكسىچە يوشۇرۇن ھالدا ئۇنىڭغا قورااللىق كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا ئاكتىپ تەييارلىنىدۇ. ئۇ ئۆز قول ئاستىدىكى ھۆكۈمەتپەرەس ئۇنسۇرلارنى تازىلىغاندىن كېيىن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى دىنىي، فېئودال كۈچلەر بىلەن ئالاقە باغلاشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، تۈركىيە، ئافغانىستان، ھىندىستانلارغا قېچىپ كەتكەن يۇرتداشلىرى ۋە ئەنگلىيە پەرەس كۈچلەر ئارقىلىق تاشقى ياردەم ئىزدەيدۇ.

ئابدۇللابەگ داموللا ئارقىلىق ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ نۇرغۇن پۇلىنى قوبۇل قىلىدۇ، لوپچىكى × × داموللىنى ياپونىيىگە شىنجاڭغا ئەسكەر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىشقا مەخپىي ھالدا ئەۋەتىدۇ، بۇ داموللا سەپەر ئۈستىدە توسۇۋېلىنغانلىقتىن، ئۇنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مامۇت يەنە ئاكتىپلىق بىلەن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئىمىن ۋايىت، مۆمىن ئاخۇن قاتارلىق ئىككى يېقىن ئادىمىنى نەنجىڭگە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدۇ. مۆمىن پانتۇركىست ئۇنسۇر مەسئۇد، ئەيسا قاتارلىقلار بىلەن ھەمدە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىكى باشقا مۇھىم ئەربابلار بىلەن بىرلىشىپ سوۋېتپەرەس شېڭ شىسەينى جازالاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا نەزەر سېلىشقا قۇربى يەتمەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا سەۋر تاقەت قىلىپ كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتىدۇ. مۆمىن ئاخۇن ئىلاجىسىز ھالدا 1000 كۆپرەك چاي سېتىۋېلىپ، گەنسۇ ئارقىلىق شىنجاڭغا قايتىدۇ، قۇمۇلدىن ئۆتۈشتە يولۋاس قىسىملىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچىگە يالاپ ئەۋەتىلىدۇ. ئىمىن ۋايىتنىڭ نەنجىڭ سەپىرىمۇ ئوخشاشلا ھېچقانداق نەتىجىلىك بولمايدۇ، ئۇ شىنجاڭغا قايتىشتا چۆلدە يولدىن ئادىشىپ قېلىپ، ئىلاجىسىز ھالدا يەنە نەنجىڭگە بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ①.

شېڭ شىسەي پەقەت پارچىلاش، سېتىۋېلىش چارىسىنى قوللىنىش بىلەنلا مامۇتنىڭ قىسىملىرىنى يوقىتىۋەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ، شۇ جايدىكى ئەڭ ئابرويلۇق چوڭ ئاخۇن غوپۇر داموللىنى تاللىۋېلىپ، ئۇنى مامۇت بىلەن ئۆزئەگە سوقۇشتۇرۇشقا سالىدۇ. 1935 - يىلى 4 - ئايدا، غوپۇرنى قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 2 - نۆۋەتلىك ئاممىۋى يىغىنغا قاتناشتۇرىدۇ. چوڭ يىغىندا غوپۇر ھەدەپ ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى تەرغىب قىلىپ، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ دىن بىلەن تامامەن بىردەك ئىكەنلىكى، ھەر ئىككىلىسىنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ

① باي ئېزىز: «مامۇت شىجاڭغا ئەگىشىپ ئۆتكۈزگەن 13 يىلىم»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 6 - سان، 142 - بەت.

بەخت ـ سائادىتىنى كۆزلەيدىغانلىقى ھەققىدە داۋراڭ سالىدۇ. سالاھىيىتى ۋە ئورنى تۈپەيلىدىن، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى تەشۋىق قىلىشتا ئۇ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئوينىيالمىغان روللارنى ئوينايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ چوڭ يىغىندا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىدۇ. قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، غۇپۇر يەنە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرى ۋە تەشەببۇسلىرىنى كۈچىنىڭ بارىچە تەرغىب قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى ھۆكۈمەتكە سادىق بولۇش، جاھانگىرلىكنىڭ پىتنە ـ ئىغۋا ۋە سۇيىقەستلىرىنى ئېچىپ تاشلاشقا چاقىرىدۇ. 1934 ـ يىلى، مامۇت غۇپۇر داموللىنىڭ ئوغلى مەمتىنياز مەخسۇمنى ھىندىستانغا، ئاندىن ياپونىيىگە ئەۋەتىپ، ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرمەكچى بولغاندا ھەمدە يول خىراجىتى ئۈچۈن 1000 رۇپىيە ئەۋەتكەندە، غۇپۇر تەرىپىدىن توسۇۋېلىنىدۇ. غۇپۇر يەنە مامۇتنىڭ خەلقتىن ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى ئۈچۈن سەدىقە يىغىش سىلىقىنى بىكار قىلىدۇ، مامۇت ئۇيۇشتۇرغان دىنىي جەمئىيەتنىڭ ۋەخپە تەئەللۇقاتلىرىنى ئىگىلىۋېلىشنى چەكلەيدۇ①. ئۇ يەنە ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن كېۋەز، كەندىر قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىشنى، توقۇمىچىلىق سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بۇ ھەرىكەتلەر مامۇتنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدۇ. 1936 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، شىڭ شىسەي قەشقەرنىڭ ۋالىيسى ۋاڭ باۋچيەنگە تېلېگرامما يوللاپ، ئۇنىڭ غوپۇر داموللىنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشىنى، غوپۇر داموللا باشچىلىقىدىكى بىر كەسپىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەكشۈرۈش، زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، مامۇت: غۇپۇر ئاللىقاچان شىڭ شىسەي تەرەپكە ئېغىپ كەتكەن خەتەرلىك ئۇنسۇر، بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىشى چوقۇم ئۆزۈم ئۈچۈن پايدىسىز دەپ قاراپ، 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كېچىدە ئادەم ئەۋەتىپ غۇپۇر داموللىنى موزدۇز كوچىسىدا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ؛ ئىككىنچى كۈنى ئۇ ئۆزى يەنە غۇپۇر داموللىغا تەزىيە بىلدۈرۈشكە قاتنىشىدۇ.

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىل) 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈندىكى سانى.

ماموت ئىككى نۆۋەت ئەنجاڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە باغلاشتا مەغلۇپ بولىدۇ، يەنە غوپۇر دامولىنى يوشۇرۇن ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شېڭ شىسەي زەھەرلىك قولىنى سالىدۇ دەپ قاراپ، 1936 - يىلى 12 - ئايدا ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىنى يىغىپ، قوراللىق ھالدا شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىنى مەخپىي پىلانلايدۇ. يىغىندا كۆپچىلىك كىشىلەر شېڭ شىسەيگە دەرھال قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئەمما كىچىك ئاخۇن سەللا تاقەتسىزلىك قىلساق چوڭ پىلان قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شېڭ شىسەينى سوۋېت ئىتتىپاقى قوللايدۇ، غەلىبىگە ئېرىشمەك تەس بولارمىكىن، بىرەر - ئىككى يىل كۈتۈپ تۇرۇپ ئاندىن بىر ئىش قىلايلى دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن، قوراللىق ھالدا شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش ئىشى ۋاقىتىنچە قويۇپ تۇرۇلىدۇ. بۇ قېتىمقى مەخپىي يىغىننىڭ مەزمۇنى 1 -تۈمەننىڭ تۈمەنجاڭى خەمىت تەرىپىدىن ليۇبىن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىغا دوكلات قىلىنىدۇ. 1937 - يىلى 2 - ئايدا، ماموت يەنە ئىككىنچى قېتىم ھەربىي ئىشلار يىغىنى ئېچىپ، قىسىملىرىنى يېڭىسارغا ئېلىپ بېرىپ شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇشنى پىلانلىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەربىيىلىنىپ كەلگەندىن كېيىن شىنىڭ سەنمۇجاڭى بولغان قۇربان سېيىتنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ، يىغىننىڭ ئەھۋالى يەنە كىچىك ئاخۇن تەرىپىدىن ليۇ بىنغا دوكلات قىلىنىدۇ.

ماموتنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى سۈيىقەست قىلغان خىلمۇخىل ھەرىكەتلىرىگە قارىتا، شېڭ شىسەي ئەلۋەتتە چىداپ تۇرالمايدۇ. شېڭ شىسەي ئۈچىنچى نۆۋەتلىك ئۆلكىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى ئېچىشنى باھانە قىلىپ، ماموتنى ئۆلكە مەركىزىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۈرۈمچىدە ئۇنىڭغا قول سالماقچى بولىدۇ. ماموت ئۆلكە مەركىزىگە بارسا ئۆزىنىڭ جەزمەن قولغا ئېلىنىدىغانلىقىنى پەملەيدۇ. شۇڭا، ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغانلىقىنى جاكارلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن يوشۇرۇن ھالدا ھەر قايسى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنى كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، ئۆزىنى شەھەردىن چىقارماسلىققا تەشكىللەيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن

ئورپاندىكى كارىز ۋە ئۆي - بىساتلىرىنى سېتىپ، 800 سەر ئالتۇن تەييارلاپ، قېچىشقا تەييارلىنىدۇ.

1937 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئەتىگەن سائەت يەتتە يېرىمدا، مامۇت ئاقتۇغا ئوۋ قىلغىلى بېرىش نامى بىلەن، ئىنىسى مۇسۇلباي ۋە ئاز ساندىكى ئۇماشتىلىرى، مەزكۇر شىددىكى ئاز ساندىكى جۇڭگۇەنلەرنى باشلاپ، قەشقەر كونىشەھەردىن قېچىپ چىقىپ، يېڭىسارغا بارىدۇ. مىتىش ئالدىدا 31 - تۇەن ۋە 34 - تۇەندىكى بارلىق ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق قىلىپ، ئابدۇللا نىيازنىڭ پۈتۈن شىددىكى قىسىملارغا ۋاكالىتەن قوماندانلىق قىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر مەغلۇپ بولسا يەكەنگە چېكىنىپ قايتىدىن ئورۇش قىلىشنى ئېيتىدۇ. مامۇت يەكەنگە بارغاندىن كېيىن، يەكەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئەي x x نى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ھەمدە پوسكام، مەكىت قاتارلىق ناھىيىلەرنى ئىگىلەپ، شۇ جايلاردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىدىكى بارلىق ساقچى، ئەمەلدارلارنى، ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ئۆلتۈرىدۇ؛ يەكەندىكى خەنزۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆلتۈرۈلىدۇ؛ بانكا، باج ئىدارىسى ۋە خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى، ئاتلارنى بۇلايدۇ؛ ساركول، يەكەن، پوسكام، مەكىت ناھىيىلىرىگە ھاكىم تەيىنلەيدۇ. مامۇتنىڭ پىلانى، يەكەندىكى قۇشراپنى تايانچ بازا قىلىپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىپ، قەشقەر كونىشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، مۇستەقىل ئىسلام ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇش خام خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن، بۆلۈنۈش ھامان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ. مامۇتنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا جېنىنى سېلىپ بېرىشنى خالىمايدۇ. خەلق ئاممىسىمۇ ئۇنىڭ قىلمىشلىرىغا لەنەت ياغدۇرىدۇ. مامۇتنىڭ ۋەتەننى پارچىلاش سۈيىقەستى بەربات بولۇپ، تاغ يولى ئارقىلىق، لاداق، كەشمىرلەردىن ئۆتۈپ، ھىندىستانغا قېچىپ بارىدۇ. 1944 - يىلى، مامۇت بېيپىڭدا ئۆلىدۇ.

مامۇت قەشقەردىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى، قىسىملىرىنى ئابدۇللا نىيازغا تاپشۇرىدۇ. مامۇت كېتىپ بىر قانچە سائەتتىن كېيىن، ئابدۇللا

نىياز دەرھال ئۆلكە قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىدۇ، يېرىم كۈن كەسكىن جەڭ
بولىدۇ، ئىچكى قىسىمدىكى بۆلۈنۈش تۈپەيلىدىن، قوشۇنىنىڭ يېرىمىنى
باشلاپ يەكەنگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ چاغدا دەل مالىيە نازارىتى-
نىڭ نازىرى خۇشۇكالىڭ باشچىلىقىدىكى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكى مالىيە-
نى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ، شېڭ شىسەي
خۇشۇكاڭنى تىنچلىق كېڭەشى ھەيئىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قىلىپ تەيىن-
لەيدۇ، قۇربان نىيازنى 6 - شىنىڭ مۇۋەققەت شىجاڭلىقىغا تەيىنلەپ،
قەشقەرنىڭ قېپقالغان مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.
1937 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئۆلكىلىك كومىتېتنىڭ 248-
قېتىملىق دائىمىي ئىشلار يىغىنى قارار قىلىپ، تاشقى ئىشلار مەھكىمى-
سىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ من
شيەنتىڭنى ۋاڭ باۋچيەنىڭ ئورنىغا قەشقەرنىڭ ۋالىيسى قىلىپ ئەۋەتىدۇ؛
قەشقەر ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ سەنمۇجاڭى جياڭ يۇفېننى
ليۇ بىننىڭ ئورنىغا قەشقەر ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇۋەق-
قەت قوماندانلىقىغا تەيىنلەيدۇ.

ئابدۇللا نىياز يەكەنگە قېچىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆزىنى 6 - شىنىڭ
شىجاڭى دەپ ئاتايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىككى تۈمەن ئەسكىرىي كۈچى
بار ئىدى. ئۇ دەرھال قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ماخۇسەن بىلەن
ئالاقە باغلايدۇ. ماخۇسەن گەرچە خوتەن رايونىنى ئۆزى يالغۇز ئىگىلەپ
تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ھەمىشە سىرتقا كېڭەيىشنى خىيال قىلاتتى،
شۇڭا ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئابدۇللا نىياز بىلەن بىرلىشىپ شېڭ
شىسەيگە قارشى تۇرۇشقا ماقۇل بولىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇرۇش
يەنە بىر قېتىم پارتلايدۇ.

ماخۇسەن قىسىملىرى 1934 - يىلى 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن
باشلاپ خوتەن رايونىغا كىرىپ ئورۇنلاشقان، بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت
ئىچىدىلا، يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنى يوقىتىپ، 36 - شى قارمىقىدىكى
توققۇز ئاتلىق لۈيدىكى 12 مىڭ 500 دىن كۆپرەك ئادەمنى خوتەن رايونى-
دىكى ھەر قايسى ناھىيىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، گۇما، پوسكامنى چېگرا

قىلىنىپ، شىنىڭ نىسسەي قىسىملىرى بىلەن قارىمۇ قارشى بولۇپ تۇرىدۇ. ماخۇسەن قىسىملىرى يەرلىك ھەر مىللەت خەلقىگە قارىتا ئىنتايىن دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ قىسىملىرى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانمايدۇ، بارلىق ھەربىي تەمىناتنى خەلق ئاممىسى تەمىن ئېتىدۇ، تېرىلغۇ ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كالا، ئاتلارمۇ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىپ تۈگەيدۇ. سودىگەرلەر كاپىتالىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بويىچە باج تاپشۇرىدۇ. شەھەر - بازارلاردىكى قول سانائەتمۇ قوشۇنلارنىڭ تالان - تاراج قىلىشى تۈپەيلىدىن، كۈندىن - كۈنگە زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ. بارلىق قول سانائەت كەسىپلىرىنىڭ ھەممىسى ھەربىي قىسىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ: تۆمۈرچىلەر قىلىچ، تاقا سوقىدۇ، تىككۈچىلەر ھەربىي كىيىم تىكىدۇ، كۆنچى - موزدۇزلار جۇۋا، ئېگەر ياسايدۇ ۋە تىكىدۇ، باپكارلار ھەربىي كىيىم تىكىش ئۈچۈن ماتا توقۇيدۇ، ياغاچچىلار ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرىدىغان سايمانلارنى ياسايدۇ، تامچىلار گازارمىلار ياسايدۇ، ۋەھاكازالار، ھۈنەرۋەن - ئۇستىلارنىڭ ھەممىسى ھەقسىز ئىشلەيدۇ، سەللا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ياقماي قالسا، تاياق - دۈمبا يەيدۇ، بەزىلىرى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ. كەڭ جاپاكەش ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ھەممىشە باج - سېلىقنى تاپشۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەنلىكتىن، ئېسىپ ئۇرۇلىدۇ، سولاپ قويۇلىدۇ، كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىنىدۇ، بەزىلىرى قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ، بەزىلىرى ئون نەچچە ياشلىق قىزلىرىنى جۇڭگومىن، سودىگەر، پومېشچىكلارغا خوتۇنلۇققا سېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ۋە خەلقنىڭ قارشىلىقىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، ماخۇسەن يەنە 13 ياشتىن يۇقىرى ئورغۇن ياشلارنى مەجبۇرىي ھالدا ئەسكەرلىككە تۇتىدۇ، باي ئائىلىلەر بولسا پۇل تۆلەش ياكى باشقىلارنى ياللاپ ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۆز باللىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلار نابۇت قىلىش شەكلىدىكى ھەربىي مەشىقنى باشتىن كەچۈرىدۇ، بەزىلەر بەرداشلىق بېرەلمەي، قېچىپ كېتىدۇ، بۇنداقلار تۇتۇپ كېلىنگەندىن كېيىن بولسا ئۆلۈم جازاسىغا

ئۇچرايدۇ. ھەربىي قىسىمنىڭ نامى بىلەن پۇقرالاردىن بۇلاپ - تالاپ كېلىنگەن نۇرغۇن پۇل، ماددىي بايلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى باشلىقلارنىڭ چۆنتىكىگە كىرىدۇ، ئاددىي ئەسكەرلەرنىڭ تۇرمۇشى بولسا يەنىلا ئىنتايىن جاپالىق ئۆتىدۇ، شۇڭا كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىپ مەشىققە چىقالمايدىغانلار ھەمىشە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال چېلىقسا، جۇنگۇەنلەر ئېغىر كېسەللەرنى كوچىغا سۆرەپ چىقىپ ئېتىپ تاشلايدۇ، ئاندىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ ئۇچىسىدىكى ھەربىي كىيىمنى سالدۇرۇۋېلىپ، كوچىدىن ئالدىغا ئۇچرىغان بىرىنى تۇتىدۇ - دە، ھېلىقى ھەربىي كىيىمنى ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ، ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى تولۇقلايدۇ[1]. ماخۇسەننىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى تۈپەيلىدىن، خوتەن رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىنتايىن زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، % 90 دېھقانلار ۋەيران بولۇشقا يۈزلىنىدۇ[2].

ماخۇسەننىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى خەلقنى بېسىم بىلەن بويسۇندۇرالمايدۇ، ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرەشلىرى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. ئەمما ماخۇسەننىڭ ئۇيغۇرلاردىن چىققان مىللىي مۇناپىقلار بىلەن بىرلىشىپ باستۇرۇشى تۈپەيلىدىن، بۇ قارشىلىق كۆرەشلىرىنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تۆمۈرچى ئاقتۇرسۇن قاراڭغۇ تاغدا 3000 دىن ئارتۇق ئادەمنى توپلاپ خوتەن بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلانغاندا، ئۆز مىللىتىدىن بولغان مۇلۇك ھەزرەت ۋالىينىڭ يالغان - ياۋىداق گەپلىرىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كەتكەنلىكتىن، قوزغىلاڭچى قوشۇن ماخۇسەن قىسىملىرىنىڭ قانلىق باستۇرۇشىغا ئۇچراپ، 1200 دىن ئارتۇق ئادەم قۇربان بولىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، تەۋەككۇل دېگەن يەردىن ئەخمەت يەنە 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەشكىللەپ، 30 تال يەرلىك مىلتىق بىلەن شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمغا ھۇجۇم قىلىدۇ، دۈشمەننىڭ نەچچە قې-

① مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىل) 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى».

② جى شياۋ: «ئالتە بۈيۈك سىياسەت رەھبەرلىكىدە ئىككى يىل ئىچىدىكى خوتەن رايونى»، «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ»، 3 - توم، 6 - سان.

تىملىق ھۇجۇمىنى ئۇدا مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ دۈشمەننى سەل چاغلىغانلىقتىن مەغلۇپ بولدى. قارىغاش ناھىيىسىدىن ئابدۇخېلىلمۇ 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەشكىللەپ خوتەن بازىرىغا يوشۇرۇنۇپ كىرىپ، مەلۇم جۈمە كۈنى ماخۇسەن مەسچىتكە جۈمە نامىزىنى ئوقۇغىلى كىرگەندە ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلاندى. ئۇلار گۆدەكلىك قىلىپ بۇ پىلاننى مۇلۇك ھەزرەت ۋالىيغا ئېيتىپ، بۇ مىللىي مۇناپىقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلدى، نەتىجىدە، ئابدۇخېلىلنىڭ تەقدىرىمۇ ئاقتۇرسۇننىڭكىدەك بولدى، ۋالىينىڭ ساتقۇنلۇق قىلىشى بىلەن، قارشىلىق كۆرسىتىش يەنە بىر نۆۋەت قانلىق باستۇرۇلدى①.

1936 - يىلى 7 - ئايدا، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، بىردەك ياپونغا قارشى تۇرايلى دېگەندەك بىر قاتار تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرى، مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى قاتلام خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، 14 - كۈنى، شىڭ شىسەي «يەتتە ماددىلىق ۋەتەن قۇتقۇزۇش پروگراممىسى» نى ئېلان قىلدى. ئۇ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بىر تەرەپتىن قىياپەت كۆرسىتىپ ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ نەزەرىدىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى نىيەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن خوتەندىكى ماخۇسەن بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، ئاتالمىش «سەمىمىي ئىتتىپاقلىشىش»، «ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىش»، «بىردەك ھەمكارلىشىپ يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش» قاتارلىق چىرايلىق شوئارلاردىن پايدىلىنىپ، خوتەن رايونىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كۈچى يېتىدىغان دائىرە ئىچىگە «ھەمكارلاشتۇرماقچى» بولدى. ماخۇسەنمۇ خوتەنگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەمىنات جەھەتتىكى ياردىمىگە ئېرىشىش نىيىتىدە بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇۋاتقان ماجۇڭيىڭمۇ 36 - شىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىنى قوبۇل قىلىشى، مەمۇرىي جەھەتتە شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش

① «ماخۇسەننىڭ خوتەندىكى ھۆكۈمرانلىقى»، شىنجاڭ تارىخ تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

لازىملىقى ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىدۇ. 1936 - يىلى 8 - ئايدا، ئىككى تەرەپ تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالاپ، ھەربىي جەھەتتە ئىككى تەرەپنىڭ پوسكام دەرياسىنى چېگرا قىلىپ، ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشمايدىغانلىقىنى، 36 - شىنىڭ يەنىلا خوتەندە تۇرىدىغانلىقىنى، ئەمما ئادەم سانىنىڭ 4000 دىن ئېشىپ كەتمەيدىغانلىقى، تەمىناتىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلىدىغانلىقى؛ مەمۇرىي جەھەتتە، خوتەننىڭ ۋالىيسى ۋە ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەيىنلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. مۇشۇ شەرتنامىگە ئاساسەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى جياڭ يىجۈننى ئالاھىدە ۋەكىل سۈپىتىدە خوتەنگە ئەۋەتىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە جياڭ يىجۈننى خوتەننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ خوتەنگە ماخۇسەن قىسىملىرىغا قارىتا مەشىق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇلارنىڭ ھەممىسىنى «ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپنىڭ يېڭى غەلىبىسى» دەپ قارايدۇ①.

شېڭ شىسەينىڭ قەدەممۇ قەدەم قىستىشى ماخۇسەننى ئەنسىزلىككە سالىدۇ، ئۇ يوشۇرۇنچە ئەنگلىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، قورال - ياراغ سېتىۋېلىپ ئەمەلىي كۈچىنى تولۇقلايدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە ماخۇت شېڭ شىسەيگە قارشى قوزغىلىدۇ، شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدىكى قىسىملىرىنى ۋاقتىنچە جەنۇبقا يۆتكەشكە ئامالسىز بولغانلىقتىن، تېلېگرامما يوللاپ ماخۇسەن قىسمىنىڭ خوتەندىن ئەسكەر چىقىرىپ، قەشقەردىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قوشۇنى بىلەن يەكەندىكى توپىلاڭچى قىسىملارغا ئىككى تەرەپتىن زەربە بېرىشكە بۇيرۇق بېرىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ بۇنىڭدىكى مەقسىتى ئۇرۇش داۋامىدا ماخۇسەننىڭ جانلىق كۈچىنى خورى-

① مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىل) 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ باش ماقالىسى: «خوتەندىكى 36 - شىنىڭ ئىختىيارى ھالدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بويسۇنغانلىقى ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يۈرگۈزگەنلىكنىڭ نەتىجىسى ۋە جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپنىڭ يېڭى غەلىبىسى».

ئىشتىن ئىبارەت ئىدى. ماخۇسەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن سەنمۇجاڭى بەي زېلى بىلەن بىرلىكتە بۇنىڭغا قارشى تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىپ، پۇرسەت كەلدى دەپ قارايدۇ ھەم 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، شىڭ شىسەيگە تېلېگرامما يوللاپ، «توپىلاڭچى قىسىمغا ھەرگىز ئەگەشمەيدىغانلىقى»، «قىسىملىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇلارنى قەتئىي يوقىتىدىغانلىقى»نى بىلدۈرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن بولسا ئابدۇللا نىياز بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. 1937 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ماخۇسەن قىسىملىرى قەشقەر كونىشەھەرنى ئىشغال قىلىدۇ. شەھەردىكى ئۆلكە ئەمەلدارلىرى بىردەك نەزەربەند قىلىنىدۇ. پەقەتلا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى قادىرھاجى شەھەر قولدىن كېتىشتىن بۇرۇن تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ساقچىلارنى باشلاپ قەشقەر يېڭىشەھەرگە قېچىپ كىرىۋالىدۇ. ئەتىسى، ماخۇسەن يەنە قەشقەر يېڭىشەھەر يېنىدىكى ئايرودرومنى ئىشغال قىلىدۇ ھەمدە قەشقەر شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، شىڭ شىسەيگە قارشى خىتابنامە ئېلان قىلىدۇ. 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ئابدۇللا نىياز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ پەيزىۋات، مارالبېشى، مەكىت، ئۈچتۇرپاننى ئىشغال قىلىدۇ. 5 - ئايدا، ئاقسۇغا يېقىن قىستاپ كېلىدۇ ھەمدە يېقىن يول بىلەن كۇچانى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى شايار، كورلا قاتارلىق جايلارغىچە يېتىپ بارىدۇ. ماخۇسەن ئۆز ئىلكىگە ئۆتكەن رايونلارغا قول ئاستىدىكىلەرنى مەسئۇل قىلىدۇ: ماسىڭگۇي قەشقەر يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. خوتەنگە مافۇيۈەن مەسئۇل بولىدۇ، يېڭىسارغا مارۇلۇڭ مەسئۇل بولىدۇ، كۇچاغا شيەن فۇخەي مەسئۇل بولىدۇ. ئۆزى يەكەندە تۇرۇپ، ھەر قايسى قىسىملارغا قوماندانلىق قىلىدۇ①.

شىڭ شىسەي جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىش بىلەن بىللە، قۇمۇلدىكى يولۋاسنىڭ كۈچلىرىنى يوقىتىدۇ. شىڭ شىسەي يولۋاسنى

① ليۇدېخې: «ماخۇسەن، ماموتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى توپىلىڭىنىڭ جەريانى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 6 - سان، 158 - بەت.

يوقىتىشنى ئىزچىل كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن. ئۇنىڭ سېلۇسى قۇمۇلدا ھۆكۈمەت كۈچلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە سىڭىپ كىرىش، پۇرسەت كۈتۈپ، يولۋاسنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. 1934 - يىلى قىشتا، قۇمۇلدا ئامانلىق ساقلاش شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرلاردىن ئىشپىيونلۇققا قوبۇل قىلىندۇ. 1935 - يىلى قۇمۇلغا ۋالىي تەيىنلىنىپ، يولۋاسنىڭ ھوقۇقى كىچىكلىتىلىدۇ، 1936 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپ-سىزلىكى ئىدارىسىنىڭ شتاتى كېڭەيتىلىپ، قوراللىق ساقچىلار كۆپەيتىد-لىدۇ، كۇشۇي، شىڭشىڭشيالاردا پەيچۇسولار تەسىس قىلىنىدۇ. قۇمۇل چازا چوڭ ئەترىتى تەشكىللىنىدۇ. مامۇت، ماخۇسەنلەرنىڭ قەشقەر، خو-تەندە توپىلاڭ كۆتۈرۈشى شىڭ شىسەيگە يولۋاسنى يوقىتىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ. 1937 - يىلى 5 - ئايدا، شىڭ شىسەي پىچانغا ئەسكەر كۆپەيتىپ، قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىدىغان ھالەتكە ئۆتىدۇ، يەنە ئايروپىلانلى-رىنى قۇمۇلنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا ئەۋەتىدۇ. يولۋاسنىڭ كۆپ ساندىكى قىسىملىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پارچىلىۋېتىلگەن، ئۇنىڭ ئۇ-زىمۇ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان بولۇپ، ماگىزىن-لارنى، بانكىنى بۇلاپ، چوڭ ئوغلىنى باشلاپ ئالدىراپ - تېنەپ نەنجىڭغا بېرىۋالىدۇ. ئۇنىڭ قېپقالغان بىر قىسىم جۇڭگۇەن ئەسكەرلىرى قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، نەتىجىدە ئەمەلگە ئاشمايدۇ. يولۋاس نەن-جىڭغا قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، شىڭ شىسەي نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگراما يوللاپ، يولۋاس ئەسكەرلىرى بىلەن توپىلاڭ كۆتۈردى، ئۇنى شىنجاڭغا يالاپ ئەكېلىپ بېرىڭلار دەيدۇ. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى كېيىن پايدىلىنىش ئۈچۈن دەل ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قارشى بىر تۈركۈم ئۇنسۇرلارنى ئۆز يېنىغا تارتىۋاتقان بولغان-لىقتىن، يولۋاسنى گۆھەردەك بىلىپ، شىڭ شىسەينىڭ تېلېگراممىسىغا پىسەنت قىلمايدۇ. مەسئۇت، ئەيسا قاتارلىقلار نەنجىڭدا يولۋاس ئۈچۈن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ ھەربىي تالانتىنى ھەدەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ھەربىي داھىي دەپ ماختايدۇ، مىللىي ھۆكۈمەت يەنە ئۇنىڭغا ھەربىي ئىشلار

كومىتېتىنىڭ جۇڭگىيالىڭ دەرىجىلىك كېڭەش ئەزاسى دېگەن پەخرىي نامىنى بېرىپ، ئۇنى يەنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. شىلىڭ شىسەي يولۋاسنىڭ كۈچلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ماۋۇت ۋە ماخۇسەنگە تاقابىل تۇرىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا، شىلىڭ شىسەينىڭ سەپەرۋەر قىلالايدىغان ئەسكىرىي كۈچى ئاران 4500 ئادەم ئۆپچۆرىسىدە بولغانلىقتىن، ئۇ ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھەر قايسى قىسىملار 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئاقسۇغا يېتىپ بارىدۇ. قوماندانلىق ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، دۇبەن مەھكىمە يېڭىمۇ كۈچادىن ئاقسۇغا يېتىپ بارىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، شياۋجيالىڭ ليۇ جىبېڭشىن باش قوماندان بولىدۇ. 10 ـ كۈنى، شياۋجيالىڭ جۇجىبېڭمىيەن دۇبەن مەھكىمە يېڭىنىڭ سەنمۇجاڭى بولىدۇ؛ سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسى ژۇكوۋمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بارىدۇ.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قوشۇنى ئالدى بىلەن غەربىي جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ مارالبېشىدىن ئىبارەت بۇ بىر مۇھىم ستراتېگىيىلىك تايانچ بازىغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلىدۇ، مارالبېشىدىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغىلى، مارالبېشىنى چىڭ ساقلاپ تۇرغاندا قەشقەر ۋە يەكەندىن چېقىپ شەرققە يۈرۈش قىلىدىغان ماخۇسەن قىسىملىرىنىڭ يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغىلى بولاتتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ ئاقسۇغا يىغىلىشتىن مەقسىتى، ئۇرۇشنى ئاقسۇنىڭ غەربىدىكى دائىرە ئىچىدە چەكلەپ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى؛ ماخۇسەننىڭ پىلانى بولسا ئاقسۇنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋە قالايمىقان قىلىش، كۈچانى ئاساسىي ھۇجۇم نىشانى قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەگەر كۈچا قولغا كەلسە، ئاقسۇدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قوشۇنىنى كۆپ ئىچىدىكى تاشپاقىغا ئايلاندۇرۇپ قويغىلى بولۇپلا قالماستىن، بىر يولىلا قاراشەھەر، تۇرپان، قۇمۇلغىچە بارغىلى، توقسۇندىن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلىپ ماجۇڭيىڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى قايتىدىن قۇرغىلى بولاتتى. شۇڭا، شىلىڭ شىسەي، ماخۇسەن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز مەقسىتىگە يېتىشتە، مارالبېشى مۇقەررەر

ھالدا تالىشىدىغان جاي ھېسابلىناتتى. 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قوشۇنى مارالبېشىنى ئىگىلىدى. ئەمما، ئۇن كۈندىن كېيىن يەنە ماخۇسەننىڭ 3000 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكىرى تەرىپىدىن شەھەر ئىچىگە قورشىۋېلىنىدۇ، ماخۇسەن قىسىملىرى سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ، شەھەر ئەتراپىدىكى كەنت - مەھەللىلەرنى ۋەيران قىلىۋېتىپ، نەچچە رەت خەندەك كولاپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ ياردەمگە كېلىشىنى توسىدۇ. 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ماخۇسەن قىسىملىرى يەنە خاڭگۇڭدىن ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاقسۇدىن جەنۇبىي چوڭ كۆۋرۈككىچە بولغان ئارىلىقتىكى قاتناشنى بۇزۇۋېتىدۇ، چيۇدەنتاۋ ئايرودرومىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاقسۇنى قورشىۋالىدۇ. جۇجېڭمىيەن ئايروپىلانلىرىنى ئىشقا سېلىپ بومباردىمان قىلىدۇ ھەمدە قىسىملىرىنى قايتۇرما زەربە بېرىشكە بۇيرۇيدۇ، ھەر ئىككى تەرەپتىن چىقىم بولىدۇ، 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگە كەلگەندە، ئاندىن ماخۇسەننىڭ ئاقسۇنى مۇھاسىرىگە ئالغان قىسىملىرى چېكىندۈرۈلىدۇ. 11 - كۈنى يەنە مارالبېشىدا قورشاۋدا قالغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قوشۇنى قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ، ئەمما ماخۇسەن قىسىملىرى ئانچە كۆپ چىقىم تارتمايدۇ. كۇچادىكى ۋاڭ خۇڭزاۋنىڭ قىسىملىرى ئاساسلىقى ھەربىي مەكتەپنىڭ بىرەر مىڭدەك ئوقۇغۇچىسىدىن تەركىب تاپقانلىقى، ئۇرۇش تەجرىبىسىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى سەۋەبىدىن، ماخۇسەن قىسىملىرىنىڭ قىستاپ زەربە بېرىشىگە ئۇدا ئۇچرايدۇ. ئايرودرومنى خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ.

شېڭ شىسەي كۈچىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، يەنە بىر قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشنى قارار قىلىدۇ. 9 - ئاينىڭ بېشىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونستانتىنوۋنىڭ باش قوماندانلىقىدىكى، شاكىر تۈەنجاڭلىقىدىكى ماشىنىلاشقان قىسمىنىڭ بىر تۈەنى، 40 ئايروپىلان، 20 تانكىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، ئۇلۇغچات ناھىيىسى چېگرىسىدىكى تۇرغات تاغ ئېغىزىدىن كىرىپ، ئەسلىدە ئۇلۇغچاتنى ساقلاۋاتقان مەۋلانوۋ ئاتلىق تۈەنى ۋە ئىسھاقبېكنىڭ ئاتلىق تۈەنى بىلەن قوشۇلىدۇ، ئۇلار ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ئاتلىنىدۇ: بىر

يولدىكىلەر ئۇدۇل مارالبېشىغا بېرىپ، ماخۇسەن قىسىملىرىنى ئىككى بۆلەككە ئايرىۋېتىدۇ، مارالبېشىنىڭ شەرقىدىكى ماخۇسەن قوشۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، مارالبېشىنىڭ غەربىدىكى ماخۇسەن قوشۇنى سوۋېت قوشۇنى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؛ ماخۇسەن قوشۇنىنىڭ قەشقەرگە قېچىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يەنە بىر يولدىكىلەر ئۇدۇل قەشقەرگە قاراپ يول ئالىدۇ. سوۋېت قوشۇنى مارالبېشىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، يەنە بۆلۈنۈپ قەشقەر، يەكەن، گۇمىغا ھۇجۇم قىلىدۇ؛ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قوشۇنى بولسا كورلا، كۇچادىن يولغا چىقىپ، شاياردىكى ماخۇسەن قىسىملىرىنى چېكىندۈرىدۇ، بۇ بىر قىسىم قالدۇق ئەسكەرلەر ئاقسۇ دەرياسى بىلەن يەكەن دەرياسىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىدا نەچچە كۈن ئايروپىلانلارنىڭ بومباردىمان قىلىشىغا ئۇچراپ، ئېغىر ھالدا زەخىملىنىدۇ، ئامان قالغانلىرى بولسا خوتەن تەرەپكە قاراپ قاچىدۇ. 10 - ئاينىڭ بېشىدا، قىرغىز ئاتلىق تۇەنى گۇمىغا كىرىدۇ، ماخۇسەن بەي زىلىنى ئېتىپ تاشلايدۇ. نۇرغۇن ئالتۇن، ئاز ساندىكى يېقىن ئادەملىرىنى ئېلىپ ھىندىستانغا قېچىپ كېتىدۇ؛ قەشقەر يېڭىشەھەردە قورشاۋدا قالغان ماسىڭگۇي تېلېگرامما يوللاپ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. سوۋېت قوشۇنى يەكەندە باش قوماندانلىق شتابى، قەشقەر، خوتەندە قوماندانلىق ئورنى تەسىس قىلىدۇ، قىرغىز ئاتلىق تۇەنى ۋە رۇس ماشىنىلاشقان تۇەنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەشقەر، خوتەندە تۇرۇپ، قالدۇق قىسىملارنى يىغىشتۇرىدۇ، 36 - شىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى پۈتۈنلەي يوقىتىلىدۇ.

شېڭ شىسەي ماموت، ماخۇسەن كۈچلىرىنى يوقىتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا تازىلاش ۋە چوڭ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، مىللىي باراۋەرلىك نىقابىنى پۈتۈنلەي يىرتىپ تاشلايدۇ. شېڭ شىسەي: ماموت، ماخۇسەننىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قۇتراتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ئۇنىڭغا ھەم جاھانگىرلار قول تىققان، ھەم بۆلگۈنچىلەر ئەگەشكەن دەپ قاراپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش شوئارى ئاستىدا، زور تۈركۈمدىكى

بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلتۈرىدۇ، ئۇلارغا باندىتلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپ تۈرمىگە تاشلايدۇ، شامەنسۇر، تۆمۈر، ئوسمان، مەمتىمىن، سابىت داموللا، مامۇت، ماخۇسەنلەرنىڭ تۈپلىگى بىلەن چېنىشلىقى بار دەپ قارالغانلار ھەمدە ئەنگلىيە، ھىندىستان سودىگەرلىرى بىلەن ئالاقە قىلغانلار بىردەك قولغا ئېلىنىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلتۈرۈلىدۇ.

خوتەن رايونى تىنچلانغاندىن كېيىن، جىلىڭ يىجۇن ۋالىي بولىدۇ. سوۋېت قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمى ئارقا - ئارقىدىن دۆلىتىگە قايتىدۇ، قىرغىز ئاتلىق تۇەنىنىڭ بىر قىسمى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، قەشقەر كونىشەھەر، خوتەنلەردە، ھەمدە جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىدىكى سايتۇلا، خىغىزجانگان قاتارلىق جايلاردا تۇرىدۇ، 1942 - يىلى شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرغاندىن كېيىن ئاندىن قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ.

# يەتتىنچى باب

# شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنىڭ شەكىللىنىشى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى

## 1 - بۆلۈم شىنجاڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە تۇتقان ئورنى

ياپون جاھانگىرلىكى ئىلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىنى بېسىۋال- غاندىن كېيىن، تاجاۋۇزچىلىق ئىبلىس قولىنى خۇابېي رايونىغا سوزدى. 1937 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، لۇگوچياۋ ۋەقەسى يۈز بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىدى. لۇگوچياۋ ۋەقەسى يۈز بېرىپ 2 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش توغرىسىدا مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىپ، «پۈتۈن مەملىكەت-

تىكى قىرغىنداشلار، ھۆكۈمەتلەر ۋە ئارمىيىلەر ئىتتىپاقلىشىپ، مۇستەھ-
كەم مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قار-
شى ئۇرۇش» نى چاقىرىق قىلدى. 8 ـ ئايدا، ياپون جاھانگىرلىكى ئۈز-
نىڭ ئۈچ ئايدا جوڭگونى مۇنقەرز قىلىش دېگەن تەلۋە ستراتېگىيىلىك
فانتجىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، نەنجىڭغا قىستاپ كېلىپ گومىنداڭ
ھۆكۈمىتىنى تولۇق تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىدى. ياپون باسقۇنچىلىرى
13 ـ كۈنى شاڭخەيگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلغاندا جۇڭگو قوشۇنىنىڭ
باتۇرلارچە زەربىسىگە دۇچ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن مەملىكەت مىقيا-
سىدا ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تورۇش مۇقەددەس
مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇش باشلاندى. 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى غەربىي شىمال قىزىل ئارمىيە-
نىڭ تەخمىنەن 30 مىڭ كىشىلىك ئاساسىي كۈچى خەلق ئىنقىلابىي
قوشۇنىنىڭ 8 ـ ئارمىيىگە ئۆزگەرتىلدى ۋە بۇ 8 ـ ئارمىيە دەرھال
شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىدىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ھۇجۇمى ئەنگلىيە،
ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى چوڭ پومېشچىكلار،
چوڭ بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىگە كۆندىن ـ كۈنگە ئېغىر تەھدىت
سالغانلىقى ئۈچۈن بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى گومىنداڭنى
ئۈزلۈكسىز تەنقىد قىلغانلىقى، گومىنداڭغا تورتكە بولغانلىقى، ھەيدەكچە-
لىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقە-
نىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تورۇش ھەرىكىتىنىڭ بېسىمى ئاستىدا،
ئاخىر پارتىيىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ
قۇرۇش تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 9 ـ ئايدا، جياڭ
جيېشى سۆھبەت بايان قىلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قانۇنىي
ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە ئىككى پارتىيىنىڭ ھەمكارلىقى مەسىلىسى
ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى پارتىيىنىڭ ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى رەسمىي شەكىللەندى، جۇڭگو-

نىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى.

گومىنداڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا بىر تەرەپلىمە قارشى تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا سۇكۇت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ياپون باسقۇنچىلىرى ئېلىمىزنىڭ كەڭ زېمى-
نىنى تېزلىكتە بېسىۋالدى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پايتەختىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ۋۇخەن، چۇڭچىڭغا يۆتكىدى. جۇڭگونىڭ دېڭىز بويى رايون-
لىرى ۋە مەركىزىي قىسمى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ياپون قوشۇنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، غەربىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب تەدرىجىي ھالدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئارقا سېپى بولۇپ قالدى. شىن-
جاڭ غەربىي شىمالدىكى چېگرا رايون، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئۇنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا باشقا ئۆلكە - رايونلار ئوينى-
يالمايدىغان مۇھىم رول ئوينىشىنى بەلگىلىگەن.

شىنجاڭ سوتسىيالىستىك دۆلەت - سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوشنىسى، ستالىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت كومپارتىيىسى، سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋە سوۋېت خەلقى جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنى دۇنيا پرولېتارلىرىنىڭ ۋە تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنىڭ فاشىزمغا قارشى كۈرىشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى دەپ ھېسابلىدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئىجرائىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى جۇڭگو-
نىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى پارتلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي دۇنيا پرولېتارلىرىغا خىتابنامە ئېلان قىلىپ، ھەر قايسى ئەل پرولېتارلىرىنى جۇڭگو خەلقىگە سىياسىي، مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتە خەلقئارا ياردەم بېرىشكە چاقىردى. 1937 - يىل 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، جۇڭگو، سوۋېت ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ياردەم قىلغان زور مىقداردىكى ھەربىي قورال - ياراغ، ماددىي ئەشيا، دورا، ليۇتچىك، ھەربىي مەسلىھەتچىلەر شىنجاڭدىن گەنسۇ، شەن-
شى ئارقىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە توختاۋسىز يەتكۈزۈلدى. شىنجاڭ مۇھىم خەلقئارا قاتناش تۈگىنى بولۇپ قالدى.

شىمالىي شىنجاڭ تاشيولى يەنى ئۈرۈمچى - ئىلى تاشيولى ۋە ئۈرۈمچى - قۇمۇل تاشيولىدا 1937 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، رەسمىي قاتناش باشلانغانىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، بۇ تاشيول قۇمۇلدىن شەرققە شىڭشىڭشياغا ئۇلىنىپ غەربىي شىمال تاشيولى بىلەن؛ غەربتە ئىلىدىن قورغاسقا ئۇلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقى تاشيولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى. 1938 - يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم قىلغان ئەشيالىرىنى توشۇشقا مەسئۇل ئورگان — جۇڭگو - سوۋېت قاتناش - ترانسپورت كومىتېتى قۇرۇلدى، سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1937 - يىلى 7 - ئايدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن تارتىپ 1938 - يىلى يازغىچە، 6000 توننىدىن كۆپرەك تۈرلۈك ماددىي ئەشيا شىنجاڭ ئارقىلىق ئالدىنقى سەپكە توشۇلغان، ئوتتۇرا تىپلىك، يىراق مۇساپىلىك ۋە ئېغىر تىپلىك بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنى ليۇتچىكلەر جۇڭگوغا ھەيدەپ ئاپاردى، قىرغۇچى ئايروپىلانلار بولسا چۇۋۇپ قۇمۇلغا ئاپىرىلىپ، ئۇ يەردە قۇراشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدىنقى سەپ بازىسىغا قاراپ ئۇچتى. 1937 - يىل 10 - ئايدىن 1939 - يىل 9 - ئايغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ياردەم قىلغان 985 ئايروپىلان، 82 تانكا، 1 مىڭ 300 نەچچە كاتيۇشا، 10 مىڭ 400 نەچچە پىلىموت ۋە ئوق - دورا، ئەسلىھە - ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈلدى①. 1940 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 300 نەچچە چوڭ تىپتىكى يۈك ماشىنىسى ئايروپىلان، زەمبىرەك، پىلىموت، بېنزىن، زاپچاس قاتارلىقلارنى بېسىپ قۇمۇلغا كەلدى، قايتىشىدا تۆلەم ھېسابىدا قەلەي، قوي يۇڭى، ئۆچكە تېرىسى، چاي، پاختا قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى ئېلىپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا، 1942 -

---

① دى يولىن باش تەھرىرلىكىدە تۈزۈلگەن «2 - دۇنيا ئۇرۇشى»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى 1981 - يىل 2 - ئاي نەشرى، 2 - توم 116 - 119 - بەتلەر؛ 3 - توم، 292 - 293 - بەتلەر.

يىلى ئەنگلىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن جۇڭگوغا ياردەم بېرىشكە كىرگۈزۈلگەن ماددىي ئەشيالىرىمۇ شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلدى[1].

شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە بۇ خەلقئارا قاتناش يولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىگە بىنائەن 1938 - يىلىنىڭ باشلىرىدا قىزىل 8 - تۇەننى قۇمۇلغا كىرىپ ئورۇنلىشىشقا ئەۋەتتى. قىزىل 8 - تۇەن نامدا تۇەن دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەسكىرىي كۈچى بىر لۈي (بىرىگادا) بولۇپ، ئايروپىلان، تانكا، زەمبىرەكلىرى بار ئىدى، شەرقتە شىڭشىڭشيا، ئاراتۇرۇك، شىمالدا بارىكۆلگىچە، جەنۇبتا لوپنورغىچە بولغان جايلار ئاشۇ تۇەننىڭ ئىلكىدە بولدى. شېڭ شىسەي سوۋېت قوشۇنىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىشتا، گومىنداڭنىڭ غەربىي شىمالنى گۈللەندۈرۈش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەپ قۇرۇشنى باھانە قىلىپ ئۆز كۈچىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى، شۇنداقلا مابۇفاڭنىڭ شىنجاڭغا بېسىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆزلىگەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا قوشۇن كىرگۈزۈشتە شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى، جۇڭگوغا ياردەم قىلىدىغان ماددىي ئەشيالار توشۇلىدىغان يولنىڭ راۋانلىقىغا، جۇڭگونىڭ ياپون جاھانگىرلىكىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلالماس قىلىپ قويالىشى ياكى قويالماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى قوشۇن تۇرغۇزغاندا ياپونىيە قوشۇنىنىڭ ئىچكى موڭغۇلدىن سۈيۈەن - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى بويلاپ شىنجاڭغا كىرىشىنى بىۋاسىتە توسقىلى بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتتى، چۈنكى شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىبىرىيە رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

شىنجاڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇ-

---

① شاۋلىزى: «سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەلچى بولۇپ تۇرغان كۈنلىرىمدىن ئەسلىمە»، «تارىخ ماتېرىياللىرى»، 60 - سان، 188 -، 193 - بەتلەر.

نىستىڭ پارتىيىسىنىڭ سوۋېت كومپارتىيىسى بىلەن ئالاقە قىلىشتا
پاردى - كەلدى قىلىدىغان قاتناش يولى بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ياپونىيە، ۋېيتنام قاتارلىق دۆلەتلەردىكى
كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرى دائىم دېگۈدەك موسكۋا بىلەن
يەنئەنگە بېرىپ - كېلىشتە شىنجاڭدىن ئۆتتى. 1939 - يىلى، قۇ-
مۇل - ئالمۇتا ھاۋا يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، بۇ خىل ئالاقىگە تېخىمۇ
قولايلىق بولدى. قۇمۇل - ئالمۇتا ھاۋا يولىنى ئېچىش سۆھبىتى
1938 - يىل 11 - ئايدا باشلاندى، بۇ سۆھبەت جۇڭگو قاتناش مىنىستىرلى-
قى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىكى ئەلچىخانىسى ئوتتۇرىسىدا
ئۆتكۈزۈلدى. 1939 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، چۇڭچىڭ - قۇمۇل
ھاۋا يولى رەسمىي ئېچىلدى، چۇڭچىڭدىن ئۇچقان ئايروپىلان ۋاقتىنچە
توختاپ ئەتىسى قۇمۇلغا كېلىدىغان بولدى، ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى
كۈچەيتىش ئۈچۈن، قۇمۇل - ئالمۇتا ھاۋا يولىنى ئېچىش زۆرۈر بولۇپ
قالدى. 1939 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، جۇڭگو قاتناش مىنىس-
تىرلىقى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىي خەلق ئاۋىئاتسىيە باشقۇ-
رۇش ئىدارىسى قۇمۇل - ئالمۇتا قەرەرلىك ئايروپىلان قاتناش توختامنامى-
سى، يەنى 16 ماددىلىق بەلگىلىمە ۋە ئۈچ قوشۇمچە ھۆججەت ئىمزالاندى.
توختامنامە ۋە قوشۇمچە ھۆججەتتە، جۇڭگو - سوۋېت ئىككى تەرەپ
ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قۇرۇش، شىركەتنىڭ 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرى
سەرمايىسىنى ئىككى تەرەپ تەڭ چىقىرىش بەلگىلەندى. باشقۇرۇش ھەيئى-
تى تەسىس قىلىنىپ شىركەتنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. ئالتە كىشى-
لىك باشقۇرۇش ھەيئىتىگە ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچتىن ئادەم ئەۋەتتى،
ئالمۇتىدا باشقۇرۇش ھەيئىتى، ئۈرۈمچىدە ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس
قىلىندى. توختامنامىدە توختامنامىنىڭ ئىناۋەتلىك ۋاقتى ئىمزا قويۇلغان
كۈندىن تارتىپ ئون يىلغىچە بولىدۇ، توختامنامىنىڭ مۇددىتى توشۇشتىن
بىر يىل ئاۋۋال، ئىككى تەرەپنىڭ بىرى توختامنامىنى بىكار قىلىشنى
قارشى تەرەپكە ئۇقتۇرمىسا، توختامنامىنىڭ مۇددىتى توشقاندىن كېيىن

يەنە بەش يىل ئۇزارتىلىدۇ، شىركەتنىڭ پايدىسىدىن ئىككى تەرەپ تەڭ بەھرىمان بولىدۇ، زىيىنىنى ئىككى تەرەپ تەڭ كۆتۈرىدۇ دەپ بەلگىلەندى. 1939 ـ يىلى قۇمۇل ـ ئالمۇتا ھاۋا يولىدا قاتناش باشلاندى، جۇڭگودىن ئۇچقان ئايروپىلانلار ھاۋا يولىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ ئۇچۇپ موسكۋاغا بەش كۈندە يېتىپ باردى، يەنى جۇڭگودىن قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن، جۇڭگو سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ قۇمۇل ـ ئالمۇتا ھاۋا يولى (ئۈرۈمچى ۋە ئىلىدىن ئۆتىدۇ) بىلەن ئالمۇتىغا؛ ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئالمۇتا ـ موسكۋا ھاۋا يولى بىلەن موسكۋاغا بارىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىخەتەر ھەربىي بازىسى ۋە 8 ـ ئارمىيىنىڭ تۈرلۈك تېخنىك ئەسكەرلەرنى يېتىشتۈرىدىغان ۋە تەربىيىلەيدىغان بازىسى بولۇپ قالدى. 1937 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شىنجاڭغا كىرگەن غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ تارماق ئەترىتى شىنجاڭدا ئايروپىلان، تانكا ۋە ماشىنا ھەيدەشنى، زەمبىرەك ئېتىشنى، سىمسىز تېلېگراف، داۋالاش تېخنىكىسى قاتارلىقلارنى ئۆگەندى، ئۇلار كېيىنكى چاغلاردا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تېخنىكىلىق ئەسكىرىي قىسىملىرىنىڭ تايانچلىرى ۋە رەھبەرلىرى بولۇپ قالدى. 1939 ـ يىلى شىنجاڭدا ئاۋىئاتسىيە تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتى قۇرۇلدى، سوۋېتلىك تەربىيىچىلەر جۇڭگولۇق ئۇچقۇچىلارنى تەربىيىلەشكە تەكلىپ قىلىندى. تەربىيىلەش ئورنى دەسلەپتە قۇمۇلدا ئىدى، كېيىن ئىلىدىكى ھەرەمباغقا يۆتكەلدى. ئىلى ئالدىنقى سەپتىن يىراق، ئىنتايىن بىخەتەر شۇنداقلا ئىلىنىڭ ھاۋا كىلىماتى ئۇچۇش مەشىقىگە مۇۋاپىق بولغاچقا، ئىلى ئاۋىئاتسىيە بازىسى قىلىشقا تازا باب جاي ئىدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن بولغاچقا، ماددىي ئەشيا ۋە تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم ئېلىشقا قولايلىق ئىدى. تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتىدە ئاساسەن قىرغۇچى ئايروپىلان لېيتچىكلىرى تەربىيىلىنەتتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىچكى ئۆلكە-

لەردىن قوبۇل قىلىنغانىدى. تەربىيىلەش ئورنىدا ئازادە ئۆيلەر، سۇ، توك، تېلېگراف ئەسلىھەلىرى، قورال - ياراغلار ۋە ئىستىھكام بار ئىدى. 1941 - يىلى ھەرەمباغدىكى ئاۋىئاتسىيە تەلىم - تەربىيە ئەترىتىدە 91 تەربىيىچى، 146 كۇرسانت، 90 نەپەر ئوقۇغۇچى، 118 تېخنىك، جەمئىي 463 كىشى بار ئىدى①.

1940 - يىل 6 - ئايدا، جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەت ئورۇمچىدە ئايروپىلان زاۋۇتى قۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە چۇڭچىڭدا سۆھبەتلەشتى. شۇ چاغدا جۇڭگو تېخى كۆرەشچى ئايروپىلان ياسىيالمايتتى، ياپون جاھانگىرلىكى بولسا ھاۋا ئارمىيىسى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈككە تايىنىپ، ئىچكىرىنى ۋەھشىيلەرچە بومباردىمان قىلىۋاتاتتى، جياڭ جېيشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش مەسلىھەتچىسىدىن شىنجاڭدا ئايروپىلان زاۋۇتى قۇرۇش مەسىلىسىنى قايتا - قايتا سۆيلىدى. سۆھبەت داۋامىدا، جۇڭگو تەرەپ زاۋۇت قۇرۇش مەبلىغى ۋە دائىملىق چىقىملىرىنى فابى (گومىنداڭنىڭ قەغەز پۇلى - ت) بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ تېگىشىش باھاسىدا ئامېرىكا دوللىرىغا سۇندۇرۇپ تۆلەشنى، جۇڭگو مەبلەغنىڭ بىر قىسمىنى تۆلەپ تۇرۇشنى، قالغان قىسمىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قەرز ئېلىپ تۆلەشنى؛ جۇڭگو تەرەپ زاۋۇتنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ، زاۋۇت باشلىقى ئەۋەتىشنى؛ سوۋېت تەرەپ تېخنىكا ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ باش ئىنژېنېر ئەۋەتىشنى؛ بەش كىشىلىك تەكشۈرۈش كومىتېتى زاۋۇتنىڭ كەسپىي ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. ئايروپىلان زاۋۇتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1 - يىلى 50 دانە $E_{16}$ تىپلىك بىر كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك ئايروپىلان، 70 دانە BS تىپلىك ئايروپىلان، 130 دانە $EO_{153}$ تىپلىك ئايروپىلان ئىشلەپ چىقاردى②.

شىنجاڭ يەنە ئىچكىرىدىن كەلگەن ئۇرۇشتا ماكانسىز، تايانچسىز قالغان نۇرغۇن مۇساپىرلارنىڭ ئورۇنلىشىدىغان جايى بولۇپ قالدى.

① جۇدۇڭجاۋ: «شىڭ شىسەي شىنجاڭدا». (2 - قىسىم).
② شىنجاڭ تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ ماتېرىيالى. 4846 - نومۇرلۇق.

1942- يىلى دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرى شىن خۇڭلىي ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شىنجاڭ دائىرىلىرى بىلەن خەلقئارا قاتناش - ترانسپورت ئاپتوموبىللىرىنىڭ قايتىشىدا ئاپەتكە ئۇچرىغان خېنەنلىكلەرنى شىنجاڭغا يۆتكەش مەسىلىسىنى مەسلىھەتلەشتى. 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭغا 3 مىڭ 981 كىشى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەمئىي 11 مىڭ 366 كىشى يۆتكەپ كېلىندى. 1944 - يىلى قىشتا، قۇتقۇزۇش كومىتېتىنىڭ چاڭئەن، پىڭلۇ، لوياڭ، چېيۇەنلەردىكى باشقارمىلىرى قېرىلار، ئۆسمۈرلەردىن 500 نەچچە كىشىنى شىنجاڭدا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەۋەتتى①. يۆتكەپ كېلىنگەن مۇساپىرلار ئىچىدە خېنەنلىكلەر ھەممىدىن كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا سەندۇڭلۇقلار كۆپ ئىدى، گەنسۇدىن كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى، ئۇلار ئاساسەن ئۈرۈمچى، جىمسار، مورى، يەتتە قۇدۇق، مىچۈەن، ماناس، سانجى، فۇكاڭ، گۇچۇڭ، قۇتۇبى قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

شىنجاڭ يەنە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا نېفىت، رەڭلىك مېتال، تۈرلۈك چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ياردەم قىلدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، بىر تۈركۈم جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىنجاڭغا كېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش، خەلقئارا قاتناش يولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش جەھەتتە زور تۆھپە ياراتتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى كوممۇنىستلارنىڭ ئۈگىتىشى، تەربىيىسىدە، تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇلۇغ ئۇرۇشقا ۋە يەنئەنگە ياردەم بېرىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە بىرلىكى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.

---

① «جۇڭخۇا مىنگو خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخباراتى» 873 - نومۇرلۇق، مىنگونىڭ 34 - يىلى 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئېلان قىلىنغان؛ 925 - نومۇرلۇق، مىنگونىڭ 34 - يىلى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئېلان قىلىنغان.

# 2 - بۆلۈم شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنىڭ شەكىللىنىشى

1936 - يىل 10 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن مەركىزىي ھەربىي كومىتېت نىڭشىيا ئۆلكىسىنى قولغا ئېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان خەلقئارا قاتناش يولىنى ئېچىپ، غەربىي شىمال دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياپونغا قارشى كۈرىشىنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن، قىزىل ئارمىيە 4 - يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي قىسىملىرى بىلەن قىزىل ئارمىيە 5 - جۈنتۇەنىنىڭ 20 مىڭدەك ئادىمىنى غەربكە يۈرۈش قىلىپ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، دەريادىن ئۆتكەن قىسىملار غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسى قىلىپ تەشكىللەندى. لېكىن، جاڭ گوتاۋ بىر پارچە يەرنى ئىگىلەپ مۇستەقىل پادىشاھلىق بولۇۋېلىش قەستىدە، مەركەزنىڭ پىلانىنى ئىجرا قىلىشنى دەستەك قىلىپ، چەت - چېگرا جايلارغا قېچىش ئىدىيىسىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇردى - دە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ نىڭشىيانى ئېلىش توغرىسىدىكى ستراتېگىيىلىك پىلانىنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ، غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنى تويۇق يولغا كىرگۈزۈپ قويدى. غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسى گەنسۇ تەۋەسىدە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، قورال - ياراغ، ئوق - دورىسى كۈندىن - كۈنگە خوراپ كەتتى، ئاشلىقتىن ناھايىتى قىسىلدى، ئۇلار دۈچ كەلگەن دۈشمەن فېئودالىزم زەھەرلىرى بىلەن قاتتىق زەھەرلەنگەن جاھىل مابۇفاڭ قوشۇنى ئىدى. ئۇ چاغدا چىلىيەنشەن تېغى ئەتراپىدا ھاۋا بەك سوغۇق ئىدى، ھەر كۈنى قار ياغاتتى،

جەڭچىلەر ئاچ - يالىڭاچ، ئۇنىڭ ئۈستىگە داۋاملىق ئۇرۇش قىلىپ، كۆپلەپ قىرىلىپ كەتتى، 20 مىڭ ئەسكىرى بار قوشۇندا ئاران 2000 دىن كۆپرەك ئادەم قالدى. 1937 - يىلى 3 - ئايدا، ئەسلىدىكى قىزىل ئارمىيە 4 - يۈنلىش ئارمىيىسىنىڭ 13 - جۈنىنىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئادىمى سولقانات تارماق ئەترەت بولۇپ تەشكىللىنىپ، پارتىزانلىق قىلغاچ غەربكە يۈرۈش قىلدى. 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، غەربىي يۈنلىش ئارمىيىسى سولقانات تارماق ئەترىتىنىڭ 400 دىن كۆپرەك ئادىمى جۇڭگو كوممۇنىس-تىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، لى جو-رەن، چېڭ شىسەي، لى شيەنىيەن قاتارلىق يولداشلارنىڭ باشچىلىقىدا گەنسۇ - شىنجاڭ چېگرىسىدىكى شىڭشىڭشىياغا يېتىپ كەلدى.

غەربىي يۈنلىش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرەلىشى ئاساسلىقى مەر-كەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن بولدى، ئاندىن ستالىننىڭ ھىممىتىدىنمۇ ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شېڭ شىسەي ئۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماموت جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىسيان كۆتۈرگەن بولۇپ، ئۆلكە ئارمىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭغا مېڭىش ئالدىدا تۇراتتى. شېڭ شىسەي غەربىي يۈنلىش ئارمىيىسىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ شىمالىي شىنجاڭ بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش غەرىزىدىمۇ بولغانىدى. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، چېن يۈن، تېڭ دەيۈەنلەر 40 نەچچە ماشىنىنى ئېلىپ شىڭشىڭشىياغا يېتىپ كېلىپ، ئۇزاق ۋاقىت قاتتىق جەڭلەرنىڭ سىنىقىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن غەربىي يۈنلىش ئارمى-يىسىنىڭ سولقانات تارماق ئەترىتىنى كۈتۈۋالدى. چېن يۈن پارتىيە مەر-كىزىي كومىتېتى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭ نامىدىن بارلىق كوماندىر - جەڭچى-لەردىن ھال سورىدى ۋە يولداشلارغا: ئىنقىلابىي كۈرەشتە غالىبىيەت بولىدۇ، مەغلۇبىيەتمۇ بولىدۇ، ئىنقىلابنىڭ جانلىق كۈچىنى ساقلاپلا قالا-لىساق، تەرەققىي قىلىپ كۆپىيەلەيمىز، سىلەر ھازىرقى بىر نەچچە يۈز كىشىدىن كەلگۈسىدە نەچچە مىڭ، نەچچە ئون مىڭغا يېتىپ، ئىنقىلابنىڭ

تېخىمۇ زور غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيسىلەر، دەپ ئىلھام بەردى[1].

غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ قالغان قىسمى شىڭشىڭشيادا ئازراق دەم ئېلىپ، 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئۈرۈمچىگە كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭدا پارتىيىنىڭ قوراللىق كۈچى پەيدا بولدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بار بولدى. بۇ قوراللىق كۈچ - غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ سولقانات تارماق ئەترىتى، پارتىيىنىڭ ۋەكىلى - چېن يۈن.

«7 - ئىيۇل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ ئەندىشىنى تۈگىتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى بەرپا قىلىشقا پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، پارتىيىمىز غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ سولقانات تارماق ئەترىتىنى «يېڭى گازارما» دەپ ئاتاشقا قوشۇلدى. بۇ ئاتاق يېڭى ئېلىنغان ئەسكەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۈرۈمچى خەلقى «يېڭى گازارما» نىڭ ئىستىلى ۋە سۈپىتىدىن بۇ ئارمىيىنىڭ شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىگە تۈپتىن ئوخشاشمايدىغان قوراللىق كۈچ ئىكەنلىكىنى، يېڭى گازارمىنىڭ قىزىل ئارمىيە، 8 - ئارمىيىنىڭ بىر قىسمى، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئارمىيە ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

يېڭى گازارمىنىڭ ۋەزىپىسى ھەربىي تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئارمىيىمىز ئۈچۈن تېخنىك قىسىملارنىڭ تايانچلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئىدى. يېڭى گازارمىنىڭ پۈتۈن خىزمىتىگە دەسلەپتە چېن يۈن (ئۆزگەرتكەن نامى شى پىڭ) مەسئۇل ئىدى. 1937 - يىل 7 - ئايدا يېڭى گازارما ئۆگىنىش ۋە مەشىق قىلىش ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنداش ئۈچۈن باش شتاب، ئۇنىڭ قارمىقىدا تۆت چوڭ ئەترەت قۇردى. ئۇ چاغدا جەڭچىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بەك تۆۋەن ئىدى. بەزىلىرى پەقەت مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، شۇڭا يەنئەندىن ئوقۇتقۇچىلىققا بىر

① 1980 - يىل 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، چېڭ شىسەينى زىيارەت قىلغاندا يېزىلغان خاتىرە.

تۈركۈم كادىر يۆتكەپ كەلدى. جەڭچىلەر خەت ساۋاتىنى چىقارغاندىن باشقا، سىياسىيمۇ ئۆگىنەتتى، سىياسىي دەرسنى چېن يۈن ئۆزى ئۆتەتتى. كۆپچىلىك قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مەلۇم دەرىجىدە مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ھەر خىل قىسىم تۈرلىرىگە خاس تېخنىكىلارنى ئۆگەندى.

1937 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرى، 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى نەنجىڭ، ۋۇخەن، شىئەن، چۇڭچىڭ، چاڭشا، گۇيلىن، لەنجۇ قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 8 - ئارمىيەنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنى ئاشكارا قۇرۇپ، ھەر ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى خىزمىتىنى كۈچەيتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ خەلقئارا قاتناش لىنىيىسىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاش، شىنجاڭنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مۇستەھكەم ئارقا سەپكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدە 8 - ئارمىيەنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇ چاغدا، شېڭ شىسەي بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ شەرت - شارائىتى بار ئىدى: 1. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى يولغا قويغان ئالتە بۈيۈك سىياسەت مەلۇم ئىلغارلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ تۈزۈشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولاتتى؛ 2. شېڭ شىسەي شۇ چاغدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغانىدى، 1936 - يىلى 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئۇ «يەتتە ماددىلىق ۋەتەن قۇتقۇزۇش پروگراممىسى» نى ئېلان قىلىپ: 1. جۇڭگونى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە قېرىنداشلار بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە سەمىمىي ئىتتىپاقلىشىشنى؛

2. تاجاۋۇزچىلىققا ۋە جۇڭگونى بۆلۈۋېلىشقا قەتئىي قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىش كېرەكلىكىنى؛ 3. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە قېرىنداشلار بارلىق ۋەتەن خائىنلىرى بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىشى لازىملىقىنى؛ 4. جاھانگىرلارغا قارىتا قارشى تۇرماسلىق سىياسىتىدىن ۋاز كېچىپ، قەتئىي، قاتتىق قول دىپلوماتىيە سىياسىتى قوللىنىشنى؛ 5. چەت ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي تاجاۋۇزىغا ۋە ئەتكەسچىلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشنى؛ 6. بارلىق كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى ۋە يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودىنى راۋاجلاندۇرۇشنى؛ 7. جۇڭگونى خەۋپتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، دۇنيادا بىزنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرىدىغان مىللەتلەر بىلەن ئورتاق كۈرەش قىلىشنى مۇراجىئەت قىلدى[①]

1937 - يىلى 10 - ئايدا، 8 - ئارمىيىنىڭ باش شتابى جۇشاجونى شىنجاڭغا بېرىپ شېڭ شىسەي بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئەۋەتىپ، 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنى رەسمىي قۇردى. تېڭ دەيۈەن (ئۆزگەرتكەن ئىسمى لى گۇاڭ) ۋەكىل بولدى. شىنجاڭنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىجتىمائىي - تارىخىي شارائىتىغا ئاساسەن، ئىش بېجىرىش ئورنى رەسمىي ۋىۋىسكا ئاسمىدى، سىرتقا قارىتا نەنلياڭ 3 - كۈتۈۋېلىش ئورنى دەپ ئاتالدى. 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ رەسمىي شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسەتتى. يېڭى گازارما بىلەن 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىلى رەھبەرلىك قىلدى. تۇنجى قېتىم پارتىيە ۋەكىلى بولغان چېن يۈن 1937 - يىلى 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، شىنجاڭدىن قايتتى. 1938 - يىلى 1 - ئايدا، چېن يۈننىڭ ئورنىغا دېڭ فا (ئۆزگەرتكەن

---

① شېڭ شىسەي «ھۆكۈمەتنىڭ تۆۋەتتىكى ئاساسىي ۋەزىپىلىرى»، 2 - قىسىم.

ئىسمى فاڭ لىن)، 1939 - يىل 6 - ئايدا، دېڭ فانىڭ ئورنىغا چېن تيەنچيۇ (ئۆزگەرتكەن ئىسمى شۈي جيې) پارتىيە ۋەكىلى بولدى.

شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئىكەنلىكىنى، فېئوداللىق كۈچىنىڭ ئۇلى چىڭلىقىنى، دىنىي ئاڭنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ھېسابقا ئې-لىپ، پارتىيىمىز شېڭ شىسەينىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىدىن پايدىلىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، شىنجاڭنى گۈل-لەندۈرۈشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، شىنجاڭدا كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلماسلىقنى، پارتىيە تەشكىلى قۇرماسلىقنى، پار-تىيە ئەزالىرىنىڭ كوممۇنىستلىك نامىنى ئاشكارىلىماسلىقنى قارار قىلدى. چۈنكى، ئۇ چاغدا شىنجاڭدا پرولېتارىيات پارتىيىسى قۇرۇشقا ئاممىۋى ئاساس يوق ئىدى. پارتىيىمىز شىنجاڭدا ئىچكىرىگە ئوخشاش ئىش كۆرمە-دى، شېڭ شىسەي بىلەن بىر خىل ئالاھىدە بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتىدە بولدى، ئاساسلىقى شېڭ شىسەينىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشى-غا، ئالتە بۈيۈك سىياسەت ئاساسىدىكى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىشىگە ياردەم بەردى، چۈنكى ئالتە بۈيۈك سىياسەت ئۇ ۋاقىتتا شىنجاڭغا ئەڭ مۇۋاپىق ئىلغار سىياسەت ئىدى.

شېڭ شىسەي پارتىيىمىز بىلەن ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ ئورناتقاندىن كېيىن، پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭنىڭ خىزمىتىگە ياردەم بې-رىش ئۈچۈن كادىر ئەۋەتىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن تەلەپ قىلدى. شېڭ شىسەينىڭ بۇ تەلىپىنى قويۇشى پارتىيىمىزگە بولغان دوستلۇقىنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، پۈتۈنلەي سىياسىي ئېھتىياجىنىڭ تەقەززاسى ئىدى. 1937 - يىل 8 - ئايدىن باشلاپ شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن-كى بىرىنچى قېتىملىق پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا كەڭ تازىلاشنى باشلى-دى، «سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» دېگەن بىر نىمىنى پەيدا قىلىپ، يۇقىرىسى مۇئاۋىن رەئىستىن تۆۋىنى ئاددىي پۇقراغىچە، خەنزۇلاردىن ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، تاتار، موڭغۇل، شىبە قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرگىچە، جۇڭگولۇقنىلا ئەمەس، سوۋېتلىككىچە ھەتتا سوۋېت كو-



6 ـ رەسىم، چېن تيەنچيۇ

مۇنىستلىرىغىچە قامىدى ياكى ئۆلتۈردى، بىۋاستە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار 1000 ـ 2000 دىن ئاز ئەمەس. بۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەي كادىردىن قىسىلىپ، پارتىيىمىزگە شىنجاڭغا كادىر چىقىرىش تەلىپىنى قويدى.



7 ـ رەسىم، 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى
خاتىرە سارىيىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى

## 3 ـ بۆلۈم جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش، مەدەنىيەت تەرەققىياتى

جۇڭگو كومپارتىيىسى شېڭ شىسەي بىلەن ئەمدىلا قۇرغان ياپونغا قارشى بىرلىكسەپنى مۇستەھكەملەش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاش، خەلقئارا قاتناش يولىنى مۇستەھكەملەش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش ۋە شىنجاڭدىكى ھەر

مىللەت خەلقىغە بەخت - سائادەت يارىتىش ئۈچۈن، ئۆزىدە كادىر قىلىنىقىغا قارىماي، شىڭ شىسەيتىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭغا بىر تۈركۈم كادىر، جۈملىدىن پارتىيىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان چېن تيەنچيۇنى ۋە دېڭ فا، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنى ئەۋەتتى، ئۇلار مۇشكۇل، مۇرەككەپ شارائىتتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش يولىدا كۆپلىگەن تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ھەر مىللەت خەلقىگە كۆپلىگەن ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە مېھىر - مۇھەببىتىگە ئېرىشتى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تىرىششى ۋە تەسىر كۆرسىتىشى، تەربىيىسى ئارقىسىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە دۈشمەنگە لەنەت ئوقۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ۋە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى كوممۇنىستلارنىڭ ئەھۋالى، يېڭى گازارمىدىكىلەر ۋە ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىدىكىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن مۇنداق بىر نەچچە خىلغا كىرىدۇ: 1. شىڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن پارتىيىمىز يەنئەندىن ئەۋەتكەنلەر؛ 2. يەنئەندىن شىنجاڭ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا داۋالانغىلى بېرىپ، شىڭ شىسەينىڭ تەلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رازىلىقى بىلەن شىنجاڭدا قېپقالغانلار؛ 3. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يەنئەنگە قايتىپ كېتىۋېتىپ شىنجاڭدا قالدۇرۇلغانلار؛ 4. يەنئەندىن ئۈرۈمچىگە داۋالانغىلى كەلگەن يارىدارلار، ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى. مەيلى قايسى خىلدىكىلەر بولسۇن، ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى، ئۆزىنىڭ كوممۇنىست نامىنى ئاشكارىلىمىغان، بىر مۇنچىسى يالغان ئات قويىۋالغان. لېكىن، ھەربىر كوممۇنىستنىڭ نامى - ئەمەلىنى شىڭ شىسەي بىلەتتى.

شىنجاڭغا چىققان كوممۇنىستلار ئاساسەن مەمۇرىي، مالىيە، خەلق ئىشلىرى، مائارىپ، ئاخبارات، مەدەنىيەت تارماقلىرىدا ۋە جامائەت تەشكى-

لاتلىرىدا رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىدى، بەزىلىرى ھەربىيدىمۇ ۋەزىپە ئۆتىدى. كوممۇنىستلارنىڭ تىرىشىشى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا بۇ مەزگىلدە ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە ھەر قايسى جەھەتلەردە ئاز - تولا يۈكسەلگەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ مالىيىسىدە قاتمۇقات قىيىنچىلىق بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈپ يىلتىزىدىن تۈگەتكىلى بولمايدىغان پارىخورلۇق، ئىسراپخورلۇق كېسىلى تۈپەيلىدىن شىنجاڭ مالىيىسىدە كىرىم چىقىمنى قامدىيالمايدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى. بولۇپمۇ كەلسە كەلمەس پۇل تارقىتىش ھادىسىسى كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ بارماقتا ئىدى. 18 مىڭ بىر يۈزدەك ئەسكەرنى ۋە 18 مىڭ ھۆكۈمەت خادىمىنى تەمىنلەش ئۈچۈن، 1933 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە بولغان بەش يىلدا ھۆكۈمەت 300 مىليارد سەر قەغەز پۇل تارقاتتى، 30 دانە تاش باسما كېچە - كۈندۈز پۇل بېسىپمۇ ئۈلگۈرتەلمەيتتى. كەلسە - كەلمەس پۇل تارقىتىش نەتىجىسىدە، پۇل پاخاللاشتى، 1936 - يىلغا كەلگەندە 4000 سەر قەغەز پۇل بىر سەر تەڭگىگە تەڭ بولۇپ قالدى. 1938 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە تېخىمۇ چۈشۈپ 5000 سەر قەغەز پۇل بىر سەر تەڭگىگە تەڭ بولۇپ قالدى. بەش يىلدا پۇلنىڭ كۇرسى 100 ھەسسە چۈشۈپ، جىمى جاھان زار قاقشاپ، ھۆكۈمەت ئامالسىز قالدى.

1938 - يىلى 2 - ئايدا، ماۋ زېمىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا داۋالانغىلى كېتىۋېتىپ شىنجاڭدىن ئۆتكەندە، شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رازىلىقى بىلەن، ئېتىنى جۇبىنغا ئۆزگەرتىپ شىنجاڭدا قېپقالدى. ماۋ زېمىن بۇرۇن فۇجيەن - گۇاڭدۇڭ، جىياڭشى ھەربىي رايونى ئىقتىسادىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، جۇڭخۇا سوۋېت ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمىتى دۆلەت بانكىسىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو ئىشچى - دېھقان دېموكراتىك ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتكە باشچىلىق قىلىشى بەك مۇۋاپىق

ئىدى. 1938 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ماۋ زېمىن مالىيە نازارىتىگە مۇئاۋىن نازىر بولدى، 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، مۇۋەققەت نازىر بولدى. ماۋ زېمىننىڭ مالىيە باشقۇرۇشتا مول تەجرىبىسى بار ئىدى، ئۇ مالىيە نازارىتىگە باشچىلىق قىلغاندىن كېيىن، مالىيىدىكى نۇقسانلارنى نەزەردە تۇتۇپ، «ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، باج مەنبەسىنى يېتىشتۈرۈش، كىرىمنى كۆپەيتىپ، چىقىمغا كاپالەتلىك قىلىش، كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىپ، تەڭپۇڭلۇقنى قولغا كەلتۈرۈش» فاڭجېنىنى بەلگىلىدى. بۇ فاڭجېنغا ئاساسەن، ماۋ زېمىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنى ۋە پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشقا كىرىشتى، مالىيە نازارىتى 1938 ـ يىلى ئۆلكىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ئاممىۋى يىغىننىڭ قارارىغا ئاساسەن، 1938 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، سودا بانكىسىنىڭ تەييارلىق ھەيئىتى قۇرۇلدى، جۇبىڭ مۇدىر بولدى. 1939 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى، ئۆلكىلىك بانكا سودا بانكىسىغا، بانكىنىڭ خاراكتېرى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشتىن ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر بىرلىشىپ باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى، ھۆكۈمەت بانكىسىدىن ئالىدىغان مەخسۇس پايدىنى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ بىۋاستە بەھرىمان بولۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى قۇرۇلۇشقا سەپەرۋەر قىلدى، خەلقنىڭ پېيىنى قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى. سودا بانكىسىنىڭ ئومۇمىي دەسمايىسى 500 مىليون يۈەن قىلىپ بەلگىلىنىپ، ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ توپلاندى، ھۆكۈمەت پېيى %60، سودىگەرلەر پېيى %40 بولدى، ئاممىنىڭ پاي قوشۇشىغا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن ھەربىر پاي 50 يۈەن قىلىپ بەلگىلەندى. سودا بانكىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئامما قوللىدى. مەسىلەن، ئالتاي تاغ رايونى كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونى بولغاچقا، 20 مىڭ يۈەنلىك پاي تەقسىم قىلىنغانىدى، نەتىجىدە يېرىم ئايغا قالماي 40 مىڭ يۈەنلىك پاي قوشتى①. تارباغاتاي سودا بانكىسىغا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى 100

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 28 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈندىكى سانىنىڭ 3 ـ بېتى.



8 - رەسىم، ماۋزېمىن

مىڭ يۈەنلىك پاي قوشۇشىنى بەلگىلىگەنىدى، نەتىجىدە 2057 يۈەن پاي، يەنى 102 مىڭ 850 سەر تەڭگە قوشتى①. سودا بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن تارماق بانكىلار كۆپەيتىلدى. 1939 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، باش بانكا بىلەن شۆبە بانكىلار تەڭ ئىش باشلىدى، ئۇنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن پۈتۈن شىنجاڭدا بىر كۈن دەم ئېلىندى. ھەرمىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ قىزغىن پاي قوشۇشى بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەيلا سودىگەرلەر قوشىدىغان پاي توشۇپ قالدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسىنىڭ قۇ-

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 28 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى سانىنىڭ 3 - بېتى.

رۇلۇشى ۋە ئىش باشلىشى ئۆلكىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش، تاپقان مەبلەغدىن پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى، سودا بانكىسى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىلا 309 مىلىڭ يۈەن، يەنى ئالدىنقى يىل شۇ مەزگىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق پايدا ئالدى. بانكا ئاپپاراتلىرىمۇ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ، 1942 - يىلغا كەلگەندە، بىر باش بانكا، 17 شۆبە بانكا، بىر ئامانەت پونكىتى، 13 ئىش باشقۇرۇش ئورنى، ئۈچ قوشۇمچە كەسىپ ئورنى قۇرۇلدى①.

1939 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، يەنە پۇل تۈزۈمى ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈلۈپ، «سەر» نى بىرلىك قىلغان كونا پۇل «يۈەن» نى بىرلىك قىلغان يېڭى پۇلغا ئۆزگەرتىلىپ، بىرىنچى تۈركۈمدە 10 مىليون يۈەن يېڭى پۇل تارقىتىلدى، دەسلەپتە بىر يۈەنلىك، بەش يۈەنلىك ئىككى خىل پۇل تارقىتىلدى، كېيىن ئون يۈەنلىك، ئۈچ يۈەنلىك، بەش مولۇق، ئىككى مولۇق، بىر مولۇق، بەش پۇڭلۇق، ئۈچ پۇڭلۇق بولۇپ جەمئىي ئون خىل پۇل تارقىتىلدى، يېڭى پۇل ئالتۇن، كۈمۈشنى ئاساس قىلغاچقا، يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ۋە ئالقىشىغا ئېرىشتى. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سودىگەرلەر باھانى ئۆزلۈكىدىن ئەرزانلاتتى. ئۈرۈمچى باش سودىگەرلەر جەمئىيىتى 1937 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، «سودا ساھەسىدىكى قېرىنداشلارنىڭ يېڭى پۇلنى ھىمايە قىلىش خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا، پۇل تۈزۈمىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ ئۇتۇقى، دەپ كۆرسىتىلىش بىلەن، يېڭى پۇل تارقىتىلغان كۈنى ئۈرۈمچىدىكى بارلىق سودىگەرلەر يېڭى پۇلنى قوللاش ئۈچۈن ئۈچ كۈن باھانى ئەرزانلىتىپ، % 10 چۈشۈرىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن②. شۇ

① يېڭ جىيۇەن: «شىنجاڭنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى مالىيىسى ۋە پۇل مۇئامىلىسى»

② مىنگونىڭ 28 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 3 - بېتى.

مۇناسىۋەت بىلەن جايلاردا مال باھاسى بارا - بارا چۈشتى. كونا پۇلنى يېڭى پۇلغا تېگىشىش نىسبىتى مۇنداق بولدى: 4000 سەر كونا ئۆلكە پۇلى بىر يۈەن يېڭى پۇلغا تەڭ، 160 سەر قەشقەر پۇلى (قەشقەر تەۋەسىدە ئاقىدىغان بىر خىل قەغەز پۇل) بىر يۈەن يېڭى پۇلغا تەڭ. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ھۆكۈمەت شىنجاڭ بويىچە پۇلنى «يۈەن» نى بىرلىك قىلىپ ئۆزگەرتىش، ئۆلكە پۇلى بىلەن قەشقەر پۇلىنى قوشۇمچە قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئاممىنى كونا پۇلنى يېڭى پۇلغا تېگىشىشكە چاقىردى. 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، باش سودا بانكىسى 100 مىليون سەر كونا ئۆلكە پۇلىنى كۆيدۈردى، ھەرقايسى ۋىلايەتلەر مۇشۇ قاتاردا كۆيدۈردى. 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ھۆكۈمەت 1940 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ كونا پۇلنى بىكار قىلىش، بازاردىكى سودا - سېتىقتا، پۇل مال ئېلىم - بېرىمدە، پاراق، باج تاپشۇرۇشتا ئۆلكە پۇلى، قەشقەر پۇلىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ[1]، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. شىنجاڭ بويىچە پۇل بىرلىككە كەلدى. كوممۇنىستلارنىڭ تىرىشىشى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، بىر يىل ئىچىدە، تارىختىكى پۇل قالايمىقانچىلىقى تۈگىتىلىپ، شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم بىرلىككە كەلگەن پۇل تۈزۈمى ۋۇجۇدقا كەلدى. پۇل تۈزۈمىنىڭ بىرلىككە كېلىشى مالىيە، پۇل مۇئامىلىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ياپونغا قارشى ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ مەزگىلدە مالىيە - ئىقتىساد ئەھۋالىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنىڭ مالىيە خىزمىتىنى ئىشلىگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نۇرغۇن ناھىيىدىكى مالىيە، باج ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى كوممۇنىست بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئىس-

---

① «چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 5299 - نومۇرلۇق ئېلانى». مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 4 - بېتى.

تىلى شىباڭ شىسەينىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭكىگە پەقەت ئوخشاشمايتتى، ئۇلار ماۋ زېمىن رەھبەرلىكىدىكى مالىيە نازارىتىنىڭ فاڭجېنىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇراتتى. 1937 - يىلى 11 - ئايدا، مالىيە تەپتىش ھەيئىتى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ بوغالتىرلىق تۈزۈمىنى يېڭىلاش توغرىسىدا بەش ماددىلىق تۈزۈم تۈزۈپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئىدارىلەردە 1940 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ھۆكۈمەت تۈزۈپ بەرگەن ھېساب دەپتىرىنى قوللىنىشنى، 1940 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئۆلكىنىڭ بوغالتىرلىق تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى بەلگىلىدى. بۇ مۇھىم تەدبىر دىيانەتلىك سىياسەتنى مۇستەھكەملەشنىڭ كاپالىتى ئىدى. 1941 - يىلدىن باشلاپ مالىيە ئورگانلىرى ئۆزگەرتىلدى. بۇرۇنقى مالىيە نازارىتى قارمىقىدا 14 مالىيە ئىدارىسى، ھەربىر مالىيە ئىدارىسى قارمىقىدا بىر نەچچىدىن ناھىيىلىك باج ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆت مۇستەقىل باج ئىدارىسى قۇرۇلدى، بۇنداق ئورگان مەمۇرىي ئورگانلار بىلەن ئوخشاش بولمىغانلىقتىن باشقۇرۇشقا قولايسىز ئىدى، ئۇنىڭدا نۇقسان كۆپ ئىدى. 1941 - يىلدىن باشلاپ ھەربىر ۋىلايەتتە بىردىن باج ئىدارىسى، قارمىقىدىكى ناھىيىلەردە ناھىيىلىك باج ئىدارىسى قۇرۇلدى①، بۇنىڭ بىلەن مالىيە ئورگانلىرى مەمۇرىي ئورگانلار بىلەن بىردەك بولۇپ، مالىيە ئۈستىدىن نازارەت قىلىشقا قولايلىق تۇغۇلدى.

بۇ مەزگىلدە پاراق ئېلىشتىكى نۇقسانلارنى تۈگىتىش توغرىسىدا كۈچ چىقىرىلدى. يالڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلار دەۋرىدىن بېرى پاراق ئېلىش چارىسى خىلمۇ خىل بولۇپ، نۇقسان بەك كۆپ ئىدى. ئەۋرىشكە ئاشلىق، كەپتەر ئاشلىقى، چاشقان ئاشلىقى، خوراز ئاشلىقى دېگەنگە ئوخشاش نامىلار بىلەن قىستەن كۆپ ئالاتتى، پاراق ئاشلىقىنى كەملەشتە خونى تېپىۋېتىپ، دۆۋىلەپ ئېلىپ، ئارتۇق ئالغان ئاشلىقنى پاراق يىغقۇچىلار ئۆلىشىپ، ھەر يىلى نۇرغۇن ئاشلىق ئوندۇرۇۋالاتتى. بۇنداق ئىللەتلەر

① يالڭ جىيۇن: «شىنجاڭنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى مالىيەسى ۋە پۇل مۇئامىلىسى».

شىڭ شىسەيىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ئاز تولا تۈزىتىلگەن بولسىمۇ، ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئىشنى ئۆزگەرتىش تەس بولغاچقا، ئەھۋال بەك ئېغىر ئىدى. 1938 - يىلدىن باشلاپ، كوممۇنىستلار بارلىقى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە بۇنداق ئىللەتلەر تازىلاندى. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ بويىچە پاراق نىسبىتى، پاراق ئاشلىقنىڭ تۈرى، ئۆلچەش ئەسۋابلىرى ئوخشاش بولماسلىق ئەھۋاللىرى ئۇزۇندىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەنىدى. پاراق نىسبىتىنى ئالساق، شىمالىي شىنجاڭدا ئۈرۈمچى، ئىلى، قومۇل ئالتاي تۆت ۋىلايەتتە بىر خىل ئۆلچەم، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە باشقا بىر خىل ئۆلچەم قوللىنىلغان بولۇپ، بەك نامۇۋاپىق ئىدى. پاراق ئاشلىقنىڭ تۈرىنى ئالساق، بەزى جايلار بۇغداي، بەزى جايلار قارا ئاش ئالغان، ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى ئالساق، بىيجىڭ كۈرسى شەھەر كۈرسى، چارەك (چارەك-مۇ كونا جىڭ ھېسابىدا 16 جىڭدىن 21 جىڭغىچە، ئوخشاش ئەمەس)، پۇت ئارىلاش قوللىنىلغان. مانا بۇلار پاراق يىغقۇچىلارنىڭ خىيانەت قىلىشىغا شارائىت تۇغدۇرۇپ بەرگەن. بۇ نۇقسانلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن، 1941 - يىلى: 1. پاراق نىسبىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شىمالىي شىنجاڭدا بىر خىل نىسبەت قوللىنىش؛ 2. پاراق ئېلىشتا بۇغداينى ئۆلچەم قىلىش؛ 3. بىيجىڭ كۈرسى، چارەك، پۇتنى بىكار قىلىپ، بىردەك شەھەر كۈرسى قوللىنىش بەلگىلەندى. بۇنىڭ بىلەن پاراق يىغقۇچىلارنىڭ خىيانەت قىلىشىغا يوچۇق قالمىدى، تۇغرىدىن - تۇغرا خەلققە پايدا يەتكۈزۈلدى.

بۇ مەزگىلدە تۇياق بېجى تەرتىپكە سېلىنىدى، تۇياق بېجى ھەيئىتى تەشكىل قىلىنىدى ھەم باج ئوغرىلاش، باج قاچۇرۇش ئازايتىلدى، ھەم سېلىق ئەقىلگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى. 1939 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، مالىيە نازارىتى قايتا تۈزۈلگەن 24 ماددىلىق تۇياق بېجى نىزامنامىسىنى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا تۇياق بېجىغا نەق پۇل ۋە قوي ئېلىش، ئات، كالا ئىگىلىرىدىن باجغا ئات، كالا ئالماي، قويغا سۇندۇرۇپ ئېلىش ياكى نەق پۇل ئېلىش، چارۋا ئىگىسىدىن % 3 باج ئېلىش، لېكىن چارۋىنى جۈتتىن

ساقلىيالىغۇدەك قوتان ياسىغان ۋە ئۆز قولىدىكى ھەربىر چوڭ چارۋىغا يېتەرلىك ئوت توپلىغانلاردىن تېگىشلىك باجنىڭ 3دىن 2 نى كۆتۈرۈۋېتىش، دېھقانلار باققان ئاز ساندىكى چارۋىلارغا باج ئالماسلىق، مەسچىت ۋە كورەلەرنىڭ ۋەخپە قويلىرىدىن 500 گە يەتمىگەن بولسا باج ئالماسلىق بەلگىلەندى. باجنى تېز ئېلىش ئۈچۈن، باجنى بەلگىلەنگەن مۇددەتتە ئېلىپ بولغان باج خادىملىرىغا 1% مۇكاپات بېرىش بەلگىلەندى①.

1940 - يىلدىن باشلاپ تۇياق بېجى چارۋىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ، چوڭ چارۋىدىن 3%، كىچىك چارۋىدىن 5% ئېلىنىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1942 - يىلى ئېلىنغان تۇياق بېجى 32 مىليون يۈەن بولۇپ، پاراقىنىڭ سانى بىلەن ئوخشاش بولغان.

بۇ مەزگىلدە، باشقا باجلارنىڭ بەزىلىرى كۆپەيتىلدى، بەزىلىرى ئازايتىلدى. 1938 - يىلى تارازا بېجى، كۆمۈر بېجى، قان بېجى، ھايانكەشلىك بېجى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1941 - يىلدىن باشلاپ، تاشيول، يېنىك سانائەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئويۇن بېجى ۋە ھاراق-تاماكا بېجى ئېلىنىدىغان بولدى. 1942 - يىلى ئاشلىق بېجى، ئۆي بېجى، يول بېجى، مىراس بېجى، تىجارەت بېجى ئېلىنىدىغان بولدى.

يولداش ماۋ زېمىن كىرىمنى كۆپەيتىش، چىقىمنى ئازايتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە بىر مۇنچە ياخشى تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، كانچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تاشقى سودىنى يولغا قويۇپ، مالىيىنى تولۇقلاپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، مالىيە قىزىل رەقىمىنى تۈگىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى پەيدىنپەي ياخشىلاشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ماۋ زېمىن يۈيشىن يەرلىك ماللار شىركىتىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ قوي يۇڭى، ئۈچەي، تېرە، قۇرۇق مېۋە قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى سوۋېتكە چىقىرىپ، كۈندىلىك بۇيۇملار ۋە سانائەت مەھ-

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگو 28 - يىلى (1939-يىلى) 4 - ئاينىڭ 7 - كۈندىكى سانى.

-ۇلاتلىرىنى ئېگىلىشىپ كەلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا ھىندىستان، ئافغانىس-
تان قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەر بىلەن تاشقى سودا يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ
بىلەن بازار جانلاندى، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلاندى. دېھقانچىلىق جەھەتتە،
ئۇ بوز يەر ئېچىش، ئېرىق - ئۆستەڭ، سۇ ئامبىرى ياساشنى؛ چارۋىچىلىق
جەھەتتە چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇشنى، بىر نەچچە باشقۇرۇش رايونىغا
ئايرىپ، ھەربىر باشقۇرۇش رايونىغا مەخسۇس خادىم ئەۋەتىشنى ئوتتۇرىغا
قويدى. ئۇ يەنە قوتان ياساش، مال دوختۇرى يېتىشتۈرۈش، قىشلىق
ئوت - چۆپ توپلاش چارىلىرىنى، كانچىلىق جەھەتتە، نېفىت كېنى،
كۆمۈر كېنىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى ۋە ئالتۇن،
كۆمۈر قېزىشنىڭ كونكرېت چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.
ماۋزېمىن مالىيە نازارىتىدە ئىشلىگەن مەزگىلدە، 1941 - يىلى
4 - ئايدا قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىلدى. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش زايومى
تارقىتىشتىكى مەقسىتى - قۇرۇلۇش كۆچىنى ئاشۇرۇپ، ئىككى - ئۈچ
يىللىق قۇرۇلۇش پىلانىنى چاپسان ئورۇنداش؛ ئارقا سەپنى كۈچەيتىپ،
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپتە تېخىمۇ زور غەلىبىنى قولغا
كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش؛ خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈ-
رۈش، ماددىي تۇرمۇشىنى ياخشىلاش دېگەندى. قۇرۇلۇش زايومىنىڭ
ئومۇمىي مىقدارى 4 مىليون يۈەنلىك بولۇپ، 4 مىليون شىنجاڭ ئاھالى-
سىگە بىر يۈەندىن توغرا كېلەتتى، ئۆسۈمى بىلەن دىرىنى ئون يىلدا
قايتۇرۇش بەلگىلەنگەندى، ئەمەلىيەتتە 6 مىليون 650 مىڭ يۈەنلىك
زايوم تارقىتىلىپ، پىلان ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. دېمەك، خەلق قۇرۇلۇش
زايومىغا ھەمكارلىشىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى.
مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى ئىسلاھ قىلىنغان ۋە ياخشىلانغانلىقتىن،
بۇ مەزگىلدە ئىگىلىك مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. سودا بانكىسى
ئىشلەپچىقىرىشنى ئالغا سۈرۈش رولىنى ئوينىدى، ھۆكۈمەتنى يېزا ئىگى-
لىكىگە يار - يۆلەك بولۇش، قەرز بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلدى.
ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە بەرگەن پۇل ۋە ماددىي ئەشيا ياردىمى

يىلــدىــن - يىلغا كۆپەيدى. 1938 - يىلى دېھقانچىلىققا 400 مىلڭ يۈەن پۇل، 30 مىلڭ دەن ئۇرۇقلۇق، 200 ئۆي، 1500 ئات ياردەم بەردى. 1939 - يىلى 475 مىلڭ يۈەن پۇل، 41 مىلڭ دەن ئۇرۇقلۇق ياردەم بەردى. 1940 - يىلى 518 مىلڭ يۈەن پۇل، 680 مىلڭ دەن ئۇرۇقلـۇق يـاردەم بـەردى. 1941 - يىلى 1 مىليون يۈەن پۇل، ئالدىنقى يىلدىكىگە ئوخشاش مىقداردا ئۇرۇقلۇق ياردەم بەردى. 1942 - يىلى 1 مىليون يۈەن پۇل، 70 مىلڭ 340 دەن ئۇرۇقلۇق ياردەم بەردى①.

بۇ مەزگىلدە تېرىلغۇ يەر كېڭەيدى. 1938 - يىلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 602 مىلڭ 810 مو كۆپىيىپ، 5 مىليون 875 مىلڭ 477 موغا يەتتى. 1939 - يىلى 715 مىلڭ 855 مو كۆپەيدى. 1940 - يىلى 844 مىلڭ 300 مو، 1941 - يىلى 1 مىليون 31 مىلڭ 200 مو، 1942 - يىلى 1 مىليون 114 مىلڭ 400 مو كۆپەيدى. شۇنداق قىلىپ، ئۆلكە بويىچە تېرىلغۇ يەر 9 مىليون 581 مىلڭ 232 موغا يەتتى②.

1942 - يىلى پولات - تۆمۈردىن ياسالغان ھەر خىل يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرى 105 مىڭغا يەتتى، ئىلى، تارباغاتايلاردا ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسى ئىشلىتىلدى، ئۇرۇقلار فورمالىن بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىندى، ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلدى، ۋىلايەتلەردە دېھقانچىلىق تەجرىبە مەيدانلىرى قۇرۇلدى. 1940 - يىلى ئۆلكە بويىچە پاختا مەھسۇلاتى 28 مىليون جىڭدىن ئاشتى. يېرىمىدىن ئارتۇق رايونلاردا پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 75 - 87 جىڭغا، بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 75 - 94 كىلوغا يەتتى③. 1943 - يىلى ئۆلكە بويىچە ئاشلىق مەھسۇلاتى 10 مىليون 136 جىلڭ دەنگە، شەھەر دەنگە سۇندۇرغاندا تەخمىنەن 15 مىليون دەنگە يەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 4 مىليون دەن، شال تەخمە-

① لى يۈلىن: «شىنجاڭنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى»، «يېڭى شىنجاڭ» نىڭ 1 - توم 1 - سانى، 56 - بەت.
② لى يۈلىن: «شىنجاڭنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى».
③ جاڭ جىجې: «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى»، 31 - بەت.

ەن 700 مىڭ دەن①. سەرنەق مەھسۇلاتى 1942 - يىلى خوتەننى ئاساس قىلغان ھالدا ئۆلكە بويىچە تەخمىنەن 7000 دەنگە يەتتى②.

چارۋىچىلىق جەھەتتە، ئۆلكە بويىچە چارۋىنىڭ سانى 1942 - يىلى 15 مىليون 12 مىڭ 176 تۇياققا يەتتى، ھەر خىل نەسىللىك چارۋا (ئات، قوي، كالا، چوشقا) 10 مىڭ 338 گە يەتتى.

1942 - يىلى ئۆلكە بويىچە مال دوختۇرخانىسى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى 58 گە، مال دوختۇرلۇق تېخنىك خادىملىرى 5 مىڭغا يەتكەن، چارۋىدا بولىدىغان ھەر خىل ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللەرنى داۋالاش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئاشقان. تېرە، يۇڭ مەھسۇلاتىمۇ مۇناسىپ كۆپەيگەن. 1942 - يىلى ئۆلكە بويىچە يۇڭ - تىۋىت مەھسۇلاتى 21 مىليون 630 مىڭ جىڭدىن ئاشقان، ھەر خىل تېرە 2 مىليون 700 مىڭ پارچىدىن 3 مىليون 500 مىڭ پارچىغىچە يەتكەن③.

بۇ مەزگىلدە جىرىم تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشتىمۇ بەلگىلىك نەتىجە ھاسىل قىلىندى، 1940 - يىلدىن باشلاپ كۆزلۈك جىرىم تىكىش ھەپتىلىكى يولغا قويۇلدى. خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدە ھەر بىر كىشى يىلىغا ئىككى تۈپ ئۈجمە كۆچىتى تۇتقۇزۇش ھەرىكىتى يولغا قويۇلدى، بىر قىسىم ئىھاتە ئورمىنى، ئېرىق - ئۆستەڭ قاشلىرىنى ئاسراش ئورمىنى بىنا قىلىندى. ئۆلكە بويىچە 1938 - يىلى 2 مىليون 649 مىڭ 800 تۈپ، 1939 - يىلى 8 مىليون 782مىڭ 682 تۈپ، 1940 - يىلى 11 مىليون 352 مىڭ 400 تۈپ، 1941 - يىلى 12 مىليون 655 تۈپ، 1942 - يىلى 9 مىليون 466 مىڭ 941 تۈپ كۆچەت تىكىلدى④.

مېۋە - چېۋە ماكانى دەپ نام ئالغان شىنجاڭنىڭ مېۋىلىرى تاتلىق ھەم خىل. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1942 - يىلى 4 مىليون 223 مىڭ 800 جىڭ كىشمىش، 223 مىڭ 700 جىڭ ئالما قېقى، 1 مىليون

---

① جاڭ جىجى «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي» 131 - بەت.
② يۇقىرىقى ماتېرىيالنىڭ 31 - بېتى.
③ لى پۇلىن: «شىنجاڭنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى».
④ لى پۇلىن: «شىنجاڭنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى».

959 مىڭ 400 جىڭ گۆلە، 942 مىڭ 500 جىڭ قارا ئۆرۈك قېقى، 825 مىڭ جىڭ چىلان، 1 مىليون 815 مىڭ 686 جىڭ ياڭاق، 530 مىڭ جىڭ قوغۇن قېقى، 727 مىڭ 200 جىڭ شاپتۇل قېقى، 120 مىڭ جىڭ جىگدە ئېلىنغان.

سۇ قۇرۇلۇشى جەھەتتە، شىنجاڭدا زىرائەت ئۆستەڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ، سۇ بولسا دېھقانچىلىقنىڭ جان تومۇرى. بۇ مەزگىلدە سۇ قۇرۇلۇشىمۇ بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشتى، 1942 - يىلى ئۆلكە بويىچە ئۆستەڭلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 35 مىڭ 963 . 5 كىلومېتىرغا، ئۆستەڭنىڭ سانى 1578 گە يەتكەن. 1942 - يىلى پۈتتۈرۈلگەن ئۈرۈمچى خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرىغا 36 مىليون كۇبمېتىر سۇ سىغىدۇ، ئۇ 40 كىلومېتىر ئۆستەڭ ئارقىلىق 100 مىڭ مو يەر سۇغارغان.

1936 - يىل 7 - ئايدىن 1939 - يىل 6 - ئايغىچە 2 - ئۈچ يىللىق پىلان مەزگىلى ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزۈشكە قاتناشتى ۋە مالىيە، مائارىپ قاتارلىق تارماقلارنىڭ پىلانىغا مەسئۇل بولدى. 1938 - يىلى 12 - ئايدا 2 - ئۈچ يىللىق پىلانىنى تەييارلاش ھەيئىتى قۇرۇلدى. تەييارلاش ھەيئىتىگە ئۆلكە رەئىسى لى رۇڭ مۇدىر، ۋاڭ باۋچيەن (خارجى ئىشلار باشقارما باشلىقى)، جۇبىڭ، مىڭ يىمىڭ، ئابدۇللا (تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى) مۇئاۋىن مۇدىر بولدى، ھەيئەت قارمىقىدا مالىيە، سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قاتناش، مائارىپ، مەمۇرىي ساھەلەر بويىچە ئالتە گۇرۇپپا قۇرۇلدى، مالىيە گۇرۇپپىسىغا جۇبىڭ، مائارىپ گۇرۇپپىسىغا مىڭ يىمىڭ گۇرۇپپا باشلىقى، دۇجۇڭيۈەن مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى①. شىنجاڭدا 3 - ئۈچ يىللىق پىلانمۇ تۈزۈلگەنىدى، شېڭ شىسەي گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپ، تەرەققىيپەرۋەر ئالتە بۈيۈك سىياسەتتىن ۋاز كەچكەنلىكتىن، ئىجرا قىلىنمىدى.

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى سانى.

1 ـ، 2 ـ ئۈچ يىللىق پىلان مەزگىلىدە شىنجاڭدا بەزى كىچىك كۆلەمدىكى زاۋۇتلار قۇرۇلدى. 1937 ـ يىل 6 ـ ئايدا، چۆچەكتە 150 كىلوۋات توك بېرىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتتى. ئامېرىكىدا ياسالغان مەتبەئە ماشىنىلىرى مىس ھەرپ قېلىپ، تاش باسما ماشىنىسى ۋە تۈپلەش ماشىنىسى بار چۆچەك، ئىلى باسماخانىلىرى قۇرۇلدى. ئامېرىكىدا ياسالغان بېسىش ماشىنىسى بىلەن قوراللانغان ئالتاي باسمىخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى، 1937 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ بويىچە سانائەت قۇرۇلۇشى دولقۇنىغا كۆتۈرۈلدى، ئىلى كۆن زاۋۇتى (مۇسابايوف قۇرغان)، ئىلى ئاپتورېمونت زاۋۇتى (ئىلى بىرىنچى سانائەت شىركىتى قۇرغان)، ئۈرۈمچى كەمپۈت زاۋۇتى (سودىگەرلەر قۇرغان)، ئۈرۈمچى ۋودوپروۋود شىركىتى، ئۈرۈمچى ئىلمە ـ توقۇلما زاۋۇتى (سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان)، ئۈرۈمچى ئاپتورېمونت باش زاۋۇتى (ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر بىرلىشىپ قۇرغان)، قەشقەر ياغ زاۋۇتى (سودىگەرلەر قۇرغان)، قەشقەر باسمىخانىسى، ئاقسۇ باسمىخانىسى، خوتەن يىپەك كارخانىسى، چۆچەك ئۇن زاۋۇتى (سودىگەرلەر قۇرغان) قاتارلىقلار شۇ مەزگىلدە قۇرۇلغان. 250 كىلوۋاتلىق ئۈرۈمچى ئېلېكتر زاۋۇتى، 250 كىلوۋاتلىق ئىلى ئېلېكتر زاۋۇتى، 4500 كىلو قوغۇشۇن ھەرپ ۋە بېسىش ماشىنىسى، تۈپلەش ماشىنىسى، قەغەز كېسىش ماشىنىسى بار ئۈرۈمچى باسمىخانىسى پۈتتى. شۇ يىلى سانجىدا رەڭلىك سۈپەتلىك قەغەز ياسىيالايدىغان سانجى قەغەز زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. 1938 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئىلى كۆن زاۋۇتى، ئۈرۈمچى ئىلمە ـ توقۇلما زاۋۇتى، خوتەن يىپەكچىلىك كارخانىسى، ئىلى ئاپتورېمونت زاۋۇتى پۈتتى. چۆچەكتىكى كۈنىگە بىر توننا ئۇن تارتىدىغان ئۇن زاۋۇتى پۈتتى. ئۈرۈمچى 2 ـ باسمىخانىسى پۈتتى. زاۋۇتنىڭ بېسىش ماشىنىسى، تۈپلەش ماشىنىسى ۋە 7 مىڭ كىلو قوغۇشۇن ھەرپ بار ئىدى. ئامېرىكىدا ياسالغان بېسىش ماشىنىسى بىلەن قوراللانغان قەشقەر باسمىخانىسى، ئاقسۇ باسمىخانىسى پۈتتى. ئۈرۈمچى كەمپۈت زاۋۇتى، ئۈرۈمچى ۋودوپروۋود شىركىتى، قەشقەر ياغ زاۋۇتى، ئۈرۈمچى ئاپتورېمونت باش

زاۋۇتى، ئۈرۈمچى كېسلاتا زاۋۇتى پۈتتى. 1942 - يىل 1 - ئايدا شىنجاڭ كېسلاتا زاۋۇتى ئىش باشلىدى. 1942 - يىلى شىنجاڭدا سانائەتكە ئىشلىتىدىغان بۇرمىلاش، قىرىش، تېشىش، سىلىقداش ستانوكلىرى 100 نەچچىگە، ئۇلارنىڭ ئات كۈچى 2 مىڭ 257 گە يەتتى. بۇ ستانوكلار ئاساسەن مەركەزلىك ھالدا شىخو بىلەن ئۈرۈمچىگە جايلاشتۇرۇلۇپ، بەزى ئاددىي زاپچاسلار ئىشلەپ چىقىرىلدى ۋە ياكى ماشىنىلار قۇراشتۇرۇلدى. 1942 - يىلى مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ كۈنلۈك نېفىت مەھسۇلاتى 110 توننىغا يەتتى. كۆمۈر مەھسۇلاتى 1 مىليون 800 مىڭ توننىغا يەتتى. 1942 - يىلى بار تۇراقسىز توك گېنېراتورى 21، توك چىقىرىش مىقدارى 1543 كىلوۋات، تۇراقلىق توك گېنېراتورى توققۇز، توك چىقىرىش مىقدارى 182 كىلوۋات بولۇپ، ئاساسەن ئاھالىلەر ئىشلەتتى.

بۇ مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ قول سانائىتىمۇ مەلۇم تەرەققىياتقا ئېرىشتى، مەسىلەن، خوتەننىڭ داڭلىق گىلەمدىن يىلىغا 411 مىڭ كۋادرات چى توقۇلدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ماتا - چەكمىنى خېلى ۋاقىتلارغىچە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۆزىنىلا تەمىنلىدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن كېيىن، ماتا ئىشلەپچىقىرىشى 1933 - يىلدىكىدىن بەش ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى.

تاشيول قۇرۇلۇشى، 1937 - يىلى 7 - ئايغىچە ئۈرۈمچى - ئىلى، ئۈرۈمچى - قۇمۇل تاشيولى پۈتتى. 1939 - يىل 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئۆلكە بويىچە تاشيول يىغىنى ئېچىلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن جايلاردا ئامما ئۆزلۈكىدىن پۇل، كۈچ چىقىرىپ تاشيول ياساش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. دۆربىلجىندىن چۆچەككىچە، ئۈرۈمچىدىن قاراشەھەرگىچە، قاراشەھەردىن ئاقسۇغىچە، ئاقسۇدىن قەشقەرغىچە، قەشقەردىن خوتەنگىچە تاشيول ياسالدى. 1942 - يىلى ئۆلكە بويىچە تاشيول 3423 كىلومېتىرغا، چوڭ - كىچىك ھەرخىل تاشيول كۆۋرۈكى 2439 غا يەتتى.

خەۋەرلىشىش ئىشلىرى، 1942 - يىلى ئۆلكە بويىچە سىملىق تېلېگراف ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلىپ، شەرق، غەرب، جەنۇب ئۈچ يولغا سو-

زۇلدى، شەرقىي يول ئۈرۈمچىدىن گۇچۇڭغىچە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 278
كىلومېتىر بولۇپ، ئارىلىقتا 4 تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى. جەنۇبىي
يول ئۈرۈمچىدىن باشلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئايلىنىپ لەنجۇغىچە،
يەنە بىر لىنىيە ئۈرۈمچىدىن تۇرپان، توقسۇن، داۋانچىڭ، قاراشەھەر،
كورلىغىچە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 1580 كىلومېتىر، ئارىلىقتا ئون تېلېگ-
راف ئىدارىسى قۇرۇلدى. غەربىي يول ئىككى لىنىيىگە بۆلۈنگەن، بىرى
ئۈرۈمچىدىن سوۋېت چېگرىسىغىچە، ئۇزۇنلۇقى 1118 كىلومېتىر، ئارى-
لىقتا 11 يەردە تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى. بىرى ئۈرۈمچىدىن شىخوغا،
ئۇ يەردىن شامال ئېغىزى ئارقىلىق چۆچەككە بېرىپ، باكتۇدا دۆلەت
چېگرىسىغا بىۋاسىتە تۇتىشىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 920 كىلومېتىر، ئارىلىقتا
بەش يەردە تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى، بەش يەردە تېلېفونخانا قۇرۇل-
دى. سىمسىز تېلېگرافتىن 1942 - يىلىغىچە شىنجاڭ بويىچە 23 ى
قۇرۇلدى.

1942 - يىلى تېلېفون 535 كە يەتتى. قەشقەرگە سەككىز يوللۇق
تېلېفون ئاپپاراتىدىن بىرى، ئىلىغا 200 يوللۇق تېلېفون ئاپپاراتىدىن
بىرى، چۆچەككە 22 يوللۇق ئاپتوماتىك تېلېفون ئاپپاراتىدىن بىرى،
ئالتايغا 50 يوللۇق تېلېفون ئاپپاراتىدىن بىرى ئورنىتىلدى، ئۇزۇن يول-
لۇق تېلېفون يېتىپ بارغان جاي سىملىق تېلېگراف يېتىپ بارغان جاي
بىلەن ئوخشاش، بۇنىڭدىن باشقا، ئۈرۈمچىدە رادىئو ئاپپاراتىدىن ئىككى-
سى، رادىئو كانىيىدىن 500ى بار ئىدى.

ترانسپورت، 1942 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىلىك، شەخسىلىك
ئاپتوموبىلى 1100 گە يەتكەن، ئات، تۆگە ترانسپورتىمۇ خېلى تەرەققىي
قىلغان.

ھەر خىل قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا كۆپلەپ مەبلەغ كېرەك بولغاچقا،
مالىيە تارماقلىرى شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاساس ئاجىز
بولغاچقا، مالىيە قىزىل رەقەمدىن قۇتۇلۇشقا ئامال بولمىدى، ستاتىستى-
كىغا قارىغاندا، 1938 - يىلدىن 1942 - يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە

مالىيە قىرزىل رەقىمى 67 مىليون 736 مىڭ يۈەنگە يەتكەن①.

خەلق ئىشلىرى جەھەتتە، ماۋ زېمىن 1941 ـ يىلىدىن 1942 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە خەلق ئىشلىرى نازارىتىگە مۇۋەققەت نازىر بولدى. 1941 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى تۈزگەن سەككىز باب، 35 ماددىلىق «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رايون، كەنت تۈزۈمى تەشكىلىي نىزامنامىسى» رەسمىي ئېلان قىلىندى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئېلان قىلىش بۇيرۇقىدا: «ئۆلكىمىزدە مىللەت مۇرەككەپ بولغاچقا، ناھىيىدىن تۆۋەن تەشكىلىنىڭ ئاتىلىشى ھەر خىل بولۇپ، خەنزۇلار ئىچىدە كۆك بېشى، شاڭيۇ دەپ، موڭغۇل، قازاقلار ئىچىدە مىڭبېگى، يۈزبېگى دەپ ئاتىلىپ كەلدى. ھازىر ھۆكۈمەت ناھىيىدىن تۆۋەن تەشكىلىنى ۋە ئۇلارنىڭ نامىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيىدىن تۆۋەن يېڭى مەمۇرىي تۈزۈمنى بەلگىلىدى» دەپ كۆرسەتتى. نىزامنامىدە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: ناھىيىنىڭ تۆۋىنىدە رايون، كەنت بولىدۇ. ئاھالىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ، رايونلۇق مەھكىمە، كەنت مەھكىمىسى قۇرۇلىدۇ، كەنت باشلىقى، كەنتتىكى ئاھالىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ، ئابرويلۇق، ئادىل كىشىلەردىن بەشتىن 11 غىچە ۋەكىل سايلىنىدۇ، ۋەكىللەر ئارىدىن بىر كىشىنى كەنت باشلىقى قىلىپ سايلايدۇ. رايوننىڭ باشلىق، مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى شۇ رايوندىكى كەنت ۋەكىللىرى سايلايدۇ. سايلاش ئۇسۇلىنى ناھىيىلىك ئىدارىلەر يەرلىك ئەھۋالغا قاراپ، دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بويىچە بەلگىلەيدۇ. ھەربىر كەنتتە دىيانەت يېرى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن قىلىنغان پۈتۈن كىرىم رايون، كەنت مەھكىمىلىرىنىڭ خىراجەت فوندى قىلىنىدۇ. يەنە مۇنۇلار بەلگىلەندى: رايون باشلىقلىرىنىڭ يىللىق تەمىناتى 20 دەن بۇغداي، كەنت باشلىقىنىڭ يىللىق تەمىناتى ئون دەن بۇغداي، كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىدا رايون باشلىقىنىڭ يىللىق تەمىناتى 240 سەر تەڭگە.

---

① «يېڭى شىنجاڭ» نىڭ 1 ـ توم 5 ـ سان 20 ـ بېتىگە بېسىلغان «شىنجاڭنىڭ مىنگونىڭ 20 ـ يىلىدىن 31 ـ يىلىغىچە كىرىم ـ چىقىم جەدۋىلى» گە ئاساسەن ھېسابلاندى.

ناھىيە قارىمىقىدا رايون، كەنت تەشكىللىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ھەربىي بىلەن مەمۇرىيەتنى بىرلەشتۈرگەن بۇرۇنقى فېئوداللىق شىبە يېڭى، چاخار يېڭى، دەريا جەنۇبىي باشقۇرۇش ئىدارىسى (ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىنى كۆرسىتىدۇ) ۋە موڭغولكۈرە باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى، خوشۇنلاردىكى ۋاڭلىق تۈزۈمىمۇ ئۆزلۈكىدىن يوقالدى. رايون، كەنت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشتە كۇرسلاردا ئىشلىتىش ئۈچۈن ماۋزېمىن «رايون، كەنت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئۈچۈن لېكسىيە» يېزىپ چىقتى. كۆكبېشى، شائېيۇ، مىڭبېگى، شىبە چاخار يېڭىلىرى تۈزۈمى چىڭ دەۋرىدىن قېپقالغان، پادىشاھلىق تۈزۈمى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ 30 يىلغىچە ساقلىنىپ قالغان كونا تۈزۈم ئىدى. كۆكبېشى، شائېيۇ، مىڭبېگى، يۈزبېگىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ كەنت باشلىقى، رايون باشلىقىنى دېموكراتىك ئاساستا ئامما ئۆزى سايلاش شىنجاڭ تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان مىسلىسىز ئىش. ناھىيە قارىمىقىدا رايون، كەنت قۇرۇش مەمۇرىي ئاپپاراتلار جەھەتتىكى زور ئىسلاھات، شۇنداقلا ھۆكۈمەت بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يېقىنلاشتۇرۇش، دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش جەھەتتىكى زور تەدبىر. شۇڭا، ماۋزېمىن: «بۇ شىنجاڭدا دېموكراتىيىنى تولۇق يولغا قويۇشنىڭ زور قەدىمى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ بەخت - سائادىتى، بولۇپمۇ پۈتۈن دۆلەت ئۆلكە قىلىشقا، تېزدىن يولغا قويۇشقا تېگىشلىك ئىش» دەپ قارىغانىدى[1]. ئەپسۇسكى، بۇ تەدبىر ئېچىلىپلا توزۇپ كەتكەن گۈلدەك، شېڭ شىسەينىڭ ئاشكارا ئاسىيلىق قىلىشى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى بىلەن غايىب بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا تا ئازادلىققا قەدەر بەگ، يۈزبېشى ھۆكۈم سۈردى.

شۇ مەزگىلدىكى مائارىپ خىزمىتىگە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى رەھبەرلىك قىلدى، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، مۇۋەققەت نازىرى

① جۇبىلىڭ: «بىر يىلدىن بۇيانقى خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ خۇلاسىسى»، «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ»، 7 - توم، 4 - سان.

مىباڭ يىمىڭ①، شۆيۈەننىڭ ئىلمىي مۇدىرى لىن جىلۇ، ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى لى جىلياڭ (لى يۈنياڭ) ئىدى، نۇرغۇن كوممۇنىستلار ئوتتۇرا مەكتەپتە ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئۆلكىلىك سىفەندە ئوقۇتقۇچى ئىدى. 1938 - يىل 4 - ئايدا مۇنەۋۋەر پرولېتارىيات مائارىپچىسى لىن جىلۇ شىنجاڭ شۆيۈەنىگە كەلدى. ئۇ چاغدا شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ئاران سىياسىي ئىقتىساد فاكۇلتېتى، مائارىپ فاكۇلتېتى، تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، تولۇق ئوتتۇرا بۆلۈمى، يۈزدەك ئوقۇغۇچى بار ئىدى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۈپىتى تۆۋەن، دەرسلەر سىستېمىسىز، مەركىزىنىڭ تايىنى يوق ئىدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈپىتى تۆۋەن بولۇپ، ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگىمۇ يېتەلمەيتتى②. شۆيۈەندىكى قالاقلىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، لىن جىلۇ يەنەندىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى داشۆ ۋە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش يۆنىلىشىنى قوللىنىپ، مەكتەپنىڭ ئىستىلىنى، ئىنتىزامىنى تەرتىپكە سالدى، «ئىتتىپاق بولۇش، جىددىي بولۇش، ساددا بولۇش، تېتىك بولۇش» تىن ئىبارەت تۆت سۆزلۈك مەكتەپ پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ئوقۇتۇش جەھەتتە «ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دەرسلەرنى ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى ئىسلاھ قىلدى، پارتىيىمىزدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى ئىلغار كىشىلەرنى شۆيۈەندە «يېڭى پەلسەپە»، «جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخى»، «دۇنيا ئىنقىلابىي تارىخى»، «دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم»، «ھەربىي ئىلىم» دىن دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى، «سىياسىي ئىقتىساد»، «جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى» قاتارلىقلاردىن مەخسۇس لېكسىيە ئۇيۇشتۇردى. لىن جىلۇ ئوقۇغۇچىلارغا دۆلەتنىڭ ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى ئوتتەك قىزغىن ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە باشلىدى.

① مىباڭ يىمىڭ، يەنى شۇي مىڭجېيۇ 1943 - يىلى شىڭ شىسەي قولىغا ئالغاندىن كېيىن تۈرمىدە ئاسىيلىق قىلغان.

② (1938 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، شۇي مىڭجېيۇنىڭ ماۋجۇشى ئارقىلىق ۋە مەركەزگە يازغان خېتى

شىنجاڭ شۆيۈەنى ھەر ھەپتىنىڭ ئالتىسىنى «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋەتەن قۇتقۇزۇش كۈنى» قىلىپ بەلگىلىدى. لىن جىلۇ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ بەردى. پارتىيىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلدى. كوممۇنىستلارنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، شۇ چاغدىكى شىنجاڭ شۆيۈەن ئوقۇغۇچىلىرى جەمئىيەتتە ئەڭ جانلىق كۈچلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى شۇ يەردە ماركسىزم - لېنىنىزم تەربىيىسىنى ئالدى. كېيىنكى چاغلاردىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوف لىن جىلۇدىن بىۋاسىتە تەربىيە ئېلىپ، تېز يېتىلگەنلەرنىڭ بىرسى.

كوممۇنىستلار رەھبەرلىك قىلغان مائارىپ ساھەسىنىڭ ئەڭ چوڭ نەتىجىسى شۇكى، ئۇلار ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تار دەرسخانا، مەكتەپ قورۇسىدىن ئازاد قىلىپ، ئوقۇشنى ۋەتەننىڭ تەقدىرىگە ھەم ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتكە ئېلىپ چىقتى، ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولىدىكى تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى، ئاممىنى قىشلىق كىيىم، پۇل ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى، كوچا - كوچىلاردا ئاممىنى قىشلىق كۇرسىغا، ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتىگە سەپەرۋەر قىلدى. مەكتەپلەر ئارا سۆز مۇسابىقىسى، تىياتىر مۇسابىقىسى، تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇردى، مائارىپ، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى كوممۇنىستلار رېژىسسور، دراماتورگ بولدى، كۆرەكلەردە باھالىغۇچى بولدى.

مالىيىنى كوممۇنىستلار ئۇتقانلىقتىن، مائارىپ خىراجىتى بۇرۇنقىدىن كۆپەيدى، بەزى كوممۇنىستلار قوشۇمچە خىزمەتتىن ئالغان مائاشىنى مەكتەپ خىراجىتى قىلىشقا ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش ياردەم پۇلى قىلىشقا بەردى. مەكتەپ ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى خېلى جىق كۆپەيدى، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ۋە قىز ئوقۇغۇچىلار كۆپەيدى، مەكتەپ باشقۇرۇش ئىدىيىسى جەھەتتە، بەزى زاتلارنىڭ مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دىنىغا



٩ - رەسىم، لىن جىلۇ

زىت دەيدىغان نۇقتىئىنەزەرىنى تەنقىدلەپ، ماتارىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن دىننىڭ بىردەكلىكى تەشۋىق قىلىندى. ماتارىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقى تەشۋىق قىلىندى.

ئۈرۈمچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى 1917 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئاران بىر سىنىپ، 30 دەك ئوقۇغۇچىسى بار ئىكەن، 1938 - يىلى ئوقۇغۇچىسى 1200 دىن ئاشقان، بىر تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ، ئۈچ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ، 19 تولۇق باشلانغۇچ سىنىپ، ئۈچ كەسپىي سىنىپ، بىر ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى قۇرۇلغان، كەسپىي سىنىپ سەيپۇڭلۇق ۋە يۇڭ توقۇمىچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن، ئوقۇغۇچى

112 نەپەر، كۈنىگە ئۈچ سائەت ئىشلەپ، تۆت سائەت ئوقۇغان[1].

تۆۋەندە، 1938 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ھۆكۈمەت مەكتىپىنىڭ، ئۇيۇشما مەكتىپىنىڭ سانى بىلەن ئوقۇغۇچىلار سانى جەدۋەللەشتۈرۈپ كۆرسىتىلدى[2]:

ئۇنىڭدىن باشقا، مائارىپ نازارىتى 1938 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە 1 - قېتىملىق مائارىپ مەمۇرىي يىغىنى ئېچىپ، مەكتەپلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئاممىۋى مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇ

| يىل | 1938 | 1939 | 1940 | 1941 | 1942 |
|---|---|---|---|---|---|
| ھۆكۈمەت مەكتىپى | 357 | 393 | 433 | 545 | 580 |
| ئۆتكەن يىلقىدىن ئاشقىنى | 142 | 36 | 40 | 112 | 35 |
| ھۆكۈمەت مەكتىپى | 36575 | 49817 | 58991 | 82806 | 91065 |
| ئۆتكەن يىلقىدىن ئاشقىنى | 3521 | 13242 | 9174 | 23815 | 8259 |
| ئۇيۇشما مەكتىپى | 1400 | 1800 | 1820 | 1830 | 1883 |
| ئۆتكەن يىلقىدىن ئاشقىنى | 100 | 400 | 20 | 10 | 53 |
| ئۇيۇشما مەكتىپى | 99915 | 119898 | 139881 | 159864 | 180035 |
| ئۆتكەن يىلقىدىن ئاشقىنى | 19983 | 19983 | 19983 | 19983 | 20171 |
| مەكتەپلەرنىڭ ئومۇمىي سانى | 1757 | 2193 | 2253 | 2375 | 2463 |
| ئۆتكەن يىلقىدىن ئاشقىنى | 242 | 436 | 60 | 122 | 88 |
| ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى | 36490 | 169715 | 198872 | 242670 | 271100 |
| ئۆتكەن يىلقىدىن ئاشقىنى | 23504 | 33225 | 29157 | 43798 | 28430 |
| ھەر مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە سانى | 77.6 | 77.3 | 88.2 | 102 | 110 |

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىل) 11 - ئاينىڭ 3 - كۈندىكى سانى.

② جياڭ دۇڭفېڭنىڭ «شىنجاڭنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى» غا ئاساسەن جەدۋەللەشتۈرۈلدى. «يېڭى شىنجاڭ»، 1 - توم، 1 - سان، 73 - بەت.

روش، مائارىپ ئىدارىلىرىنىڭ كونكرېت رەھبەرلىكىنى تىكلەش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى①. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، مۇدىرلىرىنى تىرىشچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، 1938 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، مۇدىرلىرىغا يىللىق مائاش قوشۇپ بېرىش توغرىسىدا ۋاقىتلىق نىزام» ئېلان قىلىندى، ئۇنىڭدا باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىر، ئوقۇتقۇچىلىرى بىر مەكتەپتە ئۈچ يىل ئىشلىگەن، مەكتەپ ئىشلىرىدا نەتىجە ياراتقان ياكى نەتىجىسى ياخشى بولغان بولسا، ئەسلى مائاشىغا ھەر ئايدا %25 قوشۇپ بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككى يىلنى توشقۇزغان ھەم يۇقىرىقىدەك نەتىجە ياراتقان بولسا ئەسلى مائاش بىلەن قوشۇپ بېرىلگەن مائاشقا يەنە %20 قوشۇپ بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن②. ئۇندىن باشقا يەنە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەشكىلىي نىزامى، تەرتىپ نىزامى، ھاكىملارنىڭ ئوقۇتۇشنى نازارەت قىلىشنى يوقلام قىلىپ تۇرۇش نىزامى ۋە سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئېتىبار بېرىش نىزامى ئېلان قىلىندى.

كوممۇنىستلار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ھوقۇقىنى ئىگىلىدى. گېزىت ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، تەسلىم بولۇشقا، بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسىي لۇشيەنگە ئەمەل قىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ 8 - ئارمىيىسىنىڭ، يېڭى 4 - ئارمىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىنى ۋە نەتىجىلىرىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە دۇنيا فاشىزمىغا قارشى لاگېرغا دائىر خەۋەرلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ تۇردى، ماۋزېدۇڭ، جۇدېلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ باستى، گېزىتخانا يەنە «شىنخۇا رىباۋ» گېزىتى ۋە باشقا ئىلغار كىتاب - ژۇرناللارنى كۆچۈرۈپ باستى، دائىم شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قەت-

---

① مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىل) 10 - ئاينىڭ 20 - كۈندىكى «شىنجاڭ گېزىتى».

② مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىل) 12 - ئاينىڭ 2 - كۈندىكى «شىنجاڭ گېزىتى».

ئىمى قارشى تۇرۇشقا، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشقا، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە چاقىرىدىغان باش ماقالىلەرنى بېسىپ تۇردى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ نەزەرىيە خاراكتېرلىك ئورگان ژۇرنىلىنىمۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە ئىلغار كىشىلەر ئىگىلىدى، ئۇنىڭغا گاۋتاۋ باش تەھرىر، ۋاڭ باۋچيەن، شېڭ يەنبىڭ، دۇجۇڭيۈەن، لى يىئو، لى پېيكې، لى يىڭچى، ۋاڭ شياۋچۈن، مېڭ يىمىڭ، ۋۇ جىشياۋ، چېن پېيشېڭ، جاڭ جۇڭشى، جياڭ زۇجۇ، چۇفېڭمىڭ، ماۋجىۋېن، ساكۇڭلياۋ، دەي يېڭيىڭلار تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شېڭ شىسەينىڭ مۇخلىسلىرى بولسىمۇ، لېكىن ژۇرنالنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە يۆنىلىشى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ قولىدا ئىدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئاساسلىق تەھرىرلىرى كوممۇنىستلار ئىدى، شۇڭا پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ماقالىسىنى، نۇتقىنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلارنىڭ خەۋىرىنى بېسىپ تۇردى. 1938 - يىل 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» دە جۇدېنىڭ «8 - ئارمىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقى» دېگەن ماقالىسى بېسىلدى. 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» ماۋزېدۇڭنىڭ «ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن مۇھىم ماقالىسىنى ۋە «ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا نى تونۇشتۇرۇش» دېگەن باش ماقالىسىنى باستى ھەم مۇشتىرىلارنى بۇ كىتابنى تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلىشقا، ئۇنى ئاممىنىڭ ئىچىگە كېڭەيتىشكە دەۋەت قىلدى. «ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» كېيىن كىتابچە قىلىپ چىقىرىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىتىلدى. 1939 - يىل 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» گە «ماۋزېدۇڭ ئەپەندىنىڭ نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى توغرىسىدىكى سۆھبىتى ـ 1939 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ماۋزېدۇڭنىڭ شىنخۇا رىباۋ گېزىتىنىڭ يەنئەندە تۇرۇشلۇق مۇخبىرىنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابى» تولۇق بېسىلدى. 1940 - يىل 2 - ئاينىڭ

24 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» گە ماۋزېدۇڭنىڭ «ئىككىنچى قېتىملىق جاھانگىرلىك ئۇرۇشى توغرىسىدا سۆز تىزىسى» تولۇق بېسىلدى. ئۇ چاغدا «شىنجاڭ گېزىتى» دە تايانچ بازىلىرىمىزنىڭ 8 - ئارمىيە، يېڭى 4 - ئارمىيە ۋە پارتىيە رەھبەرلىرىمىزنىڭ پائالىيىتى تونۇشتۇرۇلۇپ تۇردى. 1938 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۆلكىلىك تايانچ بازا سەنشى - چاخار - خېبېي چېگرا رايونى» دېگەن ماۋزۇدا ئوزۇن ماقالە ئېلان قىلىپ، پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدىكى چېگرا رايونىنىڭ ئەھۋالىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تەپسىلىي تونۇشتۇردى. 1939 - يىل 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا دائىر كىنو قويۇلغانلىقىنى خەۋەر قىلىش بىلەن «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كىنو» دا جۇدې، پېڭ دېخۇەيلەرنىڭ كۆرۈنۈشى بارلىقىنى، غەربىي ئۇرۇش مەيدانىدا 8 - ئارمىيىنىڭ شىمالىي سەنشىدىن چىقىپ، پىڭشىڭگۇەندە ياپون ئالۋاستىلىرىنى قىرغانلىقى، باتۇر پارتىزانلىرىمىزنىڭ چەبدەسلىك بىلەن ياپون ئالۋاستىلىرىنى تىرىپىرەن قىلىپ، كىشىنى خۇشال قىلغانلىقىنى تونۇشتۇردى. يەنە شۇ بەتتە، 8 - ئارمىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلغان باتۇرانە قىياپىتىنى كۆرسىتىدىغان «غەربكە كەلگەن جۇڭگو» دېگەن فىلىمنىڭ قويۇلغانلىقىنى تونۇشتۇردى. بۇ خەۋەرلەر پارتىيىمىزنىڭ ياپونغا قارشى فاڭجېنىنى جانلىق تەشۋىق قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا زەربە بېرىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىغا ھەقىقىي رەھبەرلىك قىلىدىغان يادرو كۈچ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى.

مەركىزىي ھەرىكەتكە بىرلەشتۈرۈپ، تەشۋىقات پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش شۇ چاغدىكى گېزىتنىڭ چوڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقى قىزغىن قاتناشقان ئايروپىلان، قىشلىق كىيىم

ئىئانە قىلىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باش ماقالە، خەۋەر، زىيارەت خاتىرىسى، شېئىر، ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق مۇناسىپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى.

ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىپ دۈشمەنگە ئەل بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى چەكسىز غەزەپكە كەلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» 1939 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ۋاڭ جىڭۋېينىڭ بۇ شەرمەندىلىكىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەپ باش ماقالە ئېلان قىلدى. 1940 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ياپون ئالۋاستىلىرى بىلەن 1939 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ۋەتەن مەنپەئىتىنى ساتىدىغان «ياپون - جۇڭگو يېڭى مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش كېلىشىمى» تۈزگەنلىكىنى پاش قىلدى ھەم «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ۋەتەن ساتقۇچ كېلىشىمىنى بىتچىت قىلايلى» دېگەن باش ماقالىنى ئېلان قىلىپ، ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ئابرۇيىنى دەپ ۋەتەنگە خائىنلىق قىلغان رەزىل ھەرىكىتىنى قاتتىق ئەيىبلىدى، بۇ ۋەتەن ساتقۇچ كېلىشىمنىڭ ماھىيىتى ياپون ئالۋاستىلىرىغا تايىنىپ جۇڭگونى مۇتەقەررىز قىلىش، جۇڭگو خەلقىنى ۋەتەنسىز قۇلغا ئايلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى پاش قىلدى. شۇ يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يەنە «پۈتۈن خەلقنىڭ، پۈتۈن دۇنيا ئادالەتپەرۋەرلىرىنىڭ كۈچى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېي - ياپونىيە كېلىشىمىنى بىتچىت قىلايلى» دېگەن ماۋزۇدا باش ماقالە ئېلان قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنى ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ سۇيىقەستىگە ۋە ۋەتەن خائىنىنىڭ خائىنلىق ھەرىكىتىگە قاتتىق زەربە بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىش ئىرادىسىنى چىڭىتتى.

1940 - يىلى دۇنيا فاشىزم كۈچلىرى بەك غالجىرلىشىپ كەتتى، گومىنداڭمۇ كومپارتىيىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك دولقۇن قوزغاپ، پۈتۈن دۇنيانى چۆچۈتكەن «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى» نى پەيدا قىلدى. «شىنجاڭ

سىيالىزم ۋە باشقا ئىجتىمائىي پەنلەر شىنجاڭ شۆيۈەندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي دەرسى بولۇپ قالدى. ئۇلار پەلسەپە تەتقىقات گۇرۇپپىسى، سىياسىي تەتقىقات گۇرۇپپىسى، تارىخ - جۇغراپىيە تەتقىقات گۇرۇپپىسى، ئىقتىساد تەتقىقات گۇرۇپپىسى، مەكتەپ بويىچە بىر خىل يېڭىچە ئۆگىنىش كەيپىياتى بارلىققا كەلدى. جەمئىيەتتە خىزمەتچىلەرمۇ يېڭى پەلسەپە، يېڭى ئىجتىمائىي پەن① ئۆگىنىشكە قىزىقىپ كەتتى، ھەتتا ئاھالىلەرمۇ ئۆگەندى.

بۇ مەزگىلدە جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيىتى ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىمۇ ماركسىزم - لېنىنىزمنى تارقىتىدىغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنى تونۇشتۇرىدىغان ئورۇن ئىدى. جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 1939 - يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قۇرۇلۇپ، قارمىقىدا تەشكىلات بۆلۈمى، مەدەنىيەت ئالاقە بۆلۈمى، تەتقىقات بۆلۈمى، تەسىس قىلىنغان، ئۇنىڭ مۇدىرى ۋاڭ باۋچيەن ئىدى. بىر يىلدىن كېيىن چۆچەك، ئىلى، ئالتايلاردا بۇ جەمئىيەتنىڭ شۆبىسى قۇرۇلۇپ، ئەزالىرى 300 گە يەتتى. بۇ جەمئىيەتكە سوۋېتتىن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا، مەدەنىيەت، سەنئەت، مۇزىكا، پەلسەپىگە ئائىت كىتاب - ژۇرناللار كېلىپ تۇراتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى يەنە جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىگە كولخوزنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان فىلىم ۋە سۈرەتتىن 400 خىلدىن كۆپرەك تەقدىم قىلغان. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى 40 - يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «لېنىن 1918 - يىلى»، «قوراللىق كىشى» دېگەن فىلىملىرىنى كۆرۈپ، ئوبرازلىق چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولۇپ، لېنىن رەھبەرلىك قىلغان روسىيە ئىنقىلابىنىڭ ھەممە ھوقۇقىنى سوۋېتكە بېرىپ، ئەمگەكچىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئازاد قىلغانلىقىنى

① ئەينى چاغدا دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم، تارىخىي ماتېرىيالىزمنى كۆرسىتەتتى.

چۈشەنگەن. بۇ جەمئىيەت ئۈرۈمچى ۋە ئىلى، چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش كۆرگەزمىسىنى ئاچقان، ئۇنى ئېكسكۇرسىيە قىلغانلار 100 مىڭدىن ئاشىدۇ.

كوممۇنىستلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، شۇ مەزگىلدىكى مەدەنىيەت ئاقارتىش ھەرىكىتى خېلى ئەۋج ئالدى. 1939 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، مىللىي مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ئاساسىدا شىنجاڭ مەدەنىيەت جەمئىيىتى قۇرۇلدى، جەمئىيەتكە ماۋدۇن مۇدىر، قوشۇمچە سەنئەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، جاڭ جۇڭشى مۇئاۋىن مۇدىر، قوشۇمچە تەھرىر - تەرجىمان بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى. مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ ۋەزىپىسى - ھەر قايسى مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ ۋە ئۇلارنى ماسلاشتۇرۇپ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، مەدەنىيەت جەمئىيىتى يەنە مەدەنىيەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىش، يېڭى پەلسەپە، تىياتىر نەزەرىيىسى، مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت، سەھنە تېخنىكىسى، گىرىمچىلىككە دائىر بىلىملەردىن لېكسىيە سۆزلەش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت سەنئەتكارلىرىنى يېتىشتۈردى؛ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى تۈزدى ۋە تەرجىمە قىلدى. 8 - ئايدا جاۋدەن قاتارلىق داڭلىق سەنئەتكارلار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن دراما ئىجادىيىتى ناھايىتى جانلىنىپ كەتتى. مەدەنىيەت جەمئىيىتى بۇ ئەھۋالدا تىياتىرچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ئاز سانلىق مىللەت تىياتىر ئىجادىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، تىياتىرچىلىق كومىتېتى قۇردى. 1941 - يىل 3 - ئايدا، شىنجاڭ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا قوشۇلۇپ كەتتى. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ قارمىقىدا مەدەنىيەت بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭغا كوممۇنىستلار رەھبەرلىك قىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، جاھانگىرلىك-

كە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىدىن ئىبارەت ئاممىۋى تەشكىلاتتىن پايدىلە-
نىپ ئاممىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قوزغىدى ۋە تەربىيىلىدى، ئۇيۇشمىنى
خەلقنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇش، دۈشمەنگە زەربە بېرىش، ياپون باسقۇنچىلىرى-
غا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش جەھەتلەردە
ئىجابىي رولغا ئىگە قىلدى. كوممۇنىستلار بۇ ئۇيۇشمىنى قايتا تەشكىللى-
دى. 1938 - يىل 1 - ئايدا بۇ ئۇيۇشمىغا خۇاڭ مىنفۇ باش كاتىپ،
دۇەن جىنچى تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى، مېڭ يىمىڭ تەشۋىقات بۆلۈم
باشلىقى، خەن گۇاڭ تەربىيىلەش باشلىقى، يۈي سۇن مەدەنىيەت بۆلۈم
باشلىقى بولدى. 1939 - يىل 5 - ئايدا خۇاڭ مىنفۇ ئاقسۇغا ۋالىي بولۇپ
يۆتكەلگەندە، ئورنىغا ۋاڭ باۋچيەن باش كاتىپ بولدى. 1941 - يىل
3 - ئايدا كوممۇنىست بەي دافاڭ تىياتىرچىلىق كومىتېتىغا مۇدىر، يۈي
سۇن دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولدى. 11 - ئايدا ۋاڭ باۋچيەن تەنتەربىيە
جەمئىيىتىگە مۇدىر بولدى. تا شېڭ شىسەي گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
تەرەپكە ئۆتۈپ، كوممۇنىستلارنى تۇتقۇن قىلغانغا قەدەر جاھانگىرلىككە
قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى كوممۇنىستلار رەھبەرلىك قىلغان، ئاممىنى
ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان ۋە تەربىيىلەيدىغان ئاممىۋى سىياسىي تەشكىلات بو-
لۇپ كەلدى. 1938 - يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، خۇاڭ مىنفۇ
جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشما بىلەن ئاممىنى بىرلەشتۈرۈش جەمئى-
يىتىنىڭ يىغىنىدا خىزمەت دوكلاتى بېرىپ مۇنداق دېدى: جاھانگىرلىككە
قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۆزلۈكىدىن قۇرغان ئاممى-
ۋى خاراكتېرلىك سىياسىي تەشكىلاتى، لېكىن ئادەتتىكى ئاممىۋى تەشكى-
لاتمۇ ئەمەس، ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ئىلغارلار توپلانغان، مەلۇم
سىياسىي لۇشيەنى بار، شۇڭا باشقا ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا سىياسىي جەھەت-
تە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە ياردەم بېرىدىغان، پارتىيىنىڭ رولىنى
ئوينايدىغان تەشكىلات. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ مەق-
سىتى: جاھانگىرلىككە قارشى ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جاھانگىرلىك-
كە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ھىمايە قى-

لىش، جۇڭگونى ئۈزۈل - كېسىل ئازاد قىلىش، نۆۋەتتىكى باش ۋەزىپە - مەملىكەت مىقياسىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ-نى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ۋەزىپىسى ئاستىدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپنى مۇستەھكەم-لەش ۋە گۈللەندۈرۈش، خەلقئارا قاتناش يولىنى قوغداش، كەڭ ئاممىنى تەشكىللەش ۋە تەربىيىلەش، ئالدىنقى سەپكە مۇمكىن قەدەر ياردەم بېرىش، مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى تولۇق ئىجرا قىلىپ، دېموكراتىيىنى يولغا قويۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، خا-ئىن، باندىتلارنى تازىلاش لازىم. كوممۇنىستلار رەھبەرلىكىدىكى جاھان-گىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە تەشكىلىي ئاپپاراتى خېلى كۆپ تەرەققىي قىلدى. مەسىلەن، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى 1935 - يىلى 2417 گە، 1936 - يىلى 2954 گە، 1937 - يىلى 5281 گە، 1938 - يىلى 8050 گە يەتتى. ئۇلارنىڭ 116 سى ئايال، 1938 - يىلى 10 - ئايدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ رايونلۇق تارمىقى 17 گە، شۆبىسى 84 گە، بىۋاستە قاراشلىق گۇرۇپپىسى 18 گە، بىۋاستە قاراشلىق ياچېيكىسى بىرگە، گۇرۇپپا 793 گە يەتتى. 1943 - يىل 8 - ئايغىچە ئۇيۇشما ئەزاسى 10 مىڭدىن ئاشتى.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىل-غاندىن كېيىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بويىچە ئاممىغا ئۇر-غۇن تەشكىلاتچىلىق، تەشۋىقاتچىلىق خىزمىتىنى ئىشلىدى. ھەر يىلى «12 - ئاپرېل»، «7 - ئىيول»، «1 - ئاۋغۇست» خاتىرە كۈنى (1934-يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ تىنچ بىرلىككە كەلگەن خاتىرە كۈنىنى كۆرسىتىدۇ) لىرىدە كەڭ تۈردە تەشۋىقات ھەرىكىتى، ئاممىۋى يىغىن، ئاممىۋى كەچلىك يىغىن ئۇيۇشتۇردى. ھەر قېتىمقى پائالىيەتكە يالغۇز ئۈرۈمچىدىلا 30 مىڭدىن ئارتۇق، يەنى ئۈرۈمچى ئاھالىسىنىڭ ئۈچتىن بىرى قاتناشتى. شۇ كۈنلەردە يەنە تۈرلۈك تەشۋىقات تېزىسى،

مۇزاكىرە تېزىسى ۋە مەخسۇس بىروشۇرلار تارقىتىلدى. 1938 - يىلى «12 - ئاپرېل» نىڭ 5 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا ۋە ئۆلكە بويىچە 3 - قېتىملىق ئاممىۋى يىغىندا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، رۇسچە تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلدى. شۇ يىلى ھەر خىل خاتىرە يىغىنلىرىدا تارقىتىلغان تەشۋىقات ماتېرىياللىرى 450 مىڭ نۇسخىغا يەتتى. شۇ يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ماسلاشتۇرۇپ ئىككى قېتىم سەككىز ناھىيىگە تەشۋىقات ئەترىتى ئەۋەتىلدى. ئۆلكىلىك 3 - قېتىملىق ئاممىۋى يىغىن مەزگىلىدە، يىغىننىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن 11 ناھىيىگە 11 تەشۋىقات ئەترىتى ئەۋەتىلىپ، بىر ئاي تەشۋىق ئېلىپ بېرىلدى.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى كادىر تەربىيىلەش خىزمىتىگىمۇ ئەھمىيەت بەردى. 1934 - يىلدىن 1943 - يىلغىچە 20 قارار ھەر خىل كادىرلار كۇرسى ئېچىپ، 34 سىنىپتا 1700 دەك ئادەم تەربىيىلىدى. 1940 - يىلى ئۆلكە بويىچە ئومۇمىي ئىمتىھان ئالدى، سۆز مۇسابىقىسى، دراما مۇسابىقىسى، ناخشا مۇسابىقىسى، رەسىم، سۈرەت، كىتاب كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى ۋە ۋىلايەتلەرگە ئاپىرىپ سەييارە كۆرگەزمە قىلدى.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى يەنە دېھقان - چارۋىچىلارغا، سودا - سانائەتچىلەرگە، ئاياللارغا ۋە تەشكىلسىز ئاممىغا خىزمەت ئىشلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. دېھقان، چارۋىچىلار شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئاممىۋى خىزمەت دېھقان، چارۋىچىلارغا تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بارمىسا، قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ، لېكىن ئۇلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەنرەك، ئۇلارغا خىزمەت ئىشلەش تەسرەك. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ئوقۇغۇچىلاردىن، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ياردەم بېرىش تەشۋىقات ئەترىتىدىن پايدىلىنىپ، يېزىلاردا خىزمەت ئېلىپ باردى، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارمۇ چېنىقتى. دېھقانلار، چارۋىچىلارمۇ ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى چۈشەندى،

ھىمايە قىلدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپ تىنچلاندى ۋە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى سودا - سانائەتچىلەردىنمۇ ئىزا قوبۇل قىلدى، ئۇلار بېسىمدارلارغا، مەككار سودىگەرلەرگە قارشى كۆرەشنىڭ تايانچىلىرىدىن بولۇپ قالدى. ئاياللارغا قارىتىلغان خىزمەتنى ئاساسەن ئاياللار جەمئىيىتى ئارقىلىق ئىشلىدى. مەسىلەن، خەت تونۇتۇش ھەرىكىتى، ئاياللارنى ئىئانە توپلاش، قىشلىق كىيىم تەقدىم قىلىش ھەرىكەتلىرىگە سەپەرۋەر قىلدى. شىنجاڭ ئاياللار جەمئىيىتى 1934 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ چاغ ئۇرۇش مەزگىلى بولغاچقا، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىر نەچچە كىشىدىن ئاياللار ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىل قىلىندى، ئۇلار ئىئانە پۇلغا قەنت - شېكەر، تاماكا، لۆڭگە، سوپۇن ئېلىپ ئالدىنقى سەپكە، دوختۇرخانىلارغا بېرىپ ھال سورىدى، مۇساپىرلارنى ئوقۇتقۇزۇش، يىغىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاياللار جەمئىيىتى بۇ جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بىر ئاممىۋى تەشكىلات بولۇپ قالدى. 1940 - يىلى ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 600 دەك كىشىگە يەتتى، سانجى، تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئۇنىڭ شۆبىسى ۋە ئۈچ بىۋاستە قاراشلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

كوممۇنىستلار شىنجاڭدا ئىشلىگەن مەزگىلدە، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى. 1937 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش بويىچە ئارقا سەپتە ياردەم بېرىش جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، ئاممىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن كۈچ تەقدىم قىلىشقا، پۇلى بارلارنى پۇل، كۈچى بارلارنى كۈچ چىقىرىشقا سەپەرۋەر قىلدى. 1937 - يىل 9 - ئايدىن 1938 - يىل 9 - ئايغىچە بولغان 13 ئاي ئىچىدە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش بويىچە ئارقا سەپتە ياردەم بېرىش باش

ئۇيۇشمىسى ئۈرۈمچى ۋىلايىتى، قاراشەھەر ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئىلى ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، قۇمۇل ۋىلايىتى، زەيسان، تاشكەنت، شەمەي كونسۇلخانىلىرى ۋە مۇھاجىر قىرىنداشلار، ئىلىدا ياپون مىلىدىن ئېلىنغان جەرىمانە بولۇپ 2 مىليارد 410 مىليون 755 مىڭ 144 سەر پۇل، نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش بىزەك، تەڭگە، ھارۋا، سۈرەت ئاپپاراتى، يۇڭ ئەدىيال، كەمچەت جۇۋا، تىرە جۇۋا، رەخت، تۇماق، ئالتۇن سائەت، كۈمۈش سائەت تاپشۇرۇۋالدى. 10 - ئايدا ئۆلكىلىك ئۈچىنچى قېتىملىق ئامموۋى يىغىندا ئون دانە ئايروپىلان ئېلىپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىش قارار قىلىندى. 1938 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسى، ئاياللار جەمئىيىتى، ئىشچىلار ۋەتەن قۇتقۇزۇش باش ئۇيۇشمىسى، ئاممىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇيۇشمىسى، سودىگەرلەر جەمئىيىتى، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى، دۇبەن مەھكىمىسى سىياسىي تەربىيە باشقارمىسى، خەلق ئاقارتىش يۇرتى قاتارلىق ئون نەچچە ئامموۋى تەشكىلات بىرلىشىپ، قىشلىق كىيىم ئىئانە توپلاش ھەيئىتى قۇردى. 10 - ئاينىڭ ئايىغىدا ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى بىلەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچى - كوماندىرلارغا ھال سوراش خېتى يېزىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئاممىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇيۇشمىسى شۇ كۈندىن باشلاپ شىنجاڭ بويىچە ئۈچ كۈن پۇل تەقدىم قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغاشنى قارار قىلدى. ئاممىنى قوزغاش يولىدىكى بۇ بىر قاتار ھەرىكەتلەر ئارقىلىق نۇرغۇن پۇل - پۇچەك، ماددىي ئەشيا توپلىنىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، ئاممىنىڭ ئېڭى ئۆستۈرۈلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى كۈچەيدى، ۋەتەن سۆيۈش قىزغىنلىقى قوزغالدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچىسى كۈچەيدى.

ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1940 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن 1 مىليون يۈەن، قىشلىق كىيىم

ئۈچۈن 678 مىڭ يۈەن، نەق چوت ئىئانىسى ئۈچۈن 94 مىڭ يۈەن، گازىدىن مۇداپىئەلىنىش ئىئانىسى ئۈچۈن 70 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل توپلانغان. يۇقىرىقى تۆت خىل ئىئانە قىلىنغان ئالتۇن - كۈمۈش بېزەكلەرنىڭ كۆپلۈكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جەمئىي نەق پۇل 2 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، 1 مىليون 525 مىڭ يۈەن يىغىپ ئون دانە ئايروپىلان سېتىۋېلىپ① ھەدىيە قىلغان ھەمدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپتىكى كوماندىر - جەڭچىلەرگە تۈمەن مىڭپارچە ھال سوراش خېتى يېزىلغان.

ئۆز ۋاقتىدا، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار يېڭى گازارمىدىن ئاجرىتىلىپ ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىگە ئايروپىلان ھەيدەش ۋە تېخنىكا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى، بەزىلىرى ۋالىي، گارنىزون قوماندانى، چېگرا مۇداپىئە دادۇيىنىڭ دۇيجاڭى، ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنجاڭى، دۇبەن مەھكىمىسىدە باشقارما باشلىقى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپى، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇلدى. ئۇلار پارتىيىنىڭ ياخشى ئىستىلىنى ئۆزى تۇرغان جايغا ئېلىپ بېرىپ، خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى.

1938 - يىلى قىشتا، كوممۇنىست خۇجيەن يېڭى گازارمىدىن تاشقورغان چېگرا دۇيىگە جۇڭشياۋ دەرىجىلىك دادۇيجاڭلىققا يۆتكەلدى. تاشقورغان شىنجاڭدىن ھىندىستان، ئافغانىستان، كەشمىرگە بارىدىغان مۇھىم قاتناش يولى، شۇنداقلا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنىڭ مۇھىم تايانچ پونكىتى. خىلمۇخىل دىن تارقاتقۇچى پوپ، جاسۇسلار سودىگەرچە ياسىنىۋېلىپ، ئەنگلىيە يۇڭ رەختلىرى، مانىيە بوياقلىرى، چەت ئەلنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى توشۇغان سودىگەر - كارۋانلارغا قوشۇلۇپ شۇ يەردىن جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرىۋالىدۇ، ئۇلار ھەمىشە تاۋارلارنىڭ

① شياۋلى (لى خې): «ئاپرېل ئىنقىلابى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش»؛ «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» 6 - توم، 1 - سان، 1941 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشردىن چىققان.

ئارىسىغا ئەپيۇنغا ئوخشاش زەھەرلىك بۇيۇملارنى، قورال، جاسۇسلۇق ئەسۋابلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېلىپ كىرىدۇ، ئالتۇن، قاشتېشى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئەنگلىيە ئۇ يەردە بىر ۋاكالەتخانا قۇرۇپ، ھەر خىل قانۇنسىز شەرمەندىلىكلەرنى قىلدى، بۆلگۈنچىلىك، توپىلاڭلارنى قوللىدى، ئۇ ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاخبارات تورىنىڭ ئالاقە باغلاش نۇقتىسى، خوجىيەنىڭ چېگرا داۋىدە 500 ئادەم بولۇپ بىر تۈمەن ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى - دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كۈچىنى تازىلاش، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىغا ماسلىشىپ، ئەنگلىيىگە دائىر ئاخباراتلارنى توپلاش ئىدى. ھەر بىر قىسىمدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلاتى بار ئىدى، پەيدىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ ھەممىسى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. خوجىيەن تاشقورغانغا بارغاندىن كېيىن، تاجىك قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ باشقىدىن كازارما ياساتتى، قاراۋۇللۇق پونكىتلىرىنى قۇردى، چېگرا كۆزەتچىلىكىنى كۈچەيتتى، ئۇ ئاز سانلىق مىللەت مۇنەۋۋەرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارغا تايىنىشقا ئەھمىيەت بەردى. چېگرا داۋىدىنىڭ مۇئاۋىن داۋىجاڭى تاجىك جۇمەرنى ۋە ئوغلى مالايۇپ لىيەنجاڭنى، بۇركۇت دەپ لەقىمى بار قاسىم بەنجاڭنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلدى. چېگرا داۋىدە «دېموكراتىيە تۇرمۇش» نى قانات يايدۇرۇپ، ئەسكەرلەرنى ھەربىي لاۋازىمەتچىلەرنىڭ خىيانەتچىلىكىنى پاش قىلىشقا قوزغىدى، مىللىي ئاشخانا قۇردى، ھەر كۈنى سىياسىي دەرس ئۆتتۈپ، مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى ئېلىپ باردى، 8 - ئارمىيىنىڭ دۈشمەنگە قارشى جەسۇرلارچە كۆرەش قىلغان ئىش ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، جەڭچىلەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، جاھانگىرلىككە نەپرەتلىنىش ئېڭىنى ئۆستۈردى. كىشىلەر چېگرا

پونكىتىنى قاتتىق ساقلايدىغان بولدى، تاشقورغان تارىخىدا ھەربىيلەر بىلەن خەلق بىرلىشىپ چېگرىنى قوغدايدىغان مىسلىسىز ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، بىر نەچچە چېگرا قاراۋۇل پونكىتى تاجىك، ئۇيغۇر، قىرغىز خەلقىنىڭ بىرلىكتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ياسالغان، ئۇلار يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردىن ياغاچ - تاش، ئاشلىق، بېدىلەرنى ئات - ئېشەككە ئارتىپ، يولنىڭ يىراقلىقىنى، شىۋىرغان قارلارنى، خىيالغا سىغدۇرغىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئەكېلىپ، قىسىمنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلدى، قىسىمغا ئاخبارات يەتكۈزۈپ بەردى، دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېدكا قىلدى، چېگرا دادۈيى تاشقورغان ھاكىمى (كوممۇنىست) نىڭ ماسلىشىشى بىلەن، پاراكەندىچىلىك سالغان ماخۇسەن قالدۇق كۈچلىرىنى يوقىتىپ، ئەنگلىيە بەرگەن تېلېگراف، قورال، ئوق - دورىلارنى قولغا چۈشۈردى، ۋاكالەتخانىنىڭ جىمى ئادىمىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، چېگرىنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىدى①.

ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى بىلەن، يېڭى گازارمىدىكىلەر، ئاز ساندىكى خادىملار ۋە ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىدىن باشقىسى 1940 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ يەنئەنگە قايتتى.

① خوجىيەن: * «بەلگىلىك بايراقنىڭ چۈشۈرۈلۈشى» («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1 - سان، 1959 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى. خوجىيەننى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى: «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ تاشقورغان چېگرا دادۈيىدە ئىشلىگەن مەزگىلدىكى دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، جاھانگىرلارنىڭ تەسىرىنى تازىلاش كۈرىشى توغرىسىدىكى سۆھبەت»).

# سەككىزىنچى باب

## شىڭ شىسەينىڭ «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىلىرى»نى ئويدۇرۇپ چىقىشى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ نىڭ بۇزۇلۇشى، شىڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئېتىشى

### 1 ـ بۆلۈم شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ بويىچە 1 ـ قېتىم تازىلاش ئېلىپ بېرىشى ـ 1937 ـ يىلدىكى ئاتالمىش «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى»

شىڭ شىسەي ئويدۇرۇپ چىققان «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» ئۇ يولغا قويغان مۇستەبىت هۆكۈمرانلىقنىڭ مۇقەررەر مەهسۇلى. ئۇ مۇئەييەن شارائىتتا، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئەمەس، مۇستەبىت

ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويۇشنى كۆزلەپ، كوممۇنىستلارنىڭ ياردىمىدە ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى تۈزۈپ ۋە ئۇنى بىر مەھەل قىسمەن يولغا قويدى. بۇ ئۇنىڭ بارلىق فاشىزىم ـ سىياسەتلىرىنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئانچە مۇستەھكەملەنمىگەن چاغدا، بىر قىسىم كۈچلەردىن پايدىلاندى. بۇنداق پايدىلىنىش شەرتلىك، ۋاقىتلىق، يەنى مەلۇم بىر مەزگىلدە ئۇلاردىن كونترول قىلىش ئاساسىدا پايدىلىنىش ئىدى. شىڭ شىسەي تازا گۇمانخور بولغاچقا، ئۇ ئۆزىگە ياردەملەشتۇرگەن كۈچلەر كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋەرسە، ئەھۋال ئەكس تەرەپكە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، ئۇلار قۇدرەت تاپسا كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋەزىيەت يەنە ئاشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ، ھۆكۈمرانلىقىمغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان كۈچ شەكىللىنىدۇ، دەپ قورققاچقا، ئۇ ھەممىلا يەردە كوممۇنىستلاردىن ھېزى بولۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئۇلارنى قاتمۇقات نازارەت ئاستىغا ئالدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىزىغا دەسسىتىدىغان تۈرلۈك كۈچلەرنى ھەر ۋاقىت يېتىشتۈردى. ئۇ بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتىنى مەخپىي ئېلىپ باردى، نۇرغۇن كىشىلەر تونۇگۇن ئۇنىڭ مېھمىنى بولغان بولسا، ئەتىسى زىندانغا سېلىنىپ كويزا ـ كىشەن ئازابىنى تارتتى، ئۇلار ئۆلۈم ئالدىدىمۇ شىڭ شىسەينىڭ ھەقىقىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاڭقىرالماي قالدى. شىڭ شىسەي سىياسىي ۋەزىيەتنى كۆزىتىش جەھەتتىكى ماھىرلىقىغا تايىنىپ پايدىلىق پۇرسەتتە كىشىلەرنى قولغا ئالدى، ئاندىن ئۇلارغا يوقىلاڭ بەتنامىلارنى چاپلاپ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى. شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئويدۇرۇپ چىقىلغان تۈرلۈك قوزغىلاڭ ياساش ئەنزىلىرىنى ئەتراپلىق كۆزەتسەك، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداپ قالماقچى بولغانلىقى جەھەتتىن تارىخ لوگىكىسىغا ئۇيغۇن جاۋاب تاپالايمىز.

1933 ـ يىلى شىڭ شىسەي تەختكە چىقىپ 1937 ـ يىلى تازىلاش ئېلىپ بارغىچە، شىڭ شىسەي ئاساسەن بىر تۈركۈم سوۋېت كوممۇنىستلىرىغا، ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىغا، «12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نىڭ رەھبەرلىرىگە، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ بىر

قىسىم كۈچلىرىگە، «ئون چوڭ ئەرباب» قاتارلىقلارغا تاياندى. بۇ كۈچلەر-
نىڭ بەزىلىرى ئىشلىتىش جەريانىدا زەربىگە ئۇچرىدى. مەسىلەن، چېن
جۇڭ، لى شياۋتيەن، تاۋ مىڭيۆلەر ئۆلتۈرۈلدى، شەرقىي شىمال ئارمىيە-
سىنىڭ رەھبەرلىرى قولغا ئېلىندى، ليۇ ۋېنلۇڭ تەقىپ قىلىندى، سو-
ۋېت كوممۇنىستلىرى «ئون چوڭ ئەرباب» نىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى، ما-
ئوت، ماخۇسەنلەرنىڭ كۈچلىرى قوغلاپ چىقىرىلدى، ۋەھاكازا. لېكىن،
بۇ قىسمەن تەڭشەش، يات كۈچلەرنى كەڭ كۆلەمدە تازىلاشنىڭ مۇقەددىمە-
سى ئىدى، بولۇپمۇ سوۋېت كوممۇنىستلىرى شېڭ شىسەينى ۋەھىمىگە
سالدى. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، سوۋېت كوممۇنىستلىرى شىنجاڭغا كەلگەن-
دىن كېيىن، بەزى ئەمەلىي ھوقۇقلارنى ئىگىلەپ «ئون چوڭ ئەرباب»
نىڭ ئورنىغا چىقتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىنىڭ، جاھانگىر-
لىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ، شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ، «شىنجاڭ
گېزىتى» نىڭ ھوقۇقىنى ئىگىلىدى، بەزىلىرى قەشقەرگە، بەزىلىرى خو-
تەنگە ۋالىي بولدى. ئۇلار شېڭ شىسەينىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنىڭ
شەكىللىنىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى. لېكىن، شېڭ شىسەينىڭ
ئەكسىيەتچى ماھىيىتى ئۇنىڭ ھەم كوممۇنىستلاردىن ئايرىلالماسلىقىنى،
ھەم ئۇلاردىن ۋەھىمە قىلىشىنى بەلگىلىگەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە
سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ مۇقىم
بولۇشى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشى
زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ شېڭ شىسەيگە ئايان بولغاچقا، سوۋېت
ئىتتىپاقى بىلەن، سوۋېت كوممۇنىستلىرى بىلەن يېقىن ئۆتۈشنىڭ كەينى-
گە بۇنىڭ ماھىيىتى - ئۇلاردىن پايدىلىنىش غەرىزى يوشۇرۇنغانىدى. يەنە
شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ بارغانسېرى
كېڭىيىۋاتقانلىقىنى، رولىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، ھامان بىر
كۈنى مېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىمغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ دەپ قورقتى. مانا بۇ
ئۇنىڭ سوۋېت كوممۇنىستلىرىغا بىر تەرەپتىن ئۇلارنى ئېھتىياتچانلىق
بىلەن ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ بەزى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىشىگە يول
قويماسلىق؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارغا بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتىش

ھەمدە پۇرسەت تۇغۇلغاندا ئۇلارغا زەربە بېرىش ۋە بۇ كۈچنى تازىلىۋېتىش فائجېنىنى قوللىنىشنى بەلگىلىگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، شېڭ شىسەي يەنە تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل كۈچلەرنى، يەنى مائارىپ نازىرى جاڭ شىن باشچىلىقىدىكى «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» تەرەپدارلىرىنىڭ كۈچلىرىنى، ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجانىياز باشچىلىقىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۈچلىرىنى ۋە بىر قىسىم ھەربىي ھوقۇقتا ئىگە شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ كۈچلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. جاڭ شىن خۇبېي خۇاڭگەنلىك، 1915 - يىلى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرلىرىدە سانجى، يېڭىساردا ھاكىم، خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان، «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» ۋە «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» گە قاتناشقان. شېڭ شىسەي دەۋرىدە مائارىپ نازىرى بولغان، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ كۆزىنى داۋالاتقان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە مايىل ئىدى، سوۋېت كوممۇنىستلىرى بىلەن خېلى كۆپ ئۇچرىشىپ تۇراتتى، شېڭ شىسەينىڭ ھاكىممۇتلەقلىق ئىستىلىدىن نارازى ئىدى. ليۇ ۋېنلۇڭ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي جاڭ شىننى ئۆز يېنىغا تارتىپ ئۆلكە رەئىسلىككە تەيىنلىمەكچى بولغاندا، جاڭ شىن بۇنىڭغا ئۇنىمىغان، بۇ ئىش شېڭ شىسەينىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان، شېڭ شىسەي، جاڭ شىن شىنجاڭدىكى ئىككى قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىشكە قاتناشقان، مەككار، ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەي بولمايدۇ دەپ ھېسابلىغان①. لېكىن، شېڭ شىسەي ئۆزىنى رەھىمدىل كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئوۋ ئوۋلاشتىن بۇرۇن ھامان يىرتقۇچ تىرنىقىنى يوشۇرۇۋالاتتى، ھەتتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى بىخۇدلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى نومۇسسىزلارچە كۆككە كۆتۈرەتتى، ئاندىن ئېپى كەلگەندە بىراقلا زەربە بېرىپ ئۇ كىشىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلاتتى. ئالايلۇق، شېڭ شىسەي 1937 -

① جاڭ ۋۇۋېن: «ئاتام جاڭ شىننىڭ ھاياتى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 - سان، 63 - بەت

يىلى ئېچىلغان «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نىڭ تۆت يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا جاڭ شىن، جاۋدېشۇ ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «بەزىلەر ھۆكۈمەت جاڭ شىن، جاۋ دېشۇلارنى ئەتىۋارلاۋاتىدۇ دېشىۋاتىدۇ، دەرۋەقە، بىز شۇنداق قىلدۇق، چۈنكى جاڭ شىن، جاۋ دېشۇلار ئۇلۇغ ئاپرېل ئىنقىلابىمىزنىڭ قوزغىغۇچىلىرى، ئۇلار ئاپرېل ئىنقىلابىغا چوڭ تۆھپە قوشقان ... بىلىش كېرەككى، ئۇلۇغ ئاپرېل ئىنقىلابىنى جاڭ شىن، جاۋ دېشۇ قاتارلىق يولداشلار قوزغىغان ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان. . . » لېكىن بەش ئاي ئۆتمەيلا، جاڭ شىن جاۋ دېشۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قولغا ئېلىنىدى.

1937 - يىل 8 - ئايدا، شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم سىياسىي رەقىبلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تازىلاشنى باشلىدى. شېڭ شىسەينىڭ ئاشۇ ۋاقىتنى تاللاپ تازىلاش ئېلىپ بېرىشىدا سەۋەب بار ئىدى. 1937 - يىل 7 - ئايدا، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى پارتلىغان، جياڭ جېيشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بېسىمىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان، شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭمۇ بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىن ئۆتىدىغان خەلقئارا قاتناش يولى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى بەرگەن ماددىي ياردەمگە ئېرىشىشكە موھتاج بولغاچقا، شېڭ شىسەينىڭ ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىشقا يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى، بۇ دەل ئۇنىڭ چوڭ تازىلاش ئېلىپ بېرىشىغا ئوبدان پۇرسەت يارىتىپ بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى 1936 - يىلى پارتىيىنى تازىلاش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى، شېڭ شىسەي ھەرىكەت داۋامىدىكى كېڭەيتىۋېتىشتىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن كوممۇنىستلارغا قول سالدى، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى ئاپرېسېۋنىمۇ بوش قويۇۋەتمىدى. شۇ يىلى مامۇت، ماخۇسەنلەرنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىمۇ شېڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىنى يوقىتىشىغا باھانە بولۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ ئەتراپ-

لىق پىلانلىشى بىلەن چوڭ بىر ناھەق ئەنزە ئوتتۇرىغا چىقتى.

بۇ قېتىمقى ئاتالمىش «قوزغىلاڭ ياساش ئەنزىسى»نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى مۇنداق: شىنجاڭدا «مىسلى كۆرۈلمىگەن، كەڭ كۆلەملىك، خەلقئارالىق»، «قوزغىلاڭ ياساش ئەنزىسى» پاش بولىدۇ، بۇ ئەنزىدىكىلەر دۇبەننى ئۆلتۈرمەكچى، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويغان ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرماقچى، شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرماقچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قەدەم - باسقۇچى: ماموت، ماخۇسەنلەر جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىسيان كۆتۈرۈش، خوجانىياز، جاڭ شىن، ماشاۋۋۇلار ئۈرۈمچىدە ئۇلارغا ماسلىشىش ھەمدە ئىلى، تارباغاتاي، قۇمۇل، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، ئالتاي قاتارلىق جايلارمۇ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۇلارغا ئاۋاز قوشۇش. بۇ سۇيىقەستچى تەشكىلات يەنە تروتسكىچىلارنىڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى ئاپرېسوۋنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ، شىنجاڭغا كەلگەن سوۋېت كوممۇنىستلىرىمۇ بۇ سۇيىقەستچى تەشكىلاتقا قاتنىشىدۇ، شۇنداقلا بۇ «ئەكسىيەتچىلەر» يەنە توكيو، بېرلىن، تيەنجىندىكى ياپون كونسۇللىرى بىلەن، شەرقىي خېبېيدىكى قورچاق تەشكىلاتلاردىكى، قورچاق مانجۇرىيىدىكى، ئەرەب ئەللىرىدىكى ياپونىيە جاسۇسلىرى بىلەن، ياپونىيە شىنجاڭغا ئەۋەتكەن جاسۇسلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. ئۇلار خائىنلار، تروتسكىچى باندىتلاردىن ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە شىنجاڭدىكى سودا سارايلىرى ئارقىلىق ياپونىيىدىن ۋە باشقا جاھانگىر دۆلەتلەردىن ياردەم ئالىدۇ؛ يەنە مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە خادىمى، دىن تارقاتقۇچىسى (مىسسىئونېر) بىلەن ئالاقىلىشىدۇ ۋە ئۇلاردىن ياردەم ئالىدۇ[①] ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويغان ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، شىنجاڭنى مەڭگۈ جۇڭگو زېمىنى قىلىش ئۈچۈن، سۇيىقەستچىلەر بىر - بىرلەپ قولغا ئېلىنىدۇ.

1937 - يىل 8 - ئايدا، شېڭ شىسەي مۇھاپىزەتچىلىرىگە ئاممىۋى

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 27 - يىل (1938 - يىل) 10 - ئاينىڭ 18 - كۈندىكى سانى.

يىغىندا پەردە ئارقىسىدىكى بىر قىسىم لۇكچەكلەر رەئىس سەھنىسىگە چىقىپ دۇبەننى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. لېكىن، شۇ يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ئىشنى كۆرمەيدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ماگا-رىپ نازارىتى كاتىبات باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ جيۇگاۋ قولغا ئېلىنى-دۇ. ئامانلىقنى ساقلاش باشقارمىسىنىڭ قىيىن - قىستاقتا ئېلىشى بىلەن جاڭ جيۇگاۋ ماگارىپ نازىرى جاڭ شىننىڭ مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ، دۇبەننى ئۆلتۈرمەكچى ۋە ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرماقچى بولغانلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ. شۇ ئايدا، دۇبەن مەھكىمىسى ھەربىي قانۇن باشقارمىسىنىڭ باشلىقى فىڭ لياڭ شىڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن مۇئاۋىن تەمىرات نازىرى چېن شياۋجۇنىڭ ۋە مۇئاۋىن خەلق ئىشلىرى نازىرى لەن يەنشۇلار-نىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلارنى ھۆكۈمەتكە قارشى تەشكىلاتقا قاتناشقانلىق مەسىلىسىنى ۋە ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ ئىچكى سىرىنى تاپشۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارغا بۇ تەشكىلاتنى ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى پىلانلىغانلىقىنى، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى كۆپ، نۇرغۇن ياردەمگە ئېرىشكەنلىكىنى، ئۇلار مەسىلە تاپشۇرسىلا دۇبەن چوقۇم ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. چېن شياۋجۇ، لەن يەنشۇلار ھاڭ - تاڭ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە فىڭ لياڭ ئۇلارنى «يالغان نەرسىلەرنى ئىقرار قىلىش» قا ئۈندەيدۇ. 9 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جاڭ شىن قولغا ئېلىنىدۇ. فىڭ لياڭمۇ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ، فىڭ لياڭ شىڭ شىسەي توقۇپ چىققان ئەنزە ئەھۋالىنى ئىقرار قىلىدۇ ۋە ئارقا - ئارقىدىن قولغا ئېلىنغانلار ئالدىدا دەرقەمتە تۇرۇپ، ئۇلار سۇيىقەستلىك تەشكىلاتقا قاتناشقانلىقىنى ئىقرار قىلغانغا قەدەر گۇۋاھلىقتىن ئۆتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كەڭ كۆلەمدە قولغا ئېلىش باشلىنىدۇ، شىڭ شىسەي جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسىدىن تۆۋەن ئەمەلدارلار، ماگارىپچىلار، كوماندىرلار، چوڭ سودىگەرلەردىن 100 نەچچە كىشىنى قولغا ئېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ، ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكى ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك خادىملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ ئەنزىگە چېتىلىدۇ.

شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، شىڭ شىسەي چېن لىفۇنى ئۇزىتىش زىياپىتىدىن كېيىن، يەنە خوجانىياز، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى مەنچۇكزاپ (موڭغۇللارنىڭ تورغاۋۇت قەبىلىسىنىڭ جەنۇبىي ئايماق باشلىقى) قاتارلىقلارنى قولغا ئالدى. 10 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، دۇبەن مەھكىمىسى ئۈرۈمچىدىكى ئۈستى ئوچۇق مەيداندا ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، بۇ ئەنزىنىڭ پاش قىلىنىش ئەھۋالى، بۇ ئەنزىدىكىلەرنى قولغا ئېلىش - سوراق قىلىش جەريانىنى ئۇقتۇرىدۇ ھەممە پۈتۈن شىنجاڭغا، نەنجىڭغا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، بۇ سۇيىقەستچى تەشكىلاتنى ياپون باسقۇنچىلىرى، تروتسكىچىلار ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ مىللەتچىلىرى پىلانلىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئادىل ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلىشقا شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ چاغدا، شىڭ شىسەينىڭ بۇ نەيرىڭىنى ئۆزى ۋە ئاز ساندىكى يېقىنلىرىدىن باشقىلار بىلمەيتتى، شۇڭا ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقى ئالدىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئۇلۇغ تازىلاش خىزمىتىنى بىردەك ھىمايە قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى سادىقباي، نىسكىلارنى سوت قىلىش كوللېگىيىسىنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشىشقا ئەۋەتتى. شىڭ شىسەي بىر تۈركۈم سوۋېت كوممۇنىستلىرىنى ۋە ھەر قايسى تارماقلاردا ئىشلەۋاتقان خادىملارغا تروتسكىچى ياكى جاسۇس دېگەن بەتناملارنى چاپلاپ ئارقا - ئارقىدىن قولغا ئالدى. شىڭ شىسەي جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ ھوقۇقىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆز قولىدا تۇتۇش ئۈچۈن، بۇ ئەنزىدىن پايدىلىنىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ يېۋۇنى، مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ شيەنچېڭنى تروتسكىچى قىلىپ قويدى.

كەڭ كۆلەمدە قولغا ئېلىش ئۈرۈمچىدە ۋە باشقا جايلاردا تەڭ باشلاندى. 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىلىدا ۋالىي چېن دېلى ۋە ھەر ساھە زاتلىرىدىن 100 نەچچە كىشى؛ تارباغاتايدا ۋالىي جاۋ دېشۇ ۋە ھەر ساھە زاتلىرىدىن 60 نەچچە كىشى؛ قۇمۇلدا شيۇلىڭ شاۋيۈەن ۋە ھەر ساھە زاتلىرىدىن 30 نەچچە كىشى؛ ئاقسۇدا ۋالىي سالى ۋە ھەر ساھە زاتلىرىدىن

100 نەچچە كىشى؛ قەشقەردە مۇۋەققەت ۋالىي ۋەن شيەنتىڭ؛ خوتەندە مۇۋەققەت ۋالىي جىياڭ يىجۇن ۋە ھەر ساھە زاتلىرىدىن 300 نەچچە كىشى؛ ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدىكى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرى ۋە ھەر ساھە زاتلىرىدىن 20 نەچچە كىشى تۇتقۇن قىلىندى. ئۇلار ئارىسىدىكى خەتەرلىك مەھبۇس دەپ قارالغان 800 نەچچە كىشى ئارقا - ئارقىدىن ئۈرۈمچىگە يالاپ ئېكې-لىنگەچكە تۈرمىگە سىغماي، 3 -، 4 - تۈرمىلەرنى سېلىشقا توغرا كەلدى. پۈتۈن شىنجاڭنى ئەنسىزچىلىك قاپلىغاچقا، كىشىلەر دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. لېكىن، قولغا ئېلىش بۇنىڭ بىلەن بېسىقمىدى. 1938 - يىل 2 - ئايدا ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى پولىنوۋ قاتارلىق 30 نەچچە ئۇرۇس، باشقا جايلاردا 40 نەچچە ئۇرۇس قولغا ئېلىندى. 6 - ئايدا، يەنە ئالتايدا مەنگەي باشچىلىقىدىكى 30 نەچچە قازاق تۇتقۇن قىلىندى. ھۈسەيىن بايۋەچچى، يۈمەنباي، تۇرسۇنبابا قاتارلىق بەش كىشىمۇ قولغا ئېلىندى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە بەزى مەشھۇر زاتلار، مەسىلەن، خەلق ئىشلىرى نازىرى ماشاۋۇ، دېھقانچىلىق، كانچىلىق نازىرى يۈي ۋېنبىڭ (يەنى ئۇيغۇر يۈنۇسبەگ) تەمىرات نازىرى شى شىچاڭ، مالىيە نازىرى خۇشۇكاڭ، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ كوماندىرى، قوشۇمچە ئالتۇن كېنى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇۋۇ، ئالىي سوتنىڭ باشلىقى لۇشاۋزۇ، موڭغۇللارنىڭ ئايماق باشلىقى شىلىك، تەمىرات نازىرى بايان موللا، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ جىڭلىسى بۇرھان، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت-نىڭ باش كاتىپى خۇاڭ خەنجاڭ، تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق كونسۇل گۇاڭ لۇ قاتارلىقلار؛ «ئون چوڭ ئەرباب» لاردىن ئۈرۈمچى ۋالىيسى شۈي ليەن، تارباغاتاينىڭ مائارىپ نازىرى خې يۈيجۇ، ماناسنىڭ ھاكىمى كاڭ بىگلىن، ئاپتوموبىل ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گۇشلياڭ، ئۈرۈمچى شەھىرىگە تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ لىشى، ئىلى ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يەنلىڭ، ئۈرۈمچى يەرلىك سوتنىڭ باشلىقى چېڭ دوگبەي، شىخونىڭ ھاكىمى سۇڭ فۇياۋ، قەشقەر يەرلىك سوتنىڭ باشلىقى لاڭ داۋخېڭلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن

قولغا ئېلىندى.

بۇ قېتىمقى ناھەق ئەنزىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئاپرېسوۋغا تروتسكىچى ھاندىت دېگەن يوقىلاڭ بەتنام چاپلىنىپ، ئۇنىڭغا سۇيىقەستچىلەرنى مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىدىكى مۇھىم ئورۇنلارغا ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ھەر قايسى ئورگانلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي سىياسىي داھىيسىنى ئۆلتۈرمەكچى ۋە ھازىرقى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرماقچى، شىنجاڭ بويىچە قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولدى دەپ بوھتان چاپلىندى. ئاپرېسوۋ بۇ سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسىگە باشچىلىق قىلغانىكەن، سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ تازىلاش ئوبيېكتى بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىدى. ۋاڭ شيۇچىڭ مۇشۇ ئەنزىگە چېتىلىپ قولغا ئېلىندى، 1938 - يىل 5 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىلدى، ئۇ كېيىن تۈرمىدە ئۆلدى. ئاپرېسوۋ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاپىرىپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. 1937 -، 1938 - يىللار دەل سوۋېت ئىتتىپاقىدا تازىلاش ھەرىكىتىدە كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقى كۆرۈلگەن يىللار ئىدى، شېڭ شىسەي بۇ پۇرسەتتىن غەنىيمەت بىلىپ، سۇيىقەستلىك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، تروتسكىچىلارغا قارشى تۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈشنى باھانە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشتەك رەزىل چارىنى قوللاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، 1938 - يىل 3 -، 4 - ئايلاردا قۇرۇلغان، كومىتېت باشلىقى لى پۇلىن باشچىلىقىدىكى سوراق قىلىش كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار بۇ ئەنزىنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ، شېڭ شىسەيگە گۇمانىي پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شېڭ شىسەي خىجالەتچىلىكتە دەرغەزەپكە كېلىپ، ستالىنغا ئۇلار ئۈستىدىن شىكايەتنامە سۇنۇپ، ئۇلارغا «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدىن ۋاز كېچىپ، تروتسكىچى ھاندىت ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ شىنجاڭ ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلىشىش مەيدانىنى تۇتتى، مەخپىي تۈردە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى، تار مەھكىمىچى يەرلىك مىللەتچىلەرنى يوشۇرۇنچە ئۆز يېنىغا تارتتى ۋە ئەنگ-

لىيە جاھانگىرلىكىنىڭ غالچىسى بولدى» دەپ بوھتان چاپلىدى، قىسقىسى، شېڭ شىسەينىڭ خاتا قىلمىشلىرىغا باشقىچە پىكىردە بولغانلارنىڭ ھەممىسىگە يوقىلاڭ بەتنام چاپلىنىپ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالدى.

شېڭ شىسەي ئۆز قولى بىلەن ئويدۇرۇپ چىققان «سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» قوللانغان ۋاستىسىنىڭ قەبىھلىكى، جازالاش چارىلىرىنىڭ رەھىمسىزلىكى، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ كۆپلۈكى، تازىلاش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئويدۇرۇپ چىقىلغان بەتناملارنىڭ غەلىتىلىكى، ئەنزىگە چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن شىنجاڭ تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان. شېڭ شىسەينىڭ ئېيتىشىچە، شۇ قېتىمقى تازىلاشتا، 435 كىشىگە «سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ كۆتۈرۈش جىنايىتى ئۆتكۈزدى» دەپ جازا ھۆكۈم قىلىنغان، 33 كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن[①]. دەرۋەقە، بۇ سانلىق مەلۇماتتا سان - سىپىرلار جىق كېمەيتىۋېتىلگەن. بەزىلەرنىڭ ھېسابلاپ چىقىشىچە، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار 1000 ـ 2000 دىن كەم ئەمەسكەن[②]. قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئۇچراپ، شېڭ شىسەي ئالدىن ئويدۇرۇپ چىققان جىنايەت پاكىتلىرى ئاساسىدا سوراقچىنىڭ ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن تۈردە كۆرسىتىشى بىلەن ئۆزلۈكىدىن ئىقرار قىلىشقا ياكى يوقىلاڭ جىنايەتلەرنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى؛ بۇ ئىقرارلارنىڭ ھېچقانداق ماددىي پاكىتى يوق ئىدى.

ئويدۇرۇپ چىقىلغان «سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» ئارقىلىق شېڭ شىسەي نۇرغۇن سىياسىي رەقىبلىرىنى تازىلاپلا قالماي، يەنە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «ئاسىيلارنىڭ نۇرغۇن مال - مۈلكى» نى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. شېڭ شىسەي «سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» نىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى يېپىش ئۈچۈن، بىر قىسىم چوڭ سودىگەرلەرنى، ھەتتا يېقىن شېرىكلىرىنى قولغا ئالدى. «شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭغا كەلتۈرگەن بالايىـ

① شېڭ شىسەي، خىتىفىڭ: «شىنجاڭ پىشكىمۇ ياكى ئاساسلىق ھەربىي كۆچمۇ» خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 43 - بەت.
② يۇدۇڭجياۋ: «شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ئىشپىيونلۇق ھۆكۈمرانلىقى» «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 4 - سان، 246 - بەت.

ئاپىتى» ناملىق كىتابتا پاش قىلىنىشىچە، شىبلاڭ شىسەي باي سودىگەرلەرنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۇلارنى قىيىن - قىستاققا ئېلىپ سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسىگە چېتىلغانلىق جىنايىتىنى ئىقرار قىلدۇرغان، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئالدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان مال - مۈلكىگە ئاساسەن ئاتالمىش سۈيىقەستلىك توپىلاڭ خىراجىتىنى تاپشۇرۇشنى بۇيرۇغان، تەھدىت ئاستىدا ئۇ كىشى ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە مال - مۈلۈك تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى يا مەخپىي تۈردە باشقا جايغا كۆچۈرۈۋېتىلگەن، يا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان. ئۇنىڭ مال - مۈلكى، پۇل - پۈچىكى، كىيىم - كېچىكى، يېرى، «ئاسىيلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىش كومىتېتى» تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ مۇسادىرە قىلىنغان، مۇسادىر قىلىنغان پۇل - پۈچەك، سىرغا بۇيۇملار ئۈن - تىنسىز شىبلاڭ شىسەينىڭ چۆنتىكىگە چۈشكەن. مەسىلەن، ھۈسەيىن (تاتار) بىلەن ھەسەن ئاغا - ئىنى ئىككىسى ئۈرۈمچىدە ئاچقان جىنشىياڭ بانكىسى شىنجاڭنىڭ سودا ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينايتتى، تۇرسۇنبابا (ئۆزبېك) ئۈرۈمچىدە دېشىباڭ بانكىسىنى ئاچقانىدى، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى «ئاسىيلارنىڭ مال - مۈلكى» قاتارىدا مۇسادىرە قىلىندى. يەنە مەسىلەن، قەشقەردىكى بايۋەتچى يۇمەنبايىنىڭ جەمەتى 200 يىللىق باي ئائىلە ئىدى، 1937 - يىلى يۇمەنباي قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەمەتىدىن ئون نەچچە ئائىلە ئۇنىڭغا چېتىلىپ 30 نەچچە كىشى قولغا ئېلىندى. بارلىق مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى، پەرزەنتلىرى قوغلاپ چىقىرىلدى، كىيىم - كېچەكتىن باشقا نەرسىسى قالمىدى. قەشقەردىكى بايۋەتچى ھاكىم ھاجى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قوغلاپ چىقىرىلدى، 60 ساندۇق ئالتۇن - كۈمۈشى مۇسادىرە قىلىندى. باي ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر سودىگەر مۇھەممەت رەھىم قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، 800 يامبۇ تاپشۇرۇپ تۈرمىدىن چىقتى. چېن دېلى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، بىر سارىيى مۇسادىرە قىلىندى، ئۇنىڭ قىممەت باھالىق زەركەشتىلىك تونىنى شىبلاڭ شىسەي ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. خوجانىياز قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدىكى 13 چولاڭ كىچىك ماشىنىسى،

ئۇن نەچچە ساندۇق ماشىنا زاپچاسلىرى، 70 تۆگىسى، 4000 قويى، تۇرپاندىكى چوڭ ـ كىچىك كارىزى، بىر ماشىنىلاشقان قۇدۇقى، يىلىغا 100 دادەن ھوسۇل بېرىدىغان شاللىقى، 70 تۇياقتىن كۆپرەك ئات ـ قېچىرى قۇمۇلدىكى 5000 قويى، چوڭ ـ كىچىك بەش كارىزى؛ ئۈچتۇرپاندىكى قورۇ ـ جايى ۋە ئېتىزى؛ كۇچادىكى چوڭ باغچىسى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئائىلىسىدىكىلەرنى خانىۋەيران قىلىۋەتتى، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى كۈن كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالدى①.

شېڭ شىسەي 1937-يىلى «سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» نى ئويدۇرۇپ چىقىپ بىرتۈركۈم سىياسىي رەقىبلىرىگە زەربە بەردى، سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى مەملىكىتىگە قايتۇرۇۋېتىپ، سوۋېتلىك خادىملارنىڭ كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ ئورناتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشكە كادىر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن، بىر تۈركۈم جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلار شىنجاڭغا كېلىپ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، شېڭ شىسەي نەيرەڭۋازلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ يەنە بىر قېتىم «سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، دېموكراتىك تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرگە زەربە بېرىپ نۇرغۇن تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى تۈرمىگە تاشلىدى.

① ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى» مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىل) 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى.

# 2 - بۆلۈم شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ بويىچە 2 - قېتىم چوڭ نازىلاش ئېلىپ بېرىشى - 1940-1941-يىللاردىكى ئاتالمىش «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى»

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى يۈكسەلدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىناۋىتى كۈنسېرى ئۆستى. بۇ شېڭ شىسەينى بەكمۇ ئالاقىزادە قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى خالىسانە ياردەم بېرىپ تۇردى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 8- تۇەننى شىنجاڭغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقى، كان تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ سودا ئىشلىرىدا بارغانسېرى مۇھىم رول ئوينىغانلىقى، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرغانلىقى، شېڭ شىسەيدە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا نىسبەتەن ۋەھىمە پەيدا قىلدى، ئۇ كۈنسېرى ئۆسۈۋاتقان بۇنداق تەسىرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن خەۋپ دەپ قورقتى. شۇڭا، ئۇ بىر تەرەپتىن ئاشكارا سورۇنلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولىدىغانلىقى، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بىرلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەخپىي ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇشقا تەييارلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ كۈنسېرى ئۆسۈۋاتقان تەسىرىنى چەكلەش ئۈچۈن، ئۇ بىر تەرەپتىن سىياسىي ۋە ھەربىي تارماقلاردىكى سوۋېتلىك مەسلىھەتچىلەرنىڭ خىزمىتىنى ئالماشتۇرۇۋەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن زور

بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنىڭ خىزمىتىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكىۋەتتى. مەسىلەن، خۇاڭ مىنفۇنى ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىغا، لىن جىلۇنى كۇچا ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى، يەنە بىرمۇنچە كومپارتىيە ئەزالىرىنى، ھاكىم، باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى، چۈنكى باج يىغىش پۇقرالار ياخشى كۆرمەيدىغان خىزمەت ئىدى①. شىڭ شىسەي بۇنى ئاساسىي قاتلامنى كۈچەيتىش، ئەمما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈش ئۈچۈن دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كومپارتىيە ئەزالىرىنى مىللەت تەركىبى مۇرەككەپ، تىلى ئوخشاش بولمىغان، تۇرمۇشى قىيىن رايونلاردا خىزمەت ئىشلەشكە ئامالسىز قالدۇرۇشقا ئۇرۇنغانىدى. شۇنداقتىمۇ شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئەكسىچە، كوممۇنىستلار خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتىپ چېچەكلىدى، مېۋە بەردى، ئۇلار ئۇرۇمچىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن تېخىمۇ كەڭ زېمىنغا باردى. شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستلاردىن ۋەھىمە قىلسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا، ئۇلارغا قارىتا يوقىرىقىدەك يۆتكىۋېتىش ۋاستىسىنىلا قوللىنالىغان بولۇپ، بىۋاستە زەربە بېرىش ۋاستىسىنى قوللىنىش باسقۇچىغا يەتمىگەنىدى، چۈنكى بۇ چاغدا سوۋېت - گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالىغان، سوۋېت - ياپونىيە مۇناسىۋىتىدىكى جىددىيلىك پەسەيگەن بولۇپ، بۇ ئىككى جەھەتتە ۋەزىيەت سوۋېت ئىتتىپاقىغا پايدىلىق بولغاچقا، شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەسكىن قارشى تۇرۇش ۋاستىسىنى قوللىنىشقا پېتىنالمايتتى؛ ئەمەلىيەتتە ئىچىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تىركىشىش باسقۇچىغا قەدەم قويغان، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيەدىن ئىبارەت ئىككى پارتىيەنىڭ مۇناسىۋىتى تەلتۆكۈس ئۈزۈلمىگەن، ئۇلار تۈزگەن بىرلىكسەپ تېخى بۇزۇلمىغانىدى. مانا بۇلار شىڭ شىسەينىڭ ھەم سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستلارغا قارشى تۇرۇشنى خىيال قىلغان، ھەم سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە پارتىيىمىز بىلەن مۇناسىۋەتنى ئوچۇق - ئاشكارا تەلتۆكۈس ئۈزۈشكە

① چېن تيەنچيۇ «شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقىچە دوكلات».

پېتىنالمىغان ئەھۋالدا، ئەگىتمە ئۇسۇل ـ شىنجاڭدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كومپارتىيىگە يېقىن كىشىلەرگە زەربە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولۇشنى بەلگىلىگەن. ئۇنىڭ ۋاستىسى ئاتالمىش سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ ئۆزى زەربە بەرمەكچى بولغان ئوبيېكتلارنى بىر ـ بىرلەپ بۇ ئەنزىگە چېتىشتىن ئىبارەت بولدى. مانا بۇ 1940 ـ 1941 ـ يىللاردا يەنە بىر قېتىملىق سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئىدى. بۇ يالغان ئەنزىنى 1942 ـ يىلى كوممۇنىستلارغا ئوچۇق ـ ئاشكارا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىقىلغان چوڭ يالغان ئەنزىنىڭ سىگنالى دەپ قاراشقا بولىدۇ، ۋەتەنپەرۋەر زات دۇجۇڭيۈەن 1940 ـ 1941 ـ يىللاردىكى سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسىنىڭ باش جىنايەتچىسى قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەنزە دۇجۇڭيۈەن ئەنزىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دۇجۇڭيۈەن ئەنزىسى بۇ ئەنزىدىكى ئاساسلىق ئەنزىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە قۇربان نىياز، شەرىپقان، چىن پېيشىن، ۋۇ زۇجۇنلەرنىڭ ئەنزىلىرىمۇ چېتىلغانىدى.

بۇ ئەنزە ھەققىدە، شېڭ شىسەي مۇنداق دېگەن: «18 ـ سېنتەبىر ئەنزىسىنى دۇجۇڭيۈەن باشچىلىقىدىكى پارتىيە ۋە مىللەتنىڭ خائىنلىرى قوزغاتقان ۋە پىلانلىغان بولۇپ، ئۇ خەلقئارالىق تۈس ئالغان سۇيىقەستلىك ئەنزىدۇر. بۇ ئەنزە 1926 ـ يىلدىكى چوڭ سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسىنىڭ داۋامى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۆزگىچە ۋاستە قوللانغان ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان جۇڭگونىڭ زېمىنىنى پارچىلاش، قورچاق ھاكىمىيەت قۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئارقا سەپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغان سۇيىقەستچى تەشكىلات پەيدا قىلغان. لېكىن، بۇ تەشكىلاتنىڭ مەخپىيلىكى ۋە كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، ۋاستىسىنىڭ قەبىھلىكى، سېتىۋالغان قاتىللىرىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. بۇ قېتىمقى سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسىگە قاتناشقانلار ئىچىدە: خەنزۇلاردىن دۇجۇڭيۈەن (شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ باشلىقى)، جاڭ خۇڭيۇ (مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى)، لى پېيكې (ئۆلكىلىك دوختۇرخانىنىڭ جىڭلىسى)، ۋاڭ

ياۋچىڭ (شەھەر مۇداپىئە يىغىجاقى)، ياۋشىيۇڭ (ئىلى گارنىزون قىسىملىرىنىڭ قوماندانى)، چىن پېيشىڭ (چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، سۇي رۇڭچاڭ (تۇەنجاڭ)، ياڭ دېجۇن (ئالتاي گارنىزون قىسىملىرىنىڭ قوماندانى)، جاڭ زۇجۇ (ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى)، ليۇگويۇ، شىڭ گوۋېن قاتارلىقلار؛ ئۇيغۇرلاردىن ئابلا داموللا (تەمىرات نازىرى)، قۇربان نىياز (ج خ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) قاتارلىقلار؛ قازاقلاردىن شەرىپخان (ئالتاينىڭ ۋالىيسى)، گەلەنۇاڭ، باقىت بەيسى قاتارلىقلار؛ خۇيزۇلاردىن لەن يەنتاۋ (مۇئاۋىن نازىر)، ئۇرۇسلاردىن بىكتىيېۋ (تاشيول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) قاتارلىقلار بار. بۇ سۇيىقەستچى تەشكىلات 9-سېنتەبىر كۈنىدىكى ئاممىۋى خاتىرىلەش يىغىنىدا توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى؛ تەييارلىقى پۈتمىسە 1941-يىلى 12-ئاپرېلدا توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغان. ئۇلار قوزغىلاڭدىن ئىلگىرى، پائال تۈردە تەشكىلات ئەزالىرىنى كۆپەيتىش، ھەر مىللەتتىن بولغان قاتىللارنى سېتىۋېلىش، ئۆلكىنىڭ ئەڭ ئالىي ئەمەلدارىغا قەست قىلىشقا ئۇرۇنۇش، ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىپ پاراكەندىچىلىك، بۆلگۈنچىلىك قىلىشتىن باشقا، يەنە چەت رايونلاردا، بولۇپمۇ ئالتاي، تۇرپان، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى پائالىيىتىنى كۈچەيتىپ، ئالدى بىلەن چەت رايونلاردا توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئۆلكە مەركىزىدىكى قوشۇنلارنى تارقاقلاشتۇرۇپ، 18-سېنتەبىردىكى چوڭ توپىلاڭغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش غەرىزىگە يېتىشكە ئۇرۇنغان. ئەينى چاغدا كۆكتوقاي ۋە چىڭگىلدا توپىلاڭنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۇيىقەستچى تەشكىلات قوزغاتقان، ئۆلكىنىڭ ئەڭ ئالىي ئەمەلدارىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان قاتىللارنى سوراق قىلىش داۋامىدا ئۇلارنىڭ بىر قىسىم سۇيىقەستلىك پىلانى ئىگىلەندى. ئارقىدىن ئىككىنچى تۈركۈم قولغا ئېلىش ۋە داۋاملىق سوراق قىلىش ئارقىلىق پۈتكۈل سۇيىقەستلىك پىلانى ۋە پارتىيىگە ئاسىيلىق قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئاشكارىلاندى[1]». شىڭ شىسەينىڭ بۇ بىر ئابزاس سۆزى ئۇ ئۆزى

---

① جىنيۇڭ «ئاپرېل ئىنقىلابىنى ئەسلەش ۋە كەلگۈسىگە نەزەر»، «يېڭى شىنجاڭ»، 1-توم، 1-سان، 14-بەت.

ئويدۇرۇپ چىققان بۇ ئەنزىنىڭ ئىزناسىنى ئومۇمىي جەھەتتىن بەلگىلەپ بەردى.

دۇجۇڭيۈەن شېڭ شىسەينىڭ تۈرلۈك زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغاچقا، 1939 - يىل 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئۇنىڭ ئىستىپاسى تەستىقلاندى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئائىلىسىدە نەزەر بەنت قىلىندى. دۇجۇڭيۈەن شېڭ شىسەيگە ھۆكۈمەتنى، داھىينى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، «ئۆزىنى جىيابى، چۇيىيۈەنلەرگە سېلىشتۇرۇپ ساداقەتلىك كۆرسەتكەن بولسىمۇ، تۆھمەتكە قالغانلىقىغا قاتتىق ھەسرەتلىنىدىغانلىقىنى، ئەگەر يەنە دوستىغا ساداقەتسىزلىق قىلدى دەپ قارالسا، ھۆكۈمەت ئۆزىدىن گۇمانلىنىۋەرسە، ئۆزىنى بۇ دۇنيادا ياشاش ماكانى قالمىغان كىشى دەپ ھېسابلايدىغانلىقى» نى ئىزھار قىلىپ بىر قانچە قېتىم خەت يازغان بولسىمۇ، شېڭ شىسەي ئۆز مەۋقەسىنى ئاللىقاچان مۇقىملاشتۇرۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھەرىكىتىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى. دۇجۇڭيۈەن شېڭ شىسەينىڭ ساۋاقدىشى، يۇرتدىشى، مەملىكەت ئىچىدە نوپۇزلۇق سودا سانائەتچى ۋە ۋەتەنپەرۋەر زات ئىدى. 1935 - يىلى 5 - ئايدا، دۇجۇڭيۈەن باشقۇرغان «يېڭى ھايات» ژۇرنىلىدا «قۇرۇق گەپچى پادىشاھ» دېگەن ماقالە ئېلان قىلىنىدۇ، ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنى باھانە قىلىپ ۋەقە تۇغدۇرۇشىدىن قورققان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. ئۇ 1938 - يىلى شىنجاڭغا كېلىپ 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدۇ، شېڭ شىسەينىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتى ئۇنىڭدا ياخشى تەسىرات قالدۇرغاچقا، «شېڭ شىسەي ۋە يېڭى شىنجاڭ» دېگەن كىچىك بىروشۇرا كىتابنى يېزىپ ئۆزىنىڭ كونا ساۋاقدىشىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرىدۇ. 1939 - يىلى ئۇ شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپى بىلەن يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئۇ شېن جېيۈەن، جاڭ جۇڭشى، ماۋدۇن، ساۋكۇڭلياۋ قاتارلىق مەملىكەت ئىچىدە نوپۇزلۇق تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى شىنجاڭ شۆيۈەندە دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ ياش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئابرويى ئۆسىدۇ. 1939 - يىلى، ئۇ شىنجاڭ شۆيۈەندە خىزمەت ئۆمىكى تەشكىللەپ ئۆزى ئۆمەك

باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇ 100 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئوقۇتقۇ-
چى - ئوقۇغۇچىلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، غۇلجا، سۈيدۈڭ، كۇرە، چىلەڭ،
شىخۇ، ماناس ۋە مايتاغ نېفىتلىكى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەققىدە تەشۋىق - تەرغىبات يۈرگۈزۈپ، ئاممى-
نىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدۇ، ھەتتا بەزىلەر «ياشىسۇن دۇ جۇڭيۈەن» دەپ
شۇئار توۋلايدۇ. ئۇ ئاق كۆڭۈل بولغاچقا، شېڭ شىسەي بىلەن بولغان
كونا ساۋاقداشلىق، يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، شېڭ شىسەي-
نىڭ بەزى قىلمىشلىرىنى تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭغا 6000 خەتلىك مەكتۇپ
سۇنىدۇ. ئۇ شېڭ شىسەينىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدۇ، شېڭ شىسەي
دۇجۇڭيۈەن تۇرۇۋاتقان ئۆي ۋە خىزمەت قىلىدىغان جاينىڭ يېنىغا بىر
كىچىك دۇكان ۋە تاماكا ساتىدىغان تەنزە پەيدا قىلىپ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى
كۆزىتىدۇ، ئۇنىڭ ئاشپىزىمۇ ج خ باشقارمىسىنىڭ مەخپىي ئىشپىيونى
ئىدى. دۇجۇڭيۈەن دېموكراتىك زات، پارتىيە - گۇرۇھسىز، سىياسىي
جەھەتتە يۆلەنچۈكى بولمىغاچقا، شېڭ شىسەي ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا تىغ
سېلىپ، چوڭ يالغان ئەنزىنىڭ باشچىسى قىلىشقا جۈرئەت قىلالىدى.
1941 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، دۇجۇڭيۈەن تۈرمىگە ئېلىندى،
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر مۇنچە كىشى ئۇنىڭغا چېتىلدى، قاتتىق
قىيىن - قىستاق ئاستىدا قولغا ئېلىنغانلار ئۈستىدە غەلىتە - غەلىتە
گەپ - سۆزلەر توقۇلدى؛ دۇجۇڭيۈەن خائىن ۋاڭ جىڭۋېينىڭ شىنجاڭدى-
كى گۇماشتىسى ھەمدە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق
مۇۋەققەت كونسۇلى تروتسكىچى ئۇنسۇر - ئودىانكى بىلەن تىل بىرىكتۈر-
گەن، ئالدى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ،
تروتسكىچىلار ھاكىمىيىتىنى قۇرماقچى بولغان، يەنى بۇ قېتىمقى سۈيە-
قەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسىنى ۋاڭ جىڭۋېينىڭ قولچوماقچىلىرى بىلەن
تروتسكىچىلار بىرلىشىپ پەيدا قىلغان. توپىلاڭنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىش-
تۈرۈش ئۈچۈن، دۇ جۇڭيۈەن باشچىلىقىدىكى كۈچلەر ئالدى بىلەن چەت
رايونلاردا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۆلكە مەركىزىدىكى قوشۇنلارنى شەھەردىن
ئالداپ ئاچىقىپ، شەھەرنى بوش قالدۇرۇپ قول سېلىشقا ئوڭايلىق يار-

تىشنى تەشەببۇس قىلغان، دېگەندەك سۆزلەر تارقالدى.

ئاتالمىش چەت جايلاردىكى قوزغىلاڭنىڭ بىرى، ئالتاي رايونىدىكى قازاقلارنىڭ قوزغىلىڭىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ پىلانلىغۇچىسى شەرىپخان ئىدى. 1940 - يىل 2 - ئايدا كۆكتوقايدىكى قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى ئەنە شۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا كۆتۈرۈلگەن. ھۆكۈمەتنىڭ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئالتايغا قوشۇن ئەۋەتىشى ئۈرۈمچىدىكى قوزغىلاڭ ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ئاتالمىش سوۋېتقەستچى ئۇنسۇرلار ئۇيغۇرستاننى مۇستەقىل قىلىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە سادىق كادىرلارغا زەربە بەرگەن بۇنداق تۆھمەت قىلىش ئەنزىسى يەنە قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلاردا يۈز بەرگەن. سوۋېتقەستچىلەر ئۈرۈمچىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قۇربان نىياز، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قۇربان سىيىتوف، تەمىرات نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ئابدۇللا داموللا قاتارلىقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ھەمدە ئۇلار ئارقىلىق دۇجۇڭيۈەن بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى مۇستەقىل ئۇيغۇرستان، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كۆڭلىدىكى «مۇسۇلمان دۆلىتى» نى قۇرۇشقا ئۇرۇنۇش.

ئەگەر پۈتكۈل سوۋېتقەستلىك پىلان ئەمەلگە ئاشسا، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئابدۇللا داموللا باشچىلىقىدا ئۇيغۇر ھۆكۈمىتى قۇرۇلماقچى، شىمالىي شىنجاڭدا شەرىپخان باشچىلىقىدا موڭغۇل - قازاق بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلماقچى بولغان، ئۆلكە مەركىزىدە دۇجۇڭيۈەن بۇ ئىككى ھۆكۈمەتكە رەھبەرلىك قىلماقچى، يېڭى ھۆكۈمەت ۋاقىتىنچە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىناق ئۆتمەكچى، كەلگۈسىدە ۋاڭ جىڭۋېينىڭ كۈچى قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، ۋاڭ جىڭۋېي ۋە ياپونىيە بىلەن يېقىنلاشماقچى بولغان، قوزغىلاڭنىڭ خىراجىتىگە بانكىنىڭ باشلىقى جاڭ خۇڭيۇ مەسئۇل بولۇپ 100 مىڭ يۈەن ھازىرلىماقچى بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالتۇننىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى تارقىتىلغان پۇلنىڭ كۈرسىنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ھۆكۈمەت-

نىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولغان، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خەلق ئارىسىدا ھۆكۈمەتكە قارشى تەرغىباتنى كۈچەيتمەكچى بولغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچلىرىگە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا زەربە بېرىش ئۈچۈن، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت كونسۇلى ئودىيانكى، قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ۋاسلى پېت-رووۋىچ قاتارلىقلارنى يوقىرىقى ئەنزىگە سۆرەپ كىرگەندىن باشقا، يەنە چېن پېيشىڭ، ۋۇزوجۇن ئەنزىسىنى ئويدۇرۇپ چىقتى. چېن بىلەن ۋۇ چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلىرى ئالدى بىلەن چېن پېيشىڭنىڭ ئوقۇغۇچىسى ما شيەنجاڭ، ئالتاي ماتارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چۇفېڭمىڭنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنى چېن پېيشىڭ بىلەن ۋۇزوجۇن تروتسكىچى باندىتلار قۇتراتقان خەلقئارا خاراكتېرلىك جاسۇسلۇق ئەنزىسىنىڭ باش جىنايەتچىلىرى دەپ ئىقرار قىلدۇردى، ۋۇزوجۇن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتتى. چېن پېيشىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن شىنجاڭدىن ئايرىل-دى، شېڭ شىسەي شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنى تىزگىنلەپ، باشقارمىدىكى ئاساسلىق كادىرلارنى تازىلىدى.

يوقىرىدا ئېيتىلغان ئەنزىگە دائىر ئەھۋاللارنى، شېڭ شىسەي ستالىن-غا دوكلات قىلىپ مەكتۇپ يازدى. سوۋېت تەرەپ بۇ ۋەقەنىڭ چوڭ ئىشلارغا ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر ۋە ئالتايدا تۇرۇشلۇق كونسۇللىرىغا چېتىلىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ گىروزىن، چاكروژىنلارنى شىنجاڭدىكى سوراق خىزمىتىگە قاتنىشىشقا ئە-ۋەتتى، سوراق ئۈرۈمچىدىكى تيەنجۇتاڭ① ئىبادەتخانىسىدا ئېلىپ بېرىلدى، گىروزىن، چاكروژىنلار سوراق داۋامىدا، بارلىق ئىقرارنىڭ قاتتىق

---

① بۇ جاي ئەسلىدە گېرمانىيىنىڭ چېركاۋى ئىدى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى جاھانگىر-لىككە قارشى تۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چەت ئەللىك دىن تارقاتقۇچىلارنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، بۇ چېركاۋ مۇسادىرە قىلىنغانىدى. 1940 - يىلى سوت قىلىش ئورگىنى قىلىنغان، ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرى 137 ئىدى، شۇڭا 137 دېگەن نومۇر شېڭ شىسەينىڭ تېررور-لۇق بىلەن سوراق ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ۋاكالەت نومۇرىغا ئايلىنىپ قالغان.

قىيىن - قىستاق ئاستىدا ئېلىنغانلىقىنى، ماددىي ئاساسى يوقلۇقىنى بايقىدى، ئۇلار بۇ ئەنزىنى ج خ باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچى، تەپتىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇبىندېلار ھۆكۈمەتنى ئالداپ پەيدا قىلغان، ئاتالمىش 1940 - يىلدىكى «سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» سېپى ئۆزىدىن ساختا ئەنزە دەپ ھېسابلىدى، شېڭ شىسەي بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يەنە سوراقچى خادىم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى نېسكى قاتارلىق ئۈچ كىشىنى سوراق خىزمىتىگە قاتنىشىشقا شىنجاڭغا ئەۋەتتى. ئۇلار تەكشۈرۈش ئارقىلىق، گىروۋژىن ۋە چاكىروۋژىنلار ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرنىڭ توغرىلىقىنى، لى پۇلىن ۋە لى يىڭچى باشچىلىقىدىكى سوراق قىلىش كومىتېتى قاتتىق قىيىن - قىستاق قىلىش ئارقىلىق مەھبۇسلارنى يالغان ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىنى، ئۇلار سوۋېت بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن، يالغان ئىقرار ئويدۇرۇپ چىقىپ، جاھانگىرلارغا مالچا بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. لى پۇلىن بىلەن لى يىڭچى ئەيىبلەنگەن بولسىمۇ، شېڭ شىسەينىڭ يۈرىكىگە دەز كەتتى، ئۇ بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يەنە «جاۋاب مەكتۇپ» سۇنۇپ گىروژىن بىلەن چاكىروۋژىنلارنى «پىلانلىق ھالدا ناتوغرا سۆز ۋە قورقۇتىدىغان جۈملىلەر بىلەن گۇناھكارلارنى ئىقرارىدىن تېنىۋېلىشقا باشلامچىلىق قىلىپ (يەنى ئۇلارنى سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىقرارىدىن يېنىۋېلىشقا باشلامچىلىق قىلدى) سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسىنى سوراق قىلىش خىزمىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى» دەپ ئەيىبلىدى. شېڭ شىسەي ئۇ ئىككىسىنى سىياسىي جەھەتتە ئارقا كۆرۈنۈشى بار، «ئۇلار تىروتسكىچى باندىتلار قالدۇقلىرىنىڭ قولىلىشى بىلەن سوراق خىزمىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى[1]» . ھالبۇكى نېسكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككىسىدىنمۇ قەبىھ، ئۇ گىروۋژىن ۋە چاكىروۋژىنلارنىڭ جىنايىتىنى يوشۇرۇپلا قالماي، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە سوۋېت خەلقىگە قارشى تۇرۇش

① شېڭ شىسەي: «1940 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ستالىنغا يازغان خېتى».

جىنايىتىنى لى پۇلىن بىلەن لى يىڭچىڭگە دۆڭگەپ قويىدى دەپ ھېسابلىدى، شېڭ شىسەي ستالىنغا يازغان خېتىنىڭ ئاخىرىدا ئىنزا تارتماستىن «مېنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىم (ئويدۇرۇپ چىقىلغان سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسىنى كۆرسىتىدۇ) ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ستالىنغا سادىق بولغانلىقىمنىڭ ئىپادىسى، چۈنكى مەن ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ شاگىرتى، بۇنداق سوۋېتقەستچى توپىلاڭچىلارغا قارشى تۇرۇش ستالىن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى دۇنيا پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ كەلگۈسىنى، جۇڭگونىڭ كەلگۈسىدىكى ئىنقىلابىي ئىشلىرىنى، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىدىكى مۇھىم ئارقا سېپىنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىنى قوغدىغانلىق»، «مەن سىلەرگە يوللاپ بەرگەن گۇناھكارلارنىڭ ئىقرارلىرىنىڭ پولاتتەك پاكىتى بارلىقىغا ھەرقانداق چاغدا مەسئۇل بولىمەن، ئەگەر ئىگورۇۋ (قەشقەردىكى تۆھمەت قىلىش ئەنزىسى ۋە قۇربان نىياز ئەنزىسىگە چېتىشلىق دەپ ئەيىبلەنگەن)، ئۇدىيانكى، ئابدۇراخمان (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ خادىمى، ئۇدىيانكىنىڭ قولچومىقى دەپ ئەيىبلەنگەن) لارغا ئۇۋال قىلىندى دېيىلىدىغان بولسا، مەن ماركسىزم، لېنىنىزم ۋە ستالىنىزمنىڭ شاگىرتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ داھىيسى ستالىن ئەپەندى ئالدىدا ھەرقانداق ئېغىر جازانى قوبۇل قىلىشنى خالايمەن» دەپ بىلجىرلىدى، بۇنىڭدىن، شېڭ شىسەينىڭ دېگىنى نېمىدېگەن «سەممىي»، قىلغىنى نېمىدېگەن خەۋپلىك، رەزىل، روھىي دۇنياسى نەقەدەر ئىپلاس ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

شېڭ شىسەي ئىنتايىن مەككار چايان ئىدى. ئۇ كۆرۈنۈشتە ئالتايدىكى قوزغىلاڭنى ياپون جاھانگىرلىكى پىلانلىغان، ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەت قىلىپ قويىدى، سوراق داۋامىدا، ئۇ يەنە قولچومىقى باقىت بەيسى قاتارلىقلارنى توپىلاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سارسۈمبە (ئالتاي) دا تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى بايبورچىن پىلانلىغان دېگۈزۈپ، «قوزغىلاڭغا بەزى سوۋېتلىكلەر قوماندانلىق قىلغان ھەمدە ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال

ئەكېلىپ قازاقلارغا بەرگەن[1]» دېگەن يالغان ئىقرارنى توقۇپ چىقتى. 1941 - يىلى سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەيمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تورۇشنى جىددىيلەشتۈردى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئالدانغان قازاق چارۋىچىلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتسە، يەنە بىر تەرەپتىن چارۋىچىلارنىڭ قوزغىلىڭىنى باھانە قىلىپ خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇردى، شۇنداقلا يەنە 1942 - يىل 2 - ئايدا بۇ ئەنزىدىكىلەرنى سوراق قىلغاندا، يامان غەرەز بىلەن كوممۇنىستلاردىن ۋاڭ باۋچيەن بىلەن ماۋ زېمىننى سوراققا قاتناشتۇرماقچى بولدى. ۋاڭ باۋچيەن بىلەن ماۋ زېمىن شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا، خەلققە قارشى ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەچكە، ھۆكۈمنامىگە ئىمزا قويۇشنى رەت قىلدى. چېن تەنچيۇ قاتارلىقلار: «ۋاڭ باۋچيەن بىلەن جۇبىننى بۇ قېتىمقى سوراققا قاتنىشىشقا زورلاش ئۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلىنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا ئورتاق ئىسپات قىلماقچى بولغانلىقتۇر» دەپ ھېسابلىدى. ئۇلار مۇنداق قارارغا كەلدى: «ۋاڭ جۇ، بولۇپمۇ جۇ بىن كوممۇنىست سالاھىيىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇنسۇرلار قاتارىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى سۇيىقەست قىلىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ، شۇڭا ھۆكۈمنامىگە ئىمزا قويغاندا، تۆۋەندىكى باياناتنى قوشۇمچە قىلىش كېرەك: بۇ ئەنزىنىڭ ئاغزاكى ئىقرارى بولسىمۇ، ھېچقانداق ئەمەلىي پاكىتى يوق[2]» . كوممۇنىستلارنىڭ كۈرىشى نەتىجىسىدە شېڭ شىسەينىڭ بۇ سۇيىقەستى بەربات بولدى.

مۆلچەرلىنىشچە، بۇ قېتىمقى ئەنزە مۇناسىۋىتى بىلەن 1200 دىن ئارتۇق كىشى قولغا ئېلىنغان، دۇجۇڭيۈەن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن قاتتىق مەنىۋى ۋە جىسمانىي ئازابلارنى باشتىن كەچۈرۈپ 1943 - يىلى

---

① چېن تەنچيۇ: «ئۈرۈمچىدىكى يېڭى ئۆلكە توغرىسىدا دوكلات». 1939 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى.

② چېن تەنچيۇ: «يېقىندا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى قېتىملىق سوراقنىڭ ئەھۋالى»، 1942 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى.

مەخپىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە، بۇ قېتىمقى «توپىلاڭ»غا 481 كىشى قاتناشقانلىقى، ئۇلاردىن 59 كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى ئېيتقان. بۇ ئەمەلىيەتتە زور دەرىجىدە ئازايتىلغان سان ئىكەنلىكى روشەن.

قىسقىسى، شېڭ شىسەي دۇجۇڭيۈەن ئەنزىسىنى ئويدۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق شىنجاڭدىكى دېموكراتىك زاتلارغا، ئەسلىدىكى ھەربىي مەمۇرىي، مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىدىكى ئەمەلدارلارغا، بىر قىسىم ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك خادىملارغا ۋە ئىلغار ئوقۇغۇچىلارغا، قۇربان نىياز ئەنزىسى ۋە شەرىپخان ئەنزىسى ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتتىن چىققان ئەمەلدارلار، سودىگەرلەر ۋە دىنىي زاتلارغا زەربە بەردى. چېن پېيشىڭ، ۋۇزوجۇنلەرنىڭ ئەنزىلىرى ئارقىلىق چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنى تىزگىنلىدى. يۇقىرى ئەنزىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىشتا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىگە زەربە بېرىشنى كۆزلىگەنىدى، شۇنداقتىمۇ ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەت، شېڭ شىسەي ئۈچۈن ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى تەلتۆكۈس ئۈزۈش دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ ھېلىمۇ مەۋجۇت ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى چېن تىيەنچيۇ بۇ ئەنزىنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى شۇ ۋاقتىدىلا تونۇپ يەتكەن ھەمدە بۇ ئەنزىنى «بۆھتان قىلىش سۇيىقەستىدۇر» دەپ دەل جايىدا ئېيتقان.

# 3 ـ بۆلۈم 1942 ـ يىلىدىكى ئويدۇرۇپ چىقىلغان «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى»، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قولغا ئېلىنىشى

شېڭ شىسەي ئەكسىلئىنقىلابچى ئىككى يۈزلىمىچى ئىدى. ئۇ مۇئەييەن ۋاقىت ۋە شارائىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشنى بەلگىلىگەن. لېكىن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەت سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىگە پايدىسىز بولۇپ ئۆزگەرگەن، ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىر مەھەل ئۈستۈنلۈك قازانغان چاغدا، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كومپارتىيىگە ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى تۇردى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ پارتىيىمىزنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن تۈزگەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپمۇ بۇزۇلدى.

شېڭ شىسەي بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئېيتقاندا، 1937 ـ يىلدىن 1938 ـ يىلىغىچە ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى، بولۇپمۇ 1938 ـ يىلى 10 ـ ئايدىكى شىنجاڭ خەلقىنىڭ 3 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا، ئىككى تەرەپنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتى ئەڭ يۇقىرى دولقۇنغا يەتكەن دېيىشكە بولىدۇ. 3 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ھۆكۈمەتتە مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى،

1938 - يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جۇبىن مالىيە نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت نازىرلىقىغا، مىلىڭ يىمىڭ مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت نازىرلىقىغا تەيىنلەندى، 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ساۋكۇڭلياۋ «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، دۇجۇڭيۈەن شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، يەنە بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلار سىياسىي كادىرلار كۇرسىدا لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىندى، مىلىڭ يىمىڭ مىللىي مەسىلە ھەققىدە سۆزلىدى، خۇاڭ مىنفۇ جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى ھەققىدە سۆزلىدى. چېن پېيشىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق ھەققىدە سۆزلىدى، ۋاڭ باۋچيەن خەلقئارا بىلىملەرنى سۆزلىدى، ساۋكۇڭلياۋ سىياسىيشۇناسلىق ھەققىدە سۆزلىدى، دۇجۇڭيۈەن مەخسۇس سىياسىي دوكلات بەردى. شۇ يىلى، يەنە بەزى كوممۇنىستلار ۋىلايەتلەرنىڭ ئامانلىق ساقلاش قوماندانى، ۋالىيسى، دۇبەن مەھكىمىسى، جىڭلى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى.

ئەمما، 1939 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ، كوممۇنىستلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك خىزمەت نەتىجىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا كۈنسايىن ئۆسۈۋاتقان ئابرويى شېڭ شىسەينى قورقۇنچقا چۈشۈرۈپ قويدى، كوممۇنىستلار يوشۇرۇنچە چەتكە قېقىلىشقا باشلىدى. 1939 - يىلى 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، شېڭ شىسەي «يۆتكەپ ئۈستۈرۈش» نامى ئاستىدا، مائارىپ نازارىتىدىكى لىن جىلۇنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، لى جىلياڭنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، مائارىپ نازارىتى تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شۈي لياڭنى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ لېكتورى چى تيەنمىننى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكىدى، 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپات باشلىقى خۇاڭ مىنفۇ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقلىقىغا «يۆتكەپ ئۈستۈرۈلدى»، 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يەنە لىن جىلۇنى كۇچار ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىملىقىغا يۆتكىدى، ئاخىرىدا،

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى دېڭ فانىمۇ شىنجاڭدا تۇرۇشقا ئامالسىز قالدۇردى. شېڭ شىسەي شۈي جيې (يەنى چېن تەنچيۇ) شىنجاڭغا كەلدى دېگەننى باھانە قىلىپ، 1939-يىلى 9-ئايدا دېڭ فانى يەنئەنگە قايتۇرۇۋەتتى، شۈي جيې دېڭ فانىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشقا تەيىنلەنگەن 3-ۋەكىلى ۋە 8-ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مەسئۇلى بولدى.

بۇ كادىرلارنى يۆتكەشتە، شېڭ شىسەي ئۆز مەيلىچە ئىش كۆردى، ئىشتىن بۇرۇن پارتىيە ۋەكىلىنى خەۋەردار قىلمىدى. بۇنىڭدىن باشقا، شېڭ شىسەي يەنە شىنجاڭنى گومىنداڭ، گوڭچەنداڭ سىرتىدا مۇستەقىل تۇرىدىغان ئۈچىنچى بىر گۇرۇھ - ئالتە بۈيۈك سىياسەت گۇرۇھى دېيىش ئارقىلىق ئۆز مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرمەكچى بولغان①، دېڭ فا شېڭ شىسەينىڭ قىلمىشلىرىدىن نارازى بولغانلىقى ۋە ئۇنى چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن، شېڭ شىسەينىڭ ئۇنىڭغا قارىتا ئۆچمەنلىكى قوزغالغان، شۇنىڭ بىلەن ئاقىۋەت دېڭ فانى ئالماشتۇرۇۋەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن دېڭ فانىڭ شىنجاڭدىن كېتىشىنى ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى يامانلاشقانلىقىنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرىدىن بىرى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. خۇددى چېن تەنچيۇ ئېيتقاندەك: «مەن دەسلەپ شىنجاڭغا كەلگەن ۋاقتىم (چېن تەنچيۇ 1939-يىلى 8-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتىشىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن شىنجاڭدا قېلىپ خىزمەت ئىشلىگەنىدى) دەل يەرلىك دائىرىلەر بىلەن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز يامانلىشىۋاتقان مەزگىل ئىدى②.» گەرچە شۇنداق بولسىمۇ پارتىيىمىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغىنى يوق، شېڭ شىسەي بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىشنىڭ شەرت-شارائىتلىرى يەنىلا مەۋجۇت، مىللەتىمىزنىڭ بۈيۈك ئىشلىرىنى موھىم بىلمىش لازىم، دەپ قاراپ، شىنجاڭ-

① 1939-يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دېڭ فا يەنئەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەركەزگە قىلغان دوكلاتىنىڭ تېزىسىغا قارالسۇن.
② چېن تەنچيۇ «شىنجاڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە دوكلات».

دىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ خىزمەتلەرنى ئاكتىپ ئىشلىشىنى تەلەپ قىلدى، 1939 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، چېن تەنچيۇ پارتىيە ئەزالىرىغا بەرگەن «شىنجاڭدىكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىمىز ۋە خىزمەت فاڭجېنىمىز» دېگەن يوليورۇقىدا مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى: «پارتى-يىمىزنىڭ خىزمەت فاڭجېنى: 1. شىنجاڭنى جاھانگىرلارنىڭ قانلىق قو-لىغا تاشلاپ بەرمەستىن، ئۇنىڭ جۇڭگو تېررىتورىيىسى بولۇشىغا قانداق كاپالەتلىك قىلىش؛ 2. شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مۇھىم ئارقا سېپى ۋە مۇھىم خەلقئارا قاتناش ئۆتكىلىنى قانداق مۇستەھكەملەش؛ 3. بۇ قالاق جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە قانداق تۈرتكە بولۇش، قانداق قىلىپ ھەممە مىللەتلەرنى تىنچ، دوستانە ھالدا تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قىلىش دېگەنلەردىن ئىبارەت. شۇڭا، شىن-جاڭنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالى ۋە شەرت ـ شارائىتلىرىغا ئاساسەن، بىز ئالتە بۈيۈك سىياسەتتىن پايدىلىنىپ خىزمەت ئىشلىشىمىز لازىم. شۇڭا، «بىزنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەزىپىمىز تەشكىلنى راۋاجلاندۇرۇش ياكى مەسلە-ھەتنى تەشۋىق قىلىش ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ كۈچىنى كېڭەيتىشمۇ ئەمەس، بەلكى ئالتە بۈيۈك سىياسەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت دەپ بەلگىلەندى.» بۇنىڭ ئۈچۈن چېن تەنچيۇ يەنە پارتىيىمىزنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسى «سادىق»، «ئاكتىپ»، «مەسئۇلىيەتچان» بولۇش، ياللاز-مىلىق كۆز قارىشىغا قارشى تۇرۇش، «خىزمەتمۇ كۆرسەتمەيمەن، خاتا-لىقمۇ ئۆتكۈزمەيمەن» دەيدىغان پاسسىپ ئىدىيىگە قارشى تۇرۇش، «ئۆ-زۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي» دەيدىغان ئىستىلغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇشى، ئۆزىمىزنىڭ نەمۇنىلىك رولىمىز ئارقىلىق باشقا خىزمەتچى خا-دىملارغا ئىلھام بېرىشىمىز ۋە تەسىر كۆرسىتىشىمىز، بۇ ئارقىلىق ئۇلار-نىڭ خىزمەتكە بولغان ئاكتىپچانلىقىنى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم، دەپ بەلگىلىدى. بۇ يوليورۇقتا چېن تەنچيۇ: «ئەڭ مۇھىم ھەممىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان خىزمەت، ئالتە بۈيۈك سىياسەت تۇغى ئاستىغا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىلغار ياشلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇ-رۇش، ئالتە بۈيۈك سىياسەتكە ھەقىقىي سادىق بولغان زور تۈركۈمدىكى

كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. بۇ تەرەققىيپەرۋەر ياشلار، كادىرلارنى ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئىجرا قىلىش، ئالتە بۈيۈك سىياسەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئاساسىي كۈچى قىلىشىمىز لازىم» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى.

1939 - يىل 9 - ئايدا، گېرمانىيە پولشانى بېسىۋالدى، ئەنگلىيە، فرانسىيىلىكلەر گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى. گىتلېر بىر مەھەل تازا غالجىرلاشتى. 1939 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى كەيپىيات قويۇقلىشىپ، قاندىقتۇر: «ئىچكىرىدىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى تىروتسكىچىلار!»، «شىنجاڭ كوممۇنىزملاشتۇرۇلۇشقا ئاز قالدى!»، دېگەندەك ھەر خىل پىتنە - ئىغۋالار كۆپىيىپ كەتكەنىدى، شېڭ شىسەي ھەربىي كادىرلار كۇرسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا ئاشكارا ھالدا: كومپارتىيە ئىچكىرىدىلا ئېھتىياجلىق، شىنجاڭدا بولسا مۇتلەق ئېھتىياجلىق ئەمەس، ئەگەر بىرەركىم سىلەرنى كومپارتىيىگە ئەزالىققا تونۇشتۇرماقچى بولسا، ئۇ كىشى جەزمەن تىروتسكىچى، سىلەر ئۇنداقلارنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشىڭلار لازىم، ئەگەر كىمدە - كىم ئالتە بۈيۈك سىياسەتتىن گۇمانلىنىدىكەن، بۇنداقلارنىمۇ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشىڭلار لازىم، دەپ جار سالغان. 1939 - يىلى قىشتا، ئۇ يەنە جەنۇبىي شىنجاڭغا تەكشۈرۈش ئۆمىكى بىلەن بىرگە زور تۈركۈمدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارە باشلىقلىرى ۋە ھاكىملارنى ئەۋەتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى ۋە باشقا ئورگانلاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھېسداشلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئورنىغا قويغان، كوممۇنىستلار نەزەربەنتكە ئېلىنغان، شېڭ شىسەينىڭ قولچوماقلىرى ئالتاي تېغىدىكى چارۋىچىلارنىڭ قوزغىلىڭىغا سوۋېتلىكلەر قوماندانلىق قىلدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇلارنى قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلىدى؛ ئىلىدىكى كونسۇلخانىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىككى جەسەت تېپىلدى، دېگەندەك ئىغۋالارنى توقۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كەيپىيات پەيدا قىلغان، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇ-

رۇشلۇق ۋەكىلى چېن تەنچيۇ كۆپ قېتىم شىڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان بولسىمۇ، رەت قىلىنغان[1]. 1939 - يىلى قىشتا، «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» نى ئويدۇرۇپ چىقىشقا ماسلىشىپ ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كەلگەن خادىملارنى چەكلەش، يالغان ئىسىم قويغان ۋە يالغان تەرجىمىھال ياساپ چىققانلارنى جازالاش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى، ئارقىدىنلا، 1940 - يىلى ئەتىيازدا، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ دۈشمەن ئىشپىيونلىرى، جاسۇسلار، تىروتسكىچىلارنى نازارەت قىلىش ۋە پاش قىلىشنى چاقىرىق قىلدى. 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا يەنە «دۈشمەن ئىشپىيونلىرى، جاسۇسلار، تىروتسكىچىلار» نى بىۋاسىتە ھالدا شىڭ شىسەينىڭ ئۆزىگە مەلۇم قىلىشقا يول قويۇلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇمۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى، بۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەي ئىشپىيونلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. «چارلىغۇچى ساقچىلار پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ھەرقايسى ئورگانلار، ھەرقايسى ناھىيىلەرنى قاپلاپ كەتتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ھەرقايسى ئورگانلاردىكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى نازارەت قىلىشنى ئاساسىي ۋەزىپە قىلىۋالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ھوقۇقى چەكسىز بولۇپ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلاتتى، كىم دىتىغا ياقمىسا، ئۇنى ھۆكۈمەتكە قارشى ئۇنسۇر ياكى خائىن، غالچا دەپ يۇقىرىغا دوكلات يوللايتتى، ئەگەر دەلىل - ئىسپات بولمىسا، ئۇلار ئويدۇرۇپ چىقاتتى. ھەرقايسى ئىدارىلەردىكى جاسۇسلار (تىڭچىلار) نادان، سىياسىي جەھەتتىن ھاماقەت ئادەملەردىن بىرىنى پۇل بىلەن سېتىۋالغان، بىرەر ئەنزىنى مەلۇم قىلغاندا، بەش مو ياكى بىر يۈەن، ئىككى يۈەن پۇل مۇكاپات ئالاتتى، تازىلاش ئورگانلارنى سوراق قىلىش چارىسىنى ئالدىن بەلگىلىۋالاتتى، گۇناھكارلار بىلىدىغان مەسىلە بولسا، سوراق قىلىپ ئىقرار قىلدۇراتتى، ئەگەر ئىقرار قىلمىسا ياكى ئۇ مەسىلىنى بىلمىسە تاكى ئىقرار

---

① چېن تەنچيۇ «ئۈرۈمچىدىكى يېڭى ئۆلكىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» 1939 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى.

قىلدۇرغىچە قاتتىق ئۇراتتى.[1]

شېڭ شىسەي ئەكسىيەتچىل يول تۇتۇشقا باشلىغانلىقتىن، بىر مەزگىل جانلانغان ئاممىۋى ھەرىكەت ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارمۇ توختاپ قالدى. «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىمۇ ئاساسەن دېگۈدەك بيۇروكرات ئورگىنىغا ئايلىنىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئىشپىيونلۇق ئاپپاراتىنىڭ رولىغا ئىگە بولۇپ قالغانىدى. ئاممىۋى ھەرىكەتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىغا قوشۇۋېتىلدى. يەرلىك ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرى تارقىتىۋېتىلدى، ئاياللار ئۇيۇشمىلىرى بىر پارچە قۇرۇق ۋۇئۇسكىدىنلا ئىبارەت ئىدى. دېھقان - چارۋىچىلار ئاممىسىنىڭ ھېچقانداق تەشكىلاتلىرى يوق ئىدى» ، مۇشۇنداق سىياسىي كەيپىيات ئاستىدا، كوممۇنىستلارنىڭ شارائىتى ئىنتايىن مۇشكۈل ئىدى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى يوشۇرۇن نازارەت قىلىناتتى، جاسۇسلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن پايلاپ يۈرۈشەتتى. بەزىلىرىگە تۆھمەت چاپلاندى. شېڭ شىسەينىڭ قولچوماقچىلىرى ھەممىلا جايدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، كومپارتىيىگە قارشى شۇملۇقلارنى قىلىشاتتى، شېڭ شىسەي بولسا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە بىر قېتىم كادىرلارنى يۆتكىدى. 1940 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، شۈي لياڭنى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىدىن مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا يۆتكىدى، 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، لى جىلياڭنى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا يۆتكىدى ھەمدە قارىلاش ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، كومپارتىيە ئەزالىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش غەرىزىدە بولدى. يولداش چېن تەنچيۇ دەل جايىدا قىلىپ: «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئېغىر كرىزىس ئىچىگە چۈشۈپ قالدى[2]» دەپ كۆرسەت-

① چېن تەنچيۇ: «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى سىياسىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات» 1940 - يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى.

② چېن تەنچيۇ: «شىنجاڭنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى سىياسىي ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات»، 1940 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى.

كەندى.

يۈزەكى قارىغاندا، شېڭ شىسەي تەرەققىيپەرۋەر دېگەن نىقابىنى تېخى
يىرتىپ تاشلىمىغان بولۇپ، «ماركسىزم - لېنىنىزم، يېڭى پەلسەپە،
ئىجتىمائىي پەن قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ-
غا يول قوياتتى، ھەمىشە دېگۈدەك يەنەننى، ماۋزېدۇڭنى ماختايتتى»،
ئەمما ئەمەلىيەتتە بولسا «ياشلارنىڭ ئالغا ئىنتىلىش خاھىشىغا يول قوي-
مايتتى، ياشلار ھازىرقى ئەھۋالدىن نارازى بولسا ياكى ھۆكۈمەتنى تەنقىد-
لىسە جىنايى ھەرىكەت ھېسابلىناتتى». 1940 - يىلى شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ
ئوقۇغۇچىلىرى يەنەنگە ئوقۇشقا بارماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىن-
دى. 1941 - يىلى يازدا، قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى
يەنەنگە ھەۋەس قىلغانلىقى، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن نارازى
بولغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تەقىپ قىلىشىغا ئۇچرىغان.
1940 - يىلدىن باشلاپ شېڭ شىسەي بىر تەرەپتىن «سۈيىقەستلىك توپىلاڭ
ئەنزىسى» نى ئويدۇرۇپ چىقارسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشپىيونلۇق ھۆكۈمە-
رانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىن باش-
قا، «شېڭ شىسەينىڭ يەنە ئىشپىيونلۇق خىزمەت سىستېمىسىمۇ بار ئى-
دى، بەلكى ئازراقلا ئىجتىمائىي ئورنى بار ئادەملەرنىڭمۇ ئىشپىيون خادىم-
لىرى بار ئىدى، شېڭ شىسەي بەكمۇ گۇمانخور بولۇپ، جامائەت خەۋپسىز-
لىكى سېستىمىسىنىڭ ئىشپىيونلۇق خىزمىتىگە ئىشەنمەيلا قالماستىن،
ھەتتا ئۆزى ئەۋەتكەن ئىشپىيونلارغىمۇ دېگەندەك ئىشىنىپ كەتمەيتتى».
ئۇ باشقىلارغا: «مەن بىرەر ئورۇن ياكى بىرەر ئىشقا ئىككى - ئۈچ
ئىشپىيوننى ئەۋەتىمەن، ئۇلار بىر - بىرىنى بىلمەيلا قالماستىن، ئۆز-ئارا
نازارەت قىلىشى كېرەكتە.» دېگەن. مەسىلەن، ئۇ خاتىرجەم بولالمىغان-
لىقتىن، بىر ۋالىينى مەخسۇس نازارەت قىلىشقا ئەۋەتكەن، ئاندىن يەنە
بىر مۇئاۋىن ۋالىينى ھېلىقى ۋالىينى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتكەن، ئارقىدىن
يەنە بىر ئادەمنى بۇ مۇئاۋىن ۋالىينى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتكەن[①]». كۆپ

① جېن تەنچيۇ: «شىنجاڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە دوكلات».

ساندىكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى بىرلا ۋاقىتتا يەنە ئىشپىيونلۇق خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى خادىملاردىن ئىدى. ئاخباراتلار كۆپىنچە يولغا سېتىۋېلىنىدىغانلىقتىن، كۆپ ساندىكىلىرى يالغان مەلۇماتلاردىن ئىبارەت ئىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن ناھىيىلەردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىنىڭ تىڭچىلىرى (جاسۇس) نىڭ كۆپىنچىلىرى قوش سالاھىيەتلىك بولۇپ، ھەم جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ تىڭچىلىرى، ھەم ئەنگلىيىنىڭ جاسۇسلىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

شىڭ شىسەي سىياسىي جەھەتتە پەيدىنپەي ئەكسىيەتچىلىككە يۈز تۇتقانلىقتىن زور تۈركۈمدىكى كوممۇنىستلار مالىيە تارماقلىرىدىن يۆتكىۋېتىلدى، ئىقتىسادىي ئەھۋال ناچارلىشىشقا باشلىدى، ئىجتىمائىي كرىزىس چوڭقۇرلاشتى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى 1938 - يىلدىن 1939 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر قەدەر مۇقىم مەزگىلدە تۇرغانىدى، ئەمما 1939 - يىلى كۈز پەسلىدىن باشلاپ ئەھۋال كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىشقا باشلىدى، تاۋارلارنىڭ باھاسى جىددىي ئۆرلەپ كەتتى. ھايانكەش سودىگەرلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىمدارلىق قىلغانلىقتىن بەزى كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى تۆت - بەش ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى. 1940 - يىلى قىشتا، مال باھا كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، مال باھاسى بىر مەھەل بىر ھەسسە تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، ئەمما «كېيىنچە ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرى ئىجرا قىلىنمىدى، سودىگەرلەر ياكى ماللارنى ساتماي بېسىمدارلىق قىلدى، ياكى قاراڭغۇ بازار سودىسى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بازار بەكمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى①». سودىگەرلەرنىڭ بېسىمدارلىق قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش نېمىشقا قىيىنغا چۈشىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى، ھۆكۈمەتتىكى بەزى ئەمەلدارلار ۋە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىكى چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە تونۇش - بىلىشلىرى سودىگەرلەر بىلەن چېتىشلىق بولغاچقا مال باھاسىنى مۇقىملاش خىزمىتى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. مالىيە، پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرىمۇ يامانلىشىشقا يۈزلەندى.

① چېن تەنچيۇ: «شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە دوكلات».

1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ پۇلىنىڭ تارقىتىلىش سوممىسى 32 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتكەن، 1942 ـ يىلى 56 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتكەن. 11ـ ئايدا، مەركىزىي بانكىنىڭ فابى پۇلى شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان. بەش فابى پۇلى بىر يۈەن شىنجاڭ پۇلىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلانغان، ئىككى مو بەش فۇڭ تاموژنا پۇلى بىر يۈەن شىنجاڭ پۇلىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلانغان، فابى پۇلى ۋە تاموژنا پۇلى كۆپلەپ شىنجاڭغا ئېقىپ كىرىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنى زەربىگە ئۇچراتقان. 1941 ـ يىلى چارۋا قان بېجى بىلەن تاماكا ـ ھاراق بېجى ئاشۇرۇلدى، خەلقنىڭ يۈكى كۆنسايىن ئېغىرلاشتى، پۇل پاخاللىشىپ، پۇلنىڭ قىممىتى تۆۋەنلەپ تۇرغانلىقتىن، يەنە ھايانكەش سودىگەرلەر ئۈچۈن بېسىمدارلىق قىلىدىغان پۇرسەت يارىتىپ بېرىلگەنىدى①.

1941 ـ يىلى، گېرمانىيە ياۋروپا قىتئەسىنىڭ كۆپ قىسمىنى كونترول قىلغاندىن كېيىن، يەنە ئەتىياز ـ ياز پەسلى ئارىلىقىدا بالقان يېرىم ئارىلىنى كونترول قىلدى، 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى گېرمانىيە فاشىستلىرى ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى، ياپون جاھانگىرلىكى گېرمانىيە بىلەن زىچ ماسلىشىپ، 7 ـ ئايدا ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «بۈيۈك شەرقىي ئاسىيا ئىمپېرىيەسى»نى قۇرۇش شوئارىنى ئاشكارا ھالدا ئوتتۇرىغا چىقاردى، 9 ـ ئايدا، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە ئۈچ دۆلەت بىرلىنىدا ھەربىي ئىتتىپاق شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. 12 ـ ئايدا، ياپون جاھانگىرلىكى تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنى قوزغىدى. خەلقئارادىكى فاشىستىك كۈچلەرنىڭ غالجىرلىقى مەملىكەت ئىچىدە ئەكس ئېتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تەسلىم بولۇش خەۋپى ئېغىرلاشتى، جياڭ جيېشى 1940 ـ يىلى كۈزدە ئىككىنچى قېتىملىق كومپارتىيىگە قارشى دولقۇنى قوزغىدى. 1941 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1942 ـ يىلغىچە، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلىشى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قورشاپ قامال قىلىشى ئارقىسىدا،

① چېن تەنچيۇ «ئۆتكەن يىل يازدىن بۇيانقى شىنجاڭ ئەھۋالى» 1942 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى.

شەنشى - گەنسۇ - نىڭشىيا چېگرا رايونىمىز ۋە ئىنقىلابىي تايانچ بازىلىرىمىزمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى ۋەزىيەتنىڭ جىددىي ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ شېڭ شىسەيدىن ئىبارەت بۇ قارا نىيەت سۇيىقەستچىمۇ ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلىدى، ئۇ : سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشەنچىسىز بولۇپ قالدى. كومپارتىيىمۇ قات - قىيىنچىلىقلار ئىچىگە چۈشۈپ قېلىپ، بۈگۈنى ئەتىسىگە كۆزى يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى، دەپ قاراپ، ئەكسىيەتچىل ھەقىقىي ماھىيىتىنى تەدرىجىي ھالدا ئاشكارىلىدى. 1940 - يىلدىن 1941 - يىلغىچە ئاتالمىش «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، نامدا دۇجۇڭيۈەن باشچىلىقىدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارغا زەربە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا زەربە بەردى. يەنە 1940 - يىلىدىكى ئالتاي قوزغىلىڭى ئەنزىسىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇردى. سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئاتالمىش دۇ جۇڭيۈەن ئەنزىسى ۋە ئالتاي قوزغىلىڭى ئەنزىسىنى سوراق قىلىپ ئېنىقلاشنى جىددىيلەشتۇرۇپ، ئالدىنقى ئەنزىنى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا قارىتا ئېلىپ بارغان بۇزغۇنچىلىقى قىلىپ بېكىتمەش غەرىزىدە، دۇ جۇڭيۈەننىڭ پائالىيىتى «ئىچكىرىدىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ماقۇللۇقى ۋە ھەمكارلىشىشىغا ئىگە بولغان» دېدى. ئۇنىڭ «ئىچكىرىدىكى ھەر قايسى تەرەپلەر» دېگىنى «يەنئەننى كۆرسىتەتتى①» . كېيىنكى ئەنزىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قازاقلارنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرغانلىقى قىلىپ قويدى، ئۇ يەنە پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇپ خىزمەت ئىشلەۋاتقان ئاساسلىق كادىرلىرىنى ۋەزىپىسىدىن .قالدۇرۇۋەتتى ياكى خىزمىتىدىن يۆتكىۋەتتى (مۇھىم خىزمەتتىن ئادەتتىكى خىزمەتكە، مۇھىم تارماقلاردىن مۇھىم بولمىغان تارماقلارغا يۆتكىۋەتتى) ، مەسىلەن، 1941 - يىل 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، جۇ بىننى كېسەلچان، داۋالىنىشى لازىم، مالىيە نازارىتىنىڭ خىزمىتى ئېغىر دېگەن باھانە بىلەن خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت

---

① جېن تەنچيۇ: «شىنجاڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە دوكلات» 1941 - يىل 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى.

نازىرلىقىغا يۆتكىۋەتتى. 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، سابىق خوتەن ۋىلايىتى-
نىڭ ئامانلىق ساقلاش قوماندانى پەن بۇنەننى خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش
ئىقتىدارى ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىدىن ئۈستۈن دېگەن باھانە
بىلەن قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا يۆتكىۋەتتى، سابىق قۇمۇل ۋىلايىتى-
نىڭ ۋالىيسى ليۇ شىپىڭنى ئۆلكىگە يۆتكىدى. 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى،
ماڭ يىمىڭنى پۇتى ئاغرىق، ھەرىكەتلىنىشكە ئەپسىز، مەكتەپلەرگە بېرىپ
بىۋاسىتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالمايدۇ دېگەن باھانە بىلەن ئۇنى مائارىپ
نازارىتىدىن تەھرىر - تەرجىمە كومىتېتىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكىۋەتتى،
كۈتۈۋېلىش باشقارمىسىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنى تۆ-
تۆپ قالدى، كۈتۈۋېلىش خىراجىتىنى ئەسلىدىكىدىن 30 پىرسەنتتىن 70
پىرسەنتكىچە ئازايتىۋەتتى. 1941 - يىل 5 - ئايدا، جەنۇبىي شىنجاڭدا
بېسىلىپ قالغان ئەنزىلەرنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىش كومىتېتى تەش-
كىللىدى ھەمدە شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپ-
سىزلىكى ئىدارىلىرىگە كونا ئەنزىلەرنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى بۇيرۇدى.
1941 - يىل 8 - ئايدا ئۈرۈمچىدىكى بىر نەچچە قېتىملىق، «سۇيىقەستلىك
توپىلاڭ ئەنزىلىرى» دىكى جىنايەتچىلەر» مەسىلەن، جاڭ شىن، چېن
دېلى، جياۋدېشۇ، خۇاڭ خەنجاڭ، خوجانىياز قاتارلىقلارنى ئۆلتۈردى.
1942 - يىل 3 - ، 4- ئايلار ئارىلىقىدا يەنە بىر قىسىم «جىنايەتچى»
لەرنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئۆلتۈرگەن ئادەملىرى مىڭ كىشىدىن كەم ئە-
مەس. 1941 - يىلىدىن باشلاپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئاپپاراتلىرىنى
تېخىمۇ كۈچەيتتى، خادىملارنى %3 كۆپەيتتى. راسخوتىنى بولسا %4
ئاشۇردى ھەمدە تۇرمىلەرنى يېڭىدىن ياسىدى ۋە كېڭەيتىپ قۇردى. ساقچى
مەكتىپى تەسىس قىلىپ مەكتەپلەردىكى تەرەققىيپەرۋەر ئوقۇتقۇچى - ئوقۇ-
غۇچىلارنى تازىلاپ چىقاردى. 1942 - يىل 2 - ئايدا جۇبىن ئالتاي ئەنزىسى
توغرىسىدىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شېڭ شىسەينىڭ كومپارتىيىگە،
سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى سۇيىقەستىنى پاش قىلغانىدى. شېڭ شىسەي
شەرمەندە بولغىنىدىن غەزەپلىنىپ، جۇبىن كىمنىڭ كۈچىگە تايىنىپ مۇ-
شۇنداق قىلىدۇ؟ دەپ قاتتىق ۋارقىراپ - جارقىراپ كەتكەن. 1942-

يىلىنىڭ بېشىدا يەنە شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا ئالتە يىل بولغان، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ باۋچيەننى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكۈزۈۋەتتى. كوممۇنىستلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شېڭ شىسەي يەنە ئۆزىنىڭ «گون چولڭ ئەربابى» نىڭ بەزىلىرىنى تۈرمىدىن بوشىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى ئىشلاردىن ئاغرىنماسلىقىنى تەلەپ قىلدى، ئۇزاق ئۆتمەستىنلا ئۇلارنى يەنە مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىدى، شېڭ شىسەينىڭ بىر تۇركۇم مۇرىتلىرى، مەسىلەن، ۋاڭ خۇڭجياۋ (ھەربىي مەكتەپنىڭ تەلىم ـ تەربىيە باشلىقى)، لى يىڭۇ (مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى)، لى يىڭچى (جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، جۇ جىڭمىيەن (ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، لى پۇلىن (تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى) قاتارلىقلار ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلدى، ۋاڭ خۇڭجياۋ، لى يىڭچىلار يەنە جۇڭجياڭ دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىققا ئۆستۈرۈلدى. شېڭ شىسەينىڭ خوتۇنىنىڭ تۇغقانلىرىدىن ليۇ جىڭشىن، تاڭ جىنجۇن قاتارلىقلار شىنجاڭلىققا تەيىنلەندى، شۇنداقتىمۇ، مەسىلىسى بار دەپ قارالغان بەزى ھەربىي ئەمەلدارلار تازىلىۋېتىلدى. شېڭ شىسەي قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدىغان يېڭى خوجايىنىغا ياخشىچاق بولۇش غەرىزىدە كوممۇنىستلارغا ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارغا زەربە بەرگەن ۋە زىيانكەشلىك قىلغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىمۇ كومپارتىيىگە دادىل قارشى تۇرۇش ۋە ئۆز كۈچلىرىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ھەر تەرەپتىن شېڭ شىسەينى ئۆزىگە تارتىشقا كىرىشكەنىدى.

خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگەرگەنلىكتىن، شېڭ شىسەي ئەكسىيەتچىلىككە قاراپ مېڭىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپكە ئاشكارا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇردى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ئۇزۇل ـ كېسىل تەسلىم بولدى.

1942 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي باشقىلارنى بۇيرۇپ، ماشىنىلاشقان لۇينىڭ لۇيجاڭى، بىر قورساق ئىنىسى شېڭ

شىچەينى ئۆلتۈردى. شېڭ شىچى شېڭ شىسەينىڭ تۆتىنچى ئىنىسى بو-
لۇپ، ئەسلىدە تەيپىش مەھكىمىسى مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ ئەترەتباشلىقى ئىدى،
كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ قوراللىق ئارمىيە داشۆسىدە ئوقۇغان،
شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېڭىدىن تەشكىللەنگەن ماشىنىلاشقان
لۇيىنىڭ لۇيجاڭى بولغان. ئۇنىڭ ئىدىيىسى تەرەققىيپەرۋەر بولۇپ، سوۋېت
ئىتتىپاقىغا مايىل ئىدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى-
دىن نارازى بولغانلىقى ئۈچۈن، شېڭ شىسەي ئۆچمەنلىك قىلىپ، باشقى-
لارنى بۇيرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرگەنىدى. ۋەقە سادىر بولغاندىن كېيىن، شېڭ
شىسەي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ماشىنىلاشقان لۇيدىكى بىر تۈركۈم ئوفىتسېر-
لارنى قولغا ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە مالىيە ۋەزىرىگە تەيىنلەنگىنىگە
ئانچە ئۇزۇن بولمىغان مالىيە نازىرى زاڭ گۇفىڭنى، مائارىپ نازىرى لى
يىڭۇنى، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ جىڭلىسى ما جياۋ بىلەن مۇئا-
ۋىن جىڭلى شياۋزوشىننى، شېڭ شىچىنىڭ خوتۇنى چېن شيۇيىڭ، چيۇ-
زوڭشۇننىڭ كىچىك خوتۇنى ياۋ جىجۇڭلارنى قولغا ئالدى، قاتتىق جازالاش
ئارقىلىق، زاڭ گۇفىڭ، لى يىڭۇ قاتارلىقلار شېڭ شىسەينىڭ ئورۇنلاشتۇ-
رۇشى بويىچە شىنجاڭدا بىر «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ تەشكىلاتى بارلىقى،
مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـيىلى) 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى ئاپرېل
ئىنقىلابىنى خاتىرىلەش چوڭ يىغىنى ئېچىلىدىغان كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈر-
مەكچى بولغانلىقى، «12 ـ ئاپرېل قوزغىلىڭى» نى ئاسان مۇۋەپپەقىيەتكە
ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تەبرىكلەش يىغىنىدىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ماشىنى-
لاشقان لۇيىنىڭ لۇيجاڭى شېڭ شىچىنى ئۆلتۈرۈش قارار قىلىنغانلىقى
ھەمدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۆلكىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار-
لار ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ھەم ھۆكۈمەتكە سادىق بولغان ھەربىي ۋە
مەمۇرىي خادىملارنى ئۆلتۈرۈش قەستلەنگەنلىكىنى ئىقرار قىلىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن شېڭ شىچىنى ئۆلتۈرۈش بىر خىل سىياسىي سۇيىقەست، قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈشتىن مەقسەت، شىنجاڭدىكى ئالتە بۈيۈك سىياسەت ھاكىمىيىتىنى
ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭگودىن ئايرىلغان بىر قورچاق ھاكىمىيەت قۇرۇش-
تىن ئىبارەت، دەپ قارىلىدۇ. 1943 ـ يىلىغا كەلگەندە، شېڭ شىسەي

كومىنداڭغا ئۆزۈل - كېسىل يۈلىنىدۇ، چۈڭچىڭدىن شىنجاڭغا سوراق قىلىش ئۈمىكى ئەۋەتىلىدۇ، ئاخىرىدا شېڭ شىسەي بىلەن جىياڭ جېيشى ئىككى تەرەپ بۇ سۇيىقەستچى تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق جىنايەتچىلىرى: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى باكۇلىن، شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ھەربىي ئىشلار باش مەسلىھەتچىسى راتوۋ، 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى شۈي جيې، خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جۈبىن، ۋالىي پەن بونەن، لو يۈيلىن، قەشقەرنىڭ ۋالىيسى چېن فاڭبەي، قارا شەھەرنىڭ ۋالىيسى يۈي دېيى، تارباغاتاينىڭ ۋالىيسى جياۋ جيەنفېڭ، قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى ليۇ شىپىڭ، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ باۋچيەن، تەھرىر - تەرجىمە كومىتېتىنىڭ باشلىقى مىڭ يىمىڭ، مالىيىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ چىشۇن، ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ مەسلىھەتچىلەر باشلىقى گودېچى، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ جىڭلىسى ۋە مۇئاۋىن جىڭلىلىرى ما جياۋ، شاۋزۇشىن، ماشىنىلاشقان لۈينىڭ مەسلىھەتچىلەر باشلىقى فىڭ خۇەنشۇ، تۇەنجاڭ جياۋ جىڭتاڭ قاتارلىقلار دەپ قارا چاپلىدى.

قىيىن - قىستاق ئاستىدا چېن شيۇيىڭ ئۆزىنى شياۋزۇجىن، راتوۋلار بىلەن زىنا قىلغان دەپ ئىقرار قىلىدۇ؛ ياۋ جىجۇڭ ئۆزىنى چيۇ زۇڭجۈننىڭ بېقىۋالغان ئوغلى ما جياۋ بىلەن زىنا قىلغان دەپ ئىقرار قىلىدۇ، بۇ ئىككىيلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھۆكۈمەتنىڭ مەخپىي ئاخباراتلىرىنى توپلاش ۋە ئېرىنى ئۆلتۈرۈش ھەمدە شېڭ شىچەينىڭ دەپنە ئىشلىرىنى بېجىرىش داۋامىدا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دۇبەننى ئۆلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالماقچى بولغان دېگەن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ، مانا بۇ شېڭ شىسەي 1942 - يىلى ئويدۇرۇپ چىقارغان سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىدىن ئىبارەت.

يولداش چېن تەنچيۇ شېڭ شىسەينىڭ سۇيىقەستىنى ئوچۇق كۆرۈپ يەتكەنىدى، ئۇ دەل جايىغا تەككۈزۈپ تۇرۇپ شېڭ شىچەينىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى «پۇرچاق بىلەن شارىنى بىللە قورۇغانلىقنىڭ نەتىجىسى» ، ئۇ، «كومپارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى سۇيىقەستنىڭ تۇنجى قۇربانى بولدى»

دەپ كۆرسەتتى، ئۇ مۇنداق دېدى: شېڭ شىسەي گەرچە ئاتالمىش «تەكشۈرۈش ئۆمىكى» تەشكىللەپ، بۇ ئەنزىنى تەكشۈرگەن بولسىمۇ، «ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆمەكنىڭ تەركىبىدە سۇيىقەستكە قاتناشقان ئاساسلىق كىشىلەر (لى يىڭچى، لى پۇلىن، پىڭ جىيۇمىن، شېڭ شىچى قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتىدۇ، ) بولغانلىقتىن» ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاشقا ئامالسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەكسىچە، بىر تۈركۈم كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلدى①.

شېڭ شىسەي بىر قورساق ئىنىسىنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە «قوغداش» ۋە «باشقا ۋەزىپىگە تەيىنلەش» نامى بىلەن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كوممۇنىستلارنى 1942 - يىلى 6 - ئايدا ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ياڭماۋخۇ، باخۇلياڭ قاتارلىق جايلارغا يىغدى ھەمدە ئاۋئاتسىيە ئەترىتىدىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى نەنلياڭدىكى مېھمانخانىغا يىغىپ، بىراقلا يوقىتىش غەرىزىدە بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شارائىتىغا قارىتا، چېن تەنچيۇ سەگەك تونۇشقا ئىگە ئىدى. ئۇ يېڭى ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ زۆرۈر تەييارلىقلارنى ياخشى ئىشلىشىنى تەلەپ قىلدى، ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «شىنجاڭ ۋەزىيىتى، سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن كۈنسېرى مۇرەككەپلىشىپ ۋە قالايمىقانلىشىپ باردى، گومىنداڭ شىنجاڭنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشقا ئالدىراۋاتىدۇ. شېڭ دۇبەن جياڭ جېيشى بىلەن مۇرەسسەلىشىش ئېھتىمالى ھەر ۋاقىت مەۋجۇت. شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىر مەھەل غالجىرلاشتى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسى (بولۇپمۇ جۇڭگو كومپارتىيىسى) نىڭ شىنجاڭدىكى ئورنىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولۇشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بىز ئاكتىپلىق بىلەن قۇتقۇزۇۋالىمىز دېسەكمۇ چامىمىز يەتمەيدۇ (چۈنكى ئۇنىڭ بىزگە قارىتا كۆپ پىكرى بار ھەمدە ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت

① چېن تەنچيۇ: «ئۆتكەن يىلى يازدىن بۇيانقى شىنجاڭ ئەھۋالى» 1942 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى.

قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلىشىش مۇمكىن ئەمەس. ) پاسسىپ ھالدا بىر چەتتە قاراپ تۇرۇشمۇ بىزدە بولۇشقا تېگىشلىك مەيدان ئەمەس. مېنىڭ شەخسەن پىكرىم شۇكى، كۆچلۈك تەرەپلەرنىڭ توغرا بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتۈشتىن باشقا، بىزنىڭ خىزمەتچى يولداشلىرىمىز ئالدىنقى قېتىمدىكى دوكلاتتا قوللىنىلغان قائىدىن (بىراق دۇبەنگە پىكىر بېرىشتىن ئىبارەت بۇ بىر ئىشنىڭ ئۈنۈمى بولۇشى ناتايىن) غا ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئورنىدا ئاكتىپ، سادىق، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەۋېرىشى، تىز پۇكمەسلىكى، چۈشكۈنلەشمەسلىكى، ئىستىبپا بەرمەسلىكى (ئىستىبپا بېرىشكە قارار قىلىنىپ بولغانلاردىن باشقىلار) ھەم ئۆزلىرىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىقى، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئادا قىلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، يېقىندىن يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، زۆرۈر بولغان تەييارلىقلارنى ياخشى ئىشلىشى لازىم[1]» . ئەسلىدە 5 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت بيۇروسى ئورۇمچىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش شۆبە ئىدارىسى تەسىس قىلىش، چېن تەنچيۇ شۆبە ئىدارىسىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىش، چوڭ ئارقا سەپنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار، مەدەنىيەت قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا مەسئۇل بولۇش، ماتېرىياللارنى جۇڭچىڭدىكى جۇ ئېنلەيگە تەمىنلەپ بېرىش ھەققىدە يوليورۇق بەرگەنىدى. 7 ـ ئايدا، ۋەزىيەت تېخىمۇ يامانلاشقانلىقتىن، مەركىزىي كومىتېت بيۇروسى يەنە: شىنجاڭدىكى 164 نەپەر خادىمنىڭ، شىڭ شىسەينىڭ قېلىشىنى تەلەپ قىلغان تۆت نەپىرىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ يەنئەنگە قايتىپ كېلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. ئەمما، ئەينى ۋاقىتتا يەنئەنگە تۇتىشىدىغان قاتناش يوللىرىنىڭ ھەممىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قامال قىلىنغانىدى. كوممۇنىستلار چېن تەنچيۇ ۋە باش ئۆگىنىش ھەيئىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىستىل تۈزىتىشكە دائىر ھۆججەتلەرنى ئۆگە-

---

① چېن تەنچيۇ: «ئۆتكەن يىل يازدىن بۇيانقى شىنجاڭ ئەھۋالى»، 1942 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى.

نىش ۋە ئىنقىلابىي غايە توغرىسىدىكى تەربىيىنى چىڭ تۇتتى. 1942 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، سۇڭ مېيلىڭ، جۇ شاۋلياڭ، ماۋ باڭچيۇ قاتارلىقلار شىنجاڭغا كېلىپ شېڭ شىسەينىڭ كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش، جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىش قەدىمىنى تېزلەتتى. 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، شېڭ شىسەي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بارلىق كوممۇنىستلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى نازارەت ئاستىغا ئالدى. 1943 - يىلى 1 - ئايدا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى قۇرۇلدى، 2 - ئاي ۋە 4 - ئايدا، شېڭ شىسەي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ پارتىيە ۋەكىلى چېن تەنچيۇ ۋە ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق زور تۈركۈمدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى رەسمىي تۇردە قولغا ئالدى. 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئەۋەتكەن سوراق قىلىش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، كوممۇنىستلارنى ۋە دۇ جۇڭيۈەن ئەنزىسى، ئالتاي قوزغىلىڭى ئەنزىسىنى تەكشۈرۈپ سوراق قىلىشقا قاتناشتى. سوراق مەيدانى ۋە تۈرمىدە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كوممۇنىستلار دۈشمەنلەرنىڭ قاتتىق قىيىن - قىستاقلىرىدىن قورقماي، ئىنقىلابىي ئىرادىسىدە چىڭ تۇرۇپ، قەيسەرلىك بىلەن دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكلىرىنى، تۆھمەتلىرىنى بىتچىت قىلدى، ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى نومۇسسىز قىلمىشلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى، كوممۇنىزمنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىپ، كوممۇنىستلارنىڭ مەردانىلىكىنى ئىپادىلىدى. 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، شېڭ شىسەي، جياڭ جيېشىلارنىڭ مەخپىي پىلانلىشى ئارقىسىدا، مۇنەۋۋەر كوممۇنىزم جەڭچىلىرىدىن چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق ئۈچ كىشى مەخپىي ھالدا ئۆلتۈرۈلدى، شېڭ شىسەي كوممۇنىستلارنىڭ ئىسسىق قېنىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقانلىقىنىڭ كۆرۈشۈش سوۋغىسى قىلدى. باشقا سولاپ قويۇلغان 131 كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تاكى 1946 - يىلى 6 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزگەن چاغدا-

لا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش جۇ ئېنلەينىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا، جاڭ جىجۇڭنىڭ قوللىشى بىلەن ئاندىن يەنئەنگە قايتىپ كەلدى.

شېڭ شىسەينىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسلانغاندا، جەمئىي 565 كىشى بۇ قېتىمقى «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى»گە قاتناشقان، بۇلاردىن 88 كىشى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان.

## 4 - بۆلۈم گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ قايتا قۇرۇلۇشى ۋە گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ ئورۇنلىشىشى

1941 - يىلى 6 - ئايدا سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن شېڭ شىسەي گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ياخشى-چاق بولۇشنى جىددىيلەشتۈردى، يەنە بىر تەرەپتىن جياڭ جيېشىمۇ شىنجاڭنى ئىلكىگە چۈشۈرۈشكە تىرىشتى. 1941 - يىلى كۈزدە، جياڭ جيېشى زاڭزۇ ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ۋۇ جۇڭشىننى غەربىي شىمال پىرقە - مەمۇرىي ئورگانلارنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي ئۆلكىلىرىگە ئەۋەتتى، بۇ ئۆمەك نامدا پىرقە - مەمۇرىي ئورگانلارنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مەقسىتى جياڭ جيېشى ئۈچۈن خېشى كارىدورىنى تالىشىش ئىدى. ئەسلىدە چىڭخەيدىكى ما بۇفاڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ما بۇچىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر زىددىيەت بار ئىدى، ۋۇ جۇڭشىن بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ما بۇفاڭنىڭ گەنسۇنىڭ غەربىدىكى ما جەمەتى قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ كېتىشنى شەرت قىلىپ ئۇنى ئۆزىگە تارتتى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەردى. ما بۇفاڭ مەركەزنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ما بۇچىڭنى يوقىتىش غەرىزىدە ۋۇ جۇڭشىننىڭ شەرتىگە كۆندى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ قوشۇنى گەنسۇنىڭ

غەربكە كىرىپ ئورۇنلاشتى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شىنجاڭغا كىرىشنىڭ
يولى ئېچىلدى. 1942 - يىل 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جياڭ جيېشى
شىنجاڭنىڭ چۆگۈچەكتە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى جاڭ يۈەنفۇنى شېڭ شىسەي
بىلەن گومىنداڭنىڭ ئۈچ دىۋىزىيە قوشۇنىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش مەسىلە-
سى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىشكە ئۇرۇمچىگە ئەۋەتتى. 5 - ئايدا، شېڭ شىچى
شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن چۆگۈچەككە بېرىپ جياڭ جيېشى بىلەن
كۆرۈشىدۇ، ئۇلار غەربىي شىمالنىڭ قاتناش مەسىلىسىنى مۇزاكىرىلىشى-
دۇ، ئۇلار غەربىي شىمالنىڭ قاتناش مەسىلىسىنى مۇزاكىرىلىشىدۇ، شېڭ
شىچى مەركىزىي تەربىيىلەش ئورنىدا تەربىيىلىنىدۇ. ئارقىدىن، شېڭ
شىسەي جياڭ جيېشىغا 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭنى
كۆرۈشۈشكە ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ تېلېگرامما يوللايدۇ. جۇ
شاۋلياڭ كۇيئوغلى، كاتىپ جاڭ شۈەنزې، ئاديۇتانت، تېلېگراف خادىمىنى
ئېلىپ يولغا چىقىدۇ. 7 - ئايدىن 11 - ئايغىچە جۇ شاۋلياڭ بىلەن شېڭ
شىسەي ئىلگىرى كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم سۆھبەتلىشىدۇ، تىل بىرىكتۈ-
رۈشنىڭ كونكرېت شەرتلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى،
شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىغا يوللىغان مەلۇماتنامىسىدە: «بۈگۈندىن كې-
يىن ماركسىزمچىلار (سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-
يىسىنى كۆرسىتىدۇ) بىلەن زادى ھەمكارلاشمايمەن، جياڭ ۋېييۈەنجاڭ-
نىڭ ۋە گومىنداڭنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىشقا پىرقە ـ دۆلەتكە
سادىق بولىدىغانلىقىمغا قەسەم ئىچىمەن» دېدى. جياڭ جيېشى شېڭ شى-
سەينىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسىدىكى ئۆزگىرىشتىن ۋە غەربىي شىمالنىڭ
ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشتىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى؛ 8 - ئاينىڭ
5 - كۈنى جياڭ جيېشى لەنجۇغا، ئارقىدىن جيايۈگۈەن، شىنىڭلارغا
باردى، بىر تەرەپتىن سۇڭ مېيلىڭنى ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ شېڭ شىسەينى
ئۆز يېنىغا تارتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ما بۇفاڭ، ما بۇچىڭلار بىلەن
كۆرۈشۈپ، خېشى كارىدورىدا تۇرۇۋاتقان ما جەمەتى قوشۇنىنى چىڭخەيدى-
كى سەيدام ئويمانلىقىغا يۆتكەپ ھەربىي تىرىنچىلىق قىلىشنى ئوتتۇرىغا
قويدى. 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، سۇڭ مېيلىڭ، ۋۇ جۇڭشىن، جۇ

شاۋلياڭ قاتارلىقلار ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، شىڭ شىسەي ئەر - خوتۇن ئايرودرومغا چىقىپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. سۇڭ مېيلىڭ: «مەركەز شىڭ شىسەي جانابلىرىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ، مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك خىزمىتىگە ياردەم بېرىش - بەرمەسلىكى سىزگە باغلىق» دەيدۇ①. بۇ شىنجاڭ مەركەزگە ئىتائەت قىلسىلا، شىڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ يەرلىك خاقانى بولسا بولۇۋېرىدۇ دېگەنلىك. شىڭ شىسەينىڭ يۈرەك تارىتى چېكىپ كۆرگەنلىك ئىدى. شىڭ شىسەي ھاياجانلىنىپ پوتلىسىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن «دۆلەتكە ئۆمۈرۋايەت سادىق بولىمەن، خەلققە ئۆمۈرۋايەت خىزمەت قىلىمەن، مەركەزنى قەتئىي ھىمايە قىلىمەن، پىرقە - دۆلەتكە ئۆمۈرۋايەت سادىق بولىمەن، داھىيغا قەتئىي بويسۇنىمەن» دەپ ئىپادە بىلدۈردى②. شۇنىڭدىن كېيىن، شىڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتقانلىقى تولۇق ئاشكارىلاندى. جياڭ جيېشى بۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ، بۇ 1942 - يىل 1 - ئايدىكى «كوممۇنىزملۇق قايتا ئويلىنىش»تا، «گومىن ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان قولغا كەلگەن ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت» دېدى. بۇنىڭدىن شىڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتقانلىقىنى جياڭ جيېشى ناھايىتى مۇھىم ئىش دەپ بىلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

شىڭ شىسەي بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ تىل بىرىكتۈرۈشى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشىدىن ئايرىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ تىل بىرىكتۈرۈشى ئۆز ئارا پايدىلىنىش، ئۆزئارا مەنپەئەت تالىشىش بولۇپ، بۇ ئىككىسى گىرەلىشىپ كەتكەنىدى، مانا بۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ماھىيىتى ئىدى. جياڭ جيېشىنىڭ مەقسىتى شىنجاڭغا قول سوزۇپ شىنجاڭدا ئالدى بىلەن پۇت تىرەپ تۇرىدىغان زېمىن تېپىش، ئاخىرىدا ئۇنى ئىلكىگە چۈشۈرۈش ئىدى، دەرۋەقە، ئاسان تېپىلمايدىغان ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيتتى. 1942 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، گومىنداڭنىڭ

① ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە». مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىل) 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى.
② شىڭ شىسەي: «ئاپرېل ئىنقىلابىنى ئەسلەش ۋە كەلگۈسىگە نەزەر».

مەمۇرىي پالاتاسى ۋە زېڭشياڭنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە خادىمى سۈپىتىدە شىنجاڭنىڭ بارلىق خارجى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى. 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، شېڭ شىسەي قوشۇمچە 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. بۇ ئەمەلىيەتتە قۇرۇق مەنسەپ بولۇپ، شېڭ شىسەينىڭ ھوقۇقى شىنجاڭنىڭ سىرتىغا ئۆتمەيتتى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، چۇڭچىڭدا كوللېكتىپ تەربىيە ئالغان نەچچە يۈز ياش شىنجاڭغا كېلىشكە ھازىرلاندى. گومىنداڭ «كەڭ غەربىي شىمالنى گۈللەندۈرەيلى»، «دۆلەتنىڭ بازىسى ـ غەربىي شىمالدا» دېگەن شوئار ئاستىدا، نۇرغۇن ياشلارنى جاڭ بوۋاڭ (جاڭ بوچيەن)، بەن دىڭيۈەن (بەن دىڭچاۋ) لارنى ئۆلگە قىلىپ پىرقە - دۆلەتكە ئۆزىنى تەقدىم قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى؛ مەمۇرىي پالاتا يەنە «شىنجاڭغا بارىدىغان خادىملارنى تىزىملاش چارىسى» ۋە «ئېتىبار بېرىش چارىسى» نى ئېلان قىلدى، شۇڭا شىنجاڭغا بېرىشقا تىزىملانغانلار 5000 دىن كۆپرەككە يەتتى، «شىنجاڭغا بارايلى» دېگەن شوئار شۇ چاغدا چۇڭچىڭدا بىر مەھەل يېڭى شوئار بولۇپ قالدى. 1943 - يىل 4 - ئايدا، گومىنداڭنىڭ تەشكىلات بۆلۈمى بىر تۈركۈم خىزمەتچىلەرنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شىنجاڭنىڭ بىرمۇنچە ناھىيىلىرىدە گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ شۇجىسى بولدى. جياڭ جيېشى قول ئاستىدىكىلەرگە شىنجاڭدا سالماق، ئاكتىپ خىزمەت قىلىش فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى. ئاتالمىش سالماق بولۇش ـ كۆرۈنۈشتە شېڭ شىسەيگە ھۆرمەت قىلىپ ئىمكانقەدەر بۇ يەرلىك خاقاننىڭ چىشىغا تەگمەسلىك كېرەك؛ ئاتالمىش ئاكتىپ بولۇش ـ يوشۇرۇن تۈردە سىڭىپ كىرىشنى تېزلىتىپ تايانچلارنى ھەرقايسى تارماقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك دېگەنلىك ئىدى. گومىنداڭنىڭ شۇ چاغدىكى تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى جۇ جياخۇا تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ شىنجاڭغا مېڭىش ئالدىدا تۇرغان گومىنداڭ ئەزالىرىغا ئاشكارا ھالدا: سىلەر ئۇرۇمچىگە بارغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىشىڭلار، ئۇنىڭ يوليورۇقىغا ئىتائەت قىلىشىڭلار، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خادىملار بىلەن يېرىكلىشىپ قالماي ئىناق ئۆتۈشۈڭلار لازىم،

دەپ ۋەز ئېيتسا، يەنە بىر تەرەپتىن يوشۇرۇن ھالدا ئۇلارنى ئۈچ مەسىلىككە بولغان ساداقەتمەنلىكى، ئىشەنچىسى ئارقىلىق شىنجاڭدا يېڭى يول ئېچىشقا، دۆلەتكە ئۆزىنى بېغىشلاش قەيرىتى ۋە ئىرادىسىنى نامايان قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: سىلەر شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن مەركەز سىلەرگە ئورۇنلىشىش پۇلىدىن باشقا يەنە تەمىنات خىراجىتى بېرىدۇ. سىلەر شىنجاڭدا ھەرقانداق قىيىنچىلىقتا يولۇققان ئەھۋالدىمۇ، ئۆز بۇرچىڭلارنى ئادا قىلىشىڭلار كېرەك[①]. شۇنداق قىلىپ، پارتىيە ئىشلىرى، ھەربىي، ئىشپىيونلۇق، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى خادىملار شىنجاڭدا جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىشىدىكى تايانچ كۈچىگە ئايلاندى.

1943 - يىلى گومىنداڭ كەلكۈن كەبى شىنجاڭغا كىردى، شىنجاڭنىڭ يەرلىك خاقانى - شېڭ شىسەينىڭ كۈنىمۇ تەسلىشىپ قالدى.

1 - ئايدا، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى يەنە قۇرۇلدى. جېن شۈرېن دەۋرىدە، گومىنداڭ شىنجاڭدا ئۆلكىلىك پىرقە قۇرغانىدى. 1943 - يىلى، شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ ئالاھىدە خادىمىنى قوغلىۋەتكەن، گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانىدى. شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، 1942 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، گومىنداڭنىڭ 5 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ 217 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى شېڭ شىسەينى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ھەيئەت مۇدىرلىقىغا، خۇاڭ رۇجېن، خۇاڭ گۇي، جاڭ داتۇڭ، يۈي جېنيىڭ، لىن بويا، جاڭ جېنجىلارنى ئىجرائىيە ھەيئەتلىككە؛ خۇاڭ رۇجېننى پىرقە باشلىقلىقىغا، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى لياڭ خەنساۋنى شىنجاڭدىكى پىرقە خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا بەلگىلەشنى، پىرقە ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش ئەمەلىي ھوقۇقىنى جۇڭچىڭ تەرەپ ئۆز قولىدا تۇتۇشنى قارار قىلدى. شېڭ شىسەي بۇ خىل چەكلىمىنى بۇزۇش ئۈچۈن

① لى فەنچۈن: «شىنجاڭدىكى يەتتە يىل»

ئىجرائىيە ھەيئەتلىرىنى كۆپەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1943 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ئورگىنى بۇ تەلەپكە قوشۇلۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى لى يىڭچى، تەمىرات نازىرى لى بولىن، مائارىپ نازىرى چېڭ دۇڭبېي، سىياسىي كادىرلارنى تەربىيىلەش ئورنىنىڭ مۇدىرى خې گېڭگۇڭ (يەنى خې يۈيجۇ، تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن شېڭ شىسەي ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن) لارنى ئىجرائىيە ھەيئەتلىككە قوشتى. 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، بارلىق ھەيئەتلەر قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى، لياڭ خەنساۋ قەسەم بېرىشكە نازارەتچىلىك قىلدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى رەسمىي قۇرۇلدى.

1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنىدا گومىنداڭنىڭ ئالاھىدە پىرقىسى قۇرۇلدى، شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى ئالاھىدە پىرقىسىنىڭ ئالاھىدە ھەيئەت ئەزاسى، چيۇ يۈيشيۇڭ، ۋاڭ خۇڭزاۋ، ليۇ جېڭشىن، جاڭ فېڭيىلار ئىجرائىيە ھەيئەت، چيۇ خۇڭزاۋ قوشۇمچە پىرقە باشلىقى بولدى.

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ ۋە گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ئالاھىدە پىرقىسىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا لياڭ خەنساۋ، جۇ شاۋلياڭ، شېڭ شىسەيلەرنىڭ ھەممىسى تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. لياڭ خەنساۋ مۇنداق دېدى: «بۈگۈن گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى شىنجاڭ بىلەن مەركەز پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ»، ئۇ يەنە شېڭ شىسەينى «ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئىرادىسىگە ئىگە» دەپ كۆككە كۆتۈردى. جۇ شاۋلياڭمۇ شېڭ شىسەينى شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىغا تۆھپە قوشقان، «شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن «ئۈچ مەسىلەك ئىچىدىكى ئىجرا قىلىش بەك زۆرۈر مەزمۇنلارنى تاللاپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنىڭ سىياسىتى قىلدى، ئون يىل تىرىشچانلىق كۆرسەتكەچكە بۈگۈنكى نەتىجىلەر قولغا كەلدى» دەپ ماختىدى. شېڭ شىسەي تەبرىك سۆزىدە ئالدى بىلەن «گومىنداڭنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا مۇتلەق بويسۇنۇپ، پارتىيە ئىنتىزامىغا ئەمەل قىلىپ، ئۈچ مەسىلەكنى يولغا قويىدىغانلىقى» نى، «ئۈچ

مەسلەكنى ئۆمۈرۋايەتلىك ئېتىقادى» قىلىدىغانلىقىنى، چۈنكى «گومىنداڭ دۆلەتنى قۇتقۇزىدىغان پارتىيە، ئۈچ مەسلەك دۆلەتنى قۇتقۇزىدىغان مەسلەك، نىجاتلىق مەسلەك» ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. بۇرۇن شىڭ شىسەي ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى كۆككە كۆتۈرگەن بولسا، مانا ئەمدىلىكتە ئۈچ مەسلەكنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇردى. ئۇ ئۆز سۆزىنى شامال كىرمەيدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئۈچ مەسلەك ئالتا بۈيۈك سىياسەت بىلەن بىردەك دېگەننى توقۇپ چىقىپ، قانداقتۇر «ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ نەزەرىيىسى ئۈچ مەسلەكنىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ نەزەرىيىسى ئۈچ مەسلەك نەزەرىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئۈچ مەسلەكنىڭ ئالاھىدە مۇھىتتا تەتبىق قىلىنىشى، شۇڭا ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويۇش ئۈچ مەسلەكنى يولغا قويغانلىقتۇر» دېدى. شىڭ شىسەي مۇشۇنداق ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ، ئۈچ مەسلەك بىلەن ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئەپچىللىك بىلەن بىرلەشتۈردى. ئارقىدىن، شىڭ شىسەي جاھانگىرلىككە قارشى قوشۇننىڭ نامى، خەلق ئىنقىلابىي قوشۇنى دەپ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

شىڭ شىسەي يەنە شۇ قېتىمقى سۆزىدە ماتېرىيالىستىك تارىخىي قاراشنى «پۈتكۈل تارىخنىڭ ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ» ، ئۇ خىل قاراش ئۆتمۈشتە ئاقمىغان، ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئاقمايدۇ، دەپ سۆكتى. ئۇ خەلق تۇرمۇشى تارىخىي قارىشىنى «نەچچە مىڭ يىللىق پەلسەپە تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نەتىجىسى، ئۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ قەدىمكى - بۈگۈنكى مەدەنىيىتىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن، ئۇ ماتېرىيالىستىك تارىخىي قاراشنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ دۇنيادىكى بارلىق كىشىلەر ئېتىقاد قىلىدىغان ھەقىقەت بولۇپ قالدى» دەپ ھېسابلىدى. شىڭ شىسەينىڭ بۇ سۆزى ھەرىكەتتىلا ئەمەس، نەزەرىيە جەھەتتىمۇ ئۇنىڭ تەرەققىيپەرۋەر دېگەن چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلىدى. سۇن جوڭشەننىڭ ئۈچ مەسلىكى تارىختا ئىجابىي رول ئوينىغاندى، ئۈچ مەسلەكنىڭمۇ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەريانى بار. 1924 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئېچىلغان گومىنداڭنىڭ 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك

ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئۈچ مەسىلىگە يېڭى تەبىر بەرگەنىدى: «گومىنداڭنىڭ مىللەتچىلىكىنىڭ ئىككى ئەھمىيىتى بار: بىرى، جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقىنى كۆزلەش؛ يەنە بىرى، جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر باپباراۋەر بولۇش»، «گومىنداڭنىڭ خەلق ھوقۇقى مەسىلىسى ئاز سانلىق كىشىلەر ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى پۇقرالار ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان مەسىلىدۇر»، «گومىنداڭنىڭ خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى مۇنۇ ئىككى ئەڭ مۇھىم پرىنسىپتىن چەتلەپ كەتمەيدۇ: بىرى، يەر ھوقۇقىنى تەڭشەش؛ يەنە بىرى، كاپىتالنى چەكلەش». سۇن جۇڭشەننىڭ يېڭى ئۈچ مەسىلىسى گومىنداڭنىڭ 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ خىتابنامىسىگە كىرگۈزۈلدى، مانا بۇ ھەقىقىي ئۈچ مەسىلىدۇر. جياڭ جيېشى ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن يولغا قويغان ئۈچ مەسىلە سۇن جۇڭشەننىڭ ئىنقىلابىي ئۈچ مەسىلىسىگە تامامەن خىلاپ بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا، خەلققە قارشى فاشىزمغا ئايلىنىپ قالدى، شىڭ شىسەي سادىق بولىمەن دەپ جار سالغان ئۈچ مەسىلە دەل ئەنە شۇ فاشىزم ئىدى.

گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى قۇرۇلۇش بىلەنلا، ئادەملىرىنى كۆپەيتىشكە تىرىشتى، 1943 - يىلى بىر يىلدىلا 7200 دىن كۆپرەك ئەزا قوبۇل قىلدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى 16 — 29 ياشلاردىكى ئوقۇغۇچىلار، ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئوقۇتقۇچىلار بولۇپ، بىر قىسىم سودىگەرلەر ۋە جەمئىيەتتىكى مۇلازىملار قوبۇل قىلىنغانىدى. شۇ يىلى يەنە 31 ناھىيىدە ناھىيىلىك پىرقە، مەركەزنىڭ تەربىيىلەش ئورنىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىدە، شىنجاڭ شۆيۈەنىدە، شىنجاڭ قىزلار مەكتىپىدە، ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە، ساقچىلار مەكتىپىدە، غۇلجا ئوتتۇرا مەكتىپىدە، چۆچەك ئوتتۇرا مەكتىپىدە، تاشيول، قاتناش - ترانسپورت ئىدارىسىدە ۋە شىنجاڭ باسما زاۋۇتىدا ئۆلكىلىك پىرقىگە بىۋاسىتە قاراشلىق رايونلۇق پىرقە قۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە 84 رايونلۇق پىرقە، 460 شۆبە پىرقە ۋە 808 گۇرۇپپا قۇرۇلدى.

ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە گومىنداڭنىڭ تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى لياڭ خەنساۋ، ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ خۇاڭ رۇجىن قاتارلىقلار گومىنداڭنىڭ پارتىيە مەسلىكىنى تەرغىب قىلىش ۋە پىرقىلەرنىڭ جايلاشقان ئورنىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قاتىردى، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ پىرقە خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە بۇ خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلدى.

1943 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، دۆلەت مۇداپىئە ئەڭ ئالىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك تەپتىش رايونىدا تەپتىش ئەلچىسى مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، مەركىزىي داشۆنىڭ سابىق مۇدىرى لو جيالۇننى تەپتىش ئەلچىلىكىگە، ۋاڭ جىتيەننى مۇئاۋىن تەپتىش ئەلچىلىكىگە تەيىنلەشنى قارار قىلدى. تەپتىش ئەلچىسى مەھكىمىسى مەركەزگە ۋاكالىتەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا نازارەت قىلىدىغان ئورگان ئىدى.

4 - ئايدا، گومىنداڭ پىرقە ۋە سەنچىڭتۇەننىڭ ئەكسىيەتچى تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش، شېڭ شىسەي بىلەن كادىرلارنى تالىشىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدە مەركەز تەربىيىلەش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇردى، بۇ مەركەز تەربىيىلەش ئۆمىكىنىڭ بىردىنبىر شۆبىسى ئىدى، مەركەز تەربىيىلەش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، گومىنداڭ شىنجاڭدا يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭدىن بىر تۈركۈم كادىرلارنى چۇڭچىڭغا ئاپىرىپ مەركەز تەربىيىلەش ئۆمىكىدە تەربىيىلىدى. 2 - ئايدا، مەركەز تەربىيىلەش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى مەركەز ئەۋەتكەن ئۆمەكنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى، دەسلەپتە ئالدى بىلەن شىنجاڭ تەربىيىلەش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي مۇدىر، خۇاڭ رۇجىن، شېڭ شىچى مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. 3 - ئايدا، شېڭ شىسەي باشقۇرغان كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاياغلاشتى. 4 - ئايدا، مەركەز تەربىيىلەش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى رەسمىي قۇرۇلۇپ ئوقۇش باشلىدى، شېڭ شىسەي مۇدىر، خۇاڭ رۇجىن مۇئاۋىن مۇدىر قوشۇمچە تەربىيىلەش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، شېڭ شىچى

مائارىپ مۇدىرى، خې گىڭگۇاڭ ئىشخانا مۇدىرى بولدى.

مەركەز تەربىيىلەش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 1943 - يىلى ئۈچ قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، جەمئىي 580 چە كادىرنى تەربىيىلەدى. 1944 - يىلى يەنە ئۈچ قارار كۇرس ئېچىپ مىڭ كادىر تەربىيىلەمەكچى بولدى، يەنە ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر، ئالتاي، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىمۇ تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىلدى. مەركەز تەربىيىلەش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئون قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، 1946 - يىلى شىنجاڭ شۆبە تارقىتىۋېتىلدى[①]. كۇرسانتلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كۆپىنچىسى ھەر دەرىجىلىك پىرقىلەرنىڭ تايانچلىرى بولۇپ قالدى. كۇرسلاردا مەركەز تەربىيىلەش كومىتېتى ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى يەرلىك مەمۇرىي كادىرلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن تۈزگەن دەرسلىكلەر ئۆتۈلەتتى، كۇرسانتلار ئاتالمىش مەنىۋى جەھەتتىن تەربىيىلەش دەرسلىكلىرى، كەسپىي دەرسلىكلەرنى ئوقۇغاندىن باشقا، يەنە پارتىيە ئىشلىرى پائالىيىتى، دەرستىن سىرتقى مەشغۇلات ئېلىپ باراتتى، ئۇلار ئەتىدىن كەچكىچە ئالدىراشلىقتا گاڭگىراپ قالاتتى، ئۇلارغا ئىختىيارىي ھەرىكەت قىلغۇدەك ۋە مۇستەقىل ئويلانغۇدەكمۇ ۋاقىت چىقمايتتى. بۇ شۇ چاغدا مەركەزدىن تارتىپ يەرلىككىچە بۇ خىل مەكتەپلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئىدى.

مەركەز تەربىيىلەش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىدە ئاساسلىقى ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى نازارەتلەر نازىرى قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى، شېڭ شىسەينىڭ شۆبىنىڭ خىزمىتىنى ناھايىتى چىڭ تۇتاتتى، كۇرسانتلارغا دائىم مەنىۋى تەربىيە توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلەيتتى، جياڭ جيېشىنىڭ نامىدا نەشر قىلىنغان ئەكسىيەتچى ئەسەر - «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» نى كۆككە كۆتۈرەتتى.

مەركەز تەربىيىلەش ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى گومىنداڭنىڭ كادىرلارنى تەربىيىلەيدىغان بىردىنبىر ئاپپاراتى ئەمەس ئىدى، شۆبە ئۆتكەندىن

---

① لى فەنچۇن «شىنجاڭدىكى يەتتە يىل»

باشقا گومىنداڭ ئەزالىرىنى ۋە تايانچلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، يەنە ئايال كادىرلارنى پارتىيە ئىشلىرى ساۋادى بىلەن تەربىيىلەش كۇرسى، پارتىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇر - قازاق كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ۋە تۈرلۈك ناملاردا ئېچىلغان قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرس- لىرىنى ئاچتى.

مەتبۇئات، تەشۋىقات جەھەتتە، گومىنداڭ تۇرغۇن قەغەز ۋە خىراجەت كېتىشكە قارىماي، «ئۈچ مەسلەك» ۋە «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» نى جياڭ جيېشىنىڭ سۆزلىرى قاتارلىق ئەكسىيەتچى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ باستۇردى ھەمدە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئىدارە - جەمئىيەتلەرگە تارقىتىپ، كىشىلەرنى ئۇلارنى ئوقۇپ مۇزاكىرە قىلىشقا مەجبۇرلىدى ھەمدە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە، رۇسچە تۆت خىل يېزىقتا 17 تۈرلۈك «مۇزاكىرە تىزىسى» نى تۈزۈپ - بېسىپ، ھەرقاي- سى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى گومىنداڭ ئەزالىرىغا تۈرلۈك يوللار بىلەن تارقىتىپ بەردى. گومىنداڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى قۇرۇلۇپ ئۈچ ئايدىن كېيىن يەنى 1943 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئۇلارنىڭ ئورگان ژۇرنىلى - «يېڭى شىنجاڭ» نى نەشر قىلدى، بۇ ژۇرنالنىڭ تۇنجى سانىدىكى بېغىشلىمىدا، «يېڭى شىنجاڭ»، «ئۈچ مەسلەكنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزۈلۈشىگە ئاساس سېلىش، خەلق تۇرمۇشى تارىخ قارىشى نەزەرىيىسى ئىستىقبالىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن» نەشر قىلىنىدى دېيىلدى. شۇنداق قىلىپ، «يېڭى شىنجاڭ» ژۇرنىلى 1942 - يىل 4 - ئايدا نەشردىن توختىغان «جاھانگىرلىككە قارشى ئارقا سەپ» نىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. «يېڭى شىنجاڭ» نىڭ 1 - سانى 10 مىڭ نۇسخا بېسىلدى، باسما خىراجىتىگە شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 3 مىليون 800 مىڭ يۈەن پۇل كەتتى. شۇ يىلى يەنە گومىنداڭنىڭ پارتىيە تەلىماتىغا دائىر 16 تۈرلۈك، جەمئىي 136 مىڭ 500 نۇسخا كىتاب تەرجىمە قىلىنىدى؛ يەتتە تۈرلۈك، جەمئىي 74 مىڭ نۇسخا كىتاب تۈزۈپ بېسىلدى. شۇنداقلا يەنە شېڭ شىسەي ساقچى باشقارمىسىغا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلى- رىدا ساقلىنىۋاتقان ماركسىزم - لېنىنىزمغا دائىر تۈرلۈك كىتابلارنى ۋە

ئىلغار كىتابلارنى مۇسادىرە قىلىپ، يىغىپ پېچەتلەش ياكى كۆيدۈرۈۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ماركسىزم توغرىسىدا ئاشكارا سۆزلىيەلمەيدىغان ۋە ئىلغار كىتاب - ژۇرناللارنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. كېيىن ھەتتا شېڭ شىسەينىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت دەرسلىكى» مۇ تەقىپ قىلىنغان كىتابلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

1943 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، قۇرۇلغىنىغا توققۇز يىل بولغان شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىمۇ تارقىتىۋېتىلدى. .

گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى يەنە گېزىت - ژۇرنال، كىنو، تىياتىرلارنى قاتتىق تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1943 - يىلى ھەرقايسى ئورگان، مەكتەپ، تەشكىلاتلارنىڭ تەكشۈرۈلگەن كىتابى 6000 پارچىدىن كۆپرەككە، ھەرقايسى كىتابخانىلارنىڭ كىتابى 323 خىلغا، سېتىش مەنئىي قىلىنغان كىتاب 71 خىلغا، تەكشۈرۈلگەن كىنو 148 گە، قويۇش مەنئىي قىلىنغان تىياتىر 22 گە يەتتى. شىنجاڭ گېزىتى بۇرۇن ئاساسەن شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرى ۋە باشماقالىسىنى باسقان بولسا، ئەمدىلىكتە پۈتۈنلەي جۇڭيائشېنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن پايدىلىنىدىغان ھەمدە ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى تۈگىتىش غەرىزىدە دائىم دېگۈدەك پارتىيە مەسلىكىگە دائىر ماقالىلەر بېسىلىدىغان بولدى. 1943 - يىلى جۇڭيائشې ئاگېنتلىقىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى قۇرۇلۇپ، چېن ۋەنلى مۇدىر بولدى. بۇ شۆبىدە 200 ۋاتلىق بىر تېلېگراف ئاپپاراتى بولۇپ، ئۇ ئاپپارات ئارقىلىق جۇڭيائشې ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرى قوبۇل قىلىنىپلا قالماي، يەنە شېڭ شىسەينىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىگە دائىر خەۋەرلەر مەركىزىي ئاخبارات ئورنىغا يوللىنىپ تۇردى. بۇنىڭدىن جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينىڭ ساداقىتىدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولۇپمۇ ياش ئوقۇغۇچىلارغا ئەكسىيەتچى پارتىيە مەسلىكى تەربىيىسى ئېلىپ باردى. بۇ تەربىيىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: سوۋېت ئىتتىپاقىغا،

كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش، جىياڭ جيېشىغا مۇتلەق بويسۇنۇش، «پىرقە دۆلەت» ۋە «داھىي»غا سادىق، ۋاپادار بولۇش. بۇ قېتىمقى تەربىيىدە يەنە ياش ئوقۇغۇچىلارنى فېئوداللىق ئەدەپ-ئەخلاق ئارقىلىق بىخۇدلاشتۇرۇش ئۈچۈن، دېموكراتىيە، ئەركىنلىكنى بوغۇش، كۇڭزىغا ھۆرمەت قىلىش، دەستۇر كىتابلارنى ئوقۇش تەشەببۇس قىلىندى، قىسقىسى بۇ قېتىمقى تەربىيىنىڭ ماھىيىتى فېئودال، كومپرادور، فاشىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئىدى. ئاتالمىش «زۇڭلىنى خاتىرىلەش ھەپتىلىكى» ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق جىياڭ جيېشىنىڭ ئەكسىيەتچى ئىدىيىسى تەرغىب قىلىندى، كوممۇنىزمغا بوھتان چاپلاندى. ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى دائىم ھەرقايسى مەكتەپلەرگە بېرىپ پارتىيە مەسلىكى توغرىسىدا ۋەز ئېيتتى، مەكتەپلەرگە يېتەكچى مۇدىر قويۇلدى، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەكتەپلەردە نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى، ماقالە يېزىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، پارتىيە مەسلىكى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى يەنە شىنجاڭ بويىچە سىبىق نامى يۇر كەتكەن «يېڭى تۇرمۇش پائالىيىتى»نى ئېلىپ باردى. ئاتالمىش «يېڭى تۇرمۇش پائالىيىتى»نى جىياڭ جيېشى 1943 - يىل 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى نەنچاڭدىكى مەھكىمىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئاتالمىش ئەدەب - ئەخلاق، پاكلىق، ھايا بىلەن ياشاشنى تۇرمۇش ئۆلچىمى قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان، بۇ ئەكسىيەتچى پائالىيەت ماركسىزمنى، ياشلارنىڭ ئىنقىلابقا بولغان مايىللىقىنى چەكلەشنى مەقسەت قىلغانىدى. 1943 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭدا، يېڭى تۇرمۇش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى ۋە «يېڭى تۇرمۇش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش ئەترىتى» تەشكىل قىلىنىپ، ھەرقايسى ئورگانلاردا، تەشكىلاتلاردا، مەكتەپلەردە يېڭى تۇرمۇش پائالىيىتى مەجبۇرىي يولغا قويۇلدى، «شىنجاڭ گېزىتى»گە يېڭى تۇرمۇش پائالىيىتى ھەققىدىكى تەشۋىقات تىزىسى بېسىلغاندىن باشقا، يەنە «يېڭى تۇرمۇش پائالىيىتى ھەققىدە لېكسىيە» ناملىق بىروشۇردىن 1000 نۇسخا، «يېڭى تۇرمۇش پائالىيىتىنى يولغا قويۇش چارىسى» ناملىق بىروشۇردىن 1000

نۇسخا بېسىلدى.

ھۆكۈمەت خادىملىرى جەھەتتە، 1943 - يىل 4 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى، چۈڭچىڭ ئەۋەتكەن ئىقتىساد مىنىس-
تىرلىقى سانائەت - كان تەكشۈرۈش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لىن جىيۈڭ
تەمىرات نازىرى، لى بولىن خەلق ئىشلىرى نازىرى، شىڭ شىسەينىڭ
سىڭلىسىنىڭ ئېرى فىڭ جىيۈەن مالىيە نازىرى، چىڭ دۇڭبەي مائارىپ
نازىرى بولدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن
دەرھال خەلقنى نازارەت قىلىشنى كونترول قىلىشنى ۋە ئۇلارغا ھۆكۈمران-
لىق قىلىشنى كۈچەيتتى. 7 - ئايدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «شىنجاڭ
بويىچە يېزا (بازار) لارنىڭ نوپۇسىنى باۋ (保)، جيا (甲) لارغا
ئايرىپ تەكشۈرۈش چارىسى» نى ماقۇللىدى ۋە بۇ چارىنى ئېلان قىلىپ يولغا
قويدى، 11 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ بويىچە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك
تەكشۈرۈش باشلاندى، 1945 -يىلنىڭ ئاخىرى شىنجاڭ بويىچە ھەرقايسى
يېزا (بازار) ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ نوپۇسىنى باۋ، جيالارغا ئايرىپ
تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاياغلاشتى. 1943 -يىل 9 - ئايدا، جامائەت خەۋپ-
سىزلىكى باشقارمىسى ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلىپ لى
يىڭچى باشقارما باشلىقى بولدى، ئىشپىيونلۇق ھۆكۈمرانلىق يەنىمۇ كۈچەي-
دى.

خارجى ئىشلىرى جەھەتتە، خارجى ئىشلار مەھكىمىسىدىن كېيىن،
1943 - يىلى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى، ئامېرىكا
كونسۇلخانىسى قۇرۇلدى. خې لىبو ئامېرىكا كونسۇلى، دىياۋرۇلې ئەنگلى-
يە كونسۇلى بولدى.

1943 - يىلنىڭ باشلىرىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يەنە تەكشۈرۈش
ئۆمەكلىرىنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. مەسىلەن، لوجيالۇن باشچىلىقىدىكى
«دۆلەت ئاتىسى سودا - سانائەتچىلەر تەكشۈرۈش ئۆمىكى» شىنجاڭنىڭ كان
بايلىقى، گېئولوگىيىسى، يېزا ئىگىلىكى، سۇ - تۇپرىقى، قاتناش ئىشلى-
رى، جۇغراپىيىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، تۈرلۈك سانلىق
مەلۇماتلارنى ئىگىلىدى، يەر تۈزۈلۈشىنى رەسىمگە ئالدى ۋە بۇ ماتېريال-

لارنى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندى. 8 - ئايدا، مەركەز تەتقىقات يۇرتى تەشكىللىگەن غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى قاتارلىقلار تەكشۈرۈش ۋە ئېچىشنى باھانە قىلىپ شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك تىزگىنلەش ۋە شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ شەرتىنى ھازىرلىدى. يېڭى تەمىرات نازىرى لىن جىيۇگمۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندە چۆگچىگدىن بىر تۈركۈم ئىنژېنېر - تېخنىكلارنى بىرگە ئېلىپ كەلدى. شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، قاتناش مىنىستىرلىقى 1943 - يىلى ئىنژېنېرلارنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىپ لەنجۇ - قۇمۇل تاشيولىنىڭ چاقىلىق - دۇنخۇاڭ تارماق تاشيولىنى ياسىماقچى بولدى، بۇ تاشيول 1946 - يىلى پۈتتى.

پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرى جەھەتتە، 1943 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇمۇلدا مەركىزىي بانكىنىڭ تارماق بانكىسى قۇرۇلدى. 1944 - يىلى 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، مەركىزىي ھاۋالە قىلىش ئىدارىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى ۋە مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى تارمىقى تىجارەت باشلىدى. ئالدىنقىسى پۇل ئامانەت، ۋاكالىتەن بېجىرىش، ئىستىراخۋانىيە ئىشلىرىنى، كېيىنكىسى پۇل ئامانەت، پېرېۋوت ۋە باشقا بارلىق بانكا كەسپىنى بېجىردى، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا پۇل پېرېۋوت قىلىش كەسپى يەنە يولغا قويۇلدى. شىنجاڭ پۇلىنىڭ فابى پۇلى (گومىنداڭنىڭ پۇلى - ت) نىڭ تېگىشىش نىسبىتى 5 : 1 بولدى. مەركەزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى تارمىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭدا تاموژنا پۇلى تارقاتتى بۇ پۇلمۇ شىنجاڭ پۇلىغا ئوخشاش ئوبوروت قىلىندى. 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ تاموژنىسى قۇرۇلدى ھەمدە ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى، ئۈچتۇرپان، قەشقەرلەردە شۆبە ئىدارە، جىمىنەي، بۇرچىن، ۋېيتاگزى، قورغاس، تېكەس، قارىكۆل، ئەركەشتام، تاشقورغان، يەكەن، قۇمۇللاردا شۆبە ئىدارە تەسىس قىلدى. تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەر، ساياھەتچىلەرنىڭ ماللىرى، ھارۋىلىرى، مال - چارۋىلىرى تاموژنىنىڭ روخسىتى بىلەن شىنجاڭغا كىرگۈزۈلىدىغان، شىنجاڭدىن چىقىرىلىدىغان بولدى، تاموژنىنىڭ روخسىتىنى

ئالمىغانلارنىڭ قۇرۇقلۇق، سۇ يولى بىلەن قاتنىشى مەنئى قىلىندى، خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئەتكەسچىلەر قاتارىدا جازاغا تارتىلدى. تاموژنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دىڭ گۇەنتاڭ شىنجاڭنىڭ تاموژنا بېجى ئىشلىرىنى ۋاقىتىنچە باشقۇردى.

شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، جياڭ جيېشىنىڭ ئىرادىسىگە بىنائەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىزىل ئارمىيە 8 - تۇەننى چېكىندۈرۈپ كېتىشنى، تۇدۇڭخابا پولات - سانائەت زاۋۇتى (يەنى ئايروپىلان قۇراشتۇرۇش زاۋۇتى) نى، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى چۇۋۇپ تاشلاشنى، ئالتاي ۋە خوتەنلەردە ئىشلەۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى گېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى خادىملارنى قايتۇرۇپ كېتىشنى تەلەپ قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى ئاشكارا يولغا قويدى.

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 8 - تۇەنى شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىگە بىنائەن قۇمۇلغا كىرىپ ئورۇنلاشقان، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا، خەلقئارا قاتناش يولىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشتا ئىجابىي رول ئوينىغانىدى. 1943 - يىل 1 - ئايدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى قۇرۇلغان، گومىنداڭنىڭ بىر تۈركۈم ھەربىي - مەمۇرىي خادىملىرى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن دەرھال پىلان تۈزۈپ، شېڭ شىسەيدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلىغا ۋە ھەربىي مەسلىھەتچىسىگە قىزىل ئارمىيىنىڭ 8 - تۇەننى چېكىندۈرۈپ كېتىشنى تەلەپ قىلغۇزدى. 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، جياڭ جيېشى شېڭ شىسەيگە پىلاننى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تېلېگرامما ئەۋەتتى. 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پۇشكىن شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن شىنجاڭ ھۆكۈمىتىگە مۇنۇلارنى ئۇقتۇردى: 1. قۇمۇلدىكى 8 - تۇەننى قايتۇرۇپ كېتىش؛ 2. قۇمۇلدىكى ئاۋىئاتسىيە ئورگىنىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ كېتىش؛ 3. ئايروپىلان قۇراشتۇرۇش - رېمونت زاۋۇتىنى ئىشتىن توختىتىش ھەمدە زاۋۇتنىڭ ئىشچىلە-

رى، تېخنىكلىرىنى ۋە ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىش،
8 - تۈن 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا قايتىشقا باشلىدى، 10 - ئاينىڭ
29 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 200 نەچچە ئاخىرقى ھەر تۈركۈم
كوماندىر - جەڭچىسى ئون نەچچە ئاپتوموبىل بىلەن قايتىپ كەتتى، ئۇلار-
نىڭ گازارمىسىغا 30 جۇڭگولۇق ئەسكەر ئورۇنلاشتى. جۇڭگو تەرەپ
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇلدىكى گازارمىسىنىڭ ئۆيلىرىنى 10 مىليون
يۈەن (شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 2 مىليون يۈەن) گە سېتىۋالدى.
شىڭ شىسەي يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭدىكى گېئولوگىيە
تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى، سوۋېت مەسلىھەتچىلىرىنى، تەربىيىچىلىرىنى،
مۇتەخەسسىسلىرىنى، دوختۇرلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىل-
دى. 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، پوشكىن شىڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈپ،
شىنجاڭ ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭدىكى گېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ
خىزمىتى توختىتىلىدىغانلىقى، ئۆمەكنىڭ بارلىق خادىملىرى قايتىپ كې-
تىدىغانلىقى، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر توشۇپ كېتىلىدىغانلىقىنى ئاغزاكى
ئۇقتۇردى. 5 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئارشاڭ، بورتالادىكى گېئولو-
گىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ 50 نەچچە خادىمى ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنى
ئېلىپ ئىلىغا توپلاندى ۋە شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دۆلىتىگە قايتتى.
كۆكتوقايدىكى گېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ 40 خادىمى ئارقا -
ئارقىدىن چېگرىدىن چىقىپ كەتتى، بارلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى بۇر-
چىنغا توشۇلدى ۋە كېمە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا توشۇلماقچى بولدى.
خوتەندىكى گېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ خادىملىرى 6 - ئاينىڭ
باشلىرىدا خوتەندىن ئايرىلىپ قەشقەر ئارقىلىق دۆلىتىگە كەتتى. قۇمۇل،
ئالتاي، قارا شەھەر، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى، خوتەن، قەشقەر، ئىلىدىكى
سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى، مۇتەخەسسىسلىرى، تەربىيىچىلىرى، دوختۇرلى-
رىمۇ 1943 - يىلى 5 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ئارقا - ئارقىدىن دۆلىتىگە
قايتتى. ئۇلار قايتىش سەپىرىدە گومىنداڭنىڭ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى-
نىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ خىلمۇخىل توسقۇنلۇقىغا يولۇقتى.
1944 - يىل 2 - ئايدا، جۇڭگو تەرەپ 1 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا

دوللىرىغا مايتاغ نېفىتلىكىدىكى نېفىت قۇدۇقلىرىنى، ئۆي - ئىمارەتلىرىنى، ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنى؛ 1944 - يىل 5 - ئايدا، 4 مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا ئۈرۈمچى ئايروپىلان قۇراشتۇرۇش - رېمونت زاۋۇتىنىڭ ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋالدى.

بۇ مەزگىلدە گومىنداڭ ۋە شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بىر مۇنچە ئىشلارنى قىلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ ۋە ساقچى باشقارمىسىنىڭ ئىشپىيونلىرى ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئەتراپىدا كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلدى، كونسۇلخانىنىڭ ماشىنىلىرى چىقسا، ئىشپىيونلار دەرھال ماشىنا بىلەن ئىزىغا چۈشۈپ پايلاقچىلىق قىلدى. سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركىتى بىلەن كۆپ باردى - كەلدى قىلغانلار ياكى مۇناسىۋەتلەشكەنلەر، كونسۇلخانىنى يېمەك - ئىچمەك، كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلىگەنلەر قولغا ئېلىندى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قىيىن - قىستاق ئازابىدا ئۆلۈپ كەتتى. بۇنداق ئىشلار قەشقەر، چۆچەك، سارسۈمبە (ئالتاي)، ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى بار جايلاردىمۇ يۈز بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان كىتابلار، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىنولىرى تەقىب قىلىندى.

سودا جەھەتتە، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىغا تۈرلۈك يوللار بىلەن توسقۇنلۇق قىلدى. 1942 - يىل 11 - ئايدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تاشقى سودا قىلىش چارىسىنى ئېلان قىلىپ، بارلىق تاشقى سودا ئىشلىرىنى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى مونوپول قىلىدىغانلىقى، يەرلىك سودىگەرلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا ئورۇنلىرى بىلەن توختامنامە تۈزۈشى مەنئىي قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەندى، سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركىتى تۆلەيدىغان باج كۆپەيتىۋېتىلگەچكە زىيان تارتىپ تىجارەت قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى، بۇ شىركەتتىكى يەرلىك خىزمەتچى خادىملار يوقىلاڭ باھانىلەر بىلەن قولغا

ئېلىندى، شىركەت خىزمەتچىلىرىگە تۈرلۈك چەكلىمە قويۇلدى، ھەتتا سوۋېت ماللىرى «دۈشمەننىڭ مېلى» دەپ ئاتالدى. شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۈچمەنلىك قىلغانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىغا كىرىشىپ كېتىپ، مەملىكەت ئىچىدە يېنىك سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ مىقدارى ئازىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ مىقدارى ئازىيىپ كەتتى، 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىسى ئاساسەن توختاپ قالدى. شۇ چاغدا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ چاي، قەنت، سەرەڭگە، پاپىرۇس، رەخت، ئاياغ قاتارلىق كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ كۆپىنچىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلەتتى، شىنجاڭنىڭ تېرە، قوي يۇڭى، قۇرۇق مېۋە، ئۈچەي، پاختا قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرىمۇ ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىناتتى. ئىككى تەرەپنىڭ سودىسى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا پايدىلىق ئىدى. شۇڭا، سودا مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈلۈشى ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزدى. 1943 - يىل 5 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى بارلىق سودا ئورۇنلىرىنى تاقاپ، سودا ۋەكىللىنى ۋە مۇتەخەسسىسلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا مال ئېكسپورت قىلىش ۋاقتىنچە توختاپ قالغاچقا، شىنجاڭ پاختىسىنىڭ باھاسى بەك چۈشۈپ كەتتى، تۇرپاندىكى كېۋەزلىك يۇرۇقىدىن %50 ئازايدى، مەھسۇلات مىقدارىمۇ 60 - 70 مىڭ دەندىن 20 - 30 مىڭ دەنگە چۈشۈپ قالدى. قوي يۇڭىنىڭ باھاسىمۇ ئېكسپورت توختاپ قالغانلىقتىن تېز تۆۋەنلەپ كەتتى. يەنە مەسىلەن، 1942 - يىلى خوتەن جەمئىي 247 مىڭ پىلە ئۇرۇقى تاختىسى ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ 80 پىرسەنتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن، قالغان 20 پىرسەنتىنى خەلقلەر ۋە قۇرۇلۇش ئىدارىسى تەمىنلىگەنىدى؛ 1943 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پىلە

ئۆرۈكى تاختىسى كىرگۈزۈلمىگەچكە، خوتەندە ئاران 32 مىڭ 500 تاختا پىلە بېقىلغان، شۇنىڭ بىلەن شۇ يىلى پىلە مەھسۇلاتى زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتكەن. 1942 يىلى پىلە مەھسۇلاتى 7000 دەن بولغان بولسا، 1943 - يىلى 2000 دەنگە چۈشۈپ قالغان①. جۇڭگو بىلەن سوۋېتنىڭ سودىسى توختاپ قالغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا پۇل پاخاللىقى كېلىپ چىقتى، ئىقتىساد قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

ھەربىي جەھەتتە، 1943 - يىلدىن باشلاپ گومىنداڭ قوشۇنى شىنجاڭغا كىردى. بۇنىڭدىن بۇرۇن، 1937 - يىلى خۇ زۇڭنەننىڭ 1 - شىنىڭ 5 - تۈەنى (ياڭ دېلياڭ تۈەنى) لەنجۇغا كېلىپ ئورۇنلاشقان بولسىمۇ، لېكىن جيۇ چۈەن، جاڭيې ئەتراپلىرى يەنىلا ما بۇفاڭ قوشۇنىنىڭ ئىلكىدە، ۋۇ ۋېي ئەتراپلىرىدا ما بۇچىڭنىڭ قوشۇنى بار ئىدى. 1941 - يىلى كۈزدە ۋۇ جۇڭشىن ما بۇفاڭ بىلەن سودىلاشقاندىن كېيىن، ما بۇفاڭ خېشى كارىدورىنى بوشىتىپ بېرىشكە قوشۇلدى. 1942 - يىلى ئەتىيازدا، جاڭ جيېشى ما بۇفاڭغا 100 - شى خەن چىڭگۇڭ قىسمى (خەن چىڭگۇڭ شىجاڭ، گەنجۇدا تۇراتتى، ئۇنىڭ 298 - لۈيىنىڭ كوماندىرى ما بۇفاڭ سوجۇدا ئىدى) نى گەنجۇ، سۇجۇدىن شىنىڭغا قايتۇرۇپ كېتىش، ما بۇچىڭنىڭ قىسمىنى لياڭجۇدىن چىڭخەيگە قايتۇرۇپ كېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن خېشى كارىدورىنى جياڭ جيېشىغا بىۋاسىتە قاراشلىق قوشۇنلار ئۆتكۈزۈۋالدى②. 1943 - يىل 4 - ئايدا، جۇ شاۋلياڭ ئالتە يېڭى ئەسكەرلەر تۈەننى يۆتكەپ، شىنجاڭدىكى قوشۇنلارنى تولۇقلاش نامى بىلەن چېن جۇننىڭ باشچىلىقىدا شىنجاڭغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى شېڭ شىسەينىڭ مەشىق قىلدۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. شېڭ شىسەي بۇ قوشۇن كامالەتكە يەتسە كونترول قىلىش قىيىن بولىدۇ دەپ قورقۇپ، بۇ قوشۇننى پارچىلىۋەتتى، بەزىلىرىنى ئۆلكە قوشۇنىغا سەپلەدى، بەزىلىرىنى شاللىۋەتتى، بەزىلىرىنى ئۆز مەيلىگە قويىۋەتتى، تۆۋەن

① جاڭ جېربې: «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى»، 34 -، 35 - بەتلەر.
② چېن بىڭيۈەن: «ما بۇفاڭ جەمەتىنىڭ چىڭخەيدىكى 40 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى»، 91-بەت.

دەرىجىلىك كوماندىرلارنى دۆبەن مەھكىمىسىنىڭ ياكى باشقا ھەربىي گورگانلارنىڭ مۇلكى خادىملىرى بولۇپ ئىشلەشكە ئەۋەتتى.

9 - ئايدا، يەنە 18 - ئارىلاشما لۈيىنىڭ ئىككى تۈەنى قۇمۇلغا قاراپ ئاتلاندى. 18 - ئارىلاشما لۈي ئەسلىدە خوزۇڭنەننىڭ 1 - شىسىغا تەۋە غەربىي شىمال تولۇقلانغان لۈيى بولۇپ، 1937 - يىلى 191 - شىغا، 1940 - يىلى 18 - ئارىلاشما لۈيگە ئۆزگەرتىلىپ، شۈي رۇچىڭ لۈيجاڭلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى. 18 - ئارىلاشما لۈيىنىڭ تۈەنجاڭلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى. 18 - ئارىلاشما لۈيىنىڭ تۈەنجاڭى شا يۈيچىن 1 - تۈەنى بىلەن تۈەنجاڭى ماپىڭلىن تۈەنجاڭلىقىدىكى 2 - تۈەنى شىنجاڭغا كىردى. 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئالدى بىلەن ما پىڭلىننىڭ تۈەنى ئارقىدىن شا يۈيچىننىڭ تۈەنى قۇمۇلغا كىردى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 8 - تۈەنى قۇمۇلدىن غەربكە چېكىنگەندىن كېيىن، ما پىڭلىن تۈەنى بىلەن شا يۈيچىن تۈەنى قۇمۇلنى تولۇق كونترول قىلدى.

1943 - يىل 6 - ئايدا، ئالتايدا ئوسمان شىبىڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقتى. شىبىڭ شىسەي ئۆلۈڭگۈر دەرياسى بويىدا ئالتاي باش قوماندانلىق شتابى قۇردى، ليۇ جىڭشىن باش قوماندان بولدى. گومىنداڭ قوشۇنى ئۆزلۈكسىز شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى، شۇ يىلى كۈزدە، 29 - بىرلەشمە جۈن تەشكىل قىلىنىپ، لى تيېجۈن باش قوماندان، خۇ شىلىڭ شتاب باشلىقى بولدى، باش شتاب دەسلەپتە ۋۇۋېيدا ئىدى، كېيىن جيۇچۈەنگە يۆتكەلدى. لى تيېجۈن قوماندانلىقىدىكى يېڭى 45 - شى گۇچۇڭغا ئورۇنلاشتى، 45 - شى قاتناش ساقچى باش ئەترىتىنىڭ 1 - كالونىسىغا ئۆزگەرتىلىپ شىنجاڭغا كىردى. 45 - شىنىڭ شىجاڭى شيې يىفېڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن قوشۇننى باشلاپ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ قوشۇن شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان چاغ دەل خېنەنلىك بىر تۈركۈم مۇساپىرلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ خۇا يۈەنكو ئېغىزىدىكى توسمىنى پارتلىتىۋەتكەچكە شىنجاڭغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلماقچى بولۇۋاتقان ۋاقىت ئىدى، لى تيېجۈن بۇنى ياخشى پۇرسەت دەپ بىلىپ، 45 - شىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتتى، لەنجۇ -

شىنجاڭ تاشيولىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى باھانە قىلىپ نۇرغۇن ماشىنا ھازىرلىدى، ھەربىر ماشىنىغا بىرلا مۇساپىرنى ئولتۇرغۇزۇپ، قاتناش ساقچى باش ئەترىتىنىڭ 1 - كالونىنىسىدىكىلەرنى بوز يەر ئاچقۇچى سىياقىدا ياساندۇردى، قورال - ياراغ، ئوق - دورىلىرىنى ماشىنا كوزۇپىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ، شىڭشىڭشيادىن ئۆتۈپ قۇمۇلغا كىردى. 1944 - يىل 3 - ئايدا، قاتناش ساقچى باش ئەترىتىنىڭ 1 - كالونىنىسى قۇمۇل، بارىكۆل، تۇرپان ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشتى.

1944 - يىل 3 - ئايدا، ئالتاي باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بىر تۈەن ئەسكىرى ئالتايدىكى قازاق چارۋىچىلىرى تەرىپىدىن تىرىپىرەن قىلىندى، شىمالىي شىنجاڭ خەۋپلىك ئەھۋالدا قالدى. گۇچۇڭدىكى سودىگەرلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۈرۈمچىگە قېچىپ كەلدى. جۇ شاۋلياڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ھەربىي ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇھىم جايلارنى مۇداپىئە قىلىشقا تۆت شى ئەسكەر كۆپەيتىشنى قارار قىلدى ھەمدە شا يۈيچىن تۈەنى بىلەن ما پىڭلىن تۈەنىنى گۇچۇڭغا يۆتكەپ، ئۇلارنى يېڭى 48 - شىغا ئۆزگەرتتى شۇنداقلا خېشى كارىدورىدىكى 46 - شىنى قۇمۇل، بارىكۆلگە يۆتكىدى. 4 - ۋە 5 - ئايلاردا، ئوسماننىڭ شەرققە بېسىپ كىرىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى تۈەن ئەسكەرنى ئۇلۇڭگۇر دەرياسى بويىغا ۋە دابىسۇنغا ئورۇنلاشتۇردى، گۇچۇڭدا ئاران بىر يىڭ ئاتلىق ئەسكەر تۇرغۇزدى شۇنداقلا يەنە زاپاس 7 - شى (شىجاڭ دەسلەپتە يەن مىڭ ئىدى، كېيىن لى يۈيشياڭ ئورنىغا شىجاڭ بولدى) نىڭ 19 - 20 - تۈەنلىرىنى ئۈرۈمچىدىكى لاۋ مەنچېڭغا، 21 - تۈەنىنى ئىلىغا ئورۇنلاشتۇردى. 1944 - يىلى ئەتىيازنىڭ باشلىرىدا، لى تىيېجۈنمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 29 - بىرلەشمە جۈننىڭ باش شتابىنى جيۇچۈەندىن قۇمۇلغا يۆتكىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاشتىن ئىلگىرى گومىنداڭ قوشۇنى قۇمۇل، بارىكۆل، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى ئەتراپلىرىغا ۋە ئالتاي ۋىلايىتىدىكى دابىسۇنغا ھەم ئۇلۇڭگۇر دەرياسى بويىغا ئورۇنلاشتى. گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە شىنجاڭغا كىرىپ ئورۇنلىشىشى شىڭ شىسەينى ۋەھىمىگە سالدى شۇنداقتىمۇ

ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا غەرىزى بار ئىدى. شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ ئەسكىرىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئوسمانىنىڭ قوراللىق كۈ- چىنى يوقىتىشنى ئويلىسا، گومىنداڭ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىن- جاڭدىكى ئەسكىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتىش كويىدا ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غەرىزىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يوشۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ زىددىيىتى بىر مەھەل ئاشكارىلانمىدى. لېكىن، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ كۆرۈشى يەنە باشلاندى.

# 5 ـ بۆلۈم شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىن كېتىشكە مەجبۇر بولۇشى

گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى شېڭ شىسەينىڭ مۇستەق- بىت ھۆكۈمرانلىقىغا بىۋاستە تەھدىت سالدى، بۇنى ئۇلارنىڭ تىل بىرىك- تۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۆز ئارا يوشۇرۇن ھالدا ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالاشقانلىقى بەلگىلىگەن. گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ «ئۇلۇغ داھى» لىق ئورنىنى جىياڭ جيېشى ئىگىلىدى. گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ كۆپلەپ شىنجاڭغا كىرىشى ھەمدە قو- مۇل، ئۈرۈمچى قاتارلىق ستراتېگىيىلىك مۇھىم جايلارنى كونترول قىلى- شى شېڭ شىسەينى ۋەھىمىگە سالدى. تۈركۈملەپ شىنجاڭغا كەلگەن گو- مىنداڭ ئەزالىرى دەسلەپتە خېلى تەمكىن بولدى، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي، باشقىلارغا ھاكاۋۇرلۇق قىلىشقا، كۆرەڭلەشكە، «مەركەز» نى ئارقا تىرەك قىلىپ ئۆزىنى «ئىستىبلاچى» دەپ ھېسابلاشقا باشلىدى، ئۇلار گومىنداڭ- نىڭ يىغىنىدا شېڭ شىسەينى يۈز تۇرانە گومانخور، ئىستىلى دېموكراتىك ئەمەس، دەپ سۆكتى. گومىنداڭنىڭ تۈرلۈك ئىش ـ ھەرىكەتلىرى شېڭ شىسەينىڭ گومىنداڭ مەركىزىدىن پايدىلىنىپ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش خىيالىدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنەتتى، شۇڭا شېڭ

شىسەي ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنىنى شىڭشىڭشىيادىن ئۆتكەندىن كېيىنلا نازارەت ئاستىغا ئالدى. مەسىلەن، ئاتلىق ئەسكەر 5 - جۇننىڭ بىر قىسمىنى ئىلىدىن گۇچۇڭغا يۆتكەپ «مەركەز قوشۇنى»نى نازارەت ئاستىغا ئالدى، 128 - شىنى ئۈرۈمچىدىكى لاۋ مەنچىڭغا كىرىپ ئورۇنلاشقان زاپاس 7 - شىنى نازارەت قىلىشقا يۆتكەپ، باشقىچە ھەرىكەتنى سېزىلسە، لاۋ مەنچىڭنى قورشاپ، ئۇلارنى قورال تاپشۇرغۇزماقچى بولدى. يەنە شىنجاڭغا كېلىپ ئورۇنلاشقان گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ھەربىي ئاشلىقىنى ئۈچ كۈنگىچە يەتمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئوسمان ئالتايدا ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي گومىنداڭ قوشۇنىنى توپىلاڭچىلارنى يوقىتىشقا بۇيرۇپ، ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپنى ئاجىزلاتماقچى بولدى. 1943 - يىلى شېڭ شىسەي ھەربىي قوشۇننى كۆپەيتتى ۋە رەتكە سالدى، شۇ چاغدا شېڭ شىسەينىڭ ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر شىسى، تۆت ئاتلىق ئەسكەرلەر شىسى، بىر توپچى ئەسكەرلەر تۇەنى، بىر ئالاھىدە ئەسكەرلەر تۇەنىدىن باشقا، يەنە بىر ژاندارما (شيەنبىڭ) ئەترىتى، بىر ھەربىي ئاپتوموبىل ئەترىتى؛ ئىلى، قەشقەر، خوتەن، قۇمۇللاردا ئامانلىق ساقلاش چوڭ ئەترەتلىرى، ئاقسۇ، چۆچەكلەردە ئامانلىق ساقلاش ئەترەتلىرى، ئالتايدا چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇل ئەترىتى بار ئىدى، شىنجاڭنىڭ يەرلىك قىسىملىرىدا جەمئىي 28 مىڭدىن كۆپرەك كىشى بولۇپ، بۇ 1934 - يىلى تەرتىپكە سېلىنغان ئەسكەرلەر سانىدىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇق①. شېڭ شىسەي گومىنداڭ ئەزالىرىغا قارىتا ئۆزىگە تارتىش ۋە نازارەت قىلىش ۋاسىتىسىنى قوللاندى. گومىنداڭنىڭ چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلىرىغا خۇشامەتچىلىك قىلىپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى، مەركەزدىن كەلگەن چوڭ ئەمەلدار بولسىلا، ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم كۆرۈشۇپ ئۇنىڭغا نۇرغۇن سوۋغا - سالام بەردى ۋە كۈتۈۋېلىش زىياپىتى ئۆتكۈزدى. مال - دۇنياغا ئالدىنىپ بەزىلەر شېڭ شىسەي تەرەپكە ئېغىپ كەتتى. ئالايلۇق، ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى لىن بويا ئۆزىنى شېڭ

① جۇدۇڭجياۋ: «شېڭ شىسەي شىنجاڭدا»، (2 - قىسىم)، 9 -، 12 - بەتلەر.

شىسەي، چېڭ جەمئىيىتىنىڭ قوينىغا ئېتىپ، ئۆزىنى چېڭ زۇڭجۇننىڭ ئوغلى دېيىشكە رازى بولدى. ئۇ باللار پايرىمىدا ماقالە يېزىپ، شىنجاڭدىكى باللار شېڭ شىسەينى ئۆز ئاتىسى، چېڭ يۈيفاڭنى ئۆز ئانىسى دەپ ھېسابلىشى لازىم دېدى ۋە ماقالىسىنىڭ ئاخىرىغا قەلەم تەۋرەتكۈچى «پەرزەنتىڭلار، دوستىڭلار: لىن بويا» دەپ يازدى، شەكسىزكى، بۇ شېڭ شىسەينى ئاتام، چېڭ يۈيفاڭنى ئانام دېگەنلىك ئىدى، بۇ ئىش گومىنداڭ ئەزالىرىنىڭ قاتتىق مەسخىرىسىگە، مازاق قىلىشىغا ئۇچرىغانىدى. شۇنداقتىمۇ، شېڭ شىسەي يۈزسىزلىك قىلىپ گومىنداڭ ئەزالىرىنى تۇتقۇن قىلغاندا، لىن بويا زىندانغا تاشلىنىشتىن ئامان قالمىدى، شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆز گۆشىنى يېگۈدەك دەرىجىگە يەتتى. شېڭ شىسەي ئالدامچىلىق نەيرىڭىنى ئىشلەتكەندىن باشقا، يەنە ساقچى باشقارمىسى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا ئىشپىيونلۇق تورىنى يېيىپ، گومىنداڭ ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتتى.

1943 - يىلى 2 - ئايدىن 3 - ئايغىچە، لياڭ خەنساۋ بىلەن خۇاڭ رۇجىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭغا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغاندا، جايلاردىكى ساقچى باشقارمىلىرى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بارغان پايلاقچىلار ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى شېڭ شىسەيگە تەپسىلىي مەلۇم قىلىپ تۇردى. گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئالاھىدە خىزمەت خادىملىرى (ئىشپىيونلار - ت) دىن پايدىلىنىپ گومىنداڭ پىرقىسىنى كونترول قىلىش، پىرقىنى ساقچىلار پىرقىسىغا ئايلاندۇرۇش قەستىدە، چۇڭچىڭدىن ئىشپىيونلار كاتىپبېشى لى يىڭچېنى پىرقىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى جاڭ جىجى گومىنداڭ ئەزالىرىنى تېز كۆپەيتمەكچى بولۇپ ناھىيىلەرگە پىرقە قۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن خادىملارنىڭ بىۋاستە ئەزا قوبۇل قىلىشىنى تەشەببۇس قىلدى، شېڭ شىسەي بولسا، ئەزا قوبۇل قىلىشتا ئالدى بىلەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى نامزات كۆرسىتىشنى، ئاندىن ئۆلكىلىك پىرقە تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى، گومىنداڭ ئەزالىرى خېلى كۆپەيگەندىن كېيىن ناھىيىلىك

پىرقە قورۇشقا تەييارلىق كۆرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ئەمەلىيەتتە گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ تېز راۋاج تېپىشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىق ئىدى. شىنجاڭنىڭ پىرقە خىزمىتىدە «رادىكال» دەپ ئاتىلىپ چىققان جاڭ جىجۇڭ شېڭ شىسەينىڭ چارىسىنى «ساقچى دۆلىتى» ئۇسۇلى دەپ ئەيىبلەپ، «بۇ گومىنداڭ ئەزالىرىنى قوبۇل قىلىش ئەمەس، بەلكى ساقچىلارنى قوبۇل قىلغانلىق» دېدى. شېڭ شىسەيمۇ بوش كەلمەي، جاڭ جىجۇڭنىڭ سۆزىگە «سىياسىي خاتالىق» دەپ رەددىيە بەردى. ھەر ئىككىسى سۆز بىلەن ئۆتتەك زادىلا چىقىشالمىدى. بۇنىڭدىن باشقا شېڭ شىسەي يەنە چۇڭچىڭغا كۇرسانت ئەۋەتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، چۇڭچىڭدا گومىنداڭ دائىرىلىرىگە ئائىت ئاخباراتلارنى توپلىدى. مەركەزنىڭ تەپتىش ئورگىنى شىنجاڭدا تەپتىش ئەلچىسى مەھكىمىسى تەسىس قىلغان بولسىمۇ، تەپتىش ئەلچىسى لو جيالۇننىڭ سىياسىي ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈش ھوقۇقى يوق ئىدى، ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە نەزمە يېزىش، «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نى ئوقۇش بىلەن بەند ئىدى. شۇڭا، شېڭ شىسەي بىلەن جياڭ جيېشى ئوتتۇرىسىدىكى ئاشكارا، يوشۇرۇن كۈرەش ئىزچىل تۈردە كەسكىن داۋام قىلدى. ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ ھوقۇق تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن كاززاپ شېڭ شىسەي ئۆز ھوقۇقىنىڭ قولدىن كېتىۋاتقانلىقىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايتتى، ئۇ ھەر ۋاقىت يۈزسىزلىك قىلىپ گومىنداڭغا تاقابىل تۇرۇش كويىدا ئىدى.

1943 - يىل 10 - ئايدا، شېڭ شىسەي چۇڭچىڭغا بېرىپ گومىنداڭنىڭ 5 - نۆۋەتلىك 11 - ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گومىنداڭ سىياسىي جەھەتتە چىرىكلىشىپتۇ، پارتىيە ئىچىدە مەزھەپ كۈرىشى ئېغىرلىشىپتۇ، ئاساسى تەۋرەپ قاپتۇ، دەپ ھېسابلاپ، چۇڭچىڭغا قارىتا پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە تەرەددۇت قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت سېلىۋاتقان گومىنداڭ كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرالىغۇدەكمەن دېگەن ئىشەنچىگە كەلدى. 1944 - يىلى، دۇنيادىكى فاشىزمغا قارشى لاگېر قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلغان، ئەنگلىيە - ئامېرىكا بىرلەشمە ئارمىيىسى فرانسىيىنىڭ شىمالىدىكى نورماندىيىدە قورۇق-

لۇقتا چىقىپ 2 - ئۇرۇش سېپىنى ئاچقان، سوۋېت ئارمىيىسى گېرمانىيە قوشۇنىنى ئۆز دۆلىتىدىن تامامەن قوغلاپ چىقىرىپ گېرمان فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. شۇ يىلى، 8 - ئارمىيە، يېڭى 4 - ئارمىيە ۋە خۇانەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كالونىسى ئورتاق دۈشمەن بىلەن 20 مىڭ قېتىمدىن كۆپرەك جەڭ قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرى ۋە قورچاق قوشۇنىنىڭ 260 مىڭدىن ئارتۇقراق ئادىمىنى يوقاتقان ۋە يارىدار قىلغان، 80 مىڭ كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك دۆلەت زېمىنىنى قايتۇرۇۋالغانىدى. گومىنداڭ قوشۇنى بولسا، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ يېڭى ھۇجۇمىدا، خېنەن، خۇنەن، گۇاڭشى ئۈچ ئۆلكىدە بىتچىت قىلىنىپ جەمئىي 50 ـ 60 مىڭ ئەسكىرىدىن ئايرىلغان، خېنەن، خۇنەن، گۇاڭشى، خۇبېي، فۇجيەن قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ كۆپ قىسمىدىن ۋە گۇيجۇنىڭ بىر قىسمىدىن ۋاز كەچكەن، گۇيياڭ، چۇڭچىڭلار ساراسىمىگە چۈشكەنىدى. شىڭ شىسەينىڭ قارىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئېھتىمال تايىنىدىغان كۈچ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى؛ گومىنداڭ بولسا زەئىپلىشىپ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ شىڭ شىسەي بىلەن جياڭ جيېشى ئوتتۇرىسىدىكى ئەسلىدىن بار يوشۇرۇن كۈرەش تەدرىجىي ئاشكارىلاندى. شىڭ شىسەي يەنە بىر قېتىم سىياسىي كاززاپلىق قىلىش ئۈچۈن، ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىش ھۈنىرىنى قايتا كۆرسىتىپ يېڭى سۇيىقەستلىك تۇپىلاڭ ئەنزىسىنى توقۇپ چىقتى.

1944 - يىل 3 - ئايدىن باشلاپ، باشقىلاردا بىراۋ ئۇنى قەتل قىلماقچى بولغان ئوخشايدۇ، دېگەن خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىش ئۈچۈن، شىڭ شىسەي سىرتلارغا ناھايىتى ئاز چىقىدىغان بولۇپ قالدى. 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، شىڭ شىسەي خەنجىرىنى قېنىدىن سۇغۇرۇپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇ شاۋلى، مائارىپ نازىرى چېڭ دۇڭبەي، ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى خې گىڭگۇاڭ، شىنجاڭ گېزىتىنىڭ باشلىقى سۇڭ نيەنسى ۋە مۇئاۋىن باشلىقى لاڭ داۋخىڭ، شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ نەيجۇڭ، ئىلى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەپتىش ۋالىيىسى شۈي بودا، جۇڭگو قاتناش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى گو شىلياڭ قاتارلىق

ئون نەچچە كىشىنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى، ئۇلارغا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى قوبۇل قىلدى، دېگەن جىنايەت ئارتىلدى بولۇپمۇ چېڭ دۇڭبەي، خې گىڭگۇاڭ، سۇڭ نيەنسى ئۇچەيلەنگە چۇڭچىڭدا تەربىيىلىنىۋاتقان چاغدا جۇئېنلەي بىلەن كۆرۈشتى، شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا كەلگەن خادىملىرى بىلەن شېڭ شىسەيگە قارشى تەشكىلات قۇرۇپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈپ هازىرقى هاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى قوبۇل قىلدى ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكىنى ئالدى دېگەن تۆھمەت چاپلاندى. ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى قوبۇل قىلدى دېگەن سۆزلەر پۈتۈنلەي يوق يەردىن پۇتاق چىقارغانلىق ئىدى. كېيىن چېڭ دۇڭبەي قاتارلىقلار 1943 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئوقۇش پۈتتۈرگەنلىكى، جۇئېنلەي بولسا 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۇڭچىڭدىن شەنشىگە قايتقانلىقى ئېنىقلاندى. چېڭ دۇڭبەي قاتارلىقلار چۇڭچىڭدا تەربىيىلىنىۋاتقاندا شېڭ شىسەينىڭ ئىلكىدىن قۇتۇلۇپ باشقا چىقىش يولى تاپماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ساۋاقداشلىرىغا، يۇرتداشلىرىغا تىغ كۆتۈرگەنىدى. شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىغا قارشى تۇرۇش قارارىغا كەلگەنىكەن، ئالدى بىلەن ئۇلارنى تازىلىشى كېرەك ئىدى.

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي يەنە مائارىپ نازىرى چېڭ دۇڭبەي رەھبەرلىك قىلغان «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ»غا قاتناشتى دېگەن جىنايەت بىلەن ئۈرۈمچىدىكى مائارىپ ساھەسىدىكى زاتلار ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن 150 نەچچە كىشىنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 14 ـ 15 ياشلىق ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بار ئىدى.

8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تۈن كېچىدە، شېڭ شىسەي گومىنداڭغا رەسمىي قىلىچ ئۇردى. شۇ كۈنى كېچىسى جىددىي يىغىن چاقىرىش نامى بىلەن ساقچى باشقارمىسى گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قوشۇمچە پىرقە باشلىقى خۇاڭ رۇجىن، تەمىرات نازىرى لىن

جېيۇڭ، ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى تۇڭ شىچۈەن ۋە جاڭ جىجې، قاتناش مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭ تۇشۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گو گېڭيې، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە خادىمى مەھكىمىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دىڭ ۋېيسى، ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى لىن بويا قاتارلىقلار بىر - بىرلەپ قولغا ئېلىندى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 100 نەچچە كىشى تۇتقۇن قىلىنغاچقا، ئۆلكىلىك پىرقە ئەمەلىيەتتە پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شېڭ شىسەي يەنە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ شتاب باشلىقى ۋاڭ خۇڭساۋنى لو جيالۇننىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، خۇاڭ رۇجىن، لىن جىيۇڭ قاتارلىقلارنى كوممۇنىست، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار، دېدى. ئارقىدىن يەنە 128 - شىنىڭ شىجاڭى ليۇ جىڭشىن، ۋاقىتلىق 3 - شىنىڭ شىجاڭى تاڭ جىچۈەن، ئاتلىق ئەسكەر 11 شىنىڭ شىجاڭى ۋۇ شىجى، ئاتلىق ئەسكەر 1 - شىنىڭ شىجاڭى چۇي يىڭچۈن قاتارلىقلارنى قولغا ئالدى. بۇ قېتىمقى ئەنزىنىڭ ئاساسىي رولچىلىرى خۇاڭ رۇجىن، لىن جىيۇڭ ئىككىسى بولغاچقا، بۇ ئەنزە «خۇاڭ رۇجىن، لىن جىيۇڭ ئەنزىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

«11 - ئاۋغۇست ئەنزىسى» توغرىسىدا مۇنداق دەپ سۆز - چۆچەك توقۇلغان: خۇاڭ رۇجىن، لىن جىيۇڭ قاتارلىقلار گومىنداڭغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان كوممۇنىستلار، ئەۋەتىلگەن خادىملار سېپىگە قوشۇلۇۋېلىپ شىنجاڭغا كەلگەن، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن. توپىلاڭنىڭ باشلىقى لياڭ خەنساۋ، ئۇ ئۈرۈمچىدىكى چېغىدا سوۋېت كونسۇلخانىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن، توپىلاڭغا سوۋېت كونسۇلخانىسى رەھبەرلىك قىلغان، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ پەۋقۇلئاددە خادىمى مەھكىمىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دىڭ ۋېيسى ئالاقىلىشىشقا، خۇاڭ رۇجىن، لىن جىيۇڭلار قوماندانلىق قىلىشقا، جاڭ جىجې، لىن بويا، تۇڭ شىچۈەن قاتارلىقلار تەشكىلىي خىزمەتكە، چېڭ دۇڭبەي ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئالاقە باغلاشقا مەسئۇل، باسما زاۋۇتىنىڭ باشلىقى چى خۇاچىڭ

خىراجەت بىلەن تەمىنلىمەكچى (بۇ زاۋۇتتا قەغەز پۇل بېسىلاتتى) بولغان ھەمدە 128 - شىنىڭ شىجاڭى ليۇ جىڭشىن شىنجاڭنىڭ قوشۇنى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى خادىملىرى (قولغا ئېلىنىدىغانلارنىڭ ھەممىسى كوممۇنىست) نى تايانچ قىلىپ، يەرلىك زاتلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى بىراقلا ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولغان①.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شېڭ شىسەي ئەنزە ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ جياڭ جيېشىغا ئىككى پارچە تېلېگرامما سالدى؛ ئارقىدىن ستالىنغا خەت يېزىپ، يەنە بىر قېتىم سىياسىي جەھەتتە نەيرەڭ ئىشلىتىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلاشماقچى بولدى. بىر ئەنزە توغرىسىدا جياڭ جيېشىغا يوللىغان مەلۇماتىدا قولغا ئېلىنغانلار «كوممۇنىستلار» دېيىلگەن بولسا، ستالىنغا يوللىغان مەلۇماتىدا ياپونىيىنىڭ جاسۇسلىرى، كۆك كېيىملىكلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرى دېيىلدى. جياڭ جيېشى ئۆزىگە سادىق بىر تۈركۈم مۇرىتلىرىنىڭ كوممۇنىست ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى، ئەلۋەتتە. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ شېڭ شىسەينىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئېنىق كۆرۈۋالغاچقا، ئۇنىڭ خېتىنى چۇڭچىڭغا يوللاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ سۇيىقەستى تەلتۆكۈس ئاشكارىلىنىپ قالدى، جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينىڭ گومىنداڭنىڭ كۈچلىرىنى تازىلىۋېتىشكە ھەرگىز سۈكۈت قىلالمايتتى، شۇڭا ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شېڭ شىسەينى بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا كەلدى. 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، جياڭ جيېشى ۋۇ جۇڭشىن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا: شېڭ شىسەي پات ئارىدا خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىدۇ، ئورنىغا سىز بارسىڭىز، دېدى. 13 - كۈنى، جياڭ جيېشى چۇڭچىڭنىڭ شەرق تەرىپىدىكى خۇاڭشەن تېغىدا جۇ شاۋلياڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئوچاقنىڭ ئوتىنى تارتىپ قازاننىڭ قاينىشىنى توختىتىش ئۇسۇلى بويىچە ھەل قىلىشنى قارار قىلدى. 16 - كۈنى، جۇ شاۋلياڭ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، گومىنداڭ

---

① لى فەنجۇن: «شېڭ شىسەينىڭ 1944 - يىلى شىنجاڭدا ئاخىرقى قېتىم تۇتقۇن قىلىشى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 46 - سان، 283 -، 284 - بەتلەر.

مەركىزىگە ۋاكالىتەن شىڭ شىسەيىنىڭ جۇڭچىڭغا بېرىپ دېھقانچىلىق،
ئورمانچىلىق مىنىستىرى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋا-
قىتتا، گومىنداڭ قوشۇنى شىڭ شىسەيىنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشىدىن پەخەس
بولۇپ تەييارلىقنى ياخشى قىلدى، بىرمۇنچە ئايروپىلان جىيۇچۈەندە تەق
تۇردى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، شىڭ شىسەي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز
ئىكەنلىكىنى، جياڭ جېيشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىتائەت قىلماقتىن
باشقا چارە قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ خىزمەتتىن ئىستېپا سورىدى.
21 - كۈنى، جۇ شاۋلياڭ بىلەن لوجيا لۇن بىر ئايروپىلاندا جۇڭچىڭغا
قايتىپ بۇيرۇق كۈتتى. 29 - كۈنى، گومىنجېڭفۇ ھۆكۈمىتى مۇنداق دەپ
بۇيرۇق چۈشۈردى: شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى،
رەئىسى قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شىڭ شىسەيىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسى
ۋە قوشۇمچە ۋەزىپىلىرىدىن ئىستېپا سوراپ سەممىيلىك بىلەن يازغان
ئىلتىماسى تەستىقلاندى؛ شىنجاڭ ئۆلكىلىك چېگرا مۇداپىئە مەھكىمىسى
ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى قىسىملارنى ھەر-
بىي ئىشلار كومىتېتى بىۋاسىتە باشقۇرىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇرۇن دۇبەن
مەھكىمىسى بېجىرىپ كەلگەن ئىشلارنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىقنى
ساقلاش قوماندانلىق شتابى بېجىرىدۇ. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مىنىس-
تىرى شىن خۇڭلېي باشقا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن خىزمىتىدىن
ئىستېپا بېرىدۇ، ئورنىغا شىڭ شىسەي مىنىستىرلىققا تەيىنلەندى؛ ۋۇ
جۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا، قوشۇمچە
ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى؛ ۋۇ جۇڭشىن ۋەزىپە تاپشۇرۇشتىن
بۇرۇن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى جۇ شاۋلياڭ ۋاقىتىنچە ۋاكالىتەن ئۆتەپ
تۇرىدۇ. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» بۇ مۇھىم خەۋەرنى
چوڭ خەت بىلەن ئېلان قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۈرۈمچى شەھىرى
ھاياجانغا چۆمدى، كىشىلەر بۇ خەۋەرنى بىر - بىرىگە يەتكۈزۈپ تەنتەنە
قىلىشتى، ھەر كۈنى مىڭدىن ئارتۇق كىشى ساقچى باشقارمىسىنىڭ دەرۋا-
زىسى ئالدىغا بېرىپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ قويۇپ
بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى. 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، شىنجاڭغا 11 يىل

**بەش ئاي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مۇستەبىت شىڭ شىسەي خەلقنىڭ كۈچلۈك غەزەپ ساداسى ئىچىدە، نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش، ئېرىغ ماللارنى يىغىش-تۇرۇپ، ئايروپىلان بىلەن چۆگچەكگا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەي-نىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتى.**

# توققۇزىنچى باب

# گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى

## 1 - بۆلۈم جۇ شاۋلياڭ شىنجاڭغا كېلىشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتى

شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كېتىپ ۋۇ جۇڭشىن ھاكىمىيەت باشقۇرغۇچە، 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ شىنجاڭنىڭ مۇۋەققەت ئۆلكە رەئىسلىكىنى «ۋاقىتىنچە» ئۆتەپ تۇردى، بۇ ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ ۋاقتى ناھايىتى قىسقا يەنى 1944 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ئاران بىر ئاي ئۈچ كۈن داۋاملاشتى.

جۇ شاۋلياڭ تەخەللۇسى يىمىن، 1934 - يىلى غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى سالاھىيىتى بىلەن گەنسۇنى باشقۇرغاندا، «پاك، ئادىل، كۆيۈمچان، تېجەشلىك بولۇش» نى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش مىزانى قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، جاڭ شۆلياڭ يۈي شۆجۇڭنى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا نامزات كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن جۇ شاۋلياڭ ھەربىي ئىشلارنى باشقۇردى. 1938 - يىلى، جۇ شاۋلياڭ يەنە 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى،

قوشۇمچە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى، گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ مۇدىرى سالاھىيىتى بىلەن «غەربىي ئىشلار مەركەز، تېجەشلىك بولۇش بىرىنچى» دېگەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «تىنچ شارائىتتا ئىلگىرىلەش» نى تەشەببۇس قىلدى. بۇ خىل تەشەببۇس ئۇ شىنجاڭنىڭ خىزمىتىنى قوشۇمچە باشقۇرغان چاغدىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 1940 - يىلى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، گۇ جېڭلۇن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ غەربىي ئىشلار مەمۇرىي ئىشلارنى ئايرىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن جۇ شاۋلياڭ پەقەت گۇ جېڭلۇننىڭ 8 - ئۇرۇش رايونى قوماندانى بولۇپ قېلىپ مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرمايدىغان بولدى. جۇ شاۋلياڭ بىلەن گۇ جېڭلۇن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈچىيىپ، ئۆز ئارا ھەمكارلاشمايدىغان، ھەتتا بىرى بارغان يىغىلىشقا يەنە بىرى بارمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. 1942 - يىلدىن باشلاپ، جۇ شاۋلياڭ بۇيرۇققا بىنائەن بىر نەچچە قېتىم شىنجاڭغا بېرىپ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىشى ئۈچۈن راسا كەتمەن چاپقانلىقتىن، گومىنجېڭفۇ ھۆكۈمىتى ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭغا بېرىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى ۋاقىتىنچە باشقۇرۇپ تۇرۇشىنى قارار قىلدى.

جۇ شاۋلياڭ تەختكە چىقىپلا بەزى دەبدەبىلىك شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە رام قىلىش تەدبىرىنى قوللاندى. 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، جۇ شاۋلياڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى قىسىملارغا، ۋالىيلارغا ۋە ئۇلار ئارقىلىق ھاكىملارغا، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرىغا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش فاڭجېنىنى ئېلان قىلدى: «پېقىر باش قوماندان ۋە ئۆلكىنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنداق دەپ كۆرسىتىپ بېرىمەنكى، ھەربىيلەر بىلەن خەلقنى ئايرىپ باشقۇرۇشقا تەييارلىنىش، قانۇنىي كىشىلەرنىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، سەممىي، ۋاپادار بولۇپ، تىنچ شارائىتتا ئىلگىرىلەش، ئاقىللارنى تاللاپ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىش، خادىملارنىڭ دەرىجىسىنى نەتىجىسىگە قاراپ ئۆستۈرۈش كېرەك». ئۇ يەنە

باشقىلارغا مۇنداق دېگەن: «مەن ھېلىمۇ چېگرا رايونىنى ئوڭشاش، تىنچ شارائىتتا ئىلگىرىلەش كېرەك دېگەن ئەقىدەمدە چىڭ تۇرىمەن. مەن كۆپچىلىكنىڭ مېنىڭ قارىشىمنى كونا ئەقىدە دەپ ھېس قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن، لېكىن شۇنى بىلىش كېرەككى، ھازىر جۇڭگو بولۇپمۇ چېگرا رايوندا بىر ئۆتكۈنچى دەۋر بولماي مۇمكىن ئەمەس. ئۆتكۈنچى دەۋردە ئۆتكۈنچى دەۋر چارىسىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ[1]».

مىنگودىن بۇيان، شىنجاڭدا ئىزچىل تۈردە ھەربىي ئىشلار بىلەن مەمۇرىي ئىشلارنى بىرلىكتە باشقۇرۇش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقى بىر كىشىنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەنىدى. ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى قوشۇمچە دۇجۈن (باش سەركەردە) ئىدى، 1928 - يىلى ئۇ ئۆزىنى يەنە باش قوماندان دەپ ئاتىدى. جىن شۇرېن دەۋرىدە، ئۇمۇ ئۆلكە باشلىقى قوشۇمچە دۇبەن بولدى. شېڭ شىسەي تەختكە چىققان چاغدا، ھەربىيلەر بىلەن خەلق ئايرىپ باشقۇرۇلىدۇ، ھەربىيلەر مەمۇرىي ئىشلارغا قەتئىي ئارىلاشمايدۇ، دەپ ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلكە رەئىسى ليۇ ۋېنلۇڭ تۈرمىگە تاشلاندى، جۇ رۇيچى، لى رۇڭلار ئىلگىرى - كېيىن رەئىس بولدى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە شېڭ شىسەي مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ پەرداز بۇيۇملىرى ئىدى، خالاس. 1940 - يىل 3 - ئايدا لى رۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھەم دۇبەن، ھەم رەئىس بولدى. جۇ شاۋلياڭنىڭ شۇ چاغدا ھەربىيلەر بىلەن خەلقنى ئايرىپ باشقۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى ئاساسىي مەقسىتى - ھەربىي قوشۇننى كونترول قىلىش، ئۇلارنى پۈتۈنلەي گومىنداڭنىڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىدى، شۇڭا جۇ شاۋلياڭ ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەتنى باشقۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، بۇ مەھكىمىنىڭ ئىشىنى ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شىتابى ئۆتكۈزۈۋالدى. دېمەك، ھەربىي رەھبەر-

① «جۇ شاۋلياڭدىن گۇ جېڭلۇڭچە»، «ئىنزىمر»، 1 - توم، 10 - سان، 10 - بەت.

لىك ھوقۇقىمۇ پۈتۈنلەي گومىنداڭ مەركىزىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆلكە رەئىسى قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش قوماندانى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەرلىكنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولدى، خالاس. جۇ شاۋلياڭ شۇ چاغدا بىرىنچىدىن ئاممىنى ئالداپ، خەلقتە گومىنداڭ شىبېڭ شىسەيگە ئوخشاشمايدىكەن، ھەربىي - مەمۇرىي مۇستەبىتلىكنى يولغا قويمايدىكەن، دېگەن ساختا تەسىرات پەيدا قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، ھەربىي ھوقۇقنى گومىنداڭ مەركىزىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇزۇندىن بۇيان ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھەربىيلەر بىلەن خەلقنى ئايرىپ باشقۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. شۇ چاغدا كېيىنكى بىر سەۋەب تېخىمۇ تەخىرسىز بولۇپ قالغانىدى، چۈنكى شىمالىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ قوراللىق كۆرىشى پارتىلىغان بولۇپ، ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ باستۇرۇشقا موھتاج ئىدى.

ئاتالمىش قانۇنىي كىشىلەرنىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش دېگەنمۇ جۇ شاۋلياڭ كىشىلەر قەلبىنى ئۆزىگە رام قىلىش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان شوئار ئىدى. ئۇ شىبېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان بەزى گومىنداڭ ئەزالىرىنى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن باشقا ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى نوپۇزلۇق كىشىلەرنى قويۇپ بېرىش ئارقىلىق خەلقنىڭ قەلبىنى مايىل قىلماقچى بولدى. جۇ شاۋلياڭ كاپالەتلىك قىلىنىدىغان كىشىلىك ھوقۇق «قانۇنىي» كىشىلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ئۇ دەۋاتقان «قانۇن» گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ فېئودال، كومپىرادور، فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدايدىغان قانۇن ئىدى، ئەلۋەتتە. كىمكى بۇ «قانۇن» دىن ئازراق نارازى بولسا ياكى ئۇنىڭغا بىر ئاز قارشى چىقسا، ئۇ تەتۈر يول تۇتقان ھېسابلىنىپ قوغدىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى «قانۇن» بويىچە ئەدىبىنى يەيتتى، شۇڭا ئۇ «قانۇنسىز كىشىلەر قوغدالمايدۇ» دېدى. جۇ شاۋلياڭنىڭ نەزىرىدە، شىبېڭ شىسەي تەرىپىدىن قانۇنسىز ھالدا قولغا ئېلىنغان نۇرغۇن جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەش قىلغان ھەر مىللەت ئىلغار زاتلىرى ۋە ئىنقىلابچىلارنىڭ

ھەممىسى «مالىمانچى جىنايەتكارلار» ئىدى، شۇڭا ئۇلارمۇ «قوغدىلىدىغان-
لار» قاتارىغا كىرمەيتتى، ئەلۋەتتە.

ئاتالمىش «ئاقىللارنى تاللاپ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىش، خادىملارنىڭ دەرىجىسىنى نەتىجىسىگە قاراپ ئۆستۈرۈش» - ماھىيەتتە شېڭ شىسەينىڭ بىر تۈركۈم يېقىنلىرىنى ۋە بەزى كادىرلارنى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلىرىنى، كادىرلىرىنى ۋە يېقىنلىرىنى دەسسىتىش دېگەنلىك ئىدى. شېڭ شىسەي دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرى بولغاندىن كېيىن، دەرەخ يىقىلسا مايمۇنلار توزۇپ كېتىپتۇ دېگەندەك ئۇنىڭ يېقىنلىرى، تايانچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى شاللىنىۋېتىلدى، ئۇلار ئاخىر شىنجاڭدىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى. گومىنداڭنىڭ جۇڭتۇڭ (جۇڭگو گومىنداڭ مەركىزىي ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈش - ستاتىستىكىلاش مەھكىمىسى - ت) ، جۈنتۇڭ (گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېت ھەربىي ئىشلارنى تەكشۈرۈپ ستاتىستىكىلاش ئىدارىسى دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى - ت) نىڭ ئىشپىيونلىرىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا كېلىپ تەشكىلات قۇردى. جۇ شاۋلياڭ 1944 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭغا كەلگەندە جۈنتۇڭنىڭ ئىشپىيونلىرى خۇگوجېن، ليۇ خەندۇڭ قاتارلىقلارنى بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. شېڭ شىسەي دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەنگەنلىك بۇيرۇقى ئېلان قىلىنغان ھامان، جۇ شاۋلياڭ ساقچى باشقارمىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، خۇگوجېننى لى يىڭچىننىڭ ئورنىغا باشقارما باشلىقى، قوشۇمچە مەركەز ساقچى مەكتىپى 3 - شۆبىسىنىڭ مۇدىرى، ليۇ خەندۇڭنى ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلدى؛ ساقچى باشقارمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كادىرلارنى ئالماشتۇردى، مۇھىم تارماقلارنى خۇگوجېننىڭ يېقىنلىرى - جۈنتۇڭ ئىشپىيونلىرى ئىگىلىدى ھەمدە شېڭ شىسەينىڭ بەزى ئىشپىيونلىرىنىمۇ ئىشقا سالدى. شۇنداق قىلىپ، جۈنتۇڭ ئىدارىسى شىنجاڭدا «شىنجاڭ پونكىتى» قۇردى، خۇگوجېن پونكىت باشلىقى بولدى، ئۇلارنىڭ كۈچى ئۈرۈمچىدىن پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالدى. جۇڭتۇڭ ئىشپىيونلىرى جۈنتۇڭ ئىشپىيونلىرىدىن كې-

يىنىرەك شىنجاڭغا كىردى، ئۇلارنىڭ مەسئۇللىرى شېي يۈگسۈن، ياڭ ۋېي قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. ئۇلار قۇرغان تەشكىلات «ھەربىي ئىشلار كومىتېتى شىنجاڭدا تۈرلۈك جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ - ئېنىقلاشقا ئەۋەتكەن ئۆمەك» بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، «ئاقىللارنى تاللاپ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىش» جۇ شاۋلياڭنىڭ زور تۈركۈم قولچوماقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان چىرايلىق شوئارى ئىدى، خالاس.

جۇ شاۋلياڭنىڭ ئاممىنى ئالدايدىغان بىر يۈرۈش تەدبىرلىرى خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ھەرگىز توسۇۋالالمىدى. 1944 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، شىنجاڭدا ئىنقىلابنىڭ شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن، شېڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەن، جۇ شاۋلياڭ بىلەن ۋۇجوڭشىن شىنجاڭدا ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەپ بولالمىغان چاغدا، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مىسلىسىز ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ئاخىر پارتلىغانىدى.

1944 - يىلى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتتە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە پايدىلىق ئۆزگىرىش بولدى. خەلقئارادا، گېرمانىيە فاشىستلىرى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولۇش پەيتىگە يېتىپ باردى، دۇنيا خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى كۈرىشى ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى گېرمانىيىنىڭ فاشىست قوشۇنىنى ئۆز دۆلىتىدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىپلا قالماي، شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىنىمۇ ئازاد قىلىپ 9 - ئايدا گېرمانىيە زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. غەربىي ياۋروپا تەرەپتە، ئەنگلىيە - ئامېرىكا قوشۇنى فرانسىيىنىڭ شىمالىدىكى نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىپ 2 - ئۇرۇش سېپىنى ئاچتى، 8 - ئايدا، فرانسىيە پايتەختى ئازادكارلار تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىندى. شەرق تەرەپتە، ياپون فاشىستلىرى تىنچ ئوكياندا كەينى - كەينىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاچقا، دۇڭتياۋ كابىنېتى ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. مەملىكەت ئىچىدە، ئازاد رايونلاردىكى

جەڭ مەيدانلىرىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قىسمەن قايتۇرما ھۇجۇم باشلاندى،
شىمالىي جۇڭگو (خۇابېي) ، ئوتتۇرا جۇڭگو (خۇاجۇڭ) ، جەنۇبىي جۇڭگو
(خۇانەن) دىكى ھەر قايسى ئازاد رايونلارنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدا زور غەلىبە
قولغا كەلدى، تەڭ دۆلەت زېمىنى قايتۇرۇۋېلىندى، گومىنداڭ بولسا جەڭ
مەيدانلىرىدا قاتتىق مەغلۇپ بولدى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايون-
لاردا ھەربىي جەھەتتە مەغلۇبىيەت، سىياسىي جەھەتتىكى چىرىكلىك،
ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ۋەيرانچىلىق سەۋەبىدىن خەلق ئاممىسىدا تاقەت
قالمىدى، ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشى، دېھقانلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى، ئو-
قۇغۇچىلارنىڭ دەرس تاشلىشى جۇش ئۇرۇپ قانات يايدى. شۇنىڭ بىلەن
گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئېغىر كرىزىسكە دۇچ كەلدى. مەملىكەت
ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۇ خىل پايدىلىق ۋەزىيەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە ناھايىتى زور ئىلھام بەردى.

شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىدىن تەھلىل قىلساق، ئىنقىلابىي ھە-
رىكەتنىڭ پارتلىشى شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ يۈرگۈزگەن ئەكسىيەتچى
ھۆكۈمرانلىقنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز. يۇقى-
رىدا ئېيتقىنىمىزدەك، شېڭ شىسەي ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى
دەۋرىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى ئىستىبدات - تېررور-
لۇق سىياسىتىنى يۈرگۈزدى، بىر نەچچە قېتىم «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ
ئەنزىسى» نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ھەممە جاينى تۈرمىگە ئايلاندۇردى،
نۇرغۇن كىشىنى خانىۋەيران قىلدى، مال - مۈلكىدىن ئايرىدى، ئۇ-
رۇق - تۇغقانلىرىدىن ئايرىدى؛ سىياسىي داۋالغۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى
خارابلاشتۇردى، مال باھاسىنى ئۆرلەتتى، خەلقنى جەبىر - جاپاغا
قويدى. بۇنداق ئىستىبدات تېررورلۇق سىياسەت ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋال
جەمئىيەتنىڭ ھەممە تەرىپىگە تەسىر كۆرسەتتى، ھەر مىللەت خەلقى قاتتىق
ۋەھىمە ۋە ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالدى. شۇڭا، خەلقنىڭ قارشىلىق كۈچى
قوزغالدى. 40 - يىللارنىڭ بېشىدىكى ئالتاي قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ
قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كرىزىسى-
نىڭ باشلانغانلىقى ئىدى. شېڭ شىسەي 1940 - يىلى «سۇيىقەستلىك

توپىلاڭ ئەنزىسى» نى ئويدۇرۇپ چىققان چاغدىلا، ئالتايدىكى چارۋىچىلار شېڭ شىسەيىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زۇلمىغا تاقەت قىلالماي، قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتكەنىدى. شىنجاڭدا 40 - يىللاردا يۈز بەرگەن ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈرەش ئالدى بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي رايونىدا پارتلىدى.

ئالتاي قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ قوراللىق كۈرىشىگە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ زوراۋان ھۆكۈمرانلىقى بىۋاسىتە سەۋەب بولدى. باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، شېڭ شىسەي ئىشپىيونلارغا تايىنىپ ھۆكۈمرانلىقنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ ھوقۇقى چوڭ ئىدى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى ئەمەلىيەتتە شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنى ئىلكىدە تۇتاتتى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى ئۆزى باشقۇرىدىغان رايون تەۋەسىدە خالىغىنىنى قىلاتتى، پۇقرالارنى ئاتنى تاپاتتى، ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خادىملارنى مەنسىتمەيتتى، ئۇلارنىڭ نەزەرىدىن ھەرقانداق ئىش ساقىت بولمايتتى. كىشىلەر ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا غەزەپلەنسىمۇ لام - جىم دېيىشكە پېتىنالمايتتى. لېكىن، ھەرقانداق تاقەتنىڭ چېكى بولىدۇ، كىشىلەر يۇقىرى بېسىم ھۆكۈمرانلىققا تاقەت قىلالمىغاندا، ھامان قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. 1937 - يىلدىكى «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» دە، بۇ ئەنزىگە قازاقلاردىن دەسلەپتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەمىرات نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بايان موللا چېتىلىپ قولغا ئېلىنىدى، ئارقىدىن قازاقلارنىڭ ئالتايدىكى باشلىقلىرى قولغا ئېلىنىدى. 1938 - يىل 2 - ئايدا، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئالتايدا ئىككى ئىدارىنىڭ خەنزۇ باشلىقىنى، بەش قازاق زىيالىيىنى ۋە بىر ئۇرۇسنى؛ 8 - ئايدا يەنە ئالتاي ۋالىيى مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى مەنكەي (بۇقات بەيسىنىڭ تاغىسى) قاتارلىق 30 نەچچە كىشىنى قولغا ئالدى. ئۆلكىلىك مەھكىمە بىلەن دۇبەن مەھكىمىسى ئېلان چاپلاپ، پۈتۈن شىنجاڭغا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئۇلارغا ياپون باسقۇنچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ غالچىلىرى ۋە تروتسكىيچى باندىتلار، خائىنلار، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىغا

ماسلىشىشقا ئۇرۇنغان، قولغا ئېلىنغان شېرىكلىرىنى قۇتقۇزماقچى بولغان
دېگەن بەتناملار چاپلاندى. ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى،
پەرلىك باي سودىگەر ھەسەننىڭ ئۆي - ۋاقى مۇسادىرە قىلىنىپ ۋىلايەتلىك
جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قىلىندى. جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىم-
لىرى ھەر ۋاقىت بىر - بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشۈپ تۇردى ۋە ئۆزلىرى
گۇمانلىق دەپ ھېسابلىغان كىشىلەرنى قولغا ئالدى. بۇ چارۋىچىلار ئارىسى-
دا زور ۋەھىمە پەيدا قىلدى، ئۇلار يۈزلەپ، مىڭلاپ توپ بولۇپ، نۇرغۇن
چارۋىلارنى ھەيدەپ بارىكۆل، گەنسۇ تەرەپلەرگە قاچتى. شېڭ شىسەي
ھۆكۈمىتى چارۋىچىلارنىڭ قېچىش سەۋەبىنى يۇقىرى بېسىم ھۆكۈمرانلىق-
تىن ئىزدىمەي، ئەكسىچە قېچىشقا مەجبۇر بولغان چارۋىچىلارغا «ۋەتىنىگە
قارشى چىقىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپكە بۇزغۇنچىلىق
قىلدى، خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان ئالتە بۈيۈك سىياسەت ھاكىمىيى-
تىنى ئاغدۇرماقچى بولدى، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى ساتقان خائىن،
ۋەتەن ساتقۇچلارغا ئايلاندى①» دەپ بۆھتان قىلدى. بۇ ھۆكۈمەت بىلەن
چارۋىچىلارنىڭ زىددىيىتىنى يەنىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. 1939 - يىلى
يەنە مالاق ئەنزىسى يۈز بېرىپ، ئالتايدىكى قازاقلارنىڭ باشلىقلىرى ۋە
چارۋىچىلار بالايىئاپەتكە ئۇچرىدى. مالاق سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان
جۇمھۇرىيىتىنىڭ قازاق ئەسكىرى، ئۇ شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەندىن كې-
يىن، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ دائىرىلىرىدىن ئۇنى قولغا ئېلىشقا ھەم-
كارلىشىشنى تەلەپ قىلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى مالاق
قازاقلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئالتاي رايونىغا قاچقان بولۇشى مۇم-
كىن، دەپ قاراپ، 4 - ئايدا رازۋېدكا قىلىشقا ئالتايغا ئادەم ئەۋەتتى.
ئۇلار مالاق جېمىنەي ناھىيىسىنىڭ ساۋۇر تېغىدىكى قازاق ئالدىنبېكنىڭ
ئاۋۇلىغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ، دەپ مەلۇمات بەرگەچكە ئالدىنبېك قولغا ئېلىن-
دى. قاتتىق قىيىن - قىستاق ۋە ئالدىراش تۈپەيلىدىن، ئالدىنبېك مالاقنى
ئەلەنۋالڭ ئەۋەتكەنلىكىنى، كېيىن مالاقنى نۇرتاينىڭ ئاۋۇلىغا ئاپىرىپ

① شېڭ شىسەي: «شىنجاڭ بويىچە موڭغۇل، قازاق، قىرغىز ۋەكىللىرىنىڭ قۇرۇلتىيى-
دا سۆزلەنگەن سىياسىي دوكلات»، 21 - بەت.

قويغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. بۇ ئەنزىگە چېتىلغانلار 20 ـ 30 كىشىگە يەتتى، بەزىلەر قىيىن ـ قىستاققا چىدىماي تۈرمىدە ئۆلۈۋالدى. لېكىن، مالاق يەنىلا تۇتۇلمىدى. ئالدىنبېك قىيىن ـ قىستاق دەستىدىن يەنە ۋالىي شەرىپقان ئالتايدا ھۆكۈمەتكە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تەشكىلات قۇرۇپ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ كۆرسەتمىسىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، مالاق ياپونىيە جاسۇسى ئىكەنلىكىنى، شەرىپقان ئۇنى ئەلەنۋاڭنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شۇي يۇشىڭ بۇنىڭغا ئاساسەن قول ئاستىدىكىلەرگە كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. قازاقلارنىڭ باشلىقلىرىدىن 40 ـ 50 چە ئادەم قولغا ئېلىندى، قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر ۋە ئۆزى ئۆلۈۋالغانلار بەش ـ ئالتە كىشىگە يەتتى. كېيىن مالاق ئاقسۇدا قولغا ئېلىنغاندا، ئالتايغا بارمىغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. شېڭ شىسەينىڭ تۇتامى يوق ئىشنى باھانە قىلىپ بىرمۇنچە كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقى ئۇنىڭ خەلققە رەھىمسىزلەرچە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

1939 ـ يىل 9 ـ ئايدا، شىنجاڭ بويىچە قازاق، موڭغۇل، قىرغىز ۋەكىللىرىنىڭ قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتاي ئېچىلىشتىن بۇرۇن شېڭ شىسەي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئادەم تۇتقۇدەك دېگەن گەپلەر تارقالغاچقا، ئالتاي ۋەكىللىرى ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈپ قۇرۇلتايغا كەلمىدى. قۇرۇلتايدا، شېڭ شىسەي ھەرقايسى باشلىقلارغا چارۋىچىلاردىكى مىلتىقنىڭ سانىنى مەلۇم قىلىش ۋە ئۇلارنى يىغىپ تاپشۇرۇشقا مەسئۇل بولۇشنى بۇيرۇدى. چارۋىچىلىق رايونىدا، مىلتىق چارۋىچىلارنىڭ ھەم ئىشلەپچىقىرىش قورالى، ھەم يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن مۇداپىئەلىنىدىغان قوغدىنىش قورالى بولغاچقا، ئۇلار مىلتىقنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى جېنى دەپ ھېسابلايتتى، شۇڭا مىلتىقنى تاپشۇرۇش ئۇلارغا قارىتا ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرغانلىققا تەڭ ئىدى. 11 ـ ئايدا، چىڭگىلدا تۇرۇشلۇق چېگرا مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ ئىككى ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلدى، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى (ج خ) ئىدارىسى دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ مۇئاۋىن سەردار بايان خادام، دۇنىڭ

زالىڭ①

قاتارلىق يەتتە كىشىنى قولغا ئېلىپ ئالتايغا ئاپاردى ۋە ئۇلارنى شەرىپقاننىڭ ئەكسىيەتچى تەشكىلات قۇرغانلىقىنى، داموللا ئەخمەت ھاجى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي رەھبىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇلار قورال تاپشۇرۇشنى رەت قىلىپ توپىلاڭغا ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلىدى. 12 - ئايدا، كۆكتوقايدا ئالتاي رايونىنىڭ دىنىي داھىيسى ئاقىت ھاجى قولغا ئېلىندى. ئاقىت ھاجىنىڭ يېشى شۇ چاغدا 70 تىن ئاشقان بولۇپ، ئاتاقلىق دىنشۇناس ھەم شائىر ئىدى. ئۇ تۈركىيىگە، ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىگە زىيارەتكە بارغان بولۇپ، قازاقلارنىڭ ئىچىدە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، مال - مۈلكى تالان - تاراج قىلىندى، ئۇ ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتقان نەچچە يۈز پارچە «قۇرئان» خەلقئالەم ئالدىدا كۆيدۈرۈۋېتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئالتاي قازاق چارۋىچىلىرى ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، ھاياتى، دىنىي ئېتىقادى تەھدىتكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى، قارشىلىق كۆرسەتمەكتىن باشقا يول قالمىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

ئالتاي قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ شېڭ شىسەيگە قارشى كۈرىشىگە شېڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويۇپ كەلسە - كەلمەس ئادەم تۇتقانلىقى ۋە قورال - ياراغلارنى مەجبۇرىي يىغقانلىقى، دىنىي ئېتىقادقا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىقى سەۋەب بولۇپلا قالماي، بۇ كۈرەش ئالتايدىكى قازاق قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە چارۋىدارلارنىڭ قۇتراتقۇلۇقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئالتايدىكى قازاقلارنىڭ ئەڭ چوڭ قەبىلىسى - 12 ئۇرۇقتىن تەركىب تاپقان كېرەي قەبىلىسىنىڭ ھەربىر ئۇرۇقىدا قوۋمىنى باشقۇرىدىغان بىر تەيجى بولۇپ، ئۇنى بەيسى باشقۇراتتى. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، يۈەن شىكەي كېرەي قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئەلەنگە جۇنۋاڭ دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەنىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كېرەي قەبىلىسى قۇدرەت تاپتى. شەرىپخان ئەلەننىڭ باشقا ئايالىدىن تۇغۇل-

① زالىڭ - بەرتۇسى، مىڭبېشىدىن يۇقىرى قەبىلە باشلىقىنىڭ نامى.

غان ئىنىسى بولۇپ، ئۇ ئۈرۈمچىگە بېرىپ موڭغۇل - قازاق مەكتىپىدە ئوقۇغان، ئىدىيىسى تەرەققىيپەرۋەر ئىدى، ئۇ ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئالتاينىڭ ۋالىيسى ۋە ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانى بولغانىدى. كېرەي قەبىلىسىنىڭ قۇدرەت تېپىشى كۈچى ئاجىزراق باشقا قەبىلەلەرنىڭ باشلىقلىرىنى ۋەھىمىگە سالدى ۋە ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. 1943 - يىلدىن باشلاپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالتايدا مەكتەپ ئېچىش، گېزىت چىقىرىش، يايلاقلارنى، چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش قاتارلىق بەزى ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە يولغا قويدى، بۇ تەدبىرلەرنى تەبىئىيكى چارۋىچىلار ئالقىشلىدى، چۈنكى شېڭ شىسەينىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىكى مۇددىئاسىنىڭ قانداقلىقىدىن قەتئىينەزەر، بۇ تەدبىرلەر ئوبيېكتىپ جەھەتتە ھامان ئىلغارلىق ئىدى. لېكىن، يەرلىكتىكى قەبىلە باشلىقلىرى فېئودال ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنىڭ ئاساسى تەۋرەپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئۆز قەبىلىسىنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، يېڭى شەيئىگە، ئىسلاھاتقا قارشى چىقتى، بەلكى بارلىق ئىسلاھاتنى شېڭ شىسەينىڭ سىياسىتى بىلەن، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياسىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىدى، شۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلارنى ھۆكۈمەتكە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشقا قۇتراتتى. بۇنداق ئەھۋالدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن چارۋىدارلار ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىش رولىنى ئوينىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى 30 - يىللاردىن باشلاپ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋىدارلارنى، باي چارۋىچىلارنى يوقىتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنىدى، بىرمۇنچە چارۋىدارلار قوۋمىنى باشلاپ ئالتايغا قېچىپ كەلدى، بۇ يەرلىك قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكىتىنى ئۇلغايتىش رولىنى ئوينىدى. يەرلىكتىكى چارۋىدارلار قوشنا دۆلەتتىن كەلگەن بىر مىللەت قېرىنداشلىرىنىڭ تەرغىباتىغا ئىشىنىپ، ئالتاي رايونىدىمۇ ھامان بىر كۈنى بىز ئۇلارغا ئوخشاش ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغۇدەكمىز، دەپ ھېسابلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شېڭ شىسەي ھەقىقەتەن زوراۋان ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەنىدى، شۇڭا ئۇلار قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇسۇلىنى قوللاندى، نۇرغۇن چارۋىچىلار

ئات - ئۇلاغلارنى ھەيدەپ دەسلەپتە باركۆلگە، ئاندىن گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى يايلاقلارغا قېچىپ باردى. بۈگۈنكى كۈندە گەنسۇ، چىڭخەيلەردە ياشاۋاتقان قازاقلار 30 - يىللاردا ئالتاي، باركۆل قاتارلىق جايلاردىن كۆچۈپ بارغان. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇلارنى كۆپ قېتىم توسقان بولسىمۇ، ئانچە ئۈنۈمى بولمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەرققە كۆچۈش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: 1. شېڭ شىسەي يېڭى سىياسەتنى يولغا قويۇپ، مەكتەپ ئاچتى، ياشلارنى ئەسكەرلىككە تۇتتى، باج - سېلىقنى ئېغىرلاتتى. بىزنىڭ تاقىتىمىز قالمىدى؛ 2. قازاقلارنىڭ ماجۇڭيىڭ، يولۋاس بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىكەن، ئۈرۈمچى تەرەپ قازاقلارغا زىيانكەشلىك قىلغۇدەك دېگەن سۆزلەر تارقالدى، شۇڭا بىز بالا - قازادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شەرققە كۆچتۇق[①].

قورال يىغىش ۋەقەسى ئالتاي قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ قوراللىق كۈرەشىگە ئوت پىلتىسى بولدى.

1939 - يىل 12 - ئايدا، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىلەر باشلىقى جۇجېڭمىڭ مۇدىرلىقىدا ئالتاينى كۆزدىن كەچۈرۈش ھەيئىتى تەشكىللىدى، بۇ ھەيئەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئالتايدا خەلقنىڭ قورالىنى يىغىش ئىدى. 1940 - يىلى 1 - ئايدا، ئالتاينى كۆزدىن كەچۈرۈش ھەيئىتى ئالتاي رايونى بويىچە ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىپ، قوراللارنى ئېنىقلاش ھەيئىتى تەشكىللەشنى، ھەيئەتلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ شەرقىي تاغ ۋە غەربىي تاغقا بېرىپ قورال يىغىشنى بەلگىلىدى[②].

22 - كۈنى كېچىدە، شەرقىي تاغدا قورال يىغىۋاتقانلاردىن كۆكتوقاينىڭ ھاكىمى شۇي ئېرلىن، ئالتاينى كۆزدىن كەچۈرۈش ھەيئىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋاڭ مىڭگې قاتارلىقلار قارا بۆلغۈن دېگەن جايدىكى بىر

---

① «غەربىي شىمال توغرىسىدا مۇلاھىزە»، 10 - توم، 7 - سان، مالىڭبالىڭ: «قازاقلارنىڭ گەنسۇغا كۆچۈشى».

② شۇ چاغدا ئالتايدا جەمئىي يەتتە ناھىيە بولۇپ، ئالتاي، بۇرچىن، جىمىنەي، قابا، بۇرۇلتوقاي قاتارلىق بەش ناھىيە غەربىي تاغ دەپ، كۆكتوقاي، چىڭگىل ئىككى ناھىيە شەرقىي تاغ دەپ ئاتىلاتتى.

چارۋىچىنىڭ ئۆيىدە ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئاقىتكەبى، (ئىب-
لىل تەيجىنىڭ ئىنىسى)، ئايىمقان تەيجى، ئابۇسبىيت، موسا زاڭگىن،
ئېرسقان، زەينىل قاتارلىقلار باشچىلىق قىلدى. شۇ كېچىسى، ئۇ-
لار 200 ـ 300 چارۋىچىنى باشلاپ كۆكتوقاي ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ۋە
ج خ ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلدى، ئۇلار ج خ ئىدارىسىگە قىلغان ھۇجۇمدا
زىيان تارتىپ قارا بۇلغۇنغا چېكىندى. ئۇلار چېكىنگەندە ناھىيە بازىرىدا
ئولتۇرۇشلۇق قازاقلارنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتتى ھەمدە بۇرۇلتوقاي ۋە
چىڭگىل ناھىيىلىرى بىلەن ئالاقە باغلىدى، كۆكتوقاينىڭ شاكۇرتاي،
سارتوقاي دېگەن يېرىدىكى چارۋىچىلارمۇ ئىسيانغا قاتناشتى. 2 ـ ئاينىڭ
21 ـ كۈنى، چىڭگىلدىكى چارۋىچىلار ئۇرداي نوغاينىڭ باشچىلىقىدا ئاقىت-
كەبىنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ خەيرقۇم دېگەن جاينى ئىگىلەپ، ئالتاي
بىلەن چىڭگىل ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تۈگىنىنى قامال قىلدى، تېز ئارى-
دىلا قوزغىلاڭچىلار 2000 دىن كۆپرەككە، ئۇلارنىڭ مىلتىقى 100 دىن
ئۆپرەككە يەتتى. 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئۆلكە دائىرىلىرى ئەسكەر چىقى-
رىپ قوراللىق چارۋىچىلارنى قاپتىق تېغىدا قورشىۋالغان بولسىمۇ، چارۋى-
چىلار مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىققاندىن كېيىن يەنە كۆكتوقايغا كەلدى،
ئاندىن ئۇ يەردىكى پۇقرالار بىلەن بىللە مال ـ چارۋىلارنى ھەيدەپ كۆكتو-
قاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايونغا بېرىۋالدى. بۇ
جاي شىمالدىن شەرققە سوزۇلغان 1000 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى تاغلىق
رايون بولۇپ، قوزغىلاڭچى چارۋىچىلار تاغدىن چىقمىسىلا ئۆلكە قوشۇنى
ھېچنېمە قىلالمايتتى. 5 ـ ئايدا، چارۋىچىلار شەرقىي تاغقا كىرىپ ئالتاي
بىلەن كۆكتوقاينىڭ قاتناش ئالاقىسىنى ئۈزدى، ئۇرداي زەينىل باشچىلى-
قىدىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئالاقە باغلىدى، يەنە ئادەم ئەۋەتىپ ئېرتىش
دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا، 4 ـ ئالتۇن كېنىغا، ئاقسارا (شەرقىي
ساخېڭزا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئالتۇن كېنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. 7 ـ
ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، قوزغىلاڭچى چارۋىچىلار كۆكتوقاينىڭ ناھىيە بازىرىغا
يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، بۇلاش، ئوت قويۇش بىلەن شۇغۇللاندى،
2 ـ كۈنى چېكىنگەندە، ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى 200 نەچچە ئۆيلۈك

قازاق چارۋىچىنى 40 مىڭ تۇياقتىن كۆپرەك چارۋىسى بىلەن بىللە قوۋۇپ- رىتىشتىقا ئەكەتتى. بۇ چاغدا، ئالتايدىكى قوراللىق كۈچلەر تۆۋەندىكى بىر نەچچە قارماققا بۆلۈنەتتى؛ 1. ئايىمقان باشچىلىقىدا، كۆكتوقاينىڭ شىمالىدىكى ناغدا تۇرۇۋاتقان قوراللىق كۈچ؛ 2. قوۋۇپرىتىشتىكى قورال- لىق كۈچ 3. ئىرىسقان، سۇلتان باشچىلىقىدا چىڭگىلنىڭ شىمالىدىكى تاغدا تۇرۇۋاتقان قوراللىق قوشۇن. يۇقىرىقى ئۈچ تارماق كۈچ ھۆكۈمەت قوشۇنى بىلەن كۆپ قېتىم جەڭ قىلدى. ئەخمەت كەيىبى جەڭدە قۇربان بولدى. ئۆلكە قوشۇنى يەر شارائىتىنى، ئادەملەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىگەن- لىكى ئۈچۈن غەلىبە قىلالمىدى.

1940 - يىلى 9 - ئايدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سۆھبەتلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. قوزغىلاڭچى چارۋىچىلار مۇنۇ شەرتلەرنى قويدى: 1. ج خ ئىدارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ 2. شەرقىي تاغ رايونىدا ئاپتونو- مىيىنى يولغا قويۇش، ھاكىمنى قازاقلار ئۆزلىرى سايلاش؛ 3. قازاقلار- نىڭ باشلىقلىرىنى ۋە چارۋىچىلارنى قويۇۋېتىش؛ 4. قوزغىلاڭ سەۋەبىدىن سەرسان بولغان نامراتلارغا ياردەم بېرىش. قوزغىلاڭچى چارۋىچىلارنىڭ يۇقىرىقى تەلەپلىرى توغرا، مۇۋاپىق ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈشنىڭ تىنچ ئۇچى ئاساسەن ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلغان ئىشپىيونلۇق ھۆكۈمرانلىققا قارىتىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن قاتاي ئىسىملىك بىر چارۋىچى ئۆزىنىڭ قوزغىلاڭغا قاتنىشىش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بىز كۆكتوقاي ج خ ئىدارىسىنىڭ ئاقىت ھاجىمىزنى قولغا ئالغانلىقىنى، ئارقىدىن يەنە كىرىپ ئىسىملىك ساقچىنى ئەۋەتىپ مەسچىتتىكى «قۇرئان» لىرىمىزنى نەچچە تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ كەتكەنلى- كىنى كۆرۈپ تۇردۇق، بۇنىڭدىن ئىلگىرى، شەرقىي تاغدا ھۆكۈمەت قازاقلارنىڭ باشلىقلىرىنى ئۈرۈمچىگە يىغىنغا چاقىرىپتۇ دېگەن سۆزلەر تارقالغانىدى، تۆت، بەش ئاي ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلاردىن بىرەرىمۇ قايتىپ كەلمىدى، ھۆكۈمەت ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەن بولسا كېرەك. دىنىمىز دەپسەندە قىلىنغان، باشلىقلىرىمىز قالمىغان تۇرسا، بىز ئەمدى قانداق ياشايمىز. . . بىز كۈن كەچۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغاچقا، قوز-

غىلاڭ قىلدۇق[1]. شېڭ شىسەي مالىمانچىلىقنى ۋاقتىنچە تىنچىتىش ئۈچۈن قوزغىلاڭچى چارۋىچىلارنىڭ بارلىق تەلەپلىرىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. 1940 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، بۇقات بەيسى جانىمقان (ئۆزىنىڭ ئالتايدىكى ۋەكىلى) ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن بوشىتىلدى، خەلق ئىشلار نازىرى چيۇ زۇڭجۈن ئۇلارنى ئالتايغا ئەكىلىپ قويدى ۋە ئۇلار ئارقىلىق قوزغىلاڭچى چارۋىچىلاردىن «ھال سورىدى». 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، كۆكتوقايدىكى قوزغىلاڭچى چارۋىچىلارنىڭ باشلىقلىرىدىن ئايىمقان، زەينىل قاتارلىق 30 نەچچە كىشى ھۆكۈمەتكە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، 24 - كۈنى، چىڭگىلدىكى قوزغىلاڭچى چارۋىچىلارنىڭ باشلىقلىرىدىن ئىرىسقان قاتارلىق 20 نەچچە كىشى ھۆكۈمەت قوشۇنىغا قوراللىرىنى تاپشۇردى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇقات بەيسىنى ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىغا، جانىمقاننى مۇئاۋىن ۋالىيلىققا تەيىنلىدى، خىلىل تەيجىنى قويۇپ بېرىپ ئوغلى راخاتنى كۆكتوقاينىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، دەلىلقان (جانىمقاننىڭ ئوغلى) نى چىڭگىلنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلدى؛ خەلقنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، نورغۇن قەنت، چاي، رەخت تارقىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭ پەسكويغا چۈشتى.

بۇقات بەيسى ئالتاي ۋالىيسى بولغان بولسىمۇ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قاتتىق نازارەت قىلىندى، ھۆكۈمەتمۇ لەۋزىسىدە تۇرمىدى، تۈرمىدىكى قازاق باشلىقلار، چارۋىچىلارنىڭ كۆپ قىسمىنى قويۇپ بەرمىدى. ئالتاي ج خ ئىدارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇ تېررورلۇق سىياسەتنى تېخىمۇ قاتتىق ئىجرا قىلىپ كىشىلەرنى داۋاملىق تۇتقۇن قىلدى. شۇڭا، قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش تۈپ سەۋەبى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى كان تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ خادىملىرى ئالتايغا كەلدى، خىلىل تەيجى قاتارلىقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چارۋىچىلارنى قۇترىتىپ يەنە بىر

① جۇدۇڭجياۋ: «شىنجاڭدىكى ئون يىل»، (شاپىگراف نۇسخا) 127 - بەتتىن نەقىل ئېلىندى.

قىيىم قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

سوۋېت ئىتتىپاقى كان تەكشۈرۈش ئەتترىتىنىڭ خادىملىرى 1935 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭغا كەلگەنىدى. 1940 - يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىلىدا گېئولوگىيە تەكشۈرۈش باش ئىدارىسىنى قۇرغاندىن كېيىن شىنجاڭغا كەلگەن سوۋېت گېئولوگىيە خادىملىرى كۆپەيدى. 1941 - يىل 5 - ئايدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەشكىللەنگەن كان تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلدى ھەمدە 3000چارۋىچىنى ئۇلارغا ئىشلەمچى قىلىپ بەردى، بۇ ئىش چارۋىچىلارنى غەزەپلەندۈرگەن ئىدى. خېلىل تەيجى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى راخات قاتارلىقلار شىنىڭ شىسەي مەخپىي ھالدا ئالتاينى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى بوپتۇ، ئۇنداقتا بىز چارۋىچىلار كۆن كەچۈرەلمەيمىز، دەپ قۇترىتقۇلۇق قىلىپ، چارۋىچىلارنى يەنە قوزغىلاڭ قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ج خ ئىدارىسى خېلىل تەيجىنى دەرھال قولغا ئالدى. 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، كان تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ 56 ئادىمى 20 نەچچە ماشىنا بىلەن كۆكتوقايغا كەلگەندە، مۇئاۋىن ھاكىم راخات باشچىلىقىدىكى 1000 دىن ئارتۇق چارۋىچىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، بىر ماشىنىسى كۆيدۈرۈۋېتىلدى، بىر نەچچە مۇتەخەسسىس ئۆلتۈرۈلدى، ئۆمەك باشلىقى باننىكوۋمۇ ئۆلدى؛ خېلىل تەيجىنىڭ قوۋمىنىڭ ھەممىسى ئىسيان كۆتۈردى ھەمدە چىڭگىل، بورولتوقاي بىلەن ئالاقە باغلىدى. ئۇلار «يايلىقىمىزنى ئىگىلىۋېلىشقا ۋە ئۇنى دەپسەندە قىلىشقا قارشى تۇرايلى، ھۆكۈمەتنىڭ داۋاملىق تۇتقۇن قىلىشىغا قارشى تۇرايلى» دېگەن شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇلار شۇ چاغدا ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش كۈچىگە ئىگە شوئارلار بولغاچقا، ئورانقاي موڭغۇل چارۋىچىلىرىمۇ ئۇلارغا ئاۋاز قوشتى.

شىڭ شىسەي قوزغىلاڭ ئەھۋالىدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن، دەرھال بۇقات بەيسىگە كۆكتوقايغا ئادەم ئەۋەتىپ ھال سوراشنى ھەمدە كان تەكشۈرۈش ئۆمىكى ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە ھەمكارلىشىشقا كەلگەنلىكى، ئۇلارنىڭ كېلىشى دۆلەتكە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، يالغان - ياۋىداق سۆزلەرگە ئىشەنمەسلىك توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىشنى بۇيرۇق قىلدى. بۇقات

بەيسى مۇئاۋىن ۋالىي جانىمقان بىلەن كۆكتوقايغا بېرىپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. قوزغىلاڭچى چارۋىچىلار بەش تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1. كۆكتوقايغا كان تەكشۈرۈش ئەترىتى كىرمەسلىك؛ 2. كۆكتوقايدا ساقچى ئورگىنى قۇرماسلىق؛ 3. ئەسكەر تۇرغۇزماسلىق؛ 4. قولغا ئېلىنغانلارنى قويۇۋېتىش، ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتىنى تاپشۇرۇش؛ 5. كۆكتوقاي بىلەن ئالتاي ئارىلىقىدىكى قاتناش يولىنى ياسىماسلىق. شىڭ شىسەي نامدا يۇقىرىقى تەلەپلەرنى ماقۇل كۆرگەن بولسىمۇ، مەخپىي تۈردە ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشقا ھازىرلاندى. 7 - ئاينىڭ بېشىدا، دۇبەن مەھكىمىسى بارىكۆل - ئالتاي ھەربىي رايون باش قوماندانلىق شتابى تەشكىل قىلىپ، باش قوماندان جياڭ يۈفىن 16 - تۈمەن، 20 - تۈمەن، مۇھاپىزەتچىلەر تۈمەنى ۋە زەمبىرەكچىلەر، برونېۋىك، موتسىكىلىت قىسىملىرىغا باشچىلىق قىلىپ گۇچۇڭنىڭ شىمالىدىن قارا چۇڭكىغا يۈرۈش قىلىش، ليۇ جىڭشىننى ئالتاي شەھىرىنىڭ مۇھاپىزەت قوماندانى قىلىش ھەمدە ماتورلاشقان تۈمەننى دۆربىلجىن ئارقىلىق بورچىنغا يۆتكەپ غەربىي تاغنى كونترول قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

7 -، 8 - ئايلاردا، ئۇرۇش ئاساسەن ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدا ۋە كۆكتوقاينىڭ شەرقىي قىسمى، جەنۇبىي قىسىملىرىدا ئېلىپ بېرىلدى. چارۋىچىلار يەر شارائىتى بىلەن تونۇش بولغاچقا، ئۆلكە قوشۇنىنى ئېزىقتۇرۇپ ئۇلارنى ھەممىلا يەردە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت نائىلاج باش كاتىپ چيۇ زۇڭجۈننى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە كۆكتوقايغا ئەۋەتتى. 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، راخات قاتارلىقلار بەش تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1. بۇرۇن بىز ئامىنى قايمۇقتۇرغان، ئاما ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئىنژېنېرلارنى كۆكتوقاي، چىڭگىل ئەتراپلىرىغا قايتا يولاتماسلىقنى ئۆتۈنگەنىدۇق، بۇنىڭ ئىجراسى قانداق بولدى، كۆكتوقايدا ئولتۇراقلاشقان مىڭ نەچچە ئۆيلۈك خەلق مۇھىممۇ ياكى ئاز ساندىكى ئىنژېنېرلار مۇھىممۇ؟ ھۆكۈمەتتىن ئېنىق جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىمىز؛ 2. قولغا ئېلىنغانلار تىرىكلا بولسا قويۇۋېتىلسۇن، ئۆلگەن بولسا جەسىتى قايتۇرۇلسۇن؛ 3. بۇ قېتىمقى ۋەقەدە ئىككىلا تەرەپتىن ئۆل-

ـۇم - يېتىم ۋە زىيان - زەخمەت بولدى، سەۋەبى سۈرۈشتۈرۈلمىسۇن؛ 4. بۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت ئاسىيلىق قىلماقچى دېگەن سۆزگە ئاسانلا ئىشەنمىسۇن، كەلسە - كەلمەس تۇتقۇن قىلمىسۇن، قولغا ئېلىش توغرا كەلسە، ئاممىا ئالدىدا جىنايىتىنى ئېلان قىلىپ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسۇن، قولغا ئېلىش، ئۆلتۈرۈش توختىتىلسۇن؛ 5. ئالتاي، چىڭگىلدا خەلق ھەزەر ئەيلەيدىغان بارلىق قوشۇنلار ۋە ج خ ئىدارىسى خادىملىرى قايتىپ كەتسۇن①.

سۆھبەت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشتى، ئارىلىقتا ئۇرۇش بولۇپ تۇردى. 10 - ئايلاردا ئالتايدا قاتتىق قار يېغىپ تاغ يوللىرى توسۇلۇپ قالدى، چارۋىچىلار ناگىلاج ئۆلكە قوشۇنىغا تەسلىم بولدى. بۇقات بەيسى، خېلىل تەيجى، راخات ھاكىم قاتارلىقلار ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلىپ تۈرمىگە تاشلاندى. 1941 - يىلى ئالتاي قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق ۋە يۇمشاق ئەكسىلئىنقىلابىي ئىككى قوللۇقلۇق سىياستى تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولدى.

1941 - يىلى كۆكتوقاي قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ 2 - قېتىملىق قوزغىلىڭى مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، خېلىل تەيجىنىڭ قېپقالغان قوۋمى مالاخۇ قەبىلىسىنىڭ چارۋىچىسى ئوسماننىڭ باشچىلىقىدا چىڭگىل، كۆكتوقاي ئىككى ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايونغا ۋە چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى بۇلغۇن دەرياسى بويلىرىغا قېچىپ كەتتى. بۇ جايلار قويۇق ئورمانلىق، يەر شەكلى مۇرەككەپ، يەنە كېلىپ شىنجاڭ - موڭغۇلىيە چېگرىسىدا بولغاچقا، ئۆلكە قوشۇنى ئاسانلىقچە بارالمايتتى. شۇ چاغدا ئوسماننىڭ ئون نەچچە ئادىمى، تۆت، بەش تال مىلتىقى بولۇپ، زەئىپ ھالەتتە ئىدى، شۇڭا ئۇ ھەر تەرەپكە قاتناپ يۈرۈپ قورال بۇلىدى، چارۋىچىلارنى شايكىسىغا قوشۇلۇشقا زورلىدى. 1942 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، تاشقى موڭغۇلىيە ئوسمانغا قورال - ياراغ، ئوق - دورا، رەخت،

① ئەسلى نۇسخا قازاقچە، جۇدۇڭجياۋ نەقىل ئالغان: «شېڭ شىسەي شىنجاڭدا» ناملىق 9 - قىسمى، «ئالتاي تېخىدا» ماۋزۇلۇق 1 - بۆلۈمى. شاپىگراف نۇسخا، 20 - بەت.

قەنت، چاي ياردەم قىلغاندىن كېيىن، ئۇ بىر ئاز ۋاقىت قۇدرەت تاپتى. 1943 - يىل 6 - ئايدا، ئوسمان بىلەن دەلىلقان قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ئۇلار ئالدى بىلەن ئەرتەيگە بېرىپ ساقچى پونكىتىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ بارلىق ساقچىلارنى ئۆلتۈردى، 20 نەچچە تال مىلتىق ئولجا ئالدى. شىڭ شىسەي دەسلەپتە گوچۇڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ بىر روتىسىنى ئۇلارنى يوقىتىشقا ئەۋەتتى، كېيىن 300 نەچچە كىشىلىك ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىنى ئۈرۈمچىدىن جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى مەغلۇپ بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوسماننىڭ قوشۇنى ئالتاي، كۆكتوقاي، چىڭگىل ئۈچ ناھىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاغقا - يازلىق يايلاققا يۆتكەلدى. كۈزدە ئۆلكە قوشۇنى ئوسماننىڭ قوشۇنى قىشلىق يايلاققا يۆتكەلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى يوقاتماقچى بولدى. 10 - ئايدا، گومىنداڭنىڭ 2100 دىن كۆپرەك ئەسكىرى ۋە يەرلىك قوشۇننىڭ 1470 نەچچە ئەسكىرى ھەممە باشقا ئەسكەرلەر بولۇپ جەمئىي 4640 نەچچە كىشىلىك قوشۇن زەمبىرەكچىلەر، برونېۋىكلار، ئايروپىلانلار بىلەن سارتوقايغا توپلاندى. 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ليۇجىبىڭشىن باشچىلىقىدىكى قوشۇن قارا تۇڭگۇغا يۈرۈش قىلدى. بۇ چاغدا ئوسماننىڭ قىسمى كۆرتۇدىن كۆكتوقايغا يۆتكىلىۋاتاتتى. 11 - ئايدا ليۇجىبىڭشىن قوشۇنى يەنە ئۇندۇرقاراغا يۈرۈش قىلىپ، تۇرا بىلەن قارا بۇلغۇندا ئوسماننىڭ قىسىملىرى بىلەن توقۇنۇشتى. ئۇرۇش نەتىجىسىدە ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر تالاپەت كۆردى، ئوسمان قوشۇنىنى باشلاپ سارتوقاينىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇق ئارقىلىق شەرققە قاراپ قاچتى. 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا، بۇلغۇن دەرياسى بىلەن ئۇلۇنگۇر دەرياسى قوشۇلىدىغان جايغا قېچىپ باردى. شۇ يىلى ئوسمان تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ قوللىشى بىلەن «ئالتاي قازاقلىرىنى قايتا گۈللەندۈرۈش كومىتېتى» نى قۇردى، 400 ئەسكەر ئېلىپ، ئۇلارنى بۇرۇنقى ئەسكىرىگە قوشۇپ جەمئىي ئون ئەترەت تەشكىل قىلدى، ئوسمان «پاشا» (خان)، سۇلۇباي باش قوماندان بولدى. كومىتېتنىڭ قارمىقىدا باش شتاب ۋە تەشكىلات، تەشۋىقات، ئاپتونومىيە، خەلق ئىشلىرى بۆلۈملىرى تەسىس قىلىندى. قايتا گۈللەندۈرۈش كومىتېتى

چارۋىچىلارغا ئوچۇق خەت تارقىتىپ، ئەركىنلىك، ئاپتونومىيىنى قولغا كەلتۈرۈش، قازاق قوشۇنى تەشكىللەش، خەنزۇلارنى، خەنزۇ قوشۇنىنى ئالتايدا تۇرغۇزماسلىق قاتارلىق سەككىز تۈرلۈك تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چارۋىچىلارنى «سەمىمىي سادىقلىق بىلەن ئۆز قوشۇنىغا قاتنىشىش-قا»، «خەنزۇلارغا ئومۇمييۈزلۈك قارشى تۇرۇشقا» دەۋەت قىلدى، ئوسمان چارۋىچىلارنى شىبلىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەتكە زورلاش ئار-قىلىق ئۇلارنىڭ مال - چارۋىلىرىنى تالان - تاراج قىلدى.

1944 - يىل 3 - ئايدا، تاشقى موڭغۇلىيە بەرگەن قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇلۇڭغۇر دەرياسى بويىدا تەسىس قىلىنغان (ئۇلۇڭغۇر باشقۇرۇش ئىدارىسى سارتوقايدا ئىدى) ئالتاي باش قوماندانلىق شتابىغا ھۇجۇم قىلىپ بۇ يەردىكى بىر تۈمىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقىتىپ، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچىنى لەرزىگە سالدى. جۇ شاۋلياڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ھەربىي ئىشلارنى شەخسەن ئۆزى ئورۇنلاشتۇردى. گومىنداڭ قوشۇنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىمالىي شىنجاڭغا كىرىش ئۈچۈن، 18 - ئارىلاشما لۈيىنىڭ ئىككى تۈەنىنى قۇمۇلدىن گۇچۇڭنى مۇداپىئە قىلىشقا يۆتكىدى. 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، 1 - تۈەن يەنى شايۇيچېن تۈەنى ئوسماننىڭ جەنۇبقا بېسىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن 42 ماشىنىغا ئولتۇرۇپ گۇچۇڭدىن سارتوقايغا كېلىپ ئورۇنلاش-تى؛ 2 - تۈەن يەنى ماپىڭلىن تۈەنى شايۇيچېن تۈەنىدىن كېيىن دابسۇنغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. جۇشاۋلياڭ يەنە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى كارىدورى-دىكى يېڭى 46 - شىنى قۇمۇل، بارىكۆلگە يۆتكىدى.

ئوسمان ئالتاي باش قوماندانلىق شتابىغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن يەنە چىڭگىل، كۆكتوقايلارغا ھۇجۇم قىلىپ، چارۋىچىلارنى قورقىتىپ ئۇلارنىڭ مال - چارۋىلىرىنى بۇلاپ كەتتى. 4 - ئايدا چىڭگىلنى ئىشغال قىلدى. ليۇجېڭشىن كېسەل سەۋەبىدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى، 8 - ئايدا تۈرمىگە تاشلاندى، تالى جىچۇەن ئالدىنقى سەپ مۇۋەققەت باش قوماندا-نى بولدى. 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئوسمان كۆكتوقايغا يەنە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئالالماي ئوچا جىلغىسى ئەتراپلىرىغا چېكىندى. ئۇنىڭ-

دىن كېيىن 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، 30 - كۈنى يەنە ئىككى قېتىم كۆكتوقايغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، گومىنداڭنىڭ ياردەمچى قوشۇنى كۆكتوقايغا يېتىپ بېرىپ، كۆكتوقاينى مۇھاسىرىدىن بوشاتتى. ئوسمان قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى چىڭگىلغا چېكىندى، يەنە بىر قىسمى دەسلەپتە شىنجىن جىلغىسىغا، كېيىن بۇرۇلتوقايغا بېرىپ، ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى، ناھىيە بازىرىنى ئالالماي يەنە غەربكە كەتتى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئوسمان قوشۇنىدىن 1000 دىن كۆپرەك كىشى ئېرتىش دەرياسىنى بويلاپ غەربكە مېڭىپ ئالتاي ناھىيىسى دائىرىسىگە كەلدى.

بۇ چاغدا، جىمنەي ۋە قابا ناھىيىسىدىكى چارۋىچىلارمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. جىمنەي تەرەپتە، راماجان زالنىڭ باشچىلىقىدىكى چارۋىچىلار 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ناھىيە بازىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئىشغال قىلالماي چېگرىغا چېكىندى. 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، يەنە ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، گومىنداڭنىڭ ياردەمچى قوشۇنى يېتىپ كەلگەچكە، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 34 چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايغا چېكىندى. 8 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، 100 نەچچە چارۋىچى ناھىيە بازىرىغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلدى. قابا تەرەپتە، 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بۇ ناھىيىنىڭ 1 - رايونىنىڭ باشلىقى يۈسۈپكۈبنى تيېلىزا ئەتراپىدىكى 1000 دىن ئارتۇق چارۋىچىنى يىغىپ، چېگرا قاراۋۇلخانىسىدىكى خادىملارغا بۇ ناھىيىدىن دەرھال چېكىنىپ كېتىڭلار دەپ بۇيرۇق قىلدى ۋە بولمىسا تاياق - توقماق بىلەن ھەممىڭلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىمىز دەپ تەھدىت سالدى. تيېلىزا چېگرا قاراۋۇلخانىسىدا ئاران بىر پەي (ۋزۋود) ئەسكەر بولغاچقا، ئۇلار چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سەھەردە، 1000 دىن كۆپرەك قوراللىق چارۋىچى قابا ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى، جەڭ ناھايىتى شىددەتلىك بولدى. 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، قوراللىق چارۋىچىلار قول بومبىسى ئېتىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنىنى پارتلاتتى ھەمدە ج خ ئىدارىسىنى قورشىۋالدى؛ كېيىن گومىنداڭنىڭ ياردەمچى قوشۇنى يېتىپ

كەلگەچكە، قوراللىق چارۋىچىلار ۋاقتىنچە قابا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىغا چېكىنىدى.

ئالتاي تەرەپتە، 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن باشلاپ قوراللىق چارۋىچىلاردىن 300 دىن كۆپرەك كىشى ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى ئاۋىتان، خۇڭدۇڭ (ئوتبۇلاق)، قامۇچ، لاماجياۋ قاتارلىق جايلاردا ھەرىكەتلىنىپ، ئالتاينىڭ ناھىيە بازىرىغا تەھدىت سېلىپ، ئۆز كۈچىنى ئۆزلۈكسىز زورايتتى.

قىسقىسى، ئالتايدىكى چارۋىچى قوزغىلاڭچىلار 1944 - يىل 9 - ئايدا شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەنگە قەدەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن تىركىشىپ تۇردى. قوراللىق كۈرەش ئالتاي ۋىلايىتىدىكى يەتتە ناھىيىدىن باشقا يەنە گۇچۇڭ، مورى، جىمسار، فۇكاڭ، مىچۈەن، سانجى، قۇتۇبى قاتارلىق جايلاردىمۇ كۆتۈرۈلۈپ ئۆلكە مەركىزىگە زور تەھدىت سالدى.

گومىنداڭنىڭ كۈچلىرى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقىگە ئەكسىيەتچى سىياسەت يۈرگۈزۈشتە شىڭ شىسەيدىن ئېشىپ كەتتى. ھەربىي خىراجەتنىڭ ئېشىشى مالىيىدىكى قىزىل رەقەمنى كۆپەيتىپ، مالىيە قىيىنچىلىقىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. خۇددى ۋۇجۇڭشىن 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جياڭ جيېشىغا بەرگەن تېلېگراممىسىدا ئېيتقاندەك: «مالىيە قىيىنچىلىقى چېكىگە يەتتى.»

1944 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى مالىيە سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، شۇ يىلى مالىيە قىزىل رەقىمى دۆلەت پۇلى ھېسابىدا 3 مىليارد 770 مىليون يۈەن (شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 750 مىليون يۈەن) گە، تاشقى قەرزى 1 مىليون 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. ئەسلىدە شىنجاڭنىڭ شۇ يىللىق تەخمىنىي ھېسابى بويىچە، شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 427 مىليون 566 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلىش مۆلچەرلەنگەن بولسىمۇ، ئۇرۇشنىڭ تەسىرىدىن 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاران 159 مىليون 772 مىڭ يۈەندىن كۆپرەكلا كىرىم قىلىنىدى، چىقىم شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 831 مىليون 838 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى، بۇنىڭ كۆپ قىسمى ئالتايدىكى ئۇرۇش خىراجىتىگە سەرپ قىلىنىدى.

ئۈنىڭدىن باشقا، يەرلىك مالىيىنىڭ قۇربىتى يەتمەيدىغان بەش تۈرلۈك چىقىم بار ئىدى: 1. سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇدۇڭخابا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 4 مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تۆلەشكە توغرا كېلەتتى، بۇنىڭدىن شىنجاڭغا قەرزى 1 مىليون 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، قالغان پۇل ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا 400 مىڭ قوينىڭ پۇلى ۋە توشۇش خىراجىتىنى شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 115 مىليون 297 مىڭ يۈەن دەپ ھېسابلىغاندا، يەنە 1 مىليون 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تۆلەشكە توغرا كېلەتتى؛ 2. ئالتايدىكى ۋاقىتلىق ھەربىي ئېھتىياج ۋە يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان قوشۇنغا ھەربىي ئات، تۆگە، كىيىم - كېچەك قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 291 مىليون 430 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك چىقىم قىلىنغان بولۇپ، 10 - ئايدىن 12 - ئايغىچە چىقىم قىلىنىدىغان خىراجەت تېخى ھېسابقا كىرگۈزۈلمىگەن؛ 3. ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن خەلق ئەسكەرلىرى تۈزىلىرىگە شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا جەمئىي 20 مىليون 700 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك چىقىم قىلىنغان؛ 4. ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كەلگەن كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 116 مىليون 584 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك چىقىم قىلىنغان؛ 5. مەركەز ھەربىي مەكتەپنىڭ 9 - شۆبىسىنىڭ كىيىم - كېچەكى ۋە ئاشلىق خىراجىتى ئۈچۈن شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 10 مىليون يۈەندىن كۆپرەك چىقىم قىلىنغان. يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك چىقىم شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا جەمئىي 554 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ يىلى 10 - ئايدىن 12 - ئايغىچە ھەربىي خىراجەتكە كېتىدىغان 200 مىليون شىنجاڭ پۇلىنى قوشقاندا جەمئىي فابى پۇلى ھېسابىدا 3 مىليارد 770 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە (شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 750 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە) يېتىدۇ[1].

---

① مىنگونىڭ 33 - يىلى 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، جۇشاۋلياڭ، ۋۇجۇڭشىنلارنىڭ جياڭ جيېشىغا يوللىغان تېلېگراممىسى، ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىل) 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى.

شۇ چاغدا، جەمئىيەت مالىمانلاشقان، ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەنلەپ كەتكەچكە، مال باھاسى تېز ئۆسۈپ كەتتى. سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1942 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە گۈرۈچ، ئۇن، گۆش قاتارلىقلارنىڭ باھاسى بەش ھەسسە، سۇ مېيىنىڭ باھاسى تۆت ھەسسە، كۆمۈرنىڭ باھاسى 12 ھەسسە ئۆسۈپ كەتكەچكە، ئادەتتىكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى قىيىنلاشقانىدى. جۇشاۋلياڭ بارغانسېرى داۋالغۇپ تۇرغان خەلق رايىغا تەسەللى بېرىپ، ئاز - تولا شاپائەت قىلىش ئۈچۈن، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ھەرقايسى ناھىيىلەرگە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش ھەققىنى ۋە ئىش بېجىرىش خىراجىتىنى كۆپەيتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئۇنىڭ چارىسى تۆۋەندىكىچە:

1. ھەرقايسى ئورگانلاردىكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ئىش ھەققىنى ۋاقىتىنچە بىر ھەسسە كۆپەيتىش. مال باھاسى مۇقىملاشقاندا قوشۇمچە ياردەم خىراجىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛

2. ھەرقايسى ئورگانلاردا ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىش بېجىرىش خىراجىتىنى ۋاقىتىنچە بىر ھەسسە كۆپەيتىش؛

3. يۇقىرىقى كۆپەيتىلگەن ئىش ھەققى، ئىش بېجىرىش خىراجىتى تارقىتىشنى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇش.

ئويلاپ باقايلى، مال باھاسى تۆت، بەش ھەسسە ھەتتا ئون ھەسسىدىن كۆپرەك ئۆرلەپ كەتكەن تۇرسا، ئىش ھەققىنى ئاران بىر ھەسسە كۆپەيتىش تۆگىنى چۆچەكتە سۇغارماقچى بولغانلىق بولماي نېمە؟

1944 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا مال باھاسى ئالدىنقى يېرىم يىلدىكىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئون نەچچە ھەسسە ئۆرلەپ، چۇڭچىڭدىكىدىن تۆت ھەسسە ئېشىپ كەتتى. 1944 - يىل 1 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 13 يۈەن (فابى پۇلى ھېسابىدا 65 يۈەن، بىر كىلوگرام كىرسىن سېتىۋالغىلى بولىدۇ) گە ئاران بىر تۇخۇم كېلەتتى، بۇنىڭدىن مال باھاسىنىڭ نەقەدەر ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. يەنە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1944 - يىل

11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى سانىدا مۇنداق دېيىلگەن: بۇ يېقىندا بازاردا بىر شىڭ گۈرۈچ 100 يۈەنگە، بىر كىلوگرام ئۇن 2300 ـ 2400 يۈەنگە چىقتى، ئادەتتىكى 3 ـ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى كۆپ بولغاندا 600 يۈەندىن ئاشمايدۇ، بۇنىڭغا ئۈچ شىڭ گۈرۈچ، 12 ـ 13 جىڭ ئۇن كېلىدۇ. ماي، كۆمۈر، جاڭيۇ، ئاچچىقسۇ ئېلىشقا پۇل قالمايدۇ. ئۇ چاغدا، بىر توپ يېسىپلەك 14 ـ 15 يۈەن، بىر جىڭ كارتۇچكا (ياڭيۇ) بەش يۈەن ئىدى. ئۈچ شىڭ گۈرۈچ، 12 ـ 13 جىڭ ئۇن بىر كىشىگە ئون كۈن ياكى يېرىم ئاي يېتىدۇ، ناۋادا ئۆيدە بىرنەچچە كىشى بولسا، ئۇلار ياشاشقا ئامالسىز قالىدۇ. شۇ چاغدا، يەرلىكتىكى ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ھەرقايسى ئورگانلاردا ئايلىق ئىش ھەققى 500 ـ 600 يۈەن 3 ـ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ساماندەك تۇرسا، ئېيىغا 200 ـ 300 يۈەن ئىش ھەققى ئادەتتىكى خىزمەتچىلەر قانچىلىك نەرسە سېتىۋالالىسۇن؟ ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى كۈن كەچۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە ئىكەن، بۇنىڭدىن ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ قىيىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. 1944 ـ يىلى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتىمۇ ئىنتايىن جىددىي ئەھۋال كېلىپ چىقتى، 104 مىڭ 400 دادەندىن كۆپرەك ئاشلىق كەملەپ قالدى. خەلق ئاشلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدۇ، ئاشلىق قەھەتچىلىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە قاتتىق تەسىر كۆرسىتىدۇ، ۋەزىيەتتىكى داۋالغۇشنى كۈچەيتىدۇ. مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت نۇرغۇن قەغەز پۇل تارقاتتى. 1944 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا تارقىتىلغان شىنجاڭ پۇلى 30 مىليارد يۈەنگە يەتتى، ئەمما ئالتۇن زاپىسى ئاران 50 مىڭ سەر ئىدى، شۇڭا قەغەز پۇلنىڭ كۇرسى بەك چۈشۈپ كەتتى.

1934 ـ يىلى، شېڭ شىسەي بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەربىي ئات تەقدىم قىلىشقا زورلاپ، كەسكىنلىشىپ كەتكەن سىنىپىي زىددىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىۋەتتى، بولۇپمۇ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئات تەقدىم قىلىش ئېغىر ئالۋان ـ سېلىق بولۇپ قالغاچقا، چارۋىچىلارنىڭ قارشىلىق كۆرسەتىش كەيپىياتىنى تېز كۈچەيتىۋەتتى، ئات تەقدىم قىلىش ھەرىكىتى خەلق-

ىنىڭ قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشىگە تۈتۈرۈق بولدى. 1943 - يىلى 3 - ئايدا، شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى شىلىۋېلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە 10 مىڭ ھەربىي ئات تەقدىم قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە ئات تەقدىم قىلىش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى ناھىيىلەر تەقدىم قىلىشقا تېگىشلىك ئات سانىنى، ئات تەقدىم قىلالمايدىغانلار بىر ئاتنىڭ بازار نەرخى پۇلىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تاپشۇرۇشنى بەلگىلىدى، شۇنداق قىلىپ، ئېغىر سېلىق ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتىكى كەڭ نامرات چارۋىچىلارنىڭ زىممىسىگە چۈشتى.

ئېغىر سىنىپىي زۇلۇم شارائىتىدا، كۆپ ھاللاردا، ئىلغار زىيالىيلار ھەممىدىن بۇرۇن ئويغىنىدۇ، ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمى ئاستىدا، شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن تەسىر ۋە تەربىيە ئالغان ئىلغارلار ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ماركسىزم - لېنىنىزم ئىدىيىسىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان كىشىلەر ئاۋۋال ھەر خىل مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ئاممىغا تەشۋىق قىلىدىغان، قوراللىق قوزغىلاڭغا تەشكىلاتچىلىق ۋە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئورگانغا ئايلاندۇردى. بۇ تەشكىلاتلار شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا تارقالغان، بەزىلىرى كىچىك كۆلەملىك قوراللىق كۈرەشمۇ ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، تاشقورغاندا، 1943 - يىلى ئىسھاقبەگ، ئۇبۇلقاسىم، مادايۇپ، مۇھەممەت ئەيسا، شېرىنبەگ قاتارلىق كىشىلەر «ئازادلىق تەشكىلاتى» قۇرۇپ، ئاممىغا تەشۋىقات، تەشكىلات خىزمىتى ئىشلىگەن، 1944 - يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى پارتىزانلىق ئەترىتى قۇرۇپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىگە قارشى قوراللىق ھەرىكەت ئېلىپ بارغان①. غۇلجىدا 1943 - يىلى «ماركسىزم تەتقىقات گۇرۇپپىسى»، «ساۋاقداشلار جەمئىيىتى» قاتارلىق ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار قۇرۇلغان، 1944 - يىلى 7 - ئايدا يەنە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان «ئازادلىق تەشكىلاتى»

---

① شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن. «ئۈچ ۋىلايەتكە ئائىت ماتېرىياللار Ⅰ»، 25 - بەت.

نى مەخپىي قۇرغان. «ئازادلىق تەشكىلاتى» پائال تەشۋىقات ئېلىپ باردى ۋە تەشكىلنى تەرەققىي قىلدۇردى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن تەربىيە ئالغان ئابدۇكېرىم ئابباسوف گومىنداڭنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات قىسمى (مۇستەقىل يىڭ) غا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرىنى جەلپ قىلىپ، ئۇلاردىن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ يۆتكىلىشىنى يېقىندىن كۆزىتىدىغان «ياشلار زەربىدار ئەترىتى» نى قۇردى[1]. چۆچەكتىمۇ «ئازادلىق تەشكىلاتى» بولۇپ، قارمىقىدا تۆت گۇرۇپپا قۇرۇلغان، قوراللىق كۈرەش قوزغايدىغان چاغدا، خائىن چېقىپ قويۇپ، رەھبەرلىرىدىن نۇرغۇن كىشى قولغا ئېلىنغان، لېكىن قالغان ئەزالىرى داۋاملىق ھەرىكەت قىلغان. ئۈرۈمچىدە ئابدۇرىشىت ئەيسا رەھبەرلىك قىلغان «ئازادلىق تەشكىلاتى» ئاساسەن گومىنداڭنىڭ ئىدارىلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرى ئىچىدە كۈچىنى ئۇلغايتقان، گومىنداڭ ھەربىيلىرى ئىچىدىكى ئىلغار كىشىلەرنىمۇ قوبۇل قىلغان، پەيتى كەلگەندە ھەربىيلەر ئىچىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن، گومىنداڭنىڭ ھەربىي مەكتىپىگىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرگەن[2]. بۇ ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار بىر قىسىم كۈچ ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى، ئەمما ئارىسىدا مەلۇم ئاساس تۇرغۇزغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىچكى - تاشقى پايدىلىق ۋەزىيەتتە، ئىلىنى مەركەز قىلغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئاخىر پارتلىدى. شۇڭا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىدا ئىجتىمائىي، سىنىپىي مەنبە بار، بۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ شۇ مەزگىلدىكى مۇقەررەر نەتىجىسى.

---

① شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت ماتېرىياللار II»، 26 - بەت.

② شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت ماتېرىياللار II»، 27 - بەت.

## 2 - بۆلۈم ئىلىدىكى قوزغىلاڭ ۋە ئىلى قوزغىلىڭى

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى - جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تەسىرىدە، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدىكى ئىلغارلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا قارشى جۇشقۇنلۇق ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىنىڭ ماسلىشىشى، ستالىن رەھبەرلىك قىلغان دەۋردىكى سوۋېت خەلقى ۋە سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ قوللىشى بىلەن قوزغالغان گومىنداڭغا قارشى كۈرەش، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئات تەقدىم قىلىش ھەرىكىتىنىڭ سېلىقى ئاساسەن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتىكى نامرات چارۋىچىلارنىڭ زىممىسىگە چۈشتى، ئىلىدىكى «ئازادلىق تەشكىلاتى» بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى. لېكىن، غۇلجىدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى جىق بولغانلىقتىن «ئازادلىق تەشكىلاتى»، «يولۋاسنى تاغدىن ئايرىش» ئۈچۈن، غۇلجىدىن بىرەر يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى نىلقا ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، غۇلجىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ئۇ تەرەپكە تارتىپ، غۇلجا شەھىرىنى قۇرۇق قالدۇرۇپ، ئاندىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى.

نىلقىنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە پايدىلىق، نىلقىنىڭ شىمال تەرىپىدە بولخىنۇر تېغى، شەرق تەرىپىدە ئابرال تېغى بار، قاش دەرياسى شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇنداق شارائىت پارتىزانلارغا بەك پايدىلىق. ئۇلار ھۇجۇممۇ قىلالايدۇ، مۇداپىئەمۇ كۆرەلەيدۇ، كۈچلۈك دۈشمەنگە يولۇققاندا، تارقىلىشىپ يوشۇرۇنۇۋېلىپ، دۈشمەننى ئىسكەنجىگە ئالالايدۇ، ئاجىز دۈشمەنگە يولۇققاندا، ئەس-

كىرىپ كۆچىنى توپلاپ تولۇق يوقىتالايدۇ، پارتىزانلارنىڭ كۆپى ئاتلىق، ھەرىكىتى تېز، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپى پىيادە، يەرلىكلەر بىلەن گەپ ئۇقۇشمايدۇ، يەر شارائىتىنى بىلمەيدۇ، ھەممە ئىشتا پاسسىپ ئورۇندا تۇرىدۇ. پارتىزانلار ئىلقىنى ئالىدىغانلا بولسا، شەرق تەرەپتە كۆنەسنى ئېلىپ، ئۇ يەردىن نارات ۋە خېجىڭ، قاراشەھەرلەرنى ئالالايدۇ، جەنۇب تەرەپتە توققۇزتارا، تېكەس، موڭغۇلكۈرەلەرگە ھۇجۇم قىلالايدۇ، مۇزاتتىن ئۆتۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بارالايدۇ ياكى قاش دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىلى دەرياسىنى بويلاپ غۇلجىغا كېلەلەيدۇ؛ شىمالدا لوسىگۇڭدىن ئۆتۈپ چىڭگىلغا بېرىپ، ئۈرۈمچى - ئىلى تاشيولىنى كېسىپ تاشلىيالايدۇ ۋە بورتالا، شىخو، ماناسلارنى ئالالايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە گومىنداڭنىڭ ھېچقانچە قوراللىق كۈچى يوق ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ قورال تاپشۇرۇش توغرىسىدا قايتا - قايتا بۇيرۇق چۈشۈرگىنىگە قارىماي، بۇ يەردىكى چارۋىچىلار مال بېقىش، ئوۋ ئوۋلاش ئېھتىياجى ئۈچۈن قوراللارنى مەخپىي ساقلىغانىدى، قوزغىلاڭ مەلۇم ماددىي شارائىتقا ئىگە ئىدى. شۇڭا، ئىلقا ناھىيىسى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن باب يەر بولۇپ قالدى. «ئازادلىق تەشكىلاتى» بىر تەرەپتىن غۇلجا قوزغىلىڭىغا تەييارلىق قىلدى، بىر تەرەپتىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىلقىغا ئادەم ئەۋەتتى. 1944 - يىل 8 - ئايدا ئىلقا يەرلىك ماللار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى پاتىخ قاتارلىق كىشىلەر ئىلقىنىڭ ئۇلاستاي رايونىغا بېرىپ، پاتىخ، ئەكبەر، سىيىت، قۇربان، بايچۇرىن، نۇرۇم، ئوسمان، غەنى قاتارلىق كىشىلەرنى يادرو قىلغان پارتىزان تەشكىل قىلدى. ئاممىنى ئويغىتىش ۋە قوزغاش ئۈچۈن، پارتىزانلار ئۇلاستاي تاغلىق رايوننىڭ جارۇڭكۆل، جەرتۆگە، كۆكباي قاتارلىق يەرلىرىدە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇدھىشلىكىنى پاش قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ جىنايىتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدىغان تەشۋىقات قوللانمىلىرىنى تارقاتتى، نامرات خەنزۇ خەلقىگە ئېتىبار بېرىپ گەزلىمە، چاي، شېكەر تارقىتىپ بەردى؛ شۇ يەردىكى ئابرويلۇق كىشىلەرنى، قەبىلە باشلىقلىرىنى، گومىنداڭ تۇتقۇن قىلماقچى بولغان جىنايەتچىلەرنى ۋە ئەل ئىچىدىكى مەرگەنلەرنى پارتىزانلىققا قوبۇل

قىلدى①. شۇ يەردىكى خەلقلەر پارتىزانلارنى پائال قوللىدى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئېتىنى مىنىپ، ئوزۇق - تالقىنىنى ئېلىپ قارا مىلتىق، ئوۋ مىلتىقلىرىنى ئېسىپ، قولغا نەيزە، كالتەك، پىچاقلىرىنى ئېلىپ كېلىپ پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشتى. يېرىم ئاي ئىچىدە 650 كىشى ئەسكەر بولدى، چارۋىچىلار 300 ئات، 3000 ـ 4000 قوي، 360 تاغار ئاشلىق ئېلىپ كېلىپ ئۆز قوشۇنىغا ياردەم بەردى. پارتىزانلارنىڭ تەسىرى بارا - بارا كېڭەيدى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ساراسىمىگە چۈشتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن پارتىزانلارنىڭ تەسىرىنى جېنىنىڭ بارىچە كىچىكلەتتى ۋە پارتىزانلارنىڭ كۈرىشىنى قارىلىدى، پارتىزان دېگەن نېمە مەۋجۇت ئەمەس. بىر نەچچىلا «ئوغرى» ۋە «قاراقچى» ئىسيان كۆتۈردى، دەپ خەقنى ئالدىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «كىمكى ئۇلارنى تۇتۇپ بەرسە 1000 قوي ئىنئام قىلىمىز، (قاراقچىلار) نى ھىمايە قىلسا ۋە قوللىسا بالا - چاقىسى بىلەن قوشۇپ كاللىسىنى ئالىمىز» دەپ ئۇلاستاي چارۋىچىلىرىغا تەھدىت سالدى ۋە ئۇلارنى قىزىقتۇردى②. 8 - ئاينىڭ 17-كۈنى، پارتىزانلار ئۇلاستايغا بېرىپ تەتۈر تەشۋىق قىلىپ ناھىيىگە قايتىپ كېتىۋاتقان ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە قوراللىق ساقچىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ئون نەچچە ساقچىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى غەنىيمەت ئالدى، قالغان دۈشمەنلەر پەرەختەن بولۇپ قېچىپ كەتتى، پارتىزانلارنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇنجى قېتىملىق قوراللىق قوزغىلىڭى ئىلھام بەخش غەلىبىسىگە ئېرىشتى.

1944 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئۇلاستاي پارتىزانلىرى تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئۈچ داۋۇي تەشكىل قىلدى، ئۇ چاغدا پارتىزانلار ئەترىتىدە 200 دەك ئادەم، 60 تەك مىلتىق بار ئىدى. ئۇلار پائال كۈچ توپلاپ، ئىلقا بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ بىندېنى غۇلجىغا ئەۋەتتى، ئۇ چاغدا

---

① «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى»، قولىيازما، 26 - بەت.
② «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت ماتېرىياللار I»، 30 - بەت.

ئىلى ۋالىيسى چىياۋگېن قاماقتا بولغاچقا، ۋاقىتىنچە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋ ۋېي مۇۋەققەت ۋالىي بولۇپ تۇرغانىدى، لىيۇبىندې ئىلىلىق خۇيزۇ بولۇپ، شىڭ شىسەيگە جان - دىلى بىلەن ئەگەشكەنلىكتىن ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنىدى، ئۇ ناھايىتى ياۋۇز، ئەكسىيەتچى بىر نېمە ئىدى، ئىلىغا بارغاندىن كېيىن، ئۆلكىگە نەپ بېرىش بىلەن باستۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى قوللىنىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، ئۇ ئىلىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئاز ساندىكى پاراكەندىچىلەرنى قولغا ئېلىش بىلەن تۈزىگىلى بولمايدۇ، خېلى ساندا ئەسكەر ئەۋەتىپ باستۇرۇش كېرەك دەپ قارايتتى. ئۇ ئات تەقدىم قىلىشنى توختىتىش، بالدۇرراق ۋالىي تەيىنلەش، يەرلىك مۆتىۋەرلەردىن كۆرسىتىش، ئىلىنى ساقلاپ تۇرغان قىسىملارنى كۆپەيتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، لىيۇبىندې يەرلىك ئادەم بولغاچقا شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلەتتى ھەم بىر يۈرۈش ئەكسىلئىنقىلابىي تەجرىبىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىكار ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ باش قاتۇرۇپ تېپىپ چىققان چارىسىنى ئۆلكە قوبۇل قىلمىدى. ئۇ چاغ شىڭ شىسەي جۇ شاۋلياڭغا ئىش ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقىت ئىدى، ئۆلكە بۇ كىچىككىنە «قوراللىق توپىلاڭچىلار» بىلەن ئىلىنىڭ جىددىي ۋەزىيىتىگە ئەھمىيەت بەرمىدى. 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، جۇ شاۋلياڭ زاپاس 7 - شىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى دۇدېفۇنى ئايروپىلان بىلەن ئىلىغا ئەۋەتتى. 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋجۇڭمىڭ 300 دىن ئارتۇق ئەسكەر، ساقچىنى باشلاپ، ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ نىلقىغا ھۇجۇم قىلدى، بىرىنچى يول پارتىزانلارنىڭ شىمالغا يۈرۈشىنى توسۇش ئۈچۈن مازار ئارقىلىق لۇسىگۇڭغا قاراپ ماڭدى. ئىككىنچى يول ئۇدۇل ئۇلاستايغا يول ئالدى. ئۈچىنچى يول چۇلۇقاي ئارقىلىق تۇلۇمدۆڭگە قاراپ يولغا چىقتى. 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ئۇلاستايغا بارغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئون ئادىمى پارتىزانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بىرمۇنچە قورالدىن ئايرىلدى. 24 - كۈنى، مازارغا بارغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىمۇ پارتىزانلار تەرىپىدىن قورشىۋېلىنىپ، ئېغىر چىقىمدار قىلىندى. 28 - كۈنى پارتىزانلار

مازارغا بېسىپ كىرىپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە توسۇپ زەربە بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە نىلقا بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلدى.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، پارتىزانلار ۋە ئامما بولۇپ 1600 دەك ئادەم ئۇلاستاي تاغ رايونىغا يىغىلدى، پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ دادۇيجاڭى قۇربان كۆپچىلىكنى سەپەرۋەر قىلدى. پارتىزانلارنىڭ قوماندانى پاتىخ نىلقىغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى پىلان بىلەن بۇيرۇقنى ئېلان قىلدى. پارتىزانلار ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى.

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى 600 دىن ئارتۇق پارتىزان نىلقا بازىرىنى جەنۇب، غەرب ۋە شىمال تەرەپلەردىن قورشىدى. شەھەرنىڭ جەنۇبىدا غېنى باشچىلىقىدىكى 2 - دادۇي، شەھەرنىڭ غەربىدە بايچۇرىن باشچىلىقىدىكى 3 - دادۇي، شەھەرنىڭ شىمالىدا ئەكبەر باشچىلىقىدىكى 1 - دادۇي قورشاپ تۇردى.

نىلقا بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشتا ھەممىدىن ئاۋۋال ئون كىشىدىن تەشكىللەنگەن زەربىدارلار ئوق چىقاردى، زەربىدارلار ئاۋۋال كۈلۈبقا جايلاشقان دۈشمەننى ئۆلتۈردى، ئاندىن شەھەرگە ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننى كۈلۈبنىڭ يېنىدىكى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئەتراپىدا دۈشمەنلەرنىڭ قۇم قاچىلانغان تاغاردىن ياسىغان پۇختا ئىستىھكامى بار ئىدى. شۇڭا، 27 سائەت قاتتىق جەڭ بولدى، پارتىزانلار كۈلۈبقا ئوت قويىدى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئېمىنى پارتلاتتى ۋە دۈشمەنگە بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلدى، دۈشمەننىڭ 140 تەك ئادىمى جان تالىشىپ بېقىپ، پارتىزانلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا چىدىماي، ئاخىرى 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئەتىگەندە ئاق بايراق چىقىرىپ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى، پارتىزانلار نىلقا بازىرىنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، دەرھال تۈرمىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، 100 دىن ئارتۇق گۇناھكارنى قويۇپ بەردى، شۇ كۈنى بىر قىسىم پارتىزانلار جىلڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى دىڭلوسكۇغا يېقىن جايلارنى ۋە غۇلجىدىن نىلقىغا بارىدىغان يولدىكى ئۆتكەل - مازارغا يېقىن جايلارنى ئىشغال قىلدى.

ئىلقىنى پارتىزانلارنىڭ ئىشغال قىلىشى ۋۇ جۇڭشىننىڭ «قائىدە، قانۇن، ۋاپادارلىق» دەپ تۇۋلاپ، «باستۇرۇش بىلەن مېھرىبانلىقنى تەڭ قوللىنىش» نەيرەڭىنى ئىشلىتىشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل فاڭجېننى يۈرگۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا توغرا كەلگەنىدى. بۇ ئەكسىيەتچىلەر ئۈچۈن تازا قاتتىق مەسخىرە ۋە زەربە بولدى. ئىلقىنىڭ قولدىن كېتىشى ئىلىدىكى ھەربىيلەر ئۈچۈن قورقۇنچلۇق خەۋەر ئىدى. دۇدېفۇ ياردەم سوراپ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە ماڭدى، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ھۆكۈمەتكە دەرھال ئاممىنىڭ قوغدىنىش ئەترەتلىرىنى تەشكىل قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، ئەنسىز تېلېگراممىلار ئۆلكىگە ئۈزۈلمەي كەلگىلى تۇردى. لېكىن، ئۆلكە ئانچە ئەنسىرەپ كەتمىدى، ئۇلار ئۈممىدنى غۇلجىنىڭ ئازراق ئەسكەر چىقىرىپ باستۇرۇشىغا باغلىدى، ئۇلار ئىلىدا ۋەزىيەتنىڭ ئۇنچىۋالا ئېغىرلىشىپ كېتىشىگە ئىشەنمىدى، شۇڭا دېڭ شياڭخەيىنى ئىلىغا «ھال سوراش» قا ئەۋەتتى. دېڭ شياڭخەي غۇلجىغا بېرىپ ھەر مىللەت مۆتىۋەرلىرىنى يىغىپ، قوشنا جايلارنى تىنچىتىش توغرىسىدا گەپ سېتىپ ۋە «قائىدە، قانۇن، ۋاپادارلىق» نى بازارغا سېلىپ، ئاممىنى ئالدىماقچى بولدى. لېكىن، خەلق ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنمەيتتى ۋە ئالدانمايتتى. ئەمەلىيەتتە دېڭ شياڭخەي غۇلجىغا «ھال سوراش» ئۈچۈنلا بارغان ئەمەس، «ھال سوراش» بىر نىقاب ئىدى، ئاستىرتىن ھەر مىللەت يۇرت چوڭلىرىنى تىزگىنلەش، ئەسكەر تەربىيىلەش، قوغدىنىش ئەترەتلىرىنى تەشكىللەش، خەلقنى ئۆزلۈكىدىن «قاراقچى» لارنى تۇتۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، يۇرتنى تازىلاش ئىشلىرىغا كىرىشتى ھەم ساقچى ۋە ئامانلىقنى ساقلاش قىسمىغا، ھەربىيلەرگە ماسلىشىپ «قاراقچى» لارنى تازىلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى①. لېكىن، ئالتاي، جىمنەيگە چارۋىچىلار ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدىنمۇ ئەنسىز تېلېگرامما ئۈزۈلمەي كەلگىلى تۇردى. شۇڭا، گومىنداڭ ئىلىغا ئارتۇقچە ئەسكەر ئەۋەتەلمىدى، 10 -

① «باش قوماندان لى قاتارلىقلارنىڭ جىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى»، ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىل) 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى.

ئاينىڭ 12 - كۈنى نىلقىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى مازارغا چېكىنىدى، زاپاس 7 - شىدىكى پېڭ جۇنيى تۈەنىنىڭ 2 - يېڭى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ چىڭگىلدىن غۇلجىغا باردى. 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، 7 - شىنىڭ شىتاپ باشلىقى ساۋېلىنىڭ غۇلجىغا تىنچلاندۇرۇش قىسىملىرىنىڭ قوماندانى قىلىپ ئەۋەتىلدى، دۇدېڭغا ئۇرۇمچىگە كېلىپ مەسلىھەتلىشىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىلدى①. پېڭ جۇنيى، ساۋرېلىڭلار غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ جىڭ، بورتالا، ئارشاڭدىن باشقا جايدىكى قورۇقلۇق قىسىملىرى بىلەن ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنى قولىدا تۇتتى، ساۋرېلىڭ 19 - كۈنى غۇلجىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، «ئىلى ۋىلايىتىنى تىنچلاندۇرۇش پىلانى» ، «نىلقا ئەتراپىدىكى ‹قاراقچى› لارنى تازىلاش پىلانى» تۈزۈشكە كىرىشتى، ئىلىدا بار ئەسكىرىي كۈچلەرنى مازاردىن ياماتۇ ئارقىلىق شەرققە يۆتكەش؛ كۈچادىكى ئاتلىق 4 - تۈەننى مۇزداۋان ئارقىلىق تېكەسكە، ئاندىن ئۇ يەردىن شىمالغا يۆتكەش؛ زاپاس 7 - شىدىكى جياڭ شۈەنچۈەنىڭ تۈەنىنى جىڭغا، ئۇ يەردىن دېڭلۇسكۇ ئارقىلىق نىلقا تەرەپنى توسۇشقا يۆتكەشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلىدىن 1600 دەك ئەسكەر نىلقىغا يۆتكەلسە، غۇلجىدا 1500 دەكلا ئەسكەر قالىدۇ - دە، «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ دۈشمەنىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى چېچىۋېتىپ، ئىلىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش مەقسىتى ئىشقا ئاشىدۇ.

پارتىزانلار نىلقىنى ئالغاندىن كېيىن، باش شتابنى ئۈلاستايدىن نىلقىغا كۆچۈردى، پارتىزانلار ئالۋان - ياساقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى، نۇرغۇن كىشىلەر خەۋپ - خەتەرگە قارىماي گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايوندىن قېچىپ چىقىپ پارتىزانلارغا قاتناشتى، بۇنىڭ بىلەن بۇ قوراللىق كۈچ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈچ دادۈي، 800 دەك كىشىگە كۆپەيدى. 1 - دادۈيگە ئەكبەر رەھبەرلىك قىلدى،

① «باش قوماندان لى قاتارلىقلارنىڭ جىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى»، ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىل) 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى.

سىيىت مۇئاۋىن دۇيجاڭ بولدى، بۇ دۇي ئاساسەن قازاقلاردىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، 260 تەك ئادىمى بار ئىدى. 2 ـ دادۇيگە غەنى رەھبەرلىك قىلدى، بۇ دۇينىڭ ئاساسىي قىسمى ئۇيغۇر، موڭغۇل بولۇپ، ئاز ساندا شىبە بار ئىدى، ئۇنىڭدا 230 دەك ئادەم بار ئىدى. 3 ـ دادۇيگە شىتوپ ئىۋان رەھبەرلىك قىلدى، بۇ دۇينىڭ كۆپ قىسمى رۇس بولۇپ، ئاز ساندا باشقا مىللەتلەرمۇ بار ئىدى. 200 دەك ئادىمى بار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم ئارقا سەپ خادىملىرى بار ئىدى. 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى نىلقىنى ئېلىپ 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پارتىزانلار غۇلجىدىن نىلقىغا بارىدىغان يولدا يەنى مازار، سۇبۇتاي، قاراسۇ قاتارلىق جايلاردا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ نۇرغۇن قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى، ئۇلارنىڭ كۈچى كېڭىيىپ توققۇزتارا، قاش دەرياسىنىڭ جەنۇبى، قاراسۇنىڭ شىمالىدىكى تاغ، مازارنىڭ شىمالىدىكى بورباس، ئىلى دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى سامىيۈز، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ياماتۇغىچە يېتىپ باردى. 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، پارتىزانلار گومىنداڭنىڭ مازاردىكى قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، غۇلجىنىڭ ئەتراپىدا بىرنەچچە ئون قوراللىق رۇس دۇشمەننىڭ ھاۋا ئارمىيە تەلىم - تەربىيە دۇيىگە ھۇجۇم قىلدى. 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قىسمەن پارتىزانلار دىڭلۇسكۇغا يۈرۈش قىلدى، 200 دەك پارتىزان جىڭ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە، پەيچۇسوغا ھۇجۇم قىلدى، 23 ـ كۈنى 300 دەك پارتىزان جىڭ ناھىيىسىگە 30 يول يېقىنلاپ باردى.

1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ بېشىدا پارتىزانلار ئىلى «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، غۇلجىدىكى ئىنقىلابىي كۈچكە ماسلىشىپ غۇلجىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن نىلقىنى تاشلاپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى شەرققە تارتتى①. شۇنداق قىلىپ، 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سائەت بەشتە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى نىلقىغا كىردى، 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى پارتىزانلار پۈتۈنلەي ئۇلاستايغا چېكىندى، چېكىنىش ۋاقتىدىكى ئۇرۇشتا ئەكبەر

① «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى»، 3 ـ قىسىم، «غۇلجىنىڭ ئېلىنىشى ۋە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئازادلىقى»، 1 ـ ، 3 ـ بەتلەر.

ئېغىر يارىلىنىپ، 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يەنى غۇلجا ئىنقىلابى باشلىنىپ 3 - كۈنى قۇربان بولدى. ئۇ قازاق ئىچىدىن چىققان ھەم زېرەك ھەم چەۋەر قەھرىمان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاپاتى پارتىزانلار ئۈچۈن ئېغىر يوقىتىش ئىدى. ئەكبەر قۇربان بولغاندىن كېيىن ئىنىسى سىيىت ئۇنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىدى، ئەپسۇسكى، 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى غۇلجىغا ھۇجۇم قىلغاندا، سىيىتمۇ ئاكىسى بىلەن بىر كۈندە، ئەمما باشقا جايدا قۇربان بولدى.

غۇلجا «ئازادلىق تەشكىلاتى» پارتىزانلارغا غۇلجىغا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىش بىلەن بىللە، غۇلجا شەھىرىدە تەشۋىق - تەشكىلىي خىزمەتلەرنى پائال ئىشلىدى ۋە لوسىگۇڭدا دېھقان، چارۋىچىلاردىن قازاق، ئۇيغۇر، رۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پارتىزان ئەترىتىنى تەشكىل قىلدى. 11 دانە مىلتىق بىلەن قوراللانغان 48 كىشىلىك بۇ قوراللىق قوشۇننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى لوسىگۇڭنى ئىگىلەپ، ئۈرۈمچى تاشيولى بىلەن ياردەمگە كەلگەن دۈشمەن ئەسكىرىنى توسۇپ، غۇلجىنى ئازاد قىلىش جېڭىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا، كەڭساي، سۇيدۇڭ قاتارلىق جايلاردىمۇ پارتىزان ئەترەتلىرى قۇرۇلدى ۋە ئىلىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، پىلان بويىچە نىلقا پارتىزانلىرى غۇلجىغا ئۈچ تەرەپتىن تەڭ ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، غۇلجىدا مەخپىي قۇرۇلغان پارتىزانلارمۇ ھەرىكەتكە كىرىشتى. لېكىن، تۈرلۈك سەۋەب بىلەن نىلقىدىكى پارتىزانلار بەلگىلەنگەن جايغا ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىدى ۋە ھۇجۇم قىلالمىدى. شۇ كۈنى ئاخشامدا غۇلجا «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ رەھبەرلىكىدە ئالېكساندىر، رەھىمجان، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان ھەربىي قوماندانلىق شتابىنىڭ ئەزالىرى ئۈچ دەرۋازىدا مەجلىس ئېچىپ، 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، يەنى سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ 27 - يىللىقىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى.

غۇلجىنىڭ 11 - ئاي كۈنلىرىدە، ھەر كۈنى ئەتىگەندە سىم تۈۋرۈكلە-

رىگە قار باغلاپ كەتكەن ئۇيغۇرچە، رۇسچە شوئارلار چاپلىنىپ تۇراتتى. قارا لاتىغا ئورالغان تەشۋىقات ماتېرىياللىرى قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى، ئۇ شوئارلار خەلقنى بىرلىشىپ، زالىم ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇشقا چاقىرغانىدى. 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچىدىن ئۆلكىگە يوللانغان تېلېگراممىدا: «غۇلجا قوزغىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، قوزغىلاڭغا تەييارلانغان قورال شەھەر ئىچىگە توشۇلۇپ بولدى» دېيىلگەن. 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، نىلقىدىن كەلگەن 5000 غا يېقىن پارتىزان (500 دىن ئارتۇق قورال بىلەن) ئۈچ دادۈي قىلىپ تەشكىللىنىپ، غۇلجا شەھىرىگە غەربىي جەنۇب، شەرقىي جەنۇب ۋە شىمال تەرەپتىن يېقىنلاپ كەلدى. 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، سەھەردە غۇلجىغا جەنۇب تەرەپتىن يېقىنلاپ كەلگەن 2 ـ دادۈي ئاۋۋال ھۇجۇم باشلىدى ۋە بىرىنچى رايون ساقچى ئىدارىسىنى ئالدى، 80 دىن ئارتۇق گۇناھكارنى بوشاتتى، شەھەر ئىچىدە يۈزدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى ماسلىشىپ ھەرىكەتكە كىرىشتى، ئاۋۋال ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ غەربىدىكى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ بىناسىنى ئىگىلەپ، ۋالىي مەھكىمىسى، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ۋە سانائەت شىركىتىنى تىزگىنلىدى، شۇ كۈنى گومىنداڭنىڭ ھەربىي مەمۇرىي قوماندانلىق شتابىنى ئىشغال قىلدى. ساۋرىلىڭ قوماندانلىق شتابىنى شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ھاۋا ئارمىيە تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتىگە يۆتكەپ، داۋاملىق تىركەشتى. كەچ سائەت ئىككىدە سانائەت شىركىتىدىن چېكىنگەن دۈشمەنلەر شىمال ۋە جەنۇب تەرەپتىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپ، مۇھاسىرىنى بۇزۇپ ھاۋا ئارمىيە تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتىگە چېكىندى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە ۋە ھەرەمباغقا بېرىۋالدى، ھاۋا ئارمىيە تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتى ۋەزىيەتنى ئۆگىنىشماقچى بولۇپ، ئىككى دانە قوغلىغۇچى ئايروپىلاننى يەتتە قېتىم ئىشقا سېلىپ باقتى، كار قىلمىدى، شۇ كېچىسى مىلتىق ئاۋازى بېسىقتى، 8 ـ كۈنى پارتىزانلار ئاز ساندىكى تايانچ پۇنكىتلاردىكى دۈشمەنلەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، شىساخېزى رايونىنى، ئالتە سىياسەت كوچىسى ۋە سۇلتانكۆكنى ئىشغال قىلدى، بىر قىسىم پارتىزانلار ياردەمگە

كەلگەن دۈشمەننى توسۇش ئۈچۈن غۇلجىنىڭ شىمالىدىكى قوماندانلىق شتاب جايلاشقان كۆۋرۈك بېشىنى تىزگىنلىدى، ساۋرېلىنىڭ ياردەمگە كېلىش توغرۇلۇق نىلقا دىڭلوسكو، جىڭدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈردى، شۇ كۈنى پارتىزانلار ئۈرۈمچى - غۇلجا تاشيولىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن يېڭى ئەرتەيىنى ئىشغال قىلدى. 9 - كۈنى پارتىزانلار غۇلجا تېلېفون ئىدارىسىنى ئىشغال قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە قورغاس ئەتراپىدا 1000 دىن ئارتۇق پارتىزان توپلىنىپ، لوسىگۇڭ، كەڭساي، گۇاڭرېن، كونا ئەرتەيىنى ئىشغال قىلدى. كورە، كەڭساي، بورتالا، ئارشاڭ قاتارلىق جايلاردىكى پارتىزانلارمۇ غۇلجا قوزغىلىڭىغا ماسلاشتى. غۇلجىدا دۈشمەن قىسىملىرىدىن جيالىڭ شۈەنچۈەن تۈەنى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 3 - يىگنى كوچا ئاختۇرۇشقا چىقارغان بولسىمۇ، مەغلۇپ بولدى، كوچا ئېغىزلىرىنى پارتىزانلار قامال قىلغانىدى①. 10 - كۈنى گومىنداڭ قوشۇنى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، كوماندىرلارنى ئۆلتۈرۈپ، پارتىزانلار تەرەپكە ئۆتتى. پارتىزانلار ھاۋا ئارمىيە تەلىم - تەربىيە ئەترىتىگە قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننى ئېغىر چىقىمدار قىلدى. 12 - كۈنى ئىككى تەرەپ كەچكىچە قاتتىق سوقۇشتى، تۈندە پارتىزانلار يەرلىك ماللار شىركىتىنى ئېلىپ، ئۇ يەردىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. 13 - كۈنى ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بىلەن تېلېگراف ئىدارىسىنى ئېلىپ، ساقچى ئىدارىسىدىكى دۈشمەننى پۈتۈنلەي يوقاتتى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋۋېي تۈرمىدىكىلەرنى قىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۆزى چاپچال ئارقىلىق كۈرەگە قېچىپ كەتتى. 14 - كۈنى پارتىزانلار مەركىزىي رايوننى پۈتۈنلەي ئىگىلىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پۈتۈنلەي غۇلجىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى گۇيۋاڭمياۋ بۇتخانىسىغا، ھاۋا ئارمىيە تەلىم - تەربىيە ئەترىتى ۋە ئايرودرومغا چېكىندى، ھاۋا ئارمىيە تەلىم - تەربىيە ئەترىتى بىلەن ئايرودروم-

① «باش قوماندان لى قاتارلىقلارنىڭ جىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى»، ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىل) 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى.

ىنىڭ ئارىلىقى بەش چاقىرىم بولۇپ ئەتراپىدا تام، پوتەي بار، ئىستىھكاملىرى پۇختا، ئەسكەرلىرى يىڭنىچە پىلىموت بىلەن قوراللانغانىدى. پارتىزانلار غۇلجىنى تولۇق قولغا ئېلىشتىن بۇرۇن، گومىنداڭ قىسىملىرىغا كېرەكلىك قورال، ئاشلىق، جابدۇقلار ئاساسەن ئايروپىلان بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىلگەن.

پارتىزانلار غۇلجىدىكى دۈشمەننىڭ ھەرقايسى مۇھىم تايانچ پونكىتلىرىنى ئىگىلەش بىلەن بىللە، بىر تەرەپتىن، ياردەمگە كەلگەن دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئىلىنىڭ يوللىرىنى كونترول قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلى ۋىلايىتى دائىرىسىدە دۈشمەنگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پارتىزانلار سەنتەيىنى ئىشغال قىلىپ، ئىلى ـ ئۈرۈمچى تاشيولىنى ئۈزۈۋەتتى. 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، لىسكىننىڭ باشچىلىقىدا 60 پارتىزان كەڭسايىنى ئىشغال قىلدى ۋە قامال قىلدى. كەڭساي ئۈرۈمچى ـ ئىلى تاشيولىنىڭ غۇلجىغا كىرىدىغان بوغۇزى بولۇپ، ئىككى تەرىپى ئېگىز تاغ، ئوتتۇرىسى جىلغا، يولى ئەگرى ـ بۈگرى مۇھىم جاي ئىدى، شۇ چاغدا ئۇ يەردە چوڭ ـ كىچىك 50 تىن ئارتۇق كۆۋرۈك بار ئىدى. 9 ـ كۈنى لىسكىن باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار جىلغىنىڭ ئېغىزىنى شاخ، مۇز بىلەن توسۇۋەتتى ۋە ئۇ يەرگە پوتەي ياساپ، گومىنداڭنىڭ ياردەمگە كەلگەن ئەسكەرلىرىنى كەڭسايدىن ئۆتكۈزمىدى، دۈشمەن غۇلجىغا ياردەم بېرىشكە ئامالسىز قالدى. 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، غۇلجىدا ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. پارتىزانلار شۇ كۈنى لوسىگۇڭنى، 13 ـ كۈنى ئەرتەيىنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جىڭ، داخېيەندىن كېلىدىغان دۈشمەننى توسۇش ئۈچۈن، يەنە بىر قىسىم ئەسكەر چىقىرىپ، نىلقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى دىڭلوسكۇغا بارىدىغان يولنى ئىگىلىدى. مۇھىم ئېغىزلارنى قامال قىلىۋالغاندىن كېيىن، پارتىزانلار پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتىدە دۈشمەنگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى توققۇزتارا، كۆنەس، تېكەستىكى كوماندىر ئەسكەرلەر، ساقچىلار، سودىگەرلەر يۈلتۇز ئارقىلىق قاراشەھەرگە قاچتى، يولنى مۇز قاپلاپ كەتكەچكە تولىسى ئۆلۈپ تۈگىدى. 18 ـ كۈنى موڭغۇلكۈرەدىكى

ئەمەلدار، ساقچىلارنىڭ بالا - چاقىسى مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ ئاقسۇغا قاچماقچى بولغاندا قوزغىلاڭچىلار سۈرۈپ توقاي قىلدى، ۋەنسۇغا ئون نەچچىسىلا ساق يېتىپ بارالىغان. 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مۇختەرۇپ پارتىزانلىرى شۇ جايدىكى ئامىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن قورغاس بازىرىغا ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى، ئۇلار سېپىلغا شوتا قويۇپ، تۆت سائەتلىك قاتتىق ئۇرۇشتىن كېيىن شەھەرنى ئالدى[①] . 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پارتىزانلار كۈرەنى ئالدى، كۈرە بۇرۇن ئىلى جياڭجۈنى تۇرغان قەلئە بولۇپ، سېپىلى ئېگىز، ئەسكىرىي كۈچى جىقراق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇشقا غۇلجىدىن قېچىپ كەلگەن ساقچى باشلىقى گاۋۋېي باشچىلىق قىلغاچقا، دۈشمەن بىر ئايدىن ئارتۇق تىركىشىپ باقتى، لېكىن شەھەر ئىچىدە ئاشلىق ئۈزۈلۈپ ئەسكەرلەرنىڭ روھى چۈشۈپ، ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەچكە، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ تۈەنجاڭى بىلەن گاۋۋېي ئامالسىز ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، شەھەر ئىچىدىكى دۈشمەنلەر تەسلىم بولدى. 18 - كۈنى پارتىزانلار كۈرەنى ئىشغال قىلدى. 12 - ئاينىڭ 25-كۈنى، قورغاس پارتىزانلىرى سۈيدۈڭگە ھۇجۇم قىلدى، شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدا لەخمە قېزىپ، سېپىلنى پارتلىتىپ، سۈيدۈڭنى ئالدى. 1945-يىلى 1 - ئايدا پارتىزانلار ئارشاڭ ناھىيىسىنى ئالدى. 2 - ئاينىڭ 23-كۈنى، بورتالانى ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىلى ۋىلايىتىدە، جىڭ ناھىيىسى گومىنداڭنىڭ قولىدا قالغاندىن باشقا، قالغان ئون ناھىيە (غۇلجا، سۈيدۈڭ، توققۇزتارا، نىلقا، تېكەس، موڭغۇلكۈرە، چاپچال، ئارشاڭ، بورتالا، قورغاس) ۋە بىر شىبجىجۈي (كۆنەس) پۈتۈنلەي پارتىزانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى[②] .

ئىلى قوزغىلىڭىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئارشاڭنىڭ ھاكىمى ۋاڭ بىڭشياڭ ۋۇ جۇڭشىنغا خەۋەر قىلىدۇ. 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ۋاڭ بىڭشياڭ كەينى - كەينىدىن ئىككى پارچە تېلېگىرامما يوللايدۇ. ئىككىنچى تېلېگىرام-

---

① «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت ماتېرىياللار IV» 29 - بەت.

② سوفۇش ئەھۋالى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ماتېرىياللار IV» . جۇدۇڭجياۋ: «شىڭ شىسەي شىنجاڭدا» قاتارلىق ماتېرىياللارنىڭ مۇناسىۋەتلىك بابلىرىغا ئاساسەن رەتلەندى.

مىدا مۇنداق دەيدۇ! «ئەيھانناس، ئۈرۈمچىگە، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ۋۇجوڭشىن جانابلىرىغا: ئەرتەي تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ تېلېفوندا خەۋەر قىلىشىچە، غۇلجىدا تۆنۈگۈن يېرىم كېچىدە، قاراقچىلار بىلەن ئۇرۇش بولغان، 7 - كۈنى چۈشكىچە خەۋپ تۈگىمىگەن، ۋەزىيەت بەك جىددىي. ھازىر غۇلجا بىلەن ئالاقە ئۈزۈلدى، دەرھال ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىلسە، كېچىكىپ قېلىپ، مۇبادا غۇلجا قولدىن كېتىپ قالسا، ئارشاڭنى ساقلاپ قېلىشمۇ تەس بولىدۇ. ئالدىنقى تېلېگراممىدا بىر يىلىك ئەسكەر ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلغانىدىم. ئارشاڭغا ئەسكەر كەلمىسە، ئۆزىمىزنى قوغدىيالمايمىز. بۇيرۇقلىرىنى كۈتىمىز» ۋۇجوڭشىن 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگە كەلگەندە، ئاندىن شتاب باشلىقى يۈي دانىڭ غۇلجا قوزغىلىڭى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىغان، چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە ۋۇ جوڭشىن شەرقىي باغچىدا جۇ شاۋلياڭ بىلەن سۆزلىشىپ مۇنداق قارار قىلغان: 1. شىنىڭ شىجاڭى لى يۈيشياڭنى غۇلجىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتىش؛ 2. ھۆكۈمەت تەرەپتىن دېڭ شياڭخەينى غۇلجىغا ھال سوراشقا ئەۋەتىش؛ 3. زوشۇپىڭنى ئىلى ۋىلايىتىگە ۋالىي قىلىپ، لى يۈيشياڭ، دېڭ شياڭخەيلەر بىلەن بىللە ئەۋەتىش؛ 4. تاشقى ئىشلار خادىمى مەھكىمىسى ئىلىدا سوۋېت بىلەن تاشقى ئىشلارغا ياردەملىشىش ئۈچۈن غۇلجىغا ئادەم ئەۋەتىش①. لى يۈيشياڭ، زوشۇپىڭلار 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى غۇلجىغا ئۇچماقچى ئىدى. غۇلجىنىڭ ۋەزىيىتى ئېغىر بولۇپ، ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش - قونۇشىغا كۆز يەتمىگەنلىكتىن ۋاقتىنچە توختاپ تۇردى. 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ۋۇ جوڭشىن بىلەن جۇ شاۋلياڭ باش قوماندان نامىدىن شۇ كۈنى كېچىدىن باشلاپ غۇلجا ۋىلايىتىدە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىشنى، كۈتمىگەن ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، خارجى ئىشلار مەھكىمىسى غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىغا يېقىن ئەتراپتىكى سوۋېت گراژدانلىرىنى كونسۇلخانىغا يىغىشنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى قارار قىلدى ھەم شۇ كۈنىلا ھەربىي ئەھۋالنى جياڭ

① ۋۇجوڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىل) 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى.

جىبېشىغا دوكلات قىلدى. 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ۋۇ جۇڭشىن جىيالىڭ جىبېشىغا يوللىغان دوكلاتتا مۇنداق دېگەن: «ھازىر ھەربىي تېلېگراف راۋان، غۇلجا بىلەن سۈيدۈڭ ئارىلىقىدىكى كەڭسايىنى (قاراقچىلار) توسۇپ قويدى. غۇلجىنىڭ شىمالىدىكى ئەرتەيىنىمۇ رۇس (قاراقچىلار) بېسىۋال-غان، سۈيدۈڭ خەۋپ ئاستىدا قالدى. ئارىشاڭ قورشاۋ ئىچىدە قالدى. بورتالا، قورغاسلارمۇ قولدىن كەتتى دېگەن گەپ بار، ئىلىدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىمىز (قاراقچىلار) بىلەن كېچە - كۈندۈز كوچا ئۇرۇشى قىلىپ، كۆپ تالاپەتكە ئۇچرىدى. دەماللىققا ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىشنىڭ، ئوق - دورا يەتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ئامالى يوق. چۈنكى، ئايرودرومنى (قاراقچىلار) توپقا تۇتتى، چوڭ ئايروپىلاننىڭ قونۇشىغا ئەپسىز①» . شۇ كۈنى جۇشاۋلياڭ بىر يىگىدىن ئارتۇق ئەسكەر ئاجرىتىپ، ئۈرۈمچىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تۇرپان، قاراشەھەرلەرگە بۇيرۇق چۈ-شۈردى. ئۈرۈمچىدىن بىر يىلڭ ئەسكەر ئاجرىتىپ غۇلجا يولىنى ئېچىش، بۆرتالانى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن جىڭغا ئەۋەتتى. ھەر ئېھتىمالنى كۆزدە تۇتۇپ، دۆربىلجىندىن زاپاس 7 - شىنىڭ بىر يىگىنى شىخوغا يۆتكىدى، دۆربىلجىن بىلەن چۆچەك قورۇقدىلىپ قالغانلىقتىن، بىر ئاتلىق تۇمەن ئاجرىتىپ دۆربىلجىننى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، قوبۇقسارغا بۇيرۇق چۈ-شۈردى. ۋۇ جۇڭشىن بىلەن جۇشاۋلياڭ غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىيىتىنى يېتەرلىك مۆلچەرلىيەلمىدى. جۇشاۋلياڭ: «غۇلجىدىكى خەۋپنى تۈگەتمە-سەك، جىيايۈگۈەندىن قايسى يۈزىمىز بىلەن كىرىمىز» دېگەن. ۋۇ جۇڭشىن: «جىياڭدۇڭدىكى چوڭلار ئالدىدا يەرگە قارايدىغان بولدۇق» دېگەن. ئۇلار ئەسكەر ئەۋەتسەكلا ئىنقىلابنى بۆشۈكىدە تۇرغۇزۇپ ئۇجۇق-تۇرۇۋېتەلەيمىز دەپ ئويلايتتى. 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، جۇشاۋلياڭ ئۈرۈمچىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشنى قارار قىلدى ۋە لەنجۇدىكى باش شتابنىڭ مەسلىھەتچىلىرىنى ھەربىي پىلان تۈزۈشكە ياردەملەشتۈرۈش ئۈ-چۈن ئۈرۈمچىگە ئالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە لى تيېجۇنمۇ غۇلجىنىڭ

① ۋۇجۇڭشىن «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە» سىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىل) 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى.

غەربىي ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلىش ئۈچۈن قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى.

11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى جۇشاۋلياڭ جىددىي ھەربىي ئىشلار يىغىنى ئېچىپ، غۇلجىغا بەش تەرەپتىن يۈرۈش قىلىپ، غۇلجىنىڭ شىمالىدىكى تايانچ پونكىتلارغا كىرىۋالغان گومىنداڭ قىسىملىرىغا ماسلىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بىرلىشىپ ئىنقىلابنى باستۇرۇۋېتىشنى قارار قىلدى. بەش تەرەپتىن يۈرۈش قىلىش دېگىنى: 1. بەش كۆچەيتىلگەن لېيەن ئۈرۈمچىدىن قورغاسقا بارىدىغان يول بىلەن تىبرەك داۋاندىن ئۆتۈپ، ئەرتەيدىكى ئىككى يىڭ ئەسكەرگە قوشۇلۇپ، سۈيدۈڭدىكى قىسىم بىلەن بىرلىكتە غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش؛ 2. كۆچەيتىلگەن ئاتلىق يىڭ شىخو - جىڭ تاشيولىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاچال داۋانغا بېرىپ، شۇ يەردىكى قىسىم بىلەن بىرلىشىپ، غۇلجىغا شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش؛ 3. كۆچەيتىلگەن ئىككى ئاتلىق روتا قاراشەھەردىن داگات داۋان ئارقىلىق غەربىي شىمال تەرەپكە مېڭىپ، توققۇزتارادىن ئۆتۈپ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش؛ 4. كۆچەيتىلگەن بىر ئاتلىق يىڭ ئاقسۇدىن چىقىپ، مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ موڭغۇلكۈرەنى ئىشغال قىلىپ، ئاندىن جەنۇبتىن شىمالغا - غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش؛ 5. بىر كۆچەيتىلگەن يىڭ ئارشاڭ ۋە سەنتەيخەيزى ئارقىلىق ئاقسۇ داۋاندىن ئۆتۈپ، ئەرتەي داۋاندىن شىمالغا يۈرۈپ، داشىگو ۋە قورغاستىكى قىسىم بىلەن بىرلىشىپ، غۇلجىغا غەربىي جەنۇب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش. ئەمەلىيەتتە، 1 -، 2 - يولدىن باشقا، قالغان ئۈچ يولنى قار قاپلاپ كەتكەن، ھەربىي پىلان ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايتتى.

پارتىزانلارمۇ ئىنقىلابنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، دەلمۇدەل ئورۇنلاشتۇردى. 1 - غۇلجىدا ئىككى دادۈي تەشكىل قىلدى (بىرى ئاتلىق)، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى غۇلجىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى دۈشمەن تايانچ پونكىتىغا تەھدىت سېلىپ، دۈشمەننىڭ ھاۋادىن ياردەم بېرىشىنى توسۇش، ئۇلارنىڭ مۇھاسىرىنى بۇزۇپ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ 2. بىر دادۈي (يېرىمى ئاتلىق) تەشكىل قىلىپ سۈيدۈڭ ئەتراپىدىكى پارتىزانلارغا ياردەم بېرىپ، سۈيدۈڭ، قورغاس، كۈرەلەرنى ئىشغال قىلىش، ئاندىن ئەرتەيدىكى دادۈيگە ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىش؛

3. بىر دادۈي تەشكىل قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئاساسىي ھۇجۇم نىشانى بولۇپ تۇرغان تېرەك داۋاندىكى پارتىزانلارغا ياردەم بېرىش. ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى داۋاننى ساقلاش، شەرت ھازىرلاپ ئارىشاڭ بىلەن بورتالانى ئېلىش؛ 4. بىر ئاتلىق دادۈي تەشكىللەپ، ئاچال داۋاندىكى پارتىزانلارغا ياردەملىشىپ كۆچىن، كۆكچوقا، قوش ئەمچەك داۋانلارنى قامال قىلىش ھەم جىڭ، داخىيەن قاتارلىق جايلاردا پارتىزانلىق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش؛ 5. كۆنەس، تېكەس، موڭغۇلكۈرەدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قوزغاپ، مۇزات داۋاننى ساقلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن دۈشمەننى توسۇش؛ 6. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا، ئۈرۈمچى، ماناس، شىخو ئەتراپىدا پارتىزانلىق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەم تارباغاتاي، ئالتاي، تاشقورغاندىكى پارتىزانلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارغا ياردەملىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە پارتىزانلىق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش.

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، جۇشاۋلياڭ لى يۈشياڭنى زاپاس 7 - شىنىڭ شىجاڭى قىلىپ تەيىنلىدى. زاپاس 7 - شىغا ۋە يېڭى 45 - شىنىڭ 3 - تۇەنىگە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. لى يۈشياڭ قوماندانلىق شتابىنى جىڭغا قۇرۇپ، 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن باشلاپ 2000 دەك ھاشار سېلىپ، بىر ھەپتە ئىچىدە جىڭنىڭ بازىرىغا يېقىن بىر جايغا ئايرودروم ياسىتىپ، غۇلجىدىكى ئىسكەرلەرگە ھاۋادىن ياردەم بەرمەكچى بولدى ھەم جىڭدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي شىخو، ماناسقا قوغلىدى. لى يۈشياڭ لى تېيجۇننىڭ بولىبورۇققا ئاساسەن، غۇلجىغا ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. بىر يول ئۈرۈمچى - غۇلجا يولى بىلەن سەنتەي، سۇڭشۇگو، يېڭى ئەرتەي، كەڭساي، لوسكۇڭ ئارقىلىق غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ يولدىكىلەر يېڭى 45 - شىدىكى يېڭىجاڭ دۇ باشچىلىقىدا تەشكىللەنگەن «زەربىدار پىدائىيلار» بولسىمۇ، ئۇلار كەڭسايغا بارغاندىن كېيىن بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىيەلمىدى، ئۇ يەرنى پارتىزانلار ئاللىبۇرۇن قامال قىلىپ بولغانىدى. 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، گومىنداڭ قىسىملىرى پارتىزانلارنىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۇزماقچى بولۇپ، ئاپتوموبىل، تانكىلارنى ئىشقا سېلىپ باقتى، ئەمما

ئىشقا ئاشمىدى، تانكىلار قار - مۇز توسۇقلارغا دۇچ كەلگەن ھامان كارغا كەلمىدى، ئاپتوموبىللار قارغا پېتىپ قېلىپ ماڭالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ كۈنى قاتتىق شىۋىرغان بولۇپ، قار تىزغا چىقاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوزۇقتىن، ئوق - دورىدىن قىسىلدى. ئاندىن تاغ ـولنىڭ ئىككى تەرىپىگە مۆكۈنگەن پارتىزانلارنىڭ ئۈشتۈمتۈت زەربىسى بىلەن نۇرغۇن ئادىمى ئۆ-لۈپ، يارىدار بولۇپ، سوقۇشۇتۇغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. كېيىن بۇ دۈشمەنلەرنىڭ بىر قىسمى سىتەيدە يوقىتىلدى. بەزىلەر جەڭگە قېچىپ كەتتى. ئۈرۈمچى - غۇلجا تاشيولىنى ئېچىش غەرىزى مەغلۇپ بولدى.

يەنە بىر يولدىكى دۈشمەن داخىيەندىن جەنۇبقا يۈرۈپ ئاچال ئارقىلىق كۆكچىن تېغىغا بېرىپ، ئاندىن پەنجىمبۇلاق، يۇقىرى پەنجىمدىن ئۆتۈپ غۇلجىغا بارماقچى. بۇ يولدىكى بىر تۈمەن ئەسكەر 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىجاڭ شىيې يىغىنىنىڭ باشچىلىقىدا جەڭدىن يولغا چىقتى. دۈشمەننىڭ كۆكچىن تېغىدىن ئۆتمىكى تەس ئىدى، شىيې يىغىنىنىڭ ئەس-كەرلىرىنىڭ تولىسى گەنسۇ، شەنشىلىك ئادەملەر بولۇپ، ھەممىسى پىيادە ئىدى، تاغ يېرىدە جەڭ قىلىشقا، ئاتلىقلار بىلەن جەڭ قىلىشقا تەجرىبىسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قار - شىۋىرغان كۆرمىگەن، ئۇلار قېلىن قارغا كىرىپ قېلىپ چىقالمىدى. قاتتىق سوغۇقتا ئەسكەرلەرنىڭ پۇت، قول، قۇلاق، بۇرۇنلىرى ئۈششۈپ كەتتى، نۆلدىن تۆۋەن 30 ـ 40 گرادۇس سوغۇقتا مىلتىقنىڭ تەپكىسى قىسىلىپ كېتىپ، پىستانغا يەتمەس بولۇپ قالدى، مىلتىقنىڭ قايرىغۇچى مۇزلاپ كەتكەچكە تۇتقان ھامان قول چاپلى-شىپ تېرىسىنى يۇلۇپ ئالاتتى، مىناميوت قارغا چۆشسە ئاۋازى چىقمايدى-غان بولۇپ قالدى. ئوزۇق - تالقانلىرى مۇزلاپ تولا تېزەكتەك قېتىپ كەتتى. ئوتقا قاقلىمىغۇچە يېگىلى بولمىدى. ئەسكەرلەرنىڭ ياختىلىق كىيىملىرى سوغۇقتا كار قىلماي، تولىسى ئۇخلاپ قالسىلا مۇزلاپ قېتىپ قالاتتى. بىر تۈمەن ئادەمنىڭ تەڭدىن تولىسى ئوق تېگىپ، مۇزلاپ ئۆلدى. پارتىزانلار بولسا ھاۋا رايىدىن، يەر شارائىتىدىن، ئەل - يۇرتتىن تولۇق پايدىلاندى، ئۇلار يەر شارائىتىنى پىششىق بىلەتتى، سوغۇققا كۆنگەن، تېرە ئىشتان، تېرە چاپان كىيگەن، ئادەتتە بىر كىشى ئىككى ئاتنى

دەملەشتۈرۈپ مىنەتتى، ھەرىكەتنى چاققانىدى. گوزۇق - تىالقىنىسى گىخچە-
سام، گوزۇقلۇق ماددىسى كۆپ، سۈت يىمەكلىكلىرى بولۇپ، گىلىپ
يۇرۇشكە، يىيىشكە ئەپلىك، قورساق ئاچۇرمايتتى. شۇڭا، كۈچ - قۇۋۋە-
تى تولۇق، چەپدەس، جەڭگىۋار ئىدى، بۇنىڭدىن دۈشمەننىڭ تېنى-
چ-ۇغ-ۇل-دايتتى.

شىي يىفىڭ شىسىنىڭ بىر يىلغا ئەسكىرى قار گىچىدە يەتتە كۈن جان
تالىشىپ، مىلغ تەستە 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، غۇلجىنىڭ
شىمالىدىن 30 يول يىراقلىقتىكى جىلىيۈزى، پەنجىمگە يىتىپ باردى،
پارتىزانلارنىڭ قوماندانلىق شتابى غۇلجىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى گومۇ-
يۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىپ، يىڭى پارتىزان ئەترىتى تەشكىل قىلىپ، ئاچال
بىلەن يۇقىرىقى پەنجىم ئارىلىقىدا دۈشمەننى ئالداپ گىچكىرىلەپ كىرگۈ-
زۈش، سەپنى ئۈزارتىش، بۆلۈپ بىرىش تاكتىكىسىنى قوللاندى. بەش
كىچە - كۈندۈز جەڭ قىلىپ ئاچال بىلەن پەنجىم ئارىلىقىدا ئاخىر دۈشمەن-
نىڭ كۆپ قىسمىنى يوقىتىپ، ئاچال بىلەن داۋاننى قايتۇرۇۋېلىپ، غۇلجا
ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنى قوغدىدى①. غۇلجىغا يىقىنلىشىپ كەلگەن بۇ بىر
يىلغ دۈشمەن پۈتۈنلەي گۇم بولدى②. بىرى قالماي يوقىتىلدى.

غۇلجا شەھىرىدە، شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۈچ تايانچ پونكىت-
تىكى دۈشمەنلەر داۋاملىق تىركىشىۋاتاتتى. ئۇ يەرگە قېچىپ بىرىۋالغان
ئەسكەرلەر بىلەن يۇقىرالار 8000 دىن ئاشاتتى. گومىندالىڭ قىسىملىرى
ئۇ يەردىكى بارلىق ياش - قىرانلارنى تاللاپ ئۈچ تايانچ پونكىت ئەتراپىغا
ئۆمۈچۈك تورىدەك ئىستىھكام كولاتتى. ئۇچالمىغان ئايروپىلاندىكى پىلە-
موتلارنى چىقىرىۋالدى، يۇقىرالارنى زورلۇق بىلەن تەرتىپ ساقلاش ئەترىتى
قىلىپ تەشكىللىدى. لېكىن، قەۋەت - قەۋەت مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان
دۈشمەننىڭ مەغلۇپ بولۇشى تۇرغان گەپ ئىدى. 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى،

---

① ساۋدانوف زايىر: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا ئەسلىمە»، (1944 - يىل 9. ئايىدىن 1949 - يىل 9 - ئايغىچە)، 7 - بەت.

② مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىي يىفىڭنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ۋۇجۇڭشىنغا يازغان دوكلاتى، ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە» دىن ئېلىندى.

پارتىزانلار دۈشمەن تايانچ پونكىتلىرىغا ھۇجۇم قىلدى، كېيىن ئۆزمۇ ھۇجۇم قىلىشۋەردى. 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، زاپاس 7 - شىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى دۇدېفۇ، ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ساۋ تيەنجۇ ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا بېرىپ، ساۋرېلىنىڭ، جياڭ شۇەنچۇەن، پىڭ جۇنيىلەر بىلەن بىرلەشمە قوماندانلىق شتابى تەشكىللەپ تايانچ پونكىتتىكى ئەسكەرلەر بىلەن پۇقرالارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ۋەزىيەتنى ئۆڭشىماقچى بولغانىدى، نەتىجىدە بىكار ئاۋارىچىلىك بولۇپ چىقتى. 11 - ئاينىڭ ئاياغلىرى پارتىزانلار جۇڭگو، سوۋېت ئايرودرومىنىڭ تېلېگرافخانىسىنى ئىشغال قىلىپ، ئايرودرومغا يېقىنلاپ كەلدى ۋە ئالتە دېئامېتىرلىق زەمبىرەك بىلەن ئايرودرومنى توپقا تۇتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى قونالمايدىغان بولدى①. تايانچ بازىلاردىكى دۈشمەنلەر ئاشلىقتىن قىسىلدى. 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ مەيلى ھەربىي بولسۇن، مەيلى پۇقرا بولسۇن، كۈنىگە يېرىم جىڭدىن ئوزۇق يېدى②.

باشتا ئايروپىلان ھاۋادىن نەرسە يەتكۈزۈپ بېرەتتى، ئايرودروم قامال قىلىنغاندىن كېيىن، ھاۋادىن تاشلاپ بېرىدىغان بولدى، لېكىن تاشلىغان نەرسىلەرنىڭ كۆپ قىسمى پارتىزانلارنىڭ قولىغا چۈشتى. 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى دۈشمەنلەر تايانچ پونكىتقا 12 پاراشوت نەرسە تاشلىغانىدى، 11ى پارتىزانلارنىڭ قولىغا چۈشتى. 12 - ئاينىڭ بېشىدىن 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە دۈشمەنلەر بىرنەچچە قېتىم مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ شەھەر رايونىدىن ئاشلىق بۇلىدى، گەرچە ئاز - تولا ئاشلىق بۇلىغان بولسىمۇ، نۇرغۇن ئادىمى ئۆلۈپ كەتتى ۋە يارىدار بولدى. 1944 - يىلى 12- ئاينىڭ 28 - كۈنى، 29 - كۈنى، 31 - كۈنى ۋە 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 -، 8 - كۈنلىرى پارتىزانلار دۈشمەن تايانچ پونكىتلىرىغا نۇرغۇن قېتىم

① ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە» مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىل) 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى.

② تەمىنات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شۈي دىڭيىڭ، ترانسپورت دادۈيجاڭى شۈي گوشىلارنىڭ 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگرامما ئورنىدا تېز پوچتىدا يوللىغان دوكلات. ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە». مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىل) 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى.

ھۇجۇم قىلىپ، مۇھاسىرە داگىرىسىنى بارغانسېرى قورۇدى ۋە دۈشمەننىڭ 23 مىڭ 450 جىڭدەك ئاشلىقىنى غەنىيمەت ئالدى. بۇ ئاشلىق تايانچ پونكىتتىكى ئەسكەر ۋە پۇقرالارغا سەككىز كۈن يېتەتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى غۇلجىدا قالغان قىسىملىرىغا ھەدەپ يەل بەردى. 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، جۇشاۋلياڭ ھەربىي ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي ۋەزىيىتىنى كۆزەتتى ھەم ئايروپىلاندىن يەردىكى ئەسكەرلەرگە سىمسىز تېلېگراف ئارقىلىق گەپ قىلدى، ئۇلارنى بازىنى قاتتىق ساقلاپ، جىياڭ جيېشى ئۈچۈن جان تىكىشكە چاقىردى. 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جىياڭ جيېشى غۇلجىدىكى قىسىملارغا «ستالىنگرادتىن ئېشىپ چۈشكۈدەك روھ بىلەن ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرۇڭلار» دەپ تېلېگرامما بېرىپ، ئادەملىرىگە يەل بەردى[①]. لېكىن، غۇلجىدا قېپقالغان ئەسكەرلەرنىڭ كۈنى ئاز قالغانىدى. جىياڭ جيېشى ھەرقانچە ئەۋلىيا بولۇپ كەتسىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆلۈم تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيتتى.

1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، سەھەردە پارتىزانلار غۇلجىدىكى قالدۇق دۈشمەنگە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى. 15 دىئامېتىرلىق مىناميوت بىلەن توپقا تۇتتى، ئوق دېگەننى يامغۇردەك ياغدۇرۇۋەتتى ھەم يانار ئوق ئېتىپ دۈشمەننىڭ ھەر خىل قۇرۇلۇش ۋە ئىستىھكاملىرىنى كۆيدۈردى. پىيادە قىسىملار توپنىڭ ھىمايىسىدە شورىدىن دەممۇدەم ھۇجۇم قىلدى. سائەت 13 تە گۇيۋاڭمياۋ بۇتخانىسىنى ئىشغال قىلىپ، دۈشمەننىڭ تۇەنجاڭى جاڭ شۇەنچۇەننى ئېتىپ ئۆلتۈردى. كېچە سائەت 12 دە پارتىزانلار يەنە ھاۋا ئارمىيە تەلىم - تەربىيە دۈيىنى ئىشغال قىلدى ۋە ئاخىرقى تايانچ پونكىت ئايرودرومغا ھۇجۇم باشلىدى. سائەت 24 تە دۇدېڭۇ، ساۋ رېلىڭ، پىڭ جۇنيى، چېن يۇنچىڭلەر بىرلىكتە لى تيېجۇنگە: «خىزمەتچىلىرىڭىز غۇلجا بىلەن تەڭ ئۆلۈپ تەڭ - تىرىلىدۇ... ئاخىرقى تېلېگراممىمىز بولۇپ قالسۇن» دەپ تېلېگرامما يوللايدۇ، 29 - كۈنى جۇشاۋلياڭ دۇ

① «قۇرۇقلۇق ئارمىيە بېگى 2 - كورپۇس قوماندانلىق شتابىنىڭ تېلېگراممىسى» (ئۇرۇش 51 - نومۇرلۇق)، ۋۇجۇڭشىننىڭ «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە» سىدىن. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىل) 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى.

دېفۇغا قىسمىنى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. 30 - كۈنى كېچىدە دۈدېفۇ قاتارلىق كىشىلەر قاتتىق قار يېغىۋات- قاندا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىدۇ. 31 - كۈنى قېچىپ غۇلجىنىڭ شىمالىدا 35 كىلومېتىر كېلىدىغان پىلچىگە بارغاندا ئالدىدىن توسۇپ، كەينىدىن قوغلاپ، تاغ يېرىدە قېلىن قار، يەرنىڭ ئەگرى - تەگرىسى، يا تىل ئۇقماي، ئاش - ئوزۇق، ئوق - دورىدىن ئۈزۈلۈپ، ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىدۇ، شۇ چاغدا پارتىزانلار بىلەن ئامما جەسۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى. ھەر مىللەت خەلقى تاياق - توقماق كۆتۈرۈپ، قاڭالتىردا زەمبىرەك ياساپ، تراكتورنى تانكىغا ئۆزگەرتىپ، پارتىزانلارغا ماسلاش- تى، 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، دۈدېفۇ قاتتىق يارىلىنىپ، گەتىسى ئۆلدى[①]. 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، غۇلجا پۈتۈنلەي ئازاد بولدى. ئومۇمىي ھۇجۇم باسقۇچىدا پارتىزانلار دۈشمەننىڭ جەمئىي 1532 ئادىمىنى يوقاتتى. 3776 ئادىمىنى ئەسىر ئالدى. 2000 دىن ئارتۇق مىلتىق، 98 پىلىموت، بەش مىناميوت، ئىككى دانە تىك ئاتار زەمبىرەك، 54 دانە ئۈچالماس ئايروپىلان، 16 ئاپتوموبىل، سەككىز تېلېگراف ۋە نۇرغۇن ھەربىي ئەشيا غەنىيمەت ئالدى.

غۇلجا قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ 5 - كۈنى يەنى 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شەرقىي تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى غۇلجىدا قۇرۇلدى. بۇ - گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلى- قىنىڭ ئىلى رايونىدا ئاياغلاشقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە ئۆزبېك، دىنىي ئۆلىما ۋە پانتۈركىزمچى ئىدى، مۇئاۋىن رەئىسى ھاكىمبەگ غوجا ئۇيغۇر، بۇرۇن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى بولىسمۇ، خىزمەتكە بارمىغان، ئۇ چىلىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باش-

① لي تېبجۇننىڭ 1944 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى تېلېگراممىسى، ۋۇجۇڭشىننىڭ «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە» سىدىن، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىل) 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، يەنە، خوشىگىنىڭ «ئىلىدا مۇھاسىرىنى بۇزۇشنىڭ جەريانى» دا، دۈدېفۇ 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سېپىلگە لوق تېگىپ ئۆلدى، دېيىلىدۇ.

لاپ ئىلىدىكى ئاتا مىراس تەيجىلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ ئىلى تەۋەسىدە ناھايىتى ئابرويلۇق ئادەم ئىدى.

1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شەرقىي تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 1 - قېتىملىق يىغىن ئېچىپ، ھەبىپ يۈنچىۋنى مائارىپ مىنىستىرلىقىغا (ھەبىپ ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا سەيپىدىننى)، ئەنۋەر مۇسابايوفنى مالىيە مىنىستىرلىقىغا، ئۇبۇلخەيرى، ماڭپالىڭ، پوجەنلەرنى چارۋىچىلىق مىنىستىرلىقىغا، سالىجانبايىنى دېھقانچىلىق مىنىستىرلىقىغا، مەھەممەتجان مەخسۇمنى ئەدلىيە مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەشنى، دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقىنى ھېلىم ئاخۇن باشچىلىقىدا ئابدۇمۇتەل خەلپە، ئابدۇكېرىم مەخسۇم، ئابدۇللا قازى ئاخۇنۇم، ئابدۇساتتار مەخسۇم، ئابدۇقادىر داموللا، راخمان ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل قىلىشنى ماقۇللىدى①. 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ھەيئىتى 4 - قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈپ، توققۇز ماددىلىق خىتابنامە ماقۇللىدى: 1. شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدىن جۇڭگونىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئۈزۈل - كېسىل تازىلاش؛ 2. شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىكى ئاساسىدا ھەقىقىي، ئەركىن، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش؛ 3. شەرقىي تۈركىستاننى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال سانائەتنى، دېھقانچىلىقنى، چارۋىچىلىقنى ۋە خۇسۇسىي سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ ماددىي بايلىقىنى ئاشۇرۇش؛ 4. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۆپچىلىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقتىن، بۇ دىننى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقا دىنلارغىمۇ ئەركىنلىك بېرىش ۋە ئۇلارنى قوغداش؛ 5. مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە سەھىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ 6. دۇنيادىكى دېموكراتىك ئەللەر بىلەن، خۇسۇسەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ قوشنىسى سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگو

① «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ 1 ـ، 19 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ قارارى (تەرجىمە)».

ھۆكۈمىتى بىلەنمۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ 7. شەرقىي تۈركىستاننى ۋە تىنچلىقنى قوغداش ئۈچۈن ھەر مىللەت خەلقى قاتناشقان كۈچلۈك ئارمىيە قۇرۇش؛ 8. بانكا، پوچتا، تېلېفون، تېلېگراف، ئورمان ۋە قېزىلما بايلىقلارنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىش؛ 9. دۆلەت كادىرلىرى ئىچىدە شەخسىيەتچىلىك، بيۇروكراتلىق، مىللەتچىلىك ۋە پارىخورلۇق - چىرىكلىكتەك يامان ئىستىللارنى يوقىتىش.

توققۇز ماددىلىق خىتابنامىدە ئېغىر، تۈپ خاراكتېرلىك خاتالىق بار، ئۇنىڭ «مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، جۇڭگودىن ئايرىلىشنى جاكارلىشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگىمۇ زىت ئىدى. بۇ ئاساسەن ئىنقىلاب قوشۇنىغا كىرىۋالغان ئېلىخان تۆرە باشلىق ئاز سانلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالغانلىقى ۋە ئىنقىلابنىڭ يۆنىلىشىنى بۇرۇۋەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى - گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى قىسمەن ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇش. لېكىن، ھەرقانداق كەڭ كۆلەملىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ بېشىدا ئىنقىلاب قوشۇنىغا لاي - لاتقا، ئازغان - تىكەنلەرنىڭ ئارىلىشىۋالغىنىدەك، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىدە ئەخمەتجان، ئابباسوفتەك كوممۇنىستىك ئىدىيىگە دەسلەپكى قەدەمدە ئىگە بولغان ئىنقىلابچىلارمۇ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىنى تارتىۋېلىپ، ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشىنى بۇراپ، ئىنقىلابنى تۇيۇق يولغا باشلىماقچى بولغان ئېلىخان تۆرىگە ئوخشاش ئاز سانلىق ئەكسىيەتچىلەرمۇ بار ئىدى. شۇڭا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، گومىنداڭنىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرىدىغان ئاساسلىق تەرەپمۇ بار ئىدى، ۋەتەندىن ئايرىلىش، خەنزۇلارنى قىرىشتەك غەيرىي ئاساسىي ئېقىم تەرەپمۇ بار ئىدى. ئاساسىي جاۋابكارلىق ئېلىخان تۆرىگە ئوخشاش ئاز سانلىق ئەكسىيەتچىلەردە، ئۇزۇن ئۆتمەي ئەخمەتجان، ئابباسوف قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تىرىشىشى ۋە كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قايتا قۇرۇلۇپ، ئېلىخان تۆرە خىزمىتى-

دىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئىنقىلابنىڭ توغرا يۆنىلىش بويىچە ئىلگىرىلىشىگە ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇلدى.

1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، پارتىزانلار ئاساسىدا رەسمىي مىللىي ئارمىيە قۇرۇلدى، شۇ چاغدا ئىلىنىڭ پۈتۈن قوراللىق كۈچى 25 مىڭ ئەسكەر ۋە 1800 دىن ئارتۇق پارتىزاندىن تەشكىل قىلىنغانىدى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش ئۈچۈن قوراللىق كۈچنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك ئىدى. ئىنقىلابنى تارباغاتاي، ئالتاي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان باشقا جايلارغا كېڭەيتىش ئۈچۈن، مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇش زۆرۈر ئىدى. توققۇز ماددىلىق خىتابنامىنىڭ 7 - ماددىسىدا كۈچلۈك ئارمىيە قۇرۇش لازىم، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەنىدى. 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتى 5 - نۆۋەتلىك يىغىن ئۆتكۈزۈپ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىنقىلابىي ھەربىي كۈچى ئۈزلۈكسىز ئۇلغىيىۋاتقانلىقتىن، شەرقىي تۈركىستان ھەربىي ئىشلار ئىدارىسى قۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىزانلار قوماندانلىق شتابىغا ئارمىيىنىڭ شتات ۋە تۈرلۈك تۈزۈملىرىنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈشنى ھاۋالە قىلىش، پارتىزانلار قوماندانلىق شتابىنى ھەربىي ئىشلار ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىش لازىم» دەپ بەلگىلەندى. 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى 6 - قېتىملىق ھەيئەتلەر يىغىنىدا ھەربىي ئۇنۋانىنى ئەسكەر، ۋېيگۈەن (كاپىتان)، شياۋگۈەن (مايور)، جياڭگۈەن (گېنېرال) دىن ئىبارەت تۆت دەرىجە قىلىش، پاگوننى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭكىگە ئوخشاش قىلىش بەلگىلەندى. 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنى ئېلان قىلىندى، ئەسكەر ئېلىش ئىدارىسى قۇرۇلدى، 20 ياشتىن 23 ياشقىچە پۇقرالار ھەربىي سەپتە ئۈچ يىلدىن خىزمەت ئۆتەش بەلگىلەندى. شۇ چاغنىڭ ئۆزى ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك مەزگىلى ئىكەنلىكى نەزەردە تۇتۇلۇپ، 23 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان پۇقرالارمۇ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش لازىم، دەپ بەلگىلەندى. 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ 25 - قېتىملىق يىغىنىدا، «ھۆكۈمەت خىزمىتىدە ۋە جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەن خادىملارنى مېدال ۋە ئوردېن بىلەن مۇكاپات-

لاش» تۈزۈمى ماقۇللاندى ۋە 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يولغا قويۇلدى. يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئارقىلىق ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي كۈچى ئاشۇرۇلدى، مىللىي ئارمىيىسىنىڭ رەسمىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈنمۇ ئاساس سېلىندى.

1945 - يىلى 3 - ئايدا مىللىي ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابى، سىياسىي بۆلۈمى، ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى قۇرۇلدى. 13 - كۈنى مىللىي ئارمىيىگە بۆلۈنۈپ باش قوماندان، ماجانوف شتاب باشلىقى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى بولدى.

4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، مىللىي ئارمىيە رەسمىي قۇرۇلدى، غۇلجا باغچىسىدا تەنتەنىلىك يىغىلىش، پارات ئۆتكۈزۈلدى. شۇ چاغدا مىللىي ئارمىيە شتاتىدا سۇيدۇڭدىكى 1 - تۈمەن، ئىلىدىكى 2 - تۈمەن، گەرتەيدىكى 3 - تۈمەن، ئىلىدىكى تەلىم - تەربىيە 4 - تۈمەن، تېكەستىكى ئاتلىق 1 - تۈمەن بار ئىدى، مىللىي ئارمىيىنىڭ قوراللىرى ئاساسلىقى گومىنداڭدىن غەنىيمەت ئالغان قوراللار ئىدى. سوۋېت ياردەم ئۈچۈن بەرگەن بىر قىسىم قورالمۇ بار ئىدى.

مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىنقىلابىي كۈچنى باشقا جايلارغا قارىتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كىرىشتى. ئۈچ يۆنىلىش بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتتى. شىمالىي يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى تارباغاتاي، ئالتايلارنى ئازاد قىلىش؛ ئوتتۇرا يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى جىڭ، شىخوغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىنقىلابنى ئۈرۈمچىگە قارىتىپ سۈرۈش؛ جەنۇبىي يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي كۈچكە ماسلىشىپ، كەڭ ئاممىنى گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغاپ، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، شىمالىي يۆنىلىشنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كۈچى تېخىمۇ ئۇلغايدى، ئۈچ ۋىلايەت ھەربىي كۈچى تازا ئۇلغايغان مەزگىلگە قەدەم قويدى.

# 3 - بۆلۈم ۋۇجۇڭشىننىڭ شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى باستۇرۇش مەقسىتىدە قوللانغان تەدبىرلىرى

نىلقا چارۋىچىلىرى ئۇلاستاي تاغلىق رايونىدا، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ سەھىپىسىنى ئاچقان پەيتتە، 1944 - يىل 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ۋۇجۇڭشىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئايروپىلان بىلەن چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە كەلدى، ئەتىسى تامغىنى رەسمىي تاپشۇرۇۋېلىپ، خىزمەتكە چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شىنجاڭغا 18 ئاي رەئىس بولغان دەۋرى (1944 - يىل 10 - ئايدىن 1946 - يىل 3 - ئايغىچە) باشلاندى.

ۋۇجۇڭشىننىڭ لەقىمى لىچىن، تەخەللۇسى جيەنشۇ، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خېبېي ناھىيىسىدىن، 1884 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى (گۇاڭشۈينىڭ 10 - يىلى 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى) تۇغۇلۇپ، 1959-يىل 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تەيۋەندە ئۆلگەن. ئۇ شىنجاڭغا كەلگەندە دەل 60 ياشقا كىرگەنىدى. ۋۇجۇڭشىن تۇڭمېڭخۇينىڭ كونا ئەزاسى، شىنخەي ئىنقىلابىدا چېن يىڭبي بىلەن بىللە جېجياڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشى مەزگىلىدە سۇڭخۇنىڭ ساقچى نازىرى، جياڭسۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىش ھەيئىتى بولغان. 1932 - يىلى گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. 1936 - يىلى موڭغۇل - زاڭزۇ ھەيئىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، چېگرا رايون ئىشلىرىنى كۆپ يىل باشقۇردى. 1941 - يىلى بۇيرۇققا بىنائەن گەنسۇ، نىڭشيا قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ پارتىيە - مەمۇرىي خىزمەتلىرىنى تەكشۈرگەن، ئۇنىڭ مابۇفاڭ بىلەن خېلى چوڭقۇر مۇناسىۋىتى بار ئىدى. مابۇفاڭ بىلەن مابۇچىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ،

مابۇفاڭنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۇنى گومىنداڭ مەركىزىي تەرەپكە ئۆتۈش-
كە، خىزمەتچى كادىرلارنى بوشىتىپ بېرىشكە كۆندۈرۈپ، گومىنداڭ قوشۇ-
نىنى شىنجاڭنىڭ ئۇدۇل دەرۋازىسى ـ گەنسۇنىڭ غەربىگە كىرىپ ئورۇنلى-
شىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان، شۇڭا ئۇ جياڭ جيېشىنىڭ ماختىشىغا
سازاۋەر بولغانىدى. ئۇنىڭ: «مەن باشقىلارغا مەڭگۈ جۇڭشەن (سادىق،
ئىشەنچ) مۇئامىلە قىلىشقا نىيەت قىلغانىدىم، ئەمەلدارلىق دېگەننى نەچچە
ئون يىل كەزگەن بولسامۇ تا ھازىرغىچە بۇ ئەقىدەمگە مۇخالىپلىق قىلمى-
دىم، قوشۇنغا باشچىلىق قىلدىم، مىلىتارىست بولمىدىم، سىياسىي ئىش-
لارغا ئارىلاشتىم، سىياسىي بىدىك بولمىدىم، ئون نەچچە يىللىق ستاژغا
ئىگە پېشقەدەم پارتىيە (گومىنداڭ پارتىيىسىنى كۆرسىتىدۇ ـ ت) ئەزاسى
بولسامۇ، پارتىيە زومىگەرى بولمىدىم» دېگەن سۆزىدىن ئۇنىڭ ھوقۇق
تەمە قىلمايدىغان، قارا نىيىتى يوق مۆتىدىل شەخس ئىكەنلىكىنى چۈشىنى-
ۋالغىلى بولىدۇ. ۋۇجۇڭشىن گومىنداڭنىڭ پېشقەدەملىرىدىن بولۇپ،
جياڭ جيېشى بىلەن ئۇزۇن بىللە ئىشلىگەن ۋە بەك يېقىن ئۆتكەن، شۇڭا
جياڭ جيېشى ئۇنى شىنجاڭنىڭ رەئىسى قىلىش قارارىغا كەلگەن. ۋۇجۇڭ-
شىن خىزمەتكە چۈشۈپلا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خادىملىرىنى
تاللاشقا تۇتۇش قىلدى، ئۇ زىلڭ شياۋلۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش
كاتىپلىقىغا كۆرسەتكەندىن باشقا، يەنە جۇكۇنتيەن، يۇي دا، جاڭ شۇەنزې-
لارنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسەتتى. ۋۇجۇڭشىن ئۆز
خىيالىدا زىلڭ شياۋلۇ بىلەن جۇكۇنتيەننى سىياسىي ئىشلارنى، يۇي دانى
ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قويۇشنى، جاڭ شۇەنزې بىلەن جۇشاۋلياڭ-
نىڭ قېيىناتا ـ كۈيئوغۇللۇق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇشاۋلياڭ
بىلەن ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ھەربىيلەر بىلەن ماسلىشىپ قەدەمنى بىر-
لىككە كەلتۈرۈشنى ئويلىغانىدى. لېكىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالى-
رى مەسىلىسىدە ۋۇجۇڭشىن بىلەن CC گۇرۇھى (گومىنداڭ مەركىزىي
تەكشۈرۈش ـ ستاتىستىكا ئىدارىسى ـ ت) نىڭ كاتىتىۋىشى چېن گۇفۇ باش
كاتىپلىقتا قويۇلىدىغان ئادەم مەسىلىسىدە يول قويغان بولسىمۇ، خەلق
ئىشلىرى نازارىتى، مائارىپ نازارىتى ۋە تەمىرات نازارەتلىرىگە CC

گۇرۇھىدىكى كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، شىڭ شىسەينىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى پېڭ جىيۇەن بىر مەزگىل مالىيە نازىرى بولدى.

ۋەزىپىگە تەيىنلەش قارارى چىقىرىلغاندىن كېيىنمۇ ۋۇجۇڭشىن خاتىرجەم بولالمىدى، ئۇ گومىنداڭ ئىچىدە نۇرغۇن گۇرۇھ، مەزھەپلەر بارلىقى، ئۇلارنىڭ زىددىيىتى قاتمۇ قات ئىكەنلىكى، ئۇلار بىر - بىرىنى چەكلەپ، ئۆزى بىلگىنىچە ئىش قىلىدىغانلىقى، شۇڭا ئۇلارنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرۇش ناھايىتى قىيىن ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلگەچكە، ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا پايدىلىق بولۇشىنى كۆزلەپ، جياڭ جيېشىدىن بىر شەمشەر بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 1944 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ۋۇجۇڭشىن: 1. مەن بۇ قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، زۇڭسىي ئالدىدا جاۋابكار بولىمەن، پىرقە، ھۆكۈمەت، ئارمىيىدىكى خادىملار ماڭا جاۋابكار بولۇشى كېرەك. ناۋادا ئۇلاردىن بويسۇنمايدىغانلار چىقسا، قىلمىشى يېنىكلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلىنىدۇ، قىلمىشى ئېغىرلارغا قاتتىق جازا بېرىلىدۇ؛ 2. جۇڭتۇڭ ۋە جۈنتۇڭ گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتىدىغان خادىملىرىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەستىقلىشى، ئۇلارنىڭ بارلىق دوكلاتلىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پايدىلىنىشىغا يوللىنىشى لازىم، دېگەن ئىككى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يەنە: 1. ئۆلكە رەئىسىنىڭ مەركەزدىكى پىرقە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن خادىملارنى نازارەت قىلىش، ئۇلارغا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقى بولۇش؛ 2. ئۆلكە رەئىسىنىڭ ئالاھىدە خادىملار (ئىشپىيونلار) نى نازارەت قىلىش، ئۇلارغا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقى بولۇش؛ 3. رەئىس ھەربىي ئىشلارغا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلمىسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى قىسىملار رەئىسنىڭ پىكرىگە ھەممە ۋاقىت ئىتائەت قىلىشى كېرەك دېگەن ئۈچ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. جياڭ جيېشى ۋۇجۇڭشىننىڭ يۇقىرىقى تەلەپلىرىگە ئاغزاكى قوشۇلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پىرقە، ھۆكۈمەت، ھەربىي، ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى قاتارلىقلارنى قولدىن چىقارغۇسى كەلمىدى، ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا سىستېمىسى بار ئىدى.

1944 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلدى: 1. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە خەلق ئىشلىرى نازىرى لى پۇلىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە مالىيە نازىرى پېڭ جىيۇەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە مائارىپ نازىرى خۇاڭ رۇجىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە تەمىرات نازىرى لىن جىيۇڭلار ئەسلىدىكى قوشۇمچە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى؛ 2. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئەن ۋېنخۇي، چيۇ زۇڭجۈن، لى يىڭچى، نەزەر، لۇي لىپۇ، جى يۈەنجاڭ، گالۇنىمقان (؟)، چيۇ يۈيفاڭلار ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى: 3. دېڭ شياڭخەي، پېڭ جىيۇەن، شۇي ليەنشى، شيې لىڭيۈن، جۇ كۈنتيەن، جاڭ شۈەنزې، ھاكىم، ھاشىم، ليۇ بىندې، تەيپىڭ، جانىمقان، يۈي دالار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا تەيىنلەندى. دېڭ شياڭخەي قوشۇمچە خەلق ئىشلىرى نازىرى، شۇي ليەنشى قوشۇمچە مائارىپ نازىرى، شيې لىڭيۈن قوشۇمچە تەمىرات نازىرى، پېڭ جىيۇەن قوشۇمچە مالىيە نازىرى (ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭدىن كېتىشىنى تەلەپ قىلغاچقا، 1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، مەمۇرىي پالاتانىڭ 686 - قېتىملىق يىغىنىدا ئۇنى باشقا ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ئورنىغا لۇ يۈيۋېننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە مالىيە نازىرلىقىغا بەلگىلەش توغرىسىدا قارار ماقۇللىندى) بولدى. جاڭ شۈەنزې ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، جۇ كۈنتيەن رەئىس ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ گېزىتى رېداكسىيەسىنىڭ باشلىقى بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي، شىنجاڭ گېزىتى رېداكسىيەسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى بۇرۇن موڭغۇل - شىنزاڭ ھەيئىتىدە ۋۇجۇڭشىننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن جىن شاۋشەن ئۆتىدى، كېيىن جىن شاۋشەن يەنە جاڭ شۈەنزېنىڭ ئورنىغا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى بولدى. ۋۇجۇڭشىن يۈي دانى ئامانلىق ساقلاش شتابىنىڭ شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، شۇ ئارقىلىق ئامانلىق ساقلاش شتابىنى كونكرېت ئىدارە قىلدى. جۇ شاۋلياڭ ۋۇجۇڭشىننىڭ تەلىپىگە بىنائەن، چۆچەك تەرەپنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ يەنە ئۈرۈمچىدە قالدى.

ئاۋادا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، نازارەتتىكى ئەمەلدارلار ئىچىدە ۋۇجۇڭشىننىڭ يېقىنلىرى بىلەن CC گۇرۇھىنىڭ كۈچى تەڭ دېيىلسە، ناھىيە دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئىچىدە ۋۇجۇڭشىننىڭ كۈچى كۈچلۈكرەك ئىدى. ئىلگىرى موڭغۇل - شىنجاڭ ھەيئىتىدە ئىشلىگەن ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسى ھاكىم، شۆبە سودا شىركەتلىرىنىڭ دىرېكتورى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كاتىپى، نازارەتنىڭ ئىشخانا مۇدىرى ياكى كاتىپى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە قويۇلدى. ۋۇجۇڭشىن ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى مەزگىلدە، مەركىزىي تەلىم - تەربىيە ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، مەركىزىي ساقچى مەكتىپىنىڭ 3 - شۆبىسى، مەركىزىي ھەربىي مەكتەپنىڭ 9 - شۆبىسى يەنە كۆپ قېتىم تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتتى، شۇ ئارقىلىق ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرى تولۇقلاندى. ۋۇجۇڭشىن ئىلگىرى موڭغۇل - شىنجاڭ ھەيئىتىدە قول ئاستىدا ئىشلىگەنلەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپلا قالماي، يەنە جۇڭتۇڭ سىستېمىسىدىكىلەردىنمۇ پايدىلاندى ۋە ئۇلارنى ئۆز يېنىغا تارتتى. مەسىلەن، مەركىزىي ساقچى مەكتەپنىڭ 3 - شۆبىسىنىڭ مۇدىرىنى تەيىنلەش مەسىلىسىدە جياڭ جېيشى ئەسلىدە چېن يىشىڭنى مۇدىر قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. لېكىن، ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خۇ گوجېن ۋۇجۇڭشىنغا بۇ مەسىلىگە قارىتا باشقىچە پىكرى بارلىقىنى بىلدۈردى، چېن يىشىڭ مەركىزىي ساقچى مەكتەپ گۇرۇھىنىڭ ئادىمى، خۇ گوجېن جۇڭتۇڭ ئىدارىسىنىڭ ئادىمى بولغانلىقتىن، ھەر ئىككى سىستېما بۇ ئورۇننى تالىشاتتى، خۇ گوجېن ساقچى مەمۇرىيىتى بىلەن ساقچى تەربىيىسى زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇلارنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. دېگەننى باھانە قىلىپ، ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە ساقچى مەكتەپنىڭ 3 - شۆبىسىگە مۇدىر بولۇشى كېرەك، دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى، ۋۇجۇڭشىن، خۇ گوجېننى قوللاپ، مۇدىرنى يېڭىدىن تەيىنلەش ھەققىدە جياڭ جېيشىغا تېلېگرامما يوللىدى[1].

---

① ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىل) 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىش بىلەنلا، ۋۇجۇڭشىن دەرھال شۇ كۈنى (10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى) غەربىي بىنادا چاقىرىلغان نازارەت، باشقارمىلارغا تەۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر يىغىنىدا «ئىلاھىي قانۇن، دۆلەت قانۇنى، ئادەمگەرچىلىك» تىن ئىبارەت ئۈچ سۆزنى ئۆزىنىڭ ئىش بېجىرىشتىكى مىزانى، «ئۆزئارا ئەپۇ قىلىش، ئۆزئارا قول قويۇش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش» تىن ئىبارەت ئۈچ سۆزنى كىشىگە مۇئامىلە قىلىشتىكى «يولى» قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالتە سۆزنى ۋۇجۇڭشىن ئەنخۇي، گۇيجۇلاردا رەئىس ۋە موڭغۇل - شىزاڭ ھەيئىتىدە باشلىق بولغان چاغدا ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ۋۇجۇڭشىن ئۈچۈن ئۇ يېڭى گەپ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئۇ سۆزلەر ھەممىگە باب كېلىدىغان شىپالىق دورا ئىدى. شۇڭا، ئۇ قۇتقۇزغۇچى خۇدا سىياقىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ: «گوياكى بوران سوققان قۇملۇقتىكى گىياھتەك، ئېچىنىشلىق ئىكەن راستلا مۇساپىرلارنىڭ ھالى، پېقىر رەئىس تايىنىپ ئۈچ سۆزگە، ئەمىن تاپقۇزىمەن غەربىي دىيارنى» دەپ شېئىر يازدى. ئەمما، زامان ئىلگىرىكىگە ئوخشاشمايتتى، ئەمدىلىكتە، تىيانشاننىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بىر قەپەس ئىنقىلاب بورىنى كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇنى ھېچقانداق كۈچ توسۇۋالالمايتتى. ۋۇجۇڭشىننىڭ شەرھلىشىچە، ئىلاھىي قانۇن، دۆلەت قانۇنى، ئادەمگەرچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ سۆزنىڭ نېگىزى «دۆلەت قانۇنى» ئىكەن. «دۆلەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش، دۆلەت قانۇنىغا سەل قاراش ئىلاھىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق» بولىدىكەن. «ئادەمگەرچىلىككىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىكەن»، «دۆلەت قانۇنىغا رىئايە قىلىش، دۆلەت قانۇنىغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ئۆزى ئىلاھىي قانۇن، ئادەمگەرچىلىك مىزانىغا ئۇيغۇن» ئىكەن. يۇقىرىقى ئۈچ سۆز ئىچىدە «دۆلەت قانۇنى ئەڭ مۇھىم» ئىكەن①. بۇ يۇقىرىلار ئەكسىيەتچى قانۇن - پەرمانلارغا ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنسا، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىتائەتمەن

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىل) 11 - ئاينىڭ 10 - كۈندىكى بېشى ماقالىسى.

يۇقراسى بولسا، ئىلاھىي قانۇن ئادەمگەرچىلىك مىزانىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ،
بولمىسا ئىلاھىي قانۇن، ئادەمگەرچىلىككە مۇخالىپ كېلىدۇ، ھاكىمىيەت
باشقۇرغۇچى يۇقىرىلارنى قانۇنغا رىئايە قىلىشقا يېتەكلەش، ئۇلارنى ئۆزىنى
چاغلاپ ئىش قىلىدىغان، ئىلاھىي قانۇن، ئادەمگەرچىلىك مىزانىغا رىئايە
قىلىدىغان قىلىش كېرەك، دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، ۋۇجۇڭشىن ئوتتۇرىغا
قويغان «ئىلاھىي قانۇن، دۆلەت قانۇنى، ئادەمگەرچىلىك» تىن ئىبارەت
بۇ بىر يۈرۈش ئىدارە قىلىش فاڭجېنى، قارىماققا خېلى مۆتىدىل تۈس
ئالغان. شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ناھەق
ئەنزە كۆپىيىپ كەتكەن، ناھەقچىلىكتىن تۈرمىلەر توشۇپ كەتكەن، ئۆلۈم
ۋەھىمىسى قاپلاپ كەتكەن، قورقۇنچلۇق كەيپىيات ھۆكۈم سۈرگەن مەز-
گىللەردىن پەرقلىنىدىغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە ئەكسىيەتچى
ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. پەقەت شەكىل،
ئۇسۇل جەھەتتىكى پەرقتىنلا ئىبارەت ئىدى.

1944 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ۋۇجۇڭشىن ۋە ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ھەيئەتلىرى قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى. جۇ
شاۋلياڭ قەسەم بېرىشكە نازارەتچىلىك قىلدى. يىغىندا ۋۇجۇڭشىن «شىنـ
جاڭ خەلقىگە مۇراجىئەتنامە» ئېلان قىلدى. سىياسەت يۈرگۈزۈشنىڭ تۆت
تۈرلۈك مۇھىم نۇقتىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، جەمەتلەرنىڭ
ئۆز ئارا ئىشىنىشىنى كۈچەيتىش. ۋۇجۇڭشىن جياڭ جيېشىنىڭ «جۇڭگو-
نىڭ تەقدىرى» ناملىق كىتابىدىكى سەپسەتىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ،
جۇڭگونىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خەنزۇلارنىڭ
چوڭ - كىچىك تارماقلىرىدىنلا ئىبارەت، دەپ قارىدى. ئۇ شىنجاڭدىكى
«جەمەتلەر» نىڭ باراۋەرلىكىدە «ھېچقانداق مەسىلە قالمىدى»، «ئۆز ئارا
ئىشىنىش جەھەتتىكى قىسمەن يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن تىرى-
شىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ» دېدى. بۇ شىنجاڭدا مىللىي زۇلۇمنىڭ مەۋ-
جۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغانلىق، ۋەھالەنكى، دەل مۇشۇنداق مىللىي
زۇلۇم ۋە مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيە سىياسىتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ

قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىككىنچى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش. «شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جەمەت قېرىنداشلار ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، مەن رەئىس بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇلارغا ئالا كۆزدە قارىمايمەن، ھەممىسىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىمەن ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆز دىنلىرىنى راۋاج تاپقۇزۇشىغا يار - يۆلەك بولىمەن، ھەرقايسى دىنلارنىڭ مەسچىت، ئىبادەتخانا، چېركاۋلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قوغداپ، ئۇلارغا دەخلى - تەرۇز قىلىشنى قاتتىق چەكلەيمەن». ئۈچىنچى، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن يۇرتنى تىنچلاندۇرۇش. «شىنجاڭ ئاساسەن تىنچ جاي ئىدى، پەقەت ئاز ساندىكى قېرىنداشلار ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئېنىق چۈشەنمەي، بۇلاڭچىلىق قىلىپ، جايلارنىڭ ئامانلىقىغا پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا زىيان يەتكۈزۈۋاتىدۇ. نەتىجىدە نۇرغۇن قېرىنداشلار ئاتا - ئانىسى، بالا - چاقىسىدىن، مال - ۋارانلىرىدىن ئايرىلدى، مەن رەئىس بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇنىڭدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىمەن! ناۋادا ئۇلار ھوشىنى تېپىپ، بۇلاڭچىلىقتىن قول ئۈزسە، ھۆكۈمەت يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولۇش بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىدۇ. ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ، ئۇنداق قىلمىسا، ھۆكۈمەت قورشاپ يوقىتىش چارىسىنى قوللىنىدۇ». بۇ گەپلەرنىڭ ئاللىقاچان كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە دارىتىپ، قوزغىلاڭچىلارغا بوھتان ۋە پوپوزا قىلىپ ئېيتىلغان گەپ ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. تۆتىنچى، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن پۇلنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاش. ئەينى چاغدا، شىنجاڭدا ماددىي ئەشيالار قىس، مال باھاسى يۇقىرى، پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ۋۇجۇڭشىن «شىنجاڭ پۇلى بىلەن فابى (گومىنداڭنىڭ قەغەز پۇلى – ت) نىڭ 1:5 نىسبەتتە ئېقىشىغا ئەستايىدىللىق بىلەن كاپالەتلىك قىلىش، مەركەز بەلگىلىگەنلىكى بەلگىلىمىلەرنى مۇتلەق ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك» دېدى.

مەيلى سىياسەت يۈرگۈزۈش فاڭجېنى بولسۇن ياكى سىياسەت يۈرگۈزۈشنىڭ مۇقىم نۇقتىسى بولسۇن، گەپ جىق بولغان بىلەن مەسىلىنى ھەل

قىلالمايتتى، چۈنكى تۇرلۇك - تۈمەن چىگىش زىددىيەتلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. ئەينى چاغدا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا ئالاقىسى ئۈزۈلگەنىدى. شۇڭا، بۇرۇندىن ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلۈۋاتقان كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، بولۇپمۇ چاي، قەنت، رەخت قاتارلىقلار ئىنتايىن قىس بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ مەسىلىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەل قىلغىلى بولمايتتى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ناھەق ئەنزىلەر كەينى - كەينىدىن ئۆيدۈرۈلۈپ چىقىلىپ، نۇرغۇن ئادەم ناھەق قامالغان بولغاچقا، ئۇلارنى قويۇپ بېرىشكە، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى قايتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى، ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى سەرسان بولۇپ كەتكەچكە، ئامان قالغانلىرى قۇتقۇزۇشقا موھتاج ئىدى. لېكىن، ئىقتىساد يوق ئىدى. شىنجاڭ بىلەن گەنسۇنىڭ چېگرىسىدا دائىم ئاپتوموبىللارنى پارتلىتىش ۋەقەلىرى يۈز بېرىپ، ۋەزىيەت تولىمۇ تىنچسىز بولغاچقا، توشۇش ۋە ماددىي ئەشيا ترانسپورتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ تۇراتتى. شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئانچە مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى. مالىيە، كادىرلار ئىشى، مەمۇرىيەت جەھەتتىكى تۇرلۇك تۈزۈملەر تېخى ئورنىتىلمىغان ياكى مۇكەممەللەشمىگەنىدى، شېڭ شىسەي تۆت ئاتلىق شى، ئىككى پىيادە شىنى تاپشۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارنى قانداق تىزگىنلەش ئېغىر بىر مەسىلە ئىدى. گەرچە ئىككى ئاتلىق شىنىڭ شىجاڭلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ساقلاپ قېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن قالغان تۆت شىنىڭ شىجاڭىنى تېز سەپلەشكە توغرا كېلەتتى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەركەز ئارمىيىسى بىلەن يەرلىك قوشۇننىڭ زىددىيىتى قاتمۇقات، ھەربىي ئىنتىزام بۇزۇلغان بولۇپ، ئامىمىنىڭ مال - مۈلكىنى قاقتى - سوقتى قىلىش، قاتناشنى كونترول قىلىۋېلىش، ئەتكەسچىلىك قىلىش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى سېتىش، ئەتكەسچىلەردىن پارا ئېلىش، يۇرتقا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشتەك ئەھۋاللار ئېغىر ئىدى. ئۇلار بۇ جەھەتتە باندىتلاردىن قېلىشمايتتى، بۇنى ئەسلىدە ئەكسىيەتچىل چىرىك ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمى

پەيدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ۋۇجۇڭشىن ئۇنى تەمىناتنىڭ يېتىشمەسلە-
كىدىن كېلىپ چىققان دەپ قاراپ، مەركەزدىن تەمىناتنى كۆپەيتىپ بې-
رىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، مەركەز ئۆزىنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقى
تۈپەيلىدىن، تەمىناتنى كۆپەيتىشكە چارىسىز ئىكەنلىكىنى قويۇپ تۇرۇپ،
بىر قىسىم تەلەپنى قاندۇردى دېگەندىمۇ ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغىچە
بولغان نەچچە مىڭ چاقىرىملىق مۇساپە ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قاتناش -
ترانسپورت قورالى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئامالسىز ئىدى، شىنجاڭنىڭ
تۆمۈر يولى يوق، ئاپتوموبىللىرى بولسىمۇ، بېنزىن، زاپچاسلىرى كەم،
تاشيوللىرى ناچار، ئىشقا يارايدىغانلىرى چاغلىقلا ئىدى، مەركەز شىنجاڭغا
ئاپتوموبىل بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى كۆپ چاغلاردا غەربىي شىمال تاش-
يول ئىدارىسى ئېپقالاتتى. شىنجاڭدىكى تەركىبى مۇرەككەپ، تىلى ھەر
خىل مىللەتلەرگە ئۈچ مەسلەكنى تەشۋىق قىلىپ سىڭدۈرۈشكە ئادەم كۈ-
چى، دەرسلىك، قورال - سايمان يېتىشمەيتتى. قىسقىسى، خىلمۇخىل
مەسىلىلەر ۋۇجۇڭشىننىڭ ھەل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئەڭ
ئالدىرىتىشۋاتقىنى يەنىلا شىمالىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى
ئىدى، چۈنكى ئۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانـ-
لىقىغا خەۋپ يەتكۈزگەنىدى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن يۈرەكتىكى جاراھەت ھېساب-
لانغاچقا، ۋۇجۇڭشىن ھۆكۈمىتى بارلىق كۈچى بىلەن خەلق ئىنقىلابىي
كۈرىشىگە تاقابىل تۇرمىسا بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى ئىلاھىي
قانۇن، دۆلەت قانۇنى، ئادەمگەرچىلىك بولسۇن ياكى سىياسەت يۈرگۈزۈش-
نىڭ تۆت تۈرلۈك مۇھىم نۇقتىسى بولسۇن، ئەينى چاغدىكى خەلق ئىنقىلا-
بىي كۈرىشىگە تاقابىل تۇرۇش، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل
ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلاتتى.

1944 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ۋۇجۇڭشىن ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى نازارەت، ھەيئەتلەرنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ سۆھبەت
يىغىنىنى چاقىرىپ، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قارىتا، «قورشاپ يوقىتىش
بىلەن خاتىرجەملەندۈرۈشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش» فاڭجېنىنى بەلگىلىدى.
ئالدى بىلەن ھەربىي جەھەتتە جۇ شاۋلياڭ مەسئۇل بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار-

نى «قورشاپ يوقاتماقچى» بولدى؛ ھۆكۈمەت ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە-
لەردە «قوغدىنىش ئەترىتى» تەشكىللەپ، ئۇلارنى زىچ ھەمكارلاشنۇرۇشقا
مەسئۇل بولدى. ئۇلار پۇقرالارنى زورلۇق بىلەن ئەسكەرلىككە تۇتۇپ،
ئەسكەرلەر ئەترىتىنى، «قوغدىنىش ئەترىتى» نى قۇردى، ئەسلىدىكى ئا-
مانلىقنى ساقلاش ئەترەتلىرىنى تەرتىپكە سالدى، ئۇلارغا ھۆكۈمەت
قورال - ياراغ، ئوق - دورا تارقىتىپ بەردى، مەشىق قىلدۇردى. ئەينى
شۇ چاغدىكى مالىيە قىيىنچىلىقىغا قارىماي، يەنە 20 مىليون يۈەندىن
كۆپرەك شىنجاڭ پۇلى ئاجرىتىپ، قوغدىنىش ئەترەتلىرىنىڭ خىراجەت
قىلىشىغا بەردى. ئەينى چاغدا ئۈرۈمچى شەھەر خەلقىنىڭ قوغدىنىش
ئەترىتى، بارىكۆل پىدائىيلار قوغدىنىش ئەترىتى، قاراشەھەر قوغدىنىش
ئەترىتى، سانجى قوغدىنىش ئەترىتى، شايار قوغدىنىش ئەترىتى، گۇما قوغ-
دىنىش ئەترىتى قاتارلىقلار تەشكىللەنگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى يۇقىرى تەبىقىلەردىن پايدىلىنىپ، مىللىي
قوغدىنىش ئەترەتلىرى تەشكىللەنگەنىدى.

«خاتىرجەملەندۈرۈش» جەھەتتە، ۋۇجۇڭشىن كىشىلەرنىڭ رايىنى
قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شېڭ شىسەي قولغا ئالغان زور بىر تۈركۈم
مەھبۇسلارنى قويۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ كىشىلەردىن
«خاتىرجەملەندۈرۈش ئەترىتى» تەشكىللەپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلابىي
خەلقنى پارچىلاشقا ئۇرۇندى. شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كې-
يىن، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك يا
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە كېلىپ، يا ھۆكۈمەت خادىملىرىغا يېلىنىپ بالىلىرى-
نى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ياكى ئەرلىرىگە ئۇۋال قىلىنغانلىقى-
نى ئۇقتۇرۇپ دەرد تۆكتى، شۇڭا قولغا ئېلىنغانلارنى قويۇۋېتىش خەلقنى خاتىر-
جەم قىلىشتا تولىمۇ زۆرۈر ئىش بولۇپ قالغانىدى. ۋۇجۇڭشىن 1944-
يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئالدى بىلەن 270 نەچچە كىشىنى، ئارقىدىن
يەنە نەچچە يۈز كىشىنى قويۇۋېتىشنى قارار قىلدى. ئۇ يەنە ئاز سانلىق
مىللەتلەر ئىچىدىكى قولغا ئېلىنغان ئابرويلۇق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشتى
ياكى ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ قويۇپ بەرگۈزدى. ئۇ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىپ

تۈت كۈندىن كېيىن، باش كاتىپ زېلىڭ شياۋلۇنى تۈرمىدىكى ئەلەنۋاڭنى
يوقلاشقا ئەۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭدىن ھال سورىدى. سابىق رەئىس ليۇۋېنلۇڭ-
نىڭ ئايالى ۋە پەرزەنتلىرى بىلەن ئات ئېغىلىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ،
ئاۋۋال نەزەربەندنى بىكار قىلىپ، ھال سوراشقا ئادەم ئەۋەتتى، ئاندىن
كېيىن ئۆزى يوقلاشقا بېرىپ، قويۇپ بەرگۈزدى. قاراشەھەرنىڭ خانى
مانچۇكزاپ 1937 - يىل 10 - ئايدا تۈرمىگە تاشلانغان بولۇپ، ئەقلىدىن
ئادىشىپ قالغان، ۋۇجىڭبىن ئېرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغانىدى.
ۋۇجۇڭشىن دەرھال ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خۇ گوجېنغا تېلېفون
بېرىپ قويۇۋېتىشنى جېكىلىدى، بۇنىڭدىن مانچۇكزاب بىلەن ۋۇجۇڭبىن
ناھايىتى مىننەتدار بولدى. ۋۇجۇڭبىن قاراشەھەردىكى چارۋىچىلىق رايونغا
قايتقاندىن كېيىن، موڭغۇل قوغدىنىش قوشۇنى تەشكىللەپ، ئۆچ ۋىلايەت
بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچۈن راسا
كەتمەن چاپتى. گۇاڭ لۇ بىلەن سالاچۇن شىبەلەرنىڭ ئابرويلۇق زاتلىرى
ۋە دىپلوماتلىرى ئىدى. ئۇلار شېڭ شىسەي دەۋرىدىلا تۈرمىدىن چىققان
بولسىمۇ، يۇرتىغا قايتىشقا ئىجازەت بېرىلمىگەنىدى. ۋۇجۇڭشىن ۋەزىپە
تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ ھال سوراش ھەيئەتلىكىگە تەيىنلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، خەن-
زۇلاردىن جاۋ جيەنفىڭ، جاڭ خۇڭيۈي، خۇ تىڭۋېي، (ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مەتنىڭ سابىق ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە دۇبەن مەھكىمىسى بەنگۇڭتىڭ-
نىڭ جۇڭجياڭ دەرىجىلىك باش كاتىپى) دۇجۇڭيۈەننىڭ رەپىقىسى خۇيۇي-
جى، شۇي يۈيخۇ (دۇبەن مەھكىمىسى بەنگۇڭتىڭ شاۋجياڭ دەرىجىلىك
مۇدىرى)، موڭغۇللاردىن ياڭ دېكې (قاراشەھەرنىڭ سابىق مۇئاۋىن ۋالىي-
سى) قاتارلىقلارنى بىر - بىرلەپ قويۇۋەتتى ياكى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى
ۋە ياكى يۇرتىغا ئاپىرىپ قويدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋۇجۇڭشىننىڭ كە-
ڭلەرنىڭ رايىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇسۇلىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ،
ۋۇجۇڭشىننى شەپقەتچىمىز دەپ قارىدى. ۋۇجۇڭشىن موڭغۇل - شىزاڭ
ھەيئىتىنىڭ خىزمىتىگە كۆپ يىل رىياسەتچىلىك قىلغان بولغاچقا، تارىخ-
تىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ «يات تائىپىلەر ئارقىلىق يات تائىپىلەرنى ئىدارە

قىلىش» تىن ئىبارەت ھۆكۈمرانلىق تاكتىكىسىنىڭ قۇدرىتىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ئۇ قويۇپ بېرىلگەن مىللىي، دىنىي، يەرلىك كاتتىۋاشلارنى ئىدىيە جەھەتتىكى ئالدامچىلىق ئارقىلىق ئۆز يېنىغا تارتتى. ۋۇجۇڭشىن تۇرمىدىن بوشىتىلغانلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، گومىندالڭ ئەكسىلىنقىلابچىلىرى ئۇچۇن رازىمەنلىك بىلەن كەتمەن چاپتۇرۇش ئۈچۈن، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ تۈرمىدىن چىقىشىغىلا ۋۇجۇڭشىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاراشلىق نازارەت، ھەيئەتلەرنىڭ باشقارما دەرىجىلىك باشلىقلىرىنى ئۇلارغا مەنمىنجۇيى (ئۇچ مەسلەك) گومىندالڭ تارىخى، زۇڭسەينىڭ سۆزى ۋە ئۆزىنىڭ ئادەم ئالدايدىغان سىياسەت - فاڭجېنلىرى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلەشكە نۆۋەت بىلەن ئەۋەتتى. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قارىقاش ناھىيىسىدىكى قۇربان داموللا، تۇرسۇن دامولىلار بىلەن كۆرۈشكەندە: «‹ئۇچ مەسلەك›، دىننى قوغدايدۇ، ماركسىزم - لېنىنىزم دىننى يوقىتىدۇ. ھازىر شىنجاڭدا دىننىڭ كۈچى بىلەن تاشقى ئاپەت (ئىلاۋە: بۇ يەردە دېيىلگەن «تاشقى ئاپەت» ھەم ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىنى، ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنى كۆرسىتىدۇ) كە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇچ مەسلەكنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ» دەيدۇ.

ئۇ خوتەندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ جىڭگوگۇڭى، ئۈرۈمچى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش باش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى زاخۇڭئېن بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭغا 20 مىڭ يۈەن شىنجاڭ پۇلى، تۆت تاختا چاي تەقدىم قىلدى ھەم ئۇنىڭغا: «كوممۇنىزم خەلققە زۇلۇم سالىدۇ، دىننى دەپسەندە قىلىدۇ، داھىيلارنى يوقىتىدۇ، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە چوڭ بالايىئاپەت كەلتۈرىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار بەك كۆپ، ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر، ئىسلام دىنىغا تايىنىپ كوممۇنىزم ئەسەبىيلىكىگە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئۇچ مەسلەكنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ[1]» دېدى.

---

[1] ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىل) 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى.

دىنىي، مىللىي يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ۋە يەرلىك كاتتىۋاشلارنى ئۆز يېنىغا تارتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ۋۇجۇڭشىن قۇربان ھېيت، روزى ھېيتلاردا ئۈرۈمچىدىكى چوڭ - كىچىك نەچچە ئون مەسچىتكە بېرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ پەرھىزىنى ئادا قىلىپ ناماز ئۆتىدى. ئۇ خەير - ئېھسان قىلىشتا كۆپ چىقىم قىلىشتىن ئايانمىدى، ھەر مىللەت، ھەر ساھەنىڭ ئابرويلۇق زاتلىرىنى ئېچكى ئۆلكىلەر ۋە چوڭچىڭغا ئېكىسكۇرسىيە - ساياھەتكە، جياڭ جېيشىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئادەتتە ھەر كۈنى دېگۈدەك زىياپەت ئۆتكۈزدى، ئۇلارغا مەنسەپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى، ئۇلارغا سوۋغا - سالام، پۇل - پۈچەك، «قۇرئان»، شىنجاڭنىڭ ئىپار بۇيۇملىرى (دالاي لاما بەرگەنمىش) نى ھەتتا ئۆزىنىڭ رەسىمىنى ھەدىيە قىلىش، ئۇلارنى شىنجاڭدىكى ئاسارئەتىقىلەرنى ھەقسىز ساياھەت قىلدۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھېسسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى.

ۋۇجۇڭشىن بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ياشلارنى ئۆز ئەتراپىغا جەلپ قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئۇ ئاخۇن، بايلاردىن «پايدىلىنىش» قا بولىدۇ، ئۇلارنى ئۆز يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويساق، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تايانچ كۈچلەرگە ئايلاندۇرۇش مۇمكىن؛ ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى مۇتەئەسسىپ بولغاچقا، كېيىنچە ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ دەپ قارىدى. ئۇ ياشلارنى گۆدەك، ئاسان يۇقۇملىنىدۇ، شۇڭا ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرى ئىچىدىكى يارامىلىق كىشىلەرنى بايقاشتا ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە يېقىن ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە تىرىشىش لازىم دەپ ھېسابلىدى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە تەرەققىيپەرۋەر بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرى تۈرمىگە تاشلانغانىدى. ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت باشقۇرغان دەۋرىدە ئۇلارنى تۈرمىدىن بوشاتتى ھەم مەركەز تەربىيىلەش ئورنىنىڭ شۆبىسىدە گومىنداڭنىڭ پىرقە مەسلىكىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى، ئۆگىنىش ئاخىرلاشقاندا ئۇلارنى ناھىيىلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئورگانلىرىغا كادىر قىلدى. 1945 - يىلى 7 - ئايدا، ۋۇجۇڭشىن ئون نەپەر ئۇيغۇر

ياشقا زىياپەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلەرگە مۇئاۋىن ھاكىم قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكىنى تەبرىكلىدى. بۇ ئون ياشنىڭ يەتتىسىنى ۋۇجۇڭشىن قويۇۋەتكەن بولۇپ، 25 ياشلاردا ئىدى. ۋۇجۇڭشىن بۇ ياشلارنى شىڭ شىسەي تۈرمىسىدىن بوشىتىپ چوڭ ئەمەلدار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھاياجىنىنى باسالماي قالدى. 1945 - يىل 3 - ئايدا، ۋۇجۇڭشىن ھەربىي شۆبە مەكتەپنىڭ سابىق 20 ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىسىنى بىر قېتىمدىلا تۈرمىدىن بوشاتتى ھەمدە ئۇلارنى ھەربىي مەكتەپتە داۋاملىق ئوقۇتتى يەنە بىر مۇنچە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى.

ئېينى چاغدا تۈرمىدىن بوشىتىلغانلارنىڭ بىر قىسمى ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىلدى. ئۇلار بارغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن قارشىلىشىدىغان، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلقنى باستۇرۇشىغا ياردەملىشىدىغان، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەيدىغان جاھىللاردىن بولۇپ قالدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىر مەھەل جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاشقورغان، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر، باي قاتارلىق جايلارغا كېڭەيگەن بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتەلمىدى، ئۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ۋۇجۇڭشىن يولغا قويغان «يات تائىپىلەر ئارقىلىق يات تائىپىلەرنى ئىدارە قىلىش» سىياسىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئەمەس ئىدى.

تاشقى جەھەتتە ۋۇجۇڭشىن «مىللىي باراۋەرلىك» نى يولغا قويغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ چوڭ خەنزۇچىلىقنىڭ گۇپپاڭچىسى ۋە كۈچەپ ئىجرا قىلغۇچىسى ئىدى. ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنى قوبۇل قىلغاندا، دائىم جياڭ جيېشى تەستىقلاپ تارقاتقان ئەكسىيەتچى بىر نىمىلەرنى بازارغا سېلىپ، شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەر مەۋجۇت ئەمەس، قازاق، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇلار بىلەن ئەجدادى بىر، ئۇلار ئورتاق قانداشلىققا ئىگە مىللەتنىڭ چوڭ - كىچىك جەمەتلىرى دەپ قارىدى؛ جۇڭخۇا مىللىتى تۈرلۈك جەمەت-

لەرنىڭ قوشۇلمىسى، شۇڭا شىنجاڭدا تاشقى مۇناسىۋەت مەسىلىسىلا مەۋجۇت، مىللىي مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس، دېگەننى تەرغىب قىلدى. بۇنداق سەپسەتە جياڭ جېيشى «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» ناملىق كىتابىدا تەرغىب قىلغان ئەكسىيەتچىل قانداشلىق نەزەرىيىسى بىلەن بىر تومۇردىن چىققان. ۋۇجۇڭشىن - چوڭ خەنزۇچىلىقنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىلى.

ۋۇجۇڭشىن ھاكىمىيەت باشقۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە يەنە بەزى ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ، شىڭ شىسەي قولغا ئالغان گومىنداڭ ئەزالىرىنى قويۇپ بەردى. 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ھەربىي كومىتېت تەشكىللىگەن «ھەربىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭدىكى پەۋقۇلئاددە جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈش - سوت قىلىش ئۆمىكى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «پەۋقۇلئاددە سوت ئۆمىكى دەپ ئاتىلىدۇ) ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۈچ ئاي تەكشۈرۈش - سوت قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى، نەتىجىدە «پەۋقۇلئاددە سوت ئۆمىكى»، «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» نىڭ جىنايەت پاكىتلىرى تولۇق ئەمەس، بۇ ئەنزىنى «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ» دېگىلى بولمايدۇ. بۇ ئەنزىگە دائىر بارلىق دېلولارنى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا ئەۋەتىپ، تەكشۈرۈپ ھۆكۈم قىلىشنى كۈتۈش لازىم؛ قامالغان ھەربىيلەرنى ھەربىي سوتنىڭ سوت قىلىشى مۇۋاپىق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئەنزىسىگىمۇ قايتىدىن ھۆكۈم چىقىرىش لازىم؛ خې گېڭگۇاڭ، سۇڭ نيەنسى، چېڭ دۇڭبەي، جاڭ دۇشيەن قاتارلىقلارنى تۈرمىدىن بوشىتىپ چۇڭچىڭغا ئاپىرىپ، ئۇلارنىڭ بارلىق ئىقرارنامىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈش كېرەك دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. «پەۋقۇلئاددە سوت ئۆمىكى» ئۈرۈمچىدىكى خىزمىتىنى 1945 - يىل 2 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئاساسەن ئاياغلاشتۇردى. بۇ ئارىلىقتا، 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئېچىلغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ 77 - قېتىملىق يىغىنىدا، شىڭ شىسەي دەۋرىدە قۇرۇلغان پەۋقۇلئاددە جىنايى ئىشلارنى سوت قىلىش كوللېگىيەسىنى تارقىتىۋېتىش قارار قىلىندى.

«قورشاپ يوقىتىش بىلەن خاتىرجەملەندۈرۈشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش»

فاگجىلى بەلگىلەنگەندىن كېيىن، يەنە بىر تۈركۈم خاتىرجەم قىلغۇچى خادىملارغا ئېھتىياج چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن، ھەربىي جەھەتتىكى قورشاپ يوقىتىشقا ماسلاشتۇرۇپ، خاتىرجەملەندۈرۈش ئەترەتلىرى ئارقا - ئارقىدىن تەشكىللەندى. ۋۇجۇگۇشىن ھاكىمىيەت باشقۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە، غۇلجا تەرەپتىن نىلقا قولدىن كەتكەندىن كېيىن غۇلجىنىڭ ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ كەتتى، شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئايرودروم ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتىدۇ، شەھەر ئىچىدىكى ھەربىيلەر، ساقچىلار قەتل قىلىنىۋاتىدۇ، دېگەن ۋەھىمىلىك خەۋەرلەر ئارقا - ئارقىدىن كەلگىلى تۇردى. شۇڭا، ۋۇجۇگۇشىن ئالدى بىلەن خەلق ئىشلىرى نازىرى دېڭ شياڭخەي باشچىلىقىدىكى غۇلجا خاتىرجەملەندۈرۈش ئەترىتىنى ئىنقىلاب ئوتىنى ئۇچقۇن چېغىدىلا ئۆچۈرۈۋېتىش غەرىزىدە ئىلىغا ئەۋەتتى. غۇلجا خاتىرجەملەندۈرۈش ئەترىتىدە گۇۋالى لۇ، سالاچۈن قاتارلىق كىشىلەرمۇ بار ئىدى. خاتىرجەملەندۈرۈش ئەترىتى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە غۇلجىدا 13 كۈن تۇردى. دېڭ شياڭخەينىڭ دوكلاتىدا، ئىلى رايونىنى بەك تىنچ ئىكەن دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەت تارقىلىپ يۈرگەن پاراڭلاردىكىدەك ئېغىر ئەمەس ئىكەن، ئاز ساندىكى بۇزۇقلار يولدىن چىقىپ لۈكچەكلىك قىلىۋېتىپتۇ، خالاس. غۇلجىدا كېچىسى ئېتىلغان ئوقنى ھاۋا ئارمىيە تەلىم - تەربىيە ئەترىتىدىكىلەر پوست تۇرغاندا ئۇقۇشماسلىقتىن ئاتقانىكەن؛ نىلقىدىكى «باندىتلار» نىڭ 300 تالدىن ئارتۇق مىلتىقى بار ئىكەن، ئۇلار دەسلەپكى قەدەمدە قورشاۋغا ئېلىنىپتۇ، تولۇق مۇھاسىرىگە ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇلارنى چەكلىك مۇددەت ئىچىدە جىنايىتىگە تۆۋا قىلىشقا بۇيرۇق قىلساق، ناۋادا جاھىللىق قىلىپ قارشىلاشسا دەرھال تولۇق يوقاتساق، كېيىنكى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنىڭ قورشاۋدىن قېچىپ چىقىپ كېتىشىگە زادىلا يول قويماسلىق كېرەك، شتاب باشلىقى ساۋ بىلەن تۇەنجاڭ فىڭلار يەرلىكنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىشقا ئىشەنچىسى كامىل ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، دېيىلگەن. 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، دېڭ شياڭخەي ئىلىدىكى ھەر مىللەت بايلىرىدىن 100 نەچچە كىشىنى يىغىپ، خاتىرجەملەندۈرۈشنىڭ يولغا

قويۇشقا بولىدىغان ئۇنۇملۇك چارىسىنى مۇزاكىرىلەشتى. نىلقا قايتۇرۇۋې-
لىنغاندىن كېيىن تارقىتىدىغان قۇتقۇزۇش پۇلى يىغدى. بۇ مەزگىلدە،
دېڭ شياڭخەي يەنە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ھاكىمبەگنى
ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلىنى يوقلى-
دى. دېڭ شياڭخەي ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى،
گومىنداڭ قوشۇنى نىلقىنى يەنە ئىشغال قىلىپ، ئۇنىڭ دوكلاتىنى ئىسپات-
لىغاندەك ئىش قىلدى. ئەمما، بەش كۈندىن كېيىن غۇلجىدا قوزغىلاڭ
پارتلىدى، 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «شەرقىي تۈركىستان خەلق جۇمھۇرى-
يىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، 15 ـ كۈنى سۈي-
دۇڭ، غۇلجىنىڭ غەربىي، قورغاسنى ئىشغال قىلدى ھەمدە غۇلجا شەھى-
رىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلىرى
مەركەزلەشكەن ھەيرانباغ، گۈيۋاڭمياۋ ئىبادەتخانىسى، ئايرودروم، ھاۋا
ئارمىيە تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتى قاتارلىق جايلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم
قوزغىغاندىن كېيىنلا، گومىنداڭ ئاندىن مەسىلىنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاندىن-
مۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. جۇشاۋ لياڭ دەرھال زاپاس شىنىڭ
شجاڭى لى يۈشياڭنى ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا غۇلجىغا ئەۋەتتى،
زوشۈيپىڭنى ئىلى رايونىنىڭ مەمۇرىي نازارەتچى ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.
جۇشاۋلياڭ 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانلىق سالاھىيىتى بىلەن پۈتكۈل
ئىلى رايونىدا ھەربىي ھالەت يولغا قويۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى، 29 ـ
بىرلەشمە جۈننىڭ باش قوماندانى لى تيېجۈن قۇمۇلدىن دەرھال ئۈرۈمچىگە
كېلىپ، كونكرېت ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ھەربىي
جەھەتتىكى قورشاپ يوقىتىشقا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، 71 ـ قېتىملىق ئەزالار يىغىنى چاقىرىپ،
ھەربىي ۋە سىياسىي ئىككى جەھەتتىن ئىدارە قىلىشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش-
نى، خاتىرجەملەندۈرۈش ھەيئىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئاتالمىش «خا-
تىرجەملەندۈرۈش» ، ئەمەلىيەتتە، سىياسىي ھۇجۇمنى قانات يايدۇرۇپ،
كىشىلەرنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىنقىلابىي كۈچنىڭ ئۆلغىيى-
شىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئىدى. خاتىرجەملەندۈرۈش ھەيئىتىگە دېڭ شياڭ-

خەي مۇدىر، ئەلەن، نەزەر، لۇي لىيپۇلار مۇئاۋىن مۇدىر، خوتەنگۈيى باش
كاتىپ بولدى ھەمدە ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلىدا ھەيئەتنىڭ شۆبىلىرى
تەسىس قىلىندى. خاتىرجەملەندۈرۈش ھەيئىتىدىكىلەر شەرقىي يول، غەر-
بىي يول، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي، قاراشەھەر خاتىرجەملەندۈرۈش ئەت-
رەتلىرىگە بۆلۈندى. ھەيئەتلەرنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدى-
كى ئابرويلۇق زاتلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپى يېقىندا قويۇۋې-
تىلگەنلەر ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ياكى ۋۇجۇڭشىننىڭ قوي گۆشى،
پولۇلىرىنى يېگەن، ياكى ۋۇجۇڭشىن بەرگەن تونلارنى كىيگەن، ياكى
ئىنئامىنى قوبۇل قىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ شاپائىتىگە جاۋاب ياندۇرۇش
ھېسسىياتى بىلەن رىيازەتتىن باش تارتماي ئۆز خىزمىتىگە ئاتلاندى.
ھەرقايسى خاتىرجەملەندۈرۈش ئەترەتلىرىنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

1. شەرقىي يول خاتىرجەملەندۈرۈش ئەترىتى. بۇ ئەترەتكە خەن
لۈيجۇڭ، زارىپلار باشچىلىق قىلدى. بۇ ئۆمەكتىكىلەر مىچۈەن، جىمسار،
فۇكاڭ، گۇچۇڭ، مورىلارنى خاتىرجەملەندۈردى. ئۇلار بارغانلا جايدا، شۇ
جايدىكى قازاق چارۋىچىلىرىنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ ھۆكۈمەتنىڭ ئاقىلانە
نىيەت - ئىقبالىنى تەرغىب قىلدى، قېچىپ كەتكەنلەرنى قايتۇرۇپ كېلىش-
كە بەيتىككە ئادەم ئەۋەتتى، ھۆكۈمەت قايتىپ كەلگەن بىر ئۆيلۈك چارۋى-
چىغا 1000 يۈەن شىنجاڭ پۇلى، بىر تاختا چاي قۇتقۇزۇش بەردى.
خاتىرجەملەندۈرۈش ئەترىتى يەنە فۇكاڭدا موڭغۇل - خەنزۇلارنىڭ بىگۇناھ
قازاق چارۋىچىلىرىغا زىيانكەشلىك قىلغانلىق ئەنزىسىنى بىر تەرەپ قىل-
دى. ۋۇجۇڭشىن دېڭ شياڭخەينى قوشۇمچە ھەربىي سوتچى سالاھىيىتى
بىلەن ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۈچ نەپەر خەنزۇ قاتىلنى
دەرھال ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ۋەقە بېسىقتى.

2. غەربىي يول خاتىرجەملەندۈرۈش ئەترىتى. بۇ ئەترەتكە ئەلەن
جۇنئۇاڭ، فۇجۇڭ خادىۋاڭ، زاكىل قاتارلىقلار باشچىلىق قىلدى. بۇ ئەت-
رەتتىكىلەر مىچۈەن، سانجى، قۇتۇبى، ماناس، ساۋەن قاتارلىق جايلارنى
خاتىرجەملەندۈردى. ئۇلار بارغانلا جايدا يىغىن ئېچىپ تەشۋىقات ئېلىپ
باردى، تەشۋىقات ۋەرەقى تارقىتىپ خەلقنى خاتىرجەم بولۇشقا ئۈندىدى

ھەمدە مۇساپىر چارۋىچىلارنى قايتىشقا دەۋەت قىلدى.

3. ئىلى خاتىرجەملەندۈرۈش ئەترىتى. بۇ ئەترەتكە لاما لۈي لىپۇ ۋە ئىككى مىڭبېگى ـ ئەلەنمىقان بىلەن جامانگىلا باشچىلىق قىلدى. شۇ چاغدا ئىلى رايونىنىڭ كۆپ قىسمى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ئىلكىدە بولغاچقا، بۇ ئۆمەكتىكىلەر ئاساسەن جىڭ، بورتالا، ئارىشاڭلارنى خاتىرجەملەندۈردى، شۇڭا بۇ ئەترەت جىڭ خاتىرجەملەندۈرۈش ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى دەپمۇ ئاتالدى. 12 ـ ئايدا، جىڭنىڭ جەنۇبىدىكى تاغنى ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنى ئىشغال قىلدى، يەرلىك موڭغۇل چارۋىچىلىرى ئىنقىلابنى قوللىدى. گومىنداڭ جىڭدىن جەنۇبتا كۆكچىن تېغىدىن ئۆتۈپ غۇلجىغا كىرىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش غەرىزىدە، جەنۇبىي تاغ (نەنشەن) دىكى موڭغۇل چارۋىچىلىرىنى خاتىرجەملەندۈرۈشنى قارار قىلدى. ۋۇجۇڭشىن خاتىرجەملەندۈرۈش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاۋ جيەنفېڭ، ئەن ۋېنخۇيلارنىمۇ ئەۋەتتى. ئەن ۋېنخۇي جىڭ خاتىرجەملەندۈرۈش ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ خىزمىتىنى باشقۇردى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھەربىيلەر بىلەن بىللە يۈرۈپ خاتىرجەملەندۈرىدىغان ئىككى شۆبە ئەترەت ئەۋەتىلدى، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا زاپاس 7 ـ شىنىڭ، 45 ـ شىنىڭ قارمىقىدا بولدى، بۇ ئەترەتلەر يەنە قوشۇنغا يول باشلاپ بەردى. شۇنداقلا جىڭ، بورتالا ناھىيىلىرىدە ۋە داخىيەندە ئەترەتلەرنى قۇردى، ھەربىر ئەترەت ئۈچتىن بەشكىچە گۇرۇپپىغا بۆلۈندى. 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، داشى جۇنۋاڭ ئاخىر جەنۇبىي تاغدىن جىڭغا ئەكېلىندى، كېيىن ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىمۇ ئۆلكە مەركىزىگە ئاپىرىپ قويۇلدى؛ جەنۇبىي تاغ ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن دەرھال موڭغۇل زەربىدارلار ئەترىتى تەشكىللەندى، بۇ ئەترەت قوشۇنغا ماسلىشىپ، جەنۇبىي تاغدىن غۇلجىغا بارىدىغان ئېغىزنى ساقلىدى. ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى يەنە ئىلىدا تۆگە ئۈستىدە ياشاپ كەلگەن 14 ئادەمدىن ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىنى ماڭدۇردى، ئۇلارنى باشقىچە ياساندۇرۇپ ئىلىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەرگە ئەۋەتىپ ئەكسىيەتچى كاتتىۋاشلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى، ئۇلار گومىنداڭ قوشۇنى ئىلىغا ھۇجۇم قىلغاندا ھەمكارلاشماقچى بولدى. ئالاھىدە

ھەرىكەت ئەترىتى يەنە ئارىشاڭ، بورتالاغا قول سوزۇپ ئىشپىيونلۇق خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

4. ئالتاي خاتىرجەملەندۇرۇش ئەترىتى. ئەلەن جوڭۋاڭ باشچىلىقىدىكى بۇ ئەترەت چىڭگىل، كۆكتوقاي ۋە بۇرۇلتوقاي ئەترابلىرىنى خاتىرجەملەندۇردى. ئەلەن جوڭۋاڭ شۇ چاغدا ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ نازارەتچى تەپتىش مۇئاۋىن ۋالىيى (گاۋ بويۈي ۋالىي ئىدى) لىقىغا تەيىنلەنگەنىدى. بۇ ئەترەتتىكىلەر سەرسان بولۇپ كەتكەن 4000 دىن كۆپرەك قازاق چارۋىچىنى سارسۇمبە (ئالتاي ناھىيىسى) ئەترابىغا ئەكەلدى، بۇرچىندا يەنە 150 نەچچە كىشىنى قايتۇرۇپ كەلدى ھەمدە ئوسماننىڭ قوۋمىنى پارچىلاش - بۆلۈۋېتىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. نەتىجىدە مانات باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر 600 مىلتىقى بىلەن بەيئەت قىلدى، مانات بۇرۇلتوقاي ئامانلىقىنى ساقلاش ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى؛ ئوسماننىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن سۇلايمان، نۇرخوجاي قاتارلىقلارمۇ ماناتتىن كېيىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەسلىم بولدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى يەنە مانات قاتارلىقلار ئارقىلىق ئوسماننى تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇردى. شۇڭا، كېيىنكى كۈنلەردە ئوسماننىڭ گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى چىققانلىقىمۇ گومىنداڭنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆز يېنىغا تارتىشى، پايدا - مەنپەئەتكە قىزىقتۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چارۋىچىلارنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن، سودا شىركىتى ئارقىلىق 2 مىليون يۈەنلىك چاي، گەزلىمىنى قۇتقۇزۇش ئەشيالىرى سۈپىتىدە يۆتكەپ كەلدى.

5. تارباغاتاي خاتىرجەملەندۇرۇش ئەترىتى. موڭغۇللارنىڭ چىڭۋاڭى چاۋجاپ (ئايال) باشچىلىقىدىكى بۇ ئەترەت چۆچەك، قوبۇقسار، دۆربىلجىن قاتارلىق جايلارنى خاتىرجەملەندۇردى، بۇ ئەترەتتە يېڭىدىن تارباغاتاينىڭ مەمۇرىي تەپتىش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن پىلىڭ رۇڭمۇ بار ئىدى. خاتىرجەملەندۇرۇش ئەترىتى نۇرغۇن چاي، شېكەر، گەزلىمە، گۈرۈچ، بۇغداي قاتارلىقلارنى خەير - ئېھسان قىلغاندىن كېيىن، قېچىپ كەتكەن بىر قىسىم چارۋىچىلار كەينى - كەينىدىن يايلاققا قايتىپ كەلدى، قوبۇق-

ساردا قايتىپ كەلگەن موڭغۇل چارۋىچىلار 7000 دىن كۆپرەك ئۆيلۈككە يەتتى.

6. قاراشەھەر خاتىرجەملەندۈرۈش ئەترىتى. مەنخەنۋاڭ فۇجۇڭ ۋۇ جىڭبىن باشچىلىقىدىكى بۇ ئەترەت قاراشەھەر، خاجىڭ، خوشۇتلارنى خاتىرجەملەندۈردى. 1944 - يىل 12 - ئايدا، ئىلى خەلق قۇراللىق كۈچلىرى تېكەستىن شەرقىي جەنۇبقا كېڭىيىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خاجىڭنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بايىنبۇلاقنى ئىگىلىدى ھەمدە قاراشەھەر ۋە كۇچاغا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. ئىلى ئىنقىلابىي كۈچلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭىيىشىنى توسۇش ئۈچۈن، ۋۇ جىڭبىن بىلەن قاراشەھەرنىڭ مەمۇرىي تەپتىش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن جى فىڭلو بىرلىكتە قاراشەھەرگە بېرىپ، 150 كىشىلىك موڭغۇل قوغدىنىش ئەترىتىنى تەشكىللەپ ئىلى خەلق قۇراللىق كۈچلىرى بىلەن جەڭ قىلدى.

يۇقىرىقى بىرنەچچە ھال سوراش ئەترىتىدىن باشقا، ۋۇجۇڭشىن يەنە 1945 - يىل 2 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىل قىلدى. 4 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى، بۇ تەدبىرلەر جەنۇبىي شىنجاڭنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭىيىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى. 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئىلى خەلق قۇراللىق كۈچلىرى ئىلىنىڭ جىڭدىن باشقا جايلىرىنى ئىشغال قىلدى ھەم كۈچ توپلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭەيدى. 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋۇجۇڭشىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى نازارەت، كومىتېتلاردىكى باشقارما باشلىقلىرىنىڭ يىغىنىدا، جەنۇبىي شىنجاڭ ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەش، تەمىرات نازىرى شې لىڭيۈن ئۆمەك باشلىقى، ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇۋەققەت شتاب باشلىقى لو كەنفېن مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋۇجۇڭشىن ئىلى رايونىنىڭ كۆپ قىسمى قولدىن كەتكەن ئەھۋالدا، ئۇنىڭغا مۇناسىپ تۈردە شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش فاڭجېننى تەڭشەش، شىمالىي شىنجاڭدا، جەنۇبىي شىنجاڭدا، پۈتۈن شىنجاڭدا ھال سوراش خىزمىتىگە ئەھمىيەت

بېرىش كېرەك دەپ قارىدى. ھال سوراش ئوبيېكتلىرى — كوماندىر - ئەسكەر، ئەمەلدار ۋە پۇقرالار، ھال سوراشنىڭ مەزمۇنى ھەربىي، سىياسىي ۋەزىيەتنى ۋە ئۈچ مەسلەكنى تەشۋىق قىلىش ئىدى. ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاممىۋى خىزمەت ئاساسى شىمالىي شىنجاڭدىكىدەك كۈچلۈك بولمىغاچقا، جەنۇبىي شىنجاڭ ھال سوراش ئۆمىكى ھەقىقەتەن مەلۇم رول ئوينىدى. 1945 - يىل 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاتالمىش قەشقەردىكى توققۇز ناھىيە، 160 مىڭ ئاھالىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بايراق تەقدىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرگۈچى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 11 كىشى ئۆلكە مەركىزىگە كېلىپ، ۋۇجۇڭشىنغا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى چەكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ۋۇجۇڭشىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۈچلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭىيىشىگە تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەكسىيەتچىل تەجرىبىسىنى يەكۈنلىگەندە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا كېڭىيەلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى: بىرىنچىدىن، شىڭ شىسەي دەۋرىدە قولغا ئېلىنغان خادىملار جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتۇرۇلدى (شىڭ شىسەي دەۋرىدە، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ بىر قىسمى قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى يۇرتىغا قايتۇرمىغان، شىڭ شىسەي ئۇلارنى خەتەرلىك ئۇنسۇرلار، ئۇلارنى يۇرتىغا قايتۇرۇش بولۋاسنى تاغقا قويۇۋەتكەنلىك بولىدۇ دەپ قارىغان). ئۇلار يول بويى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى ئۇرۇق چاچقانغا ئوخشاش تەشۋىق قىلدى؛ ئىككىنچىدىن، لوكەنفېڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ھال سورىشى زىرائەتلەرنى سۇغىرىپ ئوغۇتلىغانغا ئوخشاش رول ئوينىدى؛ ئۈچىنچىدىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كوماندىر - ئەسكەرلەر پىداكارلىق كۆرسەتتى، دېدى. بۇنىڭدىن جەنۇبىي شىنجاڭ ھال سوراش ئۆمىكى ياۋا ئوتلارنى بىخلاندۇرۇش، ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭنى يەنىمۇ كونترول قىلىش ئۈچۈن، 1945 - يىل

4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، جياڭ جيېشى ۋۇجۇڭشىنغا تېلېگرامما ئارقىلىق
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قەشقەر كونىشەھەردە جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھـ
كىمىسى قۇرسا بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى: 1. ئۆلكىلىك ھۆكۈـ
مەت رەئىسىگە ۋاكالىتەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى بېجىـ
رىش؛ 2. شۇ جاينىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى يولغا
قويۇش؛ 3. ئارمىيە، خەلقنىڭ بوزيەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىـ
رىنى باشقۇرۇش؛ 4. چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنى تەرتىپكە سېلىش،
مەشىق قىلدۇرۇش؛ 5. شۇ جاينى تىنچلاندۇرۇش؛ 6. مەركەزگە ۋاكالىـ
تەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش؛ 7. شۇ جاينىڭ
ۋەزىيىتىنى تەكشۈرۈش ئىكەنلىكى توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. شۇڭا،
جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تىزگىنلىـ
شىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىدارە قىلىدىغان ئىدارە بولسىمۇ، لېكىن
نىسپىي مۇستەقىللىككە ئىگە ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇق بىرلەشتۈرۈلگەن
ئورگان ئىدى. 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، جياڭ جيېشى ۋۇجۇڭشىنغا
تېلېگرامما ئارقىلىق: جەنۇبىي شىنجاڭ ۋالىي مەھكىمىسىنى يەكەندە قۇرـ
سا، قاراشەھەرگە ئۆلكە مەركىزى ـ ئۈرۈمچى قوماندانلىق قىلسا بولىدىـ
غانلىقى توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

ۋۇجۇڭشىن ھاكىمىيىتى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا قولايلىق
بولۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىسىنى بۆلۈش مەسىلىسىنى خېلى ئۇزۇن
ۋاقىت غۇلغۇلا قىلدى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، شىنجاڭ زېمىنىـ
نى چۆللۈكلەر، چوڭ تاغلار ئايرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، بىر ئۆلكە بولسا
ئالاقە ئىشلىرىغا قولايسىز بولىدىغانلىقىنى، بىرەر ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا
بىر تۇتاش سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ
كۆرسىتىپ، سىياسىي جەھەتتە بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشىـ
نى، ھەربىي جەھەتتە قوماندانلىق قىلىشقا پايدىلىق بولۇشىنى، خارجى
ئىشلاردىكى ئالاقىگە پايدىلىق بولۇشىنى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۇزۇن
مۇددەتلىك پىلانغا پايدىلىق بولۇشىنى كۆزلىگەندە شىنجاڭنى بىرنەچچە ئۆلـ
كىگە بۆلۈش مۇۋاپىق دەپ قارىدى.

شىنجاڭ ئۆلكىسىنى بۆلۈش مەسىلىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. غۇلجا قوزغىلىڭى 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، كۆتۈرۈلۈپ 20 كۈن ئۆتمەيلا ۋۇجۇڭشىننىڭ ئۆلكىنى بۆلۈش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى كېڭەيتىۋەتمەي قىسمەن دائىرە ئىچىدىلا كونترول قىلىشنى مەقسەت قىلغان. 1945 - يىل، ئۈچ ۋىلايەت زېمىنى بىر گەۋدىگە ئايلانغاندىن كېيىن، ۋۇجۇڭشىن يەنە تيانشاننىڭ شىمالىنى شىمالىي شىنجاڭ ئۆلكىسى قىلىش دېگەن بۇرۇنقى تەكلىپىنى ئۆزگەرتىپ، ئىككى ياكى ئۈچ ئۆلكىگە بۆلۈشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭدىكى غەرىزى - شىمالىي شىنجاڭنى يەنىمۇ پارچىلاپ ئىدارە قىلىش، ئۈچ ۋىلايەتنى ئاجىزلىتىپ ھەتتا بۆلۈۋېتىش شۇنىڭدەك ئۆلكىنى بۆلۈش دېگەن گەپنى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈپ قانۇنلاشتۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنى بىر دائىرىگە قاپساپ قويۇش ئىدى. شۇڭا، ئۆلكىنى بۆلۈش دېگىنى ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئۇجۇقتۇرۇش دېگەن گەپ ئىدى. لېكىن، تارىخ تەرەققىياتى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئارزۇسىغا باقمايدۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۆلكىنى بۆلۈش ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەتنى يۇتۇۋەتمەكچى بولۇشى ئەمەلگە ئاشمايدىغان خام خىيالدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۆلكىنى بۆلۈش غەرىزى رېئاللىق تەرىپىدىن بىتچىت قىلىندى. كېيىن ئۇنى ھېچكىم تىلغا ئالمايدىغان بولدى.

ۋۇجۇڭشىن دەۋرىدە يەنە ئاممىنى ئالداش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇش، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىش مەقسىتىدە، بىر مەھەل ئاساسىي قانۇن بويىچە باشقۇرۇش دېگەن نېمىنى يولغا قويۇپ باقتى. ۋۇجۇڭشىن قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندا «بۇنىڭدىن كېيىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە ئۈچ مەسلەك ئاساس قىلىنىدۇ.... خەلق ھوقۇقى مەسلىكى جەھەتتە، ھەرقايسى جەمئىيەتلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، تۆت ھوقۇقنى ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى يارىتىلىدۇ، ئاساسىي قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئاساس بولىدۇ» دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. 1945 - يىل يېڭى يىل كۈنى

ۋۇجۇڭشەن بۇ يىلقى ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى خەلق
ئىشلىرى جەھەتتە ئاساسىي قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، خەلققە دېموكراتىيە
بېرىش دېگەندى. ۋۇجۇڭشەن پۈتۈن مەملىكەتتىنىڭ شۇ چاغدىكى ۋەزىيىتى-
نىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن ئاساسىي قانۇن بويىچە باشقۇرۇش مەسىلىسىنى
ئوتتۇرىغا قويغانىدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇش باشلانغاندىن تارتىپلا، گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى
ئاياغلاشتۇرۇپ دېموكراتىك سىياسىي بويىچە باشقۇرۇشنى تەشەببۇس قىل-
غان ۋە بۇ تەشەببۇس پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى.
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا، گومىنداڭنىڭ سى-
ياسىتى بارغانسېرى جاھالەتلىشىشى - چىرىكلىشىشىگە ئەگىشىپ بۇ خىل
تەلەپ تېخىمۇ كۈچەيدى. 1944 - يىل 9 - ئايدا، گومىنداڭ چاقىرغان
3 - نۆۋەتلىك 3 - قېتىملىق خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى (گومىن
سەنجىڭخۈي) نىڭ يىغىنىدا پارتىيىمىزنىڭ ۋەكىلى لىن بوچۈي ھەرقايسى
پارتىيە - گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى قاتناشقان دۆلەت ئىشلىرى
يىغىنى چاقىرىشنى، گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى بىكار قى-
لىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللەشنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى، پۈتۈن
مەملىكەت خەلقى بۇ تەشەببۇسقا قىزغىن ئاۋاز قوشتى. مۇشۇنداق ۋەزىيەت-
تە، جياڭ جيېشىمۇ 1945 - يىلى يېڭى يىل كۈنى دۆلەت ئىشلىرى يىغىنى
چاقىرىپ «پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە دېموكراتىيە بېرىش» كە ۋەدە بەردى.
ۋۇجۇڭشەننىڭ ئاساسىي قانۇن بويىچە باشقۇرۇشقا تەرەددۇت قىلىشى جياڭ
جيېشىنىڭ ۋەدىسىگە ئاۋاز قوشقانلىق ئىدى. بۇنداق ئاساسىي قانۇن بىلەن
باشقۇرۇش ۋۇجۇڭشەندىن ئىبارەت جياڭ جيېشى ئۆز قولى بىلەن بەلگىلە-
گەن ئۆلكىنىڭ سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ھەيئەت ئەزاسىنىڭ گومىن-
داڭنىڭ مەركىزىي كومىتېتى 1936 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى
ماقۇللىغان «5 - ماي ئاساسىي قانۇن لايىھىسى» گە ئاساسەن ئەكسىيەتچىل
سىياسەتنى يولغا قويماقچى بولغانلىقى ئىدى، خالاس. شۇنى كۆرسىتىپ
ئۆتۈش ھاجەتكى، ئاساسىي قانۇن نەيرىڭى بۇرۇندىن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمە-
رانلارنىڭ خەلقنى ئەخمەق قىلىدىغان قورالى بولۇپ كەلگەن. شۈەنتۇڭنىڭ

2 ـ يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭدا سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى تەسىس قىلىنىپ، ئاساسىي قانۇن بويىچە باشقۇرۇشقا ھازىرلىق قىلىنغانىدى، لېكىن بۇ ئىش ئاساسىي قانۇن نامى ئاستىدا پادىشاھ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش بىلەن نەتىجىلەندى. مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا قۇرۇلغان ئۆلكىلىك مەسلىھەت كېڭىشى پۈتۈنلەي مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن كونتروللۇقىدىكى «خەلقنىڭ رايى»غا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئورگان ئىدى. بۇ ئورگان 1924 ـ يىلدىن كېيىن ئۈن ـ تىنسىز غايىب بولدى. شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنە بۇيرۇققا بىنائەن 1943 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق مەسلىھەت كېڭىشىگە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇردى. لېكىن، ئۇ نامى ئۇلۇغ، سۈپىتى قۇرۇق ئورگان ئىدى. بۇ قېتىم ۋۇجۇڭشىن خەلقنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ھەم ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە تاقابىل تۇرۇپ بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش غەرىزىدە ئاساسىي قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ۋىۋىسكىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

ئاساسىي قانۇننىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول، ئۇنىڭ ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق «خەلققە دېموكراتىيە بېرىش» دېگىنى، ئەمەلىيەتتە، خەلقنىڭ پۇت ـ قولىنى يەنىمۇ چۇشەش ئىدى. مەسىلەن، ئاساسىي قانۇننىڭ بىر مەزمۇنى ـ ۋالىي، ھاكىملارنىڭ ھوقۇقىنى ئۆستۈرۈش بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ خەلققە تېخىمۇ ئۆزى بىلگەنچە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا يول قويغانلىق ئىدى. ۋۇجۇڭشىننىڭ ئاساسىي قانۇنىدا باۋجىيا تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قانۇنمۇ بار ئىدى. 1945 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە باۋجىيا تەشكىللەش ئاياغلىشىپ، 955 مىڭ باۋ، 39 مىڭ 771 جىيا تەشكىل قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە پۇقرالارنىڭ قەسەم بېرىش يىغىنى، ئائىلە باشلىقلىرى يىغىنى، باۋغا تەشكىللەنگەنلەرنىڭ يىغىنى، يېزا ـ بازار خەلق ۋەكىللىرىنىڭ يىغىنى قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىلدى. ئۆلكىلىك كېڭەشكە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىگە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى

تەبىقىدىكىلەرنى ئاز ساندا كىرگۈزگەندىن باشقا ئۇنى پۈتۈنلەي بيۇروكرات سىياسىي بىرىكلەر كونترول قىلدى. 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دېڭ شياڭخەي، لويۇيۈەن، شۈي لىيەنشى، شى لىڭيۈن، ھاكىم، ھاشىم، تەيپىڭ، جانىمقان، جۇكۇنتيەن، جاڭ شۈەنزې، زېڭ شياۋلۇ، يۈي دا قاتارلىقلارنى ئۆلكىلىك كېڭەشكە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا، دېڭ شياڭخەينى قوشۇمچە مۇدىرلىققا، ئەن ۋېنخۇي (شۇ چاغدا جىڭدا ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى قۇرۇۋاتاتتى) نى باش كاتىپلىققا بەلگىلىدى. بۇلار ئاساسەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى بولغاچقا، پۈتۈنلەي ھۆكۈمەتنىڭ چاڭگىلىدىكى «ئاممىنىڭ رايى»غا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئورگان ئىدى. تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلىشىغا نازارەتچىلىك ۋە ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئۆلكىلىك كېڭەشنى ئەسلىدە 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇش پىلانلانغان بولسىمۇ، لېكىن 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگە كەلگەندە ئاران 120 كېڭەش ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنە ئىسىملىكنى چۇڭچىڭدا گومىنداڭ 6-نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ۋۇجۇڭشىنغا يوللىدى. ۋۇجۇڭشىن مەمۇرىي پالاتاغا كۇچالىق ئۇيغۇر سەئىد ئەخمەت قازى قوززاتنى كېڭەش باشلىقلىقىغا، خۇتىڭۋېينى مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقلىقىغا، ليۇ يۈڭشياڭنى باش كاتىپلىققا نامزات قىلىپ كۆرسەتتى ھەمدە 120 كىشىدىن 60 كىشىنى كېڭەش ئەزالىقىغا بەلگىلەشنى تەكلىپ قىلدى.

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق كېڭەشنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنى ئەسلىدىكى پىلاندىكىدىن ئۈچ ئاي كېچىكىپ ئېچىلدى. ئۇنىڭغا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى قاتناشمىغاچقا، ئۇ پۈتۈنلەي يەتتە ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان يىغىن بولدى. كېڭەش باشلىقى سەئىد ئەخمەت يىغىن ئېچىش سۆزىدە ئەزالارغا «ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ، خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ، باندىتلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى تۈگىتىش، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش»نى چاقىرىق قىلدى. بۇنىڭدىن كېڭەش يىغىنىنىڭ مەقسىتى - ئاساسىي قانۇن دېگەن نامدىن پايدىلىنىپ، ئۈچ

ۋىلايەت ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. 1946 - يىلى، يەتتە ۋىلايەتتىكى ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە ناھىيىلىك كېڭەش قۇرۇلدى.

ۋۇجۇڭشىن دەۋرىدىكى پىرقە خىزمىتىمۇ پۈتۈنلەي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇش يولىغا سېلىندى. شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىمۇ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەنىدى. 1944 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 268 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى: «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى شېڭ شىسەي بۇيرۇق بويىچە شىنجاڭدىن كەتكەچكە، ئۇنىڭ خىزمىتىنى ۋۇجۇڭشىن ئۆتكۈزۈۋېلىش، قوشۇمچە پىرقە باشلىقى خۇاڭ رۇجىن ئەنزە تۆپەيلىدىن خىزمىتىنى ھازىرچە ئىشلىيەلمىگەچكە ئورنىغا چېن شىخاۋ مۇۋەققەت پىرقە باشلىقى بولۇش، پىرقىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىدىن خۇاڭ رۇجىن، جاڭ جىجيې، لىن بويا، تۇڭ شىچۈەن، لىيۇ يۈڭشياڭلار ئەنزە تۆپەيلىدىن خىزمەت ئىشلەشكە ئىمكانىيەت بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئورنىغا گاۋ بويۈي، سۈن فۇشېڭ، ۋەن چاڭيەن، جۇ كۈنتيەن، جۇ يۈڭخۇالار ھەيئەت ئەزاسى بولۇش، يەنە ھەيئەت ئەزاسى لى يىڭچى باشقا ۋەزىپىگە قويۇلىدىغان بولغاچقا، ئورنىغا شىيې يۈڭسۈنى ھەيئەت ئەزالىقىغا تولۇقلاش» نى قارار قىلدى. گومىنداڭنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىگە ۋۇجۇڭشىن مۇدىر بولغاچقا، پىرقىنىڭ ئاساسىي خىزمىتى ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي تارماقلارغا ماسلىشىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىشىگە ياردەم بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇش بولدى.

1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ۋۇجۇڭشىن «باندىتلارنى تازىلاشقا قاتنىشىۋاتقان كوماندىر - جەڭچىلەر بۇيرۇقنى ئادا قىلىش، ئارقا سەپتىكى بارلىق پىرقە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىمۇ باندىتلارنى تازىلاشنى ئۆز خىزمىتىنىڭ مەركىزى قىلىش، ھەربىي ئىشلارنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، قالغان ئىشلار شۇنىڭغا بويسۇنۇش» نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدا مەيلى پىرقە بولسۇن ياكى ھۆكۈمەت بولسۇن ۋە ياكى ئارمىيە بولسۇن،

ھەممىسى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۈچ ۋىلايەتكە تاقابىل تۇرۇش كېرەكلىكى، بىر تەرەپتىن پىرقە، ھۆكۈمەت «تازىلاشقا ياردەم بېرىشى» لازىملىقى ناھايىتى ئېنىق ئېيتىلغان. 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ۋۇجۇڭشىن پىرقە، ھۆكۈمەت بىرلەشمە يىغىنىدا، پىرقە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى - شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، خاتىرجەملەندۈرۈش، ھال سوراش، تەرغىباتتىن ئىبارەت ئۈچ سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇپ يولغا قويۇش زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە كۈچنى ئۆلغايتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت خادىملىرىنى گومىنداڭغا قوبۇل قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلىدى.

گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى گومىنداڭنىڭ پىرقە مەسلىكىنى تەشۋىق قىلىش، ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى تەييارلاشتا خىراجەتتىن ئايانمىدى. مەسىلەن، «ئەدەبىيات - سەنئەت ئۇيۇشمىسى» تەشكىل قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت شەكلى ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ پىرقە مەسلىكىنى پەردازلاپ، ھەممە يەردە زەھەر تارقاتتى؛ گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «يېڭى شىنجاڭ» نى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر قوبۇل قىلالايدىغان ئۇنىۋېرسال ژۇرنالغا ئايلاندۇردى. «چېگرا رايون قوڭغۇرىقى» ناملىق تام گېزىتى چىقىرىپ، كوچا - كوچىلارغا چاپلىدى؛ «ئىنقىلابىي خاتىرە كۈنلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ۋە «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» ناملىق ئىككى مەجمۇئە چىقىرىپ، ئاممىغا پىرقە مەسلىكىنى سىڭدۈردى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەدەنىيەت خىزمەت ئەترىتى، تىياتىر ئۆمىكى ۋە ياشلار كەچلىك مەكتىپى قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ، ياشلارنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى تەرغىب قىلدى. 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ۋۇجۇڭشىن جياڭ جيېشىغا خەت يېزىپ، ئۈچ مەسىلەك كىتابىنى ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، خەنزۇچە، رۇسچە بەش خىل يېزىقتا 235 مىڭ نۇسخا بېسىپ تارقىتىش ئۈچۈن، شۇ يىلقى تەشۋىقات خىراجىتىنى 145 مىليون يۈەنگە كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

ۋۇجۇڭشىن دەۋرىدىكى گومىنداڭنىڭ پىرقە خىزمىتىنىڭ زور بىر ئالاھىدىلىكى - ياشلارنى ئۆز يېنىغا تارتىش ۋە ئۇلارنى چىرىتىش، ئاتال-

مىش «پىرقە مەسلىكى تەربىيىسى» ئارقىلىق ماركسىزم - لېنىنىزم بىلەن
قارشىلىنىش بولدى. 1945 - يىل 6 - ئايدا، ئامانلىقنى ساقلاش شتابى-
نىڭ مۇۋەققەت باشلىقى لو كەنفېن جەنۇبىي شىنجاڭغا ھال سوراشقا باردى،
ئۇ 7 - ئايدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلىق قىلىش
تەجرىبىسىنى يەكۈنلەشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، پىرقە خىزمىتىنىڭ
ئوبيېكتى ياشلار بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ: جەنۇبىي
شىنجاڭدىكى خېلى كۆپ ساندىكى زىيالىيلار ۋە ياشلار ئۈچ مەسلەك بىلەن
ماركسىزم - لېنىنىزمدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىدىيە ئوتتۇرىسىدا تېڭىر-
قاۋېتىپتۇ. ياشلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىدىيىنى ئۆزگەرتىش ئىشىنى
پىرقە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ھەمكارلىشىپ، باشتىن - ئاياغ چىڭ تۇتۇش
كېرەك؛ ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەمەلدارلىرى ياشلارغا يېقىنلىشىشقا تىرى-
شىش لازىم، ئىدىيىسى ساپ ياشلارنى يادرو قىلىش ئارقىلىق پارچىلاش،
نازارەت قىلىش ۋە تەرغىباتنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك، دېدى. ئۇ
جەنۇبىي شىنجاڭنى مەركىزىي نۇقتا قىلىپ پىرقە، ھۆكۈمەتنىڭ بىرلەشمە
چوڭ يىغىنى ئۆتكۈزۈشنى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ خىزمەت
ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ خەلقنى خاتىرجەملەندۈرۈش ئۈچۈن، كادىرلار مەكتى-
پى ئېچىشنى، مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر ياشلىرىنى گومىنداڭ ئەزالىقىغا قوبۇل
قىلىپ «پىرقىمىزنىڭ مەسلىكى» نىڭ خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر تارىلىشىنى
ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلارنى تەدرىجىي ھالدا ئاخۇن ۋە يېزا - كەنت باشلىقلى-
رى قاتارلىقلارنىڭ كونا كۈچلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى تەكلىپ قىل-
دى. لو كەنفېن قوشۇندىكى ياش كوماندىرلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمى-
دى، ئۇ: ھەرقايسى تۈەنلەرنىڭ سىياسىي تەربىيىچىلىرىنىڭ ھەممىسى
دېگۈدەك بۇرۇن شىنجاڭ قۇرۇقلۇق مەكتىپىنىڭ سىياسىي تەربىيە بۆلۈمى-
نى پۈتتۈرگەن، ماركسىزم - لېنىنىزم بىلەن زەھەرلەنگەن، شۇڭا ئۇلارنى
تېزلىكتە ئۆلكە مەركىزىگە يۆتكەپ تەربىيىلەش ياكى خىزمىتىنى ئالماشتۇ-
رۇۋېتىش كېرەك دېدى. ۋۇجۇڭشىن لو كەنفېننىڭ دوكلاتىغا قوشۇلمى-
غانلىقىنى بىلدۈرۈپ، «پىرقىمىزدىكى يولداشلار» نىڭ تىرىشچانلىقىغا
تايىنىپ، ماركسىزم - لېنىنىزم ئىدىيىسىنى تازىلاش، لېكىن ئاخۇنلارنىڭ

كۆچمگە ۋاقتىنچە تەگمەسلىك توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى. ۋۇجۇڭشىن
يەنە ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن ئوقۇتقۇچى ئاجرىتىپ، ئۇلارنى
يازلىق تەتىلدە ئۆرۈمچىگە يىغىپ، ئۇلارغا پىرقە مەسلىكى تەربىيىسى
ئېلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئەكسىيەتچى ئىدىيىنى ئوقۇغۇچىلارغا،
ئاممىغا سىڭدۈرۈشنى؛ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئوقۇش پۈتتۈرىدى-
غان 100 چە ئوقۇغۇچىسىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ قىسقا مۇددەت تەربىيە-
لىگەندىن كېيىن ئاندىن تەقسىم قىلىشنى بۇيرۇق قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋۇجۇڭشىن «بۇنىڭدىن كېيىن پىرقە
خىزمىتىدە پىرقىمىزنىڭ مەسلىكىنى خەلققە سىڭدۈرۈشنى كۈچەيتىش كې-
رەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنداق ئېھتىياجغا لايىقلىشىش ئۈچۈن،
ئۆلكىلىك پىرقە مەركەز تەلىم - تەربىيە ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى
ئارقىلىق ئۈچ مەسلەكچى (سەنمىنجۇيىچى) ياشلار ئۆمىكىنىڭ ئەكسىيەت-
چى تايانچ ئۇنسۇرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈردى. شىنجاڭ شۆبە
ئۆمەككە چېن شىخاۋ قوشۇمچە ئىلمىي مۇدىر بولدى ھەمدە قەشقەر ۋە
ئاقسۇدا تارماق ئۆمەك قۇرۇلدى، ئۇلار ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەت
ياشلىرىنى تەربىيىلىدى، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچە-
سى ناھىيىلىك پىرقىنىڭ مەسئۇلى ياكى مۇئاۋىن ھاكىم بولدى. شۇ چاغدا
شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردىمۇ پىرقە مەسلىكى تەربىيىسىنى
سىڭدۈرۈش تەربىيىسى يولغا قويۇلدى، مائارىپ مىنىستىرلىقى جياڭ
جيېشىنىڭ مۇددىئاسىغا ئاساسەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ
مەسلەكنى تەرغىب قىلىش مەسئۇلىيىتى بارلىقى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇق-
تۇرۇش چىقاردى. شۇڭا، ياش ئوقۇغۇچىلار ھەم پىرقە مەسلىكى تەربىيە-
سىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىدى، ھەم ئەكسىيەتچى ئىدىيىنى تارقىتىدىغان قو-
رال سۈپىتىدە پايدىلىنىلدى، ھەرقايسى مەكتەپلەر تەشۋىقات ئەترەتلىرىنى
تەشكىللەپ، نۇتۇق سۆزلەش، دېكلاماتسىيە ئوقۇش، رەسىم سىزىش، تام
گېزىتى چىقىرىش، تىياتىر قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ ئۈچ مەس-
لەكنى تەرغىب قىلدى.

ۋۇجۇڭشىن دەۋرىدىكى ئۆلكىلىك پىرقە يەنە ھەممىلا يەردە پىرقە

بىلىتى تارقىتىپ، كىشىلەرنى گومىنداڭ پىرقىسىگە سۆرەپ كىردى. 1945 - يىلى ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى چېن شىخاۋ «پىرقىلەشكەن شىنجاڭ» شوئارىنى، يەنى ئۈچ مەسىلەكنى شىنجاڭدا كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇپلا قالماي، بەلكى گومىنداڭ ئەزالىرىنى 1944 - يىلدىكى 20 نەچچە مىڭ (جەمئىي 54 شۆبە پىرقە) دىن 30 - 50 مىڭغىچە كۆپەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى رايونلۇق، ناھىيىلىك پىرقىلەر ھەممىلا جايدا كىشىلەرنى پىرقىگە سۆرەپ كىردى، ھەتتا پىرقىگە كىرىش ئىلتىماسنامىسىنى بازارلاردا يېيىپ قويۇپ، ئۇچرىغان ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ ئانكېت تولدۇرغۇزدى، بۇنىڭدىن ئەينى چاغدا گومىنداڭنىڭ نەقەدەر چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## 4 - بۆلۈم ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ شىمالىي سەپ، ئوتتۇرا سەپ ۋە جەنۇبىي سەپلەردىكى ھۇجۇمى

تارباغاتاي ۋىلايىتى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ، شۇ چاغدا 5 - رايون دەپمۇ ئاتىلاتتى. چۆچەك، دۆربىلجىن، ساۋەن، شىخو، قوبۇقسار (1941 - يىلى قوشتولغاي شېجىجۇيدىن ناھىيىگە ئۆزگەرتىلگەن)، چاغانتوقاي (1941 - يىلى قۇرۇلغان) ئالتە ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1944 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، پۈتۈن ۋىلايەتتە 170 مىڭ نوپۇس بولۇپ، قازاقلار 100 مىڭدىن ئارتۇقنى، ئۇيغۇرلار 10 مىڭدىن ئارتۇقنى تەشكىل قىلاتتى.

تارباغاتاي ناھىيىسىدە 1944 - يىل 8 - ئايدىن بۇرۇن شىڭ شىسەينىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان، موڭغۇل، قازاق مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان ئازادلىق ھەيئىتى قۇرۇلغان ۋە ئىلىدىكى ئىنقىلابىي تەشكىلات بىلەن ئالاقە ئورناتقان. ھۆكۈمەتكە قارشى تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقاتقان. شىڭ شىسەي بىر تەرەپتىن ئادەم

ئەۋەتىپ بەرگەندى. بىر تەرەپتىن ئالتاينىڭ جەنۇبىدىن چۆچەك، دۆربىلجىنگە ئەسكەر يۆتكەپ چۆچەكنىڭ غەربىي جەنۇبىي ۋە جەنۇبىدىكى تاغلىق رايونىدا تۇرغان پارتىزانلارنى باستۇردى، ئىلى ئىنقىلابىي كۈچلىرىنىڭ شىمالغا يۈرۈشىنى توستى. لېكىن بۇ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ خىيالى بولۇپ، ئىنقىلابىي كۈچنىڭ تەرەققىياتىنى ھېچ كىشى توسالمايتتى.

1945 - يىل 3 - ئايدا مىللىي ئارمىيە تارباغاتايغا يۈرۈش قىلدى، غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى ۋە ئىلھامى ئارقىسىدا، چۆچەكنىڭ شىمالدىكى قىزىلبەيت، چىلىڭ، شىخونىڭ شىمالى، شاۋگۇەي قاتارلىق جايلاردا پارتىزانلار ھەرىكىتى پەيدا بولغانىدى. مىللىي ئارمىيە بورتالادىن شىمالغا يۈرۈپ، شىخودىن چۆچەككە بارىدىغان يولنى ئۈزۈپ، چۆچەكتىكى دۈشمەنلەرنى ياردەمدىن ئۈزۈپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مىللىي ئارمىيە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، چارۋىچىلارنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق كۈرەشكە سەپەرۋەر قىلدى، چۆچەككە يېقىن جايدىكى جىمىنەي ئەترابىدىمۇ 300 دەك پارتىزان ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. ئۆلكە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، 6 - ئاينىڭ بېشىدا چۆچەككە جاۋجيەنفېڭ باشچىلىقىدا ھال سوراش ھەيئىتى ئەۋەتتى، لېكىن بۇ ھەيئەت قۇرۇق ۋەدە بېرىشكىلا يارايتتى، ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلالمايتتى، خەلق بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەت شۇ پېتى تۇردى، ئىنقىلابىي قوراللىق كۈچنى ياقلايدىغان ئادەم كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى.

1945 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى پارتىزانلار ناھايىتى جانلىنىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ كۈچى تېز ئۆلغايدى. 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چاغانتوقاي پارتىزانلىرى ئاران 200 دەك كىشى ئىدى، ئاينىڭ ئاخىرىدا 500 ئەترابىغا يېتىپ قالدى. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدىكى ئامىننىڭ قوراللىق كۈچىمۇ غەربىي جەنۇبقا تەرەققىي قىلىپ دۆربىلجىنگە يېقىنلىشىپ قالدى. جىمىنەي پارتىزانلىرىمۇ غەربىي جەنۇبقا تەرەققىي قىلىپ، سۇڭشۇگۇ ئارقىلىق قوبۇقسار ناھىيىسىگە كىردى. 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شاۋگۇەي پارتىزانلىرى (تولىسى قازاق،

رۇسلار) دىن 200 دەك كىشى شاۋگۇەي پەيچۇسوغا ھۇجۇم قىلىپ ئىككى كېچە - كۈندۈز سوقۇشۇپ، 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سائەت ئۈچتە پەيچۇسو- نى ئالدى. 23 دانە مىلتىق غەنىيمەت ئالدى. 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، چىلپەگىزىدىكى دۈشمەننىڭ بىر لىيەن ئاتلىق ئەسكىرى چۈشتىن كېيىن سائەت يەتتىدە شاۋگۇەينى تارتىۋالدى، 23 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت سەككىزدە دۈشمەننىڭ ساۋەندىن چىققان ئاتلىق يىگىمۇ شاۋگۇەيگە يېتىپ كەلدى، دۈشمەن شاۋگۇەينى تارتىۋالغاندىن كېيىن، بىر قىسىم پارتىزانلار داگۇەي ئارقىلىق دۆربىلجىننىڭ ئۇۋاقجا دېگەن يېرىگە چېكىندى، بىر قىسمى شاۋگۇەينىڭ شىمالىدىكى خەيزى ئەتراپىدا قېپقالدى①.

دۆربىلجىننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۈچسۇدىن كەلگەن رۇس قورال- لىق كۈچلىرىمۇ چۆچەك ئەتراپىدا پارتىزانلىق قىلىۋاتاتتى.

1945 - يىل 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىلى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى پولىنوپ بىر بۆلەك ئەسكەرنى باشلاپ سەنتەيدىن بورتالا، قىزىلتۇز، مايىلتاغ (بۇ يەردە ماملىتاغدىكى پارتىزانلار بىلەن قوشۇلدى) ۋە دۆربىلجىنگە قاراپ يۈردى، 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، دۆربىلجىننىڭ جەنۇبىدىكى ئاقسۇ يېزىسىغا يېتىپ باردى، 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، مىللىي ئارمىيە بىلەن جىبىنسوپ باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار دۆربىلجىنگە ئۈچ تەرەپتىن ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى. تۆت سائەتتەك سوقۇشۇپ، سېپىلنى پارتلىتىپ، بازار ئىچىگە بېسىپ كىرىپ، دۆربىلجىننى ئىشغال قىلدى②.

مىللىي ئارمىيە بىلەن پارتىزانلار دۆربىلجىننى ئالغاندىن كېيىن، چۆچەككە تەسلىم بولۇشقا چاقىرىپ ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ چاغدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى پىڭ رۇڭ (كىشىلەر ئۇنى «پىڭ رۇڭ پولۇ» دەپ ئاتايتتى. قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان لامزەللە، يەپ - ئىچىپ پۇل بۇزۇش- نىلا بىلىدىغان ئادەم دېگەن مەنىدە) كىچىك خوتۇنى بىلەن لۇۋاڭمياۋ

---

① ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىل) 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى.
② جۇدۇڭجياۋ: «چۆچەكنىڭ قولدىن كېتىشى»، «نەزەر» 1 - توم، 14 - سان.

بۇتىلىسىدا چاڭچىلە كۆرۈۋاتاتتى، تەسلىم بولۇشقا چاقىرغان خەۋەرنى ئاڭلاپلا، ئىدارىلەرنىڭ ۋە ھەربىي قىسىمىنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى يىغىپ مەجلىس ئاچتى، ئەمما پىكىردە بىرلىككە كېلەلمىدى، 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يولىنىپ قوراللىق قىلغان مىللىي ئارمىيە ۋە پارتىزانلار چۆچەكنىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى، پۈتۈن شەھەر ئىچى ۋەھىمىگە چۈشتى. سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، كونسۇلخانا كوماندىر - ئەسكەرلەرنىڭ قورالىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ چېگرىدىن ئۆتۈشكە قوشۇلدى، ئامما شەھەردە قېپقالدى، لېكىن ماڭىدىغان چاغدا، ئامما تەڭلا كېلىپ ئولاشتى، 14 مىڭدەك ئادەم بىللە ماڭدى①.

7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مىللىي ئارمىيە بىلەن پارتىزانلار چۆچەككە كىردى ۋە دەرھال مەمۇرىي مەھكىمە قۇردى، باشباي ۋالىي، مەنسۇر بىلەن قاسىماخۇن مۇئاۋىن ۋالىي بولدى. چاغانتوقاي خەلقى دۆربىلجىندىكى ئەنسىزلىكنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھاكىم باشلىق بىرنەچچە يۈز كىشى ۋە 30 دەك ساقچى چۆچەككە قاراپ قاچقان، كېتىۋېتىپ چۆچەكنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ جەنۇبقا بۇرۇلۇپ ساۋەنگە قاچقان.

دۆربىلجىن ۋە چۆچەكنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ئۈرۈمچىگە ئاڭلانغاندا، گومىنداڭ ھەربىي - مەمۇرىي كاتتىۋاشلىرى قورقۇپ كەتتى، ۋۇجوڭشىن، جۇ شاۋلياڭلار بىرلىكتە جياڭ جيېشىغا «ئويلىشىپ كۆرۈشلىرىنى سورايمىز» دەپ تېلېگرامما بەردى. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشكە قاراپ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئىچىدە چېكىنىش ساداسى كۈچەيگىلى تۇردى. ھەربىي يول توغرۇلۇق، جىڭدىن چېكىنىپ چىقىپ، شىخونى مۇستەھكەملەشنى تەشەببۇس قىلدى، لېكىن جىڭدىن چېكىنگەندە توسۇقسىز قالغان شىخونى قوغداپ قېلىش تەس ئىدى؛ شىخو مايتاغقا قارىغانلىقتىن، خەۋپكە ئۇچرايتتى. ئالتاي توغرۇلۇق دەرھال چېكىنىش ياكى مەغلۇپ بولغاندا چېكىنىشنى قوۋۋەتلىگەنلەر خېلى بار ئىدى. ۋۇجوڭشىن ھەسرەت چېكىپ: «چۆچەك بىلەن دۆربىلجىن قولدىن كەتتى. جىڭ، شىخو، ماناس، ساۋەن

① سۇلۇڭ شىلىمىن: «1947 - يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن 25 - فېۋرال ۋەقەسىنىڭ سىرى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1 - سان، 105 - بەت.

خەۋپ ئاستىدا قالدى، ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدە تاشيول بويىدىكى ناھىيىلەر كۆزلۈك يىغىمدىن كېيىن زەربىگە ئۇچرايدۇ. ھوسۇلنى «قاراقچىلار» ئېلىپ كېتىدۇ. زىيان بەك كۆپ بولىدۇ. ماناستىكى «قاراقچىلار»نىڭ ئۆز كۈچىنى ئاشۇرۇپ پاراكەندىچىلىك سېلىشى تۇرغان گەپ، ئاقىۋىتى يامان بولىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جىڭ، شىخو، ماناس قاتارلىق ناھىيىلەر تىيانشان ئارىلىقىدىكى چىغىر يوللارغا تۇتىشىدۇ. گىلىغا ئورۇنلىشىۋالغان «قاراقچىلار» چىغىر يول بىلەن كېلىپ ھەرقاچان ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن، شۇڭا غەربىي يولدىكى ناھىيىلەر جەنۇب تەرەپتىنمۇ، شىمال تەرەپتىنمۇ دۈشمەنگە دۇچ كېلىدۇ. بىزگە ئاراملىق بولمايدىغان بولدى① دېگەن.

جىياڭ جىيېشى بىر تەرەپتىن ۋۇجوڭشىن، جۇشاۋلىياڭلارنى مەدەتلەندۇرۇپ: «سورىغان ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ تېلېگراممىا ئەۋەتىپ مەدەتلەندۈرسە، بىر تەرەپتىن «جىڭ، ئالتايلارنى قاتتىق ساقلاش كېرەك، چېكىنىشكە بولمايدۇ»، «بۇرچنى ئادا قىلماي، ئۆز مەيلىچە چېكىنگەن ئەمەلدارلارنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا ئېتىش كېرەك» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا: «ئۆزى ساقلاۋاتقان شەھەر بىلەن تەڭ ئۆلۈپ - تەڭ تىرىلىشى، بۇرچنى ئادا قىلىپ ۋەتەننى قوغداشنى ئەلا بىلىشى لازىم» دەپ بۇيرۇق بەردى②.

شەھەرنى چىڭ ساقلاش كېرەك دەپ جىياڭ جىيېشى ئۆز قولى بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، مىللىي ئارمىيە بىلەن پارتىزانلارنىڭ غەلىبە بىلەن ئىلگىرىلىشىنى توسۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دۆربىلجىن بىلەن چۆچەكنىڭ ئازاد قىلىنىشى، مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالىي سەپ ۋە ئوتتۇرا سەپتە غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. مىللىي ئارمىيە بىر تەرەپتىن ئالتايدىكى قوراللىق كۈچلەر

① ۋۇجوڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىل) 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى.
② ۋۇجوڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىل) 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى.

بىلەن بىرلىشىش ئۈچۈن شەرقتىكى قۇبۇقسار ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلسا، بىر تەرەپتىن ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن شەرقىي جەنۇبتىكى جىڭ، شىخوغا ھۇجۇم قىلدى.

قۇبۇقسار ساپ چارۋىچىلىق رايونى، ئۇ قوبۇق بىلەن قوشتولغاينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تارباغاتاينىڭ ئەڭ چوڭ ناھىيىسى، 2000 چاقىرىم يېرى سوۋېت چېگرىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈرۈمچى بىلەن چۆچەكتىن ئالتايغا بارىدىغان مۇھىم يول ئۈستىدە، ئۇ يەردە 420 ئەسكەر بولۇپ كۈچى ئاجىز ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۈرۈمچىدىن ئالتاي- غا بارىدىغان يولنىڭ توسۇلۇپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە، ئۈرۈمچىدىن ئالتايغا بارغىچە گۇچۇڭ، خۇاڭساۋخۇ، جياڭجۈن چۆلى، ليۇكېشۇ، قازاق قەبرىسى قاتارلىق جايلاردا ئۇسماننىڭ ئادەملىرى يول توساتتى، بەك ئەنسىز ئىدى. شۇڭا ئۈرۈمچى- دىن ساۋەنگە، ئۇ يەردىن قۇبۇقسارغا، ئاندىن ئالتايغا بارىدىغان يول ئېچىشقا توغرا كەلگەنىدى، شۆيەنفاڭنىڭ تۈەنى قوبۇقساردا تۇراتتى، ئۇ تۈەن موڭغۇل، قازاقلاردىن يۈز نەچچە كىشىلىك قوراللىق قوغدىنىش ئەترىتى تەشكىللىدى، لېكىن موڭغۇل قوغدىنىش ئەترىتى جاڭياۋ باتۇرنىڭ رەھبەرلىكىدە قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈپ، پارتىزانلىق قىلدى. 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئەرتەيدىكى ئاتلىق 3 - تۈەننىڭ بىر ليەنى جېمىنەي، قوبۇقسار پارتىزانلىرى بىلەن بىرلىشىپ، قوبۇقسار شەھىرىنى قورشىدى. 12 - كۈنى مىللىي ئارمىيە مۇستەقىل ئاتلىق تۈەنىنىڭ 2 - ليەنىمۇ قوبۇقسارغا يېتىپ كەلدى، شەھەر ئىچىدىكى دۈشمەنلەر ئاشلىق، بېدە - ساماندىن قىسىلدى، دۈشمەنلەر ۋاقىتنى سوزۇش ئۈچۈن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، مىللىي ئارمىيە قوبۇقسار شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى پوتەينى، ناھىيىلىك ساقچىنى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى ۋە شۆيەنفاڭ تۈەنىنى تۇپقا تۇتتى. 21 - كۈنى مىللىي ئارمىيە بىلەن پارتىزانلار دۆربىلجىندىن ئەسكەر، ئاپتوموبىل، زەمبىرەك ئالدۇرۇپ كېلىپ، قوبۇقسار ناھىيىسىنى ئاخىر ئالدى، دۈش- مەننىڭ كۆپ قىسمى ئۆلتۈرۈلدى، بىر قىسمى 28 - كۈنى شاۋگۇەيگە

قاچتى. قوبۇقسار ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالتايغا غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى، ئوتتۇرا سەپتىكى ئۇرۇشقىمۇ ياردىمى بولدى.

مىللىي ئارمىيە قوبۇقسارنى ئالغاندىن كېيىن 24 ـ كۈنى ئالتايدىكى بۇرچىنغا يۈرۈش قىلدى.

1944 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە، يەنى ئىلىقا قوزغىلىڭدىن غۇلجا قوزغىلىڭىغىچە بولغان مەزگىلدە، ئالتايدىكى دەلىلقان بىلەن ئوسمانىنىڭ ئەسكەرلىرى ئالتاي شەھىرىگە ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلىپ قاتتىق مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوسمانىنىڭ ئادەملىرى شەرققە بۇرۇلۇپ، چىڭگىل، بورگىنگە، ئۇ يەردىن داۋاملىق جەنۇبقا يۈرۈپ، چىڭچىلىڭ، بارىكۆل، مورى، گۇچۇڭ، جىمسار، فۇكاڭ، مىچۈەن، سانجى ناھىيىلىرىگە سوزۇلدى، دائىم ئۇرۇمچىدىن شىخوغىچە بولغان تاشيول بويلىرىنى پاراكەندە قىلىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا ئوسمانىنىڭ قولىدا بىرنەچچە مىڭ قازاق چارۋىچى، 200 مىڭدەك چارۋا بار ئىدى، ۋۇجۇڭشىن ھېلى بۇ يەردە، ھېلى ئۇ يەردە پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان بۇ قازاق چارۋىچى قوراللىق كۈچلىرىدىن بىشى قېتىپ، كونا چارىسىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى، ئۇلارنى ئۆزىگە رام قىلىش ئۈچۈن، 1944 ـ يىل 12 ـ ئايدا ھال سوراش ھەيئىتى تەشكىل قىلىپ، شەرق، غەرب ئىككى تەرەپكە ئەۋەتىپ «ھال سورىدى» . ئاندىن گاۋ بويۈينى ئالتايغا ۋالىي، لى مىڭبېينى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، تېخى يېقىندا قاماقتىن بوشاپ چىققان ئەلەن جۇڭۋاڭنى ئالتايغا مۇئاۋىن ۋالىي، مۇقاش (قازاق) نى ئالتايغا ھاكىم، بادىنى قاباغا ھاكىم، كۆكتوقاي تەيجىنى جىمىنەيگە ھاكىم، خادىشۇەنى چىڭگىلغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ، شۇ يول بىلەن «ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇماقچى» بولدى. ۋۇجۇڭشىن، گاۋ بويۈيلەرنىڭ گوللىشى ئارقىسىدا، ئوسمانىنىڭ ئادەملىرىدىن سۇلايمان، نۇرخوجايلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەسلىم بولدى①. 1945 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئوسمانىنىڭ ئادەملىرىدىن مانات

---

① ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، «شىنگو»نىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىل) 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ، 14 ـ كۈنلىرى.

300 دەك مىلتىق، ئون پىلىموت ۋە پۈتۈن ئادىمى بىلەن گاۋ بويۇيگە تەسلىم بولۇپ، بۇرۇلتوقاينىڭ ئامانلىق ساقلاش دادۇيجاڭى بولدى. گاۋ بويۇي بىلەن شۇ يەردىكى 46 - شىنىڭ شىجاڭى يۈەن لىنيۈن مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن رۇس، موڭغۇل ۋە ئالتۇن كان ئىشچىلىرىنى تەشكىللەپ قوغدىنىش دۈيى ئۇيۇشتۇردى، شۇ چاغدا ئالتايدىكى ئەسكەرلەر گومىنداڭنىڭ مۇنتىزىم ئەسكىرى، ئالتۇن كان ئامانلىق ساقلاش ئەترىتى، مانات ئامانلىق ساقلاش ئەترىتى، ساقچى قىسىملىرى بولۇپ 1600 دىن ئاشاتتى①. شۇنداق بولسىمۇ، ھال سوراش بىلەن توپىلاڭنى تىنچىتىش مەقسىتىگە يېتەلمىدى.

1945 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، دەلىلقان بىلەن ئوسماننىڭ ئەسكەرلىرى بولۇپ 1000 دەك كىشى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ كېلىپ ئالتايغا ھۇجۇم قىلدى، يەتتە كېچە - كۈندۈز تىركىشىپ 30 - كۈنى چېكىنىپ كەتتى. 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، دەلىلقان 1200 دەك ئادەمنى باشلاپ جياڭجۈن تېغى، خۇڭدۇڭچۈي، قاشا ئۈچ تەرەپتىن كېلىپ ئالتايغا ھۇجۇم قىلدى. ئەمما، جياڭجۈن تېغى تەرەپتىن كەلگەنلەر مانات ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، قالغان ئىككى يولدىن كەلگەنلەر ئالتاي قوشۇنى ۋە رۇس، موڭغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. دەلىلقان جياڭجۈن تېغىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، مەركەزلىك ھالدا خۇڭدۇڭچۈيگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردىمۇ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، تاغقا قېچىپ كەتتى، ئوسمان ياردەمگە كەلدى، ئالتاينى چوقۇم ئالماقچى بولۇپ، 900 دەك ئادەمنى خىللاپ ئەكېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى، بۆكۈمچى دېگەن يەردە رۇس ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشۇپ مەغلۇپ بولدى، 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، چوڭقۇر دېگەن يەردە دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ، يەنە 15 ئادىمى ئۆلدى.

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى دەلىلقان 900 دەك پارتىزاننى باشلاپ كېلىپ ئالتاي شەھىرىنى قورشىدى، ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلماقچى بولدى.

---

① يۇقىرىقى ئىزاھات بىلەن ئوخشاش، مىنگونىڭ 34 - يىلى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى.

7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مىللىي ئارمىيە دۆربىلجىن بىلەن چۆچەكنى ئىشغال
قىلغاندىن كېيىن، ئالتاي تېخىمۇ يېتىم قالدى. ۋۇجۇڭشىن بىلەن جۇ-
شاۋلياڭ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ قالدى. ئۇلار ۋەزىيەتنى مۇنداق
تەھلىل قىلدى: دۆربىلجىن بىلەن چۆچەك قولدىن كەتكەندىن كېيىن
ئالتاي خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ. ئىچكى تەرەپتىن دەلىلقان، ئوسمانلار خالى-
غان چاغدا ھۇجۇم قىلىدۇ، شىمال تەرەپتە جىمىنەيدىكى رامىزان زالىڭ-
نىڭ ئەسكەرلىرى بار، جەنۇب تەرەپتىن ساۋەن پارتىزانلىرىمۇ ھە دېگەندە
شىمالغا قاراپ ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن، غەرب تەرەپتە دۆربىلجىن، چۆ-
چەكتىكى مىللىي ئارمىيە شەرققە قاراپ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن، ئەگەر
ئالتاينى تۇتۇپ تۇرالمىساق، پۈتۈن شىمالىي شىنجاڭنى ئىنقىلابىي كۈچلەر
ئىگىلەپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە: «دەرھال مەركەزنىڭ ئۆلكىمىزگە
ھاۋا ترانسپورت كۈچىنى كۆپەيتىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغاندىن باشقا،
1. ئوسماننى ئىسكەنجىگە ئېلىش؛ 2. ئايروپىلان بىلەن بومبىغا تۇتۇپ،
دۆربىلجىننى پاراكەندە قىلىش؛ 3. ساۋەننى مەھكەم ساقلاش؛ 4. ماناس-
نىڭ غەربىدىكى تاغدىكى «قاراقچى» لارنى تىزگىنلەش؛ 5. خېجىڭغا
ماسلىشىپ، تىيانشاندىكى «قاراقچى» لارنى تىزگىنلەپ، ئالتايدىكى قى-
سىملىرىمىزنىڭ جىمىنەيگە ئۆزى يالغۇز تاقابىل تۇرۇشى ياكى ئۇزاقراق
چىداشلىق بېرىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىش لازىم①». گومىنداڭ قوشۇنلى-
رىنى يۆتكەپ بولغۇچە، 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى دەلىلقان 1000 نەچچە
يۈز پارتىزاننى باشلاپ كېلىپ 500 دىن ئارتۇق موڭغۇل ئەسكەر بىلەن
ئۈچ مىناميوت، كىچىك زەمبىرەك، ئېغىر پىلىموتلارنى توپلاپ، ئالتاي-
نىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى لاماجاۋغا ھۇجۇم قىلدى. 8 - كۈنى چۈشتىن
كېيىن سائەت تۆتتە ئالتايغا يېقىن قىستاپ كەلدى، سائات بەشتە توپ
تۇتتى. 10 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ يېرىمدا، دەلىلقاننىڭ
ئادەملىرى ئالتاينىڭ شەرقىي ۋە غەربىدىكى پوتەيگە ۋە ناھىيە بازىرى-
مىناميوت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، بىر قىسىم فرونتلارنى تارتىۋالدى،

① ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىل) 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى.

گومىنداڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئەبجىقى چىقىپ كەتتى. 11 ـ كۈنى پارتىزانلار 60 پايدەك زەمبىرەك ئېتىپ، ئالتاي شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى فرونتنى يىمىردى، دۈشمەننى ئېغىر چىقىمدار قىلدى. گاۋ بويۈي، يۈەن لىنيۈنلەر جۇ شاۋلياڭ، ۋۇجۇڭشىنغا ئارقا ـ ئارقىدىن تېلېگرامما يوللاپ، ھاۋا ئارمىيىسى ئەۋەتىپ دۈشمەن فرونتنى بومبىلاپ، بىزگە ياردەم بەرسە دېگەن تەلەپنى قويدى. 14 ـ كۈنى ئالتايدىن جىددىي تېلېگرامما كەلدى: «ئاشلىق، ئوق ئۈزۈلۈپ قالدى، تېزدىن يەتكۈزۈپ بېرىلسە، ئايروپىلان! ئايروپىلان! ئايروپىلان! ئايروپىلان!» شۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ ياردەمچى قىسىملىرى يېتىپ باردى، موڭغۇل قىسىملىرى توپىلىرىنى ئېلىپ چېكىنىدۇ. 16 ـ كۈنى كەچتە، پارتىزانلار يۆتكىلىپ، خوڭدۇڭچۈيگە يىغىلىپ، بۇغداي ئورۇدى. 19 ـ كۈنى ئەتىگەندە پارتىزانلار خوڭدۇڭچۈيدىن پۇتۇنلەي چېكىندى ۋە بىرلىكتە جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئىلى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى[1]. شۇ چاغدا ئالتاي شەھەر ئىچىدە ئاشلىق قىس ئىدى، ئالتاينىڭ ئۆزىدىن چىققان ئاشلىق ئاھالىگە ئاران ئىككى ئايلا يېتەتتى، ئالتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى چوڭقۇر ئالتاينى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيتتى، كۆتۈلمىگەندە، شۇ يىلى قۇرغاقچىلىق بولۇپ كېتىپ، ئاشلىق بىلەن بۇرچىندىكى ھەربىيلەر بىلەن ئاھالىنىلا تەمىنلىيەلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇلتوقايدىن ئالتايغا چېكىنىپ بارغان بىر نەچچە يۈز كىشىگىمۇ ئاشلىق كېرەك ئىدى، شۇڭا ئاشلىق تېخىمۇ قىسلىشىپ، ئاھالە ياڭيۇ بىلەن جان ساقلىدى، گاۋ بويۈي مەخسۇس ئاشلىق توشۇشقا ئۈچ ئايروپىلان سوراپ ئالدى.

ئىلى مىللىي ئارمىيىسى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قوبۇقسارنى ئالغاندىن كېيىن داۋاملىق شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، جېمىنەيدىكى پارتىزانلارغا ماسلىشىپ 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى قابانى ئالدى. 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى،

---

① ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىل) 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى: «ئالتاي ۋالىسى گاۋنىڭ 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى مەخپىي تېلېگراممىسى»، ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 34 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى.

پولنىپ بۇرچىنىدىكى دۈشمەنلەرگە، ئۈچ سائەت ئىچىدە تەسلىم بولۇڭلار، بولمىسا، شەھەرگە ھۇجۇم باشلىنىدۇ، دېگەن مەزمۇندا خەت ئەۋەتتى. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، مىللىي ئارمىيە بۇرچىنىنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئالتاينىڭ غەربىي پۈتۈنلەي مىللىي ئارمىيە ۋە پارتىزانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. مىللىي ئارمىيە دەللىقاننىڭ پارتىزانلىرىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئالتاينى كۆزلەپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. دەللىقاننىڭ پارتىزانلىرى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئالتاينىڭ كوچىلىرىنى توپقا تۇتۇشقا باشلىغانىدى، دۈشمەن ئەسكەرلىرى چىداشلىق بېرەلمىدى. 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، مىللىي ئارمىيە خۇڭدۇڭچۈينى ئىشغال قىلدى. 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، مىللىي ئارمىيە دەللىقان پارتىزانلىرى بىلەن ئاۋېتاندا ئۇچراشتى ۋە ئالتايغا بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلدى، گاۋ بوبۇي بىلەن يۈەن لىنيۇن تەڭ كېلەلمەي تاشقى موڭغۇلغا چېكىنمەكچى بولدى. 6 - كۈنى كەچ سائەت ئىككىدە، دۈشمەن ئەسكەرلىرى تۇماندىن پايدىلىنىپ چېكىندى، مىللىي ئارمىيە بىلەن پارتىزانلار ئالتاي ناھىيىسىنى ئىشغال قىلدى، 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئالتاي ۋىلايىتى پۈتۈنلەي ئازاد بولدى.

ئالتايدىكى دۈشمەن قىسىملىرى قېچىپ ئالتاينىڭ شەرقىي شىمالىدىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۇلاستايغا بارغاندا، پارتىزانلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى ۋە سوقۇشقاچ چېكىندى، 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كەچقۇرۇن تاشقى موڭغۇل چېگرىسىدىكى ئورمۇگەت داۋانغا بارغاندا، يەنە پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۈچ كېلىپ، قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولدى. گاۋ بوبۇي، يۈەن لىنيۇنلەر تەسلىم خېتىگە ئىمزا قويدى، 152 تۆەنجاڭ، 1684 ئەسكەر ئەسىرگە چۈشتى①. گاۋ بوبۇي بىلەن يۈەن لىنيۇن ئالتايدىن قوبۇقسار، دۆربىلجىن ئارقىلىق غۇلجىغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇلدى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ساقچى ئىدارە باشلىقى لى مېڭبەي بىلەن 33 - تۆەننىڭ تۆەنجاڭى دەي كۈيىي ئۇرمۇگەت داۋانىدىن قېچىپ، قىزىل چۆلى، ئۆلۈڭگۈ دەرياسى، قاراماي چۆلى، جياڭجۈن چۆلى ئارقىلىق 9 - ئاينىڭ

① ساۋادانوف زايىر: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي توغرىسىدا ئەسلىمە» (1944 - يىل 9 - ئايدىن 1949 - يىل 9 - ئايغىچە)، 15 - بەت.

20 ـ، 21 ـ كۈنلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ گۇچۇڭغا يېتىپ باردى.

بۇرچىن، قابا، ئالتاينى ئېلىشنىڭ نەتىجىسى ئاساسەن ئىلى مىللىي ئارمىيىسى بىلەن دەلىلقان پارتىزانلىرىغا مەنسۇپ، ئۇ چاغدا ئوسمان چېكىلدە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرغان، ئۇ ئىلى مىللىي ئارمىيىسىدىن قورقاتتى، دەلىلقاندىنمۇ ئېھتىيات قىلاتتى، ئالتاينى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئالتايغا كېلىپ ۋالىي بولۇۋالدى، دەلىلقان گارنىزون سىلىكى، قوشۇمچە ئاتلىق تۈمەننىڭ تۈمەنجاڭى بولدى. شۇ چاغدا ئالتايدا 2000 ئەسكەر، ئالتە دانە مىناميوت، 1700 دەك ھەر خىل مىلتىق بار ئىدى، سارباي بىلەن ئابدۇسۇ مۇئاۋىن قوماندان بولدى، ئالتايغا ئىلى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئەمەت مۇئاۋىن ۋالىي بولدى، يەنە بىر موڭغۇل مۇئاۋىن ۋالىي قويۇلدى، ئالتاي ئالتۇن كان ئىدارىسىگە تاشبېك كۆچمەن چارۋىچىلىرىنىڭ زاڭگىنى ئابدۇساقى باشلىق بولدى، سودا شىركىتىگە مالىشۈن جىڭلى بولدى، ئالتۇن كان ئىدارىسى بىلەن سودا شىركىتى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئالتۇن قېزىشقا، تىجارەت قىلىشقا كىرىشتى[1].

مىللىي ئارمىيە بىلەن پاتىزانلار قوبۇقسارغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىللە، ئوتتۇرا سەپ ئۇرۇشىغا، يەنى شىخو، جىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق كۆردى. شىخونىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچىگە 266 كىلومېتىر، جىڭغا 155 كىلومېتىر كېلىدىغان، غەربكە ماڭسا ئىلىغا، شىمالغا ماڭسا چۆچەككە، ئالتايغا، شەرققە ماڭسا ماناس، ئۈرۈمچىگە بارىدىغان مۇھىم يول ئۈستىدە ئىدى. شۇڭا، گومىنداڭ ئۇ يەردە كۆپ ئەسكەر تۇرغۇزاتتى، يېڭى 2 ـ جۈننىڭ جۈنجاڭى شې يىفىڭ ئۆزى تۆپىدە تۇرۇپ ساقلايتتى. 1945 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە، گومىنداڭنىڭ ئۇ يەردىكى ئەسكىرى 5000 دىن ئارتۇق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاساسلىق يول توغاملىرىغا مىنا كۆمگەن، زەمبىرەكلەرنى جايلاشتۇرغان، چوڭقۇر خەندەك كولاپ سۇ توشقۇزۇۋەتكەن، ئۇلار ئۆزلىرى:

[1] ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىل) 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى.

«شىخو مۇستەھكەم قورغان①» دەپ ماختىناتتى.

شىمالىي سەپتىكى ئۇرۇش ئاساسەن ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە سوۋېدۇلۇك پىيادە 1 - تۈمەن، چۆچەك ئاتلىق 6 - تۈمەن، موڭغۇل ئاتلىق يىگى ۋە مۇھاپىزەت يىگى بولۇپ 4000 دەك ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، پولىنوپىننىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا شىخوغا ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە دۈشمەن ئارقا سېپىدە كەڭ كۆلەمدە پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇردى، شىكشۇردىكى كۆۋرۈكنى بۇزۇپ، شىخو بىلەن جىڭنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزدى. ئەنجىخەي، ماناس كۆۋرۈكلىرىنى بۇزۇپ دۈشمەنگە ماناس، ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان ياردەمنى ئۈزۈپ قويدى، يىلان قوبۇق، بۆرتوڭگۇ، ئەنجىخەي، ساۋەن، ماناستىكى دۈشمەنلەرگە ئارقا تەرەپتىن زەربە بېرىپ، قاتناشنى بۇزۇپ، توك سىملىرىنى ئۈزۈپ، دۈشمەننىڭ قاتناش، تېلېفون ئالاقىلىرىنى پالەچ قىلىپ قويدى، ئۇلار دۈشمەننىڭ ئۈرۈمچىدىن شىخوغا ئەكېتىپ بارغان 40 ماشىنا قورال، ئوق - دورا، كىيىم - كېچەكلىرىنى غەنىيمەت ئالدى، ماشىنىلىرىغا ئوت قويدى، دۈشمەننىڭ ماشىنىدىكى ئادەملىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مىللىي ئارمىيە ۋە ھەر قايسى يوللاردىن كەلگەن پارتىزانلار شىخوغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. تاڭ سەھەردىن كېچىگىچە ئون نەچچە ئېغىر زەمبىرەك ۋە ئىككى ئايروپىلان بىلەن شىخونىڭ شىمالىي شەھەر ياقىسىنى قاتتىق توپقا تۇتتى، دۈشمەننىڭ 3 - مۇداپىئە سېپى بۇزۇلدى، دۈشمەننىڭ خىل ئەسكەرلىرىنىڭ ۋەتۆرىكى چىقىپ، شۇ كېچىسى ئىچكى فرونتقا چېكىندى، 6 - كۈنى ئېغىر زەمبىرەك بىلەن شەھەر توپقا تۇتۇلدى، شەھەر ئىچى ئىس - تۈتەكنىڭ ئىچىدە قالدى. 7 - كۈنى مىللىي ئارمىيە شەھەر مەركىزىدىكى پوتەينى ئىگىلىدى. ئۇ يەردىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى يوقاتتى، 8 - كۈنى شىخونى پۈتۈنلەي ئازاد قىلدى. 9 - كۈنى نەسىردىننى ھاكىم، سادىقجاننى ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. شىخو جېڭىدە، مىللىي ئارمىيە

① ساۋدانوف زايىر: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي توغرىسىدا ئەسلىمە» (1944 - يىل 9 - ئايدىن 1949 - يىلغىچە) 10 - بەت.

دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن 560 كىشىنى ئۆلتۈردى. 1000 دىن ئارتۇق كىشىنى ئەسىر ئالدى ۋە نۇرغۇن مىلتىق، تانكا، ئاپتوموبىللارنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۆزىنى تېخىمۇ پۇختا قوراللاندۇردى. مىللىي ئارمىيە شىخوغا ھۇجۇم قىلغاندا، مايتاغدىكى ئامانلىق ساقلاش ئەترىتى ۋە زاۋۇتنىڭ خادىملىرى ئەنجىخەيگە چېكىندى. مىللىي ئارمىيە 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئەنجىخەينى ئىشغال قىلدى، 13 - كۈنى سەندۇخېزىنى ئىشغال قىلدى، شۇ كۈنى ساۋەندىكى دۈشمەنلەر ماناسقا چېكىندى. 16 - كۈنى مىللىي ئارمىيىنىڭ 500 - 600 ئادىمى ساۋەن بازىرىنى ئىشغال قىلىپ، سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى سابىتنى ھاكىملىققا تەيىنلىدى ۋە ھەربىي ساقچى گارنىزونى ۋە باج ئىدارىسى قۇردى، ئاشلىق يۆتكەپ مىللىي ئارمىيىگە ياردەم بەردى. ساۋەن ئەزەلدىن ئاشلىقنىڭ كانى ئىدى، ھەر يىلى ھۆكۈمەت بۇ يەردىن 10 مىڭ دەندىن ئارتۇق ئاشلىق سېتىۋالاتتى[①]. شىخودىن ماناسقا چېكىنگەن شې يىفېڭ ماناس كۆۋرۈكىنى پارتلىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى ھەم 46 - شىنىڭ شىجاڭى شۈي رۈچېڭنى ئەۋەتىپ ئۇ يەرنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى[②]. 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئالتە ناھىيىسى پۈتۈنلەي ئازاد بولدى.

9 - ئاينىڭ بېشىدا، مىللىي ئارمىيە شىخوغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىللە، جىڭخا ئەسكەر تارتتى، شۇ چاغدا جىڭدا 7000 دەك ئەسكەر بار ئىدى، 45 - شىنىڭ يېڭى شىجاڭى گوچى ئالدىنقى سەپ باش قوماندانى ئىدى (بۇرۇنقى شىنىڭ شىجاڭى شىيې يىفېڭ 2 - جۇننىڭ جۇنجاڭلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، شىخودا تۇراتتى). 1945 - يىل 2 - ئايدىن باشلاپ، گومىنداڭ ئارمىيىسى جىڭ خەلقى بىلەن ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى زورلۇق بىلەن چېكىندۈرۈپ، ھەدەپ ئىستىھكام ۋە ئايرودروم ياساتتى. خەلق ئىشلىرىغا زو شۇپىڭ مەسئۇل ئىدى. زۇ شۇپىڭ تېخى يېڭىدىن ئىلى

① ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەڭگى بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى.
② ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەڭگى بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 1 .، 2 .، 4 .، 6 .، 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنلىرى.

ۋىلايىتىگە ۋالىي بولۇپ تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئىلىنىڭ كۆپ قىسمى مىللىي
ئارمىيىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، خىزمەت ئورنىغا بارالماي،
جىڭدا تۇرۇپ قالغانىدى. ئۆزىنى زو زوڭتاڭنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتىغان زو
شۇيىڭ خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتەپىنىڭ 6 - قارارىنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ ۋۇجۇڭ-
شىنغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا چىققانىدى. ئۇ مىللىي ئارمىيىگە تاقابىل
تۇرۇش ئۈچۈن، ئاۋۋال قازاق ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرۇش،
«پارتىزانلارغا پارتىزانلىق يولى بىلەن تاقابىل تۇرۇش» لازىم دەپ قارايت-
تى. شۇڭا، ئالدىنقى سەپتىن پېتىراپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى ۋە ئات
مىنىشكە ئۇستا ئاھالىلەرنى يىغىپ، «تىيانشان پارتىزانلار قوشۇنى» دېگەن
بىر قوشۇننى قۇرۇپ، ئۆزى قوماندان بولدى، غۇلجا ناھىيىلىك پىرقىنىڭ
باشلىقى جاڭ يۈينى شتاب باشلىقى قىلدى، جىڭ تاشيولىنىڭ ئىككى
قاسنىقىغا ئاكوپ ياسىتىپ، «پارتىزانلىق ئۇرۇشى» ئېلىپ بېرىپ، مىل-
لىي ئارمىيىنىڭ شەرققە يۈرۈشىنى توسۇماقچى بولـدى. 1945 - يىـل
4 - ئاينىڭ باشلىرىدا، مىللىي ئارمىيە داخىيەن، يۈڭجىخۇدىن ساسەنزىغى-
چە بولغان ئارىلىقنى ئىشغال قىلدى. زوشۇيىڭ ئالتە توكتوك ئادىمىنىڭ
مىللىي ئارمىيىنىڭ ھۇجۇمىنى پەقەت توسالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ
تۇرغاندا، پوككىدە قاراشەھەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىپ قالدى،
«تىيانشان پارتىزانلار قوشۇنى» بالا تاشلىنىۋەتتى. 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى
ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، شىبە قاتارلىق مىللەتلەردىن تەشكىللەنگەن بىر
بۆلەك مىللىي ئارمىيە ھەدېگەندىلا يۈڭجىخۇنى ئالدى. 9 - ئاينىڭ 5 -
كۈنى مىللىي ئارمىيە ئايروپىلان بىلەن گومىنداڭنىڭ باجاخودىكى
517 - تۈەننىڭ بىر يىغىنى بومبىلاپ پەرەختەن قىلىۋەتتى. 8 - كۈنى
مىللىي ئارمىيە جىڭغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى، دۈشمەنلەر تەڭ
كېلەلمەي، شىخۇ تاشيولىنى بويلاپ شەرققە قاچتى، 10 - كۈنى قېچىپ
گورتۇ كۆۋرۈكىگە بارغاندا، مۆكۈپ ياتقان مىللىي ئارمىيىنىڭ زەربىسىگە
ئۇچرىدى، بۇ چاغدا كۆۋرۈكنى پارتىزانلار كۆيدۈرۈۋەتكەنىدى. دەريا چوڭ-
قۇر بولغاچقا، كېچىپ ئۆتمەكچى بولغان دۈشمەنلەرنىڭ نۇرغۇنى سۇدا
ئۆلدى. شۇ كېچىسى قالغان دۈشمەن شىكشورغا قېچىپ بارغاندا، شىخو-

نىڭ 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاندىن ئۇقتى، 45 -
تۇەننىڭ تۇەنجاڭى گوچى ئازغىنە ئەسكەرنى ئېلىپ قاچقان بولسىمۇ، 19-
كۈنى كۈيتۇڭ بىلەن ئەنجىخەيىنىڭ ئارىلىقىدا مىللىي ئارمىيىگە ئەسىر
چۈشۈپ، ئالتاينىڭ ۋالىيسى گاۋ بويۇي، ئالتاينىڭ قوماندانى يۈەن لىنيۈن
قاتارلىق كىشىلەرگە قوشۇپ ئىلىغا ئاپىرىپ قامىدى، جاڭ جىجۇڭ شىن-
جاڭغا كېلىپ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىغان-
دىن كېيىن بوشاپ قايتىپ كەلدى. 45 - شىننىڭ 1 - تۇەنى شىخودىن
ئۆتۈپ ماناسقا يېتىپ كەلگەندىن باشقا، قالغان قىسمى پۈتۈنلەي دېگۈدەك
يوقىتىلدى. جىڭ سوقۇشىدا مىللىي ئارمىيە 3000 دىن ئارتۇق كىشىنى
ئەسىرگە ئالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شاۋ جياڭدىن بىرى، شاڭشياۋدىن ئىك-
كىسى، جۇڭشياۋدىن تۆتى، شاۋ شياۋدىن 15 ى، باشقا كوماندىردىن 198
ى بار، مىناميوتتىن 12 نى، چوڭ زەمبىرەكتىن توققۇزنى، پىلىموتتىن
38 نى ۋە نۇرغۇن ھەربىي ئەشيانى غەنىيمەت ئالدى①.

مىللىي ئارمىيە شىمالىي سەپ ۋە ئوتتۇرا سەپتە ھۇجۇمغا ئۆتۈش
بىلەن بىللە، بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچ چىقىرىپ، جەنۇبىي سەپتە جەڭ
قىلدى، جەنۇبىي سەپنى ئېچىشتىكى يېتەكچى ئىدىيە قاراشەھەر ۋىلايىتى
بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، تاشقورغان قوزغىلىڭىغا ماسلى-
شىش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەسىرىنى كېڭەي-
تىش، گومىنداڭنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ شىمالىي سەپ
بىلەن ئوتتۇرا سەپكە ياردەم بېرىش ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ
قوشۇنى ئىنقىلابنى شىمالىي شىنجاڭ دائىرىسىدىلا چەكلەش ئۈچۈن، شىما-
لىي شىنجاڭغا بارىدىغان ئاساسىي تاغ ئېغىزلىرىدا خېلى كۆپ ئەسكەر
تۇرغۇزغانىدى، قاراشەھەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىكى ئەسكىرى ۋە قورالى
بىر قەدەر خىل بولسىمۇ، لېكىن تۇرغان يەرلىرى تارقاق، ئالاقىگە ئەپسىز
ئىدى، بۇ تەرىپى جەنۇبىي سەپتىكى مىللىي ئارمىيە ئۈچۈن پايدىلىنىشقا
بولىدىغان شەرت ئىدى.

① سازدانوف زايىر: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا ئەسلىمە» (1944 - يىل 9 - ئايدىن 1949 - يىل 9 - ئايغىچە) 13 ،، 15 - بەتلەر.

قاراشەھەر ۋىلايىتى، يەنى 8 - ۋىلايەت قاراشەھەر ناھىيىسى، خېجىڭ ناھىيىسى، كورلا ناھىيىسى، بۆگۈر ناھىيىسى، لوپنور ناھىيىسى، چاقىلىق ناھىيىسى، چەرچەن ناھىيىسى ۋە خوشۇت شىجىجۇيدىن ئىبارەت يەتتە ناھىيە، بىر شىجىجۇينى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. پۈتۈن ۋىلايەتتە ئاساسلىقى خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇلدىن ئىبارەت تۆت مىللەت، 100 مىڭدىن كۆپرەك ئاھالە بار ئىدى، ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئوندىن يەتتىسىنى، موڭغۇللار ئوندىن 1.5 نى تەشكىل قىلسىمۇ، موڭغۇللارنىڭ نۇرغۇن قەبىلىسى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، چارۋىچىلىق تەرەققىي قىلغانىدى.

1944 - يىل 12 - ئايدا، ئىلى پارتىزانلىرى تېكەستىن شەرقىي جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بايىنبۇلاقنى ئىگىلەپ، قاراشەھەر، كۇچاغا تەرەققىي قىلىدىغان تايانچ بازا قىلغانىدى. بايىنبۇلاقنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم، ئىلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان يېقىن يول ئىدى، بايىنبۇلاقتىن جەنۇبقا قاراپ تۆت ئۆتەڭ ماڭسا كۇچاغا بارغىلى بولىدۇ، بەش ئۆتەڭ ماڭسا قاراشەھەرگە بارغىلى بولىدۇ. بايىنبۇلاق شىمالىدىكى تاغ ئېغىزىغا جايلاشقان تىكەس داۋانىغا يېرىم كۈنلۈك يول، ئارىلىق يېقىن، شۇڭا تىكەس داۋانىنى ئالسىلا بايىنبۇلاقنى ئېلىشتا گەپ يوق. بايىنبۇلاقنى ئالدى دېگەن سۆز قاراشەھەر، كۇچانى ئالدى دېگەن سۆز. بايىنبۇلاقتا بۇرۇن گومىنداڭنىڭ بىر ساقچى بۆلۈمى بار ئىدى، قاتتىق قار يېغىپ كېتىپ، تەمىناتتىن قىسىلغانلىقتىن، تېكەستىن چېكىنگەن ئەمەلدار ۋە پۇقرالار بىلەن بىللە قايتىپ كەتكەنىدى، پارتىزانلار بايىنبۇلاقنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ شۇ يەردىكى ئەسكەرلىرىنى ۋە مانجۇ زامانىدىن قالغان ۋاڭ ۋۇجىڭبىن ئۇيۇشتۇرغان موڭغۇل قوغدىنىش قوشۇنىنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. 1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مىللىي ئارمىيە بايىنخۇشۇتقا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، موڭغۇل قوغدىنىش قوشۇنىنىڭ بىر تۈركۈم ئادىمىنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئىلىغا ئاپىرىپ تەربىيىلىگەندىن كېيىن مىللىي ئارمىيىگە قوشتى. 5 - ئاينىڭ ئايىغىدا، مىللىي ئارمىيە قاراشەھەر دەرياسىنى بويلاپ قارگوت داۋانىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى زاپاس

7 ـ شى 20 ـ تۇەننىڭ بىر لىيەن ئەسكىرىدىن كۆپ قىسمىنى يوقاتتى، كېيىن يەنە ئۇلاستايدىكى ساغان داۋان، ئۇۋام، توقسۇننىڭ غەربىدىكى ئالغۇيغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ بىر قىسىم مىللىي ئارمىيىنىڭ نىشانى توقسۇن بىلەن قاراشەھەرنى ئىشغال قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدىكى يولنى ئۈزۈش ئىدى، 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئوتتۇرا سەپتىكى مىللىي ئارمىيە شىخونى ئالغاندىن كېيىن، موڭغۇل تۇەننىڭ تۇەنجاڭى گولدىگىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 250 دەك ئادەم ئاجرىتىپ ئۇۋامغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ يەر شىمال تەرەپتىن خېجىڭغا كىرىدىغان دەرۋازا ئىدى. لېكىن، ئەمەلگە ئاشمىدى. 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى خېجىڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چاغانسۇنى ئايلىنىپ، بىۋاسىتە قاراشەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئالتە كۈن ئىچىدە ئون قېتىم قاتتىق جەڭ قىلىپ، كۈچ بەك ئاجىزلىق قىلغانلىقتىن، ئاخىر ئۇلاستاي دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىغا چېكىندى①.

ئاقسۇ تەرەپكە كېلەيلى، 1944 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوپاخۇن بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشچىلىقىدا 150 ئاتلىق پارتىزان ئاقسۇغا يۈرۈش قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، مۇز داۋاننىڭ جەنۇبىي بېشى تېخى دۈشمەننىڭ قولىدا بولغاچقا، يولنى ئۆزگەرتىپ، موڭغۇلكۈرەدىن شەرققە يۈرۈپ، كۆكسۇنى بويلاپ، ئاقبۇلاق داۋاندىن جەنۇبقا قاراپ ماڭدى. 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە باينىڭ قارا تاغ دېگەن يېرىنى ئىگىلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كەچتە، مىللىي ئارمىيىنىڭ 1000 دەك ئادىمى ئۈچ تەرەپتىن بايغا ھۇجۇم قىلدى، تۆت سائەت جەڭ قىلىپ، 15 ـ كۈنى سەھەردە باينى ئىشغال قىلدى. مىللىي ئارمىيە بايدا ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلدى. ئوسمان داموللىنى ھاكىملىققا، ياسىناخۇننى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى، ئەسىرگە چۈشكەن مىللىي ئەسكەرلەرنى مىللىي ئارمىيىگە قوشۇۋەتتى، باينىڭ ئازاد قىلىنىشى ئارقىسىدا، ئاقسۇ بىلەن كۇچادىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى

---

① ژۇڭجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى.

دۈشمەنلەرنىڭ يۈرىكى قاتتىق سىرقىرىدى. لېكىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم نىشانى مۇز داۋاننىڭ جەنۇبىي بېشىنى ئىگىلەپ، ئىلەدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان يولنى ئېچىش ئىدى.

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى مىللىي ئارمىيە بايدىن چېكىنىپ، قورغانغا ھۇجۇم قىلدى. قورغان مۇزات دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى يولنىڭ بوغىزى، قورغان ئىشغال قىلىنسا، جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى يولنىڭ دەرۋازىسى ئىگىلەنگەن بولىدۇ. 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن باشلاپ مىللىي ئارمىيە قورغانغا ھۇجۇم قىلدى، دۈشمەن ئاقسۇدىنمۇ، كۇچادىنمۇ ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتتى، ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ، مىللىي ئارمىيىنى قورغاندا يوقاتماقچى بولدى. مىللىي ئارمىيىگە قورغاننى جان تىكىپ ئىگىلەشتىن باشقا يول يوق ئىدى. بۇ ئاتلىق قىسىم كەينى - كەينىدىن جەڭ قىلىپ، ئاچلىق، ئوق - دورىسى تۈگەپ، قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى. مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان ئاباسوف جىددىي سەپەرۋەر قىلدى ھەم ئۆزى باش بولۇپ پىلىموتنى كۆتۈرۈپ دۈشمەنگە قاراپ ئېتىلدى، ئاخىر 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قورغاننى ئالدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە مىللىي ئارمىيە دۈشمەننىڭ ئېغىر - يېنىك بولۇپ 17 پىلىموتنى، 170 دانە مىلتىقىنى، 12 تاپانچىسىنى، 100 مىڭدەك ئوقىنى غەنىيمەت ئالدى، دۈشمەننىڭ 55 ئادىمىنى ئۆلتۈردى، 115 ئادىمىنى ئەسىرگە ئالدى. 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مىللىي ئارمىيىنىڭ 1000 دەك ئادىمى قورغان ۋە قىزىلبۇلاقتىن ئىككى تەرەپلەپ ۋېنسۇغا ھۇجۇم قىلدى①. بۇ قىسىمنىڭ جەڭ قىلىشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، . ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تېكەس ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا يەنە بىر ئاتلىق يىڭ ئەۋەتتى. ئاتلىق يىڭ 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى باينى ئىشغال قىلدى، 6 - كۈنى ئەسلىدىكى مىللىي ئارمىيىگە ماسلىشىپ ئۈچكە بۆلۈنۈپ بېرىپ ۋېنسۇنى ئالدى. 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مىللىي ئارمىيە ۋېنسۇدا ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇردى، ئاباسوف ئۈچ

① ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى.

ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتىنى تەشۋىق قىلدى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىگە سالغان پاجىئەلىك زۇلۇمىنى پاش قىلدى، دۈشمەندىن تارتىۋالغان ئاشلىقنى ئاممىغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ ئېڭى ئۆستى. ھەر مىللەت خەلقى مىللىي ئارمىيىنى قىزغىن ھىمايە قىلدى ھەمدە دەرھال ئاقسۇنى ئازاد قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ياشلاردىن مىڭلىغان كىشى ئارمىيىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى.

مىللىي ئارمىيە ۋېنسۇنى ئالغاندىن كېيىن، چوڭ يول بىلەن جەنۇبقا يۈرۈپ، ئاقسۇنى قورشىدى. ئاقسۇ شەھەر ئىچىدىكى قىسىملار قوغدىنىش ئەترىتى قۇراشتۇرۇپ قارشىلىق كۆرسەتتى. قوغدىنىش ئەترىتى ئىككى جۇڭدۈيگە بۆلۈنگەن، 1 - جۇڭدۈي پۈتۈنلەي ئىدارە خىزمەتچىلىرىدىن تۈزۈلگەن، 2 - جۇڭدۈي سودىگەرلەردىن تۈزۈلگەن. 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مىللىي ئارمىيىدىن 3 مىڭ كىشى شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى، 8 - كۈنى شەھەرنى توپقا تۇتتى ۋە شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى چاۋاننى ئىگىلىدى. 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مىللىي ئارمىيە 50 تەك شوتا قويۇپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى، قاملاشمىدى، دۈشمەنلەر شەھەر ئىچىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ شەھەر سىرتىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرگە ماسلىشىشىدىن قورقۇپ، 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ۋەتەنپەرۋەر شائىر ل. مۇتەللىپ باشلىق 28 كىشىنى ئۆلتۈردى. بۇ چاغدا كۈچادىكى دۈشمەن قىسىملىرى ياردەمگە كەلگەنىدى. مىللىي ئارمىيە ۋاقىتىنچە قورغان تەرەپكە چېكىندى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مىللىي ئارمىيىنىڭ سوپى تۆەنى بىلەن موڭغۇل تۆەنى مۇزداۋاندىن چۈشۈپ قورغان ئەتراپىدىكى مىللىي ئارمىيىگە قوشۇلۇپ تۆت تەرەپتىن ۋېنسۇغا ھۇجۇم قىلدى. 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كەچتە مىللىي ئارمىيە ۋېنسۇنى ئالدى ۋە ئاقسۇنى قورشىۋالدى. 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە، مىللىي ئارمىيە بىر تەرەپتىن ئاقسۇنى ئۈزمەي توپقا تۇتتى، يەنە بىر تەرەپتىن شەھەرگە شوتا قويدى، دۈشمەن قورقۇپ ئالاق - جالاق بولۇپ كەتتى. شۇ چاغدا جياڭ جيېشى شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش شتابىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى لوكەنفېنگە

مۇنداق دەپ تېلېفون بەردى: «ئاقسۇنى ساقلاپ تۇرغان تۈەنننىڭ تۈەنجاڭى قوشۇمچە ۋالىي جاۋخەنچىڭگە تېلېفون بىلەن بۇيرۇق قىلىڭ، (ئاقسۇنى چىڭ ساقلىسۇن، ياردەمچى قىسىم يېتىپ بارغىچە، ئاخىرقى بەش مىنۇتنى قەتئىي قولغا كەلتۈرسۇن، مەزكۇر تۈەنننىڭ تۈەنجاڭى ۋەزىپىنى ئورۇندىيالىسا، ئۇنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى ئۈچۈن جىق پايدىلىق!)»، «سىياسىي ئىستىقبال» دېگىنى تايىنلىق يۇقىرى مەنسەپ، يۇقىرى مائاش، جاۋخەنچى ئىلتىپاتنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن، 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شەھەر ئىچىدىكى ئەسكەرلەرنى ئىككى يولغا بۆلۈپ شەھەر سىرتىغا ھۇجۇم قىلىپ چىقتى، مىللىي ئارمىيە قورال كۈچى جەھەتتە ئاجىز كەلگەنلىكتىن قاتتىق چىقىم تارتىپ، نائىلاج ۋېنسۇغا چېكىندى، شۇ كۈنى ۋېنسۇنىمۇ قولدىن كەتكۈزۈپ، جام، قارا تاغ تەرەپكە چېكىندى. 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى گومىنداڭ بىلەن تېنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئۈرۈمچىدە باشلانغانلىقىنى، ئىككى تەرەپنىڭ ۋاقىتىنچە ئۇرۇش توختىتىشقا كېلىشكەنلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ، جەنۇبىي سەپتىكى مىللىي ئارمىيىگە چېكىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. لېكىن، گومىنداڭنىڭ ئاقسۇدىكى ئەسكەرلىرى كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىپ، مىللىي ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلدى. 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بايدىكى ئاتلىق يىڭغا ھۇجۇم قىلدى، ئاتلىق يىڭ قورغانغا چېكىندى. 14 - كۈنى دۈشمەن باينى ئىگىلىدى. 19 - كۈنى قورغاننى بېسىۋالدى، مىللىي ئارمىيە مۇز داۋاندىن شىمالغا چېكىندى. شۇنداق قىلىپ، جەنۇبىي سەپتىكى مىللىي ئارمىيە دۈشمەندىن قاتتىق زەربە يەپ ئىلىغا قايتىپ كەتتى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا، قاراشەھەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە ئىنقىلاب بىلەن ئەكسىلئىنقىلاب ئوتتۇرىسىدا قوراللىق كۈرەش بولغاندىن باشقا، غەربىي جەنۇب چېگرىسىدىكى تاشقورغاندىمۇ قوراللىق كۈرەش بولدى.

تاشقورغان چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە سېرىقۇل دەپ ئاتىلاتتى، يەكەن ۋىلايىتىگە قارايتتى. بۇ جاي سوۋېت ئىتتىپاقى، ئافغانىستان، پاكىستانغا يېقىن، ئاھالىسى ئاساسەن تاجىك، بىر قىسىم قىرغىزمۇ بار. 19 مىڭ ئاھالىسى بار، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ.

تاشقورغان قوزغىلىڭى 1944 - يىل 6 - ئايدا بولغان، لېكىن تەييارلىق ئىشلىرى 1943 - يىلدىن باشلانغان. تاشقورغان قوزغىلىڭىغا ئاساسەن شېڭ شىسەي بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمى سەۋەب بولغان. بۇ يەرنىڭ خەلقى سىياسىي جەھەتتە زىيانكەشلىككە، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراپ، ياشاش ئۈچۈن قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولغان. تاشقورغاننىڭ ئىقتىسادى قالاق، خەلقى نامرات، لېكىن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ زۇلۇمى بۇنىڭلىق بىلەن يېنىكلىگىنى يوق. ئەگەر ھۆكۈمەت چارۋىچىلارغا ئون قوي باج قويغان بولسا، ھاكىم، بۇلاڭچىلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 30 - 40 قوي سېلىق سالاتتى. مەككار سودىگەرلەر قاتناشنىڭ ئەپسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، چارۋىچىلارنى ھەدەپ تالان - تاراج قىلدى، ئۇ چاغدا بىرچى گەزمالغا بىر قوي تېگىشەتتى، قاتلاممۇ قاتلام قاقتى - سوقتى قىلغاچقا، چارۋىچىلار نامراتلىشىپ، چارۋا ماللار ئازىيىپ كەتكەنىدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1937 - يىلدىن 1940 - يىلغىچە 200 مىڭ تۇياق قوي بار ئىدى. 1944 - يىلى 30 مىڭ تۇياققا چۈشۈپ قالدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، چارۋىچىلارغا تېخىمۇ ئېغىر بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى. 1944 - يىل قىشتىن 1945 - يىل كۈزگىچە گومىنداڭ تاجىك ئىلغارلىرىدىن 95 كىشىنى تۇتقان. ئۇلاردىن 63 كىشىنى بىگۇناھ ئۆلتۈرگەن، ھەربىيلەر ئاھالىنىڭ 100 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆيىنى چېقىپ، ياغاچلىرىنى قالىغان. بۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن دېھقان، چارۋىچىلار ماكانىدىن ئايرىلىپ، سەرسان بولغان. ئۇلار يەنە چارۋىچىلارنىڭ ماللىرىنى بۇلىغان. 1945 - يىلى بىر يىلدىلا 2 مىڭ 140 تۇياقتەك مالنى بۇلىغان، خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكى كاپالەتسىز قالغان. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى چېگرىنى تېنچلاندۇرۇش باھانىسى بىلەن چارۋىچىلارنىڭ چېگرىدا مال بېقىشىنى قاتتىق چەكلەپ، يايلاقنى تارايتىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا قاتتىق تەسىر يەتكۈزگەن، تاجىك چارۋىچىلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ئالۋاڭ - ياساق كۆتۈرگۈسىز دەرىجىدە ئېغىر ئىدى. پەقەت يۈك توشۇش سېلىقىنىلا ئالساق، گومىنداڭ دائىرىلىرى چارۋىچىلارغا ھەر يىلى 2 مىليون نەچچە

يۈز مىڭ جىڭ ھەر خىل نەرسە توشۇتاتتى، ئەمما ناھىيە بويىچە ئاران 2000 دىن ئارتۇق ئات ـ تۆگە بار ئىدى[1]. پىچاق سۆڭەككە يەتكەن ئەھۋالدا چارۋىچىلار قوزغالدى، ئۇلار چاقچان قوراللىق كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىقىغا ۋە ئالۋان ـ ياساقىغا قارشى تۇردى. ئۇلارنىڭ كۈرىشىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى قوللىدى.

1943 ـ يىلى يازدا ئىسھاقبېك بىلەن يەرلىك مۆتىۋەر زات ئوبۇلقاسىم مادايوف، مەھەممەت ئەيسا، شېرىنبېك قاتارلىق كىشىلەر تاشقورغاندا «ئازادلىق تەشكىلاتى» ۋە پارتىزانلار ئەترىتىنى قۇردى. 1944 ـ يىل 6 ـ ئايدا پارتىزانلار 120 ئەتراپىغا يەتتى، 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا پارتىزانلار تاشقورغانغا ئاشلىق توشۇۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، 130 تۆگە ئاشلىقنى تارتىۋالدى، گومىنداڭ ئەسكىرىدىن تۆتنى ئىرىك تۇتتى، قوراللىق قوزغىلاڭنى باشلىدى[2]. 1944 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ بېشىدا، ئىلقىدا چارۋىچىلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، 100 دىن ئارتۇق پارتىزان تاشقورغاندىكى تاغارما قاراۋۇل پونكىتىغا ۋە سۇ بېشىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردىكى قاراۋۇللارنى يوقاتتى. كېيىن گومىنداڭنىڭ يەكەندىكى قىسىملىرى بېرىپ قالغانلىقتىن، پارتىزانلار 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چېگرىغا چېكىندى[3].

1945 ـ يىل 8 ـ ئايدا 200 دىن ئارتۇق تاجىك، قىرغىزدىن تەشكىللەنگەن پارتىزانلار تاشقورغانغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى. 22 ـ كۈنى ئاۋۋال بولۇڭكۆلنى ئالدى، ئاندىن جەنۇبقا يۈرۈپ سۇ بېشى، تاغمان، تاشقورغاننى ئىشغال قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە دەپتەر، مىڭتېكە قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلارغا قاچتى، پارتىزانلار تاشقورغاننى ئالغاندىن كېيىن،

---

① «تاجىكلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 40 ـ بەت، 1983 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.
② «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ماتېرىياللار 8». 25 ـ بەت.
③ ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە». مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىل) 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى.

ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ـ تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇپ، ۋالىي، مۇئاۋىن ۋالىيلارنى سايلىدى ھەم جەنۇبىي سەپ قوماندانلىق شتابى قۇردى، ھەر مىللەت ياشلىرى ئارمىيىگە قىزغىن قاتناشتى، چارۋىچىلار قوزغىلاڭ- چىلارنى ماددىي جەھەتتىن كۈچلۈك قوللىدى، ئۈچ ۋىلايەت ئىسھاقبېكنى باش قوماندان قىلىپ ئەۋەتتى ۋە بىر قىسىم ئەسكەر قوشۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن تاشقورغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

پارتىزانلارنىڭ كېلەركى قەدەمدىكى پىلانى قىرغىز تۆەنى قەشقەر، يېڭىسارغا، تاجىك تۆەنى يەكەن دەرياسىنى بويلاپ شەرققە يۈرۈپ، يەكەننى ئالغاندىن كېيىن پوسكام بىلەن قاغىلىقنى ئالماقچىدى. قوماندانلىق شتاب تاشقورغاندىن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چىلگۈمبەزگە جايلاشتى. 30 ـ كۈنى 200 دەك پارتىزان چىچىلىك داۋاننى ئىگىلىدى. (شىمالىي پاراللېل 38 گرادۇس، شەرقىي مېرىدىيان 3°75 گرادوس) ، 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تويبولۇننى مۇھاسىرىگە ئالدى (ھازىر ئاقسۇ تەۋەسىدە، شىما- لىي پاراللېل 38 گرادوس، شەرقىي مېردىيان 7°75 گرادۇس) ، 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پارتىزانلار ئۈچ دانە مىناميوت، بەش پىلموت ۋە تېلېگراف، ئاپپاراتلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئاقتالغا قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن 140 نەچچە كىشىنى ئۆلتۈردى. 150 تىن ئارتۇق مىلتىق ۋە باشقا ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى غەنىيمەت ئالدى، ئاندىن ئېگىز يەرنى ئىگىلەپ، يېڭىسارغا قىستاپ باردى. لېكىن، پارتى- زانلار 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى گومىنداڭ ئاتلىق 1 ـ شى 3 ـ تۇەنىنىڭ ئۈچ ليەن ئەسكىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ئېغىر چىقىم تارتىپ، تاش- قورغانغا چېكىنىپ كەتتى.

قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان يەنە بىر ئاتلىق ليەن 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئوپالنى ئىشغال قىلىپ، تاشمىلىققا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ نەتىجە چىقىرالمىدى.

1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى پارتىزانلار ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ قەشقەر ۋە يەكەنگە باشقىدىن ھۇجۇم قىلدى. 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى پارتىزانلار

قاغىلىقنىڭ چۆپ كەتتىنى ئىگىلىدى، ئۇ يەردە 400 دەك ئاھالە بولۇپ، ھەممىسى قىرغىز ئىدى. 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يەكەننىڭ ئارتاش دېگەن يېرىنى ئىگىلىدى. مىلتىق، ميناميوت بىلەن قوراللانغان بۇ 150 كىشىلىك پارتىزان ئەترىتى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كاچۇڭ، قامور ئاق قاتارلىق جايلارنى، 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قاغىلىقنىڭ 170 كىلومېتىر نېرىسىدىكى چىپان تاغىنى ئىگىلىدى، پارتىزانلارنىڭ پىلانى يەكەن، پوسكام، قاغىلىقنى ئېلىپ، قەشقەر بىلەن خوتەندىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئىدى①.

1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى پارتىزانلار قاغىلىقنى ئىگىلىدى، دۈشمەننىڭ 56 ئادىمىنى ئۆلتۈردى، 20 ئادىمىنى يارىدار قىلدى، 2700 دەك ئاتنى ئولجا ئالدى. 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى پوسكامنى ئېلىپ، قاغىلىق، پوسكام ئىككى ناھىيىدە ھۆكۈمەت قۇردى. 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يەكەنگە ھۇجۇم قىلدى، دۈشمەنلەر كۇچا، ئاقسۇ، خوتەن تەرەپتىن ياردەمگە ئەسكەر ئېلىپ كەلدى، پارتىزانلارنىڭ چېكىنىشىگە توغرا كەلدى. 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سەھەر سائەت ئىككىدە يەكەنگە ھۇجۇم قىلغان پارتىزانلار ئېغىر قوراللار بولمىغانلىقتىن ئاجىز كېلىپ قېلىپ، جەڭ قىلغاچ پوسكام تەرەپكە چېكىندى. 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى پارتىزانلار پوسكامدىن كاچۇڭ، قاغىلىق تەرەپكە چېكىندى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پوسكامنى ئىشغال قىلدى، 30 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دە قاغىلىقنى ئىگىلىدى ۋە كاچۇڭغا ھۇجۇم قىلدى. پارتىزانلار تومشۇق سارايدا بېسىپ كەلگەن دۈشمەننى ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ، قاتتىق چىقىمدار قىلىپ، كالتا بازارغا چېكىندۈردى. 31 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە دۈشمەنلەر كاچۇڭنى ئىشغال قىلدى. 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە، پارتىزانلار كاچۇڭ، تومشۇق سارايدىكى دۈشمەنلەرگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننى 60 يول كېلىدىغان بازارغا چېكىندۈردى. دۈشمەنلەردە چوڭ قوراللار بولمىغاچقا، 9 - كۈنى

① ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىل) 12 - ئاينىڭ 10 ،، 12 ،، 15 - كۈنلىرى.

قوشراپ، چىپان، ئارىتاش تەرەپكە چېكىنمەي بولمىدى.

بۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت 2 - باسقۇچقا كىرگەنىدى، ھەر ئىككى تەرەپ ھەربىي تىركىشىشنى ۋاقىتىنچە توختاتتى، 1946 - يىل 6 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىپ، تاشقورغاندا بىر لىيەن ئەسكەر قالدۇرۇپ، قالغان ئادەملەرنى تارقىتىۋەتتى، قوراللارنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى يىغىۋالدى، 7 - ئايلاردا تاشقورغان ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن ھەربىي - مەمۇرىي ئورگانلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۈچ سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈشى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت زېمىنىنى تۇتاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغىچە قىستاپ كېلىپ دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى گومىنداڭ قوشۇنى بىلەن تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى، گومىنداڭنىڭ يەتتە ۋىلايەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ۋۇجۇڭشىن ھاكىمىيىتىنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

## 5 - بۆلۈم گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا مالىيە كرىزىسىنىڭ ئېغىرلىشىشى، جەمئىيەتنىڭ كۈنسېرى چىرىكلىشىشى

ۋۇجۇڭشىن تەختكە چىققاندا، ھەر مىللەت خەلقىگە «خەلق تۇرمۇشى مەسىلىكى جەھەتتە، چېگرا رايوندىكى يەرلىك جەمەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەشنى پرىنسىپ قىلىمەن، بار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇپ، قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇپ، مەبلەغ جۇغلاش ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ

خەلقنى دۆلەتمەن، بەختىيار تۇرمۇشقا ئىگە قىلىمەن[1]» دەپ ۋەدە بەرگەندى. بۇ چىرايلىق سۆزلەر كىشىلەرنى چىرايلىق سوپۇن كۆپۈكىدەك بىر مەھەل مەپتۇن قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ناھايىتى تېزلا ۋەتۆەركى چىقىپ كەتتى.

شۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ مالىيىسى ئاللىقاچان ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. 1944 - يىل 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ۋۇجۇڭشىن جياڭ جيېشىغا: «شىنجاڭدا پۇل پاخاللىشىپ، مال باھاسى تېز ئۆرلەپ، ئىقتىساد ئېغىر ئەھۋالدا قالدى» دەپ جىددىي تېلېگرامما بەردى. ۋۇجۇڭشىن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن قايتا - قايتا ياردەم تىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن چۇڭچىڭ تەرەپنىڭمۇ قاتمۇقات قىيىنچىلىقى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ياردەم بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شىنجاڭنىڭ ئەينى چاغدىكى مالىيە، پۇل مۇئامىلە قىيىنچىلىقى تۆۋەندىكىچە:

1. ئۇرۇش تۈپەيلى، مالىيە كىرىمىگە تەسىر يەتكەن، ھەربىي چىقىم كۆپەيگەنلىكتىن، مالىيىدە نۇرغۇن قىزىل رەقەم كېلىپ چىققان.

1944 - يىل ئاخىرىدىكى مالىيە ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، شۇ يىلى 3 مىليارد 770 مىليون فابى (شىنجاڭ پۇلىغا سۇندۇرغاندا 750 مىليون يۈەن)، 1 مىليون 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى كەملىگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىنىڭ زەربىسىدە 1945 - يىلى شىنجاڭنىڭ مالىيە ئەھۋالى تېخىمۇ قىيىنلاشتى، شۇ يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي خىراجىتىنى مەركەز ئۈستىگە ئالغان (ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئايدا شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 700 مىليون يۈەن، بىر يىلدا تەخمىنەن 8 مىليارد 400 مىليون يۈەن) بولسىمۇ، لېكىن مەمۇرىي خىراجەتنى ئۆزى ھەل قىلاتتى. 1945 - يىل 4 - ئايدا مالىيە نازارىتى تۈزگەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ شۇ يىللىق خام چوتى (ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ

---

① «بۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە مۇراجىئەتنامە» 1944 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 33 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى.

خىراجىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 6 مىليارد يۈەنگە، فابى ھېسابىدا 30 مىليارد يۈەنگە يەتتى. ۋۇجۇڭشىن بۇنچىۋالا كۆپ ساندىن چۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا چارە تېپىش قىيىن ئىدى. بۇ قىيىن ئىقتىسادىي ئۆتكەلدىن قانداق ئۆتۈش ئۇنى «يېقىندىن بۇيان بەك ئەنسىرەتكەن مەسىلە» ئىدى، مەركەز خىراجەت خام چوتىنى پۈتۈنلەي تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىمۇ، «قەغەز پۇلنى كۆپەيتىشكە تايىنىپ جان ساقلاشقا توغرا كېلەتتى». خام چوتتىكى چىقىم قالدۇقى شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 2 مىليارد يۈەنگە، فابىغا سۇندۇرغاندا 10 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۆلكىلەر ئىچىدە 1 - ئورۇننى ئىگىلىدى. لېكىن، بۇ مۆلچەر سان ئىدى، 11 - ئايغا كەلگەندە خېلى ئېنىق سان ھېسابلاپ چىقىلدى، ئەمەلىي چىقىم شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 6 مىليارد 800 مىليون يۈەن (ئاشلىقنى پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغان 1 مىليارد 400 مىليون يۈەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) گە، شۇ يىلقى كىرىم بولسا پاراق، چارۋا بېجىنى قوشقاندا شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا ئاران 2 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە، چىقىم قالدۇقى 4 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە، فابىغا سۇندۇرغاندا 23 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، ئەسلىدىكى مۆلچەر ھېسابىدىكى كىشىنى قورقۇنقۇدەك قىزىل رەقەمدىن بىر ھەسسە ئارتۇقراق ئېشىپ كەتتى.

1946 - يىلىدىكى مالىيە ئەھۋالى ئالدىنقى يىلدىكىدىنمۇ ئوساللاشتى، چۈنكى شۇ چاغدا مەركەز 1946 - يىللىق پاراقنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ كىرىمى شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 1 مىليارد 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇقراق ئازىيىپ كەتتى. يەنە كېلىپ شىنجاڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونى بولغاچقا، پاراق بىلەن چارۋا بېجىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلەتتى، شۇڭا چارۋا بېجىنىمۇ كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلدى، نەتىجىدە بۇنىڭ بىلەن يەنە 500 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئازىيىپ كەتتى. پاراق، چارۋا بېجىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك كىرىمدىن 1 مىليارد 700 مىليون يۈەندىن ئارتۇقراق ئازىيىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، 1946 - يىلى شىند-

جاڭنىڭ بىر يىللىق كىرىمى ئاران 500 مىليون يۈەن ئۆپچۆرىسىدە بولىدى①. شۇڭا، شۇ يىلى مەركەز شىنجاڭغا، خىراجەت قىلىشقا بەرگەن قوشۇمچە ياردەم 100 مىليارد فابى (ھەربىي خىراجەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ②) غا يەتتى.

2. مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى ۋە ئاشلىق قەھەتچىلىكى

1944 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، مال باھاسى شۇ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكىدىن ئون نەچچە ھەسسىگە يېقىن ئۆرلەپ كەتتى. 1945 - يىلى 2 - ئايدا بىر سەر قىزىل ئالتۇن 12 مىڭ يۈەن شىنجاڭ پۇلىدىن 15 - 16 مىڭ يۈەن شىنجاڭ پۇلىغا ئۆسۈپ كەتتى. 3 - ئايدا، شىنجاڭدا مال باھاسى چۈشكۈچىكىدىن 15 ھەتتا 20 ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى. ئۇرۇمچىدىكى بىر نەچچە تۈرلۈك مالنىڭ 1945 - يىلى 3 - ئايدىكى باھاسىنى يەتتە ئاي ئىلگىرىكى، يەنى 1944 - يىلى 8 - ئايدا شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەن ۋاقىتتىكىگە سېلىشتۇرغاندا 100 كىلوگرام كۆمۈرنىڭ باھاسى شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا (تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 30 يۈەندىن 200 يۈەنگە ئۆسۈپ، 6.6 ھەسسە؛ بىر كۇرە گۈرۈچ 80 يۈەندىن 1800 يۈەنگە ئۆسۈپ، 22.5 ھەسسە، 100 جىڭ ئۇن 800 يۈەندىن 4500 يۈەنگە ئۆسۈپ، 5.6 ھەسسە، بىر جىڭ ياغ 18 يۈەندىن 160 يۈەنگە ئۆسۈپ، 8.9 ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا، 1944 - يىلى 8 - ئايدا بىر جىڭ كىرسىننىڭ باھاسى ئالتە يۈەن بولغان بولسا، 1945- يىل 1- ئايغا كەلگەندە 70 يۈەنگە چىقىپ، 11.6 ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى③.

شىنجاڭدا مال باھاسىنىڭ ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كېتىشى ئادەتتىكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى كۈن كەچۈرەلمەس دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويدى. 1945 - يىل 7 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇرۇمچىدىكى ھۆكۈمەت

---

① ۋۇجوڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىل) 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى.

② جاڭ جىجوڭ: «مېنىڭ سەمىيىي جاۋابىم ۋە قاتتىق نەسىھىتىم»، مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىل) 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، جاڭ جىجوڭ: «70 يىلىمدىن ئەسلىمە» بەشىنچى باب «قوشۇمچە».

③ جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىل»، 11 - قىسىم، 6392- 6393 - بەتلەر.

خىزمەتچىلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى 7 - ئايدىن 12 - ئايغىچە 17 يېرىم ھەسسە كۆپەيتىشنى قارار قىلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى بىراقلا ئون نەچچە ھەسسە كۆپەيتكەنلىكى ئامالسىزلىقتىن چىقىرىلغان قارار ئىدى، بۇنىڭدىن مال باھاسىنىڭ كىشى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە تېز ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 118 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى يەنە: «بۇ يىل 1 - ئايدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدىكى ھەر قايسى ئورگانلارنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرىغا تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى (تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىش 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قارار قىلىنغان) نى 3000 يۈەنگە كۆپەيتىپ، ئەسلى ئىش ھەققىنىڭ 26 ھەسسىگە يەتكۈزۈش، باشقا رايونلاردىمۇ ئىش ھەققىنى تەڭشەش» نى قارار قىلدى. بۇ ئەھۋال شۇ چاغدىكى مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خەلق ئاشلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ، ئاشلىق - تۇرمۇشتا 1 - دەرىجىلىك زۆرۈر ئوزۇقلۇق، لېكىن ئاشلىقنىڭ كانى بولغان ئىلى ئەمدى يەتتە ۋىلايەتنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن قىسمى ۋە يەرلىك قىسمىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 110 مىڭ كىشىگە يەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئاشلىق قەھەتچىلىكى يۈز بېرىپ، ھەر يىلى تەخمىنەن 100 مىڭ كۈرىدىن ئارتۇقراق كەملىدى. 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تەمىرات نازىرى شې لىڭيۈن بەرگەن دوكلاتقا ئاساسلانغاندا: شىنجاڭدا يىلىغا 497 مىڭ 462 دادەن بىر كۈرە تۆت شىڭ ئىككى قوشۇق پاراق ئېلىنىدىكەن. ئۇنىڭدىن سامانغا سۇندۇرۇلغان 890 دادەن، يەم - بوغۇزغا سۇندۇرۇلغان 91 مىڭ دادەن، نەق پۇلغا سۇندۇرۇلغان 85 مىڭ 600 دادەن جەمئىي 185 مىڭ 500 دادەننى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىي ئېلىنىدىغان نەق ئاشلىق 311 مىڭ 962 دادەن بىر كۈرە تۆت شىڭ ئىككى قوشۇق بولىدىكەن. لېكىن، بۇ چاغدا ئىلى، ئالتاي ئىككى ۋىلايەتتە

ئۇرۇش تۇپەيلى ھوسۇل يىغىۋېلىنمىغاچقا، ئەمەلىيەتتە ئاران 210 مىلاڭ دادەندىن ئارتۇقراق پاراق يىغىۋېلىنغان، ئۇنىڭدىن باشقا، سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق 130 مىلاڭ 450 دادەن ئىدى، ئالتاي، ئىككى ۋىلايەتنى چىقىرىۋەتكەندە تەخمىنەن 38 مىلاڭ دادەندىن كۆپرەك سېتىۋالغىلى بولاتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، شىنجاڭدا ھەر يىللىق پاراق ئېلىنغان ۋە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق جەمئىي 248 مىلاڭ دادەندىن ئارتۇقراق ئىدى. ئاشلىق تەمىناتى خەلققە كېتەرلىك ئاشلىق ۋە ئارمىيىگە كېتەرلىك ئاشلىق دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. خەلققە جەمئىي 108 مىلاڭ 774 دادەن ئاشلىق كېتىدۇ، جۈملىدىن: (ساقچىلارغا كېتەرلىك ئاشلىق: 14 مىلاڭ 969 دادەن؛ 2) ساقچىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا كېتەرلىك ئاشلىق: 11 مىلاڭ 464 دادەن؛ 3) ئوقۇتقۇچىلارغا كېتەرلىك ئاشلىق: 5 مىلاڭ 531 دادەن؛ 4) جىنايەتچىلەرگە كېتەرلىك ئاشلىق: 18 مىلاڭ دادەن (ئاشلىق تەمىناتىغا دائىر بۇ سانلىق مەلۇماتتىن جىنايەتچىلەرنىڭ سانى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەخمىنەن ئىككى ھەسسىدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز، جىنايەتچىلەرنىڭ نورمىلىق ئاشلىقى ئوقۇتقۇچىلارنىڭكىدىن ئاز ئىدى)؛ 5) نامراتلار ۋە باشقىلارغا كېتەرلىك ئاشلىق: 19 مىلاڭ 410 دادەن؛ 6) ئۈرۈمچى كوپىراتىپىغا كېتەرلىك ئاشلىق: 21 مىلاڭ 400 دادەن؛ 7) ھەر قايسى ناھىيىلەرگە يېڭىدىن كۆپەيتىپ بېرىلگەن ئاشلىق: 18 مىلاڭ دادەن.

2. ئۆلكە قوشۇنى ۋە قوشۇندىكىلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا جەمئىي 243 مىلاڭ 666 دادەن ئاشلىق كېتىدۇ، جۈملىدىن: 1) ئۈرۈمچىدە ۋە ھەر قايسى ناھىيىلەردە تۇرۇشلۇق شىنجاڭ قىسىملىرىغا كېتەرلىك ئاشلىق: 47 مىلاڭ 628 دادەن؛ 2) ئۆلكە قوشۇنىدىكى 45 مىلاڭ كىشىگە 90 مىلاڭ دادەن؛ 3) شىنجاڭغا كىرگەن 53 مىلاڭ 19 كىشىلىك، مەركەز قوشۇنىغا 106 مىلاڭ 38 دادەن ئاشلىق كېتىدۇ.

يۇقىرىقى ئارمىيە ۋە خەلققە كېتەرلىك ئاشلىق 352 مىلاڭ 440 دادەندىن كۆپرەك بولۇپ، ھەر يىلى ئەمەلىيەتتە 104 مىلاڭ 400 دادەندىن

ئارتۇقراق ئاشلىق كەملەيتتى①.

ئەسلىدە، ھەربىي ئاشلىقنى گەنسۇ ئۆلكىسى تەمىنلەش، جىبىشىدا 160 مىڭ تاغار ئاشلىق جۇغلاپ، قۇمۇل - جيۇچۇەن تاشيولى ۋە ئۈرۈمچى - قۇمۇل تاشيولى ئارقىلىق ئۆلكە مەركىزىگە ئۇزۇلدۇرمەي توشۇش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن 160 مىڭ تاغار ئاشلىق جۇغلانمىغاچقا، شىنجاڭ ھەربىي ئاشلىقنى ئۆزى ھەل قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاشلىق مەنبەسى ۋە توشۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى، بۇ ئىككى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر باشقۇرۇش ئورگىنى زۆرۈر ئىدى. شۇڭا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئاشلىق تارماقلىرىدىن تېزلىكتە شىنجاڭ ئۆلكىلىك غەللە - پاراق باشقارمىسى تەسىس قىلىشنى، ھەربىي - مەمۇرىي تارماقلاردىن تېزلىكتە ئۆلكىلىك ئاشلىق يەم - خەشەك باشقارمىسى تەسىس قىلىشنى ھەمدە ھاۋا قاتنىشى ئارقىلىق توشۇشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى، 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 71 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى شې لىنيۇن مۇدىرلىقىدا، جاڭ خۇڭيۇي، جاڭ يۈي مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدا ئاشلىق باشقۇرۇش ھەيئىتى تەشكىل قىلىشنى، بۇ ھەيئەت ئاشلىق باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلق باشقۇرغان قاتناش - ترانسپورتنى رىغبەتلەندۈرۈشنى ئۈزىنىڭ خىزمەت فاڭجېنى قىلىشنى بەلگىلىدى. 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئۈرۈمچىگە ئاشلىق ئەكېلىپ ساتىدىغان سودىگەرلەرگە ئېتىبار بېرىش يۈزىسىدىن ئاشلىق سودىگەرلىرىنى ئۈرۈمچىگە ئاشلىق ئەكېلىپ سېتىشقا سەپەرۋەر قىلىشقا دائىر ئون ماددىلىق چارە تۈزۈلدى.

1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ۋۇجوڭشىن جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ، شىنجاڭدا ھەربىي ۋەزىيەت قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇش ئارقا سەپ تەمىناتىغا ۋە

① ئۈرۈمچىدە ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيدىغان ئۈچ ئورۇن بار ئىدى: ئىستىبال كوپېراتىپى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنى؛ ئامانلىق ساقلاش شتابىنىڭ ئاشلىق دۇكىنى ھەربىيلەرنى؛ شىنجاڭ سودا بانكىسىنىڭ ئاشلىق دۇكىنى ئاھالىلەرنى تەمىنلەيتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە باغلىق، ئارقا سەپ مىنىستىرنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ سۆھبەتلىشىشىنى كۈتۈنىمەن، دېدى.

1 - ئايدا، ئارقا سەپ مىنىستىرى يۈي فېيپىڭ، غەربىي شىمال تاشيول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خې جىڭۋۇ، مالىيە مىنىستىرلىقى پۇل مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى دەي مىڭلى، ئاشلىق مىنىستىرلىقى تەقسىملەش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ياڭ رۇيلىڭ، يېڭى مالىيە نازىرى لۇي يۈيۋېن، 8 - ئۇرۇش رايون ھەربىي بېكەتنىڭ باش نازارەتچىسى بەن گەن قاتارلىقلار شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، پۇل، قاتناش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كەلدى. ۋۇجۇڭشىن ئۇلاردىن زور ئۈمىد كۈتۈپ، ماشىنا، بېنزىن، بالون، ئاشلىق، ماددىي ئەشيا ئېلىش تەمەسىدە بولغانىدى، كىم بىلسۇن، يۈي فېيپىڭ ئۇرۇمچىدە تۆت كۈن تۇرۇپ، ھېچقانداق مەسىلىنى ھەل قىلمايلا كېتىپ قالدى: «يا بىر ماشىنا كۆپەيتىپ بەرمىدى، يا ئاشلىق مەسىلىسىگە جاۋاب بەرمىدى، پوچتا ئايروپىلانىنىڭ قاتنىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكىمۇ قوشۇلمىدى، ھەر قايسى جايلاردا ساقلىنىۋاتقان ماددىي ئەشيالار (ئەلاۋە: شىڭ شىسەي دەۋرىدە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ھەر قايسى جايلار بىلەن تەخمىنەن 1 مىليارد يۈەنلىك مال زاكاز قىلىش توختىمى تۈزۈلگەنىدى، زاكاز قىلىنغان مال تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شۇ جايىدا قېپقالغان) نى توشۇشقا 100 مىڭ كالون بېنزىن بېرىشكە قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ھازىرچە ئىشلەتمەسلىكنى ئېيتتى، ئاران 40 - 50 يۇرۇش بالون بېرىشكە ۋەدە قىلدى، خېشىدىكى ۋە قومۇلدىكى ئاشلىقنىڭ قاچان توشۇلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.» «شۇنداق تۇرۇقلۇق، قانداقمۇ تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن يۈي فېيپىڭنى يىراقتىن كېلىپ كۆرسەتمە بەردى دېگىلى بولسۇن①؟» بۇ ئىشقا ۋۇجۇڭشىننىڭ تازا قورسىقى كۆپكەن بولسىمۇ، ئامالى قانچە؟

ۋۇجۇڭشىن ئاشلىق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىن ئاشلىق ئەكېلىشكە مەجبۇر بولدى.

---

① ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىل) 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى.

جەنۇبىي شىنجاڭ ئاشلىق كانى بولسىمۇ، يول يىراق، قاتناش قورالى
يېتىشمىگەچكە، بار ئاشلىقنى توشۇپ كەلگىلى بولمايتتى. 1945 - يىل
1 - ئايدىكى سانلىق مالۇماتقا ئاساسلانغاندا، تاشيول ئىدارىسىنىڭ 197
ماشىنىسىدىن 82 سى كارغا كېلىدىكەن، ئۇنىڭدىن شىبىڭ تىسەي مال -
مۈلكىنى بېسىپ چۆگچەككە ئەكەتكەن 14 ماشىنىنى، ئەسكەرلەرنى بېسىپ
شىمالىي شىنجاڭغا كەتكەن 14 ماشىنىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئاران 54
ماشىنىنى ئىشلەتكىلى بولىدىكەن. قاتناش باشقارمىسىدا 264 قارا ماشىنا
بولۇپ، ئۇنىڭدىن 32 سى كېرەكتىن چىققان، بالۇنى، ئاككۇمولياتور ۋە
باشقا زاپچاسلىرى يوق ماشىنا 104 كە يەتكەن، چۇۋۇپ قوراشتۇرۇلۇۋات-
قىنىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا مال توشۇشقا بولىدىغانلىرى ئاران 115 ماشى-
نا، بۇ ھەربىي ئاشلىقنى توشۇشقىمۇ ئازلىق قىلىدىغان تۇرسا، خەلققە
كېرەكلىك ئاشلىقنى توشۇشقا قانداقمۇ يېتىشەلىسۇن؟ يەرلىك دائىرىلەر
قاتناشنى كۈچەيتىپ خەلققە كېرەكلىك ئاشلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چۆگ-
چەكتىن ماشىنا، بېنزىن، ماشىنا زاپچاسلىرى ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ
قىلىپ كۆپ قېتىم جىددىي تېلېگرامما يوللىغان بولسىمۇ، ئۇچۇرى بولمى-
دى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەش ۋەزىپىسى خەلق
باشقۇرغان قاتناشنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. 1945 - يىل 2 - ئاينىڭ
2 - كۈنى ئۆلكىلىك ئاشلىق توشۇش باش باشقارمىسى قۇرۇلۇش، جاڭ
خۇڭيۈي باشقارما باشلىقى بولۇش، ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە ئاشلىق باشقار-
مىسى، يول بويىدىكى ناھىيىلەردە ئاشلىق پونكىتى قۇرۇپ، ئاشلىق يۆت-
كەشنى ئۇيۇشتۇرۇش قارار قىلىندى. شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، يوللىرى
ناچار، ئات - ئۇلاغلارنىڭ توشۇش مىقدارى ئاز بولغاچقا، ئاشلىق توشۇشتا
تارتقان رىيازەتكە چۇشلۇق ئۈنۈمى بولمىدى، ئالايلۇق، خوتەن بىلەن
ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 2400 كىلومېتىردىن كۆپرەك بولۇپ، بۇ تەخمىنەن
چۆگچەكتىن شىڭشىڭشياغىچە بولغان مۇساپىگە؛ ئاقسۇ بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ
ئارىلىقى 1000 كىلومېتىردىن كۆپرەك بولۇپ، بۇ شىخەندىن ئۈرۈمچىگە
بولغان مۇساپىگە تەڭ ئىدى، قاغىلىق بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى تەخمى-
نەن 2000 كىلومېتىر بولۇپ، ئېشەكتە ئاشلىق توشۇغاندا تۆت ئاي ۋاقىت

كېتەتتى. تىيانشان بويلىرىدىكى چۆل - جەزىرىلەردە سۇ ۋە ئوت - چۆپ بەك ئاز بولغاچقا، دائىم دېگۈدەك ئات - ئۇلاغقا ئارتىلغان ئاشلىق ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغقا يېتىشمەي يولدا تۈگەيتتى، بەزىدە ئاشلىق ئارتىلغان ئېشەك ئۆلۈپ، ئىگىسى سەرسان بولۇپ كېتەتتى، ئىشسىزلار كۆپىيىپ، ھەممىلا يەرنى نالە - پەرياد قاپلىغاچقا، بۇ جەمئىيەتتىكى خاتىرجەمسىزلىك ئامىلىنى كۆپەيتىۋەتتى. كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاشلىقىنى ئالدى بىلەن قاراشەھەرگە توپلاپ، ئاندىن ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە توشۇشنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ ، «ھۆكۈمەت ئېرىشكەن نەپ بەدەلگە چۈشلۇق بولمىغاچقا» ، خەلق ئاممىسى بۇ چارىنى تويۇق يول دەپ ھېسابلىدى.

يېقىن ئەتراپتىن ئاشلىق يىغىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈرۈمچى، ماناس، ساۋەن، تورپان، مىچۈەن، فۇكاڭ، چۆچەك، قوبۇقسار، دۆربىلجىن، شىخو، مورى، قۇتۇبى، باركۆل، قۇمۇل، ئېۋىرغول، پىچان، توقسۇن، سانجى، گۇچۇڭ، جىمسار قاتارلىق 20 نەچچە ناھىيىگە ئاشلىق يىغىشقا خېلى كۆپ ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۈنۈمى چوڭ بولمىدى.

قاتناش - ترانسپورت ۋە ئاشلىق ھەربىي ئىشلارغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغاچقا①، 1945 - يىلى چۇڭچىڭ تەرەپ شىنجاڭغا 200 ماشىنا بەرمەكچى بولدى، ئۈرۈمچىدە تەمىنلەش ئىدارىسى، شىخو، قەشقەر، قۇمۇلدا شۆبە ئىدارە قۇرۇلدى. غەربىي شىمال تاشيولى ئىدارىسى ئۈرۈمچىدە قوماندانلىق ئورگىنى تەسىس قىلىپ، توشۇش ئىشىغا بىر تۇتاش مەسئۇل بولدى. شۇ يىلى ئاخىرىدا، شىنجاڭدىكى ھەربىي ماشىنا ۋە خەلق ئىشلىتىدىغان ماشىنىلار 600 نەچچىگە، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە

① 1945 - يىل 2 - ئايدا، جۇشاۋلياڭ ئالتاي ۋىلايىتىدە ئاشلىق قىس ئىكەنلىكىنى، زاپاس ئاشلىق ئاران تۆت ئايغا يېتىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، كۆكتوقاي، ئۇلۇڭغۇر دەريا بويلىرىدىكى بارلىق ئەسكەرلەرنى چېكىندۈرۈپ كېتىش، ئالتاي ناھىيىسى ۋە بۇرۇلتوقايدا ئازىراق ئەسكەر قالدۇرۇش، گۇچۇڭ، قۇتۇبى، ماناس، شىخودىكى قوشۇننى كۈچەيتىشنى قارار قىلدى. ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە». مىنگو 34 - يىلى (1945 - يىل) 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى.

ماشىنىلارنىڭ توشۇش ئىقتىدارى تەخمىنەن ھەر ئايدا 456 مىڭ كىلومېتىر قاتناش سەۋىيىسىگە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ بولغاچقا ئېھتىياجنى قاندۇرالمايتتى. 1946 - يىلى 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى يەنە جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەشتە يولغا قويۇلىدىغان 12 تۇرلۇك مۇكاپاتلاش چارىسى ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى باشتىن - ئاخىر ھەل بولمىدى.

قاتناش - ترانسپورت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تارىم دەرياسىدا سۇ قاتنىشىنى يولغا قويماقچى بولدى. تارىم دەرياسى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى دەريا، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1800 كىلومېتىردىن ئارتۇق، ئارالنىڭ غەربىدە تارىم دەرياسىغا ئاقسۇ دەرياسى، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسىنىڭ سۈيى؛ بۈگۈرنىڭ جەنۇبىدا ئۆگەن دەرياسى، لوپنۇرنىڭ جەنۇبىدا كۆنچى دەرياسى شەرقتە قوشۇلىدۇ، تارىم دەرياسى ئاندىن چاقىلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ لوپنۇر كۆلىگە قويۇلىدۇ. بۇ دەريادا قاتناش يولى ئېچىش ئۈچۈن، 1945 - يىل 5 - ئايدا تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇبەيخۇا جەنۇبىي شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلدى ۋە ئۇ تارىم دەرياسىدا سىناق تەرىقىسىدە قاتناشنى يولغا قويسا بولىدۇ دەپ ھېسابلىدى. 1946 - يىل 1 - ئايدا، تارىم دەرياسى قاتناش ئىدارىسى قۇرۇش، كېمە ياساشقا 20 مىليون يۈەن پۇل ئاجرىتىش، بۇ پۇلنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسى تەڭ چىقىرىش ھەمدە قاتناش ئىدارىسىگە قاراشەھەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قوشۇمچە باشلىق بولۇش قارار قىلىندى. تارىم دەرياسى ئېقىنىنىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولغاچقا، سۇ يولىنى راۋانلاشتۇرغاندىن كېيىن قاتناش باشلىغىلى بولاتتى. بەش يىلدا سۇ يولىنى راۋانلاشتۇرۇش، دەسلەپتە ياغاچ كېمە ياكى تېرە قولۋاق بىلەن قاتناش، دەريا سۈيى ئازىيىپ كەتكەندىمۇ سۇنىڭ 1 مېتر 20 سانتىمېتر چوڭقۇرلۇقتا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن ئاستى تۈز، ھاۋا تولدۇرۇلغان كېمىلەر بىلەن قاتناشنى يولغا قويۇش پىلانلاندى. شۇ چاغدا بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايتتى.

3 . قەغەز پۇلنى زور مىقداردا تارقىتىش.

ئەينى چاغدا شىنجاڭنىڭ مالىيىسى قەغەز پۇل تارقىتىشقا تايىنىپلا قامدالغان بولۇپ، شۈبھىسىزكى بۇ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىمەن دەپ ئوغا ئىچكەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. پۇل كۆپ تارقىتىلغانسېرى مال باھاسى ئۆرلەپ، يامان سۈپەتلىك ئايلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرى ۋۇجوڭشىن چۆچەكگە بوللىغان تېلېگراممىسىدا، شىنجاڭدا تارقىتىلغان شىنجاڭ پۇلى 930 مىليون يۈەنگە يەتكەنلىكى، ھېلىمۇ داۋاملىق تارقىتىلىۋاتقانلىقى، ئەمما ئالتۇن زاپىسىدىن ئاران 50 مىڭ سەر قالغانلىقىنى ئېيتقان. تارقىتىلغان پۇل توغرىسىدىكى بۇ سان تېخى ئازايتىپ ئېيتىلغان سان ئىدى. مەركىزىي بانكىنىڭ ئۆرۈمچى شەھەرلىك شۆبىسىنىڭ باشلىقى مايەنجاڭنىڭ دوكلاتىدا: «ئۆلكىمىزدە تارقىتىلغان شىنجاڭ پۇلى ھازىرغىچە (1944 -يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە) 3 مىليارد يۈەنگە يەتتى. تارقىتىلغان پۇلنىڭ سانى خېلى كۆپ، يەنە كۆپىيىش ئېھتىمالى زور، ئەمما تارقاتمىساق ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرالماي قالىمىز①» دېيىلگەن. شىنجاڭنىڭ 1945 - يىل 7 - ئايدىكى مالىيە ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئۆلكىمىزنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي خىراجىتىگە ھەر يىلى شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 1 مىليارد يۈەن، قايىغا سۇندۇرغاندا 5 مىليارد يۈەن كېتىدىكەن، ئەمما ئۆلكىلىك باسما زاۋۇتى، ئايدا 300 مىليون يۈەندىن ئارتۇق شىنجاڭ پۇلى باسالمايدىكەن. شۇڭا بىر تەرەپتىن زور مىقداردا قەغەز پۇل بېسىپ تارقىتىشقا، بىر تەرەپتىن، مەركەزدىن زور مىقداردا پۇل قەغىزى توشۇپ كېلىشكە، يەنە بىر تەرەپتىن، پۇل بېسىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە توغرا كەلگەن. 1945 - يىل يازدىن باشلاپ 500 يۈەنلىك پۇل تارقىتىلدى. 7 - ئايدا، يەنە قوشۇمچە چارە ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 1. باسما زاۋۇتىدا دىزېل دىنام ماشىنا ئاجرىتىپ بېرىپ، باسما زاۋۇتىنىڭ ئايلىق پۇل بېسىش ئىقتىدارىنى 600 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈش؛ 2. مەركىزىي بانكىغا ھەمكارلىشىپ پۇل قوبۇللاش،

---

① ۋۇجوڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى.

ئۇنىڭ ئۇسۇلى: 1) پىرېۋوت ھەققىنى تۆۋەنلىتىپ، پىرېۋوتنى ئىمكانقەدەر كۆپرەك جەلپ قىلىش؛ 2) مەركىزىي باش بانكىنىڭ لەنجۇ شۆبە بانكىغا زور مىقداردا پۇل ئەۋەتىپ، ئۈرۈمچى شۆبە بانكا پىرېۋوت قىلغان چەككە تېگىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش؛ 3) ئىچكىرىگە پۇل پىرېۋوت قىلغان ھەربىيلەر، خىزمەتچىلەردىن پىرېۋوت ھەققى ئالماسلىق؛ 4) مەركەزدىن ئۈرۈمچى شۆبە بانكىنىڭ ئالتۇن ئامانەت قوبۇل قىلىشىغا رۇخسەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش. 3. سودا بانكىسى ئۆسۈمنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق كۆپلەپ ئامانەت پۇل جەلپ قىلىش؛ بۇلاردىن مەقسەت - تارماق پۇللارنى ئىمكانقەدەر جەلپ قىلىش ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن توشۇلىدىغان ماللارنى كۆپەيتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئىدى. لېكىن مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتىكى توپ چارە - ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، بىراق بۇنى شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتتە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايتتى، تارقاق پۇلنى جەلپ قىلىش ۋە مال مەنبەسىنى تولۇقلاش بولسا، غولىنى تاشلاپ شېخىغا ئېسىلىۋېلىش بولۇپ، ھۆكۈمەت بىر تەرەپتىن تارقاق پۇلنى جەلپ قىلىپ يەنە بىر تەرەپتىن ھەدەپ پۇل بېسىۋاتقان، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ماللىرىنى قاتناش - ترانسپورت قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭغا ئۈزۈلدۈرمەي توشۇشقا مۇمكىن بولمايۋاتقان ئەھۋالدا، مالىيە مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

1945 - يىل 5 - ئايدا، ۋۇجۇڭشىن چۇڭچىڭدا گومىنداڭنىڭ 6 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشتى. 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مۇئاۋىن مالىيە مىنىستىرى لۈبەيچۈن سۆھبەتلىشىپ، شىنجاڭنىڭ خام چوت پىلانى مۇقىملاشقاندىن كېيىن، 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ پۇلىنى تارقىتىشنى توختىتىپ مەركەز بانكىسىنىڭ يەرلىك پۇلى تارقىتىشنى قارار قىلدى. مەركىزىي بانكا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۈرۈمچىگە شىنجاڭ بويىچە ئۆتىدىغان 15 مىليارد شىنجاڭ پۇلى (بەش پۇڭلۇق، ئون كويلۇق ۋە 100 كويلۇق پۇل) ئەكېلىپ 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن تارقىتىشقا باشلىدى. بۇ پۇللارنىڭ كەينى

تەرىپىدە «چىنى تۈركىستاندا ئۆتىدۇ» دېگەن ئۇيغۇرچە خەت بارلىقى بايقال- غاندىن كېيىن، دەرھال بۇ پۇلنى تارقىتىش توختىتىلدى، 100 يۈەنلىك پۇلدىن تارقىتىلىپ بولغان 9 مىليون 640 مىڭ يۈەن (دۆلەت پۇلىغا سۇندۇرغاندا 48 مىليون 200 مىڭ يۈەن) نى دەرھال يىغىۋېلىش توغرى- سىدا جىددىي بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى.

مالىيە ئىقتىساد جەھەتتىكى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، شىنى- جاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىقتىسادىي توختام توغرىسىدىكى سۆھبەتنى باشلاشقا مەجبۇر بولدى. ۋۇجۇڭشىن ھۆكۈمرانى- لىق قىلغان مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت زىددى- يەتلىك، مۇرەككەپ ئىدى. كۆرۈنۈشتە، جۇڭشاۋلياڭ بىلەن ۋۇجۇڭشىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە ئۆتۈشكە ئىرىشىۋاتقاندەك قىلىپ، دىپلو- ماتىيە جەھەتتە «ئىناق» بولۇش كېرەك، دەپ داۋراڭ سالغان، مەركەزگە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە باشقا ئەللەرنىڭ ۋەزىيىتىنى بىلدۈرگەنلەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشى لازىملىقى توغرىسىدا تەلەپ قويغان، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن ئىناق قوشنىدارچىلىق پرىنسىپىغا رىئايە قىلىپ، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقى ۋە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تىرىشچان- لىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغان ۋە شۇ سەۋەبتىن 1944 - يىلى 12 - ئايدا ۋۇزېشياڭنىڭ ئورنىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلى- دىغان، رۇسچە راۋان سۆزلىيەلەيدىغان ليۇزېرۇڭنى شىنجاڭنىڭ مەخسۇس تاشقى ئىشلار خادىمى قىلىپ بەلگىلىگەن، ھەر قېتىم ئۆكتەبىر ئىنقىلابى خاتىرە كۈنى يېتىپ كەلگەندە جۇڭشاۋلياڭ ۋۇجۇڭشىنلار سوۋېت ئىتتىپاقى- نىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلخانىسىغا بېرىپ تەبرىكلەپ تۇرغان، 1945 - يىلى 11 - ئايدا يەنە جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭشاۋلياڭ، ۋۇجۇڭشىن قاتارلىقلار كۆڭلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا دۈشمەن- لىك بىلەن قارايتتى. بۇ گومىنداڭنىڭ «بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كۆرۈنۈشتە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ساقلاش، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆچمەنلىك قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللى-

نىش» دېگەننى بىلەن تومۇرداش ئىدى. ۋۇجۇڭشىن بىر تەرەپتىن شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇقى ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارىدى، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭىكىننى ھۆرمەتلىمىدى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇللىرى بىلەن زادىلا ئۆزلۈكىدىن پىكىر ئالماشتۇرمىدى. ئۇ: «كونسۇل بولسا بىر سودا خادىمى، ئۇنىڭ ئورنى مەملىكىتىمىزدە ئادەتتىكى ئەمەلدارلارنىڭكىگە ئوخشاش، ئۇلار باش ئەلچى، ئەلچىلەرگە زادى ئوخشاشمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قاچانلا بولسا مۇئامىلە قىلىپ تۇرىدىغان شىنجاڭنىڭ مەخسۇس دىپلوماتىيە خادىمى بار، رەئىس بولسا بىر ئۆلكىنىڭ ئالىي مەمۇرىي باشلىقى، دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا تەشەببۇسكارلىقنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشىدىغان ئىشنى ئازراق قىلغان تۈزۈك» دېگەن. ۋۇجۇڭشىن بۇ سۆزنى ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى كەمسىتكەنلىكىنى ئاقلاش ئۈچۈن قىلغان. چۈنكى ئۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇللىرى بىلەن ئوچۇق كۆڭۈل سۆھبەتلىشەتتى. ئۇلاردىن سىر يوشۇرمايتتى، ھەتتا غەربچە تاماق تەييارلىتىپ مېھمان قىلاتتى ئەجەبا، بۇ چاغدا ۋۇجۇڭشىننىڭ ئۆلكىنىڭ ئالىي، مەمۇرىي باشلىقلىق سالاھىيىتى نەگە كەتتىكىن؟

ۋۇجۇڭشىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى سوۋېت ئىتتىپاقى پىلانلىغان دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارىتىلغان ھەرىكىتى مۇقەررەر يوسۇندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىغىمۇ قارىتىلدى. 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى غۇلجا ئىنقىلابى پارتلىدى، 15 - كۈنى ۋۇجۇڭشىن قاتارلىقلار ئۈرۈمچىدە قاتناۋاتقان ئاپتوموبىللارنى تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، گۇمانلىق ئورۇن ۋە كىشىلەردىن قاتتىق ئاگاھ بولۇش، خەتەرلىك ئۇنسۇرلارنى مەخپىي قولغا ئېلىش، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلخانىسى، دوختۇرخانىسى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرىنى، ئەنگۈەن، ئەنلياڭدىكى رۇسلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىشنى قارار قىلدى. 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسى بارلىق ساقچىلار ۋە ساقچى مەكتىپىنىڭ بارلىق ئوقۇغۇچىلىرىنى 100 گۇرۇپپىغا ئايرىپ، ئەتىگەن سائەت

بېرىدىن باشلاپ، نەنگۇەن، نەنلياڭ رايونلىرىدا ئۆي بېسىپ نوپۇس تەكشۈرتكۈزدى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ مەقسىتى «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەندەك، سوۋېت كونسۇلخانىسىغا ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىش ئىدى. بۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن مۇۋەققەت باش كونسۇل يېفكىن ئەتىسى شەرقىي باغدىكى جۇشاۋلياڭنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىدىكى خادىملارنىڭ ھازىرقى شارائىتى قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا جۇ شاۋلياڭنىڭ تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى: 1. كونسۇلخانا خادىملىرى كېچىسى نەرسە كېرەك ئېلىشقا چىقالمايۋاتىدۇ. جۇشاۋلياڭ بۇ مەسىلىگە كېچىسى ھەربىي ھالەت مەزگىلىدە ھەققەتەن نەرسە - كېرەك ئالغىلى بولمايدۇ، دەپ جاۋاب بەردى؛ 2. كونسۇلخانا ئەتراپىنى دائىم ساقچى خادىملىرى چارلاپ يۈرىدۇ. جۇ شاۋلياڭ بۇنىڭغا: بۇ ئىش مۇھاپىزەت خاراكتېرىدە بولۇپ، قانۇنغا بويسۇنمايدىغان لۈكچەكلەرنىڭ ۋەقە توغدۇرۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قىلىنغان، دەپ جاۋاب بەردى؛ 3. جۇڭگو - سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئايروپىلانلارغا ھاۋارايى ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىش ئۈچۈن شىخۇدا بىر تېلېگراف ئىستانسىسى قۇرغان. ئۇمۇ ساقچى تەرەپنىڭ نازارىتى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى.

جۇشاۋلياڭ: بۇمۇ مۇھاپىزەت خاراكتېرىدە، زۆرۈر تېپىلسا ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ تۇرغۇزىمىز، دېدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى ئىنتايىن قەبىھ بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلخانا خادىملىرى ۋە مۇھاجىرلىرىنى نازارەت قىلىش، بوزەك قىلىش، كەمسىتىش ئازايدى ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۈچەيدى. مەسىلەن، ساقچىلار كونسۇلخانا خادىملىرىنى دائىم قانۇنسىز تەكشۈردى ۋە خورلىدى. ھەتتا كونسۇلخانا خادىملىرىنى كىيىملىرىنى سېلىشقا مەجبۇرلاپ، خالىغانچە ئاختۇردى. نەتىجىدە كونسۇلخانا خادىملىرى كەچ سائەت تۆتتىن كېيىن سىرتقا چىقالمايدىغان بولۇپ قالدى. ساقچىلار يەنە دائىم تىجارەتچىلەرنى سوۋېت كونسۇلخانىسىنى كۆكتات ۋە كۆمۈر بىلەن تەمىنلىمەسلىككە مەجبۇرلىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چەت بىلەن مەدەنىيەت ئالاقە باغلاش كوم-

تىپتى تەسىس قىلغان نوقۇل مەدەنىيەت ئورگىنى — خەلقئارا كىتابخانىغا شەكلى ئۆزگەرگەن قامال قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى؛ كىتابخانىغا كىرگەن - چىققانلارنى يا تەقىب قىلدى، يا ئۇردى ياكى ئۇلارنىڭ سېتىۋالغان كىتاب - گېزىتلىرىنى مۇسادىرە قىلدى. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ مۇشۇ دەۋردە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە قارىغاندا بىر ئاز ياخشىلانغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە ئوخشاش ئىدى. بۇنداق تېشى بىلەن ئىچى بىردەك بولماسلىق — شۇ دەۋردىكى شىنجاڭ — سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئەينى چاغدىكى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ئىنتايىن قىيىن بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ۋۇجۇڭشىن سىياسىي بىلەن ئىقتىسادنى ئايرىۋېتىش پرىنسىپىنى قوللىنىشقا ئۇرۇنۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا سودا قىلىش ۋە بىرلىكتە كان ئېچىش توغرىسىدا تەلەپ قويدى. 1944 - يىل 11 - ئايدىن 12 - ئايغىچە، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى غەربىي ئاسىيا مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بۇداۋمىڭ چۇڭچىڭ ۋە ئۇرۇمچىلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىكى سودا ئىشلىرى ۋاكالەتچىسى پاكورىن ۋە يېفىكىنلار بىلەن كۆپ قېتىم ئايرىم - ئايرىم سۆھبەتلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن سودا ئاپپاراتى، دائىرىسى، شەكلى قاتارلىق مەسىلىلەردە بىر پىكىرگە كېلەلمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ نەتىجىسى چىقمىدى. ۋۇجۇڭشىن ئۆزىنىڭ سوۋېتكە قارشى مەۋقەسىنى ئاساس قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا قويغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق توغرىسىدىكى پرىنسىپ، لايىھىلەرنى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشتىكى ۋاستىلەرنىڭ بىرى دەپ ھېسابلىدى. شۇڭا، ۋۇجۇڭشىن دەۋرىدە شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى ئاۋۋالقىدەكلا تۇرغۇن ھالەتتە تۇردى.

تاشقى سودىنى يولغا قويۇشقا چارىسىز قالغاچقا، ۋۇجۇڭشىنغا ئىچكى ئۆلكىلەردىن كۆپرەك ماددىي ئەشيا كىرگۈزمەكتىن باشقا ئامال قالمىدى. شېڭ شىسەي دەۋرىدە، شىنجاڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن نۇرغۇن ماددىي ئەشيا ۋە ماشىنا - ئۈسكۈنە سېتىۋالغان بولسىمۇ ئۇلار توشۇپ كېلىنمىگەنىدى،

مەسىلەن، لەنجۇ يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىدە تەخمىنەن 200 توننا ماددىي ئەشيا، چۆچەكتە 200 توننا شېكەر، شىنفاڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدا 273 توننا ئېغىرلىقتىكى ماشىنا - ئۈسكۈنە، مېتاللورگىيە زاۋۇتىدا 150 توننا ئېغىرلىقتىكى ماشىنا - ئۈسكۈنە ماددىي ئەشيا، 20 نەچچە توننا ئېغىرلىقتىكى ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرى، 16 توننا ئېغىرلىقتىكى كەچەك تېپىلىك ئىگىرىش ماشىنىسى، 20 مىڭ توپ گەزلىمە، باۋجىدا 100 توپ رەڭدار گەزلىمە، نىبىجاڭدا 100 مىڭ جىڭ شېكەر، شىگشىگشيادا 30 مىڭ جىڭ چاي بار ئىدى. بۇ ماددىي ئەشيالارنى توشۇپ كېلىش ئۈچۈن قاتناش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى. 1945 - يىل 6 - ئايدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنە 600 يۈەن قايى (تەخمىنەن شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 120 مىليون يۈەن) غا چاي، شېكەر، گەزلىمە سېتىۋالدى. بۇ ماددىي ئەشيالار شىنجاڭدا تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى خېلى پەسەيتتى.

تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تەڭشەش، خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك بۇيۇملارنى تولۇقلاش ئۈچۈن، 1945 - يىل 2 - ئايدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يېيىشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا شىركىتىنى قۇردى. ئەسلىدىكى دىرېكتور (جىڭلى) تۈزۈمىنى تەپتىش ۋە ئىجرائىي مۇدىرىيەت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتتى. كونكرېت كەسپىي ئىشلارنى دىرېكتور بۆلۈمى بېجىرىدىغان بولدى، شىركەت ئۈرۈمچىدە تەسىس قىلىنىپ، ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە شۆبە شىركەت ۋە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى قۇرۇلدى، شۆبە شىركەتلەرگە ئىقتىساد تەتقىقات ھەيئىتى (پەخرىي ۋەزىپە) قويۇلدى. شىركەتنىڭ ئىجرائىي مۇدىرلىقىنى ۋۇجۇڭشىن، مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى لۇيۇيۈن ئۆتىدى، ئىجرائىي ھەيئەتلەر بۇرھان قاتارلىق 20 نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپتى. دىرېكتور بۆلۈمىگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىر كىشىنى باش دىرېكتور (بۇ ۋەزىپىنى يۈي خۇالۇڭ ئۆتىدى) لۇققا، ئىككى كىشىنى مۇئاۋىن دىرېكتورلۇققا ئەۋەتتى، ئۇلار ئىجرائىي ھەيئەتنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە نازارىتىدە كەسپىي ئىشلارنى بېجىردى ۋە كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ

قىلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا شىركىتىنىڭ نىزامنامىسىدا: شىركىتىمىز ئۆلكىنىڭ تىجارەت ئورگىنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەۋە، شىركەتنىڭ مەقسىتى - تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تەڭشەش، خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك بۇيۇملارنى تولۇقلاشتىن ئىبارەت دەپ بەلگىلەندى. شىركەتنىڭ ئومۇمىي سەرمايىسى قابى ھېسابىدا 2 مىليارد 500 مىليون يۈەن (شىنجاڭ پۇلىغا سۇندۇرغاندا 500 مىليون يۈەن) قىلىپ بەلگىلەندى. لېكىن كەسپىي ئىشلارغا ئېھتىياجلىق كۆچمە مەبلەغنى شىركەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ سودا بانكىسىدىن ئېلىپ تۇردى. سودا شىركىتى ماللارنى سېتىۋېلىش، مال سېتىشتا ئۆز خادىملىرىدىن باشقا، يەنە خەلقنىڭ ماللارنى ئەركىن سېتىۋېلىپ ئەكېلىشنى رىغبەتلەندۈردى؛ سابىق يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ ناھىيىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلاردا قۇرغان سېتىۋېلىش ئورگانلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. سودا شىركىتىنىڭ بەش تۈرلۈك كەسپىي تىجارىتى بار ئىدى: 1. چەت ئەللەر ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى قىلىش ھەمدە يەرلىك مەھسۇلاتلارغا ئېھتىياجلىق ماددىي ئەشيا ۋە ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى تېگىشىش؛ 2. كۆندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى كونترول قىلىپ تۇرۇش، ھەر ۋاقىت تۆكمە قىلىپ سېتىش ياكى سېتىۋېلىش، ئەكېلىش ئارقىلىق كۆندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا تىرىشىش، ئۆلكە دائىرىسىدە تەمىنلەش بىلەن تەلەپنى تەڭشەش؛ 3. ھەربىيلەرگە، خەلققە زۆرۈر بۇيۇملارنى زاپاس ساقلاش؛ 4. ۋاكالىتەن توشۇش كەسپىنى بېجىرىش؛ 5. تاشقى سودىغا دائىر مەلۇماتلارنى ۋە كۆندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ مىقدارى ۋە باھاسىنى تەكشۈرۈپ، ستاتىستىكىلاپ تۇرۇش.

سودا شىركىتى يەنە زۆرۈر تېپىلغاندا شىنجاڭدىن باشقا جايلاردا شۆبە شىركەت قۇرسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. سودا شىركىتىگە سودا بانكىسى ئارقا تېرەك بولغاچقا، مەبلىغى خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ رولى پەقەت تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تەڭشەش، ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا مال كىرگۈزۈش، ئۆلكە دائىرىسىدە ياۋايى ھايۋان

تېرىسى، يۇڭ، تېرە، قوي ئۈچەيى قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش بىلەن چەكلىنەتتى. بۇ شىركەت ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ئورگان بولغاچقا، ئۇنىڭ تۈگىمە نۇقسانلاردىن خالىي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ خىيانەتچىلىك ۋە بىسىمدارلىق قىلىدىغان ماكانغا ئايلاندى. ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىدە ھەم ماددىي ئەشيا بولغاچقا، ھەم ئۇلار ھۆكۈمەت نامىدا ئىش قىلغاچقا، ھەدەپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، نەتىجىدە خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئەمەس، ئەكسىچە، خەلققە زىيان يەتكۈزگەنىدى. جاڭ جىجوڭ شىنجاڭغا رەئىس بولغاندىن كېيىن، بۇ شىركەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، سودا شىركىتىنى شىنجاڭ كارخانىلار شىركىتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇردى.

سودا شىركىتى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ۋۇجۇڭشىن يەنە ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى سۇي شەنشياڭنى ئۈرۈمچىدىكى سودىگەرلەرنى يىغىپ كۆلىمى چوڭراق سودا بانكىسى تەشكىل قىلىشقا مەسئۇل قىلىپ، جىق مەبلەغ جۇغلاپ ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا مال ئەكېلىپ سېتىش ئارقىلىق ئىگىلىكنى تەڭشەپ، ماددىي ئەشيالارنى تولۇقلىماقچى بولدى. 1945 - يىل 2 - ئايدا خۇاشىن سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى تەشكىل قىلىنىپ، شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 10 مىليون يۈەن سەرمايە توپلاندى، ئۇيۇشمىغا جۇ خەيدۇڭ دىرېكتورلۇققا سايلاندى. بۇ ئۇيۇشما بىر تەرەپتىن ئىچكى ئۆلكىلەردىن مال كىرگۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن سودا شىركىتى ساقلاۋاتقان سابىق يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى ساتتى، شۇ ئارقىلىق ماددىي ئەشيا قىس بولۇش جىددىيچىلىكىنى پەسكويغا چۈشۈرۈشتە مەلۇم رول ئوينىدى.

مالىيە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن، ۋۇجۇڭشىن دەۋرىدە ئاساسەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قىلىنمىدى، پەقەت ئىلگىرى باشلانغان قۇرۇلۇشلار داۋاملاشتۇرۇلدى ياكى تولۇقلاندى، مائارىپ ئىشلىرىمۇ جەمئىيەتتىكى مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن بارغانسېرى خارابلاشتى، ئالايلۇق، شىنجاڭ شۆيۈەندە ئاران ئۈچ فاكۇلتېت ۋە كەسپىي بۆلۈم؛ ئەدەبىيات - تارىخ فاكۇلتېتىدا ئاران ئىككى سىنىپ بار ئىدى. تۇپراق - ئورمانچىلىق فاكۇلتېتىدا

ئاران بىر سىنىپ بولۇپ، ئۇنىڭدا پۈتتۈنلەي خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيد-
تى. ماشىنىسازلىق - قۇرۇلۇش فاكۇلتېتىدىمۇ ئاران بىر سىنىپ بولۇپ،
ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى رۇس ئىدى، رۇسچە دەرس ئۆتۈلەتتى.
ئۈچ كەسپىي بۆلۈم: چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق كەسپىدە بىر سىنىپ
بولۇپ، ئۇنىڭدا پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيتتى، ئوقۇتقۇچىلارنى
يېتىشتۈرۈش بۆلۈمىدە ئىككى سىنىپ؛ ھاۋارايى ئۆلچەش كەسپىي بۆلۈمى-
دە بىر سىنىپ بار ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ فاكۇلتېت، ئۈچ بۆلۈمدە
جەمئىي 70 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى. شۇ يىلى قارمىقىدا يەنە بەش تولۇق
ئوتتۇرا سىنىپى بولۇپ، 140 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. شىنجاڭ
قىزلار شۆيۈەنىدە ئۈچ فاكۇلتېت (جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، پېداگو-
گىكا فاكۇلتېتى، مېدىتسىنا فاكۇلتېتى) ، تۆت بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى
(تارىخ - ئەدەبىيات، پېداگوگىكا، مېدىتسىنا، تىل - ئەدەبىيات سىنىپلە-
رى) بولۇپ، جەمئىي 80 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ قارمىقى-
دىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىندە جەمئىي 520 نەپەر
ئوقۇغۇچى، ئالىي ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش سىنىپىدىن بىرى، ئادەتتى-
كى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش سىنىپىدىن ئالتىسى، تولۇق ئوتتۇرا سى-
نىپىدىن ئۈچى، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپىدىن 11 ى بولۇپ، ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇ ئىدى، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 100
گە يەتمەيتتى. قىزلار شۆيۈەنىنىڭ قارمىقىدا ئىككى باشلانغۇچ مەكتەپ
(يەنى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ) بولۇپ، جەمئىي
1000 ئوقۇغۇچى بار ئىدى، مەكتەپكە ئوغۇللارمۇ، قىزلارمۇ قوبۇل قى-
لىنغان بولۇپ، قىز ئوقۇغۇچىلار كۆپ ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى
پارتلىغاندىن كېيىن، قىزلار شۆيۈەنى 29 - بىرلەشمە جۈننىڭ قوماندانلىق
شتابى قىلىنغاچقا، دەرس ئۆتۈشكە مۇمكىنچىلىك بولمىدى. مەكتەپتە
تۇرۇشلۇق ھەربىيلەر بىخەستەلىك قىلغاچقا، ئوت ئاپەتتى يۈز بېرىپ بىر
ئوقۇتۇش بىناسىغا ئوت كەتتى، كېيىن سۆزلىشىش ئارقىلىق قوشۇنلار
زىياننى تۆلەپ بېرىشكە قوشۇلغان بولسىمۇ، بىر قەۋەتلىك ئۆي سېلىپ
بېرىپلا ئىشنى تۈگەتتى. شۇنداق قىلىپ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغان

قىزلار شۆيۆەنى خىراجەت قىسلىقى تۇپەيلىدىن 1945 ـ يىل 7 ـ ئايدا شىنجاڭ شۆيۆەنىگە قوشۇۋېتىلدى.
ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر شېڭ شىسەي دەۋرىدىكىدىن كۆپەيمىدى. دەرسلىكلەر ئاساسەن ماتارىپ مىنىستىرلىقى تارقاتقان دەرسلىككە بىنائەن تۈزۈلدى ۋە تەرجىمە قىلىندى. باسما زاۋۇتلىرى ئاساسەن قەغەز پۇل ۋە پىرقە مەسلىكىگە دائىر تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى بېسىشقا قارىتىلغاچقا، دەرسلىكلەر ناھايىتى كەمچىل ئىدى، چەت رايونلاردىكى مەكتەپلەر نائىلاج ئۆتتۈلىدىغان دەرسنىڭ مەزمۇنىنى دوسكىغا يېزىش، ئوقۇغۇچىلار كۆچۈرۈۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە «قۇرئان» زۆرۈر دەرسلىك دەپ بەلگىلەندى. مەكتەپلەرنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرى جەھەتتىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرى قالاق بولسىمۇ، لېكىن پىرقە مەسلىكى تەربىيىسىسى نامرات، چەت يېزىلار ھەتتا تاغلىق رايونلاردىكى چارۋىچىلارغا سىڭدۈرۈلدى.
ۋۇجۇڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، گومىنداڭنىڭ سىپاھىلارغا خاس قەبىھ قىلىقلىرى شىنجاڭغا ئېقىپ كىرىپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇلغىدى. شېڭ شىسەي دەۋرىدە قاتتىق كونترول قىلىنغاچقا، كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئامانلىقىدىن ئەنسىرەپ، سۆز ـ ھەرىكىتىدىن ھېزى بولاتتى، ئادەتتە ھۆكۈمەت خادىملىرى پىشكەلچىلىككە يولۇقۇپ قالارمەنمىكىن دەپ بىر ـ بىرى بىلەن كەمدىن كەم ئۇچرىشاتتى، يىغىلىپ ئولتۇرۇش قىلىش زادىلا بولمايتتى. ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن خادىملارنى ئۆز يېنىغا تارتىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا زىياپەت بېرىپ، مېھمان چاقىرىش، سوۋغات بېرىشنى ئەۋج ئالدۇردى، يازلىقى ھېيت ـ ئايەم، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئۈرۈمچىدىكى شىمىكو، يەنئېرۋۇ، ئۇلانباي قاتارلىق مەنزىرىلىك جايلار يېڭى ئاقسۆڭەكلەر بەزمە قىلىدىغان سورۇنغا ئايلاندى. خىيانەتچىلىك، قىمار ئويناش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش ـ زەھەرلىك چېكىملىكلەر ئەتكەسچىلىكى جەمئىيەتتىكى ئۈچ چولڭ ئاپەت بولۇپ قالدى، شۇ چاغدا ھەربىي ئاشلىق يىغىش ئۈچۈن، ھەر قايسى جايلاردىكى تەمىنلەش ئىدارىلىرى دائىم ھەر قايسى ناھىيىلەرگە

ئالدىن پۇل تارقاتقانىدى، هاكىملار بۇ پۇلنى ئالغاندىن كېيىن دېھقانلارغا بەرمەي، ئەكسىچە ئۇلارغا سېلىق چېچىپ دېھقانلار ئاشلىق تاپشۇرغاندىن كېيىن پۇلنى بەردى. هاكىملار تەمىنلەش ئىدارىلىرى ئالدىن بەرگەن ئاشلىق پۇلىنى يۆتكەپ جازانىخورلۇق ياكى سودىگەرچىلىك قىلىدى. دېھقانلار ئاشلىق تاپشۇرغاندا، ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىلگىرى بەلگىلەپ قويغان تۆۋەن باھادا پۇل تۆلەپ دېھقانلارنى زىيانغا ئۇچراتتى، شۇ ئارقىلىق هاكىملار نەپكە ئېرىشتى. بەزى هاكىملارنىڭ ئىپلاسلىقلىرى ئاشكارىلىنىپ قالغان بولسىمۇ، كۆپ هاللاردا قانات ئاستىغا ئېلىندى.

ئەينى چاغدا قىمارۋازلىق ئەدەپ كەتكەن بولۇپ، ماگىزىن، قوشۇن، ئائىلىلەردە دائىم قىمار ئوينىلاتتى، تۈن كېچىسى يولدىن ئۆتسىمۇ شىشخالنىڭ ئۇرۇقلىرىنىڭ شاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شەھەر مەمۇرىي باشقارمىسىنىڭ خادىمى كۇپكۇندۇزدە شىمىگودىكى مەنزىرىلىك جايدا شىشخال ئويناشنى ئۇيۇشتۇرغان بولسىمۇ، ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى ئۇيغۇر ھاكىملارمۇ شىشخال ئويناشنى ئۆگەندى،-ئۇلار تاڭ ئاتقىچە شىشخال ئوينىسا، ئامما «بەش لەڭ» (قىمار تۈرى) ئوينىدى، قىماردا نۇرغۇن پۇل تىكىشىپ ئويناپتتى. شىشخالنى ئېلىپ يۈرۈش ئەپسىز بولغاچقا، ھەربىيلەر كارتا بىلەن قىمار ئوينىدى. قىمارۋازلىقنىڭ كۆنسېرى ئەدەپ كېتىشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇلغىدى، شۇڭا خوتۇن - بالىلىرىنى تاشلىۋېتىش، ئائىلىسىنى خانىۋەيران قىلىۋېتىش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئىشلىرى دائىم كۆرۈلۈپ تۇردى.

زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش ھادىسىسىمۇ ئىنتايىن ئېغىرلاشتى. ئەپيۇن نامدا مەنئىي قىلىنغان بولسىمۇ، يوشۇرۇن تۈردە ئۈزلۈكسىز توشۇپ كېلىندى. بەزى ئەپيۇن ئەتكەسچىلىرى سودىگەر بولۇۋېلىپ، ئەپيۇننى يوك ئاپتوموبىللىرىدىكى ماللار ئارىسىغا يوشۇرۇپ شىنجاڭغا ئېلىپ كەلدى، بەزىلىرى چاپقۇر ئات ھازىرلاپ، ئۆتكەللەردىكى تەكشۈرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، دۇنخۇاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چۆللۈكلىرى ئارىسىدا قاتنىدى. چىڭخەيدىن يۆتكەپ كەلگەن ماچىڭشياڭنىڭ ئاتلىق

5 - جۇنى ئەل چولڭ ئەپيۇن ئەتكەسچىلىرىگە ئايلاندى. ئۇلار ھەربىي ئاپتوموبىللاردىن پايدىلىنىپ چىڭخەي، گەنسۇلاردىن ئۈزلۈكسىز ئەپيۇن كىرگۈزدى. ئەپيۇن ئۈرۈمچىگە ئەكېلىنگەندىن كېيىن، ئەپيون ئەتكەسچىلىرى ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئاپىرىپ ھايىنىغا ساتتى. ئۇلار تەكشۈرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئەپيۇننى «ئالتىلىق 5 - جۇن» دېگەن خېتى بار ماشىنىغا بېسىلغان ھەربىي ئەشيالارنىڭ ئارىسىغا بېسىپ، قوراللىق قوغداپ توشىدى، ناۋادا ئۆتكەلدىكى تەكشۈرگۈچى خادىملارغا يولۇقۇپ قالسا، مىلتىق تەڭلەپ ھەيۋە قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە ئەپيۇننىڭ باھاسى ئالتۇننىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. 1945 - يىلى يەكەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغاندا، شەھەر ئىچىدە بىر سەر ئەپيۇننىڭ باھاسى يەتتە سەر ئالتۇنغا چىقتى. ئالتىلىق 5 - جۇن، ئەپيۇن ئەتكەسچىلىكىدە تازا بېسىپ كەتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەككۈچىلەر قىلچە قورۇنمايتتى، بىر مۇنچە ھاكىملار، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى باشلامچىلىق بىلەن زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكەتتى؛ ئۈچتۇرپاننىڭ ھاكىمى ئاقسۇ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خوتۇنى بىلەن بىر كارىۋاتتا يېتىپ ئەپيۇن چېكەتتى، ھەتتا ئەپيۇن چېكىشۋېتىپ ھۆكۈمەت ئىشى توغرىسىدا سۆزلىشەتتى؛ ئۇيغۇرلار ئىچىدە يەنە بەڭ چېكىدىغانلار بار ئىدى. بۇ خىل زەھەرلىك چېكىملىكلەر خەلقنىڭ تەن سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى.

قىسقىسى، ۋۇجۇڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ، ئىنقىلاب ئوتى جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭلارغا تۇتاشتى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كەينى - كەينىدىن مەغلۇب بولۇپ ۋەتۆەرىكى چىقتى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ماناس دەرياسىغىچە ئىلگىرىلەپ كېلىپ گومىنداڭ قوشۇنى بىلەن روبىرو تۇردى؛ سىياسىي جەھەتتە، گومىنداڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى باستۇرۇشنى نىشان قىلغان سىياسىي سۈيىقەستى ئارقا - ئارقىدىن بىتچىت بولۇپ، ئۇنىڭ چىرىك ماھىيىتى تولۇق ئاشكارىلىنىپ، خەلق ئارىسىدىكى نوپۇزى يەر بىلەن يەكسان بولدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

# ئونىنچى باب

# شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى

## 1 - بۆلۈم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشى، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى

1945 - يىلى 9 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. بۇنداق قىلىشنى شۇ چاغدىكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەت ۋە شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى بەلگىلىگەن.

1945 - يىلى 9 - ئايدا، ئالتە يىل داۋام قىلغان دۇنيا ئۇرۇشى بىلەن سەككىز يىل داۋام قىلغان جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ئاياغلاشتى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتى تىنچلىققا تەشنا ئىدى. شۇ يىلى 2 - ئايدا سوۋېت، ئامېرىكا، ئەنگلىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ باشلىقى ستالىن، روزۋېلت ۋە چېرچىل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرىم

بىرىم ئارىلىدىكى يالتادا سۆھبەت ئۆتكۈزدى. بىغىندا سوۋېتنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقى، ئۇرۇشتىن كېيىن گېرمانىيىنى، بېرلىننى ئىگىلەش، ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيانى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىلىرى مۇزاكىرە قىلىندى. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى ئىمزالايدىغانلىقىنى، تاشقى موڭغۇلنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلايدىغانلىقىنى، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىغا ۋە شىنجاڭغا زېمىن تەلىپى يوقلۇقىنى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ياپونىيىنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىش ھارپىسىدا، «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق - ھەمكارلىق شەرتنامىسى» موسكۋادا ئىمزالاندى. شۇ شەرتنامىنىڭ قوشۇمچە ھۆججىتىدە، سوۋېت ھۆكۈمىتى، شىنجاڭدىكى ئۆزگىرىش توغرۇلۇق سوۋېت ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش نىيىتىدە ئەمەس، دەپ قايتا ئىزھار قىلدى. مانا بۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن شەرت يارىتىپ بەردى. دۆلەت ئىچىدە، ياپون جاھانگىرلىرى شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ چاقىرىقى ۋە رەھبەرلىكىدە، تىنچ، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا ئىدى. 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى ماۋزېدۇڭ، جۇ ئېنلەي، ۋاڭ رۇفېي قاتارلىق كىشىلەر گومىنداڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن چۇڭچىڭغا باردى. 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىككى تەرەپ «10 - ئۆكتەبىر كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن، كېلىشىمنى كىم بۇزسا، شۇ مىللەتنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدىغان بولدى. پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدىن ئېيتقاندا، تىنچلىق خەلقنىڭ دايى ئىدى. جياڭ جيېشى «10 - ئۆكتەبىر كېلىشىمى» گە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇر ئىدى. بۇنداق ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت شىنجاڭنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈپ قويدى. كېلىشىمگە ئىمزا قويۇلغان كۈنى، جياڭ جيېشى

ئۆزىنىڭ رادىئو نۇتۇقىدا شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شىنجاڭدا، 1945 - يىل 9 - ئايغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ھەربىي جەھەتتە تازا ئامەت تاپقانىدى، شىمالىي شىنجاڭدا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي تۇتىشىپ بولغان؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا، مىللىي ئارمىيە بايىنى، ۋېنسۇنى ئازاد قىلغان، ئاقسۇنى مۇھاسىرىگە ئالغان، تاشقورغان ئىنقىلابى قەشقەر، يېڭىسار تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا ئىدى. ئوتتۇرا سەپتە مىللىي ئارمىيە گومىنداڭنىڭ جىڭ، شىخودىكى مۇداپىئەسىنى بۇزۇپ، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىگە يېتىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىگە دەلمۇ دەل بولۇپ تۇرغانىدى. ماناس بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 140 نەچچە كىلومېتىرچە يول، قۇدرەتلىك قوشۇن بىرلا سۈرۈلسە ئەتىسىلا ئۈرۈمچىگە كېلىپ قالىدۇ. گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە ئاران ئالتە يىگى (9 - شۆبە مەكتەپنىڭ بىر يىلىڭ ئوقۇغۇچىسى قوشۇلۇپ) بار ئىدى، ئوزۇق - تۈلۈك، ئوق - دورىدىنمۇ بەك قىسىلىپ تۇراتتى، شۇ چاغدىكى ترانسپورت كۈچى، ئەگەر قاتناش توسالغۇغا ئۇچرىمىسا، كۈنىگە ئاران بەش كۈنگە يەتكۈدەكلا ئاشلىق توشۇيالايتتى، زاپاس ئاشلىق ئون كۈنگە يەتكۈدەكلا قالغانىدى. ئوق - دورا جەھەتتە، مىلتىق، پىلىموت ئوقى بولۇپ 1 مىليون پايچە ئوق قالغانىدى. شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرغان جۇڭشاۋلياڭ جۇڭگىچىڭغا شىنجاڭ ۋەزىيىتى جىددىي، ئىستىقبال غۇۋا، دەپ ئارقا - ئارقىدىن تېلېگرامما يوللاۋەردى ھەتتا ئۆلۈپ غازى بولماقتىن باشقا ئامال يوق دېدى. شۇڭا، شىنجاڭ ۋەزىيىتى، ئەگەر داۋاملىق ئۇرۇشسا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى پۈتۈنلەي گۇمران بولىدىغان ئەھۋالغا كېلىپ قالغان بولۇپ، جياڭ جيېشى ئۈچۈن بەك پايدىسىز ئىدى. شىنجاڭنىڭ بۇنداق ۋەزىيىتى جياڭ جيېشىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزەتتى. شۇڭا، جياڭ جيېشى شىنجاڭدىكى مەغلۇبىيەتلىك ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ، شىنجاڭنى بالدۇرراق تىنچىتىپ، ئىچكى ئۇرۇشنى بىمالال قوزغاش

ئۈچۈن پۈتۈن دۆلەتنىڭ تىنچلىق ساداسى ئاستىدا، تاكتىكىسىنى ئۆزگەر-
تىپ، جاڭ جىجوڭنى ئەۋەتىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن
تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

جاڭ جىجوڭ ئۇ چاغدا ھەربىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي بۆلۈم باشلىقى
ئىدى. 1945 - يىلى يازدا ۋۇجوڭشىن چوڭچىڭغا بارغاندا، جياڭ جيېشىغا
جاڭ جىجوڭ غەربىي شىمالنىڭ ئىشىغا مەسئۇل بولسا دېگەن تەكلىپنى
بەرسە، قوبۇل كۆرۈلمىگەنىدى. 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى،
ياپون جاھانگىرلىرى شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كې-
يىن، جياڭ جيېشى شىنجاڭ مەسىلىسىدە بىر تەرەپتىن تىنچلىق سۆھبىتى
ئۆتكۈزۈش، بىر تەرەپتىن ئۇرۇشقا تەييارلىنىشنى بەلگىلىدى. 8 - ئاينىڭ
ئاخىرى جياڭ جيېشى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان جۇشاۋلياڭنى مەركەزگە
يۆتكەپ كەتمەكچى بولۇپ، گوجىچياۋنى 8 - ئۇرۇش رايونىغا شتاب
باشلىقى قوشۇمچە مۇئاۋىن باشلىق قىلدى. 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يەنە
جاڭ جىجوڭنى شىنجاڭ ۋەقەسىنى (ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى دېمەكچى)
ھەل قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۇ جاڭ جىجوڭغا «غەيرەتنى ئۈستۈرۈش، كىشى-
لەرنى خاتىرجەم قىلىش، مەسىلىنى ھەل قىلىشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن،
بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ دوكلات قىلىش»
ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى، ئەمەلىيەتتە تىنچلىق سۆھبىتى ئۈچۈن تەييارلىق
قىلماقچى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ چاغدىكى جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋە-
تىنى ئالغاندا، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق شەرتنامىسى ئىمزالىنىپ بول-
غان، جياڭ جيېشى تىنچلىق سۆھبىتىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىق توغرىسىدىكى سەمىمىيىتى-
نى سىناپ باقماقچى ھەم شىنجاڭنى ۋاقىتىنچە تۇراقلاشتۇرۇش ماقسىتىگە
يەتمەكچى بولدى.

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە
جاڭ جىجوڭلار ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. شۇ ئايروپىلان-
دا يەنە مەركىزىي پارتىيە بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى چاڭ جىڭيۈي، قانۇن پالاتاس-

نىڭ ئەزاسى ۋالڭ زىڭشەن، سىياسىي بۆلۈم 1 - مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى دىڭ ۋېنيى، ياشلار ئۆمىكىنىڭ باش كاتىپى لىيۇ مېڭخۇن، سىياسىي بۆلۈمنىڭ كاتىپى تۇڭ شىگاڭ قاتارلىق توققۇز كىشى بىللە كەلدى. شۇ كۈنى ئاخشامدا، جاڭ جىجوڭ جۇ شاۋلياڭ، ۋۇجوڭشىن، گو جىچياۋ، لى تيېجۈن، ماچېڭشياڭ، لىيۇ زېرۇڭ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي، سىياسىي، دىپلوماتىيە، تەمىنات قاتار-لىق ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھەربىي يول بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئۈمىد يوق، چۈنكى ئۈرۈمچىدە ئەسكەر ئاز، ئاشلىق زاپىسىمۇ بىر - ئىككى كۈنگە يەتكۈدەكلا قاپتۇ. ئاھالە ئاشلىقتىن قىسىلىۋېتىپتۇ، ئالمادىس قاتناش توسۇلۇپ قالسا، ئاچ قېلىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ، ئەسكەرلەرنىڭ روھى تۆۋەن، ترانسپورت كۈچى ئاجىز، ئارقا سەپ ئۇزۇن، مۇداپىئە كاۋاك، سىياسىي چارە بىلەن ھەل قىلماقتىن باشقا ئامال يوق، دېگەن قاراشقا كەلدى. سىياسىي چارە دېگىنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئىدى. سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتە ئارىغا سوۋېت ئىتتىپا-قىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى يېشىيېۋنى قويماقچى بولدى.

9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جاڭ جىجوڭ يېشىيېۋ بىلەن كۆرۈشتى. يېشىيېۋ غۇلجا ۋەقەسى پۈتۈنلەي شىنجاڭنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قارىتا ھېچقانداق يامان نىيىتى يوقلۇقىنى، شەخ-سەن ئۆزى ئىككى تەرەپنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىگە يول ئېچىشنى خالايدى-غانلىقىنى، لېكىن بۇ ئىشنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى سوۋېت ھۆكۈمىتىگە رەسمىي ئېيتسا ئاندىن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، جاڭ جىجوڭ دوكلات قىلىش ئۈچۈن ئايرۇپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا ماڭدى.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پېتروۋ چۇڭچىڭدىكى جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىگە بېرىپ: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ئېيتىشىچە، ئۆزىنى شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭنىڭ ۋەكىلى دەپ

ئالغان مۇسۇلمانلاردىن بىر نەچچە كىشى رۇسلارنىڭ ئوتتۇرىدا تۇرۇپ بېرىشىنى، پېتروۋ قاتارلىقلارنىڭ جۇڭگو دائىرىلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشقا ئارىلىشىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە قوزغىلاڭچى خەلق جۇڭگودىن ئايرىلماقچى ئەمەس، مەقسەت شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش دېگەن ھەم شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ ئۇلارغا سالغان زۇلۇملىرىنى ساناپ بەرگەن. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ماقۇل كۆرسە، بىز بىلەن چېگرىداش بولغان شىنجاڭ رايونىنىڭ ئامانلىقى ۋە تەرتىپىگە كۆڭۈل بۆلۈش يۈزىسىدىن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ئوڭشىشىغا، ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنى مۇمكىن بولغان دائىرىدە ياردەم بېرىشكە بۇيرۇشنى خالايدۇ» دېدى.

گومىنداڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى جياڭ جيېشىنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

1. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قوزغىلىڭى توغرىسىدا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردەم بېرىشنى خالىغانلىقىغا ھۆكۈمىتىمىز رەھمەت ئېيتىدۇ.

2. ۋەقە توغرۇلۇق ھۆكۈمىتىمىز تەكشۈرۈش ئۈچۈن جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى، راستىلا تەمىناتنى ياخشىلاش ئۈچۈن بولغان ئىش ئىكەن.

3. ھۆكۈمىتىمىز ۋەقە توغدۇرغانلارنىڭ ئۈرۈمچىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ جاڭ جىجۇڭ بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلىشىشىنى، مەسلىھەت بىلەن ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھۆكۈمىتىمىز بەلگىلىگەن سىياسەتلەرگە ئاساسەن شىنجاڭدىكى بارلىق خەلقنى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىچكىرىدىكى خەلق بىلەن ئوخشاش كۆرىدۇ.

4. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى ياردەملىشىشنى خالىسا ئۇقتۇرىسىگىزلار، پېتروۋ قاتارلىقلار دەرھال ئۈرۈمچىگە بېرىپ مىنىستىر جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، تىنچ يول بىلەن ھەل

قىلىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشسە، ۋەكىللەرنىڭ ئاماللىقىغا كاپالەتلىك قىلىمىز». شۇنداق قىلىپ، سوۋېت تەرەپنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن ئىككى تەرەپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ماقۇل بولدى. 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان، رەھىمجان ۋە ئۆبۇلخەيرى تۆرە مىللىي ئارمىيىسىنىڭ سېرىق كىيىمىنى كىيىپ، غۇلجىدىن ماناس ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئالاھىدە مېھمانخانىغا چۈشتى، ئىككى كۈندىن كېيىن، 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جاڭ جىجوڭلار 2 - قېتىم چۇڭچىڭدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇلار مېڭىش ئالدىدا، جۇئېنلەي بىلەن دىڭ يىڭچاۋ چۇڭچىڭ شاڭچىڭشىيىدىكى جاڭ جىجوڭنىڭ قورۇسىغا بېرىپ شىڭ شىسەي دەۋرىدە تۈرمىگە تاشلانغان كومپارتىيە ئەزالىرىنى ۋە ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى بوشىتىش ۋە ساق سالامەت ئەۋەتىپ بېرىشنى تاپىلىدى.

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئىككى تەرەپ غەربىي زالدا رەسمىي سۆھبەت باشلىدى. تىنچلىق سۆھبىتى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈندى. بىرىنچى باسقۇچ 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە 78 كۈن داۋام قىلدى. بۇ باسقۇچتا، ئىككى تەرەپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قايتا تەشكىللەش ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قايتا تەشكىللەش چارىسى شۇنىڭدەك بۇ چارىلەرنى يولغا قويۇشنىڭ ئاساسىي پراگراممىسى ئۈستىدە دەسلەپكى قەدەمدە كېلىشىم ھاسىل قىلىپ تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ رەسمىي تېكىستىنى ۋە بىرىنچى قوشۇمچە ھۆججىتىنى ئىمزالىدى؛ ئىككىنچى باسقۇچ 1946 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە 63 كۈن داۋام قىلدى، بۇ باسقۇچتا مىللىي ئارمىيىنى قايتا تەشكىللەش ۋە ئۇلارنى تۇرىدىغان جاي مەسىلىسى ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىندى ۋە تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىككىنچى قوشۇمچە ھۆججىتىنى ئىمزالىدى.

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، بىرىنچى قېتىملىق يىغىندا جاڭ جىجوڭ

بىر تالاي سۆزلىدى، قىسقىچە مەزمۇنى، جۇڭخۇا مىنگو بولسا ئىناق
ئائىلە، ھەر قايسى مىللەتلەر بولسا بىر قورساقتىن چىققان قېرىنداش،
قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش - تالاشتىن ساقلانغىلى بولمىسىمۇ، بۇز-
داق ئۇرۇش - تالاش بىردەملىك، تاسادىپىي بولىدۇ، «مەركەز بۇنىڭدىن
كېيىن چوقۇم شىنجاڭنى يۆلەش، قېرىنداشلارنى ئاسراش روھى بويىچە
ئۆلكە خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلايدۇ، ئۆلكە خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سە-
ۋىيىسىنى ئۆستۈرىدۇ، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مائارىپ جەھەتلەردىن تە-
رەققىي قىلدۇرىدۇ، ئۆلكە خەلقىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرىدۇ، ئۆلكە
خەلقىنى ئارزۇسىغا يەتكۈزىدۇ» ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەيلىدىن يېنىپ،
شىنجاڭ مەسىلىسىنى تېزدىن ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن دېگەنلەردىن
ئىبارەت. جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى ھۆكۈمەتكە قويىدىغان
تەلەپنىڭ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويساڭلار، دېدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى
جاڭ جىجۇڭنىڭ ئاۋۋال شىنجاڭنى ئوڭشاشنىڭ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قو-
يۇپ، سەمىمىيەت كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى.
10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، جاڭ جىجۇڭ، جۇ شاۋليالڭ، ۋۇجۇڭشىن،
گوجىچياۋ، ليۇ زېرۇڭ، ليالڭ خەنساۋ، ليۇ مېڭچۇنلەر مەسلىھەتلىشىپ
بىر لايىھىنى تەييارلاپ ئەتىسى ليۇ زېرۇڭ ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللە-
رىگە تاپشۇردى، 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ بۇ «مەركەزنىڭ
شىنجاڭدىكى قىسمەن ۋەقەنى ھەل قىلىش لايىھىسى» نى رەسمىي ئوتتۇرىغا
قويدى. «لايىھە» 12 ماددىغا بۆلۈنگەن، 1 - ماددىدىن 4 - ماددىغىچە
شىنجاڭ خەلقىگە سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە باراۋەرلىك
بېرىلىدۇ، دىنىي ئېتىقادىغا، مەدەنىيىتىگە، ئۆرپ - ئادىتىگە، تىل -
يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىنىدۇ، خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكى، يۈرۈش -
تۇرۇش، ماكان تۇتۇش، نەشر قىلىش، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، جەمئىيەتكە
ئۇيۇشتۇرۇش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ، دېگەن ۋەدىلەردىن ئى-
بارەت، بۇلار دائىم دېيىلىپ كېلىۋاتقان، زادىلا ئەمەلگە ئاشمايدىغان
قۇرۇق گەپلەر. 5 - ماددىسى مەخسۇس «مىللىي ئاپتونومىيە» ئۈستىدە

توختالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ناھىيىلەردە شاڭجاڭ، جىنجاڭ، باۋجاڭلار سايلىنىدۇ، ناھىيىدە كېڭەش قۇرۇلىدۇ، ھاكىمنى خەلق سايلايدۇ، ۋالىيلارنى ئۆلكە كۆرسىتىدۇ، مەركەز تەيىنلەيدۇ، يەرلىك ئادەملەردىنمۇ قويۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ماددىنى جاڭ جىجوڭ مەركەزنىڭ شىنجاڭغا قىلغان ئالاھىدە غەمخورلۇقى، چۈنكى ئىچكى ئۆلكىلەردە بۇ نۇقتا تولۇق يولغا قويۇلغىنى يوق دەپ ئىزاھلىغان. 6 - ماددىدىن 12 - ماددىغىچە كېيىنكى ئىشلار بولۇپ، ئۇنىڭدا باجنى يېنىكلىتىش، سىلىق سېلىشنى قاتتىق مەنئىي قىلىش، سودا - سانائەتنى پائال يۆلەش، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ھەر مىللەتنىڭ ئۆز يېزىقىنى قوللىنىش، ۋەقەگە قاتناشقانلاردىن جاۋابكارلىق سۈرۈشتۈرمەسلىك دېگەن گەپلەر بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مېغىزلىقى 8 -، 9 - ماددىلار بولۇپ، 8 - ماددىدا «ئۆزگىرىش بولغان رايونلاردا جىمى ھەربىي ھەرىكەتنى دەرھال توختىتىش ھەم بىر ئاي ئىچىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىشتىن بۇرۇنقى ھالەت ۋە تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۆزگىرىش جەريانىدا قۇرۇلغان قانۇنسىز تەشكىلاتلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش» دېگەن گەپ بار. 9 - ماددىدا «ئۆزگىرىشكە قاتناشقان قوراللىق تەشكىلاتلارنىڭ ئادەملىرىنى مۇۋاپىق يول بىلەن ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپ، ئۆز كەسپى بىلەن مەشغۇل قىلىش» دېيىلگەن. «لايىھە» دە «بارلىق قانۇنسىز تەشكىلاتلار» بىلەن «قوراللىق تەشكىلاتلار» ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، دېگىنى ئەلۋەتتە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇنىڭ مىللىي ئارمىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش دېگەن گەپ، جاڭ جىجوڭ ئۈچ ۋىلايەتتىن «دۆلەتنى ھىمايە قىلىش، ھۆكۈمەتكە ئىتائەت قىلىش» نى تەلەپ قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بۇ تەلەپنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلمايدۇ. 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى لايىھىنى تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆز لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولۇپ غۇلجىغا قايتىپ كەتتى.

1945 - يىل 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئەخمەتجانلار ئۈرۈمچىگە قايتا كېلىپ، 14 - كۈنى جاڭ جىجوڭغا «غۇلجا تەرەپنىڭ مەركەزنىڭ لايىھە-

گە قارىتا پىكىر ۋە تەلىپى - شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان قوراللىق توقۇنۇش توغرىسىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى قويغان لايىھە ھەققىدە شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللىرىنىڭ پىكرى» نى تاپشۇردى. ئون ماددىلىق بۇ پىكىردە «يۈكسەك دەرىجىدىكى ئاپتونومىيە» (ياكى تولۇق ئاپتونومىيە) تەلەپ قىلىنغان. جاڭ جىجۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان «لايىھە» دىكى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە، مەدەنىيەت، تىل ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش، باج نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش ۋە ئۆزگىرىشكە قاتناشقانلاردىن جاۋابكارلىق سۈرۈشتۈرمەسلىك دېگەنگە ئوخشاش ماددىلارنى ساقلاپ قالغاندىن باشقا، يەنە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان: 1. مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى خەلق سايلاش؛ 2. ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خەت - ئالاقىلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ يېزىقىنى قوللىنىش؛ 3. ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ تىلىدا دەرس ئۆتۈش؛ 4. سودىگەرلەرگە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ۋە چەت بىلەن سودا قىلىش ئەركىنلىكى بېرىش؛ 5. مەمۇرىي رايونلار مىللىي ئارمىيە قۇرۇش، ئۆزگىرىشكە قاتناشقان قىسىملارنى دۆلەت ئارمىيىسى شتاتى بويىچە قايتا تەشكىللەش، لېكىن ئۇلار ئۆزىنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتىنى ساقلاش؛ 6. مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ نىسبىتىگە قاراپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىلىگە قاتنىشىش.

11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، گومىنداڭ تەرەپ ئون ماددىلىق جاۋاب قايتۇردى، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1. ھاكىمنى خەلق سايلىسا بولىدۇ، ئۆلكە رەئىسى ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئەمەلدارلارنى خەلق سايلامدۇ - سايلىمامدۇ، گومىنداڭ ئۆزى ئاساسىي قانۇن چىقارغاندىن كېيىن، ئاساسىي قانۇننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بەلگىلەش؛ 2. ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىلىرىدە خەنزۇچە يېزىق بىلەن مۇسۇلمان يېزىقىنى تەڭ قوللىنىش، خەلقنىڭ ئىدارە - ئورگانلارغا مۇسۇلمان يېزىقىدا ئەرز سۇنۇشىغا رۇخسەت قىلىش؛ 3. باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مۇسۇلمان تىلىدا دەرس ئۆتسە بولىدۇ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دۆلەت تىلىنى چوقۇم ئوقۇيدىغان دەرس قىلىش،

ئالىي مەكتەپتە خەنزۇچە تىل بىلەن مۇسۇلمانچە تىلنى تەڭ قوللىنىش، لېكىن تاشقى سودىنى چوقۇم مەركەزنىڭ تاشقى سودا شەرتنامىسى بويىچە بېجىرىش؛ 5. مىللىي ئارمىيىنى نەق سان بويىچە ساناقتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئامانلىق ساقلاش تۈەنى، ئەترىتى قىلىپ تۈزۈپ، قالغان قىسمىنى تۈەننى ئەڭ چوڭ بىرلىك قىلىپ دۆلەت ئارمىيىسى قىلىپ تۈزۈش، جايلارنىڭ كەم سانىنى تولدۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىش، شۇ يەرگە كەلگەندە، سۆھبەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مىللىي ئارمىيە تەشكىللەش ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبى مەسىلىسىگە مەركەزلەشتى، جاڭ جىجۇڭ «بۇ مەركەزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ چوڭ يول قويۇشى» دەپ جاكارلىدى. سوۋېت كونسۇلىمۇ بۇ جاۋابنى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارىدى.

11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى يولىيورۇق سوراش ئۈچۈن يەنە غۇلجىغا كەتتى. 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئەخمەتجان باشلىق كىشىلەر غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، 2 - كۈنى بۇرۇنقى 11 «پىكىر» گە يەنە ئۈچنى قوشتى: 12 شەرتنامە رەسمىيلەشكەندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى (شىنجاڭدىكى سىياسىي ساقچى) ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ 13. شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن بىر ئاي ئىچىدە 45 - يىلدىكى ئۆزگىرىش مەزگىلىدە ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا يۆتكەپ چىققان قىسىملارنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ كېتىش؛ 14. شىنجاڭدا ساقچىلارنى يەرلىك مۇسۇلمانلاردىن تەشكىللەش كېرەك. جاڭ جىجۇڭ يېڭى قوشۇلغان شەرتلەرنى قەتئىي رەت قىلدى، ئۇ شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، دۆلەتنىڭ ئارمىيىسى ئۆز زېمىنىدا تۇرسا ئۇنىڭغا چەك قويۇلامدۇ؟ بۇ يوق يەردىن پۇتاق چىقارغانلىق، ئۈچ ۋىلايەت بۇ ئۈچ شەرتنى قايتۇرۇۋېلىشى كېرەك، دەپ قارىدى. قايتا - قايتا كېڭەشكەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بۇ ئۈچ شەرتنى ۋاقىتىنچە قويۇپ تۇرۇپ، 11 ماددىنى تۈزىتىش ئۈستىدە كونكرېت مۇزاكىرە قىلىشقا قوشۇلدى.

ئىككى تەرەپ 30 نەچچە قېتىم مەسلىھەتلىشىپ، مۇھاكىمە قىلىپ،

مادارالىشىپ ۋە رەسمىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر تىنچلىق بىتىمىنى تۈزۈپ چىقتى. تىنچلىق بىتىمى 11 ماددىلىق رەسمىي ھۆججەت ۋە ئىككى قوشۇمچە ھۆججەتنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ بىرىنچىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش توغرىسىدا، ئىككىنچىسى قىسىمنى قايتا تەشكىللەش توغرىسىدا ئىدى. 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ بىلەن رەھىمجان قاتارلىق ئۈچ كىشى رەسمىي ھۆججەت ۋە قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ بىرىنچىسىگە ئىمزا قويدى. قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ ئىككىنچىسى ئۈستىدە كېيىن يەنە كېڭەشمەكچى بولدى.

تىنچلىق بىتىمى توغرىسىدىكى رەسمىي ھۆججەت ئاساسەن ھۆكۈمەت خەلققە سايلام ھوقۇقى بېرىش، خەلق ئىشىنىدىغان مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى سايلاپ چىقىش، خەلققە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بېرىش، مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش نەشر قىلىش، سۆز قىلىش، يىغىلىش، دۆلەت ئىچى - سىرتى بىلەن سودا قىلىش ئەركىنلىكى بېرىش دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن ئەدلىيە ئورگانلىرىدا خەنزۇ يېزىقى بىلەن مۇسۇلمانچە يېزىقنى تەڭ قوللىنىش، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا دەرس ئۆتۈش، ئالىي مەكتەپ دەرسىدە خەنزۇ تىلى بىلەن مۇسۇلمانچە تىلنى قوللىنىش؛ ھۆكۈمەت باج نىسبىتىنى بەلگىلەشتە خەلق تورمۇشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تەسىر يەتكۈزمەسلىكنى ئۆلچەم قىلىش؛ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى 25 كە كۆپەيتىش، ئۇنىڭدىن ئوننى مەركەز بەلگىلەش، قالغان 15 نى ۋىلايەتلەر كۆرسىتىش، مەركەز تەيىنلەش؛ مىللىي ئارمىيە تەشكىللەشكە رۇخسەت قىلىش؛ ۋەقەنى ھەل قىلىپ ئون كۈن ئىچىدە ھەر ئىككى تەرەپ قولغا ئالغان كىشىلەرنى قويۇپ بېرىش دېگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ بىرىنچىسى، ئاساسەن، رەسمىي ھۆججەتنىڭ 9 - ماددىسى يەنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش چارىسىگە قىلىنغان قوشۇمچە بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋىلايەتلەر كۆرسىتىدىغان 15 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى ئىچىدە ئالتىسى ئۈچ ۋىلايەتتىن بولىدۇ. بۇ ئالتە كىشى بىر مۇئاۋىن رەئىس، بىر مۇئاۋىن

باش كاتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. تىنچلىق بىتىمىنىڭ
11- ماددىسى ئەمەلىيەتتە ئىككى تەرەپنىڭ زىددىيىتىنى ۋاقىتلىق كېلىشتۈ-
رۈشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەر ئىككى تەرەپ نارازى ئىدى.
1945 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، تىنچلىق بىتىمىنىڭ لايىھىسى
تۈزۈلۈپ بولدى. 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جاڭجىجۇڭ،
ۋاڭزېڭشېن، ليۇمېڭچۈن ئىككى كىشىنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن
بىتىمنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن
ئالاھىدە مېھمانخانىغا ئەۋەتكەنىدى، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى يەنە بىر نەچچە
تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرنىڭ مىللىي
ئازادلىق ھەرىكىتى ۋە قوراللىق توقۇنۇش دېگەنگە ئوخشاش بۇرۇنقى تېمى-
سىنى ساقلاپ قېلىش؛ 2. ۋەقە يۈز بەرگەن رايون ئاقسۇ، قەشقەر
ۋىلايەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىش لازىم؛ 3. ساقچى ئىدارىسىنىڭ باش-
لىقلىرىنى، گېزىتخانا باشلىقلىرىنى يەرلىك مۇسۇلمانلاردىن سايلاش؛ 4.
ھۆججەتتىكى «ھازىر بار مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى ساقلاپ قېلىش ھەم ئۆل-
كىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ تەيىنلىشىگە سۇنۇش» دېگەن ماددىدىكى
«ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ تەيىنلىشىگە سۇنۇش» دېگەن گەپنى
چىقىرىۋېتىش؛ 5. رەسمىي ھۆججەتنىڭ ئارقىسىغا تۆۋەندىكىچە بايانىنى
قوشۇش: «مەركەزنىڭ قىسىملىرىنى قايتۇرۇپ كېتىش، ساقچى ئورگان-
لىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسىنى خەلق ساي-
لاش دېگەن ئۈچ پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو ۋەكىلى
جاڭ جىجۇڭ جياڭجۈن رەت قىلدى. لېكىن، خەلق ۋەكىللىرى بۇ ئۈچ
ماددىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئېتىراپ قىلمىدى. كېيىن جاڭ جىجۇڭ جياڭ-
جۈن خەلق ۋەكىللىرىنىڭ يۇقىرىقى پىكىرىنى ھۆكۈمەتكە بايان قىلىشقا
يول قويۇشى كېرەك». بۇ تەلەپ ئۈستىدە ئىككى تەرەپ تۆت سائەت
تالىشىپ، كېلىشىم ھاسىل قىلالمىدى. گومىنداڭ تەرەپتىن ۋۇجۇڭشىن
كېلىشىم ئىمزالاشنى زادى ياقلىمايتتى. ئىمزا قويۇشقا كېيىن نائىلاج
قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ گومىنداڭ زىيان تارتىپ كەتتى، مەسىلە

ھەل بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ دېگىنى بولۇپ كەتتى، ئاقىۋەتتى يامان بولدى، دەپ قارىدى. ئۇ مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: «ھېتىم (11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى) نىڭ 2-، 3-، 5-، 6-، 8-، 11 - ماددىلىرىنىڭ كارى چاغلىق، لېكىن 1 - ماددىدا، ۋالىي مۇئاۋىن ۋالىيلارنى يەرلىك خەلق كۆرسىتىدۇ. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى ۋالىي قويىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. كېيىن بىز ۋىلايەتلەرنى تىزگىنلىيەلمەيمىز، بۇيرۇق يۈرگۈزۈشىمىز تەس بولۇپ قالىدۇ. 4 - ماددىدا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى قوللىنىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. كەلگۈسىدە ئوقۇتۇش ئىشىمۇ تەس بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىش تېخىمۇ تەس بولىدۇ. 7 - ماددىدا، ھۆكۈمەت باج نىسبىتىنى خەلقنىڭ مادارىغا قاراپ بەلگىلەيدۇ دېيىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باج ئېلىشتا خەلق تۇرمۇشىغا ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۆلچەم قىلىنىدۇ دەپ ئېنىق بەلگىلەندى. بۇنىڭ بىلەن ئۆلكىمىزنىڭ باج كىرىمى بەك ئازىيىپ كېتىدۇ، باج يىغىشمۇ تەس بولىدۇ. 9 - ماددا بويىچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 25 ئەزاسىدىن باشقا دىندىكى مىللەتلەر 15 نى ئىگىلەپ كەتسە، يىغىنلاردا تۈرلۈك قارار - لايىھەلەرنى ماقۇللاش تەس بولىدۇ، خەلق ئىشلىرى نازارىتى بىلەن مالىيە نازارىتىگە خەنزۇلار نازىر بولغىنى بىلەن، ۋالىي، ھاكىملار غەيرىي دىندىكىلەر تۇرسا تىزگىنلەش تەس بولىدۇ، پۇتقا پۇت، قولغا قول بولمايدۇ. مەركەز بېرىدىغان ياردەمنى كۆپەيتىپ بەرمىسە، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى تەڭلىكتە قالىدۇ، مائارىپ نازارىتى بىلەن تەمىرات نازارىتىنىڭ ئىشى بوش ئىش ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ كەتسە، كەلگۈسىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. 10 - ماددىدا مىللىي ئارمىيە تەشكىللەشكە رۇخسەت قىلىندى. ئارمىيىگە مىللىي دېگەن سۈپەتنى قوشۇپ قويۇش تازا قاملاشمىدى. ئۇنداقتا بىز مىللىي مەسىلىنى ئېتىراپ قىلغان بولۇپ قالىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە ماددىدا ئۇلار ھوقۇققا ئىگە بولدى. ئەمما ئۈستىگە مەجبۇرىيەت ئالمىدى، شۇنىڭدەك ھەربىي ھەرىكەتنى توختىتىش كېرەك

دەپ ئېنىق بەلگىلەنمىدى، بۇنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ كەمچىلىك . ۋۇجۇڭشىن «بىتىم تۈزۈلگىنى بىلەن مەسىلە ھەل بولمىدى» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى①. ۋۇجۇڭشىننىڭ مەسىلە ھەل قىلىش دېگىنى ئەمەلىيەتتە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىنى يوقىتىپ، شىنجاڭدا مىللىي زۇلۇم سىياستىنى، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقنى بۇرۇنقىدەكلا يولغا قويۇش ئىدى، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە يول قويۇلمايتتى. ئۇلار تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يولىنى ۋە قانۇنىيىتىنى پەقەت بىلمەي، ھەمىشە تارىخنىڭ ئېقىمىغا قارشى يول تۇتاتتى، بۇنىڭ بىلەن چوقۇم ئاغزى - بۇرنى قان بولاتتى.

1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، يەنە تىنچلىق بىتىمىگە قول قويۇلۇپ ئىككىنچى كۈنى جاڭ جىجۇڭ، پىڭ جاۋشيەن، ليۇ مېڭچۈن، ۋاڭ زېڭشەنلەرنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن قالغان ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىشىشكە قالدۇرۇپ دوكلات قىلىش ئۈچۈن ئۆزى چۇڭچىڭغا ئۇچتى. 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىمۇ غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. جاڭ جىجۇڭ 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۇڭچىڭغا يېتىپ باردى. 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات بەردى، جاڭ جىجۇڭ دوكلاتىدا گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئۈچ مەسىلەكىنىڭ كۈچى بىلەن شىنجاڭغا كاپالەتلىك قىلىشنى، ساغلام، ئاقىلانە سىياسىي كۈچ بىلەن شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇشنى، تولۇق ئىقتىسادىي كۈچ بىلەن شىنجاڭنى گۈللەندۇرۇشنى» ئۈمىد قىلدى. جاڭ جىجۇڭنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ شەخسەن ئارزۇسىنىلا بىلدۈرەتتى، چىرىكلىكتە چېكىگە يەتكەن جياڭ جيېشىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىدا ئۇنىڭ بىرىمۇ ئەمەلگە ئاشمايتتى.

تىنچلىق بىتىمىنىڭ 2 - باسقۇچى 1946 - يىل 4 - ئايدا باشلاندى. 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا بېرىپ، مىنىستىر

---

① ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىل) 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى.

ۋاڭ شىجيې بىلەن كۆرۈشۈپ، غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلنىڭ دوكلاتىنى يەتكۈزدى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە غۇلجا ۋەكىللىرى جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۈرۈمچىگە قاچان كېلىدىغانلىقىنى سورىغان، ئەگەر جاڭ جىجۇڭ پات يېقىندا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلمىسە، ئىلى تەرەپ سۆھبەتنى بۇزۇلدى دەپ ئىمزالانغان كېلىشىمنى ئىناۋەتسىز دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتقان، ئۇ چاغدا جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ، كومپارتىيە ۋە ئامېرىكا تەرەپلەرنىڭ ئۈچ كىشىلىك گۇرۇپپىسىغا قاتناشقان بولۇپ، ئۇ ئىشتىن ئاجرىيالمايتتى. شىنجاڭ تەرەپمۇ ئادەملىرىنى ھەدەپ يۆتكەۋاتاتتى. 2 - ئايدا جۇ شاۋلياڭنى ھەربىي كومىتېتىغا مۇئاۋىن باش شتاب باشلىقى قىلىپ يۆتكىدى. 3 - ئايدا ۋۇجۇڭشىن خىزمىتىدىن قالدۇرۇلدى، جاڭ جىجۇڭ ھەربىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى، غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولدى. گوجىچياۋمۇ شىنجاڭدىن يۆتكىلىپ كەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. جاڭ جىجۇڭ 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن باشلاپ، تىنچلىق سۆھبىتى 2 - باسقۇچقا ئۆتۈپ، ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنى قايتا تەشكىللەش مەسىلىسىگە مەركەزلەشتى.

4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قەشقەر بىلەن غۇلجىدا بىردىن ئاتلىق، پىيادە تۈمەن، ئاقسۇ، كۇچا، قارا شەھەر، ئۈرۈمچى، شىخو، ئالتاي، چۆچەكلەردە بىردىن ئاتلىق تۈمەن، سۇيدۇڭ، كۇرەلەردە بىردىن ئاتلىق تۈمەن، دۆربىلجىندە بىر پىيادە تۈمەن تۇرغۇزۇش، جەمئىي ئون ئاتلىق تۈمەن، ئۈچ پىيادە تۈمەن، 21 مىڭ ئەسكەرنى ساقلاپ قېلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۆزگىرىش بولمىغان رايونلاردا ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ، ئۈچ ۋىلايەت قىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي سانى بەك كۆپ بولۇپ كەتتى، دەپ قارىدى. جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ئامانلىق ساقلاش دادۈيىنى ئۈچ تۈمەنگە يەنى ئۈچ ئاتلىق تۈمەنگە ياكى

ئىككى ئاتلىق تۇمەن، بىر پىيادە تۇمەنگە ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ، ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، بۆلۈپ ئۆزگىرىش بولغان رايونلاردا تۇرغۇزۇش كېرەك، دېدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى مىللىي ئارمىيىنىڭ 13 تۇمەندىن ئۈچىنى قىسقارتىپ، ئون تۇمەن قىلىشقىلا بولىدۇ، دېدى.

جاڭ جىجۇڭ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلىغا بېرىپ مەسلىھەتلەشتى. يېشىيۇ ئۈچ تۇمەن بەك ئاز بولۇپ قاپتۇ، ئالتە بولسا قانداق، دېدى. جاڭ جىجۇڭ ئالتە تۇمەن قىلىشقا رۇخسەت قىلغاندىمۇ ئۈچى دۆلەت ئارمىيىسى، ئۈچى ئۆلكىگە قارايدىغان ئامانلىق ساقلاش دادۈيى بولۇشى، ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن سانغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىر يىلدىن كېيىن ئىككى تۇمەن دۆلەت ئارمىيىسى ۋە ئۈچ ئامانلىق ساقلاش دادۈيىگە قىسقارتىش لازىم، دەپ قارىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئەسكەرنىڭ سانى ۋە تۇرىدىغان جايى مەسىلىسى ئۈستىدە قايتا - قايتا كېڭىشىپ، 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تۈن يېرىمىدا تىنچلىق بىتىمىنىڭ 2 - قوشۇمچە ھۆججىتىنىڭ لايىھىسىنى پۈتتۈردى. 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللى ھۆججەتكە ئىمزا قويدى.

2 - قوشۇمچە ھۆججەت ئاساسەن تىنچلىق بىتىمىنىڭ 10 - ماددىسىدىكى ۋەقە يۈز بەرگەن رايونلاردىكى قىسىملارنى قايتا تەشكىللەش مەسىلىسىگە قىلىنغان قوشۇمچە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۈچ ۋىلايەت قىسىملىرى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شتاتى بويىچە ئۈچ ئاتلىق تۇمەن، ئۈچ پىيادە تۇمەن قىلىپ تۈزۈلىدۇ، ئەسكەرنىڭ ئومۇمىي سانى 11 مىڭدىن 12 مىڭغىچە بولىدۇ؛ ئالتە تۇمەن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە تۇرىدۇ؛ ئالتە تۇمەننىڭ قوماندانى ئۈچ ۋىلايەتتىن بولىدۇ، مەزكۇر قوماندان ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ، دۆلەت چېگرىسىنى ساقلاشقا مەركەزنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاقسۇ، قەشقەردىكى ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرى قايتا تۈزۈلىدۇ، كەم قىسمى يەرلىك مۇسۇلمانلاردىن تولۇقلىنى-

دۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

ئەمما قويغان كۈنى مۇنۇ ئىككى مەسىلە ئۈستىدە سۆھبەت خاتىرىسى تەييارلاشقا كېلىشتى: 1. ھۆكۈمەت ساقچى باشقارمىسى (ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئېيتقىنى بويىچە سىياسىي ساقچىلار) نى ئۆزلۈكىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇش مەسىلىسى. 2. ئۆلكە بويىچە ساقچىلار يەرلىك كىشىلەردىن بولۇش مەسىلىسى.

شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش خىزمىتى پۈتۈنلەي تۈگىدى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەسمىي قۇرۇلدى. شىنجاڭدا تىنچلىق بىتىمىنىڭ 2 - قوشۇمچە ھۆججىتى ئىمزالىنىپ 20 - كۈنى يەنى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، جياڭ جيېشى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ قارارىنى بۇزۇپ، ئازاد رايونلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. بۇنىڭ بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭدا تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلۇشتىكى مەقسىتى پۈتۈنلەي يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش ئىكەنلىكىنى تولۇق كۆرسەتتى.

## 2 - بۆلۈم ۋۇجۇڭشىننىڭ شىنجاڭدىن كېتىشى، جاڭ جىجوڭنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشى

ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا كېلىش بىلەنلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتىلىشىغا دۇچ كەلدى، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، سىياسىي جەھەتتە خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالدى، ھەربىي جەھەتتە ئارقا - ئارقىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، دىپلوماتىيە جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تۈپتىن ياخشىلانمىدى. شۇڭا جاڭ جىجوڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش بىلەنلا

ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭدىن كەتمەكچى بولدى. ئۇ ئەمدى شىنجاڭدا داۋاملىق تۇرۇشۇمنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى، تۇرۇشۇمنىڭ پايدىسىمۇ يوق، دەپ ھېسابلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ شىنجاڭدىن كېتىش ئىرادىسى بارغانسېرى چىڭىدى، ئۇ جياڭ جيېشىغا ئارقا - ئارقىدىن تېلېگرامما بېرىپ سۆيلەۋەرگەچكە، تەلىپى تەستىقلىنىپ، ئاخىر 1946 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا كەتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇنىڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت سورىغان بىر يىل ئالتە ئايلىق تارىخى ئاياغلاشتى.

جاڭ جىجوڭ شىنجاڭغا 1 - قېتىم سۆھبەتكە كېلىپ چۇڭچىڭغا قايتقان چاغدىلا، ۋۇجۇڭشىن 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما بېرىپ، شىنجاڭ مەسىلىسى دىپلوماتىيە يولى بىلەن ھەل قىلىنماقچى بولغانىكەن، كىشىلەرگە يېڭىلىق تۇيغۇسى بېرىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىمۇ ئۆزۈل كېسىل ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش كېرەك، مەن شۇ قارارغا كەلدىم، مەقسەتكە يەتمىگۈچە توختىمايمەن[1] دېگەن. لېكىن، جياڭ جيېشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ۋەقە ھەل قىلىنغاندىن كېيىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئويىدا ئىدى. 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇ شاۋلياڭ بۇيرۇققا بىنائەن چۇڭچىڭغا بېرىپ ھەربىي يىغىنغا قاتناشتى، ئۇ مېڭىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، ۋۇجۇڭشىن ئۇنىڭ بىلەن غەربىي شىمالنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئىككى تۈرلۈك لايىھەسىنى مۇزاكىرەلەشتى ۋە جۇ شاۋلياڭ بۇ لايىھەلەرنى جياڭ جيېشىغا دەپ باقماقچى بولدى. ۋۇجۇڭشىن بىلەن جۇ شاۋلياڭ مۇنداق دەپ قارىدى، غەربىي شىمالدا ھەربىي ئىشلار بىلەن مەمۇرىي ئىشلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم، مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە، يا جاڭ جىجوڭنى غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭنىڭ ئۆلكە رەئىسى قىلىش كېرەك، مەھكىمە لەنجۇغا تەسىس قىلىنسا، ئۇرۇمچىدە ئىش بېجىرىش

① ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىل) 9 - ئاينىڭ 21 -، 22 - كۈنلىرى.

ئورنى قۇرۇلسا، جاڭ جىجۇڭ زۆرۈرىيەتكە قاراپ ئىككى جايدا بىرىپ - كېلىپ ئىشلىسە بولىدۇ؛ يا جۇ شاۋلياڭ داۋاملىق 8 - ئورۇش رايونىنىڭ قوماندانى بولۇش، مۇئاۋىن قوماندان گوجىچياۋ ئورۇمچىدە تۇرۇش، قوشۇمچە ئۆلكە رەئىسى بولۇش كېرەك. بۇ ئىككى لايىھىنى جاڭ جىجۇڭ كۆرۈپ چىققانىدى. شۇ كۈنى ۋۇجۇڭشىن جياڭ جيېشىغا يەنە: «شىنجاڭدا ھەربىي ئىشلار بىلەن مەمۇرىي ئىشلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش لازىم، شۇندىلا ۋەزىيەتكە دەلمۇدەل، بىمالال تاقابىل تۇرالايمىز. مېنىڭ شىنجاڭدا يەنە قېلىش ئويۇم يوق، ئەمدى قېلىشىمنىڭمۇ ھاجىتى يوق، ئىقتىدارلىق بىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆتۈنىمەن. بۇ يەنىلا شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى كۆزدە تۇتقانلىقىم، ھەرگىزمۇ مەسئۇلىيەتتىن قاچقانلىقىم ئەمەس، زۇڭتۇڭنىڭ مېنى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن[1]» دەپ مەكتۇپ يوللىدى. شۇ يىلى 12- ئاينىڭ 3 - كۈنى، ۋۇجۇڭشىن جاڭ جىجۇڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە دائىر ئىشلار توغرىسىدا تەپسىلىي سۆھبەتلەشكەندە، يەنە: «شىنجاڭنىڭ ئىشىنى ناۋادا تىنچلىق بىلەن ھەل قىلغىلى بولسا، ئىككىمىزنىڭ رولى ئوخشاشمايدۇ، مەن شىنجاڭدا داۋاملىق تۇرسام، ئىشلارغا دەخلى يېتىدۇ، شۇڭا مەن شىنجاڭدىن كېتىشىم كېرەك؛ ناۋادا تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشقا مۇمكىن بولماي، ئۇرۇشقا ھازىرلىنىشقا توغرا كەلسە، مەن شەھەرنى ساقلاشقا ئەمەس، سىياسىي ئىشلارنى يولغا سېلىشقا كەلگەن بولغاچقا، كېتىشىم تېخىمۇ زۆرۈر[2]» دېدى. 2. ۋۇجۇڭشىن يېپىشۋالغاچقا، جاڭ جىجۇڭ ئامالسىزلىقتىن 7 - كۈنى «ئىلى سۆھبىتىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولسا بولسۇن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، سىزنىڭ كېتىشىڭىزگە ئىمكانىيەت يارىتىشقا كاپالەتلىك قىلىمەن» دېدى[3].

---

① ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدە خاتىرە»، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى.
② يۇقىرىقى ئىزاھ بىلەن ئوخشاش، 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى.
③ يۇقىرىقى ئىزاھ بىلەن ئوخشاش، 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى.

1946-يىل 1-ئايدا تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ 1-باسقۇچى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، جاڭ جېجۇڭ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن چۇڭچىڭغا كەتتى. دەل شۇ چاغدا جياڭ جىڭگو موسكۋادىن قايتىش سەپىرىدە ئۈرۈمچىدىن ئۆتتى (ئۇ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي شىمالدىكى مۇناسىۋىتىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن موسكۋاغا سۆھبەتكە بارغانىدى)، 8-كۈنى ۋۇجۇڭشىن يەنە بىر قېتىم ئىستىپا سورىدى، ھەتتا جياڭ جىڭگو بىلەن بىللە چۇڭچىڭغا بېرىپ سىياسىي ۋەزىيەتنى دوكلات قىلماقچى بولدى؛ 12-كۈنى ۋۇجۇڭشىن يەنە جياڭ جېيشى، جاڭ جېجۇڭلارغا بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىشى مەيلى تىنچلىق بىلەن ياكى ئۇرۇش بىلەن ۋە ياكى سۆرمش يولى بىلەن ھەل قىلىنسۇن، مېنىڭ يەنە تۇرۇۋېرىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، ھەربىي، دىپلوماتىيە ئىشلىرى ماڭا موھتاج ئەمەس، مەن سىياسىي جەھەتتىكى ئىقتىدارىمنى تولۇق ئىشقا سېلىپ بولدۇم، ئۇنىڭدىن ئۇشۇق قىلالمايمەن، دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ يوللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە شىنجاڭدىكى كادىرلار ئىشى توغرىسىدا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ۋاقىتىنچە ئۆزگەرتمەسلىك، ئەمما ئۇنىڭ رۇخسەت سوراپ چۇڭچىڭغا قايتىپ خىزمەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىش، بۇ مەزگىلدە رەئىسلىكنى گوجىچياۋ قوشۇمچە ئۆتەش ھەم جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى پاتال ئورۇنلاشتۇرۇش؛ 2. جاڭ جېجۇڭنى غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەپ ئېلان قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جاڭ جېجۇڭغا شىنجاڭغا دەرھال كېلىپ ۋەزىيەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، تىنچلىق سۆھبىتىنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىش؛ 3. جاڭ جېجۇڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلىش، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى ۋە نازارەت، باشقارما باشلىقلىرىنى قىسمەن ئالماشتۇرۇش، جاڭ جېجۇڭ ۋاقىتىنچە كېلەلمىسە، ئۇ ئۆز ئورنىغا بىرىنى مۇۋەققەت رەئىسلىككە كۆرسىتىپ، تىنچلىق سۆھبىتىنى داۋاملاشتۇرۇش، ۋۇجۇڭشىن بۇ

بىر نەچچە خىل لايىھىنى «تۆۋەتتە شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئەڭ ئاقىلانە چارە، پەيتكىمۇ ئەڭ مۇۋاپىق[①]» دەپ ھېسابلىدى.

لېكىن بۇ چاغدا، جاڭ جىجوڭ جۇئېنلەي، مارشال قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ئۈچ كىشىلىك ھەربىي گۇرۇپپا بىلەن بىللە ھەر قايسى جايلاردىكى ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان بولغاچقا، شىنجاڭغا كېلەلمەيتتى. 1946 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ۋۇ جۇڭشىن جاڭ جىجوڭغا يەنە: «ھازىر قارشى تەرەپ بىزنى بابلاش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلاۋاتىدۇ، مەركەز يەنىلا كەينىگە سۈرمەي، قاراپ بېقىش پوزىتسىيەسىنى تۇتۇپ، مېنىڭ بەرگەن تەكلىپلىرىمنى قوبۇل قىلمىسا . . . بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. ناۋادا 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە مەركەز يەنىلا بىر قارارغا كەلمەي، مېنى بۇ يەردە ئېسىپ قويسا، مەن ئاغرىپ قالدىم دېگەن سەۋەبنى كۆرسىتىپ تېلېگرامما ئارقىلىق رۇخسەت سوراپ، شىنجاڭدا خىلۋەت بىر جاينى تاللاپ، ھېچ ئىشقا ئارىلاشماستىن قولۇمنى يۇيۇپ ئارام ئالماقتىن باشقا چارە قالمىدى» دەپ تېلېگرامما ئەۋەتتى. ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئارقا - ئارقىدىن تېلېگرامما ئارقىلىق سۆيلىشى بىلەن چۇڭچىڭ شىنجاڭنىڭ كادىرلار ئىشىنى تەڭشەشكە پائال كىرىشتى. 2 - ئاينىڭ بېشىدا، 8 - ئۇرۇش رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 4 - كۈنى جۇ شاۋلياڭنىڭ ھەربىي كومىتېت مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، قوشۇمچە ئىشخانا مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جياڭ جيېشى، جاڭ جىجوڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قىلىپ تەيىنلىدى، لېكىن ئۈچ كىشىلىك ھەربىي گۇرۇپپىنىڭ خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا، بۇيرۇق ۋاقىتىنچە ئېلان قىلىنمىدى. 12 - كۈنى جۇ شاۋلياڭ لەنجۇدىن ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا قايتتى. 15 - كۈنى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى. 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، جاڭ

① ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىل) 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.

جىجۇڭ ۋۇجۇڭشىنغا تېلېگرامما بېرىپ، غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمە تەسىس قىلىنىدىغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولىدىغانلىقى بېكىتىلىپ بولغانلىقى؛ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئورگىنى ۋە كادىرلار ئىشى مەسىلىسىدە ئۆزىنىڭ كارىزون باش شتابى تەسىس قىلىش ئويى بارلىقى، گو جىچياۋ غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياكى غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە شتاب باشلىقى بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ۋەزىپىدىن بىرىنى تاللىسا بولىدىغانلىقىنى، ۋۇجۇڭشىننى قانداقلا بولمىسۇن 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە چۆچەككە قايتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەتىسى ۋۇجۇڭشىن بۇ خەۋەرنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ نازارەت، كومىتېت، باشقارما باشلىقلىرىغا يەتكۈزدى ھەمدە خىزمەتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ھازىرلاندى، 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، جاڭ جىجۇڭ ۋۇجۇڭشىنغا قايتىپ خىزمىتىدىن دوكلات بەرسە بولىدىغانلىقىنى ۋە 2 - ئومۇمىي يىغىنغا قاتنىشىدىغانلىقىنى تېلېگرامما ئارقىلىق ئۇقتۇردى، بۇ خەۋەردىن ۋۇجۇڭشىن ئىنتايىن خۇشاللاندى. 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭدىن كەتتى. شىنجاڭنىڭ مۇئاۋىن مۇپەتتىشى ۋاڭ جىيەن، 29 - گورۇپپا ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى زېڭ شياۋلۇ ۋاكالىتەن بېجىرىپ تۇردى، چوڭ ئىشلارغا يولۇققاندا، گوجىچياۋدىن يوليورۇق سورىدى.

ۋۇجۇڭشىننىڭ قايتا - قايتا تەلەپ قىلىپ شىنجاڭدىن كېتىشى ئۇنىڭ شىنجاڭنى ئىلاھىي قانۇن، ئادەمگەرچىلىك، دۆلەت قانۇنى بىلەن ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل بەربات بولغانلىقى، شىنجاڭدا كارامىتى ئاشكارا بولۇپ، دەسمايىسى غالتەككە چىقىپ، تۈزەپ بولغىلى بولمايدىغان مالىماتاڭ جاڭگالنى كىشىگە ئىتتىرىپ بېرىپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

1946 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى گومىنجېڭفۇ: «جاڭ جىجۇڭ ھەربىي كومىتېت ۋېييۈەنجاڭنىڭ غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ

مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى[1]» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەتىسى، گومىنجېڭفۇ يەنە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە رەئىس ۋۇ جۇڭشىن باشقا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ، شۇڭا ئۇ قوشۇمچە ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇلدى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىنى جاڭ جىجۇڭ قوشۇمچە ئۆتەيدۇ[2]» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ ھەمراھلىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. 6 - كۈنى گوجىچياۋنى ئۆزىتىپ قويدى. 8 - كۈنى خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ كاتىپى ليۇمېڭچۈننى ۋاقىتىنچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا بەلگىلىدى. 10 - كۈنى تاۋسىيۆنى شىنجاڭ گارنىزون قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى. شۇنداق قىلىپ، ھەر قايسى نازارەتلەرنىڭ نازىرلىرى ئالماشتۇرۇلمايلا، جاڭ جىجۇڭنىڭ مۇلكىي، ھەربىي ئەمەلدارلار بەنزىسى ئاساسەن مۇقىملاشتى.

جاڭ جىجۇڭنىڭ تەخەللۇسى ۋېنبەي، ئەسلى ئىسمى بىنياۋ، ئەنخۇيىنىڭ چاۋشيەن ناھىيىسىدىن. 1890 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى يېزىدىكى بىر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. شىنخەي ئىنقىلابىدا ياڭجۇدا قوزغىلاڭغا قاتناشقان. ئۇ سۇن جۇڭشەننىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش، كوممۇنىستلار بىلەن بىرلىشىش، ئىشچى - دېھقانلارغا يار - يۆلەك بولۇش» تىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك سىياسىتىنى ھىمايە قىلىپ، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنى قۇرۇشقا قاتناشقان ھەمدە بۇ مەكتەپتە مۇھىم ۋەزىپە ئۆتىگەن. جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭشەن پاراخوت ئەنزىسىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ كوممۇنىستلارنى قىرغانلىقىغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغىلى تاسلا قالغان. 1926 - يىلى 7 - ئايدا شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1927 - يىلى 8 - ئايدا جياڭ جيېشىنىڭ كوممۇنىستلارغا قارشى تۇرغانلىقىدىن نارازى بولۇپ چەت ئەلگە تەكشۈرۈشكە چىققان،

---

① «گومىنجېڭفۇنىڭ ئاخباراتى»، جۇڭچىڭ 1021 - نومۇرلۇق، مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى.

② «گومىنجېڭفۇنىڭ ئاخباراتى»، جۇڭچىڭ 1022 - نومۇرلۇق، مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى.

بىر يىلدىن كېيىن يارلىققا بىنائەن دۆلەتكە قايتىپ يېڭى - كونا مىلىتا-
رىستلارنىڭ ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1936 - يىل 12 - ئايدا شىئەن ۋەقەسى
يۈز بەرگەندە، ۋەقەنى تىنچلىق يول بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قى-
لىپ، جياڭ جيېشىنى قۇتقۇزغان. 1937 - يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن 9 - بىرلەشمە گورۇپپىسىنىڭ باش
قوماندانلىقىغا قوشۇمچە-سول قانات قوشۇنىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىن-
لەنگەن، شاڭخەيدىكى «13 - ئاۋغۇست» جېڭىدە ياپون قوشۇنىغا قاتتىق
زەربە بەرگەن. 11 - ئايدا خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغان. 1938-
يىلى چاڭشادا چوڭ ئاپەت يۈز بەرگەندە جياڭ جيېشى مەسئۇلىيەتنى جاڭ
جىجۇڭغا دۆڭگەپ قويۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاپ قالدۇرۇپ
ئىشلىتىش چارىسىنى بەرگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ يەنە جياڭ جيېشىنىڭ
مۇلازىم ئىشخانىسى 1 - باشقارمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپ ھەربىي
ئىشلارنى باشقۇرغان، مۇھىم ئىشلارنى بېجىرگەن. 1940 - يىلى ھەربىي
كومىتېت سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان، كومپارتىيە بىلەن ئىتتى-
پاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ياقلىغان، كومپارتىيە-
نىڭ جۇڭچىڭدىكى ۋەكىللىرى جۇئېنلەي، دۇڭ بىۋۇ، يې جەنيىڭ قاتار-
لىقلار بىلەن ئىككى قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزگەن ۋە ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ
تۇرغان.

جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت باشقۇرغاندىن كېيىن دەرھال شىن-
جاڭنى تۈزۈشنىڭ فاڭجېنىنى تۈزۈشكە كىرىشتى، 1946 - يىل 5 - ئاينىڭ
6 - كۈنى، جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن «5 - ماي» خاتىرە
يىغىنىدا «ئۈچ مەسىلە ئاساسىدا يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشنىڭ مەنىۋى ئاسا-
سى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەپ، شىنجاڭدا «تىنچلىق، بىرلىك، خەلق-
چىللىق، ئىتتىپاقلىق» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، خىيانەتچىلىك، قىمارۋاز-
لىق، ئەپيۇنكەشلىكنى تۈگىتىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، جاڭ جى-
جۇڭ مۇنداق دېدى: تىنچلىق «دۇنيادىكى يۈزلىنىش». پۈتۈن دۇنيا،
پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن شىنجاڭ تىنچلىققا موھتاج، تىنچلىق بولغاندىلا

شىنجاڭ خەلقى ئەركىن، بەخت - سائادەتلىك، خۇشال - خورام تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. بىرلىك ھەققىدە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېيتقاندا، ھەممە ئىش مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلىدۇ، شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەممە ئىش ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلىدۇ، «بارلىق ئىشلارنى ئۈچ مەسلەكنىڭ رەھبەرلىكىدە، مەركەزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك». خەلقچىللىق دېگىنىمىز سىياسىي جەھەتتىكى خەلقچىللىقنى كۆرسىتىدۇ. جاڭ جىجۇڭ مۇنداق دەپ ئېلان قىلدى: «شىنجاڭنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى ھۆكۈمىتى، جوقۇم خەلقچىل ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يۈزدە - يۈز خەلقچىل ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بولىدۇ! شىنجاڭنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى بارلىق مۇھىم تەدبىرلىرى، بارلىق سىياسىي فاڭجېنلىرى چوقۇم ئۆلكىلىك يىغىنىنىڭ ماقۇللىشىدىن كېيىن، ئاندىن تۆۋەنگە ئۇقتۇرۇلۇپ يولغا قويۇلىدۇ. مەنكى ئۆلكە رەئىسى بارلىق ھوقۇقلارنى چاڭگىلىمغا ئېلىۋالىمەن، ھەرگىز «مۇستەبىت» بولمايمەن! ئىتتىپاقلىق شىنجاڭغا نىسبەتەن «بەكمۇ مۇھىم، ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشى، بىر - بىرى بىلەن يېقىن ئۆتۈشى، ئۆزئارا ياردەم بېرىشى، ھەممەيلەن ئۆزئارا تىنچ، خاتىرجەم بىرگە ئۆتۈپ، سەمىمىيەت بىلەن ئىتتىپاقلىشىشى لازىم. شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تارىخىنى بۈگۈندىن باشلاپ 1 - باب، 1 - پاراگراف ۋە باش جۈملىدىن يېزىپ چىقايلى! جاڭ جىجۇڭ «تىنچلىق» ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەتنى قوراللىق كۈرەشتىن ۋاز كەچۈرمەكچى، «بىرلىك» ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى، مۇشۇ ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، ئاندىن خەلققە «دېموكراتىيە» بېرىپ «ئىتتىپاقلىق» نى ئىشقا ئاشۇرماقچى ئىدى. 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ يەنە پۈتۈن ئۆلكىدىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى، خەلقچىللىق نەمۇنىسىنى تىكلەيدىغانلىقىنى، جەمئىيەت كەيپىياتىنى ئوڭشايدىغانلىقىنى،

خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى، دىنىي ئېتىقادقا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى، خەلق مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرىدىغانلىقىنى، مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرىدىغانلىقىنى، ئىختىساسلىق قۇرۇلۇش خادىملىرىنى يېتىشتۈرىدىغانلىقىنى، تىببىي دورىگەرلىك، سەھىيە ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، قاتناش ۋە خەت - ئالاقە ئىشلىرىنى ياخشىلايدىغانلىقىنى، دېھقانچىلىق، سۇ ئىنشائاتى، چارۋىچىلىقنى يۈكسەلدۈرىدىغانلىقىنى، ھەرخىل كان بايلىقلىرىنى ئېچىپ، خەلق ئىگىلىكىدىكى سانائەتنى گۈللەندۈرىدىغانلىقىنى، ئىچكى - تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرىدىغانلىقىنى» بىلدۈردى. يۇقىرىقىلار كېيىن تۈزۈلگەن سىياسىي پروگراممىلارنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى بولدى.

بۇ مەزگىلدە جاڭ جىجۇڭ خەلقنىڭ رايىنى قولغا كەلتۈرۈشكە دائىر بەزى ئىشلارنى قىلدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن داۋاملىق ئىشلەندى.

1. سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش. ۋۇجۇڭشىن ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەي دەۋرىدە تۈرلۈك بەتنام چاپلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان بەزى سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە 380 نەپەرچىسى تۈرمىدە ئىدى. 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جاڭ جىجۇڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىرىغا، ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرىغا، ھەرقايسى ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرىغا «ئۆلكىمىزدە بۇرۇن سىياسىي سەۋەب تۈپەيلىدىن قامالغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئەنزىسى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى ھۆكۈم چىقىرىلمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر ھەر قايسى ئورگانلار ئۇلارنىڭ ئەنزىسىنى» ئومۇمىي يۈزلۈك تەكشۈرۈپ - ئېنىقلاپ، ئەھۋالنى يۇقىرىغا يوللاش لازىم، ئۇلارنى پاتراق قويۇپ بېرىشكە ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن، يۇقىرىقى تاپشۇرۇقنى دەرھال ئىجرا قىلىشنى سورايمىز، بۇ مۇھىم ئىشنى كېچىكتۈرۈشكە زادى بولمايدۇ» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

2. كوممۇنىستلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى قويۇپ بېرىش. جاڭ جىجۇڭ، چۇي ۋۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، تۈرمىگە قامالغان بارلىق كوممۇنىستلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن جەمئىي 131 كىشى 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، سەككىز ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن ئايرىلدى، ئۇلار شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانلىق قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ليۇياجېيىنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شەنشى، گەنسۇ، نىڭشىيا چېگرىسىدىكى جىجياسۇن كەنتىگە يېتىپ باردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن باش قوماندان جۇدې 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جاڭ جىجۇڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ تېلېگرامما ئەۋەتتى.

3. سابىق دۇبەن مەھكىمىسى خەلقتىن مۇسادىرە قىلغان مال - مۈلۈكلەرنى ئىنىقلاش ھەيئىتى (قىسقارتىپ ئىنىقلاش ھەيئىتى دەپ ئاتىلىدۇ) تەشكىللەپ، مال - مۈلۈكلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش. شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، ئۇ بىر تەرەپتىن سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىلىرىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ يۇقىرىلارغا زىيانكەشلىك قىلسا، بىر تەرەپتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ چۆنتىكىنى توشقۇزدى. ئۆلكە بويىچە ھەممە جايدا مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنمىغان ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى، بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ئىغىر ئىدى. ۋۇجۇڭشىن ھۆكۈمىتى مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلۈكلەرنى قايتۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، مۇناسىۋەتلىك ئەنزە ماتېرىيالى كەم، ئىنىقلاش قىيىن بولغاچقا، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى بىر تەرەپ قىلغانىدى. جاڭ جىجۇڭ بۇ مەسىلىگە سىياسىي ئەھمىيىتىنىڭ مۇھىملىقى جەھەتتىن قاراش كېرەكلىكىنى، تېخنىكا جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى دەپ مەسىلىنى ھەل قىلماي تاشلاپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. شۇنىڭ بىلەن 5 - ئايدا ئىنىقلاشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى تەشكىل قىلىندى، ھەيئەتكە مەتىمىن مۇدىر، جانىمقان، جاۋ جىيەنفېڭلار مۇئاۋىن

مۇدىر بولدى، مەركەز ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى، ئەدلىيە مىنىستىرلىقى، مەمۇرىي پالاتا قاتارلىقلارمۇ ئادەم ئەۋەتتى. ئىنقىلاش مۇددىتى يېرىم يىل بولىدىغانلىقى، ئالدى بىلەن ئارخىپ ماتېرىياللار ئېنىقلىنىپ مال - مۈلۈك ھوقۇقى مۇقىملاشتۇرۇلىدىغانلىقى، مال - مۈلۈك ئۆزلۈكسىز قايتۇرۇلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ئىنقىلاش ھەيئىتى رەسمىي قۇرۇلدى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ ھەيئەت داۋاملىق خىزمەت ئىشلىدى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، يەتتە ماددىلىق «سابىق دۈبەن مەھكىمىسى خەلقتىن مۇسادىرە قىلغان مۇھىم مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇپ بېرىش چارىسى» ئېلان قىلىنىپ، چەكلىك مۇددەت ئىچىدە ئۆي - بىسات، ئىبادەتخانا، زاۋۇت، سۇ تۈگمىنى، ماشىنا - ئۈسكۈنە، يەر - زېمىن، كارىز قاتارلىقلار قايتۇرۇپ بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى، ئارقىدىن يەنە ئالتە ماددىلىق «كۆچمە مۈلۈك دەۋاسىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى» ئېلان قىلىنىپ، ئاساسلىقى 1944 - يىل 11 - ئايدا غۇلجا ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۇرۇش ياكى سىياسىي سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان مال - مۈلۈك دەۋاسى ھەل قىلىندى.

4. باج - سېلىقنى بىكار قىلىش. 1946 - يىل 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 127 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىل) بىر يىل دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى ئالماسلىقنى قارار قىلدى. 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 133 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى يەنە شۇ يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن، يېرىم يىل باج - سېلىق ئالماسلىقنى قارار قىلدى. باج - سېلىق ئېلىش توختىتىلغان يېرىم يىلدا ھەر قايسى ناھىيە (شىجىجۇي) لەردىكى باج ئىدارىلىرى 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ خىزمەتنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشنى كۈتتى، ھەر دەرىجىلىك باج ئىدارىلىرىنىڭ باجگىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۈرۈمچىگە كېلىپ تەربىيىلەش ئۆمىكى ئاچقان مالىيە، باج، بوغالتىرلىق كۇرسىدا تەربىيىلەندى. شۇ چاغدا خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىق

دەستىدىن ناھايىتى قىممەتلاشقان، سودا - سانائەت خارابلاشقان، يېزىلار خانىۋەيران بولغانىدى، شۇڭا ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجىنى يىغىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، چاڭ جىجۇڭ بىر تەرەپتىن مەركەزدىن مالىيە ياردەم تەلەپ قىلسا، بىر تەرەپتىن ئىچكى ئۆلكىلەردىن زور مىقداردا چاي، شېكەر، گەزلىمە ۋە كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئەكەلدۈردى ھەمدە نۇرغۇن قەغەز پۇل تارقاتتى. شىنجاڭ ئەينى چاغدا مەملىكەت بويىچە باج - سېلىق بىكار قىلىنغان بىردىنبىر ئۆلكە ئىدى. 1947 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ 16 تۈرلۈك باج ئېلىش بەلگىلەندى، باج نىسبىتى بۇرۇنقىدىن تۆۋەنلىتىلدى. ئالايلۇق، دېھقانچىلىق بېجى باشقا ئۆلكىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە 10% دەپ بەلگىلەنگەن بولسا، شىنجاڭدا تەخمىنەن 3% قىلىپ بەلگىلەندى؛ تىجارەت بېجى ئەسلىدە ئومۇمىي كىرىمدىن 3% باج ئېلىنغان بولسا، ئەمدىلىكتە 1.5 پىرسەنتكە چۈشۈرۈلدى؛ تىجارەت گۇۋاھنامىسى بېجى ئەسلىدە بىر پەسىلدە 2% بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە بىر يىلدا 0.005 پىرسەنتكە چۈشۈرۈلدى؛ چارۋىچىلىق بېجى ئەسلىدە 6% بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە 2 پىرسەنتكە چۈشۈرۈلدى؛ تۇياق بېجى: چوڭ چارۋىلاردىن ئېلىنىدىغان باج ئەسلىدە 3% بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە 1.5 پىرسەنتكە، كىچىك چارۋا بېجى ئەسلىدە 5% بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە 2.5 پىرسەنتكە چۈشۈرۈلدى؛ قان (قاسساپلىق بېجى) ئەسلىدە 6% بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە 5% پىرسەنتكە چۈشۈرۈلدى. بۇلاردىن باشقا يەنە يەر خېتى بېجى، يەر بېجى (يەر باھا بېجى، 2% باج ئېلىناتتى)، ئۆي بېجى (دۇكان قىلىشقا ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆيدىن 2%، ئولتۇرۇشقا ئىجارىگە بەرگەن ئۆيدىن 10% ئىجارە ئېلىناتتى)، زىياپەت بېجى (20% باج ئېلىناتتى)، ماركا بېجى، گۇۋاھنامە ئىشلىتىش بېجى قاتارلىق ئالتە تۈرلۈك باجنىڭ نىسبىتى ئۆزگەرتىلمىدى، ئۈچ تۈرلۈك باجنىڭ نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى: ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش بېجى، خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقتىكى ئورمانلاردىن ئېلىنىدىغان باج ئەسلىدىكى 5 پىرسەنتتىن 10

پىرسەنتكىچە ئۆستۈرۈلدى. ھۆكۈمەت باشقۇرۇشتىكى ئورمانلاردىن ئېلىنىدىغان باج ئەسلىدىكى 5 پىرسەنتتىن 8 پىرسەنتكىچە، ھاراق - تاماكا ئالاھىدە بېجى، تاماكا بېجى ئەسلىدىكى 30 پىرسەنتتىن 80 پىرسەنتكىچە، ھاراق بېجى ئەسلىدىكى 15 پىرسەنتتىن 60 پىرسەنتكە ئۆستۈرۈلدى؛ تۇز بېجى، ئىلگىرى بىر جىڭ تۇزدىن بىر كوي باج ئېلىنغان بولسا، ئەمدى ئۈچ كوي ئېلىنىدىغان بولدى.

5. ماناس دەرياسى بويىدىكى مۇداپىئە سېپىنى بىكار قىلىش. تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ھەربىي ئىشلار گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ماناس دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى قوشۇنلارنىڭ چېكىنىشىگە، مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇپ تاشلاشقا نازارەت قىلدى. گومىنداڭنىڭ يېڭى 46 - شى 1 - تۇەننىڭ 1 - يىڭى ماناس شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى تەكشۈرۈش پونكىتىغا، مىللىي ئارمىيە شىخەنزىگە چېكىندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇمچى بىلەن ئىلىنىڭ قاتناش، سودا ئالاقىسى ئەسلىگە كەلدى.

6. ساقچى باشقارمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش. ساقچى باشقارمىسى شېڭ شىسەي دەۋرىدە قۇرۇلغان ئىشپىيونلۇق ئورگىنى بولۇپ، بۇ ئورگان خەلققە قاتتىق زىيانكەشلىك قىلغانىدى. تىنچلىق سۆھبىتىدە، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ سىياسىي ساقچى ئورگىنى - ساقچى باشقارمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، جاڭ جىجۇڭ ئۇرۇمچى ساقچى باشقارمىسىنى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئۇ بېجىرىۋاتقان بەزى ئىشلارنى مالىيە نازارىتىدە بۆلۈم تەسىس قىلىپ، ئاشۇ بۆلۈم بېجىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ساقچى ئىدارىلىرى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى ۋالىي مەھكىمىسى ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنىدىغان بولدى.

7. تەشۋىقات ھەيئىتى قۇرۇش، مالىيە تەپتىش ھەيئىتىنى ئۆزگەر-

تىپ تەشكىللەش. تىنچلىق بىتىمىگە ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپ تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەتكە تاقابىل تۇرۇش مەقسىتىدە قۇرۇلغان خاتىرجەملەندۈرۈش ھەيئىتىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانىدى. 1946 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 23 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا، جاڭ جىجۇڭ خاتىرجەملەندۈرۈش ھەيئىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، تەشۋىقات ھەيئىتىنى قۇرۇشنى، بۇ ھەيئەتكە جاڭ جىجۇڭ، مەسئۇت، ئەخمەتجان، بۇرھانلار يېتەكچى ھەيئەت، ليۇمېڭچۈن مۇدىر، ئەيسا، ئابباسوف مۇئاۋىن مۇدىر بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. مالىيە تەپتىش ھەيئىتىمۇ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، ئابباسوف بۇ ھەيئەتكە مۇدىر بولدى.

8. خەنزۇلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ نىكاھلىنىشىنى مەنئىي قىلىش.

جاڭ جىجۇڭ مۇسۇلمانلار (ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ) بىلەن خەنزۇلارنىڭ نىكاھلىنىشى دائىم دېگۈدەك مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئارازلىقا سەۋەب بولۇپ كەلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا توسقۇنلۇق قىلدى ۋە تەسىر يەتكۈزدى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە، ئۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرى غەيرىي دىندىكىلەر بىلەن توي قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ۋە ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك دەپ قارىدى. شۇڭا 1946 - يىل 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، خەنزۇلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ نىكاھلىنىشىنى مەنئى قىلىش، توي قىلىپ بولغانلارنى سۈرۈشتە قىلماسلىق، ھازىردىن باشلاپ خەنزۇ ئوفىتسېر - جەڭچىلەر بىلەن پۇقرالارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خوتۇن - قىزلار بىلەن نىكاھلىنىشىنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. خەنزۇلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ نىكاھلىنىشىنى مەنئى قىلىش مۇددىئاسى ياخشى بولسىمۇ لېكىن مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئۈرۈمچى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نۇرغۇن جايلاردا ئارقا - ئارقىدىن نىكاھ ماجىرالىرى تۇغۇلدى، بۇنى جاڭ جىجۇڭ ئالدىن ئويلاپ يەتمىگەنىدى.

9. خىيانەتچىلىك، ئەپيۇنكەشلىك، قىمارۋازلىقنى چەكلەش، جالىڭ جىجۇلىڭ خىيانەتچىلىك، ئەپيۇنكەشلىك ۋە قىمارۋازلىقنى «ئۈچ ئاپەت» دەپ ئاتاپ، «ئۈچ ئاپەت» نى چەكلەشنى بىر مەھەل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە تەشۋىقاتنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى قىلىندى. 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، جالىڭ جىجۇلىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى مەيداندا شىڭ شىسەي دەۋرىدە ساقلاپ قويۇلغان 40 مىڭ سەر ئەپيۇننى ۋە 265 مىڭ 300 سەر بەڭنى جامائەت ئالدىدا كۆيدۈرگۈزدى، نۇرغۇن ئەپيۇن غالچىسىنى، ماجاڭنى يىغىۋالدى. ئۈرۈمچىدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىنقىلاش ھەيئىتى تەشكىل قىلىندى. غەربىي شىمال مەھكىمىدىكى، مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى ئورگانلىرىدىكى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئورگانلىرىدىكى، ئارمىيە، مەكتەپلەردىكى بارلىق خادىملارغا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىنقىلاشقا، بۇرۇن زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەككەنلەر چەكلىك مۇددەت ئىچىدە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىشنى تاشلاشقا قەسەم بېرىشكە بۇيرۇق بېرىلدى. جەمئىيەت ئىشلىرى باشقارمىسى ئەپيۇننى چەكلەش ئورنى قۇرۇپ، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەككەنلەرگە چارە - تەدبىر قوللاندى. دۇنخۇاڭ، قارا شەھەر تاغ ئېغىزىدا تەكشۈرۈش ئورنى قۇرۇلدى، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى تېرىش، توشۇش، سېتىشنى چەكلەش جەھەتتە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىلدى.

شۇ چاغلاردا خىيانەتچىلىك، پارا ئېلىش، چىرىكلىك، ئەمەل - مەنسەپنى سېتىش ئەدەپ كەتكەن بولۇپ، يېزا باشلىقلىق ئەمەلىنى 20 - 30 مىڭ يۈەنگە ساتقىلى بولاتتى. ئەمەل مەنسەپنى سېتىۋالغانلار ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، تۆلىگەن پۇلنى تېزلا ئۇندۇرۇۋالاتتى. ھاكىملارمۇ يىل بويى كەيپى - ساپا سۈرۈپ، ھەر دائىم خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلاتتى. پەيزىۋات ھاكىمى شۇي زولىن ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ يەرلىك ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلارغا كۆپ قېتىم ئۆيلەنگەن، ئاخۇن، يېزا باشلىقى، يۈزبېشى، يۇقىرىلارنى سوۋغات قىلىشقا زورلىغان بولۇپ، خەلق ئۇنىڭ ئۈستى-

ـدىن بىرلىشىپ ئەرز سۇنغانىدى. غەللە ـ پاراق يىغىدىغان باجگىرلار چوڭ كۆرىدە ئېلىپ كىچىك كۆرىدە بەرگەندىن باشقا، يەنە دېھقانلار غەللە ـ پاراقنى تۆگەتكەنلىك ھۆججىتىنى ئۆكتەملىك بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىپ، ئۇلا- رنى يەنە ئاشلىق تاپشۇرۇشقا قىستايتتى. باج ئىدارىسىنىڭ بەزى باشلىقلى- رى نەچچە مىڭ دادەن ھۆكۈمەت ئاشلىقىنى ئوغرىلىقچە سېتىۋېتىپ، ئۇرۇش تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىدى، دەپ يالغان مەلۇمات يوللىغان. بەزى ھاكىملار ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق، بىدە، سامان سېتىۋالىدىغان ئورغۇن پۇلى بىلەن سودىگەرچىلىك قىلغان. ئەينى چاغدا بەزى خىيانەتچىلىك ئەنزىلىرى پاش قىلىندى ۋە بۇ ھەقتە ھۆكۈم چىقىرىلدى: مەسىلەن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ سانائەت ئىشلىرى ھەيئىتىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرى ۋاڭ شىشى قاتارلىق ئۈچ كىشى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ 600 مىڭ يۈەنگە خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلدى؛ يېڭىسار ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خۇ جۇنچىن بۇ ئىدارىدىكى باج بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بىلەن شېرىكلىشىپ، تۆرلۈك قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللىنىپ 550 مىڭ يۈەن ئاشلىق پۇلىغا خىيانەت قىلغانلىقى، 2 مىڭ 200 پارچە ئاشلىق يىغقان تالوننىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى، يىغىلغان باج كىرىمىدىن 259 مىڭ 240 نەچچە يۈەنگە، باج بۆلۈمىدىكە- لەرنىڭ 60 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىش ھەققىگە خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

«ئۈچ ئاپەت» شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىجتىمائىي تۈزۈم ئۆزگەرتىلمىسە، «ئۈچ ئاپەت» نى بىر مەھەل پەسكارىغا چۈشۈرگىلى، ئۇنىڭ زىيىنىنى بىر ئاز ئازايتقىلى بولغان بىلەن، ئۇنى تۈپ ئاساسىدىن تۈگەتكىلى بولمايتتى.

# 3 - بۆلۈم ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي پروگراممىلىرى

1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تىنچلىق بىتىمى ۋە ئىككى قوشۇمچە ھۆججەتكە ئىمزا قويۇش تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ غەلىبىلىك ئاياغلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىندى.

تىنچلىق بىتىمىنىڭ 9 - ماددىسىدا ۋە قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ ئىككىنچىسىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى 25 كىشى بولىدۇ، ئۇلاردىن ئون كىشىنى مەركەز بىۋاسىتە ئەۋەتىدۇ. ئالتە كىشىنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ، توققۇزىنى يەتتە ۋىلايەت كۆرسىتىپ مەركەز ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ، دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەركەز ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە يەتتە كىشى (ئۇلاردىن بىرى كېلىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالمىغان) ئەۋەتتى، ئۈچ ۋىلايەت سەككىز كىشى، يەتتە ۋىلايەت ئون كىشى نامزات كۆرسەتتى. 1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى گومىنجېڭفۇ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قوشۇمچە مالىيە نازىرى لۇيۇيۈەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قوشۇمچە مائارىپ نازىرى شۆي لىيەنشى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە تەمىرات نازىرى شى لىنيۇن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قوشۇمچە باش كاتىپ زېڭ شياۋلۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى جۇكۇنتيەن، جاڭ شۈنزى، ھاكىم، ھاشىم، تەي پىڭ، جانىمقان، يۈي دالارنى بارلىق

ۋەزىپىسىدىن ۋە قوشۇمچە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. غەربىي شىمال مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قوشۇمچە ئۆلكە رەئىسى بولدى①.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقا ئەزالىرى تۆۋەندىكىچە:

ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىس: ئەخمەتجان

ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىس: بۇرھان

ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە خەلق ئىشلىرى نازىرى: ۋاڭ زىڭشىەن

مۇئاۋىن نازىر: رىھىمجان

ھەيئەت ئەزاسى: قوشۇمچە تەمىرات نازىرى: مەمتىمىن

مۇئاۋىن نازىر: گوچىيەنجى

ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە مالىيە نازىرى: لۇيۇيۋېن

مۇئاۋىن نازىر: ماتىڭشياڭ

ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە باش كاتىپ: ليۇ مىڭچۇن

مۇئاۋىن باش كاتىپ: ئاببباسوف

سالىس

ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە جەمئىيەت ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى: جاۋ جىيەنفىڭ

مۇئاۋىن باشلىقى: ئىبردەنى

ھەيئەت ئەزاسى قوشۇمچە سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى: دەلىلقان

بۇلاردىن باشقا ھەيئەت ئەزالىرى ئىچىدە يەنە چۇي ۋۇ (ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى)، ئىسھاقجان (ئىلاۋە: ئىسھاقبېك، قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى)، ئىبلىخان تۆرە، ئوسمان، ئەيسا، ئابدۇكېرىم مەخسۇم، جۇڭ دېخۋا، گوۋەن زېلياڭ

① 1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى. دۆلەت مۇداپىئە ئالىي كومىتېتىنىڭ يىغىنى ھەر قايسى جايلاردىكى ھەربىي كومىتېت باشلىقى تورۇشلۇق مەھكىمىلەرنى گومىنجىڭغا قاراشلىق رايونلارنىڭ رەئىسى تورۇشلۇق مەھكىمە دەپ ئاتاشنى قارار قىلدى.

(تېخى كەلمىگەن) لار بار ئىدى.

شۇنچە كۆپ ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ غەلىبىسى بولمىغان بولسا، بىرلەشمە ھۆكۈمەتمۇ بولمىغان بولاتتى.

1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەسمىي قۇرۇلدى. چۈشتىن بۇرۇن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى ھەيئەت ئەزالىرى غەربىي بىنادا ئۆتكۈزۈلگەن ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش قەسەمياد يىغىنىغا قاتناشتى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يۇ يۇرېننى قەسەمگە نازارەت قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇللىرى بولۇپ جەمئىي 1000 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. ئارقىدىن مەيداندا 30 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان تىنچلىقنى تەبرىكلەش يىغىنى، يىغىندىن كېيىن نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. شۇ كۈنى شىنجاڭدىكى ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىلدى ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە تەبرىك تېلېگراممىلىرى ئەۋەتتى. جاڭ جىجوڭ ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن تىنچلىقنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىدا «غۇلجا ۋەقەسىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن ئۆلكىدىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت - ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مەڭگۈ تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرەيلى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىدى، ئۇ ئۆز سۆزىدە ئالدى بىلەن ئۇلۇغ قوشنا دۆلەت - سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ تىنچلىق يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتى، ئارقىدىن «جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش» نى شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك مەڭگۈ تىنچلىقنى ساقلاشنىڭ مىزانى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. جاڭ

جىجۇڭ «غۇلجا ۋەقەسى» تىنچلىق بىلەن ھەل بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭ
«دەۋر بۆلگۈچ قۇرۇلۇش مەزگىلىگە قەدەم تاشلايدۇ» دېدى. شۇ چاغدا،
جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى توغرىسىدا
بىر يۈرۈش تەسەۋۋۇرى بولۇپ، تولۇق ئىشەنچىگە تولغانىدى، يۇقىرىقى
تۆت تۈرلۈك تەشەببۇسمۇ پۈتۈنلەي قۇرۇق شوئار ئەمەس ئىدى. ئۇ يولغا
قويغان بەزى كونكرېت تەدبىرلەر ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھاكىمىيەت باشقۇر-
غانلارنىڭ تەدبىرلىرىگە ئانچە ئوخشىمايتتى. ئۇ گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلار
گۇرۇھى ئىچىدىكى جاھىللاردىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، سىنىپىي جەمئى-
يەتتە ھەر قانداق كىشى ئۆز سىنىپىنىڭ مەۋقەسىدىن ۋاز كېچىپ ئۆز
ئالدىغا ئىش قىلالمايدۇ، مۇقەررەر يۇسۇندا ئۆز سىنىپىنىڭ چەكلىمىسىگە
ئۇچرايدۇ؛ ھەر قانداق بىر تەدبىرنىڭ ئىجراسىمۇ چوقۇم تۈرلۈك ئامىللار-
نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈم بەرمەيدۇ. شۇڭا، جاڭ جى-
جۇڭنىڭ ياخشى ئارزۇسى ۋە تۈرلۈك تىرىشچانلىقى كۆزلىگەن مەقسەتكە
يەتمىدى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، سىياسىي پروگراممىسى
ئېلان قىلىندى، 1946 ـ يىل 4 ـ ئايدا، جاڭ جىجۇڭ يەنە يېڭى ھۆكۈمەت-
نىڭ سىياسىي پروگراممىسىنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىشقا خادىملارنى
بەلگىلىدى، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ، بۇ لايىھە ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەت يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇلدى، ھەيئەت ئەزالىرى بۇ
لايىھىنى ئەستايىدىل، قىزغىن مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئېچىلغان 2 ـ قېتىملىق يىغىنىدا
رەسمىي ماقۇللاندى. جاڭ جىجۇڭ بۇ پروگراممىنى شىنجاڭ تارىخىدىكى
دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي ھۆججەت دەپ ئاتىدى. سىياسىي پروگراممىنى
«تىنچلىق، بىرلىك، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق» دېگەن تۆت سۆزگە
ئىخچاملىغىلى بولىدۇ، ئۇ «پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قى-
لىش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، دېموكراتىك سىياسىينى يولغا
قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆر-

سىتىپ ئۈچ مەسىلەك بويىچە يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش» دېگەننىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى ئىدى. ئەخمەتجان سىياسىي پروگراممىنى ئىجرا قىلىش، تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلغانلىق، كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەزىپە - مەدەنىيەت ئىنقىلابى، مائارىپ ئىنقىلابى، ئىلىم - پەن ياكى تېخنىكا ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىش دەپ كۆرسەتتى. بۇرھان سىياسىي پروگرامما «ھەقىقەتەن شىنجاڭنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئىللەتلىرىنى داۋالايدىغان شىپالىق دورا» دېدى.

سىياسىي پروگرامما سىياسىي، مىللەت، خارجى ئىشلار، ئىقتىساد، مالىيە، قاتناش، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق چوڭ تۈرگە، جەمئىي 86 ماددىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى ئىدى.

بۇ سىياسىي پروگرامما ھەققىدە جاڭ جىجۇڭ 1946 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، غۇلجىدىكى غەربىي باغچىدا ئۆتكۈزۈلگەن 1500 دىن كۆپرەك ھەر مىللەت ۋەكىللىرى قاتناشقان چوڭ يىغىندا «ھەر قانداق قىيىنچىلىقتا دۇچ كېلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر پروگراممىنى يۈزدە يۈز ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم①» دېگەنىدى. شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا سىياسىي پروگراممىنى «يۈزدە يۈز» ئىشقا ئاشۇرۇش زادى مۇمكىن بولمايتتى، لېكىن ئۆلكىنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەزگىلىدە، جاڭ جىجۇڭ يەنە بەزى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى، بۇنىڭدىن مەقسەت شىنجاڭنىڭ «ئىچكىرىگە مايىللىقى» نى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. ئۇ شىنجاڭدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشلاردىن يۇقىرى تۇرىدۇ، چۈنكى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان، مەركەز شىنجاڭنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈپ سانائەت ئاساسىنى قۇرسا، شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىز بىلەن بولغان

① جاڭ جىجۇڭ «شىنجاڭنى پارلاق، مەڭگۈلۈك تىنچلىق يولىغا ماڭغۇزۇشنىڭ بىردىنبىر يولى» مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىل) 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى غۇلجىدىكى ھەر مىللەت ۋەكىللىرىگە بېرىلگەن زىياپەتتە سۆزلەنگەن بېغىشلىما.

مۇناسىۋىتى چەمبەرچاس مۇناسىۋەتكە ئايلىنىدۇ، بۇ شىنجاڭنىڭ ئىستىقبا-لىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بىرقەدەم. لېكىن، ئىقتىسادىي قۇرۇ-لۇش ئېلىپ بېرىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، خەلقنىڭ رايىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈچۈن يەنە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ، دەپ قاراپ، جياڭ جيېشىغا مەسىلىگە چولڭ تەرەپتىن قاراش (شىنجاڭنىڭ «ئىچكىرىگە مايىللىقى» نى قولغا كەلتۈرۈش) لازىم، بېخىللىق (پۇل چىقىرىشقا كۆزى قىيماسلىق) قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ تەكلىپ بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭنى قولغا كەلتۈرۈش مۇھىم پەيتكە بېرىپ قالدى، مەركەز قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلمىسا، كەلگۈسىدە پۈتۈنلەي پاس-سىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىمىز، ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس» دېدى.

سىياسىي پروگراممىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئېلان قىلىنىشى ئاسا-سەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى سىيا-سىي، ھەربىي جەھەتتە زور غەلىبە قازانمىغان بولسا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-بى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرمىگەن بولسا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى تىنچلىق سۆھبە-تىدە خىلمۇ خىل شەكىللەر بىلەن كۆرەش قىلمىغان ۋە تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەن بولسا، 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانمىغان بولات-تى، شۇنداقلا تىنچلىق بىتىمىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن سىياسىي پروگراممىا تۈزۈلمىگەن بولاتتى. جاڭ جىجوڭ دەل مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت ئىشلىرى جەھەتتە بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ ئالدى بىلەن شىنجاڭ سودا شىركىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ خەلق باشقۇرۇشىدىكى غەربىي شىمال سودا ـ سانائەت شىركىتىنى تەشكىللىدى. 1946 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ 4 ـ قېتىملىق يىغىنىدا جاڭ جىجوڭ شىنجاڭ سودا شىركىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قوي-دى. شىنجاڭ سوداشىركىتى ئەسلىدىكى يۇيشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىر-

كىتى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، يۈيشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى شىلىڭ شىسەيىنىڭ خەلقنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان ۋە شىلىڭ جەمەتى گۇرۇھىنىڭ ئۆزىگە بايلىق توپلايدىغان قورالى ئىدى. ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە بۇ شىركەتنى شىنجاڭ سودا شىركىتىگە ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خىيانەتچىلىكنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. شىركەتنىڭ ئىچكى قىسمى چىرىكلەشكەن، ئاساسەن پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان، ئۇنىڭغا تەۋە تارماقلار ئىگىلىك باشقۇرۇشتىن خەۋەرى بولمىغاچقا، نۇرغۇن زىيان تارتقانىدى، شۇڭا بۇ شىركەت خەلققە پايدا يەتكۈزۈش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە خەلقنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان ئورگان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، جاڭ جىجۇڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 133 - قېتىملىق يىغىنىدا بۇ شىركەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى قارار قىلدى. 1946 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، شىنجاڭ كارخانا شىركىتى قۇرۇلدى، جۇڭگۇچىڭدىكى كارخانىچى، پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى لى سۇيەن شىركەتنىڭ باش دىرېكتورلۇقىغا تەكلىپ قىلىندى، جاڭ جىجۇڭ شىركەت مۇدىرىيىتىنىڭ مۇدىرى، تەمىرات نازىرى مۇھەممەت ئىمىن مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. كارخانا شىركىتى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى، سودا شىركىتىگە ئوخشاشلا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى كارخانا ئورنى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پەرقى شۇكى، ئۇ يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش، سېتىشنى مونوپول قىلغاندىن باشقا، كارخانا شىركىتى يەنە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى باشقۇرۇپلا قالماي، ئۆلكە باشقۇرۇشىدىكى بارلىق زاۋۇتلارنىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇردى. 5 - ئايدىن 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە كارخانا شىركىتى ئاياللار سودا سانائەت زاۋۇتى، گۈڭگۈرت كىسلاتاسى زاۋۇتى، مېتال بۇيۇملارنى ياساش زاۋۇتى، سەرەڭگە زاۋۇتى، ئەينەك زاۋۇتى، فارفور زاۋۇتى، شىنىمىن ھۈنەر - سەنئەت زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇتلارنى ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇ چاغدا، شىنجاڭدا مال باھاسى تېز ئۆرلەپ كەتكەچكە، كارخانا شىركىتى ئىسكىلاتتىكى ماللارنى بىر - ئىككى قېتىم تۈگمە قىلىپ ساتتى، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىچكىرىدىن

چاي، شېكەر، گەزلىمە ئەكەلدى، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلغىلى بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كارخانا شىركىتى ئىچكى قىسمىدا تەشكىلىنى تەرتىپكە سالغان بولسىمۇ، خىيانەتچىلىك ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ تۇردى، شۇڭا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ بىر قىسمى بۇ شىركەتنىڭ بۇرۇنقى شىركەتلەردىن پەرقى يوق، ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك دەپ قارىدى، جاڭ جىجۇڭمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، شىنجاڭدا خەلق باشقۇرۇشىدىكى غەربىي شىمال سودا ـ سانائەت شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى قۇرۇلدى. بۇ شىركەتنىڭ باش ئورگىنى لەنجۇدا بولۇپ، شاڭخەي، نەنجىڭ، ئۈرۈمچىدە شۆبىسى بار ئىدى، بۇ شىركەتنىڭ سەرمايىسى 50 مىليارد يۈەن قابى بولۇپ، ھەممىسىنى مەركەز ئاجرىتىپ بەرگەنىدى. بۇ شىركەتمۇ كارخانا شىركىتىگە ئوخشاش دەسلەپتە ئىچكىرىدىن چاي، شېكەر، گەزلىمە قاتارلىق كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىپ، تەننەرخى باھاسى بويىچە ساتتى. كېيىن مەبلەغ ئوبوروتى ۋە تۇشۇشتا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەنلىكتىن، يەنە كېلىپ ئىچكىرىدە ماددىي ئەشيا قىس بولۇپ كەتكەنلىكتىن، تەدرىجىي مال ئۆكسۈپ قالىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

مەدەنىيەت جەھەتتە، غەربىي شىمال مەدەنىيەت قۇرۇلۇش جەمئىيىتى قۇرۇلدى، بۇ جەمئىيەتنىڭ باش ئورگىنى لەنجۇدا بولۇپ، ئۈرۈمچى، شاڭخەي، نەنجىڭلاردا بىر مۇنچە شۆبە تەشكىلاتى قۇرۇلغانىدى. ئۇلار تۆۋەندىكى بەزى ئىشلارنى قىلدى: 1. تەرجىمە خىزمىتى جەھەتتە، ئۈرۈمچىدە تەرجىمە ـ تەھرىر يۇرتى قۇرۇپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا «تەڭرىتاغ رەسىملىك ژۇرنىلى» نى ۋە ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئوبيېكت قىلغان «ئەدەبىي تەرمىلەر»، «ئۆسمۈرلەر بىلىمى»، «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات مەجمۇئەسى» قاتارلىقلارنى نەشر قىلدى؛ 2. ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر، قازاق يېزىقى ئاساس قىلىنغان ئوتتۇرا تىپتىكى باسما زاۋۇتى قۇرۇلدى؛ 3. كىنوچىلىق جەھەتتە، غەربىي شىمال كىنو شىركىتى ۋە بىر نەچچە

سايىرە كىنو قويۇش ئەترىتى قۇرۇلدى. سەييارە كىنو قويۇش ئەترىتى
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭلاردا
مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن بەزى كىنولارنى ۋە ھۆججەتلىك فىلىملەرنى
قويدى؛ 4. مەدەنىيەت مۇلازىمىتى جەھەتتە، سەييارە مەدەنىيەت خىزمەت
ئەترەتلىرى تەشكىللەندى، ھەر بىر ئەترەت ئىككى ئاپتوموبىل، يەتتە
كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار كىنو فىلىملىرىنى، رەسىملەرنى،
خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنى ئېلىپ ھەر قايسى
جايلارغا بېرىپ كىنو قويدى، كۆرگەزمە ئاچتى ۋە نۇتۇق سۆزلەپ تەشۋىقات
ئېلىپ باردى، بەزى دوختۇرخانىلارمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بېرىپ، سەھىيە،
ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىنى ئىشلىدى. غەربىي شىمال مەدەنىيەت تەمىن-
لەش ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۈرۈمچى، لەنجۇدا ئۇنىڭ تارقىتىش پونكىتى
تەسىس قىلىندى، ئۇلار ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى يېڭى
كىتاب - ژۇرناللار بىلەن تەمىنلەپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.
شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنى نەنجىڭ، شاڭخەي، بېيپىڭ، تەيۈەن
قاتارلىق جايلاردا ئويۇن قويۇشقا تەشكىللىدى، ئۇلارنىڭ ئويۇنى ھەر قايسى
جايلاردا ياخشى باھاغا ئېرىشتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىچكى ئۆلكىلەردىن
مۇزىكا ئۆمەكلىرى ۋە داڭلىق پىيانىنوچىلار، ئىسكىرىپكىچىلار، ناخشى-
چىلار تەكلىپ بويىچە شىنجاڭغا كېلىپ ئويۇن قويدى، بۇ خىل داغدۇغى-
لىق كەيپىيات بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان①.

بۇ مەزگىلدە بەزى كىچىك قۇرۇلۇشلار ئېلىپ بېرىلدى، ئالايلۇق،
قوشۇننىڭ ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى ئۆستىڭى،
خۇگيەنچى.سۇ ئامبىرى ياسىلىپ، ئۈرۈمچى يېنىدىكى چىڭگادائخۇ ئەتراپىدا
100 مىڭ ھەربىي ئاشلىق ئېتىزى سۇغىرىلدى. ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى قۇم-
ئېرىق دەرياسىدا پارچىتاش كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى ئېلىپ
بېرىلدى. جاڭ جىجۇڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغاندا

---

① جاڭ جىجۇڭ: «70 يىلىمدىن ئەسلىمە»، 5 - باب، 4 - بۆلۈم.

بۇ قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ، شۇ چاغدا (1947 - يىلى 4 - ئايدا) قۇرۇلۇشتا 60 مىڭ ئادەم ئىشلەۋاتقانلىقىنى، قۇرۇلۇشقا 100 مىليون يۈەن شىنجاڭ پۇلى سەرپ قىلىنغانلىقىنى ۋە 50 مىڭ ماشىنا شاخ - شۇمبا كەتكەنلىكىنى بىلگەن، پارچىتاش كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى چېچىلاڭغۇ (تارقاق) دەريا ئېقىنلىرىنى رەتلەپ، تاشقىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ھەم ئاقسۇ بىلەن ۋەنسۇدىن ئىبارەت ئىككى ناھىيىنىڭ ئاساسلىق تېرىلغۇ يەرلىرىنى قوغداپ قالدى ھەم بۇ دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان ئاۋات ناھىيىسىنى قۇرغاقچىلىقتىن قۇتۇلدۇردى، شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى ئۈچ ناھىيىدىكى 200 مىڭ خەلقنىڭ تىرىكچىلىكىگە پايدا يەتكۈزدى. بۇ قۇرۇلۇش 1947 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى باشلىنىپ شۇ يىلى 6 - ئايدا پۈتتى①.

جاڭ جىجوڭ دەۋرىدە يۇقىرىدا ئېيتىلغان بەزى خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي پروگراممىدا يولغا قويۇلدى دېگىلى بولمايتتى، «يۈزدە يۈز ئىشقا ئاشۇرۇلدى» دېگىلى تېخىمۇ بولمايتتى. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، شۇنداق ئىكەن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن - پەرمانلىرى شىنجاڭدا تولۇق ئىجرا قىلىنىشى تۇرغانلا گەپ، شۇڭا بىر ئۆلكىنىڭ سىياسىي پروگراممىسى گومىنداڭ مەركىزىي ئورگىنىنىڭ بىر تۇتاش قانۇنىنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيتتى. نەچچە مىڭ خەتلىك بۇ پروگراممىدا، خەلققە دېموكراتىيە، ئەركىنلىك بېرىلىدۇ، «خەلقنى قانۇنسىز قولغا ئېلىشقا، نەزەربەند قىلىشقا ياكى جازالاشقا بولمايدۇ» دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە ئېيتىلغان «قانۇن» نى ئېكسپىلاتاتورلار خەلقنى ئېزىش، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقنى قوغداش ئۈچۈن تۈزۈپ چىققان بولغاچقا، ئەكسىيەتچىلەر بۇ «قانۇن» غا ئاساسەن خەلقنى خالىغان چاغدا تۈرمىگە تاشلىيالايتتى. سىنىپىي جەمئىيەتتە دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ئەزەلدىن ئابستراكت

① جاڭ جىجوڭ «70 يىلىمدىن ئەسلىمە»، 5 - باب، 4 - بۆلۈم.

نەرسە ئەمەس، ئۇلاردا كونكرېت سىنىپىي مەزمۇن بولىدۇ، خەلق ئەكسىيەتچى قانۇن - تۈزۈمدىن بىر قەدەم ھالقىسا، دەرھال ھالاكەتكە يولۇقىدۇ، قولغا ئېلىنىپ سوراققا تارتىلىدۇ، ھەتتا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدۇ. شۇڭا سىياسىي پروگراممىدا «قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى قاتتىق يولغا قويۇش، خەلقتە قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك» دېپ بەلگىلەنگەن. خەلق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قانۇن - تۈزۈمگە ئەمەل قىلسا ئەركىنلىك، دېموكراتىيىدىن مەھرۇم بولاتتى، ئەلۋەتتە. يەنە مەسىلەن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جۇڭگونىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى زادىلا ئېتىراپ قىلماي، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ چوڭ - كىچىك جەمەتلىرى دەپ ئاتىغان تۇرسا، مىللەتلەر باراۋەرلىكى دېگەندىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟ پروگراممىدىكى باشقا تەسەۋۋۇرلارنى، ئالايلۇق، خارجى ئىشلار، ئىقتىساد، مالىيە، قاتناش، مائارىپ، سەھىيە، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەسەۋۋۇرلىرىنىمۇ شۇ ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا ئىشقا ئاشۇرۇش تەس ئىدى. مائارىپنى ئېلىپ ئېيتساق، شۇ چاغدا ئۆلكە بويىچە ساۋاتسىزلارنىڭ سانى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 80 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن مائارىپنىڭ نەقەدەر خارابلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ[①]. شۇ چاغدا شىنجاڭدا ئالىي بىلىم يۇرتى ھېسابلىنىدىغان شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئاران ئالتە چوڭ پارچە كىتاب بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىكلىرىمۇ كەمچىل، كىتاب - ژۇرناللارنى ئارىيەتكە ئېلىپ كۆرۈش ناھايىتى تەس ئىدى. مەكتەپ بويىچە ئۈچ فاكۇلتېت (جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، تۇپراق، ئورمانچىلىق قۇرۇلۇش فاكۇلتېتى، پېداگوگىكا فاكۇلتېتى)، ئالتە سىنىپ بولۇپ، بىر سىنىپتىكى قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى جەمئىي 30 غا يەتمەيتتى، ئوقۇتقۇچىلار كەم، لاياقەتلىك پروفېسسورلار چاغلىقلا بولۇپ، سۈپىتىمۇ تۆۋەن ئىدى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ

---

① «نۆۋەتتىكى مائارىپ ئىشلىرىغا نەزەر»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 35 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى سانى.

ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سۆپىتى تېخىمۇ تۆۋەن بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئو-
قۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى لاياقەتسىز ئوقۇتقۇچىلار ئىدى.
خارجى ئىشلارنى ئېلىپ ئېيتساق، سىياسىي پروگراممىغا «جۇڭگو -
سوۋېت ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش»، «جۇڭگو بىلەن
سوۋېتنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - پەن ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرۇش» قاتار-
لىق ماددىلار كىرگۈزۈلگەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىڭشىسيا ۋە قۇمۇلدا
قېپقالغان ۋولفرام، قەلەي، چاي، قوي يۇڭى قاتارلىق تەخمىنەن 3100
توننا ماددىي ئەشياسىنى يۆتكەپ كېتىشىگە ياردەم بېرىلگەن، جۇڭگو -
سوۋېت ھاۋا قاتناش كېلىشىمى ئىمزالانغان (1949 - يىلى 5 - ئايدا بۇ
كېلىشىمنىڭ مۇددىتىنى يەنە بەش يىل ئۇزارتىش قارار قىلىندى)، ئۇ-
رۇمچىدىكى جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ پائالىيىتى ئەسلىگە
كەلتۈرۈلگەن، رۇس (گۇيخۇا) مەدەنىيەت ئاقارتىش جەمئىيىتى ئەمەلدىن
قالدۇرۇلۇپ، سوۋېت مۇھاجىرلىرى ئۇيۇشمىسى تەشكىللەنگەن،
جۇڭگو - سوۋېت - شىنجاڭ سودىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق سۆھبى-
تى ئىلگىرى سۈرۈلگەن، ئامېرىكا ھەربىي ئايروپىلانلىرىنىڭ شىنجاڭغا
«ساياھەت» كە كېلىشى چەكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى
بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋىتى بەنىلا نەنجىڭ تەرەپنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ
ئىچكى قىسمىدىكىلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىدى. يەرلىكتىكى قوشۇنلار-
نىڭ كوماندىرلىرى ۋە كونسېرۋاتىپلار كۆپ قېتىم جېدەل - ماجىرا تۇغدۇ-
رۇپ، سوۋېتكە قارشى دولقۇن قوزغىدى. ئۈرۈمچى، قەشقەرلەردە سوۋېت
كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى
ۋە يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىشىغا يول قويماسلىق، سىرتقا چىققان سوۋېت
كونسۇلخانا خادىملىرىنى خورلاش، ھەر مىللەت خەلقىنى سوۋېت كونسۇلخا-
نىسىغا ئىشلەپ بېرىشكە يول قويماسلىق ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ تۇردى.
مەركەز سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياسىتىنى زادىلا قوللى-
مىغاچقا، جاڭ جىجۇڭ ناھايىتى ئوڭايسىزلاندى، ئۇ: «مەن چېگرا رايونىغا
نىسبەتەن جاۋابكار ئادەم، يەنە كېلىپ شىنجاڭ مەسىلىسى سوۋېت ئىتتىپا-

قى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىراق، دىپلوماتىيە فاڭجېنى جەھەتتە نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بىردەك بولالمىدىم. ئاساسلىق مەسئۇل تارماقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدىم، بۇ ھەل قىلىش ئەڭ قىيىن زىددىيەت ئىدى»[1] دېگەنىدى. سىياسىي ئامىلنى قويۇپ تۇرۇپ، ئادەم كۈچى، مەبلەغ جەھەتتىن ئېيتقاندا پۇل نەدە؟ ئىختىساسلىق كىشىلەر نەدە؟ جاڭ جېجۇڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە مەمۇرىي پالاتانىڭ باشلىقى سۇڭ زىۋېن بىلەن نەنجىڭدا ئىككى قېتىم سۆھبەتلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككى قېتىملىق سۆھبەتتە «ھازىر يۈرەكتە كېسەل بار، ئاۋۋال يۈرەكنى قۇتقۇزۇش زۆرۈر، چېگرا رايون بولسا، پۇت - قول، كارايىتى چاغلىق[2]» دېگەن جاۋابقا ئېرىشتى. شۇڭا، تۆت مىڭ خەتكە يېقىن بۇ سىياسىي پىروگراممىدا كىشىلەرنىڭ ياخشى ئارزۇسى سۈپىتىدە تارىخىي سەھىپىدىن ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ ھۆججەت ئىدى. ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كەلگۈسىدە بولغان ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، شۇنداقلا ئۇ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە سىياسىي دەرسلىك ئىدى، ئۇ خەلق ھوقۇقسىز ئورۇندا تۇرغان، زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراۋاتقان، ھاكىمىيەتنى يەنىلا جاھانگىرلىك، فېئودالىزم، بيۇروكرات، كومپرادور بۇرژۇئازىيە چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا، ھەر قانداق ياخشى پروگراممىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

① جاڭ جېجۇڭ «70 يىلىمدىن ئەسلىمە»، 5 باب، 5 - بۆلۈم.

② جاڭ جېجۇڭ: «نۆۋەتتىكى شىنجاڭ مەسىلىسىگە قارىتا تۈپ كۆز قارىشىمىز ۋە پوزىتسىيىمىز»، مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىل) 3 - ئاينىڭ 30 كۈنى مەمۇرىي مەھكىمىدە ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭنىڭ مەمۇرىي، ھەربىي مەسئۇل كادىرلىرىغا بېرىلگەن دوكلات.

# ئون بىرىنچى باب

## بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى كۈرەش ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ يىمىرىلىشى

### 1 - بۆلۈم بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى كۈرەش

تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغانلىقى ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى، كۈرەشنىڭ ئاياغلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنقىلاب بىلەن ئەكسىلئىنقىلاب ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، يېڭى دەۋردە ئىلگىرىكىگە ئوخشاشمايدىغان كۈرەش شەكلى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدا، ئاساسلىقى قوراللىق كۈرەش بولدى دېيىلىدىغان بولسا، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى كۈرەشنىڭ شەكلى ئاساسلىقى قورال - ياراغ ئىشلىتىلمىگەن سىياسىي كۈرەش بولدى. بۇنداق كۈرەشتە توپ- زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغى-

لى، ئۇرۇشنىڭ ئىس - تۈتەكلىرىنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ
تېخىمۇ كەسكىن، مۇرەككەپ ھايات - ماماتلىق كۈرەش ئىدى. كۈرەشنىڭ
ماھىيىتى شۇكى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يالغان تىنچلىق، بىر-
لىك، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق شوئارى ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى
ھاكىمىيىتىنى يوقىتىشنى قەستلەيتتى؛ ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى بولسا
بىتىمى ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن ئىبارەت بۇ قانۇنىي ئورگاندىن پايدىلى-
نىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئىنقىلا-
بىي ھاكىمىيەتنى قوغداشنى ھەمدە ئىنقىلابنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىر-
نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى يەتتە ۋىلايەتكە كېڭەيتىشنى ئويلايتتى. بۇ
كۈرەش بولۇپمۇ قوشۇن مەسىلىسى ۋە سايلام مەسىلىسىدە ئالاھىدە گەۋدى-
لىك ئىپادىلەندى.

تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ بىرلىكتە
ر نەچچە كىچىك گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنلىرىنى ئۆز-
رتىپ تەشكىللەش ۋە ئۇلارغا تەمىنات بېرىش، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى
ئۈچ ۋىلايەت چېگرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مەمۇرىي ئور-
گانلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆز ۋىلايەتتە مەركەزنىڭ ئورگانلىرى-
نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، شىنجاڭ بويىچە ئەمىر -پەرمان، پۇل تۈزۈمىنى
بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن قاتناش ئالاقىسىنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كېڭەشتى ھەمدە كېلىشىم ئىمزا-
لاشقا تەييارلاندى. لېكىن، بۇ مەسىلىلەر باشتىن ئاخىر ھەل بولمىدى،
ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، گومىنداڭ
ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسىتى يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەسىلىلەر ئۈستىدە كېلىشىم
ھاسىل قىلىش ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھاكىمىيىتىنى ئەمەلدىن
قالدۇرۇشقا ئورۇنۇش ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئىسسىق
قانلار بەدىلىگە كەلگەن ئىنقىلاب مېۋىسىنى ئەلۋەتتە ئۆتكۈنۈپ بېرەلمەيتتى،
شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەتنى مۇستەھكەم كونت-
رول قىلىپ، ئەدلىيە، پوچتا - تېلېگراف، تاموژنا قاتارلىق ئىشلارنى

ئادەتتە ئۆزلىرى باشقۇردى، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ناھىيىلەرنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقىسى بولمىغاچقا، گومىنداڭ ئەمىر - پەرمانلىرى ئۈچ ۋىلايەتتە ئىجرا قىلىنمىدى، گومىنداڭ قوشۇنى ئۈچ ۋىلايەتكە كىرەلمىدى، بارلىق ئەھۋال ئاساسەن 1945 - يىلى 9 - ئايدىن بۇياقىدەك بولدى. بۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىش نامى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىنى يوقىتىش سۇيىقەستىنى بەربات قىلىۋەتتى.

قوشۇن مەسىلىسىدە، گومىنداڭ تەرەپ مىللىي ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئارقىلىق ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇش، ئۈچ ۋىلايەتتىكى قوراللىق كۈچلەرنى چەكلەش ھەمدە پۇرسەت يار بەرگەندە ئۇنى يوقىتىش غەرىزىدە بولدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بولسا، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە قەتئىي قارشى تۇردى. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ھەربىي قوشۇن مەسىلىسىدىكى پوزىتسىيىسى قەتئىي ئىدى، ئۇلار ھەربىي ھوقۇقنى تاپشۇرۇشقا زادى بولمايدۇ، ئۇنداق قىلىش پۇت - قولىنى چۈشەپ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنگە باراۋەر دەپ قارايتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈزلۈكسىز تۈردە قوشۇننى كۆپەيتتى ھەمدە يەرلىك باندىت ئوسماننىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇشى ۋە ھۇجۇمىنى قوللىدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتىدىن ئالغاندا 1946 - يىلى 6 - ئايدىن باشلاپ، جياڭ جيېشى تىنچلىق كېلىشىمىنى يىرتىپ تاشلاپ ئازاد رايونلارغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىغانىدى. ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغان ئەھۋالدا، شىنجاڭدا تىنچلىق ئۇزاققىچە داۋاملىشالمايتتى. بۇ خىل رېئاللىققا ئاساسەن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ھەربىي كۈچلەرنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇ، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، دەپ ھېسابلىدى. تىنچلىق بىتىمىنىڭ قوشۇمچە 2 - ھۆججىتىدىكى، ئۈچ ۋىلايەت ئالتە پولكىلا ھەربىي قوشۇن ساقلايدۇ ھەمدە گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ھەربىي تۈزۈلمىسى بويىچە قايتىدىن ئۆزگەرتىلىدۇ، دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئەينى چاغدا غەربىي شىمالىي مەمۇرىي رايون قوماندانلىق شتابىنىڭ باشلىقى سۇڭ شىليەن، شىنجاڭ گارنىزور-

نىڭ قوماندانى تاۋسىيۇ، شىنجاڭ تەمىنات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خاۋجىياجۇن، غەربىي شىمالىي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى لۇكەيجىيا قاتارلىقلار بۇيرۇققا بىنائەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەربىي قوماندانى ئىسھاقبېك بىلەن كۆپ قېتىم كۆرۈشكەن ۋە مەسلىھەتلەشكەن بولسىمۇ، قىلچىمۇ ئەمەلىي نەتىجىسى بولمىدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ھەربىي قوشۇننى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرەلمەيتتى، مىللىي ئارمىيە كۆك ھەربىي كىيىم كىيگەن، شەپكىسىگە ئاي بەلگىلىك كاكار تاقىغان. ئاستى كۆك، ئۈستى ئاي شەكىللىك بايراق كۆتۈرگەنىدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ قوشۇننى ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرۇشىدىكى يەنە بىر ئاساسلىق سەۋەب، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يەرلىك باندىت ئوسماننىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلىشىنى قوللاۋاتاتتى. ئوسماننىڭ ھۇجۇمىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ئۆزىنىڭ قوراللىق قوشۇننى ساقلىشى زۆرۈر ئىدى. جاڭ جىجۇڭ بۇ ئەھۋال ئۈستىدە مۇنداق دېگەنىدى: «ئەسلىدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ دەسلەپتە ئىمزالانغان تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىش سەممىيىتىنى كۆرسىتىپ بەزى تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما ئالتاي مەسىلىسى يۈز بەرگەنلىكتىن، بارلىق ئىش قاتماللىققا چۈشۈپ قالدى»①.

گومىنداڭ تەرەپ بىر تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەتتىن قوشۇننى قىسقارتىشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەربىي تەييارلىقنى كۈچەيتتى، تىنچلىق سۆھبىتى باشلانغاندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يوشۇرۇن تۈردە قوشۇن يۆتكەپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى. 1945 - يىل 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى، ماناس، قۇتۇبى ئۇرۇش لىنىيىسىدە ئون تۈمەن ئاتلىق ئەسكەر ۋە ئون تۈمەن پىيادە ئەسكەر توپلىدى. ۋۇجۇڭشىن قىلچە

① جاڭ جىجۇڭ: «نۆۋەتتىكى شىنجاڭ مەسىلىسىگە قارىتا تۆت كۆز قارىشىمىز ۋە پوزىتسىيىمىز» مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىل) 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مەمۇرىي مەھكىمىدە ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ مەمۇرىي، مەسئۇل كادىرلىرىغا بېرىلگەن دوكلات

يوشۇرماستىن بۇنچىلىك كۆپ ئاتلىق ئەسكەر تۈەنىنىڭ بىر ئورۇش لىنىيە-
سىگە توپلىنىشى، جۇڭگو يېقىنقى زامان ئورۇشلىرىدا ھەقىقەتەن كۆپ
چېلىقمىغان دېگەنىدى①. بۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر چىڭگىلدىن يۆتكەپ كېلىن-
گەم، جۇڭنىڭ جۇڭجاڭى ماجېڭشياڭنىڭ ئاتلىق 5 - جۈنى ئاساس قىلىنغان
بولۇپ، جەڭگىۋارلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك ئىدى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە
ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1946 - يىل 9 - ئايدا سۇڭ شىلىيەن
مەخسۇس ئايروپىلاندا نەنجىڭگە باردى، ئۇ جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈپ،
شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى تولۇقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. باش
شتاب باشلىقى خې يىڭچىن 15 مىڭ ئەسكەر تولۇقلاپ بېرىشكە قوشۇلۇپ
تەستىق چۈشۈردى. ئۇلار ئالدى بىلەن تۆت چېگرا ئەترىتى بولۇپ تەشكىل-
لىنىپ، بىر ئاپتوموبىل تۈەنى (تەخمىنەن 300 دىن ئارتۇق ئاپتوموبىلدىن
تەركىب تاپقان) بىلەن شىنجاڭغا ئەۋەتىلدى ھەمدە 3000 ئات ۋە بىر
قىسىم قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلەندى②. 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يەنە
جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز سىستېمىسىدىن بولمىغان تاۋسىيۈنى غەربىي شىمال
ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا يۆتكىۋېلىپ، سۇڭ
شىلىيەننى شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى.

سۇڭ شىلىيەن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، قوشۇنلارنى قايتىدىن
ئورۇنلاشتۇردى. ئالدى بىلەن ئۆلكە مەركىزىدە تۇرۇشلۇق قوشۇننى كۆ-
پەيتىپ، ئاتلىق 5 - جۈن، ئاتلىق 1 - لۈي (لۈينىڭ لۈيجاڭى خەن
رۇڭفۇ)، 179 - لۈي (لۈينىڭ لۈيجاڭى لۇشۇربېن)، شى گۇەنچۈي
تۈەن، گارنىزون يىڭى قاتارلىق قىسىملارنى ئورۇنلاشتۇردى. ئالدىنقى
سەپكە جايلاشقان ماناسقا 227 - لۈي (لۈينىڭ لۈيجاڭى جۇمىڭگاڭ) نى،
ياردەمچى قوشۇن سۈپىتىدە قۇتۇبىغا يىڭدىن سەپلەنگەن 2 - شى (شىنىڭ
شىجاڭى يې چېڭ) نى، ئالتايدىكى قوشۇنلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن،

① ۋۇجۇڭشىن: «شىنجاڭدا رەئىس بولغان كۈنلىرىمدىن خاتىرە»، سىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىل) 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى

② سۇڭ شىلىيەن: «25 - فېۋرال ۋەقەسىنىڭ سىرى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 - سان، 102 - بەت

گوچۇڭغا ئاتلىق 2 - لۇي (لۇيىنىڭ لۇيجاڭى خېن يۇۋېن) نى، قۇمۇلغا 178 - لۇي (لۇيىنىڭ موۋۇرۇ) نى، تۇرپانغا 231 - لۇي (لۇيىنىڭ لۇيجاڭى تيەن زىمبې) نى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىمۇ كۆپەيتتى. قەشقەرگە جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەرگە يېڭىدىن سەپلەنگەن 42 - شى (جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانى جاۋشىگۇاڭ قوشۇمچە شىنىڭ شىجاڭى ئىدى.)، ئاتلىق 9 - لۇي (لۇيىنىڭ لۇيجاڭى ماپىڭلىڭ)، يەكەنگە ئاتلىق 4 - لۇي (لۇيىنىڭ لۇيجاڭى تاڭ جىگۇەن)، ئاقسۇغا 235 - لۇي (لۇيىنىڭ لۇيجاڭى لى زۇ تاڭ) قاراشەھەرگە 128 - لۇي (لۇيىنىڭ لۇيجاڭى جۇڭ زويىن) ئورۇنلاشقانىدى، ئۇلاردىن باشقا ئارقا سەپ قوشۇنىمۇ بار ئىدى. شۇ چاغدا گومىنداڭ قوشۇنىدا 100 مىڭ ئەسكەر بار دېيىلەتتى (بىر مۇنچە ئوفىتسېرلار ھەربىي تەمىناتنى كۆپ ئېلىش ئۈچۈن قوشۇندىكى ئادەم سانىنى ئارتۇق مەلۇم قىلاتتى).

ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئۆزئارا تىركىشىش ۋە قىسىملارنىڭ بىر قىسىم ئاشلىق تەمىناتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ قوماندانلىق شتابى قارمىقىدا ھەربىي بوز يەر ئېچىش باشقارمىسى تەسىس قىلىندى، ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى چىڭگاداخۇ ئەتراپىدا بوز يەر ئېچىلىپ ھەربىي دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. ھەربىي دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سۇغىرىش ئىشلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مەبلەغ ئاجرىتىلىپ خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىلدى ۋە سۇ باشلاش ئۆستەڭلىرى قېزىلدى. قىش كۈنى ئۇرۇش قىلىش تەلىپىگە لايىقلىشىش ئۈچۈن، شىمالىي شىنجاڭدا قېلىن قار يېغىپ، قاتتىق سوغۇق بولىدىغان ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، 1947 - يىلى قىشتا، سۇڭ شىليەن مەركىزىي ھەربىي مەكتەپنىڭ 9 - شۆبە مەكتىپىدىكى بىر قىسىم تۆۋەن دەرىجىلىك كوماندىرلارنى تايانچ قىلىپ، چاڭغىچىلار قىسمى تەشكىللەندى.

سايلام مەسىلىسىدە، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەشلەر بولدى، سىياسىي پروگراممىنىڭ 5 - ،

6 ـ، 7 ـ ماددىلىرىدا، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزاسى ۋە ھاكىملارنى خەلق سايلاپ چىقىدۇ دەپ بەلگىلەنگەنىدى. شۇڭلاشقا، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت 1946 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، سايلام قانۇنىنى رەسمىي ئېلان قىلىپ، ئۆلكىدە ئۆلكىلىك سايلام تومىتېتى، ناھىيىدە ناھىيىلىك سايلام كومىتېتى، بازار ـ جىڭلاردا شۆبە سايلام كومىتېتى تەسىس قىلىپ ھەر دەرىجىلىك سايلام ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇشنى بەلگىلىدى. سايلام قانۇنىدا، يەنە ناھىيە دەرىجىلىك سايلام، ئۆلكىلىك سايلام كومىتېتى ئەۋەتكەن سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ نازارىتىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزاسى ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ ئاممىۋى چوڭ يىغىنىدا نامزات كۆرسىتىلىپ سايلىنىدۇ، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ھاكىم سايلىنىدۇ، بۇ يىغىنغا ئۆلكىدىن ئەۋەتكەن نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى قاتنىشىشى كېرەك، ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاش ھاكىملارنى سايلاش خىزمىتى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە، شېجېنجۈيلەرگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىر ھەپتە ئىچىدە سايلام كومىتېتى قۇرۇشنى ئۇقتۇردى.

خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ زېڭشەن ئۆلكىلىك سايلام كومىتېتىنىڭ باشلىقلىقىنى، مۇئاۋىن نازىر رېھىمجان مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. ليۇمىڭچۈن، ئاباسوف، سالىس، ئېردەنى، جۇدېخۇالار كومىتېت ئەزاسى بولدى.

سايلام قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، گومىنداڭ تەرەپ چوڭ داغدۇغا كۆتۈردى، 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە «سايلامنىڭ ئۆز مۇددىتىدە تاماملىنىشىنى ئارزۇ قىلىمىز» دېگەن سەرلەۋھىلىك باشماقالە ئېلان قىلىپ، بۇ سايلام قانۇنى «شىنجاڭدىكى دېموكراتىك سىياسىينىڭ ئانىسى» ، شۇڭلاشقا « ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلار، ئۆز كۆڭلىدىكى مۇنەۋۋەر ۋەكىللەرنى ئىمكانقەدەر ئەر-

كىشى سايلاپ چىقىش ئارقىلىق سىياسىيغا ئارىلىشالايدۇ. خەلق ئېھتىياج-
لىق بولغان سىياسەتنى يولغا قويالايدۇ» دېيىلدى. ئەمەلىيەتتە خەلق
زۇلۇم، ئېكسپلاتاتسىيە ۋە قۇل قىلىنىش ئورنىدا تۇرۇۋاتقان جەمئىيەت-
تە، سايلام خەلقنى ئالدايدىغان نەيرەڭۋازلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، يەرلىك-
نىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى، ئايرىم زاتلارنىڭ خېلى چوڭ ئىسلاھاتلارنى يۈر-
گۈزگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ھامان پومېشچىك، باي، ئاخۇن، موللا
قاتارلىق فېئودال ھۆكۈمرانلار ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكى دىندارلارنىڭ قولىدا
ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇلارنى «يۇقىرى تەبىقىدىكى
ئۈچ خىل كىشىلەر» دەپ ئاتايتتى. ئۇلار بىرىنچىسى «يۇقىرى تەبىقىدىكى
دىندارلار» بولۇپ، ئۇلار ئاخۇن، موللىلاردىن تەركىب تاپقان، ئۇلارنىڭ
ئىجتىمائىي ئورنى بىر قەدەر يۇقىرى، نوپۇزى ئۈستۈن ئىدى. ئۇلار تار
مەھكىمىچى، جاھىل بولۇپ، سىياسىي بىلەن دىنىي ئىشلارنى ئايرىماي،
دىن ئارقىلىق سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىۋالاتتى ھەمدە يەرلىك ئەمەلدارلار
بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ تۈرلۈك ئەسكىلىكلەرنى قىلاتتى. گومىنداڭ ھۆ-
كۈمىتى بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بەزى زىددىيەت بولسىمۇ، لېكىن يەنە
ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈش، بىر - بىرىدىن پايدىلىنىش، بىر - بىرىگە
تايىنىش تەرىپىمۇ بار ئىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ بىر ئېغىز سۆزى، كۆپ
ھاللاردا مەمۇرىيەت دائىرىلىرىنىڭ ئەمىر پەرمانلىرىدىن بەكرەك ئۈنۈم
بېرەتتى. سايلام مەزگىلىدە، ئۇلار ياكى سايلامنى كونترول قىلىۋالاتتى،
ياكى سايلىنىپ بولغان ھاكىم، كېڭەش ئەزالىرىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇ-
ۋېتەلەيتتى. قانداقلا بولمىسۇن، تەختكە چىقماقچى بولغان كىشى ئاشۇ
سىنىپنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىشى لازىم ئىدى. ئىككىنچىسى
«يەرلىك زوراۋان» لار، ئۇلاردا پۇل ۋە ھوقۇق بولغاچقا خەلقنىڭ يىلىكى-
نى شورايتتى، بيۇروكرات ئەمەلدارلار، يۇقىرى تەبىقىدىكى دىندارلار
بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلاتتى. شۇڭا، سايلامدا
دائىم ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن كەتمەن چاپقان كىشى ھوقۇق ئىگى-
لەيتتى؛ ئۈچىنچىسى، كىچىك زوراۋانلار، شىنجاڭدا سۇ قىس، ئېنى

چاغدا دەريا - ئۆستەڭلەرنى ميراپ بەگلەر مەخسۇس باشقۇراتتى. ناھىيەلەردە سۇ ئىشلىرى كومىتېتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ميراب بەگنىڭ تىزگىنلىشىدە ئىدى. سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش دېھقانچىلىق ۋە كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى باشقۇرغانغا باراۋەر ئىدى. «يۇقىرى تەبىقەدىكى ئۈچ خىل كىشىلەر» دائىم بىر گەۋدە بولۇۋېلىپ، ئەمەلدارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ سايلامنى كونترول قىلىۋاتقانلىقى، يەنە كېلىپ گومىنداڭنىڭ ھەر قايسى جايلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنى ئۇلار تەرەپتە تۇرۇپ، ھەربىيلەر سىياسىيغا ئارىلاشقانلىقى ئۈچۈن، سايلام خىزمىتى ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا، يۇقىرىلار قانداقمۇ «ئەركىن» سايلام قىلالىسۇن؟ سايلانغان ۋەكىللەر ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالغان تۇرسا، ئۇلاردىن قانداقمۇ «كۆڭۈلدىكىدەك مۇنەۋۋەر ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە زات» لارنى سايلاپ چىققىلى بولسۇن؟ قانداقمۇ «ئۇلار ئارقىلىق خەلق ئېھتىياجلىق سىياسەتنى يولغا قويغىلى بولسۇن؟» ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ گومىنداڭنىڭ نەيرەڭۋازلىق ئىشلىتىپ ئاممىنى ئالداپ ساختىپەزلىك قىلغانلىقىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىدى ھەمدە سايلامدىن ئىبارەت بۇ يېڭى شەكىلدىن پايدىلىنىپ خەلق ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەرنى سايلاپ چىقىشقا تىرىشتى. 1946 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، غۇلجىدا نەشر قىلىنىدىغان «ئىنقىلاب كۈندىلىك گېزىتى» دە: «ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن سايلامغا خەلق قاتناشتۇرۇلغان، ئېغىزدا دېموكراتىك سىياسىينى يولغا قويۇش كۆچەپ توۋلانغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق بەختىنى كۆزلىمەيدىغان بىر قىسىم فېئودال پومېشچىكلار ۋە باي، ئاخۇنلار سايلاندى، ئېكسپلاتسىيىچى سىنىپ قىلىچىنى مەڭگۈ تاشلىمايدۇ، بىز سايلامغا قارشى تۇرمايمىز، ئەكسىچە ئۇنىڭغا قىزغىن ئاۋاز قوشىمىز. لېكىن، بىز ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەرنى سايلاپ چىقىشىمىز لازىم» دېيىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى رەھبەرلىكىدىكى ياشلار تەشكىلاتى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىپ، سايلامنى ھۆددە قىلىۋالغانلارنى يوقىتىشقا، پارا بېرىپ سايلىنىۋالغان ئاخۇن، بەگلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ياكى ئىنقىلابىي

ھەرىكەت قوللىنىپ ئۇلارنىڭ سايلىنىشىنى چەكلەشكە ئىلھاملاندۇردى ۋە
چاقىردى. شۇڭا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ سايلامغا نىسبەتەن ھەم ئەكسىيەتچى-
لەرنىڭ يالغان سايلام ئارقىلىق ئاممىنى ئالداش ماھىيىتىنى ئېچىپ تاش-
لاش، ھەم سايلامدىن ئىبارەت بۇ قانۇنىي شەكىلدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ
كۈچىنى كۈچەيتىش پوزىتسىيىسىنى قوللاندى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئىنقىلابنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە
ۋىلايەتكە كېڭەيتىش ئۈچۈن، ۋالىي ۋە ھاكىملارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق،
مۇھىم ستراتېگىيىلىك رايونلارنى تىزگىنلىمەكچى بولدى. تۇرپان ۋە
جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر ئەنە شۇنداق رايونلاردىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ
مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى سايلاش خىزمىتىگە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئالاھىدە
كۆڭۈل بۆلدى، ئەخمەتجان ئابدۇكېرىم مەخسۇمنى قەشقەرنىڭ ۋالىيلىقىد-
غا، ئابدۇراخماننى «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش تارىخى» دېگەن
كىتابنى يازغان زېڭ ۋېنۋۇنىڭ ئورنىغا تۇرپاننىڭ ھاكىملىقىغا نامزات
كۆرسەتتى، ئابدۇكېرىم مەخسۇم ئاتاقلىق سوۋېتپەرەس زات بولۇپ، شىڭ
شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە ئېلىنغان، ۋۇجۇڭشىن تەختكە چىقىپ قويۇپ
بەرگەندىن كېيىن، قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا
ھېسداشلىق قىلاتتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغان، پەرزەنتلىرىمۇ سوۋېت
ئىتتىپاقىدا ئوقۇغانىدى. ئۇنى قەشقەرگە ۋالىيلىققا تەيىنلەش توغرىسىدىكى
بۇيرۇق ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، قەشقەردە تۇرۇشلۇق قوشۇن يەنە بىر
تەرەپتىكى ئاممىنى كەسكىن قارشى تۇرۇشقا قۇتراتتىدۇ ھەمدە جاڭ جى-
جۇڭغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ ۋەزىپىگە تەيىنلەش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇ-
رۇپ، باشقىدىن ۋالىي تەيىنلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. جاڭ جىجۇڭ ئۇنى
مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان ئۆزى نامزات كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئورنىغا
باشقا كىشىنى تەيىنلەش قولايسىز ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، سوڭ
شىلىيەننى قەشقەرگە بېرىپ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنغا قايىل قىلىش
خىزمىتى ئىشلەشكە، جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ مۇداپىئە
ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتىدۇ. ئابدۇكېرىم مەخسۇم ۋەزىپە

تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتتىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلار تەشكىلاتى قەشقەردە بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا ئەزالىرىنى تېزلىكتە نەچچە مىڭ كىشىگە كۆپەيتتى. ئۇلار دائىم نامايىش ئۇيۇشتۇرۇپ، تەشۋىق ۋەرەقلىرىنى تارقىتىپ، «مەركەزنىڭ قوشۇنى چىقىپ كەتسۇن!»، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قورايلى»، «مىللىي ئارمىيە قورايلى» دېگەن شوئارلارنى توۋلىدى، ئۇلار يەنە دېھقانلارنى غەللە - پاراق تاپشۇرماسلىققا، ھەربىي ئاشلىق سېتىپ بەرمەسلىككە دەۋەت قىلدى. ئۇلار بىلەن شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇن ئوتتۇرىسىدا كىچىك كۆلەملىك توقۇنۇش يۈز بېرىپ تۇردى. سۇڭ شىلىيەن ھۆكۈمەتكە، يەرلىكتە تۇرۇشلۇق قوشۇنغا قارشى بۇنداق ھەرىكەتكە ئىنتايىن ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ، يىغىلغان ئاممىغا ھۆكۈمەت قوشۇنىدا ھەرقانداق توپىلاڭنى تىنچىتالىغۇدەك قۇدرەتلىك كۈچ بار دەپ ئاشكارا پوپوزا قىلدى. كوچادا يەنە بىرى قاتىللىق ئەلپازىدا «كىمكى توپىلاڭ قىلىشقا پېتىنىدىكەن، مەن ئايروپىلاندىن بومبا تاشلاپ ئۈچ سەئەت ئىچىدە كوچانى تۈپتۈز قىلىۋېتىمەن، 3 - دۇنيا ئۇرۇشى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ» دەپ جار سالدى.

ئەخمەتجاننىڭ ئابدۇراخماننى تۇرپاننىڭ ھاكىملىقىغا كۆرسەتكەنلىكى، سۇڭ شىلىيەن بىلەن غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇمېڭچۈننىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. سۇڭ شىلىيەن: «تۇرپان بولسا قۇمۇل ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە قاتنايدىغان يولنىڭ ئېغىزى، مۇھىم ئۆتكەل شۇنىڭدەك دۆلەت ئارمىيىسىنى تەمىنلەيدىغان بازا، شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا مۇشۇنداق مۇھىم بىر ناھىيىگە، ئىلى تەرەپنىڭ ئادىمىنى ھاكىملىققا قويىمىز؟» دېگەن. ليۇمېڭچۈنمۇ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن جاڭ جىجۇڭ ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلماي «بۇ ئەخمەتجاننىڭ تۇنجى قېتىم نامزات كۆرسىتىشى بولغاچقا رەت قىلىشقا بولمايدۇ[1]» دەپ

---

① سۇڭ شىلىيەن: «تۇرپان قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشنىڭ جەريانى». «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 2 - سان، 112 - بەت

قارىدى. 1946 - يىلى 8 - ئايدا ئابدۇراخمان ھاكىم بولغاندىن كېيىن،
تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلار ناھايىتى تېزلىكتە ئىنقىلابىي
كۈچلەر ئەۋج ئالغان رايونلاردىن بولۇپ قالدى. ئابدۇراخمان تۇرپان ناھە-
يىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، ئاممىنى شۇ جايدا
تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ چېقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىشقا ھۆكۈمەتكە
غەللە - پاراق تاپشۇرماسلىققا ئۈندىدى ھەمدە تۇرپاننىڭ جەنۇب تەرىپىدە-
كى سەنباۋ، ئەرباۋلارنى بازا قىلىپ مەخپىي قۇراللىق كۈچ تەشكىللەپ،
ھۆكۈمەت قوشۇنىغا قارشى كۈرەش قىلدى. ئابدۇراخمان يەنە پائال تۈردە
شەرقىي تۈركىستان ياشلار تەشكىلاتىنى ئۇيۇشتۇردى ھەمدە ئەخمەتجاننىڭ
سىياسىي سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئۈزلۈكسىز تۈردە مەخپىي قورال
تەييارلاپ، شارائىت پىشىپ يېتىلگەن ھامان قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييار-
لاندى.

ناھىيىلىك ھەيئەت ئەزاسى ۋە ھاكىملار سايلاپ چىقىلىدىغان سايلاملا-
رنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئون ۋىلا-
يەتكە سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ ناھىيىلىك ھەيئەت
ئەزاسى ۋە ھاكىملارنى سايلاش خىزمىتىگە نازارەت قىلدۇردى، 1946 -
يىلى 10 - ئايدا، نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى ھەر قايسى ۋىلايەتلەرگە
بۆلۈنۈپ ئۆز خىزمىتىگە كىرىشتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سايلام خىزمە-
تى، ھەممىلا جايدا ۋالىي، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قوشۇن ياكى يەرلىك
كونسېرۋاتىپ كۈچلەرنىڭ تىزگىنلىۋېلىشى، توسقۇنلۇقى، نەيرەڭۋازلىق
قىلىشىغا ئۇچرىغاچقا، بۇ خىزمەتنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشقا مۇمكىنچى-
لىك بولمىدى. قەشقەردە، ئابدۇكېرىم مەخسۇم تىنچلىق بىتىمىنى ھىمايە
قىلغان، ئىنقىلابقا مايىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭنىڭ قەشقەردە
تۇرۇشلۇق قوشۇنى ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىپ، يەرلىك
ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ تىرىكى بولۇپ قالدى. قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە-
سىنىڭ ھاكىمى خۇاڭ چىۋۇ خىيانەتچى، ناپاك، بىگۇناھ ئاممىنى قالايمى-
قان قولغا ئالغان ئەمەلدار بولغاچقا ئۇنىڭغا ئاممىنىڭ غەزىپى ئىنتايىن

كۈچلۈك ئىدى، سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى ئۇنى مەنسەپتىن قالدۇرۇۋەتمەكچى بولغاندا، ئۇ شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ جۇنجاڭى ياڭ دېلياڭنىڭ قوللىشى بىلەن تامغىنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى، ئەكسىچە خىزمىتىنى داۋاملىق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئېلان چاپلاپ قارشىلىق كۆرسەتتى، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قوشۇن ئۇنىڭ يول يۈرۈشىگە پىكاپ ئاجرىتىپ بەرگەچكە ۋە ئۇنى قوراللىق مۇھاپىزەت قىلغاچقا، خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتتى. يەكەندىكى لۈيىنىڭ لۈيجاڭى شاڭ چاۋجۇڭ قورال كۈچىگە تايىنىپ جاڭ جىجۇڭنىڭ بۇيرۇقىغا پەرۋا قىلماي①، سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئاپتوموبىللىرىنى تەكشۈردى. گۇرۇپپا ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشكەن ئاممىغا تەھدىت سالدى، يەكەننىڭ ۋالىيسى جۇفاڭگاڭمۇ نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. يەكەنگە قاراشلىق مەكىت ناھىيىسىدىكى سايلامدا مويدىن نىياز ھاكىملىققا سايلانغان بولسىمۇ، ئۇزاق ئۆتمەي جۇفاڭگاڭ ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ يېقىن ئادىمىنى ھاكىملىققا تەيىنلىدى. چۆچەككە ئەۋەتىلگەن نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىدىن تۆيۈيزىپ، كى بىنچۈەن دۆربىلجىنغا بارغاندا ئۆلتۈرۈلدى. بۇلاردىن سايلام مەسىلىسىدىكى كۈرەشنىڭ نەقەدەر كەسكىن بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ھەر قايسى ناھىيىلەردە ئۆلكىلىك، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى ۋە ھاكىمنى سايلاش خىزمىتى 1946 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئاساسەن ئاياغلاشتى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ يەنە ئۆلكە مەركىزى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا تەشكىلات ۋە تەشۋىقات خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن چىڭ تۇتتى. ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە ئەخمەتجان، ئابباسوف قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلغان

① مىنگونىڭ 35 - يىلى (1949 - يىلى) 11 - ئاينىڭ 19 كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»گە بېسىلغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي بۇيرۇقىدا: «ئۆلكىمىز دائىرىسىدە تىنچلىق بىتىمى ۋە سىياسىي پروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلارغا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن دىمەلى - تەرۈز قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە بولۇش لازىم، قونالغۇ، يۆتكىلىش، سەپەر قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىشقا، قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇشقا زادى بولمايدۇ» دېيىلگەن.

ئىنقىلابىي كۈچلەر ناھايىتى جانلىنىپ كەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر مۇنچە ئايانچىلىرى شەھەر مەركىزىگە كەلگەچكە، شەرقىي تۈركىستان ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىمۇ تېزلىكتە كۆپەيدى. ئەخمەتجان ناھايىتى تېزلىكتە ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتتى ھەمدە ئۇنى گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرىدىغان قانۇنىي ئورگانغا ئايلاندۇردى. ئۇيغۇر ئويۇشمىسى دائىم ئۇيغۇر، قازاق ياشلىرىدىن بىر نەچچە مىڭ كىشى قاتناشقان يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ تۇردى، ئۇلارغا تەشۋىق - تەرغىبات يۈرگۈزدى، ئۇلارنى نامايىش قىلىشقا، ھۆكۈمەتكە تەلەپنامە سۇنۇشقا دەۋەت قىلدى، ئۇلارنىڭ شوئارى ۋە تەلىپى ئومۇمەن ئالغاندا مۇنداق: 1. گومىنداڭ قوشۇنى شىنجاڭدىن دەرھال چېكىنىپ كەتسۇن؛ 2. قەشقەر، ئاقسۇدا مىللىي ئارمىيە تەشكىل قىلىنسۇن؛ 3. مەركەزگە قاراشلىق شىنجاڭدىكى ئورگانلار (دىپلوماتىيە، ئەدلىيە، پوچتا، قانۇن ئورگانلىرى قاتارلىقلار) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلسۇن؛ 4. ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي خادىملار، جۈملىدىن ۋالىي، ھاكىملار يەرلىك زاتلاردىن دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلانسۇن ۋە باشقىلار. شۇ چاغدا، جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەيدانىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە بۇ تەلەپلەرنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، ئىككى تەرەپنىڭ زىددىيىتى بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پانتۈركىزمچىلارمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار سەنمىنجۇيىچى ياشلار تەشكىلاتىنى ئويۇشتۇرۇپ ئىنقىلابىي كۈچلەر بىلەن قارشىلاشتى، بۇلارغا قارىتا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىمۇ قايتۇرما زەربە بېرىشكە توغرا كەلدى. سەنمىنجۇيىچى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ شىنجاڭ ياچېيكىسىنىڭ تەييارلىق خىزمىتى 1946 - يىلى باشلانغان بولۇپ، جاڭ جىجۇڭ، سۇڭ شىلىيەننىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئەيسا ئىش بېجىرگۈچى خادىملارنىڭ باشلىقى (گەنشىجاڭ)، جاڭ مىڭچۈن شۇجى بولدى. سەنمىنجۇيىچى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئىش بېجىرگۈچلىرى ئاساسەن

ئىككى گۇرۇھتىكى كىشىلەردىن تەركىب تاپقانىدى. ئۇلارنىڭ بىرسى، پانتۈركىزمچىلار بولۇپ، ئۇلارغا ئەيسا باشچىلىق قىلاتتى، ئۇلارنىڭ سىياسىي نۇقتىئىينەزەرى پانتۈركىست مەسئۇت، مەمتىمىن قاتارلىقلار بىلەن بىردەك ئىدى. بۇلارنىڭ نۇقتىئىينەزەرىدە بىر راۋاجلىنىش جەريانى بولغان، دەسلەپتە، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ئۇلار پانتۈركىزم بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغانلىكى مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلام دىنىدىكى مۇستەقىل دۆلەت قۇرماقچى، ئەمەلىيەتتە شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ جاھانگىرلارغا بېقىنىدىغان قورچاق ھاكىمىيەت قۇرماقچى بولغان. ئۇلارنىڭ سىياسىي نوقتىئىينەزەرلىرى شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن رەت قىلىنىپ، ئۆزلىرى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ياكى چەت ئەللەردە سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇر بولغان. كېيىنچە ئۇلار گومىنداڭنى باشپاناھ قىلىپ نەنجىڭگە يىغىلىشتى، گومىنداڭ، ئاساسلىقى ئۇلارنى شىنجاڭغا قول تىقىشتىكى قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارغا باشپاناھ بولدى، ئۇلار بولسا گومىنداڭغا تايىنىپ ئۆزىنى كۈچەيتىش غەرىزىدە ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ سىياسىي نوقتىئىينەزەرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۆچمەنلىك قىلىش، سىنىپىي كۈرەشكە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا، خەنزۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، جۇڭگو دائىرىسىدە يۇكسەك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىپ «مۇستەقىل بولغاندىن ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ئەلا» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. گومىنداڭ بىلەن ئۇلار ئارىسىدا زىددىيەت (ئاساسلىقى خەنزۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا) بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئەكسىيەتچىلىكتە تامامەن بىردەك بولغانلىقتىن، ئۇلار بىر - بىرىدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا ئۆزئارا تىل بىرىكتۈردى. سەنمىنجۇيىچى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ شىنجاڭ ياچېيكىسىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىلىرى ئارىسىدىكى يەنە بىر گۇرۇھ - جاڭ مېڭچۇن، لياڭ

كىشۇن، چېن لى ۋەكىللىكىدىكى جاھىللار بولۇپ، ئۇلار جالڭ جىجۇڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن مۇرەسسەلىشىش سىياسىتىنى تېز يوققەتكەنلىك، ئارقىغا چېكىنگەنلىك، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايدۇ دەپ ھېسابلاپ، سۇڭ شىلىيەننىڭ ئۇرۇش سىياسىتىنى ھىمايە قىلدى. بىر مەزگىل غۇلغۇلا قىلغاندىن كېيىن، 1947 - يىلى 4 - ئايدا، سەنچىڭتۇەننىڭ شىنجاڭ ياچېيكىسىغا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى رەسمىي قۇرۇلدى، باشقارمىنىڭ ئورنى مەركىزىي ساقچى مەكتىپىنىڭ 3 - شۆبە مەكتىپى بولۇپ، قارمىقىدا تەشكىلات گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى.

تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سەنمىنجۇيىچى ياشلار تەشكىلاتى ھەممىلا جايدا شەرقىي تۈركىستان ياشلار تەشكىلاتى بىلەن قارشىلاشتى، ئادەملىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىپ ھەرىكەتلەندى، ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدىكى نەنلياڭدا ئۈچ ۋىلايەتكە ھېسداشلىق قىلغۇچى ئۇيغۇر ياشلارنى ئۇرۇش ۋەقەلىرىنى دائىم سادىر قىلدى. ئۇلار يەنە ياشلار مۇلازىمەت كوپىراتىپى ۋە ياشلار تىياتىر ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇپ، باشقىلارغا «خەت يېزىپ بېرىش»، «ئىش ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىش»، «تونۇشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەش»، كىنو قويۇپ بېرىش، ئويۇن قويۇپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ياشلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئەيسا سەنچىڭتۇەن تەشكىلاتىنى پانتۈركىزمنى تەرغىب قىلىدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، تەشكىلات نامىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى مەسىلىسىدە، سەنمىنجۇيىچى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ شىنجاڭ ياچېيكىسى دېگەننى شىنجاڭ ياشلار تەشكىلاتى دەپ تەرجىمە قىلغانلىقتىن، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. 1947 - يىلى 9 - ئايدا، سەنچىڭتۇەننىڭ شىنجاڭ ياچېيكىسىغا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى گومىنداڭ پىرقىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى[1].

ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىكىدىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلار تەشكىلاتى-

[1] لى فەنجۇن: «شىنجاڭدىكى يەتتە يىل».

نىڭ پائالىيىتى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە رايونغا كېڭەيدى، 1 - رايون (ئۈرۈمچى رايونى) دىكى تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردا؛ 3 - رايون (قەشقەر رايونى) دىكى قەشقەر يېڭىشەھەر، قەشقەر كونا شەھەر، يوپۇرغا، ئاتۇشلاردا؛ 4 - رايون (ئاقسۇ رايونى) دىكى ئاقسۇ، كۇچا، ئاۋاتلاردا؛ 7 - رايون (خوتەن رايونى) دىكى خوتەن، گۇما، لوپ، قارىقاشلاردا؛ 8 - رايون (قاراشەھەر رايونى) دىكى قاراشەھەردە؛ 9 - رايون (قۇمۇل رايونى) دىكى قۇمۇل، بارىكۆل، ئۆرغۇللاردا؛ 10 - (يەكەن رايونى) دىكى يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە پائالىيىتى كۆرۈنەرلىك بولدى. تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىگە كەلسەك، ئابدۇراخمان تۇرپاننىڭ ھاكىمى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردىكى پائالىيەتلەر تېخىمۇ ئەۋج ئالدى، شۇڭا 1947 - يىلى 7 - ئايغا كەلگەندە، تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى.

جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىتى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىدىن پەرقلىنەتتى. مەسىلەن، ئۇ گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكەن كەسكىن ھەرىكەتلىرىگە نىسبەتەن، پايدىلىق بولۇش، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ئەپۇ قىلىش، تارىخىي مەسئۇلىيەتنى نەزەردە تۇتۇش، باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش، ئازراق زىيان - زەخمەت تارتىسمۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك توغرىسىدا ئىزچىل ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەن. ئۇ تارىختا «شىنجاڭدىكى قېرىنداشلار زۇلۇمغا ئۇچرىغان، بىز ئۇلارغا زور دەرىجىدە ھېسداشلىق قىلىشىمىز، ئۇلارغا ياردەم قولىمىزنى سۇنۇشىمىز لازىم» دېگەن. ئۇ مىللىي باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىپ مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرغان، ئۇ قول ئاستىدىكىلەردىن «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېقىن تۇغقانلىرى جۇڭگودىكى مىللەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر مىللەتلەر قاتارىدا كۆرۈش» نى تەلەپ قىلغان. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋردە، تارىخ، مەدەنىيەت جەھەتتە ئىنتايىن پارلاق تۆھپە ياراتقانلىقىنى مەدھىيىلىگەن. مىڭ يىللاردىن بۇيان ئەكسـ

سىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمى ۋە باشقا شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەي-لىدىن، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى تارىختا ئۆتكەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلاردا ئىكەنلىكىنى ئەس-كەرتكەن. دىپلوماتىيە جەھەتتە ئۇ شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇ-رىسىدا مىللەت، ئىقتىساد جۇغراپىيە جەھەتتىن ئىنتايىن قويۇق مۇناسى-ۋەت بار، شۇڭا مەملىكىتىمىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە مۇنا-سىۋەتنى ساقلىشى زۆرۈر بولۇپلا قالماي، شىنجاڭمۇ «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلىشى كېرەك» دەپ ھېسابلىغان. ئۇ، تەكلىپىدە، مەركەزنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتى بىرلىك ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاش، قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان، بىرلىك دېگىنىمىز دۆلەت مۇداپىئەسى، دىپلوماتىيە، پۇل تۈزۈمى، قاتناش، ئەد-لىيەدىن ئىبارەت بەش ھوقۇقنى دۆلەت تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ باشقا ھوقۇقلارنى شىنجاڭ ئۆزى باشقۇرۇشى كېرەك دەپ قارىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ تەشەببۇسلىرىنى خۇسۇسىي سۆھبەت، ئاشكارا سورۇن، ھەتتا گومىنداڭنىڭ 6 - نۆۋەتلىك 2 - ئومۇمىي يىغىنىدىمۇ ئوتتۇرىغا قويغانىدى①.

جاڭ جىجۇڭنىڭ تەشەببۇسى جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، شۇ بويىچە ئىجرا قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە، مەركەز ۋە يەرلىكتە چەتكە قېقىلىشقا ئۇچرىدى، شۇ چاغدا، «ۋەتەن قۇتقۇزۇش كۈندىلىك گېزىتى» دە «شىنجاڭدىكى كرىزىس» دېگەن تېمىدا ئوبزور ئېلان قىلىنىپ، جاڭ جىجۇڭنىڭ سىياسىگە ئاجىزلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ ھۇجۇم قىلىندى. تيەنجىندە «يىشى گېزىتى» دە مۇخبىر-نىڭ «بىزگە شىنجاڭ كېرەكمۇ، يوق؟» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسى بېسى-لىپ، ئۇنىڭدا جاڭ جىجۇڭنىڭ تىنچلىق سىياسىتىنى «لەگلەك ئۇچۇ-

① جاڭ جىجۇڭ: «70 يىلىمدىن ئەسلىمە» 5 - باب، 1 - بۆلۈم «پۈتۈن ئۆلكىدىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» مىنگونىڭ 25 - يىلى (1946 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى.

رۇش» تەلەپ قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇنىڭغا پوزىتسىيەسى بار. بىر پارچىسى بىلەن رۇش» تەك خەتەرلىك ئۇسۇل، ئاۋادا لەگلەكنىڭ يىپى ئۈزۈلۈپ كەتسە، لەگلەك (شىنجاڭنى دېمەكچى) نىڭ قەيەرگە ئۇچۇپ كېتىشىنى بىلگىلى بولمايدۇ، جۇڭگو چوڭ بىر پارچە زېمىندىن ئايرىلىپ قالىدۇ دېيىلگەن. ماقالىدا يەنە ھۆكۈمران دائىرىلەرگە «بىزگە شىنجاڭ كېرەكمۇ، يوق؟» دېگەن سوئال قويۇلغان. بۇ ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولدى، ۋۇخەن، گۇاڭجۇ، شىياڭگاڭ قاتارلىق جايلا-رىدىكى گېزىتلەرمۇ ئۇ ماقالىنى كۆچۈرۈپ باستى. بۇ جاڭ جىجۇڭ ئۈچۈن بەلگىلىك بېسىم پەيدا قىلدى، شىنجاڭدا ئەينى چاغدا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەرنى بىرتەرەپ قىلىشقا، جاڭ جىجۇڭ ئۆزىنىڭ ئامالسىز قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىدىيە جەھەتتە تەدرىجىي ھالدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تىنچلىق سەممىيىتى پەيتەرسىز ئىكەن دېگەن تونۇشقا كەلدى. بۇ ۋەقەلەر-دىن ئاساسلىقلىرى 1946 - يىل 9 - ئايدىكى چۆچەك ۋەقەسى[①] 1946 - يىل 10 - ئايدىكى تويبوزىڭ ۋەقەسى[②] ۋە 11 - ئايدىكى جىن شۆچىن ۋەقەسى[③] ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، 1946 يىل 11 - ئاينىڭ 26- كۈنى، «شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلاردا يەرلىك مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى-لەرنى ئىشلىتىش چارىسى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. بۇ چارە جەمئىي 21 ماددا بو-لۇپ، مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىل) 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇشنى قارار قىلغان. ئۇنىڭ 2 - ماددىسىدا: ھەر دەرىجە-

① چۆچەك ۋەقەسى دېگىنىمىز - 1946 - يىلى 9 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن بىر تۈركۈم چۆچەكتىكى ئەمەلدارلار قايتىپ كەلگەن-دە، ئۇلار ئىچىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي، ساقچى ئەمەلدارلىرىدىن 35 كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈل-گەنلىك ۋەقەسىنى كۆرسىتىدۇ.

② تويبوزىڭ ۋەقەسى - دۇربىلجىندە يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن دۇربىلجىن ۋەقەسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 1946 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، چۆچەكتە ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرى ۋە ھاكىمنى سايلاش خىزمىتىگە نارازىچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىلگەن گورۇپپىنىڭ باشلىقى، ئالتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى تويبوزىڭ، كاتىپ كى بىنجۇنلەرنىڭ (ئاساسەن قازاقلار تەرىپىدىن) ئۆلتۈرۈلگەنلىك ۋەقەسىنى كۆرسىتىدۇ.

③ جىن شۆچىن ۋەقەسى دېگىنىمىز - 46 - يىل 7 - ئايدا گومىنداڭ گاۋشىاتىسبە 16 - پونكىتىنىڭ ئوچىقۇچىسى جىن شۆچىننىڭ ئۈرۈمچىدىكى نەنلياڭدا ئۆلتۈرۈلگەنلىك ۋەقەسىنى كۆرسىتىدۇ.

لىك مەمۇرىي ئورگانلاردىكى خەنزۇ ئىشچى خىزمەتچىلەر بىلەن مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ نىسبىتىنى يۇقىرىقى چارە يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى يېرىم يىل ئىچىدە ھەر قايسىنى 50 پىرسەنتكە يەتكۈزۈش، يېرىم يىلدىن كېيىن، خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن شتاتتى كەملىگەنلىرى بولسىلا، ئالدى بىلەن مىللىيلاردىن تولۇقلاش، خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ نىسبىتىنى 30 پىرسەنتكە چۈشۈرۈش، مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ نىسبىتىنى 70 پىرسەنتكە يەتكۈزۈش دەپ بەلگىلەنگەنىدى.

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭنىڭ يۇقىرىقى ۋەدىلەرنى بىر تەرەپ قىلىنىشى ۋە يولغا قويغان تەدبىرلىرى ئەيىبلەندى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۇنى بوشاڭ، ئىچكى - تاشقى جەھەتتە بېسىم ئىشلىتىشكە بولىدۇ دەپ ھېسابلىدى، جاڭ جىجۇڭمۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتىمۇ ئاللىقاچان گومىنداڭ تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، جياڭ جيېشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغانلىقى ئۈچۈن، جاڭ جىجۇڭ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش چارىسىنى ئىزدەش يۈزىسىدىن يەنە بىر قېتىم يىغىن چاقىردى.

1946 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە جياڭ جيېشى نەنجىڭدا قۇرچاق مىللىي قۇرۇلتاي (گومىنداخۇي) چاقىرىپ، قۇرچاق ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىقتى. شىنجاڭدىن 18 ۋەكىل بۇ قۇرۇلتايغا قاتناشتى. ۋەكىللەر ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئەخمەتجان، ئاباسوف، ئەنۋەر سالىجان، خەمىت، ئابلىھەت مەخسۇم، كېرىمھاجى، زىيا قاتارلىق يەتتە كىشى، يەتتە ۋىلايەت تەرەپتىن ئەيسا، مۇھەممەت ئىمىن، جياۋ جەنفېڭ، چاۋجاپ (موڭغۇل، كىشىلەر چاۋجىنىڭۋۇ دەپمۇ ئاتايتتى، شىنجاڭ قىزلار شۆيۈەنىدە ئوقۇغان خەنزۇچە ئىسمى خۇشۇفىن، ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ۋاڭلىق ئورنىغا ۋارىس بولغان)، ۋۇجىڭبىڭ، خادىۋاڭ، ئامىنە (مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئايالى)، نادۇرابۇد (موڭغۇل، قارا شەھەرنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى)، ماگويى، چىن شىخاۋ، جاڭ فىڭجۇ

قاتارلىق 11 كىشى بار ئىدى. ئابباسوف ئەنجىگىدىكى مەزگىلدە، جۇڭگو
كومپارتىيىسىنىڭ ۋەكىلى يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۈچ
ۋىلايەت بىلەن پارتىيىمىز ئوتتۇرىسىدا تۇنجى قېتىم ئالاقە ئورنىتىپ، ئۈچ
ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئارىسىدا پارتىيىمىز بىلەن تۇنجى قېتىم ئالاقىلاشقان
كىشى بولۇپ قالدى.

جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ ئەنجىگە
كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ 12 - ئاي ئىچىدە گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇ-
رىي مەسئۇللىرىنى يېڭى بىنا (شىندالو) غا يىغىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بىغا تاقابىل تۇرۇش چارىسىنى مۇزاكىرىلەشتى. بۇ يىغىنلار جاڭ جىجۇڭ-
نىڭ شىنجاڭنى تۈزەش تەدبىرلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆر-
سەتتى. مۇزاكىرە ئارقىلىق، ليۇ مېڭچۈن، لياڭ كېشۈن (شىنجاڭ گارنى-
زون قوماندانلىق شتابى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)، شىيې يۈڭسۈن،
ياڭ كى (شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ نازارەتچىسى، شىيې يۈڭسۈن
ئۆلكەندىن، كېيىن پىرقە باشلىقى ۋە شىنجاڭدىكى جۇنتۇڭ ئىشپىيونلىرى-
نىڭ مەسئۇلى بولغان)، يۈي ۋېنشۈەن، جاۋتىيېسى (شىنجاڭ گارنىزون
باش شتابىنىڭ ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى شىنجاڭدىكى جۇن-
تۇڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ مەسئۇلى) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان مەخسۇس
گۇرۇپپا تەشكىل قىلىندى، ليۇمېڭچۈن ئۇلارنى يىغىپ تۆۋەندىكىدەك
كونكرېت چارە تۈزۈپ چىقتى. 1. ئۆلكىلىك پىرقە، گارنىزون شتابىنىڭ
سىياسىي بۆلۈمى، «شىنجاڭ گېزىتى» تەشۋىق - تەرغىباتنى كۈچەيتىشكە
مەسئۇل بولۇش، تىنچلىق بېتىمىنى تەشۋىق قىلىشتىن پايدىلىنىپ ئۈچ
ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدە بولۇۋالغانلىقىغا قارشى تۇرۇش، «شەرقىي تۈركىستان
جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش» ھەرىكىتىنى قاتتىق ئەيىبلەش؛ 2. ھەر قايسى
مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيەتلىرىدىن پايدىلى-
نىپ، ھەر مىللەتتىن كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ ئۈچ ۋىلايەت كۈچلىرى بىلەن
قارشىلىشىش، بىر مەزگىل، خەنزۇ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى، خۇيزۇ مەدە-
نىيەت ئۇيۇشمىسى، قازاق مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى، موڭغۇل مەدەنىيەت

ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيىتى ئەۋج ئالدى، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشسا، باشقا مىللەتلەرگە ياشاش ئىمكانىيىتى قالمايدۇ، دېگەننى نۇقتىلىق تەشۋىق قىلدى؛ 3. «شىنجاڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى» نى تەشكىللەش ۋە مائارىپ ساھەسىدىكى كۈچلەر ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇردى، شىنجاڭ شۆيۈەن، پېداگوگىكا مەكتىپى، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىقلارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئۇيۇشمىغا ئەزا قىلدى، مائارىپ ساھەسىدىكىلەر ئارقىلىق ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قولغا كەلتۈردى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە، جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ تەرەپ ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ كۆپ سانلىق ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنى ماقۇللىتىشقا چارىسىز قىلىپ قويدى ھەمدە ھەيئەتلەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەر ئالدى بىلەن كاتىبات باشقارمىسىنىڭ تەرجىمە قىلىپ رەتلەپ چىقىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ دەپ بەلگىلەندى، بۇنداق قىلىش، ئەمەلىيەتتە ئالدى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى تۈزۈش ئۈچۈن ئىدى. بەزىدە ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ماقۇللىغاندىن كېيىن، يەنە غەربىي شىمال مەمۇرىي رايون مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشى كېرەك ئىدى، مانا مۇشۇنداق «كېچىكتۈرۈپ بىجىرىش» ئارقىلىق بەزى تەكلىپلەر بىر چەتكە تاشلاپ قويۇلدى.

## 2 - بۆلۈم «25 - فېۋرال» قانلىق ۋەقەسى ۋە جاڭ جىجۇڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشى

1947 - يىل 1 - ئايدا، جاڭ جىجۇڭ نەنجىڭغا بېرىپ جياڭ جيېشىغا تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىش جەريانى ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆ-

كۆمەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى دوكلات قىلدى. جاڭ جىجۇڭنىڭ قىلغانلىرى، جياڭ جيېشىنىڭ مۇگەييەنلەشتۈرۈشى ۋە ماختىشىغا ئىگە بولدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تىنچلىق كېلىشىمىگە غەرەزلىك ھالدا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقتىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرەپنىڭ تېخىمۇ چوڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. شۇڭا، ئۇلار قايتۇرما ھۇجۇمغا تەييارلاندى. ئەينى ۋاقىتتىكى مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت مۇنداق ئىدى: ئامېرىكا جياڭ جيېشى بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، جۇڭگونى يەنىمۇ مۇستەملىكە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانلىقتىن، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردىكى خەلقلەر ئىتتىپاقلىشىپ ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى باتۇرانە كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. 1946 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 12 - ئاينىڭ بېشىغىچە شاڭخەيدىكى يايمىچىلار قوزغىلىپ كۈرەشنى قانات يايدۇردى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، پۈتۈن مەملىكەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى پارتلىدى. 500 مىڭدىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى جياڭ جيېشىغا قارشى ھەرىكەتكە قاتناشتى. بۇ خەلق ئىنقىلابىنىڭ ئىككىنچى ئۇرۇش سېپىنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى. شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرەپنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈچى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى.

ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ مەقسىتى، قانۇنىي كۈرەش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى گومىنداڭ كۈچلىرى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان خوتەن ۋىلايىتى، قومۇل ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلاش، يېڭى ئۈچ ۋىلايەت خادىملىرى بۇ ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەگەر بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشىدىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ۋە كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بارلىققا كېلەتتى، ئەسلىدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ كۈچى سەككىز ۋىلايە-

كە يېڭى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايىتىدىن ئۈرۈمچى ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى ( ئۈچ ۋىلايەت خادىملىرى ۋالىيلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان) ، خوتەن ۋىلايىتى، يەكەن ۋىلايىتى، قۇمۇل ۋىلايىتىگە كېڭىيەتتى. ئاھالىسىنىڭ ئەسلىدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتىكى 713 مىڭدىن كۆپرەكتىن، سەككىز ۋىلايەتتىكى 3 مىليون 345 مىڭ 500 دىن كۆپرەككە كۆپىيەتتى. ئەسلىدە گومىنداڭ كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان يەتتە ۋىلايەتتىن پەقەت ئاقسۇ ۋىلايىتى، قارا شەھەر ۋىلايىتىدىن ئىبارەت ئىككىلا ۋىلايەت قالاتتى، ئاھالىسىنىڭ 3 مىليون 389 مىڭدىن كۆپرەكتىن 756 مىڭدىن كۆپرەككە چۈشۈپ قالاتتى. بۇ چاغدا ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلقلەر شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان قوشۇنلارغا قارشى قوزغىلىسا، ئۇلارنى شىنجاڭدا تۇرۇشقا ئامالسىز قالدۇرغىلى ھەمدە ئۇلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقارغىلى بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىي مەقسەتكە يېتەتتى.

1947 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا يىغىلىش ئۆتكۈزىدۇ. يىغىلىشتا ئابدۇلىھەت مەخسۇم رىياسەتچىلىك قىلىدۇ ھەمدە ئۇ نۇتۇق سۆزلەپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە كەلتۈرگەن خىلمۇ خىل ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىشنى، مەركەز ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ نۇتۇقى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ قىزغىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ۋە ھىمايىسىگە ئىگە بولىدۇ. يىغىندىن كېيىن، ئۇلار ئۈنلۈك شوئار توۋلاپ، نامايىش ئۆتكۈزىدۇ ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىبات باشلىقىغا 30 نەچچە ماددىلىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. 21 - كۈنى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى يەنە 5000 دىن كۆپرەك ئادەمنى تەشكىللەپ نامايىش ئۆتكۈزىدۇ، نامايىش قوشۇنى ھەيئەت بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ، ليۇمېڭچۇڭغا 50 ماددىلىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەم بۇنىڭغا 72 سائەت ئىچىدە جاۋاب بېرىشنى ئېيتىدۇ. بۇ تەلەپلەرنى يىغىن-

چاقىلغاندا، مۇنۇلاردىن ئىبارەت: 1. مەركەز ئارمىيىسىنى ئىچكىرىگە چېكىندۈرۈپ كېتىش؛ 2. ئاقسۇ، قەشقەردە مىللىي ئارمىيە قۇرۇش؛ 3. ئارمىيە سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق، ھەربىي ساقچىلارنىڭ خەلقنى ئېزىشىنى قاتتىق مەنئىي قىلىش؛ 4. ئوفىتسىرلار مەكتىپىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئاچقان كادىرلار كۇرسىغا قوشۇۋېتىش؛ 5. مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلىرى بىردەك ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەۋە بولۇش؛ 6. تىنچلىق كېلىشىمىنى ئىجرا قىلىپ، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ 70 پىرسەنتى يەرلىك ئادەملەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ 7. خەلق سايلىمى خىزمىتىنى يېڭىۋاشتىن دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىش، ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىقىغا يەرلىك ئادەملەرنى تەيىنلەش؛ 8. ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى خادىۋالىڭ ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مۇئاۋىن كاتىبات باشلىقى سالىس، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى يولۋاس، يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى جۇفاڭگالىڭ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى نۇرىبېك (خەنزۇچە ئىسمى چى دىڭبالىڭ) لارنى يەڭگۈشلەۋېتىش؛ 9. ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، ئەدلىيىنى خەلقنىڭ ئۆزلىرى باشقۇرۇش؛ 10. دىنىي ئىشلار نازارىتى تەسىس قىلىش؛ 11. مالىيە نازارىتى دېھقانلارغا ئون ئايلىق مۆھلەت بىلەن پۇل قەرز بېرىش يەنى ئۇرۇقلۇق، كالا، ئات، دېھقانچىلىق قۇرال - سايمانلىرىنى قەرز بېرىش؛ قول سانائەتچىلەرگە بىر يىللىق قەرز بېرىش، سودىگەرلەرگە ئالتە ئايلىق قەرز بېرىش؛ 12. سودا بانكىسىنى ئىسلاھ قىلىش؛ 13. ئىشسىز قالغان خەلقلەرگە ئىجتىمائىي ياردەم بېرىش؛ 14. ئۆلكىلىك دوختۇرخانىنى تەرتىپكە سېلىش؛ 15. ئىلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان مۇزداۋان يولىنى تېزدىن ئېچىۋېتىش؛ 16. خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى» نى نەشردىن توختىتىش؛ 17. باج ئىدارىسى، سۇ ئىدارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ 18. جەمئىيەت باشقارمىسىنىڭ پۇللىرىنى تەلتۆكۈس ئېنىقلاش قاتارلىقلار. لىيۇمېڭچۇن بۇ ناھايىتى مۇھىم ئىشلار بولغاچقا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتى مۇزاكىرە

قىلغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك ئىكەن، دېگەندىن كېيىنلا، غەزەپلىك كەيپىياتىقا چۆمگەن ئامما ئاستا ـ ئاستا تارقىلىپ كەتكەن.

22 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ جىددىي يىغىنىنى ئاچقان، مۇئاۋىن رەئىس بۇرهان ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىشنى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ سايلامغا توسقۇنلۇق قىلغان جوفاڭگاڭنى يەڭگۈشلىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلغان؛ ئاببا‌سوف سەككىز ماددىلىق لايىهىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى گومىنداڭنىڭ مەمۇرىي ۋالىيلىرىنى ئالماشتۇرۇۋېتىش دېگەندىن ئىبارەت، ليۇمېڭچۈن، ۋاڭ زېڭشەن، جانىمقان قاتارلىقلار بۇنىڭغا قارشى چىققان، بۇنىڭ بىلەن ئەخمەتجان ئىككى تەرەپ تالىشىپ قالغان. چۈشتىن كېيىن، ئەخمەتجان تەلەپ قويغۇچى ۋەكىللەرنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ پىكىر بېرىشنى تەكلىپ قىلغان. ئابدۇلىهەت مەخسۇم يىغىندا مەردانىلىك بىلەن سۆزلەپ تونۇگۇنكى تەلىپىنى قايتا بايان قىلغان ھەمدە ھەيئەتلەرنى «سىلەر شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ ئىش قىلىپ بېرىشنى ئويلامسىلەر ياكى خەلقنىڭ شىللىسىگە مىنىۋېلىپ ئاۋارىلىق قىلىپ دەۋر سۈرمەسلەر؟» دەپ ئەيىبلىگەن. گومىنداڭ رەس ھەيئەتلەر زۇۋان سۈرەلمەي قالغان. ئەخمەتجان ئالدى بىلەن خوتەن نىڭ ۋالىيسى چى دىڭبالڭ بىلەن يەكەننىڭ ۋالىيسى جوفاڭگاڭنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش لايىهىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا ماقۇللانغان.

شۇ كۈنى كەچتە، سۇڭ شىلىيەن، لۇرېن (غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مەسلىهەتچىلەر باشلىقى)، چېن شىخاۋ، شيې يۈڭسۇن، ليۇمېڭچۈن، ۋاڭ زېڭشەن، لياڭ كىشۇن، شىن جېلڭ (شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شىتابى مەسلىهەتچىلەر باشلىقى) قاتارلىق كىشىلەر قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرىنى مۇهاكىمە قىلىپ، نامايىش ئارقىلىق نامايىشقا تاقابىل تۇرۇش فاڭجېنىنى بېكىتكەن، كېچىلەپ بىر تۈركۈم گومىنداڭ ھەربىي ساقچىلىرى، ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ خىزمەتچىلىرى، سەنچىڭتۈەن

ئەزالىرىنى تايانچ قىلىپ ئۇلارنى مۇساپىرلاردەك ياسىنىپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتىن ئۈلكە مەركىزىگە قېچىپ كەلگەن مۇساپىرلار ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ پۇرسەتكە قاراپ ھەرىكەتلىنىشكە تەشكىللىگەن ھەم خەنزۇ ئويۇشمىسى ئارقىلىق «ئۈرۈمچى شەھىرى ئاممىسىنىڭ تىنچلىق، بىرلىكنى تەلەپ قىلىش ئۆمىكى» نى تەشكىللىگەن؛ قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئويۇشمىلىرىنىمۇ ئويۇشتۇرغان. 24 - كۈنى، قازاق، خۇيزۇلاردىن تەشكىللەنگەن 5000 - 6000 كىشىلىك قوشۇن شەھەر ئەتراپى ۋە باشقا ناھىيىلەردىن ئاتلىق ھالدا ئۈلكە مەركىزىگە كەلگەن. چۈشتىن بۇرۇن، 5000 دىن ئارتۇق قازاق، خۇيزۇلاردىن تەشكىللەنگەن نامايىش قوشۇنى «مەركىزىي ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىمىز!»، «شىنجاڭ 14 مىللەتنىڭ شىنجاڭى، ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت بىرلا مىللەتنىڭ شىنجاڭى ئەمەس!»، «ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشىغا قارشى تۇرايلى!»، «ئەخمەتجان، ئابباسوفلارنى يوقىتايلى!» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاپ، ئون نەچچە نەپەر ئاتلىق قازاقنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۈلكىلىك ھۆكۈمەتكە كېلىپ، 21 - كۈنى خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەرگە قارىمۇ قارشى ھالدا ئەخمەتجانغا 26 ماددىلىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ قازاقلار يەنە خادىۋاڭ، سالىس، ئوسمانلارنى ھىمايە قىلىدىغانلىقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەگەر ھۆكۈمەت خەلقنىڭ پىكىرىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇلار مەسىلىنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ھەل قىلىدىغانلىقى ھەققىدە جار سېلىشقان. ئۇلار تىغ ئۇچىنى ئەخمەتجانغا قارىتىپ، ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق ئاممىسىدىن 10 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم، خۇيزۇ ئويۇشمىسىنىڭ باشلىقى ليۇ يۈڭشىيائىنىڭ باشچىلىقىدا تەشكىللىك ھالدا ئۈلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەلەپ قويۇش ئۈچۈن بارغان، ئۇلار ئون نەچچە ۋەكىل سايلاپ، 16 ماددىلىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەخمەتجاننىڭ جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. بۇ تەلەپلەر:

1. تىنچلىق كېلىشىمىنى ئۈزۈل - كېسىل ئىجرا قىلىش، يەرلىكنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ 2. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ چېگرىسىنى دۆلەت ئارمىيىسى ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ قوغداش؛ 3. ئىلى تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتىكى يەرلىك قوراللىق قىسىملارنى تىنچلىق كېلىشىمىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ تۈزۈش؛ 4. غۇلجا ۋەقەسى مەزگىلىدە يەرلىك بىگۇناھ ئاھالىلەرنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنى قاتتىق جازالاش؛ 5. ۋەقەدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىبار بېرىپ نەپىقە بېرىش؛ 6. مۇساپىرلارغا قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىش ھەمدە ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش؛ 7. شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ تاشلاشقا ئۇرۇنغان شەرقىي تۈركىستان ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش؛ 8. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ مىللەتلەر ئارىسىدا كەمسىتىش ۋە ئۆچمەنلىك تۇغدۇرۇشقا قارشى تۇرۇش؛ 9. جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغان ئۇنسۇرلارنى قاتتىق جازالاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت①.

ئەخمەتجان ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ۋاقىتلىق ياسىغان سەھنىگە چىقىپ ئاممىغا نۇتۇق سۆزلىگەن، ئامما ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ چۇقان سېلىشى ۋە توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىلاجىسىز قالغان. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ باشقا ھەيئەتلىرى بىلەن بىرگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قورۇسى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن. بۇ ۋاقىتتا، بۇرھاننىڭ شوپۇرى مەيداندىكى ئامما بىلەن تاكاللىشىپ قالغان. قالايمىقانچىلىق ئىچىدە، شوپۇر گىرانات بىلەن پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئاممىدىن ئىككى نەپىرى يارىلانغان. بۇ ۋاقىتتا، نەنگۇەن ۋە باشقا جايلارغا ئۇيغۇرلاردىن 5000 - 6000 كىشى توپلىشىپ،

① سۇڭ شىلىيەن: «25 - فېۋرال ۋەقەسىنىڭ سىرى». «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» بىرىنچى قىسىم. 115-، 116- بەتلەر.

قورشاۋدا قالغان ئەخمەتجان قاتارلىق كىشىلەرنى قوتقۇزۇشقا تەييارلانغان.
ئاتلىق شى بۇيرۇق بويىچە ئاتلانغان، نەتىجىدە دەرۋازىسى تاقالغان. ئۇيغۇر
ئۇيۇشمىسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ئامال قىلىپ مەيدانغا يېتىپ بارغان-
دا، خادىۋاڭنى ياقىلايدىغان قازاق ئاممىسى تەرىپىدىن بىر كىشى ئۇرۇپ
ئۆلتۈرۈلگەن، ئىككى، ئۈچ كىشى يارىلانغان. ئەينى ۋاقىتتىكى قالايمىقان-
چىلىق چېكىگە يەتكەن. قوزغىتىلغان ئامما بىر تەرەپتىن: ئەخمەتجان
دەرھال خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانسۇن، ھۆكۈمەت دېموكراتىيىنى يولغا
قويسۇن، ئۇيغۇرلار 24 سائەت ئىچىدە ئۈرۈمچىدىن بەش كىلومېتىر يىراق-
لىققا كۆچسۇن، قاتىللارنى قاتتىق جازالاپ بەرسۇن، ئۆلتۈرۈلگەن خەنزۇ-
لارنى دەپنە قىلىشقا مەسئۇل بولسۇن، ئەخمەتجان خەنزۇلاردىن ئەپۇ سورى-
سۇن، ھۆكۈمەت خەنزۇلارنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە
كاپالەتلىك قىلسۇن دېگەندەك تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويسا، يەنە بىر تەرەپ-
تىن «ئەخمەتجان، بۇرھانلارنى بىللە قوشۇپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرەيلى!»،
«ئۇلارنى ئىلىغا قايتۇرۇۋېتەيلى!» دېگەندەك شوئارلارنى ئۈنلۈك توۋلاپ،
ھۆكۈمەتنىڭ قورۇسىنىڭ دەرۋازىسىنى تاش، ياغاچ لىملار بىلەن ئۇرغان،
چۇقان - سۈرەن ھەممە يەرنى قاپلىغان، ئەخمەتجان قاتارلىق كىشىلەرگە
زىيانكەشلىك قىلىش غەرىزىدە بولغان. بۇ چاغدا، ئەخمەتجاننىڭ ئىپادىسى
ئىنتايىن تەمكىن بولغان. ئۇ ئۆزىنى باشقا جايلارغا يوشۇرۇنۇۋېلىش توغرى-
سىدا ئېيتىلغان «ياخشى كۆڭۈل» لەرنى رەت قىلغان. ئامانلىق ساقلاش
مۇئاۋىن باش قوماندانى دالىڭ بېيگاڭغا: «سېنىڭ ئالدىڭدا ئىككى يول بار:
بىرى، سەن چىقىپ ئەسكەرلىرىڭنى ئارقىغا چېكىندۈرۈپ چوڭ قەدەم
بىلەن ماڭغۇزۇپ چىقىپ كېتىسەن، بىزمۇ نەنگۇەنگە بېرىپ خەلق ئاممى-
سىنى تارقىتىۋېتىمىز. بۇ مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ
چارىسى. يەنە بىرى، سىلەر دەرۋازىنى ئاچسىلەر، ئەسكەرلىرىڭلار كى-
رىپ ھەممىمىزنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، بۈگۈن ئۈرۈمچىدە، ئەت-

دىن باشلاپ پۈتۈن شىنجاڭدا قان تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ. بۇ ئىككى يولدىن بىرىنى ئۆزۈڭ تاللا[①]» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا، سۇلۇڭ شىلىيەن ۋەقەنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىپ كېتىپ يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولماي قېلىشىدىن، ئۆز مەسئۇلىيە- تىنىڭ چوڭلۇقىدىن قورقۇپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇ ياجيېنى چىقىپ ئاممىنى دەرھال تارقىلىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ ھەم ئۈرۈمچى گارنىزون قوماندانى لوشۇرېننى دەرھال قوشۇننى ئىشقا سېلىپ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈشكە بۇيرۇيدۇ؛ ليۇ ياجيې ئۆزى بىۋاسىتە ھالدا ئەخمەتجان، بۇرھانلارنى ھۆكۈمەت قوروسىغا ئەكې- لىپ قويىدۇ.

شۇ كۈنى كەچتە، سۇڭ شىلىيەن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ شەھەر بويىچە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزىدۇ، جەزمەن چىقىپ - كىرىشكە تېگىشلىك بولغان ھارۋا، ئادەم، ئات - ئۇلاغلار ۋە باشقا قاتناش قوراللىرى ھەم ھەربىي، سانائەت، سودا تارماقلىرىنىڭ يۈك ئاپتوموبىللىرىدىن (قاتناش گۇۋاھنا- مىسى بارلاردىن باشقىلارنى ھەممىسى بىردەك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلى- دۇ؛ يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش قاتارلىقلار بىردەك مەنئىي قىلى- نىدۇ؛ پوچتا - خەت - چەكلىرى تېلېگراممىلار خالىغانچە ئېچىپ تەكشۈرۈ- لىدۇ، ئەۋەتىلمەيدۇ ياكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛ تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەربىي ئىشلارغا توسالغۇ بولىدۇ دەپ تونۇلغان خەۋەر، ژۇرنال، ئېلان، لوزۇنكا قاتارلىقلار بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ؛ گۇمانلىق بولغان بىناكارلىق ئەسلىھەلىرى تەكشۈرۈلىدۇ دەپ بەلگىلەندى. ھەربىي ھالەت نىزامنامىسىدە يەنە: ئەگەر بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار كۆرۈلىدىكەن، ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈش جىنايىتى، جەم- ئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇش جىنايىتى، جامائەتكە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايە- تى، خەت - چەك، قىممىتى بار ئىسپات - گۇۋاھنامىلەرنى يالغاندىن ياسىغان جىنايىتى، قاتىللىق قىلىش جىنايىتى، ئەركىنلىككە بۇزغۇنچە-

---

① ئا. ئابباسوف: ئۈرۈمچىدىكى «25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى» ئەسلىمە شىنجاڭدا دېموكراتىيە ۋە تىنچلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى نەشر قىلغان «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىغا بېسىلغان، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 12 - سان، 57 -، 58- بەتلەر.

لىق قىلىش جىنايىتى، قورقۇتۇش، بۇلاش جىنايىتى، قاقتى - سوقتى قىلىش جىنايىتى، بۇزۇپ - چېقىش جىنايىتى قاتارلىق خىلمۇ خىل جىنايەت ناملىرى ئارتىلىپ، ئۈرۈمچى گارنىزون قوماندانلىق شتابى ياكى سوت تەرىپىدىن سوراققا تارتىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ژاندارما ۋە ساقچىلار باۋجىيا باشلىقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى شەھەر رايونىدا نوپۇس تەكشۈردى، ھەممىلا جاينى ئاق تېررورلۇق قاپلىدى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، يەنە نوپۇس تەكشۈرۈش بىلەن تەنلىياڭ رايونىدا چوڭ پاراكەندىچىلىك ۋە تۇتقۇن قىلىشنى ئېلىپ بېرىپ، ئەنسىزچىلىك پەيدا قىلدى، بۇنىڭ بىلەن مىللىي ھېسسىياتنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋەتتى. تاكى 6 - كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزگە كەلگەندە، ئاندىن ھەربىي ھالەتنى بىكار قىلىش بۇيرۇقىنى جاكارلىدى.

ئۈرۈمچىدىكى «25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئاممىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، قەشقەردىكى سودىگەر، ئوقۇغۇچىلاردىن 1000 دىن ئارتۇق كىشى كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلدى. 24 - كۈنى 1000 دىن ئارتۇق كىشى ھەربىي قوشۇن شىنجاڭدىن چىقىپ كەتسۇن، فاپىنى چەكلەيلى، دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاپ، «ئېنتېرناتسىئونال» شېئىرىنى ياڭرىتىپ نامايىش قىلدى، بەزىلەر بانكىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ھەربىيلەرنىڭ مۇداپىئە ئاكۆپلىرىنى چۇۋۇپ تاشلىدى ھەم مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر بىلەن توقۇنۇشتى.

«25 - فېۋرال ۋەقەسى» گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تىنچلىق بېتىمىنى بۇزۇپ، تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت شۇنداقلا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى (

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى، قازاقلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى)، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى (ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلار ئوتتۇرىسىدىكى) زىددىيەت، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قۇترىتىشى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، جەمئىيەتتە كىشىلەر قەلبى تەشۋىشكە پاتتى، سودا - سانائەتچىلەر ئىش توختاتتى، ئەنلىيادىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەدەپ كۆچۈشكە باشلىدى.

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، جاڭ جىجوڭ نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، دەرھال «25 - فېۋرال ۋەقەسى» نى بىر ياقلىق قىلىشقا كىرىشتى، ئۇ پۈتۈن ئۆلكىدىكى خەلق ئاممىسىغا بىر پارچە مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىش زۆرۈر دەپ قارىدى. 22 - كۈنى، جاڭ جىجوڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 21 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنى ئېچىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پۈتۈن ئۆلكىدىكى قېرىنداشلارغا ئېلان قىلىدىغان مۇراجىئەتنامىسىنى يېزىپ، سىياسىي ۋەزىيەتكە قارىتا تۇتىدىغان پوزىتسىيە ۋە مەيدانىنى شەرھىلەش ھەم 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئۆلكىلىك مەسلىھەت يىغىنىنى ئېچىشقا تەييارلىق كۆرۈشنى قارار قىلدى. 25 - كۈنى رەئىس جاڭ جىجوڭ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان، بۇرھان ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي پوزىتسىيىسى ۋە قەتئىي مەيدانىنى شەرھىلەيدىغان ئۆلكىدىكى بارلىق قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت ئېلان قىلدى. بۇ جەمئىي 10 ماددا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى 7 - ماددىسىدا «25 - فېۋرال ۋەقەسى» قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان، ئۇنىڭدا: «ئالدىنقى ئاي (1947 - يىل 2 - ئاينى دېمەكچى) نىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ئاممىنىڭ نامايىش قىلىپ تەلەپ قويۇش جەريانىدىكى ھۆكۈمەتنى قىستاش، ھۆكۈمەتكە دۈشمەنلىك بىلەن قاراش ھەرىكەتلىرىگە ۋە 25 - كۈندىكى نامايىش قىلىپ تەلەپ قويۇش جەريانىدا ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە، ئۇ خىلدىكى تەرتىپنى بۇزىدىغان، تىنچلىقنى بۇزىدىغان قۇتراتقۇلۇق ھەرىكەتلىرىگە ھەمدە 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈش ئارقىلىق مىللىي ھېسسىياتقا تەسىر يەتكۈزگەن ئىشلارغا ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز ھەم ئۇلارنى توپ ئاساسىدىن تۈزىتىشىمىز لازىم.» دەپ كۆرسىتىلگەن. 8 - ماددىسىدا «سىياسىي ئىشلارغا ھەربىي-

لەر ئارىلاشماسلىقى لازىم، بەلكى ئارىلىشىدىغان ھوقۇق يوق»، «ئەگەر ھەربىيلەر مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلىشىدىكەن، خەلقنىڭ قانۇنىي ئەركىنلىكىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ، خەلق ئۇلاردىن يىرگىنىدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆلكىمىزنىڭ دېموكراتىك سىياسىتىغا داغ چۈشۈرىدۇ.» دەپ كۆرسىتىلگەن. 9 - ماددىسىدا، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، مەڭگۈلۈك تىنچلىقنى ساقلىشى تەلەپ قىلىنغان. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇنداق پوزىتسىيىسى بىلدۈرۈلگەن: ئىجابىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىنچلىق بېتىمىنى ئىزچىللاشتۇرىمىز ۋە سىياسىي پروگراممىنى ئۆز ئەينى بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرىمىز؛ پاسسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئەڭ قاتتىق ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تىنچلىق بىتىمىگە ۋە سىياسىي پروگراممىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئۇنسۇرلار ۋە قۇتراتقۇلۇق قىلغۇچىلارنى جازالايمىز.»

ئەگەردە پۈتۈن ئۆلكىدىكى قېرىنداشلارغا چىقىرىلغان مۇراجىئەت بەزى مەسىلىلەردە ئادىللىق مەيدان قوللاندى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئوخشاش بىر كۈندە يەنى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئاچقان 22 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ماقۇللىغان «تىنچلىققا زىيان يەتكۈزۈش ئەنزىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى» توغرىسىدىكى يەتتە ماددا ئانچە ئادىل، سىلىق بولماستىن، بەلكى ئادەمنى يېۋېتىدىغاندەك ئەلپاز بىلەن تولغانىدى. ئۇنىڭدا: ئەمەلدارلار ۋە ئاممىنى يوشۇرۇن ھالدا ئۆلتۈرگۈچىلەر، ئاشكارا ھالدا توپلىشىۋېلىپ باشقىلار ياكى ئەمەلدارلارغا زورلۇق قىلىپ، قەستلىغان ۋە دەخلى - تەرۇز قىلغۇچىلار جامائەت تەرتىپىنى بۇزغۇچىلار ۋە جامائەت تەرتىپىنى بۇزۇش مەقسىتىدە تېررورلۇق ۋاستىلەرنى ئىشقا سالغۇچىلار، پىتنە - ئىغۋا توقۇپ، مىللىي ھېسسىياتقا بۆلگۈنچىلىك قىلغۇچىلار، باشقىلارنى جامائەت تەرتىپىنى بۇزۇشقا قۇتراتقانلار، قورال كۆتۈرۈپ توپلىشىپ بۇلاڭچىلىق قىلغان ياكى باشقىلارنىڭ مال - مۈلكى، جىسمانىي ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۇز قىلغۇچىلار، تىنچلىقنى بۇزۇش قەستىدە، تېررورلۇق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان،

جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغۇچى ئۇنسۇر دەپ قارىلىپ، ئىچكى جەھەتتىن توپىلاڭ قوزغاش جىنايىتى دەپ بېكىتىلىپ قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ «چارە» ئەمەلىيەتتە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن چىقىرىلغان. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ نەزەرىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا «ئۇرۇش، تۇتۇپ كېتىش ھەتتا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت تېررورلۇق ۋاستە[1]لىرىنى ئىشقا سالىدىغان قانۇنسىز ئۇنسۇرلار دەپ قارالغان، شۇڭا ساقچى ئورگانلىرىغا ئۇلارنى جازالاشقا تولۇق ھوقۇق بەرگەن.

بۇنىڭ ئارقىسىدىن 1947 - يىل 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 5 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە، جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلار يەنە جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغان. جاڭ جىجۇڭ 1946 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ئىلىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، قائىدە - يوسۇن بويىچە كۈتۈۋېلىشقا ۋە قارشى ئېلىشقا ئېرىشكەن ھەمدە جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىدىكى قورغاسنى كۆزدىن كەچۈرگەن. يەنە سۇيدۇڭ، توققۇز تارا، نىلقا قاتارلىق ناھىيىلەرگە بارغان، بۇ مەزگىللەردە، ئۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى دابلىسىن بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتلەشكەن، بۇ شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى، بىختەرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئۇنىڭ سىياسىي مەيدانىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىشىگە نىسبەتەن ئاكتىپ رول ئوينىغان. بۇ قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىش، جاڭ جىجۇڭ بۇرۇنلا كۆڭلىگە پۈككەن پىلان ئىدى. بۇ مەزگىللەردە، ھەربىيلەرنىڭ سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىش ھادىسىسى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىكىلەر جاڭ جىجۇڭنى ئەڭ قاتتىق ئەيىبلەيدىغان مەزمۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. سايلام مەسىلىسى جەھەتتىكى كۈرەشمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ناھايىتى كەسكىن بولۇپ،

---

① جاڭ جىجۇڭ: «يەنە مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان، مۇئاۋىن نازىر رەھىمجانغا يېزىلغان خەت» 1947 - يىل 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى.

بەزى جايلاردا ھاكىم سايلاشتا ئىككى، ئۈچ نۆۋەت سايلام ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ ھېچبىر نەتىجە چىقماي، قاتمال ھالەت، ھەل بولماي ئېسىپ قويۇلغان ئەنزىلەر كېلىپ چىققانىدى. ئەكسىيەتچىلەر تۈرلۈك يوللار بىلەن ئاممىۋى سايلامغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ئاممىنى ئاممىۋى سايلامغا قاتناشماس-لىققا مەجبۇرلاپ، «كىمكى ئاممىۋى سايلامغا قاتنىشىدىكەن، شۇ ئۆلتۈرۈ-لىدۇ» دېگەن. بەزى ھەربىيلەر: كىمكى ھازىرقى ئەمەلدارلارنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولىدىكەن، شۇ قاراقچىلارغا ئەگەشكەن بولىدۇ. بىز ئۇنداق-لارنى قاراقچىلار بىلەن بىرگە يوقىتىمىز. بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر- ئىككى شەھەرنى يوق قىلىۋېتىش ھېچقانچە ئىش ئەمەس. بىزدە 450 مىليون ئادەم ۋە 4 مىليون كىشىلىك قوشۇن بار. بىز ئەڭ ئىلغار مەملىكەتنىڭ ھەربىي ئىشلار تېخنىكىسى بىلەن قوراللانغان دەپ داۋراڭ سالغان①. ئەكسىيەتچىلەر يەنە سايلامنى چاڭگىللىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، چات كىرىۋېلىپ، سايلانغان كېڭەش ئەزالىرى، ھاكىملارنى قالدۇرۇۋەتكەن ياكى ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلغان. بۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىگە ھېرداش-لىق قىلىدىغان مەنسەپدارلارنى قويغان.

1946 - يىل 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، كۈچادىكى ھورۇنباغدا، گومىنداڭ قوشۇنى ئۆزلىرىنىڭ پىكرى بويىچە داۋۇت ۋاڭنى سايلاشقا ئۇنىمىغان 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى قانلىق باستۇرۇپ، پىلىموت ئېتىپ يەتتە، سەككىز كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئىنقىلابىي ياشلارنى قولغا ئالغان. خوتەن، پوسكام، مارالبېشى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا، ساقچى ئىدارىلە-رىنىڭ باشلىقلىرى يېڭىدىن سايلانغان ھاكىملارنى باغلاپ، پۇتىغا ئىشكەل سېلىپ سولاپ قويغان، قاغىلىق ناھىيىسى ۋە يەكەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە-

① ئەھمەتجان: «زىيالىيلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى ۋە بېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان سايلام» 1946 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئۇرۇمچىدىكى مەدەنىيەت كۇلۇبىدا ئېچىلغان زىيالىي ياشلار يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ماتېرىياللار» 1 - قىسىم، 15 - بەت.

كى بەزى يېڭىدىن سايلانغان ھاكىملار ۋە كېڭەش پالاتا ئەزالىرى ھەربىيلەر تەرىپىدىن قوغلىۋېتىلگەن[①]. يەكەن ۋىلايىتىدىكى 39 نەپەر كېڭەش پالاتا ئەزاسىدىن 31 نەپىرى قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان[②]. جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يوللىرىنى تاپماقچى بولۇش ئېھتىمال جاڭ جىجۇڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىشتىكى مەقسىتى بولۇشى مۇمكىن[③].

1947 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، چۈشتىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ ۋە ئەخمەتجان، مەسئۇت، ۋاڭ زېڭشەن، ئەيسا، چۈي ۋۇ، ليۇزېرۇڭ قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق كىشى ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئاقسۇغا يېتىپ باردى. جاڭ جىجۇڭ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ شۇ يەردىكى ھەر قايسى ئىدارە ـ جەمئىيەتلەر ۋە ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئون نەچچە ناھىيىدىكى كېڭەش ئەزالىرىنى يىغىپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى، ئاقسۇ شەھەر ئىچىدىكى ھەر قايسى ئىدارىلەر، مەكتەپلەرنى كۆزدىن كەچۈردى، قۇمبېرىق دەرياسىنىڭ پارچە تاش دېگەن يېرىدە ھەربىي ۋە خەلقلەر ياسىغان زور كۆلەملىك كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، قەشقەرگە يېتىپ باردى ھەمدە يەنە يەكەن، خوتەنلەرگە باردى. 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، قەشقەردىن ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى[④]، بېرىپ ـ كېلىشكە 23 كۈن كەتكەن بولۇپ، بىر تالاي مەسىلىلەر ۋە نەچچە مىڭ پارچە شىكايەتنامە، تەلەپلەرنى ئېلىپ كەلدى.

① ئەخمەتجان: «كۈچ ـ ئىتتىپاقلىقتا»، «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ سانىغا بېسىلغان. 1948 ـ يىل 1. ئاي.

② ئەخمەتجان: «يۇرۇتقى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكلەرنى تۈزىتەيلى»، 1948 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، غۇلجىدىكى خەلق كۇلۇبىدا ئۆتكۈزۈلگەن قارشى ئېلىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ماتېرىياللار I» 36 ـ بەت.

③ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىشتىكى مەقسىتى توغرىسىدا. جاڭ جىجۇڭ ئۆزىنىڭ «70 يىلىدىن ئەسلىمە» دە يەقىن: «مەن بۇرۇندىنلا جەنۇبىي شىنجاڭنى زىيارەت قىلىشنى ئويلايتتىم» دېگەن. بۇرھان «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دا: «مەن ئۇنىڭ (جاڭ جىجۇڭنى دېمەكچى) جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ كۆزدىن كەچۈرۈشكە قارار قىلىشىدا قانداق غەرىزى بارلىقىنى بىلمەيمەن» دەپ يازغان.

④ ئەسلىدىكى پىلان بويىچە جاڭ جىجۇڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈپ قايتىشىدا قەشقەردىن كۇچاغا چۈشۈپ، قارا شەھەر ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلمەكچى بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ قەشقەردە قورشاپ ھوجۇم قىلىشقا ئۇچرىغانلىقتىن، كۇچا، قارا شەھەر سەپىرىدىن ۋاز كېچىپ، قەشقەردىن ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە قايتقان.

بۇ تەلەپلەرنى تۇرگە ئايرىپ بېغىنچاقلىغاندا، ئالتە مەسىلىدىن ئىبارەت بولۇپ، 1947 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى «جەنۇبىي شىنجاڭ ئاممىسىغا مۇراجىئەت» تە بىر تۇتاش جاۋاب بېرىلگەن.

جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەسىلىلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ، بەلكى بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئۇنىڭ بېشى قاتىدۇ. خۇددى ئۇ «70 يىلدىن ئەسلىمە» دە ئېيتقاندەك: «بۇ قېتىمقى زىيارەت داۋامىدا، ماڭا ئەڭ روشەن، ئەڭ گەۋدىلىك تەسىر قىلغىنى، مەيلى قايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيىگە بارغاندا بولمىسۇن، ھەممىلا يەردە تەرەققىيپەرۋەرلەر بىلەن كونىلىقنى ساقلاش تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدا كۈرەشنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم. سۆھبەت يىغىنلىرىدىكى بەس - مۇنازىرىلەردە، ھەر قايسى ئۆز چېكىگە يەتكەن بولۇپ، بەكمۇ كەسكىن ۋە جىددىي ئىدى. . . بۇ خىل چېكىگە يەتكەن كەسكىن كۈرەش داۋامىدا، مېنىڭ ئورنۇمنى ساقلاپ قېلىشىم قىيىن ئىدى، مېنىڭ سۆزلىرىم بەزىدە تەرەققىيپەرۋەرلەرنى نارازى قىلسا، بەزىدە كونىلىقنى ساقلاش تەرەپدارلىرىنى نارازى قىلىپ قويغانىدى» دېگەندەك بولغان، جاڭ جىجۇڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈچ ۋىلايەتكە نىسبەتەن سەۋر قىلىش پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇشقا ئۆزگەرگەن پەيت، ئۇنىڭ 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ۋە 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قەشقەردە ئىككى قېتىم پىلانلىق ئېلىپ بېرىلغان قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۇچرىغانلىقىدىن ئىبارەت. 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن جاڭ جىجۇڭ قەشقەردىكى ئاممىۋى يىغىنغا قاتنىشىدۇ، يىغىندا بىر نەچچە نەپەر ئۇيغۇر ياش پىكىر بايان قىلىپ، بۇرۇنقى خەنزۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقىنى، تىنچلىق بىتىمىنىڭ يولغا قويۇلمىغانلىقىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەيدۇ، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىنى، قەشقەردە مىللىي قوشۇن قۇرۇشنى، چېگرىدىكى چازىلارنى يەرلىك خەلقلەر ساقلاشنى، قەشقەردىكى مۇداپىئە ئىستېھكاملىرىنى چۇۋۇپ تاشلاشنى، ھەربىيلەرنىڭ خەلقنى قولغا ئېلىشىغا يول قويماسلىقنى، ھەربىيلەرنىڭ سىياسىي ئىشلارغا ئارلىشىشىغا يول

قويۇلماسلىقنى، خەلقنى كۆچۈرۈشنى قاتتىق مەنئىي قىلىشنى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنى شەرقىي تۈركىستان دەپ ئۆزگەرتىشنى، جەنۇبىي شىنجاڭدا باج ئېلىشقا يول قويۇلماسلىقنى، يەر ئىجارە بېجىنى كېمەيتىش ياكى ئالماسلىق قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بەزىلەر، «بىز ئىنقىلاب قىلىپ يەنە بىر قان تۆكەيلى ئىنقىلاب قىلىپ قان تۆكمىسەك، مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ تەلەپلەر يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا جاڭ جىجوڭنى جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ چاغدا، يىغىن مەيدانىدا «جاڭ جىجوڭ! جاڭ جىجوڭ!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلار ياڭرايدۇ. جاڭ جىجوڭ بۇ ئۆزىگە قىلىنغان چوڭ ھۆرمەتسىزلىك دەپ تونۇيدۇ ھەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان خىلمۇ خىل پىكىرلەرنى يولسىز تەلەپ دەيدۇ، ئامما بۇنىڭدىن ئىنتايىن نارازى بولىدۇ.

5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جاڭ جىجوڭ خوتەندىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ. ۋالىي مەھكىمىسىدە ئۆلكە ۋە ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى ھەم ھەر ساھەنىڭ ۋەكىللىرىنى يىغىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، «كۆپچىلىك ھەر خىل زىددىيەتلەرنى تۈگەتسىلا تىنچلىقنى مۇستەھكەملەپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ» دېگەن ئۇزۇن نۇتۇقنى ئېلان قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئالدىنقى قېتىمدا ھەر تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەرگە بەرگەن جاۋابى ئىدى. جاڭ جىجوڭنىڭ قارىشىچە، ھازىر جەمئىيەتتە ئىككى چوڭ تەرەپ شەكىللەنگەن، ھەر ئىككىلا تەرەپ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىشنى جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئايرىپ قاراپ، ئۆز ئارا بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشقان. يەنە ھەر ئىككىلا تەرەپ دۆلەت نۇقتىئىنەزەرى بىلەن مىللىي ئاڭنى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇپ، بىر - بىرىنى تىللاشقان. بۇلارنىڭ ھەممىسى خاتا ۋە زىددىيەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ مەن ھازىر مۇستەقىل بولىمىز دېگەندە بۇنىڭ نەتىجىسى جەزمەن ئافغانىستاننىڭ ئىككىنچىسى بولۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ قېتىمقى نۇتقىدا، جاڭ جىجوڭ يەنە ھەربىيلەرنىڭ سىيا-

سىي ئىشلارغا ئارىلاشقانلىقىنى ئەيىبلەپ، بۇ قانۇن - ئىنتىزامغا ئەڭ خىلاپ قىلمىش دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى بۇ كۆز قاراشلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى شۈبھىسىزدۇر. ئەمما، جاڭ جىجۇڭنىڭ بۇ قېتىمقى نۇتقىنىڭ تۈپ مەيدانى ۋە ئاساسىي خاھىشى خاتا. ئۇ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش مەيدانىدا تۇرۇپ، ئادىل، ئۆزىنى چەتكە ئالغان پوزىتسىيە تۇتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىل- لىكىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنى تەنقىد قىلىدۇ، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىنى «بىر تەرەپنىڭ كۈچى بىلەن، دۆلەتكە قارشى، دۆلەت ئارمىيە- سىگە قارشى، خەنزۇلارغا قارشى چاقىرىق ئاستىدا، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان»، قۇرۇش ئۈچۈن قايتا ئىنقىلاب قىلىشقا تەييارلىنىش كېرەك دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، خىلمۇ خىل نامۇۋاپىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش- تىن يانماي، ئادالەتنى تەشەببۇس قىلغان، ھەق - ناھەقنى سۈرۈشتۈرگەن ھەممە ئۇلارغا قارشى تەرەپتە تۇرغان كىشىلەرگە زەربە بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ، بۇ ئارقىلىق ھەممىنى مونوپول قىلماقچى، خەلقنى كونترول قىلماقچى، ھېچنېمىدىن تەپ تارت- ماستىن خالىغىنىنى قىلماقچى. بۇنداق قىلمىشلار دېموكراتىك سىياسە- مۇ؟ بۇ ھاكىممۇتلەقلىق سىياسىسى، بۇنىڭ ئۆزى فاشىزم! بۇ خەلقنىڭ زور غەزىپىنى قوزغىماي قالمايدۇ.» دەپ ئەيىبلىگەن.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كەچتە، 5000 - 6000 كىشى جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلار چۈشكەن ۋالىي مەھكىمىسىنى قورشىۋېلىپ كۈندۈزى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە دەرھال جاۋاب بېرىشنى، بولمىسا قاتتىق تەدبىر قوللىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجاننىڭ چىقىپ مۇھاسى- رىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى تاپالماي- دۇ. بۇ ۋاقىتتا، مەيداندا ئۈزلۈكسىز تۈردە «خەنزۇلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايلى!» «جاڭ جىجۇڭنى يوقىتايلى!» «جاڭ جىجۇڭنى يوقىتايلى!» «جاڭ جىجۇڭنى ئۆلتۈرەيلى!» دېگەن شوئارلار توۋلىنىدۇ. جاڭ جىجۇڭنىڭ ياساۋۇللىرى ئاممىنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، تېلېفون ئىدارىسىگە بېرىپ قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق 42 - جۇننىڭ

جۇنجاڭى جاۋ شىگۇاڭغا تېلېفون بېرىپ قۇتقۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.
جاۋ دەرھال ئاپتوموبىل بىلەن كېلىپ جاڭ جىجۇڭنى يېڭىشەھەردە تۇرۇش-
لۇق قىسىم قوماندانلىق شتابىغا ئېلىپ كېتىدۇ. 8 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ
دەرھال ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ. جاڭ جىجۇڭ
ئۆلكە مەركىزىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پوزىتسىيىسى بىراقلا ئۆزگە-
رىدۇ. ئۇ قەشقەردە ئۇچرىغان مۇشكۇل ئەھۋالغا چىديالماي قالغان، شۇ
كۈنى كەچتىلا ئۇ سوۋېت شىليەن، ليۇزىن، ليۇمېكچۇن قاتارلىقلارغا مۇنداق
دېگەن. ئۇلار مېنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىغا كۆكۈل بۆلگەنلىكىمنى ئاجىز-
لىق دەپ قاراپ، بىزنى قەدەممۇ قەدەم قىستاپ كەلمەكتە، بۇنىڭدىن
كېيىن ئۇلارغا قارىتا قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇشىمىز، ھەرگىز يول قويماس-
لىقىمىز، ئۇلارنى جازالىشىمىز لازىم، دېگەن① . . . ھەم قەشقەرنىڭ
ۋالىيسى ئابدۇكېرىم مەخسۇمنى يۆتكىۋېتىشنى قارار قىلغان. بۇنىڭ ئار-
قىسىدىنلا، يەنە ئەخمەتجان، بۇرھان قاتارلىق ئىككى مۇئاۋىن رەئىس ۋە
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى يىغىپ، ئۈچ كۈن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن.
5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجان، رەھىمجانلارغا «ئاساسنى
تۇزمەپ، مەنبەنى تازىلاش» نى، ئۇ ئۈچ ۋىلايەتتە ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابىي
كۈرەشلەرنى ئومۇمەن بىر تەرەپىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان دەپ
ئاتاپ تەنقىد قىلىش كېرەك، دەپ قارىمىسىمۇ، «يەنە ئىنقىلاب قى-
لىش» ، «يەنە قان تۆكۈش» شوئارى «تەرەپىنىڭ مەنپەئەتىنى تەكىتلەپ
كەلگ خەلق ئاممىسىنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ئېھتىياجىنى ئۇنتۇپ قالغان-
لىق» بولىدۇ، كەلگ خەلققە ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنى ئىقتىساد، مائارىپ،
سەھىيە قاتارلىق جەھەتلەرنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت» دېدى. ئۇ ئۈچ ۋىلا-
يەتنىڭ «ھازىردىن باشلاپ تەرەپىنىڭ شەخسىي كۆز قاراشلىرىدىن ۋاز
كېچىپ، دۆلەت - مىللەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈشى ۋە كۈچەيتىشى، بىردەك
ھالدا دۆلەت ۋە مىللەت مەنپەئەتى ھىمايە قىلىشنى، دۆلەت مەنپەئەتىنى
تەرەپىنىڭ مەنپەئەتى ئورنىغا دەسسىتىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى» نى بىل-

① سىز شىليەن: «تورپان قوزغىلىڭنى باستۇرۇشنىڭ جەريانى» ، «شىنجاڭ تارىخ ماتې-
رىياللىرى» ، ئىككىنچى سان، 115 -، 116 - بەتلەر.

دۇرگەن. جاڭ جىنجۇڭ پاكىتنى تامامەن يوققا چىقارغان هالدا: «شىنجاڭدا هازىر سىياسىي زۇلۇم ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ پاكىتلىرى يوق،» شۇڭلاشقا، هازىر «ئىنقىلاب» قىلىشنى يەنە ئوتتۇرىغا قويۇشتىن مەقسەت، «ۋەتەندىن بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇستەقىل بولماقچى بولۇش ياكى بۇنىڭدىن باشقىچە غەرەزلەردە بولۇشتىن ئىبارەت» دەپ بىلجىرلايدۇ.

جاڭ جىنجۇڭ يەنە: قەشقەردىكى ئەھۋال، جەمئىيەتتە تارقىلىپ يۈرگەن ئاتالمىش شىنجاڭدا هازىر ھەربىي كۈرەش سىياسىي كۈرۈشكە ئۆزگەردى دېگەن سۆزلەرنىڭ قىلىچىمۇ ئاساسسىز ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى دېگەن. جاڭ جىنجۇڭ ئەخمەتجان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ «بارلىق سىياسىي كۈرەش خىياللىرىدىن ۋاز كېچىش» نى تەلەپ قىلغان. جاڭ جىنجۇڭ: شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ تۈگۈنى، سۇبيېكتىپ ھېسسىياتقا بېرىلىپ ئىش كۆرۈش نۇقتىئىنەزىرى، تەرەپ مەنپەئىتىنى دۆلەت، مىللەت مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن قويۇش، سىياسىي كۈرەشنى دېموكراتىك رەھبەرلىكنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ۋە سۆزى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىردەك بولمالىقىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۈپ ئاساسىدىن ئوڭشاش خىزمىتىنى تېزدىن ئىشلەش لازىم، پەقەت «قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ سۇبيېكتىپلىقتىن ۋاز كېچىلسە؛ دۆلەت، مىللەت مەنپەئىتى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇپ، تەرەپنىڭ شەخسىي كۆز قاراشلىرىدىن ۋاز كېچىلسە؛ دېموكراتىك رەھبەرلىككە ھۆرمەت قىلىنىپ، سىياسىي كۈرەش ۋە بىر تەرەپ كونتروللۇقىدىن ۋاز كېچىلسە، بارلىق زىددىيەتلەر يېشىلسە ۋە تۈگىتىلسە؛ سۆز بىلەن ھەرىكەت بىردەك، ئىچكى - تاشقى، يۇقىرى تۆۋەن بىردەك بولالىغانلا بولسا، شىنجاڭنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى ئاسان ھەل قىلغىلى بولىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى تېخىمۇ يورۇق ۋە پارلاق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

جاڭ جىنجۇڭنىڭ سۆزى ۋە ھەرىكىتى، تامامەن گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداپ قېلىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان بولۇپ، ئۇ بۇ خىل ھۆكۈمرانلىقنى شىنجاڭ خەلقىگە بەخت ئېلىپ كېلىدىغان ئەڭ گۈزەل ھۆكۈمرانلىق شەكلىدىن ئىبارەت دەپ

قارىغان. شۇڭا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ «يەنە ئىنقىلاب قىلىش» نىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارىغان. ئەپسۇسكى، سىنىپىي مەيدان خاتا بولىدىكەن، جەمئىيەتتىكى راست بىلەن يالغان، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق قاتارلىقلارمۇ ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرى جاڭ جىجۇڭنىڭ بىر يۈرۈش ۋەز - نەسىھەتلىرىگە ئىشىنىپ سىياسىي كۈرەشتىن ئەلۋەتتە ۋاز كەچمەيدۇ. چۈنكى، پەقەت گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ھەرخىل شەكىلدىكى كۈرەشلەر ئارقىلىق، بۇ خىل چىرىك ھۆكۈمرانلىقنى ئۈزۈل - كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىلا، ئاندىن شىنجاڭنى ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ.

## 3 - بۆلۈم گومىنداڭنىڭ ئوسماننى قوللاپ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇشى، مەسئۇتنى يۆتكەپ تەختكە چىقىرىشى

شىڭ شىسەي دەۋرىدە، گومىنداڭنىڭ ئوسمانغا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئۇنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان مەزگىللەردە بولسا، ئوسمان قوۋمىنى بۆلۈش، پارچىلاشقا ئۆزگەردى ھەمدە بۇ جەھەتتە بەزىبىر نەتىجىگىمۇ ئېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، گومىنداڭ ئوسماندىن پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قارىتا قوللاپ قۇۋۋەتلەش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. 1945 - يىلى 10 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئالتاي تاغلىق رايونىنى ئۈزۈل - كېسىل ئازاد قىلغاندا، ئوسمان ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى. ئوسمان تۇترۇقسىز، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى، ئىنقىلابقا قارشى فېئودال قەبىلە باشلىقى تىپىدىكى شەخس بولۇپ، يەنە چېكىدىن ئاشقان شەخسىي قەھرىمان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئەڭ بالدۇر خەنزۇلار بىلەن جەڭ قىلغان باتۇر، شۇڭا ھازىر ئۈچ ۋىلايەت-

نىڭ ۋەكىلى بولۇشۇم لازىم دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىدىن ئىبارەت بۇ كىچىككىنە ئەمەلنى نەزىرىگە ئالماي، ۋەزىپە ئۆتەشنى رەت قىلىدۇ. 1945 - يىلى 12 - ئايدا، غۇلجا ئىنقىلابىي هۆكۈمىتى ئىچكى قىسمىدىكى ئەخمەتجان، ئابباسوف قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر سابىق رەئىس ئېلىخان تۆرىنى ئىنقىلابىي قوشۇندىن تازىلاپ چىقىرىپ، ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئوسمان كېيىنكى قەدەمدە نۆۋەتنىڭ ئۆزىگە كېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن، ئېھتىيات قىلىپ يۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئالتايدىكى دەلىلقان غۇلجا تەرەپنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە بولغانلىقتىن، كۈچى كۈندىن - كۈنگە زورىيىپ بارماقتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان ئۆزىگە باشقىچە بىر چىقىش يولى تاپماقچى بولىدۇ. 1946 - يىلى 7 - ئايدا، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان ۋاقىتتا، ئوسمان ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى ھەم ئالتاينىڭ ۋالىيسى ئىدى. ئۇ ئۆز ۋىلايەتتىن ئايرىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىش قارارىغا كېلىدۇ.

1946 - يىلى 8 - ئايدا، ئوسمان ۋەكىلى خاراتبايغا خەت يېزىپ بېرىپ، جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. جاڭ جىجۇڭ ئوسماننىڭ ئالتاينىڭ ۋالىيسى ئىكەنلىكىنى، ئالتاي بولسا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇنى يالغۇز قوبۇل قىلسا، ئەخمەتجان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ گۇماننى قوزغاپ قويىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەخمەتجان بىلەن بۇرھاندىن ئىبارەت ئىككى مۇئاۋىن رەئىسنى بىرگە چاقىرىپ، خاراتباينى قوبۇل قىلىدۇ. ئوسمان جاڭ جىجۇڭغا يازغان خېتىدە، ئالدى بىلەن تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئالتاي بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقىلەشمىگەنلىكى، شۇڭا سالامغا ۋەكىل ئەۋەتكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئارقىدىن قازاقلارنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان ئابرويلۇق زاتلىرىدىن ئەلەنۇاڭ، جانىمقان، سۇلايمان قاتارلىقلارنىڭ ئالتايغا قايتىپ كېلىپ خىزمەت ئىشلىشى تەلەپ قىلىنغان، تىنچلىق بىتىمىدىكى مەزمۇنلارنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئۈمىد قىلىنغان؛ ئۆز يېرىدىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا ياردەم بېرىش ئىلتىماس قىلىنغان ۋە

ئالتاينىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلىنىپ چېگرىدا تۇرۇشقا دۆلەت ئارمىيىسىدىن ئەسكەر ئەۋەتىش تەلەپ قىلىنغان.

ئوسماننىڭ ئادەم ئەۋەتىپ جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىشنىڭ ئۆزى، جاڭ جىجۇڭ، سۇڭ شىلىيەن، ليۇمېڭچۈن قاتارلىقلارنى ئۈچ ۋىلايەتمۇ بىر پارچە تۆمۈر ئەمەس ئىكەن، ئەخمەتجان قاتارلىقلار ئۈچ ۋىلايەتنى پۈتۈنلەي كونترول قىلالماپتۇ، بۇ خىل يوچۇق، دەل پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەت ئەمەسمۇ، بولۇپمۇ دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ئالتايغا كېلىپ ئورۇنلىشىشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى، قول تىقىشنىڭ ئەڭ ئوبدان پەيتى دېگەن قاراشقا كەلتۈرىدۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئوسماننىڭ ۋەكىلى ليۇمېڭچۈنگە ئىككى مەسىلىنى ئېيتقان: 1. سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەي بىلەن تۈزگەن شەرتنامە (كېلىشىم) نى باھانە قىلىپ، بىر تۈركۈم ئادەملەرنى كۆكتوقاي ناھىيىسىگە ۋولفرام كانى قېزىشقا ئەۋەتكەن، 500 گە يېقىن ئاپتوموبىلغا كېچە - كۈندۈز توختىماي رۇدا قاچىلىنىۋېتىپتۇ. ئوسمان بۇلارنى قورال كۈچى بىلەن توسماقچى؛ 2. ئالتاي تاغلىق رايونىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، چېگرا قاراۋۇل قىسىملىرى نامىدا قوشۇن ئەۋەتىشنى ھەمدە قورال - ياراغ، ئوق - دورا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭ شىلىيەن، ليۇمېڭچۈن قاتارلىقلار ئالتاي تاغلىق رايونى بىلەن ئىلى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئوسماننىڭ قورال - ياراغ، ئوق - دورا ۋە باشقا زۆرۈر ماددىي ئەشيا ھەققىدىكى تەلىپىنى ئىمكانقەدەر ھەل قىلماقچى بولسىمۇ، ئەمما ئالتاي تاغلىق رايونىغا بىۋاسىتە قوشۇن كىرگۈزۈشكە بولمايتتى. چۈنكى، تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن بۇ مەسىلە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەسىلىسىنىڭ بىر قىسمىغا دائىر مەسىلە بولغاچقا، بۇنى ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ھەل قىلىش زۆرۈر ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆكتوقايدا ۋولفرام كانى ئېچىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەل قىلىنىدىغان مەسىلە بولۇپ، بۇنىڭغا ھەرگىز قورال كۈچى ئىشلىتىشكە بولمايتتى. جاڭ جىجۇڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارغا پرىنسىپ جەھەتتىن قو-

شۇلغان. ئەمما، ئەھمەتجان قاتارلىقلارنىڭ قارشى چىقىشىدىن، ئارىدا سۈركىلىش پەيدا بولۇشتىن ئەنسىرەپ ئىككىلىنىپ قالغان. لېكىن، ئاخىرىدا يەنىلا بەزى قورال - ياراغ، ئوق - دورا ۋە ماددىي ئەشيا بېرىلدى. ئوسماننىڭ ۋەكىللىرى بۇلارنى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئېلىپ كەتتى.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئوسماننىڭ ئىككىنچى ۋەكىلى راتىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، جاڭ جىجۇڭغا تېخىمۇ كونكرېتراق بولغان مۇنداق بەش تۈرلۈك تەلەپ قويدى: 1. ھۆكۈمەت دەرھال ئالتايغا ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىش؛ 2. بىر - ئىككى مىڭ تال مىلتىق بېرىش؛ 3. ئالتاي رايونىغا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىل ۋە تېلېگراف ئاپپاراتى ئەۋەتىش؛ 4. ئالتايغا راسخوتنى بىۋاسىتە ئاجرىتىپ بېرىش؛ 5. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئاشلىق، رەخت، چاي قاتارلىقلارنى ئەۋەتىش؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئوسمان يەنە ھۆكۈمەتتىن ئۇنىڭغا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ دىنىي ھوقۇقىنى ھەم مىراسخور ۋاڭ دېگەن ئۇنۋانىنى بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بۇنىڭغا قارىتا، جاڭ جىجۇڭ مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن كۆپ قېتىم كېڭىشىپ، بۇرۇنقى ئىككى خىيال بولۇش پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قوللاپ قۇۋۋەتلەش پوزىتسىيىسى تۇتۇشنى بەلگىلىدى. ئۇ لىيۇ مېڭچۇنگە ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمەت راسخوتىنى ئىلى تەرەپ ئارقىلىق ئەۋەتىپ بەرمەي بىۋاسىتە ئەۋەتىپ بېرىشنى ھەمدە ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى ۋالىيسىنىڭ تامغىلىق خېتىنى ئېلىپ كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ ئېلىپ كېتىشىگە بېرىشنى شۇنداقلا ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىگە ئاشلىق، رەخت، چاي ھەمدە باشقا كۈندىلىك لازىمەتلىك قاتارلىقلارنى بېرىشنى تاپىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە جاڭ جىجۇڭ تاۋ سىيۈ ۋە سۇڭ شىلىيەنگە ئوسمان قىسىملىرىغا 300 - 400 دانە مىلتىق؛ 10 نەچچە تال يېنىك پىلىموت ھەمدە يېتەرلىك ئوق - دورا، ئالاقىلىشىش ئۈچۈن تېلېگراف ئاپپاراتى بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئوسماننىڭ ئۆزىگە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ دىنىي ھوقۇقىنى ۋە مىراسخور ۋاڭ دېگەن ئۇنۋانىنى بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقىغا قارىتا، جاڭ جىجۇڭ: بۇ بىر خىل قالاق سىياسىي مەيدان ۋە ئىدىيىۋى ئەھۋال. بۇ ئۇنىڭ «فېئودال قەبىلە باشلىقى تىپىدىكى بىر شەخس»، «سامان

قورساق باتۇر»، «يەرلىك خاقان» ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ خالاس. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، بىر مەزگىللىكچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا بولىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان①. گومىنداڭ ئوسماننى قوللىغانلىقى، بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ پارچىلىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئوسماننى قوللىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى ئىنتايىن مەخپىي ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلى تەرەپنىڭ بۇنى سېزىۋالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 1946 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، جاڭ جىجۇڭ، مەسئۇت، ئەخمەتجانلارنىڭ بىرلەشمە نامىدا تەكلىپ قىلىنغان 1000 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىدا، بەزىلەر جاڭ جىجۇڭدىن: ئالتاي ئۈرۈمچىگە نېمە ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتمىپتۇ؟ نېمە مەسىلىلەر ھەققىدە سۆھبەتلەشتىڭلار؟ نەتىجىسى قانداق بولدى؟ دېگەن سوئاللارنى سورىغان. جاڭ جىجۇڭ ئوسماننى قوللىغانلىقىنى پەقەت ئېتىراپ قىلمىغان ھەمدە سوئال سورىغۇچىنى «ئىغۋا توقۇپ تۆھمەت قىلماقچى، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالماقچى»، «ئاغزى كەلگىنىچە بىلجىرلىدى»، دەپ ئەيىبلىگەن②. 1947 - يىل 21 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئەخمەتجان ۋە رېھىمجان يازغان خېتىدىمۇ: «سىلەر بىز تەرەپنى ئوسمانغا ھەربىي ياردەم بېرىۋاتىسىلەر دەيسىلەر. بۇ پۈتۈنلەي پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس» دېگەن.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئوسماننى قوللاپلا قالماستىن، يەنە ساۋەننىڭ ھاكىمى قالىبەكنىڭ ئۈچ ۋىلايەتنى پارچىلىشىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن. قالىبەك گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن شېرىكلىرىنى باشلاپ ساۋەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئارىسىغا قېچىپ كىرىۋېلىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى پاراكەندىچىلىك سالىدۇ ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ بارىدۇ. ئوسمان، قالىبەكتىن ئىبارەت بۇ ئىككى گورۇھ باندىتلارنىڭ خەلققە قارشى بۇلاپ - تالاش ۋە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپ، قىلمىغان

① جاڭ جىجۇڭ: «70 يىلىمدىن ئەسلىمە» 5 - باب 6 - بۆلۈم «ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ مەسىلىسى ۋە بىزنىڭ تۈپ مەيدانىمىز ھەم پوزىتسىيىمىز».

② جاڭ جىجۇڭ: «مېنىڭ ھەقىقىي ۋەدەم ۋە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشۇم».

ئەسكىلىكى قالمىغاندى. ئىنقىلاب مېۋىلىرىنى قوغداش، خەلقنىڭ هاياتى، مال - مۈلكىنى قوغداش ئۈچۈن، 1947 - يىلى 2 - ئايدا، ئىلى تارباغاتايدىن كەلگەن ئۈچ ئاتلىق تۈەن، مىللىي ئارمىيە مۇئاۋىن باش قوماندانى ئىسهاقبېكنىڭ قوماندانلىقىدا ئالتاي تاغلىق رايونىدىكى ئوسمان قوشۇنلىرىغا قارشى يۈرۈش قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئوسماننىڭ مىڭدەكلا ئەسكىرى بولۇپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ كەسكىن هۇجۇمىنى توسۇپ قالالمايتتى، شۇڭا ھەدەپ ئۈرۈمچىگە تېلېگراممىا يوللاپ ياردەم تەلەپ قىلدى. گومىنداڭ ئوسمان بىلەن ئىلى تەرەپنىڭ ئۆز ئارا بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىشىپ ئاجىزلىشىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم بەرمىدى. پەقەت گوچۇڭدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق 1 - شىدىن بىر لىيەن (ماشىجېن لىيەنى) نى ئاجرىتىپ بەيتىك تېغىدا تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىش ئەھۋالىنى چارلاش ھەمدە ئوسمان بىلەن ئالاقىلىشىشكە، ئەگەر مىللىي ئارمىيە ئالتاينىڭ شەرقىي قىسمىدىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ گوچۇڭغا ھوجۇم قىلىپ قالسا، ئالدى بىلەن ئۇلارنى بەيتىك تېغىدا بىر مەھەل توسۇپ تۇرۇشقا ئەۋەتتى.

ئوسمان ئۇرۇشتا پايدىسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، 2 - ئايدا ئالتايدىن چىڭگىلنىڭ شىمالىدىكى ئۇنۇر قارا ئەتراپىغا چېكىندى، 3 - ئايدا يەنە كورتۇغا، 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چوقبارتاس، بەيتىك ئەتراپىغا چېكىندى. سۇڭ شىلىيەن ما شىجىنغا تېلېگراممىا ئەۋەتىپ ئوسمان بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىش ۋە زۆرۈر ياردەملەرنى بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ ھەمدە يەنە ئوسماندىن ھال سورايدىغانلىقىنى، ھازىرچە ئۆزىنى ئوڭشاپ تۇرۇشنى، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ئالدىرىماسلىقىنى، كېرەكلىك ئاشلىق ۋە لازىمەتلىكلەرنى تېز يەتكۈزۈپ قويۇشنى ھەمدە ئوسمانغا ئىلى تەرەپنىڭ ھەربىي ھەرىكەتلىرىنى ئىمكانقەدەر رازۋېدكا قىلىپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا تېلېگراممىا ئارقىلىق مەلۇم قىلىپ تۇرۇشنى ئېيتىپ قويۇشنى تاپىلايدۇ①. ئىلى تەرەپ ھەربىي جەھەتتە ئوسمانغا زەربە بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇنى ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىدىن قالدۇرۇپ ئورنىغا

---

① سۇڭ شىلىيەن: «بەيتىك ۋەقەسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە جەريانى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 2 - سان، 129 - بەت

دەلىلقاننى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۈچ ۋىلايەت قوشۇن ئەۋەتىپ 1947 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، قالىبەكنى مەغلۇپ قىلىدۇ، ئۇ قالدۇق قوشۇننى باشلاپ باركۆلگە قېچىپ كېتىدۇ[1].

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلەش ھەم غۇلجا تەرەپنى ئوسماننىڭ ئالتايغا قايتىپ كېلىپ ۋەزىپە ئۆتىشىگە ماقۇل كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بۇرھان داڭ بىيگاڭ قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى ئالتايغا ئەۋەتتى: 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە، تەكشۈرۈش ئۆمىكى بەش كۈن ئىچىدە كۆپلىگەن تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئوسماننىڭ جىنايى قىلمىشلىرى شىكايەت قىلىنغان نۇرغۇن خەت - چەكلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى ھەمدە خەلقنىڭ پىكىرلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئوسماننىڭ ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، خەلقنىڭ سوراق قىلىشىغا تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، بىراق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇنى ئېتىبارغا ئالمىدى. ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئوسمان قوشۇنى 1947 - يىلى 8 -، 9 - ئايلاردا ئالتاي يەرلىك ھۆكۈمىتىنى ئۆزۈل - كېسىل ۋەيران قىلىپ، ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكى ھەممە ماددىي ئەشيالارنى بۇلاپ كەتتى. كۆپلىگەن بىگۇناھ چارۋىچىلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ زور تۈركۈمدىكى مال - چارۋىلىرىنى بۇلاپ كەتتى. ئەخمەتجان قاتارلىقلار 1948 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جاڭ جىجۇڭغا يازغان خېتىدە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سۈيىقەستى ۋە ئوسمان بىلەن قالىبەكنى قوللاپ ئۈچ ۋىلايەتنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان جىنايى قىلمىشلارنى تولۇق ئېچىپ تاشلاپ، «بۇ ئىشقا - يەنە چىداپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. ئوسمان ۋە ئۇنىڭ يېقىن شېرىكلىرىنى تېزدىن قولغا ئېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ سان - ساناقسىز جىنايى ھەرىكەتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئالتاي خەلقى ئۆزلىرى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. ئۇلارنى ئالتاينىڭ ھۆكۈمەت ئورگىنىغا تاپشۇرۇپ بېرىش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى.

---

① ئاسسىيىڭ: «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ مۇستەبىت ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇپ سەللىي باراۋەرلىك، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى».

كەن. ئەخمەتجان يەنە 1948 - يىلى 10 - ئايدا، «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدا ئوسماننىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەپ، ئوسماننىڭ كۆپ قېتىم بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى تۈپەيلىدىن ئالتاي رايونى ئىنتايىن ئېغىر زىيانلارغا ئۇچرىدى؛ خەلقنىڭ مال - مۈلكىدىن بولغان زىيان 10 مىليارد 575 مىليون 367 مىڭ 731 يۈەن شىنجاڭ پۇلىغا، ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ زىيىنى 2 مىليارد 972 مىليون 2 مىڭ 949 يۈەن شىنجاڭ پۇلىغا يېتىدۇ، زىيانغا ئۇچرىغان ئائىلە 3664 بولۇپ، نوپۇسى 17 مىڭ 830، بۇلاپ كېتىلگەن ئات 3842 تۇياق، كالا 6855 تۇياق، قوي 71 مىڭ 212 تۇياق دەپ كۆرسەتكەن①.

جاڭ جىجۇڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش قارارىغا كەلگەنلىكى، يەنە بىر تەرەپتىن ئىككىنچى سەپكە چېكىنىپ، پانتۈركىست ئۇنسۇر مەسئۇتنى شىنجاڭغا رەئىس قىلىپ تىكلىگەنلىكى، گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈپ، 1947 - يىلى 7 - ئايدىكى تۇرپان، پىچان، توقسۇن قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن چېكىنىپ چىقىپ تىنچلىق ۋەزىيە- تىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل بۇزۇلۇشىنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبچىسى بولدى.

مەسئۇت، ئۇيغۇر، شىنجاڭ ئىلىدىكى باي سودىگەر ھەم چوڭ پومې- شچىك سابىرنىڭ ئوغلى بولۇپ 1888 - يىلى تۇغۇلغان. 16 يېشىدا تۈركىيىگە ئوقۇشقا بېرىپ، كونستانتىنپول تىببىي داشۆسىنى پۈتتۈر- گەن. چەت ئەلدىكى مەزگىلىدە ئۇ پانتۈركىزملىق، پانئىسلامىزملىق تە- سىرىگە ئۇچراپ، «تۈرك يېچى» قاتارلىق ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتلارغا قاتناشقان ھەمدە پانتۈركىزملىق، پانئىسلامىزملىق پائالىيەتلەر بىلەن ئاك- تىپ شۇغۇللانغان. پانتۈركىزم: تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغانلىكى مىللەت- لەر ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر- لىككە كەلگەن، تۈركىيىنى سىياسىي مەركەز قىلغان، سىياسىي بىلەن

① ئەخمەتجان: «كۈچ - ئىتتىپاقلىقتا»

دىن بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇرۇشى لازىم دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ.
شۇڭا، پانتۈركىزىم بىلەن پانئىسلامىزىم بىر - بىرىدىن ئايرىلماستۇر.
بۇلارنىڭ مەقسىتى، تارىختا بىر مەزگىل گۈللەنگەن تۈرك خانلىقى دۆلىتى
ۋە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ خىل
ئەكسىيەتچىل پانتۈركىزىم ۋە پانئىسلامىزىم، جاھانگىرلار ۋە ئەكسىيەتچى-
لەرنىڭ پايدىلىنىپ كېتىشى ئارقىسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيى-
گە قارشى تۇرىدىغان، مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلەرنى بوغىدىغان، خەلقنى
ئېزىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قالغانىدى. 1915 - يىلى 27 ياشلىق مەسئۇت
ئىلىغا قايتىپ كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئىلىدا تۈرۈشلۈق تۈركىيىلىكلەر
ئاز ئەمەس ئىدى. مەسئۇت ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ مەكتەپ ئېچىش نامى
ئاستىدا، پانتۈركىزىملىق، پانئىسلامىزىملىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.
دى. شۇنىڭ بىلەن، مەسئۇتنى مەركەز قىلغان ھالدا پانتۈركىزىملىقنى
تەرغىب قىلىدىغان بىر تەشكىلات تەدرىجىي ھالدا شەكىللەندى. ئەينى
ۋاقىت، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىل بولۇپ،
مەسئۇتنىڭ تەشەببۇسى شىنجاڭغا يەرلىك خاقان بولۇش كويىدا يۈرگەن
ياڭ زېڭشىننىڭ دىتىغا ئەلۋەتتە ياقمايتتى. مەسئۇت ئاچقان مەكتەپلەر كۆپ
قېتىم پېچەتلىۋېتىلىدۇ. 1925 - يىلى، مەسئۇت يەنە ئىلىدا مەكتەپ
ئاچىدۇ. ئىككىنچى يىلى بۇ مەكتەپ پېچەتلىنىپ، مەسئۇتنىڭ ئۆزىمۇ
تۈرمىگە چۈشىدۇ. ياڭ زېڭشىن ئۇنى ئۆزى بىۋاسىتە ئۈچ قېتىم سوراق
قىلىدۇ، بىر يىلدىن كېيىن تۈرمىدىن بوشىتىلىدۇ. 1927 - يىلى ئۇ
«دۆلەتمەھەللە خەيرىيە» مەكتىپىنى ۋە تولۇقسىز مەكتەپنى تەسىس قىلىپ،
باشقىلارنى مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەكلىپ قىلغانلىقتىن، بۇ مەكتەپلەر پې-
چەتلىنىش تەقدىرىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. 1934 - يىلى شېڭ شىسەي تەختكە
چىققىنىغا بىر يىل بولغانىدى. پانتۈركىزىملىقنى تەرغىب قىلىدىغان مەس-
ئۇت شىنجاڭدا تۇرالماي، جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا بېرىپ،
ئاندىن نەنجىڭغا بارىدۇ. مەسئۇت پانتۈركىزىملىق مەيدانىنى چىقىش نۇقتى-
سى قىلىپ ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي قاتارلىقلارغا قارشى
تۇرغانلىقتىن، گومىنداڭ مەركىزى ئۇنى كۆڭۈللىرىنىڭ بىرىدە ئۆز قولىنى

شىنجاڭغا سوزغاندا پايدىلىنىشقا بولىدىغان قورال دەپ قاراپ، مەسئۇت قاتارلىقلارمۇ گومىنداڭ كۈچلىرىنى ئۆزلىرىگە ئارقا تىرەك قىلماقچى بولغانلىقتىن، ئىككى تەرەپ زىچ تىل بىرىكتۈردى. مەسئۇت گومىنداڭ كېڭەش مەھكىمىسى چېگرا ئىشلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇسۇلمان ھەربىي ئوقۇتقۇچىسى، مىللىي ھۆكۈمەت ئەزاسى، گومىنداڭ 5 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى بولىدۇ. يەنە نەنجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەيلەردە ئەيسا قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە «تيانشان»، «تۈركىستان ئاۋازى»، «ئۇرۇش خەۋەرلىرى»، «تۈرك تىلى»، «ئۇلۇس» قاتارلىق ژۇرناللارنى چىقىرىپ، پانتۈركىزمنى تەرغىب قىلىدۇ.

1945 - يىلى 9 - ئايدا، جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزىدىغان چاغدا، مەسئۇت، ئەيسا، مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىقلار بىلەن بىللە كېلىدۇ. جاڭ جىجۇڭ بۇ بىر تۈركۈم پانتۈركىزمچىلارنىڭ شىنجاڭغا قايتا كېلىشىگە شۇنىڭ ئۈچۈن يول قويغانكى، ئۇ بۇلاردىن پايدىلىنىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرماقچى بولغان. مەسئۇت ئەينى ۋاقىتتا، جياڭ جيېشىغا شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى 15 ماددىلىق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: مەركەزنىڭ چېگرا رايونىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلىش، يەرلىكنىڭ ئىشىنى شۇ يەردىكى كىشىلەر ئىشلەش، سەۋەبسىز تۇتۇپ تۇرۇلغان زاتلارنى قويۇپ بېرىش، مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلۈكلەرنى ئېنىقلاپ ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىش، خەلقتىن ئېلىنىدىغان باج - سېلىقنى يەڭگىللىتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇ يەنە جاڭ جىجۇڭغا خەت يېزىپ، مەركەزنىڭ سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇڭا، جاڭ جىجۇڭنىڭ نەزىرىدە مەسئۇت «ۋەتەننى، مىللەتنى سۆيىدىغان ئادەم» دەپ تونۇلغان[1] ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن جاڭ جىجۇڭ مەسئۇتنى شىنجاڭنىڭ تەپتىشلىكىگە

① جاڭ جىجۇڭ: «70 يىلىدىن ئىسلىمە»، 5 - باب، 7 - بۆلۈم.

كۆرسەتكەن.

جاڭ جىجوڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە بىر مەزگىل رىياسەتچىلىك قىلغاندىن كېيىن، ھەر جەھەتلەردىكى زىددىيەتلەر كەسكىنلىشىپ كەتكەنلىكتىن، داۋاملىق خىزمەت ئىشلەشكە ئامالسىز قالىدۇ - دە، ئاتلىق يەڭگۈشلەش يەنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىس نامزاتىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق زىددىيەتنى پەسەيتىش قارارىغا كېلىدۇ. 1946 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا جياڭ جيېشى نەنجىڭدا تۇرۇۋاتقان جاڭ جىجوڭغا ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن بىر نەپەر ئۆلكە رەئىسى تېپىشىنى ئېيتقان. ئۇنىڭ 1947 - يىلى 4 -، 5- ئايدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ سەپىرى، ئۆلكە رەئىسىنى يەڭگۈشلەش قەدىمىنى تېزلەتتى، خالاس.

جاڭ جىجوڭ نېمە ئۈچۈن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىدىن ئىبارەت قوشۇمچە ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىدۇ؟ بۇنىڭ مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك سەۋەبى بار: 1. ئۆلكىدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان خەنزۇلاردىن ئۆلكە رەئىسى بولۇش مۇۋاپىق ئەمەس؛ 2. ھەر خىل زىددىيەتلەر بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدىغان ھالەتتىن قۇتۇلۇش؛ 3. پەقەت غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرلىقىدىن ئىبارەت بىرلا ۋەزىپىنى ئۆتىگەندە، نەنجىڭ بىلەن غەربىي شىمال ئارىلىقىدا بىر قەدەر ئەركىن ھالدا بېرىپ - كەلگىلى بولىدۇ①. ئەمەلىيەتتە ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى ھەر خىل سىياسىي كۈچلەر ئارىسىدىكى كۈرەشلەر ئاللىبۇرۇنلا قانداقتۇر «مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش» بولماي قالغان، بەلكى مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىنقىلاب بىلەن ئەكسىلئىنقىلاب ئوتتۇرىسىدىكى ھەل قىلغۇچ كۈرەشنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغانىدى. مۇشۇنداق تارىخىي باسقۇچتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرەپتە تۇرۇپ تارىخنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇش كېرەكمۇ ياكى ئىنقىلاب تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەكمۇ، بۇ ھەربىر سىياسىي شەخس

① جاڭ جىجوڭ: «70 يىلىدىن ئەسلىمە»، 5 - باب، 6 - بۆلۈم.

ئۈچۈن ئېيتقاندا قاتتىق سىناق ھېسابلىنىدۇ. جاڭ جىجوڭنىڭ بۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئالماقچى بولۇشى پەقەت مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ مەسئۇتنى ئالدىغا چىقىرىپ، ئۆزىنى پەردە ئارقىسىغا چېكىنىشتىكى چىقىش نوقتا، يەنىلا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈندۇر.

جاڭ جىجوڭ مەسئۇت رەئىس بولسا قارشىلىق چوڭ بولمايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. مەسئۇت ئۇزۇن ۋاقىت نەنجىڭدا تۇرغان، جياڭ جيېشى ئۇنى بىر قەدەر چۈشەنگەن؛ ئۇ ئىللىق، يەنە كېلىپ تىنچلىق سۆھبىتى ۋاقتىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى رەھىمجاننىڭ تاغىسى بولۇپ، ئىلىدا كۆپلىگەن ئادەملەر بىلەن ئالاقىسى بار؛ يەتتە ۋىلايەت تەرەپتىكىلەرمۇ ئۇنى شىنجاڭنىڭ رەھبىرى دەپ قارايدۇ. ئەمما، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ مەسئۇتقا قارىتا پوزىتسىيىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى توغرىسىدا، جاڭ جىجوڭدىمۇ ئانچە چوڭ ئىشەنچ يوق ئىدى ھەم ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قارشى چىقىپ قالسا، ئاقىۋەتنى يىغىشتۇرالماي قېلىشتىن قورقاتتى. ۋەھالەنكى، تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن، ئۆلكە رەئىسى مەركەزدىن بىۋاستە تەيىنلىنەتتى، شۇڭا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت ئەزالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنىنىڭ ئالدى - كەينىدە، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىدىن ئىبارەت قوشۇمچە ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىدىغانلىقى ھەمدە مەسئۇتنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللايدۇ. 1947 - يىل 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ 2830 - نومۇرلۇق ئاخباراتىدا ئېلان قىلىنغان ھۆكۈمەت بۇيرۇقىدا: جاڭ جىجوڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇمچە رەئىسلىكىدىن، ليۇمېڭچۈن باشقا مۇھىم ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە باش كاتىپلىقىدىن قالدۇرۇلغانلىقى، مەسئۇت شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە رەئىسلىكىگە، ئەيسا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇمچە باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكى، بۇرھان نەنجىڭگە بېرىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

بۇ خەۋەر ئېلان قىلىنىش بىلەنلا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا مەسئۇتقا قارشى چاپلانغان لوزۇنكا ـ شوئارلار پەيدا بولدى. شۇ كۈنى ئەخمەتجان جاڭ جىجۇڭدىن بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، جاڭ جىجۇڭنىڭ رەئىسلىكنى داۋاملىق قوشۇمچە بېجىرىشنى، ھېچ بولمىغاندا ئۆلكە باشلىقىنى خەلق سايلاپ چىققۇچە ئۆتەپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ مەسئۇتنىڭ بۇنداق بىر ئەكسىيەتچى پانتۈركىستنىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىشىنى زادىلا قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، بۇنداق زور مەسىلىدە ئىشتىن ئاۋۋال بىر مەسلىھەت قىلىنمىسا، دېموكراتىيە دېگەن قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالامدۇ، دەپ قارىدى. لېكىن، جاڭ جىجۇڭ ئەسلىدىكى پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى ھەمدە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كېڭەش ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى سايلىنىپ بولغانىدى، جاڭ جىجۇڭ 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئالدى بىلەن مەسئۇتنىڭ خىزمەت تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكچى، ئارقىدىن ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنى چاقىرماقچى بولدى. شۇ كۈنى، ئىلى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىدىن بىرسىمۇ قاتناشمىدى. مەسئۇت تەختكە چىقىشى بىلەنلا «پۈتۈن شىنجاڭدىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» نى تارقاتتى، مەسئۇت مۇراجىئەتنامىدە ئۆلكە رەئىسى بولغاندىن كېيىن مەركەزگە، خەلققە مۇتلەق مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى، شىنجاڭدىكى قېرىنداشلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىشىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، سەنمىنجۇيى ئاساسىدىكى دېموكراتىك، ئەركىن شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ يەنە بەش تۈرلۈك سىياسىي پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش؛ 2. پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىنى قوغداش؛ 3. سۇ ئىنشائاتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش؛ 4. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش؛ 5. جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشىلاش. ئۇ خەلقتىن «قانۇنىي ۋاسىتىلەر» ئارقىلىق «ئۆزىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى» نى قوغداش، «ھۆكۈمەت قانۇنى يول

قويغان دائىرىدە ياشاش» نى تەلەپ قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغانلار خېلى كۆپ ئىدى. مەسئۇتنىڭ خىزمەت تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىدا قەشقەردىن كەلگەن ئوسمان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى سالاھىيىتى بىلەن سۆزگە چىقىپ، جاڭ جىجۇڭدىن «ئۆز قولى بىلەن ئىمزالىغان تىنچلىق بىتىمىنى ۋە سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسىنى تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىش» نى تەلەپ قىلدى. سۆزىنىڭ مەنىسى مەسئۇتنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئىدى. مۇراسىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئوسمان قاتارلىق 40 نەچچە كېڭەش ئەزاسى جاڭ جىجۇڭغا خەت يېزىپ «رەئىس ئاساسىي قانۇن بويىچە سايلىنىشتىن ئاۋۋال ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە خادىملارنى ئالماشتۇرماسلىق» نى تەلەپ قىلدى. 6-ئاينىڭ 9-كۈنى، جاڭ جىجۇڭ جاۋاب خېتىدە: «1. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىشى، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا قىلچە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ؛ 2. مەركەز ئۆلكىلىك ھەيئەت ئەزالىرىنى يەڭگۈشلەشكە ھوقۇقلۇق؛ 3. مەركەز مەسئۇتنى ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلىشى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ چىقارغان مۇۋاپىق تەدبىر، مەركەزدىن بۇيرۇقنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس» دېگەنلەرنى بايان قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەتلەردىن كەلگەن كېڭەش ئەزالىرىدىن نەچچە ئون ئادەممۇ جاڭ جىجۇڭغا خەت يېزىپ، مەركەزنىڭ قارارىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، مەسئۇتنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى ئالقىشلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ ئىككى تەرەپ ئارىسىدا مەسئۇتنىڭ ھۆكۈمەت رەئىسى بولۇش مەسىلىسىدە كەسكىن توقۇنۇش يۈز بەردى.

5-ئاينىڭ 28-كۈنى چاقىرىلغان ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىدىن كېيىن، ھەرقايسى ۋىلايەتلەر بىردىن كۆرسەتكەن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىدىن تەشكىللەنگەن مۇدىرىيەت، چاقىرىلغان كېڭەش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ چىقىپ كېتىشى، مەسئۇتنىڭ رەئىس

بولۇشىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ قويىدىغانلىقىنى، ناۋادا بۇ تەكلىپلەر ماقۇللىنىپ قالسا، گومىنداڭ تەرەپ ئىنتايىن پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشىغا تۈرلۈك ئاماللار بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئۇلار مۇدىرىيەتتىن باشقا، يەنە ليۇ مېڭچۈن، ليۇزېرۇڭ، چۈي ۋۇ، ۋاڭ زېڭشەن، ئەخمەتجان، ئابباسوف قاتارلىق يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان گۇرۇپپا تەشكىللىدى ھەمدە ئۈچكە قارشى تۆت ئاۋاز بىلەن ئۈستۈنلۈك قازىنىپ، تۆۋەندىكى بەلگىلىمىنى ماقۇللىدى: 1. كېڭەش ئەزالىرىنىڭ تەكلىپلىرى شىنجاڭ بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىكى كېرەك؛ 2. تەكلىپلەردە گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ چېكىنىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىشقا، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ؛ 3. تەكلىپلەردە مەركەزنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش بۇيرۇقىغا قارشى تۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ بەلگىلىمىلەر ئۈچ ۋىلايەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ باشلىقى شيې يوڭشۈن، گارنىزون شتابى سىياسىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ ياڭتەن قاتارلىقلار نۇرغۇن خىراجەت ئاجرىتىپ گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنى بىزەپ، كاتتا زىياپەت راسلاپ، بەزى بىتەرەپ كېڭەش ئەزالىرىنى ئۆز ئەتراپىغا تارتتى ۋە يەتتە ۋىلايەتتىن كەلگەن كېڭەش ئەزالىرىنى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ كېڭەش ئەزالىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە قۇترىتىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇردى. ئۇلار يەنە ئۈچ ۋىلايەت بىلەن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋەكىل سانى ۋە سالاھىيىتى سايلام قانۇنىغا مۇۋاپىق ئەمەس دېگەننى باھانە قىلىپ، قايتىدىن تەكشۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. گومىنداڭ تەرەپنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، مۇدىرىيەت ئىچىدە بىردەك پىكىرگە كېلىشكە مۇمكىن بولمىغاچقا، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆلكىلىك كېڭەشمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى. يىغىننى ۋاقتىنچە توختىتىش، قاچان چاقىرىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قارار قىلىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى،

ئېچىلغان ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنى ئاخىرقى قېتىملىق يىغىن بولۇپ قالدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ئارقىدىن ئىلىغا قايتتى، قەشقەرنىڭ ۋەكىلىمۇ قايتىپ كەتتى. مەسئۇتنىڭ تەختكە چىقىشى، ئەمەلىيەتتە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ يىمىرىلگەنلىكى ئىدى.

مەسئۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، پۈتۈنلەي گومىنداڭنىڭ گۇماشتىسى بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قولچوماقلىرى دائىم ئىنقىلابىي ياشلارنى ئۇردى. ئەكسىيەتچىلەر كونتروللۇقىدىكى شىنجاڭ گېزىتخانا باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى ۋە بەزى تەھرىرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمىدا ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ماقالىلەرنى يېزىپ مۇشتىرىلاردىن خەت - چەك نامىدا ئېلان قىلدى، بۇ مەزگىلدىكى گېزىتلەردە ياۋۇزلۇق ھەددىگە تولغان ئەسەبىيلىك ئىپادىلەندى. ھەتتا «دۇنيادا ئالتوپىلاڭنى بېسىقتۇرۇشنىڭ مۇھىم تېپى» دېگەن ماۋزۇدىكى باش ماقالە ئېلان قىلىنىپ قورال كۈچى بىلەن تاقابىل تۇرۇش لازىملىقى تەشەببۇس قىلىندى. گومىنداڭنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، پانتۈركىستلار يەنە ئۇيغۇرچە «نۇر گېزىتى» چىقىرىپ ئۈچ ۋىلايەتكە كۈچەپ قارشى تۇردى ھەمدە ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» بىلەن قارشىلاشتى (تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى نەنلىياڭدا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» نەشر قىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان). گومىنداڭنىڭ تەشۋىقات ئورگانلىرى ئەخمەتجاننى ئادەم ئۇرۇش، نەزەربەند قىلىش قاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ پىلانلىغۇچىسى، ئەخمەتجان تۇرۇشلۇق جاي جەنۇبىي باغچا (نەنخۇايۈەن) جىنايەتچىلەرنىڭ ئۇۋىسى ۋە ئۇلار پاناھلىنىدىغان ماكان دەپ قارىلىدى. «جەنۇبىي باغچىنى تەكشۈرۈش» سەرلەۋھىلىك ئوبزوردا ئەخمەتجاننىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئەيىبلىدى ھەمدە ئامانلىق ساقلاش تارماقلىرىدىن جەنۇبىي باغچىنى ئاختۇرۇشقا جۈرئەت قىلىش تەلەپ قىلىندى. بۇ ئوبزوردىن جاڭ جىجۇڭمۇ خاپا بولۇپ، ئۇ ماقالىنى يازغان تەھرىرگە خىزمىتىدىن ئىستېپا سوراش توغرىسىدىكى بۇيرۇق چۈشۈردى. 2 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» دىكىلەر بىر پارچە تۈزىتىش بېسىپ، ئۆزىنى پەردازلىدى. ئەخمەتجانمۇ ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ

گېزىتى» دە ماقالە ئېلان قىلىپ ئۇلارغا قايتۇرما زەربە بەردى. ئۇ جالىڭ جىجۇڭغا يازغان ئاشكارا خېتىدە: «تەكشۈرۈشكە كېلىشىڭىزنى قارشى ئالىمەن» دېدى.

## 4 - بۆلۈم بەيتىك ۋەقەسى ۋە پىچان، نوقسۇنلاردىكى قوراللىق قوزغىلاڭ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ تەلتۆكۈس يىمىرىلىشى

1947 - يىلى 6 - ئايدا، شىنجاڭدا يەنە بەيتىك ۋەقەسى يۈز بەردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى باشقىچە غەرەز بىلەن ئۆسەك سۆزلەرنى تارقاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ۋەقە بىر مەھەل خەلقئارادا كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدىغان مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جەڭ مەيدانىدا مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، دەرھال تەشۋىقات قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ ۋەقەنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ خەلقنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى بۇراشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كۈچلىرىگە زەربە بېرىشكە (شىنجاڭدا بولسا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىگە زەربە بېرىشكە)، خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بارلىق كۈچلەرنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئوسمان 4 - ئاي ئوتتۇرىلىرىدا چوقبارتاس، بەيتىك ئەتراپىغا چېكىنىپ، گومىنداڭ تەرەپنىڭ ياردىمىنى داۋاملىق قوبۇل قىلدى ھەمدە ئىلىغا ھۇجۇم قىلىشقا ھازىرلاندى. 5 - ئايدا، ئوسماننىڭ قىسمى موڭغۇلىيە چېگرىسىغا كىرىپ موڭغۇلىيە ئەسكەرلىرىدىن سەككىز كىشىنى تۇتۇپ كەتتى. ئاتلىق 5 - جۈن 1 - شىسى (شىنىڭ شىجاڭى خەن يۇۋېن) نىڭ 2 - تۈەنى (تۈۋەننىڭ تۈەنجاڭى خەن پەن)

دىكى ماشىنچىن لىيەنى بەيتىك تېغىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندا، موڭغۇلىيە قوشۇن-
لىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە
قىسىملىرى ئەسلەتمە خەت (مېمۇراندوم) تاپشۇردى. ئۇنىڭدا «5 - ئاينىڭ
12 - كۈنى، خەنزۇ، قازاق قوشۇنى قانۇنسىز تۈردە موڭغۇلىيە چېگرىسىد-
دىن ئۆتۈپ بەيتىك تېغىدا موڭغۇلىيە ئەسكەرلىرىدىن سەككىز كىشىنى
تۇتۇپ كەتتى. بۇ موڭغۇلىيىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىگە ۋە جۇڭگو بىلەن
موڭغۇلىيىنىڭ دوستلۇقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قىلمىش، جۇڭگو تە-
رەپ 48 سائەت ئىچىدە داۋتاتورت تېغىنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىد-
غان قوجۇرتاي تېغىغا جايلاشقان گازارمىلاردىن چېكىنىپ كېتىشى، دې-
رەكسىز يوقىلىپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەك، ئۇنداق
بولمىسا، جۇڭگو تەرەپ كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتكە مەسئۇل بولى-
دۇ[1] » شۇنىڭدىن كېيىن، گوچۇڭدا تۇرۇشلۇق شىنىڭ شىجاڭى خەن يۇ-
ۋېن موڭغۇلىيىنىڭ ئەسكەرلىرىنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق
چۈشۈردى.

بەيتىك تېغى جۇڭگونىڭ زېمىنى، گوچۇڭغا 200 كىلومېتىر كېلىدۇ.
ئىزچىل تۈردە ئالتايدىكى تورغاتلارنىڭ مىچىۋاڭى باشقۇرۇپ كەلگەن-
دى[2] . 1913 - يىلى قوبدۇ - ئالتاي ئۇرۇشى ۋاقتىدا، تاشقى موڭغۇلىيە
دائىرىلىرى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، چاغان تۇڭگۇدا تۇرۇشلۇق تۆەننىڭ
تۆەنجاڭى جاڭ جيەنگە: «سىلەر جۇڭگو زېمىنىنى قوغدىماقچى بولساڭلار،
قوشۇنۇڭلارنى بەيتىككە تۇرغۇزۇشۇڭلار كېرەك، ئېمىشقا موڭغۇلىيە يايلى-
قىغا كىرىسىلەر[3] » دېگەن، بۇنىڭدىن شۇ چاغدا تاشقى مۇڭغۇلىيىمۇ بەي-
تىكنى جۇڭگو زېمىنى دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.
1914 - يىلى بورگىن باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلغان[4] . بەيتىك
ئۇنىڭ قارمىقىدا بولغانىدى. بۇ تاغ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن

---

① جاڭ جىجۇڭ: «70 يىلمىدىن ئەسلىمە» 5 - باب، 5 - بۆلۈم، «بەيتىك ۋەقەسى مەسىلىسى».
② ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 4 - قىسىم، 29 - بەت.
③ ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»، 3 - قىسىم، 48 - بەت
④ ئالدىنقى ئىزاھ بىلەن ئوخشاش، 3 - قىسىم، 8 - بەت.

15 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى ئون كىلومېتىر، ئەڭ ئېگىز چوققىسى ئالتۇنئوبا، دېڭىز يۈزىدىن 3290 مېتىر. ماشىجىن ئالتۇنئوبا چالتاي چوققىسى، چوڭ - كىچىك قوجۇرتاي ئەتراپلىرىدىمۇ خېلى مۇستەھكەم ئىستىھكام قۇرغانىدى. 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ئېلىمىز چېگرىسى ئىچىدىكى بەيتىك تېغىنى ساقلاۋاتقان لىيەننىڭ لىيەنجاڭى ماشىجىن باشچىلىقىدىكى قىسىمنى ئۆزى ساقلاۋاتقان جايدىن چېكىنىپ چىقىشنى يولسىزلىق بىلەن تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە ماشىجىن قىسمى ساقلاۋاتقان جايىنى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ زېمىنى دەيدۇ. ماشىجىن «بىز تۇرۇۋاتقان يەر تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىدىن كۆپ يىراق، مەن بۇ يەرنىڭ سىلەرگە تەۋەلىكىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان، لىيەنىمىز بۇ يەرنى بۇيرۇققا بىنائەن ساقلاۋاتىدۇ، بىزنىڭ زېمىنىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىمىز بار. يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىسىز چىقىپ كەتمەيمىز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، تاڭ سەھەردە، تاشقى موڭغۇلىيە قىسىملىرىنىڭ كۈچەيتىلگەن بىر يىلڭ، زەمبىرەكچىلەر لىيەنى قىزىل بەش يۇلتۇز بەلگىسى بار ئايروپىلانلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن چوقبارتاس، ئۇلانبۇلاق ئەتراپىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. ماشىجىن لىيەنى بىلەن باتۇرانە قارشىلىق كۆرسىتىپ، موڭغۇلىيە قوشۇنىنىڭ كۆپ قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. ئۇرۇش گۇگۇم چۈشكەندە ئاندىن پەسەيدى. ئۇرۇشتا ماشىجىن قىسمىدىن ئون نەچچە ئەسكەر ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى، بىر قانچە ئات ئۆلدى.

شۇ كۈنى كەچتە، ماشىجىن ئۆزىنىڭ جۇنجاڭى ماچېڭشياڭغا تېلېگرامما بېرىپ توقۇنۇشنىڭ جەريانىنى مەلۇم قىلدى. تېلېگراممىدا ئۇرۇشقا قاتناشقان بەش ئايروپىلان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دېيىلگەنىدى. 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سەھەردە، سۇڭ شىلىيەن ماشىجىننىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن، دەرھال ھەربىي مەجلىس چاقىرغان، يىغىندا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ تۆۋەندىكىدەك قارار قىلىنغان:

1. گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق 1 - شى 2 - تۇەننىڭ تۇەنجاڭى خەن

پەن تۈەننىڭ ئاساسىي كۈچىنى باشلاپ (بىر لىيەننى گۇچۇڭنىڭ شىمالىدا مۇداپىئە كۆرۈشكە قالدۇرۇپ)، بەيتىككە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاتلانسۇن؛ 2. تەمىنات ئىدارىسىنىڭ شتاب باشلىقى لۇۋبىنشەن بەيتىك قىسىملىرىغا تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش ئۈچۈن گۇچۇڭغا ئەۋەتىلسۇن. بۇ جەھەتتىكى ترانسپورت ئىشلىرى ئۈچۈن بىر ئاپتوموبىل لىيەنى (تەخمىنەن ئون نەچچە ئاپتوموبىل ۋە بىر تۆگە كارۋىنى) ۋە شۇ يەردىكى بىر قىسىم ھارۋىلار ئاجرىتىلسۇن؛ 3. ئاتلىق 5 - جۈننىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى فۇكاڭغا بېرىپ، گۇچۇڭ تەرەپكە ياردەم بېرىشكە تەييار تۇرۇش ئۈچۈن دەرھال بىر تۈەن ئەۋەتىلسۇن؛ 4. ئىلى تەرەپ بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەر قايسى قىسىملارغا ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ مۇداپىئەنى كۈچەيتىش توغرىسىدا دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈلسۇن؛ 5. ئەھۋالنى چۈشىنىش ۋە گۇچۇڭدىن بەيتىككە بولغان ئارىلىقتىكى جايلارنىڭ ھەربىي جۇغراپىيىۋى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بەيتىككە بىر مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى (باش شتاب ۋە ئاتلىق 5 - جۈندىكى شتاب خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان) ئەۋەتىلسۇن؛ 6. ۋەتەن تۇپرىقىنى باتۇرلۇق بىلەن قوغدىغان ماشجېن لىيەنى مۇكاپاتلانسۇن، بۇ لىيەندىكى كوماندىر - ئەسكەرلەرگە مۇكاپات پۇلى بېرىلسۇن؛ 7. تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ بىزگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللار تېلېگرامما ئارقىلىق نەنجىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا ۋە لەنجۇدىكى غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلىنسۇن①.

سۇڭ شىلىيەن خىزمەتلەرنى يۇقىرىقىدەك ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، يەنە جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشىدا مۇنداق ئىككى خىل ئېھتىمال: بىرى، ئىلى تەرەپنىڭ ئۇسماننىڭ كۈچلىرىنى يوقىتىشىغا ماسلاشماقچى؛ يەنە بىرى، ئۇسماننى يوقاتقاندىن كېيىن بەيتىكتىن جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ بىزنىڭ

① سۇڭ شىلىيەن: «بەيتىك ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ۋە جەريانى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 3 - سان، 133 -، 134 - بەتلەر.

گۇچۇڭ، بارىكۆل، يەتتىقۇدۇق ئەتراپلىرىدىكى يەرلىرىمىزگە ھۇجۇم قىلىپ گەنسۇ بىلەن شىنجاڭنىڭ قاتناش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىشى، ئاندىن كېيىن ماناس دەرياسىدا ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قوزغاپ، بىزنى ئىلى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرگە كۆنۈشكە قىستاپ ئاخىرىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشنى كۆزلىگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ھېسابلىدى①. سۇڭ شىلىيەن ئىككىنچى خىل قاراشنىڭ ئېھتىمالى چوڭ دەپ ھېسابلىدى.

تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئۆزلىرىنى بىر كۈن تەرتىپكە سېلىپ ۋە تەييارلىق قىلىپ، 7 - كۈنى ئەتتىگەن سائەت سەككىزدە قايتىدىن يېڭى ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن ئايروپىلان بىلەن ئىستىھكاملىرىمىزنى رازۋېدكا قىلدى. ئارقىدىن بومباردىمان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېغىر پىلىموتلارنىڭ ھىمايىسىدە ماشىجېن لېيەنگە قاتتىق ھۇجۇم قوزغىدى. ماشىجېن لېيەنىدىكىلەر ئۆلسىمۇ ئىستىھكامدىن ئايرىلماسلىق نىيىتى بىلەن باتۇرانە قارشىلىق كۆرسەتتى. ئوسمانمۇ قوشۇن باشلاپ جەڭگە قاتناشتى. ئۇرۇش گۇگۇمگىچە داۋاملاشتى. 2 - كۈنى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى يەنە ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ چاغدا ياردەمچى قىسىملاردىن ئاتلىق 2 - تۇەننىڭ ئادەملىرى ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كېلىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە باشلىدى. تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنى بەيتىك تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىككە چېكىندى. بۇ بىر نەچچە كۈنلۈك جەڭدە تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنىدىن 30 نەچچە ئادەم ئۆلدى، تەخمىنەن 100 گە يېقىن ئادىمى يارىلاندى؛ جۇڭگولۇق ئەسكەرلەردىن 20 نەچچە ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى، 10 دىن ئارتۇق ئات ئۆلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى دائىم ئايروپىلان بىلەن بەيتىك تېغىنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىپ ئۇچۇپ رازۋېدكا قىلدى. تېخى ئىككى - ئۈچ قېتىم گۇچۇڭ ئاسمىنىدىمۇ رازۋېدكا قىلدى 6 - ئاينىڭ

---

① سۇڭ شىلىيەن: «بەيتىك ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ۋە جەريانى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 3 - سان، 133 -، 134 - بەتلەر.

15 -، 17 -، 20- كۈنلىرى كىچىك كۆلەمدە داۋام قىلدى. 6 - ئاينىڭ 26-، 27- كۈنلىرى تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى يەنە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاپ، ئايروپىلان، زەمبىرەكلەر بىلەن بەيتىك تېغىدىكى ئىستىھكاملارنى پاچاقلىۋەتمەكچى بولدى. 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر قېتىم كەسكىن جەڭ بولدى. 1948 - يىل 9 - ئايدىن كېيىنلا ئۇرۇش ئاندىن توختىدى.

ۋەقە يۈز بەرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، گومىنداڭ مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ ئۇرۇمچى شۆبىسى تۆرلۈك ئۇسەك خەۋەرلەرنى تارقىتىپ: «ھەربىي تەرەپنىڭ ئىسپاتلىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۆت ئايروپىلانى 5 - كۈنى چۈشتە بىزنىڭ بەيتىكتە تۇرۇشلۇق چېگرا مۇداپىئە قوشۇنىمىزنى بومباردىمان قىلدى ھەمدە تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ بەيتىكتە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلىشىغا ماسلاشتى. ئايروپىلانلار پەس ئۇچۇپ بومباردىمان قىلىپ ۋە ئوققا تۇتۇپ، ئارمىيە خەلقىمىزدىن نۇرغۇن كىشىنى زىيان - زەخمەتكە ئۇچراتتى. ھازىر تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئىككى ئاتلىق يىگى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىگە 600 چاقىرىم تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، قوشۇنىمىز ئۇلار بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىۋاتىدۇ» دەپ بىلجىرلىدى[1]. جياڭ جيېشى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ئەۋەتكەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بۇ ۋەقەدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى تەشۋىقات قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ، كۆرمىشىنىڭ تىغ ئۇچىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قارىتىپ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دىققىتىنى بۇراپ، ئىچكى ئۇرۇشتا ئۇچرىغان مەغلۇبىيىتىنى يوشۇرۇپ قالماقچى بولدى. جياڭ جيېشى 1946 - يىل 7 - ئايدا ئازاد رايونلارغا نۇقتىلىق ھۇجۇم قوزغىغان بىر يىلدىن بۇيان، ھەربىي جەھەتتە قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دۈشمەننىڭ مۇنتىزىم قوشۇنىدىن 97 لۇي، 780 مىڭ كىشى، قورچاق قوشۇن، ئاماندىقنى ساقلاش قىسمىدىن 340 مىڭ كىشى، جەمئىي 1 مىليون 200 مىڭ

---

[1] جياڭ جىجۇڭ: «70 يىلىدىن ئەسلىمە» 5 - باب، 5 - بۆلۈم «بەيتىك ۋەقەسى مەسىلىسى».

ئادەمنى يوقاتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ئىقتىسا-
دىي جەھەتتىن كەڭ كۆلەمدە تالان - تاراج قىلغانلىقى ۋە جۇڭگودىكى تۆت
چوڭ ئائىلىنىڭ دۆلەت بايلىقىنى قاقتى - سوقتى قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن،
گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايوندىكى مىللىي ئىگىلىك ئومۇمىيۈز-
لۈك كرىزىسكە ئۇچراش ۋە يىمىرىلىش باسقۇچىغا بېرىپ قالدى. ئامېرىكا
جاھانگىرلىكى بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش
پۈتۈن مەملىكەتتىكى شەھەر - يېزىلارغا كېڭەيدى. ئوقۇغۇچىلار ۋە خەلق
ئاممىسى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاچارچىلىققا، ئىچكى
ئۇرۇشقا، زىيانكەشلىك قىلىشقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قوزغاپ،
گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايوندا چىرىك ھۆكۈمرانلىققا قارشى
3 - فرونتنى شەكىللەندۈردى. مەملىكەت بويىچە ئىچكى ئىنقىلاب شارائىتى
پىشىپ يېتىلگەندى. قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش، نىشانىنى بۇزۇۋېتىش،
سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، جياڭ جيېشى
باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە «مەر-
كىزىي گېزىت» ، «تىنچلىق گېزىتى» قاتارلىق ھۆكۈمەتكە تەۋە گېزىتلەر
مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقى ئۇرۇمچى شۆبىسى تارقاتقان يۇقىرىقى
خەۋەرنى كۆچۈرۈپ باستى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى باش ماقالە ئېلان
قىلىپ بەيتىك ۋەقەسىنى ئاتالمىش «غەربىي شىمالدىكى 18 - سىنتەبىر
ۋەقەسى» دەۋالدى. گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ئورگىنى ( پىرقىسى ) جايلار-
دىكى ئاتالمىش «خەلق ئىرادىسى» بويىچە ئىش كۆرىدىغان ئورگانلار،
«ئىجتىمائىي تەشكىلات» قاتارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش
چىقىرىش، مەركەزنىڭ قاتتىق دىپلوماتىيە سىياسىتى قوللىنىشنى تەلەپ
قىلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى. 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، جياڭ جيېشى
يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش بىلەن داڭقى چىقار-
غان شەخس - دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بەي چۇڭشىنى بەيتىك تېغىنى
كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتىپ، شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ۋەزى-
يەت پەيدا قىلماقچى بولغاندا، جاڭ جىجۇڭ چەكلەپ قويدى. گومىنداڭنىڭ
تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن موڭغۇلىيە خەلق

جۇمھۇرىيىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 1947 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى فېدىلىن ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ نەنجىڭدىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بەيتىك ۋەقەسىگە قاتناشقانلىقىنى ئىنكار قىلدى؛ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئۆزىنىڭ موسكۋادىكى ئەلچىسى ئارقىلىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پۇبىنچاڭغا جاۋاب قايتۇرۇپ، بەيتىك موڭغۇلىيە چېگرىسى ئىچىدە، جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ موڭغۇلىيە تەۋەسىگە بېسىپ كىرگەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرىمىز دەپ كۆرسەتتى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يەنە ئامېرىكا كونسۇلى ۋە گېزىت - ژۇرناللارنىڭ مۇخبىرلىرىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى جامائەت پىكرى تەييارلىدى. ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ماكىنان ئۇساننىڭ ھەمراھلىقىدا بەيتىك تېغىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ يەر شەكلىنى خەرىتىگە ئالدى. 1947 - يىل 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئامېرىكا خەلقئارا ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ مۇخبىرى روبېرتسون، ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى ماستېرسون، «نيۇ -يورك كۈندىلىك خەۋەرلەر گېزىتى» نىڭ ئايال مۇخبىرى پاركېر، «نيۇ - يورك پېشۋالار مۇنبىرى گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى راند، گېرمانىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى سالۋاۋېللى قاتارلىق كىشىلەر مۇخبىرلىق قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدى، بەزىلەر بەيتىككىمۇ باردى①.

بەيتىك تېغىدىكى ئوق ئاۋازىنىڭ ساداسى بېسىقماي تۇرۇپلا، تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردىكى قوراللىق ئامما گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ئازاد رايونلاردا كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ خېلى بىر قىسمى شىمالىي شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن

① سۇلۇڭ شىلىيىن: «بەيتىك ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ۋە جەريانى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 3 - سان، 142 - بەت.

پايدىلىنىپ، 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، پىچان پارتىزانلىرىدىن 600 نەچچە كىشى لەمجىندىكى ساقچى ئىدارىسىگە بېسىپ كىرىپ بارلىق ساقچىلارنى ئۆلتۈرۈپ، قورال-ياراغلىرى بىلەن ئاتلىرىنى غەنىيمەت ئالدى. بۇ غەلىبىدىن كېيىن ئۇلار يەنە خەندۇڭ ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قوزغىغاندا، ئىستىھكام ئىچىدىكى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. قوراللىق ئامما پىچاننىڭ شەرقىي شىمالى بىلەن گۇچۇڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆكيار تېغىغا چېكىندى. ئاشلىق تارتىۋېلىش ئۈچۈن 200 دىن ئارتۇق قوراللىق كىشى ياڭخې ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلىپ ساقچىلاردىن بىر نەچچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، بىر قانچە مىلتىق ئولجا ئالدى ھەمدە شۇ جايدىكى ئامباردا ساقلىنىۋاتقان 10 مىڭ دادەندىن ئوشۇقراق ئاشلىقنى پۈتۈنلەي توشۇپ كەتتى. ئارقىدىن، ئۈچ ناھىيىدىكى قوراللىق كۈچلەردىن ئۇيۇشقان قوشۇن كۈمۈش بىلەن سىڭگىم ئېغىزىغا ھوجۇم قىلدى. 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، توقسۇن پارتىزانلىرىدىن 200 - 300 كىشى جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولىدىكى مۇھىم ئۆتكەل كۈمۈشكە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغاپ 128 - شىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئىككى ليەنى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلدى. پارتىزانلاردا ئېغىر قۇراللار بولمىغاچقا، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، قۇربان بېرىش، يارىلىنىش ئېغىر بولدى. 14 - كۈنى گومىنداڭنىڭ 128 - شىسىنىڭ بىر تۇەن ئەسكىرى قارا شەھەردىن ياردەمگە كەلگەندىن كېيىن، پارتىزانلار ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي تارقىلىپ كەتتى.

كۈمۈشتە ئۇرۇش باشلانغان چاغدا، ئابدۇراخمان قاتارلىقلار ئاستانە ئەتراپىغا بېرىپ 1000 دىن ئارتۇق پارتىزان ۋە ئاممىنى تەشكىللەپ، 20 دىن ئارتۇق ئېغىر - يېنىك پىلىموت، 600 چە مىلتىق بىلەن قوراللانغان ھالدا، 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سەھەردە گومىنداڭنىڭ سىڭگىمدە تۇرۇۋاتقان بىر ليەن ئەسكىرىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. پارتىزانلار ۋە ئامما دەسلەپتە سىڭگىم ئېغىزىنىڭ جەنۇبىي شىمالىدىكى ئېگىزلىكنى ئىشغال قىلىپ، ئارقىدىن 20 نەچچە پىلىموتنىڭ ھىمايىسىدە ئىستىھكام ئىچىدىكى

دۈشمەنگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىدۇ. دۈشمەنلەرنىڭ ئىستىھكامى مۇستەھكەم بولغاچقا ئىشغال قىلالمايدۇ. ئۇلار يەنە ئابدۇراخماننىڭ باشچىلىقىدا گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ياردەمگە كېلىشىنى توسۇپ، ئىستىھكامدىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن، تۇرپان بىلەن پىچان ئارىلىقىدىكى تېلېفون سىم يوللىرىنى ئۈزىدۇ، سىڭگىمنىڭ ئەتراپىدىكى تاشيولنىڭ كۆۋرۈكلىرىنى پارتلىتىۋېتىدۇ، سىڭگىمنىڭ ئەتراپىدىكى تاش يولنى، كۆرۈكنى پارتلىتىۋېتىدۇ. سىڭگىمنىڭ ئەتراپىدىكى تاشيولنى، كۆرۈكنى پارتلىتىۋېتىدۇ. 13 - كۈنى كەچتە، پارتىزانلاردىن نەچچە يۈز كىشى شوتا قويۇپ خەندەكتىن ئۆتۈپ ئىستىھكامغا يېقىنلىشىپ قايتا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغايدۇ؛ دۈشمەنلەر سىمسىز تېلېگراف ئارقىلىق باش شتابتىن تېز ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاتلىق 5 - جۇڭگە بىۋاسىتە قاراشلىق بىر تۈمەن توقسۇننى ساقلاشقا بىر لىيەن ئەسكەر قالدۇرۇپ قويۇپ، 14 - چېسلا چۈشتىن ئاۋۋال سىڭگىم ئەتراپىغا ياردەمگە يېتىپ كېلىدۇ. ئاپتو ماشىنىسىدا قۇمۇلدىن كەلگەن ئالدىن يۈرەر يىگىمۇ سىڭگىمنىڭ شەرقىغە يېتىپ كېلىدۇ. ئابدۇراخمان شەرق ھەم غەربتىن، ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن زەربىگە ئۇچراشتەك قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، قوشۇنلارنىڭ بىر قىسمىنى ياڭخى، قاراخوجا، ئاستانە، مۇرتۇق، سۇبېشى قاتارلىق جايلارغا چېكىنىشكە يېتەكچىلىك قىلدى، چېكىنىش داۋامىدا 280 نەچچە ئادەم ئېغىر زەخمىگە ئۇچرىدى، قالغان 400 دىن ئارتۇق كىشى كۆكيار تېغىغا يۆتكەلدى. بۇ پارتىزانلار يەنە 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، يەتتە قۇدۇقتا تورۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. كېيىن ئۇلار كۆكيار تېغىنى بازا قىلىپ، دائىم تۇرپان، پىچان، گۇچۇڭ، مورى دەرياسى ئارىلىقىدىكى قاتناشقا توسقۇنلۇق قىلدى. 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ، گومىنداڭ قوشۇنى تاغ ئىچىدە تازىلاش ئېلىپ باردى، دۈشمەنلەر بىلەن بولغان جەڭلەردە پارتىزانلاردىن يەنە 100 دىن ئارتۇق ئادەم زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىدى. پارتىزانلار چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ ئاچلىققا بەرداشلىق بېرىپ دۈشمەنلەرنىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۈچبولاق، شياۋساۋخۇ، ئالغۇيدىن ئۆتۈپ تىيانشاننىڭ غەربىنى بويلاپ چېكى-

ىنىپ 1947 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، غۇلجىغا يېتىپ بېرىپ، ھەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

تۇرپان، پىچان، توقسۇن قوزغىلاڭلىرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇ رايونلاردا كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇش ئېلىپ باردى. مەسئۇتنىڭ يېقىن ئادىمى تۇرپاننىڭ ھاكىملىقىغا، جۇنتۇڭ (ھەربىي سوستاۋ) ئىشپىيونلىرىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لى خۇگېيۇن ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. لى خۇگېيۇن خىزمەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەرگە رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىك قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، گومىنداڭنىڭ جايلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنى كىشىلەرنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلدى. قەشقەر ۋىلايىتىدىلا 40 ـ 50 چە ئادەم قولغا ئېلىندى.

گومىنداڭ سىياسىي جەھەتتە پانتۈركىست مەسئۇتنى يۆلەپ تەختكە چىقارغانلىقى، ھەربىي جەھەتتە ئوسمان ۋە قالىبەكلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلىشىنى قوللىغانلىقى ھەمدە تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردىكى قوراللىق قوزغىلاڭنى باستۇرغانلىقى ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتى پۈتۈنلەي بۇزۇلدى، تىنچلىق بىتىمى يىرتىپ تاشلاندى. 1947 - يىل 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئەخمەتجان ئۆرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتىپ كەتتى، ئۇزاق قالماي، باشقا ۋەكىللەر يەتتە ۋىلايەتنىڭ بىر قىسىم ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن غۇلجىغا قايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پۈتۈنلەي يىمىرىلدى.

# ئون ئىككىنچى باب

## شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى

### 1 - بۆلۈم شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى مەسئۇلىنىڭ ئورنىغا بۇرھان شەھىدىنىڭ رەئىس بولۇشى

جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۆلكە مەركىزىگە قايتىپ كېلىشىگە تۆرتكە بولۇش، يىمىرىلگەن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەنە ھەمكارلىشىش ئۈچۈن، ئىككى مۇھىم تەدبىر قوللاندى: بىرىنچى، سۇڭ شىلىيەننىڭ خىزمىتىنى ئالماشتۇرۇپ، ئورنىغا غەربىي - شىمال ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تاۋ سىيۆنى قوشۇمچە شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى؛ ئىككىنچى، مەسئۇتنىڭ خىزمىتىنى ئالماشتۇرۇپ، ئورنىغا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قوبۇل قىلالايدىغان شەخس - بۇرھاننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. كادىرلار جەھەتتىكى بۇ مۇھىم ئالماشتۇرۇش ئوبيېكتىپ جەھەتتە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

سوڭ شىلىيەن ئۈچ ۋىلايەتكە ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەن شەخس، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ كەلگەن، ئۇنى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەرنىڭ پىلانلىغۇچىسى، ئوسمان ۋە قالىبەكلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلغۇچى ۋە ئۇلارنى ئۇيۇشتۇرغۇچى دەپ قارايتتى، جاھىللىق قىلىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلغۇچى بۇنداق بىر شەخسنى داۋاملىق شىنجاڭدا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەنە ھەمكارلىشىشنى تەلەپ قىلىش زادىلا ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش ئىدى. بۇ چاغدا، ئىچكى ئۇرۇشمۇ دەل سوڭ شىلىيەنگە ئوخشاش كومپارتىيىگە قارشى بىر گېنېرالغا موھتاج بولغاچقا، جياڭ جيېشىنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، سوڭ شىلىيەن 1948 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭدىن يۆتكىلىپ، خۇبېينىڭ غەربىگە بېرىپ خۇاجۇڭ باندىتلارنى تازىلاش مۇئاۋىن قوماندانى بولدى، تاۋسىيۇ قوشۇمچە شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى.

مەسئۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ زىددىيىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئۇ چوڭ پانتۈركىست، مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى مۇھەممەت ئىمىننى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى، سەنچىڭتۇەننىڭ پىرقە باشلىقى ئەيسانى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى قىلدى، بىر قىسىم پانتۈركىستلار ۋالىي، ھاكىم، ئويۇشما مەكتىپى ۋە بەزى نۇقتىلىق مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار يەنە تۈرك تىلى، تۈرك يېزىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى كۈچەپ يولغا قويدى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تۈرك ئۆلكىسى (تۈركىستان) دەپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈرك مىللىتى دەپ ئاتاپ، ئۇلارنىڭ تىلى، يېزىقىنى تۈركلەشتۈرۈشكە ئۇرۇندى. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەسئۇت، مۇھەممەت ئىمىنلارنىڭ باشچىلىقىدا تۈرك تىل - يېزىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تەتقىقات گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، ئۇيغۇر يېزىقىنى تۈركلەشتۈرۈش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ئۇنى ھەر مىللەت خەلقىگە تەشۋىق قىلدى ۋە كېڭەيتتى. پانتۈركىزمنى تەرغىب قىلىدىغان «ھۆرىيەت گېزىتى» گە

بىسلىغان: «بىز مىللەتچىلەر»، «بىز دىنچىلار» دېگەن ئىككى شوئار ئۇيغۇرلار زادىلا ئادەتلەنمىگەن تۈرك تىلىدىكى سۆز ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىن مەقسىتى ـ سىياسىي جەھەتتە پانتۈركىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، مەدەنىيەت جەھەتتە ھەر مىللەتنىڭ ئەسلىدىكى تىلى، مەدەنىيىتىنى دەپسەندە قىلىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇلار دائىم «دەرنەك[1]» ئۆتكۈزۈش، مىللەت، تارىخ، ئەدەبىيات، تىل قاتارلىقلاردىن لېكسىيە سۆزلەش قاتارلىق ئىلمىي پائالىيەتلەردىن پايدىلىنىپ پانتۈركىزمنى تەرغىب قىلدى. مۇھەممەت ئىمىن شىنجاڭ شۆبىسىدە تارىختىن لېكسىيە سۆزلەشنى باھانە قىلىپ شىنجاڭ تارىخىنى، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆز ئارا بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى، شىنجاڭنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش تارىخىنى غەرەزلىك ھالدا بۇرمىلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار بەزى ھوقۇقلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشنى ۋە يۇكسەك ئاپتونومىيە (مۇستەقىل بولۇشنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى) نى تېخىمۇ ئاشكارا تۈردە تەرغىب قىلدى، گومىنداڭ مەركىزىگىمۇ ئانچە ئىتائەت قىلماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. مەسئۇتنىڭ ئوغلى مەي خۇەنشىن (يەنى ئارتۇغرۇل) جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆزى بىلگەننى قىلىپ، يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئالماشتۇردى. خەلق رايى ئورگانلىرىنى مەنسىتمىدى. ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنى خورلىدى، ئەدلىيە، مەمۇرىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتى، تار مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى تارقاتتى، چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق چەتكە قاقتى. مەسئۇتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا شىنجاڭنىڭ مالىيە ئەھۋالى پۈتۈنلەي خارابلاشتى، پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالدى، تالىشىپ سېتىۋېلىش دولقۇنى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيدى. ھۆكۈمەت قەغەز پۇلنى ناھايىتى كۆپ

① پانتۈركىستلارنىڭ يىغىلىشى.

باستى، 1947 ـ يىلى 12 ـ ئايدا 2 يۈەنلىك ئۆلكە پۇلى تارقىتىلغان بولسا، 1948 ـ يىلى 12 ـ ئايغا كەلگەندە 3 مىليون يۈەنلىك ئۆلكە پۇلى تارقىتىلىپ، پۇلنىڭ قىممىتى 1500 ھەسسە كۆپەيتىلدى. مەسئۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئۇنىڭ بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلدى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىرى جاڭ جىجۇڭغا كۆپ قېتىم خەت يېزىپ مەسئۇتنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى ۋە مەسئۇت ھەم پانتۈركىست، ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇنسۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

سىياسىي جەھەتتىكى يەنىمۇ مالىمانچىلىق ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى خارابلىشىش جاڭ جىجۇڭنىڭ مەسئۇتنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. 1948 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جاڭ جىجۇڭ ليۇمېڭچۈن، چۈي ۋۇ، ليۇزېرۇڭلارنى لەنجۇغا چاقىرىپ كېلىپ مەسئۇتنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە نەنجىڭغا بېرىپ جياڭ جيېشىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالدى. جاڭ جىجۇڭ بۇرھاننى ئۆلكە رەئىسى قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، ئۇنىڭ قارىشىچە بۇرھان 1947 ـ يىلى نەنجىڭغا بېرىپ ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى①، بۇرھان كىشىلەرگە خۇشخۇي، مۇلايىم مۇئامىلە قىلاتتى ھەم خەنزۇچە سۆزلىيەلەيتتى، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ يامان ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۆلكە رەئىسى بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ نامزات ئىدى. 1949 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئەخمەتجان 1 ـ مۇئاۋىن رەئىسلىككە (ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالمىغان)، مەمتىمىن 2 ـ مۇئاۋىن رەئىسلىككە، قوشۇمچە تەمىرات نازىرلىقىغا، جانىمقان مالىيە نازىرلىقىغا، ۋاڭ زېڭشەن خەلق ئىشلىرى نازىرلىقىغا، ليۇ مېڭچۈن باش كاتىپلىققا تەيىنلەندى.

---

① بۇرھان 1948 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى بولغان، بۇرھان: «شىنجاڭنىڭ 50 ـ يىلى»، 328 ـ بەت.

بۇرھان ھاكىمىيەت باشقۇرغان مەزگىلدە جاڭ جىجۇڭنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنى ئىجرا قىلدى، ئۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كۈنى «پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە مۇراجىئەت» ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭدا «پېقىر مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ سادىق چاكىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەركەزنىڭ ئىستىكىگە ئاساسەن، مۇدىر جاڭ جىجۇڭنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىش، سىياسىي پروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن» دەپ ئىپادە بىلدۈردى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن جاڭ جىجۇڭنىڭ «تىنچلىق، دېموكراتىيە، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق» سىياسىي تەشەببۇسىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرىدىغانلىقىنى، خىيانەتچىلىك، قىمارۋازلىق، نەشە - ئەپيۇنكەشلىكنى تۈگىتىدىغانلىقىنى، جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ مۇراجىئەتنامە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە تۆت خىل يېزىقتا بېسىلىپ پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىتىلدى.

مالىيە قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن 1949 - يىلدىن باشلاپ ليۇزېرۇڭ، ليۇمېڭچۈن، مۇھەممەت ئىمىنلار (ئايرىم - ئايرىم ھالدا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا، غەربىي شىمال مۇدىر مەھكىمىسىگە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن) سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭ - سوۋېت سودىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ تېرە، يۇڭ، پىلە، پاختا، گىلەمقاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى ۋە شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى ئالماشتۇرۇشنى، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى، خۇسۇسىلار باشقۇرۇشىدىكى ئورگانلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىۋاستە مال بۇيرۇتسا بولىدىغانلىقىنى، كېلىشىم مۇددىتى بەش يىل بولىدىغانلىقىنى، ئىقتىسادىي ھەمكارلىقتا شىركەت قۇرۇش شەكلى قوللىنىلىدىغانلىقىنى، سەرمايىنى ئىككى تەرەپ يېرىمدىن چىقىرىدىغانلىقىنى، شىركەتنىڭ باشلىقى جۇڭگولۇق، مۇئاۋىن باشلىقى سوۋېتلىك بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. شۇ چاغدا يەنە رەڭلىك مېتال كېنىدىن باشقا كانلارنى ئىككى تەرەپ بىرلىكتە

ئاچسا بولىدىغانلىقى ھەققىدە، بىر كېلىشىم تۈزمەكچى بولدى. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىدىن ئارتۇق كان رۇدىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى سېتىۋالماقچى، كېلىشىم مۇددىتى 49 يىل قىلىپ بېكىتىلمەكچى بولدى. بۇ ئىككى كې- لىشىمگە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قارشى چىققانلىقى (شىنجاڭ سودىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى يالغۇز مونوپول قىلىۋالسا بولمايدۇ دېگەننى كۆتۈرۈپ چىققان) ئۈچۈن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىمۇ بۇ ئىككى شەرتنامىنى دەس- تىقلاشقا پېتىنالمىدى.

بۇرھان يەنە پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرى جەھەتتە نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ شىنجاڭدا ئۆتىدىغان يەرلىك پۇل تارقاتماقچى، ئالتۇن پۇلنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولدى. شۇ چاغدا شىنجاڭدا مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن بولۇپ، يېڭى پۇل تارقىتىشقا توغرا كەلسە 100 مىليون يۈەنلىك پۇل تارقىتىشقا توغرا كېلەتتى①. تارقىتىلغان پۇلنىڭ سوممىسى بارغانسېرى ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە 6 مىليون يۈەنلىك، 30 مىليون يۈەنلىك، 60 مىليون يۈەنلىك، 600 مىليون يۈەنلىك، 3 مىليارد يۈەنلىك پۇل تارقىتىلدى. 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئېلىمىزنىڭ پۇل تارىخىدا سوممىسى ئەڭ يۇقىرى پۇل - 6 مىليارد يۈەنلىك شىنجاڭ پۇلى تارقىتىلدى؛ ھېسابلىنىشىچە، شۇ چاغدا 6 مىليارد يۈەنگە ئاران 7 . 14 تال گۈرۈچ كېلىدىكەن②. 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 2 تىرىليون 8 مىڭ 800 مىليارد يۈەن پۇل تارقىتىل- دى. شۇنىڭ بىلەن پۇل پاخاللىقى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. شۇڭا، بازاردا تارقىلىپ يۈرگەن پۇلنىڭ بېسىمىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن 1949 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئۆلكىلىك سودا بانكىسى شىنجاڭ كۈمۈش پۇلى تارقاتتى. لېكىن، ئالتۇن پۇل شىنجاڭ بازىرىغا ئۈزلۈكسىز سوققا بەردى. 1949 - يىل 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى مەركە-

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىل) 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى سانى.
② «يېڭى خەلق كېچىلىك گېزىتى» نىڭ 1983 - يىل 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى سانىنىڭ 1 - بېتى، «نەنجىڭ مۇزېيىدە ئۆتكۈزۈلگەن، ‹جۇڭگو پۇللىرى كۆرگەزمىسى› ».

زىي بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى تارمىقى بىر ئايروپىلان قەغەز پۇلنى قۇمۇلغا ئەكەلگەندە، ليۇ مېڭچۈن مالىيە نازارىتىگە شىنجاڭدا پۇل تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنغانچقا، ئالتۇن پۇل ئورنىغا كۈمۈش پۇل تارقىتىلدى، مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى ئورگانلىرىنىڭ خىراجەت ئۈچۈن كۈمۈش ئىشلىتىشىنى سورايمىز دەپ بايانات ئېلان قىلدۇردى. مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى تارماق بانكىسىنىڭ دىرېكتورى قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، مالىيە نازارىتى بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى؛ مەركىزىي بانكىمۇ ئامال قىلالماي ئالتۇن پۇللارنى قايتۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. 8 - ئايدا لەنجۇ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، لەنجۇدا ئەمەلدار بولغان، سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقان شىنجاڭلىقلار كۆپلىگەن ئالتۇن پۇل ئېلىپ توپ - توپى بىلەن قايتىپ كېلىپ ماددىي ئەشيالارنى تالىشىپ سېتىۋالدى؛ سودا - سانائەتچىلەر ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ نامىدىن ئېلان چىقىرىپ ئالتۇن پۇل ئىشلىتىشنى رەت قىلدى.

دەرۋەقە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى ھالاك بولۇش ھارپىسىدا، پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرىنى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ۋەيرانچىلىقنى ئوڭشاش ئىسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

## 2 - بۆلۈم شىنجاڭنى تىنچ ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى غۇلغۇلا

1948 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىدا زور غەلىبە قولغا كەلدى. 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلغان لياۋشېن ئۇرۇشىدا دۈشمەننىڭ 470 مىڭ

ئادەمنى؛ 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 1949 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلغان خۇيخەي ئۇرۇشىدا 550 مىڭ ئادەمنى؛ 1948 - يىل 12 - ئاينىڭ باشلىرىدىن 1949 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلغان بېيپىڭ - تيەنجىن ئۇرۇشىدا 520 مىڭ ئادەمنى يوقىتىلدى. شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو رايونلىرى كەينى - كەينىدىن ئازاد قىلىندى. گومىنداڭ تۆت ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تەخمىنەن 1 مىليون 450 مىڭدىن كۆپرەك ئەسكىرىي كۈچىدىن، جۈملىدىن مۇنتىزىم قوشۇنىنىڭ 144 شىسىدىن ئايرىلىپ قالدى، جياڭ جيېشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاشتا تايىنىدىغان ئاساسىي ھەربىي كۈچى يوقىتىلغاچقا، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى گۇمران بولىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. 1949 - يىل يېڭى يىل كۈنى ئاخشىمى ئەتىگە كۆزى يەتمەس بولۇپ قالغان جياڭ جيېشى قالدۇق كۈچلىرىنى ساقلاپ قېلىپ ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىش ئۈچۈن ئىچكى - تاشقى جەھەتتىكى قىيىن ئەھۋالدا سۈلھ تەلەپ قىلىپ بايانات ئېلان قىلدى. 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، جياڭ جيېشى «ئىستېپا بېرىپ» تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى، مۇۋەققەت زۇڭتۇڭ لى زۇڭرېن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تىنچلىق تەلەپ قىلىش ساداسىنىڭ بېسىمىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان سەككىز تۈرلۈك تىنچلىق شەرتى ئاساسىدا تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، گومىنداڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجۇڭ، باش شتاب باشلىقى لىيۇ يۈبېن مەسلىھەتچى چۈي ۋۇ قاتارلىقلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بېيپىڭدا تىنچلىق سۆھبىتىنى باشلىدى. قايتا - قايتا مۇزاكىرىلىشىش ئارقىلىق 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، گومىنداڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ سەككىز ماددا، 24 تارماقلىق «ئىچكى تىنچلىق كېلىشىمى (ئەڭ ئاخىرقى تۈزىتىلگەن لايىھە)» نى تۈزۈپ چىقتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى يىغىندا گومىنداڭ تەرەپ كېلىشىمگە قوشۇلسا، 4 - ئاينىڭ

20 - كۈنىدىن بۇرۇن كېلىشىمگە ئىمزا قويۇشى كېرەكلىكىنى ئېلان قىلدى. لېكىن، ئەكسىيەتچىلەر تارىخ سەھنىسىدىن ئۆزلۈكىدىن چۈشمەيدۇ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تىنچلىق كېلىشىمىنى رەت قىلدى. 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى جۇدېلار جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە پۈتۈن مەملىكەتكە يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى چىقاردى. 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كېچىدىن باشلاپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مىليون كىشىلىك باتۇر جەڭچىلىرى شەرقتە جاڭيىڭدىن غەربتە خوكۇغىچە بولغان 1000 چاقىرىملىق لىنىيە بويىچە چاڭجياڭ دەرياسىدىن بېسىپ ئۆتتى. 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى نەنجىڭنى ئىشغال قىلدى، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى گۇمران بولدى.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە يۈرۈش قىلىشى يىراقتا - شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئۇلار نەچچە مىليون كىشىلىك گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ يوقىتىلغانلىقىنى، گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاللىقاچان يىمىرىلگەنلىكىنى، ۋەزىيەت ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەر قايسى ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بەزىلىرى قېچىشنى پىلانلىسا، بەزىلىرى «تەقدىرگە تەن بەرمەك» چى بولۇۋاتاتتى، بەزىلىرى نۇرلۇق ئىستىقبالغا ئېرىشىشنى ئىزدىسە، بەزىلىرى پىرقە دۆلەتكە، جياڭ جيېشىغا سادىق بولۇپ خەلق بىلەن ئاخىرىغىچە قارشىلاشماقچى بولۇۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئىچىدە شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مەسىلىسىدە تەدرىجىي ھالدا تىنچلىقنى ياقلىغۇچىلار گۇرۇھى ۋە تىنچلىققا قارشى تۇرۇشنى ياقلىغۇچىلار گۇرۇھىدىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھ شەكىللەندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تۈرلۈك يوللار بىلەن شىنجاڭنى

تىنچ ئازاد قىلىنىشقا تۈرتكە بولۇشقا تىرىشتى.

1949 - يىل گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى بۇزۇلغاندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ بېيپىڭدا قېپقالدى. جوۋ ۋۇ شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى. 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، جوئېنلەي جوۋ ۋۇ بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئەنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىچكى تىنچلىق كېلىشىمى» نى تەستىقلىشى ناتايىن، ناۋادا سۆھبەت بۇزۇلسا، سىز دەرھال شىنجاڭغا قايتىپ خەلقنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق ياكى كۆپ زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن شىنجاڭدىكى قىسىملارنى ھەققىدە قايتىشقا سەپەرۋەر قىلىڭىز دېدى①. جوۋ ۋۇ دەرھال شىنجاڭغا قايتىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە تىنچلىقنى ياقلىغۇچى بولدى. ئۇ شىنجاڭ شۆبىسىدە ۋە خەنزۇ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا دوكلات بېرىپ ۋە باشقىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ جاڭ جىجۇڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى②. جياڭ جېيشىنىڭ تىنچلىق سەمىمىيىتى يوقلۇقىغا قارىتا باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئازاد رايونلارغا دائىر بەزى ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ يۇتۇن مەكتەپنى زىلزىلىگە سالدى. بۇرۇن ئىشپىيونلۇق ھۆكۈمرانلىق ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئوقۇغۇچىلار دۆلەتنىڭ ۋەزىيىتى ئۈستىدە سوئال سوراشقا پېتىنالمايتتى. شۇ قېتىمقى دوكلاتتىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار ئارقا - ئارقىدىن ۋەزىيەتنى مۇھاكىمە قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇرۇمچىدىكى بارلىق ياش زىيالىيلار ۋەزىيەتكە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىدىغان، ۋەزىيەت ئۈستىدە سۆزلىشىدىغان بولدى، بۇرۇنقى جىمجىت كەيپىياتتىن قىلچە ئەسەر قالمىدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىشپىيونلار جوۋ ۋۇغا ئىچىگە ئىككى تال ئوق سېلىنغان قورقۇتۇش خېتى ئەۋەتكەن

① جوي ۋۇ: «تارىخىي بۇرۇلۇش يىللىرىدا». «تارىخ ماتېرىياللىرى» 73- سان

② 1949 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە جاڭ جىجۇڭ لەنجۇدا غەربىي شىمال ئۈچ ئۆلكە (گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭ) نىڭ باشلىقلىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ: شىنجاڭدا «١١ ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ۋە سىياسىي پروگراما ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى لازىم، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى چوقۇم كۈچەيتىش لازىم، ئىلى تەرەپ بىلەن ئىمكانقەدەر تېز ئەپلىشىپ قېلىش لازىم. پۈتكۈل غەربىي شىمال دائىرىسىدە چوقۇم تىنچلىق ۋەزىيىتىنى ساقلاپ، ئۇرۇشنى توختىتىشىمىز لازىم» دەپ كۆرسەتتى. بۇرھان: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، ئۇيغۇرچە 722 - بەت

بولسىمۇ، چۈي ۋۇنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى.

جۇ ئېنلەي يەنە چياۋگۇەنخۇا ئارقىلىق تاۋجىنچۇغا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىغا تۈرتكە بولدى. تاۋجىنچۇ تاۋسىيۆنىڭ ئىنىسى، 1948 - يىلى 8 - ئايدا تاۋسىيۆ بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن. ئۇ بۇرۇن ياپونىيىدە ئوقۇتسىبىرلەر مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئىدىيىسى تەرەققىيپەرۋەر ئىدى، ئۇ جياڭ جيېشىدىن ۋە گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن نارازى بولۇپ جياڭ جيېشىنى «مۇستەبىت» دەپ قويغانلىقى، كومپارتىيىگە ھېسداشلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، چۈڭچىڭدا ئىدىيىسى «سولچىل» دېگەن گۇناھنى ئارتىپ چەتكە قېقىلغانىدى. ئۇ چۈڭچىڭدا چياۋگۇەنخۇا بىلەن تونۇشقان، كېيىن چياۋگۇەنخۇا جۇ ئېنلەينىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن تاۋجىنچۇغا خەت يېزىپ ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمەت ئورنىنىڭ قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ تىنچلىق يولى بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى، شۇڭا تاۋجىنچۇ شىنجاڭدىكى ھەربىيلەر ئارىسىدا مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى ياقىلىغۇچىلارنىڭ تەشەببۇسچىسى بولۇپ قالدى.

تاۋجىنچۇ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ باشلىقى بولدى. ئۇ ئالدى بىلەن باشقارما دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىنى ئۆزگەرتتى، ئاخبارات باشقارمىسىدىن باشقا ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ياشراق، گەپ ئاڭلايدىغان كىشىلەرنى باشلىقلىققا قويدى. مەسىلەن، خاۋجياجۇنى شىنجاڭ ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ تەمىنات ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى، خاۋجياجۇن بىلەن جاڭ جىجۇڭ ۋە تاۋسىيۆلار باۋدىڭ ھەربىي مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى، ئۇ يەنە جاڭ جىجۇڭ بىلەن يۇرتداش بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى، سۇڭ شىليەن گارنىزون قوماندانى بولغاندا، ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ جياڭ جيېشى سىستېمىسىدىكى قىسىملار بىلەن مەلۇم زىددىيىتى بار ئىدى. ئۇ تەمىنات ئىدارىسىنى باشقۇرغاندىن كېيىن، ئىككى ئاپتوموبىل تۈەنى، بىر مۇستەقىل ئاپتوموبىل يىڭى ۋە ئاتلىق

توشۇش تۈەنى توشۇش باشقارمىسى قاتارلىق قاتناش قىسىملىرى ۋە ئورۇنلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى، شىنجاڭدىن ئىبارەت ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك شارائىتقا ئىگە رايون (زېمىنى كەڭ، يەر شەكلى مۇرەككەپ، قاتناش قورالى بولمىسا ئارقا سەپ تەمىناتىنى يەتكۈزۈپ بەرگىلى بولمايدۇ) دا تەمىنات ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسى تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينايتتى.

تاۋجىنچۇ يەنە يەنجىدىكى ئاتلىق تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى ۋېن شىڭچاۋنى مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكىدى. ۋېن شىڭچاۋ بىلەن تاۋجىنچۇ ھەر ئىككىسى خۇنەنلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى يېقىن ئىدى. ھەربىي ھوقۇقنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ۋېن شىڭچاۋنى ھەربىي مەكتەپنىڭ 9 - شۆبە مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىغا ئۆستۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئۈچ تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭىنى مۇھىم جايلارغا ئورۇنلاشتۇردى: باش شتاب كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ماۋشىرۇي باشچىلىقىدىكى بىر تۈەنىنى ئەنشى، يۈيمىن (قاشتېشى قوۋۇقى) ئەتراپلىرىغا؛ جاڭ جىجۇڭنىڭ يۇرتدىشى ۋاڭ چۈەنزېنى بارىكۆلگە؛ لى چۇڭجىڭ باشچىلىقىدىكى بىر ئاتلىق تۈەنىنى ئۈرۈمچىدىكى شىمگوغا ئورۇنلاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ بىر قىسىم ھەربىي ھوقۇقنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلىدى.

غەربىي شىمال مۇدىر مەھكىمىسى ئىشخانىسىدىكى ليۇشىفاڭ بىلەن تاۋسىيۆنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى، تاۋجىنچۇ ئۇنى شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى ھەربىي قانۇن باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكىدى، ئۇمۇ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى قوللىدى.

شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى جاۋ شىگۇاڭمۇ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى ياقلايدىغان مۇھىم شەخس ئىدى. جاۋ شىگۇاڭ يۈننەنلىك، يۈننەن ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنىدى، ئۇ جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز سىستېمىسىدىن بولمىغاچقا، كەمسىتىلىپ ۋە چەتكە قېقىلىپ كەلگەن، ۋەزىپىسى بولسىمۇ ھوقۇقى يوق ئىدى، شۇڭا گومىنداڭدىن

نارازى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ سولچىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى ياقىلىغۇچى مۇھىم شەخس ئىدى.

تاۋسىيۇ باۋدىڭ ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، گومىنداڭ قوشۇنىدا ستاژى خېلى ئۇزۇن بولسىمۇ، لېكىن جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز سىستېمىسىدىن بولمىغاچقا، خوزۇڭنەن تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغانىدى. ئۇ جاڭ جىجوڭ بىلەن ساۋاقداش، ئىنداش بولغاچقا، جاڭ جىجوڭنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن. تاۋسىيۇ ئىش بېجىرىشتە تەمكىن، پوزىتسىيىسى مۆلايىم بولغاچقا، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۇ يەنە بىر قېتىم شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى بولغاندا، جاڭ جىجوڭ ئۆز ئۆيىدە ئۇنىڭغا جياڭ جيېشىغا ئىچكى تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەكلىپ قىلىپ يازغان بەزى خەتلىرىنى ۋە سۆھبەت خاتىرىسىنى كۆرسەتكەنىدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھەققىدە سۆھبەتلەشكەنىدى، ئىككىيلەن شىنجاڭنىڭ چىقىش يولى توغرىسىدا كېلىشىۋالغانىدى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەنزىسىدىكى ليۇمېڭچۇن ھەم غەربىي شىمال مەھكىمىسى(كېيىن غەربىي شىمال مۇدىر مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن) نىڭ باش كاتىپى ھەم شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قوشۇمچە ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن، ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق خىزمىتىنى باشقۇراتتى، ئۇ جاڭ جىجوڭنىڭ ۋەكىلى ئىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى ئۇنى يولباشچى قاتارىدا سانايتتى. چۈي ۋۇ جاڭ جىجوڭنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن، جاڭ جىجوڭ 1945 ـ يىلى شىنجاڭغا كەلگەندە ئۇنى بىللە ئىشلەشكە تەكلىپ قىلغان؛ كېيىن چۈي ۋۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت-نىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى بولغانىدى، ئۇ جاڭ جىجوڭنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا تىرىشاتتى. چۈي ۋۇ بۇ-رۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ۋە سوۋېت كومپارتىيىسىگە كىر-گەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان، رۇسچىنى ياخشى بىلەتتى، تاشقى

ئشلار مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىلى ليۇ زېرۇڭ ياشىنىپ قال-
غاچقا، چۇي ۋۇ دائىم دېگۇدەك ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى
بىر تەرەپ قىلىپ، جاڭ جىجۇڭنىڭ جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى كۈچەي-
تىش سىياسىتىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇراتتى. چۇي ۋۇ جۇئېنلەينىڭ كۆر-
سەتمىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭغا قايتىپ تىنچ يول بىلەن ھەقى-
قەتكە قايتىشنىڭ تەييارلىقىنى پائال ئىشلىدى.

ئۆلكە رەئىسى بۇرھاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى
يېقىن بولۇپ، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ھېسداشلىق قىلاتتى،
ئۇ ئۆلكە رەئىسى بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ شارائىتىدا ئومۇ شىنجاڭ
تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش يولىغا مېڭىشى لازىملىقىنى تەشەببۇس
قىلدى.

تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى ياقلىغۇچىلار بار يەردە، ئۇرۇشۇشنى
ياقلىغۇچىلارنىڭ بولۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى، ھەربىيلەر ئىچىدە ئوتتۇرا،
تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ۋە جەڭچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇ-
رۇشقا قارشى تۇرۇپ، تىنچلىقنى ياقلايتتى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىت-
سېرلار ئىچىدىكى ئايرىم ئۆلكۈچە ئۇرۇشۇشنى ياقلايدىغانلار ياكى جاھىللار
ئۇرۇش قىلىشنى قوزغىتىلەيتتى. ئۇرۇشنى ياقلىغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق ۋە-
كىللىرى ئاتلىق 1 - شى (يەنى ئەسلىدىكى ئاتلىق 5 - جۈننىڭ تەرتىپكە
سېلىنغاندىن كېيىنكى نامى، ئادەتتە يەنىلا ئاتلىق 5 - جۈن دەپ ئاتىلاتتى)
نىڭ جۈننىڭ جۇنجاڭى ماچېڭشياڭ، 78 - شىنىڭ شىجاڭى يې چېڭ، 179-
لۈينىڭ لۈيجاڭى لوشۇرېنلار ئىدى. ماچېڭشياڭ ماجۇڭيىڭنىڭ جىيەنى
ئاتلىق 1 - شى مابۇفاڭنىڭ شىنجاڭدىكى كوزورى ئىدى. ئاتلىق 1 -
شى شتات جەھەتتە شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ قارمىقىدا
بولسىمۇ، ھەربىي تەمىناتنى يەنىلا مابۇ فاڭدىن ئالاتتى، شۇڭا بۇ شىغا
قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقى ئەمەلىيەتتە مابۇ فاڭنىڭ قولىدا ئىدى. ما-
چېڭشياڭ خېشى كارىدورىدا قىزىل ئارمىيە بىلەن ئۇرۇش قىلغاچقا،

كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ئېپى كېلىشمەيتتى. 1949 - يىلى 4 - ئايدا، جاڭ جىجۇڭ بېيپىڭدا ئېپىقالغاندىن كېيىن غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ جاڭگۇەنلىكىگە ماپۇفاڭ ئولتۇردى، شۇنىڭدىن كېيىن ماچېڭشياڭ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ شىنجاڭدا چوڭ ئىش تەۋرىتىشكە ھازىرلاندى. ئۇ بىر تەرەپتىن كوممۇنىستىك پارتىيىگە «دىنىنى يوقىتىپ مۇسۇلمانلارنى يەكلەيدۇ» دەپ بوھتان چاپلاپ، مىللەتچىلىك ۋە دىندىن پايدىلىنىپ قوشۇندىكىلەرنى زەھەرلەپ ئۇلارنىڭ ئىنقىلابقا بولغان ئۆچمەنلىكىنى قوزغىسا①، يەنە بىر تەرەپتىن ماسىبو چىقارغان «شىنىشىن گېزىتى» دە غەرەزلىك ھالدا ماپۇفاڭنى «دانىشمەن» دەپ ماختىدى، ماپۇفاڭنىڭ «جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ، مال - مۈلۈكنى دو تىكىپ قويۇپ ئېلىشىش» ستراتېگىيىسىنى، 82 - جۈن (جۈننىڭ جۈنجاڭى ماپۇفاڭنىڭ ئوغلى ما جىيۇەن) نىڭ گەنسۇنىڭ شەرقىدىكى «جەڭ نەتىجىلىرى» نى كۆككە كۆتۈردى ھەم تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشنى ياقلىغۇچىلارغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، تازا كۆرەڭلەپ كەتتى، ماچېڭشياڭنىڭ ئاتلىق قىسمى فېئوداللىق ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئاساسىدا تەشكىللەنگەن بولۇپ ئەسكەرلىرى جاننى ئالىقىنىغا ئېلىپ قويۇپ ئۇرۇشىدىغان جاھىللار ئىدى. بۇ ئاتلىق شى سانجى، قۇتۇبى، گۇچۇڭ، جىمسار، مورى، ئۈرۈمچى ئەتراپلىرىغا يەنى ئۈچ ۋىلايەتكە ۋە ئۆلكە مەركىزىگە روبىرو ئورۇنلاشقانىدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇشۇشنى ياقلىشى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەققەتكە قايتىشىغا چوڭ ئاۋارىچىلىك كەلتۈردى. ماچېڭشياڭ يەنە مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسالار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپىدىكى تۇدۇڭخابا دېگەن يەردە 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى يىغىپ تەربىيىلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، ئازادلىققا توسقۇنلۇق قىلىشقا تەييارلىق كۆردى②. 78 - شىنىڭ شىجاڭى يې چېڭ

① مايىڭلىن: «قەشقەرنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىغا دائىر ئەھۋاللاردىن ئەسلەمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 4 - سان، 93 - بەت.

② بۇرھان: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، ئۇيغۇرچە 745 - بەت.

خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 2 - قارارلىق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن، جياڭ
جيېشى بىلەن يۇرتداش ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى بولۇپ، ئۇ جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ-
نىڭ ياساۋۇللاربۆلۈمىدە ئىشلىگەن، شىمالىي شىنجاڭدىكى پۈتۈن ھەربىي
كۈچنى ئىگىلىۋالغان، خۇزۇڭنەن سىستېمىسىدىكى كىشى ئىدى. ئۇ
مال - مۈلۈك دېسە جېنىنى بېرىدىغان كىشى بولۇپ، ھەربىي تەمىناتنى
تۇتۇپ قالغان، ھۆكۈمەت پۇلىدا ھايانكەشلىك قىلىپ ئالتۇن يىغقان،
ئىدىيىسى ئىنتايىن ئەكسىيەتچى ئىدى. لو شۇرېن جۇنتۇڭ (ھەربىي
سىستېما) ئىشپىيونى، جياڭ جيېشىنىڭ ئادىمى ئىدى. ئۇ 1947 - يىلى
مەركىزىي ھەربىي مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 23 يىللىقىنى خاتىرىلەش
يىغىنىدا كوممۇنىستىك پارتىيىگە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈر-
گەنىدى. لوشۇرېن لۇيجاڭلىقىدىكى 179 - لۇينىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشىمۇ
شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش يولىدىكى چوڭ توسالغۇ
ئىدى. ماجېڭشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېنلار بىرلىشىپ تىنچلىق بىلەن
ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى ئىتتىپاق ئۇيۇشتۇردى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە تىنچلىق يولىغا مېڭىشقا قارشى تۇرىدىغانلار -
مالىيە نازىرى ۋاڭ زېڭشەن، مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە تەمىرات نازىرى
مۇھەممەت ئىمىن، مالىيە نازىرى جانىمقانلار گومىنداڭنىڭ جاھىللار گۇ-
رۇھىغا مەنسۇپ كىشىلەر ئىدى. ئۇلاردىن باشقا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ
ئۆلكىلىك پىرقىسى، سەنچىڭتۇەن، يولۋاس ۋە ئەيسا باشچىلىقىدىكى مىل-
لەتچىلەرمۇ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىشىغا قارشى ئىدى،
ئەسلىدە شىنجاڭدىكى مىللەتچىلەر ئارىسىدىمۇ بىرلىك يوق ئىدى، مەس-
ئۇت، ئەيسالار بىر گۇرۇھ، يولۋاس بىر گۇرۇھ، مۇھەممەت ئىمىن بىر
گۇرۇھ ئىدى؛ بۇرھان ئۆلكە رەئىسى بولغاندىن كېيىن بۇ ئۈچ گۇرۇھ
بىرلىشىپ بۇرھانغا، ئۈچ ۋىلايەتكە، كومپارتىيىگە قارشى تۇردى، ئۇلار-
نىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىدارە - ئورگانلاردىكى ئۇيغۇر ئىشچى - خىزمەتچىلىرى
ئارىسىدا، ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا خېلى تەسىرى كۈچلۈك ئىدى، ئۇلار
ئۆز ئىلكىدىكى بىر، ئىككى يۈز لۈكچەك ئارقىلىق ئارىغا بۇزغۇنچىلىق

سېلىش، ۋەقە تۇغدۇرۇش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇرھان ھاكىمىيىتى بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئەيسانىڭ ئىدارە - ئورگان ۋە مەكتەپلەردىكى بەزى ئادەملىرىنى تارتىپ چىقىرىۋەتتى، ئەيسا بۇكسىلەرنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ھەرىكەتلىنىشكە ئەۋەتتى. ئەسلىدە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى غەربىي شىمالدىكى مابۇفاڭ بىلەن شىنجاڭدىكى پانتۈركىستلاردىن ئىسلام دۆلىتى قۇراشتۇرۇپ چىقىشنى، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشىيا ئازاد قىلىنسا، ما بۇفاڭنىڭ كۈچىنى شىنجاڭغا چېكىندۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمىتىنى تەشكىللەپ كومپارتىيە بىلەن داۋاملىق قارشىلىشىشنى پىلانلاۋاتاتتى.

يۇقىرىقىلار ھەربىيلەر ئىچىدە ئۇرۇشۇشنى ياقلىغۇچىلار يېتەكچى رول ئوينىپ ۋاقىتىنچە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار گومىنداڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئەكسىيەتچى تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، ئۇلاردا كومپارتىيىگە قارىتا نۇرغۇن ئوقۇشماسلىق بارلىقىنى؛ ئىككىلىنىش، ئەندىشە قىلىش ئىدىيىسى ئومۇميۈزلۈك ساقلانغانلىقىنى، لېكىن ئۇلار ئەكسىيەتچى ئوفىتسېرلارنىڭ خورلىشىغا، ھەربىي تەمىناتنى تۇتۇپ قالغانلىقىغا نارازى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا پايدىلىق شەرتنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ھۆكۈمەتتە تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشنى ياقلىغۇچىلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكىدىن ئىبارەت پايدىلىق شەرت بار ئىدى. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، خەلق رايىنىڭ مايىللىقى، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەر قەدەمدە غەلىبە قازىنىشى، گومىنداڭ ئومۇميۈزلۈك گۇمران بولۇۋاتقان ۋەزىيەتتە يۇقىرىلارنىڭ ئۇرۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى، تىنچلىق يولى خەلق كۆڭلىگە ياقىدىغانلىقى، ئۇز كەڭ، چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت پايدىلىق شەرت ھازىرلاندى.

شۇ چاغدا، ئۈرۈمچىدىكى بەزى ئىلغار ياش زىيالىيلارنىڭ مەخپىي تەشكىلاتلىرىمۇ ناھايىتى جانلىنىپ كەتتى. بۇ تەشكىلاتلار ئاساسلىقى «كۈرەش نەشرىياتى» ، «ئاۋانگارت نەشرىياتى» ، «شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتى-

پاقى» قاتارلىقلار ئىدى. كۆرەش نەشرىياتىنىڭ تەكتى ـ «شىنجاڭ كوممۇنىستىك پارتىيىسى» نى 1943 ـ يىل 11 ـ ئايدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان ئون نەچچە تەرەققىيپەرۋەر زىيالى سىتىخىيىلىك تۈردە قۇرغاندى. تەشكىلات ئەزالىرى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئەزالىرىنى كۆپەيتتى، بۇ تەشكىلات 1945 ـ يىلى ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ تەشكىلاتنىڭ بەزى ئەزالىرى ئۇيۇشۇش زۆرۈرلىكىنى يەنە ھېس قىلىپ، شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسىنى قوبۇل قىلىپ، مەخپىي تۈردە ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. 1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى ئابدۇكېرىم ئاباسوف بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ تۇردى ۋە ئالاقە ئورناتتى. 1947 ـ يىل 2 ـ ئايدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىلغار كۈچلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى بىلەن ئاباسوف قاتارلىقلار 1945 ـ يىل 12 ـ ئايدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي ياشلار ئىتتىپاقى ۋە مۇشۇ ئاساستا 1946 ـ يىل 4 ـ ئايدا قۇرۇلغان «ئىنقىلاب پارتىيىسى» نى بىرلەشتۈرۈپ «دېموكراتىيە ئىنقىلاب پارتىيىسى» نى قۇردى، شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى دېموكراتىيە ـ ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى بولدى. 1947 ـ يىل 3 ـ ئاي ۋە 7 ـ ئايدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ بۇ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىمۇ غۇلجىغا يۆتكەلدى، ئۈرۈمچىدە قېپقالغان بەزى ئەزالار دېموكراتىيە ـ ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ نامىدا داۋاملىق پائالىيەت ئېلىپ باردى. 1948 ـ يىل 11 ـ ئايدا، بۇ تەشكىلات «كۆرەش» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى چىقارغاچقا، تەشكىلاتنىڭ نامىمۇ «كۆرەش نەشرىياتى» دەپ ئاتالدى، لوجى كۆرەش نەشرىياتىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلى بولدى. رايونلۇق كومىتېت قارمىقىدا ئۈچ ياچېيكا، ھەربىر ياچېيكىدا ئۈچتىن ـ بەشكىچە ئادەم بار ئىدى، ئازادلىق ھارپىسىدا، ئۇنىڭ رەسمىي ئەزاسى 17 گە

يەتتى، ئۇلار ماركسىزمنى تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى، ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى، ياشلار ئۇيۇشمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق تۈرلۈك ناملاردىن پايدىلىنىپ، 60 نەچچە كىشىنى ئۇيۇشتۇردى. «كۆرەش» ھەپتىلىك ژۇرنىلى دەسلەپتە ماگارىپقا، ئۆگىنىشكە دائىر مەزمۇنلار بېسىلىدىغان ئىچكى ژۇرنال ئىدى، 24 سان چىقىرىلغاندىن كېيىن، يېرىم ئاشكارا ژۇرنال بولدى، ھەربىر سانى 70 نۇسخا تارقىتىلدى، ئۇنىڭغا ئاساسەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرى ۋە شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرى بېسىلدى، ھەر سانغا بىر پارچە باش ماقالە بېسىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسەتلىرى تەشۋىق قىلىنىپ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشتە چوڭ رول ئوينىدى. 1949 - يىل 9 - ئايدا يەنى ئازادلىق ھارپىسىدا، «كۆرەش» ژۇرنىلىنىڭ ھەربىر سانى 200 نۇسخىدىن بېسىلغان بولسىمۇ، يېتىشمەي قالدى. دېموكراتىيە - ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇر ئەزالىرىمۇ ئۇيغۇرچە «كۆرەش» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى چىقاردى، 100 دىن كۆپرەك ئۇيغۇر، قازاق ياش بۇ ژۇرنالنى كۆرۈپ تۇردى. بۇ ژۇرنالنىڭ مەۋقەسىمۇ خەنزۇچە ژۇرنال بىلەن بىردەك ئىدى. كۆرەش نەشرىياتى شىنجاڭ گېزىتخانىسىدىكى خەنزۇ، ئۇيغۇر ئىشچىلارنى ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى ۋە گېزىتخانىنىڭ ئىككى باسما زاۋۇتىدىكى ئىشچىلارنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. بۇ نەشرىيات باسما ماتېرىياللىرىنى چىقارغاندىن باشقا، يەنە، گومىنداڭ قوشۇنىغا بېرىپ ئەسكەرلەر ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارغا بىر نەچچە قېتىم تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلىدى. شۇ چاغدا ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى خىيانەت قىلىنغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى جاپالىق ئىدى، قولىغا تەگكەن ئازراق پۇلغا دەرھال پاپىرۇس (زىيەن) سېتىۋېلىپ، پۇل لازىم بولغاندا ئۇنى يەنە بازارغا ئاچىقىپ ساتاتتى. تەشۋىقات ئارقىلىق ئەسكەرلەر ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئەسىرلەرگە تۇتقان سىياسىتىدىن خەۋەردار بولۇپ، باشلىقلىرى ئۈچۈن جېنىنى سېتىشنى خالىمايدىغان بولدى، ئازادلىقتا چىقىپ ئۆيلىرىگە قايتىشنى ئۈمىد قىلدى؛ تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارمۇ يۇقىرىنىڭ

خىيانەتچىلىك قىلمىشىدىن، ئۆزلىرىگە ئېتىبار بېرىلمىگەنلىكىدىن نارازى ئىدى. شۇڭا روھسىزلىق، ئۈمىدسىزلىك، ئورۇشتىن بىزار بولۇش، ھەقىقەتكە قايتىشنى ۋە تەسلىم بولۇشنى خالاش قوشۇندىكى ئەسكەرلەرنىڭ ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ ئاساسىي خاھىشى ئىدى.

ئاۋانگارت نەشرىياتى 1947 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ چاغدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ياچېيكىسى» دەپ ئاتالغانىدى، ئۇنىڭغا كوممۇنىستلار رەھبەرلىك قىلغان بولسىمۇ، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن تەشكىلىي مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ 2 - قارارلىق كۇرسىنى پۈتتۈرگەنلەر، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغانلار، رۇس مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى، ئۇلاردىن باشقا مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىدىكىلەرمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇلار ئىدى. ئازاتلىق ھارپىسىغا كەلگەندە بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى جەمئىي 91 كىشىگە يەتتى. بۇ تەشكىلات شاپىگرافتا «ئاۋانگارت» ناملىق ژۇرنال چىقارغاچقا، بۇ تەشكىلاتمۇ «ئاۋانگارت نەشرىياتى» دەپ ئاتالدى. ئاۋانگارت نەشرىياتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاخبارات توپلاش، تەشۋىق ئېلىپ بېرىش، ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدى، بولۇپمۇ ھەربىيلەرگە قاراتقان خىزمەتنى مۇھىم نۇقتا قىلغانىدى. 1949 - يىلى ئاۋانگارت نەشرىياتى بىر تەرەپتىن شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازادقىلىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ تاۋجىنچۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە بولغان خىزمەتنى كۈچەيتتى، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى تۇەنجاڭ، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، بىرونېۋىك لىيەنىنىڭ مۇئاۋىن لىيەنجاڭى ۋە گارنىزون شتابىنىڭ مايور دەرىجىلىك كاتىپى بولدى، يەنە بىر تەرەپتىن تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشتىن ئۈمىد بولمىغاندا ئۇرۇمچىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولدى، گومىنداڭ قوشۇنىنى پارچىلاش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. شۇ چاغدا، ئۇلار ئۈرۈمچىنى ساقلاۋاتقان ئەن چۈگۈبىن تۇەنىنى، ئاتلىق تۇشۇش يىگىنى ، جەڭ ئاپتوموبىلى لىيەنىنى، ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىنى،

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنى، سوتنىڭ قانۇن ساقچىلىرى ئەترىتىنى ۋە قاراشەھەردىكى توپچى ئەسكەرلەر تۇەنىنى، فاڭساۋخودىكى قوغدىنىش تۇەنىنى، ھارىكۆلدىكى پىيادە ئەسكەرلەر تۇەنىنىڭ بىر قىسمىنى دەسلەپكى قەدەمدە قولغا كەلتۈردى.

«شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» 1949 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسىي رەھبەرلىرى نۇسرەت بىلەن مەخسۇت تىيىپوف ئىدى. بۇ تەشكىلات ئازاد رايونلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى دائىم تارقاتتى. ئۇلار بۇرھانغا «گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرىنىڭ جىنايىتىنى؛ پانتۈركىستلارنىڭ ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقى ھەم قوراللىق قوشۇن قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى؛ قازاق ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە دۈشمەننى پارچىلاش خىزمەت ئەھۋالىنى؛ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن مەخپىي باردى - كەلدى قىلىدىغان خادىملارنى كۈتۈۋېلىش ۋە شۇ خادىملارغا ياردەملىشىپ خىزمەت قىلىش ئەھۋالىنى. .[1] مەخپىي ھالدا يەتكۈزۈپ تۇردى.

ھەر قايسى مەكتەپلەردىكى بىر تۈركۈم ئىلغار ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارمۇ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم كۈچ بولدى.

شۇڭا، ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە يۈرۈش قىلىشى شىنجاڭدىكى تۈرلۈك كۈچلەرنى، تۈرلۈك گۇرۇھلارنى قايسى يولغا مېڭىش مەسىلىسىدە بىر قارارغا كېلىشكە مەجبۇر قىلدى. بۇ مەزگىلدە قوشۇن ئىچىدىكى ئۇرۇش قىلىشنى ياقلىغۇچىلار يېتەكچى رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن پوتكول ۋەزىيەتنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىگە، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى كۈچلەرنىڭ كۈرىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ تىنچلىق بىلەن ھەقى-

① بۇرھان: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، ئۇيغۇرچە، 738 - بەت.

تەتكە قايتىش يولىغا مېڭىش تارىخىي مۇقەررەرلىككە ئايلاندى.

1949 - يىلىنىڭ بېشىدا يۈز بەرگەن ئىككى مۇھىم ئىش تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشنى ياقىلىغۇچىلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى ياقىلىغۇچىلارنىڭ سېپىنى ئېنىق ئايرىپ بەردى. ئىككى مۇھىم ئىشنىڭ بىرى شۇكى 1949 - يىل 2 - ئايدا لى زۇڭرېن تاۋسىيۇگە تېلېگرامما يوللاپ، شىنجاڭدا بىر لۇي ئەسكەرنى مۇداپىئەگە قالدۇرۇپ، قالغان قىسىملارنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ ئىچكى ئۇرۇشقا قاتنىشىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ماچېڭشياڭ، يې چېڭ، لوشۇرېن قاتارلىقلار بۇيرۇققا بويسۇنۇپ ئىچكىرىگە يۆتكىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، سەكراتقا چۈشكەن جياڭ جەمەتى خاندانلىقى ئۈچۈن قان بەرمەكچى بولدى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار قول ئاستىدىكى نەچچە ئون مىڭ كىشىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە مەنسەپ - مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرمەكچى ئىدى. تاۋسىيۇ ئارقىغا سۈرەش چارىسىنى قوللىنىش قارارىغا كېلىپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۆتكىلىشكە قارشى چىقتى. قوشۇنى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان جاۋشىگۇاڭمۇ يۆتكىلىشكە قارشى تۇردى. ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن تاۋسىيۇ قوشۇننى ئىچكىرىگە يۆتكەش پىلانىنى تۈزۈش نامى بىلەن لەنجۇغا بېرىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن ئۇلارنىڭ زادىلا قۇربى يەتمەيدىغان يەنە نۇرغۇن ئاپتوموبىل، بېنزىن ۋە پۇل - پۇچەك تەلەپ قىلىپ، شۇ ئارقىلىق قوشۇن يۆتكەشنى كېچىكتۈرمەكچى بولدى. تاۋسىيۇ قوشۇن ئىچكىرىگە يۆتكەلسە ئۈچ ۋىلايەت ھۇجۇم قوزغايدۇ - دە، شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ دەپ ئەنسىرىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي تاۋسىيۇنى لەنجۇغا چاقىرىپ تېلېگرامما كەلدى، تاۋسىيۇ، ليۇ مېڭچۈن، جۇي ۋۇ، ليۇزېرۇڭلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بارماسلىق قارارىغا كەلدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى گۇاڭجۇغا كۆچكەندىن كېيىن لى زۇڭرېندىن تاۋسىيۇنىڭ كېلىشى توغرىسىدا يەنە تېلېگرامما كەلدى، تاۋسىيۇ يەنىلا ئارقىغا سۈرەش چارىسىنى قوللىنىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ ئۆز يولىغا مېڭىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئىپادىلىدى، يەنە بىر ئىش شۇكى، 1949 - يىل 3 - ئايدا،

گارنىزون قوماندانلىق شتابىدا لۇيجاڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىيلەر يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ھەر قايسى شىنىڭ، لۇيىنىڭ لۇيجاڭلىرى قىدىسمىنىڭ ئىدىيە ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. ھەربىي قانۇن باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ليۇشىفاڭ: «بىر قوشۇنغا ھامان بىر مەركىزىي ئىدىيە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، شىنجاڭ قىسىملىرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى نېمە؟» دەپ سوئال سورىغاندا، يې چىڭ: «بىز ۋېيبۇەنجاڭ ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشىمىز كېرەك» دېسە، لى زوتاڭ، تاڭجىڭرەنلەر «پىرقە دۆلەت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشىمىز لازىم» دەپ جاۋاب بەردى. تاۋسىيۈ بولسا موي قەلەم بىلەن «دۆلەتنى، چېگرا رايوننى قوغدايمىز» دېگەن خەتنى يېزىپ، دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدىغانلىقىنى، 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى جىياڭ جيېشى ئۈچۈن جېنىنى سېتىش تۇيۇق يولىغا باشلىمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە غەربكە يۈرۈش قىلىشى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش جەريانىغا تۈرتكە بولدى. 5 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، 1 - دالا ئارمىيىسى شىئەن ۋە ۋېيخې دەرياسى بويىدىكى كەڭ رايونلارنى ئازاد قىلىپ 270 مىڭ دۈشمەننى يوقاتتى. 6 - ئايدىن باشلاپ 1 - دالا ئارمىيىسى ۋە شەنشىگە كىرگەن شىمالىي جۇڭگو (خۇابېي) دالا ئارمىيىسى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلدى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى خۇفىڭ - مېيشيەن ئۇرۇشىدا خۇزۇڭنەننىڭ ئاساسلىق قىسمى بولغان تۆت جۈننىڭ 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلدى ھەمدە غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ باۋجى، فىڭشياڭ قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى. 7 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا 1 - دالا ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ لەنجۇدا يۈرۈش قىلىپ، گۇيۈەن، تۇڭۋېي، تيەنشۈي قاتارلىق جايلارنى ئارقا - ئارقىدىن ئىشغال قىلدى، لەنجۇ ئازاد بولۇشقا ئاز قالدى. بۇ چاغدا شىنجاڭدىكى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشنى ياقلىغۇچىلار بىلەن ئۇرۇشنى ياقلىغۇچىلار ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈردى. جاڭ جىجۇڭ بېيپىڭدا قېپقالغاندىن كېيىن، 5 - ئاينىڭ

24 - كۈنى مابۇفاڭ جاڭ جىجۇڭنىڭ ئورنىغا غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ جاڭگۇەنى بولۇپ غەربىي شىمالنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ھوقۇقىنى ئىگىلىدى ۋە شىنجاڭدىكى پانتۈركىستلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشنى جىددىيلەشتۈردى، ما بۇفاڭ شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى زېمىن دەپ قارىدى، ئۇ: «شىنجاڭ مېنىڭ ئىلكىمدە، شىنجاڭدا مېنىڭ قوشۇنۇم بار، شىنجاڭ خەلقى مېنىڭ گېپىمگە كىرىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان» دېدى①. شىنجاڭدىكى پانتۈركىست- لارمۇ مابۇفاڭغا تايىنىپ ئۆز كۈچىنى تولۇقلىماقچى بولدى. 1949 - يىل 6 - ئايدا يولۋاس لەنجۇغا بېرىپ شىنجاڭدا مابۇفاڭپەرەس ھاكىمىيەت قۇرۇشنى كونكرېت پىلانلىدى. ئەيسا بىز مەركەزنىڭ يولى (گومىنداڭغا بېقىنىشنى دېمەكچى) دا مېڭىپ زىيان تارتتۇق، مابۇفاڭدىن ئىبارەت يەر- لىك كۈچكە تايانماقتىن باشقا چارە قالمىدى، دەپ قارىدى. ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭنى بازا قىلىپ قوراللىق قوشۇن قۇرماقچى مابۇفاڭنىڭ ياردىمىدە بۇرھان بىلەن ليۇمېڭچۈننى ئاغدۇرۇپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىمەكچى، يولۋاسنى ئۆلكە رەئىسى، ئەيسا، مەتتىمىن، ئەنشۇۋۇ- لارنى مۇئاۋىن رەئىس ماگوينى خەلق ئىشلار نازىرى، مابۇفاڭ جەمەتى بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار جاڭ ياشاۋنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى قىلماقچى بولدى. ئىككى تەرەپ تىل بىرىكتۈرۈشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 8 - ئايدا ئەيسا ماچېڭشياڭنىڭ قوللىشى بىلەن «شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماجاڭگۇەنگە سوۋغا - سالام بېرىش ئۆمىكى» نى تەش- كىللىدى، ئەيسا ئۆمەكنى باشلاپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشۋىقات كومىتې- تىنىڭ قارمىقىدىكى شىنجاڭ ناخشا - ئۇسۇل ئۆمىكى بىلەن بىللە ماچېڭش- ياڭ ئاجرىتىپ بەرگەن مەخسۇس ئاپتوموبىلدا لەنجۇغا باردى. ئەيسا مابۇفاڭغا بايراق تەقدىم قىلدى، ماگوبى سوۋغات قىلىنىدىغان 500 جەڭ

① بۇرھان: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، ئۇيغۇرچە، 721 - بەت

ئېتى، 5000 سەر ئالتۇن، 100 مىڭ يۈەن پۇلنىڭ تىزىمىنى تاپشۇردى. ئەيسا يەنە 100 مىڭ ئۇيغۇر ياشنى مابۇفاڭغا ئەسكەرلىككە بېرىمەن دەپ-پو ئاتتى ھەمدە مابۇفاڭدىن جىياڭ جېيىشىغا ئۇلارنىڭ غەربىي شىمالدا ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ «مۇستەقىل دۆلىتى» نى قۇرۇشقا ئىجازەت بېرىشنى تەلەپ قىلىشنى ئۆتۈندى. ھەرىكەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن ئەيسا بىلەن مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئايالى بۇيرۇققا بىنائەن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ قۇترىدى، ئەنگلىيىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا بۇ سۇيىقەستنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەدەپ كۆچىدى ۋە بۇ سۇيىقەستنى قوللىدى. 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جانىمقانمۇ ئوسمان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە ھازىرلاندى، توپىلاڭنىڭ ئاساسلىق پىلانلىغۇچىلىرى ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى پاكستون (J. H. paxton) بىلەن مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنان ئىدى. 1948 - يىل 8 - ئايدىلا، ماكنان ئوسمان قاتارلىقلار بىلەن ئاتالمىش «كومپارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى كومىتېت» قۇرغان، ئوسمان مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بولغانىدى. ماكنان ئوسمانغا قازاقلاردىن ئەترەت تەشكىللەپ ئالتاي ۋىلايىتىنى ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن تۇتىشىدىغان چېگرىنى چىڭ ساقلاشنى، ئاخبارات توپلاشنى، ئېپى كەلگەندە ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلىشنى تاپىلىدى. ئوسمان سەنتەيگە قايتىپ بېرىپ ئۈچ قازاق ئەترىتىنى تەشكىللەپ، ئۆزى باش قوماندان بولدى. 1949 - يىلى ئەتىيازدا ماكنان خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش غەرىزىدە سەنتەيگە ئۈچ قېتىم يوشۇرۇن كېلىپ ئوسمانغا تەسىرىنى كېڭەيتىشنى بۇيرۇدى. شۇ يىلى 4 - ئايدا كونسۇل پاكستون يەنە سەنتەيگە كېلىپ، ئوسمانغا ئەيسا، مۇھەممەت ئىمىن، يولۋاس، مەسئۇت، جانىمقان قاتارلىقلار بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى. پاكستون: «كومپارتىيىگە، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، مەن سىلەرنىڭ

ئىتتىپاقلىشىشىغلارنى، تالاش - تارتىش قىلماسلىقىغلارنى، ئامېرىكىنىڭ ياردىمىدىن ياخشى پايدىلىنىشىغلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى[1] ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ياردىمىدە ئۇلارنىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتتى. جانىمقان خادىۋاڭنىڭ ئوغلى زاكىخان ۋە ئورازباي موللا، چايماردان، تېكھان باتۇر قاتارلىق 15 ئادەمنى ئەۋەتىپ، شىبەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى چوڭگىندا يايلىقىدىكى ئوسماننىڭ ئۆيىدە ئۈچ كۈن يىغىن ئېچىپ، ئۈرۈمچى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى قازاقلارنى توپلاڭ كۆتۈرۈشكە قوزغىتىپ، تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشقا قارشى تۇرۇشنى پىلانلىغان. جانىمقان، ئورازباي موللا، چايماردانلار سانجى، قۇتۇبىلاردا توپىلاڭغا قوماندانلىق قىلىشقا؛ قالىبەك، سالىس ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن رايونىدا توپىلاڭغا قوماندانلىق قىلىشقا؛ ئوسمان قاتارلىق كىشىلەر جىمسار، گۇچۇڭ، مورى رايونىدا توپىلاڭغا قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل بولغان[2]. شۇڭا بۇ مەزگىلدە پانتۈركىستلارنىڭ ھەرىكىتىمۇ غالجىرلىشىپ كەتتى. شۇ يىلى 8 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى - غۇلجىدا پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىدىغان بىر نەچچە مەخپىي گورۇپپا پاش قىلىندى.

تىنچلىقنى ياقلىغۇچىلارمۇ خىزمىتىنى كۈچەيتتى، 7 - ئايدا بۇرھان تاۋسىيۇ، لىيۇ مېڭچۈن، چۈي ۋۇ، لىيۇزېرۇڭ قاتارلىقلارنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلى قاتارلىقلارنى نەنسەندە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتى ئۈستىدە ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، تاۋسىيۇ، لىيۇمېڭچۈن قاتارلىقلار يەنە بۇرھان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلىنى شەھەر ئەتراپىدىكى كۆل

---

① «پاندىت ئوسماننىڭ ئۆرۈمچىدە قانۇن تورىغا چۈشۈشى»، «خەلق گېزىتى» نىڭ 1951 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى سانى، 1 - بەت.
② بۇرھان: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، ئۇيغۇرچە 741 -، 742 - بەتلەر.

ياقىسىدا تۇرۇپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ئىستىقبالى ئۈستىدىكى قاراشلىرىنى ئالماشتۇردى. ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى خېلى ئاقىلانە بولدى. بۇ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ساھەدىكى تىنچلىقنى ياقلىغۇچىلارنىڭ بىرلىشىشى بولدى.

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، تاۋسىيۇ بىلەن ماددىي ئەشيا تەمىنلەش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خاۋ جياجۈن، سىياسىي خىزمەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لياڭ كېشۈنلەر قوشۇننىڭ ئارقاسەپ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش نامى بىلەن جاۋشىگۇاڭنى قارا شەھەردە كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى، مەخپىي كۆرۈشۈش نەتىجىسىدە جاۋشىگۇاڭ قوشۇننى ئىچكىرىگە قەتئىي يۆتكىمەيدىغانلىقىنى، ھەقىقەتكە قايتىش ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تامامەن قوللايدىغانلىقىنى، جەنۇبىي شىنجاڭغا پۈتۈنلەي مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، شىمالىي شىنجاڭغا تاۋسىيۇ مەسئۇل بولدى. ئۇ ئىككىسى ئازادلىق ئارمىيە يېقىنلاشقاندا يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىش، شۇ چاغدا ھەر ئىككىسى ئۆز قوشۇننى ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىش توغرىسىدا بىر قارارغا كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە شەرقىي شىنجاڭدىمۇ تەييارلىق خىزمەتلىرى ياخشى ئىشلەندى. شەرقىي شىنجاڭ گەنسۇ بىلەن تۇتاش، جيۇچۈەن لەنجۇ بىلەن شىنجاڭنىڭ دەرۋازىسى بولغاچقا، شۇ چاغدا غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي جاڭگۈەن مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى فىڭ مىڭدىڭ، 8 - تەمىنات رايونىنىڭ قوماندانى زېڭ جىنۋۇ بىلەن مەخپىي ئالاقە ئورنىتىلىپ ئۇلارنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى قوللىشىغا ئېرىشتى. تاۋسىيۇ يەنە تاۋجىنچۇ، ليۇمبىڭچۈن، چۈيۋۇ، ليۇزېرۇڭ، لياڭ كېشۈنلەر بىلەن ئالاقىلەشتى ھەمدە ئۇلار ئارقىلىق ھەر قايسى تەرەپلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى، قوشۇندا ئەسكەرلەرنى ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئەسكەرلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۇقىرىدىكى جاھىللارنى يېتىم قالدۇردى ۋە چەتكە چىقىرىپ قويدى. ھۆكۈمەتتە جانسىقاننى ھەقىقەتكە قايتىش تەرەپدارلىرى

تەرەپتە تۇرۇشقا ئۇندەپ خىزمەت ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىپ تاغدىكى ھۆكۈمەت باشقۇرغان فىرمىنىڭ 3 مىڭچە قوينى نەنسەنگە ھەيدەپ كېتىپ ئۆزىنى ئوسمانىنىڭ قويىنغا ئاتتى. خەلق ئىشلىرى جەھەتتە، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇش- مىلىرى، سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئارقىلىق ئاممىا ئارىسىدا جامائەت پىكرى تەييارلاندى. ھەر قايسى ئىنقىلا- بىي تەشكىلاتلار ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ سەككىز ماددىلىق خىتابنامىسى، ھەقىقەتكە قايتقانلارغا قاراتقان سىياسەتتى قاتارلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھۆججەتلىرىنى شاپىگرافتا بېسىپ تارقاتتى، سوۋېت ئىتتى- پاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمىدە، گېزىتلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭئەھۋالىغا دائىر خەۋەرلەر بارغانسېرى كۆپەيدى، سو- ۋېت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، مەدەنىيىتىگە دائىر رەسىملەر ۋە ماقالىلەر بېسىلدى. تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ شارائىتى كۈن- سېرى پىشىپ يېتىلدى.

## 3 ـ بۆلۈم دېڭ لىچۈننىڭ شىنجاڭغا كېلىپ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا تۈرتكە بولۇشى

1949 ـ يىل 6 ـ ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يولداش ليۇشاۋچى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە موسكۋاغا ئەۋەتتى، بۇ ئۆمەك تەركىبىدە سىياسىي كاتىپ دېڭ لىچۈنمۇ بار ئىدى. سۆھبەت داۋامىدا سوۋېت تەرەپ ئىشەنچىلىك ئاخباراتقا ئاساسلىنىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى غەربىي شىمالدا «مافامىلىلىك بەشەيلەن» نى شىنجاڭغا چېكىندۈرۈپ يەرلىك ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ «پانئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، ناۋادا بۇ سۇيىقەست ئىشقا ئاشسا، جۇڭگو ئىنقىلابىغا زور خەۋپ يېتىدىغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ ئىنتايىن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشىنى تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدىن سوراپ ۋە ستالىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەسلىدىكى 1950 ـ يىلى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش پىلانىنى 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يۈرۈش قىلىشقا ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى. شۇڭا غەربىي شىمال ئۇرۇش مەيدانىغا يۈرۈش قىلىش سۈرئىتى تېزلىتىلدى. يوقىرىقى ھەرىكەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ھەربىي جەھەتتە گومىنداڭنى ئىسكەنجىگە ئېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بى-

لەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى موسكۋادىكى دېڭ لىچۈننى ئەۋەتىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ۋاكالىتەن ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئالاقە ئورنىتىشنى ھەمدە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى قارار قىلدى.

1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، دېڭ لىچۈن، ھەمراھى دۈەن خېگەدىنى باشلاپ، بىر تېلېگراف ئاپپاراتىنى ئېلىپ موسكۋادىن يولغا چىقتى، 14 - كۈنى غۇلجىغا كېلىپ، ئەتىسىلا «لىچۈن ئىستانسىسى»نى قۇردى. ئۈچ ۋىلايەت بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دېڭ لىچۈن ۋە «لىچۈن ئىستانسىسى» ئارقىلىق زىچ مۇناسىۋەت باغلىدى. ئۈچ ۋىلايەت پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىن ئۈزلۈكسىز يوليورۇق ئالدى؛ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمۇ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى، ئارمىيىسى، تەشكىلاتلىرى ۋە رەھبەرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇردى ھەمدە شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، مەدەنىيەت، مىللەت، جۇغراپىيە، ھاۋا كېلىماتى، ئۆرپ - ئادىتىگە دائىر تۈرلۈك ئەھۋاللىرىنى سىستېمىلىق ئىگىلىدى. 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان، ئىسھاقبېك، ئابباسوف قاتارلىقلار دېڭ لىچۈن بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشتى. ئۇلار ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭ رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو ئىنقىلابى غەلىبىگە ئېرىشىۋاتقان چاغدا، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئالاقە باغلاشقا ئادەم ئەۋەتكەنلىكىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولغانلىقىنى، دېڭ لىچۈننىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا بارلىق كۈچى بىلەن ياردەملىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. شۇ چاغدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، ھەر قانداق دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، ھەر قايسى خەلق تەشكىلاتلىرى، ھەر قايسى ئۆلكە - رايونلار، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر، چەت ئەللەردىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار ۋە باشقا ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنى ئېچىلىش ئالدىدا ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى

شىنجاڭمۇ ۋەكىل ئەۋەتىشنى ئۈمىد قىلاتتى، شۇڭا دېڭ لىچۈن غۇلجىغا
كېلىپلا ئالدى بىلەن رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يازغان
خېتىنى ئەخمەتجان قاتارلىقلارغا تاپشۇردى. خەتتە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي
مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان
كۈرەشىڭلار، پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتى-
نىڭ بىر قىسمى» دېيىلگەن. 2 - كۈنى (20 - كۈنى) ئەخمەتجان
ماۋزېدۇڭغا تېلېگرامما يوللاپ: «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قازانغان
ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى ئۆلكىمىزنىڭ ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى دەپ
ھېسابلايمىز! بىز سىز خېتىڭىزدە ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىگە ئىنتايىن
تەشەككۈر ئېيتىمىز ھەمدە بېيپىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىشنى خالايمىز»
دېدى①. مەركەزنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، شىنجاڭ سىياسىي مەسلىھەت
كېڭىشى يىغىنىغا بەش ۋەكىل ئەۋەتمەكچى بولدى، مەسلىھەتلىشىش ئارقى-
لىق ئەخمەتجان، ئىسھاقبېك، ئاباسوف، دەلىلقان، پاتىخان سۇگۇرباييوف
ۋە لوجىلار بېيپىڭغا ماڭدى. بۇ بەش ۋەكىل 1949 - يىل 8 - ئاينىڭ
22 - كۈنى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا
ماڭدى، 24 - كۈنى ئالمۇتادىن ئايروپىلان بىلەن چىتاغا قاراپ ئۇچتى،
25 - كۈنى يېڭى سىبىرىيىگە يېتىپ باردى. 27 - كۈنى ئايروپىلان
ئىركۇتسك شەھىرىدىن ئۇچۇپ بايقال كۆلى بويىغا كەلگەندە ھاۋارايى ناچار
بولغاچقا، بەختكە قارشى ئايروپىلان تاغقا سوقۇلۇپ كېتىپ ئايروپىلاندىكى
17 كىشىنىڭ ھەممىسى قازا تاپتى. رەئىس ماۋزېدۇڭ تەزىيە تېلېگراممى-
سىدا: «سىلەر ھاياتىڭلارنى شىنجاڭ خەلقىنى ئازادلىققا چىقىرىش يولىدا
قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىشقا بېغىشلىدىڭلار، ئاخىرقى ھېسابتا يەنە جۇڭ-
خۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش يولىدا قۇربان بولدۇڭلار، پۈتۈن مەم-
لىكەت خەلقى سىلەرنى مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدۇ» دېدى②. 9 -

① سەيپىدىن ئەزىزى: «پارلاق ئىز ئۆچمەس - ئەخمەتجان قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار-نىڭ قازا تاپقانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1984 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈندىكى سانى، 2 - بەت.

② «خەلق گېزىتى» نىڭ 1949 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈندىكى سانى.

ئاينىڭ 3 - كۈنى بۇ شۇم خەۋەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسى ئارقىلىق سەيپىدىنگە يەتكۈزۈلدى، سەيپىدىن بىلەن دېلىلىچۈن مەسلىھەتلىشىپ «شىنجاڭ ئىتتىپاقى[1]» . نىڭ دائىمىي ھەيئىتى سەيپىدىن، ئارباغاتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئالىمجان، شىنجاڭ شۆيۋەننىڭ پروفېسسورى تۇجى ئۈچ كىشىنى شىنجاڭدىن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئۈچەيلەن غۇلجىدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق مانجۇرىيىگە بېرىپ ئاندىن بېيپىڭغا يېتىپ باردى.

8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاياغلىرىدا يەنى لەنجۇ ئازاد بولۇشنىڭ ھارپىسىدا ئۇرۇشنى ياقىلىغۇچىلار بىلەن تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشنى ياقىلىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىنتايىن كەسكىنلەشتى، شىنجاڭدىكى قوشۇننى ئىچكىرىگە يۆتكەش مەسىلىسى يەنە كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. مابۇفاڭ يەنە ماجېڭشياڭنى خېشى كارىدورىغا كېلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا سۈيلىدى. ماجېڭشياڭ، يې چېڭ، لوشۇرېنلار ئىچكىرىگە يۆتكىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئەمەلىيەتتە قوشۇننى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتىشنى خالىمىدى؛ تاۋسىيۆ بولسا شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتىنى چىقىش قىلىپ، شىنجاڭدىكى قىسىملارنىڭ تەقدىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۇلار بىلەن سەممىي سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنى ئىچكىرىگە يۆتكىلىش نىيىتىدىن ياندۇرماقچى، ھەقىقەتكە قايتىشقا توسقۇنلۇق قىلماسلىققا كۆندۈرمەكچى، زۆرۈر دەپ قارىسا ئۇلارنىڭ ماددىي جەھەتتى-

① «شىنجاڭ ئىتتىپاقى» ، «شىنجاڭدا دېموكراتىيە ۋە خەلقچىللىقنى قوغداش ئىتتىپاقى»نىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى. بۇ تەشكىلات 1948 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ مەقسەت ۋە نىشانى «شىنجاڭدا خەلقنىڭ ئەركىن، تىنچ تۇرمۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، تىنچلىق بىتىمىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە تىنچلىق بىتىمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان خەۋپلىك ئۇنسۇرلارغا قاتتىق زەربە بېرىش» ، «خەلققە باراۋەر، مەدەنىيەتلىك، بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىش» ئىدى. ئەسلىدىكى دېموكراتىيە - ئىنقىلاب پارتىيىسى شۇ كۈنى ئەمەلدىن قالدى. بارلىق پارتىيە ئەزالىرى «شىنجاڭ ئىتتىپاقى» غا قاتناشتى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتى يەنە «شىنجاڭ ئىتتىپاقى» غا قوشۇلۇپ، شىنجاڭ ئىتتىپاقى ياشلار تەشكىلات بۆلۈمى بولۇپ قۇرۇلدى. 1949 - يىل 8 - ئايغا كەلگەندە «شىنجاڭ ئىتتىپاقى» نىڭ ئەزالىرى تەخمىنەن 50 مىڭ كىشىگە يەتتى. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ماتېرىياللار VI »

ىكى تەلىپىنى قاندۇرۇپ، قوشۇندىن كېتىشكە يول قويماقچى بولدى. لېكىن، ماجېڭشيالڭ شىنجاڭدىن يۆتكىلىشتە چىڭ تۇردى، بىر تەرەپتىن ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ئالدى بىلەن جيۇچۈەنگە ئاپىرىۋەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن تېزدىن كاللا مۈڭگۈزى قاپلانغان ياغاچ گۇق ساندۇقى ياستىپ، يولغا چىقىشقا تەييار تۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇنىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنى ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى جيۇگۇشىبا تۆپىلىكىگە بارغاندا، لەنجۇ ئازاد قىلىنىپ، مابۇفاڭ چىڭخەيدىكى كونا ئۇۋىسىغا قېچىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ماجېڭشيالڭ قوشۇنغا قايتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولدى①.

ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، لەنجۇنى ئازاد قىلغانلىق خەۋىرى ئۈرۈمچىگە تارقالغاندىن كېيىن، كۈرەش نەشرىياتى 29 - كۈنى كەچ سائەت ئوندا لەنجۇنىڭ ئازاد بولغانلىقى ھەققىدە تەشۋىق ۋەرەقى تارقاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ سەك-كىز ماددىلىق ئېلانىنى بېسىپ تارقىتىپ گومىنداڭ قوشۇنىنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، دېڭلىچۈن شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشنىڭ شەرتلىرىنى ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلەرگە ئۇقتۇرغانىدى؛ لەنجۇنىڭ ئازاد قىلىنغانلىق خەۋىرى ئۇلارنى ئاخىرقى يولنى تاللىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ۋە 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تاۋسيۈ، ليۇمېڭچۈن، بۇرھان، ليۇزېرۇڭ، چۆيۋۇ ۋە يېچېڭ، ماجېڭشيالڭ، لوشۇرېن قاتارلىقلارنى يىغىپ مەخسۇس يىغىن ئېچىپ شىنجاڭنىڭ تەقدىرى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى، يىغىندا ما-جېڭشيالڭ يەنىلا قوشۇننى باشلاپ چىڭخەي، نىڭشياغا كېتىشتە چىڭ تۇرغان-دىن باشقا، قالغانلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تىنچلىق شەرت-لىرىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىپ قىسمەن تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلى-قىنى بىلدۈردى. تاۋسيۈ، ليۇمېڭچۈن، ليۇزېرۇڭ، چۆيۋۇ قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى

① ژاڭ سىڭيالڭ: «شىنجاڭ ھەققىدىكە قايتىشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ماجېڭشيالڭ».

بىلەن كۆرۈشتى، ئۇلار شىنجاڭدا يەنە ھەر قانداق قان تۆكۈلۈش ۋە قۇربان بېرىشنى خالىمايدىغانلىقىنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ كونكرېت مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلدى، ليۇمېڭچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا مېڭىشتىن بۇرۇن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە غۇلجىغا بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە يەنە ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە، ئۇلارنىڭ ئىككى ھەپتە ئىچىدە قوشۇن چىقارماسلىقىنى، بۇ ئىككى ھەپتىدە بارلىق ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەيدىغانلىقىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى ھەمدە بۇ بىزنىڭ بىردىنبىر تەلىپىمىز، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق شەرتىمىز يوق دەپ بايانات ئېلان قىلدى. دېمەك، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربكە تېزلىكتە يۈرۈش قىلىشى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، خەلقنىڭ تىنچلىق تەلىپى ۋە ئارزۇسى گومىنداڭنىڭ ئاساسلىق ھەربىي، مەمۇرىي رەھبەرلىرىنىڭ تىنچلىقنى كۈتۈۋېلىش مەسىلىسىدە بىرلىككە كېلىشىگە تۈرتكە بولغان، پەقەت بەزى شەكىل ۋە تاكتىكا مەسىلىلىرى، ئالايلۇق، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئېلى تەرەپكە تەسلىم بولۇشنى خالىماي، قوشۇننى شەرققە يۆتكەپ ياكى ئۆز جايىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە تەسلىم بولماقچى بولغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر تېخى ھەل بولمىغانىدى.

9 - ئاينىڭ بېشىدا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولدى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى لەنجۇنى ئازاد قىلىپ دۈشمەننىڭ 23 مىڭ ئادىمىنى يوقاتقاندىن كېيىن، 1 - دالا ئارمىيىسىنىڭ 1 - بىڭتۇەنى يەنە چىڭخەيگە يۈرۈش قىلدى. 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئۆلكە مەركىزى شىنىڭنى ئازاد قىلدى، ئارقىدىن 1-، 2- بىڭتۇەن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ خېشى كارىدورىغا يۈرۈش قىلدى. «لەنجۇ، شىنىڭنى ئازاد قىلىپ مابۇفاڭ باندىتلىرىنى

يوقاتتى، بۇ غەربىي شىمال مەسىلىسىنىڭ تۈگۈننى ھەل قىلدى[1]» . خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش شارائىتىنىڭ يەنىمۇ پىشىپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭ جاڭجىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئازادلىق ئارمىيە لەنجۇ ۋە چىڭخەيدىن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى ۋە جاڭجىجۇڭدىن شىنجاڭدىكى ئارمىيە - ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىغا ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدا تېلېگرامما بېرىشنى ئۈمىد قىلدى. جاڭجىجۇڭ بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى، 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، جاڭجىجۇڭ تاۋسىيۈ بىلەن بۇرھانغا مۇنداق دەپ تېلېگرامما بەردى:

ئۈرۈمچى شەھىرى. قېرىندىشىم مۇئاۋىن قوماندان مىنيۈي، قېرىندىشىم رەئىس بۇرھان: . . . ھازىر ئومۇمىي ۋەزىيەتتە پەيدىنپەي ئۆزگىرىش بولماقتا، ۋەزىيەت مۇقىملاشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە لەنجۇ ئازاد بولۇپ، شىنجاڭ يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئىنقىلابنىڭ بۈيۈك مەقسىتىنى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ھەمدە پۈتۈن ئۆلكىدىكى خەلق ۋە ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئىپادە بىلدۈرۈپ، گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلەرنى ئۈزگەنلىكىڭلارنى رەسمىي جاكارلاپ خەلق دېموكراتىيىسى لاگېرىغا قايتىپ كېلىڭلار. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىڭلار. . . سىلەر دەرھال قەتئىي قارارغا كېلىپ، بارلىق قىيىنچىلىق ۋە غەم - ئەندىشىلەرنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھەممە ئىشنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، كەسكىن ھەرىكەت قىلساڭلار كۆپرەك ئادەمنى ساقلاپ قالغىلى، كۆپرەك تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ. ھەرقايسى ئارمىيە جۈن، شىنىڭ شىجاڭلىرى ياكى ئالاقىدار ئارمىيە - ھۆكۈمەت كادىرلىرىغا زۆرۈر تېپىلسا مېنىڭ نامىمدا ۋاكالىتەن تېلېگرامما بەرسەڭلار، ئۇلار ئەھۋالنى چۈشىنىپ قوبۇل قىلىدۇ.

---

① «خۇزۇڭنەن بىلەن بولغان ئۇرۇشنىڭ يەكۈنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن مابۇفاڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا»

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، جاڭجېجۇڭ تاۋسىيۇگە يەنە بىر پارچە تېلېگرامما بېرىپ مەسىلىلەرنى تەپسىلىي سورىدى ۋە توققۇز مەسىلە ئۈستىدە كۆرسەتمە بەردى: ماچېڭشيالڭ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى ئەڭ ياخشىسى نەسىھەت بىلەن قايىل قىلىش لازىم، بولمىسا مەزكۇر قىسىمنى قاراشەھەر ۋە بۈگۈرگە، جۇڭزۈيىن لۈبى (192 - لۈي، لۈي شتابى قارا شەھەر) نى تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئەتراپىغا يۆتكەپ، ئۇلارنى قارشىلىق كۆرسەتمەسلىككە ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم؛ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارغا نەسىھەتنى كۈچەيتىش، ئۇلار بۇيرۇقنى قوبۇل قىلسا، مەنىۋى جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتنى مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن، ئاخىرىغىچە جاھىللىق قىلىدىغانلار بولۇپ، قۇتقۇزۇۋېلىش مۇمكىن بولمىغانلارنى ئالدى بىلەن ئالماشتۇرۇۋېتىپ، ئىشنى بۇزۇپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى سىيىت، ئۆمەر، يولۋاس، مەسئۇت، مەمتىمىن، جانىمقان قاتارلىقلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقىنىنىڭ كوممۇنىزم ئەمەس، سوتسىيالىزممۇ ئەمەس، بەلكى يېڭى دېموكراتىزم ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭ بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدە گەرچە ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ سىياسىي پروگرامما بويىچە تۈزۈلگەن تىنچلىق، دېموكراتىيە، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق سىياسىتىدە زادى ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش لازىم.

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تاۋسىيۇ بىلەن بۇرھان جاڭجېجۇڭغا تېلېگرامما ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇپ، يېرىم يىلدىن بۇيان ئۇلار لىيۇمېڭچۈن، لىيۇزېرۇڭ، چۈي ۋۇ قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، دۆلەت زېمىنىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىنى قوغداش ھەمدە قىسىملاردا ئورۇنسىز قۇربان بېرىشلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئۈچ پرىنسىپ ئاستىدا مۇۋاپىق پەيت تاللاپ تىنچ يول بىلەن ئۆزگىرىش ياسىماقچى بولغانلىقىنى، ھازىر بۇ تەشەببۇس پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ۋە پۈتۈن ئارمىيىدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكىنى، ئاز ساندىكى جاھىللار جۈملىدىن ماچېڭشيالڭ،

يېچىپ، لوشۇرېن قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋقەسى بويىچە ئاز سانلىق
كادىرلارنى باشلاپ يېقىندا پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئورۇمچىدىن چەتكە چى-
قىپ كەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي
شىنجاڭدىكى قالغان بارلىق قىسىملار ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ يەرلىكنىڭ
تەرتىپىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى، ماجىڭشياڭ قاتارلىقلار ئورۇمچىدىن كەتكەن-
دىن كېيىنلا تاۋسىيۈنىڭ رەھبەرلىكىدە، گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان
مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، ئىچكى تىنچلىق كېلىشىمى بويىچە خەلق ئىنقىلابىي
ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى جاكارلى-
غانلىقىنى، ھۆكۈمەت تەرەپ بولسا، ستراتېگىيىدە ئۆزگىرىش ياسىلىشى
بىلەنلا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەتتىن ئەسلىدە
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ھەيئەت بولغانلارنى ئورۇمچىگە قايتىپ كېلىشكە
تەكلىپ قىلىپ، ھەمكارلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تۈزۈلگەن تىنچلىق،
بىرلىك، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق سىياسىتىگە ھەمدە ئۆلكىمىزنىڭ سى-
ياسىي پروگراممىسىغا بىنائەن، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشتىن
ئاۋۋال ۋاقىتىنچە يەرلىكنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ تۇرىدى-
غانلىقىنى، مەركەزنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ، ئۆلكىدە
ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىلىك تۈردە غەربىي شىمالغا يۈ-
رۈش قىلىشى ۋە جاڭجىجۇڭنىڭ رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ كۆرسەتمىسى بويى-
چە بىر نەچچە قېتىم تېلېگرامما بېرىپ ھەيدەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا،
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خەلق ئاممىسىغا تىنچلىق يولىغا ماڭىدىغانلىقىنى
ئېلان قىلدى، ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىمۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
تىنچلىق تەشەببۇسىنى چىن دىلىدىن ھىمايە قىلدى. 1949 -يىل 9 -
ئاينىڭ 9 - كۈنى، بۇرھان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشخانىسىغا ھەر
مىللەت زاتلىرى ۋە ئابرويلۇق كىشىلەردىن 30 نەچچە كىشىنى تەكلىپ
قىلىپ ئۆلكىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تىنچلىققا كاپالەت-
لىك قىلىش ئىرادىسىنى تەپسىلىي شەرھلىدى. بۇرھان مۇنداق دېدى:
«مەن ئۆلكىمىزدىكى ھەممە كىشىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ تىنچلىق سىياسىتىنى

ھىمايە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇ ئۆلكىمىزنىڭ تىنچلىقىنى قوغداشتى-
كى ئاساسىي كۈچىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەركەز ۋە يەرلىكتىكى
ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئۆلكىمىزدە تىنچلىق سىياسىتىنى يۈرگۈ-
زۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە بۇ سىياسەتنىڭ توغرىلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ
يەتتى، كۆپچىلىكنىڭ سەمىمىي ھەمكارلىشىشىنى بولۇپمۇ مۇئاۋىن قوماند-
دان تاۋسىيۇ، باش كاتىپ لىيۇمېڭچۇن ۋە ھەر دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇ-
رىي باشلىقلارنىڭ ئۆلكىمىزدە تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ ئۆلكىمىزنىڭ
تىنچلىقىنى قوغداش مەسىلىسىنى ئەتراپلىق ئويلىنىپ مۇھاكىمە قىلىشىنى
سورايمەن... جانابلار، ئۆلكىمىزنىڭ تىنچلىق سىياسىتىنى يۇقىرىدا
ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلار ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ، سەمىمىي ھەمكار-
لىشىۋاتىدۇ، تۆۋەندە كەڭ ئامما تىنچلىقنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە تىنچلىقنى
ھىمايە قىلىۋاتىدۇ، مانا بۇ ئۆلكىمىزنىڭ تىنچلىقىغا نىسبەتەن ئۈمىدۋار
ئىكەنلىكىمىزنىڭ ئاساسى، مەن بۇ ئاساسقا قەتئىي ئىشىنىمەن، ئىشەنچەم-
نىڭ ئاساسىمۇ شۇ» دېدى①، بۇرھان شۇ ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەربىي،
مەمۇرىي دائىرىلەرنىڭ تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئىرادىسىنى ئېنىق
بىلدۈردى. شۇ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى چۈي ۋۇ ئۈرۈمچىدى-
كى ھەر ساھە خەلقىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك تەنتەربىيە بايرىمىنى تەبرىكلەش
يىغىنى ۋە بالىلارنىڭ «تەنتەربىيە لوڭقىسى» نى تالىشىش ۋاسكېتبول مۇ-
سابىقىسىنى باشلاش مۇراسىمىدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تىنچلىق سىيا-
سىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر شەرھلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭنىڭ
تىنچلىق سىياسىتى ئۆزگەرمەيدۇ... شىنجاڭ قان تۆكۈلىدىغان ۋە ئۇ-
رۇش بولۇپ تۇرىدىغان شىنجاڭ بولماستىن، تىنچ شىنجاڭ بولۇشى كې-
رەك، ... ۋىجدانسىز ئۇنسۇرلار تىنچلىققا ۋە ئامانلىققا بۇزغۇنچىلىق
قىلسا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دەرھال پاش قىلىشىنى سورايمىز، ئامانلىقنى
ساقلاش ئورۇنلىرى ئۇلارنى چوقۇم قاتتىق جازالايدۇ» دېدى. ئۇ يەنە:
«ئېتىقادىمىزدىن گۇمانلىنىشقا، ئىرادىمىزدىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ، مۇ-

---

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى سانى، 2 - بەت.

ئاۋۇن قوماندان تاۋسىيۇ، رەئىس بۇرھاننىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىپ
شىنجاڭنى پارلاق يولغا ماڭغۇزۇش»نى چاقىرىق قىلدى①. 9 - ئاي-
نىڭ 11 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى، شەھەر-
لىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، مۇسۇلمان سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى،
شەھەرلىك كېڭەش، ناھىيىلىك كېڭەش قاتارلىق ھەر مىللەت خەلق تەش-
كىلاتلىرى رەئىس بۇرھاننى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، ھۆكۈمەتكە ئىشىنى-
دىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە كونكرېت ھەرىكىتى ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ
ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىنى قوغداشقا ھەمكارلىشىش ئۈچۈن تىنچلىق مەسىلە-
سى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىن قاتناشچىلىرى بەس - بەس بىلەن
پىكىر بايان قىلدى ھەمدە ئۈچ تۈرلۈك قارار ماقۇللىدى: 1. رەئىس
بۇرھاننىڭ تىنچلىق چاقىرىقىنى چىن دىلىدىن ھىمايە قىلغاندىن باشقا،
يەنە رەئىس بۇرھاننىڭ يېقىندا قىلغان تىنچلىق توغرىسىدىكى سۆزىنى ھەر
قايسى مىللەتلەرنىڭ يېزىقىدا تەشۋىقات ۋەرەقى سۈپىتىدە بېسىپ كەڭ
خەلق ئاممىسىغا تارقىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش؛ 2. تىنچلىق چاقىرىقىنى سەممىي ھىمايە
قىلىدىغانلىقىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە خەت يېزىپ رەسمىي ئىزھار قى-
لىش؛ 3. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ بۇ قېتىمقى
سۆھبەت يىغىنىنىڭ قارارلىرى ئۈستىدە يوليورۇق سوراش، تىنچلىقنى
ئىلگىرى سۈرۈش تەشكىلاتى قۇرۇش②. ئارقىدىن پۈتۈن ئۆلكە بويىچە
تىنچلىقنى ھىمايە قىلىش - ئىلگىرى سۈرۈش ھەيئىتى قۇرۇش مەسىلىسى
غۇلغۇلا قىلىندى③.

تىنچلىق يولىغا مېڭىش نىشانى ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، ھەربىي -
مەمۇرىي جەھەتتە تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا تۈرتكە

---

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىل) 9 - ئاينىڭ 10 - كۈندىكى سانى، 2 - بەت.

② «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىل) 9 - ئاينىڭ 21 - كۈندىكى سانى، 2 - بەت.

③ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىل) 9 - ئاينىڭ 14 - كۈندىكى سانى، 2 - بەت.

بولۇش يولىدا تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. ھەربىي جەھەتتە، ماچېڭشياڭ، بې چېڭ، لوشۇرېن قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭدىن كېتىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىندى. بۇ چاغدا ماخۇفاڭ ئاتا - بالا ئىككىسى بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ چەت ئەلگە كەتكەن، ئۇلارنىڭ قالدۇق قوشۇنى چىڭخەيدە ئاساسەن بىتچىت قىلىنىپ يوقىتىلغان، ھەر دەرىجىلىك كوماندىرلىرى ئازاتلىق ئارمىيىگە تەسلىم بولغان، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى كارىدورىدا چىڭخەي قوشۇنى قالمىغانىدى. ماچېڭشياڭ تاۋسىيۆنىڭ قايىل قىلىشى بىلەن ئاز ساندىكى ئادەملىرىنى باشلاپ ئۇرۇمچىدىن ئايرىلىپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى؛ بې چېڭ، لو شۇرېن ۋەزىيەت قولدىن كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇلارمۇ شىنجاڭدىن كېتىشكە ھازىرلاندى. ھۆكۈمەت تەرەپتە، بۇرھان ئەنگلىيە، ئامېرىكاپەرەس پانتۈركىستلار - مەسئۇت، ئەيسا، مەمتىمىن، قۇربان كوداينىلار بىلەن بولغان كۈرەشنى كۈچەيتتى. ئۇلار چىقىرىۋاتقان ئەكسىيەتچى گېزىت - ژۇرناللارنى پېچەتلىدى، ئەكسىيەتچى ئىدىيىسى ئېغىر ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ ئورنىنى دېموكراتىك ئىدەيىگە ئىگە كىشىلەر ئىگىلىدى، ئىدىيىسى ئەكسىيەتچى قەشقەر ۋالىيسى ئۆمەرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا ئابدۇكېرىم مەخسۇمنى ۋالىي قىلدى. مەمتىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار بىرقىسىم يېقىن كىشىلىرىنى باشلاپ پاكىستانغا كەتمەكچى بولدى، جانىمقان، خادىۋاڭ، ئوسمان قاتارلىقلارمۇ شىنجاڭدىن كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھەربىي - مەمۇرىي خادىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كېتىشنى خالىسىلا رۇخسەت قىلىندى.

تىنچ يول بىلەن ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ پائال ماسلاشتى. 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، بۇرھان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كادىرلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى نۇسرەت (باۋمۇچيەن) ، مۇئاۋىن مائارىپ نازىرى چېن فاڭبېي، ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ رۇن قاتارلىقلارنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن يېرىم ئاي ئىچىدە يەتتە ۋىلايەتكە قوشۇن ئەۋەتمەسلىك مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا ئەۋەتتى. شۇ چاغدا گومىنداڭ قوشۇنى بىر تەرەپتىن ئىلى تەرەپ يەتتە ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ، ماناس كۆۋرۈ-

كىدە قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىپتۇ. ئىلى تەرەپتىن 200 نەچچە كىشى جەڭگە قاتنىشىپتۇ دېگەندەك ئىغۋالارنى توقۇپ چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەلقنىڭ ھارۋىلىرىنى، ئاتلىرىنى تارتىۋالدى ھەم ئۆزى تۇرغان جايغا ۋە ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوللارغا، ئۆتكەل-لەرگە مىنا كۆمدى. چېن فاڭبېي قاتارلىقلار ماناسقا بارغان كۈنىلا خەلق ئاممىسىغا ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلەرنىڭ تىنچلىقنى قوغداش ئىشەنچى-سى ۋە ئىرادىسىنى چۈشەندۈرگەن ھەمدە بۇرھاننىڭ ئۆلكىمىزنىڭ تىنچ-لىقىغا كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدىكى ئېلانىنى ھەممە يەرگە چاپلىغان[①] 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئىككى تەرەپ ئۇچراشقان، ئۇسرەت ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىلى مەرغۇپقا ھازىر مەركەزنىڭ ھۆكۈمەت قوشۇنى چېكىنىشكە ھازىر-لىنىۋاتىدۇ[②]، دەريانىڭ غەربىدىكى قوشۇن (يەنى ماناس دەرياسىنىڭ غەر-بىدە تۇرۇشلۇق ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى) ئەخمەتجاننىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىشتىن بۇرۇن ئاھالىلەردە مالىمانچىلىق بولماسلىقى ئۈچۈن دەريانىڭ شەرقىدىكى قوشۇنغا ھۇجۇم قىلمىسا دېدى. مەرغۇپ مۇنتىزىم قوشۇنىمىز يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالماي تۇرۇپ ھەربىي ھەرىكەت قوللانمايدۇ ۋە قوللىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، قوشۇنلار چېكىنگەندىن كېيىن جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقىغا، يەرلىكتە مال - مۈلۈكلەرنى بۇلاش ۋەقەلىرىنى چەكلەشكە كاپالەتلىك قىلىمىز، دەپ پوزىتسىيە بىلدۈر-دى.

---

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىڭگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىل) 9 - ئاينىڭ 11 - كۈندىكى سانى، 2 - بەت.

② گومىنداڭ قوشۇنى 9 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن قارشىلىشىۋاتقان ئالدىنقى سەپتىن چېكىندى. مەسىلەن، ماچېڭشياڭ، مىر چىڭلارنىڭ ما-نىس، قۇتۇبى، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، قومۇلدىكى قىسىملىرى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن كېيىن چېكىنىشكە باشلىدى، ماناستىكى گومىنداڭ قوشۇنى 8 - ئايدا ئۈرۈمچىگە چېكىندى؛ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش قارارىغا ئاساسەن، خويزۇ قوشۇنى-نىڭ چېكىنىش مۇددىتى بىر ھەپتە دەپ، خەنزۇ قوشۇنىنىڭ چېكىنىش مۇددىتى ئون كۈن دەپ بەلگىلەندى، لېكىن مەمۇرىي ئورگانلار يەنىلا ماناستا قالدى. تارىختا يۈز بەرگەن مىللىي ئارازلىق تۈپەيلىدىن، قوشۇن كېتىپ مەمۇرىي ئورگانلار قالغاندىن كېيىن جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ مالىمانلە-شىپ كېتىشى ۋە مىللەتلەر ئارا بۇلاڭچىلىق ۋە قىرغىنچىلىق ۋەقەلىرىنىڭ يۈز بېرىشى تۇرغان گەپ ئىدى، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئەڭ ياخشى چارە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ۋە مەلۇم ساندىكى كادىرلىرى گومىنداڭ قوشۇنى چېكىنگەن رايونلارغا كىرىپ ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىللەپ جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش كېرەك دەپ ھېسابلىدى.

ئۈرۈمچىدە خەلق ئاممىسى بالدۇرراق ئازادلىققا ئېرىشىشكە تەشنا ئىدى، ئۇلار تىنچلىق ۋە ھەقىقەتكە قايتىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئاشكارا سۆھبەتلىشىدىغان بولدى، ھەتتا بەزىلەر مەن كوممۇنىست دېسىمۇ ھېچكىمنىڭ چاتىقى بولمىدى. ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى پاكىستون 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تىكىۋەتتى؛ ئەنگلىيە، ئامېرىكا كونسۇلخانىلىرى مال - مۈلكىنى سېتىشقا مۇئاۋىن كونسۇللىرىنى قالدۇرۇپ كېتىشكە ھازىر تۇردى. قورال كۈچىگە تايىنىپ خەلققە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان گومىنداڭنىڭ چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلىرى ۋە ئىشپىيونلار ماكانسىز قالغان لالما ئىتلاردەك كىيىم - كېچەك، نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىشقا سېتىپ، ئالتۇننى تالىشىپ سېتىۋېلىپ قۇيرۇقنى خادا قىلىشقا تەييارلاندى. جىغ ئىدارىسىنىڭ بىر مۇنچە ئەسكەرلىرى كاكارلىرىنى ئېلىۋېتىپ، خىزمەت كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ پوقراچە كىيىنىۋېلىپ ئىشلىمەس بولۇۋالدى. ھەر مىللەت ئىشچىلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى، ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئوقۇتقۇچىلار، ئەسكەرلەر، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار، كىچىك سودىگەرلەر بولسا كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىن قىسىلغاچقا، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىدىن تولىمۇ بىزار بولۇپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بالدۇرراق ئازاد قىلىشىغا تەقەززا ئىدى. شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە «كۈن چىقىشقا ئاز قالدى» دېگەن گەپ كەڭ تارقالغانىدى.

شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، دېڭ لىچۈن 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئەتىگەندە غۇلجىدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە قاراپ ئۇچتى، 15 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندە بۇرھان، لىيۇ مېڭچۈن، لىيۇ زېرۇڭ قاتارلىقلار ئايرودرومدا كۈتۈۋالدى. دېڭ لىچۈن بۇرھاننىڭ ئۆيىگە چۈشتى. 16 - كۈنى سائەت ئوندا، دېڭ لىچۈن تاۋسىيۇ، بۇرھان بىلەن تۇنجى قېتىم رەسمىي سۆھبەتلەشتى. دېڭ لىچۈن مەركەزنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزۈپ، تاۋسىيۇدىن دەرھال لەنجۇغا ۋەكىل ئەۋەتىپ مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇي بىلەن خېشى كارىدورى ۋە شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش مەسىلىسى

ئۈستىدە سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلدى. تاۋسيۈ خېشى كارىدورىدىكى خۇاڭ زوشۇن قىسمى بىلەن جۇجيالىن قىسمى ئادەم ئەۋەتىپ مەن بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىردەك ھەرىكەت قىلىپ، ئازادلىق ئارمىيىگە تەسلىم بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، لېكىن لەنجۇغا ئادەم ئەۋەتىشنىڭ شارائىتى پىشىپ يېتىلمىدى: بىرى، گۋاڭجۇ ھۆكۈمىتى ئايروپىلاندا ئەۋەتىدىغان ھەربىي مائاشنى كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مائاش تارقىتىلسا قوشۇننى تىنچلاندۇرغىلى بولىدۇ؛ يەنە بىرى، ماچيەنشياڭ، بې چياڭ، لو شۇربىنلار قوشۇننى تاپشۇرۇپ شىنجاڭدىن كەتتى، دېدى. 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، دېڭ لىچۈن يەنە تاۋ سيۈ، ليۇ مېڭچۈڭگە دەرھال مەسىلىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ھەل قىلالايدىغان ۋەكىل تەيىنلەپ ئۇنى لەنجۇغا ئەۋەتىپ، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى. 19 - كۈنى ئاخىر رەسمىي ۋەكىللەر بېكىتىلدى يەنى ھەربىي تەرەپتىن زېڭ جېنۋۇ (8 - تەمىنات رايونىنىڭ قوماندانى) تاۋ سيۈ ۋە خېشى كارىدورىدىكى خۇاڭ زوشۇن قىسمى، جۇجيالىن قىسمىغا ۋاكالىتەن، ھۆكۈمەت تەرەپتىن چۈي ۋۇ بىلەن قاسىمجان ۋەكىل بولۇپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا لەنجۇغا باردى. شۇ كۈنى بۇرھان ماۋزېدۇڭغا تېلېگرامما يوللاپ «بىز قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش قارارىغا كەلدۇق، بىز بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يوقىتىپ، رەھبەرلىكىڭىزنى قوبۇل قىلىمىز» دېدى.

تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىشنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، دېڭ لىچۈن يەنە گومىنداڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى تەمىنات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىقلاردىن ئىسكىلاتتا ساقلىنىۋاتقان 10 مىڭ توپ گەزلىمە، 200 مىڭ جىڭ پاختا، 900 نەچچە كىيىم تىكىش ماشىنىسى ۋە تۈرلۈك ھەربىي ئەشيالارنى ئوبدان ساقلاپ «خىزمەت كۆرسىتىش» نى تەلەپ قىلدى.

دېڭ لىچۈن ئۈرۈمچىدىكى مەزگىلدە كۆرەش نەشرىياتى، ئاۋانگارت نەشرىياتى بىلەن ئالاقە باغلىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئىككى نەشرىياتنىڭ مەسئۇللىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا دېڭ

لىچۈنگە خىزمىتىنى دوكلات قىلدى. دېڭ لىچۈن ئاۋانگارت تەشكىلاتىنىڭ گومىنداڭ دائىرىلىرى تىنچلىق بىلەن ئۆزگىرىش ياساشنى خالىمىسا، قولغا كەلتۈرگەن ھەربىي كۈچ بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شىنجاڭ بويىچە ئۇلارنى چەكلىمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى قىسىملار ئىچىدە ھەرىكەت ئېلىپ بارغاندا ناھايىتى پەخەس بولۇشقا ئاگاھلاندۇردى.

تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئېقىمغا ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئەكسىيەتچىلەر نىيىتىدىن يانمىدى. ئۇلار ئۆلۈم ئالدىدا ئاخىرغىچە جان تالاشتى. جياڭ جيەگو چوي ۋۇغا تۆۋەندىكى مەزمۇندا تېلېگرامما بەردى: ئاڭلىشىمىزچە، ئۈرۈمچىدە قىسمەن تىنچلىق ھەرىكىتى ئۈستىدە گەپ - سۆز بولۇۋېتىپتۇ، ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇ يەنە چوي ۋۇ قاتارلىقلاردىن تۈرلۈك ئامىللار بىلەن شىنجاڭنى ساقلاپ قېلىشنى، ئۈمىد قالمىغان پەيتتىمۇ «دۆلەت، مىللەت يولىدا ھەققانىيەتنى ياقلاش» روھىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئاتلىق 5 - جۈن بولسا ئوسمان باندىتقا قورال - ياراغ سېتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ توپىلىڭىنى قوللىدى. جانىمقان، سالىس، قالىبەك، زاكىل قاتارلىقلار ۋە خادىۋاڭ قازاقلار ئىچىدە پىتنە - پاسات تارقىتىپ ھەممە ئۇلارنى دۇنخۇاڭ ئەتراپىغا كۆچۈپ كېتىشكە زورلىدى. ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنان 1949 - يىل 9 - ئايدا جىمساردىكى تاغ ئىچىگە بېرىپ ئۆزى بىۋاسىتە 100 نەچچە كىشىلىك ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە ئۈچ ۋىلايەتكە دائىر ئاخباراتلارنى توپلىدى①، ھەممە ئوسمان بىلەن بىرلىكتە ئازادلىققا توسقۇنلۇق قىلىشنى پىلانلىدى، ماكنان پۇل - پۇچەك، قورال - ياراغ بېرىشكە ۋەدە قىلدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ باشلىقى ياڭ ۋېيىمۇ جيۇ چۈەندىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ ئاخىرغىچە قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولدى، لېكىن ئۇ پايدىلىق ۋەزىيەت قولدىن كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى كۆيدۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ پاناھلىنىپ تۇرۇپ ئېپى

① «باندىت ئوسماننىڭ ئۈرۈمچىدە قانۇن تورىغا چۈشۈشى». «خەلق گېزىتى» نىڭ 1951 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈندىكى سانى، 1 - بەت.

كەلگەندە ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلاندى. گومىنداڭنىڭ موڭغۇل -
زاڭزۇ ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ كۇنتيەنمۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپ
تىنچلىق يولى بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا توسقۇنلۇق قىلماقچى بولدى.
مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، قوشۇننى تاپشۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلغان ما چېڭشى-
ياڭ، لوشۇرېن، يې چېڭ قاتارلىقلارمۇ لاۋمەنچىڭدىكى ئاتلىق 1 - شىنىڭ
قوماندانلىق شتابىدا يەنە بىر سۇيىقەست پىلانلاپ، 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى،
ھەقىقەتكە قايتىشقا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھەربىي، مەمۇرىي ساھەدىكى 40
نەچچە ئاساسلىق كىشىنى ئالدى بىلەن قولغا ئالماقچى. ئاندىن تاۋجىنچۇ،
بۇرھان، ليۇ مىڭچۈن قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ تاۋسىيۆنى تۇتۇپ كەتمەك-
چى، ئارقىدىن ئۇنىڭ نامىدا قىسىملارغا شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۆزلىرى
ساقلاۋاتقان شەھەرلەرنى بۇلاپ قارا شەھەرگە چېكىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق
چۈشۈرۈپ، گەنگو جىلغىسىدىن ئىبارەت تەبىئىي توسۇقتىن 1 - مۇداپىئە
لىنىيىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ ئاخىرىغىچە قارشىلىق كۆرسەتمەكچى ۋە
ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەندىكى قىسىملار بىلەن قوشۇلۇپ باشقىدىن پىلان
تۈزمەكچى بولدى①. تاۋسىيۆ بۇ ئەھۋالدىن ۋاقىپلىنىپ دەرھال ما چېڭشى-
ياڭ، يې چېڭ، لوشۇرېن قاتارلىقلارنى چاقىرىپ ئۇلار بىلەن ئوچۇق -
يورۇق سۆزلەشتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «سىلەر كىشىلەرنى تۇتماقچى بولۇپ-
سىلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلماقچى؟ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى باشقىد-
چە، بىر پاي ئوق ئېتىلسىلا، يەرلىكتە مالىمانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ،
بۇنىڭ سىلەرگە نېمە پايدىسى؟ . . . نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت سىلەرگە ئايان،
قوشۇننى ئىچكىرىگە يۆتكىمەكچى بولۇشتەك پايدىسىز ئىشنى ئەمدى ئويلى-
ماسلىق كېرەك. سىلەر قوشۇننى باشلاپ كەتمەكچى بولساڭلارمۇ، ئۆزۈڭ-
لار كەتمەكچى بولساڭلارمۇ، مەسىلىنى ئەتراپلىق ئويلىنىشىڭلارنى ئۆتۈنى-
مەن. مەن ئۆزۈمنىڭ كۆڭلى - كۆكسۈمدىكى گەپنى ئېيتسام، شىنجاڭدىن
قەتئىي كەتمەسلىك، ئۆلكىدىكى پۈتكۈل پۇقرالار ۋە ئوفىتسېر - جەڭچى-

---

① ليۇ شىفاڭ: «1949 - يىلى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىش جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرىم»؛ ليۇ يۇڭشياڭ، جيەن فاڭيو، بەي ۋېنيو «شىنجاڭنىڭ 2 - سېنتەبىر ھەقىقەتكە قايتىش جەريانى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 4 - سان. 24 -، 41 - بەتلەر.

لەر، ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى بىلەن ھايات - ماماتتا بىرگە بولۇش قارارىغا كەلدىم. بۇ مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم، مەسئۇلىيىتىمنى ئاخىرىغىچە ئادا قىلىمەن، ئۆلسەممۇ، مەسئۇلىيىتىمدىن ۋاز كەچمەيمەن.» 2 - كۈنى، تاۋسىيۈ يەنە ئۆزى يالغۇز لاۋمەنچىڭدىكى ئاتلىق 1 - شىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ ما، يې، لو ئۈچى بىلەن سۆزلەشتى①. ئۇلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانىنى بەربات قىلىش ئۈچۈن، بۇرھان، تاۋسىيۈ، ليۇ مېڭچۈنلەر كەلگەن قارار بويىچە، ليۇ مېڭچۈن 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كەچتە ماچېڭشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېنلارنى زىياپەتكە چاقىردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى جاڭ فېڭيى، ئۈرۈمچى گارنىزون قوماندانى چېن دېفا، چۆي ۋۇ قاتارلىق كىشىلەر بىللە بولدى. زىياپەتتە نازۇ نېمەتلەر ناھايىتى مول بولدى، زىياپەتتىن كېيىن ماجياڭ ئوينىلىپ، بىر ئولتۇرغان پېتى تاڭ ئاتقۇچە تارقاشمىدى، شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى مەغلۇپ قىلىندى. ئۈرۈمچى خەلقى يەنە تاۋسىيۈنىڭ باش قوماندانلىق شتابى ئالدىغا يىغىلىپ ئۇنىڭدىن خەلق رايىغا بېقىپ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى بالدۇرراق ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ھەر قايسى خەلق تەشكىلاتلىرىمۇ يەنە ئۈچ دانە ئالتۇن مېدال ياسىتىپ ماچېڭشياڭ، يې چېڭ، لوشۇرېنلارغا تەقدىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىي ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ شىنجاڭدىن بالدۇرراق كېتىشىگە تۈرتكە بولدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ما، يې، لو لارنىڭ پوزىتسىيىسىدە يەنە ئۆزگىرىش بولدى. ماچېڭشياڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ شياڭگاڭغا تىنچ - ئامان يېتىپ بارغانلىقىدىن ۋاقىپلىنىپ شىنجاڭدا قېلىشقا رايى قالمىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە مابۇفاڭ شىنىڭدىن ئايروپىلان بىلەن قاچقاندا ئاتلىق 1 - شىنىڭ 50 مىڭ سەر ھەربىي تەمىناتىنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، مابۇفاڭ باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتمايدىكەن، دوستلۇقتىن قىلچە ئەسەر قالماپتۇ، كەتمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلدى. ماچېڭشياڭ بىلەن

① تاۋسىيۈ: «شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش جەريانى»، «تارىخ ماتېرىياللىرى» 23 - سان، 6 - 7 - بەتلەر.

لوشۇرېننىڭ مۇناسىۋىتى خېلى ياخشى بولغاچقا، ماچېڭشىياڭ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كېتىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى، لوشۇرېننىڭ خوتۇنى 1948-يىلى شياڭگاڭغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ خەلقتىن شىلىۋالغان پۇل بىلەن ئۇ يەردە تىجارەت باشلىغانىدى، شۇڭا لوشۇرېنمۇ بىللە كېتىش قارارىغا كەلدى. يې چېڭ خوتۇنىدىن قورقىدىغان كىشى ئىدى، ئۇنىڭ خوتۇنى يې چېڭنىڭ توپىلاڭغا قاتنىشىشىغا قەتئىي قارشى چىقىپ، ئۇنى قېچىشقا ئۈندىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۇلار ئاخىر كېتىش قارارىغا كېلىپ، «قوشۇننى تاپشۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا كېتىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشنى خالايدىغان» لىقىنى بىلدۈرگەن[①]. مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئالدى - كەينىدە، جياڭ جيېشى، خۇزوڭنەنلەر شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، تاۋسىيۆگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇنى «كومپارتىيە باندىتلىرىغا تەسلىم بولدى» دەپ تىللىغان ھەم قوشۇننى يۆتكەش خىراجىتىگە شىنجاڭغا 1 مىليون يۈەن ئەۋەتىپ، قىسىملارنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇندى. 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ماچېڭشىياڭ، يې چېڭ، لوشۇرېن قاتارلىقلار يولغا چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن خۇزوڭنەن ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا تېلېگرامما بېرىپ، ئۇلاردىن قوشۇننى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئاپىرىپ ئاخىرىغىچە قارشىلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى ۋە ھاۋادىن ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلدى. ئۇلار ۋەزىيەت قولدىن كەتكەنلىكىنى ياخشى بىلگەچكە، جياڭ جەمەتى خاندانلىقى ئۈچۈن جېنىنى سېتىشنى خالىماي، جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ «ئەھمىيىتى يوق[②]» دەپ قارىغان.

ماچېڭشىياڭ، يې چېڭ، لوشۇرېن قاتارلىقلار مېڭىشتىن ئاۋۋال بۇرھان بىلەن تاۋسىيۆگە چەتكە چىقىش پاسپورتى بېرىش، ئۆزلىرىنى ھەربىي قوشۇن دۆلەت چېگرىسىغىچە ئاپىرىپ قويۇش، ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ

① تاۋسىيۆ: «شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش جەريانى»، «تارىخ ماتېرىياللىرى»، 23 - سان، 8 - بەت.
② تاۋسىيۆ: «شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش جەريانى»، «تارىخ ماتېرىياللىرى» 23 - سان، 8 - بەت

بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، يول خىراجىتى بېرىش، بىر قىسىم كۆچمە مۈلۈك ۋە مۇقىم مۈلۈكلىرىنى ئالتۇنغا تېگىشىپ بېرىش قاتارلىق تەلەپلەرنى قويدى. ئۇلارنى بالدۇرراق شىنجاڭدىن كەتكۈزۈپ ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇرھان بىلەن تاۋسىيۈ ئۇلارنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى قاندۇردى. 9 - ئاينىڭ 22- كۈنى، بۇرھان ۋە لىيۇمېڭچۈننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مالىيە نازارىتى ئەۋەتكەن خادىم ماجېڭشياڭ، يې چېڭلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ما يېلارنىڭ پىكاپ ۋە ئۆي بىساتلىرىنى، مال - مۈلكىنى باھاغا سۇندۇردى، ئاپتوموبىل ھۆكۈمەتنىڭ بولسىمۇ، ئۇلارنىمۇ ھۆكۈمەت سېتىۋالدى. ماجېڭشياڭنىڭ بىر كىچىك پىكاپىنى 300 نەچچە سەر ئالتۇنغا، قورۇ جايىنى 300 سەر ئالتۇنغا، ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ 50 نەچچە ئات ھارۋىسىنىڭ ھەر بىرىنى ئون سەر ئالتۇنغا ھېسابلاپ جەمئىي 500 نەچچە سەر ئالتۇنغا، سېتىۋالدى، يې چېڭنىڭ پىكاپى 300 نەچچەر سەر ئالتۇنغا باشقا مال - مۈلۈكلىرى جەمئىي مىڭ سەردىن كۆپرەك ئالتۇنغا سۇندۇرۇپ ئېلىندى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تاۋسىيۈ خەن يۇۋېننى ماجېڭشياڭنىڭ ئورنىغا، مۇۋۇرۇنى يې چېڭنىڭ ئورنىغا، لورۇ جېڭنى لوشۇرېننىڭ ئورنىغا خىزمەتكە تەيىنلەشنى قارار قىلدى. 25 - كۈنى ماجېڭشياڭ، لوشۇرېن، لىيۇخەندۇڭ، ۋاڭ زېڭشەن، جۇكۇنتيەن قاتارلىقلار ئون نەچچە ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچتى. يې چېڭمۇ ئەتىسى قاچتى. 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭدىكى قىسىملار تاۋسىيۈنىڭ باشچىلىقىدا ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسىنى ئېلان قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھىدىن ئالاقىنى ئۈزۈپ خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تېلېگرامما تېكىستى مۇنداق:

ماۋ جۇشى، باش قوماندان جۇدې، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا ھەمدە سىلەر ئارقىلىق ھەر قايسى دالا ئارمىيە قوماندانلىرى، مۇئاۋىن قوماندانلىرى، سىياسىي كومىسسارلىرى شۇنداقلا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى

1 - نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرىگە: بىز شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئوفىتسېر - جەڭچىلەر تۆت يىلدىن بۇيان گېنېرال جاڭ جىجوڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىچكى جەھەتتە تىنچلىق، سىرتقا قارىتا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياسىتىنى ھىمايە قىلىپ كەلدۇق. گېنېرال جاڭ جىجوڭ غەربىي شىمالدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئىچكىرىنىڭ ۋەزىيىتى يېڭى تۈسكە كىردى. گېنېرال جاڭ جىجوڭ چېگرىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، ئىنقىلابنىڭ بۈيۈك مەقسىتىنى ھەممىدىن مۇھىم بىلىپ، پۈتۈن ئارمىيىدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنى تېزدىن خەلق دېموكراتىيىسى لاگېرى تەرەپكە ئۆتۈشكە، دۆلەتكە تۆھپە قوشۇشقا دەۋەت قىلدى. تاۋسىيۇ قاتارلىقلار ھەربىي بولغانلىقى ئۈچۈن دۆلەتكە، خەلققە پايدىلىقلا بولىدىكەن، ئۆزلىرىنىڭ شان - شۆھرىتى بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ. ھازىر دەل جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك يىغىنى ئېچىلىۋاتىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە. يېڭى جۇڭگو تىنچ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت پارلاق يولغا قاراپ ماڭماقتا. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار دۆلەت چېگرىسىنى قوغدايدىغان قوراللىق كۈچ، بىز دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى، گۈللىنىشى، راۋاجلىنىشى ۋە ئىستىقبالىغا قىزغىن تىلەكداشمىز، خەلق ئىنقىلابىي ئىشلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل ئورۇنداش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ تېگىشلىك تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىشنى خالايمىز. تاۋسىيۇ قاتارلىق كىشىلەر پۈتۈن ئارمىيىدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرگە ۋاكالىتەن شۇنى تەنتەنىلىك بىلەن جاكارلايمىزكى: بۈگۈندىن ئېتىبارەن گوۋاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، ماۋجۇشى تۈزگەن سەككىز ماددىلىق تىنچلىق باياناتى ۋە دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تىنچلىق كېلىشىمىنى سەممىيلىك بىلەن قوبۇل قىلىمىز، پۈتۈن ئارمىيە ئەسلىدىكى تۇرۇۋاتقان ئورنىنى مۇداپىئە قىلىپ، يەرلىكنىڭ تەرتىپىنى ساقلاپ خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتىمىز. مەزكۇر تېلېگراممىنى يوللىدۇق، بۇيرۇقىنى كۈتىمىز. شىنجاڭ

ئۆلكىلىك گارنىزوننىڭ باش قوماندانى تاۋ سىيۈ، مۇئاۋىن باش قوماندان قوشۇمچە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 42 - شىنىڭ شىجاڭى جاۋشىگۋاڭ، ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن ئاتلىق 1 - شىنىڭ شىجاڭى خەن يۇۋېن، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن 78 - شىنىڭ شىجاڭى موۋورۇ، لۇيىنىڭ لۇيجاڭلىرى جۇڭ زۇيىن، لى زۇتاڭ، تيەن زېمبى، خەن رۇڭفۇ، گوچۇەنلياڭ، جۇ مىڭگاڭ، لو روجېڭ، ليۇ لۇنشەي، ياڭ يەنيىڭ، ماپىڭلىن ئەڭ تەزىم قىلىمىز، 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى.

9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى جىددىي يىغىن ئېچىپ گومىنداڭنىڭ گۋاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىنى ئۈزۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسىنى ئېلان قىلىشنى قارار قىلدى. تېلېگرامما تېكىستى مۇنداق:

ماۋ جۇشى، باش قوماندان جۇدې، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1 - نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرىگە: شىنجاڭدا 1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن ھەر مىللەت خەلق ۋەكىللىرىنىڭ دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، بىز گېنېرال جاڭ جىجوڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى بىردەك ھىمايە قىلغان تىنچلىق، بىرلىك، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلدۇق. ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىدە بولۇپمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ توسقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن ۋەزىپىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىيالمىغان بولساقمۇ، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشىدا ۋە ئۇلۇغ قوشنىمىزنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن ئۆلكە مىقياسىدا تىنچ، مۇقىم ۋەزىيەتنى ساقلاپ قالالىدۇق. گېنېرال جاڭ جىجوڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىق ئىشى ئۈچۈن غەربىي شىمالدىن كەتكەن، مەملىكەت ئىچىدە ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۆلۈم ئالدىدا داۋاملىق جان تالاشقان بولسىمۇ، ئۆلكىمىز تىنچلىقنى قوغداش، تىنچلىقنى قولغا

كەلتۈرۈش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بىز بىرلىككە كەلگەن
مۇستەقىل، ئەركىن دېموكراتىك ۋەتەننىڭ ياردىمىدە قۇدرەتلىك، باي
يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تىنچلىقىغا تۆھپە قوشۇش -
شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندۇق.
ھازىر جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ 1 - نۆۋەتلىك يىغىنى
ئېچىلىپ بولدى، پات ئارىدا بىرلىككە كەلگەن، مۇستەقىل، ئەركىن،
دېموكراتىك يېڭى دېموكراتىزملىق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا
كېلىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشقا
ئۇل سېلىنغانلىقىدىن خۇشاللىنىۋاتىدۇ ۋە ئىلھاملىنىۋاتىدۇ. پۈتۈن شىن-
جاڭ خەلقى يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن بەكمۇ ھاياجانلىنىدۇ.
بىز ھازىر شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋە پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت
خەلقىگە ۋاكالىتەن شۇنى تەنتەنە بىلەن جاكارلايمىزكى، بۈگۈندىن ئېتىبا-
رەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىنى ئۈزىمىز، ماۋجۇشىنىڭ
سەككىز ماددىلىق تىنچلىق باياناتىنى ۋە دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى
تىنچلىق كېلىشىمىنى سەمىمىيلىك بىلەن قوبۇل قىلىمىز ھەمدە ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتى قىلىپ ئۆزگەر-
تىپ تەشكىل قىلىمىز. پۈتۈن ئۆلكىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى ۋاقىتىنچە
باشقۇرۇپ تۇرىمىز، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتىمىز.
شۇنىڭ بىلەن بىللە غۇلجىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنى ئۈرۈم-
چىگە كېلىپ ھەمكارلىشىپ ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىمىز. ئۆلكىمىز جۇڭ-
گو كومپارتىيىسى ۋە ئۇلۇغ داھىي ماۋ جۇشىنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە پارلاق
تىنچ قۇرۇلۇش داغدام يولىغا تېزلىكتە ماڭىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنى-
مىز. مەزكۇر تېلېگراممىنى يوللىدۇق، يوليورۇقنى كۈتىمىز. شىنجاڭ
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بۇرھان، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالى-
رى ليۇ مېڭچۈن، چۈي ۋۇ، ليۇ شاۋالى، چېن فاڭبەي، ليۇ يۇڭشياڭ،
بەي ۋېنيۈي، ليۇدېيېن، ئېردېنى، جۇڭ دىخۇا تەڭ تەزىم قىلىمىز.

9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى.

ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسى بېرىلگەنلىك خەۋىرى دەرھال ئۈ-

رۇمچىنى قاپلىدى، پۈتۈن شەھەر قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى، ئۆزلۈكە- دىن تەشكىللىنىپ تەبرىكلەش نامايىشى ئۆتكۈزدى، ھەر مىللەت يېزىقىدا يېزىلغان رەڭلىك لوزۇنكىلار شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە چاپلاندى. ئەتىسى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقنى تەبرىكلەش يىغىنى چاقىردى، يىغىن مەيدانىدا رەڭگارەڭ بايراقلار لەپىلدەپ تۇراتتى، پوجاڭ- زىلار تەڭلا ئېتىلدى، پۈتۈن مەيداننى شادخۇراملىق قاپلىدى. بۇرھان يىغىندا ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلىدى. 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ھەقىقەتكە قايتقانلىق خەۋىرى غۇلجىغا تارقالغاندا پۈتۈن شەھەر قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. 28 ـ كۈنى غەربىي باغچىدا 30 مىڭدىن كۆپرەك كىشى قاتناشقان تەنتەنىلىك تەبرىكلەش يىغىنى ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭ تارىخىدە- كى بۇ ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇشقا تەنتەنە قىلىندى. شۇ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقى مەركىزىي ئىجرائىيە كومى- تېتىنىڭ ۋاقىتلىق مۇۋەققەت رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوف جۇڭگو كوممۇ- نىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭغا تەبرىك تېلېگراممىسى يوللاپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولغانلىقىنى قەتئىي ھىمايە قىلدى ۋە تەبرىكلىدى. ھەمدە «پۈتۈن ئۆلكە خەلقى ماۋجۇشى جانابلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ياردىمىدە، مۇستەھكەم ئىقتىساد ۋە بەخت ـ سائادەتلىك مەدەنىيەت تەرەققىياتى ھەمدە ھەر قايسى مىللەتلەر بىر دەك باراۋەر بولۇش ئاساسىدا يېڭى تۇرمۇش قۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالايدۇ» دېدى. 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، رەئىس ماۋزېدۇڭ جاۋاب تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى ھەمدە «ئىلى، تارباغا- تاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ كۈرىشى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ۋە پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئازاد قىلىنىشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى» دېدى.

1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى كۈتۈۋالدى، شۇنىڭ بىلەن يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فې- ئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى يوقىتىلىپ، يېڭى دەۋر ـ سوتسىيالىزم تارىخىي دەۋرى باشلاندى.

# چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى

1920 ـ يىلى (مىنگونىڭ 9 ـ يىلى)

1 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە ئاق ئورۇسلارنىڭ باچىچ قىسمى بىلەن ئالىيانكوۋ قىسمىنىڭ قالدۇقلىرىدىن 20 مىڭدىن كۆپرەك كىشى ئىلى، تارباغاتاي رايونلىرىمىزغا سوقۇنۇپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى.

1921 ـ يىلى (مىنگونىڭ 10 ـ يىلى)

1 ـ ئايدا، ئالىيانكوۋ قىسمى گوچۇڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ئاق ئورۇسلارنىڭ دوتۇپ قىسمى ئىلىنىڭ كۆرە دېگەن يېرىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئوت قويۇش، قىرغىنچىلىق، بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

3 ـ ئايدا، ئالىيانكوۋ ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن نەزەربەند قىلىندى، 1923 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

5 ـ ئايدا، ئاق ئورۇسلاردىن نوۋىكوۋ تارباغاتايغا سوقۇنۇپ كىرىپ باچىچ قىسمى بىلەن بىرلىكتە مالىمانچىلىق تۇغدۇردى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى كېلىشىمگە ئاساسەن شىنجاڭنىڭ ئۆلكە قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە باندىتلارنى قورشاپ يوقاتتى.

10 ـ ئادا، باچىچ قىسمى تولۇق يوقىتىلدى، سوۋېت ئارمىيىسى چېكىنىپ كەتتى.

1924 ـ يىلى (مىنگونىڭ 13 ـ يىلى)

كۈزدە، شىنجاڭ رۇسچە سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپى قۇرۇلدى.

ياڭ زېڭشىن قەشقەردە مافۇشىڭ كۈچلىرىنى تازىلىدى.

1925 ـ يىلى (مىنگونىڭ 15 ـ يىلى)

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ياڭ زېڭشىنغا تېلېگرامما بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، ئالتاي، ئىلى، چۆچەك، قەشقەر شەھەرلىرىدە كونسۇلخانا قۇرۇشىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

جۇڭگو شەمەي، زايسان، ئالمۇتا، تاشكەنت ۋە ئەنجان بەش جايدا كونسۇلخانا تەسىس قىلدى.

سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركىتى قۇرۇلدى.

شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتى قۇرۇلدى.

1928 - يىلى (مىنگونىڭ 17 - يىلى)

نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىگە قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بەلگىلىدى. قۇمىن توقۇمىچىلىق شىركىتى قۇرۇلدى ۋە تىجارەت باشلىدى. 1933 - يىلى بۇ شىركەتنىڭ زاۋۇتى ئۇرۇشتا كۆيۈپ كەتتى. 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، فەن ياۋنەن رۇسچە سىياسىي - قانۇن مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش مۇراسىمىدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە باشقىلار ئارقىلىق ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈردى. بۇ تارىختا «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دەپ ئاتالدى.

جىن شۇرېن شىنجاڭنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. 1931 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولدى.

1931 - يىلى (مىنگونىڭ 20 - يىلى)

قۇمۇلدا يەر تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ بەگلىك تۈزۈمى بىكار قىلىندى، قۇمۇل، بارىكۆل، ئۇۋرغول ئۈچ ناھىيە تەسىس قىلىندى.

2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، شۆباۋدىكى بىر ھەربىي ئۇيغۇر قىزغا زورلۇق بىلەن ئۆيلەنگەچكە، «شوپۇل ۋەقەسى» يۈز بەردى، بۇ قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى كۈرىشىگە ئوت پىلتىسى بولدى.

ماجۇڭيىڭ يارىلىنىپ گەنسۇدىكى ئەنشى، دۇنخۇاڭ، يۈيمىن ئەتراپلىرىغا چېكىندى.

1932 - يىلى (مىنگونىڭ 21 - يىلى)

يازدا، جىن شۇرېن شېڭ شىسەينى «شەرقىي يول باندىتلارنى تازىلاش باش قوماندان» لىقىغا تەيىنلەپ، قۇمۇلغا تۆت يولدىن ھۇجۇم قىلدى، خوجانىياز، يولۋاسلار پىچانغا كەتتى.

8 - ئايدا، ماجۇڭيىڭنىڭ ماشىمىڭ قىسمى شىنجاڭغا كىردى. 12 - ئايدا ماشىمىڭ بىلەن خوجانىياز، يولۋاسلار بىرلىشىپ پىچاننى

ئىشغال قىلدى، ماچۇەنلۇ ئۈرۈمچىدىكى نەسەنگە كىرىدى.

1933 - يىلى (مىنگونىڭ 22 - كۈنى)

1 - ئايدا، ماجۇڭيىڭ قوشۇن باشلاپ 2 - قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ، ئۆلكە مەركىزىگە ئىككى يولدىن ھۇجۇم قىلدى. يولۋاس پىچان بىلەن تۇرپاننى ئىشغال قىلدى. ماشىمىڭ قاراشەھەردە 36 - شىنىڭ باندىتلىرىنى تازىلاش باش قوماندانلىق شتابىنى قۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى كۇچا، بۈگۈر، باي، ئاقسۇغا كېڭەيدى. قارىقاش، خوتەن، لوپ، كېرىيە، گۇما، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن قاتارلىق جايلار جىن شۇرېنغا قارشى چىقتى.

2 - ئايدا، ماچۇەنلۇ قىسمى ئۈرۈمچىدىكى ياۋمۇشەن تېغىغا، غەربىي چوڭ كۆۋرۈككە، قىزىلتاغ ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلدى. ھەمدە مىچۈەن، سانجى، فۇكاڭ، قۇتۇبى، ماناس قاتارلىق جايلاردا ئۆلكە قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلدى.

3 - ئايدا شەرقىي شىمال ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە كىردى.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدە «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» يۈز بەردى، جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى.

6 - ئايدا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر شتابىنىڭ 2 - باشلىقى خۇاڭ مۇسۇڭنى شىنجاڭدا «ھال سوراش» قا ئەۋەتتى، شېڭ شىسەي چېن جۇڭ، تاۋمىڭيۇ، لى شاۋتيەن ئۈچ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلاشتى. 8 - ئايدا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى لىيۇۋېنلۇڭنى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىگە، شېڭ شىسەينى شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە، جاڭ پېيۈەننى ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى قوشۇمچە يېڭى تەشكىللەنگەن 8 - شىنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلىدى.

9 - ئايدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئەدلىيە - مەمۇرىي مىنىستىرى قوشۇمچە خارجى ئىشلار مىنىستىرىنى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتىپ شېڭ شىسەينى نۇقتىلاش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى.

1934 - يىلى (مىنگونىڭ 23 - كۈنى)

2 - ئايدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» گۇمران بول-

ـدى.
4 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» ئېلان قىلدى، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك يىغىنى چاقىرىلدى.
8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىلىپ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما دەپ ئاتىلىدۇ) قۇرۇلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىنى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق، بىرلىك خاتىرە كۈنى دەپ ئېلان قىلدى.
10 ـ ئايدا ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسى قۇرۇلدى.
1935 ـ يىلى (مىنگونىڭ 24 ـ يىلى)
4 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپە» نى ئوتتۇرىغا قويدى.
5 ـ ئايدا ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 5 مىليون ئالتۇن رۇبلى قەرز ئالدى.
1936 ـ يىلى (مىنگونىڭ 25 ـ يىلى)
5 ـ ئايدا ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى.
7 ـ ئايدىن 1939 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە 1 ـ ئۈچ يىللىق پىلان مەزگىلى بولدى. شۇ يىلى شېڭ شىسەي كوممۇنىستلارنىڭ ياردىمىدە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش، خەلق باراۋەر بولۇش، پاك بولۇش، تىنچلىق، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئېلان قىلدى.
چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى تەسىس قىلىندى.
1937 ـ يىلى (مىگونىڭ 26 ـ يىلى)
1 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى 2 مىليون 500 مىڭ ئالتۇن رۇبلى قەرز بەردى.
4 ـ ئايدا قەشقەردىكى شىنىڭ شىجاڭى ماتۇت، خوتەندە ماخۇسەن قىسمى توپىلاڭ كۆتۈردى. 10 ـ ئايدا شېڭ شىسەي چەتنىڭ ياردىمىدە توپىلاڭنى تىنچىتتى.
5 ـ ئايدا شېڭ شىسەي جەنۇبىي شىنجاڭغا قوشۇن ئەۋەتىشتىن ئاۋۋال

يولۋاسنىڭ كۈچلىرىنى قۇمۇلدىن قوغلاپ چىقاردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەربىي يېتەكچىلىكىدىكى ئارمىيەسىنىڭ تارماق ئەترىتى شىنجاڭغا كەلدى. بۇ قوشۇن «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» دەپ ئاتالدى.

8 ـ ئايدىن باشلاپ شېڭ شىسەي «سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى» نى ئويدۇرۇپ چىقىپ سوۋېت كوممۇنىستلىرىغا ۋە نۇرغۇن سىياسىي رەقىبلىرىگە زەربە بەردى.

9 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا ياردەم بېرىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، ئۇ خەلق ئاممىسىنى ئىئانە توپلاپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە قوزغىدى.

10 ـ ئايدا 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى، جۇڭگو كومپارتىيىسى شېڭ شىسەي بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ تۈزدى. بىر تۈركۈم جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭدا ئىشلەشكە كەلدى.

1938 ـ يىلى (مىنگونىڭ 27 ـ يىلى)

1 ـ ئايدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 8 ـ تۈەنى قۇمۇلغا ئورۇنلاشتى.

10 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق ۋەكىللىرىنىڭ 3 ـ قېتىملىق يىغىنى ئېچىلدى.

1939 ـ يىلى (مىنگونىڭ 28 ـ يىلى)

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا سودا بانكىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

2 ـ ئايدا پۇل تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ «كوي» («يۈەن») «سەر» گە ئۆزگەرتىلدى.

11 ـ ئايدا جۇڭگو ـ سوۋېت مەدەنىيەت ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى.

7 ـ ئايدىن 1942 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە 2 ـ ئۈچ يىللىق پىلان مەزگىلى بولدى.

1940 ـ يىلى (مىنگونىڭ 29 ـ يىلى)

2 ـ ئايدا ئالتاينىڭ كۆكتوقاي رايونىدىكى قازاق چارۋىچىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈردى، قوزغىلاڭ چىڭگىل قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيدى، 9 ـ

ئايدا قوزغىلاڭچىلار ھۆكۈمەت بىلەن سۆھبەتلەشتى، شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭ ۋاقتىنچە بېسىقتى.

1941 - يىلى (مىنگونىڭ 30 - يىلى)

4 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى 4 مىليون يۈەنلىك قۇرۇلۇش زايومى تارقاتتى. 5 - ئايدىن باشلاپ شېڭ شىسەي شىنجاڭ بويىچە 2 - قېتىم «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئەنزىسى» ئويدۇرۇپ چىقتى. مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر زات دۇجۇگيۈەن قولغا ئېلىنىپ 1943 - يىلى 7 - ئايدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

6 - ئايدا كۆكتوقايدىكى چارۋىچىلار يەنە قوزغىلاڭ كۆتۈردى، 10 - ئايدا قىلىن قار تاغ يولىنى ئېتىۋالغاچقا، قوزغىلاڭ بېسىقىپ قالدى. شۇ يىلى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت يامانلاشتى، شېڭ شىسەي ئىلغارلىق چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلاشقا باشلاپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپكە بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

1942 - يىلى (مىنگونىڭ 31 - يىلى)

3 - ئايدا شېڭ شىسەي شېڭ شىچىنى ئۆلتۈرگۈزدى ۋە بۇ ۋەقەدىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇپ، كوممۇنىستلارغا زىيانكەشلىك قىلدى.

8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا سۇڭ مېيلىڭ شىنجاڭغا كېلىپ شېڭ شىسەينى ئۆز يېنىغا تارتتى، شېڭ شىسەي «پىرقە دۆلەت» كە سادىق بولىدىغانلىقىنى، جياڭ جيېشىغا مۇتلەق بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما تارقىلىپ كەتتى.

9 - ئايدا ۋۇ زېشياڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە خادىمى قىلىپ بەلگىلەندى.

11 - ئايدا شېڭ شىسەي قوشۇمچە 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

1943 - يىلى (مىنگونىڭ 32 - يىلى)

1 - ئايدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى يەنە قۇرۇلدى، قىسىملاردا ئالاھىدە پىرقە قۇرۇلدى.

3 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىسى تەپتىش رايونىدا تەپتىش تەسىس

قىلىندى.

6 - ئايدا ئوسمان، دەلىلقان شىڭ شىسەيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قورال-لىق قارشى چىقتى. 9 - ئايدا چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلار شىڭ شىسەي تەرىپىدىن يوشۇرۇن زىيانكەشلىككە ئۇچرى-دى. جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ساقچى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىل-دى.

1944 - يىلى (مىنگونىڭ 33 - يىلى)

6 - ئايدا تاشقورغان پارتىزانلار ئەترىتى قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

9 - ئايدا شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن قالدۇرۇلۇپ دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرى بولۇشقا چۆكۈرۈلگەن؛ ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭ-نىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. ئىلىدا چارۋىچىلىرى قوزغىلاڭ كۆ-تۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ سەھىپىسى ئېچىلدى.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى غۇلجا ئىنقىلابى پارتلىدى. 12 - كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى.

1945 - يىلى (مىنگونىڭ 34 - يىلى)

4 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەتتە مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇپ، شىمالىي سەپ، ئوتتۇرا سەپ، جەنۇبىي سەپ ئۈچ يول بويىچە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدى-كى رايونلارغا ھۇجۇم قىلىش قارار قىلىندى.

8 - ئايدا جەنۇبىي سەپتىكى مىللىي ئارمىيە باينى ئىشغال قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ پارتىزانلىرى تاشقورغاننى ئىشغال قىلدى ھەمدە قەشقەر-گە ھۇجۇم قىلدى.

9 - ئايدا مىللىي ئارمىيە ۋە پارتىزانلار ئەترىتى شىمالىي سەپتە تارباغاتاي بىلەن ئالتاينى ئىشغال قىلدى، ئوتتۇرا سەپتە ماناس دەرياسىغىچە ئىلگىرىلەپ باردى. ئوتتۇرا سەپتىكى قىسىملار ۋۇسۇنى ئىشغال قىلىپ، ئاقسۇنى مۇھاسىرىگە ئالدى، 10 - ئايدا مۇزداۋان ئارقىلىق ئىلىغا چېكىن-دى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى.

1946 - يىلى (مىنگونىڭ 35 - يىلى)

1 - ئايدا تاشقورغان پارتىزانلار ئەترىتى قاغىلىق، پوسكامنى ئىشغال

قىلدى، 7 ـ ئايىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تاشقورغان ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋە ھەربىي ـ مەمۇرىي ئورگانلار، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 11 ـ ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىگە ۋە 1 ـ قوشۇمچە ھۆججەتكە ئىمزا قويۇلدى.

4 ـ ئايدا دېموكراتىيە ـ ئىنقىلاب پارتىيىسى قۇرۇلدى.

6 ـ ئايدا تىنچلىق بىتىمىنىڭ 2 ـ قوشۇمچە ھۆججىتىگە ئىمزا قويۇلدى. قامالغان كوممۇنىستلار ۋە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلاردىن 130 نەچچە كىشى شىنجاڭدىن ئايرىلىپ شەنشىگە يېتىپ باردى.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، جاڭ جىجوڭ قوشۇمچە رەئىس، ئەخمەتجان، بۇرھانلار مۇئاۋىن رەئىس بولدى. 18 ـ كۈنى سىياسىي پروگرامما ئېلان قىلىندى.

8 ـ ئايدا ئوسمان گومىنداڭنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى چىقتى.

9 ـ ئايدا تارباغاتاي ۋەقەسى يۈز بەردى.

1947 ـ يىلى (مىنگونىڭ 36 ـ يىلى)

2 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇش، تىنچلىق بىتىمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەقسەت قىلىنغان «25 ـ فېۋرال ۋەقەسى» يۈز بەردى.

4 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە جاڭ جىجوڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى، قەشقەردە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچ ۋىلايەتكە قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇشقا باشلىدى.

5 ـ ئايدا پانتۈركىست مەسئۇت ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى، بۇ ئىش ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى. ئۆلكىلىك كېڭەش بالا تاشلىۋەتتى.

6 ـ ئايدا بەيتىك ۋەقەسى يۈز بەردى.

7 ـ ئايدا تۇرپان، پىچان، توقسۇندا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى.

8 ـ ئايدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىلىغا قايتىپ كەتتى، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلدى.

1948 - يىلى (مىنگونىڭ 37 - يىلى)

شىنجاڭدا تىنچلىق - دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقى (قىسقارتىپ «شىنجاڭ ئىتتىپاقى» دەپ ئاتىلىدۇ) قۇرۇلدى، دېموكراتىيە - ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرى «شىنجاڭ ئىتتىپاقى» غا كىردى.

1949 - يىلى (مىنگونىڭ 38 - يىلى)

1 - ئايدا بۇرھان ئۆلكە رەئىسى بولدى.

4 - ئايدا جاڭ جىجۇڭ بېيپىڭدا قېپقالدى، ئورنىغا مابۇفاڭ غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ قوماندانى بولدى.

5 - ئايدا شىنجاڭدا مەملىكىتىمىزنىڭ پۇل تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن يوقىرى سومما پۇل - بىرى 1 مىليارد يۈەنلىك ئۆلكە پۇلى تارقىتىلدى.

8 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈن غۇلجىغا كېلىپ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ماۋزېدۇڭ ئەخمەتجان قاتارلىقلارغا خەت يېزىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى «پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى» دېدى. 27 - كۈنى ئەخمەتجان، ئىسھاقبېك، ئاباسوف، دەلىلقان، لوجى قاتارلىق بەش كىشى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 - نۆۋەتلىك يىغىنىغا كېتىۋاتقاندا سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىسىدە ئايروپىلان ۋەقەسىگە ئۇچراپ قازا تاپتى. 9 - ئايدا دېڭ لىچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدى. 25 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزون قوماندانى تاۋسىيۆ قاتارلىقلار ھەققەتكە قايتىش تېلېگراممىسىنى ئېلان قىلدى. 26 - كۈنى ئۆلكە رەئىسى بۇرھان قاتارلىقلار ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ گومىنداڭنىڭ گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىنى ئۈزدى، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى.

10 ئاينىڭ 1 - كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە قەدەم قويدى.

图书在版编目(CIP)数据

新疆简史(3):维吾尔文/新疆社科院历史研究所编;阿布来提·努尔顿译。—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.5

ISBN7—228—01224—0

Ⅰ.新… Ⅱ.①新 … ②阿…Ⅲ.地方史 — 新疆 — 近代 — 维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.K294.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第62674号

新疆简史(3) (维吾尔文)

新疆社会科学院历史研究所 编

阿不来提·努尔顿 译

新疆人民出版社出版发行

(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)

新疆工人时报印刷厂印刷

850×1168毫米 32开本 26.5印张 2插页

2000年11月第2版 2000年11月第1次印刷

印数:1,401 —— 4,400

ISBN7—228—01224—0/K·106 定价:34.00元